# جۇڭگو شىنجاڭنىڭ
# تارىخى ۋە ھازىرقى ئەھۋالى

لى شېڭ باشچىلىقىدا تۈزۈلدى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

中国新疆：历史与现状/厉声编著：社会科学院译．
—乌鲁木齐：新疆人民出版社，2006.3
ISBN 7－228－09930-3

Ⅰ.中… Ⅱ.①厉…②社… Ⅲ.新疆—概况—维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ.K924.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2006)第 023744 号

责任编辑：穆合塔尔·马木提
校订：阿布都克力木·马木提
责任校对：再米拉，塞娜瓦尔
封面设计：王洋

中国新疆历史与现状（维吾尔文）
阿力甫·买买提，阿力甫·亚森，
沙迪克·阿布拉，泰来体·斯拉木 等译

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市解放南路 348 号 邮编：830001）
新疆新华书店发行
新疆金版印务有限公司印刷
880×1230 毫米 32 开本 24.75 印张
2006 年 4 月第 1 版 2006 年 4 月 第 1 次印刷
印数：1—3000

ISBN 7-228-09930-3 定价：45.00 元

# «جۇڭگو شىنجاڭنىڭ تارىخى ۋە ھازىرقى ئەھۋالى»نى تۈزۈش ھەيئىتى

مەسلىھەتچى ۋاڭ لولىن

باش تۈزگۈچى لى شېڭ

تەھرىر ھەيئىتىنىڭ ئەزالىرى (فامىلە خەت سىزىقىنىڭ ئاز - كۆپلۈكىگە ئاساسەن تىزىلدى)

ما داجېڭ ئۇيغۇر سايرانى ئەزىز يۇسۇپ

لى شېڭ ياڭ شېنمىن خۇا تاۋ ئاۋۇت توختى

لى فاڭ مياۋ پۇشېڭ جاقىپ مىرزىخان كۇ چىڭپىڭ

## مۇندەرىجە


كىرىش سۆز    جۇڭگو زېمىنىنىڭ ئالتىدىن بىر قىسمىنى ئىگىلىگەن ئەڭ چوڭ ئاپتونوم رايون ........................................ 1
1. «ئۈچ تاغ، ئىككى ئويمانلىق» يەر شەكلى ئالاھىدىلىكى ........................................ 1
2. مول ماددىي بايلىقى ........................................ 4
3. مىللەت ۋە نوپۇس........................................ 10
4. مەمۇرىي رايون ئايرىمىسى ........................................ 11
5. قوشنا دۆلەتلەر بىلەن چېگرىلىنىشى ........................................ 15

بىرىنچى باب  كۆپ مىللەتلىك رايوننىڭ تارىخىي تەرەققىياتى ........................................ 1
بىرىنچى، ئىپتىدائىي ئاھالىلەرنىڭ كۆچۈشى ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشى ........................................ 1
1. غەربىي يۇرتتىكى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ۋە ئىپتىدائىي ئاھالىلەر........................................ 1
2. غەربىي يۇرتتىكى غەرب ئىرقىدىكىلەر........................................ 3
3. غەربىي يۇرتتىكى شەرق ئىرقىدىكىلەر ........................................ 6
4. قەدىمكى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش پائالىيەتلىرى .... 8
ئىككىنچى، غەربىي يۇرت ۋە شىمالدىكى مىللەتلەر ھاكىمىيىتى، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك سۇلالىلىرى........................................ 13
1. ھونلارنىڭ غەربىي يۇرتقا ھۆكۈمرانلىق قىلىشى.... 13
2. ئىككى خەن سۇلالىلىرى مەركىزىي خانىدانلىقنىڭ غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى ........................................ 17
3. خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلىشتىكى تەدبىرلىرى ۋە تۈزۈملىرى........................................ 26

4. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك سۇلالىلىرى، شىمالدىكى مىللەتلەر ۋە خېشى هاكىمىيىتىنىڭ غەربىي يۇرتنى تالىشىشى .... 37
5. سۇي، تاڭ مەركىزىي سۇلالىلىرىنىڭ غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى .................................. 50
ئۈچىنچى، غەربىي يۇرت، ئۇيغۇرلار ۋە ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقى .................................................. 68
1. ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتىنىڭ مەنبەسى ........................ 68
2. ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى .............. 74
3. ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى ۋە ئىرقىي ئالاھىدىلىكى .... 76
4. خانلىقنىڭ يىمىرىلىشى ................................. 82
5. غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلار .............................. 90
6. ئۇيغۇرلارنىڭ يەرلىك ئاھالىلەر بىلەن قوشۇلۇپ كېتىشى ............................................... 95
تۆتىنچى، غەربىي يۇرت، موڭغۇللار ۋە موڭغۇل خانلىقى....... 99
1. چىڭگىزخاننىڭ غەربكە يۈرۈش قىلىشى .............. 99
2. موڭغۇل هۆكۈمرانلىرىنىڭ غەربىي يۇرتنى تالىشىشى .................................................. 104
3. شەرقىي چاغاتاي خانلىقى ............................. 108
4. يەكەن خانلىقى ............................................ 112
5. جۇڭغار خانلىقى ......................................... 118

**ئىككىنچى باب كۆپ مەنبەلىك مەدەنىيەتنىڭ ۋارىسلىق قىلىنىشى ۋە تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى.......... 127**
بىرىنچى، كۆپ خىل تىل-يېزىقنىڭ بىللە ئىشلىتىلىشى......... 127
1.قوللىنىلغان تىل - يېزىقلار ........................ 129
2. هازىر قوللىنىلىۋاتقان تىل - يېزىقلار.............. 150
3. دىنىي تىل - يېزىقلار.................................. 162
4.شىنجاڭدىكى تىل - يېزىقلارنىڭ ئالاھىدىلىكى..... 166

**ئىككىنچى، كۆپ خىل دىنلارنىڭ تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى** ........................ 170
1. ئىپتىدائىي دىن، بۇددا ۋە تويىن دىنىي ............ 171
2. زوروئاستېر، مانى، نستورى دىنى ۋە باشقا دىنى مەزھەپلەر ........................ 184
3. ئىسلام دىنى ............................. 198
**ئۈچىنچى، ئەدەبىيات ـ سەنئەت مۇۋەپپەقىيەتلىرى** ............ 204
1. ئەدەبىي ئەسەرلەر ................................. 205
2. مۇزىكا، ئۇسۇللىرى ........................................ 211
3. قىيا تاش رەسىملىرى ۋە تام رەسىملىرى .......... 216

**ئۈچىنچى باب ئۆلكە تۈزۈمىنى يولغا قويغاندىن كېيىنكى شىنجاڭ** ................................................ 229
**بىرىنچى، چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى** ... 229
1. تەپرىقچىلىكنى ۋە ئىچكى قالايمىقانچىلىقنى تىنچىتىش ........................................ 229
2. ھەربىي مەھكىمە تۈزۈمى ئورنىتىش ............ 232
3. مەمۇرىي باشقۇرۇش سىستېمىسى .............. 236
4. جەمئىيەت ۋە ئىقتىسادنىڭ گۈللىنىشى ............ 241
**ئىككىنچى، ئىچكى ـ تاشقى ئاپەت** ........................ 243
1. چىڭ سۇلالىسىگە قارشى قوزغىلاڭدىن فېئوداللىق تەپرىقچىلىككىچە ...................................... 243
2. قوقانلىقلارنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلىشى .................................................. 247
3. دىنىي ئەسەبىيلىكنىڭ كۆتۈرۈلۈشى ............... 250
4. چاررۇسىيىنىڭ شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلىشى ....... 253
**ئۈچىنچى، ئۆلكە تۈزۈمىنىڭ ئورنىتىلىشى** ............ 261
1. كېيىنكى ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش ئىدارىسىنىڭ تەسىس قىلىنىشى ................................ 261

2. ئۆلكە تۈزۈلمىسىنىڭ ئۆرنىتىلىشى ................265
3. ئىجتىمائىي ئىگىلىكنىڭ ئەسلىگە كېلىشى ۋە تەرەق-
قىي قىلىشى ........................................272
تۆتىنچى، مىلىتارىستلارنىڭ تەپرىقچىلىك ھۆكۈمرانلىقى ....276
1. ياڭ زېڭشىننىڭ بېكىنمىچىلىكى ۋە ئاز ئەسكەر بىلەن
شىنجاڭنى ئىدارە قىلىشى ..........................276
2. جىن شۇرېننىڭ ئارمىيىنى كېڭەيتىشى ۋە ۋەزىيەتنىڭ
بۇزۇلۇشى ..........................................286
3. شېڭ شىسەينىڭ سوۋېتپەرەس بولۇۋېلىپ، ئارمىيە ۋە
ھۆكۈمەت ھوقۇقىنى تارتىۋېلىشى ....................293
بەشىنچى، جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى
پائالىيىتى ........................................301
1. تەكلىپ بىلەن شىنجاڭغا خىزمەتكە كېلىش........301
2. ئامىمىنى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا ياردەم
بېرىشكە تەشكىللەش ................................308
3. شېڭ شىسەينىڭ جۇڭگو كوممۇنىستلىرىغا زىيانكەشلىك
قىلىشى ............................................312

تۆتىنچى باب «شەرقىي تۈركىستان» بۆلگۈنچىلىكىنىڭ
كېلىپ چىقىشى ۋە تەرەققىياتى ......................315
بىرىنچى، «پانئىسلامىزم» ۋە «پانتۈركىزم» ئىدىيىۋى
ئېقىمى ............................................315
1. «تۈرك» ۋە «تۈركىستان» دېگەن نامىنىڭ كېلىپ
چىقىشى ............................................315
2. «پانئىسلامىزم» ۋە «پانتۈركىزم»نىڭ ئاساسى......319
3. «پانئىسلامىزم» ۋە «پانتۈركىزم» ئىدىيىسىنىڭ
شىنجاڭغا سىڭىپ كىرىشى ............................322
ئىككىنچى، «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» بۆلگۈن-
چى ھاكىمىيىتى ....................................330

1. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى جىن شۇرېنغا قارشى قوزغىلاڭلار ۋە بۆلگۈنچى ھاكىمىيەتنىڭ پەيدا بولۇش ئارقا كۆرۈنۈشى ..........330
2. بۆلگۈنچى ھاكىمىيەتنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ئۇنىڭ خەۋپى ..........333
3. چېگرا سىرتىدىكى كۈچلەرنىڭ بۆلگۈنچى ھاكىمىيەتكە تۇتقان پوزىتسىيىسى ..........338
4. بۆلگۈنچى ھاكىمىيەتنىڭ ھالاك بولۇشى ..........341
ئۈچىنچى «شەرقىي تۈركستان جۇمھۇرىيىتى» بۆلگۈنچى ھاكىمىيىتى ..........348
1. شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇلۇشتىن ئىلگىرىكى ۋەزىيەت..........348
2. ئورنى خاتا بەلگىلەنگەن «مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى» ..........351
3. بۆلگۈنچى ھاكىمىيەتنىڭ قايتا باش كۆتۈرۈشى .....358

**بەشىنچى باب ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھەرىكىتى ۋە شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىنىشى..........365**
بىرىنچى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھەرىكىتىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى ..........367
1. «نىلقا قوزغىلىڭى» ۋە «غۇلجا قوزغىلىڭى» ........367
2. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى قوللىشى ..........370
ئىككىنچى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھەرىكىتىدىكى ئىككىنچى قېتىملىق ئىنقىلاب ..........376
1. يالتا يىغىنىدا تىلغا ئېلىنغان شىنجاڭ مەسىلىسى ..........376
2. بىرلىك بىلەن بۆلگۈنچىلىك ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش ..........380

3. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ جۇڭگو ئىنقىلابى قايىنىمىغا قوشۇلۇشى ........................................387
4. ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەش ........................................394
ئۈچىنچى، شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولۇشى ........405
1. ئۈچ ۋىلايەتنىڭ جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىشى........................................405
2. شىنجاڭ مەسىلىسىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىشنىڭ پىلانلىنىشى ........................................410
3. شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ھەقىقەتكە قايتىشى .....418

## ئالتىنچى باب مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە

بىرىنچى، جۇڭگونىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىسى ........................................422
1. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى .....422
2. جۇڭگودا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنىڭ ئورنىتىلىشى ........................................426
ئىككىنچى، شىنجاڭدا كۆپ خىل مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ قۇرۇلۇشى ........................................430
1. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىلىك جايلارنى قۇرۇشقا تەييارلىق قىلىش ........................................430
2. كۆپ خىل مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ قۇرۇلۇشى ........................................435
3. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ نامى توغرىسىدا ........................................441
ئۈچىنچى، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق ھالدا ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇشى ........................................445
1. ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ يەرلىكنىڭ ئىشلىرىنى ئۆز ئالدىغا باشقۇرۇشى ........................................445

2. ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قانۇن بويىچە قوغداش ........................................449
3. ھەر مىللەت ئاممىسى باراۋەر ھوقۇققا ئىگە .......452
**تۆتىنچى، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ باراۋەر ئاساستا تەرەققىي قىلىشى ۋە ئورتاق گۈللىنىشى ....................458**
1. دۆلەتنىڭ مەدەت بېرىشى ۋە مەبلەغ سېلىشى ......458
2. ئىجتىمائىي ئىشلار ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلدى....462
3. ھەر مىللەت مەدەنىيىتىنىڭ پارلاق نۇر چېچىشى .....466
**بەشىنچى، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە ھۆرمەت قىلىش ۋە ئۇنى قوغداش ........................................469**
1. دىنىي ئىمتىياز ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمىنى بىكار قىلىش..................................................469
2. دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇش ..........................................474
3. دىنىي ئىشلارنى باشقۇرۇشنى قانۇن بويىچە كۆچەيتىش..................................................478
**ئالتىنچى، مىللىي مۇناسىۋەتنىڭ ماس ھالدا تەرەققىي قىلىشى ..................................................482**
1. مىللىي مۇناسىۋەتنى ماسلاشتۇرىدىغان سىياسەت مېخانىزمى ..................................................482
2. مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ......488
3. نۆۋەتتە، مىللەتلەر مۇناسىۋىتىدە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر ..................................................492

**يەتتىنچى باب رايون ئىقتىسادىنىڭ زامانىۋىلىشىشى...497**
**بىرىنچى، سانائەتلىشىشنىڭ تەدرىجىي تىكلىنىشى ............497**
1. سانائەتنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ......................497
2. زامانىۋى سانائەتنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسى ......501
3. سانائەت قۇرۇلمىسىنىڭ ئۆزگىرىش يۈزلىنىشى ۋە

ئاساسىي تەجرىبىلەر ........ 512
4. سانائەتنىڭ جايلىشىش قۇرۇلمىسىنىڭ ئۆزگىرىشى ........ 517
ئىككىنچى، يېپىق بوستانلىق تىپىدىكى يېزا ئىگىلىكتىن تۇجۇپىلەنگەن يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا ئۆتۈش ........ 523
1. يېزا ئىگىلىك تەرەققىياتىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەر ........ 524
2. تەرەققىياتنىڭ بەش باسقۇچى ........ 529
3. مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلەر ........ 533
ئۈچىنچى، كۆچمەن چارۋىچىلىق ئىگىلىكىدىن زامانىۋى چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىغا ئۆتۈش ........ 538
1. چارۋىچىلىق تەرەققىياتىدىكى نەتىجىلەر ........ 539
2. ئەنئەنىۋى كۆچمەن چارۋىچىلىقتىن زامانىۋى چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىغا ئۆتۈش ........ 543
تۆتىنچى، رايون ئىقتىسادىدا ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش .... 552
1. سىرتقا يۈزلەنگەن ئىگىلىك تېز سۈرئەتتە راۋاجلاندى ........ 553
2. دۆلەت ئىچى ـ سىرتى ئىقتىساد، تېخنىكا ئالماشتۇرۇشى ۋە ھەمكارلىقى تېزلىتىلدى ........ 557
3. ساياھەتچىلىك جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى ........ 560
بەشىنچى، شىنجاڭنىڭ شەھەرلىشىشى ۋە جەمئىيەتنىڭ زامانىۋىلىشىشى ........ 563
1. شىنجاڭنىڭ 50 يىلدىن بۇيانقى شەھەرلىشىش مۇساپىسى ........ 563
2. شەھەرلىشىشنىڭ ئالاھىدىلىكى ........ 565
3. شەھەرلىشىش جەھەتتە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر ۋە ئۇنىڭ سەۋەبى ........ 571
ئالتىنچى، خەلق تۇرمۇشى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى ........ 575
1. ئاھالىلەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى كۈنسايىن

ئاشتى ........................................575
2. ئىستېمال سەۋىيىسى كۆرۈنەرلىك ئۆستى .......579

سەككىزىنچى باب شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۈەنىنىڭ تارىخى ۋە ھازىرقى ئەھۋالى ............588
بىرىنچى ، شىنجاڭنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ، چېگرا رايوننى قوغداش ئىشلىرىنىڭ تارىخي تەرەققىياتى ..................588
1. بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش، چېگرا رايوننى قوغداش ھەرقايسى سۇلالىلەرنىڭ چېگرا رايوننى ئىدارە قىلىشىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى...........................................588
2. ھەرقايسى سۇلالىلەرنىڭ غەربىي يۇرتتا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئالاھىدىلىكى ..........................593
ئىككىنچى ، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۈەنىنىڭ ئىگىلىك تىكلەش مۇساپىسى .........................597
1. بىڭتۈەن ئىشلىرىغا ئاساس سېلىنىش دەۋرى.......598
2. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى مۇنتىزىم دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى قۇرۇش.............................................599
3. بىڭتۈەن ئىشلىرىنىڭ ئوڭۇشسىزلىقتا ئۇچرىشى ۋە چېكىنىشى .............................................603
4. بىڭتۈەن ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىنكى يېڭى تەرەققىيات...............................................606
ئۈچىنچى ، بىڭتۈەننىڭ ئاساسىي ئىجتىمائىي ، ئىقتىسادىي ئەھۋالى ................................................611
1. ھازىرقى ئىگىلىك باشقۇرۇش ئەھۋالى ............611
2. باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنىڭ قانۇن ـ تۈزۈملىشىش يولىغا ئۆتۈشى.............................................615
تۆتىنچى ، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۈەنىنىڭ جايلىشىشى ۋە تارىخىي بۇرچى ............................619
1. بىڭتۈەننىڭ جايلىشىش سەۋەبى ۋە ئالاھىدىلىكى...619

2. يېڭى ئەسىردە بىڭتۈەننىڭ ئۈستىگە ئالغان تارىخىي بۇرچى ........................................625

**توققۇزىنچى باب يېڭى جۇڭگو دەۋرىدىكى بۆلگۈنچىلىك ۋە بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەش........................627**

**بىرىنچى، يېڭى ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەش يولىدا ئېلىپ بېرىلغان كۈرەشلەر........................................628**

1. ئىنقىلابىي قوشۇننىڭ ئىچكى قىسمىدىكى توپىلاڭلارنى تىنچىتىش........................................629

2. غۇلجا سۆھبەت يىغىنىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان خاتا تەشەببۇسلار ........................................633

3. دۈشمەنگە قارشى كۈرەش تاكتىكىسىنىڭ تەڭشىلىشى ........................................637

4. ئوسمان ۋە ئۇنىڭ يېقىنلىرى پىلانلاپ قوزغىغان توپىلاڭلارنى تىنچىتىش ........................................640

**ئىككىنچى، «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»نىڭ چۈشىنى بەربات قىلىش........................................642**

1. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى دۈشمەنگە قارشى كۈرەشنىڭ كەسكىن ۋەزىيىتى ........................................643

2. ئابدۇلھېمىت داموللا پىلانلاپ قوزغىغان توپىلاڭنىڭ تىنچىتىلىشى........................................645

**ئۈچىنچى، «شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى»نىڭ يوقىتىلىشى ........................................653**

1. چەت ئەلگە باغلانغان خادىملارنىڭ ھەرىكەتلىرى....653

2. «شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى»نىڭ قۇرۇلۇشى........................................655

3. توپىلاڭنى تىنچىتىش ۋە بۆلگۈنچى گۇرۇھلار، تەشكىلاتلارنى پاش قىلىش........................................658

**تۆتىنچى، 20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرى يۈز بەرگەن توپىلاڭ كۆتۈرۈش، قالايمىقانچىلىق چىقىرىش ۋەقەلىرى ..............661**
1. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن كېيىن شىنجاڭ يېڭى كەسكىن ۋەزىيەتكە دۇچ كەلگەن ..............................................661
2. بۆلگۈنچى پارتىيىلەرنى پاش قىلىش ۋە بۆلگۈنچىلىك توپىلاڭلىرىنى تىنچىتىش.............................664
3. جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ قىسمەن رايونلىرىدا كۆرۈلگەن بۆلگۈنچىلىك خاراكتېرىدىكى قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرۇش ۋەقەلىرى ..................................................666
4. ئۈرۈمچىدە يۈز بەرگەن بۆلگۈنچىلىك خاراكتېرىدىكى قالايمىقانچىلىق ۋەقەلەر...............................669
**بەشىنچى، ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بىر مەيدان بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەش ....................................674**
1. «شەرقىي تۈركىستان تارىخى»نىڭ تارقاتقان زەھىرى .......................................................674
2. «ئۇيغۇرلار» قاتارلىق ئۈچ كىتابتىكى سىياسىي خاتالىقلار...................................................676
3. «ئۈچ كىتاب» توغرىسىدىكى مۇھاكىمە ۋە تەنقىد....680
4. «ئۈچ كىتاب» توغرىسىدىكى مۇلاھىزە...........683
**ئالتىنچى، 20 ـ ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ ۋەزىيىتى ........................687**
1. بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىنىڭ تەشكىللىك ھەرىكەت ئېلىپ بېرىش مەزگىلىگە قەدەم قويۇشى...........687
2. بۆلگۈنچىلىك قىلىش خاراكتېرىدىكى قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرۇش ۋەقەلىرىنىڭ دەرىجىسىنىڭ ئېشىشى.....695
3. «شەرقىي تۈركىستان» تېرروررچىلىقىغا قارشى تۇرۇش ۋە زەربە بېرىش كۈرەشلىرى.............................699
4. «شەرقىي تۈركىستان» تېرروررلۇق كۈچلىرىنىڭ «11ـ

سىنتەبىر» ۋەقەسىدىن كېيىنكى ھەرىكەت يۆزلىنىشى
709........................................................................

**ئونىنچى باب غەربىي رايوننى كەڭ ئېچىش جەريانىدىكى شىنجاڭ** ........................................................................719

بىرىنچى، تەرەققىيات بىرىنچى ئورۇندىكى خىزمەت .........719

ئىككىنچى، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىق ئىشلىرى ئۈستىدە ئويلىغانلىرىمىز........................................................................735

پايدىلانغان ئاساسلىق كىتابلار ....................................745

خاتىمە ........................................................................756

# كىرىش سۆز

## جۇڭگو زېمىنىنىڭ ئالتىدىن بىر قىسمىنى ئىگىلىگەن ئەڭ چوڭ ئاپتونوم رايون

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى جۇڭگونىڭ غەربىي شىمال چېگرىسىغا، ئاسىيا ـ ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ كىندىكىگە جايلاشقان، ئاپتونوم رايوننىڭ ئومۇمىي يەر كۆلىمى 1 مىلليون 664 مىڭ 900 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، جۇڭگو زېمىنىنىڭ ئالتىدىن بىر قىسمىنى ئىگىلەيدۇ. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى سەككىز دۆلەت بىلەن چېگرىلىنىدۇ، قۇرۇقلۇق چېگرا لىنىيىسى 5600 كىلومېتىر بولۇپ، جۇڭگو قۇرۇقلۇق چېگرا ئومۇمىي لىنىيىسىنىڭ تۆتتىن بىر قىسمىنى ئىگىلەيدۇ، ئۇ جۇڭگودىكى چېگرا لىنىيىسى ئەڭ ئۇزۇن، قوشنا دۆلەتلىرى ئەڭ كۆپ ئاپتونوم رايون ھېسابلىنىدۇ. دۆلەت ئىچىدە شىزاڭ ئاپتونوم رايونى، چىڭخەي ئۆلكىسى، گەنسۇ ئۆلكىسى بىلەن چېگرىدىنىدۇ.

### 1. «ئۈچ تاغ، ئىككى ئويمانلىق» يەر شەكلى ئالاھىدىلىكى

شىنجاڭنىڭ يەر شەكلى ئالاھىدىلىكىنى ئومۇملاشتۇرغاندا «ئۈچ تاغ، ئىككى ئويمانلىق » دېيىشكە بولىدۇ. «ئۈچ تاغ» شىمالدىكى ئالتاي تېغى، ئوتتۇرىدىكى تەڭرىتېغى، شۇنىڭدەك جەنۇبتىكى كۇئېنلۇن تېغى ۋە قاراقۇرۇم تېغىنى كۆرسىتىدۇ؛

«ئىككى ئويمانلىق» شىمالدىكى جۇڭغار ئويمانلىقى ۋە جەنۇبتىكى
تارىم ئويمانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. شىنجاڭ تەڭرىتېغىنى پاسىل
قىلغان ھالدا، جەنۇبىي شىنجاڭ ۋە شىمالىي شىنجاڭدىن ئىبارەت
تەبىئىي شارائىتى روشەن پەرقلىنىدىغان ئىككى قىسىمغا ئايرى-
لىدۇ. تۇرپان، قۇمۇللار ئادەت بويىچە، شەرقىي شىنجاڭ دەپمۇ
ئاتىلىدۇ.

تەڭرىتېغى ئاسىيا قىتئەسىدىكى ئەڭ چوڭ تاغ تىزمىلىرى
بولۇپ، شەرقتىن غەربكىچە بولغان ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 2500
كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغىچە بولغان كەڭلىكى 250 ~
300 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئۇ ئومۇمەن، پاراللېل كېلىدىغان تۆ-
تاش ئۈچ تاغ تىزمىسىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئېگىز تاغ،
ھەيۋەتلىك چوققىلار ئارىسىدا چوڭ - كىچىكلىكى، ئېگىز-پەس-
لىكى ئوخشاش بولمىغان ئىلى جىلغىسى، چوڭ - كىچىك يۇل-
تۇز ئويمانلىقى، قارا شەھەر ئويمانلىقى، تۇرپان ئويمانلىقى ۋە
قۇمۇل ئويمانلىقىغا ئوخشاش ئويمانلىق ۋە جىلغىلار شەكىللەن-
گەن. تەڭرىتېغىدىكى ئەڭ ئېگىز چوققا تۆمۈر چوققىسى بولۇپ،
دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 7435.5 مېتىر كېلىدۇ، ئۈرۈمچى
شەھىرىنىڭ شەرقىدىكى بوغدا چوققىسىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئې-
گىزلىكى 5445 مېتىر كېلىدۇ. تەڭرىتېغىنىڭ شەرقىدىكى تۇر-
پان ئويمانلىقى دېڭىز يۈزىدىن 155 مېتىر تۆۋەن بولۇپ، جۇڭگو
قۇرۇقلۇقىدىكى ئەڭ تۆۋەن نۇقتا ھېسابلىنىدۇ. ئالتاي تېغىدىن
ئالتۇن كۆپ چىققاچقا، ئالتۇنتاغ دەپمۇ ئاتىلىدۇ، ئۇنىڭ ئاسا-
سىي گەۋدىسى موڭغۇلىيىدە بولۇپ، شەرقىي شىمالدىن غەربىي
جەنۇبقا قاراپ سوزۇلغان، چېگرا ئىچىدىكى ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن
400 كىلومېتىر كېلىدۇ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 2000
نەچچە يۈز مېتىردىن 3000 نەچچە يۈز مېتىرغىچە كېلىدۇ، ئەڭ
ئېگىز چوققىسى بولغان دوستلۇق چوققىسىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن
ئېگىزلىكى 4373 مېتىر كېلىدۇ. كوئېنلۇن تېغى بىلەن قارا-
قۇرۇم تېغىنىڭ ھەر ئىككىسى پامىر ئېگىزلىكىدىن باشلىنىپ،

شەرققە قاراپ ئەگرى ـ بۈگرى سوزۇلغان بولۇپ، قاراقۇرۇم تېغى شىزاڭنىڭ شىمالىغىچە سوزۇلۇپ، گاندىس تېغى بىلەن تۇتىشىپ كېتىدۇ، كوئېنلۇن تېغى شىنجاڭ ـ شىزاڭ چېگرىسىدىن ئۆتۈپ چىڭخەي، سىچۈەن ئۆلكىلىرىگە كىرىپ كېتىدۇ. كوئىنلۇن تې-غىنىڭ شىنجاڭ چېگرىسى ئىچىدىكى ئۇزۇنلۇقى 1800 كىلومې-تىر، كەڭلىكى 150 كىلومېتىر بولۇپ، تاغ قىرلىرىنىڭ كۆ-پىنچىسىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 5000 مېتىردىن ئا-شىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە قوڭۇر چوققىسىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئې-گىزلىكى 7719 مېتىر، قوڭۇرتۆپە چوققىسىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 7595 مېتىر، مۇزتاغ چوققىسىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 7546 مېتىر بولۇپ، مۇز تاغلار ئاتىسى دېگەن نامى بار، بۇ ئۈچ چوققا يەنە كوئىنلۇن تېغىدىكى ئۈچ چوڭ چوققا دەپمۇ ئاتىلىدۇ. قاراقۇرۇم تېغىدىكى چوققىلارنىڭ ھەممىسى دې-ڭىز يۈزىدىن 5000 — 6000 مېتىر ئېگىزلىكتە، بۇنىڭ ئىـ-چىدىكى جوڭگو ـ پاكىستان چېگرىسىغا جايلاشقان چوگىر چوققىسىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 8611 مېتىر بولۇپ، دۇنيا بويىچە 2 ـ ئېگىز چوققا، شىنجاڭدىكى ئەڭ ئېگىز چوققا ھېسابلىنىدۇ. «تاغلار ئاتىسى» دەپ تەرىپلىنىدىغان پامىر ئې-گىزلىكى قاراقۇرۇم تېغى، تەڭرىتېغى ۋە ھىندىقۇش تېغىنىڭ كېسىشىشىدىن شەكىللەنگەن.

جۇڭغار ئويمانلىقى تەڭرىتېغى بىلەن ئالتاي تېغىنىڭ ئارى-سىغا جايلاشقان بولۇپ، كۆلىمى 180 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر، دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 500 مېتىر كېلىدۇ. ئوي-مانلىقنىڭ جەنۇبى تەڭرىتېغى ئېتىكىدىكى تىندۇرما تۇزلەڭلىك بولۇپ، بوستانلىق يېزا ئىگىلىك رايونى بولۇپ شەكىللەنگەن؛ ئويمانلىقنىڭ ئوتتۇرا قىسمى قۇربانتوڭغۇت قۇملۇقى بولۇپ، كۆلىمى 45 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ، ئۇ دۆلىتىمىز-دىكى 2 ـ چوڭ قۇملۇق ھېسابلىنىدۇ؛ ئويمانلىقنىڭ غەربى ئالا-تاۋ ئېغىزى، ئېرتىش دەرياسى جىلغىسى بولۇپ، ئەلمىساقتىن

تارتىپ مۇھىم قاتناش يولى بولۇپ كەلگەن. تارىم ئويمانلىقى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدا بولۇپ، ئېگىزلىكلەر ئوراپ تۇرغان ئېچكى قۇرۇقلۇق ئويمانلىقى ھېسابلىنىدۇ، پەقەت شەرقتە خېچى كارىدورى بىلەنلا تۇتىشىدۇ. تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئوتتۇرا قىسمى مەشھۇر تەكلىماكان قۇملۇقى بولۇپ، كۆلىمى تەخمىنەن 330 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر، ئۇ جۇڭگودىكى كۆلىمى ئەڭ چوڭ قۇملۇق ھېسابلىنىدۇ، تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئەتراپىدا قار – مۇز سۇلىرىنىڭ سۇغىرىشىدىن شەكىللەنگەن سۈيى ئەلۋەك بوستانلىقلار بار.

تەڭرىتېغى پاسىل قىلىنغان ئاساستا، شىمالىي شىنجاڭنىڭ كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ چوڭ قۇرۇقلۇق قۇرغاق، يېرىم قۇرغان كىلىماتىغا، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ چوڭ قۇرۇقلۇق قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ. قۇرۇق-لۇق كىلىمات ئالاھىدىلىكى روشەن. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېرا-تۇرىسى شىمالىي شىنجاڭنىڭ 4℃ تىن 9 ℃ قىچە، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ 7 ℃ تىن 14℃ قىچە بولىدۇ.

## 2. مول ماددىي بايلىقى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ بايلىقى مول، غايەت زور تەرەققىيات يوشۇرۇن كۈچىگە ئىگە. بىرىنچىدىن، سۇ، تۇپراق، قۇياش نۇرى، ئىسسىقلىق بايلىقى مول، ئۆزگىچە دېھ-قانچىلىق، چارۋىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى ئۈستۈنلۈكى گەۋ-دىلىك؛ ئىككىنچىدىن، قېزىلما بايلىقى، جانلىقلار بايلىقى مول، تۈرى تولۇق، زاپىسى كۆپ؛ ئۈچىنچىدىن، ساياھەت بايلىقى مول، رەڭدار بولۇپ، ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە.

*سۇ، تۇپراق، قۇياش نۇرى، ئىسسىقلىق بايلىقى* شىن-جاڭدا دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىققا باب كېلىدىغان يەر كۆلىمى 71 مىليون 470 مىڭ گېكتار بولۇپ، ئاپتونوم رايون

ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 41.19 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە ئۆزلەشتۈرۈشكە بولىدىغان يەر 7 مىليون 330 مىڭ گېكتار، تېرىقچىلىق قىلىنىۋاتقان يەر 4 مىليون 125 مىڭ گېكتار؛ پايدىلىنىشقا بولىدىغان تەبىئىي يايلاق تەخمىنەن 48 مىليون گېكتار؛ سۈنئىي ئۇسۇلدا بىنا قىلىپ ساقلىنىپ قالغان ئورمان كۆلىمى 700 مىڭ گېكتار، ياغاچ زاپىسى 276 مىليون كۇب مېتىر.

شىنجاڭدا چوڭ ـ كىچىك دەريادىن 570 نەچچىسى بولۇپ، كۆپىنچىسى ئىچكى قۇرۇقلۇق دەريالىرىدۇر، بۇ دەريالارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ مەنبەسى ئېگىز تاغلاردىكى مۇزلۇقلار بولۇپ، بەزىلىرى كۆللەرگە قۇيۇلىدۇ، بەزىلىرى قۇملۇققا سىڭىپ كېتىدۇ. ئاساسلىق دەريالاردىن تارىم دەرياسى، ئېرتىش دەرياسى، ئىلى دەرياسى، قايدۇ دەرياسى بار. تارىم دەرياسىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 2137 كىلومېتىر بولۇپ، جۇڭگودىكى ئەڭ ئۇزۇن ئىچكى قۇرۇقلۇق دەرياسىدۇر، ئۇ پامىر ئېگىزلىكى ۋە كوئېنلۇن، تەڭرىتېغىدىن باشلىنىپ، تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي قىسمىنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ، ئاخىرقى ھېسابتا تېتىما كۆلى ۋە لوپنۇر كۆلىگە قۇيۇلىدۇ. ئىلى دەرياسى شىنجاڭ بويىچە سۇ مىقدارى ئەڭ كۆپ ئىچكى دەريا بولۇپ، ئىلى جىلغىسىدىن ئۆتۈپ، غەربتىن شەرققە قاراپ ئېقىپ، بالقاش كۆلىگە قۇيۇلىدۇ. ئېرتىش دەرياسى جۇڭگودىكى شىمالىي مۇز ئوكيانغا قۇيۇلىدىغان بىردىنبىر دەريا. شىنجاڭدا يەنە نۇرغۇن كۆللەر بار، بۇنىڭ ئىچىدە كۆلىمى 1 كۋادرات كىلومېتىردىن ئاشىدىغىنى 139 بولۇپ، ئومۇمىي كۆلىمى 5500 كۋادرات كىلومېتىرغا يېتىدۇ؛ كۆلىمى 100 كۋادرات كىلومېتىردىن ئاشىدىغىنى 11، 500 كۋادرات كىلومېتىردىن ئاشىدىغىنى 4. تەڭرىتېغىنىڭ ئارىلىقىدىكى ئويمانلىققا جايلاشقان باغراش كۆلى شىنجاڭدىكى ئەڭ چوڭ تاتلىق سۇلۇق كۆل، تۇرپان ئويمانلىقىدىكى ئايدىڭكۆل جۇڭگو بويىچە دېڭىز يۈزىدىن ئەڭ تۆۋەن كۆل ھېسابلىنىدۇ. ئالتاي تاغلىرىدىكى قويۇق ئور-

مانلىقلار ئارىسىدىكى قاناس كۆلى تىپىك مۇز ئېروزىيىسى — مورېنا كۆلى بولۇپ، كۆل يۈزىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1370 مېتىر، ئەڭ چوڭقۇر يېرى 188.5 مېتىر كېلىدۇ، ئۇ مەملىكىتىمىزدىكى 2 ـ چوڭقۇر كۆل. ئېگىز تاغدىكى سايرام كۆلى «كۆپكۆك سۇلار تىپتىنچ ئەينەككە ئوخشار، ئاقار بۇلۇت، كۆركەم تاغنىڭ شولىسى چاقنار، تۈمەن مىڭ خىل ئۆزگىرىش كۆرۈنەر ئۇندا، كىشى ئەقلى ھېچ يەتمەس، ھەيرەتتە بولۇر» دەپ تەرىپلىنىپ كەلمەكتە. ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى تەڭرىتېغىنىڭ چوڭقۇر يېرىگە يوشۇرۇنغان بوغدا كۆلى چوڭ بولمىسىمۇ، لېكىن كۆل مەنزىرىسى ئاجايىپ گۈزەل. باشقا داڭلىق كۆللەردىن ئۇلۇڭغۇر كۆلى، ئېبىنۇر كۆلى قاتارلىقلار بار.

شىنجاڭنىڭ مۇزلۇق بايلىقى ناھايىتى مول بولۇپ، بايقالغان مۇزلۇقلاردىن 18 مىڭ 600 نەچچىسى بار، كۆلىمى 26 مىڭ 300 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، ئاسىيادىكى تاغلىق مۇزلۇقى كۆلىمىنىڭ تەخمىنەن 21.6 پىرسەنتىنى، جۇڭگو مۇزلۇق زاپىسىنىڭ 50 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ، مۇزلۇقلاردىن ئېرىگەن سۇ شىنجاڭدىكى دەريالار ئېقىن مىقدارىنىڭ 21 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ(تەخمىنەن 17 مىليارد كۇب مېتىر). سۇغىرىلىدىغان تېرىلغۇ كۆلىمى ئومۇمىي تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ 80 پىرسەنتىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ، ئاپتونوم رايون بويىچە يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق ئومۇمىي ئېقىن مىقدارى 88 مىليارد 400 مىليون كۇب مېتىر، يەر ئاستى سۈيىدىن پايدىلىنىشقا بولىدىغان مىقدارى 25 مىليارد 200 مىليون كۇب مېتىر؛ سۇ ئېنېرگىيە بايلىقىنىڭ نەزەرىيە زاپىسى 33 مىليون 500 مىڭ كىلوۋات، بۇنىڭ ئىچىدە ئېچىشقا بولىدىغان كوممۇتاتور سىغىمچانلىقى 17 مىليون 960 مىڭ كىلوۋات.

شىنجاڭ يەنە جۇڭگو بويىچە قۇياشنىڭ يورۇتۇش ۋاقتى ئەڭ ئۇزۇن رايونلارنىڭ بىرى بولۇپ، قۇياش ئىسسىقلىقى بايلىقى مول. قۇياشنىڭ يىللىق يورۇتۇش ۋاقتى 2600 سائەتتىن 3400

سائەتكىچە. قۇياش ئېنېرگىيىسىنىڭ يىللىق ئومۇمىي رادىئات-
سىيىسى ھەر كۋادرات مېتىرغا 5400 — 6300 تېرىليون جو-
ئۇل بولۇپ، چىڭخەي - شىزاڭ ئېگىزلىكىدىن قالسىلا 2 - ئو-
رۇندا تۇرىدۇ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئاساسلىق يېزا ئىگىلىك
رايونى ئىچىدە ئەڭ مول ھېسابلىنىدۇ. بۇ زىرائەت، ئوت - چۆپ-
لەرنىڭ ئۆسۈشىنى ئېنېرگىيە ئاساسى بىلەن، قۇياش ئېنېرگى-
يىسىدىن پايدىلىنىشنى يېتەرلىك قۇياش ئىسسىقلىقى بايلىقى
بىلەن تەمىنلەيدۇ.

*قېزىلما بايلىق ۋە جانلىقلار بايلىقى* شىنجاڭنىڭ قې-
زىلما بايلىقى مول، تۈرلىرى تولۇق. ستاتىستىكىغا ئاساسلان-
غاندا، مەملىكەت بويىچە بايقالغان 168 مىنېرال تۈرىنىڭ 138ى
شىنجاڭدا بولۇپ، مەملىكەت بويىچە بايقالغان مىنېرال تۈرىنىڭ
82.14 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە، پۈتۈن مەملىكەت-
نىڭ قېزىلما بايلىق زاپىسى جەدۋىلىگە كىرگۈزۈلگەن، شىنجاڭ-
نىڭ قېزىلما بايلىق زاپىسى ئىچىدە مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى
ئورۇندا تۇرىدىغىنىدىن بېرىلليي، ناترىيلىق سېلىترا، ئاق چى-
رىمتال، ۋېركىمۇلت، فارفور توپىسى قاتارلىق بەش تۈر بار؛
مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى 5 - ئورۇندا تۇرىدىغانلىرىدىن كۆ-
مۈر، نېفىت، تەبىئىي گاز قاتارلىق 27 تۈر بار. شىنجاڭ جۇڭگو-
دىكى ئاساسلىق قېزىلما بايلىق ئېچىلىدىغان چوڭ رايون. شىن-
جاڭنىڭ نېفىت، تەبىئىي گاز زاپىسىنى ئېچىش يوشۇرۇن كۈچى
غايەت زور بولۇپ، نېفىت، تەبىئىي گازنى قىدىرىپ تەكشۈرۈشكە
بولىدىغان تىندۇرما ئويمانلىق كۆلىمى 900 مىڭ كۋادرات كى-
لومېتىردىن ئاشىدۇ. مەملىكەت بويىچە 2 - قېتىملىق نېفىت،
تەبىئىي گاز بايلىقىنى باھالاشتا، شىنجاڭدا 20 مىليارد 860
مىليون توننا نېفىت ۋە 10 تىرىليون 300 مىليارد كۇب مېتىر
تەبىئىي گاز زاپىسى بولۇپ، ئايرىم - ئايرىم ھالدا پۈتۈن مەملى-
كەت قۇرۇقلۇق نېفىت، تەبىئىي گاز بايلىقى ئومۇمىي مىقدارى-
نىڭ 30% ۋە 34 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن. جەنۇبىي شىنجاڭدى-

كى تارىم ئويمانلىقى، شىمالىي شىنجاڭدىكى جۇڭغار ئويمانلىقى ۋە شەرقىي شىنجاڭدىكى تۇرپان ئويمانلىقىدا بىر تۇركۇم يۇقىرى مەھسۇلاتلىق نېفىتلىك، تەبىئىي گازلىق بايقالدى. شىنجاڭنىڭ كۆمۈر زاپىسى تەخمىنەن 2 تىرىلىيون 190 مىليارد توننا بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەت كۆمۈر زاپىسى مۆلچەرىنىڭ 40 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ، تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان كۆمۈر زاپىسى ئىچىدە، كۆپ قىسىم كۆمۈرلۈكلەرنىڭ كۆمۈر قاتلىمى قېلىن، زاپىسى كۆپ، سۈپىتى ئەلا، يەر يۈزىگە يېقىن، ئېچىشقا قۇلايلىق بولۇپ، يەنە نۇرغۇن بىللە پەيدا بولغان مىنېراللاردىن ئۇنىۋېرسال ئېچىپ پايدىلىنىشقا بولىدۇ.

شىنجاڭنىڭ جانلىقلار بايلىقى ئىنتاين مول. مۆتىدىل بەلۋاغ زىرائەتلىرى تولۇق، ئاشلىق زىرائەتلىرىدىن ئاساسلىقى بۇغداي، كۆممىقوناق، شال قاتارلىقلار بار، ئىقتىسادىي زىرائەتلەردىن كېۋەز، قىزىلچا، قۇلماق قاتارلىقلار بار. شىنجاڭ پاختىسى تالاسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى، ئاقلىقى، سۈپىتىنىڭ ياخشىلىقى بىلەن داڭلىق بولۇپ، شىنجاڭ جۇڭگودىكى ئەڭ چوڭ ئۇزۇن تالالىق پاختا ئىشلەپچىقىرىش بازىسى ھېسابلىنىدۇ، مەھسۇلات مىقدارى جۇڭگو ئۇزۇن تالالىق پاختا ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارىنىڭ 90 پىرسەنتتىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ. شىنجاڭنىڭ «مېۋە - چېۋە ماكانى» دەپ نامى بار، داڭلىق مېۋىلەردىن تۇرپاننىڭ كىشمىش ئۈزۈمى، پىچان ۋە پەيزاۋاتنىڭ قوغۇنى (قۇمۇل قوغۇنىمۇ دېيىلىدۇ)، كورلىنىڭ نەشپۈتى، كۇچانىڭ ئاق ئۈرۈكى، يەكەننىڭ بادىمى، ئاتۇشنىڭ ئەنجۈرى، خوتەننىڭ قەغەز ياڭىقى، قاغىلىقنىڭ ئانىرى قاتارلىقلار بار. شىنجاڭنىڭ ئورمان كۆلىمى تەخمىنەن 1 مىليون 333 مىڭ گېكتار، سۈنئىي بىنا قىلىنغان ئورمان كۆلىمى 466 مىڭ گېكتار، تەبىئىي ئورمان رايونى ۋە ئورمان بايلىقى ئاساسلىقى تەڭرىتېغى ۋە ئالتاي تاغلىرىغا تارقالغان. شىنجاڭدا پايدىلىنىشقا بولىدىغان ئوتلاق كۆلىمى جۇڭگونىڭ ئوتلاق كۆلىمىنىڭ تەخمىنەن 23 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ، چار-

ۋىلاردىن ئاساسلىقى قوي بولۇپ، شىنجاڭ ئىنچىكە يۇڭلۇق قو-يى، ئالتاي چوڭ قۇيرۇقلۇق قويى، كۇچا قارا ئەلتېرە قويى قاتار-لىقلار دۇنياغا داڭلىق. باشقا نەسىللىك چارۋىلاردىن يەنە ئىلى ئې-تى، تارباغاتاي كالىسى، قوش ئۆركەشلىك تۆگە قاتارلىقلار بار.

*ساياھەت بايلىقى* شىنجاڭنىڭ ساياھەت بايلىقى ئىنتايىن مول بولۇپ، خىلمۇخىل تەبىئىي مەنزىرىسى ۋە كۆركەم گۈمانە-تار مەنزىرىلىرى بار. بۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكى ئومۇمىي سانى كۆپ، تۈرى تولۇق، قاتلىمى يۇقىرى، بىرىكىشى ئەلا، ئىقتىدارى كۆپ بولۇشتا ئىپادىلىنىدۇ، بەزى ساياھەت بايلىقلىرىنى «جۇڭ-گودا ئەڭ» ھەتتا «دۇنيادا ئەڭ» دېيىشكە بولىدۇ. «جۇڭگو ساياھەت بايلىقىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش قائىدىسى»دىكى بايلىقلارنى تۈرگە ئايرىشقا ئاساسلانغاندا، شىنجاڭدا ئالتە چوڭ تىپتىكى باي-لىقنىڭ ھەممىسى بار، 68 ئاساسىي تىپتىن شىنجاڭدا ئاز دې-گەندە 56 سى بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئەمەلىي ساياھەت باي-لىقى ئومۇمىي مىقدارىنىڭ 83 پىرسەنتىنى ئىگىلەپ، ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلارنىڭ ئەڭ ئالدىدا تۇرىدۇ. تەبىئىي مەن-زىرە جەھەتتە، بىپايان قۇملۇق، چەكسىز يايلاق بار، دۇنيا بويىچە 2- ئېگىز چوققا — چوگىر چوققىسى، دۇنيا بويىچە 2- پەسلىك — تۇرپان ئايدىڭكۆلى بار؛ مەنزىرىسى كۆركەم ئېگىز تاغ كۆللىرى ۋە نۇرغۇن ھور ئارشىڭى، سۇ ئارشىڭى بار. گۈما-نىتارلىق مەنزىرىلەردىن دۇنياغا مەشھۇر خارابىلىكلەر، تاش كې-مىرلەر، بۇددا ئۆڭكۈرلىرى بار؛ ئۆزگىچە ئۇسلۇبقا ئىگە مەس-چىتلەر، لاما ئىبادەتخانىلىرى، بۇددا ئىبادەتخانىلىرى بار؛ ھەر-قايسى مىللەتنىڭ تارىختىكى ۋە ھازىرقى مەشھۇر شەخسلىرىنىڭ مەقبەرىلىرى ۋە خاتىرە سارايلىرى بار؛ قويۇق مىللىي ئالاھىد-لىككە ئىگە مىللىي مەدەنىيەت، ناخشا- ئۇسسۇل سەنئىتى، كى-يىم- كېچەك سەنئىتى ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆزگىچە يېمەكلىكلىرى بار.

## 3. مىللەت ۋە نوپۇس

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 19 مىليون 250 مىڭدىن ئاشىدۇ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى كۆپ مىللەتلىك رايون بولۇپ، 47 مىللەت بار. خەنزۇلاردىن باشقا مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 10 مىليون 969 مىڭ 600، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى 8 مىليون 345 مىڭ 600 نەچچە بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 35.43 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ، ئۇيغۇرلار پۈتۈن شىنجاڭنىڭ كۆپ قىسىم جايلىرىغا تارقالغان، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ، شۇنىڭدەك شەرقىي شىنجاڭ رايونىدىكى قۇمۇل، تۇرپان قاتارلىق جايلارغا ئەڭ كۆپ مەركەزلەشكەن. ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاساسىي غول مىللەت بولۇپ، ئۇزاق تارىختا ۋە شانلىق مەدەنىيەتكە ئىگە، ئۇلارنىڭ مىللىي مۇزىكىلىرى، ئەنئەنىۋى قول ھۈنەر - سەنئىتى مول ھەم رەڭدار، ئۇلارنىڭ ناخشا - ئۇسسۇلخۇمارلىقى ئوچۇق - يورۇق، قىزغىن خاراكتېرىنى گەۋدىلەندۇرۇپ بېرىدۇ. ئۇيغۇرلاردىن باشقا، شىنجاڭدا ئەۋلادمۇئەۋلاد ياشاپ كېلىۋاتقان مىللەتلەردىن يەنە خەنزۇ، قازاق، خۇيزۇ، موڭغۇل، قىرغىز، شىبە، تاجىك، ئۆزبېك، مانجۇ، داغۇر، تاتار، رۇس قاتارلىق 12 مىللەت بار، ئۇلار شىنجاڭدىكى ئاساسلىق مىللەتلەردۇر. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە دۇڭشياڭ، سالا، ژاڭزۇ، مياۋزۇ، يىزۇ، بۇيىزۇ، چاۋشيەنزۇ قاتارلىق 34 مىللەت بار. خەنزۇلار شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىگە تارقالغان، نوپۇسى تەخمىنەن 8 مىليون 280 مىڭ 40 نەچچە بولۇپ، شىنجاڭدىكى ئومۇمىي نوپۇسنىڭ تەخمىنەن 43.02 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ؛ قازاقلارنىڭ نوپۇسى تەخمىنەن 1 مىليون 245 مىڭ بولۇپ، شىنجاڭدىكى ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 6.47 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ، ئۇلار ئاساسلىقى ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى، مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى ۋە باركۆل قازاق

ئاپتونوم ناھىيىسىگە تارقالغان؛ خۇيزۇلارنىڭ نوپۇسى 839 مىڭ 800 بولۇپ، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇب، شىمالىغا، ئاساسلىقى سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى قاتارلىق جايلارغا تارقالغان؛ موڭغۇللار-نىڭ نوپۇسى 149 مىڭ 900 بولۇپ، ئاساسلىقى بايىنغولىن موڭ-غۇل ئاپتونوم ئوبلاستى، بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى ۋە قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتوتوم ناھىيىسىدە ئولتۇراقلاشقان؛ قىر-غىزلارنىڭ نوپۇسى 158 مىڭ 800 بولۇپ، 80 پىرسەنتى قىزىل-سۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىدا ئولتۇراقلاشقان؛ تاجىكلارنىڭ نوپۇسى 39 مىڭ 500بولۇپ، 60 پىرسەنتى تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىدە ئولتۇراقلاشقان؛ شىبەلەرنىڭ نوپۇسى 34مىڭ 600 بولۇپ، كۆپ قىسمى چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھە-يىسى ۋە قورغاس، توققۇزتارا ناھىيىلىرىدە ئولتۇراقلاشقان؛ ئۆز-بېكلەرنىڭ نوپۇسى 12 مىڭ 100، مانجۇلارنىڭ نوپۇسى 19 مىڭ 500 بولۇپ، شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقالغان؛ داغۇرلارنىڭ نوپۇسى 5541 بولۇپ، ئاساسلىقى چۆچەك، قورغاستا ئولتۇراقلاشقان؛ تاتارلارنىڭ نوپۇسى 4501؛ رۇسلارنىڭ نوپۇسى 8935 بولۇپ، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇب، شىمالىغا تارقالغان، ئۇلار 18 ـ ئەسىردىن كېيىن چاررۇسىيىدىن كۆچۈپ كىرگەن.

## 4. مەمۇرىي رايون ئايرىمىسى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى 1955 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى قۇرۇلغان. ئاپتونوم رايون قارىمىقىدا ۋىلايەت، ئاپتو-نوم ئوبلاست ۋە بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەر؛ ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ قارىمىقىدا ناھىيە، ئاپتونوم ناھىيە، شەھەر ۋە شەھەرگە قاراشلىق رايون؛ ناھىيە، شەھەر، رايون قارىمىقىدا يېزا، مىللىي يېزا ۋە بازار بار. ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ۋاكالەت ئاپپاراتى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن

هوقۇق يۈرگۈزگەندىن باشقا، ئاپتونوم ئوبلاست، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەر ۋە ناھىيە، ئاپتونوم ناھىيە، شەھەر، شەھەرگە بىۋاسىتە قاراشلىق رايون، شۇنىڭدەك يېزا، مىللىي يېزا، بازار قاتارلىق ھەر دەرىجىلىك مەمۇرىي ئورۇنلارنىڭ ھەممىسىدە خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ ئىجرائىيە ئورگىنى بولغان خەلق ھۆكۈمىتى تەسىس قىلىنغان. ئاپتونوم رايون،ئاپتونوم ئوبلاست، ئاپتونوم ناھىيىدىكى ئاپتونومىيە ئورگانلىرى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى قاتارلىق قانۇن - نىزاملاردا بەلگىلەنگەن ھوقۇقلارنى يۈرگۈزۈش بىلەن بىرگە، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇن - نىزاملىرىدا بەلگىلەنگەن ھوقۇق دائىرىسى بويىچە، ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدۇ.

ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، مىللەتلەرنىڭ تولۇق باراۋەر بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش پروگراممىسى» غا ئاساسەن، مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى مەمۇرىي كېڭەشكە يوللاپ تەستىقلىتىش ئارقىلىق، شىنجاڭدا 1953 - يىلىدىن 1954 - يىلىغىچە ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى (قارىمىقىدا ئۈچ ۋىلايەت بار)، بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى (قارىمىقىدا ئۈچ ناھىيە بار)، بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى (قارىمىقىدا ئۈچ ناھىيە بار)، سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى (قارىمىقىدا ئۈچ ناھىيە بار)، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى (قارىمىقىدا تۆت ناھىيە بار) قاتارلىق بەش ئاپتونوم ئوبلاست ۋە ئالتە ئاپتونوم ناھىيە ئارقا - ئارقىدىن قۇرۇلغان. ئاپتونوم رايون قۇرۇلغان 40 نەچچە يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم ئوبلاست، ئاپتونوم ناھىيىنىڭ سانىدا ئۆزگىرىش بولمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئاپتونوم ئوبلاستقا قاراشلىق ناھىيە دەرىجىلىك مەمۇرىي ئورۇنلارنىڭ سانىدا بەلگىلىك ئۆزگىرىش بولغان. ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ تەرەققىيات ئەمەلىي كۆچىنى تولۇقلاپ

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مەمۇرىي رايونلارغا ئايرىلىش جەدۋىلى

| ئاپتونوم رايونغا بىۋاستە قاراشلىق مەمۇرىي ئورۇنلار | تۇرۇشلۇق جايى | قارىمىقىدىكى ناھىيە، شەھەر، شەھەرگە قاراشلىق رايون نامى | جەمئىي |
|---|---|---|---|
| ئۈرۈمچى شەھىرى | تيانشان رايونىدا | تيانشان رايونى، سايباغ زايونى، يېڭىشەھەر رايونى، شىمىگو رايونى، تۇدۇڭخابا رايونى، داۋانچىڭ رايونى، دۇڭشەن رايونى، ئۈرۈمچى ناھىيىسى | يەتتە رايون، بىر ناھىيە |
| قاراماي شەھىرى | قاراماي رايونىدا | قاراماي رايونى، مايتاغ رايونى، جەرەنبۇلاق رايونى، ئورقۇ رايونى | تۆت رايون |
| شىخەنزە شەھىرى | شىخەنزە شەھىرىدە | | |
| بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى | كورلا شەھىرىدە | كورلا شەھىرى، خېجىڭ ناھىيىسى، خوشۇت ناھىيىسى، بۇگۇر ناھىيىسى، لوپنۇر ناھىيىسى، چاقىلىق ناھىيىسى، چەرچەن ناھىيىسى، باغراش ناھىيىسى، يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى | بىر شەھەر، سەككىز ناھىيە |
| بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى | بورتالا شەھىرىدە | بورتالا شەھىرى، جىڭ ناھىيىسى، ئارشاڭ ناھىيىسى | بىر شەھەر، ئىككى ناھىيە |
| ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى (غۇلجا شەھىرىدە): ئوبلاستقا بىۋاستە قاراشلىق مەمۇرىي ئورۇنلار | | | |
| كۈيتۇن شەھىرى، غۇلجا شەھىرى، قورغاس شەھىرى، غۇلجا ناھىيىسى، نىلقا ناھىيىسى، كۈنەس ناھىيىسى، توققۇزتارا ناھىيىسى، تېكەس ناھىيىسى، موڭغۇلكۈرە ناھىيىسى، چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىسى | غۇلجا شەھىرىدە | | ئىككى شەھەر، سەككىز ناھىيە |
| تارباغاتاي ۋىلايىتى | چۆچەك شەھىرىدە | چۆچەك شەھىرى ، شىخو شەھىرى، تولى ناھىيىسى، دۆربىلجىن ناھىيىسى، چاغانتوقاي ناھىيىسى، ساۋەن ناھىيىسى، قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسى | |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| | ئالتاي ۋىلايىتى | ئالتاي شەھىرىدە | ئالتاي شەھىرى، چىڭگىل ناھىيىسى، كۆكتوقاي ناھىيىسى، جىمىنەي ناھىيىسى، بۇرۇلتوقاي ناھىيىسى، قابا ناھىيىسى، بۇرچىن ناھىيىسى | بىر شەھەر، ئالتە ناھىيە |
| | سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى | سانجى شەھىرىدە | سانجى شەھىرى، فۇكاڭ شەھىرى، مىچۇەن شەھىرى، گۇچۇڭ ناھىيىسى، جىمسار ناھىيىسى، قۇتۇبى ناھىيىسى، ماناس ناھىيىسى، مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى | ئۈچ شەھەر، بەش ناھىيە |
| | قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى | ئاتۇش شەھىرىدە | ئاتۇش شەھىرى، ئاقچى ناھىيىسى، ئۇلۇغچات ناھىيىسى، ئاقتۇ ناھىيىسى | بىر شەھەر، ئۈچ ناھىيە |
| | قۇمۇل ۋىلايىتى | قۇمۇل شەھىرىدە | قۇمۇل شەھىرى، ئاراتۈرۈك ناھىيىسى، باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى | بىر شەھەر، ئىككى ناھىيە |
| | تۇرپان ۋىلايىتى | تۇرپان شەھىرىدە | تۇرپان شەھىرى، پىچان ناھىيىسى، توقسۇن ناھىيىسى | بىر شەھەر، ئىككى ناھىيە |
| | ئاقسۇ ۋىلايىتى | ئاقسۇ شەھىرىدە | ئاقسۇ شەھىرى، كۇچا ناھىيىسى، شايار ناھىيىسى، توقسۇ ناھىيىسى، ئونسۇ ناھىيىسى، باي ناھىيىسى، ئۇچتۇرپان ناھىيىسى، كەلپىن ناھىيىسى، ئاۋات ناھىيىسى | بىر شەھەر، سەككىز ناھىيە |
| | قەشقەر ۋىلايىتى | قەشقەر شەھىرىدە | قەشقەر شەھىرى، مارالبېشى ناھىيىسى، پەيزاۋات ناھىيىسى، كوناشەھەر ناھىيىسى، يېڭىشەھەر ناھىيىسى، يېڭىسار ناھىيىسى، يوپۇرغا ناھىيىسى، مەكىت ناھىيىسى، پوسكام ناھىيىسى، يەكەن ناھىيىسى، قاغىلىق ناھىيىسى، تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى | بىر شەھەر، ئون بىر ناھىيە |
| | خوتەن ۋىلايىتى | خوتەن شەھىرىدە | خوتەن شەھىرى، خوتەن ناھىيىسى، گۇما ناھىيىسى، قارىقاش ناھىيىسى، كېرىيە ناھىيىسى، لوپ ناھىيىسى، چىرا ناھىيىسى، نىيە ناھىيىسى | بىر شەھەر، يەتتە ناھىيە |

ۋە كۆچەيتىپ، تەرەققىيات داۋامىدا يولۇققان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، 1958 ـ يىلى ئۈرۈمچى ۋىلايىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندا، ئۇنىڭغا قاراشلىق گۈچۈڭ قاتارلىق بەش ناھىيە سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىغا قوشۇپ بېرىلگەن، 1960 ـ يىلى كورلا ۋىلايىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندا، ئۇنىڭغا قاراشلىق كورلا قاتارلىق بەش ناھىيە بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىغا قوشۇپ بېرىلگەن.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا ھازىر بەش ئاپتونوم ئوبلاست، يەتتە ۋىلايەت، ئاپتونوم رايونغا بىۋاستە قاراشلىق ئۈچ شەھەر، ۋىلايەتكە بىۋاستە قاراشلىق توققۇز شەھەر، ئوبلاستقا بىۋاستە قاراشلىق يەتتە شەھەر، 62 ناھىيە، ئالتە ئاپتونوم ناھىيە، شەھەرگە بىۋاستە قاراشلىق 11 رايون ۋە 857 يېزا ـ بازار بار. ئاپتونوم رايون قۇرۇلۇشتىن ئاۋۋالقىغا سېلىشتۇرغاندا، ئاپتونوم ئوبلاست، ئاپتونوم ناھىيىنىڭ سانىدا ئۆزگىرىش بولمىغاندىن باشقا، ۋىلايەت ئوندىن يەتتىگە ئازايدى، ناھىيە 76دىن 62گە ئازايدى، شەھەر ئۈچتىن 19 غا كۆپەيدى، شەھەرگە بىۋاستە قاراشلىق رايون نۆلدىن 11 گە كۆپەيدى.

ئاپتونوم رايوننىڭ مەركىزى — ئۈرۈمچى شەھىرى.

## 5. قوشنا دۆلەتلەر بىلەن چېگرىلىنىشى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قاراپ موڭغۇلىيە، رۇسىيە فېدېراتسىيىسى، قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى، قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتى، تاجىكىستان جۇمھۇرىيىتى، ئافغانىستان جۇمھۇرىيىتى، پاكىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى، ھىندىستان جۇمھۇرىيىتىدىن ئىبارەت سەككىز دۆلەت بىلەن چېگرىدىنىدۇ.

1982 ~ 1984 ـ يىلى جۇڭگو بىلەن موڭغۇلىيە چېگرا لىنىيىسىنى 1 ـ قېتىم بىرلىشىپ تەكشۈرۈپ، بىرلەشمە تەك-

شۇرۇش كېلىشىمنامىسى ئىمزالىدى ھەمدە چېگرا خەرىتىسى ئىشلىدى. 1989 - يىلى 10 - ئايدا ئىككى دۆلەت ھۆكۈمىتى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى بىلەن موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ چېگرا تۈزۈمى ۋە چېگرا مەسىلىلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش شەرتنامىسى»نى تەستىقلىدى. بۇ دۆلىتىمىزنىڭ قوشنا دۆلەتلەر بىلەن تۈزگەن تۇنجى چېگرا تۈزۈمى شەرتنامىسى ھېسابلىنىدۇ.

1993 - يىلى ئىككى دۆلەت ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشى ئارقىسىدا، جۇڭگو - موڭغۇلىيە چېگرىسىنىڭ غەربىي بۆلىكىدىكى قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ تۆمۈرتام، سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ ئۇلاستاي، ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ تاشقىن ۋە قىزىلتاغ ئېغىزىدىن ئىبارەت تۆت قۇرۇقلۇق پورتى ئېچىۋېتىلدى.

*شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ روسىيە فېدېراتسىيىسى بىلەن بولغان چېگرىسى*

جۇڭگو بىلەن روسىيىنىڭ ئاپتونوم رايونىمىز بۆلىكىدىكى چېگرىسى ئادەتتە جۇڭگو-روسىيە چېگرىسىنىڭ غەربىي بۆلىكى دېيىلىدۇ، ئۇ شىنجاڭنىڭ شىمالىدىكى ئالتاي ۋىلايىتىدە بولۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 55 كىلومېتىر كېلىدۇ. 1994 - يىلى 9 - ئايدا ئىككى دۆلەت غەربىي بۆلەك چېگرىسى كېلىشىمىنى ئىمزالىدى.

*شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى بىلەن بولغان چېگرىسى*

بۇ چېگرا بۆلىكى شىنجاڭنىڭ غەربىدە بولۇپ، شىمالدا جۇڭگو - روسىيە - قازاقىستان كېسىشكەن جايدىن باشلىنىپ، جەنۇبتا جۇڭگو - قازاقىستان - قىرغىزىستان كېسىشكەن جايغىچە بارىدۇ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 1700 كىلومېتىر، 1993 - يىلى ئىككى دۆلەت چېگرا كېلىشىمى ئىمزالىدى. ئىككى دۆلەت ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن جۇڭگو - قازاقىستان چېگرىسىدا يەتتە پورت ئېچىلدى. ھازىر رەسمىي ئېچىۋېتىلىپ مال ئۆتكۈزۈلۈۋاتقىنىدىن جىمىنەي، باق-

تۆ، ئالاتاۋ ئېغىزى، قورغاستىن ئىبارەت تۆت پورت بار.

*شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتى بىلەن بولغان چېگرىسى* بۇ چېگرا بۆلىكى شىمالدا تەڭرىتاغ تىزمىسىدىكى جۇڭگو - قازاقىستان - قىرغىزىستان كېسىشكەن جايدىن باشلىنىپ، جەنۇبتا جۇڭگو - قىرغىزىستان - تاجىكىستان كېسىشكەن جايغىچە بارىدۇ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 1000 كىلومېتىردىن ئارتۇق. ئىككى دۆلەت ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن بۇ چېگرا لىنىيىسىدە تورغات ۋە ئەركەشتامدىن ئىبارەت ئىككى قۇرۇقلۇق پورتى ئېچىۋېتىلدى.

*شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تاجىكىستان جۇمھۇرىيىتى بىلەن بولغان چېگرىسى* بۇ چېگرا بۆلىكىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 450 كىلومېتىردىن ئارتۇق.

*شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئافغانىستان جۇمھۇرىيىتى بىلەن بولغان چېگرىسى* بۇ چېگرا بۆلىكىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 92.45 كىلومېتىر كېلىدۇ. 1963 - يىلدىن 1965 - يىلغىچە جۇڭگو - ئافغانىستان ئىككى دۆلەت ھۆكۈمىتى چېگرا شەرتنامىسى ئىمزالىدى.

*شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ پاكىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى بىلەن بولغان چېگرىسى* بۇ چېگرا بۆلىكىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 599.1 كىلومېتىر كېلىدۇ. 1963 - يىلى جۇڭگو - پاكىستان ئىككى دۆلەت ھۆكۈمىتى چېگرا شەرتنامىسى ئىمزالىدى. ئىككى دۆلەت ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن قونجىراپ قۇرۇقلۇق پورتى ئېچىۋېتىلدى.

*شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھىندىستان جۇمھۇرىيىتى بىلەن بولغان چېگرىسى* بۇ چېگرا بۆلىكىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 200 كىلومېتىر بولۇپ، تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن چېگرا سىزىقى تېخى رەسمىي سىزىلمىدى، ھازىر چېگرا ئەنئەنىۋى ئادەتلەنگەن لىنىيە بويىچە ئايرىلىۋاتىدۇ.

# بىرىنچى باب كۆپ مىللەتلىك رايوننىڭ تارىخىي تەرەققىياتى

## بىرىنچى، ئىپتىدائىي ئاھالىلەرنىڭ كۆچۈشى ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشى

### 1. غەربىي يۇرتتىكى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ۋە ئىپتىدائىي ئاھالىلەر

جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالىدىكى شىنجاڭ رايونى قەدىمكى زاماندا كەڭ دائىرىدىكى غەربىي يۇرتقا تەۋە بولغانىدى. 2000 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتلار ئىلگىرىكى خەن سۇلالىسىنىڭ تارىخ كىتابلىرىدا «غەربىي يۇرت» نامى تۇنجى قېتىم تىلغا ئېلىنغان، ئۇنىڭ دائىرىسى ئومۇمەن قاشقوۋۇق(يۈمېنگۈەن) ۋە كونا قوۋۇق (ياڭگۈەن)نىڭ غەربىدىكى جايلارنى كۆرسىتەتتى، كېيىنچە تارىختىكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك خانلىقلىرىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى رايونلارنىمۇ كۆرسىتىدىغان بولدى. گەرچە ھەرقايسى سۇلالىلەرنىڭ تارىخ كىتابلىرىدا غەربىي يۇرتنىڭ دائىرىسى توغرىسىدىكى خاتىرىلەر ئوخشاش بولمىسىمۇ، لېكىن بۇ كىتابلارنىڭ ھەممىسىدىلا غەربىي يۇرتنىڭ مەركىزىي قىسمى بۈگۈنكى شىنجاڭنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرى ئىدى.

غەربىي يۇرتتا ئىپتىدائىي ئىنسانلار ئەڭ بۇرۇن قاچان كۆرۈلگەن؟ بۇ شىنجاڭنىڭ ئانتروپولوگىيە تارىخىنىڭ مەنبەسىگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلە، 20 ـ ئەسىردە ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ۋە تەتقىقاتنىڭ ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، بۇ ھەقتە تەخمىنىي مەلۇماتقا ئېرىشتۇق. شىنجاڭدىكى كونا تاش قوراللار

دەۋرىگە مەنسۇپ خارابىلىكلەر توغرىسىدا مەلۇماتلار بار، مەسە-
لەن، يارغول قەدىمكى شەھىرىنىڭ غەربىي جەنۇب سىپىلىدىن بۇ-
نىڭدىن 10 — 20 مىڭ يىللار ئىلگىرىكى كونا تاش قوراللار
دەۋرىگە مەنسۇپ سوقۇپ ئىشلەنگەن تاش قوراللار بايقالدى.
يېڭى تاش قوراللار دەۋرىگە مەنسۇپ مەدەنىيەت خارابىلىك-
لىرى تېخىمۇ كۆپ. لېكىن، يېڭى تاش قوراللار دەۋرىدىكى تاش
قوراللارنىڭ كۆپىنچىسى برونزا قوراللار ياكى تۆمۈر قوراللار بە-
لەن تەڭ ساقلانغان، شۇڭا بۇنىڭ دەۋرى بالدۇر بولسا ئوتتۇرا تاش
قوراللار دەۋرىگە مەنسۇپ بولۇشى، كېيىن بولسا برونزا قوراللار
دەۋرى، ھەتتا دەسلەپكى تۆمۈر قوراللار دەۋرىگە مەنسۇپ بولۇشى
مۇمكىن. غەربىي يۇرتنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلارنىڭ، مەسىلەن،
سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا، جەنۇبىي سىبىرىيە
رايونلىرى، جۇڭگونىڭ گەنسۇ، چىڭخەي رايونلىرى، شۇنىڭدەك
ھىندىستان قاتارلىق جايلاردىكى كونا تاش قوراللار خارابىلىكلە-
رىنىڭ ھەممىسى بۇنىڭدىن 4000 يىللار ئىلگىرىكى دەۋرگە
مەنسۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئاساسىي جەھەتتىن برونزا قوراللار
دەۋرىگە قەدەم قويغان. غەربىي يۇرتمۇ شۇنىڭ ئىچىدە بولۇپ،
ئۇلاردىن بەك چوڭ پەرقلىنىپ كەتمەيدۇ. مۇشۇ ئەھۋاللارنى ئو-
مۇملاشتۇرغاندا، بىز غەربىي يۇرتتا بۇنىڭدىن 4000 يىللار ئىل-
گىرىكى ئىنسانلارنىڭ تاش قورال مەدەنىيەت خارابىلىكلىرى ھە-
قىقەتەن مەۋجۇت بولغان دەپ قارايمىز، شۇڭا، بىزنىڭ غەربىي
يۇرتنىڭ يىراق قەدىمكى زامان تارىخى توغرىسىدىكى بايانىمىزمۇ
مۇشۇ ۋاقىتتىن باشلىنىدۇ. بۇنىڭدىن ئىلگىرىكى بەزى ئارخېئو-
لوگىيىلىك يەكۈن ۋە تارىخىي بايانلار بۇنىڭدىن كېيىنكى قېزىش
ۋە تەتقىقات خىزمىتىنىڭ يەنىمۇ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ
ئايدىڭلاشقۇسى.
غەربىي يۇرتتىكى ئىپتىدائىي ئاھالىلەر توغرىسىدىكى تەت-
قىقات ئۇزۇندىن بۇيان ئىلىم ساھەسىدىكىلەر ئىنتايىن كۆڭۈل
بۆلۈپ كېلىۋاتقان مەسىلە. يېقىنقى 10 نەچچە يىلدىن بۇيان،

ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ۋە غەربىي يۇرتتىكى قەدىمكى ئىرق ۋە نەسىل تەتقىقاتىنىڭ ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، غەربىي يۇرتتىكى ئىپتىدائىي ئاھالىلەرنىڭ كېلىش مەنبەسى، تارقىلىشى، كۆچۈشى، قوشۇلۇشى، تەرەققىياتىغا دائىر ئەھۋاللار توغرىسىدا تەخمىنىي مەلۇماتقا ئېرىشتۇق. غەربىي يۇرتتىن ئادەمسىمان مايمۇننىڭ ياكى مايمۇنسىمان ئادەمنىڭ خارابىلىكلىرى بايقالمىدى، بۇنىڭغا ئاساسلىنىپ، غەربىي يۇرتنىڭ ئىپتىدائىي ئاھالىلىرى ئوخشاش بولمىغان تارىخىي دەۋرلەردە ئەتراپتىكى جايلاردىن كۆچۈپ كەلگەن دەپ پەرەز قىلىشقا بولىدۇ. ھازىرچە پالېئوئانتروپولوگىيە نۇقتىسىدىن بۈگۈنكى شىنجاڭ چېگرىسىدىكى قەدىمكى ئىرق ۋە نەسىل مەسىلىسىنى ئەتراپلىق شەرھلەشكە ھازىرقى ماتېرىياللار كەملىك قىلىسىمۇ، لېكىن ھازىرقى خوتەن رايونى، لوپنۇر رايونى، تەڭرىتېغىنىڭ شەرقىي بۆلىكىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدىكى قۇمۇل رايونى ۋە ئىلى رايونلىرىكى ئارخېئولوگىيە ۋە ئانتروپولوگىيە ماتېرىياللىرىغا ئاساسلانغاندا، شىنجاڭغا كۆچۈپ كىرگەن ئىپتىدائىي ئاھالىلەردە شەرق ۋە غەربتىن ئىبارەت ئىككى چوڭ ئىرقنىڭ تارماق تەركىبى مەۋجۇت دەپ مۆئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ.

### 2. غەربىي يۇرتتىكى غەرب ئىرقىدىكىلەر

غەرب ئىرقى قەدىمكى ياۋروپا ئىرقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئىرققا مەنسۇپ نەسىلدىكىلەرنىڭ قەدىمكى شىنجاڭغا كىرگەنلىكىنى ئاساسلىقى مۇنداق ئىككى نۇقتىدىن مۆئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ: بىرى، شىنجاڭغا قوشنا بولغان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ۋە ئانتروپولوگىيە ماتېرىياللىرى. ئۆزبېكىستاننىڭ كېسەك تاش ئۆڭكۈرىدىن كونا تاش قوراللار دەۋرى(موستېر دەۋرى)گە مەنسۇپ نېئاندېرت ئادىمىنىڭكىگە ئوخشايدىغان تاشقا ئايلانغان سۆڭەك بايقالغان؛ شەرقىي قازاقىستاندا كروماگنون ئادىمىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئوخشايدىغان ئىپتىدائىي ياۋروپا ئىرقىغا مەنسۇپ ئىككى باش سۆڭىكى قېزد-

ۋېلىنغان (بىرى يېڭى تاش قوراللار دەۋرىگە، يەنە بىرى تاش
قوراللار بىلەن برونزا قوراللار بىللە ئىشلىتىلگەن دەۋرگە مەن-
سۇپ)، بۇنىڭدىن باشقا جايلاردىنمۇ يېڭى تاش قوراللار دەۋرىگە
مەنسۇپ يۈزى ئىنتايىن تار ئادەملەرنىڭ باش سۆڭىكى قېزىۋې-
لىنغان، بۇنداق باش سۆڭەكلەر ياۋروپانىڭ ئوتتۇرا دېڭىز بويى-
دىكى يېڭى تاش قوراللار دەۋرىگە مەنسۇپ قەبرىلەردىن چىققان
باش سۆڭىكى بىلەن نۇرغۇن جەھەتلەردە ئوخشاشلىققا ئىگە. مۇ-
شۇ ماتېرىياللاردىن شۇنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇكى، بۇ بىر قى-
سىم ئىپتىدائىي فورماتسىيىدىكى ياۋروپا ئىرقى يەنىمۇ ئىلگى-
رىلىگەن ھالدا غەربكە كۆچۈپ، غەربىي يۇرتقا كەلگەن. يەنە بى-
رى، شىنجاڭدىكى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ۋە ئانتروپو-
لوگىيە ماتېرىياللىرى. نېئاندېرت ئادىمى بىلەن كروماگنون ئا-
دىمىدىن ئىبارەت ئىككى خىل تىپتىكى ئىپتىدائىي ياۋروپا
ئىرقى تەركىبىدىكىلەر شىنجاڭ چېگرىسى ئىچىدە برونزا
قوراللار دەۋرىدىن كېيىنكى پالېئوئانتروپولوگىيە ماتېرىياللى-
رىدا كۆزگە چېلىقىدۇ. جۇڭگولۇق مەشھۇر پالېئوئانتروپولوگىيە
ئالىمى خەن كاڭشىن ئەپەندى مۇنداق دەيدۇ: «ھېچبولمىغاندا،
برونزا قوراللار دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە، ئىپتىدائىي
فورماتسىيە تىپىدىكى ياۋروپا ئىرقى لوپنۇر رايونىغا تارقالغان،
ھازىر ئۇلارنىڭ قەيەردىن، قانداق يول بىلەن شىنجاڭنىڭ ئوت-
تۇرا قىسمىغا كەلگەنلىكىنى تېخى كونكرېت مۇئەييەنلەشتۇرگى-
لى بولمايدۇ، ھالبۇكى، قەدىمكى ياردائىلىق قەبرىستانلىقى (لوپ-
نۇر رايونىدا)دىكى مەدەنىيەتلىك ئاھالىلەرنىڭ ئانتروپولوگىيە
ئالاھىدىلىكى ئۇلارنىڭ جەنۇبىي سىبىرىيە، قازاقىستان، ئوتتۇرا
ئاسىيا، ھەتتا ۋولگا دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىدىكى برونزا
قوراللار دەۋرىگە مەنسۇپ ئاھالىلەر بىلەن زىچ نەسىل ئالاقىسىگە
ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.» ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئوتتۇرا
دېڭىزنىڭ شەرقىي تارمىقى تىپىغا ئىگە ياۋروپا ئىرقى تەركىبى-
دىكىلەر بىرقەدەر بالدۇر كۆرۈلگەن بولۇشى مۇمكىن، لوپ(خوتەن

ۋىلايىتىدە)تىكى سامپۇل كوللېكتىپ دەپنە قەبرىستانلىقى، لوپ-
نۇردىكى كىروران شەھەر ئەتراپى قەبرىستانلىقى ۋە ئالغۇي جىل-
غىسى (تەڭرىتېغىنىڭ شەرقىي بۆلىكىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدە)
قەدىمكى كوللېكتىپ دەپنە قەبرىستانلىقىدا بۇنداق تىپ بايقالدى.
بۇنىڭ ئىچىدە، سامپۇل ۋە كىروراندىكىلىرىنىڭ ئاساسىي تەركى-
بى دەل مۇشۇ خىل تىپقا ياتىدۇ.» خەن كاڭشىن ئەپەندى قەدىمـ-
كى شىنجاڭنىڭ تارىم ئويمانلىقى ئەتراپىدىكى ئىپتىدائىي ئاھا-
لىلەرنىڭ كۆچۈش ئەھۋالىنى تەخمىنىي تەسۋىرلەپ مۇنداق يازـ-
دۇ: «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئوتتۇرا دېڭىز ئىرقى تەركىبىدىكىلەر
پامىر ئېگىزلىكىدىن ئۆتۈپ، بىر تەرەپتىن تارىم ئويمانلىقىنىڭ
جەنۇبىي چېتىنى بويلاپ، شەرققە ئىچكىرىلەپ كىرىپ، لوپنۇر
رايونىغا بارغان، ھالبۇكى بۇ خىل تىپ خەن سۇلالىسى دەۋرىدى-
كى كىروران خانلىقى ئاھالىلىرىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى
بولۇشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن، ئۇلار بۇ رايوندا لوپنۇر
رايونىنى ئۆزلىرىدىن تېخىمۇ بالدۇر ئىگىلىگەن ئىپتىدائىي
فورماتسىيىدىكى يەنە بىر ياۋروپا ئىرقى تەركىبىدىكى ئاھالىلەر
بىلەن ئۇچراشقان ھەمدە ئۇلار بىلەن بىرلىكتە قەدىمكى كىروران
خانلىقى ئاھالىلىرىنىڭ شەكىللىنىشىگە قاتناشقان بولۇشىمۇ
مۇمكىن.» «يەنە بىر تەرەپتىن، بىر قىسىم ئوتتۇرا دېڭىز ئىرقى
تەركىبىدىكىلەر تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىنى بويلاپ شەرققە
ئىچكىرىلەپ كىرىپ، تەڭرىتېغىنىڭ شەرقىي بۆلىكىگە كىرىش
جەريانىدا ئۆزلىرىنىڭ جەنۇبىدىن شەرققە ئىچكىرىلەپ كىرگەن
ئوخشاش تۈردىكىلىرىگە قارىغاندا، يەرلىك ئاھالىلەر بىلەن تې-
خىمۇ كۆپ ئارىلىشىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن.» تەڭرىتېغىنىڭ
شىمالىدىكى ئىپتىدائىي ئاھالىلەرنىڭ ئەھۋالى بولسا: «مىلادى-
يىنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى بىرقانچە ئەسىردە، ئىلى دەرياسىنىڭ
يۇقىرى ئېقىنى(تەڭرىتېغىنىڭ شىمالى)دىكى قەدىمكى ساكلار ۋە
ئۇيسۇنلارنىڭ ئاساسلىق تەركىبى يەنە بىر خىل ئانتروپولوگىيە
تىپىغا، يەنى بېشى دىقماق بولۇش بىلەن خاراكتېرلەنگەن پامىر ـ

فەرغانە تىپىغا كىرىدۇ، بۇ ئوتتۇرا ئاسىيا ماۋرا ئۇننەھر تىپى دەپمۇ ئاتىلىدۇ، ئۇلاردا يەنە ماۋرا ئۇننەھر تىپى بىلەن ئاندرىنوۋ(ياۋروپا ئىرقى) ئۆزگەرگەن تىپىنىڭ ئۆتكۈنچى ئالاھىدىلىكىمۇ بار. ئۇلار ئوتتۇرا ئاسىيادىكى باشقا ساكلار (جەنۇبىي پامىر ساكلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ)، ئۇيسۇنلار دەۋرىدىكى ئاھالىلەر بىلەن روشەن ئوخشىشىپ كېتىدىغان بەدەن سۇپىتى ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولۇپ، ئالدىدا سۆزلەنگەن ئىپتىدائىي ياۋروپا ئىرقى تىپىدىكىلەر ۋە ئوتتۇرا دېڭىز ئىرقى تىپىدىكىلەر بىلەن فورماتسىيە جەھەتتە روشەن پەرقلىنىدۇ.»①

**3. غەربىي يۇرتتىكى شەرق ئىرقىدىكىلەر**

شەرق ئىرقى موڭغۇل ئىرقىنى كۆرسىتىدۇ. نۆۋەتتە، قەدىمكى شىنجاڭدىكى بۇ خىل ئىرق ۋە نەسلىنىڭ كېلىش مەنبەسى ھەم تارقىلىشىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان سىستېمىلىق ماتېرىياللار يوقنىڭ ئورنىدا بولسىمۇ، ھازىرقى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ۋە ئانتروپولوگىيە ماتېرىياللىرىدىن دەسلەپكى قەدەمدە تۆۋەندىكىچە ھۆكۈم چىقىرىشقا بولىدۇ. بىرىنچى، موڭغۇل ئىرقىدىكىلەر مىلادىيىدىن ئىلگىرىلا قەدىمكى شىنجاڭغا كۆچۈپ كەلگەن.

«مىلادىيىنىڭ باشلىرىدا، مىللەتلەرنىڭ چوڭ كۆچۈشىنىڭ باشلىنىشىغا ئەگىشىپ، موڭغۇل ئىرقى تىپىدىكى كىشىلەر ئوتتۇرا ئاسىيا ماۋرا ئۇننەھر تىپىدىكىلەر(ھازىرقى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان)گە ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە سىڭىشقا باشلىغان.»② ئىككىنچى،

---

① خەن كاڭشىن: «شىنجاڭدىكى قەدىمكى ئاھالىلەرنىڭ ئېتنىك ئانتروپولوگىيىسى ھەققىدە تەتقىقات»، «شىنجاڭدىكى قەدىمكى جەسەتلەر»گە بېسىلغان، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002 - يىلى 2 - ئاي نەشرى، خەنزۇچە، 214 — 223 - بەتكىچە.

② (رۇسىيە) گىنسبۇرگ: «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مىللەتلەرنىڭ مەنبەسىگە ئالاقىدار ئوتتۇرا ئاسىيا پالېئوئانتروپولوگىيە مەسىلىلىرى»، «مىللەتشۇناسلىق تەتقىقات ئورنى ژۇرنىلى»گە بېسىلغان، رۇسچە نەشرى، 1959 - يىلى 31 - سان.

قۇمۇل يانبۇلاق قەبرىستانلىقى، لوپنۇر تۇرك قەبرىستانلىقىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ۋە ئانتروپولوگىيە ماتېرىياللىرىدىن شۇنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇكى، «ئاز دېگەندە خەن سۇلالىسىدىن ئىلگىرى، شەرق، غەرب ئىرقىدىكىلەردە شىنجاڭ چېگرىسىدا تەتۈر يۆنىلىشلىك سىڭىشىش بولغان بولۇشى مۇمكىن. سېلىشتۇرۇپ كۆرگەندە، موڭغۇل ئىرقىدىكىلەرنىڭ غەربكە سىڭىشى بىر قەدەر پارچە بولۇپ، غەرب ئىرقى تەركىبىدىكىلەرنىڭ شەرققە سىڭىشىدەك جانلىق بولمىغان.»① ئۈچىنچى، ئالغۇي جىلغىسى، قۇمۇل يانبۇلاق قەبرىستانلىقى ۋە بىر قەدەر كېيىنكى مەزگىلگە مەنسۇپ بولغان كىروران، توققۇزتارا(ئىلى رايونىدا)دىكى قەدىمىي قەبرىستانلىقتا شەرق، غەرب ئىرقى تەركىبىدىكىلەر ئورتاق مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش (جۈملىدىن بىر قەبرىستانلىقتا كۆمۈلۈش ياكى بىر لەھەتكە قويۇلۇش) ئەھۋالى بىر قەدەر ئومۇمىيۈزلۈك، بۇنىڭ باشقا نەسلىدىكى قۇللارنى ھەمدەپنە قىلىش ياكى ئوخشاش بولمىغان نەسلىدىكى ئائىلە ئەزالىرىنى بىر لەھەتكە قويۇش ئىكەنلىكىنى تېخى پەرەز قىلغىلى بولمايدۇ.

يۇقىرىقىلارنى يىغىنچاقلىغاندا، قەدىمكى شىنجاڭدىكى ئىپتىدائىي ئاھالىلەر ئەتراپتىكى رايونلاردىن كۆچۈپ كىرگەن. ئاساسلىقى شەرق ۋە غەرب ئىككى يۆنىلىشتىن كۆچكەن، كۆچۈش لىنىيىسى ئومۇمەن يايلاق(تاغ تىزمىسىنىڭ ئېتىكىدىكى ئوتلاق)، دەريا ئېقىنى ۋە ئويمانلىقنىڭ ئەتراپىدىكى تاغ ئالدى تىندۇرما تۈزلەڭلىكىدە پەيدا بولغان بوستانلىقلارنى بويلاش بىلەن داۋاملاشقان. غەربتىن كۆچۈپ كەلگەن ياۋروپا ئىرقىدىكى ئاھالىلەرنىڭ غەربىي يۇرتتىكى تارقىلىش دائىرىسى نىسبەتەن كەڭ بولغاچقا، ئۇلار پەيدىنپەي شەرققە كېڭىيىپ، دەسلەپكى تۆمۈر قوراللار دەۋرىدە بۈگۈنكى قۇمۇل ئەتراپىغىچە يېتىپ بارغان.

---

① خەن كاڭشىن: «شىنجاڭدىكى قەدىمكى ئاھالىلەرنىڭ ئېتنىك ئانتروپولوگىيىسى ھەققىدە تەتقىقات»، «شىنجاڭدىكى قەدىمكى جەسەتلەر»گە بېسىلغان، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002 ـ يىلى 2 ـ ئاي نەشرى، خەنزۇچە، 214 ـــ 223 ـ بەتكىچە.

شەرقتىن كۆچۈپ كەلگەن موڭغۇل ئىرقىدىكىلەر ئاساسلىقى
غەربىي يۇرتنىڭ شەرقىگە تارقالغان، ئۇلار پەيدىنپەي غەربكە
كۆچۈپ، دەسلەپكى تۆمۈر قوراللار دەۋرىدە بۈگۈنكى ئىلى دەريا-
سى ۋادىسىدا ياشىغان. ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ۋە تەتقىقات
شۇنىمۇ ئىسپاتلىدىكى، ئوخشاش بولمىغان يۆنىلىشتىن كەلگەن
غەربىي يۇرت ئىپتىدائىي ئاھالىلىرى كۆچۈش داۋامىدا ئۆزئارا
ئۇچراشقان ھەمدە ئىرق تەركىبى جەھەتتە ئۆزئارا سىڭىشكەن.

**4. قەدىمكى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش پائالىيەتلىرى**

ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ۋە تەتقىقاتلاردىن غەربىي يۇرت
ئاھالىلىرىنىڭ ئۆزلىرىگە خاس يەرلىك ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت
ئۆرپ - ئادەتلىرىنىڭ بارلىقى مەلۇم. بۇنداق ئىجتىمائىي ۋە مەدە-
نىي ئۆرپ - ئادەتلىرىدە ھەم غەربىي يۇرتنىڭ يەرلىك ئالاھىدىلى-
كى، ھەم ئەتراپتىكى مەدەنىيەت ئادەتلىرىنىڭ تەسىرى بار. غەر-
بىي يۇرتنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا يەرلىك ئالاھىدىلىك بىرقەدەر
روشەن، ئەتراپتىكى جايلاردا بولسا، شەرق، غەربنىڭ ئىجتىما-
ئىي، مەدەنىيەت تەسىرى بىرقەدەر چوڭ. بۇنىڭدىن ئىپتىدائىي
ئاھالىلەر غەربىي يۇرتقا كۆچۈپ كىرگەندىن كېيىن، نىسبىي
مۇقىم بولغان سىڭىشىش، تەرەققىي قىلىش مەزگىلى بولغانلى-
قىنى ھەمدە مۇشۇ ئاساستا ئۆزگىچە غەربىي يۇرت ئىجتىمائىي
مەدەنىيىتىنىڭ شەكىللەنگەنلىكىنى پەرەز قىلىش مۇمكىن.

ئوخشاش بولمىغان رايونلاردىكى ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ
تەرەققىياتى تەڭ بولغان ئەمەس. غەربىي يۇرت جەمئىيىتىنىڭ
ئەتراپىدا، شەرقىي قىسمىدىكى خۇاڭخې دەرياسى ۋادىسىغا
جايلاشقان ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتى نىس-
بەتەن تېز بولغان. مىلادىيىدىن 2000 نەچچە يىللار ئىلگىرى،
شۇ جايدىكى شيا قەبىلىسى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك تارىخىدىكى تۇن-
جى قۇللۇق تۈزۈمدىكى دۆلەت — شيا سۇلالىسىنى قۇرغان.
مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 15 - ئەسىرنىڭ ئالدى - كەينىدە، ئوت-
تۇرا تۈزلەڭلىككە ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان شاڭ سۇلالىسى قۇل-

لۇق جەمئىيەتنىڭ ئەڭ گۈللەنگەن مەزگىلىگە قەدەم قويغان. تەخمىنەن مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 8 ـ ئەسىرنىڭ ئالدى ـ كەي- نىدىكى غەربىي جۇ، شەرقىي جۇ سۇلالىلىرىدە سۇيۇرغاللىق تۈ- زۈمى بىرقەدەر ئومۇملىشىپ قالغان. مۇشۇ مەزگىلدە، غەربىي يۇرتمۇ سىنىپىي جەمئىيەتكە ئۆتۈشكە باشلىغانىدى. ھالبۇكى غەربىي يۇرتنىڭ غەربىي قىسمى بىلەن تۇتىشىپ تۇرىدىغان قە- دىمكى ماۋرا ئۇننەھر رايونى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 10 ـ ئە- سىردىن مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 7 ـ ئەسىرگىچە بولغان مەز- گىلدىلا ئاندىن سىنىپىي جەمئىيەتكە پەيدىنپەي قەدەم قويغان، مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 6 ـ ئەسىردىن باشلاپ پېرسىيە ئىمـ- پېرىيىسىنىڭ تەسىرىدە بولغان. تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي چېتىدىكى بىر قاتار تاغ تىزمىلىرى ۋە پامىر ئېگىزلىكى پېر- سىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا شەرققە قاراپ تەرەققىي قىلىپ، ئۆز تەسىرىنى كېڭەيتىشىنى چەكلەپ قويغان، ھالبۇكى غەربىي يۇرتنىڭ شەرق تەرەپتىكى ئوتتۇرا تۈز- لەڭلىك تېرىقچىلىق مەدەنىيىتى ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ شى- مالىدىكى يايلاق كۆچمەن چارۋىچىلىق مەدەنىيىتى بىلەن بولغان ئالماشتۇرۇشى كۆپ ئوڭاي ئىدى، شۇڭا، غەربىي يۇرتنىڭ شەرق بىلەن بولغان ئالاقىسى ئۇزاق تارىخقا ئىگە بولغان. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى ۋە باردى ـ كەلدىسىنىڭ قويۇقلىشىشىغا ئەگىشىپ، شەرقىي قىسمىدىكى قەبىلە ئاھالىلىرى بارغانسېرى كۆپلەپ غەربىي يۇرتقا كۆچۈپ، قەدىمكى غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك تېرىقچىلىق مەدەنىيىتى ۋە شىمال يايلاقلى- رىدىكى كۆچمەن چارۋىچىلىق مەدەنىيىتى ئۆزئارا سىڭىشىپ، پەيدىنپەي ئورتاقلىقى كۈنسېرى كۆپىيىۋاتقان قەدىمكى جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ تەركىبىي قىسمىغا ئايلىنىشقا باشلىغان.

دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى ئالىملار بىردەك ھالدا، غەربىي يۇرتقا دائىر ئەڭ دەسلەپكى يازما خاتىرىلەر خەنزۇ يېزىقىدىكى تارىخ ماتېرىياللىرىدا خاتىرىلەنگەن؛ مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 6 ـ

ئەسىردىن بۇرۇنقى غەربىي يۇرت(جۇملىدىن ئوتتۇرا ئاسىيا) تا-
رىخ تەتقىقاتىدا خەنزۇ يېزىقىدىكى تارىخ ماتېرىياللىرىغا تايىنىش
كېرەك دەپ ئېتىراپ قىلىندۇ. يىغىلىق دەۋرىدە (مىلادىيىدىن
ئىلگىرىكى 465 ـ يىلىدىن مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 221 ـ يى-
لىغىچە)دا يېزىپ چىقىلغان خەنزۇ يېزىقىدىكى تارىخ كىتابلىرى
«تاغ ـ ئېزىملار قۇرئى»، «بامبۇك يىلنامە»، «مۇتيەنزى تەزكى-
رىسى» ۋە تەخمىنەن مۇشۇ دەۋرنىڭ ئالدى ـ كەينىدە يېزىپ
چىقىلغان «جۇ سالنامىسى» قاتارلىقلاردا غەربىي يۇرتنىڭ جۇغرا-
پىيە، تارىخ رىۋايەتلىرىگە دائىر خاتىرىلەر خېلى كۆپ. «تارىخنا-
مە» ۋە «خەننامە»دە غەربىي يۇرتقا ئائىت خاتىرىلەر تېخىمۇ مول،
تەپسىلىي ۋە ئېنىق. بۇ خاتىرىلەرنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى،
ئۇنىڭدا غەربىي يۇرت جۇڭخۇا مەدەنىيىتى دائىرىسىگە كىرگۈزۈل-
گەن، مەسىلەن، جۇغراپىيىلىك خاتىرىلەردە، قەدىمكى غەربىي
يۇرتنىڭ تەبىئىي قىياپىتى، تاغ ـ دەريالىرى، قېزىلما بايلىقلىرى
ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلار بىلەن بىرلىكتە
تارىخ كىتابلىرىغا خاتىرىلەنگەن. «تاغ ـ ئېزىملار قۇرئى»نى مى-
سالغا ئالساق، ئۇنىڭدا غەربىي يۇرتنىڭ ئوتتۇرا جەنۇبىدىكى كو-
ئېنلۇن تېغى، شەرقىي جەنۇبىدىكى ئالتۇنتاغ، شۇنىڭدەك شەرققە
قاراپ سوزۇلغان بۈگۈنكى گەنسۇنىڭ خېشى كارىدورىدىكى
چىلىيەنشەن تېغى، شەنشىدىكى چىنلىڭ تېغى ئومۇملاشتۇرۇپ
«جەنۇبىي تاغلار» دەپ ئاتالغان، چىنلىڭ تېغى غەربىي يۇرتتىكى
كوئېنلۇن تېغىدىن باشلىنىپ شەرققە قاراپ سوزۇلغان جەنۇبىي
تاغلار مۇشۇ يەردە ئاخىرلىشىدۇ دېگەن مەنىدىكى «ئاخىرقى جەنۇ-
بىي تاغ» دەپ ئاتالغان. كىتابتا يەنە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى
خۇاڭخې دەرياسىنىڭ مەنبەسى غەربىي يۇرتتا دېگەن بايانلار بولۇپ،
ئۇنىڭدا قەدىمكى يۇرتتىكى كۆكئارت دەرياسى (ھازىرقى قەشقەر
دەرياسى ۋە زەرەپشان دەرياسى)، ئۇدۇن دەرياسى (ھازىرقى خوتەن
دەرياسى) قاتارلىقلار بىرلەشكەندىن كېيىن (يەنى ھازىرقى تارىم
دەرياسى بولغاندىن كېيىن) يەمىش(ھازىرقى لوپنۇر كۆلى)كە قۇ-

يۇلۇپ، يەر ئاستىغا سىڭىپ كېتىدۇ، ئاندىن كۇنگەي تاغ (هازىرقى چىڭخەيدىكى جىشىشەن تېغى)دىن چىقىپ، خۇاڭخې دەرياسىنىڭ مەنبەسى بولۇپ شەكىللەنگەن دېيىلگەن. بۇ بىر خاتا چۈشەنچە بو-لۇپ، تاڭ سۇلالىسى مەزگىلىدە توغرىلانغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ-نىڭدا غەربىي يۇرت بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنى ئورگانىك بىر پۇ-تۇن گەۋدە ئىچىگە قويۇش ئىدىيىسى ئەكس ئەتتۇرۇلگەن.

غەربىي يۇرتنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن بولغان دوستانە باردى - كەلدىسىگە دائىر رىۋايەت، خاتىرىلەر تېخىمۇ كۆپ. مەسى-لەن، «بامبۇك يىلنامە»دە: «شاڭجۇڭزۇڭنىڭ تەيۋۇ 26 - يىلى (تەخمىنەن مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 1612 - يىلى) غەربىي رۇڭلاردىن ئەلچى كەلدى، پادىشاھ ۋاڭ مېڭنى غەربىي رۇڭلار دىيا-رىغا ئەۋەتتى » دەپ خاتىرىلەنگەن. لېكىن، ئەڭ كەڭ تارقالغان رىۋايەت جۇمۇۋاڭنىڭ غەربىي يۇرتنى ساياھەت قىلىشىدىن ئىبا-رەت. رىۋايەت قىلىنىشىچە، جۇمۇۋاڭ چوڭ قوشۇن باشلاپ غەربىي يۇرتقا سەپەرگە چىقىپ، غەربىي يۇرتتىكى يەرلىك سەردار ئومايىنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشكەن. جۇمۇۋاڭ ئومايغا يىپەك ياغلىق، مىس جابدۇق، قۇلۇلە پۇل قاتارلىقلارنى سوۋغات قىلغان، ئوماي زۇمرەت كۆلى بويىدا جۇمۇۋاڭغا كاتتا زىياپەت بەرگەن، زىياپەتتە ئۆز ئارا نەزمە ئوقۇپ، بىر - بىرىنى قۇتلۇقلاشقان. مىلادىيىدىن ئىلگىرد-كى 985 - يىلى (جۇمۇۋاڭنىڭ 17 - يىلى) ئوماي يەنە جۇمۇۋاڭنىڭ ئوردىسىغا بارغاندا، «ئوردا زىياپىتى بېرىلىپ كۇتۇۋېلىنغان.»①

هازىرمۇ دۇنخۇاڭدىكى موگاۋ تاش غارىنىڭ 423 - نومۇرلۇق غا-رىدىكى تام رەسىم ۋە 1978 - يىلى گەنسۇ ئۆلكىسى جيۇچۈەن شەھىرىنىڭ شىجيازادىن قېزىۋېلىنغان بەش لياڭ پادىشاھلىقى مەزگىلىگە مەنسۇپ 5 - نومۇرلۇق قەبرىنىڭ ئالدى لەھەتتىكى تام رەسىمدە جۇمۇۋاڭ بىلەن ئومايىنىڭ ئۇچراشقانلىقىغا دائىر جاز-لىق تەسۋىرلەرنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. بۇ رىۋايەتلەر ئىشەنچلىك

① «بامبۇك يىلنامە».

بولمىسىمۇ، لېكىن غەربىي يۇرت بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ ئۆزئارا مۇددەتلىك دوستانە باردى - كەلدى ئالاقىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

نۆۋەتتىكى قېزىپ چىقىلغان ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار ئارىسىدىكى ئىككى خىل مەدەنىيەت يادىكارلىقى غەربىي يۇرت بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ئوتتۇرىسىدىكى ماددىي ئالماشتۇرۇشنى دەلىللەپ بەردى. بىرى، غەربىي يۇرتتىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە توشۇپ بېرىلگەن قاشتېشى بۇيۇملىرى. غەربىي يۇرتتىن چىقىدىغان قاشتېشى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە خېلى بۇرۇنلا مەشھۇر ئىدى. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خانلار «توخرى قاشتېشىنى ئەتىۋارلاپ ئىشلەتتى.» توخرىلار غەربىي شىمالدىكى «ياۋچى»لار بولۇپ، غەربىي يۇرتتىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كىرىدىغان ئۆتەڭگە، يەنى تەڭرىتېغىنىڭ شەرقىدىن دۇنخۇاڭغىچە بولغان جايلارغا تارقالغانىدى، شۇڭا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە غەربىي يۇرتنىڭ قاشتېشى «ياۋچى قاشتېشى» دەپ ئاتالغان. ئۇنىڭدىن باشقا كۇئېنلۇن تېغىدىن چىقىدىغان كۇئېنلۇن قاشتېشى بار. 1976 - يىلى خېنەن ئەنياڭنىڭ يىن خارابىلىكىدىن بۇنىڭدىن 3200 يىل ئاۋۋالقى يىن پادىشاھى ۋۇدىڭنىڭ خوتۇنى فۇخاۋنىڭ قەبرىسى قېزىۋېلىنغان، قەبرىدىكى ھەمدەپنە بۇيۇملىرى ئىچىدە 756 قاشتېشى بۇيۇمى بولۇپ، ئاساسىي جەھەتتىن كۇئېنلۇن قاشتېشىدا ئىشلەنگەن. دۇنخۇاڭدىكى قاشقوۋۇقنىڭ نامىمۇ غەربىي يۇرتتىكى قاشتېشىنىڭ مۇشۇ قوۋۇق ئارقىلىق سىرتقا چىقىدىغانلىقى ۋەجىدىن شۇنداق ئاتالغان. يەنە بىرى، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن غەربىي يۇرتقا توشۇپ كېلىنگەن ياكى غەربىي يۇرت ئارقىلىق غەربكە توشۇلغان ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك يىپەك توقۇلما بۇيۇملىرى. ھازىرغا قەدەر ئەڭ بۇرۇنقى غەربىي يۇرت يىپەك توقۇلما بۇيۇملىرى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 2 - ئەسىردىكى غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىغا مەنسۇپ بولغان غەربىي يۇرت قەبرىلىرىدىن قېزىۋېلىنغان. يىپەك

توقۇلما بۇيۇملىرىنى ساقلاش تەس، مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 5 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىدە، يىپەك غەربىي يۇرت ئارقىلىق پېرسىيىگە توشۇپ بېرىلگەن بولغاچقا، ئۇنىڭ غەربىي يۇرتقا كىرىشى بۇنىڭدىنمۇ بۇرۇن بولۇشى كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللىرىدا كۆرسىتىلىشىچە، مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 5 ـ ئەسىردە غەربىي يۇرتنىڭ ئالتاي ئەتراپىدا ياشىغان ئوغۇزلارنىڭ قەبرىلىرىدىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ يېغىلىق دەۋرىگە مەنسۇپ بولغان مىس كۆرگۈ چىققان، ئۇنىڭ شەكلى، چوڭ ـ كىچىكلىكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خېنەن شەنشىيەن ناھىيىسىنىڭ شاڭفېڭلىڭدىكى گو بەگلىكى قەبرىسىدىن چىققان مىس كۆرگۈ بىلەن ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشىشىدىكەن. ھالبۇكى، قەدىمكى غەربىي يۇرتتا مودا بولغان سىرلىق ساپال بۇيۇملارمۇ شەك-شۈبھىسىزكى، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن كىرگەن.

## ئىككىنچى، غەربىي يۇرت ۋە شىمالدىكى مىللەتلەر ھاكىمىيىتى، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك سۇلالىلىرى

### 1. ھۇنلارنىڭ غەربىي يۇرتقا ھۆكۈمرانلىق قىلىشى

يېغىلىق دەۋرىدىن چىن، خەن سۇلالىسىگىچە (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 5 ـ ئەسىردىن 3 ـ ئەسىرگىچە) بولغان مەزگىلدە، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئەتراپىدىكى بوستانلىقلاردا ياكى تاغ ئارىلىقىدىكى ئويمانلىقلاردا مۇقىم ياكى يېرىم مۇقىم ئولتۇراقلاشقان ئاھالىلەر نىسبىي مۇستەقىل بولغان مەھەللىلەرنى شەكىللەندۇرگەن، بۇلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ شەھەر سېپىلى بولغاچقا، تارىختا «شەھەر دۆلەتلىرى» دەپ ئاتالغان. بۇ مەزگىلدە، خېشى ئەتراپىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلىدىغان توخرىلار ئۇلۇسى پەيدىنپەي كۈچلىنىشكە باشلاپ، غەربتە ئالتاي تېغى ۋە تەڭرىتېغىنىڭ شەرقىي بۆلىكىدىكى رايونلارغا

كېڭەيگەن. مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 3 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، توخرىلارنىڭ كۈچى چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى ئېگىزلىككىچە چوڭقۇرلاپ كىرىپ، شۇ جايدا كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلىدىغان ھۇن ئۇلۇسىنى كونترول قىلىپ، ھۇن تەڭرىقۇتى تۇمەن تەڭرىقۇتنىڭ (؟ — مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 209 - يىلىغىچە) تېكىنى باتۇرنى تۇرغاقلىقتا بېرىشكە مەجبۇر قىلغان. مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 209 - يىلى (چىن سۇلالىسى 2 - پادىشاھىنىڭ تۇنجى يىلى) ھۇنلار توخرىلارغا قارشى قوزغالغان، باتۇر قېچىپ كېلىپ، ئۆزىنى ھۇنلارنىڭ تەڭرىقۇتى دەپ ئاتىغان. ھۇنلار توخرىلارنى قوغلىۋېتىپ، شىمالدىكى يايلاقنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، يەنە جەنۇبقا يۈرۈش قىلىپ، خەن سۇلالىسى بىلەن قارشىلاشقان. مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 200 - يىلى (شەرقىي خەن سۇلالىسى گاۋزۇنىڭ 7 - يىلى) باتۇر تەڭرىقۇت قوشۇن باشلاپ، خەن گاۋزۇنى بەيدىڭشەن تېغى (ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسى داتۇڭ شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالى)دا قورشىۋېلىپ، خەن سۇلالىسىنى يارىشىپ قۇدىلىششقا مەجبۇر قىلغان. شۇنىڭدىن كېيىن، ھۇنلار غەربىي شىمالغا كېڭىيىپ، مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 177 - يىلى ئەتراپىدا تەسىر دائىرىسى غەربىي يۇرتقا كىرىشكە باشلىغان.

غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدا تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئەتراپىغا شەھەر دۆلەتلىرى جايلاشقان بولۇپ، «36 دۆلەت» دەپ ئاتالغانىدى، بۇنىڭ ئىچىدە شەرقتىكى كىروران بەگلىكى (ھازىرقى لوپنۇرنىڭ غەربىي شىمالىدا) بىرقەدەر كۈچلۈك ئىدى. تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىدا يەنە ساكلار، ئۇيسۇنلار، ئوغۇزلار بولۇپ، ئۇلار كۆچمەن چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلاتتى، قوشۇمچە ئوۋچىلىق قىلاتتى، بۇنىڭ ئىچىدىكى ئۇيسۇن بەگلىكى (ھازىرقى قۇمۇل ئەتراپىدا) بىلەن ئوغۇز دۆلىتى (ھازىرقى ئالتاي تېغىنىڭ جەنۇبىدا) بىرقەدەر كۈچلۈك ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ھازىرقى يېنسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدا

خاككاسلار، ئوغۇزلار بىلەن خاككاسلارغا ياندىشقان يەردە دىڭ-لىڭلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھۇنلارنىڭ بېقىندىسى ئىدى. ئىجتىمائىي تەرەققىيات باسقۇچىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، غەربىي يۇرتتىكى دۆلەتلەرنىڭ تەرەققىياتى تەكشىسىز بولسىمۇ، لېكىن ئاساسىي جەھەتتىن سىنىپىي جەمئىيەتكە قەدەم قويۇپ بولغانىدى. دۆلەتلەرنىڭ كۆلىمىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، چوڭ دۆلەتلەردە نەچچە ئون مىڭ ئادەم، كىچىكلىرىدە مىڭدىن ئارتۇق ئادەم بولۇپ، ئاتالمىش «دۆلەت»لەر ئەمەلىيەتتە سېپىلنى ياكى قەبىلىنى مەركەز قىلغان كىشىلەر توپىدىن ئىبارەت ئىدى. غەربىي يۇرت ئومۇمىي گەۋدە جەھەتتە «ھەركىمنىڭ ئۆز ئالدىغا پادىشاھى بولغان، قوشۇنلىرى ئاجىز، بىرلىككە كەلمىگەن» ھالەتتە ئىدى.[1]

ھۇنلار تەڭرىقۇتى سۈيۈنگۈن تەڭرىقۇت مەزگىلىدە(مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 161 ـ يىلىدىن مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 126 ـ يىلىغىچە) ھۇنلار قىرانىغا يەتكەن مەزگىلگە قەدەم قويغان. ئۇلارنىڭ تەسىر دائىرىسى شەرقتە چوڭ ھىنگان تاغلىرىغا، غەربتە غەربىي يۇرتنىڭ غەربىدىكى تالاس دەرياسى بويلىرىغا، شىمالدا چۆللۈكنىڭ شىمالىغا، جەنۇبتا خېتاۋغا يەتكەنىدى. ھۇنلارنىڭ ھاكىمىيەت ئاپپاراتى تەڭرىقۇت ئوردىسى، سول قول بىلىكخان، ئوڭ قول بىلىكخاندىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمدىن تەركىب تاپقان، تەڭرىقۇت ئوردىسى ئوتتۇرا قىسمىنى، سول قول بىلىكخان شەرقىي قىسمىنى، ئوڭ قول بىلىكخان غەربىي قىسمىنى باشقۇراتتى. ھۇنلار غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرگەن دەسلەپكى مەزگىلدە، ئاۋۋال ئوڭ قول بىلىكخان باشقۇرغانىدى، كېيىن ئوڭ قول بىلىكخانىنىڭ قول ئاستىدىكى باتىسقان(مەغرىپ خانى) غەربىي يۇرتنىڭ ئىشلىرىنى مەخسۇس باشقۇرغان. مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 92 ـ يىلى (جېڭخېنىڭ 1 ـ يىلى) باتىسقان غەربىي يۇرتتا «چاكارلار كاھېپگى» تەسىس قىلىپ، كىنگىت (ھازىرقى

[1] «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى ».

يەنجى ناھىيىسى)، ئۇشاق(ھازىرقى خوشوت ناھىيىسىنىڭ شەر-
قىي جەنۇبى)، ۋائىرىيە (ھازىرقى يەنجى ناھىيىسىنىڭ نەنزىنى-
چۇەن ئەتراپى) ئارىلىقىدا تۇرغۇزۇپ، غەربىي يۇرتتىكى بەگلىك-
لەردىن باج ـ سېلىق ۋە مال ـ مۈلۈك يىغقان. «خەننامە. غەربىي
يۇرت تەزكىرىسى»دە خاتىرىلىنىشىچە: غەربىي يۇرتتىكى دۆلەت-
لەر«ھۇنلارغا بېقىنىسىمۇ، لېكىن ئالاقىسى قويۇق ئەمەس ئىدى.
ھۇنلار ئۇلاردىن ئات ـ ئۇلاغ، كىگىز ئالالىغىنى بىلەن، ئۇلاردىن
قوشۇن تەشكىللىيەلمەيتتى.» بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى،
ھۇنلار غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، غەربىي
يۇرتنى بىۋاسىتە باشقۇرماي، بەلكى ئاساسلىقى سىياسىي جەھەت-
تە ئۆزىگە ئەل قىلىش، ئىقتىسادىي جەھەتتە خىراج ئېلىش(باج
يىغىش) ئارقىلىق، غەربىي يۇرتقا بولغان بېقىندۇرۇش مۇناسى-
ۋىتىنى گەۋدىلەندۈرگەنىدى. بۇمۇ ئەينى چاغدىكى كۆچمەن چار-
ۋىچى مىللەتلەر كۆپ ئىشلىتىدىغان بىر خىل ھۆكۈمرانلىق
شەكلىدۇر. ھۇنلار جۇڭگونىڭ شىمالىدىكى يايلاقتا باش كۆتۈر-
گەن تۇنجى قۇدرەتلىك كۆچمەن چارۋىچى مىللەت، گەرچە ئۇلار-
نىڭ غەربىي يۇرت بىلەن بولغان بېقىندۇرۇش مۇناسىۋىتى بىر-
قەدەر ئاجىز بولۇپ، بەزى يىراق رايونلارنى ھەتتا ۋاستىلىك
كونترول قىلىۋاتقان ياكى ئاتاقتا تەۋە قىلىۋالغان بولسىمۇ، لې-
كىن ھۇن ئوردىسى جۇڭگو تارىخىدىكى غەربىي يۇرتتا خېلى
ئىشلارنى قىلغان تۇنجى ھاكىمىيەت ھېسابلىنىدۇ.

ھۇنلارنىڭ غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى جۇڭگو تا-
رىخى ۋە غەربىي يۇرت تەرەققىيات تارىخىدا دەۋر بۆلگۈچ ئەھمى-
يەتكە ئىگە بولۇپ، ئاساسلىقى مۇنداق بىرقانچە جەھەتتە گەۋدى-
لىنىدۇ: بىرىنچى، غەربىي يۇرت بىلەن ئىچكىرىدىكى جايلارنىڭ
بىرلىككە كېلىش سەھىپىسىنى ئېچىپ بېرىپ، غەربىي يۇرت بە-
لەن ئىچكىرىدىكى جايلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى مەدەنىيەت ئالماش-
تۇرۇشتىن سىياسىي جەھەتتىكى بىرلىككە كېلىشكە يۈزلەن-
دۈرگەن؛ ئىككىنچى، ئىلگىرىكى تارقاق، ئۆزئارا بېقىنمايدىغان

غەربىي يۇرت دۆلەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى قو-
يۇقلاشتۇرۇپ، غەربىي يۇرتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئۆزئارا
بىرلىشىپ، ماس ھالدا تەرەققىي قىلىشىنى تېزلەشتۇرگەن؛
ئۈچىنچى، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ غەربىي يۇرتنى بىرلىككە
كەلتۈرۈشكە ئاساس سېلىپ، غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلىش
تەجرىبىسى بىلەن تەمىنلىگەن. گەرچە ھۇنلارنىڭ غەربىي يۇرتنى
بىرلىككە كەلتۈرۈشى بىر خىل قىسمەن دائىرىدىكى بىرلىككە
كەلتۈرۈش بولسىمۇ، بۇ خىل قىسمەن بىرلىككە كەلتۈرۈش
غەربىي يۇرت ۋە شىمال يايلاقلىرى بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك
ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنى كېڭەيتىپ، جۇڭگو
تارىخىنىڭ تەرەققىيات يولىنى بېكىتىپ، جۇڭگو تارىخىدىكى
تېخىمۇ كەڭ دائىرىدىكى بىرلىككە كېلىشنى ئاساس بىلەن تە-
مىنلىگەن؛ تۆتىنچى، ھۇنلار غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈر-
گەندىن كېيىن، غەربىي يۇرتنىڭ غەربىدىكى رايونلارنىمۇ كونت-
رول قىلىپ، شەرق بىلەن غەربنىڭ قاتنىشىنى تېخىمۇ
راۋانلاشتۇرغان. تارىختا ئۇيسۇننىڭ غەربىدىن ئارساك (ھا-
زىرقى ئىران)قىچە «ھۇن ئەلچىسى تەڭرىقۇتنىڭ خېتىنى ئې-
لىپ ماڭسا، ھەربىر دۆلەت ئوبدان كۈتۈۋالاتتى، ئۇلارنى جاپاغا
قويۇشقا پېتىنالمايتتى»① دەپ خاتىرە قالدۇرۇلغان، بۇ دەل يۇ-
قىرىقىدەك ئەھۋالنىڭ ئىنكاسىدىن ئىبارەت.

**2. ئىككى خەن سۇلالىلىرى مەركىزىي خاندانلىقىنىڭ غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى**

غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، ھۇنلار
بىلەن قۇدىلىشىش سىياسىتى يولغا قويۇلغان بولسىمۇ، ھۇنلار
چېگرا بويىدىكى رايونلارنى پات - پات تالان - تاراج قىلىپ، خەن
سۇلالىسىنىڭ چېگرىسىدىكى ئاپەت بولۇپ قالغانىدى. پادىشاھ
خەن ۋۇدى (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 140 - يىلىدىن مىلادىيىدىن
ئىلگىرىكى 87 - يىلىغىچە) دۆلەت كۈچىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى

① «تارىخىي خاتىرىلەر. فەرغانە تەزكىرىسى».

ۋە ھەربىي كۈچىنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، سىياسەتنى ئۆز-
گەرتىپ، ھۇنلارغا قورال كۈچى بىلەن قارشى تۇرۇشنى قارار
قىلدى. خەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى غەربىي يۇرت بىلەن ئالاقە-
لىشىپ، ھۇنلارغا بىرلىكتە زەربە بېرىش لايىھىسىنى تۈزۈپ
چىققان. غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئالاقىلىشىش ئوبيېكتى ئۇ-
لۇغ توخرىلار ئېلى ئىدى. توخرىلار ھۇنلار تەرىپىدىن مەغلۇپ
قىلىنغاندىن كېيىن، ئىلى دەرياسى ۋە چۇ دەرياسى ۋادىسىغا كۆ-
چۈشكە مەجبۇر بولغان، شۇڭا ئۇلار ھۇنلارغا ئىزچىل دۈشمەن-
لىك بىلەن قاراپ كەلگەنىدى. مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 139 -
يىلى (جيەنيۈەننىڭ 2 - يىلى) غەربىي خەن سۇلالىسى جاڭ چيەن
باشچىلىقىدىكى 100 نەچچە كىشىلىك ئەلچىلەر ئۆمىكىنى ئۇلۇغ
توخرىلار بىلەن ئالاقىلىشىشقا ئەۋەتكەن. جاڭ چيەن سەپەردە
ھۇنلارغا ئەسىر چۈشۈپ، 10 يىلدىن كېيىن قېچىپ چىققان. بۇ
چاغدا ئۇلۇغ توخرىلار ئۇيسۇنلار تەرىپىدىن ئىلى دەرياسى، چۇ
دەرياسى ۋادىسىدىن قوغلاپ چىقىرىلىپ، بۈگۈنكى ئوتتۇرا ئاسى-
يادىكى ئامۇ دەرياسى ئەتراپىغا كۆچۈپ كەلگەنىدى. جاڭ چيەن
داۋاملىق ئۇلۇغ توخرىلارنى ئىزدەپ، ئالدى بىلەن ھازىرقى فەر-
غانە ئويمانلىقىدىكى فەرغانە دۆلىتىگە يېتىپ كەلگەن. فەرغانە
پادىشاھى جاڭ چيەننى قارشى ئالغان ھەمدە ئۇنىڭغا يول باشلى-
غۇچى قوشۇپ، كانگيە ئارقىلىق ئۇلۇغ توخرىلار ئېلىگە يەتكۈ-
زۈپ قويغان. بۇ مەزگىلدە ئۇلۇغ توخرىلار باكتىرىيە بەگلىكىنى
يوقىتىپ، ئامۇ دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىنى ئىگىلىگەنىدى،
بۇ جاي تۇپرىقى مۇنبەت، تۇرمۇشى خاتىرجەم ھەم ھۇنلاردىن
يىراق ئىدى، شۇڭا ئۇلۇغ توخرىلارنىڭ خەن سۇلالىسى بىلەن
ئالاقىلىشىپ، ھۇنلارغا زەربە بېرىش ئويى يوق ئىدى. جاڭ چيەن
ئۇلۇغ توخرىلار ئېلىدە بىر يىلدىن ئارتۇق تۇرۇپ، مىلادىيىدىن
ئىلگىرىكى 128 - يىلى (يۈەنسۇنىڭ 1 - يىلى) غەربىي يۇرتتىكى
جەنۇبىي تاغ (ھازىرقى قاراقۇرۇم تېغى، كۇئېنلۇن تېغى ۋە ئالتاي
تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكى) يولى بىلەن يۇرتىغا قايتقان. يولدا

يەنە هۇنلار تەرىپىدىن تۇتۇۋېلىنىپ، كېيىن هۇنلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا نىزا كۆرۈلگەندە قېچىپ چىقىپ، مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 126 - يىلى (يۈەنشۇنىڭ 3 - يىلى) چاڭئەنگە يېتىپ بارغان.

جاڭ چيەننىڭ غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە بېرىشىغا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 13 يىل ۋاقىت كەتكەن، ئەلچىلىككە ماڭغان يۈز نەچچە ئادەمدىن ئىككىلا ئادەم قايتىپ كېلەلىگەن، بۇ جەرياندا نۇرغۇن جاپا - مۇشەققەتلەرنى باشتىن كەچۈرگەن. گەرچە ئۇلۇغ توخرىلار بىلەن بىرلىشىش بۇرچىنى ئورۇندىيالمىغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ سەپەر يەنىلا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. ئۇنىڭ ئەھمىيىتى شۇ يەردىكى، بۇ چىن، خەن سۇلالىلىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن بۇيان، تۇنجى قېتىم غەربىي يۇرتقا ئەۋەتىلگەن ئەلچىلەر ئۈمىكى بولۇپ، ئۇلار ئۆز كەچۈرمىشلىرى ئارقىلىق، غەربىي يۇرتقا ئائىت تۈرلۈك ئۇچۇرلارنى، بولۇپمۇ غەربىي يۇرتنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى ۋە غەربىي يۇرتتىكى چوڭ دۆلەت ئۇيسۇنلارغا دائىر ئۇچۇرلارنى ئېلىپ كېلىپ، خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرۈش تەدبىرىنى بېكىتىشىدە مۇھىم رول ئوينىغان. جاڭ چيەن فەرغانە، ئۇلۇغ توخرىلار، تۇخارىستان، كانگىيە قاتارلىق دۆلەتلەر(هازىرقى ئوتتۇرا ئاسىيادا) نىڭ ئەھۋاللىرىنى ئىگىلىگەن، ئاۋرسى (هازىرقى ئارال دېڭىزى ۋە كاسپىي دېڭىزى ئەتراپىدا)، ئارساك (پارفىيە پېرسىيىسى)، تەزىك ( قەدىمكى سۈرىيە)، داكچىنىيە(مىسىر پتولېمى خانلىقى)، ئەنەتكەك (قەدىمكى هىندىستان) قاتارلىق دۆلەتلەرگە دائىر مەلۇماتلارنى يىغقان، بۇنىڭ بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك خانىدانلىقى تۇنجى قېتىم غەربىي يۇرتنىڭ سىرتىدىكى دۆلەتلەرنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولغان. تا هازىرغا قەدەر، بىز مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 2 - ئەسىردىن بۇرۇنقى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلارنىڭ تارىخىنى بايان قىلغىنىمىزدا، يەنىلا جاڭ چيەننىڭ ئەلچىلىككە بارغان چاغدىكى ئالاقىدار خاتىرىلىرىگە مۇراجىئەت قىلىمىز.

خەن سۇلالىسى جاڭ چيەننى غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە ئەۋە-
تىش بىلەن بىرگە، هۇنلارغا قورالىق قايتۇرما هۇجۇمغا ئۆتكەن.
خەن سۇلالىسى ئالدى بىلەن قوشۇن چىقىرىپ، خېتاۋنىڭ جەنۇ-
بىدىكى جايلارنى ئىگىلىگەن، ئاندىن خېشىغا قاراپ ئىلگىرىلە-
گەن. مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 120 - يىلى (يۈەنشۇنىڭ 3 - يى-
لى) خەن قوشۇنى چولۇڭقاي (هازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ شى-
مالىدىكى جۇيەنخەي)دىن مېڭىپ، تەڭرىتېغىنىڭ شەرقىدىكى
هۇنلارغا هۇجۇم قوزغىغان. هۇنلاردىن قۇنشارخان 40 نەچچە مىڭ
ئادىمى بىلەن خەن سۇلالىسىگە ئەل بولغان. خەن سۇلالىسى خېشى
كارىدورىدا جيۇچۇەن ئايمىقىنى تەسىس قىلغان (كېيىن يەنە ۋۇ-
ۋېي، جاڭيې، دۇنخۇاڭدىن ئىبارەت ئۈچ ئايماق تەسىس قىلىنىپ،
خېشىدىكى داڭلىق تۆت ئايماققا ئايلانغان). ئىككىنچى يىلى يەنە
قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى هۇنلارغا يۈرۈش قىلىپ، چوڭ غەلىبە
قازانغان، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن «ئالتۇنبالىغ (هازىرقى لەنجۇ)،
كۇنگەي تاغ (هازىرقى چىلىيەنشەن تېغى)دىن يەمىش(هازىرقى
لوپنۇر)قىچە هۇنلارنىڭ ئىزناسى قالمىغان». ئوتتۇرا تۈزلەڭ-
لىكتىن غەربىي يۇرتقا بارىدىغان يول راۋانلىشىپ، خەن سۇلالى-
سىنىڭ غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشىگە شارائىت پىشىپ
يېتىلگەن.

مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 116 - يىلى (يۈەندىڭنىڭ 1 - يىلى)
جاڭ چيەن پەرمانغا بىنائەن 2 - قېتىم 300 نەچچە ئادەمنى
باشلاپ، قىممەت باھالىق ئالتۇن - كۈمۈش، تاۋار - دۇردۇنلارنى
ئېلىپ غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە ماڭغان. بۇ قېتىمقى ئەلچى-
لىككە بېرىشنىڭ ئاساسلىق ئوبيېكتى ئۇيسۇنلار بولۇپ، يول بو-
يىدىكى بەگلىكلەرگە يانداش ئەلچىلەرمۇ ئەۋەتىلگەن. ئەلچىلەر
ئۆمىكى ئۇيسۇنلار تەۋەسىگە بارغاندا، ئۇيسۇن خانى مەرگەن جاي-
مىر ياشىنىپ قالغان بولۇپ، قارىمىقىدىكى ئۈچ قەبىلە ئۆز ئال-
دىغا هاكىمىيەت يۈرگۈزەتتى، قول ئاستىدىكى ئەمەلدارلار
هۇنلاردىن قورقاتتى، لېكىن خەن سۇلالىسىنى چۈشىنىپ كەت-

مەيتتى، شۇڭا خەن سۇلالىسى بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، ھۇنلارغا قارشى تۇرۇشنى خالىمىغان، بەلكى خەن سۇلالىسىنىڭ ئەمەلىي كۈچىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا بىلىپ بېقىش مەقسىتىدە، خەن سۇلالىسىگە رەھمەت ئېيتىش يۈزىسىدىن جاڭ چيەنگە ئەلچى قوشۇپ قويغان. ئۇيسۇنلارنىڭ نەچچە ئون ئەلچىسى چاڭئەنگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن، خەن سۇلالىسىنىڭ خەلقىنىڭ كۆپ، تۇرمۇشىنىڭ باياشاتلىقىنى كۆرۈپ، قايتىپ كەلگەندىن كېيىن خانغا مەلۇم قىلغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇيسۇن خانى خەن سۇلالىسى بىلەن دوست بولۇشنى قارار قىلغان. مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 108 ـ يىلى (يۈەنفېڭنىڭ 3 ـ يىلى) ئۇيسۇن خانى خەن سۇلالىسى مەلىكىسىگە ئۆيلىنىش تەلىپىنى قويغان، خەن سۇلالىسى ئۆز جەمەتىنىڭ قىزلىرىدىن جيېۈ مەلىكىنى مەرگەن جايىمىرغا ياتلىق قىلغان. ئىككى تەرەپنىڭ قۇدىلىشىشى ئەمەلىيەتتە سىياسىي جەھەتتىكى ئىتتىپاق تۈزۈش ئىدى. جاڭ چيەن ئەۋەتكەن يانداش ئەلچىلەر ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى شەھەر دۆلەتلىرى ۋە فەرغانە، كانگىيە، ئۇلۇغ توخرى، تۇخارىستان، ئارساك، ئەنەتكەك قاتارلىق قوشنا دۆلەتلەرگە بارغان، بۇ دۆلەتلەرمۇ خەن سۇلالىسى ئەلچىلىرىگە ئۆز ئەلچىلىرىنى قوشۇپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ئەۋەتكەن.

خەن سۇلالىسىنىڭ ھەرقايسى دۆلەتلەرگە توختىماي ئەلچى ئەۋەتىپ تۇرۇشى بىلەن غەربىي يۇرتتىكى خەن سۇلالىسى ئەلچىلىرى « يولدا ھەمىشە ئۇچراپ تۇراتتى، ھەربىر ئەلچىلەر ئۆمىكىدە كۆپ بولغاندا نەچچە يۈز، ئاز بولغاندا يۈز نەچچە ئادەم بولاتتى»①، بۇ ھۇنلارنىڭ كۈچلۈك نارازىلىقىنى قوزغىغان، ھۇنلارنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرى خەن سۇلالىسى ئەلچىلىرىگە پات ـ پات توسۇپ زەربە بەرگەن، غەربىي يۇرتتىكى باشقا دۆلەتلەرمۇ ئۇلارنى پاراكەندە قىلغان، كروران، قوش بەگلىكىنىڭ خەن

① «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى».

سۇلالىسى ئەلچىلىرىگە پاراكەندىچىلىك سېلىشى ئەڭ ئېغىر بولغان. كىروران، قوش بەگلىكى ئايرىم - ئايرىم ھالدا غەربىي يۇرتقا بارىدىغان جەنۇبىي، شىمالىي يولنىڭ باشلىنىش نۇقتىسىدا بولۇپ، خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرتنى تىزگىنلەش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن جەنۇب، شىمالدىكى ئىككى يولنى تىزگىنلىشى؛ جەنۇب، شىمالدىكى ئىككى يولنى تىزگىنلەش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن كىروران ۋە قوشنى تىزگىنلىشى كېرەك ئىدى. شۇڭا، مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 108 - يىلى (يۈەنفېڭنىڭ 3 - يىلى) خەن سۇلالىسى قوشۇن تارتىپ، كىروران خانىنى ئەسىرگە ئالغان، قوشلارنى بىتچىت قىلغان ھەمدە تۇر، سېپىللارنى خېشى كارىدورىدىكى جيۇچۈەندىن قاشقوۋۇققا ئۇزارتقان.

خەن سۇلالىسى جەنۇبىي ۋە شىمالىي يولنى ۋاقىتلىق تىزگىنلىگەن بولسىمۇ، لېكىن ھۇنلارنىڭ غەربىي يۇرتتىكى تەسىرى يەنىلا ناھايىتى كۈچلۈك بولۇپ، غەربىي يۇرت «خەن ئەلچىلىرىگە قارىغاندا، ھۇنلاردىن قورققان»①، غەربىي يۇرتتىكى بەزى بەگلىكلەر ئىلاجسىزلىقتىن، ھەر ئىككى تەرەپ بىلەن ئەپ ئۆتكەن. كىروران خانىنىڭ پادىشاھ خەن ۋۇدىغا: «كىچىك ئەللەر چوڭ ئەللەرنىڭ ئارىسىدا قالغانلىقتىن، ئىككىلا تەرەپكە تەڭ بويسۇنمىسا، ھېچ ئارام تاپالمايدىكەن» دېگىنىمۇ دەل مۇشۇنداق ئەھۋالنىڭ ئەڭ ياخشى ئىنكاسىدۇر. غەربىي يۇرتقا ئۆز تەسىرىنى ئۇزۇل - كېسىل كۆرسىتىپ، ھۇنلارغا قاتتىق ساۋاق بېرىش ئۈچۈن، خەن سۇلالىسى ئىككى مەيدان قاتتىق جەڭ قىلدى، بۇنىڭ بىرى «فەرغانىگە ئىككى قېتىم يۈرۈش قىلىش» جېڭى، يەنە بىرى «قوشنى بەش قېتىم تالىشىش» جېڭى.

خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرتنىڭ غەربىدىكى كۈچلۈك دۆلەت فەرغانىگە باشتا يارىشىپ، ئىتتىپاق تۈزۈش سىياسىتىنى قوللىنىپ، «ئەلچىلەردىن نۇرغۇن ئالتۇن ۋە ئالتۇن ئات ھەيكىلى

---

① «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى».

ئەۋەتىپ، فەرغانىدىن ئېسىل ئاتلارنى تەلەپ قىلغان». لېكىن فەرغانە ھۆكۈمرانلىرى ئارىسىدىمۇ ئىككى مەزھەپ بولۇپ، ئاق-سۆڭەك مەساي باشچىلىقىدىكى مەزھەپنىڭ خەن سۇلالىسىگە تۇت-قان پوزىتسىيىسى خېلى ياخشى بولسىمۇ، لېكىن كۈچى ئاجىز ئىدى؛ فەرغانە خانى ئوگە باشچىلىقىدىكى مەزھەپ ھۇنلارغا بېقىن-نىشنى تەشەببۇس قىلىپ، خەن سۇلالىسى بىلەن يارىشىشنى رەت قىلغان. ئوگە خەن سۇلالىسى ئەلچىلىرىگە ئېسىل ئات تارتۇق قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپ، مال - دۇنيالىرىنى بۇلىغان. مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 104 - يىلى (تەيچۇنىڭ 1 - يىلى) خەن سۇلالىسى سۇترشانا ساد-غۇنى لى گۇاڭلىنى بىرنەچچە تۈمەن قوشۇن بىلەن فەرغانىگە جازا يۈرۈشى قىلىشقا ئەۋەتكەن، لېكىن 1 - قېتىملىق جازا يۈرۈشى ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغان. ئىككى يىلدىن كېيىن، لى گۇاڭلى 2 - قېتىم فەرغانىگە جازا يۈرۈشى قىلىپ، غەلىبە قازانغان. فەرغانە خانى ئوگە قول ئاستىدىكىلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈپ، خەن ئارمىيىسى مەساينى خان قىلىپ تىكلىگەن، فەرغانە ئۆز ئات-لىرىنى تارتۇق قىلىپ، ئىككى تەرەپ يارىشىش كېلىشىمى تۈز-گەن. ئوگەنىڭ ئوغلى چانپان خان قىلىپ تىكلەنگەندىن كېيىنمۇ، ئوغلىنى تۇرغاقلىققا بېرىپ، «تۇلپار» تارتۇق قىلىپ، بېقىندىلىق ئىتتىپاق مۇناسىۋىتىنى ساقلىغان.

فەرغانىنىڭ خەن سۇلالىسىگە ئەل بولۇشى غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەردە كۈچلۈك تەسىر قوزغىغان، غەربىي يۇرتتىكى بەگ-لىكلەر خەن سۇلالىسى بىلەن بەس - بەستە يارىشىپ، تارتۇق يوللاپ، باللىرىنى تۇرغاقلىققا بەرگەن. بەزى ھوقۇقدارلار ھۇنلارغا بېقىنىشنى خالىسىمۇ، لېكىن دۆلەت ئىچىدە يەنىلا قارشى تۇرغۇچىلار چىققان. مەسىلەن، كروران خانى ئانگۈي يە-نىلا ھۇنلارغا بېقىنغاچقا، ئىنىسى ۋېتوگىت بۇنىڭدىن نارازى بولغان. مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 77 - يىلى (يۈەنفېڭنىڭ 4 - يىلى)خەن سۇلالىسى ئانگۈينى يوقىتىپ، ۋېتوگىتنى خان قىلىپ

تىكلىگەن ھەمدە ئوردا كېنىزىكىنى ئۇنىڭغا ياتلىق قىلىپ بەر -
گەن. كروراننىڭ نامى پىشامشان بەگلىكىگە ئۆزگەرتىلگەن. غەر -
بىي يۇرتنىڭ جەنۇبىي يولى شۇنىڭدىن ئېتىبارەن راۋانلاشقان.

لېكىن قوشلارنىڭ ئەھۋالى ئوخشىمايتتى. قوشلار ھۇنلارغا
يېقىن بولۇپ، يەنىلا ھۇنلارنىڭ بىۋاسىتە كونتروللۇقىدا ئىدى.
قوشلارنىڭ ھۇنلارغا بېقىنىشى غەربىي يۇرتقا شىمالدىن كىرىد -
ىغان قاتناش يولىنىڭ توسقۇنلۇققا ئۇچرىغانلىقىدىن دېرەك بې -
رەتتى، شۇڭا، خەن سۇلالىسى ھۇنلاردىن قوشنى تارتىۋېلىشى
كېرەك ئىدى. مەشھۇر «قوشنى بەش قېتىم تالىشىش» ئۇرۇشى
مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 99 - يىلىدىن مىلادىيىدىن ئىلگىرىد -
كى 60 - يىلىغىچە تەخمىنەن 40 يىل داۋام قىلغان، ئاخىد -
رىدا خەن سۇلالىسى يېڭىپ، غەربىي يۇرتقا كىرىدىغان شىما -
لىي يول ۋە ئارقا قوش ئوردىسىدىن شەرققە بارىدىغان يولنى
كونترول قىلغان. غەربىي يۇرتتىكى ئەڭ ئاخىرقى چوڭ دۆلەت -
نىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە بېقىنىشى غەربىي يۇرتنىڭ تەۋەلىك
مۇناسىۋىتىنى ئۇزۇل - كېسىل ئۆزگەرتكەن.

مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 60 - يىلى (شېنجۆنىڭ 2 - يىلى)
ھۇن باتىسقانى خەن سۇلالىسىگە تەسلىم بولغان، ھۇنلارنىڭ كۈ -
چى غەربىي يۇرتتىن چېكىنىپ چىقىپ، خەن سۇلالىسى ھۇنلار -
نىڭ ئورنىنى ئېلىپ، غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرگەن. شۇ -
نىڭدىن ئېتىبارەن غەربىي يۇرت مەركىزىي خانىدانلىقنىڭ ھۆ -
كۈمرانلىق سىستېمىسىغا رەسمىي كىرگەن.

مىلادىيە 25 - يىلى شەرقىي خەن سۇلالىسى قۇرۇلغان.
ھۇنلار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى سۇلالىلەرنىڭ ئالمىشىۋاتقان
پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، شەرقىي خەن سۇلالىسى بىلەن غەربىي
يۇرتنى قايتىدىن تالاشقان. شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ كۈچى
غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭكىگە يەتمەيتتى. «كېيىنكى خەن -
نامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دىكى: «جيەنۋۇنىڭ 1 - يىلىدىن
يەنگۇاڭنىڭ 4 - يىلىغىچە بولغان مەزگىلدە، غەربىي يۇرت بىد -

لەن بولغان مۇناسىۋەت « ئۈچ قېتىم ئۈزۈلۈپ، ئۈچ قېتىم باغلانغان »» دېگەن خاتىرە ئىككى تەرەپنىڭ غەربىي يۇرتنى تالىشىشىنىڭ ئىخچام تەسۋىرىدۇر. بۇ يەردىكى «ئۈچ قېتىم ئۈزۈلۈپ، ئۈچ قېتىم باغلىنىش» ئەمەلىيەتتە هۇنلار بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك خاندانلىقىنىڭ غەربىي يۇرتنى نۆۋەت بىلەن تىزگىنلەش جەريانى بولۇپ، شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتتىن «ئايرىلغان» ۋاقتى دەل هۇنلارنىڭ غەربىي يۇرتنى كونترول قىلغان ۋاقتى ئىدى. شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى بەزى ئەگرى ـ توقايلىقلارنى باشتىن كەچۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن بىرلىككە كەلتۈرۈش يەنىلا ئاساسىي ئېقىم ئىدى.

ئومۇمىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 177 ـ يىلىدىن كېيىن، هۇنلار غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرگەن؛ مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 60 ـ يىلىدىن كېيىن غەربىي خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرگەن؛ مىلادىيە 25 ـ يىلىدىن كېيىن، هۇنلار بىلەن شەرقىي خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرتنى نۆۋەت بىلەن تىزگىنلىگەن. بۇنىڭدىن بىرلىككە كېلىشنىڭ مۇشۇ مەزگىلدىكى غەربىي يۇرت تەرەققىيات تارىخىنىڭ ئاساسىي ئېقىمى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ؛ ئۇنىڭدىن باشقا، غەربىي يۇرتتىكى دۆلەتلەرنىڭ كۆپىنچىسى تارقاق جايلاشقان بوستانلىق كىچىك دۆلەتلىرى بولغاچقا، غەربىي يۇرت بىرلىككە كەلگەندىن كېيىن، بىرلىككە كەلگەن هاكىمىيەت تۈزۈلمىسى ئاستىدا، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ مۇناسىۋەتنى ماسلاشتۇرۇشى ئۆز جايىنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا ئىنتايىن پايدىلىق بولغان.

ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيىسى غەربىي يۇرتنىڭكىدىن يۇقىرى بولۇپ، مەركىزىي خاندانلىق غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، سىياسىي ۋەزىيەت مۇقىم، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىيات

نىسبەتەن تېز بولغان. مەسىلەن، شەرقىي خەن سۇلالىسىدە بەن چاۋ غەربىي يۇرت قوروقچىبېگى بولۇپ تۇرغان 10 نەچچە يىلدا (مىلادىيە 91 ـ يىلىدىن 102 ـ يىلىغىچە) غەربىي يۇرت جەمئىيىتى مۇقىم بولغان، ئىقتىسادىي راۋاجلانغان. مىلادىيە 97 ـ يىلى (يۇڭيۇەننىڭ 9 ـ يىلى) بەن چاۋ ئوردا نامى بىلەن گەن يىڭنى داكچىن (شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسى)غا ئەلچىلىككە ئەۋەتكەن، ئۇ تەزىك خانلىقى (ھازىرقى سۇرىيە)گىچە بارغان، گەرچە خېيىمخەتەر بولۇپ، دېڭىزدىن ئۆتەلمەي قايتىپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن تارىختا: «تەزىك، ئارساك خانلىرىدىن تارتىپ 40 مىڭ چاقىرىم يىراقلىقتىكى دېڭىز بويى خانلىقلىرىنىڭ ھەممىسى تىلماچلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن خەن سۇلالىسى ئوردىسىغا كېلىپ ئولپان تاپشۇردى» ① دېيىلگەن. بۇنىڭدىن غەربىي يۇرت بىرلىككە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، جۇڭگونىڭ تەسىرىنىڭ دۇنيادىكى ئاساسلىق مەدەنىيەتلىك رايونلارغىچە كېڭەيگەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

### 3. خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلىشتىكى تەدبىرلىرى ۋە تۈزۈملىرى

خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرۈش جەريانى ئۆز نۆۋىتىدە يەنە غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلىشنى پەيدىنپەي مۇكەممەللەشتۈرۈش جەريانى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرتتىكى ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى تىكلەشتىن ئىلگىرى، مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 101 ـ يىلى (تەيچۇنىڭ 4 ـ يىلى) غەربىي يۇرتنىڭ شىمالىي يولىدىكى مەركىزىي نۇقتا بۇگۇر (ھازىرقى بۇگۇر) ۋە چېدىر (ھازىرقى كورلىنىڭ غەربى)دە يالۋاچ چېرىكچىبەگ قويغان. يالۋاچ چېرىكچىبەگ ئۆز ئەسكەرلىرىنى باشلاپ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ، ئاشلىق تېرىپ ھەم قاتناش يوللىرىنى قوغداپ، ئۆتكەن ـ كەچكەن ئەلچىلەرنى قامدىغان، ھەم خەن سۇلالىسىنىڭ ئاساسىي ھەربىي كۈچى بولۇش

① «كېيىنكى خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى».

سۈپىتى بىلەن، زۆرۈر تېپىلغاندا غەربىي يۇرتتىكى ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ ئەسكەرلىرىگە قوماندانلىق قىلىپ ھەربىي ۋەزىپە ئورۇندىغان. يالۋاچ چېرىكچىبەگنىڭ قويۇلۇشى خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتتا ئەمەلدار تەسىس قىلىپ، قوشۇن تۇرغۇزۇشىنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئېچىپ بەرگەن، بۇگۇر بىلەن چېدىر خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى تۇنجى بىۋاسىتە ئىدارە قىلغان رايونى بولغان، مانا بۇ ئىككى تەرەپ غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلىش تارىخىدا ئىنتايىن گەۋدىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە. مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 77 ـ يىلى (يۈەنفېڭنىڭ 4 ـ يىلى)دىن كېيىن، خەن سۇلالىسى كروران خانى ۋېتوگىتىننىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، لوپنۇرنىڭ مىرەن شەھىرىدە(ھازىرقى چاقىلىق مىرەننىڭ شەرقى) مىرەن كاھېبگى تەسىس قىلىپ، قوشۇن تۇرغۇزۇپ، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ، غەربىي يۇرتنىڭ شىمالىي يولىنى قوغدىغان. يالۋاچ چېرىكچىبەگ مەھكىمىسى بىلەن مىرەن كاھەبەگ مەھكىمىسى خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى ۋە ئىدارە قىلىشىغا ئاساس سېلىپ بەرگەن.

مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 60 ـ يىلى (شېنجۆنىڭ 2 ـ يىلى) خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، غەربىي يۇرتنىڭ مەركىزى ئۇررى شەھىرى(ھازىرقى بۇگۇرنىڭ شەرقىدىكى چېدىر)دە غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى تەسىس قىلغان، غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتنى باشقۇرۇشىدىكى ئالىي ھەربىي، مەمۇرىي ئورگىنى بولغان. غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنىڭ تەسىس قىلىنىشى مۇنداق ئىككى مۇھىم مەزمۇنغا ئىگە: بىرىنچى، غەربىي يۇرت مەركەزگە بىۋاسىتە قارايدىغان ئايماق (ھازىرقى ئۆلكىگە تەڭ) دەرىجىلىك رايون قىلىپ بېكىتىلگەن. خەن سۇلالىسىدىكى چېرىكچىبەگ ئايماق ۋالىيسىغا ھەمدەم بولىدىغان ئايماق دەرىجىلىك ھەربىي ئۇنۋان؛ ۋالىي تەسىس قىلىنمىغان بەزى جايلاردا مەخسۇس چېرىكچىبەگ تەسىس قىلىنغان بولۇپ،

بۇ ئىككىسىنىڭ دەرىجىسى ئوخشاش ئىدى. غەربىي يۇرت قو-
رۇقچىبەگ مەھكىمىسىمۇ شۇنىڭغا ئوخشايتتى. شۇڭا، خەن
سۇلالىسى غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن،
گەرچە ئىچكىرىدىكى جايلارغا ئوخشاش ئايماق، ناھىيە تەسىس
قىلمىغان بولسىمۇ، لېكىن غەربىي يۇرت ئايماق (ئۆلكە) دەرد-
جىسى بويىچە باشقۇرۇلغان. ئىككىنچى، غەربىي يۇرتقا قارىتا
خاس ئەلچى ئەۋەتىپ، نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشتەك ئىدارە قىد-
لىش شەكلىنى قوللانغان. غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىد-
سى خەن سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتى ئەۋەتكەن ھەربىي، مە-
مۇرىي ئورگان بولۇش سۈپىتى بىلەن، قورۇقچىبەگ ئەڭ چوڭ
ھوقۇقنى ئىگىلەپ، مۇھىم ئىشلارنى نازارەت قىلىپ باشقۇرغان.
خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلىشتىكى تەد-
بىرلىرى ۋە تۈزۈملىرىنى تۆۋەندىكى بىرقانچە تەرەپكە يىغىند-
چاقلاشقا بولىدۇ:
(1) ئاپپارات تەسىس قىلىپ، ئەمەلدار تەيىنلەش. غەربىي
يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى ئالىي ھەربىي، مەمۇرىي ئور-
گان بولۇپ، قارىمىقىدا چېرىكچىبەگ، ياساۋۇل بېشى، ئەمىر-
لەشكەر، لەشكەربېگى، مىڭبېشى قاتارلىق ھەربىي، مەمۇرىي
ئەمەلدارلار بار ئىدى. قورۇقچىبەگنىڭ ئاساسلىق مەسئۇلىيد-
تى خان ئوردىسىنىڭ ئەمىر-پەرمانلىرىنى ئىجرا قىلىپ يولغا
قويۇش، غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەرنى تىنچلاندۇرۇش؛ مەمۇ-
رىي ئىشلارنى نازارەت قىلىپ، يەرلىكنى ماسلاشتۇرۇش؛ ھەر-
بىي ئىشلارغا قوماندانلىق قىلىپ، توپىلاڭنى تىنچىتىشتىن
ئىبارەت بولغان. تىنچ مەزگىللەردە بولسا، بوز يەر ئۆزلەشتۈ-
رۈپ، تېرىقچىلىق قىلىش، قاتناش يوللىرىنى قوغداشنى ئا-
ساس قىلغان. «خەننامە»دە ئېيتىلىشىچە، غەربىي يۇرت قو-
رۇقچىبېگى جەمئىي 18 نۆۋەت تەيىنلەنگەن. ھازىرچە ئىسىم –
شەرىپى مەلۇملىرىدىن جېڭ جى، خەن شۈەن، گەن يەنشۇ،
دۈەن خۈيزوڭ، لىيەن باۋ، خەن لى، گو شۈن، سۈن جيەن،

دەن چىن، لى چوڭ قاتارلىق ئون كىشى بار. خەن سۇلالە-سىنىڭ تۈزۈمى بويىچە، چېگرا ئەمەلدارلىرى ھەر ئۈچ يىلدا بىر ئالماشتۇرۇلاتتى. لېكىن غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئا-خىرلىرى، ئوردىنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرى تاشلىنىپ قې-لىپ، قورۇقچىبەگنىڭ ئەمەل تۇتۇش ۋاقتىنىڭ قەرەلى بولماي قالغان. مەسىلەن، دەن چىن مىلادىيە 1 ـ يىلىدىن (يۈەنشى-نىڭ 1 ـ يىلى) مىلادىيە 13 ـ يىلى (شىجيەنگونىڭ 5 ـ يىلى)غىچە جەمئىي 13 يىل قورۇقچىبەگ بولۇپ تۇرغان.

غەربىي يۇرتتا قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىدىن باشقا، يەنە ئىككى ئورگان بولغان: بىرى، مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 77 ـ يى-لى (يۈەنفېڭنىڭ 4 ـ يىلى) كروران رايونىدا تەسىس قىلىنغان مىرەن كاھىبەگ مەھكىمىسى بولۇپ، ئۇ غەربىي يۇرتنىڭ جەنۇبىي يول قاتناش تۈگۈنىنى تىزگىنلىگەن. خەن سۇلالىسىنىڭ تۈزۈ-مىدە، قىسمەن چېگرىغا جايلاشقان ئايماقلاردا قارام ئەل ئىشلىرى كاھىبېگى تەسىس قىلىنىپ، ئۆزىگە قاراشلىق ئاز سانلىق مىللەت-لەرنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇراتتى. مىرەن كاھىبېگى مۇشۇنىڭغا ئوخشىشىپ كېتىدۇ. يەنە بىرى، مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 48 ـ يىلى (چۇيۈەننىڭ 1 ـ يىلى) ئالدى قوش تەۋەسىدىكى يارغول شەھىرى (ھازىرقى تۇرپاندىكى يارغول قەدىمىي شەھىرى، كېيىن قوچوغا كۆچكەن، ھازىرقى تۇرپاندىكى ئىدىقۇت قەدىمىي شەھە-رى)دە تەسىس قىلىنغان قورۇل چېرىكچىبەگ مەھكىمىسى ئى-دى. قورۇل چېرىكچىبەگنىڭ قول ئاستىدا بىر نەپەر ياساۋۇل بېشى، بىر نەپەر ئەمىر لەشكەر، بەش نەپەر لەشكەر بېگى بار بو-لۇپ، قوشۇن تۇرغۇزۇپ، مۇھاپىزەتتە تۇرۇش ۋە بوز يەر ئۆزلەش-تۇرۇشنى ئاساس قىلغان، شۇنداقلا غەربىي رايوننىڭ شىمالىي يول قاتناش تۈگۈنىنى تىزگىنلىگەن. بۇ ئىككى ئورگان مەركەزنىڭ بىۋاستە باشقۇرۇشىدا بولۇپ (ياكى دۇنخۇاڭ ۋالىيسىنىڭ باشقۇ-رۇشىنى قوبۇل قىلاتتى)، قورۇقچىبەگ پەقەت ئۇلارنى چەكلەپلا تۇرالايتتى.

قورۇقچىبەگ، چىرىكچىبەگ، كاھبەگ تۇرۇشلۇق بۈگۈر، ئالدى قوش (ياكى قوچو)، مىرەن غەربىي يۇرتنىڭ ئوتتۇرا قىسمىنى كونترول قىلىپ تۇرىدىغان ئۈچ بۆلۈك شەكىلدىكى كۈچنى شەكىللەندۈرگەنىدى.

خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلىش ئورگىنى يەنە مەركەزدىن ئەۋەتىش ۋە يەرلىكتىن تەيىنلەشتىن ئىبارەت ئىككى سىستېمىغا ئايرىلاتتى. يۇقىرىدا سۆزلەنگەن قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى، يالۋاچ چىرىكچىبەگ مەھكىمىسى، كاھبەگ مەھكىمىلىرى مەركەزنىڭ ۋاكالەت ئاپپاراتلىرى بولۇپ، ئۇلار ئۆزى تۇرۇشلۇق جايىنى بىۋاستە باشقۇرغاندىن سىرت، ئاساسلىقى يەرلىكنى نازارەت قىلىش، تىزگىنلەشكە مەسئۇل بولغان؛ يەرلىكنىڭ ئىشلىرىنى خەن سۇلالىسى تەيىنلەپ بەرگەن غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى بەگلىكلەرنىڭ ئەمەلدارلىرى باشقۇرغان. ھەرقايسى بەگلىكلەردە خەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئوتتۇغات نامى بېرىپ تەيىنلىگەن يەرلىك ئەمەلدارلار بولغان. «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دە: «تىلماچىبەگلەردىن تارتىپ شەھەر بېگى، ھاكىم، تەپتىشبەگ، ئەمەلدار بەگ، مەسلىھەتچى، يۈزبېشى، مىڭبېشى، كاھبەگ، كۆك بېشى، قۇتقۇ، ياساقبەگ، سەركەردە، ۋەزىر ۋە بەگ، خانلارغىچە بولغان 376 كىشىنىڭ ھەممىسى خەن تامغىسىنى ئىشلىتەتتى» دەپ خاتىرىلەنگەن. بەزى چوڭ بەگلىكلەرنىڭ ئەمەلدارلىرى، مەسىلەن، ئۈيسۈننىڭ چوڭ ئەمەلدارى، باش خەزىنىچىسى، باش نازارەتچىسىگە ئىچكىرىدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلار يىپىغا ئېسىۋالىدىغان سۆسۈن پۆپۈكلۈك ئالتۇن تامغا (كېيىن قارا پۆپۈكلۈك مىس تامغىغا ئۆزگەرتىلگەن) بېرىلگەن. غەربىي يۇرتتىكى يەرلىك كىشىلەردىنمۇ چىرىكچىبەگلىككە تەيىنلەنگەنلەر بولغان، مەسىلەن، پادىشاھ خەن جاۋدى ئۈزۈنتات ۋەلىئەھدىسى لەيدەننى چىرىكچىبەگلىككە تەيىنلىگەن ئىدى.

(2) قوشۇن تۇرغۇزۇپ مۇداپىئەدە تۇرۇش، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ چېگرىنى قوغداش. خەن سۇلالىسى قوشۇنى ئاساسلىقى ئۇررى شەھىرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپى (جۇملىدىن بۇگۇر، چېدىر)، مىرەن شەھىرى ۋە ئالدى قوشتىكى يارغول شەھىرى (كېيىن قوچوغا كۆچكەن)گە مەركەزلەشكەنىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇررى شەھىرى ۋە بۇگۇر، چېدىردا تۇرۇشلۇق قوشۇن ئەڭ كۆپ بولۇپ، 2 مىڭچە كېلەتتى؛ قالغان ئىككى شەھەردە نەچچە يۈز ئادەمدىن مىڭدىن ئارتۇق ئادەمگىچە تۇراتتى. مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 53 - يىلى (گەنلۇنىڭ 1 - يىلى) ئۇيسۇنلار ئەل بولغاندىن كېيىن، خەن سۇلالىسى يەنە ئۇلارنىڭ ئىسسىقكۆل شەھىرىدە بوز يەر ئۆزلەشتۈرگەن. ئۇنىڭدىن باشقا، غەربىي يۇرتتىكىلەرگە تىرەك بولۇش ئۈچۈن، دۇنخۇاڭدىمۇ چېرىكچىبەگ تەسىس قىلىپ ئەسكەر تۇرغۇزۇلغان. غەربىي يۇرتتا تۇرۇشلۇق قوشۇن تېرىقچىلىقتىن ئالغان ھوسۇل بىلەن ئۆزلىرىنى قامدىغاندىن سىرت، يەنە خەن سۇلالىسىنىڭ كېلىپ - كېتىپ تۇرغان ئەمەلدار، ئەلچىلىرىنى تەمىنلىگەن. چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە بۇنداق چېگرىنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى تارىختىكى سۇلالىلەر ئۆرنەك قىلغان. خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتقا ئورۇنلاشتۇرغان بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش قوشۇنى چەكلىك بولسىمۇ، لېكىن ھەرقايسى قوشۇنلار بىر - بىرىگە بېقىنىشىپ، سىستېمىلىق مۇداپىئە قۇرۇلمىسىنى شەكىللەندۇرگەن، بۇ خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلىشىدا كۆرۈنەرلىك رول ئوينىغان.

(3) خەرىتە سىزىپ، نوپۇسنى ستاتىستىكا قىلىش. چېگرا رايونىنىڭ خەرىتىسىنى سىزىپ، ئاھالىسىنى تىزىملاش دۆلەت ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنىڭ سىمۋولى، شۇنداقلا دۆلەتنى ئىدارە قىلىشنىڭ مۇھىم ۋاستىسى. جۇ، چىن سۇلالىلىرىدىن بۇيان، جۇڭگو تارىخىدىكى سۇلالىلەر بۇنىڭغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن بولۇپ، بۇ ئىشنى ئومۇمەن باش ۋەزىرلەر ئۈستىگە ئالغان. خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كې-

يىنمۇ بۇنىڭغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرگەن. خەن سۇلالىسىدە غەربىي يۇرت خەرىتىسى ئىشلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن ھازىرغىچە يېتىپ كېلەلمىگەن. تارىختا خاتىرىلىنىشىچە: ساڭ خۇڭياڭ بۇگۇردىكى بوز يەر ئۆزلەشتۇرۇش، قوغداش ئەھۋالىنى دەلىللىگەندە، ئەينى چاغدىكى غەربىي يۇرت خەرىتىسىدىن پايدىلانغان، «چېپرىكچىبەگ قويۇپ، بۇ يەرلەرنى ئۇلارغا بۆلۈپ بەرگەن، ئۇلار يەر ۋەزىيىتىنى كۆرسىتىدىغان خەرىتىلەرنى سىزغان.»① غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، تەۋەلىكىدىكى بەگلىكلەرنىڭ زېمىنى، تاغ ـ دەريالىرى، بەگ، تۆرىلىرى، تۇتۇن سانى، ئارىلىقى ۋە چېگرىسى قاتارلىقلارنى تەكشۈرۈپ ئىگىلىگەن. «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دە غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە قاراشلىق 49 بەگلىكنىڭ ئەھۋالى تەپسىلىي خاتىرىلەنگەن، يەنە كەشمىر، ئالېكساندىرىيە، ئارساك، ئۇلۇغ توخرىلار، تۇخارىستان، كانگىيە، ئاۋرسى قاتارلىق دۆلەتلەر توغرىسىدا ئاز ـ تولا خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان بولسىمۇ، لېكىن قورۇقچىبەگنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدىكى بەگلىكنىڭ دائىرىسىدىن پەرقلەندۇرۇش ئۈچۈن، «قورۇقچىبەگكە قارىمايدۇ» دېگەن خەت يېزىلغان.

(4) بەگلىكلەرنى تىنچلاندۇرۇپ، خاتىرجەم قىلىپ، چېگرا سىرتىنى نازارەت قىلىش. خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلىش سىياسىتىدە خاتىرجەم قىلىشنى ئاساس قىلىش بىلەن بىرگە تىنچلاندۇرۇشنى تەڭ تۇتقان. ئومۇمەن، ئىچكى ـ تاشقى ئىشلاردا «خاتىرجەم قىلدۇرغىلى بولسا، خاتىرجەم قىلغان؛ زەربە بېرىشكە تېگىشلىك بولسا، زەربە بەرگەن.» مەركەزدىن غەربىي يۇرتقا ئەۋەتىپ تەيىنلەنگەن ئەمەلدار نەچچە ئون كىشى، قوشۇنمۇ نەچچە مىڭ كىشىلىكلا قوشۇن بولغاچقا، «خاتىرجەم قىلىش»نى ئاساسىي ئورۇندا قويماي بولمايتتى. يەرلىك ئەمەلدارلار بىلەن

---

① «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى».

قۇدىلىشىش، كاتتا سوۋغا ـ سالام بېرىش، يەرلىك ئەمەلدارلارغا ئۇتۇغات نامى بېرىش «خاتىرجەم قىلىش»نىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى ئىدى. «تىنچلاندۇرۇش»مۇ باستۇرۇش بولماستىن، بەلكى جەمئىيەتنى خاتىرجەم قىلىش ئىدى. ئومۇمەن، تالاش ـ تارتىش بولغاندا، بولۇپمۇ ئاھالە، چېگرا تالاش ـ تارتىشلىرى بولۇپ قالغاندا، خەن سۇلالىسىنىڭ ئەمەلدارلىرى ماسلاشتۇرغان؛ ئەسلىي ئورنىدىن كۆچۈرۈش قاتارلىق ئوڭايلا داۋالغۇش پەيدا قىلىدىغان ئىشلاردىمۇ خەن سۇلالىسىنىڭ ئەمەلدارلىرى ئارىغا چۈشۈپ ماسلاشتۇرغان. مەسىلەن، مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 62 ـ يىلى (يۈەنكاڭنىڭ 4 ـ يىلى) يالۋاچ چېرىكچىبەگنىڭ ماسلاشتۇرۇشى بىلەن، قوش بەگلىكى چېدىرغا كۆچۈرۈپ ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، هۇنلارنىڭ پاراكەندىچىلىكىدىن ساقلانغان. مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 53 ـ يىلى (گەنلۇنىڭ 1 ـ يىلى) غەربىي يۇرت قورۇقچىبېگى ئۇيسۇنلارنىڭ چوڭ، كىچىك كۇنبىيىسىگە چېگرا ۋە ئاھالىنى ئايرىپ بەرگەن. ماسلاشتۇرۇش ئارقىلىق خاتىرجەم قىلغىلى بولمايدىغان هۇجۇم قىلىش، تاجاۋۇز قىلىش قاتارلىق ۋەقەلەرگە قورۇقچىبەگ هەرقايسى بەگلىكلەرنىڭ ئەسكەرلىرىنى توپلاپ زەربە بەرگەن. پادىشاھ خەن ۋۇدى دەۋرىدە، ئۇيسۇن بەگلىكىنىڭ ئىچكى قىسمىدا توپىلاڭ بولۇپ، ئەسكەرلەر جىبيۇ مەلىكە ۋە خەن سۇلالىسى ئەلچىلىرىنى تۇتقۇن قىلىۋالغاندا، قورۇقچىبەگ جېڭ جىنىڭ هەرقايسى بەگلىكلەردىن ئەسكەر يۆتكەپ، توپىلاڭنى تىنچىتىشى بۇنىڭ بىر مىسالىدۇر.

(5) شاھزادىنى تۇرغاقلىققا ئەۋەتىپ، ئولپان تاپشۇرۇش. جۇ، چىن سۇلالىرىدىن بۇيان، ئوتتۇرا تۇزلەڭلىك خاندانلىقلىرىدا شاھزادىنى تۇرغاقلىققا ئەۋەتىش تۈزۈمى داۋاملىشىپ كەلگەن. يەنى قارام ئەللەر سىياسىي ئىناۋەتنىڭ كاپالىتى ۋە بېقىنغانلىقىنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە شاھزادىسىنى خان ئوردىسىغا ئەۋەتىپ تۇرغاق قىلغان. خەن سۇلالىسى بۇ تۈزۈمنى غەربىي يۇرتتىمۇ قوللانغان. بۇ تۈزۈمنى يولغا قويۇشنىڭ يەنە بىر ئەهمىيە-

تى شۆكى، مەركىزىي ھۆكۈمەت تۇرغاقلىقتا تۇرغان شاھزادى-
لەرگە تەسىر كۆرسىتىش ئارقىلىق، غەربىي يۇرتتىكى بەگلىك-
لەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى يەنىمۇ قويۇقلاشتۇرغان. ھەر
قايسى بەگلىكلەرنىڭ تۇرغاقلىقتا تۇرغان شاھزادىلىرى شۇ سە-
ۋەبتىن چاڭئەندە ياخشى تەربىيە ئېلىپ، باياشات تۇرمۇش كە-
چۈرگەن. بۇ تۈزۈمنىڭ ئۈنۈمىمۇ ناھايىتى ياخشى بولغان. «كې-
يىنكى خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دە خاتىرىلىنىشىچە،
ۋاڭ ماڭ ھاكىمىيەتنى تارتىۋالغان مەزگىلدە، ھۇنلار غەربىي
يۇرتنى قايتىدىن ئۆز كونتروللۇقىغا ئالغان، ھەرقايسى ئەللەر بۇ-
نىڭغا بەس - بەستە قارشى تۇرغان، «ساكارائۇل بېگى يەن قۇدرەت-
لىك ھەربىي كۈچكە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارغا بېقىنمى-
غان». بۇنىڭ سەۋەبى يەن تۇرغاق بولۇپ، پايتەخت لوياڭدا چوڭ
بولغانىكەن، شۇڭا ئۇ «ئوتتۇرا جۇڭگوغا ھەۋەس قىلاتتى ۋە ئۇنى
ياخشى كۆرەتتى، خەن سۇلالىسىنىڭ قائىدە - قانۇنلىرىدىن پايدى-
لىنىپ دۆلەت باشقۇراتتى، باللىرىغا خەن ئېلى ئۈچۈن خىزمەت
قىلىش، ھەرگىز ئاسىيلىق قىلماسلىق توغرىسىدا نەسىھەت قى-
لىپ تۇراتتى.»

ئولپان - سېلىق تاپشۇرۇشمۇ قارام ئەللەرنىڭ ئەل بولغان-
لىقىنىڭ بىر خىل سىمۋولى بولغان. ئىلگىرى بەگلىكلەر تەڭرى
ئەركىسىگە ئولپان - سېلىق تاپشۇرغان. بۇ يەردىكى سېلىق يۇ-
قىرى تۆۋەندىن تەلەپ قىلىنىدىغان، يەنى دۆلەت يىغىدىغان مال -
مۈلۈكنى كۆرسىتىدۇ، ئولپان تۆۋەن يۇقىرىغا تاپشۇرىدىغان، يە-
نى بەگلىكلەر ھەدىيە قىلغان مال - مۈلۈكنى كۆرسىتىدۇ. خەن
سۇلالىسى غەربىي يۇرتتا سېلىق سېلىش ئورنىغا ئولپان تاپشۇ-
رۇش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، قارام ئەللەردىن ئولپان تاپشۇرۇپ،
مەركىزىي خانىدانلىق بىلەن بولغان قاراملىق مۇناسىۋىتىنىڭ
ئىپادىسى سۈپىتىدە، يەرلىك مەھسۇلاتلارنى ئەۋەتىپ تۇرۇشنى
تەلەپ قىلغان (چېگرا سىرتىدىكى قارام بولمىغان دۆلەتلەر يول-
لىغان تارتۇقلار بۇنىڭ سىرتىدا). ئومۇمەن، بەگلىكلەر ئولپان

تاپشۇرغان بولسا، خەن سۇلالىسى ئۇلارنىڭكىدىن ئاشۇرۇپ ئىن-
ئام بەرگەن، بۇنىڭدىن مەقسەت ئۇلارنى ئىنئام بىرىپ خاتىرجەم
قىلىش ئىدى. بەگلىكلەرمۇ كۆپ ھاللاردا ئولپان تاپشۇرۇپ،
ئىنئامغا ئېرىشىشنى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن بولغان ئىقتىسا-
دىي ئالاقىنىڭ بىر خىل شەكلى قىلغان.
غەربىي يۇرت شەرق - غەرب قاتنىشىنىڭ ئۆتكىنى بولۇپ،
خەن سۇلالىسى ئەلچىلىرى ئۈزۈلمەي كېلىپ - كېتىپ تۇرغان،
يول بويىدىكى قارام ئەللەر ئۇلارنى كۈتۈۋېلىش مەجبۇرىيىتىنى
ئۈستىگە ئالغان، بۇمۇ بىر خىل شەكلى ئۆزگەرگەن سېلىق
تاپشۇرۇش ئۇسۇلى بولغان. جايلارنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى
ئوخشاش بولمىغاچقا، بۇ سېلىقنىڭ ئېغىر - يېنىكلىكىمۇ
پەرقلەنگەن.
(6) يۇرتدارچىلىق ھوقۇقىنى قوغداپ، قاچاقلارنى ئۆتكۈ-
زۈۋېلىش. قاچاقلارنى ئۆتكۈزۈۋېلىش دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھو-
قۇقىنىڭ بىر خىل سىمۋولى. بۇ ھەقتىكى مىساللار تارىخ كى-
تابلىرىدا ئانچە كۆپ خاتىرىلەنمىگەن بولسىمۇ، بۇ يەردە ناھا-
يىتى ئېنىق چۈشەندۇرگىلى بولىدىغان بىر مەسىلە بار. ۋاڭ
ماڭ ھاكىمىيەتنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالغاندىن كېيىن، غەر-
بىي يۇرتنى ئىدارە قىلىش سىياسەتلىرىنى خالىغىنىچە ئۆز-
گەرتىپ، يەرلىكتە قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلغان، ئارقا قوش-
بېگى گۇجۇي، چاقىلىق تەۋەلىكىدىكى چۇخۇلەي بېگى تاڭدۇر
شۇ سەۋەبتىن ھۇنلارغا ئارقا - ئارقىدىن ئەل بولغان. مەركى-
زىي ھۆكۈمەت ئەمىرنۆكەر ۋاڭ چاڭ قاتارلىقلارنى ھۇنلارغا
ئەلچىلىككە ئەۋەتىپ، غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەر خەن سۇلا-
لىسىگە بېقىنىدۇ، ھۇنلار ساتقىن بەگلەرنى قوبۇل قىلماسلىقى
كېرەك دەپ ئاگاھلاندۇرغان. «تەڭرىقۇت خاتالىقىنى تونۇپ كە-
چۈرۈم سورىغان ۋە ئىككى بەگنى خەن سۇلالىسى ئەلچىلىرى-
گە تۇتۇپ بەرگەن. ۋاڭ ماڭ ئەمىرنۆكەر ۋاڭ مىڭنى غەربىي
يۇرتتىكى ئېدۇن دېگەن يەرگە ئالدىن بېرىپ كۈتۈپ تۇرۇشقا

بۇيرۇغان.»①

(7) سېپىل، تۇر سېلىپ، قاتناش يولللىرىنى قوغداش. غەر-
بىي يۇرت يىپەك يولىدىكى مۇھىم جاي، بۇ يەرنىڭ ئالاھىدە بوس-
تانلىق جۇغراپىيە شارائىتى تۇپەيلىدىن كېلىپ ـ كېتىدىغانلار
كۆپىنچە تاغ ئېتىكىدىكى بوستانلىقلاردىن ماڭاتتى، شۇڭا يولنى
قوغداش ئىنتايىن مۇھىم ئىدى. خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرتقا
يۈرۈش قىلىش داۋامىدا، يوللارنى تىزگىنلەشكە ئىنتايىن ئەھمى-
يەت بەرگەن. كروران خانىنى ئەسىرگە ئېلىش، مىرەن كاھېكى
تەسىس قىلىشتىن مەقسەت جەنۇب يولىنىڭ باشلىنىش نۇقتى-
سىنى كونترول قىلىش ئىدى؛ قوشنى تالىشىپ، قورۇل چېرىك-
چېبېگى تەسىس قىلىشتىن مەقسەت شىمال يولىنىڭ باشلىنىش
نۇقتىسىنى كونترول قىلىش ئىدى؛ بۇگۈردە تېرىقچىلىق قى-
لىپ، يالۋاچ چېرىكچېبەگ تەسىس قىلىشتىن مەقسەت شىمال
يولىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىنى كونترول قىلىش ئىدى؛ قورۇقچىبەگ
دېگەن نامنىڭ ئۆز مەنىسىمۇ «جەنۇب ـ شىمال يولىنى قوروپ
تۇرۇش» ئىدى. خەن سۇلالىسى قاتناشقا كاپالەتلىك قىلىش ئۇ-
چۈن، ئەمەلدار تەسىس قىلىپ، قوشۇن تۇرغۇزۇپ، تېرىقچىلىق
قىلىپ، مۇداپىئەدە تۇرغاندىن سىرت، قورغان، تۇرلارنى دۇنخۇاڭ-
نىڭ غەربىدىن لوپنۇرغىچە ياسىغان. «خەن سۇلالىسى. غەربىي
يۇرت تەزكىرىسى»دە ئېيتىلىشىچە: « تۇرلارنى دۇنخۇاڭنىڭ غەر-
بىدىن يەمشكىچە ئۇچرىتىپ تۇرغىلى بولاتتى.» غەربىي يۇرت
بىرلىككە كەلگەنگە قەدەر، قوشۇن تۇرغۇزۇپ، مۇداپىئەدە تۇرۇش
ۋە تېرىقچىلىق قىلىش داغدۇغىلىق ئېلىپ بېرىلىپ، قاتناش كا-
پالىتى سىستېما بولۇپ شەكىللەنگەن. قورغاننىڭ تۆت ئەتراپىغا
سېپىل سېلىنىپ، ئېتىزلار باغلىنىپ، شەھەرلەرنى تۇتاشتۇرۇپ
تۇرغان، تۇرلار قاتار سېلىنىپ، لەڭگەرلەرنى باغلاپ تۇرغان. بەزى
مۇھىم بۆلەكلەردە ئۆتكەن ـ كەچكەنلەرنى تەكشۈرۈشكە چازا قۇ-

① «كېيىنكى خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى».

رۇلغان. بۇنىڭ بىلەن غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلىش ئۇل كاپالەت-
كە ئىگە بولغان.
(8) رەسمىي تارىختا تەزكىرە يېزىپ، تۈزۈمنى كېيىنكىلەر-
گە قالدۇرۇش. خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈر-
گەندىن كېيىن، غەربىي يۇرت جۇڭگو تارىخىدىكى خانىدانلىقلار-
نىڭ رەسمىي تارىخىغا كىرگۈزۈلگەن، يەنە كېلىپ، ھەرقايسى
سۇلالىلەرنىڭ رەسمىي تارىخلىرىدا غەربىي يۇرتقا دائىر تەزكىرد-
لەر يېزىلغان. «خەننامە.غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» بۇنىڭ مۇقەد-
دىمىسى بولۇپ، ئۇنىڭدا «غەربىي يۇرت» دېگەن نام مۇئەييەنلەش-
تۈرۈلگەن. «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دە غەربىي يۇرتنىڭ
تەۋەلىك مۇناسىۋىتىنىڭ ئۆزگىرىشى، خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي
يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرۈش جەريانى، خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي
يۇرتنى ئىدارە قىلىش تەدبىر، تۈزۈملىرى سىستېمىلىق خاتىرد-
لەنگەن. رەسمىي تارىخقا پۈتۈلگەن تەزكىرىلەر ھەم ئىچكىرىدىكى
جايلارنىڭ غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرگەنلىكىنىڭ ئىسپا-
تى، ھەم غەربىي يۇرتتا يولغا قويۇلغان تۈرلۈك تۈزۈملەرنىڭ
داۋاملىشىشىنىڭ كاپالىتى، تەزكىرە قالدۇرۇشنىڭ ئۆزىمۇ غەر-
بىي يۇرتنى ئىدارە قىلىشتىكى بىر خىل تۈزۈم ياكى ۋاستە ھې-
سابلىنىدۇ.

**4. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك سۇلالىلىرى، شىمالدىكى مىللەتلەر ۋە خېشى
ھاكىمىيىتىنىڭ غەربىي يۇرتنى تالىشىشى**

مىلادىيە 220 ـ يىلى (خۇاڭچۇنىڭ 1 ـ يىلى) ساۋپېي شەر-
قىي خەن پادىشاھى خەن شيەندىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئۆزىنى پا-
دىشاھ قىلىپ تىكلىگەن، شەرقىي خەن سۇلالىسى ھالاك بولۇپ،
ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ۋېي، شۇ، ۋۇدىن ئىبارەت ئۈچ پادىشاھلىق
تىركىشىش دەۋرىگە قەدەم قويغان. ۋېي پادىشاھلىقى شىمالنى
بىرلىككە كەلتۈرۈپ، شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى
يىللىرى خېشىنى بۆلۈۋالغان يەرلىك كۈچلەرنى باستۇرغان ھەم-
دە غەربىي يۇرتنى تىزگىنلەشكە باشلىغان. ۋېي پادىشاھلىقىنىڭ

ئاساسلىق زېمىنى شۇ، ۋۇ پادىشاھلىقلىرى بىلەن زېمىن تالى-شىشتا قالغاچقا، غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلىشى تولىمۇ ئاجىزلاپ كەتكەن، غەربىي يۇرتنى ئاساسلىقى لياڭجۇ ئايماقبېگى ياكى دۇنخۇاڭ ۋالىيسى باشقۇرۇپ كەلگەن. غەربىي يۇرتنى ئىدارە قى-لىش سالمىقى ئىلگىرىكى سۇلالىلەرنىڭكىدەك كۈچلۈك بولمى-غاچقا، «ئۈچ پادىشاھلىق تەزكىرىسى. ۋېينامە»دە غەربىي يۇرت توغرىسىدا تەزكىرە قالدۇرۇلمىغان، غەربىي يۇرت توغرىسىدىكى خاتىرىلەرمۇ «خەننامە»گە قارىغاندا كۆپ ئاز بولغان. لېكىن چەكلىك خاتىرىلەر ۋە ئارخېئولوگىيىلىك بايقاشلاردىن ۋېي پا-دىشاھلىقىنىڭ غەربىي يۇرتنى يەنىلا باشقۇرغانلىقىنى كۆرۈۋال-غىلى بولىدۇ.

شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە، شى-مالدىكى يايلاقتا چوڭ ئۆزگىرىش بولغان. شەرقىي خەن پادىشاھى خەن خېڭدى مەزگىلىدە(مىلادىيە 147 ـ يىلىدىن 167 ـ يىلى-غىچە) سىيانپىلار ھۇنلارنىڭ ئورنىنى ئىگىلەپ، چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى يايلاقلارنى ئىگىلىۋالغان. سەركەردە تانشىخۇەي سى-يانپىلارنىڭ شەرقىي ۋە غەربىي قىسمىدىكى قەبىلىلەرنى بىر-لىككە كەلتۈرۈپ، تەنخەن تېغى (ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسى ياڭ-گاۋ ناھىيىسىنىڭ شىمالى)دا ئوردا قۇرۇپ، تۈزۈم ئورناتقان ۋە ئۆز تېررىتورىيىسىنى شەرقىي، ئوتتۇرا ۋە غەربىي قىسىملارغا بۆلۈپ، ھەربىرىگە ئاقساقال تەيىنلىگەن. سىيانپىلارنىڭ تەسىر دائىرىسى كېڭىيىپ، «جەنۇبتا چېگرا بويىدىكى ۋىلايەتلەرنى باس-قىن قىلغان، شىمالدا تۈرالارغا قارشىلىق كۆرسەتكەن، شەرقتە پۇيۇكىلەرنى چېكىندۈرگەن، غەربتە ئۇيسۇنلارغا ھۇجۇم قىلىپ، ھۇنلارنىڭ ئەسلىدىكى زېمىنىنى پۈتۈنلەي ئىشغال قىلغان.» ① لېكىن 181 ـ يىلى (گۇاڭخېنىڭ 4 ـ يىلى) تانشىخۇەي ۋاپات بولغاندىن كېيىن، سىيانپىلار يىمىرىلىپ، ھەرقايسى قەبىلىلەر

① «كېيىنكى خەننامە. سىيانپىلار تەزكىرىسى».

ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ شەرقىي خەن ۋە ۋېي ھاكىمىيىتىگە بې-
قىنغان. غەربىي جىن سۇلالىسى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنى بىرلىككە
كەلتۈرگەندىن كېيىن، غەربىي يۇرتقا ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا باش-
لىغان. بۇ مەزگىلدە، غەربىي قىسىمدىكى سىيانپىلارنىڭ كۆچى
خېلى كۈچىيىپ، غەربىي جىن بىلەن غەربىي يۇرتنى تالىشىشقا
كىرىشكەن. 271 ـ يىلى (چىنشىنىڭ 7 ـ يىلى) سىيانپىلارنىڭ
توفا قەبىلىسى ئالتۇنبالىغ ۋە لياڭجۇغا ھۇجۇم قىلغان؛ 279 ـ
يىلى (شيەننىڭنىڭ 5 ـ يىلى) لياڭجۇنى ئىگىلەپ، ئوتتۇرا تۈز-
لەڭلىكنىڭ غەربىي يۇرت بىلەن بولغان ئاساسلىق قاتناش لىنىد-
يىسىنى ئۈزۈپ تاشلىغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، يەنە بىر تارماق
سىيانپى قەبىلىسى غەربىي يۇرتتىكى قوچوغىچە ئىچكىرىلەپ
كىرىپ، قورۇل چېرىكچىبېگىگە كۆپ قېتىم ھۇجۇم قىلغان.
280 ـ يىلى (شيەننىڭنىڭ 6 ـ يىلى)نىڭ بېشىدا، غەربىي جىن
سۇلالىسى لياڭجۇنى قايتۇرۇۋېلىپ، غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىد-
لىشنى كۈچەيتكەن. شۇنىڭدىن كېيىنكى خېلى يىللارغىچە،
غەربىي يۇرتتىكى ئالدى قوش، پىشامشان، كۇسەن، كىنگىت
قاتارلىق چوڭ بەگلىكلەر ئوغۇللىرىنى مەھرەملىككە ئەۋەتكەن.

غەربىي جىن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى، لياڭجۇ ئاي-
ماقبېگى جاڭ گۈي ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى ئۇرۇش قالايمىقاند-
چىلىقىدىن پايدىلىنىپ، غەربىي شىمالنى بۆلۈۋېلىپ، خېشى
رايونىدا ئالدىنقى لياڭ ھاكىمىيىتىنى قۇرغان. جاڭ جۈن تەختتە
ئولتۇرغان مەزگىلدە (324 ـ يىلدىن 345 ـ يىلغىچە) ئال-
دىنقى لياڭ كونترول قىلغان دائىرە «جەنۇبتا خۇاڭخې، خۇاڭشۈي
دەريالىرىغا، شەرقتە چىن (شەنشى)، لۇڭ(گەنسۇ) قاتارلىق
جايلارغا يەتكەن، غەربتە كۆكئارتنى ئالغان، شىمالدا چولۇڭقايغا
بارغان» ① ئىدى. بۇ مەزگىلدە، غەربىي جىنىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى
ئەمەلدارلىرىمۇ ئوردىنىڭ تىزگىنىدىن قالغان، غەربىي يۇرت

① گۇ زۇيۇ: «قەدىمكى يەرلىك تەزكىرە. خەرىتىلەرنى كۆرۈشتىن خاتىرە»، 3 ـ جىلد.

دورغىپى لى بو ئالدىنقى لياڭغا ئەل بولغان، قورۇل چېرىكچىبېگى
جاۋ جېن ئۆز قوشۇنىغا تايىنىپ قوچونى بۆلۈۋالغان. 327 ـ يى-
لى (شيەنخېنىڭ 2 ـ يىلى) جاڭ جۈن قوشۇن باشلاپ قوچوغا
يۈرۈش قىلىپ زور غەلىبە قازانغان، ئاندىن قوچودا ۋىلايەت، نا-
ھىيە تەسىس قىلغان، بۇ غەربىي يۇرتتا تۇنجى قېتىم ۋىلايەت
تەسىس قىلىنىشى ھېسابلىنىدۇ. تارىخىي خاتىرىلەر ۋە قېزىۋې-
لىنغان كىتابلاردىن قارىغاندا، قوچو ۋىلايىتىدە قوچو، تيەندى
قاتارلىق ناھىيىلەر تەسىس قىلىنغان، ناھىيە قارىمىقىدا يەنە
يېزا، مەھەللە بولغان، ئورپاقبەگ، غالچابەگ قاتارلىق ئە-
مەلدارلار قويۇلغان، بۇ خەن، جىن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئوتتۇرا
تۈزلەڭلىكنىڭ يەرلىك مەمۇرىي تۈزۈلمىسىگە ئاساسىي جەھەت-
تىن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئالدىنقى لياڭ يەنە ئىلگىرىكى سۇلا-
لىلەر غەربىي يۇرتتا تەسىس قىلغان ئەمەللەرنى ساقلاپ قالغان،
غەربىي يۇرت دورغىپى (غەربىي يۇرت قورۇقچىبېگى دەپمۇ ئاتى-
لىدۇ)، قورۇل چېرىكچىبېگى، ئېۋىرغول كاھىبېگى بىلەن قوچو
ۋالىيسىنىڭ ھەممىسى ئالدىنقى لياڭ سۇلالىسىنىڭ شاجۇ ئاي-
ماقبېگىنىڭ بىرتۇتاش باشقۇرۇشىدا بولغان. 329 ـ يىلى كا-
سىلاردىن شىلا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ شىمالىنى بىرلىككە كەل-
تۈرۈپ، كېيىنكى جاۋ ھاكىمىيىتىنى قۇرغان. جاڭ جۈن ئوت-
تۇرا تۈزلەڭلىككە ئەلچى ئەۋەتىپ ئەل بولغان، پەقەت ئالدىنقى
لياڭ دېگەن دۆلەت نامىنىلا ساقلاپ قالغان. بۇ مەزگىلدە، غەربىي
يۇرت نامدا بولسىمۇ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ شىمالىي قىسمى بى-
لەن بىر گەۋدىلەشكەنىدى. جاڭ جۈن غەربىي يۇرتتا كۈچلۈك
بەگلىكلەر زومىگەرلىك قىلىۋاتقان ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتىش ئۈ-
چۈن، غەربىي يۇرتقا بولغان كونتروللۇقىنى كۈچەيتكەن. 335 ـ
يىلى (شيەنكاڭنىڭ 1 ـ يىلى)، قوشۇن باشلاپ قۇملۇقتىن ئۆ-
تۈپ، پىشامشان، كۈسەن بەگلىكلىرىنى بويسۇندۇرغان، كىنى-
گىت، ئۇدۇن، ئالدى قوش بەگلىكلىرىنى خان ئوردىسىغا ئولپان
تاپشۇرۇشقا مەجبۇر قىلغان. 345 ـ يىلى (يۇڭخېنىڭ 1 ـ يىلى)

جاڭ جۇن يەنە كىنگتكە يۇرۇش قىلىپ، غەلىبىسىرى ئىلگىرى-
لەپ، ۋائىبرىيە(لوپنۇر)گە يېتىپ بارغان. كىنگت بېگى تەسلىم
بولغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئالدىنقى لياڭ ھاكىمىيىتى ئىل-
گىرىكى سۇلالىلەر غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلىپ كېلىۋاتقان
تېررىتورىيىنى ئاساسىي جەھەتتىن ئەسلىگە كەلتۈرگەن. جاڭ
جۇن ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئالدىنقى لياڭ ھاكىمىيىتىنىڭ
غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلىشى سەل بوشىشىپ قالغان بولسىمۇ،
لېكىن غەربىي يۇرتنىڭ ئەلچى ئەۋەتىپ ئولپان تاپشۇرۇش مۇنا-
سىۋىتى يەنىلا ساقلىنىپ قالغان. 376 ـ يىلى (تەييۈەننىڭ 1 ـ
يىلى) دىلار ئالدىنقى لياڭ ھاكىمىيىتىنى يوقىتىپ، ئالدىنقى
چىن ھاكىمىيىتىنى قۇرغان، غەربىي يۇرتمۇ شۇنىڭغا ئەگىشىپ
ئالدىنقى چىن ھاكىمىيىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئۆتكەن. ئالدىن-
قى چىن ھاكىمىيىتى غەربىي يۇرتقا قارىتا ئالدىنقى لياڭ ھاكى-
مىيىتى يۈرگۈزگەن جازا يۇرۇشى قىلىشنى ئاساس قىلىش سى-
ياسىتىنىڭ ئورنىغا تىنچلاندۇرۇشنى ئاساس قىلىش سىياسىتى-
نى قوللانغان. 381 ـ يىلى (تەييۈەننىڭ 6 ـ يىلى) غەربىي يۇرت
ۋە شەرقتىكى بەدەۋىلەردىن بولۇپ 62 بەگلىك ئوردىغا ئەلچى
ئەۋەتىپ، نۇرغۇن سوۋغىلار بىلەن سالامغا بارغان. پىشامشان بې-
گى شۇمتو، ئالدى قوش بېگى مىجى شەخسەن چاڭئەنگە بېرىپ،
«خانلىقتىن غەربىي يۇرت قورۇقچىبېگى تەيىنلەشنى تەلەپ قىل-
غان» ھەمدە خان قوشۇنىغا يول باشلاپ، غەربىي يۇرتقا بېرىشنى
خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.① 383 ـ يىلى(جيەنيۈەننىڭ 9 ـ
يىلى) ئالدىنقى چىن پادىشاھلىقى شىرمەت سانغۇن لۈ گۇاڭ
باشچىلىقىدىكى قوشۇننى غەربكە ئەۋەتىپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك-
نىڭ غەربىي يۇرتقا بولغان ھۆكۈمرانلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈر-
گەن. لۈ گۇاڭ قايتىپ كەلگەندە، ئالدىنقى چىن پادىشاھلىقى
فېيشۇي دەرياسى بويىدىكى جەڭدە شەرقىي جىن سۇلالىسى تەرد-

① «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر. جىن تەزكىرىسى».

پىدىن مەغلۇپ قىلىنىپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك قالايمىقانچىلىق ئىچىدە قالغانىدى. لۇ گۇاڭ گۇزاڭ (هازىرقى ۋۇۋېي)دا كېيىنكى لياڭ هاكىمىيىتىنى قۇرغان. لۇ گۇاڭ ئوغلىنى غەربنى تىنچلاندۇرغۇچى تەمتەكدار سانغۇن، قاشقۇۋۇقنىڭ غەربىدىكى ھەربىي ئىشلارنى باشقۇرغۇچى تۇتۇقبەگ، غەربىي يۇرت باش قورۇقچىبېگى قىلىپ بەلگىلەپ، قوچۇنى ساقلاشقا ئەۋەتكەن. كېيىنكى لياڭ هاكىمىيىتىنىڭ سەلتەنىتى ئۇزۇنغا بارماي، 403 - يىلى (يۈەنشىننىڭ 2 - يىلى) كېيىنكى چىن سۇلالىسى تەرىپىدىن هالاك قىلىنغان. كېيىنكى چىن سۇلالىسىنىڭ تەسىر دائىرىسى چىن(شەنشى)، لوڭ(گەنسۇ) ۋە سەنشىنىڭ قىسمەن رايونلىرى بىلەنلا چەكلەنگەن.

5 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، شىمالدىكى يايلاقتا يەنە بىر قۇدرەتلىك كۆچمەن مىللەت — جورجانلار باش كۆتۈرۈپ چىققان. جورجانلار ئەسلىدە سيانپىلارنىڭ بىر قەبىلىسى بولۇپ، 402 - يىلى (يۈەنشىننىڭ 1 - يىلى) سەللان قاغان بولۇپ، ھەرقايسى قوۋملارنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ ئىتتىپاق تۈزۈپ، يايلاقنى ئىگىلىگەن. جورجانلارنىڭ تەسىر كۈچى غەربكە قاراپ كېڭىيىپ، غەربىي يۇرتتىكى كىنگىتنىڭ شىمالىدىكى رايونلارنى تىزگىنلەشكە باشلىغان. كېيىنچە تەسىر دائىرىسىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتكەن، غەربىي يۇرتتىكى «كىچىك بەگلىكلەرنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ بۇلاڭ - تالىڭىغا قاتتىق ئۇچراپ، ئەل بولغان». كىنگىت، پىشامشان، كۇسەن، قۇم قاتارلىق چوڭ بەگلىكلەرمۇ ئۇلارنىڭ تىزگىنىدە قالغان ①. ئۇيسۇنلار ھەتتا جورجانلارنىڭ تالان - تاراج قىلىشىغا چىدىماي، غەربكە قاراپ كۆكئارتقا كۆچۈپ كەتكەن. ئىلگىرى يايلاقنى سوراپ كەلگەن سيانپىلار بۇ چاغدا جەنۇبقا قاراپ كېڭىيىپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى قۇدرەتلىك ھاكىمىيەت شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنى

① «ۋېينامە. جورجانلار ھەققىدە قىسسە»؛ «سۇڭنامە. جورجانلار ھەققىدە قىسسە».

قۇرغان. شىمالىي ۋېي سۇلالىسى ئوتتۇرا تۇزلەڭلىكنى بىر-
لىككە كەلتۇرگەندىن كېيىن، ئوتتۇرا تۇزلەڭلىك خاندانلىق-
لىرىنىڭ ئەنئەنىچىلىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن، جورجانلاردىن
غەربىي يۇرتنى تالىشىشى مۇقەررەر ئىدى. جورجانلار خېشى-
دىكى شىمالىي لياڭ ھاكىمىيىتىگە تەھدىت سېلىپ، شىمالىي
ۋېي خاندانلىقىنىڭ غەربىي يۇرتقا كىرىشىنى توسقان. شىما-
لىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرۈش
يولىدىكى كۈرىشى شىمالىي لياڭ خاندانلىقىنى تازىلاشتىن
باشلانغان. 439 ـ يىلى (يۇڭخېنىڭ 7 ـ يىلى) شىمالىي ۋېي
پادىشاھى تەي ۋۇدى يارلىق چۈشۈرۈپ، شىمالىي لياڭ خا-
ندانلىقىنىڭ ئۆز ئالدىغا پادىشاھ تىكلەش، جورجانلار ۋە تۇيۇ-
غۇنلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈش، شىمالىي ۋېي خاندانلىقىنىڭ
غەربىي يۇرت بىلەن ئالاقە قىلىشىغا توسقۇنلۇق قىلىش، غەر-
بىي يۇرتتىكى غۇز سودىگەرلىرىدىن ئېغىر باج ئېلىش قاتار-
لىق 12 جىنايىتىنى ئېلان قىلىپ، لەشكەر تارتىپ، غەربكە
يۈرۈش قىلىپ، لياڭجۇنى بېسىۋېلىپ، شىمالىي لياڭ ھاكى-
مىيىتىنى يوقاتقان. ئىككى يىلدىن كېيىن، يەنە جيۇچۈەننى
ئىگىلىگەن. شىمالىي لياڭ ھاكىمىيىتىنىڭ قالدۇق كۈچلىرى
غەربتە قۇملۇقتىن ئۆتۈپ، 442 ـ يىلى (تەيپىڭ جېنجۈننىڭ
2 ـ يىلى) پىشامشاننى بېسىۋالغان. شىمالىي لياڭ ھاكىمى-
يىتىنىڭ قالدۇق كۈچلىرى جورجانلارنىڭ قوللىشى ئارقى-
سىدا، پىشامشان بېگى چىنداخاننى شىمالىي ۋېي ھاكىمىيىتى
بىلەن ئىركىشىشكە مەجبۇرلىغان، شۇ سەۋەبتىن غەربىي يۇرت
بىلەن بولغان ئالاقە نەچچە يىل ئۈزۈلۈپ قالغان. 445 ـ يى-
لى (تەيپىڭ جېنجۈننىڭ 6 ـ يىلى) شىمالىي ۋېي سۇلالىسى
لياڭجۇدىكى لەشكەرلىرىنى پىشامشانغا ئەۋەتكەن، پىشامشان
بېگى چىنداخان ئۆزىنى باغلاپ ئەل بولغان. پىشامشاننىڭ
جۇغراپىيىلىك ئورنى مۇھىم بولغاچقا، شىمالىي ۋېي سۇلا-
لىسى پىشامشاندا ھەربىي ئەمەلدار تەسىس قىلىپ، ئادەم ئە-

ۋەتىپ بىۋاستە باشقۇرغان. 448 - يىلى (تەيپىڭ جىنجۈن-
نىڭ 9 - يىلى) پادىشاھ تەيۋۇدى چىنداخاننى پىڭچېبىڭدىكى
ئوردىدا تۇتۇپ قېلىپ، ئوردا ئەمەلدارى بولغان جياۋجى بېگى
خەن بانى غەربنىڭ ھىمايىچى قورۇل چېرىكچىبېگى، پىشام-
شان بېگى قىلىپ تەيىنلەپ، ئەمەلدار ۋە لەشكەرلەرگە قو-
ماندانلىق قىلىپ، پىشامشاننى قوغداشقا ئەۋەتكەن، ئۇ پىشام-
شاندا «باج - سېلىق يىغىپ، خەلقنى ھاشارغا سېلىپ، ئىچكى
رايونلاردىكى ۋىلايەت، ناھىيىلەرگە ئوخشاش» ①ھۆكۈمرانلىق
يۈرگۈزگەن. بۇ چاغدا، ئالدى قوشبېگى چېيلو شىمالىي ۋېي
سۇلالىسىگە ئەل بولغان بولۇپ، پىشامشان بىلەن زىچ ئالاقىدە
بولۇپ كەلگەن، لېكىن قوچو يەنىلا شىمالىي لياڭنىڭ قالدۇق
كۈچلىرىنىڭ كونتروللۇقىدا بولغان. 448 - يىلى(تەيپىڭ
جېنجۈننىڭ 9 - يىلى) شىمالىي ۋېي پادىشاھى تەيۋۇدى ئۆزى
زور قوشۇن باشلاپ جورجانلارغا يۈرۈش قىلىپ، زور غەلىبە
قازانغان، جورجانلار چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى يايلاقتا چېكىن-
گەن. شۇ مەزگىلدە، شىمالىي ۋېي سۇلالىسى غەربىي يۇرتتى-
كى جورجان كۈچلىرىگە ھۇجۇم قوزغاپ، كىنگىت، كۈسەن
بەگلىكلىرىنى تارمار قىلىپ، شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ
غەربىي يۇرتتىكى تەسىرىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرغان. تارىختا:
«نۇرغۇن غۇزلار ئەل بولدى، غەربىي يۇرت قايتىدىن تىنچى-
دى» دەپ خاتىرىلەنگەن. شىمالىي ۋېي سۇلالىسى يەنە كىن-
گىتتە ھەربىي قورغان تەسىس قىلغان. پىشامشان، كىنگىت
ھەربىي قورغىنى ھەربىي، مەمۇرىي ئورگان بولۇپ، ئىككى
جايدا ھەربىي قورغاننىڭ تەسىس قىلىنىشى ئوتتۇرا تۈزلەڭ-
لىكتىكى ھەربىي، مەمۇرىي تۈزۈمنىڭ غەربىي يۇرتنىڭ ئوت-
تۇرا قىسمىغىچە يولغا قويۇلغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى.

6 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، ئالتاي تاغلىرىنىڭ
جەنۇبىدىكى كۆچمەن چارۋىچى قەبىلە تۈركلەر باش كۆتۈرگەن.

① «ۋېينامە. پىشامشان تەزكىرىسى».

تۈركلەر ئىلگىرى جورجانلارغا قارام ئىدى. جورجانلار بىلەن
شىمالىي ۋېي سۇلالىسى ئىچكى قىسمىدىن پارچىلىنىپ، كۈچى
زور دەرىجىدە ئاجىزلاپ كەتكەن. 552 ـ يىلى (فېيدىنىڭ 1 ـ
يىلى)تۈركلەر جورجانلارنى يوقىتىپ، تۈرك خانلىقىنى قۇرغان،
يېڭى بىر كۈچ غەربىي يۇرتتىكى تىركىشىشكە كىرىپ كەل-
گەن. تۈركلەر قەد كۆتۈرۈش داۋامىدا، تەڭرىتېغىنىڭ شەرقىي
قىسمىدىكى ئېۋىرغولنىڭ غەربى، كىنگىتنىڭ شىمالى، شۇ-
نىڭدەك جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى ئالتۇن-
تاغ(بۈگۈنكى ئالتاي تېغى)نىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى رايونلارنى
پەيدىنپەي ئىگىلىگەن. تۈرك خانلىقىنىڭ شەرق ۋە غەربتە
ئىككى مەركىزى بولغان. غەربتە ئىستەمى قاغان ئالدى بىلەن
قوچوغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى ئەل بولۇشقا مەجبۇر قىلغان.
كېيىن يەنە 100 مىڭ لەشكەر بىلەن غەربكە يۈرۈش قىلىپ،
ئۇيسۇنلار دىيارىنى ئىگىلىگەن. 558 ـ يىلىغا قەدەر تۈرك
خانلىقىنىڭ زېمىنى شەرقتە لياۋخەيدىن باشلىنىپ، غەربتە
غەربىي دېڭىز(بۈگۈنكى كاسپىي دېڭىزى)غىچە، جەنۇبتا چۆل-
لۈكنىڭ شىمالىدىن باشلىنىپ، شىمالدا شىمالىي دېڭىز(بۈ-
گۈنكى بايقال كۆلى)غىچە، غەربىي جەنۇبى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى
ئامۇ دەرياسى ۋادىسىغىچە كېڭەيگەنىدى. قۇدرەتلىك تۈرك خان-
لىقى جۇڭگونىڭ شىمالىدىكى كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەر
كونترول قىلىپ تۇرغان دائىرىنى يەنىمۇ كېڭەيتكەن. 583 ـ
يىلى تۈرك خانلىقى ئالتۇنتاغنى پاسىل قىلغان ھالدا شەرقىي
تۈرك خانلىقى ۋە غەربىي تۈرك خانلىقىغا بۆلۈنگەن. غەربىي
تۈرك خانلىقىنىڭ زېمىنى غەربتە ئېۋىرغولدىن باشلىنىپ
شەرقتە كاسپىي دېڭىزىغىچە، جەنۇبتا سۇلى، ئۇدۇندىن تار-
تىپ، شىمالدا ئالتاي تېغىنىڭ شىمالىغىچە ئىدى، غەربىي
يۇرت غەربىي تۈرك خانلىقىنىڭ تەسىر دائىرىسىدە ئىدى.

ۋېي، جىن سۇلالىلىرىدىن كېيىنكى 300 نەچچە يىلدىن بۇ-
يان، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك خاندانلىقلىرى، شىمالدىكى مىللەتلەر

ۋە خېشى هاكىمىيىتىنىڭ غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلىشىنى ئو-
مۇمىيۈزلۈك كۆزەتكەندە، بىرقانچە تەرەققىيات يۈزلىنىشىنى كۆ-
رۈۋالغىلى بولىدۇ:

بىرىنچى، گەرچە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى بۆلۈنمە هالەت غەربىي يۇرتنىڭ بىرلىككە توسقۇن بولغان بولسىمۇ، لېكىن غەربىي يۇرت بىلەن ئىچكىرىنىڭ بىرلىككە كېلىش مۇساپىسى يەنىلا داۋاملىشىپ كەلگەن. بۇ، ئاساسلىقى تۆۋەندىكى بىرقانچە جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ: بىرىنچىدىن، ئوردا ئەمەلدار تەسىس قى-لىپ كەلگەن، ۋېي، جىن سۇلالىلىرىدە غەربىي يۇرت دورغىپى، قورۇل چېرىكچىبېگى تەسىس قىلىنغان بولسا، شىمالىي ۋېي سۇلالىسىدە كۇنپېتىش هىمايىچى قورۇل چېرىكچىبېگى تەسىس قىلىنىپ، ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىپ كەلگەن؛ ئىككىنچىدىن، غەر-بىي يۇرت بەگلىكلىرىنىڭ تېكىنلىرىنى تۇرغاقلىققا ئەۋەتىش، ئولپان تاپشۇرۇش ئىشلىرى 300 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇ-يان، گاھ ئۈزۈلۈپ، گاھ داۋاملىشىپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ تۈزۈمگە ئايلىنىپ قالغان؛ ئۈچىنچىدىن، ئوردىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى بىۋاسىتە ئىدارە قىلىدىغان دائىرىسى كېڭەيگەن، سال-مىقى زورايغان، ئالدىنقى لياڭ هاكىمىيىتى قوچو ۋىلايىتى تە-سىس قىلغان بولسا، شىمالىي ۋېي سۇلالىسى پىشامشان هەربىي قورغىنى، كىنگىت هەربىي قورغىنى تەسىس قىلغان؛ تۆتىنچى-دىن، تارىختىكى خانىدانلىقلارنىڭ رەسمىي تارىخلىرىنىڭ هەم-مىسىدە غەربىي يۇرت توغرىسىدا خاتىرىلەر بولغان، چېگرا رايوننىڭ خەرىتىسى تېخىمۇ مۇكەممەللەشكەن. «ۋېي سۇلالىسى-نىڭ قىسقىچە تارىخى. غەربىي رۇڭ قىسىمىسى»، «ۋېينامە. غەر-بىي يۇرت تەزكىرىسى»، «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» قاتارلىقلاردا مەخسۇس تەزكىرە قالدۇرۇلغان؛ بەشىنچىدىن، 300 نەچچە يىللىق ئالاقە ئارقىسىدا، غەربىي يۇرت بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي تەرەققىيات پەرقى كىچىكلىگەن، ئىجتىمائىي تۈزۈلمە، ئۆرپ - ئادەتلەر پەي-

ـدىنىيەي ئۆزئارا يېقىنلاشقان. مەسىلەن، قوچو بەگلىكىنىڭ سىـ
ياسىي تۈزۈلمىسى، ئىجتىمائىي ئۆرپ ـ ئادەتلىرىدە ئىچكىـ
رىنىڭكى بىلەن ئاز ـ تولا ئوخشاشلىقلار بولغان. بەگلىكتە بىر
ئايماقدار قويۇلغان بولۇپ، تەخت ۋارىسى ئۇنىڭغا تەيىنلەنگەن،
بۇ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى باش ۋەزىر بىلەن تەڭ بولۇپ، «دۆلەتـ
نىڭ چوڭ ئىشلىرىنى بەگ بىر تەرەپ قىلسا، كىچىك ئىشلارنى
تەخت ۋارىسى كېڭىشىپ ھەل قىلغان»؛ مەمۇرىي ئىشلارنى مەنـ
سەپ ـ تۇتۇق پىرقىسى، تەمىنات پىرقىسى، خەزىنە پىرقىسى،
ئاشلىق پىرقىسى، مۇراسىم پىرقىسى، پۇقرالار پىرقىسى، لەشـ
كىرىي پىرقە قاتارلىق سەككىز دورغا باشقۇرۇش، سەككىز ئەـ
مىر لەشكەر ياردەمچى بولۇش؛ چېگرا ئىچىدە ۋىلايەت، ناھىيە
تەسىس قىلىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭـ
كى بىلەن ئوخشاش بولغان. شۇ سەۋەبتىن، «ئۆرپ ـ ئادەتلەر
ۋە ئەمرىمەرۇپلار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭكى بىلەن ئوخشىشىپ
كېتەتتى» دەپ خاتىرە قالدۇرۇلغان.

ئىككىنچى، 300 يىلدىن كۆپرەك ئالاقە ۋە ئالماشتۇرۇش
ئارقىسىدا، غەربىي يۇرتنىڭ ئىچكىرى جايلار بىلەن بىرلىككە
كېلىشى كىشىلەر ئومۇميۈزلۈك قوبۇل قىلىدىغان ۋە تەشەبـ
بۇس قىلىدىغان قاراشقا ئايلانغان، شارائىت پىشىپ يېتىلسىلا،
ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى ھۆكۈمرانلار غەربىي يۇرتنى قايتۇرۇـ
ۋېلىشنى «ئەۋلادلارغا تەۋەررۇك قالدىغان سەلتەنەتلىك» ① ئۇـ
لۇغۋار ئىش قاتارىدا تۇتقان. مەسىلەن، شىمالىي ۋېي پادىشاھى
توغبات تاۋ مەغرۇرلىنىپ: «ئەلمىساقتىن بۇيانقى خان، پادىـ
شاھلار غەربىي يۇرتتىكىلەر ئالقىنىمدا دېگەن بولسىمۇ، لېـ
كىن ئۇلارنى تىزگىنىگە ئالالمىغانىدى. ھالا بۈگۈنكى كۈندە
پېقىر ئۇلارنى ئالقىنىمدا تۇتۇپ تۇرۇۋاتىمەن، قانداقكەنمەن!» ②
دېگەن. غەربىي يۇرت سەددىچىنىنىڭ سىرتىدا بولسىمۇ، لېكىن

① «جىننامە. فۇجيەن ھەققىدە خاتىرە».
② «ۋېينامە. كىنگىت تەزكىرىسى».

غەربىي يۇرتتىكىلەرنىڭ بىرلىككە بولغان ئىنتىلىشى ئىچكى-
رىدىكى جايلارنىڭكى بىلەن ئوخشاش ئىدى. مەسىلەن، پىشام-
شان بېگى شۇمتو، ئالدى قوش بېگى مىجى سوۋغا ـ سالام
كۆتۈرۈپ ئالدىنقى چىن ئوردىسىغا بېرىپ، «قورۇقچىبەگ ئە-
ۋەتىشنى ئىلتىماس قىلغان». پۇقرالارمۇ بىرلىككە كېلىشنى
ئۈمىد قىلغان، غۇز سودىگەرلىرىنىڭ بىرلىككە كېلىشكە
بولغان ئىنتىلىشى تېخىمۇ كۈچلۈك بولغان. تارىختا خاتىرى-
لىنىشىچە، غەربىي يۇرتلۇق سودىگەرلەر سۈي سۇلالىسىنىڭ
(581 ـ يىلى) ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنى بىرلىككە كەلتۈرگەنلى-
كىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، «مەخپىي سوۋغا ـ سالام ئەۋەتىپ،
سەمىمىيىتىنى بىلدۈرۈپ»، سۈي سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرت-
نى تېزدىن بىرلىككە كەلتۈرۈشىنى ئۈمىد قىلغان①. ئۈچىن-
چى، تاكتىكا ۋە ئۇسۇل جەھەتتە، ھەرقايسى سۇلالە ھاكىمى-
يەتلىرى غەربىي يۇرتنى قايتۇرۇۋېلىشتا، خاتىرجەم قىلىپ،
ئىنئام بېرىشنى ئاساس قىلىشتەك تىنچلىق ئۇسۇلىنى
قوللانغان. ۋېي، جىن سۇلالىلىرىدىن بۇيان، غەربىي يۇرتتا
ئاز ـ تولا ئىش قىلغان سۇلالىلەرنىڭ ھەممىسى ئالدى بىلەن
ئەلچى ئەۋەتىپ دوستلۇق ئورناتقان، ئۇلارنى خاتىرجەم قىلىپ
ئىنئام بەرگەن، يەنە كېلىپ بۇنىڭدىن ناھايىتى ياخشى ئۈنۈم
ھاسىل قىلغان. ئالدىنقى چىن پادىشاھى فۇجيەننىڭ «ئۆزىگە
تارتىش يولىنى تۇتۇپ، ئەل بولغانلارنى جازادىن كەچۈرۈم قى-
لىپ، ئوتتۇرا جۇڭگونىڭ ھەيۋىتىنى نامايان قىلىپ، بۇ ئار-
قىلىق باشقا بەگلەرگە تەسىر كۆرسىتىش، ھەرگىز قورال
كۈچى ئىشلىتىپ، ئىستېلا قىلماسلىق كېرەك» ② دېگەن
سۆزى مۇشۇنداق تاكتىكا ئىدىيىسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئال-
دىنقى چىن سۇلالىسى ئالدىنقى لياڭ سۇلالىسىنى ھالاك
قىلغاندىن كېيىن، لياڭجۇ ئايماقبېگىگە پەرمان چۈشۈرۈپ،

① «ۋېينامە. پېي جۈنىڭ تەرجىمىھالى».
② «جىننامە. فۇجيەن ھەققىدە خاتىرە».

ئەلچى ئەۋەتىپ نۇرغۇن تاۋار ـ دۇردۇنلارنى ئېلىپ غەربىي يۇرتقا بېرىپ، غەربىي يۇرتنى خاتىرجەم قىلغان. بىرنەچچە يىل ئىچىدە، غەربىي يۇرتتىكى نەچچە ئون بەگلىك ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئوردىغا ئەلچى ئەۋەتىپ، سوۋغات يوللىغان، پىشامشان، كىنگىت بەگلىرى تېخى چاڭئەنگە ئۆزلىرى بارغان. شىمالىي ۋېي پادىشاھى توغبات تاۋ غەربىي يۇرتنى باشقۇرغان مەزگىلدىمۇ ئالدى بىلەن دوڭ ۋەن، گاۋمىڭنى ئالتۇن ـ كۈمۈش، تاۋار ـ دۇردۇنلارنى ئېلىپ غەربىي يۇرتقا ئەۋەتىپ، غەربىي يۇرتتىكى نەچچە ئون بەگلىكنىڭ ئوردىغا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئەلچى ئەۋەتىشىگە تۈرتكە بولغان.

تۆتىنچى، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن غەربىي يۇرتنىڭ بىرلىككە كېلىشى تارىختىن بۇيان شىمالدىكى كۆچمەن چارۋىچى كۇچلەرنىڭ چەكلەپ تۇرۇشى ۋە ئارىلىشىشىغا ئۇچراپ كەلگەن، ۋېي، جىن سۇلالىسىدىن بۇيانقى 300 نەچچە يىلدا، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە بۆلۈنمە ۋەزىيەت شەكىللىنىپ، ھەرقايسى كۇچلەر ئاجىزلاپ كەتكەن، بۇنداق ئەھۋالدىكى چەكلەش ۋە ئارىلىشىش تېخىمۇ كۇچلۇك بولغان. ئارمانغا تۇشلۇق دەرمان بولمىغان ئەھۋالدا، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى بەزى خانلىقلار ئۆزئارا چەكلەش تاكتىكىسىنى قوللانغان. مەسىلەن، شىمالىي ۋېي ھاكىمىيىتى جورجانلار بىلەن غەربىي يۇرتنى ئۇزۇن مۇددەت تالىشىپ كەلگەندى، لېكىن قوشلارنىڭ كۇچى زورايغاندىن كېيىن، ئەكسىچە جورجانلارنى قوللاپ، قوشلارغا تاقابىل تۇرغان. بۇنداق چەكلەش تاكتىكىسىنىڭ ئاخىرقى مەقسىتى غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرۈش بولسىمۇ، لېكىن مۇئەييەن سەلبىي ئۈنۈم ھاسىل قىلغان، ئۇ بولسىمۇ غەربىي يۇرتتىكى ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقى كۇچىيىپ، غەربىي يۇرتنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكىنىڭ نورمال تەرەققىياتىغا زىيان سالغان.

**5. سۇي، تاڭ مەركىزىي سۇلالىلىرىنىڭ غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى**

581 ـ يىلى (كەيخۇاڭنىڭ 1 ـ يىلى) سۇي سۇلالىسى قۇرۇ-لۇپ، بىرقانچە يىلدىن كېيىن جەنۇبىي چېن خانلىقىنى يوقى-تىپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە نەچچە يۈز يىل داۋام قىلغان بۆلۈنمە ۋەزىيەتكە خاتىمە بەرگەن. سۇي سۇلالىسى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، سۇي ۋېندى شىمالدىكى شەرقىي تۈركلەرنىڭ تاجا-ۋۇزچىلىقىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، غەربىي يۇرتقا ئەلچى ئەۋە-تىپ، غەربىي تۈركلەر بىلەن ئىتتىپاق تۈزگەن. سۇي ياڭدى مەزگىلىدە، غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلىش باشلانغان. سۇي سۇلا-لىسى ئىبۇرغولنى غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشنىڭ بۆ-سۇش ئېغىزى قىلىپ تاللىغان. ئىبۇرغول غەربىي يۇرتنىڭ شەرقىي قىسمىدا بولۇپ، غەربىي يۇرتنىڭ مۇھىم قاتناش ئېغىزى ۋە مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك يەر بولۇپلا قالماستىن، يەنە كېلىپ سودىگەرلەر ئارىلاش ئولتۇراقلاشقان، تۈرلۈك ماللار توپلاشقان ئىقتىسادىي جەھەتتىكى مۇھىم بازار ئىدى. سۇي ياڭدى ئاۋۋال ياساۋۇل تەيتىش بېگى ۋېي جې قاتارلىقلارنى غەربىي يۇرتقا ئەل-چىلىككە ئەۋەتكەن، كېيىن غوز سودىگەرلىرى بىلەن ئالاقىلى-شىپ، غەربىي يۇرتنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەش مەقسىتىدە، مەن-سەپ ـ تۇتۇق پىرقىسىنىڭ ۋەزىرى پېي جۈنى جاڭيېدا تۇرۇپ غەربىي يۇرتنىڭ سودا ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا ئەۋەتكەن. 608 ـ يىلى (دايېنىڭ 4 ـ يىلى) سۇي سۇلالىسى ئوڭ قول ھەمدەمچى سانغۇن شى ۋەنسۈينى قاشقوۋۇق يولى ھەربىي يۈرۈش ئۇلۇغ سانغۇنى قىلىپ تەيىنلەپ، ئىبۇرغولغا يۈرۈش قىلغان. چوڭ قوشۇن كەلگەن ھامان، ئىبۇرغولنى ساقلاپ تۇرغان قوشۇن تەس-لىم بولغان. 610 ـ يىلى سۇي سۇلالىسى ئىبۇرغول كونا شەھى-رىنىڭ شەرقىدە يېڭى شەھەر بىنا قىلىپ، ئىبۇرغول قورغىنى تەسىس قىلىپ، كېڭەش بېگى ۋاڭ ۋېيىنى قوشۇن تۇرغۇزۇپ ساقلاشقا قويغان. ئىبۇرغول ۋىلايىتى تەسىس قىلىپ، قوشۇن

تۇرغۇزغاندىن باشقا، يەنە ئەمىرلەشكەردىن بىرنى تەيىنلەپ، ھەر-
بىي، مەمۇرىي ئىشلارنى باشقۇرۇشقا قويغان. 609 - يىلى(دايې-
نىڭ 5 - يىلى) سۈي سۇلالىسى تۇيغۇنلارنى تىنچىتقاندىن كې-
يىن، غەلىبىسېرى ئىلگىرىلەپ، تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي
جەنۇبىدا پىشامشان ۋىلايىتى ۋە چەرچەن ۋىلايىتى تەسىس قىل-
غان. پىشامشان ۋىلايىتىنىڭ مەركىزى پىشامشان شەھىرى(قە-
دىمكى كروران شەھىرى) بولۇپ، تەۋەسىدە شيەنۇۋ، جىيۇەن نا-
ھىيىلىرى تەسىس قىلىنغان. چەرچەن ۋىلايىتىنىڭ مەركىزى
قەدىمىي چەرچەن شەھىرىدە بولۇپ، تەۋەسىدە سۇنىڭ، فۇرۇڭ
ناھىيىلىرى تەسىس قىلىنغان. سۈي سۇلالىسى بۇ رايونلارغا بول-
غان ھۆكۈمرانلىقىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، «سۈرگۈن قىلىنغان
گۇناھكارلارنى ھەربىي تېرىقچىلىققا سېلىپ، كەڭ كۆلەمدە تې-
رىقچىلىق قىلىپ، كۈنپېتىشتىكى ۋىلايەتلەرنى ئاشلىق بىلەن
قامدىغان.» ① پېي جۈ ئۆزى يازغان «غەربىي يۇرتنىڭ جۇغراپىيە-
لىك ئەھۋالىدىن خاتىرىلەر» دېگەن كىتابىدا: «ئېۋىرغول، قوچو،
پىشامشان غەربىي يۇرتنىڭ دەرۋازىسى، ھەممىسى دۇنخۇاڭ تەرەپ-
تە بولۇپ، غەربىي يۇرتنىڭ بوغۇزى ھېسابلىنىدۇ» ② دېگەن.
پىشامشان، ئېۋىرغولدا ۋىلايەت، ناھىيىنىڭ تەسىس قىلىنىشى
سۈي سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى ئۈچ دەرۋازىسىنىڭ ئىككى-
سىگە ئېرىشكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

قوچو بەگلىكى ئەزەلدىنلا ئىچكىرى جايلار بىلەن قويۇق مۇ-
ناسىۋەتتە بولۇپ كەلگەن، سۈي سۇلالىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن،
يەنە سۈي سۇلالىسى بىلەن ئالاقە ئورناتقان. 609 - يىلى(دايېنىڭ
5 - يىلى) سۈي ياڭدى غەربنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە ئاتلىنىپ،
خېشىدىكى ئالچى تېغى(ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىدىكى يوڭچاڭ
ناھىيىسىنىڭ غەربى، شەنمياۋ ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبى)غا
كەلگەندە، قوچو بېگى ۋە غەربىي يۇرتتىكى چوڭ - كىچىك نەچ-

① «سۈينامە. ئۇزۇق - تۆلۈك، تەزكىرىسى».
② «سۈينامە. پېي جۈنىڭ تەرجىمىھالى».

چە ئون بەگلىكنىڭ ئەلچىلىرى سالامغا چىققان، 612 - يىـ-
لى(دايېنىڭ 8 - يىلى) قوچو بېگى چۈبويا سۈي سۇلالىسى پاي-
تەختىگە بېرىپ، خۇارۇڭ مەلىكىنى نىكاھىغا ئالغان. ئۇ قايتىپ
كەلگەندىن كېيىن كىيىمنىڭ رەڭگى، پاسوننى ئۆزگەرتىش
ھەققىدە يارلىق چۈشۈرۈپ: «ھازىر بۈيۈك سۈي ئوتتۇرا تۈزلەڭ-
لىكنى بىرلىككە كەلتۈردى، زېمىندىكى پۇقرالاردىن ئۇنىڭغا ئەل
بولمىغىنى قالمىدى. مەنمۇ ئوردىنىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشتىم،
شۇڭا پۇقرالىرىم ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن بىردەك بولۇشى كې-
رەك. ئەملى بارلارنىڭ ھەممىسى چېچىنى بېشىغا تۈگۈپ، كىـ-
يىمنىڭ رەڭگى، پاسوننى ئۆزگەرتىشى كېرەك» ① دېگەن.
بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ سۈي سۇلالىسىگە بولغان ساداقىتىنى
بىلدۈرۈش ئىدى. شۇنىڭ بىلەن غەربىي يۇرتنىڭ دەرۋازىلىرى
سۈي سۇلالىسىنىڭ قولىغا تولۇق ئۆتكەندى.
غەربىي يۇرتتىكى باشقا بەگلىكلەردىن «30 نەچچىسى خان
ئوردىسىغا ئەلچى ئەۋەتكەن، پادىشاھ بۇلارنىڭ ئىشىنى بىر تەرەپ
قىلىشقا غەربىي يۇرت چېرىكچىبېگىنى تەسىس قىلغان.» ② بۇ
چاغدا، شەرقىي تۈرك خانلىقى سۈي سۇلالىسىگە ئەل بولغان،
غەربىي تۈرك قاغانى شىكۈي (يابغۇ) سۈي سۇلالىسى بەرگەن ئو-
تۇغات نامىنى قوبۇل قىلغان بولۇپ، جۇڭگو زېمىنى چوڭ بىر-
لىككە كېلىش ھارپىسىدا تۇرغانىدى. ھالبۇكى، ئۆز نەتىجىلىرى-
دىن مەغرۇرلىنىپ كەتكەن سۈي ياڭدى تەۋەككۈل قىلىپ شەرق-
قە ئەسكەر چىقىرىپ، پۈتۈن دۆلەتنىڭ كۈچىنى سەرپ قىلىپ،
كوگۇرى (كورىيە)گە ئۈچ قېتىم جازا يۈرۈشى قىلغان. ئەسكەر
يۆتكەپ، ئاشلىق توشۇش نەتىجىسىدە، پۈتۈن دۆلەت پاتىپاراق بو-
لۇپ كەتكەن، مەككار ئەمەلدارلار ئاۋامنى قاقتى - سوقتى قىـ-
لىپ، پۇقرالار كۈن كەچۈرەلمەي قالغان. 618 - يىلى (دايېنىڭ

① «سۈينامە. قوچو تەزكىرىسى».
② «سۈينامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى».

14 ـ يىلى) داغدۇغىلىق دېھقانلار قوزغىلىڭى سۈي سۇلالىسىنى ھالاك قىلغان، غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلىش پىلانىمۇ شۇنىڭ بىلەن توختاپ قالغان.

618 ـ يىلى(ۋۇدېنىڭ 1 ـ يىلى) تاڭ سۇلالىسى قۇرۇلغان. تاڭ سۇلالىسى ئالدى بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، كېيىن لوڭ يۇنى ئىگىلىۋالغان شۆشى بىلەن لياڭجۇنى ئىگىلىۋالغان لى گۈينى باستۇرۇپ، خېشىنى بىرلىككە كەلتۈرگەن. 630 ـ يىلى(جېنگۈەننىڭ 4 ـ يىلى) تاڭ سۇلالىسى شەرقىي تۈرك خانلىقىنى تىنچىتىپ، چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى يايلاقنى بىرلىككە كەلتۈرگەن. بۇ ۋەقە غەربىي يۇرتتا قاتتىق ساراسىمە قوزغىغان. غەربىي تۈرك خانلىقىغا قارام بولغان ئېۋىرغول رايونىدىكى يەتتە شەھەر ئۆزلۈكىدىن تاڭ سۇلالىسىنىڭ تەۋەلىكىگە ئۆتكەن، تاڭ سۇلالىسى بۇ يەردە غەربىي ئېۋىرغول ئايمىقى قۇرۇپ، كېيىن ئېۋىرغول ئايمىقىغا ئۆزگەرتكەن.

تاڭ سۇلالىسى غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلىش ئىرادىسىگە كەلگەن. 640 ـ يىلى (جېنگۈەننىڭ 14 ـ يىلى) تاڭ سۇلالىسى ھەر تەرەپتىن 150 مىڭ كىشىلىك قوشۇن تەشكىللەپ، سول قانات ئۇلۇغ سانغۇن جۇبە قالى باشچىلىقىدىكى نەچچە تۇمەن تېلى ۋە تۈرك قوشۇنى بىلەن جازا يۈرۈشى قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، كىنگىتكە ئەلچى ئەۋەتىپ ياردەم بېرىشنى تەلەپ قىلغان (ئىلگىرى كىنگىت قوچو بەگلىكىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغاندى). بۇنىڭدىن تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى خەنزۇلار، يايلاقتىكى مىللەتلەر ۋە غەربىي يۇرتتىكى ئىتتىپاقداشلارنىڭ ھەمكارلىشىشى ئارقىسىدا ئېلىپ بېرىلغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. تاڭ قوشۇنى ئېۋىرغولدىن چىقىپ، قاغان بۇت شەھىرى(ھازىرقى جىمىسار ناھىيىسىنىڭ شىمالى)نى ئالغان، ئاندىن جەنۇبتا قوچوغا قورشاپ ھۇجۇم قىلغان، كۈۋېنتاي قورقۇپ كېتىپ ئۆلگەن، ئوغلى كۈجىشىڭ شەھەرنى بېرىپ تەسلىم بولغان. تاڭ سۇلالىسى قوچودا غەربىي ئايماق، قاغان بۇت

شەھىرىدە بېشبالىق ئايمىقى تەسىس قىلغان. تاڭ سۇلالىسى يەنە
غەربىي ئايماقتا ئەنشى قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى تەسىس قى-
لىپ، غەربىي يۇرتنىڭ ھەربىي، مەمۇرىي ئىشلىرىنى بىر تۇتاش
باشقۇرغان. بۇ تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتتا تەسىس قىلغان
ئەڭ ئالىي ھەربىي، مەمۇرىي ئورگىنى ھېسابلىنىدۇ.

642 - يىلى تاڭ سۇلالىسى نىشور قاغانىنىڭ نەۋرىسى ئېل
بىلگە شېكۇينى غەربىي تۈرك قاغانى قىلىپ تىكلەپ، غەربىي
يۇرتنىڭ شىمالى ۋە غەربىي قىسمىنى كونترول قىلغان. لېكىن
ئېل بىلگە شېكۇي تاڭ سۇلالىسىنى غەربىي يۇرتنىڭ شەرقىي
قىسمىدىلا چەكلەپ قويماقچى بولۇپ، قول ئاستىدىكىلىرىگە
كىنگىت مەلىكىسىنى ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق، كىنگىتنى تىز-
گىنلىۋالغان. ئاندىن يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا قاتناشقا توس-
قۇنلۇق قىلىپ، غەربىي ئايماققا پاراكەندىچىلىك سالغان. تاڭ
سۇلالىسى قوشۇنى 644 - يىلى (جېنگۇەننىڭ 18 - يىلى) كىن-
گىتنى ھۇجۇم قىلىپ ئالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۈنۈملۈك تىز-
گىنلەپ تۇرالمىغان. 648 - يىلى تاڭ سۇلالىسى 2 - قېتىم
قوشۇن چىقارغان. بۇ قوشۇنمۇ يات مىللەت قوشۇنى بىلەن خەن-
زۇلار قوشۇنىنىڭ بىرلەشمىسى بولۇپ، يات مىللەت قوشۇنى ئا-
ساسلىق ئورۇندا ئىدى، قوشۇننىڭ قوماندانى تۈركلەردىن ئەل
بولغان ئوڭ قانات شىرمەت چەۋەندازلار سانغۇنى ئاشىنا شىر ئى-
دى. تېلىلاردىن 13 قەبىلىنىڭ ئەسكىرى، تۈركلەردىن 100
نەچچە مىڭ ئاتلىق ئەسكەر، ئۇنىڭغا قوۋۇق ئىچىدىكى، ئېۋىرغول
ئايمىقى، غەربىي ئايماقتىكى خەنزۇ ئەسكەرلىرى قوشۇلۇپ ھەي-
ۋەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، ئاۋۋال كىنگىتنى، كېيىن كۇسەننى
ئالغان. غەربىي تۈركلەردىن ئاشىنا قۇلى، كۇلچۇر ئارقا - ئار-
قىدىن ئەل بولغان. تاڭ سۇلالىسى جەنۇبقا قوشۇن چىقىرىپ،
ئۇدۇن بېگىنى ئەل قىلغان. تاڭ سۇلالىسى يەنە يېڭىدىن ئەل
بولغان قۇرۇم يولى ھەربىي يۇرۇشىنىڭ باش بۇغى، سول قانات
شىرمەت چەۋەندازلار سانغۇنى ئاشىنا قۇلىنى نائىب ئىشبارا ياب-

غۇلۇققا تەيىنلەپ، داۋاملىق جازا يۈرۈشى قىلغان. بۇنىڭ بىلەن غەربىي تۈركلەر ئارقا - ئارقىدىن ئەل بولۇپ، غەربكە جازا يۈرۈشى قىلىش تولۇق غەلىبىلىك بولغان. غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ھەربىي ھەرىكىتى شۇنىڭ بىلەن بىر مەزگىل توختىغان.

تاڭ سۇلالىسى غەربىي يۇرتتا سۇلى، كۇسەن، ئۇدۇن، كىنگىت (679 - يىلدىن 719 - يىلغىچە سۇيابقا ئۆزگەرتىلگەن)تىن ئىبارەت تۆت قورغان تەسىس قىلىپ، ئەنشى قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنىڭ بىرتۇتاش باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەن، بۇ تارىختا «ئەنشىدىكى تۆت قورغان» دەپ ئاتالغان. ئەنشى قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى ۋە ئەنشىدىكى تۆت قورغاننىڭ تەسىس قىلىنىشى تاڭ سۇلالىسى غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتە باسقان مۇھىم قەدەم. بۇ ئورگانلارنىڭ تەسىس قىلىنىشىدىن قارىغاندا، تاڭ سۇلالىسى غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلىشتا ھەم ئىلگىرىكى سۇلالىلەرنىڭ تاكتىكىلىرىنى قوللانغان ھەم يېڭى تەدبىر ئىشلەتكەن. بۇنى ئومۇمەن مۇنداق بىرقانچە نۇقتىغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ: بىرىنچى، ئىدارە قىلىش تۈزۈلمىسى جەھەتتە، يەنىلا ھەربىي ئىشلار بىلەن مەمۇرىي ئىشلارنى بىرلەشتۈرۈش ئۇسۇلى يولغا قويۇلغان. خەن سۇلالىسىدە ھەربىي، مەمۇرىي ئىشلار بىرلەشتۈرۈلگەن قورۇقچىبەگ تۈزۈمى ئورنىتىلغاندىن بۇيان، تارىختىكى سۇلالىلەر بۇنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئىنتايىن ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشكەن، بۇنىڭدىن بۇ خىل ئىدارە قىلىش تۈزۈلمىسىنىڭ ئەينى چاغدىكى غەربىي يۇرتنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئەھۋالىغا ئاساسىي جەھەتتىن ئۇيغۇن كەلگەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. ئىككىنچى، ئىدارە قىلىش ئۇسۇلىدا يەنىلا تاڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى تىنچىتىش بىلەن خاتىرجەم قىلىشنى بىرلەشتۈرۈش تاكتىكىسى يولغا قويۇلغان. ھەربىي قورغان قوشۇن تۇرغۇزۇپ، مۇداپىئەدە تۇرۇشقا مەسئۇل بولسا، قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى ئامانلىق، تىرىكچى-

لىك ئىشلىرىنى باشقۇرغان. ئۈچىنچى، ئىدارە قىلىش كۈچىنىڭ
تەقسىماتىدا خەنزۇلار بىلەن ياتلار بىرلەشتۈرۈلگەن. تۆت ھەربىي
قورغاندىكى قوشۇندا خەنزۇلار بىلەن ياتلار ئارىلاش بولۇپ، سەر-
كەردىلەر ئارىسىدىمۇ يات مىللەت سەركەردىلىرى سەپلەنگەن. تۆ-
تىنچى، ئىدارە قىلىش كۈچىنى جايلاشتۇرۇشتا، غەربىي يۇرتنىڭ
غەربىي ۋە جەنۇبىي قىسمىدىكى چېگرا رايونلارغا ئەھمىيەت بې-
رىلگەن. خەن سۇلالىسىدىن بۇيان، تارىختىكى سۇلالىلەر غەربىي
يۇرتنى باشقۇرۇپ كەلگەن ئەڭ گۈللەنگەن مەزگىللەردە، كۆپ
ھاللاردا غەربىي يۇرتنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى كىنگىت، كۈسەننى
مۇھىم نۇقتا قىلغان؛ كۈچى ئاجىزراق بولغان مەزگىللەردە غەر-
بىي يۇرتنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى ئېۋىرغول، قوچو، پىشامشان
قاتارلىق جايلارنى مۇھىم نۇقتا قىلغان. تاڭ سۇلالىسى مەزگىلى-
دىكى ئەنشىدىكى تۆت قورغاننىڭ ھەممىسى غەربىي يۇرتنىڭ
غەربىي ۋە جەنۇبىدىكى مۇھىم جايلاردا تەسىس قىلىنغان، بولۇپ-
مۇ سۇياپ قورغىنى تېخىمۇ غەربتە بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى-
لەرنى چۆچۈتۈش رولىغا ئىگە ئىدى. شۇڭا، تۆت قورغاننىڭ تە-
سىس قىلىنىشى تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى بىۋاستە
تىزگىنلەيدىغان دائىرىسىنى زور دەرىجىدە كېڭەيتكەن. قىسقى-
سى، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئەنشى قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى ۋە ئەن-
شىدىكى تۆت قورغاننى تەسىس قىلىشى مەركىزىي خانىدانلىقنىڭ
غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلىشىنىڭ يېڭى تارىخىي باسقۇچقا كىر-
گەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

تاڭ سۇلالىسى غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كې-
يىن، ئىدارە قىلىش تۈزۈلمىسىدە زور ئىسلاھات ئېلىپ بارغان،
قارام مەھكىمە ۋە ئايماقلارنىڭ تەسىس قىلىنىشى بۇنىڭ بەلگى-
سى ھېسابلىنىدۇ. قارام مەھكىمە ۋە ئايماق ئەڭ دەسلەپتە ئاشىنا
قۇلىغا جازا يۈرۈشى قىلغان ۋاقىتتا قۇرۇلغان، يەنى 654 ـ يى-
لى(يۇڭخۇينىڭ 5 ـ يىلى) غەربىي تۈركلەرنىڭ چىگىل قەبىلىسى
تۇرۇشلۇق جايدا بېشبالىق(جىمىسار) ئايمىقى ۋە شاداپىت ئايمى-

قى قۇرۇلۇپ، بىردىن تۇتۇقبەگ قويۇلغان①. ئاشىنا قۇلى تۇپىد-
لىگى تىنچىتىلغاندىن كېيىن، قارام مەھكىمە، ئايماقلار غەربىي
تۈركلەر زېمىنىدا ئومۇمىيۈزلۈك تەسىس قىلىنىشقا باشلىغان.
658 - يىلى (شيەنچىڭنىڭ 3 - يىلى) ئىسسىقكۆل، تېنىقنۇر-
دىن ئىبارەت ئىككى قارام ئايماق قۇرۇلغان، غەربىي تۈرك قەبى-
لىلىرى ئاساسىدا، 27 قارام مەھكىمە، ئايماق قۇرۇلغان (تارىخ
كىتابلىرىدا تولۇق خاتىرىلەنمىگەچكە، بۇ ھازىرغا قەدەر ئې-
نىقلانغان مەھكىمە، ئايماقلاردۇر). تاڭ سۇلالىسى ئاشىنامىشنى
روناق تاپقۇزغۇچى قاغان قىلىپ تىكلىگەن ھەمدە ئۇنى قوشۇمچە
سول قول مۇھاپىزەتچى قوشۇن باش سانغۇنى، ئىسسىقكۆل قو-
رۇقچىبېگى قىلىپ بەلگىلەپ، ئىلگىرىكى غەربىي تۈركلەرنىڭ
سول قانات بەش تۇغلۇقلار قەبىلىسىنى باشقۇرۇشقا قويغان. ئا-
شىنا بۆكىنىنى ئىشلارنى داۋاملاشتۇرغۇچى قاغان، قوشۇمچە ئوڭ
قول مۇھاپىزەتچى قوشۇن باش سانغۇنى، تېنىقنۇر قورۇقچىبېگى
قىلىپ تەيىنلەپ، ئىلگىرىكى غەربىي تۈركلەرنىڭ ئوڭ قانات
بەش سادافلىقلار قەبىلىسىنى باشقۇرۇشقا قويغان. يەنە كېڭەش
بېگىنى ئاشىنامىش، ئاشىنا بۆكىنلەر بىلەن بىرگە ئوردىغا ۋاكا-
لىتەن ھەرقايسى قەبىلىلەرنىڭ ئاقساقاللىرىغا مەنسەپ بېرىشكە
غەربىي يۇرتقا ئەۋەتىپ، «قەبىلىسىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى،
ئورنىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكىگە قاراپ، ئايماقبېگىدىن تۆۋەن
ئەمەل - مەرتىۋە بېرىشكە رۇخسەت قىلغان»②. شۇ يىلى ئەنشى
قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنىڭ دەرىجىسى «ئەنشى باش قورۇقچى-
بەگ مەھكىمىسى»گە ئۆستۈرۈلۈپ، كۇسەنگە كۆچۈرۈلگەن، ئۇ
غەربىي يۇرتنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ، پۈتكۈل غەربىي يۇرتنى
باشقۇرغان. تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى تارىم ئويمانلىقىدا كۇسەن
تۇتۇق مەھكىمىسى، كىنگىت تۇتۇق مەھكىمىسى، سۇلى تۇتۇق
مەھكىمىسى، كېرىيە تۇتۇق مەھكىمىسىدىن ئىبارەت تۆت تۇتۇق

① «يېڭى تاڭنامە. شاداپىتلار ھەققىدە قىسسە».
② «تاڭ سۇلالىسىگە دائىر مۇھىم خاتىرىلەر»، 73 - جىلد.

مەھكىمە قۇرۇلغان، قارىمىقىدا 34 قارام مەھكىمە، ئايماق بول-
غان. كۆكئارتنىڭ غەربىدىكى تۈركلەرگە تەۋە كونا زې-
مىندىمۇ قارام مەھكىمە، ئايماق تەسىس قىلىنىپ، خاس ئەلچى-
لەر ئۇ يەرگە بېرىپ مەرتىۋە بەرگەن. بۇ مەزگىلدە كۆكئارتنىڭ
غەربى(توخرىلار رايونى) ۋە سوغدىلار رايونى(ھازىرقى ئوتتۇرا ئا-
سىيا ماۋرا ئۇننەھر رايونى)دا شەھەر دۆلەتلىرى ناھايىتى كۆپ
بولۇپ، تۇتۇق مەھكىمىسى ئاساسەن دۆلەتلەر بويىچە ئايرىلغان.
«يېڭى تاڭنامە» دە خاتىرىلىنىشىچە: «ئۇدۇننىڭ غەربى، پېرسىد-
يىنىڭ شەرقىدىكى 16 بەگلىكنىڭ مەركىزىدە تۇتۇق مەھكىمە-
سى قۇرۇلغان. بۇ تۇتۇق مەھكىمىلىرىدە جەمئىي 88 ئايماق،
110 ناھىيە، 126 ھەربىي مەھكىمە بولغان.» ئۇنىڭدىن باشقا:
«ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر»نىڭ 200 -
جىلدىدە خاتىرىلىنىشىچە: «شيەنچىڭنىڭ 4 - يىلى (659 - يى-
لى) 9 - ئايدا شاش، ماغيان، كۇشان، بۇخارا، مەرۋى، كېبۇت،
فەرغانە، ئېفتالىت، سۇلى، كۆكيار قاتارلىق ئەللەردە 127 ئاي-
ماق، ناھىيە، مەھكىمە تەسىس قىلىنغان».

702 - يىلى (چاڭئەننىڭ 2 - يىلى) تاڭ سۇلالىسى بېشبا-
لىقتا بېشبالىق قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى قۇرغان. 709 - يى-
لى(جىڭلۇڭنىڭ 3 - يىلى) ئۇنىڭ دەرىجىسىنى بېشبالىق باش
قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە ئۆستۈرۈپ، ئەنشى باش قورۇقچىبەگ
مەھكىمىسى بىلەن بىرگە غەربىي يۇرتنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىنى
باشقۇرۇشقا قويدى. تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىنى بېشبالىق باش قو-
رۇقچىبەگ مەھكىمىسى باشقۇرسا، جەنۇبىنى ئەنشى باش قورۇق-
چىبەگ مەھكىمىسى باشقۇرغان. بۇنىڭ بىلەن قارام مەھكىمە،
ئايماق تۈزۈمى غەربىي يۇرتتا بارغانسېرى مۇكەممەللىشىشكە
باشلىغان. ئەنشى، بېشبالىق باش قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى تاڭ
سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بىۋاستە ئەۋەتكەن ئورگان ھېسابلىنىدۇ،
باش قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىدە بىر نەپەر باش قورۇقچىبەگ ياكى
قورۇقچىبەگ قويۇلىدۇ، ئۇ قوشۇمچە 1 - دەرىجىلىك ياكى 2 -

دەرىجىلىك تۆرە بولۇپ، ئوردىدىكى دىۋانبېگى ياكى يانداش ئولۇغ، سول قول ۋەزىرلەر بىلەن تەڭ دەرىجىلىك ئىدى، بۇنىڭدىن ئۇلارنىڭ مەرتىۋىسىنىڭ ھەقىقەتەن يۇقىرىلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. باش قورۇقچىبەگ ياكى قورۇقچىبەگنىڭ قول ئاستىدا ئىككى نەپەر ئورۇنباسار باش قورۇقچىبەگ ياكى ئورۇنباسار قورۇقچىبەگ، بىر نەپەر دورغاپ، بىر نەپەر ئەمىر لەشكەر قويۇلغان. باش قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنىڭ مەمۇرىي ئىشلار، ھەربىي ئىشلار، ئەدلىيە ئىشلىرى، مالىيە ئىشلىرىغا مەسئۇل مەنسەپ مەھكىمىسى، ئاشلىق مەھكىمىسى، نوپۇس مەھكىمىسى، لەشكەر مەھكىمىسى، ئەدلىيە مەھكىمىسى قاتارلىق مەھكىمىلەر ۋە مۇشاۋىر، پۈتۈكچى قاتارلىق مەنسەپلەر تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ئوردىنىڭ ھەرقايسى مەھكىمىلىرىگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ. باش قورۇقچىبەگنىڭ مەسئۇلىيىتى: «ئەل بولغان قەبىلىلەرنى قوبۇل قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇش، تاشقى ھەربىي مۇداخىلە ۋە پاراكەندىچىلىكلەرگە تاقابىل تۇرۇش، تۆھپە ياراتقانلارنى تارتۇقلاش، گۇناھ ئۆتكۈزگەنلەرنى جازالاش، مەھكىمىنىڭ ئومۇمىي ئىشلىرىنى باشقۇرۇش»ئىدى. باش قورۇقچىبەگ «سىرتقا تەكشۈرۈشكە چىقسا، مەخسۇس يامۇل سېلىناتتى، باش قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى ئىچىگە ئالتە تۇغ قادىلاتتى، يەرلىك ئەمەلدارلار ئىچىدە ئۇنىڭدىن يۇقىرى مەرتىۋىلىكلەر يوق ئىدى.» ①

غەربىي تۈركلەرنىڭ ئىككى قانىتىدىكى ئىسسىقكۆل، تېنىقنۇر قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى باش قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولسىمۇ، لېكىن بۇ مەھكىمىلەر قول ئاستىدىكى ئورۇنلارغا قارىتا قارام بولغۇچىلارنى باشقۇرۇش شەكلىنى قوللانغاچقا، ئورگانلارنىڭ تەسىس قىلىنىشىدا ئەنشى، بېشبالىق باش قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنىڭكىگە سېلىشتۇرغاندا خېلى زور پەرق بار ئىدى. مەنسەپ نامىغا كەلسەك، بۇ ئىككى قورۇقچىبەگ-

① «قانۇنلار قامۇسى» 32 ـ جىلد.

نىڭ مەنسەپ نامى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا روناق تاپقۇزغۇچى قا-
غان، قوشۇمچە سول قول مۇھاپىزەتچى قوشۇن باش سانغۇنى،
ئىسسىقكۆل قورۇقچىبېگى ۋە ئىشلارنى داۋاملاشتۇرغۇچى قاغان،
قوشۇمچە ئوڭ قول مۇھاپىزەتچى قوشۇن باش سانغۇنى، تېنىقنۇر
قورۇقچىبېگى بولۇپ ھەم قاغانلىق ئوتۇغات نامى، ھەم ئوردىدىن
بېرىلگەن مەنسەپ نامى بار ئىدى. يەنە كېلىپ، ھەرقايسى قو-
رۇقچىبەگ مەھكىمىلىرى ۋە ئۇنىڭ قارىمىقىدىكى تۇتۇق مەھ-
كىمىلىرىنىڭ ئاقساقاللىرىلا ئوردىدىن بېرىلگەن قاغان، چۇر،
ئېركىن قاتارلىق ئوتۇغات نامى ۋە قورۇقچىبەگ، تۇتۇقبەگ، ئاي-
ماقبېگى قاتارلىق مەنسەپنى قوبۇل قىلغان، قالغان مەمۇرىي ئو-
رۇنلىرىدا يەنىلا ئىلگىرىكى غەربىي تۈركلەرنىڭ ئىچكى تۈزۈمى
قوللىنىلغان. قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى، تۇتۇق مەھكىمىسىدە
ئومۇمەن پۈتۈكچى ھەربىي مەسلىھەتچى بولۇپ، كۆپىنچە خەنزۇ-
چە خەت ـ ئالاقە ئىشلىرىنى باشقۇراتتى. تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇ-
بىدىكى تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئەتراپىدىكى تۇتۇق مەھكىمىلىرى
ۋە كۆكئارتنىڭ غەربىدىكى تۇتۇق مەھكىمىلىرىدە ئومۇمەن خاذ-
لىق نامى بىلەن تۇتۇقبەگ، ئايماقبېگى نامى تەڭ ئاتىلاتتى.

تاڭ سۇلالىسى غەربىي يۇرتنىڭ شەرقىدىكى ئېۋىرغول ئاي-
مىقى(ھازىرقى قۇمۇل رايونى)، غەربىي ئايماق(ھازىرقى تۇرپان
رايونى)، بېشبالىق ئايمىقى(ھازىرقى سانجى ۋە ئۈرۈمچى رايو-
نى)دا ئىچكىرىدىكى جايلارنىڭكىگە ئوخشاش ئايماق، ناھىيە بو-
يىچە باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى يولغا قويغان. ئايماقتا بىر ئايماق
بېگى قويۇلغان بولۇپ، ئايماقنىڭ پۈتۈن ئىشلىرىنى باشقۇرغان،
ئۇنىڭ قول ئاستىدا مۇئاۋىن ئايماقبېگى، دورغاپ، ئەمىرلەشكەر
بولۇپ، ھەربىي، مەمۇرىي ئىشلارغا مەسئۇل بولغان. ئايماقنىڭ
ۋەزىپىدار تارماقلىرىدىن ئەمەلدارلار ئىشلىرى مەھكىمىسى،
ئاشلىق مەھكىمىسى، تۇتۇن سېلىق مەھكىمىسى، ھەربىي خىز-
مەت مەھكىمىسى، ئەدلىيە مەھكىمىسى، تۆرىلەر مەھكىمىسى بو-
لۇپ، ھەربىر مەھكىمىگە بىردىن ئىشقاۋۇل مەسئۇل بولغان. نا-

ھېيدە ئامبال ئۇمۇمىي ئىشلارنى باشقۇرغان، ئورۇنباسار ئام-
بال، باش دەپتەردار، ئامبال ياردەمچىسى كونكرېت ئىشلارنى
باشقۇرغان. ناھىيىنىڭ تۆۋىنىدە يەنە يېزا، مەھەللىلەر بولۇپ،
يېزىلاردا يېزا ئاقساقىلى، مەھەللىلەردە دورغا قويۇلغان. ئىقتى-
سادىي جەھەتتە، ئىچكىرىدىكى جايلارغا ئوخشاش «يەرنى تەڭشەش
تۈزۈمى» ۋە «ئىجارە - ھاشار - سېلىق»تىن ئىبارەت باج - سې-
لىق تۈزۈمى يولغا قويۇلغان. ھەربىي ئىشلاردا «مەھكىمە ئەسكەر-
لىرى تۈزۈمى» تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە يولغا قويۇلغان. بۇ تۈزۈم
غەربىي يۇرتنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى ئايماق، ناھىيىلەردە يۇر-
گۈزۈلۈپلا قالماي، كۆكئارتنىڭ شەرقىدىكى غەربىي قىسىم
رايونلىرىدىمۇ «مەھكىمە ئەسكەرلىرى تۈزۈمى» ئومۇميۈزلۈك
يولغا قويۇلغان، ھەتتا كۆكئارتنىڭ غەربىدىكى قىسمەن رايونلاردا
ھەربىي مەھكىمىمۇ قۇرۇلغانىدى.

تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلىش ئەھۋالىدىن
قارىغاندا، تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى چېگرا رايونلاردا قارام قى-
لىش تۈزۈمى بىلەن ئىچكىرىنىڭ ئايماق، ناھىيە تۈزۈمى بىللە
مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشتەك ئىدارە قىلىش ئۇسۇلىنى قوللانغان؛
ئۇنىڭدىن باشقا، قارام مەھكىمە، ئايماقنىڭ ئۆزىمۇ قارام قىلىش
تۈزۈمى بىلەن ئايماق، ناھىيە تۈزۈمىنىڭ قوش قاتلاملىق خاراك-
تېرىگە ئىگە. بۇنداق «بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش» تەك ئىدارە
قىلىش ئۇسۇلى تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ غەربىي يۇرتنى
ئىدارە قىلىش تۈزۈلمىسىدە ئۆزىگە قارىتىش تۈزۈمىدىن ئايماق،
ناھىيە تۈزۈمىگە ئۆتۈۋاتقانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ-
نىڭ بىلەن، مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي رايوننى باشقۇرۇشى
تېخىمۇ بىۋاستە بولغان ۋە تېخىمۇ كۈچەيگەن. چېگرا رايونلار-
نىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتىمۇ ئىچكىرىنىڭكى بى-
لەن بىر گەۋدىلىشىشكە قاراپ يۈزلەنگەن. «خەنزۇلار بىلەن
ياتلارنى ئايرىم - ئايرىم باشقۇرۇش» يەنىلا «ئۆتكۈنچى دەۋر»دىكى
مۇھىم مەزمۇن بولسىمۇ، لېكىن «يۇقىرىدا بىرلەشتۈرۈپ باشقۇ-

روۋش، تۆۋەندە ئايرىم ـ ئايرىم باشقۇرۇش»تەك كونكرېت باشقۇ-
رۇش ئۇسۇلى قوللىنىلغان. يەنى ئەنشى باش قورۇقچىبەگ مەھ-
كىمىسى بىلەن بېشبالىق باش قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى پۈتكۈل
غەربىي يۇرت زېمىنىنى قوللىرىدا تۇتۇپ، خەنزۇلار بىلەن يات
مىللەتلەرنى بىرلەشتۈرۈپ باشقۇرسا، ئۇنىڭ ئاستىدا تەسىس
قىلىنغان ئايماق، ناھىيىلەر ۋە قارام قىلىش تۈزۈمىدىكى قو-
رۇقچىبەگ مەھكىمىلىرى، تۇتۇق مەھكىمىلىرىدە خەنزۇلار بىلەن
يات مىللەتلەرنى ئايرىم ـ ئايرىم باشقۇرۇش يولغا قويۇلغان.
ھەتتا ئوخشاش بىر رايوندا، ئىككى خىل باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى
تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان. مەسىلەن، بېشبالىق ئايمىقىدا جى-
مسار ۋە ئۈرۈمتاي ناھىيىلىرى بولغاندىن سىرت، يەنە جىمىسار
قارام تۇتۇق مەھكىمىسى ۋە ئۈرۈمتاي قارام تۇتۇق مەھكىمىسى
تەسىس قىلىنىپ، شۇ جايدىكى كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەرنى
باشقۇرغان.

734 ـ يىلى (تاڭ سۇلالىسى كەييۈەننىڭ 22 ـ يىلى) تاڭ
سۇلالىسى ئوتۇغات نامى بەرگەن تۈركەشلەرنىڭ سادىق ـ ئىتا-
ئەتمەن قاغانى سۇلىق بېشبالىق قورۇقچىبېگى تۈركەش ئاقسا-
قىلىنى ئۆز مەيلىچە ئۆلتۈردى دېگەننى باھانە قىلىپ، تاڭ سۇلا-
لىسىگە قارشى ئەسكەر چىقارغان. تاڭ سۇلالىسى ئىلگىرى -
كېيىن بولۇپ 60 مىڭ كىشىلىك قوشۇن تەشكىللەپ، غەربكە
جازا يۈرۈشى قىلغان، ئۇلار تۈركەشلەرنىڭ قول ئاستىدىكى چوڭ
ئاقساقال باغارتارقاننىڭ ۋە فەرغانە، شاش، كۇشان بەگلىكلىرى-
نىڭ ماسلىششى ئارقىسىدا، 739 ـ يىلى (تاڭ سۇلالىسى كەي-
يۈەننىڭ 27 ـ يىلى) سۇلىق توپىلىڭىنى تىنچىتقان. غەربىي
تۈرك قەبىلىلىرى بەس ـ بەستە مەكتۇپ ئەۋەتىپ، تاڭ سۇلالى-
سىنىڭ «ئۆز قەبىلىلىرىنى ئەنشى باش قورۇقچىبەگ مەھكىمى-
سىنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسىگە كىرگۈزسە، مەڭگۈ ئىتائەتمەن
بولىدىغان»لىقىنى بىلدۈرگەن[1]. تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي
يۇرتنى ئىدارە قىلىشى يەنىمۇ كۈچەيگەن. سۇلىقنىڭ تاڭ سۇلا-

لىسىگە قارشى ئىسيان كۆتۈرگەن پەيتىدە، تۈبۈتلەر يامانغا يان تاياق بولغان. 663 ـ يىلى (تاڭ سۇلالىسى لۇڭسۇنىڭ 3 ـ يىلى) تۈبۈتلەر تۇيغۇنلارنى يوقىتىپ، چىڭخەيىنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، داۋاملىق ئىچكىرىلەپ تارىم ئويمانلىقىغا كىرىپ، 680 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە كۇسەن، سۇلىلارنى بېسىۋالغان. سۇلىق تاڭ سۇلالىسىگە قارشى ئىسيان كۆتۈرگەندە، تۈبۈتلەر ئەسكەر چىقىرىپ، تۈركەشلەرگە ماسلىشىپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئەنشىدىكى ھەربىي قورغانلىرىغا ھۇجۇم قوزغىغان، يەنە تاڭ سۇلالىسىدىن پامىردىكى چوڭ، كىچىك بولورنى تالاشقان. تاڭ سۇلالىسى قوشۇنى تۈبۈتلەر بىلەن بولغان جەڭدە ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈپ، 753 ـ يىلى (تيەنباۋنىڭ 12 ـ يىلى) چوڭ، كىچىك بولورنى قايتۇرۇۋېلىپ، پامىرنى تولۇق كونترول قىلغان بولسىمۇ، لېكىن تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى ھۆكۈمرانلىقى ئاجىزلاپ قالغان، چېگرا سىرتىدىكى ئەرەبلەر پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ تەسىر كۈچىنى غەربىي يۇرتنىڭ غەربىگە كېڭەيتكەن.

750 ـ يىلى (تاڭ سۇلالىسى تيەنباۋنىڭ 9 ـ يىلى) ئەنشى ھىراۋۇلى گاۋشيەنجى «بېقىندى ئەلگە خاس ئەدەپ ـ قائىدىنى بەجا كەلتۈرمىدى»دېگەن باھانە بىلەن شاش بەگلىكىگە جازا يۈرۈشى قىلىپ بېسىۋالغان. شاش بەگلىكىنىڭ شاھزادىسى ئەرەب ئەسكەرلىرىنى باشلاپ كىرىپ، تاڭ سۇلالىسى چېگرىسىغا مۇداخىلە قىلغان. بۇ يەردىكى ئەرەبلەر ئەرەب ئىمپېرىيىسىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلار 7 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا باش كۆتۈرگەندىن كېيىن، ئىسلام دىنى بايرىقىنى كۆتۈرۈپ، شەرققە قاراپ كېڭىيىپ، پېرسىيىنى بېسىۋالغان، كېيىن يەنە تاڭ سۇلالىسى باشقۇرۇش تەۋەلىكىدىكى غەربىي يۇرتنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ماۋرا ئۇننەھر رايونىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن. ھەرقايسى قارام ئەللەر كۆپ

① «كىتابلار جەۋھىرى» 977 ـ جىلد.

قىتىم جىددىي ياردەم تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، تاڭ سۇلالىسى هۆ-
كۈمىتى قوشۇن چىقارماي تۇرۇۋالغانلىقتىن، ئەرەبلەر ئوتتۇرا
ئاسىيادىكى ماۋرا ئۇننەهر رايونىنى بېسىۋالغان. شاش بەگلىكى-
نىڭ شاهزادىسى ئىچكى قىسمىدىن ماسلىشىپ بەرگەچكە، ئەرەب-
لەر پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ غەربىي يۇرتنىڭ غەربىي قىسمىغا
كەڭ كۆلەمدە تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن. گاۋ شيەنجى بۇنىڭدىن
خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئەنشىدىكى تۆت قورغاننىڭ ئەسكەرلىر-
نى باشلاپ ۋە غەربىي يۇرتتىكى قارام مەهكىمە، ئايماقلارنىڭ
ئەسكەرلىرىنى يۆتكەپ، 60 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن دۈش-
مەننىڭ ئالدىغا چىققان، ئۇلار تالاس رايونىغا كەلگەندە(هازىرقى
تالاس دەرياسى ۋادىسى) ئەرەب قوشۇنى بىلەن ئۇچرىشىپ، قاتتىق
تىركەشكەن. تارىختا خاتىرىلىنىشىچە: ئىككى تەرەپ «بەش كۈن
تىركەشكەن، قارلۇقلار يۈز ئۆرۈپ، ئەرەبلەر بىلەن بىرگە تاڭ
سۇلالىسى قوشۇنىغا قىستاپ هۇجۇم قىلغان، گاۋ شيەنجى ئېغىر
مەغلۇپ بولۇپ»①، ئەنشىگە چېكىنىپ كەتكەن، تۆت قورغاننىڭ
ئەسكەرلىرىدىن يېرىمىدىن كۆپرەكى چىقىم بولغان. ئەرەبلەر
شاش بەگلىكىنى بېسىۋالغان. مانا بۇ غەربىي يۇرت تارىخىدىكى
مەشهۇر «تالاس ئۇرۇشى»دۇر.

تاڭ سۇلالىسى قوشۇنى مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ، لېكىن
غەربىي يۇرت ۋەزىيىتىنى يەنىلا قاتتىق تىزگىنلەپ تۇرغان.
قارام ئەللەرگە ئوتۇغات نامى بېرىش، ئوردىغا ئولپان تاپشۇرۇش
داۋاملىشىۋەرگەن، تاڭ سۇلالىسى 753 - يىلى چوڭ - كىچىك
بولورنى قايتۇرۇۋېلىپ، ئون ئوق زېمىنىدا تۈركەش قاغانىغا ئو-
تۇغات نامى بەرگەن. ئۇرۇشتىن كېيىن تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئەرەب-
لەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى تېزلا ئەسلىگە كەلگەن، 752 -
يىلىدىن 753 - يىلىغىچە (تاڭ سۇلالىسى تيەنباۋنىڭ 11 - يى-
لىدىن 12 - يىلىغىچە) بولغان ئارىلىقتا ئەرەب ئەلچىلىرى چاڭ-

① «ئەلنى ئىدارە قىلىشتا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 216 - جىلد.

ئەنگە تۆت قېتىم سوۋغات ئېلىپ كەلگەن.

755 ـ يىلى (تاڭ سۇلالىسى تيەنباۋنىڭ 14 ـ يىلى) ئوت-تۇرا تۇزلەڭلىكتە «ئۆڭلۈك ـ سۆيگۇن توپىلىڭى» پارتلىغان. ئىككىنچى يىلى تاڭ سۇزۇڭ لى خېڭ لىڭۋۇ(ھازىرقى نىڭشىيا ئاپتونوم رايونى)دا تەختكە ئولتۇرۇپ، ھەممە تەرەپتىن ھىماتچى قوشۇن يۆتكەپ كەلگەن، ئەنشىدىكى تۆت قورغاننىڭ ئاساسلىق كۈچمۇ توپىلاڭنى تىنچىتىشقا يۆتكەلگەن؛ ئۇنىڭدىن باشقا غەربىي يۇرتتىكى قارام ئەللەردىن فەرغانە، ئۇدۇن قاتارلىقلارمۇ پەرمانغا بىنائەن ئەنشىدىكى تۆت قورغان قوشۇنى بىلەن بىرگە قوشۇن چىقىرىپ، سادىقلىقىنى بىلدۈرگەن، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇ-دۇن بېگى 5000 كىشىلىك خىل قوشۇن بىلەن قوۋۇقتىن كىرگەن. 758 ـ يىلى (تاڭ سۇلالىسى چيەنيۈەننىڭ 1 ـ يىلى) توخرى يابغۇسى ئۇناد قاتارلىق غەربىي يۇرتتىكى توققۇز بەگ-لىكنىڭ ئاقساقاللىرىمۇ ئوردىغا كېلىپ، «ئوردىغا ياردەملىشىپ، ئاسىيلارنى يوقىتىش»نى تەلەپ قىلغان ھەمدە شىمال تەرەپتىكى بارگاھتا خىزمەت كۆرسىتىشكە ئەۋەتىلگەن. چېگرا سىرتىدىكى ئەرەب ئىمپېرىيىسىمۇ قوشۇن ئەۋەتىپ ھەمدەمدە بولغان. بۇ مەزگىلدە «غەربىي شىمالدىكى چېگرىنى ساقلاپ تۇرغان ئەسكەر-لەر ۋە ھەرقايسى غۇز ئەسكەرلىرى» توپىلاڭنى تىنچىتىشتىكى ئاساسلىق كۈچكە ئايلانغان بولسىمۇ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى ھۆكۈمرانلىقى ۋە شەھەر مۇداپىئەسى زور دەرىجىدە ئاجىزلاپ كەتكەن.

تۈبۈتلەر «ئۆڭلۈك ـ سۆيگۇن توپىلىڭى»دىن پايدىلىنىپ خېشى رايونىغا بېسىپ كىرىپ، شەرق ـ غەرب قاتنىشىنى ئۈزۈپ تاشلىغان، ئارقىدىنلا ياردەمسىز قالغان غەربىي يۇرتقا ئۈزلۈك-سىز ھۇجۇم قوزغىغان. ئوردىدىن ئەۋەتىلگەن ئەمەلدارلار، غەر-بىي يۇرتنى قوغداشقا قېلىپ قالغان ئەسكەرلەر، يەرلىكتىكى قوشۇن ۋە خەلقلەر ئۇلارغا قوراللىق تاقابىل تۇرۇپ، مىڭ بىر مۇشەققەتلەردە تۈبۈتلەرگە قايتۇرما زەربە بېرىپ، غەربىي يۇرتنى

ساقلاپ قالغان. 768 ـ يىلى (تاڭ سۇلالىسى دالىنىڭ 3 ـ يىـ-
لى)نىڭ ئالدى ـ كەينىدە، غەربىي يۇرت بىلەن مەركىزىي خا-
نىدانلىقنىڭ ئالاقىسى ئەسلىگە كەلگەن، تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمە-
تى غەربىي يۇرتتىكىلەرنىڭ يالغۇز قالسىمۇ قەيسەرلىك بىلەن
غەربىي يۇرتنى قوغداپ قالغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، غەربىي
يۇرتتىكى لەشكەر، خەلقنىڭ «جان پىدالىق بىلەن ۋەتەنگە جاۋاب
قايتۇرغان» ئىش ـ ئىزلىرىدىن قاتتىق تەسىرلەنگەن. تاڭ دەۋ-
رۈڭ پەرمان چىقىرىپ غەربىي يۇرت ئەمەلدارلىرىنى مۇكاپاتلى-
غان، غەربىي يۇرتتىكى قوشۇن ۋە خەلق: « مەركىزىي ھاكىمى-
يەتنىڭ قوشۇنى ۋە مالىيىسىنى ئىشلەتمەي تۇرۇپ، نەچچە مىڭ
چاقىرىم دائىرىدىكى زېمىننى كونترول قىلىپ تۇرالىدى، مەر-
كەز قوشۇنى بىلەن ماسلاشتى. مۇھەببەت ـ نەپرەتنى ئېنىق ئاي-
رىپ، غەربىي يۇرتنى قوغدىدى » ① دەپ ماختىغان. 781 ـ يىلى
(تاڭ سۇلالىسى جيەنجۇڭنىڭ 2 ـ يىلى) يەنە غەربىي يۇرتنى
قوغداپ تۇرغان ساۋ لىڭجۇڭ، گوشىننى بېشبالىق باش قورۇق-
چىبېگى ۋە ئەنشى باش قورۇقچىبېگى قىلىپ تەيىنلىگەن ھەمدە
چېگرا ئامانلىقى ئىناچىخانى ۋە باتۇر-قورقماس ئىناچىخان دې-
گەن مەرتىۋىنى بەرگەن، غەربىي يۇرتنىڭ مەركىزىي خاندانلىق-
تىكى ئورنى خېلى كۆتۈرۈلگەن.
783 ـ يىلى (تاڭ سۇلالىسى جيەنجۇڭنىڭ 4 ـ يىلى)
چاڭئەندە جىڭيۇەن ھەربىي ئۆزگىرىشى يۈز بەرگەن، تاڭ دې-
زۇڭ ئەلچى ئەۋەتىپ تۇبۇتلەردىن ياردەم سورىغان، تۇبۇتلەر بۇ
پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، خېشىدىكى جىڭ جۇ، لىڭ جۇ قاتار-
لىق تۆت ئايماق ۋە غەربىي يۇرتتىكى ئەنشى، بېشبالىقنى ئۆز-
لىرىگە بۆلۈپ بېرىشنى شەرت قىلىپ تۇرۇۋالغان، ئەمەلىيەتتە
ئۇلارنىڭ مەقسىتى جىڭ جۇ، لىڭ جۇ قاتارلىق تۆت ئايماقنىڭ
غەربىدىكى پۇتكۇل غەربىي شىمال چېگرا رايوننى ئىگىلىۋې-

① «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى ئەمىر ـ پەرمانلار توپلىمى»، 116 ـ توم.

لىش ئىدى. ئەينى چاغدا، تۇبۇتلەر خېشىنى كونترول قى-
لىپ، گەنسۇنىڭ شەرقىي قىسمى ۋە شەنشىغىچە ئىچكىرىلەپ
كىرگەن، غەربىي يۇرتمۇ تۇبۇتلەر تەرىپىدىن بۆلۈپ تاشلى-
نىپ، سەددىچىنىنىڭ سىرتىدا 20 نەچچە يىل پاناھسىز قال-
غان، تاڭ سۇلالىسىنىڭ مۇداپىئە قوشۇنى ئۆز رولىنى يوقاتقا-
نىدى. كېيىن تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تۇبۇتلەر بىلەن كې-
لىشىم تۈزۈپ ئەنشى، بېشبالىقنى كېسىپ بەرگەن؛ يەنە «تۆت
قورغان، بېشبالىقتىكى سانغۇن، لەشكەرلەردىن ھال سوراش
خېتى» ئەۋەتىپ، غەربىي يۇرتنى بۆلۈپ بېرىش رەسمىيىتى
بېجىرىشكە مەخسۇس ئادەم ئەۋەتكەن. يول يىراق، قاتناش
قۇلايسىز بولغاچقا، ئوردىنىڭ پەرمانى غەربىي يۇرتقا يېتىپ
بارالمىغان. شۇنىڭ بىلەن 789 ـ يىلىغا قەدەر، تاڭ سۇلالى-
سى قوشۇنى ئەنشى، بېشبالىق ۋە كۆكئارتنىڭ شەرقىدىكى
رايونلارنى قەتئىي قوغداپ كەلگەن. بۇ مەزگىلدە ئورقۇن ئۇي-
غۇر (回纥) خانلىقى باش كۆتۈرۈپ، چۆللۈكنىڭ شىمالى-
دىكى موڭغۇل يايلىقىنى ئىگىلىگەن ھەمدە غەربىي يۇرتنىڭ
شەرقىي قىسمىغا كىرىپ كېلىشكە باشلىغانىدى. ئالتۇنتاغ
(ھازىرقى ئالتاي تېغى)دا كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلىدىغان
قارلۇق قەبىلىسى تۈركەش قەبىلىسىنىڭ ئورنىنى بېسىپ،
غەربىي تۈركلەرنىڭ ئون ئوق قەبىلىلىرى ياشىغان جاينى ئى-
گىلىگەن. شۇ يىلى تۇبۇتلەر قارلۇق قەبىلىسى بىلەن بىرلى-
شىپ، بېشبالىققا ھۇجۇم قىلغان، بېشبالىقتا تۇرۇشلۇق قوشۇن
ئۇيغۇر (回鹘) لار(788 ـ يىلى ئۇيغۇرلار ئۆز نامىنى خۇيخې
(回纥) دىن خۇيخۇ (回鹘) غا ئۆزگەرتىشنى تەلەپ قىلى-
غان) بىلەن بىرلەشكەن. بۇ جەڭدە تاڭ سۇلالىسى — ئۇي-
غۇرلار بىرلەشمە قوشۇنى مەغلۇپ بولۇپ، ئۇيغۇرلار چۆللۈك-
نىڭ شىمالىدىن چېكىنىشكە مەجبۇر بولغان، بېشبالىق تۇ-
بۇتلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەن، تاڭ سۇلالىسىنىڭ 2
مىڭدىن ئارتۇق سەركەردە، لەشكەرلىرى غەربىي ئايماق (ھا-

زىرقى تۇرپان)قا چېكىنگەن. 790 ـ يىلى (تاڭ سۇلالىسى جېنيۈەننىڭ 6 ـ يىلى) تاڭ سۇلالىسى — ئۇيغۇرلار بىرلەشمە قوشۇنى بېشبالىققا قايتىدىن ھۇجۇم قوزغىغان بولسىمۇ، يەنىلا مەغلۇپ بولغان، قارلۇقلار قاغانبۇت شەھىرى (ھازىرقى جىمسار ئەتراپى)نى بېسىۋالغان، تۈبۈتلەر غەلىبىسىرى ئىلگىرىلەپ غەربىي ئايماقنى ئىگىلىۋېلىپ، كۇسەنگە قورشاپ ھۇجۇم قىلغان. بۇ چاغدا، ئەنشىدىكى تۈت قورغاندا تاڭ سۇلالىسى قوشۇنى قالمىغان بولۇپ، ھەر مىللەت يەرلىك قوشۇن ۋە خەلق تۈبۈتلەرگە تاقابىل تۇرۇشقا باشلىغان. 2 ـ يىلى ئۇيغۇرلار 3 ـ قېتىم غەربىي يۇرتقا يۈرۈش قىلىپ، ئاخىرى تۈبۈتلەر ئۈستىدىن غالىب كېلىپ، بېشبالىق، غەربىي ئايماقنى قايتۇرۇۋالغان، كۇسەننى مۇھاسىرىدىن قۇتۇلدۇرغان. بۇنىڭ بىلەن غەربىي يۇرتنى ئۇيغۇرلار بىلەن تۈبۈتلەر كونترول قىلىدىغان ۋەزىيەت شەكىللەنگەن، ئۇيغۇرلار بېشبالىق، غەربىي ئايماق ۋە تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىدىكى كىنگىت، كۇسەن، ئۇرۇڭسۇ، باخۋان (ھازىرقى ئاقسۇ) ۋە سۇلىنىڭ شەرقىنى ئىگىلىگەن؛ تۈبۈتلەر تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي چېتىنى ئىگىلىگەن، ئۇدۇن تۈبۈتلەرنىڭ غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلىشتىكى مەركىزى بولغان. كۆكئارتنىڭ غەربىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ماۋرا ئۇننەھر رايونىنى چېگرا سىرتىدىكى ئەرەبلەر بېسىۋالغان، تاڭ سۇلالىسىنىڭ كۈچى ئاساسىي جەھەتتىن غەربىي يۇرتتىن چېكىنىپ چىققان.

## ئۈچىنچى، غەربىي يۇرت ، ئۇيغۇرلار ۋە ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقى

### 1. ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى

ئۇيغۇرلار كۆپ مەنبەلىك مىللەت بولۇپ، ئاساسلىقى موڭغۇل يايلىقىدىكى ئۇيغۇر(回纥)لار بىلەن تارىم ئويمانلىقىدىكى بوستانلىقلاردا ياشىغان يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ قوشۇلۇشىدىن

شەكىللەنگەن. بۇگۈنكى «ئۇيغۇر» ( Uyghur ) بىلەن قەدىمكى زاماندىكى «خۇيخۇ»(回鹘)سۆزىنىڭ ھەممىسى ئىلگىرى موڭغۇل يايلىقىدا ياشىغان بىر قەبىلىنىڭ تۈرك تىلىدىكى ئاتىلىشى بول-غان «ئۇيغۇر»(huihe، خەنزۇچە «回纥») سۆزىنىڭ ئوخشاش بول-مىغان تەلەپپۇز قىلىنىشىدۇر.

ئۇيغۇر(回纥،تۆۋەندىمۇ ئوخشاش)لارنىڭ مەنبەسى شىمالىي دىلاردۇر. شىمالىي دىلار ئېلىمىزدىكى ئەڭ قەدىمكى بىرقانچە مىللەتنىڭ بىرى. مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 2000 - يىللاردىلا ئۇلار ئېلىمىزنىڭ غەربىي شىمال رايونلىرىدا پائالىيەت ئېلىپ بېرىپ، خۇاشيا(خەنزۇ) قەبىلىلىرى بىلەن قوشنا ياشىغان. ئۇلارنىڭ ئىرقى ياكى تاشقى قىياپىتى خۇاشيا مىللىتىگە ئوخ-شاپ كېتىشى مۇمكىن، لېكىن تىلى ئوخشىمايدۇ. ئىككى تەرەپ باردى - كەلدىدە «تىلماچ» ئىشلىتەتتى. ① ئۇلار «چېچىنى ئۇ-زۇن قويۇۋېتىدىغان بولۇپ، چاپىنىنىڭ پېشىنى سول يېنىدىن ئاچاتتى»، قېنى كەتمىگەن خام گۆشنى يەيتتى. ئۇلار كۆچمەن چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلغان بولۇپ، يېزىقى يوق ئىدى.

شاڭ، جۇ سۇلالىلىرى مەزگىلىدە (مىلادىيىدىن ئىلگى-رىكى 11 - ئەسىردىن مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 5 - ئەسىرگىچە) دىلار(狄) يەنە دىلار (翟 ) دەپ ئاتالغان. ئالدىنقى چىن ۋە ئىك-كى خەن سۇلالىسى مەزگىلىدە، دىلار «دىڭلىڭ»(丁零 )، «دىڭ-لىڭ»(丁灵) ياكى «دىلى»(狄历 ) دەپ ئاتالغان. مىلادىيە 3 - ئەسىردىن كېيىن، يەنە «چىلې»(敕勒 ) ۋە «تېلې»(铁勒 ) دەپ ئاتالدى. بۇ سۆزلەرنىڭ يېزىلىشى ئوخشاش بولمىسىمۇ، لېكىن تەلەپپۇزى ناھايىتى يېقىن بولۇپ، ئوخشاش بىر مىللەتنىڭ خەنزۇ تىلىدىكى ئوخشاش بولمىغان ئاھاڭ تەرجىمىسىدىن ئى-بارەت. بۇ مىللەتنىڭ نامى يەنە بىر مىللەتنىڭ تىلىدىن، يەنى

---

① «دۆلەت ئەربابلىرى ھەققىدە بايان. جۇ بەگلىكىدىكى ئەربابلار ھەققىدە بايان»، 2 - جىلد.

دىلارنىڭ ئۆز تىلىدىن كەلگەن. مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 6 - ئەسىردىن ئاۋۋال، دىلارنىڭ يېزىقى بولمىغاچقا، بىز ئۇلارنىڭ نامىنى خەنزۇچە تارىخ كىتابلىرىدىكى خاتىرىلەر بويىچىلا ئاتىدۇق. مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 6 - ئەسىردىن كېيىن، تېلېلار ئۆز تىلىنى تۈرك - رونىك يېزىقى بىلەن خاتىرىلەيدىغان بولغان ھەمدە مۇشۇ يېزىق بىلەن نۇرغۇن مەڭگۈ تاشلارنى ئويغان، بۇنىڭ بەزىلىرى زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەن. 1893 - يىلى دانىيەلىك تىلشۇناس تومسون (V. Thomsen) بۇ سىرلىق يېزىقنى تۇنجى قېتىم يېشىپ چىققاندىن كېيىن، كىشىلەر ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى «ئىنتايىن كۈچلۈك» دېگەن مەنىدىكى Turk ياكى Turuk دەپ ئاتىغانلىقىنى بىلىپ يەتكەن. خەنزۇ يېزىقىدىكى دى، دىڭلىڭ، دىلى، تېلې قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى Turk ياكى Turuk سۆزىنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسىدۇر.

دىلار ئىلگىرى ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلنىڭ ئوردوس رايونى ۋە ئۇنىڭغا قوشنا رايونلاردا ياشىغان. ئاھالىنىڭ كۆپىيىشى ۋە ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئۇلار ئۇزلۇكسىز شەرق ۋە جەنۇبقا كېڭىيىپ، تېخىمۇ كۆپ ئوتلاققا ئىگە بولغان. شيا، شاڭ سۇلالىسى مەزگىلىگە كەلگەندە، ئۇلارنىڭ كۆچمەن چارۋىچىلىق رايونى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ شىمالىدىكى كەڭ رايونلارغا تارقالغان بولۇپ ھازىرقى سەنشى، خېبېي، شەنشىنىڭ شىمالىدا ئۇلارنىڭ ئىزلىرى قالغان.

دىلار بىلەن خۇاشيا قەبىلىلىرى قوشنا بولۇپ، ئىنتايىن قويۇق مۇناسىۋەتتە ئىدى. چىن سۇلالىسىدىن ئىلگىرىكى خاتىرىلەردە دىلار بىلەن خۇاشيا مىللىتىنىڭ ئەجدادى بىر دەپ قارالغان. «تاغ - ئېزىملار قۇرئى»دا: «شىجۇن خۇاڭدىنىڭ نەۋرىسى بولۇپ، شىمالىي دىلار شىجۇننىڭ پەرزەنتلىرىدۇر»[1] دەپ

[1] «تاغ - ئېزىملار قۇرئى»، شاڭخەي قەدىمكى كىتابلار نەشرىياتى، 1980 - يىلى نەشرى، 395 - بەت.

خاتىرىلەنگەن. بۇ خاتىرىنىڭ چىنلىقى توغرىسىدا دەلىل - ئىسپات كۆرسىتىپ بەرگىلى بولمىسىمۇ، لېكىن دىلار بىلەن خۇاشىيا مىللىتىنىڭ ئىرق، مەدەنىيەت جەھەتتىكى زىچ ئالاقىدىسىنى زور مىقداردىكى ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللاردىن ئىسپاتلاشقا بولىدۇ.① شاڭ، جۇ سۇلالىسى مەزگىلىدە، ئىككى تەرەپنىڭ قۇدىلىشىش مەسىللىرى تارىخ كىتابلىرىدا تېخىمۇ كۆپ. كېيىن، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كۆچۈپ كىرگەن دىلارنىڭ كۆپىنچىسى خۇاشىيا مىللىتىگە سىڭىپ كەتكەن.

مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 11 - ئەسىردە، يەنە بىر تارماق دىلار شىمالغا كۆچۈپ كەلگەن. شىمالغا كۆچۈپ كەلگەن دىلارنىڭ بىر قىسمى ئىچكى موڭغۇلنىڭ چوغاي تاغلىرى ئەتراپىدا ياشاپ، كېيىنچە هۇنلارنىڭ بىر قىسمىنى تەشكىل قىلغان. يەنە بىر قىسمى (قىزىل دىلار) يەنىمۇ شىمالغا مېڭىپ، چۆللۈكتىن كېسىپ ئۆتۈپ، چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى يايلاققا ۋە جەنۇبىي سىبىرىيىدىكى ئىپتىدائىي ئورمانلىقلارغا كىرىپ كەلگەن.

شىمالغا كۆچكەن دىلار ئاساسلىقى بايقال كۆلى بىلەن يېنىسەي دەرياسىنىڭ ئارىلىقىغا تارقالغان بولۇپ، ناھايىتى تېزلا يەرلىك ئاھالىلەر بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن. خەنزۇچە تارىخ كىتابلىرىدا ئۇلار «دىڭلىڭلار» دەپ ئاتالغان. دىڭلىڭلار بىلەن باشقا ئىپتىدائىي قەبىلە ئاھالىلىرىنىڭ ھەممىسى جەنۇبىي سىبىرىيە تاغلىقلىرى ۋە موڭغۇل يايلىقىنىڭ شىمالىدا ياشىغان.

جەنۇبىي سىبىرىيىنىڭ شەرقى بىلەن غەربى ئوتتۇرىسىدىكى جۇغراپىيىلىك پەرق تۈپەيلىدىن، غەربىي قىسمىدىكى دىڭلىڭلار «تېرىقچىلىققا ئۇستا» بولۇپ، نۇرغۇن قەبىلىلەر قوشۇمچە تېرىقچىلىق قىلغان ياكى تېرىقچىلىقنى ئاساس قىلغان. شەرقىي قىسمىدىكى دىڭلىڭلار بولسا ئوۋچىلىق، مېۋە تېرىش ۋە كۆچمەن

---

① كىسېلېف: «جەنۇبىي سىبىرىيىنىڭ قەدىمكى تارىخى»، 1 - قىسىم، 4 - باب. «ئوردوس-چە برونزا قوراللار»، 185 — 200 - بەتلەر، 326 — 327 - بەتلەر.

چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلغان. شەرقىي قىسىم بىلەن غەربىي قىسىمدىكى دىڭلىڭلارنىڭ پەرقى كۆنسېرى روشەنلىشىپ، پەيدىنپەي نىسپىي مۇستەقىل بولغان ئىككى گۇرۇھ بولۇپ شەكىللەنگەن. كېيىنكى ئۇيغۇر(回纥)قەبىلىسى ۋە توقۇز ئۇيغۇرلار شەرقىي دىڭلىڭلاردىن كېلىپ چىققان ①. ئاشىنا جەمەتى باشچىلىقىدىكى تۈرك قەبىلىسى بىلەن قارلۇق قەبىلىسى قاتارلىقلار غەربىي دىڭلىڭلاردىن كېلىپ چىققان②.

غەربىي قىسىمدىكى دىڭلىڭلار ئاساسلىقى ئوب دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى كۆزنېتسك ئويمانلىقى، يېنسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى مىنۇسىنسك ئويمانلىقى ۋە ئالتاي تاغلىرىدا مەركەزلەشكەن. شەرقىي قىسىمدىكى دىڭلىڭلار ئاساسلىقى بايقال كۆلى ئەتراپىدا ۋە بايقال كۆلىنىڭ جەنۇبىدىكى دەريا ۋادىلىرىدا ياشىغان.

مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 4 ـ ئەسىرگە كەلگەندە، چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى خۇاڭخېنىڭ خېتاۋ رايونلىرى ۋە چوغاي تاغلىرىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلىپ كېلىۋاتقان هۇنلار قۇدرەت تاپقان. ئۇلار چۆللۈكنىڭ جەنۇب، شىمالىدىكى يايلاقلاردىكى رۇڭ، دى، غۇز قاتارلىق قوۋملارنى «ئۆز پۇقراسىغا ئايلاندۇرۇپ، بىر ئائىلە كىشىلىرى قىلىپ»③، يايلاقتىكى تۇنجى بىرلىككە كەلگەن قۇدرەتلىك هۇن هاكىمىيىتىنى قۇرغان. هۇنلار «شىمالدا دىڭلىڭلارنى ئەل قىلىپ»، پۈتكۈل جەنۇبىي سىبىرىيە ۋە چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى يايلاقلارنى ئۆز تىزگىنىگە ئالغان.

مىلادىيە 85 ـ يىلى (شەرقىي خەن سۇلالىسى يۈەنخېنىڭ 2 ـ يىلى) شىمالىي هۇن هاكىمىيىتى ئۆزى قۇل قىلغان دىڭلىڭ

① شىراتورى كۇراكىچى: «هۇن مىللەتلىرى»، لىن گەن تەھرىرلىكىدىكى: «هۇنلار تارىخىغا دائىر ئىلمىي ماقالىلەردىن تاللانما»غا بېسىلغان، جۇڭخۇا كىتابلار نەشرىياتى، 1983 ـ يىلى نەشرى.
② «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى. تۈركلەر تەزكىرىسى»دە: «تۈركلەر ئىلگىرى بالقاش كۆلىنىڭ شىمالىدا ياشىغاندى» دەپ خاتىرىلەنگەن. «يېڭى تاڭنامە. قارلۇقلار تەزكىرىسى»دە: «قارلۇق تۈركلىرى بېشبالىقنىڭ غەربىي شىمالى، ئالتۇنتاغنىڭ غەربىدە ياشىغانىدى»دەپ خاتىرىلەنگەن.
③ «تارىخىي خاتىرىلەر. هۇنلار تەزكىرىسى».

قاتارلىق قەبىلىلەر بىلەن شەرقىي خەن خانىدانلىقىنىڭ قىسماق ھۇجۇمىدا ھالاك بولۇپ، «قايتا باش كۆتۈرەلمەي، يىراققا كۆچۈپ كەتكەن». ھۇن ھاكىمىيىتى ھالاك بولغاندىن كېيىن، موڭغۇل يايلىقىدا سىيانپى ۋە جورجان ھاكىمىيىتى ئارقا ــ ئارقىدىن تىكلەنگەن. دىڭلىڭلار يەنە سىيانپىلار ۋە جورجانلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا چۈشۈپ قالغان.

مىلادىيە 3 ــ ئەسىردىن كېيىن، خەنزۇچە تارىخ كىتابلىرىدا، دىڭلىڭلار «چىلې»، «گاۋچې»(قاڭقىل) ياكى «تېلې» دەپ خاتىرىلەنگەن. «ۋېينامە. قاڭقىللار تەزكىرىسى»دە خاتىرىلىنىشىچە: «قاڭقىللار قەدىمكى قىزىل دىلارنىڭ قالدۇق ئۇرۇقلىرىدۇر. ئۇلار دەسلەپتە دىلى دەپ ئاتالغان، ئۇلاردىن شىمالدا ياشىغانلىرى چىلې دېيىلەتتى، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە ياشىغانلار ئۇلارنى قاڭقىللار ياكى دىڭلىڭلار دەپ ئاتايتتى». «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى»دە ئېيتىلىشىچە: «ئۇيغۇر(回纥)لار ... ئېگىز چاقلىق ھارۋىلارنى ئىشلىتەتتى. ۋېي خانلىقى دەۋرىدە قاڭقىل دەپ ئاتالغان، يەنە چىلې دەپمۇ ئاتالغان بولۇپ، بۇ سۆز تېلې دېگەن سۆزنىڭ بۇزۇپ ئېيتىلىشى ئىدى». «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى. قاڭقىللار تەزكىرىسى»دە ئۇلارنىڭ ئالتە ئۇرۇق، 12 قەبىلىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقى خاتىرىلەنگەن، ئالتە ئۇرۇق دىلار، يۈەنخېلار(袁纥氏)، قوغۇرسۇ، چەبنى (چاپىش)، قۇتغۇر، ئېتىكىن(ئىلتېكىن)دىن ئىبارەت. تارىخچىلار ئومۇمەن، بۇلار ئىچىدىكى يۈەنخېلار(袁纥氏) كېيىنكى ئۇيغۇر(回纥)لاردۇر دەپ قارايدۇ.

4 ــ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، سېلىنگا دەرياسى، ئورقۇن دەرياسى ۋە توغلا دەرياسى ۋادىسىدىكى قاڭقىل قەبىلىلىرى توپلىشىپ، دەسلەپكى قەدەمدە گورۇھ بولۇپ شەكىللەنگەن، تارىخ كىتابلىرىدا ئۇلار «شەرقىي قاڭقىللار» دەپ ئاتالغان. ئۇيغۇر(回纥) لار دەل شەرقىي قاڭقىل گورۇھىدىكى بىر قەبىلىدۇر، ئەينى چاغدا، ئۇلار «لۇخۇن كۆلىنىڭ غەربىدىن 100 نەچچە

چاقىرىم كېلىدىغان جايدا»[1] پائالىيەت ئېلىپ باراتتى. لۇخۇن كۆلى هازىرقى ئورقۇن دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدا بولۇپ، ئۇنىڭ غەربىدىن 100 نەچچە چاقىرىم كېلىدىغان يەر سېلىنگا دەرياسى ۋادىسىدۇر.

مىلادىيە 6 ـ ئەسىردىن كېيىن، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ شەرقىدە ئاشىنا ئۇرۇقىدىكى تۈركلەر باش كۆتۈرۈپ چىققان، 546 ـ يىلى (غەربىي ۋېي داتۇڭنىڭ 12 ـ يىلى) ئۇلار جۇڭغار ئويمانلىقىدىكى 50 مىڭ تۈتۈنلۈك قاڭقىل قەبىلىسىنى قوشۇۋېلىپ، تېزدىن زورىيىپ، شەرقتە چۆللۈكنىڭ شىمالىغا هۇجۇم قىلىپ، جورجانلارنى يوقىتىپ، 552 ـ يىلى (غەربىي ۋېي يۈەندىنىڭ 1 ـ يىلى) موڭغۇل يايلىقىدا تۈرك خانلىقىنى قۇرغان. تۈرك خانلىقىنىڭ تېررىتورىيىسى شەرقتە هىنگان تاغلىرىدىن باشلىنىپ غەربتە جۇڭغار ئويمانلىقى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سىر دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىغىچە ئىدى. ئۇيغۇرلار ۋە تېلې قەبىلىلىرى تۈرك خانلىقىنىڭ هۆكۈمرانلىقىدا بولغان. تۈرك خانلىقى قۇللۇق تۈزۈمىدىكى هاكىمىيەت بولۇپ، يايلاقتىكى قەبىلىلەرگە ئىنتايىن قەبىھ هۆكۈمرانلىق قىلغانىدى. تارىختا خاتىرىلىنىشىچە، تۈركلەر «ئىزچىل قاتتىق قول، قانۇنى ئىنتايىن دەھشەتلىك ئىدى»[2]، بۇنىڭ بىلەن تېلې قاتارلىق قەبىلىلەرنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىغان. تۈرك خانلىقىغا قارشى جەڭلەردە، ئۇيغۇرلار بارغانسېرى كۆپ تېلې قەبىلىلىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇرغان، يەنە تاڭ سۇلالىسىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىپ، كۈنسېرى قۇدرەت تېپىشقا باشلىغان.

## 2. ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى

744 ـ يىلى (تيەنباۋنىڭ 3 ـ يىلى) تاڭ سۇلالىسى ئۇيغۇر(回纥، تۆۋەندىمۇ ئوخشاش) لار ۋە باشقا تېلې قەبىلىلىرى بىلەن بىرلىشىپ، تۈرك خانلىقىنى يوقاتقان. ئەينى چاغدا، موڭ-

---

① «ۋېينامە. قاڭقىللار تەزكىرىسى».

② «سۇينامە. تۈركلەر تەزكىرىسى».

غۇل يايلىقىدىكى كۆپلىگەن تېلې قەبىلىلىرى ئىچىدە ئۇيغۇرلار ئەڭ قۇدرەتلىك قەبىلە ئىدى. لېكىن، ئۇيغۇرلارنىڭ موڭغۇل يايلىقىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشىدە يەنە نۇرغۇن توسالغۇلار بار ئىدى. چۆللۈكنىڭ شىمالىدا ئۇيغۇرلارغا جەڭ ئېلان قىلالايدىغان قەبىلىلەردىن باسمىل، قارلۇقلار؛ شىمالدا خىرىس قىلىپ تۇرۇۋاتقان خاكاسلار (قىرغىزلار)؛ جەنۇبتا تاڭ سۇلالىسىگە بەيئەت قىلغان تېلې قەبىلىلىرى ۋە تۈركلەرنىڭ كونا قەبىلىلىرى بار ئىدى. بۇ قەبىلىلەر تاڭ سۇلالىسىنىڭ قارام مەھكىمە، ئايماقلىرى ئىدى. شۇڭا، ئۇيغۇرلار تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتۇغات نامى بېرىشىگە ئېرىشكەندىلا، بۈيۈك تاڭنىڭ سۈرى بىلەن قالغان قەبىلىلەرگە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، پۈتكۈل چۆللۈكنىڭ شىمالىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا بىرلىككە كەلتۈرەلەيتتى. شۇڭا، تۈرك خانلىقى ھالاك بولغاندىن كېيىن، ئۇيغۇرلارنىڭ ئاقساقىلى كۆل بىلگە دەرھال چاڭئەنگە ئەلچى ئەۋەتىپ، ئوتۇغات نامى بېرىشنى ئىلتىماس قىلغان. 745 ـ يىلى (تيەنباۋنىڭ 4 ـ يىلى) تاڭ شۈەنزۇڭ ئۇنىڭغا دىيانەتلىك قاغان دېگەن نامنى بەرگەن. تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەندىن كېيىن، ئۇيغۇرلار چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى ھۆكۈمرانغا ئايلانغان. ئۇلار «تۈركلەرنىڭ ئىلگىرىكى زېمىنىدا ياشاپ، ئۆتۈكەن تېغىدا ئوردا تىكتى»①. بۇنىڭ بىلەن ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلغان.

كېيىنكى ئۇيغۇر قاغانلىرىنىڭ ھەممىسى تاڭ سۇلالىسىگە بەيئەت قىلىپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتۇغات نامىنى قوبۇل قىلغان، ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقى ئىزچىل تۈردە تاڭ سۇلالىسىنىڭ قارام ئېلى سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان. ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قوشۇنلىرى تاڭ سۇلالىسىنىڭ قوشۇن يۆتكەش پەرمانىغا بىنائەن، كۆپ قېتىم ئەسكەر چىقىرىپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى توپىلاڭنى تىنچىتىشىغا

① «ئەلنى ئىدارە قىلىشتا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر»، 215 ـ جىلد.

ياردەم بەرگەن ھەمدە تاڭ سۇلالىسى بىلەن بىرلىكتە تۈبۈتلەر بىلەن ئۇزۇن يىل تىركەشكەن. ئىككى تەرەپنىڭ سودىسى، بولۇپمۇ ئات-يىپەك سودىسى ئىنتايىن جانلىنىپ كەتكەنىدى. ھۇنلاردىن كېيىنكى 1000 يىلدىن ئارتۇق تارىختا نەزەر سالساق، ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك خاندانلىقلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئەڭ قويۇق بولغان شىمالىي يايلاق ھاكىمىيىتى ھېسابلىنىدۇ. شۇ ۋەجدىن، تاڭ سۇلالىسى نىڭگو، شيەنئەن، تەيخې مەلىكىلەرنى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئۇيغۇر قاغانلىرىغا ياتلىق قىلغان، بۇ غەربىي خەن سۇلالىسىدىن بۇيان، تارىختىكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك خاندانلىقلىرىنىڭ قۇدىلىشىشقا چىقارغان مەلىكىلىرى ئىچىدە پادىشاھنىڭ ئۆز قىزى ھېسابلىنىدىغان ئۈچ مەلىكىدۇر.

ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تېررىتورىيىسى ئومۇمىي جەھەتتىن ئېيتقاندا بايقال كۆلى، سابان تاغلىرى، تاننۇ تېغىنىڭ جەنۇبى، چوغاي تاغلىرى، خېلەنشەن تېغى، خېشى كارىدورى، شۇنىڭدەك شىمالىي تاغ(مازۇڭشەن تېغى)نىڭ شىمالى، ئالتاي تېغىنىڭ شەرقى، ھىنگان تاغلىرىنىڭ غەربىدىكى موڭغۇل يايلاقلىرى ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى 100 يىلغا يېقىن ۋاقىتتا، ئۇيغۇر قەبىلىسى يادرو قىلىنىپ، خانلىق تېررىتورىيىسىدىكى تېلې قەبىلىلىرى پەيدىنپەي بىرلىشىپ، بىرلىككە كەلگەن ئۇيغۇر مىللىتى بولۇپ شەكىللەنگەن.

### 3. ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى ۋە ئىرقىي ئالاھىدىلىكى

ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىلگىرىكى تارقاق تېلې قەبىلىلىرىنىڭ بىرلىككە كەلگەن ئۇيغۇر مىللىتى بولۇپ ئۇيۇشۇش ۋەزىيىتى ئاساسىي جەھەتتىن شەكىللەنگەن. شۇنىڭدىن كېيىن، يايلاقتىكى تېلې قەبىلىلىرى تاشقى ئالاقىدە ئۆز قەبىلىسىنىڭ نامىنى قوللانماي، ئۇيغۇر دەپ ئاتايدىغان بولغان. «ئۇيغۇر» (回纥) نامى بىر قەبىلىنىڭ نامى بولماستىن، بەلكى بىر مىللەت ۋە خانلىقنىڭ نامىغا ئايلانغان.

ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ نوپۇسى توغرىسىدا، تارىختا ئېنىق خاتىرىلەر كەمچىل. بەزىلەرنىڭ قارىشىچە، تاڭ تەيزۇڭنىڭ چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى تېلېلار «جەمئىي 1 مىليون تۈتۈندىن ئاشىدۇ» دېگىنى «ئەمەلىي ئەھۋالدىن ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيدۇ»①. مۇشۇ خىل قاراشقا ئاساسلانغاندا، چۆللۈكنىڭ شىمالىدا ئاز دېگەندە 5 مىليون نوپۇس بولغان بولىدۇ. لېكىن، بۇ مۆلچەرگە ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ.

ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تېررىتورىيىسى ئىلگىرىكى تۈرك خانلىقى ۋە چىڭگىزخان بىنا قىلغان موڭغۇل خانلىقىنىڭ تېررىتورىيىسى بىلەن ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاش، بۈگۈنكى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تېررىتورىيىسىگە سېلىشتۇرغاندا، شىمالغا ئازراق چىقىپ كەتكىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، شەرقى، غەربى ۋە جەنۇبى ئاساسەن يېقىن كېلىدۇ. بۇ تېررىتورىيە دەل تارىخ كىتابلىرىدا كۆرسىتىلگەن «چۆللۈكنىڭ شىمالى» رايونىدۇر. شۇڭا، شەرقىي تۈرك خانلىقى، موڭغۇل خانلىقى ۋە بۈگۈنكى تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ نوپۇسىنى ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ نوپۇسىنى تەخمىنەن ھېسابلاشتىكى پايدىلانما قىلىشقا بولىدۇ.

1918 ـ يىلىدىكى ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ نوپۇسى 647 مىڭ 504. ② بۇ سان تارىختىكى چۆللۈكنىڭ شىمالىي يايلىقىدىكى خانلىقنىڭ نوپۇسىنى بىلىشتە پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە. 13 ـ ئەسىرنىڭ دەسلىپىدىكى موڭغۇل خانلىقىنىڭ قوشۇنىدا 129 مىڭ ئادەم بار ئىدى③. موڭغۇل خانلىقىنىڭ نوپۇسى بىۋاسىتە خاتىرىلەنمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئەينى چاغدا پۈتكۈل خانلىقتىكى ھەرقايىسى قە-

---

① ما چاڭشۇ: «تۈركلەر ۋە كۆك تۈرك خانلىقى»، شاڭخەي خەلق نەشرىياتى، 1957 ـ يىلى نەشرى، 57 ـ بەت.

② مۇرزايېف (سوۋېت ئىتتىپاقى) تۈزگەن، ياڭ يۇخۇا تەرجىمە قىلغان: «موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى»، 3 ـ باب، سەنلىيەن كىتابخانىسى، 1985 ـ يىلى نەشرى.

③ راشىددىن: «جامىئۇل تەۋارىخ»، 1 ـ توم، 2 ـ بۆلۈم، 362 ـ بەت.

بىلىلەر بىرقانچە مىڭ تۇتۇنگە ئايرىلغان. مىڭ تۇتۇننىڭ سانى باشتا 65 بولۇپ، كېيىن 95 كە كۆپەيگەن[1]. ھەر مىڭ تۇتۇننى تولۇق سان بويىچە(ھەربىر تۇتۇندە بەش ئادەم بار دەپ) ھېسابلىغاندىمۇ، ئەينى چاغدا خانلىق تېررىتورىيىسىدىكى نوپۇس 500 مىڭغا يەتمەيدۇ. ئەگەر بۇ ساننى تاڭ تەيزۇڭنىڭ چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى تېلېلار «جەمئىي 1 مىليون تۇتۇندىن ئاشىدۇ» دېگەن سۆزىدىكى 5 مىليون نوپۇس بىلەن سېلىشتۇرساق، پەرق بەكلا چوڭ بولۇپ كېتىدۇ، شۈبھىسىزكى تاڭ تەيزۇڭ ھەقىقەتەن زىيادە كۆپتۈرۈۋەتكەن.

نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان، چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى يايلاق ئىنچىل تۇردە كۆچمەن چارۋىچىلىق ئاساسىي ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن رايون. چارۋىچىلىق قىلىشقا ئوتلاق كېتىدۇ، لېكىن ئوتلاقنىڭ چارۋىنى بېقىش مىقدارى چەكلىك بولىدۇ. چارۋا سانى ئۆز نۆۋىتىدە نوپۇسنىڭ ساننى تىزگىنلەيدۇ. تارىختا نەزەر سالساق، سىرتتىن كەلگەن كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەرنىڭ چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى يايلاققا كەڭ كۆلەمدە كۆچۈپ كېلىشىنىڭ ئىككىلا خىل شەكلى بار: ياكى يايلاقتىكى كۆچمەن چارۋىچى ھاكىمىيەت يىمىرىلىپ، بەزى قەبىلىلەر كۆچۈپ چىققاندا، ئۇلاردىن بوشىغان يايلاققا كۆچۈپ كىرىۋالىدۇ؛ ياكى قورال كۈچىدىن پايدىلىنىپ، بەزى كىشىلەرنى چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى يايلاقتىن قوغلاپ چىقىرىپ، ئورنىغا دەسسەيدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى ناھايىتى ئاددىي، يايلاقنىڭ كۆلىمى ئاساسەن مۇقىم بولىدۇ، شۇڭا ئۇنىڭدا بېقىلىدىغان چارۋىمۇ نىسپىي مۇقىم بولىدۇ، يايلاقتىكى ھاكىمىيەتلەر ۋە مىللەتلەر توختىماي ئالمىشىپ تۇرغىنى بىلەن، نوپۇس يەنىلا نىسپىي مۇقىملىقنى ساقلايدۇ. نوپۇس زىيادە كۆپىيىپ كەتسە، يەنى ئاتالمىش نوپۇس پارتىلىشى كۆرۈلسە، يايلاقتىكى قەبىلىلەر ياكى بىرلىشىپ سىرتقا كېڭە-

---

[1] «يۈەن سۇلالىسى تارىخى. جۇجىنتاينىڭ تەرجىمىھالى».

يىپ، يېڭى يايلاقلارنى تارتىۋالىدۇ، ياكى ئىچكى ئۇرۇش قوزغاپ، بەزى قەبىلىلەرنى هالاك قىلىدۇ ۋە باشقا جايغا كۆچۈرۈۋېتىدۇ. مۇشۇ ئاددىي قائىدىگە ئاساسلانغاندا، 13 ـ ئەسىردىكى موڭغۇل خانلىقىنىڭ تېررىتورىيىسى بىلەن ئاساسىي جەھەتتىن تەڭ كېلىدىغان ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ نوپۇسىنىڭ 500 مىڭدىن ئارتۇق بولۇش ئېھتىماللىقى چوڭ ئەمەس. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇنىڭ نوپۇسى ئەڭ كۆپ بولغاندىمۇ 500 مىڭدىن كۆپرەك بولسا كېرەك.

بىز تاڭ سۇلالىسىگە مەنسۇپ بەزى تارىخ ماتېرىياللىرىنى تەھلىل قىلغاندىن كېيىن چىقارغان يەكۇنمۇ يۇقىرىقى پەرەز بىلەن ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاش چىقتى. 647 ـ يىلى (جېنگۈەننىڭ 21 ـ يىلى) تاڭ سۇلالىسى چۆللۈكنىڭ شىمالىنى بىرلىككە كەلتۈرگەن. ئەينى چاغدا، چۆللۈكنىڭ شىمالىدا 13 چوڭ قەبىلە بولغان، تاڭ تەيزۇڭ ئۇلارنى ئالتە مەھكىمە، يەتتە ئايماققا بۆلگەن. بۇ 13 قەبىلىنىڭ ئەسكەر كۈچى ۋە نوپۇسى، بىرقەدەر كىچىك بولغان هۇن قەبىلىسى بىلەن ئىزگىل قەبىلىسىنى هېسابقا ئالمىغاندا، ھەممىسى ئېنىق خاتىرىلەنگەن ①. ئەگەر ئۈچ ئادەم ئارىسىدىن بىر ئەسكەر چىقىرىلدى ياكى ھەربىر تۈتۈندە بەش ئادەم بار دەپ هېسابلىغاندا، بۇ 11 قەبىلىنىڭ ئاران 460 مىڭ نوپۇسى بولغان بولىدۇ. كېيىنچە يېنسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى ۋە جۇڭغار ئويمانلىقىغا كۆچۈپ كەتكەن بىر قىسىم ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنى، شۇنىڭدەك خاتىرىلەش ۋە ستاتىستىكىدىكى پەرقنى نەزەرگە ئالغاندا، ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ نوپۇسىنى 500 مىڭدىن سەل كۆپ دەپ قاراش بىرقەدەر مۇۋاپىق كېلىدۇ. قىسقىسى، چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقىدا، ئۆزىنى ئۇيغۇر(回纥) دەپ ئاتىغان بارلىق كىشىلەرنى

① ئۇيغۇر، ئىزگىل، قومۇقلارنىڭ سانى «يېڭى تاڭنامە»نىڭ 217 ـ جىلدىگە قارالسۇن، باشقا قەبىلىلەرنىڭ سانى «قانۇنلار قامۇسى»نىڭ 199 ـ جىلدىگە قارالسۇن.

قوشقاندا، مۆلچەرلىنىشىچە، 400 مىڭ بىلەن 600 مىڭنىڭ ئارىلىقىدا نوپۇس بولۇشى مۇمكىن، 500 مىڭدىن ئارتۇقراق بولۇشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن.

ئۇيغۇر(回纥)لارنىڭ ئىرقىي ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا، تارىخ كىتابلىرىدا ئېنىق، تەپسىلىي تەسۋىر بولمىسىمۇ، لېكىن پارچە - پۇرات تارىخىي ماتېرىياللار ۋە قوشۇمچە ئىسپات ماتېرىياللىرى يەنىلا ناھايىتى كۆپ. جۇڭگو ۋە چەت ئەللىك ئالىملار ئومۇمەن ئۇيغۇر(回纥)لارنىڭ ئەجدادى بولغان دىڭلىڭلار موڭغۇل ئىرقىغا كىرىدۇ، ئۇيغۇرلار بىلەن قويۇق مۇناسىۋىتى بار ھۇنلارمۇ موڭغۇل ئىرقىغا كىرىدۇ دەپ قارايدۇ①.

ئۇيغۇر(回纥)لار بىلەن ئوخشاش نەسىلدىكى تۈركلەرنىڭ تاشقى قىياپەت ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا جۇڭگو ۋە چەت ئەلنىڭ تارىخىي كىتابلىرىدا بىرقەدەر ئېنىق بايانلار بار. 11 - ئەسىردە ئۆتكەن پېرسىيىلىك ئۇتبى تۈركلەرنىڭ «يۈزى كەڭ، كۆزى كىچىك، بۇرنى ئېگىز، بۇرۇتى شالاڭ» دەپ خاتىرە قالدۇرغان. پېرسىيىلىك گەردىزىمۇ: «ئۇلارنىڭ ساقاللىرى تولىمۇ شالاڭ ئىدى»② دېگەن. تاڭ سۇلالىسىدە يەنە مۇنداق خەنزۇچە تارىخ ماتېرىياللار بار: «تۈركلەرنىڭ ئاشىنا قەبىلىسىدىن سىمور كۆرۈشۈشكە كەلدى، پادىشاھ ئۇنى قولىدىن تۇتۇپ ئولتۇرغۇزۇپ ئەھۋاللاشتى. سىمورنىڭ تەقى - تۇرقى تۈركلەرگە ئوخشىماي، غۇزلارغا ئوخشايتتى، شۇ ۋەجىدىن چۇلۇق قاغان ئۇنىڭ ئاشىنا

---

① خەن كاڭشىن قاتارلىقلار: «قەدىمكى جۇڭگولۇقلارنىڭ ئىرقىي تەركىبى توغرىسىدا تەتقىقات»، «ئارخېئولوگىيە گېزىتى»نىڭ 1984 - يىللىق 2 - سانىغا بېسىلغان. كىسېلىيېف: «جەنۇبىي سىبىرىيىنىڭ قەدىمكى زامان تارىخى»، 1 - توم، 57 - بەت. پەن چىڭفېڭ: «لۇشەندىكى ئۇستىخان ماتېرىياللىرىدىن ھۇنلارنىڭ ئىرقىغا نەزەر»، «ئارخېئولوگىيە گېزىتى»نىڭ 1984-يىللىق 2 - قىسمىغا بېسىلغان، ئىلىم - پەن نەشرىياتى، 1986 - يىلى نەشرى.

② W. Barthold, Turkestan-DowntotheMongolInvasion, London, 1968, P240.
گەردىزى: «بېزەكلەر خاتىرىسى»دىن ئېلىنغان، «غەربىي شىمال تارىخى»نىڭ 1989 - يىللىق 4 - سانىغا بېسىلغان.

ئۇرۇقىدىن ئىكەنلىكىدىن گۇمانلاندى.»[1] بۇنىڭدىن تۈركلەرنىڭ
ئاق تەنلىك غۇزلار بىلەن بولغان تەقى ـ تۇرقى جەھەتتىكى پەر ـ
قىنىڭ ئىنتايىن روشەن ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىن.

بۇ توغرىدا، ئەينى چاغدىكى تۈركىيىلىك ئالىملارمۇ مۇنداق
دەپ كۆرسەتكەن: «قەدىمكى تۈركلەر موڭغۇل ئىرقى، يەنى سېرىق
تەنلىكلەرنىڭ بىر تارمىقى، ئۇلار جۇڭگونىڭ شىمالىدىن كەل ـ
گەن. ئۇلار گىرېك تىلىدا سۆزلەشكۈچى ۋىزانتىيىلىكلەرنىڭ قو ـ
لىدىن كىچىك ئاسىيانى تارتىۋالغاندىن كېيىن، كاۋكاز ئىرقى
(ئاق تەنلىكلەر)نىڭ قىسمەن قان سىستېمىسى قوشۇلدى. ئۇلار
ياۋروپاغا تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ كىرگەندىن كېيىن، كاۋكاز ئىر ـ
قىنىڭ تېخىمۇ كۆپ ئالاھىدىلىكىنى قوبۇل قىلدى. بۈگۈنكى
كۈنگە كەلگەندە، تۈركلەردە ئاق تەنلىكلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى ئا ـ
ساسلىق ئىپادىلىنىدۇ. ئەلۋەتتە، باشقا ئاق تەنلىكلەرگە سېلىش ـ
تۇرغاندا پەرقمۇ بار، يەنى ئۇلارنىڭ چېچى، كۆزى قارا، تېرىسى
سېرىق بىلەن ئاقنىڭ ئارىلىقىدا. لېكىن، تۈركىيىنىڭ بەزى
تاغلىق رايونلىرىدا هازىرمۇ موڭغۇل ئىرقىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە
ئىگە بەزى تۈركلەرنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ.»[2]

ئۇيغۇرلارنىڭ ئىرقىي ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا ئېنىق، ياز ـ
ما تارىخىي خاتىرىلەر بولمىسىمۇ، لېكىن قەدىمدىن قېلىپ قال ـ
غان تام رەسىم ماتېرىياللىرى يەنىلا ناھايىتى كۆپ. گېرمانىيە ـ
لىك تۈركولوگ گابائىن خانىم ئۇيغۇرلارغا دائىر رەسىملەرنى
مەخسۇس توپلىغان ۋە تەتقىق قىلغان. ئۇ مۇنداق دەپ كۆرسەت ـ
كەن: بۇ رەسىملەردە، «غەربلىكلەرنىڭ ... كۆزى كالىنىڭ كۆزى ـ
دەك چوڭ، لېكىن ئۇيغۇر ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ يۈزى تولۇن ئايدەك
يۇپيۇمىلاق، بۇرنى ئىلمەكرەك، كۆزى مېغىزدەك بولۇپ، ئادەت ـ
تىكى موڭغۇللارغا ئوخشايدۇ.» ئۇ يەنە مۇنداق دېگەن: «خەنزۇلار

---

① «ئەلنى ئىدارە قىلىشتا پايدىلىق ئومۇمىي ئۈرنەكلەر»، 191 ـ جىلد.
② Emil Lengyel, Turkey, London and New York, 1970, P38 – 85.

ئىرق ئالاھىدىلىكى جەھەتتە تۈركلەر ۋە ئۇيغۇرلار بىلەن ئانچە
پەرقلىنىپ كەتمىسە كېرەك. بىز رەسىمدىكى كىيىم ـ كېچەك-
لەردىن ياكى خەتلەردىنلا ئۇلارنى پەرقلەندۈرەلەيمىز.» ① لىكوك
ۋە تېخىنوفتىن ئىبارەت ئىككى تۈركولوگنىڭ قارىشىمۇ مۇشۇ-
نىڭغا ئاساسەن ئوخشايدۇ②. بىز تام رەسىملىرىدىكى بۇ ئۇي-
غۇرلارنىڭ ئوبرازىنى تەھلىل قىلساق، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭ-
لىكتىكى خەنزۇلار بىلەن بولغان پەرقنى پەرقلەندۈرگىلى بولى-
دۇ. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەنزۇلارغا قارىغاندا يۈزى
چوڭ ھەم كەڭ، بۇرنى ئېگىز ھەم قاڭشارلىق. بۇلارنىڭ ھەممى-
سى شىمالىي ئاسىيادىكى موڭغۇل ئىرقىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى-
دۇر. ھالبۇكى، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەنزۇلاردا ئاساسلىقى
يىراق شەرقتىكى موڭغۇل ئىرقىنىڭ ئالاھىدىلىكى ئىپادىلىنىدۇ.

**4. خانلىقنىڭ يىمىرىلىشى**

788 ـ يىلى ئۇيغۇر خانى تاڭ دېۋۇڭغا مەكتۇپ يوللاپ، «خۇي-
خې»(回纥) دېگەن نامنى لاچىندەك يېنىك پەرۋاز قىلىش دېگەن
مەنىدىكى «خۇيخۇ»(回鹘)غا ئۆزگەرتىشنى ئىلتىماس قىلغان.

8 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن، ئۇيغۇر(回鹘،تۆ-
ۋەندىمۇ ئوخشاش) خانلىقى بىلەن تۇبۇت خانلىقى ھازىرقى شىنى-
جاڭنىڭ شەرقىي قىسمىدا نەچچە ئون يىل زېمىن تالىشىش ئۇ-
رۇشى قىلغان. 9 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىغا كەلگەندە، ھەر
ئىككى تەرەپنىڭ كۈچى زور دەرىجىدە خوراپ، ئۇيغۇرلار بىلەن
تۇبۇتلەر تەڭلا خارابلىشىشقا يۈزلەنگەن. ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئا-
خىرقى يىللىرى، ھۆكۈمرانلىق قاتلىمىدىكى خانلىق تەخت تا-
لىشىش كۈرىشىمۇ خارابلىشىش سۈرئىتىنى تېزلىتىۋەتكەن.

839 ـ يىلى (كەيچېڭنىڭ 4 ـ يىلى) چۆللۈكنىڭ شىمالى-

① گابائىن: «قەدىمكى ئۇيغۇر رەسساملىقى»، «تۈرك تىلى تەتقىقاتى خەۋەرلىرى»، 9 ـ سان.
② «ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئۆرپ ـ ئادىتى»، «مىللەتلەر تەتقىقاتىغا دائىر تەرجىمە ماقالىلە-
رى توپلىمى»، 6 ـ قىسىم، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئورنى
تۈزگەن.

دىكى يايلاقتا «ئۇدا نەچچە يىل ئاچارچىلىق ۋە ۋابا كۆرۈلۈپ، ئات - ئۇلاغلارنىڭ جەسەتلىرى ھەممە يەرنى قاپلىغان، قاتتىق ياغقان قارمۇ ئاپەت ئېلىپ كەلگەن»، ئۇيغۇرلار «خانىۋەيران بولۇپ، چۆللۈككە چېچىلىپ كەتكەن، جەسەتلەر يايلاقنى بىر ئالغان.»① شۇ يىلى ئىچكى نىزا يەنىمۇ كۈچەيگەن. ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ۋەزىرى كۈرەبىر (چۈرۈق) چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى شاتولاردىن ئاتلىق ئەسكەر ئارىيەت ئېلىپ، شىمالغا يۈرۈش قىلغان، ئىناۋەتلىك قاغان ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان. ئىككىنچى يىلى (840 - يىلى) بارگاھنىڭ شىمالىدىكى كۆلۈگ باغا سانغۇن ئاللىقاچان چىشىنى بىلەپ تۇرغان خاككاس(قىرغىز)لارنى ئۆزىگە تارتىپ، 100 مىڭ كىشىلىك ئاتلىق ئەسكەر تەشكىللەپ، جەنۇبتا ئۇيغۇر بالىققا ھۇجۇم قىلىپ، «قاغان ۋە كۈرەبىرنى ئۆلتۈرۈپ، ئوردىنى كۆيدۈرۈۋەتكەن، قەبىلىلەر يەنە چېچىلىغان.»② سەلتەنەتلىك ئوردۇبالىق ۋە خاتۇنبالىق، قۇنچۇيبالىق قاتارلىق شەھەرلەرنىڭ ھەممىسى «كۆيۈپ كۈلگە ئايلىنىپ» ئۇيغۇر خانلىقى يىمىرىلگەن. لېكىن، خاككاسلارنىڭ ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىشى ئۇيغۇر خانلىقى ھۆكۈمرانلىق تەبىقىسىنى ئۇزۇل - كېسىل يوقىتالمىغان ياكى ئەل قىلالمىغانىدى. قاغاننىڭ ئىنى، جىيەنلىرى، خانلىقنىڭ ۋەزىر، تۇتۇقلىرى، «بەگ، تۆرىلەر»نىڭ ھەممىسى بار بولۇپ، تېخى خېلى كۆپ قەبىلىلەرنى كونترول قىلىپمۇ تۇرغانىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي ھۆكۈمرانلىق قاتلىمىدىكىلەر ئەڭ مەركەزلەشكەن «قاغان بارگاھىغا يېقىن 13 قەبىلە» ئارىسىدىن يېڭى قاغان سايلاپ چىقىلغان. ئۇيغۇرلار داۋاملىق تۇردە قاغانى بار مىللەت سۈپىتىدە مەۋجۇت بولغان.

شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇيغۇرلارنىڭ يەنە نۇرغۇن قەبىلىلىرى چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى يايلاقتا داۋاملىق تۇرۇۋەرگەن، 10 -

① «تاڭ سۇلالىسىگە دائىر مۇھىم خاتىرىلەر»، 98- جىلد؛ لى دېيۇ: «لى ۋېنراۋ ماقالىلىرى توپلىمى» 2 - توم.

② «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى».

ئەسىرگە كەلگەندىمۇ قىتانلار چۆللۈكنىڭ شىمالىغا ھۇجۇم قىلغاندا، بۇ ئۇيغۇر قەبىلىلىرى بىلەن كۆپ قېتىم ئۇرۇشقانىدى. كېيىن، لياۋ سۇلالىسى چۆللۈكنىڭ شىمالىدا «ئۇيغۇر تەڭرىقۇت مەھكىمىسى» تەسىس قىلىپ، شۇ جايدىكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنى باشقۇرغان. چۆللۈكنىڭ شىمالىدا قېلىپ قالغان ئۇيغۇرلار كېيىنچە باشقا مىللەتلەرگە سىڭىشىپ كەتكەن، مەسىلەن، موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ چىڭگىزخان ۋە ئوگىدايخان سەلتەنىتى مەزگىلىدىكى ۋەزىر تيەنجېنخەي ئۇيغۇرلارنىڭ ئەۋلادى ئىدى.

باشقا ئۇيغۇرلار بىرقانچە تارماققا بۆلۈنۈپ، ھەرقايسىسى ئۆز ئاقساقاللىرىنىڭ رەھبەرلىكىدە تەشكىللىك ھالدا چۆللۈكنىڭ شىمالىدىن ئايرىلغان. ئۇلارنى ئوتلاق بىلەن تەمىنلەپ بېرەلەيدىغان جايدىن چۆللۈكنىڭ جەنۇبى ۋە جۇڭغار ئويمانلىقىغىچە بار ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئايرىم – ئايرىم ھالدا جەنۇبقا ۋە غەربكە قاراپ يۈرۈپ كەتكەن.

(1) جەنۇبقا كۆچكەن ئۇيغۇرلار

خانلىق يىمىرىلگەندىن كېيىن، جەنۇبقا كۆچكەن ئۇيغۇرلار ئىككى تارماققا بۆلۈنۈپ، تەڭرى قاغان يولىنى بويلاپ جەنۇبقا ماڭغان. بۇلارنىڭ ئاساسلىق بىر تارمىقى «قاغان بارگاھىغا يېقىن 13 قەبىلە» بولۇپ، ئاقساقىلى ئۆگە تېكىن ئىدى. يەنە بىر تارمىقىغا چوڭ تېكىن ئونمۇس(ئونمىش) قاتارلىقلار باشلامچىلىق قىلغان. جەنۇبقا كۆچكەن ئىككى تارماق ئۇيغۇرلار بىر – بىرىگە دۈشمەن ئىككى مەزھەپ ئىدى. شۇ سەۋەبتىن، ئۇلار ئوخشاش بولمىغان مەقسەتتە باشقا – باشقا بولۇپ جەنۇبقا كۆچكەنىدى.

ئونمۇس ۋە ناياچۇر باشچىلىقىدىكى بىر تارماق ئۇيغۇرلار چۆللۈكنىڭ جەنۇبىغا كەلگەندىن كېيىن، تاڭ سۇلالىسىگە بېئەت قىلغان. ئۆگە تېكىن باشچىلىقىدىكى يەنە بىر تارماق ئىلگىرىكى خانلىقنىڭ ھۆكۈمرانلىق قاتلىمىدىكى كۆپ قىسىم «بەگ، تۆرە»①

① بۇنىڭ ئىچىدە ۋەزىردىن بەشى، تېكىندىن 11ى، سانغۇندىن سەككىزى بار، يەنە قاغاننىڭ ئاچىلىرى، مەلىكىلەر، ئۇلۇغ تۇتۇق، چور، دىۋانبېگى قاتارلىق نۇرغۇن كىشىلەر بار.

لەرنى يىغىپ، خانلىقنى قايتىدىن تىرىلدۈرمەكچى بولغان. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار جەنۇبقا چېكىنىش سەپىرىدە ئۆگە تېكىننى ئۆگە قاغان قىلىپ تىكلىگەن. ئۇيغۇر خانلىقى يىمىرىلگەندىن كېيىن، «قاغان بارگاھىغا يېقىن 13 قەبىلە» يەنىلا بارلىق ئۇيغۇرلار ئۈمىد باغلاپ كەلگەن مەركەز بولدى. ئۆگە تېكىن نامىدا بولسىمۇ ھەرقايسى تارماق ئۇيغۇرلار، جۈملىدىن غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ قاغانى بولغان. شۇڭا، جەنۇبقا كۆچكەن ئۇيغۇرلار ھالاك بولغاندىن كېيىن، غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئاقساقىلى پان تېكىن ئۆزىنى ئىزچىل يابغۇ دەپ ئاتاپ كەلگەن.

ئۆگە قاغان باشچىلىقىدىكى قەبىلىلەر جەنۇبقا بارغاندىن كېيىن، تاڭ سۇلالىسىدىن ئەسكەر ئارىيەت ئېلىپ، شىمالدىكى خاكاسلارغا ھۇجۇم قىلىش تەلىپىنى قويغاندا، تاڭ سۇلالىسى ئۇلارنىڭ تەلىپىنى رەت قىلغان. 847 ـ يىلى (خۇيچاڭنىڭ 7 ـ يىلى) ئۆگە قاغان قول ئاستىدىكىلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. ئىككىنچى يىلى، جەنۇبقا كۆچكەن ئۇيغۇرلار ئۈزۈل ـ كېسىل ھالاك بولغان، چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇر خانلىقىنى تىرىلدۈرۈش ئىشىمۇ بىراقلا كۆپۈككە ئايلانغان.

جەنۇبقا كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئىككى تارمىقىدا تەخمىنەن 100 مىڭدىن كۆپرەك ئادەم بولۇشى مۇمكىن. بۇنىڭ ئىچىدە ئۇنمۇس (ئۇنمىش) باشچىلىقىدىكى قەبىلىنىڭ 50 مىڭغا يېقىن، ئۆگە قاغان باشچىلىقىدىكى قەبىلىنىڭ 50 مىڭدىن ئارتۇق ئادىمى بار①. جەنۇبقا كۆچكەن ئۇيغۇرلار چېچىلىپ كەتكەندىن كېيىن، كۆپ قىسمى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كېلىپ، خەنزۇلارغا

① ئۇنمۇس باشچىلىقىدىكى قەبىلىدىن تاڭ سۇلالىسىگە ئەل بولغان «ئاتلىق ئەسكەر 2500»، ئائىلىلىرىنى قوشقاندا تەخمىنەن 10 مىڭدىن ئاشىدۇ؛ ناياچۇر «7 مىڭ تۈتۈن»نى باشلاپ ماڭغان، ھەربىر تۈتۈندە بەش جان بار دەپ ھېسابلىغاندا، 30 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم بولىدۇ؛ بۇ تارماقنى قوشقاندا 50 مىڭغا يېقىن ئادەم بولىدۇ. تاڭ سۇلالىسى قوشۇنى 843 ـ يىلى ئۆگە باشچىلىقىدىكى قەبىلىنىڭ «10 مىڭدىن ئارتۇق ئادىمىنىڭ كاللىسىنى ئالىدۇ، 5 مىڭ ئادەمنى تىرىك ئەسىرگە ئالىدۇ»، مەغلۇپ بولغان ئەسكەرلەرنىڭ كۆپىنچىسى يۇجۇغا بېرىپ ئەل بولىدۇ، بۇلار «ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ 30 مىڭدىن ئاشىدۇ»، كېيىن، ئىنان قاغان چېچىلىپ كەتكەن 5 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى يىغىدۇ، بۇلارنى قوشقاندا 50 مىڭدىن ئاشىدۇ.

سىڭىپ كەتكەن. بۇنىڭ ئىچىدىكى ئونمۇس باشچىلىقىدىكى قە-
بىلىنىڭ بىر قىسمى ھەرقايسى ئۆلكىلەرگە ئاتلىق ئەسكەر قى-
لىپ ئەۋەتىلگەن، قالغان كۆپ قىسمى داتۇڭ ئەتراپىدا تىرىقچى-
لىق قىلىپ، مۇقىم ئولتۇراقلاشقان. دۇنخۇاڭدىكى مىڭئۆيىنىڭ
61 - نومۇرلۇق كېمىرىدە 10 - ئەسىردە سىزىلغان سەنشى ۋۇ-
تەيشەن تېغىنىڭ مەنزىرىسى بار، رەسىمگە «تېلې ئىبادەتخانىسى»
سىزىلغان. بۇنىڭدىن بەش دەۋردىكى سۇڭ سۇلالىسىنىڭ باشلى-
رىغا قەدەر ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ ئەۋلادلىرىنىڭ شۇ جايدا يەنىلا توپ
بولۇپ ئولتۇراقلاشقانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. ئونمۇس باش-
چىلىقىدىكى قەبىلىنىڭ يۇقىرى قاتلىمىدىكىلەر كېيىنچە پۈتۈن
جەمەتىنى ئېلىپ، چاڭئەنگە بېرىپ ئولتۇراقلاشقان، پادىشاھ
« يۇڭلې مەھەللىسىدىن كاتتا قورۇ - جاي ئىنئام قىلغان». ئۇ-
نىڭدىن باشقا ناياچۇر باشچىلىقىدىكى 7 مىڭ تۈتۈنلۈك ئۇيغۇر،
ئۆگە قاغانىنىڭ ئەسىرگە چۈشكەن ۋە ئەل بولغان 30 — 40 مىڭ
ئۇيغۇرنىڭ كۆپىنچىسى تاڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن «ھەرقايسى
ۋىلايەتلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان». ئۇلارنىڭ تارقالغان جايى ناھا-
يىتى كەڭ بولۇپ، ئەڭ يىراققا سۈرگۈن قىلىنغىنى چاڭجياڭ،
خۇەيخې دەرياسى ۋادىلىرىغا بارغانىدى. ① يەنە نۇرغۇن ئۇيغۇر
ئاتلىق ئەسكەرلىرىنى تاڭ سۇلالىسىنىڭ چېگرا سانغۇنلىرى ئۆ-
زىگە قوشۇۋالغان. يۇجۇ ھىراۋۇلى جاڭ جۇڭۋۇنىڭ قول ئاستى-
دىكى لى ماۋشۈن، لى كېجۇ ئاتا - بالا شۇ ئۇيغۇر قوشۇنىنىڭ
سانغۇنلىرىدۇر. جەنۇبقا، ئىچكىرىگە كۆچكەن ئۇيغۇر ئاقسۆڭەك-
لىرى قول ئاستىدىكى قاۋۇل، جەڭ قىلىشقا ماھىر ئۇيغۇر ئاتلىق
ئەسكەرلىرىگە تايىنىپ، جەڭلەردە كۆپ قېتىم تۆھپە كۆرسى-
تىپ، ئەمەل - مەرتىۋىلەرگە ئېرىشىپ، كېيىنچە ئوتتۇرا تۈز-
لەڭلىك خاندانلىقلىرى ھۆكۈمرانلىق قاتلىمىنىڭ بىر قىسمى-
نى تەشكىل قىلغان. بولۇپمۇ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەز-

① «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر»، 250 - جىلد.

گىللىرىدىكى قارام ئەللەر ئوتتۇرىسىدىكى تىركىشىش ۋە بەش دەۋر مەزگىلىدىكى جەڭلەردە، نۇرغۇن ئۇيغۇر سانغۇنلىرى مۇھىم رول ئوينىغان①.

(2) گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى

ئۇيغۇرلار جەنۇبقا ۋە غەربكە كۆچكەندىن باشقا، يەنە ئاز بىر قىسمى چۆللۈكنىڭ شىمالىي ياپلىقىدىن جەنۇبقا مېڭىپ، خۇاڭ-مېنشەن تېغىنى بويلاپ چولۇڭقاي كۆلىگە بارغان، ئاندىن روشۈي دەرياسىنى بويلاپ خېشى كارىدورىغا كىرگەن. خېشى كارىدورىغا كىرگەن ئۇيغۇرلار بىرلا ۋاقىتتا كۆچۈپ كەلگەن ئەمەس. بىر قەدەر چوڭ كۆلەمدىكى كۆچۈش ئاز دېگەندە ئىككى تۈركۈمگە بۆلۈندۇ. بىرىنچى تۈركۈمدىكىسى 840 - يىلى (كەيچېڭنىڭ 5 - يىلى) چۆللۈكنىڭ شىمالىدىن بىۋاستە جەنۇبقا كەلگەن بىر تارماقتۇر. يەنە بىر تۈركۈمدىكىسى جەنۇبقا كۆچكەن ئۇيغۇرلار مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، «قالغان خەلق غەربكە كۆچۈپ، تۇبۇتلەرگە ئەل بولغان، تۇبۇتلەر ئۇلارنى گەنجۇغا ئورۇنلاشتۇرغان.» ② ئۇنىڭدىن باشقا، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ تارقاق كۆچۈپ كەلگەن بىر تۈركۈم قەبىلىلەرمۇ بولغان. ئۇيغۇرلار گەنجۇغا كەلگەندىن كېيىن، «تۇبۇتلەرگە قارام بولغان»، تۇبۇتلەر «ئۇيغۇرلارنى ھەرقايسى جايلارغا تارقاقلاشتۇرغان.» يەنى ئۇلارنى خېشى ۋە گەنسۇنىڭ شەرقىدىكى جايلارغا ئورۇنلاشتۇرغان. تارىخ كىتابلىرىدا تارقاقلاشتۇرۇپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان بۇ ئۇيغۇرلار ئايرىم - ئايرىم ھالدا خېلەنشەن ئۇيغۇرلىرى، چىنچۇەن ئۇيغۇرلىرى، لياڭجۇ ئۇيغۇرلىرى، قارا دەريا ئۇيغۇرلىرى، سۇجۇ ئۇيغۇرلىرى، گۇاجۇ، شاجۇ(قۇملۇق) ئۇيغۇرلىرى دەپ ئاتالغان، گەنجۇ خېشى ۋە گەنسۇنىڭ شەرقىدىكى جايلار ئىچىدە ئۇيغۇرلار ئەڭ مەركەزلەشكەن جاي ھېسابلىنىدۇ، يەنە كېلىپ ئۇيغۇرلارنىڭ ھەرقايسى

---

① «كونا بەش دەۋر تارىخى. لى سۇنشىنىنىڭ تەرجىمىھالى»؛ «كونا بەش دەۋر تارىخى. خېجيەنىڭ تەرجىمىھالى».

② «كونا بەش دەۋر تارىخى. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى».

تارماقلىرى قۇمدەك چېچىلىپ كەتكەن بولماستىن، ئۆزئارا ئالا-
قىلىشىپ تۇراتتى، ئۇلار گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدىكى ياغلاقار
ئۇرۇقىنىڭ ئاقساقىلىنى ئورتاق سەردار قىلغاچقا، تارىخ كىتاب-
لىرىدا ئۇلار گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى دەپمۇ ئاتالغان .

خېشىدىكى ئۇيغۇرلار ئۆزئارا ئالاقىلىشىپلا قالماستىن،
بەلكى يايلاقتىكى چولۇڭقاي يولى ئارقىلىق جەنۇبقا ۋە غەربكە
كۆچكەن ئۇيغۇرلار بىلەن ئالاقىنى ساقلاپ ھەمدەمدە بولۇپ تۇر-
غان. غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلاردىن پان تېكىن ئۆزىنى قاغان دەپ
ئاتىغاندىن كېيىن، ئۇلار پان تېكىننى ئۇيغۇرلارنىڭ ئورتاق
سەردارى دەپ ئېتىراپ قىلغان. شۇ سەۋەبتىن، تارىختا گەنجۇ
ئۇيغۇرلىرى پان تېكىننىڭ «ئەۋلادى» دەپ قارالغان①. بۇ ئىككى
تەرەپنىڭ ئارىلىقى بەك يىراق بولغاچقا، كېيىنچە بارا - بارا
يىراقلىشىپ كەتكەن.

9 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا خېشىدىكى تۇبۇت ھاكى-
مىيىتى يىمىرىلگەن. 911 - يىلى (كېيىنكى لياڭنىڭ كەي-
پىڭ 5 - يىلى) گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى دۇنخۇاڭنى ئىگىلەپ تۇر-
غان «ئالتۇنتاغ خانلىقى»نى مەغلۇپ قىلىپ، پۈتكۈل خېشى
كارىدورىنى تىزگىنىگە ئالغان ھەمدە خېشىدىكى ھۆكۈمرانلىق
ئورنىنى 100 نەچچە يىل داۋاملاشتۇرغان. گەنجۇ ئۇيغۇرلىرد-
نىڭ ھۆكۈمرانلىق دائىرىسى يەنە خېشى كارىدورىنىڭ شىمال-
دىكى قاقاسلىق ۋە يېرىم قۇملۇق رايونلارنى، يەنى ھازىرقى
ئىچكى موڭغۇلنىڭ ئالاشەن ۋە ئېچىنا ئايمىقىنى ئۆز ئىچىگە
ئالغانىدى. بۇ رايوننىڭ شەرقى خۇاڭخې دەرياسىنىڭ بويىدىكى
خېلەنشەن تېغىغا، غەربىي ئېۋىرغول ئايمىقى ۋە باركۆل ياي-
لىقىغا تۇتاشقان. شۇڭا، سۇڭ سۇلالىسىگە ئەلچىلىككە بارغان
ئۇيغۇر ئەلچىسى ساۋ ۋەنتۇڭ: «خانلىقىمىزنىڭ شەرقى خۇاڭ-
خې بويىغا، غەربى قارلىق تاغ ‹تەڭرىتاغ›نىڭ شەرقىي قىس-

① «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى».

مىڭغا يېتىپ بارىدۇ»① دېگەن. گەنجۇ ئۇيغۇرلار ھاكىمىيىتى تارقاق بىرلەشمە ھاكىمىيەت بولۇپ، بۇ ھاكىمىيەتكە قاتناشقان خېشىدىكى قەبىلىلەر ئۇيغۇر خاقانىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى ئېتىراپ قىلسىمۇ، لېكىن ئىچكى قىسمىدىكى ئىشلارنىڭ كۆپىنچىسىنى ئۆز ئالدىغا قىلاتتى. شۇڭا، تارىختا ئۇلار «شۇ سەۋەبتىن گەنجۇ، لياڭجۇ، گۇاجۇ، شاجۇلاردا ئۆز ئالدىغا سەردار پادىشاھ تىكلەپ، ئۆز پۇقرالىرىنى ئايرىم باشقۇردى»② دېيىلگەن. مۇستەقىللىقى ئىنتايىن كۈچلۈك بولغانلىرىدىن جاڭ، ساۋ فامىلىلىك خەنزۇلار ئىدارە قىلغان شاجۇ، گۇاجۇ ئايمىقى ۋە لياڭجۇنى ئىگىلىگەن تۇبۇتلەرنىڭ چالۇڭ، ليۇگۇ قەبىلىلىرى بولغان.

1028 ـ يىلى (سۇڭ سۇلالىسى تيەنشېڭنىڭ 6 ـ يىلى) تاڭغۇت قوشۇنى گەنجۇ شەھىرىنى بېسىۋالغان. ئۇيغۇر قاغانى ياغلاقار تۇڭشۇن قېچىپ كەتكەن، گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ خېشىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش تارىخى شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشقان. ھاكىمىيەت يىمىرىلگەندىن كېيىن، ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ھەر تەرەپكە چېچىلىپ كەتكەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە تەسىرى ئەڭ چوڭ بولغىنى دۇنخۇاڭنىڭ جەنۇبىدىكى چىلەنشەن تېغىغا چېكىنگەن بىر تارماقتۇر. ئۇلار ئۆزلىرىنى «شاجۇ ئۇيغۇرلىرى» دەپ ئاتىغان. 1127 ـ يىلى (جىن سۇلالىسى تيەنخۇينىڭ 5 ـ يىلى) دىمۇ يەنە «شاجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ قاغانى خوراسا ئەلچى ئەۋەتىپ، سوۋغات تارتۇق قىلغان»③ لىقىغا دائىر خاتىرىلەر بولغان. لېكىن كېيىنچە ئۇلار توغرۇلۇق تارىخ كىتابلىرىدىن غايىب بولغان. گەنجۇ ئۇيغۇر ھاكىمىيىتى يىمىرىلىپ نەچچە ئون يىلدىن كېيىن، 1081 ـ يىلى (سۇڭ سۇلالىسى يۈەنفېڭنىڭ 4ـيىلى) تارىخ كىتابلىرىدا «سېرىق ئۇيغۇرلار» دېگەن ئىسىم يەنە كۆرۈلگەن.

① «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە».
② «تاڭغۇتلار ھەققىدە خاتىرە»، 3 ـ جىلد.
③ «جىننامە. تەيزۇڭ ھەققىدە خاتىرە».

كۆپ قىسىم تارىخچىلار سېرىق ئۇيغۇرلار گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ قالدۇق قوۋمىدۇر، تېخىمۇ كونكرېتراق قىلىپ ئېيتقاندا، شاجۇغا چېكىنگەن بىر تارماق ئۇيغۇرلاردۇر دەپ قارايدۇ. لېكىن بۇنداق قاراشتا نۇرغۇن گۇمانىي نۇقتىلار بار. ئەينى چاغدىكى، سېرىق ئۇيغۇرلار تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي چېتىدە ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، غەربتە يوچان شەھىرى(ھازىرقى چەرچەن دائىرىسى)دىن شەرقتە نوپچانغىچە بولغان 500 كىلومېتىرلىق دائىرىدە ياشىغان. بۇ شاجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ پائالىيەت دائىرىسىدىن خېلىلا يىراقتا. ئۇنىڭدىن باشقا سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ تەركىبى ناھايىتى مۇرەككەپ بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ھەرقايىسى ئۇرۇقلىرىدىن باشقا، يەنە باسمىل، تۈركەش، خاككاس ئۇرۇقلىرىمۇ بار. شۇڭا، سېرىق ئۇيغۇرلار شاجۇ ئۇيغۇرلىرى بولماستىن، بەلكى قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ بىر قىسمى بولۇشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن.

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە، سېرىق ئۇيغۇرلار(黄头回鹘) «سېرىق ئۇيغۇرلار» (撒里畏兀儿) دەپ ئاتىلىپ، يۈەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي تىنچلاندۇرغۇچى خانىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان ھەمدە موڭغۇللار بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەن. 15 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا، ئۇلار يەنە خېشى كارىدورىدىكى گەنجۇ رايونىغا كۆچۈپ بارغان. ئۇلار دەل ھازىرقى يۇغۇر مىللىتىدۇر. ھازىرقى يۇغۇر مىللىتىدىكى ياڭ فامىلىسى قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ خان جەمەتى بولغان ياغلاقار جەمەتىنىڭ خەنزۇچە تەرجىمە قىلىنىشىدۇر.

### 5. غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلار

چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇر خانلىقى يىمىرىلگەندىن كېيىن، پان تېكىن باشچىلىقىدىكى 15 قەبىلە غەربكە كۆچكەن. بۇ 15 قەبىلە ئۇيغۇرنىڭ سانىنى ئىلگىرى بەزىلەر 100 مىڭدىن 300 مىڭغىچە دەپ مۆلچەرلىگەن①. چۈنكى پان تېكىن غەربكە

① ئابى تاكېيو: «غەربىي ئۇيغۇر خانلىقى تارىخى تەتقىقاتى»، 4 ـ باب، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985 ـ يىلى نەشرى، 174 ـ بەت.

كۆچۈپ 10 يىلدىن كېيىن، ئادىمى «پەيدىنپەي كۆپىيىپ 200 مىڭغا يەتكەن»[1]، شۇڭا، پەرىزىمىزچە غەربكە كۆچكەن 15 قەبى-لىنىڭ نوپۇسى 200 مىڭدىن ئاشمايدۇ. غەربكە كۆچكەن ئۇيـ-غۇرلار ئەنئەنىۋى يايلاق يولىنى بويلاپ، ئالدى بىلەن بېشبالىققا يېتىپ كەلگەن. يېتەرلىك ئوتلاق ئۈچۈن، ئۇلار تەدرىجىي تارقاـ-لىشىپ، بەزى قەبىلىلەر داۋاملىق غەربكە يۈرۈپ، كۆكئارتىنىڭ غەربىدىكى قارلۇق قەبىلىسىنىڭ زېمىنىغا كىرىپ كەلگەن. ئۇلار ئاساسلىقى ئىسسىقكۆل ئەتراپى ۋە ئىلى دەرياسى ۋادىسىغا تارقالغان. بۇ ئۇيغۇرلار كېيىنچە كۆكئارتىنىڭ غەربىدىكى قارلۇق قاتارلىق قەبىلىلەر بىلەن بىرلىكتە قاراخانىيلار سۇلالىسىنى قۇرغان. غەربكە كۆچكەن كۆپ قىسىم ئۇيغۇرلار هازىرقى شىنجاڭ چېگرىسى ئىچىدە قېلىپ، كىنگىتنىڭ شىمالىدىكى تەڭرىتېغى جىلغىسى ۋە بېشبالىق ئەتراپىغا تارقالغان. بۇ كىشىلەر كېيىن قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇرغان.

842 ـ يىلى (خۇيچاڭنىڭ 2 ـ يىلى) خاكاسلار موڭغۇل يايلىقىدىن غەربكە كېڭىيىپ، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ بېشبا-لىق ۋە تۇرپاننى ئىگىلىگەن، پان تېكىن كىنگىتكە چېكىنگەن. بۇ چاغدا، جەنۇبقا كۆچكەن ئۇيغۇرلار ئۆگە قاغاننى تەختكە چىـ-قارغان بولغاچقا، پان تېكىن ئۆزىنى يابغۇ دەپ ئاتىغان. بۇ ئۇنىڭ ئۆگەنىڭ ئۇيغۇرلارغا ئورتاق هۆكۈمرانلىق قىلىشتەك ئورنىنى ئېتىراپ قىلغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. 856 ـ يىلى ‹داجۇڭنىڭ 10 ـ يىلى› پان تېكىن «ئەنشىدە ‹ئەينى چاغدا كىنگىتنى كۆرسى-تىدۇ› بارگاھ تىككەن.»[2] بۇ چاغدا جەنۇبقا كۆچكەن ئۇيغۇرلار مەغلۇپ بولغان بولۇپ، «قېلىپ قالغانلىرى تاغ ـ ئورمانلىقلارغا كىرىپ غايىب بولغان ... ئاز بىر قىسمى پان تېكىندىن پاناھ تىـ-لەپ بارغان.» موڭغۇل يايلىقىدا قېلىپ قالغان ئۇيغۇر قەبىلىلىـ-رىمۇ ئۇمىدىنى پان تېكىنگە باغلاپ، «ھەممىسى غەربكە تەلپۈ-

[1] «يېڭى تاڭنامە. تۈركلەر تەزكىرىسى».
[2] «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۈرنەكلەر»، 249 ـ جىلد.

نۇپ، ئەنشىدىكى پان تېكىنىنىڭ يېتىپ كېلىشىنى ئارزۇ قىلغان.»[1] كېيىنچە پان تېكىن ئۆزىنى قاغان دەپ ئاتىغان. ئۇيغۇرلارنىڭ مەركىزى پۇتۇنلەي شەرقىي قىسىمدىكى تەڭرىتاغ رايونىغا يۆتكەلگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ ھاكىمىيەت مەركىزى غەربكە يۆتكەلگەندىن كېيىن، تاڭ سۇلالىسى يەنىلا ئۇلارنى ئېتىراپ قىلىپ، پان تېكىنگە سەلتەنەت قۇچقان قاغان دېگەن ئۇتۇغات نامىنى بەرگەن[2]. پان تېكىن قاغان بولغاندىن كېيىن، غەربكە كۆچكەن بارلىق ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئۇنى ئورتاق ھۆكۈمدار دەپ ئېتىراپ قىلغان. بۇلار ئاساسلىقى خېشى كارىدورى، كۆكئارتنىڭ غەربى ۋە ھازىرقى شىنجاڭ چېگرىسى ئىچىدە ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بۇنىڭ بىلەن زېمىنى كېڭەيگەن بولسىمۇ قەبىلىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە قويۇق بولمىغان، پان تېكىنىنى قاغان قىلغان غەربىي ئۇيغۇر خانلىقى دەسلەپكى كۆلەمگە ئىگە بولغان. بۇ ھاكىمىيەتنىڭ مەركىزى كىنگىتتە بولغان.

866 ـ يىلىغا (شيەنتۇڭنىڭ 7 ـ يىلى) كەلگەندە، بېشبالىقنىڭ ئەتراپىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ باشلىقى بۆكۈ قۇن بېشبالىق شەھرى ۋە تۇرپاننى بېسىۋالغان. ئارقىدىنلا كىنگىتكە قوشۇن تارتىپ، قاغاننى ئۆلتۈرۈپ، ئۆزىنى قاغان دەپ ئاتىغان. ئۇ بېشبالىقتا ئوردا قۇرغان. كېيىن ئۇنىڭ ۋارىسلىرى ئوردىنى قوچوغا كۆچۈرگەن. شۇڭا، بەزى ئالىملار بۆكۈ قۇن قوچو ئۇيغۇر ھاكىمىيىتىنى بەرپا قىلغۇچى دەپ قارايدۇ.[3] شۇنىڭدىن كېيىن، ئىلگىرىكى چېچىلىپ كەتكەن غەربىي ئۇيغۇر خانلىقى پارچىلانغان. ئۇيغۇرلارنىڭ ئۈچ تارمىقى ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل تەرەققىي قىلىش يولىغا ماڭغان.

---

[1] «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى».

[2] «بۈيۈك تاڭ يارلىقلىرى»، 219 ـ جىلد، «داجۇڭ 11 ـ يىلى ئۇيغۇر قاغانىغا مەرتىۋە بېرىش يارلىقى».

[3] موريياسۇ تاكائۇ: «ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچۈشى توغرىسىدا»؛ ليۇ يىتاڭ: «ئۇيغۇر تەتقىقاتى»، تەيبېي، جېڭجۇڭ كىتاب ئىدارىسى، 173 ـ بەت.

(1) قوچو ئۇيغۇر خانلىقى

قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ دائىرىسى كەڭ، ئاھالىسى شالاڭ بولۇپ، بىر - بىرىدىن پەرقلىنىدىغان كۆپلىگەن ئۇلۇسلار ۋە شەھەر دۆلەتلىرى بىر ھاكىمىيەتنىڭ قول ئاستىدا ئىدى، يەنە كېلىپ ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى مىللەت ئۇيغۇرلارنىڭ سانى ئومۇمىي ئاھالىدە ناھايىتى ئاز سالماقنى ئىگىلەيتتى. بەزى بوستانلىقلار ۋە قەبىلىلەر ناھايىتى كۈچلۈك مۇستەقىللىققا ئىگە ئىدى. مەسىلەن، كۇسەن دائىم ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك خانلىقلىرىغا ئۆز ئالدىغا ئەلچى ئەۋەتىپ، سوۋغا يوللايتتى. ئېۋىرغۇل ئايىمىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى شۇ جايدىكى خەنزۇلاردىن چىن فامىلىلىكلەر ئەۋلادتىن ئەۋلادقا داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەنىدى.

قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مەدەنىيىتى دېھقانچىلىق بىلەن چارۋىچىلىق بىرلەشكەن، شەرق، غەرب مەدەنىيىتى ئارىلاشقان مەدەنىيەت ئىدى. ئۇيغۇرلار تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئىلگىرىكى يېزا ئىگىلىك مەدەنىيىتىگە كۆپلەپ ۋارىسلىق قىلغان، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۆز ئېھتىياجى ۋە چۈشىنىشىگە ئاساسەن، بۇنى ئۆزگەرتىپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، يېڭى دەۋر ئالاھىدىلىكىگە ۋە مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە قىلغان. قوچو ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئارىلاشمىلىقى تىل، كىيىم - كېچەك، سەنئەت ۋە بىناكارلىق قاتارلىق تەرەپلەردە ئىپادىلىنىدۇ. ① 12 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، قوچو ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن قاراخانىيلار خانلىقى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ قارا قىتان خانلىقى(غەربىي لياۋ)نىڭ قارام ئېلى بولغان. 13 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، قوچو ئۇيغۇر خانلىقى يەنە چىڭگىزخانغا ئەل بولغان، كېيىن يۈەن سۇلالىسىنىڭ تېررىتورىيىسىگە كىرگۈزۈلگەن. قوچو ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن، زېمىنى ئۈزلۈكسىز كېڭىيىپ

---

① خۇ جېنخۇا، خۇاڭ رۇنخۇا:«ئىدىقۇت مەھكىمىسى سۆزلۈكى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984 - يىلى نەشرى، 9 ~ 10 - بەتلەر. زۇ رۇشەن تەرجىمە قىلغان: «قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تۇرمۇشى»، تۇرپان تەزكىرە ئىشخانىسى، 1989 - يىلى باسقان.

غەربتە كىنگىت، كوسەن ۋە ئۇرۇمچى دائىرىسىگە يەتكەن.

(2) قاراخانىيلار خانلىقى

جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربى ۋە كۆكئارتنىڭ غەربىدىكى ئۇيغۇر ئاقسۆڭەكلىرى قۇرغان يەنە بىر ھاكىمىيەت — قاراخانىيلار خانلىقىدىن ئىبارەت. قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ بەرپا قىلغۇچىسى پان تېكىننىڭ ئەۋلادى ياكى پان تېكىننىڭ سانغۇنلىرى بولۇشى مۇمكىن. ئۇنداقتا قاراخانىيلار خانلىقى 866 ـ يىلى (شيەنتۇڭنىڭ 7 ـ يىلى)دىن كېيىنكى قايسى چاغدا قۇرۇلغان؟ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مۇسۇلمانلارنىڭ تارىخ ماتېرىياللىرىدا خاتىرىلەنگەن «بىلگە كۆل قادىرخان»دېگەن ئادەم قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ بۇزرۇكۋارى دەپ قارالماقتا.① ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن، ئورنىغا ئىككى ئوغلى ۋارىسلىق قىلغان. چوڭ ئوغلى بالاساغۇننى، كىچىك ئوغلى تالاسنى باشقۇرغان. بۇ ۋاقىت 9 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا توغرا كېلىدۇ. 893 ـ يىلى (جىڭفۇنىڭ 2 ـ يىلى) سامانىيلار(874 ـ يىلىدىن 999 ـ يىلىغىچە) تالاسنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، 2 ـ ئوغلى ئوردىنى قەشقەرگە كۆچۈرگەن. بۇ پاكىتلار بۇنىڭ قوچو ئۇيغۇر خانلىقىدىن مۇستەقىل يەنە بىر ھاكىمىيەت ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا، قاراخانىيلار خانلىقىنى 866 ـ يىلىدىن (شيەنتۇڭنىڭ 7 ـ يىلى) 9 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان مۇشۇ ئارىلىقتا قۇرۇلغان دېيىش بىرقەدەر مۇۋاپىق. خانلىقنىڭ تېررىتورىيىسى ئاساسەن بۈگۈنكى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئامۇ دەرياسى بىلەن سىر دەرياسىنىڭ ئارىلىقىدىكى دېھقانچىلىق رايونى، سىر دەرياسىنىڭ شىمالىدىن بالقاش كۆلىگىچە بولغان چارۋىچىلىق رايوننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ جۇڭغار ئويمانلىقىدا جىك، كۆنەسنى پاسىل قىلغان ھالدا قوچو ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن چېگرىلىنىدۇ؛ تارىم ئويمانلىقىدا ئۈچتۇرپان ۋە يېڭىسارنى پاسىل قىلغان ھالدا قو-

---

① ۋېي لياڭتاۋ: «قاراخانىيلار تارىخىدىن ئومۇمىي بايان»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1986 ـ يىلى نەشرى، 73 ـ بەت.

چۇ ئۇيغۇر خانلىقى ۋە ئۇدۇن بەگلىكى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. خانلىقنىڭ پايتەختى ئايرىم — ئايرىم ھالدا بالاساغۇن(ھازىرقى توقماق شەھىرى) ۋە قەشقەردە قۇرۇلغان. خاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى ئۇيغۇر ئاقسۆڭەكلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىنى ئاساس قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇيغۇرلارنىڭ خانلىق تېررىتورىيىسىدىكى ئاھالىلەر ئارىسىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى ناھايىتى كىچىك ئىدى. ئۇلار بارا — بارا يەرلىكتىكى باشقا قەبىلىلەر ياكى مىللەتلەرگە قوشۇلۇپ كېتىپ، ئۆزلىرىنى ئۇيغۇر دېيىش ئېڭى ئىنتايىن سۇسلىشىپ كەتكەن. 10 — ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى قاراخانىيلار خانلىقى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن، خانلىقنىڭ ھۆكۈمرانلىرى ئۆزلىرىنى ئاساسەن ئۇيغۇر دەپ ئاتىماي، پەقەت تېلېلار(ياكى تۈركلەر) دەپ ئاتىغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۇلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلمىغان شىنجاڭ چېگرىسى ئىچىدىكى بىر مىللەت كىشىلىرىنى يەنىلا ئۇيغۇر دەپ ئاتىغان ھەم ئۇلارغا دۈشمەنلىك پوزىتسىيىسى بىلەن قارىغان. ئەلۋەتتە، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ شەرقتىن كۆچۈپ كەلگەنلىك تارىخىنى ئۇنتۇمىغان، شۇڭا، ئۆزلىرىنى يەنىلا جۇڭگوغا تەئەللۇق خانلىق، دەپ قاراپ كەلگەن. ①

### 6. ئۇيغۇرلارنىڭ يەرلىك ئاھالىلەر بىلەن قوشۇلۇپ كېتىشى

13 — ئەسىردىن كېيىن، غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلار قۇرغان ئىككى ھاكىمىيەت ئارقا — ئارقىدىن ھالاك بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپ قىسمى تارىم ئويمانلىقىدا ئولتۇراقلىشىپ قالغان ھەمدە يەرلىك ئاھالىلەر بىلەن قوشۇلۇپ بىر گەۋدىگە ئايلانغان.

ئۇيغۇرلار تارىم ئويمانلىقىغا كۆپلەپ كىرىشتىن ئىلگىرى، يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ تەركىبى مۇرەككەپ بولسىمۇ، لېكىن ئو-

① جاڭ گۇاڭدا: «مەھمۇد قەشقەرىنىڭ 〈 تۈركىي تىللار دىۋانى 〉 ۋە ئۇنىڭدىكى دائىرىلىك خەرىتىلەر توغرىسىدا»، «مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1978 — يىلى 2 — سان.

مۇمەن ياۋروپا ئىرقىدىكى غۇزلار بىلەن موڭغۇل ئىرقىدىكى
چاڭلار ۋە خەنزۇلاردىن ئىبارەت ئىككى تۈرگە ئايرىلاتتى. تۇر-
پان، قۇمۇلدىن باشقا كۆپ قىسىم جايلارنىڭ ئاھالىلىرى ئاساس-
لىقى ياۋروپا ئىرقىدىكى غۇزلارنى ئاساس قىلغانىدى. بۇ ئاھالى-
لەر قوللانغان تۈرلۈك تىللارمۇ كۆپىنچە ھىندى - ياۋروپا تىل-
لىرى سىستېمىسىغا كىرەتتى. ئۇلار دېھقانچىلىق بىلەن باغۋەن-
چىلىكنى ئاساسلىق تىرىكچىلىك يولى قىلغان بولۇپ، سودا قى-
لىشقىمۇ ماھىر ئىدى. مۇشۇ يەرگە كېلىپ باققان شەرقىي
جىن سۇلالىسىدىكى راھىب فاشيەن بىلەن تاڭ سۇلالىسىدىكى
راھىب شۈەنزاڭ يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ تاشقى قىياپىتى، تىل-
يېزىقى ۋە ئىقتىسادىي تۇرمۇشىنى ئىنچىكە تەسۋىرلەپ بەرگەن.
بۇنىڭغا ئالاقىدار باشقا تارىخ ماتېرىياللىرىمۇ ناھايىتى مول.
قىسقىسى، ئىرق جەھەتتە، يەرلىك ئاھالىلەر بىلەن يايلاقتىن
كۆچۈپ كەلگەن ئۇيغۇرلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ناھايىتى زور.

9 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن، غەربكە كۆچكەن
ئۇيغۇرلار تۇرپان، قەشقەر ۋە كۆكئارتنىڭ غەربىدىكى رايونلاردا
ئايرىم-ئايرىم ھالدا دۆلەت قۇرغاندىن كېيىن، شەرق، غەرب
ئىككى باشتىن تارىم ئويمانلىقىنىڭ مەركىزىگە قاراپ تەرەققىي
قىلىشقا باشلىغان. 1006 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە، ئۇلار
ئويمانلىقنىڭ مەركىزىدىكى يەرلىك ئاھالىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى
خانلىقى — ئۇدۇن دۆلىتىنى يوقاتقان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن،
تارىم ئويمانلىقىدا ئۇيغۇرلار قۇرغان ئىككى خانلىق شەرق ۋە
غەرب ئىككى تەرەپتە بىر - بىرىگە تىركىشىپ قالغان. يەرلىك
ئاھالىلەر ئۆزلىرىنىڭ تىل - يېزىقىنى بارا - بارا تاشلاپ، تۈرك
تىلىدا سۆزلىشىدىغان، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى قوللىنىدىغان
بولغان. بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ تارىم ئويمانلىقىدىكى ھۆكۈمرانلىق
ئورنىنىڭ تىكلەنگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. تارىم ئويمانلىقىدى-
كى يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت سەۋىيىسى
ئۇيغۇرلارنىڭكىدىن خېلى يۇقىرى بولغاچقا، ئۇيغۇرلار ئىلگىرى-

كى كۆچمەن چارۋىچىلىق مەدەنىيىتىنى پەيدىنپەي تاشلاپ، يەر-
لىكنىڭ تېرىقچىلىق مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلغان.

لېكىن، ئەينى چاغدا پۈتكۈل ئويمانلىقتا بىرلىككە كەلگەن مىللەتنى شەكىللەندۈرۈش شەرتى هازىرلانمىغانىدى. بىر تەرەپتىن، يەرلىك ئاھالىلەر بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ قوشۇلۇشى، يەنى يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ تىل جەھەتتە تۈركلىشىش جەريانى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ تېرىقچىلىق مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىش، ئۆگىنىش جەريانى تاماملانمىغانىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، قوچو ئۇيغۇرلىرى بىلەن قاراخانىيلار ئۇيغۇرلىرى دىنىي ئېتىقاد جەھەتتىكى پەرق تۈپەيلىدىن ئۆزئارا دۈشمەنلىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئۇيغۇر مىللىتى ئىكەنلىكىدەك ئاڭنى پەيدىنپەي ئۇنتۇشقا باشلىغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇلار ئېتىقاد قىلغان دىن هەر ئىككى تەرەپنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ هەرقايسى تەرەپلىرىگە سىڭىپ كىرگەن. بولۇپمۇ، ئىسلام دىنىنىڭ ئىپادىسى تېخىمۇ گەۋدىلىك بولغان. قەشقەرنى مەركەز قىلغان قاراخانىيلار خانلىقى ئىسلام دىنىنى دۆلەت دىنى قىلغان بولسا، قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئاھالىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى بۇددا دىنى ۋە مانى دىنى مۇخلىسلىرى ئىدى. دىنىي پەرق تۈپەيلىدىن مەدەنىيەت ۋە روھىي هالەتتە پەرق كېلىپ چىققان، ھەتتا يېزىقمۇ پەرقلەندۈرۈلگەن، قوچو ئۇيغۇر خانلىقى يەنىلا قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى قوللانغان، قاراخانىيلار خانلىقى بولسا ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى خاقانىيە يېزىقىنى قوللانغان. سىياسىي جەھەتتە ئىككى تەرەپ ئوت بىلەن سۇدەك بولۇپ، پۈتۈنلەي قاردمۇقارشى ئورۇندا تۇرغان. شەرق ۋە غەربتىكى ئاھالىلەردە ئۆزلىرىنىڭ بىر مىللەتتىن ئىكەنلىكىدەك پىسخىك ئاڭ قالمىغان. كىشىلەر مىللىتىگە ئەمەس، بەلكى ئۆزلىرىنىڭ تېررىتورىيىسى ۋە دىنىغىلا سادىق ئىدى.

يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە، موڭغۇل چاغاتاي خانىنىڭ ئەۋلادلىرى بوستانلىقلاردا قوشۇن تۇرغۇزۇپ، دائىرە

بۆلۇشۇۋالغان، تارىم ئويمانلىقى بۆلۈنمىچىلىك ۋە ئۇرۇش قالاي-
مىقانچىلىقى ئىچىدە قالغان. ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقىدا ئۆرپ-
ئادەت كۈچلىرى ئىسلام دىنىدىن پايدىلىنىپ، شەرقتە داۋاملىق
كېڭەيگەن. 16 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە، بۇددا دىنى
بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان سىياسىي كۈچلەر بىلەن بىرگە
تۇرپاندىن قوغلاپ چىقىرىلغان. مىلادىيە 1514 ـ يىلى (مىڭ
سۇلالىسى جېڭدېنىڭ 9 ـ يىلى) چاغاتاينىڭ ئەۋلادى سەئىدخان
تارىم ئويمانلىقىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، يەكەن خانلىقىنى
(1514 ـ يىلىدىن 1680 ـ يىلىغىچە) قۇرغان، خانلىقنىڭ تېررى-
تورىيىسى شەرقتە قۇمۇلغىچە يەتكەن. 500 يىل داۋاملاشقان دى-
نىي ئۇرۇشلار شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئاياغلىشىپ، تارىم ئويمانلى-
قىدىكى ئاھالىلەر بىرلىككە كەلگەن ھاكىمىيەت ئاستىدا ئىسلام
دىنىغا بەيئەت قىلغان. بىرلىككە كەلگەن ھاكىمىيەت ۋە دىن
ئىلگىرىكى تار دىنىي ئاڭ ۋە يەرلىك ئاڭنى ئويمانلىقتىكى بارلىق
ئاھالىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مىللىي ئاڭغا ئۆزگەرتكەن. ئۇي-
غۇرلارنىڭ يەرلىك ئاھالىلەر ۋە كېيىن كەلگەن موڭغۇللار بىلەن
مەدەنىيەت، ئۆرپ ـ ئادەت ۋە قانداشلىق جەھەتتىكى قوشۇلۇشى-
مۇ تاماملانغان.

ھازىرقى ئۇيغۇرلار قەدىمكى ئۇيغۇر(回鹘)لارنىڭ تىلى ۋە
باشقا نۇرغۇن ئالاھىدىلىكلىرىگە ۋارىسلىق قىلغان بولسىمۇ،
لېكىن ئۇلار ئات ئۇستىدىكى مىللەت بولۇشتىن قالدى،
شۇنداقلا تېپىك موڭغۇل ئىرقىنىڭ تاشقى قىياپىتىنىمۇ يوقات-
تى. شۇڭا، ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى ئۇزۇن، ئۇ يەنىلا ئۇيغۇر (回鹘
)دىن ئىبارەت بۇ قەدىمكى مىللەتنىڭ نامىنى داۋاملاشتۇرۇپ
كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ مەزمۇنىدا ھەقىقەتەن يېپيېڭى
ئۆزگىرىش بولدى.

## تۆتىنچى، غەربىي يۇرت، موڭغۇللار ۋە موڭغۇل خانلىقى

### 1. چىڭگىزخاننىڭ غەربكە يۈرۈش قىلىشى

مىلادىيە 12 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرا، ئاخىرقى مەزگىللىرىدە، موڭغۇللار چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى يايلاقلاردا پەيدىنپەي قۇدرەت تېپىشقا باشلىغان، 13 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، چىڭگىزخان (تېمۇرچىن) يايلاقتىكى قەبىلىلەرنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، 1206 ـ يىلى (سۇڭ سۇلالىسى كەيشىنىڭ 2 ـ يىلى) چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى ئونان دەرياسىنىڭ مەنبەسىدە قۇرۇلتاي ئېچىپ، بۈيۈك قاغانلىق ئورنىغا چىقىپ، كۈچلۈك موڭغۇل ھاكىمىيىتىنى قۇرغان. چىڭگىزخاننىڭ جەنۇبتا جىن دۆلىتى(جۇرجىتلار، 1115 ـ يىلىدىن 1234 ـ يىلىغىچە)گە ھۇجۇم قىلىپ، شىيا دۆلىتى (تاڭغۇتلار)نى يوقىتىشى، شۇنىڭدەك يايلاقنىڭ شىمالىدىكى قىرغىزلار ۋە «ئورانغۇتلار» (ئورمان خەلقى)غا يۈرگۈزگەن ئىستىلاسى ئەتراپتىكى جايلارنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەندى.

چىڭگىزخان قەد كۆتۈرگەن مەزگىلدە، تەڭرىتېغىنىڭ شەرقىدە ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى ياشايتتى، ئۇلار يۈەن سۇلالىسىنىڭ خەنزۇچە تارىخ كىتابلىرىدا ئۇيغۇر(畏兀儿) دەپ خاتىرىلەنگەندى. ئۇلارنىڭ سەردارى «ئىدىقۇت» دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، بۇ «مۇقەددەس پادىشاھ » دېگەن مەنىدە ئىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ شەرقىدىن بۈگۈنكى قۇمۇلغىچە بولغان جايلاردا قۇمۇللۇقلار ياشايتتى، ئۇلارنىڭ باشلىقى «تېگىن»(的斤迭林) دەپ ئاتالغان بولۇپ، يۈەن سۇلالىسىدىكى خەنزۇچە تارىخ كىتابلىرىدا ئۇيغۇر ئىدىقۇتلىرى بىلەن بىرگە تىلغا ئېلىناتتى، لېكىن ئۇلارنىڭ مىللەت تەۋەلىكى ھازىرغىچە ئېنىق ئەمەس. ئۇيغۇرلارنىڭ غەربىدە قارلۇق قەبىلىلىرى ياشايتتى، قارلۇق قەبىلىسىنىڭ سەردارلىرىدىن بىرى ئارسلانخان قايالى (بۈگۈنكى قازاقىستاننىڭ قوپئال دېگەن يېرى)دا ياشايتتى، يەنە بىر سەردارى ئوزارخان ئالمالىق (بۈگۈنكى

ئىلىنىڭ قورغاس ناھىيىسى)تا ياشايتتى. قارلۇقلارنىڭ غەربىدە قارا قىتانلار (غەربىي لياۋ) ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ماۋرا ئۇننەھر رايونىدىكى خارەزىم پادىشاھلىقى بار ئىدى.

موڭغۇللار باش كۆتۈرگەندىن كېيىن، ئالتۇنتاغ (ھازىرقى ئالتاي تېغى)نىڭ شەرقى ۋە غەربىدە كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلىدىغان نايمانلار مەغلۇپ قىلىنغان، نايمان شاھزادىسى كۈچلۈك غەربكە سۈرۈلۈپ، قاراقىتانلارنىڭ خانلىق تەختىنى تارتىۋالغاندىن كېيىن، قارا قىتانلارنىڭ نامىدا غەربىي يۇرتقا ھۆكۈمرانلىق قىلدى. ئۇيغۇرلار ئەينى چاغدا ئاساسلىقى قارا قوچو، بېشبالىق، جانبالىق (بۈگۈنكى سانجى)، يېڭىبالىق (بۈگۈنكى ماناس) ۋە سولمى (بۈگۈنكى يەنجى) قاتارلىق بەش شەھەرنى ئىگىلىگەن بولۇپ، قارا قىتان خانلىقى قوچوغا كەنجى باسقاق (باش نازارەتچى) ئەۋەتىپ دۆلەت ئىشلىرىنى نازارەت قىلاتتى. ئۇيغۇر ئىدىقۇتى بارچۇق ئارت تېكىن كەنجى باسقاقنىڭ ئۆز بېشىمچىلىقى، ئەيش - ئىشرەتكە بېرىلىشىدىن قاتتىق نارازى ئىدى، ئۇ موڭغۇللارنىڭ قۇدرەت تېپىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، 1209 - يىلى (سۇڭ سۇلالىسى جىيادىڭنىڭ 2 - يىلى) قارا قىتان خانلىقىنىڭ قوچودا تۇرۇشلۇق كەنجى باسقىقىنى ئۆلتۈرۈپ، موڭغۇللارغا ئەل بولغان. 1211 - يىلى (سۇڭ سۇلالىسى جىيادىڭنىڭ 4 - يىلى) بارچۇق ئارت تېكىن چىڭگىزخاننىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن، نۇرغۇن ئالتۇن-كۈمۈشنى ئېلىپ، ئۆزى بىۋاستە موڭغۇل يايلىقىغا بېرىپ، چىڭگىزخانغا بەيئەت قىلىپ، چىڭگىزخاننىڭ كاتتا ئىلتىپاتىغا ئېرىشكەن، ئۇ « تېكىنلەر بىلەن ئاغا - ئىنە بولۇپ، سەلتەنەتنىڭ سوراپ» چىڭگىزخاننىڭ «5 - ئوغلى»بولغان. ئۇيغۇر ئىدىقۇتلىرى يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە باشتىن - ئاخىر بۇيۈك خاننىڭ ۋە پادىشاھنىڭ بېقىندىسى بولۇپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن موڭغۇللار ئىستېلا قىلغان باشقا رايون ۋە قەبىلىلەردىن پەرقلىق ھالدا، ئۆزىنىڭ زېمىنى ۋە خەلقىگە قارىتا بەلگىلىك ئىگىلىك ھوقۇقىغا ئىگە ئىدى. موڭغۇللار بىلەن بولغان بۇنداق مۇناسىۋەت

ئۇيغۇرلارنىڭ يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە جۇڭگونىڭ ھەرقايسى جاي-لىرىدا جانلىنىشىدىكى مۇھىم سەۋەبتۇر.

قايالىدىكى قارلۇقلار سەردارى ئارسلانخانمۇ قارا قىتان خانلىقى ئەۋەتكەن كەنجى باسقاقتىن نارازى ئىدى، قارا قىتان پادىشاھى بۈنى بايقاپ قالغاندىن كېيىن، ئۇ زەھەر ئىچىپ ئۆلۈۋېلىشقا مەجبۇر بولغان. ئۇنىڭ ئوغلى يېڭىدىن ئارسلانخان بولۇپ تەختكە ۋارىسلىق قىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، چىڭگىزخان نايمانلارنىڭ قالدۇق كۈچلىرىنى يوقىتىشقا قوشۇن ئەۋەتكەن پۇرسەتتە، قارا قىتاننىڭ كەنجى باسقىقىنى ئۆلتۈرۈپ، چىڭگىزخانغا ئەل بولۇپ، ئۇنىڭ كاتتا ئىلتىپاتىغا ئېرىشكەن. كۈچلۈك قارا قىتاننىڭ خانلىق ئورنىنى تارتىۋالغاندىن كېيىن، ئالمالىقتىكى ئوزارخان كۈچلۈكنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇزلۈكسىز ئۇچرىغان، ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇ چىڭگىزخاننىڭ تەكلىپى بىلەن شىمالىي چۆللۈككە بېرىپ، چىڭگىزخاننىڭ ئالاھىدە ئىلتىپاتىغا ئېرىشكەن، لېكىن ئالمالىققا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، كۈچلۈك تەرىپىدىن ئەسىر ئېلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەن. ئۇنىڭ ئوغلى سىغناق تەختكە ۋارىسلىق قىلغان، چىڭگىزخان خارەزىمگە يۈرۈش قىلغاندا، قارلۇقلارنىڭ بۇ ئىككى سەردارى قوشۇن باشلاپ جەڭگە ئاتلانغان.

كۈچلۈك قارا قىتان پادىشاھلىقىنى تارتىۋالغاندىن كېيىن، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى قەشقەر ۋە خوتەنمۇ ئۇنىڭ دەھشەتلىك ھۆكۈمرانلىقىدا قالغان. 1218 ـ يىلى (سۇڭ سۇلالىسى جيادىڭنىڭ 11 ـ يىلى) چىڭگىزخان جەبە نوياننى قوشۇن باشلاپ تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىغا بېرىپ، كۈچلۈككە ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتكەن. جەبە نويان كۈچلۈككىلا قوغلاپ زەربە بېرىپ، يەرلىك پۇقرالارغا زىيان يەتكۈزمىگەن، ھەتتا خەلقنىڭ ئۆز دىنىي ئېتىقادىنى ساقلاپ قالسا بولىدىغانلىقىنى جاكارلاپ، قەشقەر، خوتەن خەلقىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن.

1219 ـ يىلى (سۇڭ سۇلالىسى جيادىڭنىڭ 12 ـ يىلى) چىڭگىزخان خارەزىم پادىشاھىنىڭ موڭغۇل ئەلچىلىرىنى قىرىپ

تاشلىغانلىقىدىن قىساس ئېلىش ئۈچۈن، غەربكە يۈرۈش قىلغان. شۇ يىلى كۈزدە، موڭغۇل قوشۇنى سىر دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقى-نىدىكى ئوترارغا كەلگەندىن كېيىن، بىرقانچە يولغا بۆلۈنۈپ ھۇجۇمغا ئۆتكەن، موڭغۇللار خۇجەند دەرياسى بويىدىكى شەھەر-لەرنى ئىگىلەپ بولغاندىن كېيىن، خارەزىم پايتەختى ئۈرگەنچنى قولىغا كىرگۈزگەن. چىڭگىزخان كىچىك ئوغلى تۆلۈخان بىلەن بىرگە ئاساسلىق قوشۇننى باشلاپ بۇخارا، سەمەرقەند، تېرمىز قاتارلىق جايلارنى ھۇجۇم قىلىپ ئېلىپ، 1221 - يىلى (سۈڭ سۇلالىسى جيادىڭنىڭ 14 - يىلى)نىڭ بېشىدا ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ بەلىخ ۋە تالىقان شەھەرلىرىنى بېسىۋالغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، چىڭگىزخان خارەزىمنىڭ ئا-خىرقى پادىشاھى جالالىدىننى قوغلاپ يوقىتىشقا ئەسكەر ئەۋەت-كەن. جەبە نويان قاتارلىقلار ئوتتۇرا ئاسىيادىكى خۇراسان يولىنى بويلاپ غەرب تامان يۈرۈش قىلغان، ئاندىن كاۋكاز تېغىدىن ھال-قىپ، رۇسىيىنىڭ جەنۇبىدىكى يايلاقتا قىپچاقلارنى مەغلۇپ قى-لىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا بۈگۈنكى رۇسىيىنىڭ قازان ئەتراپىدىكى بۇلغارلارغا ھۇجۇم قىلىپ، قايتىپ كەلگەن. موڭ-غۇللارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا، ئىران، رۇسىيە ۋە شەرقىي ياۋروپا قا-تارلىق جايلاردىكى ھەربىي ھەرىكىتى ئىنتايىن قەبىھ بولغان. ئۇلار قارشىلىققا ئۇچرىدۇق دېگەننى باھانە قىلىپ، شەھەرلەرگە ئوت قويۇپ، پۇقرالارنى ئۆلتۈرۈپ، نۇرغۇن ئادەم ۋە مال - مۈ-لۈكنى زىيانغا ئۇچراتقان. لېكىن، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى خەلقلەرنىڭ سەردارلىرى ئۆزلۈكىدىن ئەل بولغاچقا، موڭغۇل قوشۇنى ناھايىتى ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىش كۆرگەن.

چىڭگىزخان غەربكە يۈرۈش قىلىشىنىڭ ئالدىدا غەربىي يۇرت-تىكى ئىستېلا قىلغان ۋە ئىستېلا قىلماقچى بولغان يەرلىرىنى چوڭراق ئۈچ ئوغلى جۇچى، چاغاتاي ۋە ئوگىدايغا سۇيۇرغال قى-لىپ بەرگەن. جۇۋەينىنىڭ «تارىخىي جاھان كۇشاي»①، راشىدى-

① جۇۋەينى: «تارىخىي جاھانكۇشاي»، خەنزۇچە نەشرى، 45 -، 46 - بەتلەر.

ـنىڭ «جامىئۇل تەۋارىخ» ۋە ئۆمەرنىڭ ئەسەرلىرىدىكى خاتىرىگە
ئاساسەن، بۈگۈنكى ئالىملار «ئېرتىش دەرياسىنىڭ غەربى، بۈگۈن-
كى ئارال دېڭىزى، كاسپىي دېڭىزىنىڭ شىمالىنى جۇچىغا بۆلۈپ
بەرگەن؛ ئۇيغۇر يۇرتى بىلەن ماۋرا ئۇننەھر ئارىلىقىدىكى ئىلگى-
رىكى قاراقىتانلارغا تەۋە زېمىننى چاغاتايغا بۆلۈپ بەرگەن؛ ئى-
مىلنىڭ شىمالى، جۇملىدىن بۈگۈنكى قارا ئېرتىش دەرياسى بىلەن
ئالتاي تېغى ئەتراپىدىكى ئىلگىرىكى نايمانلارغا تەۋە زېمىننى ئو-
گىدايغا بۆلۈپ بەرگەن»① دەپ قارايدۇ. چىڭگىزخاننىڭ سۇيۇرغال
قىلىپ بېرىشى موڭغۇللار دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت ھاكىمىيەت
قۇرۇلمىسىغا ئاساس سېلىپ بەرگەن.

چىڭگىزخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئوگىداي، خانىش
تورگېنە، كۆيۈكخان، خانىش ئۇۋۇل خالمىش ۋە مۆڭكۈخان ئىل-
گىرى - كېيىن بولۇپ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن. بۇ جەرياندا،
ئوگىداي 1236 - يىلى (سۇڭ سۇلالىسى دۇەنپىڭنىڭ 3-يىلى)
چوڭ ئوغلىنى غەربكە يۈرۈش قىلىشقا ئەۋەتىپ، قىپچاق ۋە بۇل-
غارلارنى يوقاتقان، رۇسلارنى بويسۇندۇرغان، بولور، ماجار قاتار-
لىق شەرقىي ياۋروپا زېمىنلىرىنى پايخان قىلىپ، خرىستىئان
دىنى دۇنياسىنى قاتتىق لەرزىگە سالغان. مۆڭكۈخان تەختكە
ۋارىسلىق قىلغاندىن كېيىن، ھىلاكۇنى غەربكە يۈرۈش قىلىشقا
ئەۋەتىپ، بۈگۈنكى ئىران چېگرىسى ئىچىدىكى مۇلا-
ھىدلار(ئىسلام دىنىنىڭ ئىسمائىلىيە مەزھىپىدىكى يوشۇرۇن
ئۆلتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلىدىغان چېكىدىن ئاشقان مەزھەپ) ۋە
غەربىي ئاسىيادىكى قارا يەكتەكلىك ئەرەبلەر( ئاbbاسىيلار خەلى-
پىلىكى)نى يوقىتىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا سۇرىيىگە يۈ-
رۈش قىلىپ، بۈگۈنكى پەلەستىنىنىڭ ئايىن رارود دېگەن يېرىدە
توسالغۇغا ئۇچراپ چېكىنگەن.

چىڭگىزخان ۋاپات بولغاندىن كېيىنكى غەربكە يۈرۈش قى-

① خەن رۇلىنىنىڭ «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»(1 - قىسىم)، خەلق نەشرىياتى، 1986 - يىلى، 193 - بەت.

لىش موڭغۇللارنىڭ غەربىي يۇرتتىكى تەسىر دائىرىسىنى زور
دەرىجىدە كېڭەيتكەن. لېكىن بۇ مەزگىلنىڭ بۇگۈنكى شىنجاڭ
رايونىغا كۆرسەتكەن ئەڭ چوڭ تەسىرى ئوگىداي ـ كۆيۈكخان
جەمەتى بىلەن تۆلۇخان ـ مۆڭكۇخان جەمەتىنىڭ هوقۇق تالىد-
شىش كۇرىشى بولغان. 1251 ـ يىلى (سۇڭ سۇلالىسى چۇنيۇنىڭ
11 ـ يىلى) مۆڭكۇخان باتۇخان قاتارلىقلارنىڭ زور كۈچ بىلەن
قوللىشى ئارقىسىدا ئۇلۇغ خانلىق تەختىگە ئولتۇرغان، ئوگىداي
جەمەتى بىلەن چاغاتاي جەمەتىدىكى خانلار بۇنىڭغا قارشى تۇرۇپ،
مۆڭكۇخاننى ئاغدۇرۇۋېتىش سۇيىقەستىدە بولغان بولسىمۇ، لېـ-
كىن ئەمەلگە ئاشمىغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، مۆڭكۇخان ئو-
گىداي جەمەتى بىلەن چاغاتاي جەمەتىدىكىلەرنى زور كۈچ بىلەن
باستۇرۇشقا باشلىغان، هالبۇكى چىڭگىزخاننىڭ «ئالتۇن جەمە-
تى»دىكى ئاقسۆڭەكلەرمۇ ئۆز ئۇلۇسلىرى بىلەن بولۇپ كەتكەن.
باتۇخان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى قىپچاق يايلاقلىرىدا قىپچاق خان-
لىقىنى قۇرغان، هىلاكۇ پارس، ئەرەب ئېلىدە ئېلخانىيلار خانلى-
قىنى قۇرغان، بۇ ئىككى خانلىقنىڭ يۇقىرى قاتلام ئاقسۆڭەكلى-
رىنىڭ كۆپىنچىسى كېيىنچە ئىسلام دىنىغا كىرگەن. هالبۇكى،
چاغاتاي خانلىقى ئاساسلىقى بۇگۈنكى شىنجاڭ ۋە شىنجاڭنىڭ
غەربىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىدا هاكىمىيەت يۈرگۈزگەن.

**2. موڭغۇل هۆكۈمرانلىرىنىڭ غەربىي يۇرتنى تالىششى**

1242 ـ يىلى (سۇڭ سۇلالىسى چۇنيۇنىڭ 2 ـ يىلى)
چاغاتاي ۋاپات بولغان. ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئوگىداي جەمەتى
بىلەن تۆلۇ جەمەتىنىڭ خانلىق تالىشىش كۇرىشىدە، چاغاتاينىڭ
ئەۋلادلىرىنىڭ بەزىلىرى كۆيۈكخانغا ئەگىشىپ، بەزىلىرى
مۆڭكۇخانغا قارام بولۇپ، هەر تەرەپنىڭ بېسىمىغا دۇچ كەل-
گەن. مۆڭكۇخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن، قۇبلاي بىلەن ئارىق-
بۇقا خانلىق تەختىنى تالاشقان، چاغاتاينىڭ خان ئەۋلادىدىن
ئارغۇن (چاغاتاينىڭ 6 ـ ئوغلى بايدارنىڭ ئوغلى) سىياسىي
كۇرەشتە زىددىيەتتىن پايدىلىنىپ، ئاۋۋال ئارىقبۇقىغا تايىنىپ

هوقۇقنى قولغا كىرگۈزگەن ھەمدە جۇجى جەمەتىنىڭ كۈچىنى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ماۋرا ئۇننەھر رايونىدىن قوغلاپ چىقارغان، كېيىن ئارىقبۇقىنىڭ ئەلچىسىنى ئۆلتۈرۈپ، قۇبلايغا ئەل بولغانلىقىنى جاكارلىغان. 1260 - يىلى قۇبلاي ئارىقبۇقىنى مەغلۇپ قىلىپ، بۈيۈك خانلىق تەختىگە چىقىپ، بۈيۈك خاننىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھوقۇقىنى كۈچەيتىشكە باشلىغان، بۇنىڭ بىلەن قۇبلاي ۋە ئارغۇن ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت كەسكىنلىشىپ كەتكەن، ئوگىداينىڭ ئەۋلادى قايدۇ (ئوگىداينىڭ 5 - ئوغلى قاشىنىڭ ئوغلى) پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئارغۇنغا جەڭ ئېلان قىلىپ، ئۇنىڭ زېمىنىنى تارتىۋالغان. 1265 - يىلى (سۇڭ سۇلالىسى شيەنچۈننىڭ 1 - يىلى) ئارغۇن ۋاپات بولغان، قۇبلاي ئۆز يېنىدىكى بوراقنى چاغاتاي خانلىقىغا بېرىپ، خانلىق تەختىنى تارتىۋېلىشقا ئەۋەتكەن، قىپچاقخانمۇ بۇ تالىشىشقا قاتناشقان. ئوتتۇرا ئاسىيادا چاغاتاي، ئوگىداي ۋە جۇجى جەمەتىدىكىلەرنىڭ ئۆزئارا ئۇرۇشۇش ۋەزىيىتى يەنە بىر قېتىم كۆرۈلگەن. 1269 - يىلى (سۇڭ سۇلالىسى شيەنچۈننىڭ 5 - يىلى) چاغاتاي، ئوگىداي ۋە قىپچاق جەمەتىدىكى خانلار زىددىيەتنى پەسەيتىش مەقسىتىدە، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تالاستا قۇرۇلتاي چاقىرىپ، قۇبلاي ۋە ئېلخانىيلار خانلىقىغا بىردەك قارشى تۇرۇش ھەمدە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ماۋرا ئۇننەھر رايونىنىڭ كۈچ دائىرىسىنى ئايرىشنى قارار قىلغان. لېكىن 2 - يىلى بوراق ئۇزىگە تەگكەن يەرنىڭ ئازلىقىنى باھانە قىلىپ، ئۆز ئالدىغا قوشۇن تارتىپ خۇراسانغا باستۇرۇپ كىرگەن ۋە ئېلخانىيلار خانلىقى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىپ، ئۇزۇن ئۆتمەي ئۆلۈپ كەتكەن.

بوراق ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئوگىداينىڭ ئەۋلادى قايدۇ يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئاساسلىق دۈشمىنى بولۇپ قالغان. ئۇ بوراقنىڭ ئوغلى دۇۋانى يۆلەپ چاغاتاي خانى قىلىپ تىكلەپ، چاغاتاي خانلىقى بىلەن ئوگىداي خانلىقىنى تىزگىنلىگەن، ئۇنىڭ كۈچ دائىرىسى جەنۇبتا ئۇيغۇر ئېلىدىن

شىمالدا ئېرتىش دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىغىچە، غەربتە قەش-قەر ۋە تالاس دەرياسى جىلغىسىغىچە بولۇپ، قائىدە بويىچە بۇ يەر-لەر بۈيۈك خاننىڭ ۋاسساللىقىدىكى زېمىن بولسىمۇ، ھەممىسىنى قايدۇ كونترول قىلىۋالغان. گەرچە 1276 ـ يىلى (يۈەنشىزۇنىڭ جىيۈەن 13 ـ يىلى) سۇڭ سۇلالىسى ھالاك قىلىنغاندىن كېيىن، يۈەن سۇلالىسى يەنە ئەسكەر چىقىرىپ غەربىي يۇرتقا يۈرۈش قىل-دىپ، قايدۇ قاتارلىقلارغا ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ، غەربىي شى-مالدىكى ئاسىي خانلار بەكلا كۈچلۈك بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئۈس-تىگە يۈەن سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ ئارقا سەپ تەمىناتىدا قىيىنچى-لىق بولۇپ، چوڭ قوشۇننى ئۇزۇن مۇددەت تۇرغۇزغىلى بولمىغان-لىقتىن، 1289 ـ يىلى (يۈەن سۇلالىسى جىيۈەننىڭ 26 ـ يىلى) «ئەمىرلەشكەر مەھكىمىسى خوتەن ئايغاقچىسىنى مەنسىپىدىن ئېلىپ تاشلىغان»، كېيىن يەنە ئۇيغۇر زېمىنىدىن قوغلاپ چىقار-غان (يۈەن سۇلالىسى دادېنىڭ 1 ـ يىلى). 1301 ـ يىلى (دادېنىڭ 5 ـ يىلى) قايدۇ، دۇۋا بىرلەشمە قوشۇنى ئالتاي تېغىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، يۈەن قوشۇنى بىلەن كەسكىن جەڭ قىلغان، قايدۇ، دۇۋا جەڭدە يارىلانغان. قايدۇ قايتىش سەپىرىدە ئۆلۈپ كەتكەن، قايدۇ-نىڭ ئوغلى چابار تەختكە ۋارىسلىق قىلغان.

قايدۇ، دۇۋالارنىڭ يۈەن سۇلالىسى بىلەن قىلغان ئۇرۇشلىرى يەرلىكنىڭ ئىقتىسادىغا ئېغىر زىيان سالغان، چاغاتاي خانلىقى بىلەن ئوگېداي خانلىقىمۇ بۇنىڭ قاتتىق تەسىرىگە ئۇچرىغان. 1303 ـ يىلى (دادېنىڭ 7 ـ يىلى) دۇۋا، چابار يۈەن سۇلالىسى بىلەن سۈلھىلىشىپ، ئۆزىنىڭ يۈەن پادىشاھىنىڭ ھامىيلىقىدا ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغان. ئۇزۇن ئۆتمەي دۇۋا بىلەن چابار ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش يۈز بەرگەن، يۈەن سۇلالىسى چاغاتاي خان-لىقىنى قوللاپ قوشۇن چىقىرىپ، چابار قوشۇنىنىڭ ئارقىسىدىن ھۇجۇم قىلغان، چابار مەغلۇپ بولۇپ دۇۋاغا تەسلىم بولغان، ئۇ-نىڭغا تەۋە زېمىنىنىڭ كۆپ قىسمى چاغاتاي خانلىقىغا قوشۇۋې-تىلگەن. 1309 ـ يىلى (جىدانىڭ 2 ـ يىلى) چابار چاغاتاي خان-

لىقىنىڭ بىر قېتىملىق ئىچكى ئۇرۇشىغا ئارىلىشىپ قېلىپ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، يۈەن سۇلالىسىدىن پاناھلىق تىلىگەن، ئۇنىڭ زېمىنىنىڭ كۆپ قىسمىنى يېڭىدىن تەختكە چىققان چاغاتاي خانى ئىسەن بۇقا ئىگىلىۋالغان، ئوگىداي خانلىقى ھالاك بولغان.

ئىسەن بۇقا بىلەن يۈەن سۇلالىسىنىڭ مۇناسىۋىتى باشتا ياخشى بولۇپ، كېيىن يامانلاشقان، ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى جەڭدە يېڭىش - يېڭىلىش بولۇپ تۇرغان. 1320 - يىلى(يەنيۇنىڭ 7 - يىلى) ئىسەن بۇقا ۋاپات بولۇپ، ئىنىسى كۆبەك تەختكە ۋارىسلىق قىلغان، ئىككى تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتى قايتىدىن ياخشىلىنىپ، ئىككى يىلدىن كېيىن تىنچلىق ئەسلىگە كەلگەن. كۆبەك دەۋرىدە، چاغاتاي خانلىقىنىڭ سىياسىي مەركىزى تەدرىجىي غەربكە سۈرۈلۈشكە باشلىغان. كۆبەك ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، تەختكە ئىنىلىرى يانزى غىتاي بىلەن دۆلەت تېمۇرلەر بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ۋارىسلىق قىلغان. «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»نىڭ 63 - جىلد «جۇغراپىيە تەزكىرىسى. غەربىي شىمال ھەققىدە خاتىرە»گە قارىغاندا، ئەينى چاغدىكى چاغاتاي خانلىقىنىڭ چېگرىسى بۈگۈنكى ئافغانىستاننىڭ غەزنى، كابۇل ئەتراپىنى، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ماۋرا ئۇننەھرنىڭ بۇخارا، سەمەرقەنت ئەتراپىنى ۋە بۈگۈنكى شىنجاڭ چېگرىسى ئىچىدىكى جەنۇبىي، شىمالىي شىنجاڭ رايونلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. 1331 - يىلى (جىدشۇننىڭ 2 - يىلى) دۇۋانىڭ ئوغلى تارماشىرى تەختكە ۋارىسلىق قىلغان، ئۇ ئۇزۇن ۋاقىت غەربىي چاغاتاي ئۇلۇسىنىڭ خوراسان چېگرىسىدا تۇرغان ھەمدە ئىسلام دىنىغا بەيئەت قىلغانلىقىنى جاكارلىغان. 1334 - يىلى (يۈەنتۇڭنىڭ 2 - يىلى) دۆلەت تېمۇرنىڭ ئوغلى بۇزان قاتارلىقلار تارماشىرىنى جاساق(قانۇن)قا خىلاپلىق قىلدى دەپ ئەيىبلەپ لەشكەر تارتقان. تارماشىرى قېچىش داۋامىدا ئەسىرگە چۈشۈپ ئۆلتۈرۈلگەن. شۇنىڭدىن كېيىن، چاغاتاي خانلىقىدا خانلارنىڭ ئورنى ئىسسىدى. 14 - ئە-

سىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە چاغاتاي خانىنىڭ نوپۇزى يوقى-لىپ، بارلاس قەبىلىسىدىكى خوجىخان جەمەتى ھوقۇقنى قولىغا ئېلىپ قاغانلىقنى بىكار قىلغان. جايلاردىكى ئاقسۆڭەكلەرمۇ يەر ئىگىلەپ ئۆز ئالدىغا بولۇۋېلىپ، چىڭگىزخانىنىڭ ئەۋلادلىرىدىن ئۆزلىرىنىڭ قاغانلىرىنى سايلىغان.

يۈەن سۇلالىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىكى قارام ئەللەر خوجا بولۇۋېلىش، جايلار بۆ-لۇنۇپ تۇرۇش ۋە جازا يۇرۇشى قىلىشتەك ئۇرۇش قالايمىقانچى-لىقى ۋەزىيىتىگە خاتىمە بېرىپ، تارىختا جۇڭگونىڭ بىرلىككە كېلىشىنى يېڭى مەزگىلگە ئېلىپ كىرگەن. يۈەن شىزۇ قۇبىلاي ھەم يۈەن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى، ھەم ھەرقايسى سۇيۇرغال موڭغۇل قەبىلىلىرىنىڭ بۈيۈك قاغانى بولغان. موڭغۇل قاغانى ۋە قاغان ئىلكىدىكى يۈەن سۇلالىسى ھەرقايسى خانلارنى نويان قىلىپ تەيىنلەش ۋە ئۇلارغا زېمىن سۇيۇرغال قىلىپ بېرىشتىكى پاترىئارخاللىق ھوقۇقىغا ئىگە بولغان، غەربىي يۇرت ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى چاغاتاي خانلىقىمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا بولمىغان ئىدى. سۇيۇرغال قىلىشنىڭ دەسلىپىدە، ھەرقايسى سۇيۇرغال نو-يانلارنىڭ ئوتتۇرا تۇزلەڭلىكتە «سۇيۇرغال يېرى بولغان» ھەمدە ئۇ يەرلەردىن قەرەللىك يىللىق ھەق ئالغان؛ يۈەن سۇلالىسى قۇ-رۇلغاندىن كېيىنمۇ «سۇيۇرغال قىلىپ بېرىش» ئۆزگەرمىگەن بولسىمۇ، نويانلارغا بېرىلگەن سۇيۇرغال يەردىن ئولپان ۋە سېلىق ئېلىنغان. يەنە بىر تەرەپتىن، ھەرقايسى نويانلارنىڭ يېرىم مۇس-تەقىللىقىمۇ ئۈزلۈكسىز كۈچىيىپ بارغان. لېكىن، قايدۇ، دۇۋا توپىلىڭى تىنچىتىلغاندىن كېيىن، يۈەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى چاغاتاي خانلىقىغا بولغان سۇيۇرغاللىق ھۆكۈمرانلىقى-قىمۇ مۇستەھكەملەنگەن ۋە كۈچەيگەن.

**3. شەرقىي چاغاتاي خانلىقى**

ھەرقايسى قەبىلىلەر ئۆز قاغانلىرىنى بەس - بەستە تىك-لەۋاتقان پەيتتە، بۈگۈنكى جەنۇبىي شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قى-

لىشۋاتقان دوغلات جەمەتى تۇغلۇق تېمۇرخاننى ئىسەن بۇقىنىڭ ئوغلى دەپ جاكارلىغان ھەمدە 1348 ـ يىلى(يۈەنخۇيزۇڭنىڭ جىـ يۈەن 4 ـ يىلى) ئاقسۇدا ئۇنى قاغان قىلىپ تىكلىگەن. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن چاغاتاي خانلىقى شەرق، غەرب دەپ ئىككىگە پارچىلانـ غان. ئەينى چاغدا، غەربىي چاغاتاي خانلىقى ئاساسىي جەھەتتىن ئىسلام دىنىغا كىرىپ بولغان. تۇغلۇق تېمۇرخانمۇ شەرقىي چاغاـ تاي خانلىقىنى پەيدىنپەي بىرلىككە كەلتۈرۈش جەريانىدا ئىسلام دىنىغا بەيئەت قىلغان. 1362 ـ يىلى (جىجېڭنىڭ 22 ـ يىلى) تۇغلۇق تۆمۈرخان ۋاپات بولغان، ئۇ ئىككى قېتىم قوشۇن باشلاپ ماۋرا ئۇننەھر رايونىغا كىرىپ، چاغاتاي خانلىقىنىڭ شەرقىي قىسمى بىلەن غەربىي قىسمىنى قىسقا مۇددەت بىرلىككە كەلـ تۈرگەنىدى.

تۇغلۇق تۆمۈرخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن، چاغاتاي خانلىقى قايتىدىن پارچىلىنىشقا باشلىغان. بارلاس قەبىلىسىدىكى ئەمىر تېمۇرنىڭ كۈچى ماۋرا ئۇننەھر رايونىدا تېزدىن كېڭىيىپ، غەرـ بىي چاغاتاي خانلىقىنى يوقىتىپ، تېمۇرلەڭ ئىمپېرىيىسىنى قۇرغان، ئۇ يەنە شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ چېگرىسىغا كۆپ قېتىم بېسىپ كىرىپ، تۇرپان رايونىغىچە يېتىپ بارغان. ئۇزۇن ئۆتمەي خارەزىم، پېرسىيىدىكى ئېلخانىيلار خانلىقى ۋە ئافغاـ نىستان قاتارلىق جايلارنى بويسۇندۇرغان، يەنە شىمالدا ئالتۇن ئوردا خانلىقى، جەنۇبتا ھىندىستان، غەربتە كىچىك ئاسىياغىچە ھۇجۇم قىلىپ، ئۆز ئىمپېرىيىسىنى كېڭەيتكەن. ئەمىر تېمۇر ھەتتا شەرقتە مىڭ سۇلالىسىغا يۈرۈش قىلماقچىمۇ بولغان. تەخمىنەن 1389 ـ يىلى(مىڭ سۇلالىسى خوڭۋۇنىڭ 22 ـ يىلى) تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ كىچىك ئوغلى قېدىر خوجا شەرقىي چاغاـ تاي خانلىقىنىڭ خانى قىلىپ تىكلەنگەن، ئەمىر خۇدايدادنىڭ قوللىشى بىلەن قېدىر خوجا بېشبالىقنى پايتەخت قىلغان ھەمدە شەرق، غەربتىكى ئىككى چوڭ قوشنا دۆلەت بولغان مىڭ سۇلاـ لىسى بىلەن تېمۇرلەڭ پادىشاھلىقى ئوتتۇرىسىدا بىر قەدەر ياخشى

مۇناسىۋەت ئورناتقان. قىدىر خوجا خان مەزگىلىدە (1389 -
1403 - يىلىغىچە) شەرقىي چاغاتاي خانلىقى ئومۇمەن يىلىدىن
بۈگۈنكى شىنجاڭنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۈچ چوڭ بۆلەككە ئاي-
رىلغان: موغۇلىستان(موڭغۇللارنىڭ يېرى دېگەن مەنىدە)، بۇ
رايوننىڭ شەرق تەرىپى ئالتاي تېغىدىن باشلىنىپ غەربتە تالاس
دەرياسىغىچە باراتتى، شىمالدا تارباغاتاي تېغى ۋە بالقاش كۆلى
لىنىيىسى بىلەن چېگرىلىناتتى، جەنۇبتا تەڭرىتاغلىرىنى ئۆز
ئىچىگە ئالاتتى؛ «ماڭلاي سۈيە»، بۇ رايون تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇ-
بىدىكى «ئالتە شەھەر»(قەشقەر، يېڭىسار، يەكەن، خوتەن، ئاقسۇ
ۋە ئۇچتۇرپان) ۋە كۆكئارتنىڭ غەربىدىكى فەرغانە رايوننى ئۆز
ئىچىگە ئالاتتى، بەزىدە تاشكەنت رايوننىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغا-
نىدى؛ ئۇيغۇرلار رايونى، بۇ تەڭرىتېغىنىڭ شەرقىدىكى تۇرپان ۋە
قارا شەھەرنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى، بەزىدە كۇچا ۋە قۇمۇلنىمۇ
ئۆز ئىچىگە ئالغانىدى.①

قىدىر خوجا ۋاپات بولغاندىن كېيىن، شەرقىي چاغاتاي خان-
لىقىنىڭ خانلىق تەختى كۆپ قېتىم ئالماشقان. 1407 - يىلى-
دىن 1415 - يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان مۇھەممەت خان ئەسە-
بىي مۇسۇلمان بولۇپ، ئۆز تېررىتورىيىسىدە ئىسلام دىنىنى قات-
تىق قوللۇق بىلەن مەجبۇرىي يولغا قويغان، سەللە يۆگىمىگەن
موڭغۇللارنىڭ بېشىغا تاقا مىخىنى قاققان. 1417 - يىلى (يۇڭ-
لېنىڭ 15 - يىلى) ئۇۋەيس خانلىق تەختىگە چىققان. سۇلتان
ئۇۋەيسخان ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە(1417 - يىلىدىن
1432 - يىلىغىچە) ئويراتلار موڭغۇل يايلىقىدا قۇدرەت تېپىپ،
ئالتاي تېغىنىڭ غەربىگىچە كېڭەيگەن. سۇلتان ئۇۋەيسخان پاي-
تەختىنى ئىلىبالىققا(بۈگۈنكى غۇلجا شەھىرىگە) كۆچۈرۈشكە
مەجبۇر بولۇپ، خانلىق مەركىزىنى ئىلى ۋادىسىغا ۋە تەڭرىتې-
غىنىڭ جەنۇبىغا يۆتكىگەن. 1432 - يىلى (شۈەندېنىڭ7 - يىلى)

① ۋېي لياڭتاۋ: «يەكەن خانلىقى تارىخىدىن تېزىسلار»، خەنزۇچە، 36 - بەت.

سۇلتان ئۇۋەيسخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن، خانلىق ئىچىدىكى ئەمەلىي كۈچكە ئىگە دوغلات جەمەتى تەختكە ۋارىسلىق قىلىش مەسىلىسىدە يەنە بىر قېتىم پارچىلانغان. 15 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىغا كەلگەندە، شەرقىي چاغاتاي خانلىقى ئەمەلىيەتتە ئۆز ـ ئارا تىركىشىپ تۇرىدىغان ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنۈپ كەتكەن.

15 ـ، 16 ـ ئەسىر ئارىلىقىدا، غەربىي يۇرتنىڭ ۋەزىيىتى ئىنتايىن مۇرەككەپلىشىپ كەتكەن. ئەمىر تېمۇر ۋاپات بولۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي، ئوغلى شاھرۇھ خانلىق تەختىگە ئولتۇرغان. شاھرۇھخان دادىسىنىڭ ئوتتۇرا تۇزلەڭلىككە يۈرۈش قىلىش پىلانىنى ئۆزگەرتىپ، مىڭ سۇلالىسى بىلەن دوستانە ئۆتكەن ھەمدە خانلىقنى گۈللەندۇرۇشكە كىرىشكەن. لېكىن ئۇنىڭ ماۋرا ئۇننەھر رايونىدا تۇرۇشقا ئەۋەتكەن ئوغلى ئۇلۇغبەگ شەرقىي چاغاتاي خانلىقىغا قاراشلىق موغۇلىستانغا كۆپ قېتىم ئەسكەر چىقىرىپ، قەشقەرنى ئۇزۇن مەزگىل بېسىۋالغان. 1447 ـ يىلى (جېڭتوڭنىڭ 12 ـ يىلى) شاھرۇھخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇلۇغبەگ تەختكە ۋارىسلىق قىلغان، لېكىن ئۇزۇن ئۆتمەي ئۆلتۈرۈلگەن. تېمۇرلەڭ خانىدانلىقىدىكى ئىچكى قالايمىقانچىلىق ۋە پارچىلىنىش داۋامىدا، موڭغۇللار، ئۆزبېكلەر، قىرغىزلار، ئويراتلارنىڭ تەگرىتېغى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ماۋرا ئۇننەھر رايونىدىكى پائالىيەتلىرى ۋەزىيەتنى تېخىمۇ قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتكەن. بولۇپمۇ، تېمۇرلەڭ خانلىقىدىكى بابۇر بىلەن ئۆزبېك خانى شايبانىخان ئوتتۇرىسىدىكى جەڭ ئىنتايىن كەسكىن بولغان. 1510 ـ يىلى (جېڭدېنىڭ 5 ـ يىلى) ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى كەسكىن جەڭدە شايبانىخان ئۆلگەن، بابۇر ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ماۋرا ئۇننەھر رايونىنى بېسىۋالغان. لېكىن ئۇ شىئە مەزھىپىگە تەۋە بولغاچقا، ماۋرا ئۇننەھر رايونىدىكى سۈننىي مەزھىپىدىكى خەلقنىڭ قوللىشىغا ئېرىشەلمەي، ئۆزبېكلەرنىڭ قايتۇرما ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، ھىندىستانغا چېكىنىپ شۇ يەردە سەلتەنەت سۈرگەنىدى.

## 4. يەكەن خانلىقى

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى جەڭلەردە، يۇ جەڭگە قاتناشقان شەرقىي چاغاتاي خانلىقىدىكى سەئىدخان دوغلات قەبىلىسىنىڭ ياردى-مىدە، 1514 - يىلى (جېڭدېنىڭ 9 - يىلى) يەكەننى ئىگىلەپ، يېڭى ھاكىمىيەت قۇرغان، بۈگۈنكى ئىلىم ساھەسىدىكىلەر بۇنى «يەكەن خانلىقى» دەپ ئاتىدى. سەئىدخان ئۆز ھاكىمىيىتىنى پەيدىنپەي مۇستەھكەملەپ، ئىجتىمائىي زىددىيەتنى پەسەيتكەن، سىياسىي جەھەتتىمۇ بىرقەدەر ئادىل بولغان. سەئىدخان تەختكە ئولتۇرغان مەزگىلدە، بەش يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ، شىمالىي شىنجاڭدىكى موغۇلىستانغا كۆپ قېتىم لەشكەر تارتىپ، موڭ-غۇللار كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلىپ كېلىۋاتقان زېمىننى قايتۇ-رۇۋالماقچى بولغان بولسىمۇ، مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرالمىغان. كېيىنچە ئۇ شەرقىي چاغاتاي خانلىقى بىلەن يارىشىپ، «شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ بىرلىكىنى شەكىل جەھەتتىن ئەسلىگە كەلتۈرۈپلا قالماستىن، يەنە تىنچ ئىجتىمائىي مۇھىتنىمۇ ياراتـ-قان.»[①] ئۇ يەنە بەدەخشان، تۈبۈت ۋە كەشمىر قاتارلىق جايلارغا قوشۇن تارتقان. 1533 - يىلى (جياجىڭنىڭ 12 - يىلى) كەش-مىردىن قايتىش سەپىرىدە ۋاپات بولغان.

سەئىدخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئابدۇرېشىتخان تەختكە ۋارىسلىق قىلغان. ئۇ ئىچكى قىسمىنى مۇقىملاشتۇرۇپلا قالماي، شەرقىي چاغاتاي خانلىقى بىلەن بولغان تىركىشىش ۋە جەڭلەردە ئۇدا نۇسرەت قازىنىپ، يەكەن خانلىقىنى ھەقىقىي مۇستەقىل-لىققا ئېرىشتۈرگەن. ئۇ يەنە دىپلوماتىيە سىياسىتىدە ئەنئەنىنى بۇزۇپ، غەربتىكى كونا رەقىبى ئۆزبېك خانى شايبانىخان بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، ئۆزبېكلەرنىڭ قازاقلار ۋە قىرغىزلارغا بولغان ھىمايىتىنى يوققا چىقىرىپ، مۇۋاپىق پەيتتە موغۇلىستاننى قايتۇ-رۇپ كەلمەكچى بولغان. ئۇ تەختتە ئولتۇرغان 27 يىلدا، موغۇ-

---

① ۋېي لياڭتاۋ: «يەكەن خانلىقى تارىخىدىن تېزىسلار»، خەنزۇچە، 54 - بەت.

لىستانغا كۆپ قېتىم قوشۇن تارتقان، قازاقلار ۋە قىرغىزلارنى
ئۇزۇل - كېسىل بويسۇندۇرالمىغان بولسىمۇ، لېكىن شىمالىي
شىنجاڭدا ئۇتۇقلۇق ھالدا پۇت تىرەپ تۇرۇۋالغان. ئابدۇرېشىتخان
ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئوغلى ئابدۇكېرىم تەختكە ۋارىسلىق
قىلغان. ئابدۇكېرىمخان بىر تەرەپتىن ئىچكى قىسمىدىكى ھو-
قۇقلۇق گۇرۇھلارغا زەربە بېرىپ، خانلىقنى مۇستەھكەملىسە،
يەنە بىر تەرەپتىن سەئىدخانىنىڭ دىپلوماتىيە سىياسىتىنى
داۋاملاشتۇرۇپ، ئۆزبېك خانى شايبانىخان بىلەن دوستانە مۇنا-
سىۋەتنى ساقلاپ قالغان ھەمدە قازاقلار ۋە قىرغىزلارنى كۆپ
قېتىم غەلىبىلىك ئىستېلا قىلغان. ئۇ تەختتە ئولتۇرغان 33
يىلدا يەنە ئۇتۇقلۇق ھالدا شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنى قوشۇۋال-
غان. مۇھەممەتخان ئابدۇكېرىمخانىنىڭ تەختىگە ۋارىسلىق قىل-
غان، ئۇ تەختتە ئولتۇرغان دەۋردە خانلىق تازا قىرانغا يەتكەن-
دى. ئۇ دۆلەت ئىشلىرىنى تۆت ئەمىرنىڭ باشقۇرۇشىغا بەرگەن،
شۇنىڭ بىلەن بىرگە خانلىق ھوقۇقىنى يۇكسەلدۇرۇپ، خانلىقنى
پۇختا تىزگىنلىگەن. ئۇ پۇقرالارغا كەڭ قورساق بولۇپ، جازاند-
خورلارنى چەكلەپ ئالقىشقا ئېرىشكەن. ئۇ ئۆزبېكلەرنىڭ ھۇجۇ-
مىنى چېكىندۇرگەن ھەمدە تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىنى تولۇق بىر-
لىككە كەلتۇرگەن.

1610 - يىلى (ۋەنلىنىڭ 38 - يىلى) مۇھەممەتخان ۋاپات
بولۇپ چوڭ ئوغلى ئەخمەتخان تەختكە ۋارىسلىق قىلغان. لېكىن
ئۇ تەختكە چىققاندىن كېيىن، ھەممىلا ياقتا ئىسيان كۆتۈرۈل-
گەن. ئۇنىڭ قەشقەردە نائىب بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئوغلى تۆمۈر
سۇلتان شەرققە ئىككى قېتىم يۈرۈش قىلىپ ئىسياننى تىنچىد-
تىپ، خانلىقنىڭ ۋەزىيىتىنى بىر مەھەل مۇقىملاشتۇرغان. لې-
كىن ئۇ ھۆكۈمرانلىق قىلغان 10 يىلدا ئىسيان توختىمىغان،
باستۇرۇشمۇ ئۈزۈلمىگەن. نەتىجىدە، خانلىقتا ئابدۇرېشىتخانىنىڭ
ئەۋلادلىرىدىن ھېچقانچە كىشى قالمىغان، خان جەمەتىنىڭ كۈچى
ئىنتايىن ئاجىزلاپ كەتكەن، لېكىن ئەمىر، سەركەردىلەرنىڭ

كۆچى نىسبەتەن ئاشقان ①. ئەخمەتخانمۇ ئاخىردا سۈيىقەست بى-
لەن ئۆلگەن. ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ۋارىسلىق قىلغان ئابدۇللىت-
تىپخان تەختتە تۇرغان 12 يىلدا، ئىنتايىن ئېغىر ئىچكى قالاي-
مىقانچىلىق ۋە تاشقى خەۋپتە قالغان. شەرقىي قىسىمدا يەنىلا تو-
پىلاڭ بولۇپ، قازاقلار بىلەن ئويرات موڭغۇللىرىمۇ توپىلاڭغا ئا-
رىلاشقان. ھۆكۈمرانلىق گۇرۇھى ئىچىدىكى ئەمىرلەر ئوتتۇرد-
سىدىكى ھوقۇق تالىشىش كۈنسېرى كەسكىنلەشكەن. ئىسلام دى-
نى كۈچلىرى كۈچىيىپ، ئىسلام دىنىنىڭ ئىچكى قىسىمدىكى
زىددىيەت بىلەن دەھرىيلىك سىياسىيسى ئۆزئارا تەسىر كۆرسى-
تىپ تۇرغان. ئابدۇللىتىپخاندىن كېيىنكى بىرقانچە خان تەختتە
ناھايىتى قىسقا ۋاقىتلا ئولتۇرالىغان. مەركىزىي خانلىق ھاكى-
مىيەت يەنىمۇ زاۋاللىققا يۈزلەنگەن.

ھىجرىيىنىڭ 1045 - يىلى (مىلادىيە 1635 - يىلى) خاند-
لىقنىڭ شەرقىي قىسىمدىكى ئۆزۈندىن بۇيان ئىسيان كۆتۈرۈپ
كېلىۋاتقان جەمەتتىن ئابدۇللاخان يەكەن ھۆكۈمرانلىق گۇرۇھى-
دىكى ئىچكى نىزالاردىن پايدىلىنىپ، ئىسلام دىنى خوجىلىرىنىڭ
كۈچى ۋە بەزى ئەمىرلەرنىڭ ياردىمىدە، چوڭ قوشۇن باشلاپ يە-
كەنگە ھۇجۇم قىلىپ، خانلىقنى قايتىدىن بىرلىككە كەلتۈرگەن.
ئابدۇللاخان يەكەن خانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىكى ئەڭ
ئىستىبداتلىق ھۆكۈمران ھېسابلىنىدۇ. ئۇ تەختتە ئولتۇرغاندىن
كېيىن، ئاكا - ئىنىلىرىنى ھەرقايسى تەرەپنى ساقلاشقا تۇرغۇز-
غان، ئىلگىرىكى خانلىقتىكى بەزى ئېسىلزادىلەرنى ھىندىستانغا
سۈرگۈن قىلغان، يەكەن خانلىقىنىڭ ئىككى چوڭ مۇھىم شە-
ھىرى يەكەن بىلەن قەشقەردە بەزى دىنىي زاتلار، ھەتتا ئۆزىنى
تەختكە ئولتۇرغۇزغان يەكەننىڭ ئىمامىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان
نەچچە يۈز ئادەمنىڭ كاللىسىنى ئالغان. ئۇ ئەسكەر چىقىرىپ،
باش كۆتۈرۈپ چىققان ئويراتلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا قەتئىي تا-

① ۋېي لياڭتاۋ: «يەكەن خانلىقى تارىخىدىن تېزىسلار»، 117 - بەت.

قابىل تۇرغان، تەشەببۇسكارلىق بىلەن قىرغىزلارغا ھۇجۇم قىلغان، يەنە غەربتە فەرغانىگە يۈرۈش قىلغان. ئۇ دادىسىنىڭ مىڭ سۇلالىسى بىلەن دوستانە ئۆتۈش سىياسىتىنى داۋاملاشتۇرغان، چىڭ سۇلالىسى بېيجىڭغا كىرگەندىن كېيىن، يەنە تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئەلچى ئەۋەتىپ دوستلۇقىنى بىلدۈرگەن. لېكىن بارلىق مۇستەبىت پادىشاھلارغا ئوخشاش، ئابدۇللاخان ھەم خان جەمەتىدىكىلەرگە ئىشەنمىگەن، ھەم ۋەزىرلىرىگە ئىشەنمىگەن، دائىم ۋەزىر، سەركەردىلىرىنى ئالماشتۇرۇپ تۇرغان، ۋەزىرلەرنىڭ يوشۇرۇن سۈيىقەستلىرىمۇ ئۈزۈلمىگەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۇ ئۆز زېمىنىدىكى قارا تاغلىق خوجىلارنى، بولۇپمۇ شادى خوجىنى قوللىغان، نەتىجىدە ئۇلارنىڭ زۇلمىغا ئۇچرىغان مۇسۇلمانلار ئاق تاغلىقلار تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىپ، يەكەن خانلىقىنىڭ ئىچكى ۋەزىيىتى تېخىمۇ مۇرەككەپلىشىپ كەتكەن.① ئۇنىڭ قەشقەرنى ساقلاپ تۇرغان چوڭ ئوغلى يولۋاس سۇلتان ئالىقاچان كۆڭلىگە يامان نىيەت پۈكۈپ بولغانىدى. ئۇ ئابدۇللاخان ئويرات موڭغۇللىرى بىلەن بولغان چوڭ جەڭدە مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىشقا باشلىغان. ئۇ يەنە ئابدۇللاخاننىڭ كۆزىگە سىغمايدىغان ئاق تاغلىق خوجىلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن. ئابدۇللاخان ئەۋلادلىرىنىڭ ئۆزى ئۇستىدىن قىلغان ھۇجۇمىنى يەنە بىر قېتىم باستۇرغاندا، يولۋاس سۇلتان ئويرات موڭغۇللىرىدىن پاناھ تىلەپ، كېيىن ئويرات موڭغۇللىرىنىڭ ياردىمىدە قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈپ قەشقەرنى قايتۇرۇۋالغان. ھەممە كىشى بىزار بولغان ئابدۇللاخان نائىلاج مەككىگە بېرىپ ھەج قىلىش شەكلى بىلەن تەختتىن ۋاز كەچكەن. لېكىن تەختكە ئولتۇرغان يولۋاس سۇلتان بىلەن ئۇزۇن ئۆتمەي خانلىق ئورنىغا چىققان ئىسمائىلخاننىڭ ھەر ئىككىسى ئويرات موڭغۇللىرى ئارىسىدىكى مەلۇم كۈچلەرنىڭ يۆلىشى بى-

① ۋېي لياڭتاۋ: «يەكەن خانلىقى تارىخىدىن تېزىسلار»، 128 ـ بەت.

لەن تەختكە چىققاچقا، تەختكە چىققاندىن كېيىن ئۆز جەمەتىدىكى ئۆزىگە قارشىلارنى ئۆلتۈرۈۋېلىپلا قالماي، ئۆزىگە قارشى چىققان ئىسلام دىنى مەزھىپىدىكىلەرنىمۇ باستۇرغان. ئاۋۋال قارا تاغلىقلار باستۇرۇلغان، ئىسمائىلخان تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن ئاق تاغلىقلارنى باستۇرغان. سىياسىي ۋە دىنىي جەھەتتىكى ئۆزئارا ئۇرۇشتا، ئاق تاغلىق ئاپئاق خوجا شىزاڭغا بېرىۋالغان، دالاي لامانىڭ ئارىلىشىشى بىلەن ئويرات موڭغۇللىرىنىڭ جۇڭغار قەبىلىسىدىكى غالدان 1680 - يىلى(چىڭ سۇلالىسى كاڭشىنىڭ 19 - يىلى) يەكەن شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىپ، يەكەن خانلىقىنى يوقىتىپ، جۇڭغارلارنىڭ تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى ئومۇمىيۈزلۈك ھۆكۈمرانلىقىنى باشلىغان.

چىڭگىزخاننىڭ غەربكە يۈرۈش قىلىشىدىن باشلاپ موڭغۇللارنىڭ غەربىي يۇرتقا ھۆكۈمرانلىق قىلىش داۋامىدا كۆرسەتكەن 1 - تەسىرى شۇكى، چىڭگىزخاننىڭ «ئالتۇن جەمەتى» شۇ جاينىڭ ئەنئەنىۋى خان جەمەتى بولۇپ قالغان. بولۇپمۇ، موڭغۇل يۈەن سۇلالىسىدىن كېيىنكى شەرقىي، غەربىي چاغاتاي خانلىقى ۋە يەكەن خانلىقى مەزگىلىدە، بۇ خىل ئەنئەنىۋى قاراشنىڭ ئىپادىلىنىشى ناھايىتى گەۋدىلىك بولغان. ھوقۇق كۆچى ھەرقانچە زور بولسىمۇ، «ئالتۇن جەمەت»نىڭ مەلۇم بىر ئەۋلادىنى، ھەتتا مەلۇم بىر ئەۋلادىنى ئويدۇرۇپ چىقىپ خانلىق تەختكە ۋارىسلىق قىلدۇراتتى. مۇشۇ خىل ئەنئەنىۋى قاراشنىڭ تەرەققىي قىلىشى تۈپەيلىدىن، تۇرك خانلىقى دەۋرىدە، بولۇپمۇ قاراخانىيلار سۇلالىسىدە تۇرلۇك شەكىللەر بىلەن جانلانغان تۈركىي تىللىق قەبىلىلەرنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلەنمىگەنلىكى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن. بۇنداق تەرەققىياتنى غەربىي يۇرتتىكى «موڭغۇللىشىش» دەپ ئاتاشقا بولسا، ئۇنداقتا، غەربىي يۇرتقا كىرگەن نۇرغۇن موڭغۇل قەبىلىلىرىنىڭ «تۈركلىشىشى»مۇ ناھايىتى روشەن دېيىشكە بولىدۇ. ئۇلار غەربىي يۇرتقا ھۆ-

كۆمرانلىق قىلغان نەچچە يۈز يىلدا، شۇ جايدىكى خەلقلەر
بىلەن بىللە ياشاش، توقۇنۇشۇش، ئارىلىشىش داۋامىدا ئۆزلە-
رىنىڭ تىلىنى پەيدىنپەي يوقىتىپ، ئەكسىچە يەرلىك خەلق-
نىڭ تۈركىي تىلىنى قوللانغان. هازىر ساقلىنىپ قالغان
شەرقىي، غەربىي چاغاتاي خانلىقى ۋە يەكەن خانلىقىغا دائىر
تارىخ ماتېرىياللىرى ئاساسلىقى تۈركىي تىلىدىكى ماتېرى-
ياللاردۇر.

موڭغۇللارنىڭ غەربىي يۇرتقا هۆكۈمرانلىق قىلىش داۋامىدا
كۆرسەتكەن 2 - تەسىرى شۇكى، يۇەن سۇلالىسىنىڭ كېيىنكى
مەزگىلىدە، بولۇپمۇ شەرقىي، غەربىي چاغاتاي خانلىقى ۋە يەكەن
خانلىقى مەزگىلىدە، هۆكۈمرانلار ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش ۋە
جەڭلەر شۇ جاينىڭ جەمئىيىتى ۋە ئىقتىسادىغا ئىنتايىن ئېغىر
بۇزغۇنچىلىق قىلغان. ئۇزاق مەزگىللىك ئۇرۇش مال - مۈلۈك،
ئادەملەرنى زىيانغا ئۇچرىتىپ، بايلىقلارنى خورىتىپلا قالماي،
ئېكولوگىيىلىك مۇھىتى ئىنتايىن ناچار بولغان غەربىي يۇرتتا
مەڭگۈ ئەسلىگە كەلمەس بۇزغۇنچىلىق پەيدا قىلدى. بۇمۇ شۇ
جاينىڭ ئىقتىسادىنىڭ كېيىن ئۇزاق مەزگىلگىچە ئارقىدا قېلى-
شىدىكى مۇھىم سەۋەب بولۇشى مۇمكىن.

3 - چوڭ تەسىرى شەرقىي، غەربىي چاغاتاي خانلىقى ۋە يە-
كەن خانلىقى مەزگىلىدىكى ئىسلام دىنىنىڭ ئىجتىمائىي تەسىرى
ۋە ئۇنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى توقۇنۇشىنىڭ تەرەققىياتىدىن ئىبا-
رەت بولدى. شەرقىي چاغاتاي خانلىقى ۋە يەكەن خانلىقى مەزگى-
لىدىكى سىياسىي ۋەزىيەت ئومۇمىي جەھەتتىن داۋالغۇش هالى-
تىدە بولۇپ، خانلىق تەختىگە چىقىش كۆپ هاللاردا ئەمەلىي
كۈچى كۈچلۈك جەمەتلەرنىڭ قوللىشى ۋە سۇيىقەستلەر بىلەن
ئىشقا ئاشقانىدى. خانلىق تەختىنى تالاشقان ۋە تەختنى قولغا
كەلتۈرگەنلەرنىڭ هەممىسى ئىسلام دىنىغا بولغان تەقۋادارلىقى
ۋە قوللىشىنى جان - جەھلى بىلەن ئىپادىلەپ، شۇ يەردىكى
ئىسلام دىنى كۈچلىرىنىڭ هىمايىسىنى قولغا كەلتۈرگەن. سى-

ياسىي جەھەتتە ئارىلىشىش، يەنە كېلىپ جەمئىيەتنىڭ مۇقىم-
سىزلىقى پۇقرالارنى تەبىئەتتىن ھالقىغان كۈچكە ئىنتىلدۈر-
گەن، بۇنىڭ بىلەن دىنىنىڭ تەسىرى تېزدىن كېڭەيگەن. بۇ مەز-
گىلدە خانلىق تەختىنى تالاشقۇچىلارنىڭ ئوخشاش بولمىغان دى-
نىي مەزھەپتىكىلەردىن پايدىلىنىشى ياكى ئۇلارغا زەربە بېرىشى
سىياسىينىڭ دىنغا ئارىلىشىشىنىڭ گەۋدىلىك ئىپادىسى بول-
غان. بۇنداق ئارىلىشىش شۇ جايدىكى دىنىي مەزھەپلەر ئارا ئې-
غىر توقۇنۇش پەيدا قىلغان، شۇ جايدىكى ئاممىمۇ سىرتتىن
كەلگەن كۈچلەرگە دۈشمەنلىك بىلەن قارايدىغان بولغان. جۇڭ-
غارلارنىڭ كىرىپ كېلىشىگە ئەگىشىپ، شۇ جايدىكى سىياسىي
كۈرەش ۋە دىنىي مەزھەپلەر ئارا توقۇنۇش يەنە يېڭى باسقۇچقا
كىرگەن.

## 5. جۇڭغار خانلىقى

موڭغۇل يايلىقىنىڭ غەربىدىكى جاب دەرياسى، قوبدۇ دەريا-
سى شۇنىڭدەك ئېرتىش دەرياسى، يېنسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى
ئېقىنىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلىدىغان ئويرات موڭغۇللىرى
مىڭ سۇلالىسىدە ۋالا دەپ، چىڭ سۇلالىسىدە ئويرات دەپ ئاتىلات-
تى. ئويراتلارنىڭ غەربىي يۇرتقا كىرگەن مەزگىلى يەكەن خانلى-
قىنىڭ گۈللەنگەن مەزگىلىگە توغرا كەلگەچكە، ئۇلارنىڭ غەربىي
يۇرتتىكى كېڭەيمىچىلىكى يەكەن خانلىقىنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچ-
رىغان. 1655 - يىلدىن 1656 - يىلغىچە(چىڭ سۇلالىسى
شۇنجىنىڭ 12 -، 13 - يىللىرى، ھىجرىيىنىڭ 1066 - يىلى)
يەكەن خانلىقىدىكى يولۋاسخان ئاق تاغلىقلارنىڭ ياردىمى بىلەن
نىيىدە خوتەنگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن ئويرات قوشۇنىنى يەنە
بىر قېتىم مەغلۇپ قىلغان. كېيىنچە، ئويراتلار يەكەن خانلىقى-
دىكى ئىچكى ئۇرۇشلاردىن پايدىلىنىپ، قارشىلىشىشتا پەيدىنپەي
ئۈستۈن ئورۇنغا ئۆتكەن. 1667 - يىلى (كاڭشىنىڭ 6 - يىلى)
ئابدۇللاخان تەختتىن ۋاز كەچكەن، قارا تاغلىقلار ئاقسۇدا ئۇنىڭ
ئىنىسى ئىسمائىلنى خان قىلىپ تىكلىگەن ھەمدە ھاكىمىيەتنى

تارتىۋېلىش ئۈچۈن يەكەنگە قوشۇن تارتقان. ئويراتلارمۇ بۇ ھەرىكەتكە قاتنىشىپ، يەكەنگە ئانچە يىراق بولمىغان يەردە تۈنجى قېتىم ئۇرۇش غەلىبىسىگە ئېرىشكەن. كېيىن، ئاق تاغلىقلار ئابدۇللاخاننىڭ ئوغلى يولۋاسنى خان قىلىپ تىكلىگەن، يولۋاسخان ئاقسۇغا يۈرۈش قىلغاندا ئويرات سەردارى زەڭگىخاننىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن؛ لېكىن يەنە بىر ئويرات قەبىلىسى يەنىلا قارا تاغلىقلارنى قوللىغان. ئاق تاغلىقلار ئاخىرى رەقىبى ئۈستىدىن غالىب كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئويراتلارمۇ ئۇرۇش غەلىبىسىدىن پايدىلىنىپ، يەكەن خانلىقىنى كونترول قىلغان. يولۋاس نائىلاج ھوقۇقىنى تاپشۇرۇپ بەرگەن، ئويراتلار ئۇنىڭ ئوغلىنى خان قىلىپ بېكىتىپ، بۇ دۆلەتنى «قوغداش»قا نازارەتچى ئەۋەتكەن. مۇشۇنداق ئەھۋالدىمۇ، ئاق تاغلىقلار بىلەن قارا تاغلىقلار ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەش توختىمىغان. ئاۋۋال قارا تاغلىقلار ئويرات نازارەتچىسىنىڭ قوللىشى بىلەن ئوردىدا سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغاپ غەلىبە قىلغان، ئاق تاغلىقلار ئارقىدىنلا قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، توپىلاڭنى تىنچىتقان. ئويراتلار يەنە قارا تاغلىقلارنى قوللاپ، ئاقسۇدىكى ئىسمائىلخاننىڭ قوشۇنى بىلەن بىرگە يەكەنگە يۈرۈش قىلغان، يەكەننى ساقلاپ تۇرغانلار تەسلىم بولغان، ئىسمائىلخان خان قىلىپ تىكلەنگەن. قارا تاغلىقلار ھاكىمىيەتنى قايتىدىن قولىغا ئالغاندىن كېيىن، ئاق تاغلىقلارنى قىرغىن قىلغان، ئاق تاغلىقلارنىڭ سەردارى ئاپئاق خوجا ئوتتۇرا ئاسىياغا چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان.

1671 - يىلى(كاڭشىنىڭ 10 - يىلى) ئويرات سەردارى زەڭگى تەيجى سۇيىقەست بىلەن ئۆلگەن. ئۇنىڭ ئىنىسى (باتۇر قۇنتەيجىنىڭ 6 - ئوغلى) غالدان شىزاڭدىكى دالاي لامانىڭ يېنىدىن شىنجاڭغا قايتىپ كېلىپ، 1678 - يىلى(كاڭشىنىڭ 17 - يىلى) ئويرات قەبىلىلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرگەن. كېيىن يەنە غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشكە تۇتۇش قىلغان. كېيىنكى يىلى غالدان 30 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن يەكەن خانلىقى-

نىڭ غەربىدىكى تۇرپان، قۇمۇللارنى ئەل قىلغان ھەمدە شۇ يىلى
ئۆزىنى خان قىلىپ تىكلەپ، جۇڭغار خانلىقىنى قۇرغان. بۇ
ۋاقىتتا چەت ئەللەردە 10 يىلغا يېقىن سەرسان بولۇپ يۈرگەن
ئاق تاغلىقلارنىڭ سەردارى ئاپئاق خوجا كەشمىر ئارقىلىق
شىزاڭغا بېرىپ، دالاي لامادىن ھاكىمىيەتنى قايتۇرۇۋېلىشىغا
ياردەم بېرىشنى ئۆتۈنگەن. دالاي لاما غالدانخانغا ئاپئاق خوجىغا
ياردەم بېرىش ھەققىدە خەت يېزىپ بەرگەن. بۇ غالدانخاننىڭ تەڭ-
رىتېغىنىڭ جەنۇبىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشنى پۇرسەت بىلەن
تەمىنلىگەن. 1680 - يىلى (كاڭشىنىڭ 19 - يىلى) غالدان 120
مىڭ كىشىلىك قوشۇن تارتىپ، ئاقسۇ، ئۇچتۇرپاندىن ئۆتۈپ،
قەشقەر ۋە يەكەننى ئېلىپ، يەكەن خانلىقىنى يوقاتقان.

غالدان ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەندىن كېيىن، بىرلىككە كەلگەن
جۇڭغار خانلىقى قىرانىغا يەتكەن مەزگىلگە قەدەم قويغان. بارلىق
كۆچمەن چارۋىچى مىللەت ھاكىمىيىتىگە ئوخشاش، قىرانىغا
يەتكەن جۇڭغار خانلىقى ھەر تەرەپكە كېڭىيىپ غەربتە قازاقلارغا
يۈرۈش قىلغان. بۇ مەزگىلدە قازاق خانلىقى سىر دەرياسىنىڭ
شىمالىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا يايلاقلىرىنى ئىگىلىگەن بولۇپ،
جۇڭغار خانلىقى بىلەن قوشنا ئىدى. 1682 - يىلىدىن 1683 -
يىلىغىچە، غالدان قازاق خانلىقىغا كۆپ قېتىم ھۇجۇم قىلغان،
باشتا شەھەرگە ھۇجۇم قىلغاندا ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراپ، يې-
رىمىدىن كۆپرەك قوشۇنىدىن ئايرىلغان؛ كېيىنكى ھۇجۇملاردا
ئۇستۇنلۇككە ئېرىشىپ، ئۇدۇل كىرىپ تاشكەنت شەھىرىنى بې-
سىۋالغان. كېيىن بۇيرۇتلار(قىرغىزلار)نى بويسۇندۇرۇپ، فەرغا-
نىنى بېسىۋالغان. شەرقتە خالخا موڭغۇللىرىغا ھۇجۇم قىلغان.
1688 - يىلى ۋە 1690 - يىلى (كاڭشىنىڭ 27 -، 29 - يىل-
لىرى) غالدان ئىككى قېتىم قوشۇن چىقىرىپ، ئۆزىنىڭ شەر-
قىدىكى خالخا موڭغۇللىرىغا ھۇجۇم قىلغان. 1690 - يىلىدىكى
جەڭدە ئۇدۇل ئىچكى موڭغۇلغا كىرىپ، «غەلىبىسىرى جەنۇبقا
يۈرۈش قىلىپ، بېيجىڭغا 700 چاقىرىم كېلىدىغان ئۇلانبۇتۇڭدا

توختىغان.» ① چىڭ سۇلالىسى غالداننىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا قەتئىي زەربە بېرىپ، شۇ يىلى ئۇلانبۇتۇڭ جېڭىدە غالداننى قاتتىق مەغلۇپ قىلغان. 1696 - يىلى (كاڭشىنىڭ 35 - يىلى) يەنە تاشقى موڭغۇلنىڭ جۇمۇتۇ دېگەن يېرىدە غالداننىڭ ئاساسلىق كۈچىنى ئۇزۇل - كېسىل بىتچىت قىلغان. بۇ چاغدا، جۇڭغار خانلىقىدا ئىچكى نىزا بولۇپ، خان ئوردىسى تۇرۇشلۇق ئىلى دەريا ۋادىسىنى سېۋان ئارابدان بېسىۋالغان. غالدان ھەم ئۆز زېمىنىغا كېتەلمىگەن، ھەم قول ئاستىدىكىلىرى ئارقا - ئارقىدىن يۈز ئۆرۈگەن، شۇنىڭ بىلەن ئاچچىق دەرد - ئەلەم دەستىدە كېسەل بولۇپ ئۆلگەن.

سېۋان ئارابدان زەڭگى خوجىنىڭ چوڭ ئوغلى بولۇپ، ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەندىن كېيىن، ئەلنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈپ، جۇڭغار خانلىقىنى ناھايىتى تېزلا قايتىدىن گۈللەندۈرگەن، شۇنداقلا سىرتقا قارىتا تەسىر كۈچىنى داۋاملىق كېڭەيتكەن. 1716 - يىلى سېۋان ئارابدان شىزاڭ يۇقىرى قاتلىمىدىكىلەرنىڭ ئىچكى نىزاسىدىن پايدىلىنىپ، 6 مىڭ خىل لەشكەرنى خوتەن ئارقىلىق شىزاڭغا ئەۋەتكەن. ئىككىنچى يىلى كۈزدە لاساغا ھۇجۇم قىلىپ كىرگەن، پۈتكۈل شىزاڭ قالايمىقانچىلىق ئىچىدە قالغان. 1720 - يىلى (كاڭشىنىڭ 59 - يىلى) چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى ئىككى يولغا بۆلۈنۈپ شىزاڭغا كىرىپ لاسانى ئىگىلىگەن. جۇڭغارلار يايلاقتا ئېغىر قار ئاپىتى بولغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، قازاق خانلىقىغا قايتىدىن نەرە تارتىپ كىرگەن. بۇ چاغدا، قازاقلار چوڭ، ئوتتۇرا ۋە كىچىك «يۈز»گە بۆلۈنگەن بولۇپ، جۇڭغار خانلىقىغا قوشنا چوڭ يۈز ئۇزۇل - كېسىل بىتچىت قىلىنىپ، جۇڭغارلارنىڭ بېقىندىسىغا ئايلانغان؛ ئوتتۇرا يۈزدىكى قالدۇق قىسىممۇ جۇڭغارلارغا ئەل بولغان؛ كىچىك يۈز ئۇرال دەرياسى ۋە ئىشىم دەرياسى بويلىرىغا بېرىپ

① ۋېي يۈەن: «مۇقەددەس ئەلەم خاتىرىسى»، 3 - توم .

پاناھلانغان. جوڭغارلار ئىستېلا قىلغان ئاساسلىق رايونلىرىدا ئەمەلدار تەيىن قىلىپ، باج يىغىپ، ئولپان تاپشۇرغۇزغان. 1727 - يىلى ۋە 1740 - يىلى (يوڭجېڭنىڭ 5 - يىلى ۋە چيەن-لۇڭنىڭ 5 - يىلى) جوڭغارلار يەنە قازاقلارنىڭ ئوتتۇرا يۈزىگە كۆپ قېتىم ھۇجۇم قىلىپ، ئوتتۇرا يۈزنى جوڭغارلارنىڭ بېقىن-دىسىغا ئايلاندۇرغان.

جوڭغار خانلىقى تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىش بىلەن بىر-گە، شىمال تەرەپتە چاررۇسىيىنىڭ كېڭەيمىچىلىك ۋە زېمىننى يۇتۇۋېلىش بېسىمىغا ئۇچرىغان. رۇسىيە ياۋروپا دۆلىتى بولۇپ، 16 - ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرى ئۇرال تېغىدىن ئۆتۈپ، ئاسىياغا كىرىپ كەلگەن. ئاۋۋال ئۇرال تېغىنىڭ شەرقىدىكى سىبىرىيە خانلىقىنى يوقىتىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا يېنسەي دەريا-سى ۋە ئوب دەرياسىنى بويلاپ ئىككى تەرەپكە كېڭەيگەن. ئەينى چاغدا، يېنسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى ۋە ئوب دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى ئويراتلار ۋە ئۇنىڭغا بېقىنغان قەبىلىلەر كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلىدىغان يەر ئىدى، رۇسىيە شەرققە كېڭەيمىچى-لىك قىلىش داۋامىدا ئويراتلار زېمىنىغا پەيدىنپەي قىستاپ بار-غان. ئويراتلار بىلەن بولغان ئالاقىدە، رۇسىيە باشتا «پۈتۈن كۈچ بىلەن تىنچلىق ۋاستىسىنى قوللىنىپ، ئويرات بەگ - تۆرىلىرى ۋە ھۆكۈمدارلىرىنى رۇسىيىنىڭ پۇقراسىغا ئايلاندۇ-رۇپ، بۇ بەگ - تۆرىلەر ۋە ھۆكۈمدارلارغا تەۋە پۇقرالارنى رۇسى-يە خەزىنىسىگە باج - سېلىق تاپشۇرىدىغان ئاھالىلەرگە ئايلاندۇ-رۇش ھەمدە ئۇلار ياشاۋاتقان رايوننى رۇسىيىنىڭ زېمىنىغا ئايلاندۇرۇش»① سىياسىتىنى يۈرگۈزگەن. شۇڭا، 1608 - يىلى (مىڭ سۇلالىسى ۋەنلىنىڭ 36 - يىلى) ئىككى تەرەپ دەسلەپكى قەدەمدە ئالاقە قىلغاندا، رۇسىيە تەرەپ رۇسىيە دۆلەت تەۋەلىكىگە كىرىپ، چار پادىشاھىغا سادىق بولۇشقا قەسەم بېرىشنى

① زىلاتكىن: «جوڭغار خانلىقى تارىخى»، رۇسچە نەشرى، موسكۋا ئىلىم - پەن نەشرىياتى، 1964 - يىلى نەشرى، 168 - بەت.

ئويراتلارنىڭ ئۆزلىرى كونترول قىلىپ تۇرغان چېگرا رايونلاردا
ئەركىن چارۋا بېقىش ۋە ئەركىن سودا قىلىشنىڭ شەرتى قىلى-
غان. كېيىنكى يىلى چاقىرىلغان بىر قېتىملىق قەبىلە ئىتتىپا-
قى يىغىنى(چۇلخۇن)دا، ئويرات سەردارلىرى رۇسىيىنىڭ «تەك-
لىپ»ىنى رەت قىلغان ۋە شۇنىڭدىن كېيىنكى رۇسىيە بىلەن
بولغان خېلى ئۇزاق بىر مەزگىللىك ئالاقىدە، خانلىق ۋە مىللەت-
نىڭ ئىگىلىك هوقۇقىنى قوغداش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ كەل-
گەن. هالبۇكى، رۇسىيە ئۆزىنىڭ قوشۇۋېلىش سىياسىتىنى ئۈز-
لۈكسىز كۈچەيتكەن، هەتتا زورلۇق تېپىلغاندا قورال كۈچى ئىش-
لىتىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. باتۇر قۇنتەيجى ئويرات قەبىلىلى-
رىنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، رۇسىيە ئويراتلارغا قول
سالغان. 1640 ـ يىلى (مىڭ سۇلالىسى زۇڭدېنىڭ 5 ـ يىلى)
10 ـ ئايدا، باتۇر قۇنتەيجى رۇسىيە ئەلچىسىگە: «سىلەر بىر تە-
رەپتىن پادىشاھىڭ سوۋغا ـ سالاملىرىنى كۆتۈرۈپ كېلىسىلەر،
يەنە بىر تەرەپتىن رۇسلار بىزنىڭ پۇقرالىرىمىزغا هۇجۇم قى-
لىۋاتىدۇ» دەپ يۈزتۇرا سوئال قويغان. شۇنىڭدىن كېيىن رۇسى-
يىنىڭ يۇتۇۋېلىش هەرىكىتى كۆپىيىپ ئىككى تەرەپنىڭ مۇنا-
سىۋىتى ئۈزلۈكسىز يامانلاشقان. 1647 ـ يىلى ئويراتلار رۇسىيە
بىلەن بولغان ئەلچىلىك مۇناسىۋەتنى ئۈزۈپ تاشلىغان؛ ئىككى
يىلدىن كېيىن، جۇڭغار قوشۇنى رۇسىيىنىڭ تومىسكىدا تۇرۇش-
لۇق قوشۇنىغا هۇجۇم قىلىپ، رۇسىيە ئارمىيىسىنىڭ يۇتۇۋې-
لىشىغا قورال كۈچى بىلەن تاقابىل تۇرغان. زېڭگى تەختتە ئول-
تۇرغان مەزگىلدە، رۇسىيە ئارمىيىسىنىڭ يۇتۇۋېلىشىغا تېخىمۇ
كۈچلۈك تاقابىل تۇرغان. 1667 ـ يىلى (چىڭ سۇلالىسى كاڭ-
شىنىڭ 6 ـ يىلى) زېڭگى 4 مىڭ كىشىلىكتىن ئارتۇق قوشۇننى
باشلاپ، كراسنويارسكنى قورشاۋغا ئېلىپ، رۇسىيىدىن تۇتقۇن
قىلىنغان ئويرات پۇقرالىرى ۋە بارىمتايلىرىنى قايتۇرۇپ بې-
رىشنى تەلەپ قىلغان.

غالدان خانلىق تەختىنى تىكلەپ، جۇڭغار خانلىقىنى قۇر-

غاندىن كېيىن، ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى جىددىيلىك ئاز - تولا پەسەيگەن. بولۇپمۇ، 1685 - يىلى (كاڭشىنىڭ 24 - يىلى) جۇڭگو - رۇسىيە ياكسا ئۇرۇشى پارتلىغاندىن كېيىن، غالدان رۇسىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتكەن. رۇسىيە «بوشۇكتۇخان(غالدان) بىلەن موڭغۇللارنىڭ قوراللىق ھۇجۇم قىلىش ۋەقەسى ئۈستىدە بىردەك پىكىرگە كېلىشنى» ئۈمىد قىلىدىغانلىقى ۋە «رۇسىيە - ئويرات ئىتتىپاقى قۇرۇش ئويى بار»①لىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. كېيىن يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا غالداننىڭ خالخا موڭغۇللىرىغا ھۇجۇم قىلىشىغا قۇتراتقۇلۇق قىلغان ۋە مەدەت بەرگەن. غالدان بۇ ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇپ، قوبدۇ ئەتراپىغا قېچىپ كەلگەندە، رۇسىيە بۇ ئىتتىپاقدىشىنى تاشلىۋەتكەن.

سېۋان ئارابدان بىلەن غالدان سىرىن ئاتا - بالا تەختتە تۇرغان مەزگىلدە، رۇسىيە جۇڭغارلارغا قاراتقان كېڭەيمىچىلىك سىياسىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، يۇتۇۋېلىش ھەرىكىتىنى بارغانسېرى جىددىيلەشتۈرگەن. جۇڭغار خانلىقى رۇسىيەدىن يۇتۇۋالغان جۇڭغار يايلىقىدىن چېكىنىپ چىقىشنى كۆپ قېتىم تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، رۇسىيە بۇنىڭغا پىسەنت قىلىمايلا قالماستىن، ئەكسىچە يۇتۇۋېلىش قەدىمىنى تېخىمۇ تېزلەتكەن. 1716 - يىلى(كاڭشىنىڭ 55 - يىلى) چاررۇسىيە ئارمىيىسى ئېرتىش دەرياسىنى بويلاپ، ئوتتۇرا ئېقىنىنىڭ غەربىي قىرغىقىدىكى يەمىش كۆلىگىچە كىرىپ كەلگەن، بۇنىڭ بىلەن مەشھۇر «يەمىش كۆلى ئۇرۇشى» پارتلىغان. جۇڭغارلار 10 مىڭدىن ئارتۇق ئەسكەر بىلەن تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن رۇسىيە ئارمىيىسىنى قورشاۋغا ئېلىپ، ئاخىردا 3 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى يوقىتىش، نەچچە يۈز ئادەمنى ئەسىرگە ئېلىشتەك جەڭ نەتىجىسى بىلەن تاجاۋۇزچىلارنى يە-

① «17 - ئەسىردىكى جۇڭگو - رۇسىيە مۇناسىۋىتى»، موسكۋا 1969 - يىلى رۇسچە نەشرى، 2 - توم، 261 -، 18 - بەتلەر.

مش كۆلىدىن قوغلاپ چىقارغان. ئارقىدىنلا رۇسىيە ئارمى-
يىسى تاكتىكىسىنى ئۆزگەرتىپ، زامانىۋى ھەربىي ۋاسىتى-
لەردىن پايدىلىنىپ، «قورغان سىپى» شەكلىنى قوللىنىپ،
ئېرتىش دەرياسىنى بويلاپ بىر قاتار ھەربىي قورغانلارنى سې-
لىپ، جۇڭغارلار چارۋىچىلىق قىلىدىغان رايونغا ئۆتكۈر خەن-
جەردەك كىرىپ كەلگەن. جۇڭغار خانلىقىمۇ تىغمۇتىغ تاقابىل
تۇرغان: ئۆزىگە ئەل بولغان قىسمەن قىرغىزلارنى ئىسسىقكۆل
ئەتراپىغا كۆچۈرگەن؛ دۈشمەنلەر مەزمۇت پۇت تىرەپ تۇرالمى-
غان شارائىتتا، قوشۇن چىقىرىپ، رۇسىيىنىڭ يېڭى سالغان
قورغانلىرىنى بىتچىت قىلغان ياكى رۇسىيە ئارمىيىسى تو-
رۇشلۇق جايلارغا ھۇجۇم قىلغان ۋە پاراكەندىچىلىك سالغان.
شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، كۆپ قېتىم نورمال دىپلوماتىيە
يولى ئارقىلىق رۇسىيىگە ئېتىراز بىلدۈرگەن ۋە ئاگاھلاندۇ-
رۇش بەرگەن. 1720 ـ يىلى (كاڭشىنىڭ 59 ـ يىلى) سېۋان
ئارابدان شىزاڭغا يۈرۈش قىلىپ ئوڭۇشسىزلىقتا ئۇچرىغاندىن
كېيىن، رۇسىيىگە ئەلچى ئەۋەتىپ ياردەم تىلىگەن. لېكىن
رۇسىيە يەنىلا ئەل بولۇشنى ئالدىنقى شەرت قىلغان. مۇ-
شۇنداق قىيىن ئەھۋالدا، جۇڭغار سەردارلىرى رۇسىيىگە ئەل
بولۇش ـ بولماسلىق مەسىلىسى ئۈستىدە بەس ـ مۇنازىرە
قىلغان. ئەل بولۇشقا قارشى چىققانلار كۆپ سانلىقنى ئىگى-
لەپ، جۇڭغارلارنىڭ ئېگىلمەس مىللىي خىسلىتىنى تولۇق
گەۋدىلەندۈرۈپ بەرگەن. غالدان سېرىن تەختكە چىققاندىن
كېيىن، رۇسىيىنىڭ يۈتۈۋېلىش تاجاۋۇزچىلىقىغا داۋاملىق
قارشى تۇرغان. 1742 ـ يىلى (چيەنلوڭنىڭ 7 ـ يىلى)
جۇڭغار خانلىقىنىڭ خاس ئەلچىسى پېتىربۇرگقا بېرىپ، رۇ-
سىيە ئايال پادىشاھىغا بىر پارچە خەت تاپشۇرۇپ، رۇسىيىنىڭ
تاجاۋۇزچىلىقى ئۈستىدە كەسكىن سۆھبەتلەشكەن. غالدان
سېرىن ئۆز خېتىدە جۇڭغار خانلىقىنىڭ چېگرىسىنى تەپسى-
لىي چۈشەندۈرۈپ، چېگرا رايوندىكى 5 مىڭ تۈتۈنلۈك جۇڭ-

غار قىشلىقىنىڭ ئورنىنى كۆرسىتىپ، چار پادىشاھىدىن تا-
جاۋۇز قىلىپ كىرگەن چارروۋسىيىلىكلەرنى چىكىنىپ چىق-
قىشقا بۇيرۇق قىلىشنى تەلەپ قىلغان ھەمدە «ئۇنداق بولمى-
غاندا، ئۇلارنىڭ زېمىنىمىزدە ياشىشىغا ھەرگىز قاراپ تۇرمايد-
مەن»① دېگەن. غالدان سېرىن ۋاپات بولغاندىن كېيىن، خاند-
لىق ئىچكى نىزا تۈپەيلىدىن خارابلىشىشقا باشلىغان بولسى-
مۇ، لېكىن 1751 - يىلى جۇڭغارلار (چيەنلۇڭنىڭ 60 - يى-
لى) پېتىربۇرگقا ئەلچى ئەۋەتىپ، روسىيىدىن تاجاۋۇز قىلىپ
كىرگەن موڭغۇل زېمىنىدىن چېكىنىپ چىقىشنى قايتا تەلەپ
قىلغان. 1755 - يىلى چىڭ سۇلالىسى قوشۇن چىقىرىپ،
غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۇرگەن، شۇنىڭ بىلەن جۇڭغار
خانلىقى يىمىرىلگەن.

① «جۇڭغار خانلىقى تارىخى»، 363 - بەت.

# ئىككىنچى باب كۆپ مەنبەلىك مەدەنىيەتنىڭ ۋارىسلىق قىلىنىشى ۋە تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى

## بىرىنچى، كۆپ خىل تىل - يېزىقنىڭ بىللە ئىشلىتىلىشى

شىنجاڭ قەدىمدىنلا كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ۋە دۇنيادىكى ھىندىستان مەدەنىيىتى، پېرسىيە مەدەنىيىتى، يۇنان مەدەنىيىتى، جۇڭگو مەدەنىيىتىدىن ئىبارەت تۆت چوڭ مەدەنىيەت توپلاشقان جاي بولۇپ، مىللەتلەرنىڭ ئالاقىلىشىش ۋە ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش قورالى بولغان تىل - يېزىقمۇ بۇ يەردە بارلىققا كېلىپ، تولۇق تەرەققىياتقا ئېرىشكەن. تارىختا شىنجاڭدا ياشاپ تىرىكچىلىك قىلغان قەدىمىي مىللەت (ياكى قەبىلە) 30 دىن ئاشىدۇ، بۇ يەردە ئىلگىرى - كېيىن قوللىنىلغان تىلمۇ 30 دىن ئاشىدۇ، بۇلاردىن ئاساسلىقى ھۇن تىلى، قەندىھار تىلى، ئۇدۇن ساك تىلى، خەنزۇ تىلى، ئاگنى - كۇسەن تىلى، تۈرك تىلى، سوغدى تىلى، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى، قەدىمكى پارس تىلى، تۈبۈت تىلى، موڭغۇل تىلى، مانجۇ تىلى قاتارلىقلار بار. بۇ يەردە قوللىنىلغان يېزىقمۇ 20 نەچچە خىلدىن ئاشىدۇ، بۇلار ئاساسلىقى خەنزۇ يېزىقى، قارۇشتى يېزىقى، ئاگنى - كۇسەن يېزىقى، ئۇدۇن يېزىقى، تۈرك يېزىقى، سوغدى يېزىقى، سۈرىيە يېزىقى، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى، تۈبۈت يېزىقى، مانى يېزىقى، پارس يېزىقى، خاقانىيە يېزىقى، چاغاتاي يېزىقى، قىتان يېزىقى، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ئاساسىدىكى موڭغۇل يېزىقى، تود يېزىقى، باسپا يېزىقى، مانجۇ يېزىقى قاتارلىقلار بار. بۇ تىل - يېزىقلارنىڭ كۆپىنچىسى-

نىڭ ئىشلىتىش دائىرىسى تار، داۋاملاشقان ۋاقتى بىرقەدەر
قىسقا، ئومۇملىشىش دائىرىسى كىچىك بولۇپ، بەزىلىرى ئالدى-
بۇرۇن يوقالغان، بەزىلىرى باشقا تىل - يېزىقلارغا سىڭىشىپ
كەتكەن. تەسىرى بىرقەدەر چوڭراقى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ۋە
چاغاتاي يېزىقىدىن ئىبارەت. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى يېقىنقى ۋە
ھازىرقى زاماندىكى خۇدۇم موڭغۇل يېزىقى، تود يېزىقى، مانجۇ يې-
زىقى، شىبە يېزىقىنىڭ مەنبەسى؛ چاغاتاي يېزىقى بولسا ھازىرقى
ئۇيغۇر يېزىقى، قازاق يېزىقى، قىرغىز يېزىقىنىڭ مەنبەسى. خەن-
زۇ تىل - يېزىقى شىنجاڭدا يازما خاتىرىلەر بارلىققا كەلگەندىن
تارتىپ، غەربىي يۇرت تارىخىغا سىڭگەن بىردىنبىر تىل - يېزىق
ھېسابلىنىدۇ.

ئومۇمەن ئېلىپ ئېيتقاندا، شىمالىي شىنجاڭ ۋە جەنۇبىي
شىنجاڭ تارىخىي تەرەققىياتتا ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكنى شە-
كىللەندۈرگەن، قەدىمكى زاماندا، شىمالىي شىنجاڭدا ئاساسلىقى
كۆچمەن مىللەتلەر ياشايتتى، جەنۇبىي شىنجاڭغا بوستانلىق
يېزا ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مىللەتلەر ئولتۇراقلاشقا-
نىدى. كۆچمەن مىللەتلەر «كۆچمەن ئەللەر» دەپ ئاتالغان بولۇپ،
ئۇلارنىڭ تىلى تەرەققىي قىلغان بولسىمۇ، يېزىق تازا راۋاج تاپ-
مىغانىدى. مەسىلەن، ھۇنلار مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 2 ـ، 3 ـ
ئەسىرلەردە غەربىي يۇرتقا ھۆكۈمرانلىق قىلغان كۆچمەن مىللەت
بولۇپ، تىلى ناھايىتى باي ئىدى، «خەننامە. ھۇنلار ھەققىدە
قىسسە»دە خاتىرىلىنىشىچە، ھۇن تىلىدا «تەڭرى» سۆزى ئاس-
مان، كۆك دېگەن مەنىدە، «قۇت» پەرزەنت دېگەن مەنىدە، «تەڭ-
رىقۇت» بىپايان، چەكسىز دېگەن مەنىدە بولسىمۇ يېزىقى يوق
ئىدى. يەنە ئېفتالىتلار مىلادىيە 4 ـ ئەسىردىن 6 ـ ئەسىرگىچە
شىمالىي شىنجاڭدا كۈچەيگەن ھەمدە ئوتتۇرا ئاسىيا، جەنۇبىي
شىنجاڭنى بىر مەھەل كونترول قىلغان بولسىمۇ، «يېزىقى يوق
بولۇپ، ياغاچقا بەلگە ئويۇپ ئىشلارنى خاتىرىلەيتتى. قوشنا ئەل-
لەر بىلەن باردى ـ كەلدى قىلغاندا، قوشنا دۆلەتنىڭ يېزىقى

بىلەن قوي تېرىسىگە خاتىرە قالدۇراتتى.»① يەنە جۇرجانلار مىلا-
دىيە 5 ـ ئەسىردىن 6 ـ ئەسىرگىچە غەربىي يۇرتقا ھۆكۈمرانلىق
قىلغان بولۇپ، ئۇلارمۇ «ئىشلارنى ياغاچقا ئويۇپ خاتىرىلەيتتى،
خەت تونۇمايتتى»②، كېيىنچە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن بولغان
باردى ـ كەلدىدە، خەنزۇ مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىدە، خەنزۇ يېزى-
قىنى بەلگىلىك دەرىجىدە ئىشلەتكەن.③ لېكىن، جەنۇبىي شىنجاڭ
بۇنىڭغا ئوخشىمايتتى. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى دېھقانچىلىق ئاھا-
لىلىرىنىڭ ئىقتىسادىي سەۋىيىسى بىرقەدەر يۇقىرى، مەدەنىيى-
تى بىرقەدەر تەرەققىي قىلغان، تىل ـ يېزىقىمۇ گۈللەنگەنىد-
دى. ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدە، مىللەتلەرنىڭ
قورۇلمىسىدا ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىش بولدى، جەنۇبىي شىنجاڭ
بىلەن شىمالىي شىنجاڭ ئوتتۇرىسىدىكى بۇ خىل پەرق تەد-
رىجىي يوقالدى.

## 1. قوللىنىلغان تىل ـ يېزىقلار

غەربىي يۇرتتا كۆپ خىل تىل ـ يېزىق قوللىنىلغان بو-
لۇپ، تارىخنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى بەزى
تىل ـ يېزىقلار ئاللىقاچان يوقالدى. بۇ يوقالغان تىل ـ يې-
زىقلار: قەندىھار تىلىدىكى قارۇشتى يېزىقى، توخار تىلىدىكى
ئاگنى ـ كۇسەن يېزىقى، ساك تىلىدىكى ئۇدۇن يېزىقى، سوغدى
تىل ـ يېزىقى، تۈرك تىلىدىكى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى، تۈبۈت
تىل ـ يېزىقى، قىتان تىل ـ يېزىقى ۋە مانجۇ تىل ـ يېزىقى قا-
تارلىقلاردىن ئىبارەت. بۇنىڭدىن باشقا، خاقانىيە يېزىقى، چاغاتاي
يېزىقى، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ئاساسىدا ئىشلەنگەن موڭغۇل

---

① «لياڭنامە. قۇندۇز تەزكىرىسى».
② «جەنۇبىي چىنامە. جۇرجانلار تەزكىرىسى».
③ «ۋېينامە. جۇرجانلار تەزكىرىسى»دىن ئېلىنىدى، جۇرجان قاغانى سۇراپۇرچىن ئۆز سەلتە-
نىتىنىڭ 2 ـ يىلى، يەنى مىلادىيە 466 ـ يىلى خەن سۇلالىسىنىڭ تۈزۈمىگە تەقلىد قىلىپ
يۇڭكاڭ يىلنامىسىنى ئىشلەتكەن. تۇرپاندىن قېزىۋېلىنغان «قوچو يۇڭكاڭنىڭ 17 ـ يىلى (482 ـ
يىلى) دىكى قالدۇق تېكىستلەر»دىكى «يۇڭكاڭ» قوچونىڭ جۇرجانلارنىڭ يىلنامىسىنى قوللانغانلى-
قىنى چۈشەندۈرىدۇ. «تۇرپاندىن قېزىۋېلىنغان تېكىستلەر»، 2 ـ قىسىم، مەدەنىيەت يادىكارلىق-
لىرى نەشرىياتى، 1981 ـ يىلى، 4 ـ، 5 ـ بەتلەر.

يېزىقى، باسپا يېزىقى، تود يېزىقى ۋە سانسكرىت، مانى، سۇرىيە،
ئەرەب يېزىقلىرىمۇ غەربىي يۇرتتا ئىشلىتىلگەن ھەمدە پەيدىنپەي
يوقالغان. ئۇلار ياكى ھازىر قوللىنىلىۋاتقان تىل - يېزىقلارنىڭ
ئاساسىي گەۋدىسى ۋە ياكى دىنىي ئەھكاملارنىڭ تىل - يېزىقلى-
رى بولۇپ، بىز ئۇلارنى تۆۋەندىكى مەزمۇنلاردا بايان قىلىدىغان
بولغاچقا بۇ يەردە تىلغا ئېلىپ ئولتۇرمايمىز.

*قەندىھار تىلىدىكى قارۇشتى يېزىقى*

قارۇشتى يېزىقى
ئارامىي ئېلىپبەسىنى ئاساس قىلغان ئېلىپبەلىك يېزىق بولۇپ،
ھىندىستاننىڭ شىمالىي قىسمىدىكى قەندىھار تىلىدا ئۆز ئىپا-
دىسىنى تاپقان. مىلادىيىنىڭ دەسلىپىدە، قارۇشتى يېزىقى كۇشان
خانلىقىنىڭ (ھازىرقى پاكىستان تەۋەسىدە) ھۆكۈمەت يېزىقىغا
ئايلانغان. 2 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا غەربىي يۇرتتىكى
ئۇدۇنغا تارقالغان. 3 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا پىشامشان (ھازىرقى
چارقىلىق) غا تارقىلىپ شۇ يەرنىڭ ھۆكۈمەت يېزىقىغا ئايلانغان.
پىشامشان قاتارلىق جايلار شەرقىي خەن دەۋرىدە خەنزۇ تىل - يېزى-
قىنى ئىشلەتكەن بولۇپ، بۇ مەزگىللەردىكى قارۇشتى يېزىقى ۋە
ھىندىستاننىڭ ئادەت تىللىرىنىڭ قوبۇل قىلىنىشى توغرىسىدا
ئالىملار ئەينى ۋاقىتتا كۇشان خانلىقىنىڭ بىر قىسىم ئاھالىلى-
رى ئۇرۇش مالىمانچىلىقى تۈپەيلىدىن بۇ يەرگە كۆچۈپ كەلگەن،
ئۇلارنىڭ ئادىمى كۆپ، مەدەنىيىتى يۇقىرى بولغاچقا، يەرلىكنىڭ
تىل - يېزىقىدا زور تەسىر پەيدا قىلغان، دەپ قارايدۇ. 5 ـ ئەسىردىن
كېيىن، قارۇشتى يېزىقى غەربىي يۇرتتا يوقالغان.

«ئۆلگەن يېزىق» دەپ قارالغان قارۇشتى يېزىقىنى كىشىلەر-
نىڭ قايتىدىن تونۇشى 19 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن كې-
يىن ئۇزلۇكسىز بايقالغان قېزىلما ماتېرىياللار بىلەن مۇناسىۋەت-
لىك. تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئەتراپىدىكى قەشقەر، خوتەن، نىيە،
مىران، كروران ۋە خېشى كارىدورى، دۇنخۇاڭ قاتارلىق جايلارنىڭ
ھەممىسىدىن قارۇشتى يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر تېپىلغان. بۇ قا-
رۇشتى يېزىقلىرى ياغاچ تاختا، تارشا، تېرە، شايى، قەغەز، قېيىن

قوۋزىقى، پۇل قاتارلىقلارغا يېزىلغان، ئومۇمىي سانى مىڭ پار-
چىدىن ئارتۇق بولۇپ، ئاساسلىقى ئۇدۇن، پىشامشان ئىككى دۆ-
لەتكە تەۋە. ئۇدۇندىن تېپىلغان ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار
ئاساسلىقى خەنزۇچە ـ قارۇشتىچە پۇل (312 دانە)، S .661 نو-
مۇرلۇق ھۆججەت ۋە «ساددارما پادا سۇترا» نىڭ كۆچۈرۈلمە قال-
دۇق بەتلىرىدىن ئىبارەت. پىشامشاندىن تېپىلغان ئارخېئولوگى-
يىلىك ماتېرىياللار ئاساسلىقى خاننىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرى، ھۆ-
كۈمەت ۋە شەخسىي مەكتۇپلار، كېلىشىم ھۆججەتلىرى ۋە
ھېساب ـ كىتاب رويخەتلىرى قاتارلىقلار بولۇپ، دىندىن خالىي
ھۆججەتلەردىن باشقا يەنە بۇددىزم ھۆججەتلىرىمۇ بار. قارۇشتى
ھەرپلىرىنىڭ ھەرقايسى دەۋرلەردىكى سانى ئوخشىمايدىغان بولۇپ
22 دىن 75 كىچە بولغان. ئوڭدىن سولغا توغرىسىغا يېزىلاتتى.
سۆز ئارىسىدا بوش ئورۇن ھەتتا تىنىش بەلگىلىرىمۇ يوق ئىدى.
ئۇدۇن، پىشامشان ئىككى جايدىكى قارۇشتى يېزىقىنىڭ خەت
شەكلىدىمۇ ئازراق پەرق بار بولۇپ، ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا بىر
قىسىم يەرلىك شېۋە تەركىبلىرىنىمۇ قوبۇل قىلغان.

ئۇدۇن ۋە پىشامشانلاردىن قارۇشتى يېزىقى بىلەن خەنزۇ
يېزىقى تەڭ ئىشلىتىلگەن ئارخېئولوگىيىلىك ۋەسىقىلەر تې-
پىلغان. مەسىلەن، ئۇدۇندا ئىشلىتىلگەن خەنزۇچە ـ قارۇش-
تىچە ئىككى خىل خەت چۈشۈرۈلگەن پۇلنىڭ ئوڭ يۈزىگە
خەنزۇ يېزىقىنىڭ جۇەنشۇ خەت شەكلى بويىچە پۇلنىڭ قىم-
مىتى، ئارقا يۈزىگە قارۇشتى يېزىقىدا خاننىڭ ھۆرمەت نامى
ۋە ئىسمىنىڭ يېزىلىشى ئۇدۇن خانلىقىدا قوش تىلنىڭ مەۋ-
جۇت بولۇپ تۇرغانلىقىنىڭ سىمۋولىدۇر؛ پىشامشان،
كرورانلاردىن چىققان شەرقىي خەن دەۋرىگە مەنسۇپ كىمخاب-
نىڭ ئۈستىگە خەنزۇچە «ئۆمۈرلىرى ئۇزۇن بولغاي، ئەۋلادلى-
رىغا خاتىرجەملىك بولغاي» دېگەن سۆز، گىرۋەكلىرىگە يەنە
قارۇشتىچە «سىرىگۇپتانىڭ كىمخابى (قىممىتى) يۈز تۈمەن»
دېگەن سۆزلەر چۈشۈرۈلگەن بولۇپ، بۇ پىشامشاندا قوش تىل-

نىڭ تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانلىقىنىڭ دەلىلى.

*ئۇدۇن تىل - يېزىقى* ئۇدۇن تىلى بولسا خوتەن رايونىدىكى
قەدىمكى مىللەتلەر ئىشلەتكەن تىل بولۇپ، ھىندى - ياۋروپا تىل
سىستېمىسىنىڭ شەرقىي ئىران تىلى ئائىلىسىدىكى بىر خىل
دىئالېكت ئىدى. بۇ خىل تىلدا سۆزلىشىدىغانلار ساكلار بولغاچ-
لىقتىن ئۇدۇن ساك تىلى ياكى قىسقارتىلىپ ئۇدۇن تىلى دەپ ئا-
تالغان. ئۇدۇن تىل - يېزىقى بولسا، ھىندىستاندىكى براخما ئې-
لىپبەسىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بىر خىل ئۆزگەرگەن شەكلى-
دۇر. ئۇدۇن يېزىقى خەنزۇ ۋە قارۇشتى يېزىقلىرىدىن كېيىنرەك
بولۇپ، تەخمىنەن 5 - ئەسىردىن 10 - ئەسىرگىچە (4 - ئەسىر-
لەردىلا پەيدا بولغان دېگۈچىلەرمۇ بار) قوللىنىلغان. مىلادىيە
1006 - يىلى قاراخانىيلار خانلىقى ئۇدۇن خانلىقىنى يوقىتىپ
ئىسلام دىنى بۇددا دىنىنىڭ ئورنىنى ئالغاندىن كېيىن، قەدىمكى
ئۇيغۇر تىلىمۇ پەيدىنپەي ئۇدۇن تىلىنىڭ ئورنىغا دەسسەپ، ئۇدۇن
تىل - يېزىقى «ئۆلگەن يېزىق» قا ئايلانغان. «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدى-
كى غەربىي يۇرت خاتىرىسى» 12 - جىلدتا «قۇستان دۆلىتى (ئۇ-
دۇن) ..... يېزىقى ئەنەتكەك يېزىقىغا تەقلىد قىلىنغان بولۇپ،
خەت شەكلىگە ئازراق ئۆزگەرتىش كىرگۈزگەن. ئاز - تولا تەرەق-
قىيات تارىخىغا ئىگە، تىلى باشقا ئەللەرنىڭكىدىن پەرقلىنىدۇ»
دەپ خاتىرىلەنگەن. 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى 20 - ئەسىرنىڭ
باشلىرىدا، شىنجاڭنىڭ خوتەن، مارالبېشى، تۇمشۇق، مۇرتۇق
ھەم گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ دۇنخۇاڭ قاتارلىق جايلىرىدىن ئۇدۇن
يېزىقىدىكى ھۆججەتلەر تېپىلىپ، ئۇدۇن يېزىقى قايتىدىن يو-
رۇقلۇققا چىقتى. نەچچە ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ تىرىشچانلىقى ئار-
قىسىدا، ئۇدۇن تىلىدىكى ھۆججەتلەرنىڭ كۆپ قىسمى ئوقۇلۇپ
قايتا يېزىپ چىقىلدى. ئەمما يەنە بىر قىسىم غەيرىي، دىن ھۆج-
جەتلىرى ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەر تېخى تولۇق ئىزاھلانمىدى. دەس-
لەپكى مەزگىللەردىكى ئۇدۇن تىلىنىڭ خەت شەكلى قانۇنىيەت-
لىك، گرامماتىكىسى قائىدىلىك بولۇپ، ئاخىرقى (كېيىنكى)

مەزگىللەردىكى ئۇدۇن تىلىنىڭ خەت شەكلى قالايمىقان، بەزى بىرىكمە خەتلەرنى ناھايىتى تەستە پەرقلەندۈرگىلى بولىدۇ.

ھازىر ساقلىنىۋاتقان ئۇدۇن تىلىدىكى ھۆججەتلەردە بۇددىزم ھۆججەتلىرى كۆپ، بولۇپمۇ ماخايانا بۇددا نوملىرىغا ئائىتلىرى ئەڭ مول. مەسىلەن، «سامخاتى سۇترا دىخارما پارىيايا»، «ۋىمالاكىرتى نىردىپسىئا سۇترا» قاتارلىقلار. ئۇدۇن يەنە ماخايانا بۇددا نومى تەرجىمىچىلىكى گۈللەنگەن جاي بولۇپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك سۇلالىلىرىدىن بۇ يەرگە كېلىپ ئىلىم تەھسىل قىلىپ نوم ئالغىلى كېلىدىغانلارمۇ بار ئىدى. تاڭ، سۇڭ سۇلالىلىرى مەزگىلىدە ئۇدۇن بۇددا نوملىرىنى تەرجىمە قىلىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، بەلكى نوملارنى ئىزاھلاشقىمۇ باشلىغان. دۇنخۇاڭدىن ئۇدۇن يېزىقىدا يېزىلغان مۇشۇ خىلدىكى ئەسەرلەر تېپىلغان، مەسىلەن، «بۇددا دىياتاكا» ئىخچاملىنىپ پىششىقلاپ ئىشلەنگەن. ئۇدۇن تىلىدىكى غەيرىي دىن ھۆججەتلىرىدىن تېپىلغانلىرىمۇ كۆپ. خوتەن رايونىدىن ئۇدۇن تىلىدا يېزىلغان تاڭ دەۋرىگە ئائىت 100 پارچىدىن ئارتۇق غەيرىي دىنىي ھۆججەتلەر تېپىلغان بولۇپ، مەزمۇنى يارلىق، ھېسابات دەپتىرى، توختامنامە، خەت ـ چەك قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. دۇنخۇاڭدىكى موگاۋ تاش كېمىرلىرى ئىچىدىكى بۇددا نوملىرى ساقلانغان كېمىرلەردىنمۇ 120 پارچىدىن ئارتۇق ئۇدۇن تىلىدىكى ھۆججەتلەر تېپىلغان، بۇلارنىڭ كۆپچىلىكىمۇ غەيرىي دىن ھۆججەتلىرىدۇر. 10 ـ ئەسىردە شاجۇدىكى بەيئەتچىلەر قوشۇنىنىڭ سەردارى ساۋ جەمەتى بىلەن ئۇدۇن خان جەمەتى قۇدا ـ باجىلىق مۇناسىۋەت ئورناتقانىدى. ئۇدۇننىڭ ئەلچىلىرى، راھىبلىرى شاجۇ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك، غەربىي شىيا، خېشىدىكى گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى قاتارلىقلارغا بېرىپ تۇراتتى. دۇنخۇاڭدا نۇرغۇنلىغان خەت ـ چەك، ئىلتىماس، ھۆكۈمەت ۋە خۇسۇسنىڭ ھېسابات دەپتەرلىرى، جۇغراپىيە، تېبابەتچىلىككە ئائىت ھۆججەت، ئەدەبىي ئەسەر، قوش تىللىق سۆزلۈك، مەشىق دەپتىرى، ئېلىپبە ۋە خوتەن خان جەمە-

تىگە قىلىنغان دوكلاتلارنىڭ قوشۇمچە نۇسخىسى قاتارلىقلار
ساقلانغان.

ئۇدۇن رايونى خەنزۇ مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە چوڭقۇر
ئۇچرىغان. خەن سۇلالىسىدىن كېيىن، تاڭ سۇلالىسى ئۇدۇندا
كېرىيە تۇتۇق مەھكىمىسىنى قۇرغان؛ تاڭ سۇلالىسى غەربىي
يۇرتتىن چېكىنگەندىن كېيىن، ئۇدۇن شاجۇ بىلەن قۇدا - با-
جىلىق مۇناسىۋەتنى ساقلاپ، خەنزۇ يېزىقى بۇ رايوندا باشتىن -
ئاخىر قوللىنىلغان. قارۇشتى يېزىقى بىلەن خەنزۇ يېزىقى
بىرگە ئىشلىتىلگەنگە ئوخشاش، ئۇدۇن يېزىقىمۇ باشتىن -
ئاياغ خەنزۇ يېزىقى بىلەن بىرگە قوللىنىلغان. كېيىنكى مەز-
گىللەردە يەنە تىبەت يېزىقى بىلەن بىللە قوللىنىلغان. تېپىل-
ما ھۆججەتلەر ئىچىدە ئۇدۇن يېزىقى، خەنزۇ يېزىقى، تىبەت
يېزىقلىرىنىڭ بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشلا مەسىلىنى چۈ-
شەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ. تېپىلما ھۆججەتلەر ئىچىدە يەنە خەنزۇ-
چە، ئۇدۇنچە ماس ھالدا يېزىلغان قوش تىللىق ھۆججەتلەرمۇ
بار. مەسىلەن، چىرا ناھىيىسىنىڭ دامىكو خارابىسىدىن چىققان
مىلادىيە 775 - يىلىدىن 790 - يىلى ئارىلىقىدىكى يەتتە
پارچە «ئالتە شەھەر» پۇقرالىرى تاپشۇرغان يىپەكلەرنىڭ ھېسا-
بات دەپتىرى ۋە ھەربىي مۇداپىئەگە دائىر ھۆججەتلەر دەل
خەنزۇ ۋە ئۇدۇن يېزىقلىرىدا تەڭ يېزىلغان. ئاز بولمىغان ئۇ-
دۇن يېزىقىدىكى ھۆججەتلەرگە يەنە خەنزۇچە خەت ئارىلاشتۇ-
رۇپ يېزىلغان. مەسىلەن، «ئۇدۇن خانىنىڭ ساۋ يۈەنجۇڭغا
يازغان مەكتۇپى» دا، ئۇدۇن خانى ۋىجايا سۇرا تاغىسى شاجۇ
خانى ساۋ يۈەنجۇڭغا 970 - يىلى (تەڭرىخان ئالىيلىرىنىڭ
4 - يىلى) ئۇدۇننىڭ قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ دىنىي ئۇرۇشى
ئۈستىدىن غالىب كەلگەنلىكىنى دوكلات قىلىپ، مەكتۇپنىڭ
ئاخىرىغا چوڭ قىلىپ خەنزۇچە «敕» (ھەدىيە) دېگەن خەتنى يې-
زىپ قويغان (يەنە تەڭ نىسبەتتە يېزىلغان ئۇدۇنچە Parau — تار-
تۇق (ھەدىيە) دېگەن سۆزمۇ بار). مەكتۇپنىڭ قۇيرۇق قىسمى

ۋە قەغەز بىلەن پېچەتلەنگەن يەرلىرىنىڭ توققۇز يېرىگە «پا-
دىشاھ پەرمانى بويىچە يېڭى قۇيدۇرۇلغان مۆھۈر» دېگەن خەن-
زۇچە خەت يېزىلغان تامغا بېسىلغان. ئۇدۇن تىلىدىكى بەزى
سۆزلەر ئېنىق ھالدا خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلىنغان. مەسى-
لەن، «si» تاۋۇشى بىلەن ئاياغلاشىدىغان ئۇدۇن بۇددا ئىبا-
دەتخانىلىرىنىڭ نامى خەنزۇچىدىكى«寺» (بۇتخانا) سۆزىدىن
تەرجىمە قىلىنغان. ئۇدۇن تىلىدىكى ھۆججەتلەردە يەنە دور-
غاپ، ھىراۋۇل، ۋەزىر، تۇتۇق، سوراقچى، خانىم، پەزىلەتلىك
بەگ، ئۇلۇغ زات دېگەندەك ناملار بولۇپ، بۇلاردىمۇ خەنزۇ تى-
لىدىكى ئەمەل ناملىرى ۋە ھۆرمەت ناملىرىنى قوللانغان. ئۇ-
دۇن تىلىدىكى ھۆججەتلەردىكى «توڭ چىڭ»، «تيەن زۇن»،
«تيەن شىڭ»، «جۇڭشىڭ»، «تيەنشۇ» قاتارلىق يىلناملەرمۇ
روشەنكى خەنزۇلار قوللانغان يىلناملەرگە تەقلىد قىلىنغان.
*تۇبۇت تىل - يېزىقى* تۇبۇت يېزىقى بولسا تۇبۇتچە ھۆج-
جەتلەردە ئىشلىتىلگەن زاڭزۇلار يېزىقى بولۇپ، قەدىمكى زاڭزۇ
يېزىقى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. تىلى خەنزۇ - زاڭزۇ تىل سىستېمىسىغا
تەۋە. مىلادىيە 7 - ئەسىردە، تۇبۇتلار چىڭخەي - شىزاڭ ئېگىز-
لىكىدە باش كۆتۈرگەن، 662 - يىلىدىن باشلاپ غەربىي يۇرتقا
كىرىپ، تاڭ سۇلالىسى بىلەن غەربىي يۇرتنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھو-
قۇقىنى تالاشقان. 8 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى 9 - ئەسىرنىڭ باشلى-
رىدا تۇبۇتلار غەربىي يۇرتنى ئىگىلىگەن. 866 - يىلى ئىچكى
نىزا تۈپەيلىدىن، غەربىي يۇرتتىن چېكىنىپ چىققان. تۇبۇتلار
غەربىي يۇرتقا يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ھۆكۈمرانلىق قىلىپ،
غەربىي يۇرتنىڭ تىل - يېزىقىدا مۇھىم تەسىر پەيدا قىلغان، تۇ-
بۇت تىل - يېزىقى بىر مەھەل تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىدىكى
بەگلىكلەرنىڭ ھۆكۈمەت تىل - يېزىقىغا ئايلانغان.
20 - ئەسىردىن بۇيان، چارقىلىق ناھىيىسىدىكى مىرەن
شەھىرى خارابىسى، خوتەننىڭ شىمالىدىكى مازار تاغ قەدىمىي
قەلئە خارابىسىدىن كۆپلىگەن تۇبۇت يېزىقىدىكى تارشا، يۆگى-

مه پۈتۈك قاتارلىقلار تېپىلغان بولۇپ، ئۇمۇمىي سانى 700
پارچىدىن ئارتۇق، مىرەندىكى تۇبۇت مۇداپىئە قورغانى ئىزىدىن
يەنە سۆڭەكتە ياسالغان پال چوكىسى تېپىلغان بولۇپ، بۇنىڭدا
تۇبۇت يېزىقىدىكى پالنامە ساقلانغان. دۇنخۇاڭدىنمۇ ئاز دېگەندە
ئۇدۇن بىلەن مۇناسىۋەتلىك سەككىز پارچە تۇبۇتچە ھۆججەت
تېپىلغان. ئۇدۇن تۇبۇت ھۆكۈمرانلىقىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى
مۇھىم نۇقتىسى ئىدى. كېيىنكى ئەسىرلەردىكى تۇبۇتچە «گەن-
جۇر»، «دەنجۇر» دىن ئىبارەت ئىككى چوڭ ھۆججەت توپلامىلى-
رىدا، «ئۇمالا پرابخا سۇترا»، «مۇڭگۇز تاغ ھەدىيە خاتىرىسى»،
«سامغا ۋادانىنىڭ ھەدىيە خاتىرىسى»، «ئۇدۇن ئارخاتنىڭ ھەدد-
يە خاتىرىسى»، «ئۇدۇن دۆلىتىنىڭ ھەدىيە خاتىرىسى» قاتارلىق
مەخسۇس ئۇدۇن توغرىسىدا سۆزلەنگەن ئەسەرلەر بار بولۇپ،
بۇنىڭدىن ئۇدۇن بىلەن تۇبۇتنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ قويۇقلۇقىنى
كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. مىرەن بولسا تۇبۇتلەرنىڭ غەربىي يۇرتقا
ھۆكۈمرانلىق قىلىشتىكى مۇھىم ھەربىي نۇقتىسى ئىدى.
دۇنخۇاڭ تۇبۇتلەر تەرىپىدىن ئىگىلىۋېلىنغاندىن كېيىن، 9 -
10 - ئەسىرلەردە بەيئەتچى ئارمىيە يەنە ئۇدۇن بىلەن قويۇق
مۇناسىۋەت ساقلاپ كەلگەن، شۇڭا، بۇ ئۈچ جايدىن تۇبۇتچە
ھۆججەتلەرنىڭ چىقىشى نورمال ئىش ھېسابلىنىدۇ.
شىنجاڭدىن تېپىلغان تۇبۇتچە ھۆججەتلەر ئاساسەن 8 -،
9 - ئەسىرلەرگە مەنسۇپ بولۇپ، مەزمۇنى تۇبۇتلەرنىڭ غەربىي
يۇرتتىكى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىگە بېرىپ تاقى-
لىدۇ. مەسىلەن، ئىقتىسادىي جەھەتتىكىلىرى يەر، ئاشلىق، باج -
سېلىق، قەرز، ماددىي بۇيۇم قاتارلىق مەزمۇنلارنى، ھەربىي
جەھەتتىكىلىرى قورال - ياراغ، پايلاقچىلىق، چارلاش، بېكەت
قاتارلىق مەزمۇنلارنى، سىياسىي جەھەتتىكىلىرى دوكلات،
بۇيرۇق، ھۆكۈمەت ياكى خۇسۇسىي ئالاقە قاتارلىق مەزمۇنلار-
نى، ئىجتىمائىي تۇرمۇش، مەدەنىيەت جەھەتتىكىلىرىدىن ئۇ-
رۇق، قەبىلە، يەر نامى، رەمچىلىك قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز

ئىچىگە ئالىدۇ. دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان ھۆججەتلەرنىڭ ھەممىسى 10 - ئەسىرگە مەنسۇپ. گەرچە تۈبۈتلەر 9 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا غەربىي يۇرت ۋە خېشى كارىدورىدىن چېكىنىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما تەسىرى تۈگىمىگەن، تۈبۈت يېزىقى تۈبۈت ھۆكۈمرانلىقى ئاخىرلاشقاندىن كېيىنمۇ خېلى ئۇزاق بىر مەزگىلگىچە ئىشلىتىلگەن. دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان تۈبۈتچە «شاجۇ بېگى ساۋ جۆڭشۇنىڭ ئۇدۇن خانىغا يوللىغان مەكتۇپى»، «ئۇدۇن خانىنىڭ شاجۇ بېگىگە يوللىغان ھۆكۈمەت خېتى»، «ئۇدۇن خانىنىڭ گەنجۇ دورغاپىغا يوللىغان مەكتۇپى» قاتارلىقلار ئۇدۇن، شاجۇ (دۇنخۇاڭ) دىكى بەيئەتچى ئارمىيە، گەنجۇ (جاڭيې) ئۇيغۇرلىرى قاتارلىق ئۈچ يەرلىك ھاكىمىيەت ھۆكۈمرانلىرى ئوتتۇرىسىدىكى بېرىش - كېلىش توغرىسىدىكى خەت - چەكلەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، «ئۇدۇن دىنىي ئەقىدە تارىخى» بولسا ئۇدۇن بۇددىزمىنىڭ گۈللىنىش، ھالاك بولۇش ۋە ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەرنىڭ تارىخىي ھۆججەتلىرىدۇر. «ئېۋىرغول باش راھىبى لى بەيدۇڭنىڭ شاجۇ باش راھىبىغا يوللىغان مەكتۇپى» بولسا، ئېۋىرغول بىلەن شاجۇ روھانىيلىرىنىڭ ماددىي بويۇم ئالماشتۇرۇشىغا ئائىت ھۆججەت ھېسابلىنىدۇ.

تۈبۈتلەر غەربىي يۇرتتا تاڭ سۇلالىسىنىڭ بېقىندى تۈزۈمىگە ئوخشاش باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى يولغا قويغان، تىل - يېزىق جەھەتتە تۈبۈت، ئۇدۇن، خەنزۇ يېزىقلىرىنىڭ بىرگە ئىشلىتىلىشىگە يول قويغان. تۈبۈتلەرنىڭ بۇ سىياسەتلىرى غەربىي يۇرتنىڭ يېڭى مەدەنىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى قوغداشقا پايدىلىق بولغان.

*ئاگنى - كۇسەن تىل - يېزىقى* 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا شىنجاڭدا ئوتتۇرا ئاسىيا يانتۇ براخما ئېلىپبەسى بىلەن يېزىلغان ۋەسىقىلەر تېپىلدى، بۇ خىل يېزىقتا ھىندى - ياۋروپا تىل سىستېمىسىدىكى ئىككى خىل تىل خاتىرىلەنگەن. ئىككى

خىل تىلىنىڭ سۆزلۈك گراماتىكىلىق پەرقى چوڭ ئەمەس، ئەمما ئىپادىلىگەن شېۋىسى ئوخشىمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئالىملار ئۇلارنىڭ تېپىلغان ئورنىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن ئايرىم نام بىلەن ئاتىغان. يەنى تۇرپان، قاراشەھەر ئەتراپلىرىدىن تېپىلغانلىرىنى ئاگنى تىلى، كۇچا ئەتراپلىرىدىن تېپىلغانلىرىنى كۇسەن تىلى دەپ ئاتىغان. يېزىقىمۇ ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئاگنى يېزىقى ۋە كۇسەن يېزىقى دەپ ئاتالغان. يەنە بەزى ئالىملار ئالدىنقىسىنى توخار تىلىA ياكى شەرقىي توخار تىلى، كېيىنكىسىنى توخار تىلى B ياكى غەربىي توخار تىلى دەپمۇ ئاتىغان. ئاگنى - كۇسەن تىل - يېزىقى تەخمىنەن 3 - ئەسىردىن 9- ئەسىرگىچە ئىشلىتىلگەن .

ئاگنى - كۇسەن تىلىدىكى ھۆججەتلەر بىرقەدەر مول بولۇپ، شېئىرلارمۇ بار. مەسىلەن، «پەند - نەسىھەت شېئىرلار توپلىمى»، «مانىغا مەرسىيە»: دراما ھېكايىلەردىن «ئالتە چىشلىق پىلنىڭ يارالمىشى ھەققىدىكى ھېكايە»، «ياغاچچى بىلەن رەسسامنىڭ ھېكايىسى»، سۆزلۈكلەردىن قەدىمكى كۇسەنچە، ئۇيغۇرچە، سانسكرىتچە، كۇسەنچە تەرجىمە سۆزلۈكلىرى، ھۆكۈمەت ۋە خۇسۇسلارنىڭ ھېسابات دەپتەرلىرىدىن «سودىگەر - يولۇچىلارنىڭ يولخېتى»، ئەمر - پەرمانلارنىڭ قالدۇق - پارچىلىرى، ئىبادەتخانىلارنىڭ ھېسابات دەپتىرى، يەنە تېبابەتچىلىك تېخنىكىسىغا دائىر ئەپسۇن قاتارلىقلار بار. ھازىر ساقلىنىۋاتقان ئاگنى - كۇسەن يېزىقىدىكى ھۆججەتلەردىن ئەڭ مەشھۇرى «مايتىرى سىمىت دراممىسى» بولۇپ، جەمئىي ساقلىنىپ قالغىنى 88 بەت. 27 پەردىلىك بۇ دراما دۆلىتىمىزدە تېپىلغان ئەڭ قەدىمكى ۋە ئەڭ ئۇزۇن سەھنە ئەسىرىدۇر. ھازىر ساقلىنىۋاتقانلاردىن ئەڭ كۆپ بولغىنى بۇددا نوملىرى بولۇپ، «دارما پادا سۇترا»، «بۇددا چارىتا كاۋيا سۇترا»، «گاربىخا سۇترا» قاتارلىقلار بار. بۇ يەردە پەقەت ھىنايا مەزھىپىنىڭ بۇددا نوملىرىنىڭلا بولۇپ، داڭلىق ماخايانا بۇددا نوملى-

رىنىڭ بولمىغانلىقىدىن غەربىي يۇرتتا ئەينى ۋاقىتتا ماخايانا
بىلەن ھىنايا ھەزھىپىنىڭ تەسىرىنىڭ پەرقلىق ئىكەنلىكىنى
كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئاگنى ـ كۇسەن تىللىرىدىكى ھۆججەتلەر ئىچىدە، ئاگنى
تىلىدىكى ماتېرىياللارنىڭ ھەممىسى قولىيازما بولۇپ، كۇسەن تى-
لىدىكى ماتېرىياللار ئىچىدە بۇ خىلدىكىدىن باشقا (مۇتلەق كۆپ
ساندىكىلىرى) يەنە، تارىشا، تام رەسىمى لەۋھەلىرى، مىڭئۆي ئا-
بىدىلىرى بولۇپ سانى بىرقەدەر كۆپ. «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى
غەربىي يۇرت ساياھەت خاتىرىسى» 12 ـ جىلدتا كۇتسى (كۇسەن)
دۆلىتى «ھىندى يېزىقىنى قوللىنىدۇ، ئازراق ئۆزگەرتىش كىر-
گۈزگەن» دەپ خاتىرىلەنگەن بولۇپ، ھازىر ساقلىنىۋاتقان ئاگنى ـ
كۇسەن يېزىقى بۇ خىل ئەھۋالنىڭ راستلىقىنى ئىپادىلەپ بېرى-
دۇ. ئاگنى ـ كۇسەن تىل ـ يېزىقى گەرچە ھىندى ـ ياۋروپا تىل
سىستېمىسىدىكى براخما يېزىقىنى بەلگە قىلغان بولسىمۇ،
ئەمما چەت تىللاردىن كىرگەن سۆزلەر كۆپ. تەتقىقاتلارغا ئا-
ساسلانغاندا، ئۇنىڭ ھىندى ـ ياۋروپا تىل سىستېمىسىدىكى
ئىران تىللىرى ئائىلىسى، گېرمان تىللىرى ئائىلىسى، سىلاۋيان
تىللىرى ئائىلىسى قاتارلىقلار بىلەن ئورتاقلىق ۋە ئوخشاشلىق
تەرەپلىرى بار بولۇپ، غەربىي ھىندى ـ ياۋروپا تىل سىستېمى-
سىدىكى تىللار بىلەنمۇ مەلۇم باغلىنىشقا ئىگە، بۇ خىل مۇناسى-
ۋەت ئاساسلىقى تىل قۇرۇلمىسى ۋە سۆز قوبۇل قىلىش قاتارلىق
ئىككى جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ. خەنزۇ تىلىنى مىسالغا ئالساق،
خەنزۇ تىلىدا توخرى تىلىدىن قوبۇل قىلغان سۆزلەر بار بولۇپ،
بۇنىڭدىن باشقىلىرىنىڭ بولۇشىمۇ تەبىئىي ئىش. «سۈينامە. مۇ-
زىكا تەپسىرى» دە يەتتە تونىنى سۆزلىگەندە «شاتولى خەنزۇچىدى-
كى 1 ـ تون، يەنى مۇزىكىدىكى ئوردا كۈيى»دېيىلگەن. بۇنىڭدىكى
1 ـ خەت كۇسەن تىلىدۇر (ياكى كۇسەن تىلى ئارقىلىق ئۆزگى-
رىپ كەلگەن ھىندىچە سۆز). خەنزۇچىدىكى«门沙»(سىرامان)
ياكى«门嗓» (سىرامان) مۇ كىنگىت تىلىدىن كەلگەن. دەسلەپتە

(شەرقىي خەن، ئۈچ پادىشاھلىق) خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان
بۇددا نوملىرىدا بۇددىزم ئاتالغۇلىرىنىڭ ھەممىسىلا سانسكرىت
ياكى پالى تىللىرىدىن بىۋاسىتە تەرجىمە قىلىنغان بولماستىن،
ئەكسىچە توخار تىلى قاتارلىق قەدىمكى ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرى-
نىڭ تىللىرىنى ۋاسىتە قىلىپ تۇرۇپ ياسالغاندى. توخار تىلىغا
خەنزۇ تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەرگە دائىر مىساللارمۇ كۆپ،
مەسىلەن، cane خەنزۇچىدىكى «钱» دىن، tau خەنزۇچىدى-
كى «斗» (ئېلىشىش) تىن، sakse بولسا خەنزۇچىدىكى
«烤酒» (ھاراق ئىللىتىش) تىن كەلگەن.① ئاگنى - كۈسەن
تىللىرىدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەر غەربىي يۇرتتا ياشىغان. غەر-
بىي يۇرت قەدىمكى دۇنيا مەدەنىيەتلىرىنىڭ گىرەلەشكەن جايى
بولۇپ، بۇ تىل - يېزىق بىلەن باشقا مىللەت تىللىرى ئوتتۇر-
ىسىدا مۇناسىۋەتنىڭ شەكىللىنىشى تەبىئىي ھادىسىدۇر.

*سوغدى تىل - يېزىقى* سوغدى يېزىقى سوغدى تىلىنى
خاتىرىلىگەن يېزىق بولۇپ، ئارامى يېزىقىدىن تەرەققىي قىلىپ
ئۆزگىرىپ كەلگەن. يەنە سۇلىكا يېزىقى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. سوغدى
تىلى ھىندى - ياۋروپا تىل سىستېمىسى ئىران تىل ئائىلىسى-
نىڭ شەرقىي ئىران تىلى تارمىقىغا تەۋە بولۇپ، ئاز دېگەندىمۇ
مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 6 - ئەسىرلەردىلا ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە زە-
رەپشان دەريا بويلىرىدا گۈللەنگەن. سوغدى يېزىقى تەخمىنەن
مىلادىيە 13 - ئەسىردە موڭغۇللار ئوتتۇرا ئاسىياغا بېسىپ
كىرگەندىن كېيىن تاشلىنىپ قالغان. سوغدىلار سودا - تىجا-
رەتكە ماھىر خەلق بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ خەلقئارا سودا يول-
لىرىدا ئىنتايىن مۇھىم ۋاسىتىچىلىك رول ئوينىغان. سوغدى
تىلى شۇ سەۋەبتىن ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى ئورتاق تىلغا
ئايلانغان ھەمدە بىر قىسىم دۆلەت ۋە مىللەت تىللىرىدا مۇھىم
تەسىر پەيدا قىلغان.

① جى شيەنلىن: «دۇنخۇاڭ — تۇرپان توخرى تىلى تەتقىقاتىغا كىرىش»، تەيۋەن يېڭى
ۋېنفېڭ نەشرىيات شىركىتى، 1993 - يىلى، 254 - بەت.

تۈركلەر بىر مەھەل سوغدى تىل ـ يېزىقىنى ھۆكۈمەت تىل ـ يېزىقى سۈپىتىدە قوللانغان. ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇلارمۇ سوغدى تىل ـ يېزىقىنى ھۆكۈمەت تىل ـ يېزىقى قىلىپ ئىشلەتكەن. كېيىن ئۇيغۇرلار سوغدى يېزىقى ئاساسىدا قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى ئىجاد قىلغان. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى كېيىن ئۆزگەرتىلىپ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ئاساسىدىكى موڭغۇل يېزىقىغا ئايلانغان، بۇ يېزىق مانجۇ يېزىقىنى شەكىللەندۈرگەن. مانجۇ يېزىقى يەنە شىبە يېزىقىنىڭ ئەسلىي شەكلى ئىدى. سوغدى يېزىقى بۇ يېزىقلارنىڭ ئاساسى ياكى مەنبەسى بولۇپ، ئىنتايىن تىپىك ھالدا غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتە ئۆزئارا قوشۇلۇش مۇناسىۋىتىنى ئەكس ئەتتۈرگەن.

سوغدى يېزىقىدىكى مىراسلار جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردىكى قەدىمكى يىپەك يولى بويلىرىدىن كۆپلەپ تېپىلدى. مەسىلەن، تاجىكىستاندىكى مۇغ خارابىلىكىدىن 8 ـ ئەسىرگە ئائىت بىر بۆلەك سوغدىچە ھۆججەتلەر تېپىلدى. ھىندى دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى يىپەك يولىنىڭ قەدىمكى يوللىرى بويىغا جايلاشقان تىك يارلاردىن تاشقا يېزىلغان نەچچە يۈزدىن ئارتۇق سوغدىچە بېغىشلىمىلار تېپىلغان، موڭغۇلىيىدىكى بۇگۇت دېگەن جايغا يېقىن يەردىن «مۇقان تېكىنىنىڭ تۆھپە ئابىدىسى» قاتارلىقلار تېپىلغان. جۇڭگو چېگرىسى ئىچىدىمۇ كۆپلىگەن سوغدىچە ھۆججەتلەر بايقالغان. دۇنخۇاڭدىكى خەن دەۋرىگە ئائىت سەددىچىن تۇرالىرى ئىزىدىن سەككىز پارچە 4 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى سوغدىچە خەت ـ چەكلەر بايقالغان بولۇپ، بۇ ھازىرغىچە ساقلىنىۋاتقان ئەڭ قەدىمكى سوغدىچە ھۆججەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، دۇنخۇاڭدىكى بۇددا نوملىرى ساقلانغان كېمىرلەردىنمۇ ئاز بولمىغان سوغدىچە بۇددا نوملىرى تېپىلغان.

شىنجاڭدىن تېپىلغان سوغدىچە ھۆججەتلەر ئەڭ كۆپ. ئىلد-

دىكى تىكەس دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىدىكى تۈرك خانلىرى
قەبرىستانلىقىنىڭ ئالدىدا سوغدىچە يادنامە يېزىلغان بالبالىلار بار.
كىروران ۋە خوتەن قەدىمكى ئىزلىرىدا يەنە نۇرغۇنلىغان سوغدىچە
سودا خاراكتېرلىك ھۆججەتلەر ساقلانغان. تۇرپاندىن سوغدىچە
توختام ھۆججەتلىرى ۋە باشقا غەيرىي دىن ھۆججەتلەر، شۇنداقلا
بۇددا، نېستورى، مانى دىنى قاتارلىق كۆپ خىل دىنلارنىڭ سوغ-
دىچە كلاسسىك ئەسەرلىرى تېپىلغان.

شىنجاڭدىكى سوغدىچە ھۆججەتلەرنىڭ يىل دەۋرى بىرقە-
دەر كەڭ بولۇپ، 840 ـ يىلى ئۇيغۇر خانلىقى غەربكە كۆچۈشتىن
بۇرۇنقى ھەم غەربكە كۆچكەندىن كېيىنكى مەزگىللەردىكى ھۆج-
جەتلەرمۇ بار. مەسىلەن، تۇرپاندىن تېپىلغان«代人» دېگەن خەت
يېزىلغان تارشا پۇتۇكنىڭ كەينى تەرىپىگە سوغدى يېزىقى بىلەن
تۈركچە «كىشى» دېگەن خەت يېزىلغان بولۇپ، تەخمىنەن مىلادىيە
5 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا ئائىت مەدەنىي مىراستۇر. سوغدىچە
قۇل سېتىۋېلىش توختامى بولسا مىلادىيە 639 ـ يىللاردىكى قو-
چو كۇ جەمەتى خانلىقىنىڭ مەدەنىي مىراسىدۇر. بۇنىڭدىن باشقا
تۇرپاندىن تېپىلغان سوغدى تىلىدىكى يەر ناملىرى خاتىرىسىدە،
9 ـ ئەسىردىن 10 ـ ئەسىرگىچە سوغدىلارنىڭ ياۋروپا ـ ئاسىيا
قۇرۇقلۇقىدا رىمدىن ھازىرقى نىڭشانىڭ لىڭۋۇ دېگەن جايىغىچە
بولغان ئارىلىقتىكى سودا يوللىرى خاتىرىلەنگەن بولۇپ، بۇ قوچو
ئۇيغۇر خانلىقى مەزگىلىگە تەۋە. تۇرپاندىن تېپىلغان مانى ۋە
نېستورى دىنىغا ئائىت سوغدىچە ھۆججەتلەرمۇ 9 ـ، 10 ـ ئە-
سىرلەرگە مەنسۇپ بولۇپ ، سوغدى تىل ـ يېزىقى بىلەن غەربىي
يۇرتنىڭ مۇناسىۋىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە.

سوغدى يېزىقى بولسا، بىر خىل سوزۇق تاۋۇش بەلگىسى
بولمىغان بوغۇملۇق يېزىق بولۇپ، 19 بوغۇملۇق ھەرپتىن تەر-
كىب تاپقان، ئاجىز ئۇزۇك تاۋۇش ھەرپى ئارقىلىق سوزۇق تا-
ۋۇشلارنى ئىپادىلىگەن. جوڭگودىن تېپىلغان سوغدىچە ھۆججەت-
لەر بۇددا نومىلىرى خەت شەكلى (ئۆلچەملىك خەت شەكلى)، قە-

دىكى سۇرىيىچە(نېستورى دىن مۇرىتلىرى قوللانغان)، مانىچە (مانى دىن مۇرىتلىرى قوللانغان) خەت شەكلى قاتارلىق ئۈچ خىل خەت شەكلىدىن تەركىب تاپقان. سوغدى يېزىقى ئادەتتە ئوڭدىن سولغا يېزىلغان، ئەمما خەنزۇ يېزىقىنىڭ تەسىرىدە يۇقىرىدىن تۆۋەنگە تىك يازىدىغانلارمۇ بولغان.

*تۈرك تىل - يېزىقى* «تۈرك» سۆزى تار ۋە كەڭ مەنىگە ئىگە. تار مەنىدىكىسى مىلادىيە 6 -، 8 - ئەسىرلەردە جۇڭگونىڭ شىمالى ۋە غەربىي شىمالىدا تۈرك خانلىقىنى قۇرغان تۈركلەرنى كۆرسىتىدۇ؛ كەڭ مەنىدىكىسى تۈرك قەبىلە ئىتتىپاقىدىكى ھەرقايسى قەبىلىلەر ۋە مىللەتلەرنى كۆرسىتىدۇ. تۈرك قەبىلىلەر ئىتتىپاقى بىر مەھەل ئىنتايىن قۇدرەتلىك ئىدى. شۇڭا تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان قەبىلە ۋە مىللەتلەر كۆپ بولغان. مىلادىيە 6 -، 7 - ئەسىرلەردە غەربىي تۈركلەر غەربىي يۇرتقا ھۆكۈمرانلىق قىلغان. شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ يەردە تۈرك تىلى قوللىنىلغان. 8 -، 9 - ئەسىرلەردە تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان قارلۇق، ئۇيغۇر قاتارلىق ئىككى چوڭ كۆچمەن چارۋىچى خەلق تارىم ئويمانلىقىغا كۆچۈپ كەلگەن ھەمدە ئولتۇراق دېھقانچىلىق تۇرمۇشىغا ئۆتۈپ، ئۇيغۇر - قارلۇق تىلىنى يادرو قىلغان تۈركىي تىل پەيدىنپەي بۇ يەردىكى ئورتاق تىلغا ئايلانغان. ئەكسىنچە، ئەسلىدىكى ئاھالىلەرنىڭ ھىندى - ياۋروپا تىللىرى پەيدىنپەي يوقىلىپ، پەقەت بىر قىسىم تاۋۇش، سۆزلۈكلەرنى ساقلاپ قالغاندىن باشقا گراماتىكىسىمۇ تۈرك تىلىغا سىڭىپ كەتكەن. ئەڭ كېچىككەندىمۇ 11 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا، تۈرك تىلى جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئاساسىي جەھەتتىن ئومۇملاشقان.

تۈرك يېزىقى بولسا بىر خىل ئېلىپبەلىك يېزىق ئىدى. تۈرك تاسىبار قاغانىنىڭ تۆھپە ئابىدىسىگە يېزىلغان سوغدىچە خاتىرىلەردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، 6 - ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىدا، سوغدى يېزىقى يەنىلا تۈركلەرنىڭ ھۆكۈمەت يېزىقى ئى-

دى. «شىمالىي چى تارىخى. قوغۇرسۇ ئالتۇن تەزكىرىسى» دە
تىلغا ئېلىنغان «خاننىڭ شىچىڭغا نىرۋانا نومىنى تۈرك تىلىغا
تەرجىمە قىلىشقا بۇيرۇپ، ئۇنى تۈرك خانىغا سوۋغا قىلغان»لىقى
مىلادىيە 574 — 576 - يىللاردىكى ئىش بولۇپ، بۇنىڭدا كۆر-
ستىلگىنى تۈرك تىلى بولۇپ، تۈرك يېزىقى ئەمەس ئىدى. «جۇ-
نامە. تۈركلەر تەزكىرىسى» دىكى «ئۇلارنىڭ يېزىقى غۇز يېزىقىغا
ئوخشايدۇ» دېگەن بايانلار ئېھتىمال سەل كېيىنكى ئىشلارنى
كۆرسەتسە كېرەك. تۈرك يېزىقى تەخمىنەن 7 - ئەسىرنىڭ ئا-
خىرلىرىدىن 10 - ئەسىرگىچە قوللىنىلغان. تۈرك خانلىقى،
ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقى، قوچو ئۇيغۇر خانلىقى ۋە تىلى تۈرك
تىلىغا يېقىن كېلىدىغان قىرغىزلارمۇ بۇ خىل يېزىقنى ئىشلەت-
كەن. مەسىلەن، گوبىنىڭ شىمالىدىكى ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقى
مەزگىلىدە، ئۇيغۇرلار تۈرك يېزىقىدىن پايدىلىنىپ مەڭگۈ
تاشلارنى ئويۇپ قالدۇرغان. ئۇيغۇرلارنىڭ سىرتنىڭ تەسىرىگە
ئۇچرىشىغا ئەگىشىپ، ئۇلار ئىشلىتىۋاتقان تۈرك تىلىدا سىرت-
تىن كىرگەن سۆزلۈكلەر ئۈزلۈكسىز كۆپەيگەن. چەتتىن كىر-
گەن سۆزلەرنىڭ مەنبەسى ئىچىدە خەنزۇ، توخار، گرېك، سانسك-
رىت، تۈبۈت، سوغدى، ئىران تىللىرى قاتارلىقلار بار. بۇنىڭ
ئىچىدە خەنزۇچىدىن كىرگەن سۆزلەر ئەڭ كۆپ، مەسىلەن، كۆپ-
لىگەن يىپەك توقۇلما بۇيۇملار ۋە بىر قىسىم ئەمەل ناملىرىدىن
كىمخاب، تۇتۇق، سانغۇن، باش بۇغ قاتارلىقلار مۇشۇنىڭغا مەن-
سۇپتۇر. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە خېمىر، سىياھ، چاي، مانتا، جىنا-
يەت (گۇناھ)، ئەجدىھا، موم، لىتىر، ئاچارىيا، سەرمۇنشى، تۈمەن
قاتارلىق تۈرلۈك سۆزلۈكلەر بار. يەنە سوغدى تىلىدىن كەلگەن
ئارپا، يېلىم، تۈبۈت تىلىدىن كەلگەن ئەلچى؛ گرېك ۋە سانسك-
رىتچىدىن كەلگەن كلاسسىك ئەسەر، تىمساھ، مەنسەپدار قاتار-
لىقلار بار. تۈرك تىلىنىڭ ئۆزىلا يەنە ھۇن، جورجان ۋە باشقا بىر
قىسىم يايلاق مىللەتلىرىنىڭ سۆزلۈكلىرىگە ۋارىسلىق قىلغان.

مەسىلەن، قاغان، خاتۇن، تەڭرى قاتارلىقلار.①

تۈرك يېزىقىنىڭ ئۇنتۇلغىنىغا ئۇزۇن بولدى. 19 ـ، 20 ـ ئەسىرلەردە قايتىدىن بايقالغاندىن كېيىن، ئالىملار ئۇنىڭ شەكلىنىڭ قەدىمكى گېرمانلار ئىشلەتكەن رونىك يېزىقىغا ئوخشاشلىقىغا ئاساسەن ئۇنى تۈرك ـ رونىك يېزىقى دەپ ئاتىدى، بۇ يېزىق بىلەن خاتىرىلەنگەن مەڭگۈ تاشلار ئورقۇن دەرياسى بىلەن يېنسەي دەريا ئېقىنلىرىدا بولغاچقا، ئۇ يەنە ئورقۇن ـ يېنسەي يېزىقى دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

تۈرك يېزىقىنىڭ ھەرقايسى دەۋردە ھەرقايسى رايونلاردا ئىشلىتىلگەن ھەرپلىرىنىڭ سانى ئوخشاش ئەمەس. ئادەتتە 38 دىن 40 قىچە ھەرپ بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 23 ھەرپ ئارامى يېزىقىنى مەنبە قىلغان، قالغانلىرى ئۇرۇق ـ قەبىلە بەلگىلىرى ۋە بىر قىسىم مەنىلىك بەلگىلەردىن تۈزۈلگەن. تۈرك ھەرپلىرىنىڭ ۋارىيانتى كۆپ بولۇپ، بەزىلىرىنىڭ ھەتتا بەش ـ ئالتە خىل ۋارىيانتى بولغان. بۇ يېزىق ئادەتتە ئوڭدىن سولغا يېزىلاتتى. ھەر بىر سۆز (ياكى سۆز بىرىكمىسى) ئارىسىغا ئىككى چېكىت قويۇش ئارقىلىق سۆز ئوتتۇرىسىدىكى بوشلۇقنى ئىپادىلىگەن.

ھازىرغىچە ساقلانغان تۈرك يېزىقىدىكى ھۆججەتلەر ئاساسلىقى مەڭگۈتاش قەبرە يادنامىلىرى (تەخمىنەن 200 پارچىدىن ئارتۇق) بولۇپ، كۆپىنچىسى شىمالىي موڭغۇل ئېگىزلىكى، يېنسەي دەريا ئېقىنى، لىنا دەرياسى، بايقال كۆلى رايونى، ئالتاي رايونى قاتارلىق جايلاردىن تېپىلغان. ئاساسلىقلىرىدىن «كۆلتېكىن مەڭگۈ تېشى»، «بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى»، «تۇنيۇقۇق مەڭگۈ تېشى»، «ئونگىن مەڭگۈ تېشى» قاتارلىقلار بار. «كۆلتېكىن مەڭگۈ تېشى» ۋە «بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى» خەنزۇچە، تۈركچە ئىككى خىل يېزىقتا ئويۇلغان. «كۆلتېكىن مەڭگۈ تېشى»دا بۇ ـ

---

① كلاۋسون: «دەسلەپكى مەزگىلدىكى تۈرك تىلىنىڭ چەتتىن كىرگەن ئېلېمېنتلىرى»، «مىللەتلەر تىل تەتقىقاتى»، 1981 ـ يىلى 3 ـ سان.

يۇك تاڭ سۇلالىسى كەيىۋەننىڭ 32 ـ يىلى (732 ـ يىلى) دېگەن ئېنىق خەنزۇچە يىلنامە بار. «ئۇيغۇر بايانچۇر قاغان مەڭگۇ تېشى»دە يەنە تۈركچە، خەنزۇچە ۋە سوغدىچىدىن ئىبارەت ئۈچ خىل يېزىقتا ئويۇلغان. ھازىر ساقلىنىۋاتقان تۈركچە ھۆججەتلەردىن يەنە يازما ھۆججەتلەرمۇ بار. مەسىلەن، دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان تۈرك يېزىقىدىكى مۆكەممەل «ئىرق بىتىگ» بۇنىڭ دەلىلىدۇر.

شىنجاڭدىن تېپىلغان تۈركچە ھۆججەتلەر ئاساسلىقى مىراندىن تېپىلغان تۈركچە ھەربىي ئىشلارغا ئائىت ھۆججەت، تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ پىچان ناھىيىسى تۇيۇق يېزىسىدىن چىققان تۈركچە قولىيازما ھۆججەت پارچىلىرى، يارغول قەدىمكى شەھەرىگە يېقىن جايدىكى ئۆڭكۈردىن تېپىلغان تۈركچە بېغىشلىما قاتارلىق ئۈچ تۈرگە ئايرىلىدۇ. شىنجاڭدا يەنە باشقا يېزىق ئارقىلىق تۈرك تىلىنى يازغان ھۆججەتلەرمۇ بار. مەسىلەن، ئىلى، كۇچا، تۇرپان قاتارلىق جايلاردىن تېپىلغان تۈركەش خانلىقىنىڭ پۇللىرىغا سوغدى يېزىقى بىلەن تۈركچە خەت يېزىلغان. تۇرپاندىن تېپىلغان "代人" دېگەن خەنزۇچە تارشا پۈتۈكنىڭ كەينى تەرىپىگە «كىشى» دېگەن تۈركچە سۆز سوغدى يېزىقى بىلەن يېزىلغان. شىنجاڭدىن يەنە 79 پارچە براھمان يېزىقىدا يېزىلغان تۈركچە ھۆججەت تېپىلغان.

تۈرك تىلىدىكى ھۆججەتلەرنىڭ تېپىلىشى بىزنىڭ تۈرك تىل ـ يېزىقىنى چۈشىنىشىمىزگە ياردىمى بولۇپلا قالماي، بەلكى يەنە بىزنىڭ تۈرك تارىخىنى تەتقىق قىلىشىمىز ھەم غەربىي يۇرتنىڭ تۈركلىشىش جەريانىنى مۇھىم ئاساسلار بىلەن تەمىنلەيدۇ.

*قەدىمكى ئۇيغۇر(回鹘) تىل ـ يېزىقى* ئۇيغۇر تىلى ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىنىڭ تۈركىي تىللار ئائىلىسى شەرقىي قىسىم تىل تارمىقىغا تەۋە. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ئۇيغۇر تىلىنى خاتىرىلىگەن يېزىق. مىلادىيە 744 ـ يىلى، تۈرك قەبىلە ئىتتىپاقىدىكى ئۇيغۇر قەبىلىسى تۈركلەرنىڭ ئورنىغا چىقىپ ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقىنى تىكلىگەن. ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلغان

دەسلەپكى مەزگىللەردە، سىياسىي تۈزۈم، مەدەنىيەت، تىل ـ يې-
زىق قاتارلىق جەھەتلەردە يەنىلا تۈركلەرنىڭ ئەنئەنىۋى كونا ئەن-
دىزىسىنى قوبۇل قىلغان. 788 ـ يىلى (تاڭ سۇلالىسى جېنيۈەن-
نىڭ 4 ـ يىلى) ئۇيغۇلار تاڭ سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ «ئۇي-
غۇر»دېگەن ئاتالغۇنى خەنزۇچىدىكى ”回纥“ دىن ”回鹘“
غا ئۆزگەرتىشنى تەلەپ قىلغان. 840 ـ يىلى (تاڭ سۇلالىسى
كەيچېڭنىڭ 5 ـ يىلى)، ئۇيغۇر خانلىقى يىمىرىلىپ، ئۇيغۇلار
ئۈچ تارماققا بۆلۈنۈپ غەربكە كۆچكەن. بۇنىڭ ئىچىدىكى مۇھىم
بىر تارمىقى غەربىي يۇرتتىكى بېشبالىق (ھازىرقى جىمىسار) غا
كۆچۈپ كەلگەن. كېيىن تەڭرىتېغىدىن ئۆتۈپ، تۇرپان، ئاگنى،
كۇچا قاتارلىق جايلارنى ئىگىلەپ، قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇر-
غان. ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچۈشتىن ئىلگىرىلا قەدىمكى ئۇيغۇر
يېزىقىنى ئىشلىتىشكە باشلىغان. قوچو ئۇيغۇر خانلىقى مەزگى-
لىدە، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى پەيدىنپەي تۈرك يېزىقىنىڭ ئور-
نىنى ئېلىپ ئورتاق يېزىققا ئايلانغان. 14 ـ، 15 ـ ئەسىرلەردە
ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرى بىلەن ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدا
ئىشلەنگەن چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ
ئورنىغا دەسسەپ، بۇ يەرلەردىكى ئورتاق يېزىققا ئايلانغان.

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بىر خىل ئېلىپبەلىك يېزىق بو-
لۇپ، 18 دىن 22 گىچە ھەرپتىن تەركىب تاپقان (ھەرقايسى دەۋر-
لەردىكى ھەرپ سانى ئوخشاش ئەمەس). بۇ يېزىق قەدىمكى سوغدى
يېزىقىنىڭ يازما شەكلىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، ئۇيغۇرلار
كەڭ كۆلەمدە ئىشلەتكەنلىكى ئۈچۈن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى دەپ
ئاتالغان. ئۇنىڭ يازما شەكلىدىكى سوغدى يېزىقى بىلەن بىر قى-
سىم ئوخشاشماسلىقى بولۇپ، بۇ پەرقلەر ئاساسلىقى سوغدى يې-
زىقىدىكى تۆت دانە مەنىلىك بەلگىنى ئىشلەتمەسلىك، بەزى ھەرپ-
لەرنىڭ ئۈستىگە ياكى ھەرپتىن كېيىن بەزى بەلگىلەرنى قويۇش
قاتارلىق جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ. ئۇيغۇرچىدا ئادەتتە بىر ياكى
ئىككى چېكىتنى تىنىش بەلگىسى ئورنىدا ئىشلەتكەن، بەزىدە تۆت

چېكىت ئىشلىتىش ئارقىلىق ئابزاسنى ئىپادىلىگەن. دەسلەپتە بۇ
يېزىق ئوڭدىن سولغا توغرىسىغا يېزىلغان، كېيىنكى مەزگىللەردە
سولدىن ئوڭغا تىك يېزىلغان. ئۇنىڭ خەت شەكلىنى ئومۇمىي جە-
ھەتتىن نوم خەت نۇسخىسى، باسما خەت نۇسخىسى ۋە ياغاچ ئويما
مەتبە خەت نۇسخىلىرىغا بۆلۈشكە بولىدۇ.
ئۇيغۇر يېزىقى ئۆز ئەتراپىدىكى ۋە كېيىنكى ئەسىرلەردىكى
مىللەتلەرنىڭ يېزىقىدا زور تەسىر پەيدا قىلغان. 13 ـ ئەسىردىن
15 ـ ئەسىرگىچە ئۇيغۇر يېزىقى موڭغۇللار قۇرغان ئالتۇن ئوردا
خانلىقى (قىپچاق خانلىقى دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، تېمۇر ئىمپېرىيە-
سى، چاغاتاي خانلىقى قاتارلىقلارنىڭ ھۆكۈمەت يېزىقى سۈپىتىدە
قوللىنىلغان. 13 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، موڭغۇللار ئۇيغۇر يې-
زىقىدىن پايدىلىنىپ، ئۇيغۇر يېزىقى ئاساسىدىكى موڭغۇل يېزد-
قىنى ئىجاد قىلغان، كېيىن بۇ يېزىق ئۆزگىرىپ تود موڭغۇل
يېزىقى ۋە ھازىرقى خودۇم موڭغۇل يېزىقىغا ئايلانغان.
قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىدا (ئەرەب ئې-
لىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقىنى ئىشلىتىشتىن ئاۋۋال)
ئەڭ كەڭ قوللىنىلغان، ساقلانغان مەدەنىي مىراسلار ئەڭ كۆپ
بولغان بىر خىل يېزىق. بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرچە بۇددىزم ھۆج-
جەتلىرى ئەڭ كۆپ بولۇپ، ماخايانا ھۆججەتلىرىدىن قالسا ھىنايا
ۋە ۋاجرا مەزھەپلىرىگە دائىر ھۆججەتلەردۇر. باشقا دىنلاردىن ما-
نى، نېستورى، ئىسلام دىنى ھۆججەتلىرىمۇ ساقلانغان. مەسىلەن،
«مانى مۇخلىسلىرىنىڭ تۆۋە دۇئاسى» مانى دىنىنىڭ قەدىمكى
ئۇيغۇرچە ۋەسىقىسى بولسا، «ئىنجىل»، «سېينت جورجىنىڭ شې-
ھىت بولۇش خاتىرىسى» قاتارلىقلار نېستورى دىنىنىڭ قەدىمكى
ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلىرىدۇر. «تەزكىرەتۇل مۇتەقەيىن» (ئېتىقادمەن-
لەر تەزكىرىسى)، «مىراجنامە»، «زىيائۇل قۇلۇب» (قەلب نۇرى)
لار ئىسلامنىڭ دەسلەپكى ئۇيغۇرچە ھۆججەتلىرىدۇر. ئۇيغۇرچە يە-
نە باشقا ئەسەرلەرمۇ ساقلانغان. مەسىلەن، «قۇتادغۇبىلىك»، «ئەتە-
بەتۇل ھەقايىق»؛ تېببىي ئەسەرلەردىن «سىددىھا سارا»؛ ئىجتىما-

ئىي تۇرمۇش ھۆججەتلىرىدىن «ساخاۋەتچىنىڭ ئۆزىنى سېتىش توختامى»، «قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ يەر سېتىش ـ سېتىۋېلىش ھۆججىتى» قاتارلىقلار بار. قەدىمكى ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەرنىڭ كۆپىنچىسى قوش تىللىق ھۆججەتلەردۇر. مەسىلەن، مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى «قوچو دىۋانخانىسىنىڭ خەت ـ چەكلىرى» قەدىمكى ئۇيغۇرچە ھەم خەنزۇچە ئىككى خىل يېزىقتا يېزىلغان. «قوچولۇق تودۇم سالىنىڭ ئىبادەتخانا ياساش ئابىدىسى»، «قوچو خانلىرىنىڭ تۆھپە مەڭگۈتېشى»، «بۈيۈك يۈەن سۇلالىسى سۇجۇ يولى دارۇخاچىنىڭ نەسەبنامە مەڭگۈتېشى»، «ۋېنجۇ ئىبادەتخانىسىنى رېمونت قىلىش ئابىدىسى»، «ئۇلانخامۇ ئابىدىسى» قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋە خەنزۇچە ئىككى خىل يېزىقتا يېزىلغان.

*قىتان تىل ـ يېزىقى* قىتان تىلى ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىنىڭ موڭغۇل تىل ئائىلىسىگە كىرىدۇ، قىتان يېزىقى بولسا قىتان تىلىنى خاتىرىلىگەن يېزىق. قىتان يېزىقى چوڭ ۋە كىچىك دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. چوڭ يېزىقى خەنزۇچە خەتتىن پايدىلىنىپ ياسالغان بولۇپ قىتان تىلىدا كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەرنىڭ كۆپ بولۇشى ۋە گراماتىكىسىدا ئۇلانمىلارنىڭ بولۇشىدەك ئالاھىدىلىكلىرىگە ئۇيغۇن كەلمىگەچكە، خەنزۇچە ۋە قىتان چوڭ يېزىقىدىن پايدىلىنىپ قىتان كىچىك يېزىقى ئىجاد قىلىنغان. قىتان كىچىك يېزىقى بىر خىل ئېلىپبەلىك يېزىق.

مىلادىيە 1124 ـ يىلى، قىتان ئاقسۆڭەكى ياللۇغ تاشىن، لياۋ سۇلالىسىدىن بۆلۈنۈپ چىقىپ غەربكە قاراپ كېڭىيىپ، غەربىي لياۋ خانلىقىنى قۇرغان ھەم غەربىي يۇرتتا ھۆكۈمرانلىق قىلغان. غەربىي لياۋ سۇلالىسى غەربىي يۇرتتا ئاساسلىقى خەنزۇ تىل ـ يېزىقى ۋە قىتان تىل ـ يېزىقىنى قوللانغان. شىنجاڭنىڭ ئىلى رايونىدىن قىتان يېزىقىدىكى مىس تامغا تېپىلغان. تامغىغا قىتانچە جۈەنشۇ خەت شەكلى بويىچە خەت ئويۇلغان. تامغىنىڭ دۈمبە تەرىپىدىمۇ قىتانچە خەت بار. بۇ غەربىي لياۋ ھۆكۈمىتىد-

نىڭ قىتان يېزىقىنى ئىشلەتكەنلىكىنىڭ دەلىلى. غەربىي لياۋ ھۆكۈمىتىدە قىتانلار بىلەن خەنزۇلارنىڭ كۆپىنچىسى دېگۈدەك قىتان يېزىقىنى بىلەتتى. ياللۇغ چۇسەي «كامالەتكە يەتكەن ئىستىقامەتچىلەر ئەسەرلىرى توپلىمى» 8 ـ جىلدتا: غەربىي لياۋ تەرىپىدىن ئىنانچى خان مەرتىۋىسى بېرىلگەن خەنزۇ لى شىچاڭنىڭ قىتان يېزىقىنى بىلىدىغانلىقىنى تىلغا ئالغان. 13 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، موڭغۇللار غەربىي لياۋ خانلىقىنى يوقاتقاندىن كېيىن، قىتان يېزىقى ئۆلگەن يېزىققا ئايلاندى.

**2. ھازىر قوللىنىلىۋاتقان تىل ـ يېزىقلار**

شىنجاڭدا ياشاۋاتقان مىللەتلەردىن خەنزۇ، خۇيزۇ قاتارلىق مىللەتلەر خەنزۇ تىل ـ يېزىقىنى قوللىنىدۇ. ئۇيغۇر، موڭغۇل، قازاق، قىرغىز، شىبە ۋە رۇس قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆز تىل ـ يېزىقى، تاجىك، ئۆزبېك، تاتار، داغۇر قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆز تىلى بار. شىنجاڭغا كۆچۈپ كەلگەن باشقا مىللەتلەرنىڭمۇ ئۆز تىلى بار.

*خەنزۇ تىل ـ يېزىقى* خەنزۇ تىلى خەنزۇ ـ تۇبۇت تىل سىستېمىسىنىڭ خەنزۇ تىلى ئائىلىسىگە كىرىدۇ. خەنزۇ يېزىقى غەربىي يۇرتتا ئەڭ بۇرۇن بايقالغان يېزىق. غەربىي يۇرتتىكى تىل ـ يېزىقلارنىڭ ئۆزگىرىشى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، ھەرقايسى دەۋرلەردە ئوخشىمىغان تىل ـ يېزىقلار قوللىنىلغان. ئەمما خەنزۇ تىل ـ يېزىقىلا غەربىي يۇرت تارىخىنىڭ ھەرقايسى دەۋرلىرىگە دېگۈدەك ئەگىشىپ كەلگەن.

مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 2 ـ ئەسىردە، خەن سۇلالىسى جاڭ چيەننى غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە ئەۋەتكەن، خەنزۇ تىل ـ يېزىقى شۇنىڭغا ئەگىشىپ غەربىي يۇرتقا تارقالغان. مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 60 ـ يىلى (شېنجۆنىڭ 2 ـ يىلى)، خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرتتا غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنى تەسىس قىلىپ، «خەن سۇلالىسىنىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرى غەربىي يۇرتتا يۈرگۈزۈلگەن»، خەنزۇ تىل ـ يېزىقى يەرلىك دۆلەت ئورگانلىرى

ئىشلىتىدىغان تىل - يېزىقنا ئايلانغان. «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە: «ئەڭ كۆپ بولغاندا 50 دۆلەت بولغان. باش تىلـ ماچىتىن دۆلەت ئاقساقىلى، قەبىلە باشلىقى، مۇپەتتىش، مەنـ سەپدار، تايىروبەگ، يۈزبېشى، بەگ، تۆرىلەر ۋە خانلارغىچە خەن سۇلالىسىنىڭ تامغا پۆپۈكلۈك بەلۋاغىنى تاقايدۇ» دەپ يېزىلغان. بۇ غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ خەن سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى قوبۇل قىلىپ، تىلماچلارنى تەسىس قىلىپ خەنزۇ تىل - يېزىقىنى قوللانغانلىقى توغرىسىدىكى رەسمىي تاـ رىخىي خاتىرىدۇر. تېپىلغان كۆپلىگەن بۇيۇملار خەنزۇ تىل - يېزىقىنىڭ قوللىنىلغانلىقىنى ھەر جەھەتتىن ئىسپاتلايدۇ. مەـ سىلەن، شايار ناھىيىسىنىڭ ئۈشكىت قەدىمىي شەھىرىدىن چىقـ قان «خەنگە بەيئەت قىلغان چاڭلار خانى مۆھرى»، لوپنۇرنىڭ شىمالىدىكى تويىن خارابىسىدىن چىققان بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشـ كە ئائىت 70 دانىدىن ئارتۇق خەنزۇچە تارشا پۈتۈك، نىيىدىكى شەرقىي خەن دەۋرىگە ئائىت قەبرىدىن چىققان «ئۆمۈرلىرى ئۇـ زۇن بولغاي، ئەۋلادلىرىغا خاتىرجەملىك بولغاي» دېگەن خەنزۇچە خەت بېسىلغان كىمخاب قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى يەرلىكتىكى ھۆكۈمەت، ھەربىي نۇقتا، سودا بۇيۇملىرى قاتارلىقلاردىمۇ خەنزۇ يېزىقى ئىشلىتىلگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. نىيىدىن يەنە بىر پارـ چە خەنزۇچە تارشا پۈتۈك تېپىلغان، بۇ بەلكىم سوۋغاتقا ئىشلىـ تىلگەن بولۇشى مۇمكىن. ئۈستىگە « ھۆرمەت بىلەن شىيۈۋۈ سۇڭيەدىن سالام (ئالدى يۈزى ) شاھزادە جيۇ جيەنچىگە ‹ئارقا يۈـ زى› » ۋە «چەرچەنلىك خانىم» قاتارلىق خەنزۇچە خەتلەر يېزىلغان بولۇپ، بۇ خەنزۇ تىل - يېزىقىنىڭ ئادەتتىكى يەرلىك خەلقلەرنىڭ تۇرمۇشىغىمۇ چوڭقۇر سىڭىپ كىرگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

ئىككى خەن سۇلالىسىدىن كېيىن، خەنزۇ يېزىقى غەربىي يۇرتتا يەنىلا ئىشلىتىلگەن. مەسىلەن، ئىدىقۇت رايونى (ھاـ زىرقى تۇرپان) دىكى خەنزۇلار يەرلىكتىكى بىر ئاساسىي مىلـ لەت بولۇپ، خەنزۇ تىل - يېزىقى باشتىن - ئاياغ بۇ يەردىـ

كى ئاساسلىق تىل - يېزىق ئىدى. 9 - ئەسىردە ئۇيغۇرلار
بۇ يەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلغاندىن كېيىن، خەنزۇ تىل - يې-
زىقى يەنىلا مۇھىم روللارنى ئوينىدى. بۇ مەزگىللەردە ئورنى-
تىلغان «قوچولۇق تودوم سالىنىڭ ئىبادەتخانا سالدۇرغانلىقى ئا-
بىدىسى»، «قوچو خانلىرىنىڭ تۆھپە مەڭگۈتېشى»، «بۈيۈك يۈەن
سۇلالىسى سۇجۇ يولى دوروخاچىنىڭ نەسەبنامە مەڭگۈتېشى»،
«ئۇلانخامۇ ئابىدىسى» قاتارلىقلاردا خەنزۇ يېزىقى بىلەن ئۇيغۇر
يېزىقى تەڭ ئىشلىتىلگەن. 13 - ياكى 14 - ئەسىرلەردىكى «سا-
خاۋەتچىنىڭ ئۆزىنى سېتىش توختامى»، بېزەكلىك مىڭئۆيى 9 -
غاردىكى تېۋىنغۇچىنىڭ لەۋھەسى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىمۇ
خەنزۇچە بىلەن ئۇيغۇرچە تەڭ ئىشلىتىلگەن ۋەسىقىلەردۇر.
پىشامشان رايونى (بۈگۈنكى چارقىلىق) خەن، ۋېي، جىن
سۇلالىلىرى مەزگىللىرىدە، غەربىي يۇرت دورغاپى قوشۇن تۇر-
غۇزغان جاي. بۇنىڭ چېگرىسى ئىچىدىكى كروران شەھىرىدە
خەنزۇ تىل - يېزىقى ئاساسلىق تىل - يېزىق بولغان. بۇ يەردىن
تېپىلغان زور مىقداردىكى خەنزۇچە تارشا پۈتۈكلەر، يەرلىكنىڭ
ھەربىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت، ئەدلىيە ۋە ئىجتىما-
ئىي تۇرمۇشىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدىكى ئەھۋاللارنى ئەكس
ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ يەردىن يەنە ئالدىنقى لياڭ بەگلىكىنىڭ
غەربىي يۇرتتىكى داڭلىق دورغاپى لى بونىڭ خەت - چەكلىرى
تېپىلغان. پىشامشاننىڭ باشقا جايلىرىدىنمۇ يەنە خەنزۇچە تارشا
پۈتۈكلەر ھەم «مەڭگۈ خۇشال - خۇرام، ئوچۇق - يورۇق بول-
غايلا»، «ئۆمۈرلىرى ئۇزۇن بولغاي» دېگەندەك خەنزۇچە خەتلەر
بېسىلغان توقۇلما بۇيۇملار تېپىلغان. 1987 - يىلى، بۇ يەردىن
يەنە يۈەن دەۋرىگە ئائىت خەنزۇچە ھۆججەت تېپىلغان. بۇ خەنزۇ
يېزىقىنىڭ بۇ يەردە ئۇزۇن مۇددەت ئىشلىتىلگەنلىكىنى چۈشەن-
دۈرۈپ بېرىدۇ.
ئۇدۇن رايونى (ھازىرقى خوتەن) 2 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى
يېرىمىدىن 4 - ئەسىرگىچە قەندىھار تىلىدىكى قارۇشتى يېزى-

قىنى، 5 — 10 - ئەسىرلەردە ئۇدۇن ساك تىل - يېزىقىنى، 9 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن 10 - ئەسىرگىچە تۇبۇت يېزىقلىرىنى ئىشلەتكەن. ئەمما، قانداق ئۆزگىرىش يۈز بېرىشىدىن قەتئىينەزەر خەنزۇ تىل - يېزىقى داۋاملىق ئىشلىتىلگەن. بۇ يەرلەردىن كۆپلەپ تېپىلغان خەنزۇچە خەت - چەك، خەنزۇچە - قارۇشتىچە قوش يېزىقلىق پۇل، خەنزۇچە - ئۇدۇنچە قوش تىللىق خەت - چەك ھەم ئوخشاش مەزگىللەردىكى تۇبۇتچە خەت - چەكلەر بۇ نۇقتىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

كۇسەن رايونى (ھازىرقى كۇچا)دا، ۋېي، جىن سۇلالىلىرىدىن بۇيان، بۇددا نوملىرىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىدىغان بىر تۈركۈم تەرجىمىشۇناسلار بارلىققا كەلگەن، ئۇلارنىڭ خەنزۇ تىلى توغرىسىدىكى چوڭقۇر چۈشەنچىسى ۋە مەلۇماتى شۇ جايدىكى خەنزۇ تىل - ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىسىگە ۋەكىللىك قىلاتتى. كۇسەن تاش غارلىرىدا تاڭ سۇلالىسىگە مەنسۇپ خەنزۇ يېزىقىدىكى خاتىرىلەر ۋە يىلنامىلەر ساقلىنىپ قېلىنغان، بۇنىڭدا تاڭ سۇلالىسىنىڭ تەسىر كۇچى غەربىي يۇرتتىن چېكىنىپ تەخمىنەن 100 يىلدىن كېيىنكى قوي يىلى (گۇاڭچىنىڭ 3 - يىلى، مىلادىيە 887 - يىلى)غا دائىر خاتىرىلەر بار. قۇمتۇرا تاش غارىدا يەنە خەنزۇ يېزىقى، كۇسەن يېزىقى، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى خاتىرىلەر بار، بۇ خەنزۇ يېزىقىنىڭ ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرلىرىگىچە داۋاملاشقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

خەنزۇ تىل - يېزىقىنىڭ غەربىي يۇرتتا ئىشلىتىلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىنى ئىككى خەن سۇلالىسىدىن كېيىنكى بىرلىككە كەلگەن دۆلەت ياكى ھوقۇق مەركەزلەشتۈرۈلگەن سۇلالىلەرنىڭ يېزىق كېڭەيتىشىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى، خەنزۇ تىل - يېزىقىنىڭ ئىشلىتىلىشىنى ئومۇملۇق ھالدا ئىلگىرى سۈرۈپ، ئۇنى ھەر دەرىجىلىك يەرلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ ھۆكۈمەت تىل - يېزىقىغا ئايلاندۇرۇپلا قالماي، بەلكى يەنە ئەل ئىچىدىكى

ئالاقە قورالىغا ئايلاندۇرغان. غەربىي لياۋ گەرچە قىتانلار قۇرغان
خانلىق بولسىمۇ، ئەمما خەنزۇلىشىش دەرىجىسى چوڭقۇر بولغاچ-
قا، بۇ خانلىق غەربىي يۇرتتا خەنزۇ مەدەنىيىتىنى زور كۈچ بىلەن
يولغا قويۇپ، خەنزۇ تىل - يېزىقىنىڭ كەڭ كۆلەمدە تارقىلىشىد-
نى ئىلگىرى سۈرگەن. يۈەن سۇلالىسى مەزگىلىدە غەربىي يۇرتتا
خەنزۇ تىل - يېزىقىنى پىششىق بىلىدىغان نۇرغۇن داڭلىق ئا-
لىملار يېتىشىپ چىققان. بېشبالىقلىق ئەنسارى «خوشنا ئەللەر-
نىڭ تىللىرى ھەم خەنزۇ تىلىنىمۇ بىلەتتى». كۈسەن (كۇچا) لىك
شېڭ سىمىڭنىڭ «خەتتاتلىق ھەققىدە مۇھاكىمە» دېگەن ئەسىرد-
ە خەنزۇ خەتتاتلىقى ھەم باسپا، سانسكرىت يېزىقلىرىنى تەتقىق
قىلىشى بۇنىڭ مىسالىدۇر. مىڭ سۇلالىسى بىلەن غەربىي يۇرت-
نىڭ مۇناسىۋىتى نىسبەتەن ئاز بولغان، ئەمما مىڭ سۇلالىسى
بىر مەھەل قۇمۇلنى كونترول قىلىپ تۇرغان ھەمدە ئۇيرات قەبد-
لىسىگە خەنزۇچە خەتلىك تامغا تەقدىم قىلغان. چىڭ سۇلالىسى
غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، خەنزۇ تىل -
يېزىقى مانجۇ تىل - يېزىقى بىلەن بىللە ھۆكۈمەت تىل - يېزىقى
بولۇپلا قالماي، بەلكى يەنە ئەل ئىچىدىمۇ كەڭ تۈردە قوللىنىلد-
غان. يېقىنقى ھەم ھازىرقى زامانلاردىن بېرى، شىنجاڭدىكى
ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۆز مىللىتىنىڭ تىل - يېزىقى بول-
ۇش - بولماسلىقىدىن قەتئىينەزەر، خەنزۇ تىل - يېزىقى مۇ-
ھىم تىل - يېزىق ئورنىدا قوللىنىلغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇل-
غاندىن كېيىن، ھۆكۈمەت ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تىل - يېزد-
قىغا ئېتىبار بىلەن قاراش بىلەن بىرگە، خەنزۇ تىل - يېزىقىد-
دىكى مائارىپنى زور كۈچ بىلەن يۇقىرى كۆتۈرگەنلىكتىن ، خەند-
زۇ تىل - يېزىقى شىنجاڭدا ئۇچقاندەك تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى.

ئومۇمەن، خەنزۇ تىل - يېزىقى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 2 -
ئەسىردە شىنجاڭغا تارقىلىپ كىرگەندىن بۇيان، ئىككى مىڭ
يىلدىن كۆپرەك تارىخنى باشتىن كەچۈردى. گەرچە ھەرقايسى
دەۋرلەردىكى ئىشلىتىلىش دائىرىسى ۋە دەرىجىسى ئوخشاش بول-

مسنمۇ، ئەمما ئۆزلۈكسىز قوللىنىلىپ، تاشلىنىپ قالماي، يازما تارىختىن بۇيانقى غەربىي يۇرت تارىخى بىلەن ئىزچىل مۇناسىۋەتتە بولغان بىردىنبىر يېزىق بولۇپ قالدى.

*ئۇيغۇر تىل - يېزىقى* ئۇيغۇر تىلى ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىنىڭ تۈركىي تىل ئائىلىسىگە كىرىدۇ. ئۇيغۇر يېزىقى بولسا ئەرەب ئېلىپبەسىنى ئاساس قىلغان ئېلىپبەلىك يېزىق. ئۇيغۇر يېزىقى 800 — 900 يىللىق ئۇزاق تارىخىي جەرياندا، خاقانىيە يېزىقى، چاغاتاي يېزىقى، ئۇيغۇر كونا يېزىقى، ئۇيغۇر يېڭى يېزىقى ۋە هازىر ئىشلىتىلىۋاتقان ئۇيغۇر يېزىقىدىن ئىبارەت بىرنەچچە تەرەققىيات باسقۇچلىرىنى باشتىن كەچۈرگەن.

خاقانىيە يېزىقى دەۋرى. مىلادىيە 9 ـ ئەسىردىن 13 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە، جەنۇبىي شىنجاڭدا قەشقەرنى مەركەز قىلغان قاراخانىيلار خانلىقى ۋە تۇرپان، كۇچالارنى مەركەز قىلغان قوچو ئۇيغۇر خانلىقى مەۋجۇت بولدى. بۇ ئىككى خانلىقتىكىلەر گەرچە ئاساسەن ئوخشاش بولغان تۈركىي تىلدا سۆزلەشسىمۇ، ئەمما دىنىي ئېتىقادى ئوخشىمىغانلىقتىن، هۆكۈمەت يېزىقى ئوخشاش بولمىغان. قوچو ئۇيغۇرلىرى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىپ، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى هۆكۈمەت يېزىقى قىلىپ ئىشلەتكەن ھەمدە ئۇنى مىڭ سۇلالىسى دەۋرىگىچە قوللانغان (تۇرپان، قۇمۇل قاتارلىق جايلاردا)، قاراخانىيلار خانلىقى مىلادىيە 10 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ، ئەرەب ئېلىپبەلىك يېزىقى پەيدىنپەي قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئورنىنى ئېلىپ هۆكۈمەت يېزىقىغا ئايلانغان. كىشىلەر قاراخانىيلار خانلىقى ئىشلەتكەن ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى يېزىقنى خاقانىيە يېزىقى دەپ ئاتايدۇ. 11 ـ ئەسىردە يېزىلغان «تۈركىي تىللار دىۋانى» ۋە «قۇتادغۇبىلىك» ئەنە شۇ خاقانىيە يېزىقىدا ۋۇجۇدقا كەلگەن ۋەكىللىك ئەسەرلەردۇر.

چاغاتاي يېزىقى دەۋرى. مىلادىيە 14 ـ 15 ـ ئەسىرلەردە،

ئىسلام دىنى پۈتكۈل تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدا ھۆكۈمران دىنغا ئايلانغاندا، چاغاتاي يېزىقى ئۇيغۇرلار ئومۇمىيۈزلۈك ئىشلىتىدىغان يېزىق بولۇش سۈپىتى بىلەن ۋەزىيەت ئېھتىياجىغا ئاساسەن بارلىققا كەلگەن. چاغاتاي يېزىقى خاقانىيە يېزىقىنى ئاساس قىلغان ھالدا بارلىققا كەلگەن بولۇپ، جەمئىي 32 ھەرپتىن تەركىب تاپقان. بۇنىڭ ئىچىدە ئەرەب ئېلىپبەسىدىن قوبۇل قىلىنغىنى 28 (خاقانىيە يېزىقىدىن ئىشلىتىلگىنى 24)، پارس تىلىدىن قوبۇل قىلىنغىنى تۆت بولۇپ، ھەرپلەر يەنە باش، ئوتتۇرا، ئاياغ ۋە يالغۇزدىن ئىبارەت تۆت خىل شەكىلگە بۆلۈنگەن. چاغاتاي يېزىقى يەككە سۆزلەرنى بىرلىك قىلغان. ئەمما ھەرپلەر ئۆزئارا تۇتاشتۇرۇلۇپ ئوڭدىن سولغا يانتۇ يېزىلىدۇ، ئادەتتە تىنىش بەلگىلىرى ئىشلىتىلمەيدۇ. ھازىر ساقلىنىۋاتقان چاغاتاي يېزىقىدىكى ھۆججەتلەر ناھايىتى كۆپ، 14 - ئەسىرگە ئائىتلىرىدىن «قىسسەسۇل ئەنبىيا»، 15 -، 16 - ئەسىرگە ئائىتلىرىدىن «چاھار دىۋان» قاتارلىقلار بار.

كونا - يېڭى ئۇيغۇر يېزىقى دەۋرى. چاغاتاي يېزىقى بىلەن تۈرك تىلىنىڭ ماس كەلمەيدىغان تەرەپلىرىمۇ بار، مەسىلەن، بەزى تاۋۇشلارنىڭ ماس كېلىدىغان ھەرپلىرى يوق، بەزى ئوخشىمىغان ھەرپلەر ئوخشاش ئۈزۈك تاۋۇشلارنى ئىپادىلىگەن ھەمدە ئوخشاش ھەرپ ئوخشىمىغان سوزۇق تاۋۇشلارنى ئىپادىلىگەن. شۇڭا 20 - ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىدا ئۇيغۇرلار ئارىسىدا يېزىق ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، 1954 - يىلى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تۈزىتىش ئارقىلىق، ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئىملا قائىدىسى ئېلان قىلىنىپ، ئۇيغۇر كونا يېزىقى شەكىللەنگەن. 20 - ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىدا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى سلاۋيان ئېلىپبەسىنى ئەرەب ئېلىپبەسىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشنى سىناپ باققان بولسىمۇ نەتىجىلىك بولمىغان، 20 - ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرى يەنە لاتىن ئېلىپبەسىنى ئاساس قىلىپ ئۇيغۇر يېڭى يېزىقى تۈزۈپ چىقىلىپ، ئۇنى پەيدىنپەي كېڭەي-

تىپ، ئۇيغۇر كونا يېزىقىنىڭ ئورنىغا دەسسەتكەن.

ھازىر قوللىنىلىۋاتقان ئۇيغۇر يېزىقى دەۋرى. 1982 ـ يىلى، ئاپتونوم رايون ئۇيغۇر كونا يېزىقىنى ئىشلىتىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى قارار قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، كونا يېزىقنىڭ ئىملا قائىدىسىدە ساقلانغان كەمچىلىكلەر تۈزىتىلىپ، ھازىر ئىشلىتىلىۋاتقان ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئېلىپبەسىنى ئېلان قىلدى ھەمدە 1984 ـ يىلدىن باشلاپ ئومۇميۈزلۈك ئىشلىتىشنى بەلگىلىدى. مانا بۇ ھازىر ئىشلىتىلىۋاتقان ئۇيغۇر يېزىقىدۇر.

*موڭغۇل تىل ـ يېزىقى* موڭغۇل تىلى ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىنىڭ موڭغۇل تىلى ئائىلىسىگە كىرىدۇ. موڭغۇللار قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ئاساسىدا ئىشلەنگەن موڭغۇل يېزىقى، باسپا يېزىقى، تود يېزىقى ۋە خودۇم موڭغۇل يېزىقى قاتارلىقلارنى ئىشلەتكەن.

موڭغۇل تىلى بىلەن ئۇيغۇر تىلىنىڭ مۇناسىۋىتى قويۇق بولۇپ، ھەر ئىككىلىسى يېپىشقاق تىللارغا تەۋە بولۇپلا قالماي، بەلكى زور مىقداردىكى ئورتاق تەركىبلەرگە ئىگە، تاۋۇش سىستېمىسىمۇ ئوخشىشىپ كېتىدۇ. شۇڭا، قەدىمكى ئۇيغۇرچە ھەرپلەرمۇ موڭغۇل تىلىغا ئۇيغۇن كېلىدۇ. 13 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، موڭغۇل ئىمپېرىيىسى قەدىمكى ئۇيغۇر ئېلىپبەسى ئاساسىدا موڭغۇل يېزىقىنى ئىجاد قىلغان. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ئاساسىدا ئىشلەنگەن موڭغۇل يېزىقى ئېلىپبەلىك يېزىق بولۇپ، مەنىداش سوزۇق تاۋۇش ۋە مەنىداش ئۈزۈك تاۋۇشتىن ئىبارەت ئىككى خىل ھەرپ تۈرى بولغان ھەمدە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى 14 ھەرپنى 31 گە كۆپەيتكەن. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ئاساسىدا ئىشلەنگەن موڭغۇل يېزىقى ئىككى تەرەققىيات باسقۇچىغا ئىگە. بىرىنچى باسقۇچى، 13 ـ ئەسىردىن 17 ـ ئەسىرلەرگىچە بولۇپ، بۇ مەزگىللەردىكى ھەرپلەرنىڭ سىزىق قۇرۇلمىسى، ئاساسىي قوشۇپ يېزىش قائىدىسى ۋە يازما شەكلى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن ئاساسەن ئوخشاش. 17 ـ ئەسىردە ئىك-

كىنچى باسقۇچقا قەدەم قويغان. بۇ باسقۇچتا، قەدىمكى ئۇيغۇر
يېزىقى ئاساسىدىكى موڭغۇل يېزىقى ئوخشىمىغان رايونلاردا
ئوخشاش بولمىغان يۆنىلىشكە قاراپ تەرەققىي قىلغان. موڭغۇل
يايلىقى ۋە باشقا كەڭ رايونلاردا ئەنئەنىۋى موڭغۇلچىلاشقان ئۇي-
غۇر يېزىقى ھەرپ سىزىقلىرى، قوشۇپ يېزىش قائىدىسى قاتار-
لىق جەھەتلەردە ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىپ، قەدىمكى موڭغۇل
يېزىقىدىن پەرقلىنىدىغان يېقىنقى زامان موڭغۇل يېزىقىنى شە-
كىللەندۈرگەن. شىنجاڭ موڭغۇللىرى بۇنى خودۇم موڭغۇل يېزى-
قى دەپ ئاتىغان. غەربىي يۇرتتا، غەربىي موڭغۇللارنىڭ ئويرات
دىئالېكتىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ماس كېلىدىغان تود موڭغۇل يې-
زىقى بارلىققا كەلگەن. ئويرات قەبىلىسى ئۇزۇن مەزگىل موڭغۇل
قەبىلىلىرىدىن ئايرىلىپ ياشىغانلىقتىن، تىل مەدەنىيىتىدە رو-
شەن رايون ئالاھىدىلىكىنى شەكىللەندۈرگەن، شۇڭا 1648 - يى-
لى مەشھۇر راھىب زايا بەندىدا ئويرات تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە
ئاساسەن، موڭغۇلچىلاشقان ئۇيغۇر يېزىقى ئاساسىدا تود يېزىقى-
نى ئىجاد قىلغان. تود يېزىقى پەقەت شىنجاڭ موڭغۇللىرى ئى-
چىدىلا قوللىنىلىدۇ.

13 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، موڭغۇل ئىمپېرىيىسى
نۇرغۇن دۆلەت ۋە مىللەتلەرنى بويسۇندۇرغان. ھۆكۈمرانلىقىنى
مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، يۈەن سۇلالىسىنىڭ تۇنجى خانى قۇبلاي
تەختكە چىققاندىن كېيىن، دۆلەت ئۇستازى باسپاغا «بارلىق
يېزىقلارنى تەرجىمە قىلىپ يېزىشقا بولىدىغان» (دۆلەت ئىچى-
دىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تىل - يېزىقى) بىر خىل يېزىق
ئىجاد قىلىشقا يارلىق چۈشۈرگەن. بۇ يېزىق 1269 - يىلىدىن
باشلاپ يولغا قويۇلغان. مانا بۇ باسپا يېزىقىدۇر (دەسلەپكى نا-
مى «موڭغۇل يېڭى يېزىقى»، كېيىن «موڭغۇل يېزىقى» غا
ئۆزگەرتىلگەن. «دۆلەت يېزىقى»، «دۆلەت تىلى» دەپمۇ ئاتال-
غان). باسپا يېزىقى بىر خىل ئېلىپبەلىك يېزىق بولۇپ 41
ھەرپتىن تۈزۈلگەن، كېيىن ئۆزلۈكسىز كۆپىيىپ 57 گە يەت-

كەن. كۆپلىگەن ھەرپلەر تۇبۇت يېزىقىنىڭ خەت شەكلىگە تەقلىد قىلىنغان، ئاز بىر قىسمى سانسكرىتچىدىن ئېلىنغان بولۇپ، ئايرىم يېڭى ياسالغان ھەرپلەرمۇ بار. بۇ يېزىق تەخمىنەن 100 يىلدەك ئىشلىتىلىپ، يۈەن سۇلالىسى يىمىرىلگەندىن كېيىن «ئۆلگەن يېزىق» قا ئايلانغان.

موڭغۇللار دەسلەپتە ئىشلەتكەن موڭغۇلچىلاشقان ئۇيغۇر يېزىقى، باسپا يېزىقى ھەمدە غەربىي موڭغۇللار ئىشلەتكەن تود يېزىقلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ شىنجاڭدا مەدەنىي مىراسلىرى ساقلانغان. مەسىلەن، تۇرپاندىن تېپىلغان «ئىسكەندەرنامە» نىڭ موڭغۇلچە تەرجىمىسى بولسا، موڭغۇلچىلاشقان ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ھۆججەتتۇر. يەنە تۇرپاندىن چىققان «ساكا ھېكمەتلىرى» باسپاچە ھۆججەت بولۇپ، تود موڭغۇل يېزىقى مىڭ، چىڭ سۇلالىلىرىدىن 20 - ئەسىرنىڭ 70 - يىللىرىغىچە شىنجاڭ موڭغۇللىرى ئاساسلىق قوللانغان يېزىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. 1981 - يىلى دۆلىتىمىزدىكى موڭغۇللارنىڭ يېزىقىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق موڭغۇل تىل - يېزىقى خىزمىتى يىغىنى 1982 - يىلىدىن باشلاپ پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا خودۇم موڭغۇل يېزىقىنى رەسمىي يوسۇندا قوللىنىشنى قارار قىلدى. خودۇم موڭغۇل يېزىقى بىر خىل دىئالېكتلاردىن ھالقىغان يېزىق بولۇپ، دىئالېكت پەرقى مەۋجۇت موڭغۇللارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا بىرقەدەر مۇۋاپىق ئىدى.

*قىرغىز تىل - يېزىقى* قىرغىزلار تارىختا جيەنكۇن، جىگېسى، چىئېرجىسى، بۇيرۇت قاتارلىق ناملار بىلەن ئاتالغان. قىرغىز تىلى ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىنىڭ تۈركىي تىل ئائىلىسىگە كىرىدۇ. بۇ تىل موڭغۇل، ئۇيغۇر، قازاق ۋە خەنزۇ تىللىرىدىن كۆپلىگەن سۆزلۈكلەرنى، يەنە ئەرەب، پارس، رۇس ۋە ئىنگلىز تىللىرىدىنمۇ ئايرىم سۆزلۈكلەرنى قوبۇل قىلغان. قىرغىز تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇنىڭدا چارۋىچىلىققا ئائىت سۆزلۈكلەر بىرقەدەر مول. قىرغىز تىلىدا

22 ئۈزۈك تاۋۇش، 14 سوزۇق تاۋۇش بار بولۇپ، ئالتە خىل تاۋۇش قۇرۇلمىسىغا ئىگە. قىرغىز تىلىنىڭ مۇھىم خۇسۇسىيىتى سوزۇق تاۋۇش ۋە رىتىمىنى قەتئىي ساقلاشتىن ئىبارەت.

قىرغىزلارنىڭ ئەجدادلىرى ئەڭ دەسلەپتە قىياتاش يېزىقىنى ئىشلەتكەن، 6 ـ ئەسىردىن كېيىن ئورقۇن ـ يېنىسەي، تالاس يېزىقلىرىنى ئىشلىتىشكە باشلىغان. بۇ يېزىقلار بىلەن تۈرك، ئۇيغۇرلار ئىشلەتكەن قەدىمكى تۈرك يېزىقى ئازراق پەرقلىنەتتى. «يېڭى تاڭنامە. قىرغىزلار تەزكىرىسى» دە «ئۇلارنىڭ يېزىق تىلى ئۇيغۇر(回鹘)لارنىڭكىگە ئوخشاش» دېيىلگەن، ئەمما ھەرپلەرنىڭ ئۆزگىرىش شەكلى ۋە ئۆزگىرىش سانى جەھەتتە تۈركچىگە ئانچە ئوخشاپ كەتمەيتتى. 13 ـ ئەسىردە موڭغۇللار ئوتتۇرا ئاسىيانى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، بۇ خىل يېزىق ئاساسەن ئىستېمالدىن قالغان.«سۇجى مەڭگۇ تېشى» بۇ يېزىقتىكى ۋەكىللىك ئەسەردۇر.

14 ـ ئەسىردە، قىرغىزلار چاغاتاي يېزىقىنى ئىشلىتىشكە باشلىغان ، چاغاتاي يېزىقى بىلەن قىرغىز ئېغىز تىلىنىڭ پەرقى چوڭ بولغاچقا، بۇ يېزىقنىڭ ئىشلىتىلىشى كەڭ بولمىغان. 19 ـ ئەسىردە قىرغىزچىلاشتۇرۇلغان چاغاتاي يېزىقى بىلەن بىر قىسىم خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى خاتىرىلەنگەن. مەسىلەن، تارىخىي داستان «ماناس» قاتارلىقلار. 1911 ـ يىلى (مىنگونىڭ تۇنجى يىلى) قىرغىز ئالىملىرى ئاددىيلاشتۇرۇلغان چاغاتاي يېزىقى ئاساسىدا «ئېلىپبە» تۈزۈپ چىقتى. قىرغىزلار ئۇنى قوبۇل قىلدى ھەم مۇشۇ ئاساستا 30 ـ يىللىرى «قىرغىز ئېلىپبەسى» نى تۈزۈپ چىقتى. بۇ جۇڭگو قىرغىزلىرى تۇنجى قېتىم تۈزۈپ چىققان مەزكۇر مىللەتنىڭ تىل ـ يېزىق دەرسلىكى بولۇپ، بۇ يېزىق مەكتەپ ۋە ھۆكۈمەت ھۆججەتلىرىدە كەڭ كۆلەمدە قوللىنىلغان. 1955 ـ يىلى، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق تىل ـ يېزىق كومىتېتى «قىرغىز يېزىقىنىڭ ئىملا قائىدىسى» نى تۈزۈپ چىقتى. 1989 ـ يىلى شىنجاڭدا تولۇقلاپ ئۆزگەرتىلگەن «قىرغىز يېزىقىنىڭ ئىملا قائىدىسى» نى نەشردىن چىقاردى. بۇ قىر-

غىز يېزىق تارىخىدىكى قائىدىلىرى ئەڭ تولۇق، ئەڭ مۇكەممەل بولغان ئىملا قائىدىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

*قازاق تىل - يېزىقى* قازاق تىلى ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىنىڭ تۈرك تىل ئائىلىسى غەربىي ھۇن تارمىقىغا كىرىدۇ. قازاقلارنىڭ ئەجدادلىرى بۇرۇن شەكىللىك يېزىق ۋە مەنىلىك يېزىقلارنى ئىشلەتكەن، كېيىن يەنە ئۇزاق ۋاقىت تۈرك ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر تىل - يېزىقلىرىنى قوللانغان. كېيىن يەنە چاغاتاي يېزىقىدىن پايدىلىنىپ يېزىلىدىغان قىپچاق تىلىنى ئىشلەتكەن. 15 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى 16 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، قازاق مىللىتى شەكىللىنىپ، ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى قازاق يېزىقى بىلەن قازاق تىلىنى ئىپادىلەشكە باشلىغان. 1912 - يىلى قازاقىستانلىق ئالىم ئەخمەتباي تۇرسۇن ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى قازاق يېزىقىنىڭ يېڭى لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان. شىنجاڭدىكى قازاقلارمۇ بۇ يېڭى لايىھىنى قوبۇل قىلغان ھەمدە پەيدىنپەي مۇكەممەللەشتۈرۈپ 40 يىلغا يېقىن ئىشلەتكەن. كېيىن سلاۋيان ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى يېڭى يېزىق ئىسلاھات ۋە لاتىن ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى يېڭى يېزىق ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلغان. 1982 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئەسلىي يېزىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ھەمدە يېڭى يېزىقنى ترانسكرىپسىيە ئورنىدا ساقلاپ قېلىشنى قارار قىلغان.

*شىبە تىل - يېزىقى* شىبەلەرنىڭ ئەجدادلىرى شەرقىي شىمالدا ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، چىڭ سۇلالىسى چيەنلۇڭ يىللىرى بىر قىسىم شىبەلەر غەربكە كۆچۈپ شىنجاڭنىڭ ئىلىدا چېگرا مۇداپىئەسىدە تۇرغان، ئۇلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى تەدرىجىي شىنجاڭدا ئولتۇراقلاشقان. قەدىمكى شىبەلەر دەسلەپتە سىيانپىچە سۆزلىشەتتى. كېيىن جۇرجىت تىل - يېزىقىنى قوللانغان. قىرچىن موڭغۇللىرى ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە كۆپلىگەن شىبەلەر يەنە مانجۇ تىل - يېزىقىنى ئۆ-

گەنگەن. 17 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا شىبەلەر مانجۇ سەك-
كىز تۇغلۇقلىرى تەركىبىگە كىرگۈزۈلۈپ، ئۆزلىرىنىڭ ئې-
غىز تىلىنى ساقلاپ قېلىش بىلەن بىرگە ئومۇميۈزلۈك مانجۇ
تىل ـ يېزىقىنى ئۆگىنىشكە باشلىغان. 1764 ـ يىلى
(چيەنلۇڭنىڭ 29 ـ يىلى) ئىلىغا كۆچكەن شىبەلەر مانجۇ
تىل ـ يېزىقى ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئېغىز تىلىنى ئېلىپ شىن-
جاڭغا كەلگەن. 200 يىلدىن ئارتۇق تارىخىي تەرەققىيات ئار-
قىلىق، ئۇلارنىڭ تىلىدا يېڭى تەرەققىياتلار بارلىققا كېلىپ،
بىر قىسىم يېڭى سۆزلۈكلەرنى قوبۇل قىلغان، تاۋۇش ۋە
گراماتىكىسىدىمۇ ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىپ، يېڭى ئالاھىدى-
لىكلەرنى شەكىللەندۈرگەن. 1947 ـ يىلى شىبە تىلى خادىم-
لىرى بۇ ئالاھىدىلىكلەرگە ئاساسەن، مانجۇ يېزىقى ئاساسىدا
ئۆزگەرتىش ئېلىپ بارغان. مەسىلەن، 6 ـ سوزۇق تاۋۇش ھەر-
پى ۋە مۇشۇ بوغۇم بىلەن ئاياغلىشىدىغان 13 بوغۇمنى ئەمەل-
دىن قالدۇرۇپ، يېڭىدىن ئۈچ بوغۇم قوشۇپ يېزىش ئۇسۇلى
قاتارلىق ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ بېرىپ، شىبە يېزىقىنى ئىجاد
قىلغان ھەمدە «شىبە تىل گراماتىكىسى» نى نەشر قىلىپ،
بىر قىسىم يېڭى سۆز ۋە ئېرمىنلارنى قېلىپلاشتۇرغان.

### 3. دىنىي تىل ـ يېزىقلار

دۇنيادىكى بەش چوڭ دىن بۇددا، خىرىستىئان، مانى، يەھۇدىي
ۋە ئىسلام دىنلىرى تارىختا بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى جۇڭگوغا
تارقالغان. بۇ دىنلارنىڭ شىنجاڭغا تارقىلىشىغا ئەگىشىپ، ھەم-
مىسى ئۆزلىرىنىڭ مۇقەددەس تىللىرىنىمۇ بىرگە ئېلىپ كەل-
گەن. سانسكرىت، سۇرىيە، بوروبو، ئىبران، ئەرەب تىللىرى ۋە
بۇنىڭغا مۇناسىپ يېزىقلارمۇ كىرگەن. بۇ تىل ـ يېزىقلاردىن
ئىبراي تىلىدىكى ۋەسىقىلەردىن ساقلانغانلىرى ئاز بولغاندىن
باشقا، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى شىنجاڭدا ئىز قالدۇرغان.

*سانسكرىت يېزىقى* ھىندىستان بۇددا دىنىنىڭ پەيدا بول-
غان جايى. سانسكرىت تىلى ھىندى ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ تىلىدۇر

(سۇنئىي ئۆلچەملىك تىل). 4 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى ھىند-
ىستاندىكى گۇپتا خانلىقى ھىندىستاننى قايتىدىن بىرلىككە
كەلتۈرگەندىن كېيىن، بۇددا دىنىنىڭ ئورنى يۇقىرى كۆتۈ-
رۈلۈپ، ھۆكۈمران سىنىپنىڭ دىنىغا ئايلانغان، بۇددا مۇرىت-
لىرى ئارقا ـ ئارقىدىن ئەنئەنىۋى تىللىرىنى تاشلاپ سانسك-
رىت تىلىنى دىنىي مۇقەددەس تىل سۈپىتىدە قوبۇل قىلغان.
بۇ خىل سانسكرىت مەدەنىيەتلىرى تارىم ئويمانلىقىدىكى
دۆلەتلەرگىمۇ تەسىر كۆرسەتكەن. 20 ـ ئەسىردە قەشقەردى-
كى بۇددا ئىبادەتخانىسى خارابىسى، مارالبېشىدىكى توققۇز
ساراي ۋە تۇمشۇق بۇددىزم خارابىسى، خوتەندىكى يوتقان ۋە
دەندان ئۆيلۈك خارابىسى، چارقىلىقتىكى چار قۇدۇق شەھ-
رى، مىراپ ئىبادەتخانا خارابىسى، كۇچاردىكى سۇبېشى شە-
ھىرى، قىزىل مىڭئۆي، قۇمتۇرا مىڭئۆي، دۇلدۇل، ئاق غول
قەدىمىي شەھىرى، تۇرپاندىكى ئىدىقۇت قەدىمىي شەھىرى ۋە
بېزەكلىك مىڭئۆيلىرى قاتارلىقلاردىن نەچچە مىڭ پارچە
سانسكرىتچە بۇددا نوملىرى تېپىلغان. بۇ سانسكرىت يېزىقىنىڭ
دىنىي تىل ـ يېزىق بولۇش سۈپىتى بىلەن غەربىي يۇرتنىڭ
ھەرقايسى جايلىرىدا بەلگىلىك كۆلەمدە تارقالغانلىقىنى چۈشەن-
دۈرۈپ بېرىدۇ.

*سۇرىيە تىل ـ يېزىقى* نېستورى دىنى خرىستىئان دىنى-
نىڭ بىدئەت تارمىقى بولۇپ، 6 ـ ئەسىردە غەربىي يۇرتقا تارقال-
غان. سۇرىيە يېزىقى نېستورى دىنىنىڭ مۇقەددەس تىل ـ يېزىقى
بولۇش سۈپىتى بىلەن بۇ دىنغا ئەگىشىپ غەربىي يۇرتقا تارقال-
غان. 20 ـ ئەسىردە، تۇرپان، ئالمىلىق قەدىمىي شەھىرى (ھا-
زىرقى قورغاس ناھىيىسى)، قەشقەر، كۇچا قاتارلىق جايلاردىن
سۇرىيە يېزىقىدا يېزىلغان ئاز بولمىغان نېستورى دىنى يادنامى-
لىرى تېپىلغان. بۇنىڭ ئىچىدە، سۇرىيە يېزىقىدىكى تۈركچە
ھۆججەتلەر، سۇرىيە يېزىقىدىكى قەدىمكى ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەر،
سۇرىيە يېزىقىدىكى سوغدىچە ھۆججەت يەنە سۇرىيە تىلىدىكى

نېستورى دىنى تىلاۋەتنامىلىرى بار. تۇرپان رايونىدىن تېپىلغان سۇرىيە تىلىدىكى نېستورى دىنى تىلاۋەتنامىسى 9 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا تەۋە. سۇرىيە يېزىقىدىكى سوغدىچە نېستورى دىنى كلاسسىك ئەسەرلىرىنىڭ قالدۇقلىرى 10 ـ ئەسىرلەرگە تەۋە بولۇپ ئىلى، كۇچا قاتارلىقلاردىن تېپىلغان سۇرىيە يېزىقىدىكى هۆججەتلەر يۇەن دەۋرىگە مەنسۇپ هۆججەتلەردۇر. سۇرىيە يېزىقىنىڭ مەزكۇر زېمىندا كەڭ كۆلەمدە ئىشلىتىلگەن ۋاقتى مىلادىيە 4 ـ ئەسىردىن 6 ـ ئەسىرگىچە بولۇپ، 7 ـ ئەسىردە ئەرەب يېزىقىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچراپ زاۋالغا يۈز تۇتقان، ئۇنىڭ غەربىي يۇرتتا ئىشلىتىلگەن ۋاقتى تېخىمۇ ئۇزۇن بولۇشى مۇمكىن.

*بوروبو تىلى، پارفىيە تىلى ۋە مانى يېزىقى* مانى دىنى مىلادىيە 3 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا پېرسىيىلىك مانى دېگەن كىشى ئىختىرا قىلغان دىن. بوروبو ۋە پارفىيە تىللىرى ئوتتۇرا قەدىمكى زامانلاردىكى پېرسىيە تىلىنىڭ جەنۇب ـ شىمال دىئالېكتلىرىدۇر (بوروبو تىلى پەهلەۋى تىلى دەپمۇ ئاتىلىدۇ). گوبىنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇر خانلىقى ۋە قوچو ئۇيغۇر خانلىقى بىر مەھەل مانى دىنىنى دۆلەت دىنى قىلغان، 7 ـ ئەسىردىن 9 ـ ئەسىرگىچە، مانى دىنىنىڭ تارقىلىپ كىرىشىگە ئەگىشىپ، بوروبو تىلى، پارفىيە تىلى ھەم مانى يېزىقى مانى دىنىنىڭ مۇقەددەس تىلى ۋە يېزىقى سۈپىتىدە غەربىي يۇرتقا تارقالغان. تۇرپان قەدىمي خارابىلىرىدىن زور تۈركۈمدىكى پارفىيە ۋە ئوتتۇرا قەدىمكى پارس تىلىدا يېزىلغان مانى دىنى هۆججەتلىرى تېپىلغان بولۇپ، سانى 1000دىن ئاشىدۇ. يەنە بىر مانى دىنى يەر ئاستى كىتابخانىسىمۇ تېپىلغان. ئەپسۇسكى، ئۇنى سۇ بېسىپ كەتكەچكە هۆججەتلەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە مۇمكىن بولمىدى. تۇرپاندىكى تۇيۇقتىن يەنە تۈرك يېزىقى بىلەن مانى يېزىقىنىڭ سېلىشتۇرما سۆزلۈكىنىڭ قالدۇق پارچىلىرى تېپىلغان، قوچو خارابىسىدىنمۇ مانى دىنىدىكى بىر پارچە «تۆۋبىنامە» نىڭ قالدۇق پارچىسى تېپىلغان (جەمئىي 118 قۇر). مانى يېزىقىنىڭ پەقەت بىر خىللا

يېزىق شەكلى بولۇپ، ھەرپلىرى رەتلىك، قۇرۇلمىسى ئاددىي، ئېنىق ھەم ئاسان ئوقۇغىلى بولىدۇ. سىرتقى قىياپىتى نەپىس ھەم كۆركەم، كىتابلىرىدىمۇ قەغەزنىڭ سۈپىتىگە ئەھمىيەت بەرگەن، بېزىلىشىمۇ چىرايلىق، بوروبو تىلى، پارفىيە تىلى ۋە مانى يېزىقىنىڭ شىنجاڭدا كۆپلەپ تېپىلىشى پارس مەدەنىيىتى- نىڭ مەزكۇر زېمىنغا خېلى چوڭ تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى چۈ- شەندۈرىدۇ.

*ئەرەب تىل - يېزىقى* ئىسلام دىنى ئەرەب يېرىم ئارىلىدا پەيدا بولغان. مىلادىيە 10 - ئەسىردە، ئىسلام دىنى غەربىي يۇرتقا تارقالغان ھەمدە پەيدىنپەي غەربىي يۇرتتا ھۆكۈمران ئورۇندا تۇ- رىدىغان دىنغا ئايلانغان. ئىسلام دىنىدا «قۇرئان» ئاللانىڭ ئەرەب تىلىدا يەر يۈزىگە چۈشۈرگەن «ۋەھىي» سى ، ئۇنى پەقەت ئەرەب تىلىدىلا ئوقۇش ۋە يېزىشقىلا بولىدۇ دەپ قارالغانلىقتىن، ئەرەب تىل - يېزىقى ئىسلام دىنى بىر تۇتاش ئىشلىتىدىغان تىل - يې- زىققا ئايلانغان ھەمدە غەربىي يۇرتقا تارقىلىپ كىرگەن. خوتەن رايونىدىن تۆت پارچە ئەرەب يېزىقىدىكى توختام تېپىلغان، بۇنىڭ ئىچىدىكى بىر پارچە ئەرەب - پارس تىلىدىكى ھۆججەت ھىجرىيە 501 - يىلى (مىلادىيە 1107 - يىلى) غا تەۋە. خوتەندىن تېپىلغان قاراخانىيلار دەۋرىگە مەنسۇپ بىر ياپىلاق تەخسىگە ئەرەب يېزى- قىنىڭ كوفى نۇسخىسىدا نەپىس رەسىم چىقىرىلغان. يەكەن رايونىدىنمۇ مىلادىيە 1096 — 1114 - يىللىرىغا تەۋە ئۈچ پارچە ئەرەبچە توختام تېپىلغان. مارالبېشىنىڭ توققۇز ساراي قەدىمىي شەھىرىدىنمۇ قاراخانىيلار دەۋرىگە ئائىت ئاز بولمىغان ئەرەبچە ھۆججەتلەر تېپىلغان. بۇ قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ئىسلام دىنى- نىڭ مۇقەددەس تىلىدىكى ئەرەب يېزىقىنى ھۆكۈمەت ۋە خەلق يېزىقى سۈپىتىدە قوللانغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. ئەرەب تىل - يېزىقىنىڭ غەربىي يۇرتقا بولغان تەسىرى ناھايىتى زور، ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى خاقانىيە يېزىقى ۋە چاغاتاي يېزىقلىرى بولسا، ھازىر قوللىنىلىۋاتقان ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئالدىنقى گەۋ-

دىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**4. شىنجاڭدىكى تىل - يېزىقلارنىڭ ئالاھىدىلىكى**

شىنجاڭدىكى تىل - يېزىقلارنى 8 -، 9 - ئەسىرلەردىكى قارلۇق ۋە ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ كۆچۈپ كېلىشىنى چېگرا قىلىپ ئىككى چوڭ دەۋرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. ئالدىنقى مەزگىلى بولسا، ھىندى - ياۋروپا تىللىرى، براھمان يېزىقى ھەم خەنزۇ يېزىقى يېتەكچى ئورۇندا تۇرغان مەزگىل. كېيىنكى مەزگىلى بولسا، ئالتاي تۈركىي تىللىرى، ئارامى ئېلىپبەسى ۋە ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى يېزىقلار يېتەكچى ئورۇندا تۇرغان مەزگىل، ئالدىنقىسىنى تارقالغان رايونىغا ئاساسەن ئىككى قىسىمغا بۆلۈشكە بولىدۇ: تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي قىسمى (شەرقىي قىسمىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) دا ئاساسلىقى، ھىندى - ياۋروپا تىل سىستېمىسىدىكى توخار تىلى ۋە براھمان يېزىقىنىڭ يانتۇ خەت شەكلى، ئاگنى - كۇسەن يېزىقى ھەم خەنزۇ يېزىقى تارقالغان. تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدا ئاۋۋال (تەخمىنەن 2 - ئەسىردىن 4 - ئەسىرگىچە) ئاساسلىقى ھىندى - ياۋروپا تىل سىستېمىسىدىكى قەندىھار تىلىدىكى قارۇشتى يېزىقى ھەم خەنزۇ يېزىقى تارقالغان، كېيىن (تەخمىنەن 5 - ئەسىردىن 10 - ئەسىرگىچە) ئاساسلىقى ھىندى - ياۋروپا تىل سىستېمىسىدىكى ساك تىلى ۋە براھمان يېزىقىنىڭ تۈز خەت شەكلى، ئۇدۇن ساك تىل - يېزىقى ۋە خەنزۇ يېزىقى تارقالغان. كېيىنكى مەزگىلنى ۋاقىتقا ئاساسەن ئىككى باسقۇچقا بۆلۈشكە بولىدۇ. بىرىنچى باسقۇچ، مىلادىيە 9 - ئەسىردىن 14 - ئەسىرگىچە بولۇپ، بۇ مەزگىللەردە گەرچە تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان ئۇيغۇرلار ھۆكۈمران سىنىپ بولسىمۇ، دىنىي ئېتىقاد ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، ھاكىمىيەتلەر قارىمۇقارشىلىق ھالىتىدە تۇرۇپ تىل - يېزىقمۇ بىرلىككە كېلەلمىگەن. شەرقىي شىمالىي قىسمىدىكى قوچو ئۇيغۇر خانلىقى بۇددا دىنىدا بولۇپ، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى ھۆكۈمەت تىل - يېزىقى قىلغان. غەربىي جەنۇب

قىسمىدىكى قاراخانىيلار خانلىقى ئىسلام ئېتىقادىدا بولۇپ، تۈرك
تىلىدىكى ئەرەب ئېلىپبەسىنى ئاساس قىلغان خاقانىيە يېزىقىنى
ھۆكۈمەت تىل - يېزىقى قىلغان. ئىككىنچى باسقۇچ، 15 - ئە-
سىردىن ھازىرغىچە بولۇپ، بۇ ۋاقىتتا ئىسلام دىنى پۈتكۈل
تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدا ھۆكۈمران ئورۇندىكى دىنغا ئايلىنىپ،
ئالدىنقى مەزگىللەردىكى ئىككى خىل يېزىق تىلى تەڭ مەۋجۇت
بولۇپ تۇرۇشتەك ۋەزىيەت بىرلىككە كەلگەن يازما تىل — چاغا-
تاي تىلىغا ئورۇن بوشاتقان. ئۇنىڭدىن كېيىن، چاغاتاي تىلى يەنە
كونا - يېڭى ئۇيغۇر تىل - يېزىقى ئۆزگىرىشىنى باشتىن كە-
چۈرۈپ، ئاخىرى ھازىر ئىشلىتىلىۋاتقان ئۇيغۇر تىل - يېزىقى-
نى شەكىللەندۈرگەن. 2000 يىلدىن كۆپرەك تەرەققىيات جەريا-
نىدا، شىنجاڭ دۇنيادىكى تۆت چوڭ مەدەنىيەتنىڭ گىرەلەشكەن
جايى بولۇش سۈپىتى بىلەن باشقا تىل - يېزىقلارمۇ بۇ يەردە
تارقالغان. سوغدى تىل - يېزىقى ئەڭ قەدىمكى خەلقئارا سودا -
قاتناش تىل - يېزىقى بولۇش سۈپىتى بىلەن مىلادىيىدىن كېيىن
بۇ يەردە ئىشلىتىلگەن ھەمدە تۈرك يېزىقى، قەدىمكى ئۇيغۇر يې-
زىقلىرى ھەتتا موڭغۇل، تۇبۇت، مانجۇ يېزىقلىرىنىڭ شەكىللى-
نىشى ۋە ئىشلىتىلىشىگە تەسىر كۆرسەتكەن. تۈرك يېزىقى
تۈركىي تىلىدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەرنىڭ ئىپتىدائىي تىل -
يېزىقى بولۇش سۈپىتى بىلەنمۇ بىر مەھەل توسالغۇسىز قوللى-
نىلغان. بۇنىڭدىن باشقا تۇبۇتلەرنىڭ قەدىمكى تۇبۇت يېزىقى،
غەربىي لياۋنىڭ قىتان يېزىقى، موڭغۇللارنىڭ ئۈچ خىل يېزىقى
(قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ئاساسىدىكى موڭغۇل يېزىقى، باسپا يې-
زىقى، تود يېزىقى)، چىڭ سۇلالىسىنىڭ مانجۇ يېزىقى بەلگىلىك
مەزگىل ۋە دائىرە ئىچىدە قوللىنىلغان. تۆت چوڭ دىنىنىڭ مۇ-
قەددەس تىل - يېزىقلىرىدىن سانسكرىت، مانى، سۈرىيە ۋە ئەرەب
يېزىقلىرىمۇ بۇ يەردە ئۆز ئىزنالىرىنى قالدۇرغان. يېقىنقى ۋە
ھازىرقى زامانلاردا، مىللەتلەرنىڭ كۆچۈشى، مەدەنىيەت تەرەققى-
ياتى سەۋەبىدىن شىنجاڭدا ئاساسلىقى كۆپ خىل تىل ۋە يەتتە

خىل يېزىق تارقالغان. ئۇلار خەنزۇ، ئۇيغۇر، موڭغۇل، قازاق، قىرغىز، شىبە ۋە رۇس يېزىقلىرىدىن ئىبارەت. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان بۇ تىل - يېزىقلارنىڭ ھەممىسى ياكى بۇرۇن ياكى كېيىن ۋە ياكى بىر ۋاقىتتا بىر مەھەل تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان، بىردىنبىر خەنزۇ يېزىقىلا بۇ يەردە ئەڭ بۇرۇن پەيدا بولغان ھەمدە ئۇدا بۈگۈنگىچە ئىشلىتىلگەن.

شىنجاڭدىكى تىل - يېزىقلارنىڭ ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكى بولسا، مول ھەم رەڭگارەڭ بولۇپ، ئۇ تۆۋەندىكى بىرنەچچە تەرەپتە ئىپادىلىنىدۇ.

بىرىنچى، ھەر خىل تىل - يېزىقلارنىڭ سانى كۆپ. شىنجاڭ تارىخىدا 30 دىن كۆپ تىل، 20 خىلدىن كۆپرەك يېزىق ئىشلىتىلگەن. بۇ سانلارنى باشقا ھەرقانداق رايون بىلەن سېلىشتۇرۇش مۇمكىن ئەمەس.

ئىككىنچى، تىل سىستېمىلىرى كۆپ. دۇنيادىكى تۆت چوڭ تىل سىستېمىسى: ئالتاي تىللىرى سىستېمىسى، ھىندى - ياۋروپا تىل سىستېمىسى، خەنزۇ - تىبەت تىل سىستېمىلىرى ۋە ھام - سام تىل سىستېمىلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ شىنجاڭدا ۋەكىللىك ئىزنالىرى بار. تۈرك تىلى، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى، ئۇيغۇر تىلى، موڭغۇل تىلى، مانجۇ تىلى قاتارلىقلار ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىغا تەۋە بولۇپ، ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىنىڭ تەركىبىدىكى يەنى تۈرك تىلى ئائىلىسى (تۈرك، قەدىمكى ئۇيغۇر ۋە ئۇيغۇر تىلى قاتارلىقلار)، موڭغۇل تىلى ئائىلىسى (موڭغۇل تىلى) ۋە مانجۇ - تۇڭغۇس تىللىرى ئائىلىسى (مانجۇ تىلى) قاتارلىق ئۈچ چوڭ تىل ئائىلىسىگە مەنسۇپ. قەندىھار، توخار، ئۇدۇن، ساك تىلى، سوغدى تىلى قاتارلىقلار ھىندى - ياۋروپا تىل سىستېمىسىغا كىرىدۇ. بۇلار ئايرىم - ئايرىم ھالدا ھىندى - ياۋروپا سىستېمىسىدىكى ھىندى تىلى ئائىلىسى (قەندىھار تىلى، توخار تىلى) ۋە ئىران تىلى ئائىلىسى (ئۇدۇن ساك تىلى، سوغدى تىلى) گە مەنسۇپ. خەنزۇ - تۈبۈت تىللىرى خەنزۇ - تۈبۈت تىل

سىستېمىسىغا تەۋە بولۇپ، ئۇلار ئايرىم - ئايرىم ھالدا خەنزۇ - تۇبۇت تىل سىستېمىسىدىكى خەنزۇ تىلى ئائىلىسى (خەنزۇ تىلى)، تۇبۇت - بىرما تىل ئائىلىسى (تۇبۇت تىلى)گە مەنسۇپ. ئەرەب تىلى بىلەن سۇرىيە تىلى، ھام - سام تىل سىستېمىسىغا تەۋە بولۇپ ھام تىلى ئائىلىسىگە كىرىدۇ.

ئۈچىنچى، يېزىقلارنىڭ كېلىش مەنبەسى كۆپ. شىنجاڭدىكى ھەرقايسى يېزىقلار ئاساسەن بەش مەنبەدىن كەلگەن: ئاگنى - كۇسەن يېزىقى، ئۇدۇن، تۇبۇت ۋە باسپا يېزىقلىرى ھىندىستاندىكى براھمان يېزىقىنى مەنبە قىلغان؛ قارۇشتى، سوغدى، تۈرك يېزىقلىرى پارسلارنىڭ ئارامىي ئېلىپبەسىدىن كەلگەن (قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ئاساسىدىكى موڭغۇل يېزىقى، تود، مانجۇ، شىبە يېزىقلىرىمۇ بۇنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان)؛ خاقانىيە يېزىقى، چاغاتاي، قازاق، قىرغىز يېزىقلىرى ئەرەب ئېلىپبەسىنى مەنبە قىلغان؛ قىتان يېزىقى خەنزۇ يېزىقىدىن، رۇس يېزىقى سلاۋيان يېزىقىدىن كەلگەن.

شىنجاڭدىكى تىل - يېزىقلار دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ ئارىلىشىش، قوشۇلۇش ئالاھىدىلىكىنى ھەمدە بۇ رايوننىڭ چەتتىن كەلگەن مەدەنىيەتلەرنى قوبۇل قىلىش ئىقتىدارى ۋە سىغدۇرۇش ئىقتىدارىنى تولۇق نامايان قىلغان.

شىنجاڭدىكى تىل - يېزىقلارنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇنىڭ تەرەققىيات ئۆزگىرىشى سىياسىي، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. دىنىي مەدەنىيەتلەرنىڭ شىنجاڭدىكى تىل - يېزىقلارغا كۆرسەتكەن تەسىرى ئەڭ چوڭ. سانسكرىت، مانى، سۇرىيە ۋە ئەرەب يېزىقلىرىنىڭ تۆت چوڭ دىنىنىڭ مۇقەددەس تىل - يېزىقلىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن غەربىي يۇرتقا تارقىلىپ كىرىشى بۇ خىل تەسىرنىڭ بىر خىل ئىپادىلىنىش شەكلى بولۇپ، ئىسلام دىنىغا ئەگىشىپ تارقىلىپ كىرگەن ئەرەب ئېلىپبەسىنىڭ ئاخىرى براھمان يېزىقىنىڭ يېتەكچىلىك ئورنىنى ئېلىشى، بۇ خىل تەسىرنىڭ ئەڭ چوڭقۇر

ئىپادىلىنىش شەكلىدۇر. ئىقتىسادىي تەسىرى ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. سوغدى تىل - يېزىقىنىڭ تارقىلىشى غەربىي يۇرت تىل - يېزىقىدىكى ئىقتىسادىي تەسىرنىڭ بىر تىپىك ئىپادىسى. سوغدى تىل - يېزىقىنىڭ تارقىلىشى بىر خىل تىل - يېزىقىنىڭ سانىنى ئاشۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى بىر يۇرۇش زەنجىرسىمان يېزىقلارنىڭ دۇنياغا كېلىشىگە تەسىر كۆرسەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ رولىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر تۆۋەن مۆلچەرلەشكە بولمايدۇ. خەنزۇ يېزىقى بىلەن مانى يېزىقىنىڭ تارقىلىشى مەيلى كۆپ ياكى ئاز بولسۇن، ئىقتىسادنىڭ تەلىپى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك. سىياسىينىڭ تەسىرى ھەرقانداق دەۋرلەرنىڭ ھەممىسىدە مەۋجۇت ئىدى. خەنزۇ، قەدىمكى تۇبۇت، قىتان، موڭغۇل ۋە مانجۇ يېزىقلىرى ھەرقايسى دەۋرلەردىكى ھۆكۇمرانلىق قىلغۇچى سۇلالىلەرنىڭ تىل - يېزىقى بولۇش سۈپىتى بىلەن غەربىي يۇرت تىل - يېزىق ئېقىمىغا قوشۇلغان ھەمدە ئۇلار ھەرقايسى يېزىقلارغا ئازدۇر - كۆپتۇر ئۆز تامغىلىرىنى باسقان. ھەرقايسى دەۋرلەردىكى ھەر خىل يېزىقلاردىكى ھۆججەتلەردە خەنزۇ يېزىقىنىڭ ئىزچىل تۇردە قوش تىل ياكى قىستۇرۇلغان تىل قىياپىتىدە پەيدا بولۇشى، بۇ خىل تەسىرلەرنىڭ ئۆرنىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## ئىككىنچى، كۆپ خىل دىنلارنىڭ تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى

شىنجاڭ رايونىدا باشقا رايونلارغا ئوخشاش، ئىنسانلار جەمئىيىتى تەرەققىياتىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، ئەڭ ئاۋۋال ئىپتىدائىي دىنلار تارقالغان. شىنجاڭ رايونى قەدىمكى دۇنيا مەدەنىيەتلىرىنىڭ گىرەلەشكەن جايى بولغانلىقتىن، كېيىنكى تارىخىي تەرەققىياتلار جەريانىدا، كۆپ خىل دىنلارنىڭ بىرگە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۇرگەن. كۆپ خىل دىنلارنىڭ بىرگە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدىكى بۇ خىل ھالەتلەرنى ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈشكە بولىدۇ. بىرىنچى، بۇددا دىنىنى ئاساس

قىلغان كۆپ خىل دىنلارنىڭ تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش باسقۇ-چى، ئىككىنچى، بۇددا، ئىسلام دىنلىرىنى ئاساس قىلغان كۆپ خىل دىنلارنىڭ تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش باسقۇچى. ئۈچىنچى، ئىسلام دىنىنى ئاساس قىلغان كۆپ خىل دىنلارنىڭ تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش باسقۇچى. مىلادىيە 10 ـ ئەسىردىن ئىلگىرى، زورو-روئاستىر، بۇددا، مانى ، نېستورى ۋە تويىن دىنلىرى يىپەك يو-لىنى بويلاپ شەرق ـ غەربتىن شىنجاڭغا كېلىپ يەرلىكتىكى ئىپتىدائىي دىنلار بىلەن بىللە كۆپ خىل دىنلارنىڭ تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈرگەن، بۇ مەزگىلدە بۇددا دىنى ھۆكۈمران ئورۇننى ئىگىلىگەن. 10 ـ ئەسىردە، ئىسلام دى-نى شىنجاڭدا تارقىلىپ، ئۇنىڭدىن كېيىنكى 600 يىل ئىچىدە، بۇددا دىنى بىلەن ئىسلام دىنى ئۆزئارا ئۇستۇنلۇك تالىشىپ، بۇ دەۋردىكى ئاساسلىق دىنلارغا ئايلانغان. باشقا دىنلار ياكى مەۋ-جۇتلۇقىنى ساقلاپ قالغان ياكى يوقالغان، ئەمما كۆپ خىل دىنلارنىڭ بىرگە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ھالىتى ئۆزگەرمىگەن. 16 ـ ئەسىردىن كېيىن، ئىسلام دىنى قورال كۈچى ۋە تىنچلىق يولى ئارقىلىق شىنجاڭدىكى ئاساسلىق دىنغا ئايلانغان، زورو-ئاستىر، مانى، نېستورى دىنلىرى ئاللىقاچان يوقالدى. بۇددا دى-نى لاما دىنىدىن ئىبارەت يېڭى كۈچكە ئېرىشتى، تويىن دىنى بەزىدە گۈللىنىپ بەزىدە زاۋالغا يۈزلەندى، خرىستىئان، كاتو-لىك، پراۋوسلاۋىيە دىنلىرى كەينى ـ كەينىدىن مەيدانغا چىقىپ، كۆپ دىنلارنىڭ بىرگە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ھالىتى يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ، بۇ خىل ھالەت بۈگۈنگىچە داۋاملىشىپ كەلدى.

**1. ئىپتىدائىي دىن، بۇددا ۋە تويىن دىنى**

*ئىپتىدائىي دىن* ئىپتىدائىي دىنلار ئىپتىدائىي جەمئىـ-يەتنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە پەيدا بولغان، ئۇنىڭ ئالامەتلىرى كۈن، ئاي، تاغ، سۇ قاتارلىق تەبىئەت ھادىسىلىرىگە چوقۇنۇش بولۇپ، پەيدىنپەي ھايۋانات، ئۆسۈملۈك، توتېم ۋە ئەجدادلارغا چوقۇنۇشقا تەرەققىي قىلغان. ئىپتىدائىي دىنلار ئاخىرقى مەز-

گىلەرگە قەدەم قويغاندا شامان دىنى پەيدا بولغان. شامان دىنى تۇڭگۇس تىلىدا باخشىنى شامان دەپ ئاتايدىغانلىقىدىن كېلىپ چىققان، شامان دىنىنىڭ كلاسسىك ئەسەرلىرى، دىنىي تەشكىلاتى، مۇقىم ئىختىراچىسى، ئىبادەتخانا ۋە قېلىپلاشقان دىنىي مۇراسىملىرى بولمىغان. ئۇنىڭ ئېتىقاد ئوبيېكتى بىلەن ئىپتىدائىي دىنلارنىڭ ئېتىقاد ئوبيېكتى ئاساسەن ئوخشاش ئىدى. ئەمما، شامان دىنىدا شامانغا چىن ئەقىدە قىلسا ئادەم بىلەن روھ ۋە ھەر خىل جىن ـ شەيتانلار بىلەن ئالاقە قىلغىلى بولىدۇ دەپ قارىلاتتى. شىنجاڭدا ياشىغان قەدىمكى ئاھالىلەر ھەمدە ھۇن، جورجان، تۈرك، ئۇيغۇر، موڭغۇل، قازاق، قىرغىز قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى بۇرۇن ئىپتىدائىي دىنلارغا ياكى شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلغان. مەسىلەن، «تارىخىي خاتىرىلەر» دە ھۇنلار «ھەربىي ھەرىكەتلىرىنى يۇلتۇز ۋە ئايغا قاراپ بەلگىلەيتتى» دەپ يېزىلغان. «سۇينامە» دە تۈركلەر «كۆپلەپ قوي، ئات ئۆلتۈرۈش ئارقىلىق تەڭرىگە قۇربانلىق قىلاتتى» دەپ خاتىرىلەنگەن. «ئوغۇزخان رىۋايىتى» دە، ئوغۇزخان قەبىلىلەر قۇرۇلتىيى چاقىرىپ، چېدىرنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئىككى موما قادىتىپ، مومىنىڭ ئۈستىگە ئالتۇن ۋە كۈمۈش توخۇ ئاسقان. مومىنىڭ تۈۋىگە بىر ئاق قوي بىلەن بىر قارا قوينى باغلىغانلىقى يېزىلغان. بۇلارنىڭ ھەممىسى شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلىشنىڭ ئىپادىسىدۇر. ئۇيغۇرلار ھازىرغا قەدەر بىر قىسىم شامان دىنى ئادەتلىرىنى ساقلاپ كەلگەن. مەسىلەن، ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى مازارلارنى تاۋاپ قىلغاندا، مازارنىڭ ئەتراپىغا قوينىڭ كاللىسى قاتارلىق نەرسىلەر ئېسىلغان موملارنى قاداپ «ساما ئۇسسۇلى» ئوينايدۇ.

*بۇددا دىنى* بۇددا دىنى ساكيامۇنى تەرىپىدىن مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 5 ـ، 6 ـ ئەسىرلەردە ھىندىستاندا ئىختىرا قىلىنغان. بۇددا دىنى دۇنيادىكى ئازاب ـ ئوقۇبەتلەرنىڭ چېكى يوق، ھاياتلىقتىكى سەككىز خىل ئازابنىڭ ھەممىسىنى نادانلىق قاتارلىق سەۋەب ـ نەتىجە مۇناسىۋىتىدىكى 12 خىل ئامىل كەلتۈ-

روپ چىقارغان، بۇنى چۈشەندۈرۈش ۋە ھەل قىلىشنىڭ ئۇسۇلى ئازاب چېكىش، ئازابنىڭ مەنبەسىنى تېپىش، ئازابنى يوقىتىش، دۇئا ـ ئىبادەت بىلەن شۇغۇللىنىشتىن ئىبارەت تۆت ئاساس، دەپ قارايدۇ. بۇددا دىنى ئۈچ قېتىملىق چوڭ يىغىلىشتىن كېيىن، ئاسوكا (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 268 ـ يىلىدىن 232 ـ يىلىغىچە) دەۋرىدە، بۇددىزمنىڭ نوم، قانۇن ۋە شەرھىدىن ئىبارەت «ئۈچ كالامى» بېكىتىلگەن ھەمدە سىرتقا قارىتا تارقىلىشقا باشلىغان. بۇددا دىنىنىڭ جۇڭگوغا تارقالغان ۋاقتى شەرقىي خەن سۇلالىسى مىڭدى خانىنىڭ يۇڭپىڭ يىللىرى (58 ــ 75 ـ يىللار) دا بولۇپ، غەربىي يۇرتقا تارقالغان ۋاقتى ئىچكى ئۆلكىلەردىن بۇرۇن يەنى تەخمىنەن مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 1 ـ ئەسىرگە توغرا كېلىدۇ. بۇددا دىنى تىپىك تەركىدۇنيالىق پەلسەپە بولۇپ، غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى ھۆكۈمران سىنىپلار ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ خەلقنىڭ نارازىلىقىنى ۋە قارشىلىقىنى يوقاتماقچى بولغان، قۇللۇق ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرىنى تارتىۋاتقان خەلق ئۇنىڭدىن ئۆزلىرىگە روھىي تەسەللى ئىزدەشنى ئۈمىد قىلغان، شۇڭا بۇددا دىنى غەربىي يۇرتتا تېز تارقىلىپ، پەيدىنپەي ھۆكۈمران ئورۇندىكى دىنغا ئايلانغان.

تارىم ئويمانلىقى ئەتراپىدىكى كۇسەن، ئۇدۇن، قوچو، سۇلى قاتارلىق جايلارنىڭ ھەممىسى بۇددىزم مەركەزلىرى ئىدى.

كۇسەن ھىنايا مەزھىپىنىڭ مەركىزى بولۇپ، «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىلىرى» 1 ـ جىلدتا، تاڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا كۇسەندە «ساڭراملار 100 نەچچە ئورۇندا بولۇپ، راھىبلىرى 5000 ئىدى. ھەممىسى ھىنايا مەزھىپىگە ئېتىقاد قىلاتتى» دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇ كۇسەندە بۇددا ئىبادەتخانىلىرى ۋە راھىبلار كۆپ بولۇپ ھىنايا مەزھىپىنىڭ مۇتلەق ئۈستۈنلۈكىنى ئىگىلەيدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. ھىنايا مەزھىپى شەخسنىڭ قۇتۇلۇشىنى قوغلىشىدىغان بولۇپ، كېيىنرەك مەيدانغا كەلگەن ۋە ئومۇمىي ھاياتلىقنى قۇتقۇزۇشنى تەر-

غىب قىلىدىغان ماخايانا مەزھىپىگە ئوخشىمايدىغان مەزھەپ ئىد-
دى. ھىنايا مەزھىپى تۆت ئىشەنچ، سەككىز توغرا يولغا ئېتىبار
بىلەن قاراپ، ئېتىكاپتا ئولتۇرۇشنى سەككىز توغرا يولغا يې-
تىشنىڭ مۇھىم ۋاستىسى قىلغان. كۇسەن غەربىي يۇرت ئېتىد-
كاپخانىلىرىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى بولۇپ، دۇنياغا مەشھۇر كۇسەن
مىڭئۆيلىرى ئېتىكاپتا ئولتۇرۇشنىڭ كەڭ تارقالغانلىقىنىڭ
مەسئۇلى. 20 ـ ئەسىردە تېپىلغان كۆپلىگەن كۇسەن ـ ئاگنى
تىلىدىكى براھمان يېزىقىدا يېزىلغان بۇددا نوملىرى ئاساسىي
جەھەتتىن ھىنايا مەزھىپىنىڭ كلاسسىك ئەسەرلىرى بولۇپ،
بۇلارمۇ بۇ يەرلەردە ھىنايا مەزھىپىنىڭ گۈللەنگەنلىكىنى چۈ-
شەندۈرۈپ بېرىدۇ. كۇسەندە يەنە ماخايانا مەزھىپىمۇ بار ئىدى.
كۇچالىق مەشھۇر راھىب كومراجىۋا كۇسەندە ماخايانا مەزھىپىنى
كېڭەيتكەن. كومراجىۋا يەنە چاڭئەندە 30 پارچە جەمئىي 300
جىلددىن ئارتۇق بۇددا نومىنى تەرجىمە قىلىشقا يېتەكچىلىك
قىلغان. كۇسەندە يەنە كومراجىۋاغا ئوخشاش بىر تۈركۈم بۇددىزم
تەرجىمانلىرى بار بولۇپ، ئۇلار جۇڭگو بۇددا دىنى ئىشلىرىنىڭ
تەرەققىياتىغا غايەت زور تۆھپىلەرنى قوشقان.

ئۇدۇن بولسا ماخايانا مەزھىپىنىڭ مەركىزى ئىدى. مەملى-
كىتىمىزدىكى ماخايانا مەزھىپىنىڭ بۇددا نوملىرىدىن «بۇدداۋاتام
ساكاماخاۋايپۇليا سۇترا»، «ماخاۋائى پوليا سۇتراسى»، «پراجىنا
سۇترا»، «سادىخارما»، «نىرۋانا» قاتارلىق نوملارنىڭ ئەسلىي نۇس-
خىلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇدۇندىن كەلتۈرۈلگەن. ئېلىمىزنىڭ دەس-
لەپكى مەزگىللىرىدىكى غەربكە بېرىپ نوم ئالغۇچى راھىبلىرى
ۋېي بەگلىكىدىكى جۇشىدىن باشلاپ ھېسابلىغاندا، ئۇلارنىڭ ئا-
خىرقى مەنزىلى ئۇدۇن ئىدى. ئۇدۇن ماخايانا بۇددا نوملىرىنىڭ
تارقىلىش مەركىزى بولۇپلا قالماي، بەلكى ئۆزىدىمۇ بىر قىسىم
بۇددا نوملىرىنى ۋۇجۇدقا چىقارغان. مەسىلەن، ئۇدۇن تىلىدىكى
«زابوستا كىتابى»، «پاترا سەۋەبلىرى» قاتارلىقلار ئۇدۇندا بارلىققا
كەلگەن بۇددا ئەسەرلىرىدۇر.① ئۇدۇندا بۇددا ئىبادەتخانىلىرى ناھا-

يىتى كۆپ بولۇپ، فاشيەن «بۇددىزم ئەللىرىگە ساياھەت» تە، 5 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا «ئۇدۇندا چوڭ خانىقادىن 14ى بار، كىچىكلىرىنىڭ سانى يوق، ھەممىسىنىڭ ئالدىدا كىچىك مۇنارلىرى بار» دەپ يازغان. «ئۇدۇن دۆلىتىنىڭ ھەدىيە خاتىرىلىرى» دە، 9 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا بۇ يەرلەردە بەلگىلىك كۆلەمدىكى ئىبادەتخانىلار 400 نەچچىگە يەتكەن، كىچىك مۇنارلاردىن 5000 بار دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇنىڭدىن مەزكۇر رايوندا بۇددىزمنىڭ تازا گۈللەنگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

بۇددا دىنىنىڭ قوچوغا تارقىلىشى ئەڭ كېچىككەندىمۇ غەربىي جىن دەۋرلىرىگە توغرا كېلىدۇ. تۇرپاندىن تېپىلغان ئەڭ دەسلەپكى بۇددىزم ئەسەرلىرى مىلادىيە 296 ـ يىلى (غەربىي جىن يۈەنكاڭنىڭ 6 ـ يىلى) 3 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى دارماراكشا تەرجىمە قىلغان «بۇددا سامگاتى سۇترا» دۇر. تارىخنامىلەردە خاتىرىلىنىشىچە، 382 ـ يىلى (ئالدىنقى چىننىڭ 18 ـ يىلى)، قاڭقىل خانى سالامغا بارغاندا دۆلەت ئۇستازى كومارابۇدى بىللە بارغان ھەم «پرادىنا» قاتارلىق بۇددا نوملىرىنى سوۋغا قىلغان. 443 ـ يىلى چىن دىلىدىن بۇددىزمغا ئىخلاس قىلىدىغان شىمالىي لياڭنىڭ سەرگەردان ھۆكۈمىتى قوچوغا كېلىپ ئورۇنلىشىپ، قوچودىكى بۇددا دىنى تۈنجى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلگەن. بۇ مەزگىللەردە كۆپلىگەن بۇددا ئۆلىمالىرى (فاشۇ، فاجۇڭ، داۋپۇ) ئاز بولمىغان بۇددا نوملىرىنى تەرجىمە قىلغان (مەسىلەن، «چاندىرادا ناپانى سۇترا» قاتارلىقلار). 501 ـ يىلى قوچۇ كۇ جەمەتى خانلىقى قۇرۇلۇپ، قوچو بۇددىزمى ئىككىنچى قېتىم يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلگەن. بۇ مەزگىللەردە تەرجىمە قىلىنغان بۇددا نوملىرى كۆپ بولۇپ، ھازىرغىچە تېپىلغان بۇددىزم ئەسەرلىرىنىڭ كۆپىنچىسى مۇشۇ مەزگىلگە تەۋە. قۇرۇلغان ئىبادەتخانىلارمۇ

① جاڭ گۇاڭدا، روڭ شىنجياڭ: «ئۇدۇن تارىخى مەجمۇئەلىرى ئۈستىدە تەتقىقات»، شاڭخەي كىتابخانىسى، 1993 ـ يىلى نەشرى، 280 ـ بەت.

كۆپ بولۇپ، مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، پايتەخت ئەتراپىدىكى
ئىبادەتخانىلارلا 140 تىن، راھىبلار 1000دىن ئارتۇق بولۇپ،
ئومۇمىي نوپۇسنىڭ تۆتتىن بىرىنى ئىگىلىگەن. بۇ مەزگىلدە
بۇددا دىنى يەنە ئاۋام خەلق ئىچىگە سىڭىپ كىرىپ، تامامەن
ئۆرپ ـ ئادەت يۆنىلىشىگە قاراپ تەرەققىي قىلغان. قوچودىكى
بۇددا دىنى بىلەن كۇسەن، ئاگنى بۇددىزمىنىڭ ئوخشىمايدىغان
يېرى، كۇسەن، ئاگنى بۇددىزمى ئاساسلىقى ھىندىستاندىن
تارقىلىپ كىرگەن، قوچودىكى بۇددا دىنى ئاساسلىقى ئىچكى
ئۆلكىلەردىن تارقالغان. قوچودىكى بۇددا نوملىرىنىڭ كۆپىنى-
چىسى شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە ماخايانا نوملىرىدىن تەر-
جىمە قىلىنغان. راھىبلارنى باشقۇرۇش تۈزۈمىمۇ ئىچكى ئۆل-
كىلەرنىڭ بۇددا ئىبادەتخانىلىرىدىكى ئۈچ ئەركان تۈزۈمىگە
ئوخشىشىپ كېتەتتى. ئىچكى ئۆلكىلەردە ئېتىكاپتا ئولتۇرۇش
كەڭ تارقالغان، قوچودىمۇ ئوخشاش بولغان، ئوتتۇرا تۈزلەڭ-
لىكتە پاك دۇنيا ئېتىقادى گۈللەنگەن، قوچودىمۇ بۇ خىل
ئېتىقاد گۈللەنگەن بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى قوچودىكى
خەنزۇلاردىن تارقالغان بۇددا دىنىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئەكس
ئەتتۇرۇپ بېرىدۇ. ئەلۋەتتە، قوچو غەربىي يۇرتقا جايلاشقانلىق-
تىن، غەربتىن كەلگەن بۇددىزمنىڭ تەسىرىگىمۇ ئۇچرىغان.

تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي يۇرتتا خەنزۇلاردىن تارقالغان
بۇددا دىنى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن، مەركىزىي ھۆكۈمەتمۇ
ھەرقايسى جايلاردىكى بۇددا دىنلىرىنى ئورتاق قېلىپقا چۈشۈ-
رۈشكە تىرىشقان. تاڭ سۇلالىسى غەربىي يۇرتتا تەسىس قىلغان
راھىبلار باشبۇغى كۇسەن، قەشقەر، ئۇدۇن، ئاگنى (ياكى سۇياپ،
ھازىرقى قازاقىستاندىكى توقماق) قاتارلىق تۆت شەھەردىكى بۇد-
دىزم ئىشلىرىنى باشقۇرغان. 690 ـ يىلى (تيەنشۇنىڭ تۇنجى
يىلى) ۋۇزېتيەن ئىككى ئاستانىگە قاراشلىق ھەرقايسى
ئوبلاستلارنىڭ ھەربىرىدە بىردىن دايۇن ئىبادەتخانىسى ياساشقا،
كۇسەن، قەشقەر، سۇلى قاتارلىق جايلاردىمۇ دايۇن ئىبادەتخانىسى

ياساشقا پەرمان چۈشۈرگەن. 705 ـ يىلى (شېنلۇڭنىڭ تۇنجى
يىلى) جۇڭزۇڭ خان پەرمان چۈشۈرۈپ بارلىق ئايماقلاردا بىردىن
جۇڭشىڭ ئىبادەتخانىسى سېلىشقا بۇيرۇغان، ئۇزۇن ئۆتمەي نا-
مىنى لوڭشىڭ ئىبادەتخانىسىغا ئۆزگەرتكەن. كۇسەن، ئۇدۇن،
قوچو، بېشبالىق قاتارلىق جايلاردىمۇ لوڭشىڭ ئىبادەتخانىلىرى
بار ئىدى. خەنزۇ راھىبلىرى رىياسەتچىلىك قىلىدىغان ئىبادەت-
خانىلارنىڭ مەۋجۇتلۇقى ھازىر ئىسپاتلاندى، ئۇدۇندا يەنە خۇگو
ئىبادەتخانىسى، كۇسەندە جىنشا، داباۋ، × يەن، × شېڭ، فەن
×× قاتارلىق ئىبادەتخانىلار بولغان. كۇسەندە يەنە كۆپلىگەن
خەنزۇ ئۇسلۇبىدىكى مىڭئۆيلەر قېزىلىپ، خەنزۇلاردىن تارقالغان
بۇددا دىنى بۇ يەرلەردە گۈللەنگەن.

قوچو ئۇيغۇر خانلىقى مەزگىلىدە، ھۆكۈمرانلىق قىلغۇ-
چىلار دەسلەپتە مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلغان، بۇددا دىنى كې-
يىن يۇقىرى ئورۇننى ئىگىلىگەن. 965 ـ يىلى (چيەندېنىڭ
3 ـ يىلى) قوچو ئۇيغۇر خاقانى راھىب فايۇەننى شىمالىي
سۇڭ سۇلالىسىگە دېلادا (بۇددانىڭ چىشى ـــ ساكيامۇنىنىڭ
چىشى) تەقدىم قىلىشقا ئەۋەتكەن. 982 ـ يىلى سۇڭ سۇلا-
لىسى ۋاڭ يەندېنى قوچوغا ئەلچىلىككە ئەۋەتكەندە «50 نەچچە
يەردە بۇددا ئىبادەتخانىسى بارلىقى، بۇلارنىڭ ھەممىسىگە تاڭ
سۇلالىسى تارتۇق قىلغان لەۋھە ئېسىلغانلىقىنى» كۆرگەن.
ھازىرغا قەدەر تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر ھۆججەتلىرىدىن
بۇددىزم ھۆججەتلىرى ئەڭ كۆپ بولۇپ، مانى دىنى ھۆججەت-
لىرى ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە نېستو-
رى دىنى ھۆججەتلىرىمۇ بار بولۇپ، بۇ ئۈچ چوڭ دىنىنىڭ
ئورنىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى
بۇددا نوملىرىنىڭ ئۈچ باسقۇچنىڭ ئۈچ مەنبەسى بار. دەس-
لەپكى مەزگىللەردە ئاساسلىقى، كۇسەن ـ ئاگنى تىلىدىكى
براخمان يېزىقىدىن تەرجىمە قىلىنغان نوملار، ھازىر بۇ خىل-
دىكى بۇددىزم ھۆججەتلىرى ۋە ئۇنىڭ پارچىلىرىدىن 80 پار-

چىسى تېپىلدى. 11 ـ ئەسىردىن 13 ـ ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتىكى بارلىق ھۆججەتلەرنىڭ ھەممىسى خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلىنغان. بۇ خىلدىكى بۇددا نوملىرىنىڭ ھازىرغىچە تېپىلغىنى 81 بۆلەك، 41 خىل. خەنزۇلار رايونىدىكى بۇددا دىنىنىڭ ئۇيغۇرلارغا كۆرسەتكەن تەسىرىمۇ چوڭ بولغان. يۈەن سۇلالىسى مەزگىلىدە، تۇبۇتلەردىن تارقالغان بۇددا دىنى موڭغۇللارنىڭ رەسمىي دۆلەت دىنى بولغانلىقتىن، غەربىي يۇرتتا تۇبۇتلەردىن تارقالغان بۇددا دىنى زور تەرەققىياتقا ئېرىشكەن، تۇبۇتلەردىن تارقالغان بۇددا دىنى ئۇيغۇر بۇددىزمىنىڭ مۇھىم مەنبەسىگە ئايلىنىپ، ئاز دېگەندىمۇ 16 بۆلەك بۇددا نومى تۇبۇتچىدىن قەدىمكى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان.[①] بۇ مەزگىلدە غەربىي يۇرتتا تۇبۇتلەردىن تارقالغان بۇددىزمغا پىششىق خادىملار كۆپ بولۇپ، ئۇيغۇر راھىبلىرى يۈەن سۇلالىسى ئوردىسىدىكى دىنىي پائالىيەتلەردە مۇھىم رول ئوينىغان. قوچو ئۇيغۇر خانلىقىدىن چىققان ئەنساڭ تۇبۇتلەردىن تارقالغان بۇددا دىنىنىڭ مۇھىم قامۇسى «بايلىقلار توغرىسىدا» دېگەن كىتابىنى يۈەن شىزۇ (قۇبلاي) غا ھەدىيە قىلغان ھەمدە مەركىزىي خانىدانلىق ئوردىسىدا باش مىرزىلىققا تەيىنلەنگەن. قىتاي سارى يارلىققا بىنائەن ئەمر ـ پەرمان، سۆز مەنىلىرىنى پېششىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، بۇددىزمنى تەپسىر قىلىدىغان باش بۇغلىققا تەيىنلەنگەن. يۈەن سۇلالىسى ئۇيغۇرلارغا موڭغۇلچە، ئۇيغۇرچە بۇددا نوملىرىنى ھەدىيە قىلىپلا قالماي، يەنە قوچو قاتارلىق جايلاردىكى ئىبادەتخانىلارنى «يورۇتۇش» راسخوتى بىلەن تەمىنلىگەن.

10 ـ ئەسىردىن 16 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغىچە، ئىسلام دىنى «غازات» ۋە تىنچلىق يولى بىلەن تارقىلىپ، جەنۇبىي

---

① گېڭ شىمىن «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتى ۋە مەدەنىيەت ۋەسىقىلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 ـ يىلى نەشرى، 35 ـ، 36 ـ بەتلەر. نيۇرۇجى «ئۇيغۇرچە بۇددىزم ھۆججەتلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى نەشرى، 1 ـ، 11 ـ بەت.

شىنجاڭدىكى بۇددىزم لاگېرلىرىنى دەسلەپكى قەدەمدە ئىگىلىگەن، بۇددىزم ئۈزۈل - كېسىل زەربىگە ئۇچرىغان، ئەمما مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئويراتلار (غەربىي موڭغۇللار) نىڭ غەربىي يۇرتقا كۆچۈپ كېلىشىگە ئەگىشىپ، شىمالىي شىنجاڭدا لاما دىنى (تۇبۇتلەردىن تارقالغان بۇددا دىنى) قايتىدىن گۈللەنگەن. 17 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئاق تاغلىق خوجىلار جۇڭغار لاما دىنىنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ سىياسىي دۈشمىنى بولغان قارا تاغلىقلار ھەم سەئىدىيە خانلىقىنى يوقاتقان، بۇنىڭدىن تۇبۇتلەردىن تارقالغان بۇددىزمنىڭ قۇدرەتلىك كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. 18 - ئەسىردىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسى ئۈزلۈكسىز تۈردە بۇددىزم ئېتىقادىدىكى موڭغۇل، شىبە، داغۇر مىللەتلىرىنى شىنجاڭغا چېگرا مۇداپىئەسىگە ئەۋەتكەن، خەنزۇلاردىن بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلارمۇ بۇ رايونغا كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ، شىنجاڭدىكى بۇددا دىنى 2000 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بېرى يوقالماي داۋاملىشىپ كەلگەن.

*تويىن دىنى*

تويىن دىنى جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى دىنى. ئۇ 2 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ شۇندى يىللىرىدا پەيدا بولغان. تويىن دىنى جۇڭگونىڭ قەدىمكى دەۋرلەردىكى خەلق ئېتىقادى، جادۇگەرلىك، ئىلاھقا سېغىنىش ئاساسىدا، ۋەھىيشۇناسلىق ۋە خۇاڭدىغا چوقۇنۇش ئىدىيىسىنى قوبۇل قىلىپ پەيدىنپەي شەكىللەنگەن. ئۇ«تويىن» نى ئەڭ يۇقىرى ئېتىقاد دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ، تۇنجى ئىلاھ، بايلىق ئىلاھى، ئەخلاق ئىلاھى قاتارلىق «ئۈچ پاك ئىلاھ» نى ئەڭ ئالىي ئىلاھ قىلغان، ئۇنىڭ يەنە بىر يۈرۈش ئەۋلىيا - ئەنبىيالار سىستېمىسى بار ئىدى. دىنىي مۇراسىملىرىدىن پەرھىز تۇتۇش، تىلاۋەت قىلىش، نوم يادلاش، تۇۋا ئىستىغپار قىلىش قاتارلىقلار بار بولۇپ، دىنىي مۇراسىم سورۇنلىرىدىن گوڭ، گۈەن، گوڭ گۈەن، داۋگۈەن ياكى ئىبادەتخانا قاتارلىقلىرى بار ئىدى. تويىن دىنىنىڭ كلاسسىك كىتابلىرىنىڭ ئومۇمىي نامى «تويىن كالاملىرى» دەپ ئاتىلاتتى.

تويىن دىنىنىڭ شىنجاڭغا تارقالغان ۋاقتى 5 ـ ئەسىرنىڭ
باشلىرى (شەرقىي جىن سۇلالىسى دەۋرى) دىن كېيىنگە ئۆتمەي-
دىغان بولۇپ، ئاساسلىقى شەرقىي شىنجاڭدىكى خەنزۇلار بىر
قەدەر كۆپ بولغان رايونلارغا مەركەزلەشكەن. تۇرپان رايونىدىن
شىمالىي لياڭ دەۋرىگە ئائىت روشەن تويىن ئالاھىدىلىكىگە ئىگە
ھەمدەپنە بۇيۇملار تېپىلغان. مەسىلەن، «جيەنچۇنىڭ 14 ـ يىلى
(418 ـ يىلى) خەن چۇنىڭ ئايالى بىلەن بىرگە دەپنە قىلىنغان
كىيىم ـ كېچەكلەر» دە «سولدا كۆك ئەجدىھا، ئوڭدا ئاق يولۋاس
ئالدىدا قىزىل توز، كەينىدە قارا ئەلەم جىددىي پەرمانبەردار» دەپ
يېزىلغان. ئاتالمىش كۆك ئەجدىھا، ئاق يولۋاس، قىزىل توز، قارا
ئەلەم جۇڭگونىڭ قەدىمكى رىۋايەتلىرىدىكى تەرەپ ئىلاھلىرى بو-
لۇپ، تويىن ئۇنى ئۆزگەرتىپ خانلارنىڭ قوروقچىلىرى ئورنىدا
ئىشلەتكەن (شەرقىي جىن «باۋپۇزى» غا قارالسۇن). «جىددىي پەر-
مانبەردار بولۇش» تويىننىڭ ئەپسۇنلىرىدا دائىم ئىشلىتىلىدىغان
سۆز. خەنچۇنىڭ خوتۇنىنىڭ قەغەز كەشى يەنە كۆك رەڭدە بويۇ-
لۇپ، ئۇستىگە «جى» (ئەمىنلىك تاپقۇچى) خېتى يېزىلغان. كۆك
رەڭ تويىن دىنىدىكى خاسىيەتلىك رەڭ بولۇپ، «ئەمىنلىك تاپقۇ-
چى» ئەرشكە چىقىدۇ دېگەنلىك بولۇپ، بۇ تويىندىكى خۇدانىڭ
دەرگاھىغا كەتكۈچى ئەۋلىيا ـ ئەنبىيالارغا ئايلىنىدۇ دېگەن مە-
نىدە ئىدى. ① بۇنىڭدىن تويىن دىنىنىڭ 5 ـ ئەسىرنىڭ باشلى-
رىدىلا بۇ يەرگە تارقالغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. 5 ـ ئە-
سىردىن كېيىن تويىن دىنى يەنىلا تارقالغان، تۇرپان رايونى-
دىن 551 ـ يىلىغا ئائىت بىر پارچە تويىن ئەپسۇنى تېپىلدى،
بىراق تويىن دىنىنىڭ تەسىرى باشتىن ـ ئاخىر كۆچلۈك بول-
مىغان، كېيىن يەنە شۇ يەردە ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇۋاتقان بۇددا
دىنىغا قوشۇلۇپ كەتكەن. بۇ يەرلەردىن تېپىلغان 6 ـ ئەسىرنىڭ
ئوتتۇرىلىرىدىن 7 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىغا مەنسۇپ

---

① خۇاڭ ليې: «جۇڭگو قەدىمكى مىللەتلىرى تارىخى تەتقىقاتى»، خەلق نەشرىياتى، 1987 ـ يىلى نەشرى، 459 — 469 ـ بەتلەر.

كىيىم ـ كېچەكلەردە تويىن ئىبارىلىرى بىلەن بۇددا ئىبارىلىرىـ
ـرىنى تەڭلا كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ، ئۇلاردا ھەم تويىن دىنىدىكى
«بەش ئىلاھ»، «جىددىي پەرمانبەردار بول»لار بار، ھەم بۇددا دىنىدـ
ـدىكى «بۇددىدا چىڭ تۇرۇپ، بەشنى تەرك قىلىش»، «10 ساۋابقا
ئېرىشىش»دېگەنلەر بار، بۇلار تويىن دىنى بىلەن بۇددا دىنىنىڭ
ئارىلاش ئىكەنلىكى، چېگرىسىنىڭ ئېنىق ئەمەسلىكىنى چۈشەنـ
ـدۈرۈپ بېرىدۇ.

تاڭ سۇلالىسى شىنجاڭدا تويىن دىنى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان مەزگىل ئىدى. بۇ ۋاقىتلاردىكى تويىن دىنىنىڭ تىپىك بەلگىسى تويىن ئىبادەتخانىلىرىنىڭ پەيدا بولۇشىدۇر. غەربىي ئايماق (تۇرپان) دا ئەڭ دەسلەپ قۇرۇلغان تويىن ئىبادەتخانىسى 691 ـ يىلى (تيەنشۇنىڭ 2 ـ يىلى) دىكى « × ياڭ ئىبادەتخانىـ
ـسى» دۇر. ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە زوڭشۇەن ئىبادەتخانىسى، لىوڭـ
ـشىڭ ئىبادەتخانىسى، ئەنچاڭ ئىبادەتخانىسى، زىجى ئىبادەتخانىـ
ـسى، تاڭ چاڭ ئىبادەتخانىسى، جۇلۇ ئىبادەتخانىسى قاتارلىقلار قۇرۇلغان. تاڭ سۇلالىسى خان جەمەتى لاۋزىنى ئۇلۇغلاپ، تويىن دىنىنى مۇقەددەس بىلگەن. تويىن دىنىنىڭ تەرەققىياتى تاڭ سۇلاـ
ـلىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇنى ئومۇملاشتۇرۇشى بىلەن بىۋاستە مۇـ
ـناسىۋەتلىكتۇر. شۈەنزۇڭ پادىشاھ تويىنغا ھۆرمەت بىلدۈرۈشتە ئەڭ ئاكتىپ بولغان. تېپىلمىلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، 731 ـ يىلى (شۈەنزۇڭنىڭ كەييۈەن 19 ـ يىلى)، غەربىي ئايماق مەھكىمىسى ھۆكۈمەت نامىدا پەرمان چۈشۈرۈپ، تەڭرىتاغ ناھىـ
ـيىسىدە ئەنچاڭ ئىبادەتخانىسىنى ياساتقان. 741 ـ يىلى (كەيـ
ـيۈەننىڭ 29 ـ يىلى) شۈەنزۇڭ پادىشاھ ھەرقايسى تارماقلاردا بىردىن شۈەنيۈەن خانلىق ئىبادەتخانىسى سېلىشقا پەرمان چۈـ
ـشۈرگەن، كېيىن نامى زىجى ئىبادەتخانىسىغا ئۆزگەرتىلگەن. تېـ
ـپىلغان ھۆججەتلەردە زىجى ئىبادەتخانىسىنىڭ نامى بولۇپلا قالـ
ـماي، بەلكى زىجى دېگەن ئىسمىنىڭ ئالدىغا جۆگې دېگەن ئىككى خەتنى قوشۇپ زىجى ئىبادەتخانىسىنىڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر ئورنىـ

نى نامايان قىلغان. شۇەنزۇڭ پادىشاھ يەنە تويىن دەستۇرلىرىنى يېزىپ ھەرقايسى جايلارغا تارقىتىشقا ئەمر قىلغان. تۇرپاندىن خېشى ئۆلكىسى سىلاۋچى بېگى تۇرۇشلۇق لياڭجۇ تۇتۇق مەھكىمىسى تارقاتقان تويىن كالامى تېپىلغان. 749 - يىلى (شۇەنزۇڭنىڭ تيەنباۋ 8 - يىلى) تاڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتى يەنە ساۋابلىق ئىشلارغا مەسئۇل ئەلچىلەرنى ئەۋەتىپ، ھەرقايسى ئايماقلاردىكى تويىن ئىبادەتخانىلىرىنىڭ پەرھىزكارلىق پائالىيەتلىرىگە نازارەتچىلىك قىلغان. غەربىي ئايماق، ئېۋۇرغول، بېشبالىق قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى نازارەت دائىرىسىدە ئىدى. غەربىي ئايماقتا تويىن ئىبادەتخانىلىرىنىڭ سانى بۇددا ئىبادەتخانىلىرىنىڭكىگە يەتمىسىمۇ، ئەمما ئورۇن جەھەتتە بۇددا ئىبادەتخانىلىرىدىن ئۈستۈن تۇرغان. تېپىلغان ھۆججەتلەردە قوچودىكى لوڭشىڭ تويىن ئىبادەتخانىسى داباۋ، چۇڭ باۋ قاتارلىق ئىبادەتخانىلاردىن ئۈستۈن بولۇپ، بۇ تاڭ سۇلالىسىنىڭ تويىنلار راھىبلىرىدىنمۇ مەرتىۋىلىكرەك بولۇش ھەققىدە پەرمان چۈشۈرگەنلىكىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ تۈرتكە بولۇشى ئارقىسىدا، قوچودا تويىنىزىم ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىپ، تويىن ئىبادەتخانىسى تەشكىلىي مۇكەممەللەشكەن. باش تويىن، مۇراسىم بېشى، ئۇستاز، روھانىيلارمۇ تولۇقلانغان، بۇرۇن بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان كۇ جەمەتى ئەۋلادلىرى تويىن دىنىنىڭ داھىيلىرىغا ئايلانغان. زور بىر تۈركۈم ئاممىمۇ تويىن ئىبادەتخانىسىغا كىرىدىغان بولغان. 762 - يىلى (باۋيىڭنىڭ تۇنجى يىلى) تۇبۇتلەر تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندە ئېۋۇرغول، قوچو، بەشبالىق ھىراۋۇلى ئامالسىز ئىبادەتخانىلاردىكى راھىبلارنى بوشىتىشنى تەلەپ قىلىپ، بۇ ئارقىلىق باج تۆلەيدىغان ئامما ۋە ئەسكەر مەنبەسىنى كېڭەيتىشكە مەجبۇر بولغان.①

مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ ساۋابلىق ئىشلارغا مەسئۇل ئەلچىلەرنى

---

① روڭ شىنجياڭ: «تاڭ دەۋرىدىكى قوچودىكى تويىن دىنى»، «دۇنخۇاڭ — تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى» 4 - توم، 1999 - يىلى نەشرى، 127 -، 144 - بەتلەر.

ئېۋىرغول، بېشبالىقلاردىكى پەرھىزكارلىقتا نازارەتچىلىك قىلىشقا ئەۋەتىشى بۇ يەرلەردىمۇ تويىن دىنىنىڭ پائالىيەتلىرىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. «شاجۇ ۋە ئېۋىرغول تەزكىرىسى» دە ئېۋىرغول قارىمىقىدىكى ئاراتۈرك ناھىيىسىدە شياڭمۇ ۋە دالۇ ئىبادەتخانىسى، ناجى ناھىيىسىدە شياڭمۇ ئىبادەتخانىسى، رۇيۈەن ناھىيىسىدە تيەنشاڭ ئىبادەتخانىسى بار دەپ خاتىرىلەنگەن. ئېۋىرغول، قوچو ۋە بېشبالىقنىڭ ھىراۋۇلى يەنە شىخەي ناھىيىسىدىكى ئىبادەتخانىدىمۇ راھىب بوشىتىشنى تەلەپ قىلغان. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئېۋىرغول ۋە بېشبالىقلاردىمۇ تويىن دىنىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىسپاتلايدۇ.

تاڭ دەۋرىدىن كېيىن، تويىن دىنى غەربىي يۇرتتا بەزىدە گۈللىنىپ، بەزىدە ئاجىزلاشقان. 13 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىدا، ئەۋلىيا چۇچۇجى غەربىي يۇرتقا بېرىپ چىڭگىزخاننى بەيئەت قىلغان ۋاقىتتا، يولدا ئۇيغۇرلارنىڭ پايتەختى بېشبالىق (جىمىسار) دىن ئۆتكەندە، كۈتۈۋېلىشقا چىققان نەچچە 100 ئادەم ئىچىدە تويىنلارمۇ بولغان، كۈتۈۋېلىش زىياپىتىدىمۇ تويىنلار بار بولۇپ، بۇ تويىنلارنىڭ سانىنىڭ ئاز ئەمەسلىكى ھەمدە ئورنىنىڭمۇ تۆۋەن ئەمەسلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. چيۇچۇجى ئالمىلىق (ھازىرقى قورغاس ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالى) تىمۇ كۆپلىگەن تويىنلارنى كۆرگەن. خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، خەنزۇ ھۈنەرۋەن جاڭ جەمەتىدىكىلەر شەھەرنىڭ شەرقىدە «ئۈچ تاۋابخانا بەرپا قىلغان، 400دىن ئارتۇق كىشى ئەتىگىنى ـ ئاخشىمى تائەت ـ ئىبادەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، بىر كۈنمۇ توختاپ قالمىغان.» ئالمىلىق چاغاتاي خانلىقىنىڭ مەركىزى بولۇش سۈپىتى بىلەن بۇ يەرگە ئاز بولمىغان خەنزۇ ھۈنەرۋەنلەر كۆچۈپ كەلگەن، مۇشۇ سەۋەبلىك تويىن دىنىمۇ بۇ يەردە گۈللەنگەن، مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە تويىن دىنى غەربىي يۇرتتا بىر مەھەل ئاجىزلاپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن، ئەمما چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە كۆپلىگەن خەنزۇلارنىڭ كۆچۈپ كېلىشى بىلەن تويىن دىنى

قايتىدىن گۈللەنگەن. بۇگۈنكى كۈندىمۇ شىنجاڭدا يەنە تويىن
دىنى مەۋجۇت.

2. زوروئاستېر، مانى، نېستورى دىنى ۋە باشقا دىنىي مەزھەپلەر

*زوروئاستېر دىنى* زوروئاستېر دىنىنى زوروئاستېر مىلا -
دىيەدىن ئىلگىرىكى 6 ـ ئەسىردە پېرسىيەدە ئىختىرا قىلغان.
ئەسلىي نامى زوروئاستېر دىنى بولۇپ، ئىلاھ ئاخۇلا مەزدەككە
بەيئەت قىلغاچقا، يەنە مەزدەك دىنى دەپمۇ ئاتالغان. بۇ دىن دۇن-
يادىكى يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇق، ياخشىلىق بىلەن رەزىل-
لىكنىڭ مەنبەسى، كىشىلەر چوقۇم رەزىللىكنى تاشلاپ، خەير -
لىك ئىش قىلىپ يورۇقلۇققا بەيئەت قىلىشى كېرەك دەپ قاراي-
دۇ. جۇڭگودا ئۇنىڭ ئوت، كۈن، ئاي، يۇلتۇز ۋە ئاسمانغا بەيئەت
قىلىشقا ئاساسەن، ئۇنى زوروئاستېر ياكى مەجۇسىي دىنى دەپ
ئاتىغان. زوروئاستېر دىنى پېرسىيىنىڭ ئاخمانىد سۇلالىسى
(مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 550 ــ 330 ـ يىللىغىچە) دەۋرىدە
ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سوغدىلار رايونىغا تارقالغان. زوروئاستېر
دىنىنىڭ جۇڭگوغا تارقالغان ۋاقتى ئېھتىمال ناھايىتى بۇرۇنقى
ۋاقىتلارغا توغرا كېلىشى مۇمكىن، ئەمما ھازىرغا قەدەر بار بول-
غان ئەڭ دەسلەپكى ئېنىق ئىسپات مىلادىيە 312 ـ يىلىدىن بۇ-
رۇنقى مەزگىللەرگە توغرا كېلىدۇ. ① جۇڭگودىكى زوروئاستېر
دىنىنىڭ بىر قىسمى پېرسىيەدىن بىۋاستە تارقالغان، ئەمما
ئەڭ ئاساسلىقى يەنىلا سوغدى سودىگەرلىرى ۋە سوغدى كۆچمەن-
لىرى ئارقىلىق تارقالغان.

شىنجاڭ قەدىمكى دەۋرلەردىكى جۇڭگو ـ غەرب قاتنىشىدى-
كى مۇھىم تۈگۈن بولغاچقا، زوروئاستېر دىنىنىڭ بۇ يەرگە تار -
قالغان ۋاقتى ئىچكى ئۆلكىلەردىن بۇرۇنراق بولغان، بۇنى دەلىل-
لىگۈچىلەر مىلادىيەدىن ئاۋۋال دەپ قارايدۇ.① شىنجاڭدىكى زو -

---

① دۇنخۇاڭنىڭ غەربىي شىمالىدىكى سەددىچىن تۈرلىرى خارابىلىرىدىن تېپىلغان غەربىي
جىن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە ئائىت خەت ـ چەكلەردە زوروئاستېر دىنىغا خاس سا-
باۋ، ئاستېر ۋە «نانا ئايال ئىلاھىنىڭ چاكىرى» قاتارلىق كىشى ئىسىملىرى بار. روڭ شىنجياڭ «ئوت-
تۇرا قەدىمكى زامانلاردىكى جۇڭگو ۋە چەتتىن كىرگەن مەدەنىيەتلەر»، سەنليەن كىتابخانىسى،
2001 ـ يىلى نەشرى، 275 ـ، 276 ـ بەتلەر.

روئاستىر دىنىمۇ ئاساسلىقى سوغدى رايونىدىن تارقالغان. «ئومۇمىي قامۇس» 193 ـ جىلد «چېگرا مۇداپىئە قامۇسى» دۇخۇەننىڭ «سەپەر خاتىرىلىرى» دىن كەلتۈرگەن نەقىلدە، «كانگىيە ئىلاھىنىڭ نامى زوروئاستىر، كۆپ دۆلەتلەر بۇنىڭغا ئىشىنىدۇ. ھەممىسى مۇشۇنى مەنبە قىلىدۇ» دەپ يازغان. روشەنكى، شىنجاڭدىكى ئەينى ۋاقىتتىكى دۆلەتلەردىكى زوروئاستىر دىنى سوغدىلارنىڭ كانگىيە دۆلىتىدىن كەلگەن. تارىخنامىلەردا قوچو، كىنگىتلادا تارقالغان زوروئاستىر دىنىغا دائىر ئېنىق خاتىرىلەر بار. «ۋېينامە» 101 ـ جىلدتا: «قوچولۇقلار تەڭرىگە ئېتىقاد قىلىدۇ، بۇددىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلارمۇ بار» دەپ خاتىرىلەنگەن. 102 ـ جىلدتا: «كىنگىت دۆلىتىدىكىلەر تەڭرىگە ئېتىقاد قىلىدۇ» دەپ يېزىلغان. بۇ يەردىكى ئاتالمىش تەڭرى زوروئاستىردۇر.② بۇ يەردىكى ئاتالمىش ئېتىقاد ئەل ئىچىدىكى ئەنئەنىۋى ئادەتلەرنى كۆرسىتىدۇ. بۇ زوروئاستىر دىنىنىڭ بىر مەھەل بۇددىزمدىن كەڭرەك تارقالغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

قوچودا زوروئاستىر دىنىنىڭ ئارخېئولوگىيىلىك ئىزلىرى بىرقەدەر كۆپ. قوچو قەدىمىي شەھىرىدە پېرسىيە ساسانىيە خانلىقىنىڭ 32 دانە كۈمۈش پۇلى تېپىلغان، يىل دەۋرى تەخمىنەن مىلادىيە 4 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ. كۈمۈش پۇلنىڭ كەينى تەرىپىدە زوروئاستىر دىنىنىڭ بەلگىسى بولغان ئىبادەت سۇپىسى ۋە ئىككى كاھىن، ئوت سۇپىسىدىكى ئوتنىڭ

---

① لېستۇېنىسكى ساكلار زوروئاستىر دىنىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغان دەپ قارايدۇ. «پامىر ساكلىرىنىڭ قەبرىلىرىدىكى دىنىي ئېتىقاد» قا قارالسۇن. ماسۇكۇن: «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1989 ـ يىلى 3 ـ سانىدا تەرجىمە قىلىپ تونۇشتۇرغان: جۇڭگو چىڭباۋ، چيۇلىڭ قاتارلىقلار «زوروئاستىر دىنى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 6 ـ ئەسىردە پەيدا بولغان ۋاقىتتا، ئۇنىڭ دىنىي ئىدىيىسى ئاللىقاچان غەربىي يۇرتتىكى ساكلار ئارىسىدا تەسىر پەيدا قىلغان .... ئەڭ كېچىككەندىمۇ، شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، خەن ۋۇدى غەربىي يۇرت يولىنى ئاچقان ۋاقىتتا زوروئاستىر دىنى ئاللىقاچان غەربىي يۇرتتا تارقالغان» دەپ قارايدۇ. «يىپەك يولىدىكى دىنىي مەدەنىيەتلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998 ـ يىلى نەشرى.

② جۇڭگودا پېرسىيە ۋە سوغدىلارنىڭ زوروئاستىر ئىلاھى تەڭرى دەپ ئاتالغان. مەسىلەن، «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» 97 ـ جىلدتا: «پېرسىيىلىكلەر دىنىي ئېتىقادتا تەڭرىگە ئېتىقاد قىلىدۇ» دېيىلگەن. «قامۇس» 193 ـ جىلدتا: ۋېي جېيىنىڭ «تىبەت خانلىقى خاتىرىسى» دىن نەقىل كەلتۈرۈپ «كانگىيىلىكلەر تەڭرىگە ئېتىقاد قىلىدۇ» دەپ يېزىلغان.

ئۇستىدە يەنە زوروئاستېر دىنىنىڭ ئالىي ئىلاھى ئاخولا مەزدەك-
نىڭ يانتۇ سۈرىتى بار. تۇرپاندىن تېپىلغان ھۆججەتلەردە يەنە
«خۇتيەن» (490 ـ يىل)، «دىڭگۇتيەن» (535 ـ يىل)، «سابو»
(550 ـ يىل)، «ئامو» (662 ـ يىل) قاتارلىق خاتىرىلەر بار. ئا-
تالمىش«خۇتيەن»زوروئاستېر ئىلاھى ياكى زوروئاستېر ئىبادەت-
خانىسىنى كۆرسىتىدۇ. «دىڭگۇتيەن»يەرلىكتىكى زوروئاستېر
ئىبادەتخانىسىنى كۆرسىتىدۇ. «ئامو» سوغدى يېزىقىدىكى «چوڭ
ئىلاھ» نىڭ ماس تاۋۇشى بولۇپ، زوروئاستېر ئىلاھى ئاخولا
مەزدەكنى كۆرسىتىدۇ. «سابو» قوچودىكى مەخسۇس زوروئاستېر
دىنىنى باشقۇرىدىغان ئەمەلدارنى كۆرسىتىدۇ. ① سابو دېگەن نام
كانگىيىدىكى سارتاۋا دەرياسىنىڭ نامىدىن كەلگەن. شىمالىي
چىلىقلار سافۇ(萨甫)، سۈي سۇلالىسىدە ساباۋ (萨保) ، تاڭ
سۇلالىسى دەۋرىدە ساباۋ (萨宝) دەپ ئاتىغان، ھەممىسى
ئوخشاش نامنىڭ ھەر خىل تەرجىمە قىلىنىشىدۇر. سارتاۋا ئەس-
لىدە سوغدى قەبىلىسىدىكى سىياسىي ـ دىنىي رەھبەرنىڭ نامى
بولۇپ، شىمالىي چىلىقلار باشقۇرۇشقا قۇلاي بولسۇن ئۈچۈن
سارتاۋا دېگەن نامنى ئەمەلدارلار رويخېتىگە كىرگۈزگەن. شىما-
لىي چى سۇلالىسى «كۆپىنچە ئىشلارنى كېيىنكى ۋېي سۇلالىسى-
نى ئۆرنەك قىلىش ئاساسىدا قىلغان»، سۈي ـ تاڭ سۇلالىلىرى
شىمالىي چى سۇلالىسىگە ۋارىسلىق قىلغان، قوچو بولسا ئوت-
تۇرا تۈزلەڭلىككە تەقلىد قىلغان. سارتاۋا چەتتىن كىرگەن ئۈچ
دىن ئىچىدىن بىردىنبىر ئەمەلدارلار رويخېتىگە كىرگۈزۈلگەن
مۇقەددەس ئەمەل بولۇپ قالغان①. قوچودا سارتاۋا دىنىي ئىشلارغا

① تۇرپان ھۆججەتلىرىدە «萨薄 » دەپ يېزىلغان. ئەمما «薄» خېتى «簿» نىڭ ئوگولۇق ئۆزگىرىشى. قەدىمدە يېنىك لەۋلەشكەن تاۋۇش بولمىغاچقا «簿» دەپ ئوقۇلاتتى. ۋاڭ سۇنىڭ «قوچودىكى زوروئاستېر دىنى توغرىسىدا مۇلاھىزە»، «تارىخ تەتقىقاتى»، 1986 ـ يىلى 3 ـ سانىغا قاراڭسۇن. يەنە بۇددا نوملىرىدا ئۇچرايدىغان «萨薄» كارۋان بېشىنى كۆرسەتكەن، بۇ-نىڭ ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋىتى يوق. روڭ شىنجياڭ «ساباۋ ۋە سابو: شىمالىي سۇلالە، سۈي ـ تاڭ سۇلالىرى دەۋرىدىكى غوزلارنىڭ قەبىلە ئاقساقاللىرى مەسىلىسىدىكى تالاش ـ تارتىش ۋە بەس ـ مۇنازىرە ئۈستىدە تەھلىل»، «جۇڭگو 3 ـ نۆۋەتلىك ئىرانشۇناسلىق ئىلمىي مۇھا-كىمە يىغىنى» ئىلمىي ماقالىسى 2002 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 13 ـ، 14 ـ كۈنى.

يېتەكچىلىك قىلغان (مەسىلەن، قوچودىكى نەزىر ـ چىراغ پىر ـ
قىسىنىڭ دەپىن ئىشلىرىنى باشقۇرغان)، يەنە خەلق ئىشلىرىنى ـ
مۇ باشقۇرغان (پەرمان بويىچە غۇز ئاھالىلىرىگە ئاشلىق بېرىش)
بولۇپ، ھۆكۈمەتنىڭ غۇزلارنى باشقۇرۇشقا تەيىنلىگەن ئەمەلدارى
ھېسابلىناتتى. قوچودا سوغدى كۆچمەنلىرى كۆپ بولۇپ، بۇ
مەركىزىي رايوندا زوروئاستېر دىنىنىڭ تارقىلىشىدىكى سەۋەبتۇر.
شۇنداقلا قوچو دۆلىتىنىڭ سارتاۋانى يولغا قويۇشىنىڭ سەۋەبى ـ
دۇر. بىراق، قوچو ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئاساسلىق قوللايدىغىنى
بۇددا دىنى ئىدى.

تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە سوغدى كۆچمەنلىرى ۋە سودىگەرلىـ ـ
رى ئۈزلۈكسىز كۆپىيىپ، زوروئاستېر دىنى غەربىي يۇرتتا ئۈز ـ
لۈكسىز تەرەققىي قىلغان. «كونا تاڭنامە» 198 ـ جىلدتا: «سۇلـ ـ
لىقلار تەڭرىگە ئېتىقاد قىلىدۇ»، «ئۇدۇنلۇقلار زوروئاستېر
ئىلاھلىرى ھەم بۇددىغا بەيئەت قىلىدۇ» دەپ خاتىرىلەنگەن. «شا ـ
جو ۋە ئېۋىرغولنىڭ جۇغراپىيىلىك تەزكىرىسى» نىڭ قالدۇق
پارچىسىدە، ئېۋىرغولنىڭ ئارىتۇرك ناھىيىسىدىكى «زوروئاستېر
ئىبادەتخانىلىرىدا سوشۇنىڭ ئوبرازلىرى كۆپ» دەپ يېزىلغان.
«شاجۇنىڭ خەرىتىلىك تەپسىرى » 5 ـ جىلدىدە شىچېڭ بازىرىدا
«بىر ئورۇندا زوروئاستېر ئىبادەتخانىسى بار» دېيىلگەن. «يېڭى
تاڭنامە» 43 ـ جىلدىدە بوشيەندىن غەربكە قاراپ ماڭغاندا ئۇدۇن
يولىدا بىر «زوروئاستېرلىقلارنىڭ قۇدۇقى بار» دەپ خاتىرىلەنـ ـ
گەن. بۇنىڭدىن باشقا، ئوتانى ھۆججەتلىرىدىن «تاڭ سۇلالىسـ
كەيیۇەننىڭ 4 ـ يىلى لىزىيىنىڭ خىزمەت كۆرسىتىش دوكلا ـ
تى» دا: «شەرقىي غۇز ئاتەشپەرەسلىكى» دېگەن بايان بار. ئالىملار
بۇ يەرنىڭ نامىنىڭ بېشبالىق (جىمىسار) نىڭ غەربىدىن 370
چاقىرىم يەردىكى پىنلوجىن ئەتراپىدا ئىكەنلىكىنى دەلىللىگەن.
ئەينى ۋاقىتتا، ئۇ «شەرقىي غۇز زوروئاستېر ئىبادەتخانىسى»

① تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە زوروئاستېر، مانى ۋە نېستورى دىنلىرىنى چەتتىن كىرگەن دىنلار دەپ ئاتايتتى.

دېگەن نام بىلەن ئاتالغان. تاڭ دەۋرىدە قوچو (تۇرپان)، كىند-
گىتلاردىن باشقا مۇھىم شەھەرلەردىن سۇلى(قەشقەر)، ئۇدۇن
(خوتەن)، ئېۋىرغول (قۇمۇل)، شىچېڭجېن (چارقىلىق)، بوشيەن-
جېن (چەرچەن)، پىڭلوجېنلارنىڭ ھەممىسىدە زوروئاستېر دىنى
تارقالغان ھەمدە بەزى جايلاردا زوروئاستېر دىنىنىڭ ئورنى بۇددا
دىنىدىن تۆۋەن ئەمەس ئىدى.

بەش دەۋردىن سۇڭ سۇلالىسىغىچە غەربىي يۇرتتىكى زورو-
ئاستېر دىنى يەنىلا كەڭ ئومۇملاشقان. «كونا بەش دەۋر تارىخى»،
«سۇڭ سۇلالىسى تارىخى» دا، ئۇدۇنلۇقلار دىنىي ئېتىقادتا زورو-
ئاستېرغا ئىشىنىدۇ دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇ مەزگىللەردە دۇن-
خۇاڭدىمۇ زوروئاستېر دىنى كەڭ ئومۇملاشقان بولۇپ، زوروئاس-
تېرغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشتەك نەزىر - چىراغ پائالىيەتلى-
رىنى ھەر ۋاقىت كۆرگىلى بولاتتى. شاجۇدىكى بەيئەتچى ئارمىيە
بىلەن ئۇدۇن خان جەمەتىنىڭ قۇدا - باجىلىق مۇناسىۋىتى بو-
لۇپ، ئۆزئارا تەسىرى كۈچلۈك ئىدى. «شاجۇدىن غەربكە قاراپ
مېڭىپ ئۇدۇنغا بارغۇچە، يولدا كۆپلىگەن زوروئاستېر ئىبادەتخا-
نىلىرى بار،[①] بولغان. 10 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا بۇ يەر-
لەرگە كەلگەن ئەرەب سەيياھى مىسار باش دۆلىتى (ھازىرقى
چىرا)دىمۇ زوروئاستېر مۇخلىسلىرى بار،[②] دېگەن.

ئاتەشپەرەسلىك دىنىنىڭ ئوتقا بەيئەت قىلىش، ئاسمانغا چو-
قۇنۇش ۋە ئوچۇقچىلىققا دەپنە قىلىشتەك ئۈچ چوڭ خۇسۇسىيە-
تى بار ئىدى. جۇڭگونىڭ قائىدە - يوسۇنلىرىدا ئەڭ قايىل بولى-
دىغىنى ئاسمانغا چوقۇنۇش بولۇپ، «祆» خېتىنىڭ شۇ دىنىنىمۇ
ئۆز ئىچىگە ئېلىشى بۇنىڭ دەلىلىدۇر. كىشىنى ئەڭ بىزار قى-
لىدىغىنى ئوچۇقچىلىققا دەپنە قىلىش ئىدى. تاڭ سۇلالىسى
«ئىككى ئاستانە ھەم قۇملۇقنىڭ غەربىدىكى ھەرقايسى

---

① جياڭ بوچىن «دۇنخۇاڭ دىن سەنئىتى ۋە ئادەت مەدەنىيىتى»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1996 - يىلى نەشرى، 475 — 500 - بەت.

② جاڭ شىڭ «جۇڭگو - غەرب ئالاقە تارىخي ماتېرىياللار توپلىمى»، 2 - توم، جۇڭخۇا كىتاب ئىدارىسى، 1978 - يىلى نەشرى.

ئوبلاستلاردىكى ئاتەشپەرەسلەرگە يىلدا ئىككىلا قېتىم ئىبادەت قىلىش، نەزىر - چىراغ ئىشلىرىنى توختىتىشقا»① پەرمان چۈشۈرۈپ، خەنزۇلارنىڭ ئېتىقاد قىلىشىنى ئېنىق چەكلىگەن. ئەل ئىچىدە ئەڭ قوبۇل قىلىنغىنى ئوتقا چوقۇنۇش بولغان. شىنجاڭدىكى ئاھالىلەر ئارىسىدا ھازىرمۇ ئوتقا چوقۇنۇش ئادەتلىرى ساقلانغان، «زوروئاستېر دىنى ئىپتىدائىي دىنلارنىڭ تەبىئەتكە چوقۇنۇشى بىلەن ئۆزئارا سىڭىشىپ، قوشۇلۇپ ئاخىرىدا خەلق ئىچىدىكى دىنلارنىڭ بىر قىسمىغا ئايلانغان.»② زوروئاستېر دىنىنىڭ بىر مۇھىم بايرىمى بولغان نوروز بايرىمىمۇ ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ مۇھىم ئەنئەنىۋى بايرىمىغا ئايلانغان. سۇڭ سۇلالىسىدىن كېيىن زوروئاستېر دىنىغا ئائىت خاتىرىلەرنى ئۇچراتقىلى بولمايدۇ، ئېھتىمال بۇ مەزگىللەردە ئۇ پەيدىنپەي يوقالغان بولۇشى مۇمكىن.

*مانى دىنى*

مانى دىنى 3 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا مانى تەرىپىدىن پېرسىيىدە ئىختىرا قىلىنغان. ئۇنىڭ دىنىي ئەقىدىلىرى زوروئاستېر، خرىستىئان ۋە بۇددا دىنىنىڭ مەزمۇنلىرىنى قوبۇل قىلىپ، يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇق، ياخشىلىق بىلەن رەزىللىك، ئۆتمۈش، ھازىر ۋە كەلگۈسى تەلىماتىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، دىنىي كالاملارنى تەرجىمە قىلىش ۋە دىن تارقىتىشقا ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قارىغان. دەسلەپتە، پېرسىيە خانلىقىنىڭ ئېتىبارىغا ئېرىشكەن، كېيىن زوروئاستېر دىنى تەرىپىدىن چەتكە قېقىلىپ، بىدئەت دەپ بېكىتىلىپ مانى ئۆلتۈرۈلگەن. مۇرىتلىرى ھەر تەرەپكە قېچىپ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سوغدىلار رايونى مانى دىنىنىڭ بازىسىغا ئايلانغان. جۇڭگودىكى مانى دىنى ئاساسلىقى سوغدىلاردىن تارقالغان. ئىچكى ئۆلكىلەرگە تارقالغان ۋاقتى بىرقەدەر بۇرۇن بولۇپ، مىلادىيە 694 - يىلى (ۋۇزېتىيەن

---

① «يېڭى تاڭنامە. بەيگۇەنيى»، نەزىر - چىراغ پىرقىسى قىسمى.

② «جۇڭگونىڭ شىنجاڭ رايونىدىكى ئىسلام دىنى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 - يىلى نەشرى، 43 - بەت.

يەنزەينىڭ 4 ـ يىلى) ھۆكۈمەتنىڭ ئېتىراپ قىلىشى ۋە ئاشكارا تارقىتىشقا ئىجازەت بېرىشىگە مۇيەسسەر بولغانىدى. شىنجاڭغا تارقالغان ۋاقتى تەخمىنەن 6 ـ، 7 ـ ئەسىرلەرگە توغرا كېلىدۇ.

غەربىي يۇرتتىكى مانى دىنى توغرىسىدا، تارىخنامىلەردىكى خاتىرىلەر ناھايىتى چەكلىك. «سۇينامە» 15 ـ جىلد «مۇزىكا تەزكىرىسىنىڭ 2 ـ قىسمى» دا، 610 ـ يىلى (ياڭدى دايېنىڭ 6 ـ يىلى) قوچو خانلىقى «دانىشمەنلەر مۇقامى» نى ھەدىيە قىلغان، ئۇنىڭدىكى ناخشىلار ئىچىدە «شەنشەن مانى» دېگەن ئىبارىلەر خا- تىرىلەنگەن. شەنشەن يەر ئىسمى، «مانى» بولسا دىنىنىڭ قىسقار- تىلىپ يېزىلىشى بولۇپ، مانى دىنىنىڭ قوچوغا تارقىلىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. كىنگىتتىن بىر پارچە سوغدى يېزىقىدىكى «كىنگىت خانى خاتونىنىڭ بىر مانى ئۇستازغا يازغان خېتى» تې- پىلغان. خاتون ئەينى ۋاقىتتىكى كىنگىت خانىغا ياتلىق قىلىن- غان غەربىي تۈرك خانىنىڭ قىزىنى كۆرسىتىدۇ. ھۆججەتنىڭ يىل دەۋرى 7 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغا تەۋە بولۇشى مۇمكىن. تاڭ دەۋرىدە، مانى دىنىغا ئائىت ماتېرىياللار كۆپىيىشكە باشلىغان، ئۇدۇندىن 8 ـ ئەسىردىكى سوغدى تىلىدا يېزىلغان مانى دىنى ھۆججىتى تېپىلغان. جۇ شىدې (كۇسەن تۇتۇق مەھكىمىسىنىڭ تەۋەسىدە) دىن تاڭ دەۋرىگە ئائىت مانى دىنىغا مۇناسىۋەتلىك قا- نۇن ھۆججىتى تېپىلغان. كىنگىتتىن يەنە ئوتتۇرا قەدىمكى پارس يېزىقىدا يېزىلغان «مانى دىنى مەرسىيە توپلىمى» تېپىل- غان، توپلامنىڭ كۆچۈرۈلۈشكە باشلانغان ۋاقتى 761 ـ ياكى 762 ـ يىلى بولۇپ، كۆچۈرۈپ تاماملانمىغان ھەمدە كىنگىتتە- كى مانى ئىبادەتخانىسىدا ساقلانغان. مەرسىيە توپلىمىنىڭ بې- غىشلىما قىسمىدا 9 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى گوبىنىڭ شىما- لىدىكى ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تەڭرىتاغ رايونلىرىنى ئىدارە قىلى- دىغان ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرىنىڭ نامىنى كۆرسىتىپ ئۆت- كەن، بۇنىڭدىن سۈلى، ئۇنسۇ، باخان، كۇسەن، كىنگىت ھەمدە قوچو، بېشبالىقلارنىڭ ھەممىسىدە مانى دىنى تەشكىلاتلىرىنىڭ

بارلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.①

غەربىي يۇرتتا مانى دىنىنىڭ رەسمىي گۈللەنگەن ۋاقتى قوچو ئۇيغۇر خانلىقى مەزگىلىدۇر. ئۇيغۇرلار قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى ۋاقىتتىلا يەنى 763 ـ يىلى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن تۆت مانى ئۇستازىنى ئېلىپ كەتكەن ھەمدە مانى دىنىنى قوبۇل قىلغان، ئۇيغۇر خانلىقى كېيىن مانى دىنىنى دۆلەت دىنى قىلغان، 840 ـ يىلى غەربكە كۆچكەندىن كېيىن، قوچو ئۇيغۇر خانلىقى مەزگىلىدە مانى دىنىنى يەنىلا دۆلەت دىنى قىلغان ھەمدە بۇددا دىنى بىلەن نەچچە 100 يىل بىرگە ئەزىزلىگەن. تۇرپان رايونىدىن بۇ مەزگىللەرگە دائىر مانى دىنى ھۆججەتلىرى كۆپلەپ تېپىلدى. بۇ ھۆججەتلەرنىڭ قالدۇقلىرى تەخمىنەن نەچچە 1000 پارچە بولۇپ، ئاساسلىقى مانى، ئوتتۇرا قەدىمكى پارس يېزىقى، پارفىيە، ئۇيغۇر ۋە سوغدى يېزىقلىرىدا يېزىلغان.② مانى يېزىقى مانى دىنىنىڭ دىنىي جەمئىيەت يېزىقى بولۇپ، ئوتتۇرا قەدىمكى پارس يېزىقى ۋە پارفىيە يېزىقلىرى ئوتتۇرا ئاسىيا مانى دىنى جەمئىيەتلىرىنىڭ ھەر دائىم ئىشلىتىدىغان يېزىقلىرى ئىدى. ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن سوغدى يېزىقى بۇ يەردىكى مانى مۇخلىسلىرى قوللىنىدىغان يېزىق بولۇپ، بۇ مانى دىنىنىڭ ئاساسلىقى ئوتتۇرا ئاسىيادىن تارقالغانلىقى، مۇرىتلىرىنىڭ ئاساسلىقى سوغدىلار بىلەن ئۇيغۇرلار ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

بۇ ھۆججەتلەرنىڭ زور كۆپچىلىكى پېرسىيە دىنىي جەمئىيەتلىرى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا دىنىي جەمئىيەتلىرىنىڭ كلاسسىك ئەسەرلىرى بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە دىنىي ئەقىدە، كالاملارنىڭ تەپسىرى، مەسىللەر، دىنىي جەمئىيەتنىڭ تارىخىي ئەسەرلىرى، يەنە دىنىي مۇراسىملارغا ئائىت ماقالە ۋە زور مىقداردىكى مۇقەد-

① رولىڭ شىنجياڭ: «مانى دىنىنىڭ قوچوغا دەسلەپكى تارقىلىشى»، «تۇرپاندىن يېڭى تېپىلغان مانى دىنى ھۆججەتلىرى ئۈستىدە تەتقىقات»، مەدەنىي يادىكارلىقلار نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى نەشرى، 221 ـ بەت.

② بۇ يەردىن يەنە بىر يەر ئاستى مانى دىنى كىتابخانىسى تېپىلغان، ئەپسۇسكى ساقلانغان كىتابلار سۇغا چىلىنىپ كەتكەن بولغاچقا، ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئامال بولمىغان.

دەس ناخشا ۋە دۇئالار بار. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە دىنىي مۇرىتلار ۋە دىنسىزلار ئۈچۈن يېزىلغان تۆۋىنامىلەرمۇ بار. تۇرپاندىكى قوچو قەدىمىي شەھىرى، بېزەكلىك قاتارلىق جايلاردىن كۆپلىگەن مانى مۇخلىسلىرىنىڭ ئىبادەتخانا قىلغان ئۆڭكۈرلىرى تېپىلغان، بۇ خارابىلەردە تام رەسىملىرى ۋە شايىغا سىزىلغان رەسىملەر ساقلانغان. بۇ رەسىملەر ۋە مانى ھۆججەتلىرىنىڭ قىستۇرما رەسىملىرىدىن ماننىڭ تەپسىر قىلىۋاتقانلىق رەسىمى، ئۈچ تۈپ دەرەخ (مانى دىنىدىكى نۇر دەرىخى، ھاياتلىق دەرىخى، نۇرلۇق دۆلەتنىڭ سىمۋولى) رەسىمى، ھامىيلىق بايرىمى رەسىمى، ئۈزۈم-چاق ئەلەم رەسىمى، مۇزىكانتلار رەسىمى، ئايال ۋەكىل رەسىمى، ئايال ئىلاھ ۋە تايانغۇچىلار رەسىمى قاتارلىقلار بار. بۇ رەسىملەر ئوچۇق، سىزىقلىرى ئىنچىكە، رەڭلىرى نۇرلۇق ھەم ساپ بولۇپ، مانى دىنىنىڭ پاكلىق غايىسى ۋە يورۇق دۇنياغا ئىنتىلىدىغان ئالاھىدىلىكىنى ئىپادىلىگەن. مانى دىنى ھۆججەتلىرىنىڭ خەتلىرى نەپىس، يېزىلىشى كۆركەم بولۇپ، بۇمۇ مانى دىنىنىڭ يورۇقلۇققا، گۈزەللىككە ئىنتىلىشىنىڭ ئىپادىسىدۇر.

كەمتۈك ھۆججەتلەردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، قوچو ئۇيغۇر خانلىقىدىكى مانى دىنى ھەقىقىي فېئودال ھۆكۈمرانلارنىڭ دىنىغا ئايلىنىپ، ئەسلىدىكى مانى دىنىنىڭ بىر قىسىم ئاساسىي دىنىي ئەقىدىلىرىدىن چەتنىگەن. ئەسلىي مانى دىنى رېئاللىقنى ئىنكار قىلىپ ئۇنىڭغا قارىتا پاسسىپ پوزىتسىيىدە بولاتتى، دۇنيانى جىنايەت بىلەن رەزىل زۇلمەتتىن تۈزۈلگەن، ئىنسانلار يورۇقلۇققا قامالغان تەن، قانچە تېز ھالاك بولسا شۇنچە ياخشى دەپ قارايتتى. ئەمما قوچو ئۇيغۇر خانلىقىدىكى مانى دىنى تەشكىلاتلىرى قوچو ئۇيغۇر خانلىقى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ خەلقنى بويسۇندۇرۇش قورالى بولۇپ، كىشىلەرنى ھۆكۈمرانلارغا خىزمەت قىلىشقا كۈندۈرەتتى. مەسىلەن، 135M نومۇرلۇق سوغدى يېزىقىدىكى مانى دىنى ھۆججىتىدە، كىشىلەرگە پادىشاھ ۋە ئاقسۆڭەكلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ، ئۇلارنى رازى قىلىش، ئۇلارنىڭ

غۇرۇرنى زەخمىگە ئۇچراتماسلىق توغرىسىدا تەلىم بەرگەن. ئۇيـ
غۇر خانلىقىدىكى مانى دىنى تەشكىلاتىنىڭ ئۆزىمۇ فېئوداللىشىپ
كەتكەن. «قىسقىچە مانى دىنى ئەقىدىلىرى» دە، مۇرتلار «ھەر كۈنى
پەرھىز تاماق يېيىشى، سەدىقىنى رەتكە تىزىلىپ ساقلىشى، سە ـ
دىقە قىلغۇچىلار چىقمىسا، تۆۋەن دەرىجىلىكلىرى تىلەمچىلىك
قىلىشى، قول ـ دېدەك ۋە ھايۋانات قاتارلىق چەكلەنگەن نەرسىـ
لەرنى ساقلىماسلىقى كېرەك» دەپ بەلگىلەنگەن. ئەمما، قوچو
ئۇيغۇر خانلىقىدىكى دىنىي جەمئىيەتلەر زور مىقداردىكى يەرگە
ئىگىدارچىلىق قىلاتتى. «ئۇيغۇر يېزىقىدىكى مانى ئىبادەتخانىـ
لىرى ھۆججەتلىرى» دىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۇيغۇر ھۆكۈـ
مىتى مانى دىنى ئىبادەتخانىلىرىغا كۆپلىگەن يەر ـ مۈلۈك ۋە
باغچىلارنى ھەدىيە قىلغان بولۇپ، ئىبادەتخانىلار فېئودallıq ئىـ
گىدارچىلىق ئۇسۇلى ئارقىلىق مۇقىم ئىقتىسادىي كىرىمنى
قامداپ، فېئودال قورۇقلارنىڭ ئىگىلىرىگە ئايلانغان. قوچو ئۇيـ
غۇر خانلىقىدىكى دىنىي تەشكىلاتلار يەنە ئەسلىدىكى ئاددىي ـ
ساددا بولغان «بەش دەرىجىلىك مۇراسىم» نى فېئوداللىق دىنىي
دەرىجە تۈزۈمىگە ئۆزگەرتكەن. مانى دىنىنىڭ بەش دەرىجىلىك
مۇرتلىرى ئەسلىدە پەقەت تەھسىل قىلغان دىنىي بىلىمنىڭ
چوڭقۇر ـ تېيىزلىكىگە ئاساسەن بۆلۈنۈپ، ئىچكى قىسىمدا يە ـ
نىلا نىسبەتەن باراۋەرلىك مۇناسىۋىتىنى ساقلىغان، ئەمما قوچو
ئۇيغۇر خانلىقىدىكى مانى دىنىي جەمئىيەتلىرىنىڭ دەرىجە تۈزۈمى
قاتتىق بولۇپ، يۇقىرى دەرىجىلىك راھىبلار تۆرلۈك ئىمتىـ
يازلاردىن بەھرىمەن بولسا، تۆۋەن دەرىجىلىك راھىبلارنىڭ ئورنى
خاراب ئىدى. ئىبادەتخانىلار ھەتتا تەن جازاسىنى يولغا قويۇش
ئارقىلىق ئالىي دەرىجىلىك راھىبلارنىڭ ئالاھىدە ھوقۇقى ۋە
ئورنىنى قوغدىغان. ①ئۇيغۇرلار ئېتىقاد قىلغان مانى دىنى يەنە
قويۇق بۇددىزم ئالاھىدىلىكىگە ئىگە ئىدى. مانى دىنى ئىبادەتخا ـ

① لىن ۋۇجۇ: «مانى دىنى ۋە ئۇنىڭ شەرققە كېڭىيىشى» جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 1987 ـ يىلى نەشرى، 109 ـ بەت.

نىلىرى بولسا بۇددىزم ئىبادەتخانا تۈزۈمى تەسىرىنىڭ مەھسۇلىدۇر. ئۇيغۇرلاردىكى مانى دىنى تەشۋىقاتتا يەنە كۆپلىگەن بۇددىزم ئىبارىلىرىنى ئىشلەتكەن، مەسىلەن، مانى دىنىغا ئائىت بىر پارچە كەمتۈك ھۆججەتتە مانىنى توغرىدىن ـ توغرا مايتىرى بۇددا دەپ ئاتىغان. غەربىي يۇرتتا بۇددىزمنىڭ تەسىرى ئىنتايىن كۈچلۈك بولۇپ، ئېھتىمال مۇشۇ سەۋەبلەردىن، 10 ـ ئەسىردىن كېيىن مانى دىنى غەربىي يۇرتتا پەيدىنپەي زاۋالغا يۈز تۇتقان بولۇشى مۇمكىن. بەزى ئالىملار مانى دىنى 14 ـ ئەسىرگە كەلگەندىلا ئاندىن غەربىي يۇرتتىن يوقالغان دەپ قارايدۇ.①

*نېستورى دىنى ۋە باشقا دىنىي مەزھەپلەر* نېستورى دىنى خرىستىئان دىنىنىڭ بىر مەزھىپى، يەنى نېستورى مەزھىپىدۇر. نېستورى ئەسلىي كونستانتىنوپول (ئىستانبۇل) نىڭ ئېپىسكوپى بولۇپ، سۇرىيىلىك كىشى ئىدى. ئۇ خرىستوس ئىلاھ ۋە ئادەملىكتىن ئىبارەت «ئىككى خىل خۇسۇسىيەت» كە ئىگە دېگەننى تەشەببۇس قىلغان، بۇ بىدئەت دەپ قارىلىپ، زىيانكەشلىككە ئۇچراپ، پېرسىيىگە قېچىپ كەتكەن. ئۇ بۇ يەردە پېرسىيە پادىشاھىنىڭ قوغدىشىغا ئېرىشكەنلىكتىن، مىلادىيە 498 ـ يىلى مۇستەقىل دىنىي جەمئىيەت قۇرغان ھەمدە يېقىن ئەتراپىدىكى رايونلارغا تارقىلىشقا باشلىغان، نېستورى دىنى بولسا خەنزۇلار رايونىدىكى خرىستىئان مۇخلىسلىرىنىڭ ئۆزىنى ئاتىشى بولۇپ، خەنزۇچە «基督» (خرىستوس) بىلەن ئاھاڭداش ئىدى. ئۇ نۇرلۇق، پارلاق دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرەتتى. بۇ دىن پېرسىيىدە پەيدا بولغانلىقتىن، يەنە پېرسىيە دىنى دەپمۇ ئاتالغان. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە جۇڭگوغا تارقالغان كاتولىك دىنى بىلەن بىللە ئومۇملاشتۇرۇلۇپ ئېركېئۈن دىنى دەپ ئاتالغان. نېستورى دىنىنىڭ مىلادىيە 635 ـ يىلى (تاڭ سۇلالىسى جېن گۈەننىڭ 9 ـ

① لى فۇتۇڭ: «ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي ئېتىقادىنىڭ ئۆزگىرىشى ئۈستىدە تەتقىقات»، تەيۋەن «دۆلەتلىك سىياسىي ئۇنىۋېرسىتېت قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىق خاتىرىسى ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى»، 1957 ـ يىلى. يەنە يۇقىرىقى كىتابقا قارالسۇن، 100 ـ بەت.

يىلى) جۇڭگونىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىگە تارقالغانلىقى توغرىسىدا ئېنىق خاتىرە مەۋجۇت. غەربىي يۇرتقا تارقالغان ۋاقتى ئىچكى ئۆلكىلەردىن بۇرۇنراق بولۇپ، 6 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرا، كېيىنكى مەزگىللىرىگە توغرا كېلىدۇ.

دەسلەپتە، نېستورى دىنىنىڭ غەربىي يۇرتتا تارقىلىشى كەڭ بولمىغان، 9 ـ، 10 ـ ئەسىرلەردە ئاساسلىقى قوچو ئۇيغۇر خانلىقى زېمىنلىرىدىلا تارقالغان. تۇرپاندىكى قوچو شەھىرى سىرتىدىكى ئىككى ئورۇندىن 9 ـ، 10 ـ ئەسىرلەردىكى قوچو ئۇيغۇر خانلىقىغا ئائىت نېستورى دىنى خارابىلىرى تېپىلغان. بىر چېركاۋ خارابىسى بولۇپ، شەھەرنىڭ شەرقىي دەرۋازىسىنىڭ سىرتىدا ئىدى. بۇ يەردىن ئىككى پارچە نېستورى دىنى تام رەسىملىرىنىڭ پارچىلىرى تېپىلغان. بىر پارچىسى «ئىلاھنىڭ شەھەرگە كىرىش بايرىمى» تەسۋىرلەنگەن رەسىم بولۇپ، كىشىلەرنىڭ خرىستوسنىڭ ئېروسالىم شەھىرىگە كىرىشىنى قارشى ئېلىۋاتقانلىق مەنزىرىسى ئىپادىلەنگەن، يەنە بىر پارچىسىغا قولدا كرېست تۇتۇپ تۇرغان رىتسارنىڭ رەسىمى سىزىلغان. يەنە بىر خارابە ئىزى موناستىر بولۇپ، تۇرپاننىڭ شىمالىدىكى بۇيلۇق ئەتراپىغا توغرا كېلىدۇ. بۇ يەردىن نۇرغۇنلىغان نېستورى دىنىغا ئائىت قوليازمىلار تېپىلغان. بۇلار ئىچىدە ئىنجىلدىن تاللانمىلار، ئىبادەت كىتابلىرى، ۋەزنامە، دىنىي قائىدە، باش روھانىيلارنىڭ مۇھاكىمە توپلاملىرى، دورا رېتسېپلىرى قاتارلىقلار بار بولۇپ، ئۇلار ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا سۇرىيە، سوغدى، ئوتتۇرا قەدىمكى پارس تىلى، بوربو، يېڭى پارس، ئۇيغۇر ـ تۈرك تىلى قاتارلىق ئالتە خىل تىل ـ يېزىقتا يېزىلغان.① بۇنىڭ ئىچىدە سۇرىيە يېزىقىدىكىلىرى ئەڭ كۆپ بولۇپ، ئۇ نېستورى دىنىنىڭ مۇقەددەس تىلى بولۇش بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

① چېن خۇەيىيۇ: «قوچو ئۇيغۇرلىرىدىكى نېستورى دىنى تەتقىقاتى»، «دۇنخۇاڭ تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى»، 4 ـ توم، 1999 ـ يىلى، 165 ـ، 214 ـ بەتلەر.

ئوتتۇرا، قەدىمكى پارس تىلى بىلەن بوربو تىلىدىكى يازمىلار ئەڭ ئاز، بۇلار قەدىمكى پېرسىيىنىڭ جەنۇب - شىمال ئىككى خىل دىئالېكتى بولۇپ، ئاساسلىقى ئىبادەت يوسۇنلىرىدىلا ئىشلىتىلگەن؛ سوغدى تىل - يېزىقىدىكىلىرى بىرقەدەر كۆپ. يېڭى پارس تىلى، ئۇيغۇر - تۈرك تىللىرىدىكى ھۆججەتلەرنى قوشقاندا، بۇ يەردىكى نېستورى دىنىنىڭ ئاساسەن سوغدىلار رايونىدىن تارقالغانلىقى، بۇ يەرلەردىكى نېستورى دىنى تەشكىلىنىڭ سوغدى، ئۇيغۇر ۋە پارسلاردىن تۈزۈلگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. 9 - ، 11 - ئەسىرلەردە، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى نېستورى دىنىغا نىسبەتەن مەيلىگە قويۇۋېتىش ئۇسۇلىنى قوللانغانلىقتىن، سوغدى ۋە پېرسىيە رايونلىرىدىكى نېستورى مۇرىتلىرى مۇسۇلمانلارنىڭ قۇدرەتلىك كۈچىنىڭ بېسىمى ئاستىدا قوچوغا كېلەلىگەن. نېستورى دىنى ئەينى ۋاقىتتا بىر قىسىم ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ - ئادەت ساھەلىرىگىمۇ چوڭقۇرلاپ كىرگەن بولۇپ، ئۇيغۇرچە «قەسىدە» لەرنىڭ مەخسۇس توي - تۆكۈنلەردە ئىشلىتىلىشى بۇ مەسىلىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ يەر يىپەك يولىنىڭ مۇھىم تۈگۈنى بولۇش سۈپىتى بىلەن نېستورى چېركاۋلىرىمۇ يولدىن ئۆتكەن سوغدى، پېرسىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ كارۋانلىرىنى دىنىي مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلىگەن، بىراق ساقلىنىپ قالغان ھۆججەت پارچىلىرىدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بۇ يەردىكى نېستورى دىنى بىلەن زوروئاستېر ۋە بۇددا دىنلىرى ئوتتۇرىسىدا بەلگىلىك دەرىجىدىكى قارشىلىق ۋە كۈرەشلەر مەۋجۇت بولغان.

نېستورى دىنى غەربىي يۇرتنىڭ باشقا رايونلىرىغىمۇ تارقالغان. سۇياب (ھازىرقى قازاقىستاندىكى توقماق) تىن 8 - ئەسىردىكى نېستورى چېركاۋىنىڭ خارابىسى تېپىلغان. كۇچانىڭ يېنىدىكى باي ناھىيىسىدىمۇ نېستورى مۇخلىسلىرى بولغان (ھېنرى يولى «جۇڭگو ۋە ئۇ يەرگە تۇتىشىدىغان يوللار» غا قارالسۇن). 10 - ئەسىردىكى سامانىيلار خانلىقىدىن چىققان

سەيياھ مىسار باش (چىرىيە ناھىيىسى) شەھىرىدە خرىستىئان مۇخلىسلىرىنى كۆرگەنلىكىنى ئېيتقان.
غەربىي لياۋنىڭ غەربىي يۇرتتىكى ھۆكۈمرانلىقى مەزگىلىدە (1130 — 1221) دىنىي ئەركىنلىك سىياسىتى يولغا قويۇلغانلىقتىن، غەربىي يۇرتتىكى نېستورى دىنىدا بىر قەدەر چوڭ تەرەققىياتلار بولغان. باش ئېپىسكوپ ئىريا III قەشقەردە باش دىنىي رايون تەسىس قىلغان. نېستورى دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بىر قىسىم كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەر، مەسىلەن، نايمان قەبىلىسى قاتارلىقلار تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىي قىسمىغا كۆچۈپ كىرگەن. ئالمىلىق شەھىرىدىكى نېستورى دىنى خارابىلىرىدە كۆپلىگەن كرېست ۋە سۇرىيە يېزىقى ئويۇلغان تاش ئويمىلار بار بولۇپ، بۇلار 12 ـ، 13 ـ ئەسىرلەردىكى نايمان قەبىلىسىدىكى نېستورى مۇخلىسلىرىنىڭ قەبرە تېشى بولۇشى مۇمكىن.
يۈەن سۇلالىسى نېستورى دىنىنىڭ تەرەققىي قىلغان دەۋرىدۇر. دۇنياغا داڭلىق ساياھەتچى ماركو پولو ئۆزىنىڭ ساياھەت خاتىرىسىدە قەشقەر، يەكەن، خوتەن، ئىلى، بۈگۈر، تۇرپان، قۇمۇل قاتارلىق جايلاردا نېستورى چېركاۋلىرى ۋە مۇخلىسلىرىنى كۆرگەنلىكى ياكى بارلىقىنى ئاڭلىغانلىقىنى يازغان. بۇ نېستورى دىنىنىڭ تەڭرىتېغىنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىدا ئومۇملاشقانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. يۈەن دەۋرىدە يەنە بىر قىسىم ئۇيغۇرلار ئىچىدىن چىققان نېستورى دىنىنىڭ داڭلىق مۇخلىسلىرى مەيدانغا كەلگەن. مەسىلەن، مەكىس 1280 ـ يىلى قىتان (جۇڭگو) دۆلىتىنىڭ نېستورى باش ئېپىسكوپلۇقىغا تەيىنلەنگەن، ئىككىنچى يىلى «شەرق دىنىي جەمئىيەتلىرىنىڭ باش بۇغلىقى» غا تەيىنلەنگەن. راببان سائوما 1280 ـ يىلى سەييارە باش نازىرلىققا تەيىنلەنگەن، كېيىن پېرسىيىدە تۇرۇشلۇق موڭغۇل خانى ئارغۇنىنىڭ ياۋروپاغا ئەۋەتكەن باش ئەلچىلىكىگە تەيىنلەنگەن. 14 ـ ئەسىردىن كېيىن، نېستورى دىنى شىنجاڭدا زاۋالغا يۈز تۇتقان، ھەتتا

يوقالغان.

يۈەن سۇلالىسى مەزگىلىدە كاتولىك دىنىمۇ غەربىي يۇرتقا تارقالغان. ئەڭ دەسلەپ غەربىي يۇرتقا كىرگەن كاتولىك مۇرىتى دومىنگۇ دىنىي جەمئىيىتىنىڭ مۇناخى ئانتون لورمى بولۇپ، ئۇ 1249 - يىلى فرانسىيە پادىشاھى لوئىس IX تەرىپىدىن ئىمىل-گە (دۆربىلجىننىڭ شەرقىي جەنۇبى) ئەۋەتىلىپ، موڭغۇل خانىدانلىقىغا دۆلەت خېتى تاپشۇرغان. بۇ سەپەر سىياسىي مەقسەتنى ئاساس قىلغانىدى. ئۇنىڭدىن كېيىنكى پائالىيەتلەر دىن تارقىتىشنى ئاساس قىلغان بولۇپ، ئاساسلىقى چاغاتاي خانلىقىنىڭ مەركىزى ئالمىلىق شەھىرىگە مەركەزلەشكەن. چاغاتاي خانى ئېسەن تۆمۈر مىسسىئونېرلارغا ئالاھىدە ئىمتىياز بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئەركىن دىن تارقىتىشىغا رۇخسەت قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇلارنى ئوردىغا كىرىپ كېڭەل داۋالاشقا ھەم ئوغلىنى مىسا قىلدۇرۇپ ئىسىم قويۇپ بېرىشكە تەكلىپ قىلغان. ئەمما 1340 - يىلى ئېسەن تۆمۈر ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىغا چىققان خان ئىسلام دىنىنى كېڭەيتىپ، كاتولىك مۇرىتلىرىنى ئۆز ئېتىقادىدىن ۋاز كېچىشكە بۇيرۇق چۈشۈرگەن، بۇيرۇققا بويسۇنمىغانلار ئۆلتۈرۈلگەن، كاتولىك دىنى شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئىز - دېرەكسىز يوقالغان.

يېقىنقى زامانلاردا خرىستىئان ۋە كاتولىك دىنلىرى شىنجاڭدا يەنە تەرەققىي قىلغان، رۇسلارنىڭ شىنجاڭغا كېلىپ ئولتۇراقلىشىشىغا ئەگىشىپ، پراۋوسلاۋ دىنىمۇ شىنجاڭدا پەيدا بولغان .

### 3. ئىسلام دىنى

ئىسلام دىنىنى مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام 7 - ئەسىرنىڭ باشلىرى ئەرەب يېرىم ئارىلىدا بارلىققا كەلتۈرگەن، جۇڭگودا ئۇنى مۇسۇلمانلار دىنى دەپ ئاتىغان. «ئىسلام» سۆزى «ئىتائەت قىلغۇچى»، ئاللانىڭ ئىرادىسىگە ئىتائەت قىلىش دېگەننى بىلدۈرىدۇ. ئىسلام دىنىدا ئاللا ئالەمنىڭ ياراتقۇچىسى ۋە يېگانە

ئىگىسى دېيىلىپ، كىشىلەرنى ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشقا، ئاللا-
دىن قورقۇشقا، يامانلىقنى توختىتىپ، ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا
ئۈندەيدۇ، كۆپ ئىلاھلىق مەبۇدقا چوقۇنۇشقا قارشى تۇرىدۇ.
8-ئەسىردە ئىسلام دىنى ئوتتۇرا ئاسىياغا تارقالغان.
شىنجاڭغا ئىسلام دىنى ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق تارقالغان. مىلا-
دىيە 893 - يىلى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سامانىيلار پادىشاھلىقى
ئىسلام غازىتى نامى بىلەن قارىخانىيلار خاندانلىقىغا ئۇرۇش
قوزغاپ، قاراخانىيلارنىڭ نۇرغۇن زېمىنىنى بېسىۋالغان. قارا-
خانىيلار ئۆزىگە قارام زېمىندا ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشىنى
قەتئىي چەكلىگەن، بىراق، سىياسىي ئېھتىياج ۋە ئىچكى نىزا
سەۋەبىدىن پاناھلىق تىلەپ كەلگەن ئاسىيادىكى سامانىيلار پادى-
شاھلىقىنىڭ شاھزادىسىنى قوينىغا ئالغان ھەمدە ئۇنىڭ ئاتۇشتا
مەسچىت سېلىشىغا يول قويغان، بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭ تارىخىدا
تۇنجى مەسچىت بارلىققا كەلگەن. ئاسىيادىكى سامانىيلار شاھزا-
دىسى ئاستىرتىن ئىسلام دىنىنى تارقاتقان. سۇتۇق بۇغراخان ئۇ-
نىڭ تەشۋىقاتىنى قوبۇل قىلغان ھەمدە مىلادىيە 910 - يىلى
ئىسلام دىنىنىڭ ياردىمى بىلەن ئوردىدا سىياسىي ئۆزگىرىش
قوزغاپ، ھاكىمىيەتنى تارتىۋالغان. سۇتۇق بۇغراخان شۇنىڭدىن
ئېتىبارەن ئىسلام دىنىنى زور كۈچ بىلەن تارقاتقان. مىلادىيە
960 - يىلى، 200 مىڭ تۇتۇنلۇك، يەنى 600 مىڭدىن 800 مىڭ-
غىچە تۈركلەر ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان، ئىسلام دىنى قارا-
خانىيلار خاندانلىقىنىڭ دۆلەت دىنىغا ئايلانغان.

قاراخانىيلار ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قى-
لىشتىكى مەقسىتى ئاساسلىقى ئىسلام دىنىدا تەرغىب قىلىنغان
مۇتلەق ئىتائەت قىلىش روھى ۋە «غازات» نەزەرىيىسىدىن پايدىلى-
نىپ، ئىچكى قىسىمدا خەلقنى باستۇرۇش، سىرتقا كېڭەيمىچى-
لىك قىلىش ئىدى. شۇڭا، قاراخانىيلار خاندانلىقى ئىسلام دى-
نىنى دۆلەت دىنى قىلغاندىن كېيىن، دەرھال غەربىي يۇرتتىكى
ئىككى بۇددا دۆلىتى ئۇدۇن بىلەن قوچودىكى قەدىمىي ئۇي-

غۇرلارغا «غازات» باشلىغان. مىلادىيە 962 ـ يىلى، قاراخانىيلار خاندانلىقى بىلەن ئۇدۇننىڭ دىنىي جېڭى پارتلىغان. بۇ شىنجاڭ تارىخىدىكى كۆلىمى ئەڭ چوڭ، ۋاقتى ئەڭ ئۇزۇن، تەسىرى ئەڭ چوڭقۇر بولغان دىنىي جەڭ بولغان. ئەل ئىچىدە ئۇرۇش 100 يىل داۋاملاشقان دەيدىغان گەپ بار. جەڭ ئىنتايىن دەھشەتلىك بولغان، 1006 ـ يىلى ئۇدۇن پادىشاھلىقى گۇمران بولغان، بۇددىستلارنىڭ قارشىلىشىشى تەخمىنەن 1062 ـ يىلىغىچە داۋاملاشقان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، بۇددا دىنى كۈچلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئۇدۇندىكى 1000 يىلدىن ئارتۇق داۋاملاشقان ھۆكۈمرانلىقىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىن چېكىنىپ چىققان.

مىلادىيە 1017 ـ يىلى، قاراخانىيلار خاندانلىقى ئۇدۇنغا قىلغان جازا يۈرۈشىنى ئاخىرلاشتۇرماي تۇرۇپلا، قوچو قەدىمىي ئۇيغۇر خانلىقىغا غازات باشلىغان. بىراق، قوچو ئۇيغۇرلىرى قەيسەرلىك بىلەن قارشىلىق كۆرسەتكەنلىكى، ئۇنىڭ ئۈستىگە خاندانلىقىنىڭ ئىچكى زىددىيىتى تۈپەيلىدىن قاراخانىيلار 1041 ـ يىلى شەرق ۋە غەرب ئىككى بۆلەككە بۆلۈنۈپ كېتىپ، «غازات» يېرىم يولدا توختاپ قالغان. ئىسلامنى قورال كۈچى بىلەن تارقىتىش ھەرىكىتىمۇ توختاپ قالغان.

غەربىي لياۋ ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەر (مىلادىيە 1130 ـ، 1221 ـ يىللىرى)دە ھۆكۈمرانلار بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان، بىراق، ھەر خىل دىنلارغا قارىتا كەڭ قوللۇق سىياسىتىنى قوللانغان. بۇ خىل ئەھۋالدا ئىسلام دىنى تىنچ يول بىلەن تارقىتىلىشقا باشلىغان. ئىسلام دىنى قەشقەرنى مەركەز قىلىپ، تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئىككى قىرغىقىنى بويلاپ، شەرقىي جەنۇبىي يولدىن يېڭىسار، قاغىلىق، يەكەن، خوتەن، چەرچەنگە، شەرقىي شىمالىي يولدىن ئاتۇش، مارالبېشى، ئاقسۇغا تارقالغان. بىراق، كۇچا، قوچولار يەنىلا ئىسلام دىنىنىڭ شەرققە تارقىلىشىدىكى توسالغۇ ئىدى. غەربىي لياۋ خاندانلىقىنىڭ ئاخىرلىرى

كۆچلۈك كەڭ قوللۇق سىياسەتنى ئۆزگەرتىپ، ئىسلام دىنىنى قاتتىق چەكلەش سىياسىتىنى يولغا قويغان، ئىسلام دىنى شىنجاڭغا كىرگەندىن بۇيانقى تۇنجى زەربىگە دۇچ كەلگەن. كېيىن مۇسۇلمانلار موڭغۇل قوشۇنلىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ، غەربىي لياۋ خاندانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغان. موڭغۇل ھۆكۈمرانلىرى كۆچلۈك ساۋىقىنى قوبۇل قىلىپ، دىنغا كەڭ قوللۇق قىلىش سىياسىتىنى قوللانغان، ئىسلام دىنى تىنچ يول بىلەن داۋاملىق تارقىتىلىپ، 13 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىدىكى كۆچمەن چارۋىچىلىق رايونلىرىغا تارقىلىشقا باشلىغان.

14 ـ ئەسىردە، شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ خانى تۇغلۇق تۆمۈرخان ئىسلام دىنىغا كىرىپ، شىنجاڭدا ئەڭ بۇرۇن ئىسلام دىنىغا كىرگەن تۇنجى موڭغۇل خانى بولۇپ قالغان. ئۇ خانلىق نوپۇزىدىن پايدىلىنىپ قول ئاستىدىكىلەرنى ئىسلام دىنىغا بەيئەت قىلىشقا مەجبۇرلاپ، ئىسلام دىنىنى يۆلەيدىغان تۈرلۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، شىنجاڭدا ئىككىنچى قېتىم قورال كۈچى بىلەن دىن تارقىتىش دولقۇنىنى قوزغىغان. 1353 ـ ، 1354 ـ يىللىرى ئالمىلىقتا 160 مىڭ ئادەم ئىسلام دىنىغا كوللېكتىپ بەيئەت قىلغان. تەخمىنەن بىر يىلدىن كېيىن، ئەرشىدىن خوجا تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ قوللىشى بىلەن «كۇچا ئىسلام ئۆلىمالىرى» نى باشلاپ كۇچاغا ھەربىي يۈرۈش قىلغان. كۇچا، شاياردىكى بۇددىستلار ئالمىلىقتىكى ئىسلام دىنىغا قارشى ھەرىكەتنىڭ تەسىرىدە قوزغىلاڭ كۆتۈرگەندە، تۇغلۇق تۆمۈرخان قوشۇن ئەۋەتىپ ئۇلارنى باستۇرغان، قوزغىلاڭغا قاتناشقان بۇددا مۇرىتلىرىنىڭ ھەممىسى شۇ جايدىن قوغلاپ چىقىرىلىپ، كۇچادىكى بۇددا دىنى كۈچلىرى ئاساسەن يوقىتىلغان، شۇنىڭ بىلەن يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ ھەممىسى ئىسلام دىنىغا بەيئەت قىلىپ، 1000 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە كۇسەن بۇددا مەدەنىيىتى ھالاك قىلىنغان.

1392 ـ يىلى، شەرقىي چاغاتاي خانلىقى قوچو ئۇيغۇرلىرىغا غازات باشلاپ، كەسكىن جەڭ ئارقىلىق ئاخىرى تۇرپاننى ئىشغال قىلغان. بىراق ئارىدىن 60 ــ 70 يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئاندىن ئىسلام دىنى بۇددا دىنىنىڭ ئورنىنى تولۇق ئالغان. ئۇنىڭدىن كېيىن تۇرپان ئىسلام دىنى ھۆكۈمرانلىرى مىڭ سۇلالىسى بىلەن قۇمۇلنى قايتا ـ قايتا تالاشقان، 1529 ـ يىلى مىڭ سۇلالىسى كۈچلىرى قۇمۇلدىن چېكىنىپ چىققان، قۇمۇل ئىسلام دىنىنىڭ يەنە بىر ئىشغالىيەت رايونى بولۇپ قالغان. ئىسلام دىنى شىنجاڭدىكى ھۆكۈمران دىنغا ئايلانغان. يالغۇز جۇڭغار ئويمانلىقىدىكى ئويراتلارلا لاما دىنىغا ئېتىقاد قىلغان.

ئىسلام دىنى 10 ـ ئەسىردە شىنجاڭغا تارقىلىپ كىرگەندىن تارتىپ 16 ـ ئەسىردە ھۆكۈمران ئورۇننى ئىگىلىگۈچە بولغان ئارىلىقتا تەخمىنەن 600 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت كەتكەن. ئىسلام دىنىنىڭ بۇددا دىنىنىڭ ئورنىنى ئېلىپ ھۆكۈمران ئورۇنغا ئۆتەلىشى ناھايىتى زور دەرىجىدە ئوخشاش بولمىغان دەۋرلەردىكى ھاكىمىيەتلەرنىڭ ئىسلام دىنىدىكى غازاتتىن پايدىلىنىپ ھوقۇق تالاشقانلىقىنىڭ نەتىجىسى، يەنە بىر تەرەپتىن، ئەينى چاغدىكى شىنجاڭنىڭ قالاق ئىجتىمائىي تۈزۈمى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئۇزۇن مۇددەتلىك زۇلۇم ۋە ئۇرۇشنىڭ دەردىنى يەتكۈدەك تارتقان ھەر مىللەت خەلقى رېئال تۇرمۇشتىن چىقىش يولى تاپالمىغان، بۇددا دىنىمۇ ئۇلارنى ئازاب دېڭىزىدىن قۇتقۇزالمىغان، شۇڭا، يېڭى دىندىن روھىي تەسەللى ئىزدەشكە مەجبۇر بولغان؛ شىنجاڭ يىپەك يولىنىڭ مۇھىم ئورنىغا جايلاشقان بولغاچقا، ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشىنى قولايلىق شارائىت بىلەن تەمىن ئەتكەن؛ ئىسلام دىنىدىكى «بارچە مۇسۇلمان قېرىنداشتۇر» دېگەن شوئار ھەمدە جەڭ غەنىيمەتلىرىنى تەڭ بۆلۈشۈش قاتارلىق پرىنسىپلار ئاممىنى جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە ئىدى؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە ھۆكۈمرانلار ئۇنى جېنىنىڭ بارىچە قوللىغان بولغاچقا، تېز تەرەققىي قىلالىغانىدى.

ئىسلام دىنى سۈننىي مەزھىپى، شىئە مەزھىپى، سوپىلار
مەزھىپى دەپ ئايرىلىدۇ، بۇ مەزھەپلەر ئىسلام دىنى بىلەن بىرگە
شىنجاڭغا تارقالغان. سۈننىي مەزھىپى ھۆكۈمەت تەرەپ مەزھىپى
ياكى ئەنئەنىۋى مەزھەپ بولۇپ، شىنجاڭدا كۆپ ساننى ئىگىلەيـ
دۇ، بىراق سوپىلار مەزھىپى ئىنتايىن جانلىق. سوپىلار مەزھىپى
ئەڭ دەسلەپتە قاراخانىيلار سۇلالىسىدە بارلىققا كەلگەن، يۈەن
سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى مىڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرى تارقاق پائاـ
لىيەت قىلىشتىن تەشكىللىك پائالىيەت قىلىشقا ئۆتكەن، مىڭ
سۇلالىسى بىلەن چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئارىلىقىدا بىرقانچە دىنىي
گۇرۇھقا ئايرىلغان، بۇنىڭ ئىچىدە مەختۇم ئەزەم خوجىنىڭ
نەقشبەندىيە تەرىقىتىنىڭ شىنجاڭ تارىخىدىكى تەسىرى ئەڭ
چوڭ بولدى. ئۇلارنىڭ تەسىرى ئاساسلىقى مۇنداق ئىككى جەـ
ھەتتە ئىپادىلىنىدۇ. بىرىنچى، 17 ـ ئەسىردە خوجىلار ئاق تاغـ
لىقلار ۋە قار تاغلىقلارغا ئايرىلىپ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش
يەكەن سەئىدىيە دۆلىتى (1514 ـ، 1680 ـ يىللىرى)نى يوقاتـ
قان، جۇڭغار ھۆكۈمران كۈچلىرى جەنۇبىي شىنجاڭنى كونترول
قىلغان. ئىككىنچى، 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى چېگرا سىرتىـ
دىكى قوقان دۆلىتى خوجىلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىدىن پايـ
دىلىنىپ، جەنۇبىي شىنجاڭغا كۆپ قېتىم تاجاۋۇز قىلىپ كىـ
رىپ، شۇ جاينىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكىگە ئېغىر بۇزغۇنچىلىق
قىلغان.

شىنجاڭدا كۆپ خىل دىن تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ھادىـ
سىسىدە مۇنداق ئىككى خىل ئالاھىدىلىك بار. بىرىنچىسى، كۆپ
خىل دىنلار شەرق ۋە غەربتىكى ئوخشاش بولمىغان مەدەنىي دۆلـ
يادىن كەلگەن. بۇددا دىنى ھىندىستاندىن، زوروئاستېر دىنى، ماـ
نى دىنى، نېستورى دىنى پېرسىيىدىن، تويىن دىنى ئوتتۇرا تۈزـ
لەڭلىكتىن، ئىسلام دىنى ئەرەبىستاندىن، خرىستىئان دىنى، كاـ
تولىك دىنى، پراۋوسلاۋ دىنى ياۋروپادىن كەلگەن بولۇپ، شىنـ
جاڭدىكى دىنلارنىڭ ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەتتىن كەلگەن

كۆپ مەنبەلىك مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىنى تولۇق نامايان قىلى-
دۇ. ھالبۇكى، بۇ خىل كۆپ مەنبەلىك مەدەنىيەتنىڭ شەكىللى-
نىشىدە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى مۇھىم ۋاستىچىلىك رولىنى
ئوينىغان. زوروئاستېر دىنى، مانى دىنى، نېستورى دىنى ئاساس-
لىقى سوغدىلار رايونى ئارقىلىق كىرگەن، بۇددا دىنى، ئىسلام
دىنىمۇ ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. بۇ خىل ھادىسە
شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى بىلەن مۇ-
ناسىۋەتلىك، يىپەك يولىدىكى بۆلەكلەرگە ئايرىلغان سودىنىڭ
ئىقتىسادىي رولى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك. ئىككىنچى، كۆپ خىل
دىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى ھەرقايسى جايلار بىلەن زىچ مۇنا-
سىۋەتلىك. تويىن دىنى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى ئەنئەنىۋى دىن
بولسا، خەنزۇلاردىن تارقالغان بۇددا دىنى روشەن خەنزۇ مەدەنى-
يىتى ئالاھىدىلىكىگە ئىگە ئىدى، تۇبۇت بۇددا دىنى شىزاڭ مەدە-
نىيىتىنىڭ ۋەكىلى ئىدى، شىنجاڭدا تويىن دىنىنىڭ مەۋجۇت
بولۇشى، خەنزۇلار ئارقىلىق تارقالغان بۇددا دىنىنىڭ تارقىلى-
شى، تۇبۇت بۇددا دىنىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ھەممە شىنجاڭدىكى
ئاتەش دىنى سابا تۈزۈمىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭكى بىلەن
ئوخشاش بولۇشى، «غۇز تەڭرى» ئاتالغۇسىنىڭ ئىچكىرىنىڭكى
بىلەن بىردەك بولۇشى، مانى دىنىنىڭ تارقىلىشى شىمالىي دالا
ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭكىگە ۋارىسلىق قىلىشى، ئومۇمەن مۇ-
شۇلار شىنجاڭ بىلەن ۋەتەننىڭ ھەرقايسى جايلىرىنىڭ زىچ ئالا-
قىسىنى گەۋدىلەندۇرۇپ بېرىدۇ.

## ئۈچىنچى، ئەدەبىيات ـ سەنئەت مۇۋەپپەقىيەتلىرى

شىنجاڭ رايونىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتى ئىنتايىن گۈل-
لەنگەن، مۇزىكا، رەسىم سىزىشمۇ ئىنتايىن شانلىق تارىخقا ئى-
گە. بۇ ئەدەبىيات-سەنئەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى شىنجاڭدىكى ھەر
مىللەت خەلقى ئۇزاق مۇددەتلىك تۇرمۇش ئەمەلىيىتى داۋامىدا
ياراتقان بولۇپ، روشەن رايون ئالاھىدىلىكىگە ئىگە، بۇلار ھەم

شەرق بىلەن غەرب مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولۇپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ قىممەتلىك مەنىۋى بايلىقى.

### 1. ئەدەبىي ئەسەرلەر

شىنجاڭ تارىخىدا نۇرغۇن ئەدەبىي ئەسەرلەر بارلىققا كەلـ-گەن، «قۇتادغۇبىلىك »، «تۈركىي تىللار دىۋانى»، «ماناس»، «جاڭـ-غىر» قاتارلىقلار مانا شۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرقەدەر ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەسەرلەردۇر.

«قۇتادغۇبىلىك» قاراخانىيلار خانىدانلىقى دەۋرىدە يېزىلغان مەشھۇر شېئىرىي داستان، ئۇنى يۈسۈپ خاس ھاجىپ ھىجرىيە 462 ـ يىلى (مىلادىيە 1069 ـ يىلى) يېزىپ تاماملاپ قەشقەر-دىكى ھۆكۈمران تابغاچ بۇغراخانغا تەقدىم قىلغان. پۈتۈن كىتاب 85 باب، ئۈچ بۆلەك، 13 مىڭ 290 مىسرادىن تەركىب تاپقان بو-لۇپ، ئارۇز ۋەزنى بويىچە يېزىلغان. ئۇنىڭ مەزمۇنى جەمئىيەت، سىياسەت، ئىقتىساد، پەلسەپە، ئەدەبىيات قاتارلىق ساھەلەرگە چېتىلىدۇ. «قۇتادغۇبىلىك» تە كۈنتۇغدى، ئايتولدى، ئۆگدۈل-مىش، ئودغۇرمىش قاتارلىق تۆت بەدىئىي ئوبراز ئادالەت، بەخت-سائادەت، ئەقىل ـ پاراسەت ۋە قانائەت قاتارلىق تۆت ئۇ-قۇمغا ۋەكىللىك قىلغان، ئۇلارنىڭ سۆھبىتى ۋە ھېكايە ۋەقەلىـ-كىنىڭ تەرەققىياتى ئارقىلىق، ئاپتورنىڭ پەلسەپىۋى دىداكتىك ئىدىيىسى شەرھلەنگەن. ئاپتور ئادەم، بولۇپمۇ ھۆكۈمرانىنىڭ ئەڭ مۇھىمى پەزىلىتى ئادىل، سەمىمىي، ياخشىلىق بولۇشى لازىم، ۋەزىرلەر ئەڭ مۇھىمى پاك ـ دىيانەتلىك بولۇشى، نەپسانىيەتچىـ-لىك قىلماسلىقى كېرەك، پادىشاھ دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىشى، ۋەزىرلەر پادىشاھقا بىلىم ئارقىلىق يار ـ يۆلەك بولۇشى كېرەك، ئىنساننىڭ قەدىر ـ قىممىتى بىلىم ۋە ئەـ-قىل ـ پاراسەتتە دەپ قارايدۇ. كىتابتا يەنە قانداق قىلغاندا ياخـ-شى پادىشاھ، ياخشى ۋەزىر، ياخشى سەركەردە، ياخشى خادىم، ياخشى مىرزىبەگ، ياخشى خەزىنە ۋەزىرى ۋە ياخشى مەنسەپدار

بولغىلى بولىدىغانلىقى ئايرىم ـ ئايرىم بايان قىلىنىغان، ھۆ-كۈمرانلارنىڭ كاتتىلارغا، ئالىملارغا، تېۋىپلارغا، شائىرلارغا، دېھقانلارغا، سودىگەرلەرگە، مالچىلارغا، ئۇستىكارلارغا، نامراتلار-غا قانداق مۇئامىلە قىلىشى لازىملىقى ھەمدە كىشىلەرنىڭ پادى-شاھ ئۈچۈن قانداق خىزمەت قىلىشى لازىملىقى، ۋەھاكازالار بايان قىلىنغان. كىتابتا يەنە بالا ـ قازا بىلەن ئامەت، ئازاب ـ ئوقۇبەت بىلەن بەخت ـ سائادەت، ئەزىزلىك بىلەن خارلىق، نامراتلىق بى-لەن بايلىق، غەلىبە بىلەن مەغلۇبىيەت، ياخشىلىق بىلەن يامان-لىق قاتارلىق زىددىيەتنىڭ بىر پۈتۈنلۈكى بىلەن قارىمۇقارشى-لىقىنىڭ بىر ـ بىرىگە ئايلىنىشىدەك دىئالېكتىك مۇناسىۋەت توغرىسىدا نۇرغۇن بايانلار بېرىلگەن بولۇپ، ئاپتورنىڭ ساددا دى-ئالېكتىك ئىدىيىسى نامايان قىلىنغان. ئاپتورنىڭ ئەخلاق، دىداكتىكا ئىدىيىسىنىڭ مەنبەسى ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمىي مەدەنى-يەت ئەنئەنىسى بولۇپ، ئۇنىڭغا يەنە ئىسلام مەدەنىيىتى، بۇددا مەدەنىيىتى ۋە كۆڭزى مەدەنىيىتىنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئىدىيىلى-رى سىڭگەن. بىراق، ئۆزىگە خاس سىستېما شەكىللەندۈرۈپ، ئۆزگىچە ئۇسلۇبنى ھاسىل قىلغان.

«قۇتادغۇبىلىك» تە مۇرەككەپ، ئابستراكت، مەنىسىز پەلسە-پىۋى ئۇقۇم ۋە دىداكتىك ئىدىيىلەر ئېنىق، ئوبرازلىق، جانلىق تىللار بىلەن ئىپادىلەنگەن بولۇپ، ناھايىتى ياخشى ئىجتىمائىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىنغان. مەزكۇر كىتابنىڭ نەسرىي كىرىش سۆز قىسمىدا ئاپتور مۇنداق دەيدۇ: «چىنلىق ۋە ماچىنلىق ئالىملار ۋە دانالار مۇنداق نۇقتىغا قوشۇلىدۇ، شەرقتە، پۈتكۈل تۈركىستان (ئىلگىرى) دا بۇغراخان تىلىدا ھېچقانداق ئادەم تۈرك تىلى بىلەن بۇ كىتابتىنمۇ ياخشى كىتاب يازالىغان ئەمەس. بۇ كىتاب ھەر-قايسى ئەللەردە ئۆزىنىڭ ئىنتايىن ئەسقاتىدىغانلىقى بىلەن ئوخ-شىمىغانناملار بىلەن ئاتالدى. چىنلىقلار ئۇنى ئەدەبۇلمۇلۇك ، ماچىنلىقلار ئۇنى ئاينۇل مەملىكە، شەرقلىقلەر ئۇنى زىننەتۇل ئۇمىرا، ئىرانلىقلار ئۇنى شاھنامەئىي تۈرك، بەزىلەر ئۇنى پەندە-

نامەئىي تۈرك، تۈرانلىقلار ئۇنى قۇتادغۇبىلىك دەپ ئاتىدى.» بۇلار «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ تەسىر كۈچىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

«قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ئەسلىي نۇسخىسى يوقىلىپ كەتكەن بولۇپ، ھازىر ئۈچ خىل كۆچۈرمە نۇسخىسى بار: 1. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى كۆچۈرمە نۇسخىسى، ھىرات ياكى ۋىنا نۇسخىسى. 2. ئەرەب يېزىقىدا كۆچۈرۈلگەن قاھىرە ياكى مىسىر نۇسخىسى. 3. ئەرەب يېزىقىدا كۆچۈرۈلگەن نامانگەن ياكى فەرغانە نۇسخىسى.

«تۈركىي تىللار دىۋانى» قاراخانىيلار خاندانلىقىدىكى يەنە بىر ئېسىل مەدەنىيەت سەمەرىسى. ئۇنىڭ ئاپتورى مەھمۇد قەشقەرى كۈچلۈك مىللىي ئاڭغا ئىگە ئالىم. ئۇ ياشىغان دەۋرلەردە ئەرەب تىل - يېزىقى قاراخانىيلار خاندانلىقىدا ئومۇملىشىپ، تۈرك مەدەنىيىتى ئەرەب مەدەنىيىتى تەرىپىدىن ئاسسىمىلياتسىيە قىلىنىپ كېتىش خەۋپىگە دۇچ كەلگەن. بىراق، تۈركلەرنىڭ ئەرەب ئىسلام ئىمپېرىيىسىنىڭ سىياسىي تۈرمۇشىدىكى رولى بارغانسېرى مۇھىملىشىپ، ئەرەبلەر سىياسىي، ئىقتىسادىي ئېھتىياج تۈپەيلىدىن تۈرك تىلىنى ئۆگىنىشكە مەجبۇر بولغان. مەھمۇد قەشقەرى مۇشۇ پايدىلىق پۇرسەتنى تۇتۇپ، ئەرەبلەرنىڭ تۈرك تىلى ئۆگىنىشىگە باب كېلىدىغان مۇشۇ تۈرك تىلى لۇغىتىنى تۈزۈپ چىقىپ، تۈرك مەدەنىيىتىنى كەڭ ئەۋج ئالدۇرغان.

مەھمۇد قەشقەرى قاراخانىيلار خاندانلىقىنىڭ ئەۋلادى بولۇپ، قەشقەردە ناھايىتى ياخشى تەربىيە ئالغان، كېيىن سىياسىي ئۆزگىرىشكە دۇچ كېلىپ غەربىي قىسىم رايونلىرىدا سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن ھەمدە شۇ جايلاردا چوڭقۇر تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان، بۇلار ئۇنىڭ كېيىن لۇغەت تۈزۈشى ئۈچۈن شارائىت ھازىرلاپ بەرگەن. بۇ لۇغەت تەخمىنەن 1074 - يىلى تاماملانغان ھەمدە ئىككىنچى يىلى ئابباسىيلار سۇلالىسىنىڭ خەلىپىسىگە تەقدىم قىلىنغان.

«تۈركىي تىللار دىۋانى» ئېسىل تىلشۇناسلىق ئەسىرى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا جەمئىيىتى توغرىسىدىكى قامۇس. پۈتۈن كىتاب ئەرەب يېزىقىدا يېزىلغان بولۇپ، جەمئىي 7500 سۆزلەم (سۆز ۋە جۈملىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) كىرگۈزۈلگەن، تۇرلۇك ژانىردىكى تۆت مىسرالىق شېئىردىن 242، ئەقلىيە سۆز، ماقال-تەمسىلدىن 200 دىن ئارتۇقراق كىرگۈزۈلگەن، جەمئىي سەككىز بۆلۈم. لۇغەتكە كىرگۈزۈلگەن سۆزلەرنىڭ مەزمۇنى ئىنتايىن كەڭ بولۇپ، ئاسترونومىيە، كالېندارچىلىق، جۇغراپىيە، قەبىلە، مەنسەپ، ھەربىي ئىشلار، سىياسىي، تارىخىي شەخسلەر، ئەپسانىۋى شەخسلەر، دىن، تەنتەربىيە، سەھىيە، تېبىبىي دورىگەرلىك، ساغلاملىق، يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك، ئۇسكىنە - قورال، قۇشلار - ھايۋانلار، ئۆي ھايۋانلىرى، قۇرت - ھاشاراتلار، مەدەن، كۆڭۈل ئېچىش، ئويۇن قاتارلىقلار بار. ئۇنىڭدا ئۇيغۇرلارنىڭ ھەمدە باشقا تۈركىي مىللەتلەرنىڭ نەچچە 1000 يىللاردىن بۇيان داۋاملىشىپ كەلگەن ئاساسىي لېكسىكىسى ۋە گرامماتىكىسى ساقلىنىپ قالغان ھەمدە كېيىنكىلەرنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى غەربىي يۇرتنىڭ سىياسىي تۈزۈمى، ئىقتىسادىي مۇناسىۋىتى، ئىجتىمائىي ئۆرپ - ئادەتلىرى، دىنىي ئېتىقادى، مىللەت ئەھۋالى، جۇغراپىيىلىك ناملىرى ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت، تەنتەربىيە پائالىيىتىنى تەتقىق قىلىشىنى مول ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىگەن. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا يەنە بىر پارچە رەڭلىك يۇملاق خەرىتە بېرىلگەن. بۇ خەرىتىدە ئاپتور ئەينى ۋاقىتتا بىلگەن دۇنيا تەسۋىرلەنگەن، ئۇ ھەم بۈگۈنگە قەدەر يېتىپ كەلگەن ئەڭ مۇكەممەل ئوتتۇرا ئاسىيا خەرىتىسى.[①]

«ماناس» قىرغىزلارنىڭ باتۇرلۇق ئېپوسى، شۇنداقلا ئېلىمىزدىكى ئۈچ چوڭ تارىخىي داستاننىڭ بىرى ( قالغان ئىككىسى

① بۇ تەيشەن باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن: «غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى تارىخى»، جۇڭگو دوستلۇق نەشرىياتى شىركىتى، 1995 - يىلى نەشرى، 250 - ، 251 - بەتلەر.

زاڭزۇلارنىڭ «گېسار»، موڭغۇللارنىڭ «جاڭغىر» قاتارلىق
داستانلىرىدۇر.) تارىخىي داستانلاردا ئادەتتە ئاساسلىقى جەڭ
سۆزلىنىدۇ، باتۇرلۇق ئېپوسىدىكى باش قەھرىمان ئادەتتە ئۆز-
گىچە كۈچ ـ قۇدرەتكە، مۇستەھكەم ئىرادىگە، ئاجايىپ ھەرىكەت-
كە، ئۇلۇغ تۆھپىگە ئىگە، كۈچلۈك دۈشمەن ئالدىدا خەلققە رەھ-
بەرلىك قىلىپ باتۇرلۇق بىلەن كۈرەش قىلىشقا جۈرئەتلىك بو-
لىدۇ، خەلقنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن ئۆز ھاياتىنى قۇربان قىلىش-
تىن يانمايدۇ، مىللەتنىڭ روھىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ، خەلقنىڭ
ئومۇمىيۈزلۈك چوقۇنۇشىغا ۋە قىزغىن سۆيۈشىگە سازاۋەر بولى-
دۇ. «ماناس» مۇ ئەنە شۇنداق باتۇرلۇق ئېپوسى. «ماناس» ئۇزۇن-
دىن بۇيان مەملىكىتىمىز ئىچى ۋە سىرتىدا كەڭ دائىرىدە ئېيى-
تىلىپ كەلگەن،چېگرا ئىچى ـ سىرتىدا ئۇنىڭ باشقا نۇسخىلى-
رىمۇ بار، بىراق ئورۇنداش سەۋىيىسى ئەڭ يۇقىرى، ئەڭ نوپۇز-
لۇق بولغىنى ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قى-
زىلسۇ ئوبلاستى ئاقچى ناھىيىسىدىكى پېشقەدەم سەنئەتكار يۈ-
سۈپ ماماي ئېيتقان سەككىز بۆلەك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ
سەككىز بۆلەك «ماناس»، «سەمەتەي»، «سەيتەك»، «كەنەنىم»،
«سەيىت»، «ئاسىل باچا ۋە بەكباچا»، «سومبىلەك»، «چەنىگەي»
قاتارلىقلار بولۇپ، سەككىز بۆلەكتە قەھرىمان ماناس جەمەتىدى-
كى سەككىز ئەۋلاد كىشىنىڭ مىللەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش
ھوقۇقى ئۈچۈن ئالدىنقىلارنىڭ ئىزىنى كېيىنكىلەر بېسىپ كۈ-
رەش قىلىش مۇساپىسى ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ، داستان 200 مىڭ
مىسرا بولۇپ، غايەت زور كاتتا ئەسەر دېيىشكە بولىدۇ. بىرىنچى
بۆلەك «ماناس» 50 مىڭ مىسرادىن ئارتۇقراق بولۇپ، ماناسنىڭ
ئۆز قەبىلىسىنى باشلاپ يۇرتىنى گۈللەندۈرۈش، تاشقى دۈشمەن-
نىڭ تاجاۋۇزىغا تاقابىل تۇرۇش، ئۇرۇشتا غەلىبە قىلىش قاتار-
لىق ئىش ئىزلىرى بايان قىلىنىدۇ، ئۇنىڭ بەدىئىي مۇۋەپپەقىيە-
تى ئەڭ يۇقىرى. ماناس قەدىمكى قىرغىزلارنىڭ غايىسىدىكى
قەھرىمان، ئۇ تەدبىرلىك، كەڭ قورساق، رەزىللىكنى يامان كۆ-

رىدۇ، خەلقنى قىزغىن سۆيىدۇ، ئەركىنلىك ۋە بەخت ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ، خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى ئەقىل - پاراسەت ۋە باتۇرلۇق بىلەن قوغدايدۇ، ئۇنىڭدا غەربىي يۇرتتىكى مىللەتلەرنىڭ قەھرىمانلىق قارىشى مەركەزلىك گەۋدىلەنگەن، ئۇنىڭدا غەربىي يۇرتتىكى مىللەتلەرنىڭ روھى ئورتاقلىقى ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ. بۇ سەككىز بۆلەكتە يەنە باشقا جانلىق ھەم خاسلىقى روشەن 100دىن ئارتۇق پېرسوناژ يارىتىلغان. بۇ بەدىئىي ئوبرازلار ئارقىلىق غەربىي يۇرتتىكى مىللەتلەرنىڭ خاراكتېرىدىكى كۆپ خىللىق ۋە رەڭدارلىق نامايان قىلىنغان. داستاندا يەنە چوڭ - كىچىك ئون نەچچە جەڭگاھ تەسۋىرلەنگەن. بۇ جەڭگاھلارنىڭ كۆلىمى زور، ھېكايە ۋەقەلىكى ئەگرى - توقاي بولۇپ، ئادەمنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىدۇ. ئومۇمىي بەدىئىي سەۋىيىسى يۇقىرى پەللىگە يەتكەن.

«جاڭغىر» موڭغۇللارنىڭ باتۇرلۇق ئېپوسى، ئەڭ دەسلەپتە ئاغزاكى تىلدا ئەل ئىچىدە تارقالغان، مىڭ سۇلالىسىگە كەلگەندە يېزىق بىلەن خاتىرىلەنگەن. داستاننىڭ ئاساسىي مەزمۇنى مۇنداق: باش قەھرىمان جاڭغىر 6000 دىن ئارتۇق باتۇرنى باشلاپ جازا يۈرۈشى قىلىپ، 70 نەچچە خانىنى بويسۇندۇرىدۇ، تۈرلۈك رەزىللىكلەر ئۈستىدىن غالىب كېلىدۇ، جەننەت كەبىي «بامبا»نى بەرپا قىلىدۇ. «بامبا» بىلەن قەھرىمان شەخس جاڭغىر داستاندا مەدھىيىلەنگەن ئىككى ئاساسىي تېما. «بامبا» تارىخىي داستاندا تەسۋىرلەنگەن غايىۋى جەمئىيەت، ئۇ جايدا ھەممە ئادەم باراۋەر، ياش ھەم بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ خىل جەمئىيەت قەدىمكى زاماندا ئەسلا مەۋجۇت ئەمەس ئىدى، ئۇ قەدىمكى زامان كىشىلىرىنىڭ تىنچلىققا، بەخت-سائادەتكە ئىنتىلىش، قەبىلىلەر ئارىسىدىكى ئۈزۈلمەس ئۇرۇشلارغا قارشى تۇرغانلىقىنىڭ ئىپادىسى. گۈزەل غايىۋى جەمئىيەتكە ئىنتىلىش بۇ تارىخىي داستاننىڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكى. جاڭغىر قەھرىمان شەخس، ئۇنىڭدىن قەھرىمانلار دەۋردىكى قەبىلە ئاتامانلىرى-

غا خاس ئېسىل پەزىلەتلەرنىڭ ھەممىسى تېپىلىدۇ. ئۇ ئالىيجاناب غايىگە، مۇستەھكەم ئىرادىگە، ئۆزگىچە جاسارەتكە، يۇقىرى چام- باشچىلىق ماھارىتىگە ئىگە، ئۇ تەدبىرلىك، ۋەدىسىدە تۇرىدۇ ھەم كەسكىن، ئەمما مۇستەبىتلىك قىلمايدۇ. تاشقى دۈشمەنىنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرۇپ، يۇرتىنى قوغداش ئۈچۈن قەبىلىدىكى- لەرنى باشلاپ جەڭ قىلىشقا، ھەتتا جېنىنى پىدا قىلىشقا ھەر ۋاقىت تەييار تۇرىدۇ. بۇ خىل روھ ئەمەلىيەتتە ھەم موڭغۇللار- نىڭ قەيسەر مىللىي روھى. «جاڭغىر» نىڭ تىلى ئىنتايىن نەپىس ھەم مول، ئۇنىڭدا ئويراتلارنىڭ جانلىق خەلق تىلى قوللىنىل- غان، ئۇنىڭغا يەنە قەدىمكى زامان قوشاقلىرى، تەبرىك ۋە مەدھى- يە سۆزلىرى، ھېكمەتلىك سۆزلەر، ماقال - تەمسىل قاتارلىق خەلق ئېغىز ئەدەبىيات شەكىللىرى كىرىشتۈرۈلگەن، ئۇنىڭدا با- تۇرلۇق ئېپوسىغا خاس مەردانە كەيپىيات ۋە كۈچلۈك مۇزىكا رى- تىمى بار. بۇ تارىخىي داستاندا يەنە ئويرات موڭغۇللىرىنىڭ تۇر- مۇشى، قورال - ياراغلىرى، كىيىم-كېچەكلىرى، قۇرۇلۇشى قا- تارلىقلارغا دائىر مەزمۇنلار ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئۇ بىر ئېسىل ئەدەبىي ئەسەر بولۇپلا قالماستىن، يەنە ئويرات موڭغۇللىرىنىڭ جەمئىيىتى، ئىقتىسادى، تارىخى، مەدەنىيىتى، تىلى، ئۆرپ-ئا- دىتى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىشتىكى قىممەتلىك ماتېرىيال. ھازىر ئېلىمىزدە ئۇنىڭ ئىككى خىل نۇسخىدىكى تەرجىمە نۇس- خىسى نەشر قىلىنىدى، ئۇنىڭ يەنە ياپونچە، نېمىسچە، رۇسچە كۆپ خىل نەشرلىرى بار.

### 2. مۇزىكا، ئۇسسۇللىرى

شىنجاڭ ئەزەلدىنلا مۇزىكا ۋە ئۇسسۇل ناھايىتى ئەۋج ئال- غان ماكان. «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» نىڭ 97 - جىلدىدە: «كىنگىت دۆلىتىدىكىلەر مۇزىكىغا ئامراق، ناخشا - ئۇسسۇلنى ياخشى كۆرىدۇ» دەپ خاتىرىلەنگەن. «يېڭى تاڭنامە» نىڭ 221 - جىلدىدە: «ئۇدۇنلۇقلار ناخشا، ئۇسسۇلغا ماھىر» دەپ خاتىرىلەن- گەن. ھالبۇكى، كۇسەنىنىڭ مۇزىكا ۋە ئۇسسۇللىرى غەربىي

يۇرتىنىڭ سەۋيىسى ئەڭ يۇقىرى مۇزىكا ۋە ئۇسسۇلغا ۋەكىللىك
قىلىدۇ. شۇەن زاڭنىڭ «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت
خاتىرىسى» دە، كۇسەندىكىلەر «ناخشا ـ سازغا ئاجايىپ ماھىر»
دەپ خاتىرىلەنگەن، مانا بۇ ئەينى چاغدىكى ئەھۋالنىڭ ئەينەن
خاتىرىسى.
غەربىي خەن دەۋرىدە، كۇسەن خانى جياڭبىڭ خان خەن خا-
نىدانلىقىدىكى جىيۇ(غەم خالاس مەلىكىسى)نىڭ قىزى دىشىنى
خوتۇنلۇققا ئالغان، دىش خەنزۇ مەدەنىيىتىنى قىزغىن سۆيىدىغان
بولغاچقا، ئىلگىرى چاڭئەندە مۇزىكا ئۆگەنگەنىدى. ئۇ كۇسەندە
خانىش بولغاندىن كېيىن، مىلادىيە 65-يىلى جياڭبىڭ خان بى-
لەن بىرگە چاڭئەنگە كېلىپ خاننى زىيارەت قىلىپ مۇبارەكلى-
دى، خەن شۈەندى ئۇلارغا «ئات ـ ھارۋا، تۇغ ـ ئەلەم، داقا ـ
دۇمباقلارنى، ئونلاپ ناخشىچى ـ سازەندە، كىمخاب-تەتلىلا، گۆ-
ھەر ـ ياقۇت قاتارلىق بىرنەچچە تۈمەن يارماقلىق يوللۇق ھەدىيە
قىلغان. ئۇلار پايتەختتە بىر يىلغا يېقىن تۇرغاندىن كېيىن، نا-
ھايىتى نۇرغۇن سوۋغات بىلەن ئۇزىتىپ قويۇلغان. كېيىنمۇ كۆپ
قېتىم كېلىپ خاننى زىيارەت قىلغان، خەن سۇلالىسىچە كىيىم ـ
كېچەكلەر ۋە قائىدە-تۈزۈملەرنى ياقتۇرۇپ قالغان.» كۇسەن خان
ئوردىسى خەنزۇ مەدەنىيىتى مۇزىكىلىرى بىلەن ئۇچرىشىش ۋە
ئۆزئارا ئالماشتۇرۇش داۋامىدا، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ مۇزىكى-
لىق ئۇسسۇللىرى، سازلىرى ۋە سازەندىلىرىنى كۇسەنگە ئېلىپ
كەلگەن. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ساز ـ ئۇسسۇللىرىنىڭ تەسىرى
بىلەن كۇسەننىڭ مۇزىكا سەنئىتى ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلغان
ھەمدە دۇنياغا مەشھۇر ناخشا ـ ئۇسسۇل ماكانى بولۇپ قالغان.
كۇسەن ساز ـ ئۇسسۇللىرى شەرق ۋە غەربنىڭ مەدەنىيەت جەۋ-
ھەرلىرىنى كەڭ دائىرىدە قوبۇل قىلىش بىلەن بىرگە، ئۆز جايى-
نىڭ ساز ـ ئۇسسۇللىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ئاساسىدا شەكىللەن-
گەن. تەتقىقاتلارغا ئاساسلانغاندا، «مۇزىكا جەھەتتە كۇسەن ئوت-
تۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ بالمان، قوبۇزلىرىنى، مىسىر ۋە غەربىي ئا-

سىيانىڭ قوبۇز، بەرباپلىرىنى، ھىندىستان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ
غۇڭقا قاتارلىق سازلىرىنى قوبۇل قىلغان، بىراق ئومۇمىي جە-
ھەتتىن ئالغاندا، يەنىلا ئۆز مىللىتىنىڭ سازلىرىنى ئاساس قىل-
غان، كېش دۇمبىقى سەككىز ئاھاڭنىڭ ئەڭ كاتتىلىرى قاتارىغا
كىرگۈزۈلگەن. مۇزىكىلاردا مانى دىنى مەزمۇنىنى ئەكس ئەتتۇ-
رىدىغانلىرىمۇ، بۇددا دىنى مەزمۇنىنى ئەكس ئەتتۇرىدىغانلىرىمۇ
بار، بىراق ئاساسلىقى ئۆز مىللىتىنىڭ مۇزىكىسىنى ئەڭ مۇھىم
ئورۇنغا قويغان. مۇزىكا رىتىمى جەھەتتە ئاساسەن ئالدىنقى
چىننىڭ مۇزىكىشۇناسلىق سىستېمىسىنى قوبۇل قىلىپ، بەش
دەرىجىلىك رىتىم ۋە ساپ رىتىمنى قوللانغان. كۇسەن مۇزىكى-
لىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك، ھىندىستان، غەربىي ئاسىيادىن ئىبا-
رەت ئۈچ تەرەپنىڭ مۇزىكىلىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۇرۇپ،
پارلاق غەربىي يۇرت مەدەنىيىتىنى بارلىققا كەلتۇرگەن.»①

كۇسەن مۇزىكىلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ
ساز - ئۇسسۇللىرىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. 16 بەگلىك
دەۋرىدە، ئالدىنقى چىندىكى فۇ جيەن سەركەردە لۈگۇاڭنى 70
مىڭ لەشكەر بىلەن كۇسەنگە جازا يۈرۈشىگە ئەۋەتكەن، لۈگۇاڭ
كۇسەننىڭ گۈزەل مەدەنىيەت سەنئىتىگە مەھلىيا بولۇپ قالغان،
مىلادىيە 384 - يىلى كۇسەننى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، 20
مىڭ تۆگىگە كۇسەننىڭ ئۇسسۇلچى، سازەندىلىرى ۋە قىممەتلىك
بايلىقلارنى ئارتىپ شەرققە قايتقان، ئالدىنقى چىن ھاكىمىيىتى-
نىڭ يىمىرىلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ۋۇۋېيدا كې-
يىنكى لياڭ ھاكىمىيىتىنى قۇرغان ھەمدە غايەت زور ناخشا -
ئۇسسۇلچىلار قوشۇنى قۇرۇپ، كۇسەن مۇزىكىسىنىڭ شەرققە
تارقىلىشى ۋە كېيىنكى لياڭ مۇزىكىسىنىڭ شەكىللىنىشى ئۈ-
چۈن تۆھپە قوشقان. شىمالىي ۋېي سۇلالىسى مىلادىيە 439 -
يىلى شىمالىي لياڭ سۇلالىسىنى يوقىتىپ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنى

① جۇ چىڭباۋ: «يىپەك يولىدىكى مۇزىكا مەدەنىيىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1987 - يىلى نەشرى، 122 - بەت.

بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، كۇسەن مۇزىكىلىرى ئىككىن-
چى قېتىم زور كۆلەمدە شەرققە تارقالغان. شىمالىي ۋېي سۇلا-
لىسىنىڭ ھۆكۈمرانى كۇسەن مۇزىكىلىرىنى ئىنتايىن ياقتۇرات-
تى، «قانۇنلار قامۇسى» نىڭ 142 ـ جىلدىدە خاتىرىلىنىشىچە،
شۇەن ۋۇدىدىن كېيىن «بارچە خەلق غۇز مۇزىكىلىرىنى ياقتۇرد-
ىغان بولۇپ كەتكەن. پايتەخت كۆچۈرۈلگەندىن كېيىن، كۇسەن-
نىڭ بەرباپ، بەشتار، قوبۇز، غۇڭقا، غۇز دۇمبىقى، جاڭ، ساروس-
لىرىنىڭ ئاۋازى ئۇزۇلمەي، غۇز ئۇسسۇللىرى ئوينىلىپ تۇر-
غان.» شۇنىڭدىن كېيىنكى شىمالىي چىن سۇلالىسىنىڭ پادى-
شاھلىرىمۇ كۇسەن مۇزىكىلىرىنىڭ ھەممىسىنى «ياقتۇرۇپ قال-
غان»، ھەتتاكى «ھەممىدىن ئەتىۋار بىلگەن». شىمالىي جۇ سۇلا-
لىسىگە كەلگەندە، مىلادىيە 568 ـ يىلى ۋۇدى يۈۋېنيۇڭ تۈرك
قاغانىغا قۇدىلىشىشنى ئىلتىماس قىلغان، ئاشىنا مەلىكە تويلۇق
قاتارىدا كۇسەن، سۇلى، بۇخارا، سەمەرقەند قاتارلىق جايلاردىن
تەشكىللەنگەن 300 كىشىلىك غەربىي يۇرت سازەندە-ئۇسسۇل-
چىلار قوشۇنىنى باشلاپ بېرىپ، غەربىي يۇرتنىڭ ئېسىل مۇزى-
كا، ئۇسسۇللىرى ۋە سەنئىتىنى يەنە بىر قېتىم ئوتتۇرا تۈزلەڭ-
لىككە تارقاتقان. تۈرك مەلىكىسى ئېلىپ بارغان نۇرغۇن سەن-
ئەتكارلار كېيىن جۇڭگو مۇزىكا تارىخىدىكى مۇھىم شەخسلەردىن
بولۇپ قالغان، بۇلارنىڭ ئىچىدە تۆھپىسى ئەڭ چوڭى كۇسەنلىك
مۇزىكا نەزەرىيىچىسى سۇجۇپ ئىدى. سۇجۇپ كۇسەن مۇزىكا رى-
تىمىنىڭ «ئاھاڭ تۈزۈلۈشى» نەزەرىيىسىنى خەنزۇ مۇزىكانتلارغا
ئۆگەتكەن. «ئاھاڭ تۈزۈلۈشى» نەزەرىيىسىنىڭ تۇرغۇزۇلۇشى ۋە
تەتبىقلىنىشى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مۇزىكا رىتىمى سىستې-
مىسىنىڭ مۇكەممەللىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، مۇزىكىنى قې-
لىپلاشتۇرۇپلا قالماي، يەنە سۇي، تاڭ سۇلالىلىرى مۇزىكىلىرى-
نىڭ تەرەققىياتىغىمۇ چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن.① سۇي ۋە تاڭ

① دۇ ياشيۇڭ، جۇ جى: «يىپەك يولىدىكى مۇزىكا مەدەنىيىتى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1997 ـ يىلى نەشرى، 4 ـ بەت.

سۇلالىسى دەۋرلىرىدە ئەل ئىچىدە «ھەممە ئائىلىلەر غوز سازلىرىنى ئۆگىنىشكە باشلىغان»، ئوردا مۇزىكىلىرىدىمۇ ئاز سانلىق مىللەتلەر مۇزىكىسى ئاساس قىلىندى. سۇي ۋېندى بېكىتكەن «يەتتە نەغمە» نىڭ ئۈچى غەربىي يۇرت نەغمىسى ئىدى. سۇي ياڭدى ئۇنى «توققۇز نەغمە» گە كۆپەيتكەن، بۇنىڭ ئىچىدە غەربىي يۇرت نەغمىلىرى بەشكە يەتكەن. تاڭ تەيزۇڭ ئۇنى «ئون نەغمە» قىلغان بولۇپ، بۇلار «كۇسەن، سۇلى، بۇخارا، سەمەرقەند، كوردىيە، غەربىي لياڭ، قوچو، يەنيۇ، چىڭيۈ، ئەنەتكەك» قاتارلىقلار ئىدى، بۇنىڭ ئىچىدە غەربىي يۇرت نەغمىسى ئالتىنى ئىگىلىگەن، ئەگەر ئۇنىڭغا «كۇسەنىنىڭكىدىن ئۆزگەرتىلگەن» «غەربىي لياڭ نەغمىسى» نى قوشساق يەتتە نەغمە بولىدۇ.[①] ھالبۇكى، «كۇسەن نەغمىسى» «غوز نەغمىلىرىنىڭ گۇلتاجىسى» دەپ ئاتىلىپ، مۇھىم ئورۇنغا ئىگە بولغان. ئەگەر غەربىي يۇرتنىڭ دۆڭجيەندىكى ئۇدۇن نەغمىسى، كىنگىت نەغمىسى، تۈرك نەغمىسى، ياپبانلار نەغمىسى، قىرغىز نەغمىسى، ماغىيان نەغمىسى، كېش نەغمىسى، ئېۋىرغول نەغمىسى قاتارلىقلارنى قوشساق غەربىي يۇرت مۇزىكىلىرى مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيدۇ.

شىنجاڭ نەغمىلىرى ئىچىدە ئەڭ ماختاشقا ئەرزىيدىغىنى يەنىلا«12 مۇقام». «12 مۇقام» مۇزىكا، ئۇسسۇل، شېئىر بىر گەۋدە قىلىنغان كلاسسىك ئەدەبىيات ـ سەنئەت بولۇپ، ئۇ كۇسەن نەغمىسى، سۇلى نەغمىسى، ئۇدۇن نەغمىسى قاتارلىق قەدىمكى شىنجاڭ مۇزىكىلىرىنىڭ ئۇزاق مەزگىللىك تەرەققىياتى داۋامىدا ئەرەب، پارس قاتارلىق ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ سازلىرى، مۇزىكىلىرىنى قوبۇل قىلىش ئارقىلىق تەدرىجىي چوڭ تىپتىكى جانلىق ۋە يۈرۈشلەشكەن نەغمىگە ئايلانغان. بۇنىڭدا جەمئىي 12 يۈرۈش چوڭ نەغمە بار، ھەربىر يۈرۈش نەغمە چوڭ نەغمە، «داستان»،

① بۇ يەردىكى غەربىي يۇرت كەڭ مەنىلىك سۆز بولۇپ، پەرغانىنىڭ غەربىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا، ھىندىستاننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

«مەشرەپ» قاتارلىق ئۈچ قىسىمدىن تەشكىل تاپىدۇ، شېئىر تې-كىستلىرىنىڭ كۆپىنچىسى داڭلىق شېئىرلار، بېيىت ياكى خەلق ھېكايىلىرىدىن ئېلىنغان. «مۇقام» ئۇزۇن تارىخىي دەۋرلەر داۋامىدا ئىككى قېتىم چوڭ سىستېمىلىق رەتلەنگەن. بىر قې-تىملىقى يەكەن خانلىقى دەۋرىدە بولۇپ، ئابدۇرېشىتخان (1533 — 1560 - يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان) بىلەن خانىش ئامانىساخان شەخسەن ئەل ئىچىدىكى نەغمە ئۇستىلىرى، ناخ-شىچى ۋە شائىرلارنى تەشكىللەپ، تاڭ ۋە سۇڭ سۇلالىسى مەز-گىللىرىدىلا ئەل ئىچىدە تارقىلىپ يۈرگەن «مۇقام»نى توپلىغان ۋە رەتلىگەن. بىراق ئۇلار رەتلىگەن «12 مۇقام»دا چوڭ نەغمە بىرلا قىسىم بار ئىدى؛ يەنە بىر قېتىملىقى 1879-يىلى بولۇپ، قەشقەرلىك سەنئەتكار ئەلى.سەلىم ۋە يەكەنلىك سەنئەتكار سې-تىۋالدىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە شۇ جايدىكى ئەل ئىچىدە تارقىلىپ يۈرگەن «داستان»، «مەشرەپ» ئىككى قىسىم كۆپەيتىلىپ، تېخى-مۇ زور كۆلەمدىكى مۇزىكا، شېئىر، ئۇسسۇل يۇرۇشلەشكەن نەغ-مىسى شەكىللەندۈرۈلگەن. «12مۇقام» ئەلنەغمىچىلەرنىڭ شا-گىرتلارغا ئۆگىتىشى بىلەن ئېيتىلىپلا كەلگەن بولۇپ، خاتىرى-لەنمىگەنىدى. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ھۆكۈمەت ئىككى قېتىم مۇتەخەسسىسلەرنى ئەۋەتىپ ئۇنى توپ-لىدى، ئۇنىڭە ئالدى ھەمدە 1960 - يىلى رەسمىي نەشر قىلىپ، «12 مۇقام» نىڭ كەڭ كۆلەمدە تارقىلىشى ۋە ئەۋلادلارغا قېلىشى ئۈچۈن ياخشى شارائىت ھازىرلاپ بەردى. 2002 - يىلى 12 مۇ-قامنىڭ ئۈچ يۇرۇش ئۈن - سىن ماتېرىيالى نەشر قىلىندى.

### 3. قىيا تاش رەسىملىرى ۋە تام رەسىملىرى

شىنجاڭنىڭ قەدىمكى قىيا تاش رەسىملىرى ۋە ھەيكەل-تىراشلىقى شانلىق نەتىجىلەرگە ئېرىشىپ، شەرق ۋە غەرب مەدە-نىيىتىگە مۇھىم تەسىرلەرنى كۆرسەتكەنىدى. مەسىلەن، سۇي، تاڭ سۇلالىسى دەۋرلىرىدىكى ئۇدۇنلۇق ۋايىجرا ۋازىكىنا بىلەن ۋايىجرا ۋېچىر ئاتا - بالا چاڭئەندە بارىمتايدا تۇرغان بولۇپ، ئىك-

كىسلا رەسىم سىزىشقا ماھىر ئىدى، ۋايجىرا ۋىچىر بۇد سىزىشقا ماھىر بولۇپ، «ئۇنىڭ قەلىمىدىن چىققان رەسىملەر تىرىكتەكلا كۆرۈنەتتى»، شۇڭا، ئۇلارنىڭ رەسىملىرى ئىلاھىي بۇيۇملار قاتارىغا قويۇلغانىدى. ئۇلارنىڭ رەسساملىق ئۇسۇلى ئويمان-دۆڭ مەزھىپىگە تەۋە بولۇپ، رەسىمدىكى ستېرېئولۇق تۇيغۇ ئىنتايىن كۈچلۈك ئىدى. ئۇ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ رەسساملىقىغا ناھايىتى زور تەسىر كۆرسەتكەن. يەنە مەسىلەن، شىنجاڭدا چوڭ بۇددا غارلىرى بار، بۇلارنىڭ ئىچىدىكى چوڭ بۇدلار شەنشى داتۇڭدىكى چوڭ بۇدلاردىن بىر ئەسىردىن بالدۇرراق، ئافغانىستاندىكى باميان چوڭ بۇدلىرىدىن بىر ئەسىر بالدۇر ياكى تەڭ بولۇپ سانى ئۇنىڭكىدىن خېلىلا كۆپ. ئالىملارنىڭ قارىشىچە، «شىنجاڭدىكى چوڭ بۇدلارنىڭ كۆكئارتىنىڭ غەربى ۋە شىنجاڭنىڭ شەرقىگە كۆرسەتكەن تەسىرى باشقا تۈردىكى تاش ئۆڭكۈر ياسالمىلىرى ۋە تام رەسىملىرىنىڭكىدىن تېخىمۇ مۇھىم.»①

سەھىپە مۇناسىۋىتى بىلەن بۇ بۆلەكتە قىيا تاش رەسىملىرى ۋە تاش ئۆڭكۈر تام رەسىملىرىنى چارۋىچىلىق مەدەنىيىتى ۋە دېھقانچىلىق مەدەنىيىتىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتىمىز.

شىنجاڭ رايونىدا 10 مىڭلىغان قىيا تاش رەسىملىرى تېپىلدى. بۇ قىيا تاش رەسىملىرى يېڭى تاش قوراللار دەۋرى (ياكى كونا تاش قوراللار دەۋرلىرىنىڭ ئاخىرلىرى)دىن دەسلەپكى تۆمۈر قوراللار دەۋرىگىچە بولغان ئۇزاق تارىخىي يىللارنى باشتىن ئۆتكۈزگەن. بۇ قىيا تاش رەسىملىرىگە قەدىمكى ئوۋچى، چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ 10 مىڭ يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بۇيانقى تۇرمۇشى ئويۇلغان بولۇپ، مەزمۇنى ئىنتايىن مول، بۇلارنىڭ ئىچىدە ھەم كۆپىيىش ئەزالىرىنى ئۇلۇغلاش، ئوۋ قىلىش، پادا

① سۇبەي: «قىزىلدىكى بىر قىسىم غارلارنى باسقۇچلارغا ئايرىش ۋە ئۇلارنىڭ دەۋرى قاتارلىق مەسىلىلەر توغرىسىدىكى دەسلەپكى ئىزدىنىش»، «كۇسەن بۇددا مەدەنىيىتىگە دائىر ماقالىلەر توپلىمى»، شىنجاڭ گۈزەل - سەنئەت نەشرىياتى، 1993 - يىلى نەشرى، 91 - بەت.

بېقىش، جەڭ قاتارلىق چوڭ ـ چوڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش
سورۇنى ئويمىلىرى ھەم ھايۋانات، ئۆسۈملۈك، پۇت ـ قول،
كۆز ـ ئاي قاتارلىق كونكرېت ئوبراز ئويمىلىرى بار. قورۇلما-
سى ئىنتايىن ئاددىي بولغان بۇ قىيا تاش رەسىملىرى مول مەدە-
نىيەت مەزمۇنلىرىغا ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭدا غەربىي يۇرتتىكى ئىپ-
تىدائىي ئادەملەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى خاتىرىلەنگەن، ئۇۋچى ـ
چارۋىچىلارنىڭ گۈزەل ئارزۇلىرى، ئۇلارنىڭ ئاڭ دۇنياسى ئىپا-
دىلەنگەن، ئۇلارنىڭ مىللىي روھى، مىللەت پسىخىكىسى ۋە مىل-
لىي خاراكتېرى نامايان قىلىنغان. ئۇلار ئەڭ دەسلەپكى يايلاق
مىللەتلىرى مەدەنىيىتىنىڭ جەۋھىرى، شۇنداقلا جۇڭخۇا مىل-
لەتلىرى مەدەنىيىتىنىڭ قىممەتلىك مىراسى.

شىنجاڭدىكى كۆپىيىش ئەزالىرىنى ئۇلۇغلاش مەزمۇنىدىكى
قىيا تاش رەسىملىرىنى ئاياللارنىڭ كۆپىيىش ئەزالىرىنى ئۇ-
لۇغلاش قىيا تاش رەسىملىرى، ئەرلەرنىڭ كۆپىيىش ئەزالىرىنى
ئۇلۇغلاش قىيا تاش رەسىملىرى، ھاياتلىق توتېمىغا چوقۇنۇش
قىيا تاش رەسىملىرىدىن ئىبارەت ئۈچ تەرەققىيات باسقۇچىغا بۆ-
لۈشكە مۇمكىن، ئىنسانلار جەمئىيىتى تەرەققىياتىدىكى ئانىلىق
جەمئىيەت، ئاتىلىق جەمئىيەت، ئۇرۇقداشلىق جەمئىيەتتىن ئى-
بارەت ئۈچ باسقۇچ بىلەن بىردەك. شىنجاڭدىكى قۇتۇبى ناھىيە-
سىنىڭ كاڭجيا يېزىسى شىمىنزىدىكى چوڭ تىپتىكى كۆپىيىش
ئەزالىرىنى ئۇلۇغلاش قىيا تاش رەسىملىرىنى كۆپىيىش ئەزالى-
رىنى ئۇلۇغلاش قىيا تاش رەسىملىرىنىڭ ۋەكىلى دېيىشكە بو-
لىدۇ، ئىپتىدائىي سەنئەتنىڭ بارلىققا كېلىشىگە تۈرتكە بولغان
كۆپلىگەن ئامىللار ئىچىدە ئىپتىدائىي ئادەملەرنىڭ ھاياتىي پائا-
لىيىتى ئەڭ تۈپ سەۋەب ھېسابلىنىدۇ. ئىنسانلارنىڭ ھاياتىدىكى
ئەڭ مۇھىم پائالىيەت ياشاش ۋە ئەۋلاد قالدۇرۇش بولۇپ، كۆپە-
يىش ئەزالىرىنى ئۇلۇغلاش قىيا تاش رەسىملىرى بۇ خىل ھايات-
لىق پائالىيەتلىرىنىڭ بىۋاسىتە ئىنكاسى.

ئەمگەك ئادەمنى ياراتتى ھەم سەنئەتنى ياراتتى. تەگرىتېغى-

دىكى تاش تاملاردا نۇرغۇن ئۇسسۇل قىيا تاش رەسىملىرى بار،
ئۇنىڭدا ئىپتىدائىي خەلقلەرنىڭ ئەمگەك (ئاساسلىقى ئوۋ قى-
لىش) جەريانىدا ئۇسسۇلغا چۈشكەن مەنزىرىسى جانلىق ھەم ئەي-
نەن ئىپادىلەنگەن بولۇپ، ئۇسسۇلنىڭ ئەمگەكتىن بارلىققا كەل-
گەنلىكى نامايان قىلىنغان.
يېڭى تاش قوراللار دەۋرىدە ئاتلىق تۈزۈم ئورنىتىلىپ،
ئەرلەر بەدىئىي ئوبراز سۈپىتىدە قىيا تاش رەسىملىرى ئىچىدە
پەيدا بولغان. قىيا تاش رەسىملىرىدىكى ئەرلەرنىڭ ئوقيا ئېتىش
رەسىملىرىدە ئۇلارنىڭ بەدەن شەكلى يۈكسەك دەرىجىدە ئاد-
دىيلاشتۇرۇلغان ۋە ئابستراكتلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ كى-
رىشنى تارتقان ھالىتى ۋە كۈچلۈك بىلەكلىرى، سەل ئېگىلگەن
توم پۇتلىرى ئۇلارنىڭ ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلىپ تۇرىدۇ.
شىنجاڭدىكى ئالقان قىيا تاش رەسىملىرىمۇ ئىنتايىن ئالاھىدە.
بۇرۇلتوقاي ناھىيىسى تاڭبال غارىدىكى قىيا تاشلاردا، ئالتاي نا-
ھىيىسى جاشخالاقاي غارلىرىدا ئالقان شەكىللىك قىيا تاش رە-
سىملىرى بار. قول ئىنسانلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ئۈچۈن
ماددىي شارائىت ياراتقان، ئىنسانلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى-
غا تەھدىت سالىدىغان دۈشمەنلىرى ئۈستىدىن غالىب كەلگەن،
قول كۈچىنىڭ بەلگىسى ھەم ئادەمنىڭ تەبىئەت دۇنياسى بىلەن
كۈرەش قىلىشتىكى تۆۋرۈكى، شۇڭا، ئۇ ئىپتىدائىي ئادەملەرنىڭ
چوقۇنىدىغان ۋە مەدھىيىلەيدىغان ئوبيېكتىغا ئايلانغان.
ھايۋانلار ئىپتىدائىي غەربىي يۇرت كىشىلىرىنىڭ ئىشلەپ-
چىقىرىش، تۇرمۇشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك، ھايۋانات غەربىي
يۇرت قىيا تاش رەسىملىرىدىكى ئاساسلىق ئوبراز. ھايۋانات ئوي-
مىلىرى قەدىمكى كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ ھايۋاناتقا بول-
غان ھۆرمىتى، ئەزىزلىشى ۋە تايىنىش پسىخىكىسىنى ئۆز ئى-
چىگە ئالغان ھەم ئۇنىڭغا قەدىمكى كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەر-
نىڭ ھايۋاناتلارنىڭ ئىنسانلارنىڭ ياشىشىغا سالغان تەھدىتىگە
نەپرەتلىنىش ۋە ئۇنى قارغاش پسىخىكىسى يوشۇرۇنغان. ھايۋانات

قىيا تاش رەسىملىرى ئىچىدە قوي ئوبرازى ئەڭ كۆپ. قوي
ئوبرازى قەدىمكى غەربىي يۇرت خەلقىنىڭ تۇرمۇشىنىڭ كەم
بولسا بولمايدىغان بىر قىسمى. جۇڭگو ـ تاشقى موڭغۇل چېگ-
رىسىدىكى بەيتىك تېغى كۆپ جىلغىسىدىكى قىيا تاشلارغا نۇر-
غۇن قوي ئويۇلغان، ئۇلارغا ئويۇلغان ئۆچكە، تورۇق تېكە، بۆكەن
قاتارلىقلار ناھايىتىمۇ جانلىق بولۇپ، ھەر خىل قىياپەتتە تۇرى-
دۇ، بۇ كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ قوينى ياخشى كۆرىدىغان-
لىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئاتمۇ ھايۋانات قىيا تاشلىرىدىكى ئاساسلىق
ئوبرازلارنىڭ بىرى. ئاتنىڭ قەدىمىي جەمئىيەتتىكى رولى
ئىنتايىن چوڭ بولۇپ قاتناش، ئوۋچىلىق، ئۇرۇش قاتارلىقلار-
نىڭ ھەممىسى ئاتتىن ئايرىلالمايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئات
گۆشىنى ئىستېمال قىلغىلى بولىدۇ، شۇڭا، ئۇ قەدىمكى غەر-
بىي يۇرت كىشىلىرى ئۈچۈن ئىككىنچى ھاياتلىق ئىدى. قۇتۇبى-
دىكى كاڭجيا يېزىسى شىمىنزىدىكى بىر پارچە تاشقا توققۇز ئات-
نىڭ چېپىپ كېتىۋاتقان رەسىمى ئويۇلغان بولۇپ، بۇنىڭدا
كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ ئاتقا بولغان قويۇق مۇھەببىتى
ئىپادىلەنگەن.

شىنجاڭدا كۆن ـ ئاي تەسۋىرلەنگەن قىيا تاش رەسىملىرى-
مۇ ئىنتايىن كۆپ. غەربىي يۇرتتىكى مىللەتلەر ساكلاردىن باشلاپ
ھۇن، ئۇيسۇن، قاڭقىل، جورجان، تۈرك قاتارلىق قەبىلىلەرنىڭ
ھەممىسى قۇياشقا چوقۇنۇشنى ئۆزلىرىنىڭ ئىپتىدائىي دىنىي
قارىشىنىڭ خۇسۇسىيىتى قىلغان. شىنجاڭدىكى كۆن-ئاي قىيا
تاش رەسىملىرىنىڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكى قۇياشنى ئەڭ يۇ-
قىرى ئورۇنغا قويىدۇ. مەسىلەن، قۇرۇقتاغدىكى شىڭدى قىيا
تاش رەسىملىرىدە قىيا تاشنىڭ ئەڭ ئۈستۈنكى قىسمىغا قۇياش
ئىلاھى ئويۇلغان، قۇياشنىڭ باش قىسمىغا تۈكسىمان نەرسىلەر
ئويۇلغان بولۇپ، قۇياش ھەم ئادەملەشتۈرۈلۈپ، ھەم ئىلاھلاش-
تۇرۇلۇپ، ئەڭ يۇكسەك ئورۇنغا قويۇلۇپ، كائىناتنىڭ ئىلاھى
قىلىنغان.

شىنجاڭدىكى قىيا تاش رەسىملىرىدە يەنە ئوۋ قىلىۋاتقان
كۆرۈنۈشلەرمۇ بار. بۇ قىيا تاش رەسىملىرىدە قەدىمكى غەربىي
يۇرت كىشىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ئۇسۇلى ئەكس
ئەتتۈرۈلگەن بولۇپ، بىزنىڭ قىيا تاش رەسىملىرىنىڭ دەۋرىنى
ئېنىقلىشىمىزنى يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلەيدۇ. مەسىلەن، ئۈنسۇ
ناھىيىسىدىكى تاش شارنى قورال قىلىپ ئوۋ قىلىۋاتقان قىيا
تاش رەسىمىدىن بىز ئۇنىڭ يېڭى تاش قوراللار دەۋرىنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىدىكى قىيا تاش رەسىمى ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم
قىلالايمىز؛ ھالبۇكى، ئىلقا ناھىيىسىنىڭ قىزىل ئۆكتەبىر يېزىسىدىن تېپىلغان قىيا تاش رەسىمىدىكى ئوۋ قورالى ئوقيا بولۇپ، ئۇنىڭ شەكلى ھازىرقى ئوقياغا بەكمۇ ئوخشاپ كېتىدۇ، بۇ
تۆمۈر قوراللار دەۋرىدىكى قىيا تاش رەسىمى بولۇشى كېرەك.
قىيا تاش رەسىملىرىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، قەدىمكى غەربىي يۇرت ئادەملىرىنىڭ ئوۋ ئوۋلاش شەكلىدە ھەم يالغۇز ئوۋ
ئوۋلاش، ھەم ئىككى كىشىلىك ئوۋ ئوۋلاش ئۇسۇلى بار، كوللېكتىپ قورشاپ ئوۋ قىلىش شەكلىمۇ بار. شىڭدى جىلغىسىدىكى ياۋا كالىنى قورشاپ ئوۋلاش رەسىمىنى ئىپتىدائىي ئوۋ رەسىملىرى ئىچىدىكى ئەڭ ئېسىل ئەسەر دېيىشكە بولىدۇ.

باركۆل ناھىيىسى لەنجۇۋەنزىدىكى تۆت پارچە ھارۋا رەسىمى، باركۆل ناھىيىسى لىجياۋەنزىدىكى ھارۋا رەسىملىرىدە ھارۋىلارنىڭ ئىككىدىن چاقى، تۆت گۇگۇسۇنى، ھارۋىنىڭ ئالدىدا
كالا بارلىقى تەسۋىرلەنگەن. مۇتەخەسسىسلەرنىڭ قارىشىچە، بۇ
خىل ھارۋىلارنىڭ شەكلى ھۇنلارنىڭ ھارۋا شەكلىگە ئوخشايدىكەن. دېمەك، ھۇن مەدەنىيىتىنىڭ شىنجاڭدا تەسىرى بولغان.
ھالبۇكى، ئاراتۇرۇك ناھىيىسى بىلەن چاغانتوقاي ناھىيىسىدىكى
ھارۋا رەسىملىرىدە ھارۋىلارنىڭ شەكلى تۇرالارنىڭ «ئېگىز ھارۋىسى»غا ئوخشايدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ھارۋىنىڭ قەدىمكى غەربىي يۇرت مىللەتلىرىنىڭ كۆچمەن چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا خېلىلا ئومۇملاشقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

شىنجاڭدىكى قىيا تاش رەسىملىرىدە يەنە ئوتلاق تالىشىش جېڭى ئويمىلىرى بار. مەسىلەن، قۇمۇلنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى تاشۋېلىق رايونىنىڭ جېياۋگۇدىكى قىيا تاشتا ئاتلىق بىر ئادەمنىڭ قولىدىكى نەيزىنى پىيادە ئوقيا ئېتىۋاتقان ئادەمگە سانجىۋاتقانلىق كۆرۈنۈشى ئويۇلغان، بۇنىڭدا ئەكس ئەتتۈرۈلگىنى يايلاق تالىشىش كۆرۈنۈشى. غەربىي يۇرتتىكى مىللەتلەر قان ۋە ئوت بىلەن تولغان جەڭلەردە ئۆسۈپ يېتىلگەن، مىللەتلەر جەڭ داۋامىدا مەدەنىيەت ئالماشتۇرغان، غەربىي يۇرتتىكى مىللەتلەرنىڭ روھىدىكى باتۇرلۇقنى قەدىرلەش پەزىلىتىمۇ قان ھەم ئوت بىلەن يۇغۇرۇلغان جەڭلەر داۋامىدا تاۋلىنىپ شەكىللەنگەن.

شىنجاڭ قىيا تاش رەسىملىرىدىكى ئوبرازلار ئىپتىدائىي بولۇش، ئاددىي بولۇش، تەبىئىي بولۇشتەك ئۇسلۇب خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. دەسلەپكى مەزگىللەردىكى قىيا تاش ئويمىلىرىدىكى ئادەم رەسىملىرى ئەينەن بولۇش، ئىنچىكە ئويۇلۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە، مەسىلەن، كاڭجىيا يېزىسى شىمىنزىدىكى قىيا تاش رەسىملىرىدە يۈز قىسمىنىڭ ئويۇلۇشىغا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىلگەن، ئۇنىڭدا ئادەملەرنىڭ كۆزلىرى چوڭ، قاڭشارلىق، ئاغزى يوغان، ئېڭىكى كەڭ، يەلكىسى كەڭ، بېلى ئىنچىكە كەلگەن بولۇپ، ساكلارنىڭ ئاساسىي خۇسۇسىيەتلىرى ئىنتايىن توغرا ئىپادىلەنگەن. ھايۋانات رەسىملىرىدە ئۇلارنىڭ يان كۆرۈنۈشى، بولۇپمۇ بېشى، مۈڭگۈزىگە ئەھمىيەت بېرىلگەن. شىڭدى قىيا تاشلىرىدىكى بۇغا مۈڭگۈزى سىزىقلىرىنىڭ ئويۇلۇشىنى نادىر ئەسەر دېيىشكە بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئويمىچىلىق ماھارىتى كامالەتكە يەتكەن، تەسۋىرىي سىزىقلىرى راۋان، شەكلى گۈزەل بولۇپ، كىشىگە ھۇزۇر بېغىشلايدۇ.①

شىنجاڭدا نۇرغۇن تاش غارلار ساقلىنىپ قالغان. بۇ تاش غارلار مىلادىيە 4 ـ ئەسىردىن 10 ـ ئەسىرلەردە ياكى 11 ـ ئە-

① چېن دۇڭجى، سەي يۇجى: «غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى ماقالىلىرى»، شىنجاڭ گۈزەل ـ سەنئەت ـ فوتوسۈرەت نەشرىياتى، 1999 ـ يىلى نەشرى.

سىرلەردە قېزىلغان بولۇپ، 1000 يىلدىن بۇيانقى بۇددا سەنئەت-
تىنىڭ قالدۇقلىرى ھېسابلىنىدۇ. بۇ تاش غارلار ئىچىدە كۇسەن
تاش غارى ئەڭ داڭلىق. كۇسەن تاش غارى قىزىل، قۇمتۇرا،
سىمسىم ۋە قىزىل خاگا مىڭئۆيلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بو-
لۇپ، بۇلارنىڭ ئورنى ھازىرقى كۇچا، باي ئەتراپلىرىدا. بۇددا تاش
غارلىرى ئادەتتە ئىمارەت، ھەيكەل ۋە تام رەسىمدىن ئىبارەت
ئۈچ قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، كۇسەن تاش غارىدىكى ھەي-
كەللەر ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، ساق قالغانلىرى يوق دې-
يەرلىك، ئىمارەتلىرىدىن كۆپ خىل شەكىلدىكى غارلار، يەنى
بۇدتقا ئىبادەت قىلىدىغان چوڭ بۇت غارى ۋە مەركىزىي تۈۋرۈك
غارى، شەيخلەرنىڭ نوم سۆزلىشى ئۈچۈن تەييارلانغان ئۆي،
شەيخلەرنىڭ يېتىپ - قوپىدىغان ئۆيى، يەنە ئېتىكاپتا ئولتۇر-
دىغان ئېتىكاپ غارى قاتارلىقلار بار. ھالبۇكى، بەدئىي قىممىتى
ئەڭ يۇقىرى، ساقلىنىپ قېلىشى نىسبەتەن مۇكەممەل بولغىنى
تام رەسىملىرى.

كۇسەن تاش غارى تام رەسىملىرى ژانىرلىرىدىن ئاساسلىقى
بۇددا، بۇدساتۋا، بۇددا ھېكايىلىرى، يارالمىش قىسسىلىرى، تەق-
دىر - قىسمەت قىسسىلىرى، دارمانى قوغداش بۇدلىرى،
راھىبلار، تېۋىنغۇچىلار، ئايال سازەندىلەر، ھايۋانات - قۇش رە-
سىملىرى، بېزەك قاتارلىقلار بار. بۇددا قىسسىلىرىدە ساكيامۇ-
نىنىڭ تۇغۇلغاندىن باشلاپ پۈتۈن ئۆمرىدىكى ئىش - پائالىيەت-
لىرى بايان قىلىنغان. يارالمىش قىسسىلىرىدە ساكيامۇنىنىڭ
ئەۋلىيالىققا يېتىشتىن ئىلگىرىكى ئىش - پائالىيەتلىرى سۆز-
لەنگەن. بۇ ئىككى خىل ھېكايە تام رەسىملىرىدە زور ھەجىمنى
ئىگىلىگەن، بەزى بۇددا ھېكايىلىرىدىن پۈتكەن ھېكايىلەر ھەتتا
60 نەچچە پارچە چاتما رەسىمنى شەكىللەندۇرگەن. بۇددالىق
مەرتىۋىسىگە يېتىش تەكىتلەنگەن بۇنداق مەزمۇنلار دەسلەپكى
مەزگىللەردىكى بۇددا دىنى ۋە ھىنەيانا مەزھىپىنىڭ ئالاھىدىلى-
كى ئىدى. قىزىل مىڭئۆي دەسلەپكى مەزگىللەردىكى بۇددا ۋە

ھىنەيانا مەزھىپى سەنئىتىنىڭ تىپىك ۋەكىلى. ھىنەيانا بۇددا مەزھىپى ئىبتىكاپتا ئۇلتۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىدۇ، قىزىل مىڭ ـ ئۆي تام رەسىملىرىدە مۇشۇنى ىىۋاسىتە ئەكس ئەتتۇرگەن مەز ـ مۇنلار بار. مەسىلەن، 47 ـ غاردا ئىبتىكاپتا ئولتۇرغان بۇددا رەسىمى بار، 118 ـ، 92 ـ، 77 ـ غارلاردا ئىبتىكاپتا ئولتۇرغان راھىبلارنىڭ رەسىمى بار، ئۇلارغا تاغ، كۆل، دەل ـ دەرەخ، ھايۋا ـ نات ۋە ئايال سازەندىلەر ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنغان، رەسىمدە جىمجىتلىق بىلەن ھەرىكەتنىڭ سىلىشتۇرمىسى كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدىغان بولۇپ، پۈتۈن زېھنى بىرلا نەرسىگە مەركەزلەش ـ كەن ھالەت گەۋدىلەندۈرۈلگەن. ھىنەيانا «ئالەمدە ئونلاپ ئىلاھ بولسىمۇ، تەنھا ساكيامۇنىغىلا بەيئەت قىلىدۇ». قىزىل مىڭئۆي تام رەسىملىرىنىڭ ژانىرى، مەزمۇنى، ئىپادىلەش شەكلى ۋە سىـ ـ زىلىش ئۇسلۇبى مول ھەم رەڭدار بولسىمۇ، بىراق قاراش جە ـ ھەتتە كۆپ خىللىق يوق، بىر بۇت بىر بۇدساتۋا تەرغىب قىلىنـ ـ غان، ساكيامۇنىنىڭ ئىلگىرىكى ئالەمدىكى پائالىيەتلىرى، بۇ ـ گۈنكى ئالەمدىكى ساۋابلىرى ۋە كەلگۈسىدىكى ۋىياكەرەنەسى نۇقتىلىق يارىتىلغان. دېمەك، «يالغۇز ساكيامۇنىغىلا ھۆرمەت بىلدۈرۈلگەن.»

كۇسەن تاش غارلىرىدا يەنە ماھايانا ژانىرلىرىمۇ بار، بۇ ئا ـ ساسلىقى قۇمتۇرادىكى خەنزۇچە ئۇسلۇب غارلىرىدا ئۇچرايدۇ. قۇمتۇرا غارىنىڭ قېزىلغان ۋاقتى قىزىل مىڭئۆينىڭكىدىن كېـ ـ يىن، بىراق قېزىلىش ۋاقتى قىزىل مىڭئۆينىڭكىدىن ئۇزۇن بولۇپ، تەخمىنەن مىلادىيە 10 ـ، 11 ـ ئەسىرلەرگە بارىدۇ. مۇ ـ تەخەسسىسلەرنىڭ تەتقىق قىلىشىچە، قۇمتۇرا غارىنىڭ ئۆگەن دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى غار توپى رايونىدىكى 80 غار ئىچىدە خەنزۇچە ئۇسلۇبتىكى غاردىن 32 سى بار بولۇپ، غارلارنىڭ تەخمىنەن بەشتىن ئىككى قىسمىنى ئىگىلەيدىكەن، تام رەسىمـ ـ لىرىدىن پۈتۈنلەي نابۇت بولۇپ كېتىپ ھۆكۈم قىلىش ئىمكاند ـ يىتى بولمىغانلىرى بەشتىن ئىككى قىسمىنى، كۇسەن ئۇسلۇ ـ

بىدىكى غارلار بەشتىن بىر قىسمىنى ئىگىلەيدىكەن. خەنزۇ ئۇس-
لۇبىدىكى غار دېگەندە، ئاساسلىقى تام رەسىملىرىنىڭ ژانىر مەز-
مۇنى، ئورۇنلىشىش قۇرۇلمىسى، ئادەملەرنىڭ قىياپىتى، بېزەك
سىزىقلىرى، سىزىش ماھارىتى قاتارلىق جەھەتلەردە روشەن ئوت-
تۇرا تۈزلەڭلىك رايونى خەنزۇ بۇددا دىنى ئۇسلۇبىغا ئىگە ياكى
ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بۇددا سەنئىتىنىڭ كۈچلۈك تەسىرىگە ئۇچ-
رىغان غارلار نەزەردە تۇتۇلىدۇ. مەسىلەن، نوم رەسىملىرى تاڭ
سۇلالىسىدىن بۇيان ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىغا كەڭ تارقالغان
بىر خىل دىنىي رەسىم سىزىش شەكلى بولۇپ، خەنزۇچە ئۇس-
لۇبتىكى غارلاردا نوم رەسىملىرى بولۇپلا قالماي، يەنە نوم رە-
سىملىرىنىڭ سىخېما شەكلى، پېرسوناژلارنىڭ ئوبرازى، قۇرۇلۇ-
شى، بېزىكى قاتارلىقلار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى ئوخشاش تۈردى-
كى تام رەسىملىرىنىڭكى بىلەن ئوپئوخشاش، ئۇنىڭ يېنىدا يەنە
خەنزۇچە خەتلەر بار. يەنە مەسىلەن، ھەيكەل قىياپەتلىرىمۇ پۇ-
تۇنلەي خەنزۇچە شەكىلدە، رەسىم يېنىدا يەنە خەنزۇچە خەتلەر
بار. يەنە ئالساق، خەنزۇچە ئۇسلۇبتىكى بۇتلار بىلەن كۇسەن
ئۇسلۇبىدىكى بۇتلار ئوخشاش ئەمەس، بېزەك سىزىقلىرىنىڭ
ئىشلىتىلىشى، گۈل توپلىرى، گۈل پۇرمىسى، چاي گۈل بېزەك-
لىرى ۋە بۇلۇت قاتارلىق خەنزۇچە رەسىملىرى كۇسەنچە گېئو-
مېترىيىلىك سىزىق، تۆرلۈك ئۆزگىرىشچان ئۇچقات سىزىقلار-
غا تۈپتىن ئوخشىمايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە خەنزۇ ئۇسلۇبىدىكى
تېۋىنغۇچىنىڭ ھەيكىلى قاتارلىقلارنىڭ پەيدا بولۇشى، ۋەھا-
كازالار. بۇلارنىڭ ھەممىسى تىپىك خەنزۇچە ئۇسلۇب. ھالبۇكى،
نوم رەسىملىرى، بۇت قاتارلىقلار ماھايانانىڭ ئىپادىلىنىش شەك-
لى①.

خەنزۇچە ئۇسلۇبتىكى غارلارنىڭ پەيدا بولۇشى تاڭ سۇلالىسى-
نىڭ كۇسەندە ئەنشى قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى تەسىس قىلىشى،

① ما شىچاڭ: «قۇمتۇرادىكى خەنزۇچە ئۇسلۇبتىكى غارلار»، «كۇسەن بۇددا مەدەنىيىتىگە دائىر ماقالىلەر توپلىمى»، 287 ـ ، 330 ـ بەتلەر.

كۆپلەپ خەنزۇ ئەسكەرلەرنىڭ بوز يەر ئېچىپ چېگرىنى قوغدىشى، خەنزۇ راھىبلارنىڭ كۆچۈپ ماكانلىشىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. تاڭ سۇلالىسىدىن ئىلگىرى خەنزۇچە ئۇسلۇبتىكى غارلار يوق ئىدى. 8 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا تاڭ سۇلالىسى كۈچلىرى غەربىي يۇرتتىن چېكىنىپ چىققاندىن كېيىن، 9 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا تۈبۈتلەر كونترول قىلغان دەۋرلەردە ھەمدە ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇيغۇرلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردە خەنزۇ ئۇسلۇبىدىكى غارلار داۋاملىق قېزىلغان. 79 ـ نومۇرلۇق غارنى ئۇيغۇرلار قازغان بولۇپ، تېۋىنغۇچى رەسىمنىڭ ئۈستى تەرىپىدە خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە، كۇسەنچە ئۈچ خىل يېزىقتا يېزىلغان خەت بار، بۇ خەنزۇ مەدەنىيىتىنىڭ كېيىنكىلەرگە ئىنتايىن چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

كۇسەن تاش غارلىرىدىكى تام رەسىملىرى شىنجاڭدىكى قەدىمكى بۇددا ئىدىيىسى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىيات ئۆزگىرىشىنى ئەكس ئەتتۈرۈپلا قالماي، يەنە ئەينى چاغدىكى ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. مەسىلەن، قىزىل مىڭئۆينىڭ 175 ـ غارىدىكى رەسىمدە ئىككى ئادەم كەتمەن بىلەن يەر تۈزلەۋاتقان، بىر ئادەم ئىككى كالىغا بىر سوقىنى سۆرىتىپ يەر ئاغدۇرۇۋاتقان ھالەت تەسۋىرلەنگەن. 123 ـ غاردىكى رەسىمدە ساپال پىشۇرۇۋاتقان ھالەت تەسۋىرلەنگەن. تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى شۇكى، تاش غار تام رەسىملىرىدە يەنە قەدىمكى كۇسەن ساز ـ ئۇسسۇللىرىنىڭ تەرەققىي قىلغانلىقى گەۋدىلىك ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. تولۇقسىز ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، قىزىل مىڭئۆي، قۇمتۇرا، سىمسىم قاتارلىق تاش غارلاردىكى تام رەسىملىرىدە 24 خىلدىن ئارتۇق ساز بولغان، ئۇسسۇل ئوبرازلىرىدىن كۆككە پەرۋاز قىلىش، يەردە قەدەم ئېلىش قاتارلىق ھەر خىل قىياپەتتىكىلىرى بار. كۇسەن تاش غار تام رەسىملىرىدە دىنىي سەنئەت گەۋدىلەنگەن، ئۇ يەنە دەھرىي

تۇرمۇش پۇرىقىغىمۇ باي.

قىزىل مىڭئۆي ۋەكىللىكىدىكى كۇسەن تاش غار رەسىملىرد-
ىنىڭ ئوبرازلىق ئىپادىلەش ئۇسلۇبى ئاساسلىقى يۆگەلمە هالەت-
تىكى تەسۋىرىي سىزىقلار بىلەن ستېرېئولۇق تەسۋىرنىڭ بىر-
لەشتۇرۇلۇشى بولۇپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ رەسساملىق ئۇ-
سۇلىدىن بىرئاز پەرقلىنىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ رەسىملەر-
دىكى تەسۋىرىي سىزىقلارنىڭ زىچ ھەم راۋان بولۇشى، قەلەمنىڭ
ئەركىن ئىشلىتىلىشى كۆكئارتىنىڭ غەربىدىكى ئەللەرنىڭ رە-
سىم سىزىش ئۇسلۇبىدىن زور دەرىجىدە پەرقلىنىدىغان بولۇپ،
مۇستەقىل بەدىئىي ئۇسلۇبنى شەكىللەندۇرۇپ، «ئوتتۇرا ئاسىيا
سەنئىتىنىڭ يۇقىرى پەللىسى»گە ئايلانغان.① كۇسەن تاش غار
تام رەسىملىرى يەنە شەرق مەدەنىيىتىنىڭ جەۋھىرى. مۇتەخەس-
سىسلەرنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، «كىيىم-كېچەكلىرىدىكى
قاتلارنىڭ زىچ بولۇشىدىن ئۇنىڭ قەندىھار سەنئىتىنى قوبۇل
قىلغانلىقىنى، سىلىق ئايلانغان تەسۋىرىي سىزىقلار ۋە قېنىق
رەڭلەردىن ئۇنىڭ ھىندىستان مۇتتۇرا سەنئىتى ۋە ئاجانتا سەن-
ئىتىنى قوبۇل قىلغانلىقىنى، ئادەم تېنىنىڭ گۈزەللىكى، نىس-
بەت تەڭپۇڭلۇقىدىن ئۇنىڭ گرېك، رىم سەنئىتىنى قوبۇل قىل-
غانلىقىنى، قۇرۇلما سخېمىسىنىڭ پۇختىلىقى، لېپەك سۆڭەك-
نى سىزىش ئۇسلۇبى ۋە تاج - كەمەرلىرىدىن قەدىمكى غەربىي
ئاسىيا ۋە ساسانىيلار سۇلالىسىدىكى پېرسىيىچە سەنئىتىنى قو-
بۇل قىلغانلىقىنى، تەسۋىرىي سىزىقلىرىنىڭ جانلىقلىقى،
راۋانلىقى، رەڭ ۋە سۇنى ئىشلىتىشىنىڭ جانلىق بولۇشى،قىياپەت
ۋە ھەرىكەتلىرىنىڭ ئوبرازلىق بولۇشى ھەممىدە بەزى رەسىملەرد-
كى سىزىقچىلاردىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رەسىم سىزىش سەنئىتى
ئەنئەنىسىنىڭ خۇسۇسىيىتى ۋە خىسلەتلىرىنى كۆرۈۋالغىلى بو-
لىدۇ. كۇسەن تاش غار رەسىملىرىدە غەرب، شەرق سەنئىتىنىڭ

① تەن شۇتۇڭ: «پاساھەتلىك قەلەملەردىن يادلانما — كۇسەن تاش غار تام رەسىملىرىدىن لەز-
زەت ئېلىش»، يۇقىرىقىغا ئوخشاش، 124 - بەت.

بەزى خۇسۇسىيەتلىرى بار، بىراق بۇ تەقلىد قىلىش ياكى ئا-رىلاشتۇرۇلۇۋېلىش بولماستىن، بەلكى ئىجادىي تاۋلاش، ھەقىقىي يۇغۇرۇش ھېسابلىنىدۇ، ئۇ شەرق، غەرب ئەللىرى قەدىمىي مەدە-نىيىتىنىڭ ۋە سەنئىتىنىڭ جەۋھىرى بولۇپ، ئۆزىنىڭ بەدىئىي خاراكتېرىنى ياراتقان.①

شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت ـ سەنئىتىنىڭ مەزمۇنى ئىنتايىن مول، مەسىلەن، ئەدەبىي ئەسەرلەردىن «ئەتەبەتۇل ھەقايىق»، مۇ-زىكا سەنئەتلىرىدىن داستان، تاش غارلىرىدىن يەنە بېزەكلىك مىڭئۆيى، قىزىلدا رەسىملىرىدىن فۇشى نۇيۋا ئانا رەسىمى قاتار-لىقلار بار. بۇ پاراگرافتا مۇھىملىرىلا كۆرسىتىلدى. بىراق مۇ-شۇنىڭ ئۆزىدىلا شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت ـ سەنئىتى بىلەن ئوت-تۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتىنىڭ ئىچكى باغلىنىشىنى كۆرۈۋال-غىلى، شىنجاڭ مەدەنىيەت ـ سەنئىتىنىڭ شەرق، غەرب مەدەنى-يىتىنىڭ جەۋھىرى ئىكەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرگىلى، شىنجاڭ مەدەنىيەت ـ سەنئىتىنىڭ ھەر مىللەت خەلقى ئورتاق ئىجاد قىلغان مەنىۋى بايلىق ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بەرگىلى بو-لىدۇ.

① يۇقىرىقى كىتاب، 121 ـ بەت.

# ئۈچىنچى باب ئۆلكە تۈزۈمىنى يولغا قويغاندىن كېيىنكى شىنجاڭ

## بىرىنچى، چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى

### 1. تەپرىقىچىلىكنى ۋە ئىچكى قالايمىقانچىلىقنى تىنچىتىش

1745 ـ يىلى (چيەنلۇڭنىڭ 10 ـ يىلى) غالدان سېرىن ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، جۇڭغارىيىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ھوقۇق تالىشىش، ئىچكى يېغىلىق نەچچە يىللار داۋاملىشىپ، خانلىقنىڭ ئەمەلىي كۈچى زىيادە ئاجىزلاپ كەتكەن. ئۇنىڭغا قاراشلىق قەبىلىلەرنىڭ گاھىلىرى جەڭدىن بىزار بولۇپ، گاھىلىرى قالايمىقانچىلىقتىن قېچىپ، ئارقا ـ ئارقىدىن چىڭ سۇلالىسىگە بەيئەت قىلغان، بۇنىڭ بىلەن چىڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، كاڭشى خاندىن بۇيان تاماملانمىغان ئىشنى تاماملىشى ئۈچۈن شارائىت ھازىرلانغان. 1755 ـ يىلى (چيەنلۇڭنىڭ 20 ـ يىلى) ئەتىيازدا چىڭ ھۆكۈمىتى قوشۇنى ئىككى يولغا بۆلۈنۈپ، شىمالىي يولى ئۇلاستايدىن غەربكە قاراپ ئىلگىرىلىگەن، غەربىي يولى باركۆلدىن ھۇجۇمغا ئۆتۈپ ئۆز قەرەلىدە بورتالادا ئۇچراشقان. 4 ـ ئايدا ئىككى قوشۇن ئۇچرىشىپ، 5 ـ ئايدا ئىلىنى ئىگىلەپ، تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىدىكى رايونلارنى بىرلىككە كەلتۈرگەن. 8 ـ ئايدا ئامۇرسانا جۇڭغاردىكى تۆت قەبىلىنىڭ قاغانلىقىغا تەيىنلىنەلمىگەنلىكى ئۈچۈن توپىلاڭ كۆتۈرگەن، بۇنىڭ بىلەن ئىلى قولدىن كېتىپ، غەربنى تىنچلاندۇرغۇچى سانغۇن بەندى قاتارلىق 500 نەچچە ئادەم قازا قىلغان. ئىككىنچى يىلى يىل بېشىدا چىڭ ھۆكۈمىتى توپىلاڭنى باستۇ-

رۇشقا يەنە غەرب، شىمال ئىككى يولدىن قوشۇن چىقارغان. 3ـ ئايدا ئىككى قوشۇن ئىلىدا ئۇچراشقان، ئامۇرسانا رۇسىيىگە قېچىپ كەتكەن. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىدىكى رايونلارنى قايتۇرۇۋالغان.

1755 ـ يىلى 5 ـ ئايدا، ئىلگىرى جۇڭغارلار ئىلىدا نەچچە ئون يىل تۇتۇپ تۇرغان تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتامىنى چوڭ خوجا بۇرھانىدىن، كىچىك خوجا خوجا جاھان ئىككىيلەن بارگاھقا كېلىپ، قول ئاستىدىكى 30 نەچچە تۇتۇن بىلەن چىڭ ھۆكۈمىتىگە بەيئەت قىلىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. قەشقەردىكى بارات خوجىمۇ بارگاھقا كېلىپ ئۇلارغا ئىتائەت قىلغان ھەمدە چىڭ ھۆكۈمىتىگە ياردەملىشىپ ئەسكەر باشلاپ تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلارنى بويسۇندۇرۇپ بىرلىككە كەلتۈرۈشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. چىڭ ھۆكۈمىتى ئەسلىدە چوڭ خوجا بۇرھانىدىننى يېجىڭغا خاننى تاۋاپ قىلىشقا ئەۋەتمەكچى، كىچىك خوجا خوجا جاھاننى ئىلىدا قول ئاستىدىكىلەرنى باشقۇرۇشقا ئېلىپ قالماقچى، چىڭ قوشۇنى ئۆزى قوشۇننى بۆلۈپ تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدا مۇداپىئەدە تۇرماقچى بولغانىدى. بىراق، ئاقسۇدىكى ئابدۇرېھىم ھاكىمبەگ چىڭ ھۆكۈمىتىدىن چوڭ ـ كىچىك خوجىلارنى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكىلەرنى ئەل قىلدۇرۇشقا ۋە ئۇيغۇرلارنى باشقۇرۇشقا ئەۋەتىشنى ئىلتىماس قىلغان. شۇنىڭ بىلەن چىڭ ھۆكۈمىتى چوڭ خوجا بۇرھانىدىننى ئاقسۇغا ئەۋەتىشنى ھەمدە چىڭ قوشۇنى، ئەل بولغان جۇڭغارلار ھەمدە ئۇيغۇرلاردىن ئارىلاشما قوشۇن تەشكىللەپ ئەل قىلىش ۋە مۇداپىئە ئىشلىرى ئۈچۈن بۇرھانىدىن خوجا بىلەن ئاقسۇغا ئەۋەتىشنى قارار قىلغان. كىچىك خوجا يەنىلا ئىلىدا قالغان. ئامۇرسانا توپىلاڭ كۆتۈرگەندىن كېيىن كىچىك خوجا ئۇنىڭغا ئەگەشكەن. چىڭ قوشۇنى ئەسكەر ئەۋەتىپ توپىلاڭنى تىنچىتقان، خوجا جاھان ۋەھىمىگە چۈشۈپ تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىغا قېچىپ كەتكەن، شۇنداقلار يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ

چوڭ خوجىنى چىڭ سۇلالىسىگە قارشى تۇرۇشقا قۇتراتقان. 1757 ـ يىلى (چيەنلۇڭنىڭ 22 ـ يىلى) 4 ـ ئايدا خوجا جاھان ئۆزىنى باتۇرخان دەپ ئاتاپ، چىڭ سۇلالىسىگە ئاشكارا قارشى چىقىپ قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرغان، ئەل بولۇشقا ئۇندەپ كەلگەن چىڭ قوشۇنىنىڭ ئۇرۇنباسار تۇتۇقبېگى ئامىندو ۋە 100نەچچە لەشكەرنى ئۆلتۈرگەن. ئارقىدىنلا سىياسەت ۋە دىن بىرلەشتۈرۈلگەن مۇستەبىت ھاكىمىيەت قۇرغان. ئىككىنچى يىلىنىڭ بېشىدا چىڭ سۇلالىسى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي يولىغا لەشكەر چىقارغان. 9 ـ ئايدا، چىڭ قوشۇنى شۇ جايدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ قوللىشى بىلەن قىلىچىنى قان قىلمايلا ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان ئىككى شەھەرگە كىرگەن. 1758 ـ يىلى (چيەنلۇڭنىڭ 23 ـ يىلى) 5 ـ ئايدا، قوشۇن بىلەن بىللە يۈرگەن كۇچا ھاكىمبېگى خوتەننى ئەل قىلغان. كېيىنكى يىلى 7 ـ ئايدا چوڭ، كىچىك خوجىلارنىڭ قارشىلىقىنى يېڭىپ يەكەن ۋە قەشقەرگە كىرگەن. چوڭ ـ كىچىك خوجىلار قاچقاندا بەدەخشان ئاتامىنى ئۇلارنى تۇتۇپ ئۆلتۈرگەن. تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ئاستا ـ ئاستا تىنچلىنىپ، غەربىي يۇرت بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن. غەربىي يۇرت «ئەسلىي زېمىننىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىشى» دېگەن مەنىدە «غەربىي يۇرتتىكى شىنجاڭ» ياكى «شىنجاڭ»دەپ ئاتىلىشقا باشلىغان.

چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، نەق مەيداندا تەكشۈرۈش ۋە ئۆلچەش ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق، غەربىي شىمال چېگرىسىنىڭ تاغ ـ دەريالىرىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى ۋە پاسىللىرىنى «غەربىي يۇرتنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋاللىرىدىن خاتىرىلەر»، «بۈيۈك چىڭ سۇلالىسىنىڭ بىرلىككە كەلگەن خەرىتىسى» قاتارلىق ھۆكۈمەت تەرەپ خەرىتە، كىتابلىرىغا كىرگۈزۈپ، جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرگە نامايىش قىلغان. شىنجاڭنىڭ غەربىدىكى رايونلارنى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئىلى جاڭجۈنى قارىمىقىدىكى تارباغاتاي، ئىلى، قەشقەردە تۇرۇشلۇق

مەسلىھەتچى ئامباللار باشقۇرغان. تارباغاتاي مەسلىھەتچى ئامبە-لىنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى يار(بۇگۇنكى ئوردجار، ھازىر قازاقىستان تەۋەلىكىدە. 1767 ـ يىلى چوقۇچاققا كۆچكەن، يەنى بۇگۇنكى چۆچەك شەھىرى) بولۇپ، باشقۇرىدىغان چېگرا پاسىلى ئېرتىش دەرياسىدىكى جانگىرتۇلادىن غەربكە قالبىنگىچە بېرىپ، غەربىي جەنۇبنى ئايلىنىپ، ئاياگۇز دەرياسىدىن بالقاش كۆلىنىڭ شىما-لىي قىرغىقىنىڭ شەرقىي چېتىگىچە بولغان. ئىلى مەسلىھەتچى ئامبىلىنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى كۇرە شەھىرى(بۇگۇنكى شىنجاڭ-دىكى قورغاس ناھىيىسى تېررىتورىيىسى ئىچىدە) بولۇپ، چېگرا پاسىلى بالقاش كۆلىنىڭ شىمالىي قىرغىقىدىكى شەرقىي تەرەپ-تىن كۆلنىڭ شىمالىي قىرغىقىنى بويلاپ غەربتىكى چۇ دەريا-سىغىچە بولغان، ئۇنىڭدىن ئايلىنىپ غەربىي جەنۇبتا تالاس دەر-ياسىنى، يەنە ئايلىنىپ شەرقىي جەنۇبتا قارابۇرا داۋىنىدىن ئۆتۈپ نارىن دەريالىرىغىچە بولغان جايلارنى ئىدارە قىلغان. قەشقەر مەسلىھەتچى ئامبىلىنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى لەيىنىڭ شەھىرى(ھا-زىرقى قەشقەر يېڭى شەھىرى) بولۇپ ، ئىدارە قىلىدىغان چېگرا پاسىلى نارىن دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىن قوبلان ۋە سوتبۇلاق داۋانلىرىدىن لايخورخان داۋىنىغىچە، لايخورخان داۋىنىدىن جە-نۇبتا پامىرنىڭ جەنۇبىدىن پەنجى دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى-غىچە بولغان. چىڭ ھۆكۈمىتى شىنجاڭنىڭ غەربىي قىسىم چېگرىسىدا پۇختا چارلاش تۈزۈمى ئورناتقان بولۇپ، ھەر يىلى كۈزدە ھەربىر مەسلىھەتچى ئامبالنىڭ نەچچە 100 كىشىلىك چېگرا چارلاش ئەترىتىنى ئەۋەتىپ، بەلگىلەنگەن ئورۇندىكى قاراۋۇلخانىدا ئۇچرىشىشنى بەلگىلىگەن①.

## 2. ھەربىي مەھكىمە تۈزۈمى ئورنىتىش

چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئالىي تەدبىر بەلگىلەش قاتلىمى بىر-لىككە كەلگەندىن كېيىنكى شىنجاڭنىڭ كېيىنكى باشقۇرۇش

① 1919 ـ يىلىدىن ئىلگىرى ئالتاي رايونى شىنجاڭ تېررىتورىيىسىگە كىرگۈزۈل-مىگەن.

ئىشلىرىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرگەن. پادىشاھ چيەنلۇڭ مۇناسىۋەتلىك ئەمەلدارلاردىن «غەربىي شىمال قورۇل مۇداپىئەسى دۆلەتنىڭ ئاساسى» دېگەن يۈكسەكلىكتە تۇرۇپ، مەۋقەنى يىراققا قويۇپ، پۇختا پىلانلاشنى، يەنى «ئىلى ۋەتەن تېررىتورىيىسىگە كىرگەنىكەن ئۇنى ئۇزۇنغىچە تىنچ - ئامان قىلىش ۋە قايتا قولدىن بېرىپ قويماسلىق كېرەك! »لىكىنى قايتا - قايتا تەلەپ قىلغان. ① پادىشاھ ۋە ۋەزىرلەر تەكرار - تەكرار كېڭىشىش ئارقىلىق شىنجاڭنى ئىدارە قىلىشنىڭ چوڭ فاڭجېنى: سىياسىي جەھەتتە مەنسەپدار تەيىنلەپ دەرىجىگە ئايرىش؛ ھەربىي ئىشلار جەھەتتە چوڭ قوشۇن تۇرغۇزۇش؛ ئىقتىسادىي جەھەتتە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ، چېگرا ئارقىلىق چېگرىنى بېقىش دەپ قارار قىلغان.

1762 - يىلى (چيەن لۇڭنىڭ 27 - يىلى) 10 - ئايدا چىڭ ھۆكۈمىتى شىنجاڭدا ئىلى قاتارلىق جايلارنى بىر تۇتاش ئىدارە قىلىدىغان جاڭجۈن (قىسقارتىلىپ ئىلى جاڭجۈنى دەپ ئاتىلىدۇ) تەسىس قىلىشنى رەسمىي جاكارلىغان، پەرماندا مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئىلى شىنجاڭدىكى چوڭ شەھەر، ھازىر ئەسكەر تۇرغۇزۇپ بوز يەر ئېچىش ئۈچۈن ھەربىي ئىشلارنى باشقۇرۇشقا جاڭجۈن تۇرغۇزۇش لازىم.» ② ئىلى جاڭجۈنى چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭدىكى ئالىي ھەربىي ۋە مەمۇرىي ئەمەلدارى بولۇپ، ئىلىدىكى باياندايدا تۇرغان ۋە چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن پۈتۈن شىنجاڭنىڭ تۈرلۈك ھەربىي، مەمۇرىي ئىشلىرىنى ئىدارە قىلغان. ھەربىي ۋە مەمۇرىي ئىشلار بىر گەۋدە قىلىنغان شىنجاڭنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى سۈپىتىدە، ھەربىي تۈزۈمنىڭ فۇنكسىيىسى ھەربىي ئىشلار ۋە ئاۋام ئىشلىرى قاتارلىق ئىككى قىسمىنى ئۆز ئى-

---

① «شىنجاڭنى تىنچلاندۇرۇشنىڭ قىسقىچە بايانى». «چىن گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى» بابىغا قارالسۇن.

② «جۇڭغارلارنى تىنچىتىش تەدبىرلىرى».

چىگە ئالغان، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش مەزمۇنىدىن قارىغاندا، ئۇ سىياسىي، ھەربىي ئىشلار، ئىقتىساد، مالىيە، مەمۇرلار، ئەدلىيە، تاشقى ئىشلار قاتارلىق جەھەتلەرگە چېتىلاتتى، ھا-كىمىيەت يۈرگۈزۈش شەكلىدىن قارىغاندا، ھەربىي ئىشلارنى كۆپىنچە ھەرقايسى ھەربىي، مەمۇرىي ئامباللار بىۋاسىتە باش-قۇراتتى، ئاۋام ئىشلىرىغا ھەربىي، مەمۇرىي ئامباللار رىيا-سەتچىلىك قىلاتتى ياكى ئۇلارنىڭ نازارەتچىلىكىدە جايلاردىكى ھاكىمىيەت ئەمەلدارلىرى كونكرېت بېجىرەتتى. ئىلى جاڭجۇ-نىنىڭ ئاساسلىق فۇنكسىيىسىنى مۇنداق يەتتە تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ: (1) قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىپ، ھەربىي ھازىرلىقتا تۇرۇش؛ (2) مەنسەپدارلارنى تەكشۈرۈپ، ئۇلارنى ئۆستۈرۈشنى بەلگىلەش؛ (3) بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ، چارۋا بېقىپ ئىشلەپ-چىقىرىشنى تەشكىللەش؛ (4) باج خىراجەتلىرىنى يىغىپ، راسخوتنى تەڭشەش؛ (5) قورۇللارنى باشقۇرۇپ، چېگرىنى چارلاپ، زېمىننى قوغداش؛.(6) ۋاڭ، گۇڭلارنىڭ خاننى زىيارەت قىلىش ئىشلىرى ھەمدە قارام ئەللەر ئىشلىرىنى بېجىرىش؛ (7) رۇسىيىگە مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش.

شۇ يىلى 10 ـ ئايدا، مىڭ رۇي تۇنجى ئىلى جاڭجۇنلى-كىگە تەيىنلەنگەن. ئىلى جاڭجۇنىنىڭ تۈۋىنىدە مەسلىھەتچى ئامبال (باشبۇغ)، ئاغلاقچى ئامبال، خان ئامبال مەنسەپلىرى تەسىس قىلىنىپ، ئۇلار تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدى-كى جايلاردا تۇرۇپ، ئۆز جايلىرىنىڭ ھەربىي، مەمۇرىي ئىش-لىرىنى باشقۇرغان. ھەر دەرىجىلىك ھەربىي، مەمۇرىي ئە-مەلدارلارنىڭ تارقىلىشى ۋەزىيەت ۋە ئىدارە قىلىش تەلىپىگە ئاساسەن ئوخشاش بولمىغان دەۋرلەردە ئۆزگىرىپ تۇرغان، چيەنلۇڭنىڭ ئاخىرقى يىللىرىغا كەلگەندە شىنجاڭدىكى ھەر-بىي، مەمۇرىي ئامباللارنىڭ تەسىس قىلىنىشى ئاساسەن قې-لىپلاشقان بولۇپ، قۇرۇلما قاتلىمىنى تۈۋەندىكىدەك كۆرسى-تىشكە بولىدۇ. ①

---

① «شىنجاڭنى تىنچلاندۇرۇشنىڭ قىسقىچە بايانى».

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| ئىلى جىياڭجۈنى | شىمالىي يول | ئىلى | | مەسلىھەتچى ئامبال بىر |
| | | | | ئاغلاقچى ئامبال بىر |
| | | چۆچەك | | مەسلىھەتچى ئامبال بىر |
| | | | | ئىش بېجىرگۈچى ئامبال قوشۇمچە ئاغلاقچى ئامبال |
| | جەنۇبىي يول | قەشقەر | مەسلىھەتچى ئامبال بىر، ياندىش خان ئامبال بىر | يېڭىسار — ئاغلاقچى ئامبال بىر |
| | | | | يەكەن — خان ئامبال بىر، ياندىش خان ئامبال بىر |
| | | | | خوتەن — خان ئامبال بىر، ئاغلاقچى ئامبال بىر |
| | | | | ئۇچتۇرپان — خان ئامبال بىر |
| | | | | ئاقسۇ — خان ئامبال بىر |
| | | | | كۇچا — خان ئامبال بىر |
| | | | | قاراشەھەر — خان ئامبال بىر |
| | شەرقىي يول | ئۈرۈمچى باشبۇغ بىر | | تۇرپان — ئاغلاقچى ئامبال بىر |
| | | | | قۇمۇل — خان ئامبال بىر |
| | | | | باركۆل — ئاغلاقچى ئامبال بىر |
| | | | | گۇچۇڭ — ئاغلاقچى ئامبال بىر |
| | | | | قۇرقارا ئۇسۇ — ئاغلاقچى ئامبال بىر |

شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك ھەربىي، مەمۇرىي ئامباللارنىڭ تەسىس قىلىنىشىدا ئومۇمەن تۆۋەندىكى پرىنسىپقا رىئايە قىلىنغان: بىرىنچى، مەنسەپدارلارنى تەيىنلەشتە شىمالغا ئەھمىيەت بېرىپ، جەنۇبقا كۆچمەسلىك، ھەربىي، مەمۇرىي ئىشلارنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى شىمالىي شىنجاڭغا قويۇش؛ ئىككىنچى، پۈتۈن شىنجاڭنى ئۈچ چوڭ جۇغراپىيىلىك بۆلەككە بۆلۈش، شىمالىي يولدىكى ئىلى، تارباغاتاي رايونلىرى جاڭجۈنگە بىۋاسىتە قاراش، جەنۇبىي يولدىكى سەككىز شەھەر ۋە شەرقىي يولدىكى ئۈرۈمچى رايونى (شىمالىي شىنجاڭدىكى كور قارا ئۇسۇنىڭ شەرقى، جەنۇبىي شىنجاڭ ۋە تۇرپاننىڭ شىمالى)نى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا قەشقەر مەسلىھەتچى ئامبىلى ۋە ئۈرۈمچى باشبۇغى باشقۇرۇش ھەمدە ئىلى جاڭجۈنىنىڭ قوماندانلىقىدا بولۇش؛ ئۈچىنچى، جايلارنىڭ ئەھۋالىنىڭ مۇرەككەپلىك دەرىجىسىگە قاراپ ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدىكى ھەربىي، مەمۇرىي ئەمەلدارلارنى ئەۋەتىش، ئىستراتېگىيىلىك مۇھىم رايونلارغا باشبۇغ، مەسلىھەتچى ئامبال ئەۋەتىش، باشقا شەھەرلەرگە قارىتا چوڭراقلىرىغا شۇ جايدا تۇرۇشقا خان ئامبال ئەۋەتىپ، ئامبالنىڭ ئىشلىرىغا ياردەملىشىش، كىچىكرەكلىرىگە شۇ جايدا تۇرۇشقا ئاغلاقچى ئامبال ئەۋەتىش.

### 3. مەمۇرىي باشقۇرۇش سىستېمىسى

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شىنجاڭنىڭ يەرلىك، مىللىي ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، ئۆرپ-ئادەتلەر ئاساسىدا ئىدارە قىلىپ، جايلارنىڭ شارائىتىغا يارىشا ئىش كۆرۈپ، ھەربىي، مەمۇرىي ئەمەلدارلارنىڭ قارىمىقىدا ئۈچ خىل ئوخشاش بولمىغان مەمۇرىي باشقۇرۇش سىستېمىسىنى بەرپا قىلغان.

(1) ئايماق، ناھىيە تۈزۈمى. ئاساسلىقى شىمالىي شىنجاڭدىكى ھەرقايسى جايلار ھەمدە جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ شەرقىدىكى ئىچكى ئۆلكىلەردىن كۆچۈپ كەلگەنلەر كۆپرەك ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا يولغا قويۇلغان. 1773 ـ يىلى (چيەنلۇڭنىڭ 38 ـ يە-

لى) چىڭ سۇلالىسى باركۆلدە باركۆل مەھكىمىسىنى قۇرغان،
ئېۋىرغول ئۇنىڭ قارىمىقىدىكى ناھىيە بولغان، ئۈرۈمچىنىڭ نا-
مى دىخۋاغا ئۆزگەرتىلگەن، سانجى ناھىيە قىلىنغان، ئۇنى باركۆل
مەھكىمىسى باشقۇرغان. ئۇزۇن ئۆتمەي باركۆل ۋىلايىتى ئۈرۈم-
چىنىڭ لومەنچىڭغا يۆتكىلىپ، ئۈرۈمچى - باركۆل ۋىلايىتى تە-
سىس قىلىنغان، دىخۋا بىۋاسىتە قاراشلىق ئايماققا ئۆزگەرتى-
لىپ، سانجى، فۇكاڭ، سۇيلەي(ماناس) ئۈچ ناھىيىنى باشقۇرغان،
قۇتۇبىغا بىر سەييارە ئامبال، جىمىسارغا بىر ئامبال قويۇلغان؛
باركۆل مەھكىمىسى ئېۋىرغول ۋە گۇچۇڭ ناھىيىلىرىنى، قۇمۇل
ۋە تۇرپان ۋىلايەتلىرىنى باشقۇرغان؛ يەنە كورقارائۇسۇ، جىڭ،
قارابالغاسۇندا بىردىن ئوزۇق - تۈلۈك بېگى قويۇلغان، شىما-
لىي شىنجاڭنىڭ ئايماق، ناھىيە تۈزۈلمىسى ئومۇمەن مۇ-
شۇنداق بولغان.

چىڭ ھۆكۈمىتى باركۆل — ئۈرۈمچى ۋىلايىتى ۋە ئۇنىڭغا
قاراشلىق ئايماق، ناھىيىلەردە قوش تەۋەلىك تۈزۈلمىسىنى يولغا
قويغان. بىر تەرەپتىن، مەمۇرىي تۈزۈلمە جەھەتتىن قوشنا بولغان
گەنسۇغا قوشۇپ، شەنشى، گەنسۇ باش ھەربىي ۋالىيسىنىڭ باش-
قۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەن؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ھەربىي تۈزۈلمە
ۋە مەمۇرىي باشقۇرۇش جەھەتتە ئۈرۈمچى باشبۇغىنىڭ باشقۇرۇ-
شى ۋە ئىلى جاڭجۇنىنىڭ ئىدارىسىدە بولغان.

(2) بەگلىك تۈزۈمى. بەگلىك تۈزۈمى شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر
جەمئىيىتىدە ئەزەلدىن مەۋجۇت بولۇپ كېلىۋاتقان سىياسىي تۈ-
زۈم. چىڭ سۇلالىسى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنى بىر-
لىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھەرقايىسى
جايلار ۋە شىمالدىكى ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ئىلى-
نى يەرلىكنىڭ ئۆرپ - ئادىتى بويىچە ئىدارە قىلغان، بۇ تۈزۈم-
لەرنى داۋاملىق قوللىنىش جەريانىدا مۇكەممەللەشتۈرۈپ، بەگ
تۈزۈمىنى چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شۇ جايدىكى بىر تۈرلۈك ئاسا-
سىي قاتلام مەمۇرىي تۈزۈلمىسىگە ئايلاندۇرغان.

1759 ـ يىلى (چيەنلۇڭنىڭ 24 ـ يىلى)دىن كېيىن چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئىزچىل ھالدا چيەنلۇڭ پادىشاھنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭنى تىنچ تۇتۇشتا «كونا تۈزۈلمىنى قوللىنىپ، ھەر قايسى شەھەرلەرگە ئايرىم-ئايرىم كاتتىۋاش قويۇش، ئۇلار ئىلى جاڭجۈنىنىڭ قوماندانلىقىدا بولۇش» ① دېگەن  فاڭجېنى بويىچە، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 31 شەھەر ـ بازار رايونىدا 260 تىن ئارتۇق ھەر دەرىجىلىك بەگ تەيىنلىگەن، «بەگلەر نامى بويىچە ئۆز ۋەزىپىلىرىنى ئۈستىگە ئالغان». «غەربىي يۇرتنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋالىدىن خاتىرىلەر»، «غەربىي يۇرتتىكى ئوخشاش تىللىق ئەللەر تەزكىرىسى»، «شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلار تەزكىرىسى» قاتارلىق كىتابلاردا خاتىرىلىنىشىچە، ئىسلاھ قىلىنغاندىن كېيىن قېلىپ قالغان بەگلىك ۋەزىپىسى تەخمىنەن 35 خىل ئەتراپىدا بولۇپ، ئاساسلىقلىرىدىن مۇنداق 15 خىلى بولغان: «ھاكىم شەھەرنى باشقۇرىدۇ؛ ئىشىك ئاغا ھاكىمنىڭ ئىشلىرىغا ھەمكارلىشىدۇ؛ تۇججارلار بېگى ئىجارە ۋە باج ـ سېلىق ئىشلىرىنى باشقۇرىدۇ؛ قازى جازا ئىشلىرىنى باشقۇرىدۇ؛ مىراب سۇ ئىشلىرىنى باشقۇرىدۇ؛ ناھىيبەگ كاسىپلىق ۋە ھاشار ئىشلىرىنى باشقۇرىدۇ؛ پاششاپ ئوغرى ـ يالغاننى تۇتىدۇ؛ مۇتسىپ دىنىي ئىشلارنى ئۈستىگە ئالىدۇ؛ مۇتىۋەلى ئېتىز ـ ئېرىقلارنى باشقۇرىدۇ؛ دۇگانبەگ ئۆتەڭ ـ سارايلارنى باشقۇرىدۇ؛ باجگىر باج ـ سېلىقنى باشقۇرىدۇ؛ ئەرباب بەگ باج ئىشلىرىنى سۈيلەيدۇ؛ شىغاۋۇل بەگ دۇگانبەگنىڭ ئىشلىرىغا ھەمكارلىشىدۇ؛ باغدار بەگ باغلارنى باشقۇرىدۇ؛ مىڭبېگى مىڭ ئۆيلۈكنى باشقۇرىدۇ.» ② چىڭ ھۆكۈمىتى ھوقۇقىنىڭ مەركەزگە مەركەزلىشىشىنى كۈچەيتىش، مەركەزدىن قېچىش خاھىشىنى ئازايتىش ياكى تۈگىتىش ئۈچۈن بەگلىك تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلغان. بىرىنچى، بەگلىككە ۋارىسلىق قىلىش تۈزۈمىنى

① «چىڭ گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 571 ـ بەت.
② «چىڭ گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 593 ـ بەت.

ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۇنى خانىدانلىق تەيىنلەيدىغان ياكى قالدۇ-رىدىغان بولغان؛ ئىككىنچى، تاللاپ تەيىنلەش ئۆلچىمىدە چىڭ ھۆكۈمىتىگە سادىق بولۇش تەكىتلىنىپ، بىرلىككە كېلىش جې-ڭىدە ھەربىي تۆھپە كۆرسىتىپ مەرتىۋىگە ئېرىشكەنلەرگە ئېتىد-بار بېرىلگەن؛ ئۈچىنچى، ئۆزىنى چەتكە ئېلىش تۈزۈمى يولغا قويۇلغان، ئالىي، ئوتتۇرا دەرىجىلىك بەگلەر ئۆز شەھىرىدىن، تۆۋەن دەرىجىلىك بەگلەر يۇرتىدىن ئۆزىنى چەتكە ئالغان؛ تۆتىنچى، دەرىجە بېكىتىلىپ، تامغا تارقىتىپ بېرىلگەن، بەگلەر ئۈچىنچى دەرىجىلىكتىن يەتتىنچى دەرىجىلىككىچە دەرىجىگە ئايرىلىپ، دەرىجىسى بويىچە بەلگىلەنگەن ساندىكى دىيانەتلىكنى ساقلاش يېرى، يانچى (يەر تېرىغۇچى) ۋە دىيانەتلىكنى ساقلاش پۇلىدىن بەھرىمەن بولغان؛ بەشىنچى، ھەرقايسى شەھەرلەردىكى بەگلەرنىڭ ھەممىسى شۇ جايدا تۇرۇشلۇق ئامبالنىڭ قوماندانلىقىدا بولغان، شەھەرلەردىكى ئامباللار خەلق ئىشلىرىنى نازارەت قىلىش، سۈرۈشتۈرۈش، ھەتتا بىۋاستە ئارىلىشىش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇپ، ئۇلار بەگلەرنىڭ ئۆسۈشى ياكى قالدۇرۇلۇشىنى قارار قىلغان. شۇڭا، چىڭ ھۆكۈمىتى يولغا قويغان. بەگلىك تۈزۈمىدە بەگلىكلەرنىڭ سالاھىيىتىدە زور ئۆزگىرىش بولۇپ، ئەسلىدىكى ئاقسۆڭەك تۆرىلەردىن چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئاساسىي قاتلام ئەمەلدارلىرىغا ئايلانغان.

(3) جاساق تۈزۈمى. بۇ ئاساسلىق قىلىپ شىنجاڭدىكى ئويرات موڭغۇللىرى ئارىسىدا يولغا قويۇلغان. 1771 - يىلى (چيەنلۇڭنىڭ 36 - يىلى) تۇرغۇت قەبىلىسى ئوباشىنىڭ باشچىلىقىدا شەرققە قايتقاندا، چيەنلۇڭ يارلىق چۈشۈرۈپ ئوباش قەبىلىسىدە ئون جاساق تەسىس قىلغان، بۇلار ئوتتۇنسۇجۇكتۇ نامىدا جەنۇب، شىمال، شەرق، غەربىي يول تۆت ئايماق، 12 خوشۇنغا ئايرىلىپ، كونا تۇرغۇت قەبىلىسى دەپ ئاتالغان؛ سېرىڭ قەبىلىسىدە ئىككى جاساق تۇرغۇزۇلۇپ چېكىسېتكىلتو نامىدا بىر ئايماق، ئۈچ خوشۇنغا ئايرىلىپ يېڭى تۇرغۇت دەپ ئاتالغان. ئوباش بىلەن

بىرگە قايتىپ كەلگەن خوشۇتگۇڭگۇ قەبىلىسىدە ئۈچ جاساق تەسىس قىلىنىپ، باتسىپتكىلتې نامىدا ئوتتۇرا يول ئۈچ ئايمىقى قۇرۇلغان. كونا تۇرغۇتلارنىڭ 12 خوشۇنى بىلەن خوشۇتگۇڭگۇ قەبىلىسىدىكى ئۈچ خوشۇن قاراشەھەر، قوبۇقسار، قورقارا ئۇسۇ، جىڭ قاتارلىق جايلاردا كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلغان ۋە شۇ جايدىكى ئامباللارنىڭ تەۋەلىكىدە بولۇپ، ئىلى جاڭجۈننىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. يېڭى تۇرغۇت قەبىلىسىدىكى ئىككى خوشۇن خوبدودا چىڭ سۇلالىسىگە بەيئەت قىلىپ، ئۇلانخولۇمدا كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلىۋاتقان سەنزاياتو نامىدىكى ئوڭ ـ سول قانات ئىككى خوشۇن، 16 ئايماق بىلەن قوبدۇ ئامبىلىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان.

جاساق تۈزۈمى چىڭ ھۆكۈمىتى چۆللۈكنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى موڭغۇللار ئارىسىدا كەڭ كۆلەمدە يولغا قويغان بىر خىل مەمۇري باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى. موڭغۇل قەبىلىلىرىدە خوشۇن تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ھەربىر جاساقنى بىر ئادەم باشقۇرىدۇ، ئۇ خوشۇن باشلىقى بولىدۇ، بىر خوشۇن ياكى بىرنەچچە خوشۇن بىرلىشىپ بىر ئايماق بولىدۇ، بۇنىڭغا خاس ئايماق باشلىقى تەسىس قىلىنىدۇ. جاساقتا ۋارىسلىق قىلىشقا بولىدۇ ۋە ئۆز تەۋەلىكىدىكى ئىشلاردا بىرقەدەر تولۇق ئەركىنلىك ھوقۇقى بولىدۇ، بىراق ئۇنى جەزمەن چىڭ خاندانلىقى ۋەزىپىگە تەيىنلىشى ھەمدە ۋاسساللار مەھكىمىسىنىڭ تۈرلۈك بۇيرۇقلىرىغا ئىتائەت قىلىشى كېرەك.

جاساق تۈزۈمى يېزا ئىگىلىك رايونى بولغان قۇمۇل، تۇرپانلاردىمۇ يولغا قويۇلغانىدى. 1697 ـ يىلى (كاڭشىنىڭ 36 ـ يىلى) چىڭ خاندانلىقى قۇمۇل ۋاڭى ئەبەيدۇللاغا جاساق بىرىنچى دەرىجىلىك تارخان ئۇنۋانى ئىنئام قىلغان ھەمدە خوشۇن ئەسكىرى تۇرغۇزغان. 1732 ـ يىلى (يۇڭجېڭنىڭ 10 ـ يىلى) تۇرپاندىكى ئىمىن ۋاڭ خوجىغا دۆلەتكە ھەمدەمچى جاساق بېگى ئۇنۋانى ئىنئام قىلغان ھەمدە خوشۇن ئەسكىرى تۇرغۇزغان، ھەر ئىككىسى بىردىن خوشۇن بولۇپ، قارىمىقىدا

توغچى زەنگى، ياردەمچى ئەمىر قاتارلىق مەنسەپلەر تەسىس قىلىنغان. چيەنلوڭدىن كېيىن كونا قائىدىلەر يەنىلا داۋاملاشقان. قومول، تورپانلارغا جاساق ئونۋانىنىڭ بېرىلىشىدە، ئاساسلىقى مۇشۇ ئىككى جايدىكى فېئوداللارنىڭ باشلامچىلىق بىلەن چىڭ خاندانلىقىغا بېقىنغانلىقىدەك سىياسىي ئەھۋالى ئاساس قىلىنغان بولۇپ، مۇكاپاتلاش تۈسىنى ئالغان خوشۇن ئەسكىرىي تۈرگۈزغان. 1732 ـ (يۇڭجېڭنىڭ 10 ـ يىلى.)

**4. جەمئىيەت ۋە ئىقتىسادنىڭ گۈللىنىشى**

چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كې-يىنكى 60 نەچچە يىل شىنجاڭنىڭ جەمئىيىتى مۇقىم، ئىق-تىسادى تەرەققىي قىلغان ۋە گۈللەنگەن مەزگىل بولغان. بۇ مەزگىلدە چىڭ ھۆكۈمىتى شىنجاڭدا كۆپ خىل مۇلۇكچىلىك، كۆپ خىل ئىقتىسادىي تۈزۈم ۋە سىياسەتلەرنى قوللىنىپ، ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگەن. يېزا ئىگىلىكى جەھەتتە بوز يەر ئۆزلەشتۈرگەن، جۇملىدىن، ئەسكەرلەر، خو-شۇنلار، مەھبۇسلار، پۇقرالار ۋە يەرلىك دېھقانلار بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشنى يولغا قويغان؛ شىمالىي شىنجاڭدىكى تېرىقچى دېھقانلارغا ۋە جەنۇبىي شىنجاڭغا قارىتا ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىش سىياسىتىنى يولغا قويغان؛ سۇچىلىق قۇرۇلۇشى ئېلىپ بار-غان. بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىكىدە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلۈپ، 1782 ـ يىلى ئىلىدىكى ئاش-لىق ئامبارلىرىدىكى زاپاس ئاشلىقلا 500 نەچچە مىڭ دەنگە يەتكەن. زاپاس ئاشلىق كۆپ بولۇپ كەتكەچكە، ئەسكەرلەرنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش سانىنىڭ بەشتىن ئىككى قىسمىنى قىسقارتىشقا مەجبۇر بولغان. چارۋىچىلىق جەھەتتە چىڭ ھۆ-كۈمىتى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا كەڭ يايلاقلارنى ئاچقان، ئۇنى ئارمىيە باشقۇرۇپ، ئاساسلىقى ھەربىي ئىشلار، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ۋە قاتناشقا ئىشلەتكەن. بۇ مەزگىلدە شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تەرەققىياتى

تېز بولۇپ، ئەمگەك كۈچلىرى ۋە ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكا سېلىنمىسى، تېرىقچىلىق كۆلىمى، ئاشلىق ۋە ئىقتىسادىي زىرائەت مەھسۇلاتى قاتارلىقلار ئىلگىرىكى ھەرقانداق دەۋردە. كىدىن ئېشىپ كەتكەن.

قاتناش ـ ترانسپورت ۋە سودا جەھەتتە چىڭ ھۆكۈمىتى شىنجاڭ بىلەن ھەرقايسى جايلار ئارىسىدىكى يوللارنى راۋانلاشتۇرغان، بۇنىڭ بىلەن سودا تېز تەرەققىي قىلغان. شىما. لىي شىنجاڭ بىلەن قازاقىستاننىڭ سودىسى شىنجاڭنىڭ ئاساس. لىق تاشقى سودىسىغا ئايلانغان؛ ئىچكىرىدىن شىنجاڭغا تۇتىشى. دىغان سودا يولى شىمالىي يول ۋە غەربىي يولغا ئايرىلىپ يىل بويى راۋان بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىندى، ئىچكىرى ئۆلكىلەر. نىڭ دېڭىز بويى رايونلىرى ۋە جەنۇبىي جۇڭگونىڭ ماللىرى غەر. بىي يول ياكى شىمالىي يول ئارقىلىق شىنجاڭغا يۆتكەپ كېلىن. گەن، شىنجاڭنىڭ ماللىرىنىمۇ ئىچكىرىنىڭ ھەرقايسى ئۆلكىلە. رىدە كۆرگىلى بولاتتى؛ جەنۇبىي شىنجاڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ھەمدە شىزاڭ قاتارلىق جايلار بىلەن ئەنئەنىۋى سودىنى ساقلاپ قالغان.

ئىجتىمائىي ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتى ئىچكىرىدىكى تېخى. مۇ كۆپ خەلقنىڭ ئائىلىسى بىلەن شىنجاڭغا كۆچۈپ كېلىشىگە تۈرتكە بولغان، چېگرىدىكى ئاھالىنىڭ سانى كۆپىيىپ، شەھەر ـ بازار سودىسى يەنىمۇ ئاۋاتلاشقان. ئۈرۈمچى بۇ چاغدا «يوللىرى ھەممە جايلارغا تۇتاشقان، ھەممىلا جايلىرىدا دۇكان ـ سارايلار ئېچىلغان، شەھەر يوللىرى كەڭ ۋە ئازادە، خەلقى باياشات، ئاش. پۇزۇللىرى، ھۈنەرۋەن كاسىپلارنىڭ ھەرقاندىقى تېپىلىدىغان، جايگۇۋەننىڭ سىرتىدىكى ئەڭ ئاۋات جاي»[①]غا ئايلانغان. ئىلى شەھىرى «پۇقرالىرى خاتىرجەم تىرىكچىلىك قىلىدىغان، قاتنى. شى راۋان، سودىسى تەرەققىي قىلغان، كەنتلەر تۇتىشىپ كەتكەن ئىت، توخۇلارنىڭ ئاۋازلىرى بىر ـ بىرىگە ئاڭلىنىپ تۇرىدىغان

① (چىڭ) چۇن يۈەن: «غەربىي يۇرت خاتىرىلىرى»، 1ـ توم، 6ـ بەت.

هالەتتە ئاۋاتلىشىپ، ئەينى چاغلاردىكى قاقاس جايلارنىڭ ئېچىلىشى بىلەن پەرقى قالمىغان.»[1] بىراق، 19 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، تاشقى شارائىتنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە ئىچكى ئىجتىمائىي زىددىيەتنىڭ تەدرىجىي كەسكىنلىشىشىگە ئەگىشىپ، شىنجاڭ جەمئىيىتىدىكى داۋالغۇش كۈنسايىن ئېغىرلاشقان.

## ئىككىنچى، ئىچكى ـ تاشقى ئاپەت

### 1. چىڭ سۇلالىسىگە قارشى قوزغىلاڭدىن فېئوداللىق تەپرىقچىلىككىچە

ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن كېيىن جۇڭگو يېرىم مۇستەملىكە، يېرىم فېئوداللىق جەمئىيەتكە قەدەم قويۇپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ دۆلەت كۈچى كۈنسايىن ئاجىزلىشىپ، شىنجاڭنى ئىدارە قىلىشتا ئارمانىغا تۇشلۇق دەرمانى قالمىغان. يەرلىكتىكى ئەمەلدارلار ھۆكۈمرانلىقىنى قوغداش ئۈچۈن، ھەر مىللەت خەلقىگە بولغان سىياسىي زۇلۇم ۋە ئىقتىسادىي ئېكسپىلاتاتسىيىنى كۈچەيتكەن، بۇنىڭ بىلەن تۈرلۈك ئىجتىمائىي زىددىيەتلەر كۈنسايىن كەسكىنلىشىپ، خەلقنىڭ قارشىلىق كۆرەشلىرىمۇ كۈنسايىن كۈچەيگەن. تەيپىڭ تيەنگو ھەرىكىتى ۋە شەنشى، گەنسۇدىكى مۇسۇلمانلار قوزغىلىڭىنىڭ تەسىرىدە، 1864 ـ يىلى شىنجاڭدا چىڭ سۇلالىسىگە قارشى زور كۆلەمدىكى قوزغىلاڭ پارتلىغان. شۇ يىلى 6 ـ ئايدا، كۇچادىكى ئۆگەن دەرياسى سۇچىلىق قۇرۇلۇشىدا ئىشلىق بېجى تاپشۇرۇشقا قۇربى يەتمىگەن بىر تۈركۈم دېھقانلار ئېغىر ئەمگەك ۋە جەبىر ـ زۇلۇمغا چىدىماي قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن. كۇچادىكى ھەر مىللەت خەلقى قوزغىلاڭغا ئاۋاز قوشقان، قوزغىلاڭچى ئامما كۇچاغا ھۇجۇم قىلىپ كىرىپ، كۇچادىكى خان ئامبال قاتارلىق فېئودال ئەمەلدار ۋە سەككىز نەپەر بەگنى ئۆلتۈرۈپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ كۇچادىكى ھۆكۈمرانلىقىنى

[1] (چىڭ) گې فېڭئي: «ئىلى دەرياسى توپلىمى»، 37 ـ بەت .

تىلگەن ھەمدە قوزغىلاڭنىڭ مەقسىتى ۋە خاراكتېرىنى ئۆزگەر-تىۋەتكەن.

كۇچادا، قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى كۇچا شەھىرىنى ئىگىلىگەن-دىن كېيىن، راشىدىن خوجا ئۆزىنىڭ دىنىي ساھەدىكى ھوقۇقى ۋە مەرتىۋىسىدىن پايدىلىنىپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىۋېلىپ، رەھبەرلىك ھوقۇقىنى قولغا كەل-تۈرۈۋالغان ۋە ئۆزىنى «خان خوجا» دەپ ئاتىۋالغان. ئارقىدىنلا ئۇ غەربتە ئاقسۇ ۋە ئۇچتۇرپانغا، شەرقتە تۇرپان ۋە لۈكچۈنگە جازا يۈرۈشى قىلىپ، فېئودال تەپرىقچىلىك ۋەزىيىتىنى شەكىللەن-دۈرگەن.

ئۈرۈمچى رايونىدىكى قوزغىلاڭچىلارنىڭ رەھبىرى تو مىڭمۇ ئۆزىنى «مۇسۇلمان شاھ» دەپ ئاتىۋالغان، ھوقۇقنى قولغا ئال-غاندىن كېيىن زورلۇق - زومبۇلۇق قىلىپ، يۇرتقا بالايىئاپەت سېلىپ، زېمىنىنى كېڭەيتىپ، ئۈرۈش ئوتىنى تاكى تۇرپان ئەتراپلىرىغىچە تۇتاشتۇرغان. ئىلى قوزغىلاڭچى قوشۇنىنىڭ رەھبەرلىك گۇرۇھى ئىچىدە ئىچكى نىزا تىنچىمىغان. قوز-غىلاڭچى قوشۇن ئىچىگە سوقۇنۇپ كىرىۋالغان فېئودال كات-تىۋاشلار «سۇلتان» لىق ھوقۇقىنى تالىشىش ئۈچۈن بىر-بىرى-گە سۇيىقەست قىلىشىپ، بىر يېرىم يىل ئىچىدە تۆت قېتىم «سۇلتان» ئالماشقان.

قوزغىلاڭنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى فېئودال كاتتىۋاشلار ۋە دىنىي كاتتىۋاشلار تارتىۋالغان بولغاچقا، ئۇلار ئۆز ئالدىغا ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈپ، بىرنەچچە يەرلىك فېئودال تەپرىقچى ھاكىمىيەتنى شەكىللەندۈرگەن. فېئودال تەپرىقچى ھاكىمىيەت-لەر ئاممىنىڭ كۈرەش نىشانىنى بۇراش ئۈچۈن، ھەدەپ مىللىي قىرغىنچىلىقنى قۇتراتقانلىقتىن، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىل-مايدىغان ھەر مىللەت ئاممىسى قوزغىلاڭچى قوشۇنىنىڭ سىرتىدا قالدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ھەرقايسى فېئودال تەپرىقچىلىك ھاكى-مىيەتلىرى ئارىسىدىكى يېغىلىقلار ئۇلارنىڭ قوغداش ئىقتىدارى-

نى ئاجىزلىتىۋەتكەن، بۇنىڭ بىلەن قوقان ئوفىتسېرى ياقۇپبەگ بىلەن چارروسىيىنىڭ تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشكە پۇرسەت يارىتىپ بېرىلگەن، بۇنىڭ نەتىجىسىدە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە تېخىمۇ زور كۈلپەت كەلگەن.

## 2. قوقانلىقلارنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلىشى

19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جەنۇبىدىكى قوقان قۇدرەت تاپقان ھەمدە خانلىق قۇرغان، قوقان ئەينى چاغدا ئوتتۇرا ئاسىيا ئىسلام دىنىنىڭ مەركىزى بولۇپ، ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلار سىنىپى دەھرىي ئۆزبېك مىللىتىنىڭ مەڭگۈلەر قەبىلىسىدىكى ئاقسۆڭەك فېئوداللار بىلەن خوجىلار جەمەتى باشچىلىقىدىكى دىنىي گۇرۇھنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. شۇ جايدىكى خوجىلار جەمەتى بىلەن شىنجاڭدىكى خوجىلارنىڭ مۇناسىۋىتى قويۇق ئىدى. 19 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىدا، دۆلەت كۈچى زورايغان قوقان خانلىقى تۆت ئەتراپقا كېڭەيمىچىلىك قىلىشقا باشلىغان، ئۇنىڭ بىلەن قوشنا بولغان شىنجاڭنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى رايونلىرى ئالدى بىلەن ھۇجۇمغا ئۇچرىدى. ھالبۇكى، چېگرا سىرتىدا سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن خوجىلار ئۇلارنىڭ كېڭەيمىچىلىك قىلىش قورالى بولۇپ قالغان. 1820 ـ يىلدىن 1828 ـ يىلغىچە شىنجاڭدىكى خوجىلار ئەۋلادى جاھانگىر قوقەن خانلىقىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا شىنجاڭ چېگرىسىغا تۆت قېتىم تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرغان. جۈملىدىن 1826 ـ يىلى 10 نەچچە مىڭ كىشىلىك قوقەن قوشۇنىنىڭ قوللىشى بىلەن شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدىكى مۇھىم بازار قەشقەر، يېڭىسار، يەكەن (بۇگۇنكى يەكەن) ۋە خوتەننى ئىشغال قىلغان. شۇ يىلى 8ـ ئايدا، چىڭ ھۆكۈمىتى ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن 30 نەچچە مىڭ كىشىلىك قوشۇن توپلاپ، ئىلى جاڭجۇنى چاڭ لىڭنى ھەيۋىدار سانغۇنلۇققا تەيىنلەپ، قوشۇنغا بىر تۇتاش قوماندانلىق قىلىپ باندىتلارنى يوقىتىشقا بۇيرۇغان، كېيىنكى يىلى 4 ـ ئايغىچە تۆت شەھەر قايتۇرۇۋېلىنغان. 1828 ـ يىلد-

نىڭ بېشىدا جاھانگىر خوجا 4 - قېتىم شىنجاڭغا ھۇجۇم قىلىپ
مەغلۇپ بولۇپ قولغا چۈشكەن ۋە جازاغا ھۆكۈم قىلىنغان. شۇ-
نىڭدىن كېيىنكى 30 يىلدا قوقان يەنە شىنجاڭ چېگرىسى ئىچى-
دىكى خوجا ئەۋلادلىرىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا مۇداخىلە قىلىشى-
نى ۋە پاراكەندىچىلىك سېلىشىنى كۆپ قېتىم قوللىغان. بۇلار-
نىڭ ئىچىدە كۆلىمى چوڭراقلىرىدىن 1830 - يىلىدىكى «يۇ-
سۇپ توپىلىڭى»، 1847 - يىلىدىكى «يەتتە خوجا توپىلىڭى» ۋە
1857 - يىلىدىكى «ۋەلىخان خوجا توپىلىڭى»نى كۆرسىتىشكە
بولىدۇ.

1865 - يىلىنىڭ باشلىرىدا، قوقان شىنجاڭدا چىڭ ھۆكۈ-
مىتىگە قارشى قوزغىلاڭ بولغانلىقىدىن پايدىلىنىپ، ھەربىي ئو-
فىتسېر ياقۇپبەگنى شىنجاڭدىكى خوجىلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادى
بۇزرۇكنى دەستەك قىلىپ شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلىشقا ئەۋەتكەن.
1867 - يىلى 6 - ئايدا، ئۇلار ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ شىنجاڭ-
دىكى يەتتە شەھەرنى ئىگىلەپ، «يەتتە شەھەر» تاجاۋۇزچى ھاكى-
مىيىتىنى قۇرغان. ئارقىدىنلا شىمالىي شىنجاڭدىكى ئۈرۈمچى،
ماناس قاتارلىق جايلارغا تاجاۋۇز قىلغان. ياقۇپبەگ بىر تۈركۈم
فېئودال ئاقسۆڭەكلەر ۋە ھەربىي كاتتىۋاشلارغا تايىنىپ، غازات
تۇغىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، ئەينى چاغدىكى جەنۇبىي شىنجاڭ قوز-
غىلاڭچىلىرى ئارىسىدىكى زىددىيەتتىن پايدىلىنىپ، جەنۇبىي
شىنجاڭ خەلقىگە قارىتىلغان ۋەھشىيانە ھۆكۈمرانلىقنى ئورنات-
قان. ھەربىي قوشۇن ۋە فېئودال دىن ياقۇپبەگ قۇرغان «يەتتە شە-
ھەر» ھاكىمىيىتىنىڭ ئىككى تۈۋرۈكى بولغان. ياقۇپبەگ 60
نەچچە مىڭ كىشىلىك قوشۇن (بۇ چىڭ سۇلالىسىنىڭ جەنۇبىي
شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قوشۇنىنىڭ تۆت ھەسسىسىگە توغرا كېلى-
دۇ) توپلاپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ ئىشغال قىلىنغان رايونلاردىكى خەلققە
قارىتىلغان ھۆكۈمرانلىقى ۋە قۇل قىلىشىنىڭ كاپالەتچىسى قىلى-
غان. ئۇ يەنە جەنۇبىي شىنجاڭدا ھەربىي فېئودال سۇيۇرغاللىق
تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، ئىگىلىۋېلىنغان زېمىنلارنى قوشۇنىنىڭ

باشقۇرۇشىغا بۆلۈپ بەرگەن. ھەر مىللەت خەلقى يەر سۇيۇرغال ئىگىلىرىنىڭ قۇلىغا ئايلىنىپ، ھەر خىل نامىلاردىكى باج ۋە ھاشارلارنى ئۇستىگە ئالغان، تۆتتىن ئۈچ قىسمىدىن ئارتۇق ئەمگەك مېۋىسىنى تاجاۋۇزچى قوشۇن تارتىۋالغان. ياقۇپبەگ «ئىسلام ئىپچىش» بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىنى ئىسلام غازىتى، دەپ ماختاپ كۆككە كۆتۈرگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن ياقۇپبەگ ئۆزىنى ئىسلام دىنىنىڭ قوغدىغۇچىسى دەپ ئاتىۋالاپ، ئىشغالىيەت رايونلىرىدا ئىسلام شەرىئىتىنى مەجبۇرىي يولغا قويۇپ، مەھكىمە شەرئىنىڭ ھوقۇقىنى كۈچەيتىپ ۋە كېڭەيتىپ، مەمۇرىي باشقۇرۇشنىڭ ئورنىغا دىنىي ھۆكۈمرانلىقنى دەسسىتىپ، ئىسلام ئەقىدىلىرى ئارقىلىق ھەر مىللەت خەلقىنى كىشەنلىگەن. ياقۇپبەگ يەنە مەسچىتلەرنىڭ يېرى ۋە مال-مۈلكىنى زور كۈچ بىلەن كېڭەيتىپ، دىنىي كۈچلەرگە كەڭ ھوقۇق بېرىپ، دىن ئارقىلىق ھەر مىللەت خەلقىنى ماتاپ، ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى قوغدىغان.

ياقۇپبەگ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جەسەت سۆڭەكلىرى ئۈستىگە ئۆزىنىڭ ئەيش - ئىشرەتلىك «جەننەت» ىنى قۇرۇپ چىققان. ياقۇپبەگ ئاتا - بالا ئىككىسىنىڭ كۆڭۈل ئېچىشى ئۈچۈن سېلىنغان ئوردا - سارايلار جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىنى قاپلىغان. بۇلاپ كېلىنگەن 600 دىن ئارتۇق ئاز سانلىق مىللەت قىزلىرى ھەرەمگە سولىنىپ، ئۇلارنىڭ كۆڭۈل ئېچىشىغا تەييارلانغان. قۇللۇق تۈزۈم جەنۇبىي شىنجاڭدا قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ، قۇل قىلىنغان ئەمگەكچى خەلق قەشقەر، يەكەن قاتارلىق جايلاردىكى مەخسۇس بازارلاردا سېتىلغان، ھەربىر قۇلنىڭ باھاسى 10 تەڭگىدىن ئاشمىغان. ياقۇپبەگنىڭ ئۆزى 3000دىن ئارتۇق قۇل ئىشلەتكەن.

ياقۇپبەگ ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە، شىنجاڭدىكى كۆپ قىسىم رايونلار قولدىن كېتىپ، نەچچە 100 مىڭلىغان خەلق سورۇقچىلىق تارتىپ، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تۇرمۇش

ئېغىر بۇزغۇنچىلىقتا ئۇچرىغان. بىراق ھەر مىللەت خەلقى يا-
قۇپبەگنىڭ قۇل قىلىشىغا باش ئەگمىگەن، تاجاۋۇزچىلىقتا قار-
شى كۈرەش ئۇزۇلمەي داۋاملىشىپ تۇرغان. 1876 ـ يىلى چىڭ
سۇلالىسى قوشۇنى غەربكە يۈرۈش قىلىپ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ
قوللىشى بىلەن 1878 ـ يىلى ياقۇپبەگ كۈچلىرىنى ھەيدەپ چىـ-
قىرىپ، شىنجاڭنى قايتۇرۇۋالغان. ھالبۇكى، بۇنىڭدىن ئىلگىرى
قوقان چاررۇسىيە تەرىپىدىن قوشۇۋېلىنىپ، 1868 ـ يىلى چار-
رۇسىيە بىلەن شەرتنامە ئىمزالاشقا مەجبۇر بولۇپ، ئۇنىڭ بېـ-
قىندىسىغا ئايلانغان؛ 1876 ـ يىلى چاررۇسىيىنىڭ فەرغانە ئۆلـ-
كىسى بولغان.

### 3. دىنىي ئەسەبىيلىكنىڭ كۆتۈرۈلۈشى

ئىسلام دىنى شەرققە تارقالغاندىن كېيىن، قوقان ئىزچىل
تۈردە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىسلام دىنىنىڭ مەركىزى بولۇپ كەلـ-
گەن، قوقاندىكى دەھرىي فېئودال ھۆكۈمرانلار شىنجاڭغا ھەربىي
كېڭەيمىچىلىك قىلىشتا دىن بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، دىنىي
ئەسەبىيلىكنى ئاساسلىق ۋاستىلەرنىڭ بىرى قىلغان.

بىرىنچى، ئوتتۇرا ئاسىيادا سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن
شىنجاڭدىكى قالدۇق خوجىلارنىڭ كۈچلىرىدىن پايدىلىنىپ
شىنجاڭغا دىن جەھەتتىن سىڭىپ كىرىپ، دىنىي ئەسەبىيلىكنى
ئەۋج ئالدۇردى. خوجىلار ئادەتتە «پەيغەمبەرنىڭ ئەۋلادى»، يەنى
مۇھەممەتنىڭ ئەۋلادلىرى دەپ قارىلاتتى. ئىسلام دىنى ئەۋج ئالـ-
غان ئوتتۇرا ئاسىيادا خوجىلار كىشىلەرنىڭ مەنىۋى داھىيسى بو-
لۇپ، دەھرىي ھاكىمىيەتنى كونترول قىلغانىدى. 18 ـ ئەسىرنىڭ
ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن، دەھرىي فېئودال ھوقۇقنىڭ كۈچىيىـ-
شىگە ئەگىشىپ، خوجىلارنىڭ كۈچى بەلگىلىك چەكلىمىگە ئۇچـ-
رىغان ۋە ئاجىزلىغان بولسىمۇ، بىراق خوجىلار جەمەتى يەنىلا
ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغاچقا، ناھايىتى زور ھوقۇققا ئىگە ئىدى.
شىنجاڭدىكى خوجىلار ئوتتۇرا ئاسىيادىكى خوجىلار جەمەتىنىڭ
بىر تارمىقى بولۇپ، كېيىن تەدرىجىي يەرلىكلىشىپ شىنجاڭدىكى

خوجىلار جەمەتىنى شەكىللەندۈرگەن، چىڭ سۇلالىسى چوڭ - كىچىك خوجىلار توپىلىڭىنى تىنچىتقاندىن كېيىن، شىنجاڭدىكى قالدۇق خوجىلار جەمەتى چېگرىدىن ئۆتۈپ ئوتتۇرا ئاسىياغا قېچىپ كەتكەن. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى يەرلىكتە ھەربىي مەھكىمە تۈزۈمى بىلەن بەگلىك تۈزۈمى بىرلەشتۈرۈلگەن ئىدارە قىلىش ئۇسۇلىنى ۋە دىن بىلەن مەمۇرىيەتنى ئايرىۋېتىش سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، شىنجاڭدىكى ئىسلام دىنىنى ھۆكۈمەتنىڭ باشقۇرۇشى ۋە كونتروللۇقىغا كىرگۈزۈپ، تۈرلۈك دىنىي پائالىيەتلەرنى قېلىپلاشتۇرۇپ، سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىق ئۈچۈن شارائىت ھازىرلىغان. سىرتتا قېچىپ يۈرگەن شىنجاڭدىكى خوجىلار جەمەتىنىڭ كۆپ قىسمى قوقاندا سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن. 19 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغىچە قوقاندا سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن شىنجاڭلىق خوجىلارنىڭ ئەۋلادى 200دىن ئاشقان. ① دەسلەپتە قوقان خانلىقى ئىسلام دىنى ئەقىدىسىنى چىقىش قىلىپ، خوجىلار ئەۋلادلىرىنى قوينىغا ئالغان ۋە باققان؛ كېيىن ئۇنىڭ دۆلەت كۈچى قۇدرەت تېپىپ كېڭەيمىچىلىك قىلىشقا باشلىغاندا، خوجىلار كۈچلىرى ئۇلارنىڭ شىنجاڭنى يۇتۇۋېلىشى ۋە شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلىشىدىكى قورالىغا ئايلانغان. شۇڭا، قوقان خانلىقى زۆرۈر تېپىلغاندا ھەتتا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى باشقا جايلاردىن سەرسان بولۇپ يۈرگەن شىنجاڭلىق خوجا ئەۋلادلىرىنى توپلاشتىن باش تارتمىغان. بۇ خوجىلارنىڭ كۆپىنچىسى پەقەت قوقان خانلىقىنىڭ شىنجاڭنىڭ جەنۇبىغا ھەربىي كېڭەيمىچىلىك قىلىشىدىكى قورچاق ئىدى، شۇڭا 1830 - يىلى ئوتتۇرىغا چىققان خوجىلار ئەۋلادى يۈسۈپ: «مەن قەشقەرگە بارغىنىم بىلەن بىر زاغرا نانغىمۇ يارىمايمەن»② دېگەنىدى. بىراق قوقان خانلىقى شىنجاڭدىكى خوجىلار كۈچلىرىنى ئۇزۇن يىللار بېقىپ،

---

① ۋەلىخانوف: «ۋەلىخانوف ئەسەرلىرىدىن تاللانما»، ئالمۇتا، 1958 - يىلى رۇسچە نەشرى، 523 - بەت.

② «چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىكى تاشقى ئىشلار خاتىرىسى».

ئۇلاردىن پايدىلىنىپ ۋە ئۇلارغا قارىتا تەشۋىقات ئېلىپ بېرىپ، شىنجاڭنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا ئۇزۇن مۇددەت دىن ئارقىلىق سىڭىپ كىرگەن ھەمدە بۇ ئارقىلىق جەنۇبىي شىنجاڭدىكى دىنىي ئەسەبىيلىككە قۇتراتقۇلۇق قىلغان.

ئىككىنچى، خوجىلار ئەۋلادلىرىدىن پايدىلىنىپ، شىنجاڭغا قىلغان ھەربىي كېڭەيمىچىلىكىنى غازات دەۋالغان. مىلادىيە 10 ـ ئەسىردە ئىسلام دىنى شىنجاڭغا كىرگەندىن باشلاپ، شىنجاڭ تارىخىدا ئىككى قېتىم غازات بولغان (ياكى غازاتنىڭ يۇقىرى پەللىسى دېيىشكە بولىدۇ)، ئۇنىڭ ئىپادىسى غازاتتىن پايدىلىنىپ قورال كۈچى ئارقىلىق دىن تارقىتىش ئىدى. بۇنىڭ بىرىنچى قېتىملىقى مىلادىيە 10 ـ ئەسىردىن 11 ـ ئەسىرگىچە بولۇپ، ئىسلام دىنى قەشقەرگە كىرگەندىن كېيىن، غازات نامى بىلەن بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىشنى ئاساس قىلغان ئۇدۇن قاتارلىق جايلارغا كېڭىيىپ، 100 يىلغا سوزۇلغان «دىنىي جەڭ» نى شەكىللەندۈرگەن. ئىككىنچى قېتىملىقى 14 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن 15 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولۇپ، ئىسلام دىنى تۈركلەشكەن موڭغۇللار ئارىسىدا قورال كۈچى ئارقىلىق تارقالغان، بۇنىڭ ئىچىدە تىپىك بولغىنى شۇكى، شەرقىي چاغاتاي خانى تۇغلۇق تۆمۈر 160 مىڭ ئادەمنى مەجبۇرىي ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلدۇرغان. 15 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئىسلام دىنى «غازات» شەكلى بىلەن قورال كۈچى ئارقىلىق تارقىلىپ، ئاخىرىدا شىنجاڭدا ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى تىكلىگەن. بۇ ئىككى قېتىملىق ئىسلام «غازات» ھەرىكىتىدە نامدا كاپىرلارغا قارشى «غازات» ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە دەھرىي ھاكىمىيەت ئىسلام دىنىدىن پايدىلىنىپ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى تالىشىش ۋە مۇستەھكەملەش كۈرىشى ئېلىپ بارغان. ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىق ئورنى تىكلەنگەندىن كېيىن، غازات ھەرىكىتى توختىغان. ئارىلىقتىن 400 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، قوقان خانلىقى خوجىلار ئەۋلادىنى دەستەك قىلىپ

شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلغاندا يەنە بىر قېتىم «غازات» بايرىقىنى
كۆتۈرۈپ چىقىپ، دىنىي ئەسەبىيلىك ئارقىلىق، ساددا-مۆمىن
مۇرىتلارنى ئۆزلىرىنىڭ كېڭەيمىچىلىكى ئۈچۈن جان سېلىپ
بېرىشكە ئەگەشتۈرگەن. 1865 - يىلى قوقانلىق ئوفىتسېر يا-
قۇپبەگ شىنجاڭدا چىڭ سۇلالىسىگە قارشى قوزغىلاڭ پارتلىغان-
لىقىدىن پايدىلىنىپ جەنۇبىي شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلىپ كىر-
گەن، بۇ قېتىمقى تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىدا «غازات» يۇقىرى پەل-
لىگە يېتىپ، «ئاللا يولىدا جەڭ قىلىش» سۈرەنلىرى ئىچىدە
نەچچە 10 مىڭلىغان ئاتالمىش كاپىرلار (جۈملىدىن مۇسۇلمان
بولمىغان ئامما ۋە ئۇلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىق قىلمىشىغا قارشى
تۇرغان مۇسۇلمان ئامما) ياقۇپبەگ قوشۇنىنىڭ جاللاتلىق قىلى-
چى ئاستىدا جان بەرگەن.

19 - ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرىدىن ياقۇپبەگ تاجاۋۇزچىلى-
رى قوغلاپ چىقىرىلغۇچە بولغان 50 نەچچە يىلدا، قوقان خانلى-
قىنىڭ سىڭىپ كىرىشى ۋە قايمۇقتۇرۇشى بىلەن شىنجاڭدىكى
دىنىي ئەسەبىيلىك ئۈزلۈكسىز ئەۋج ئېلىپ، ئىسلام غازىتى بار-
غانسېرى كۈچىيىپ كەتكەن (بۇنىڭ ئىچىدە چىڭ سۇلالىسىگە
قارشى قوزغىلاڭدا كۆرۈلگەن دىنىي ئەسەبىيلىك ئامىللىرىمۇ
بار). 1878 - يىلىنىڭ باشلىرىدا، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى شىن-
جاڭنى قايتۇرۇۋېلىپ،ياقۇپبەگ تاجاۋۇزچى كۈچلىرىنى قوغلاپ
چىقارغان. شۇنىڭدىن كېيىن ھەربىي ۋاستىلەر بىلەن دىنىي
ئەسەبىيلىك ۋە غازاتنى تىزگىنلىگەن بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ
شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتىغا كەلتۈرگەن زىيىنى ۋە
ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قەلبىدە قالدۇرغان جاراھىتىنى ئۇزۇنغى-
چە تۈگەتكىلى بولمايدۇ.

**4. چاررۇسىيىنىڭ شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلىشى**

18 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن، رۇسىيە ئوتتۇرا
ئاسىيادا قازاقىستان رايونىنى قوشۇۋېلىش قەدىمىنى تېزلەتكەن.
1822 - يىلى رۇسىيە ھۆكۈمىتى «غەربىي سىبىرىيە - قىر-

غىزلار شەرتنامىسى»نى[1] ئېلان قىلىپ، قازاقىستاننى قوشۇۋې-
لىشنى ئاساسىي جەھەتتىن تاماملىغان. رۇسىيە كۈچلىرى شىن-
جاڭنىڭ غەربىي قىسىم تېررىتورىيىسىگە قىستاپ كېلىپ،
19 - ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرىدىن 30 - يىللىرىغىچە كۆپ قې-
تىم شىنجاڭنىڭ بالقاش كۆلىنىڭ شەرقىي ۋە جەنۇبىي رايونلى-
رىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن. چىڭ ھۆكۈمىتى ياكى ئەسكەر ئە-
ۋەتىپ قوغلاپ چىقارغان ياكى يىغىندا ئېتىراز بىلدۈرۈپ رۇسى-
يىنى شىنجاڭنىڭ غەربىي قىسمىدىكى ئىگىلىۋالغان رايونلاردىن
چېكىنىپ چىقىشقا مەجبۇر قىلغان.

1840 - يىلى ئەپيۇن ئۇرۇشى پارتلاپ، غەربتىكى كۈچلۈك
دۆلەتلەرنىڭ تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشى بىلەن جۇڭگو يېرىم مۇس-
تەملىكە، يېرىم فېئوداللىق جەمئىيەتكە ئايلانغان. رۇسىيە چىڭ
ھۆكۈمىتىنىڭ دۆلەت كۈچىنىڭ ئاجىزلاپ كەتكەنلىكىدىن پايدى-
لىنىپ، شىنجاڭنىڭ ئەتراپىدا كېڭەيمىچىلىك قىلىپ زېمىن يۇ-
تۇۋېلىشنى قايتىدىن باشلىغان. 1844 - يىلىدىن 1847 - يىلى-
غىچە، رۇسىيە قوشۇنلىرى شىنجاڭنىڭ بالقاش كۆلىنىڭ شەر-
قىدىكى ئالاتاۋ ئەتراپلىرىغا نەچچە قېتىم تاجاۋۇز قىلغان، قوپال
قورغىنىنى قۇرۇپ، رۇسىيىدىكى سىمىيونوۋسكىنىڭ جەنۇبىدىن
شىنجاڭدىكى قەشقەر ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قوقان، تاشكەنتكىچە
بولغان مۇھىم يوللارنى كونترول قىلغان. 1854 - يىلى رۇسىيە
قوشۇنى يەنە ئىلى دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنىنىڭ جەنۇبىدىكى
رايونلارغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، قۇربان ئالمۇتادا ۋېرنا قۇرۇلى
(بۈگۈنكى ئالمۇتا) نى قۇردى. قوپال قورۇلى بىلەن ۋېرنا قورۇلى-
نىڭ قۇرۇلۇشى رۇسىيىنىڭ «شىنجاڭنىڭ تاشقى ئىلى رايونىنى
ئىگىلىۋېلىشى ئۈچۈن ئاساس سېلىپ بەرگەن.»[2] 19 - ئەسىرنىڭ
40 - يىللىرىدىن 50 - يىللىرىنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان 20

---

① ئەينى چاغلاردا ياۋروپالىقلار قازاقلارنى قىرغىز دەپ ئاتايتتى.
② (رۇسىيە)M . N ۋېنىكوف: «رۇسىيىگە قاراشلىق ئاسىيا چېگرا رايونى ساياھەت خاتىرى-
لىرى، 1868 - يىلى ، پېتېربورگ نەشرى، 121 - بەت .

يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە، رۇسىيە قوراللىق تاجاۋۇز قىلىپ
كىرىش، ھەربىي ئىستىھكاملارنى ياساش، ئاھالىنى مەجبۇرىي
كۆچۈرۈش قاتارلىق ۋاستىلەر ئارقىلىق، بالقاش كۆلىنىڭ شەر-
قى ۋە جەنۇبىي رايونلىرىغا ئۈزلۈكسىز تاجاۋۇز قىلىپ، تەڭ ھو-
قۇقسىز شەرتنامىلەر ئارقىلىق ئۆزلىرى ئىگىلىۋالغان جۇڭگو
زېمىنىنى قانۇنلاشتۇرماقچى بولغان. مۇشۇ مەزگىلدە چىڭ ھۆ-
كۈمىتى «ئىلى - تارباغاتاي سودا ئالاقىسى نىزامنامىسى» نى
ئىمزالاشقا مەجبۇر بولۇپ، رۇسىيىگە ئىلىنىڭ بايانداي ۋە چۆ-
چەك شەھىرىنى ئېچىپ بەرگەن. «ئىلى - تارباغاتاي سودا ئالاقى-
سى نىزامنامىسى» جۇڭگو-رۇسىيە مۇناسىۋىتى تارىخىدىكى تۇن-
جى تەڭ ھوقۇقسىز شەرتنامە بولۇپ، ئۇ سودا ئالاقىسى شەرتنا-
مىسى بولسىمۇ، لېكىن رۇسىيىنىڭ شىنجاڭغا كېڭەيمىچىلىك
قىلىشىدا مۇھىم تۈرتكىلىك رول ئوينىغان. خۇددى چاررۇسىيە
مۇستەملىكىچىلىرى ئېيتقاندەك: «ئىلى - تارباغاتاي سودا ئالا-
قىسى نىزامنامىسى» «سودا مۇناسىۋىتىدىلا ئەمەس، بەلكى سىيا-
سىي مۇناسىۋەتتىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە، ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيا-
غا داۋاملىق چوڭقۇرلاپ ھۇجۇم قىلىشتىكى كۈچلۈك مۇددىئاغا
ئايلاندى.»①

1856 - يىلىدىن 1860 - يىلىغىچە ، ئەنگلىيە-فرانسىيە
ئىككىنچى قېتىملىق ئەپيۇن ئۇرۇشىنى قوزغىغان. 1860 - يى-
لى ئەنگلىيە - فرانسىيە بىرلەشمە ئارمىيىسى بېيجىڭغا كىر-
گەن، رۇسىيىنىڭ مۇرەسسە قىلىشتا تۆھپىسى بولغاچقا، چىڭ
ھۆكۈمىتىنى تەڭ ھوقۇقسىز شەرتنامە جۇڭگو - رۇسىيە «بېي-
جىڭ شەرتنامىسى» نى ئىمزالاشقا مەجبۇر قىلغان، بۇنىڭ ئىك-
كىنچى ماددىسىدا شىنجاڭنىڭ پاسىلىنى ئايرىشتا شىنجاڭ تېر-
رىتورىيىسى ئىچىدىكى تاغ-دەريا، كۆللەر ھەمدە قاراۋۇلخانىلارنى
پاسىل بەلگىسى قىلىش بەلگىلىنىپ، جۇڭگو رۇسىيىگە بالقاش

① (رۇسىيە) ئى.ف. بۇكوف: «غەربىي سىبىرىيىدىكى خىزمەت ئەسلىمىسى»، خەنزۇچە نۇسخا،
سودا باسمىسى 1973 - يىلى نەشرى، 142 - بەت.

كۆلىنىڭ شەرقىدىكى جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىنى كېسىپ بې-
رىشكە مەجبۇر قىلىنغان. 1864 - يىلى 10 - ئاينىڭ7 - كۈنى،
چىڭ ھۆكۈمىتى ۋەكىلى جۇڭگو - رۇسىيە «غەربىي شىمال
چېگرىسىنى تەكشۈرۈپ ئايرىش خاتىرىسى»گە قول قويۇشقا
مەجبۇر بولغان. بۇ تەڭ ھوقۇقسىز شەرتنامىدە شىمالدا ئامۇقا
تېغىدىن جەنۇبتا كۆكئارتقىچە، غەربتە ئاياگۇس دەرياسى، بالقاش
كۆلى، تالاس دەرياسى لىنىيىسىدىن شەرقتە ئىلىدىكى توقۇز
شەھەر، تارباغاتاينىڭ چۆچەككىچە بولغان ئومۇمىي كۆلىمى نەچ-
چە 100 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر چوڭلۇقتىكى جۇڭگونىڭ غەر-
بىي قىسىم تېررىتورىيىسىنى رۇسىيىگە كېسىپ بېرىش بەلگى-
لەنگەنىدى، بۇنىڭ ئىچىدىكى تۆتتىن ئۈچ قىسىمدىن ئارتۇق زې-
مىن شىنجاڭنىڭ غەربىي قىسمى ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە،
شەرتنامىدە يەنە يەر يۈزى قايسى دۆلەتكە تەۋە بولسا ئادەملىرىمۇ
شۇ دۆلەتكە تەۋە بولىدۇ دەپ بەلگىلەنگەن. بۇنىڭ بىلەن شىنى-
جاڭنىڭ غەربىدىكى چارۋىچى مىللەتلەر ۋە ئولتۇراقلاشقان ئاھال-
لەرنىڭ ھەممىسى مەجبۇرىي رۇسىيە تەۋەلىكىگە ئۆتۈپ كەتكەن.

1871 - يىلى 5 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، رۇسىيە ئىلى سۇلتان
ھاكىمىيىتى قازاقىستان ئالبان قەبىلىسىنىڭ ئاتامىنى تاجى-
بېكنى پاناھىغا ئالدى دېگەننى باھانە قىلىپ ئىلىغا ھۇجۇم قوز-
غىغان. ئىلىدىكى ئارمىيە-خەلق زوراۋانلىقتىن قورقۇپ قالماي،
باتۇرلۇق بىلەن قارشى چىققان، ھەتتا ھۇجۇم قىلىپ كىرگەن
دۈشمەننى قورشاپ يوقاتقان ۋە رۇسىيە ئارمىيىسى بىلەن كۆپ
قېتىم قانلىق جەڭ قىلغان، بىراق، ئاخىرىدا ئۇلارنىڭ قوراللى-
رىنىڭ قالاقلىقى تۈپەيلىدىن 7 - ئاينىڭ 4 - كۈنى رۇسىيە
ئارمىيىسى غۇلجىنى ئىگىلىۋالغان.

رۇسىيە قوشۇنلىرى ئىلىنى ئىگىلىۋالغاندىن كېيىن، بىر
مەھەل قورچاق ھاكىمىيەت يۆلەپ چىقىش خىيالىدا بولغان بول-
سىمۇ، بىراق ئاخىرىدا رۇسىيە ئىشغالىيەتچى ئارمىيىسى بىۋا-
ستە ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئۇسۇلىنى تاللىۋالغان ۋە يېڭى بې-

سىۋالغان ئىلى رايونىنى رۇسىيىنىڭ سىمرىچ ئۆلكىسىدە تۇرۇشلۇق باش قوماندانلىق شتابىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەن، بارلىق ئىشغالىيەت رايونى تۆت رايونغا ئايرىلغان، رۇسىيە ئىشغالىيەتچى ئارمىيىسىنىڭ ئوفىتسېرلىرى ھەرقايسى رايونلارنىڭ كاتتىۋاشلىقىنى ئۈستىگە ئالغان. ھەربىي ئىشغالىيەتچىلىكنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، رۇسىيە بۇ جايلاردا جۇڭگونىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى ئۈزلۈكسىز تارتىۋېلىپ، ئىلىنى مەڭگۈ ئىگىلىۋېلىش كويىدا بولغان.

چارروسىيە ئىشغالىيەتچى ئارمىيىسىنىڭ ئىلىدىكى تۈرلۈك قىلمىشلىرى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كۈچلۈك غەزىپىنى قوزغىغان. ئىشغالىيەت رايونى ئىچىدىكى مانجۇ، خەنزۇ، سولۇن، چاخار، شىبە، ئويرات قاتارلىق يىگىتلار ئاستىرتىن ئات - تۆگە، قورال - ياراغلارنى تەييارلاپ، چىڭ سۇلالىسى ئارمىيىسىنىڭ تېزرەك يېتىپ كېلىپ ئىلىنى بىرلىكتە قايتۇرۇۋېلىشىنى كۈتكەن؛ ئۇيغۇر، خۇيزۇ قاتارلىق ھەر مىللەت خەلقىمۇ ۋەتەننى ياد ئېتىپ، چىڭ سۇلالىسى ئارمىيىسى بىلەن بىرلىكتە كۈرەش قىلىپ، تاجاۋۇزچىلارنى ھەيدەپ چىقىرىشقا قەسەم ئىچكەن؛ نۇرغۇن قارشىلىق قىلغۇچىلار چارروسىيىنىڭ ئىسكەنجىسىدىن قېچىپ چىقىپ شىمالدا تارباغاتايغا ياكى شەرقتە كورقارائۇسۇ (ھازىرقى شىخو ناھىيىسى) گە كېلىپ، چىڭ سۇلالىسى ئارمىيىسىگە بىۋاستە قاتنىشىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ زوراۋانلاردىن قورقماسلىق، چارروسىيە تاجاۋۇزچىلىرىغا قەتئىي قارشى تۇرۇش ئىرادىسى ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداشتەك مۇستەھكەم ئېتىقادىنى ئىپادىلىگەن.

1881 - يىلى (گۇاڭشۈنىڭ 7 - يىلى)، جۇڭگو بىلەن رۇسىيە «ئىلى شەرتنامىسى» نى ئىمزالاپ، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئىلىنى قايتۇرۇۋالغان، بىراق چىڭ سۇلالىسى يەر ۋە پۇل تۆلەم بېرىشكە، سودا ھوقۇقىنى ئۆتۈنۈپ بېرىشكە ھەمدە رۇسىيىنىڭ ئەتراپىدىكى جايلار ۋە ئۈرۈمچىگە بەش كونسۇلخانا قۇ-

رۇشقا يول قويۇشقا مەجبۇر بولغان.

چارروسىيە شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلغان شۇ ۋاقىتلاردا، ئەنگلىيىمۇ شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلىش قەدىمىنى تېزلەتكەن، شىنجاڭ رۇسىيە بىلەن ئەنگلىيە ئوتتۇرا ئاسىيادا تالاشقان بىر ئورۇنغا ئايلانغان. 19 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، رۇسىيىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دۆلەتلەرنى قوشۇۋېلىشىنىڭ تاماملىنىشىغا ئەگىشىپ، رۇسىيە بىلەن ئەنگلىيىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا مۇستەملىكە تالىشىشى كۈنسايىن جىددىيلىشىپ، قورال كۈچى ئىشلەتكۈدەك ھالغا يەتكەن. كېيىن ئىككى تەرەپ ئۆزلىرىنىڭ پايدا-زىيىنىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئىلاجسىز مۇرەسسە قىلىشقان. 1872 ـ ، 1873 ـ يىللىرى ئەنگلىيە بىلەن رۇسىيە ئافغانىستاننىڭ غەربىدىكى چېگرىنى ئايرىش توغرىسىدا كېلىشىم ھاسىل قىلغان؛ 1887 ـ يىلى رۇسىيە بىلەن ئەنگلىيە ئافغانىستاننىڭ شىمالىدىكى چېگرىنى يەنە بىر قېتىم ئېنىق بېكىتىپ ئافغانىستاننىڭ شىمالىدىكى چېگرىنى ئۆزلىرىنىڭ كۈچ تەسىر دائىرىسى قىلغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئىككى تەرەپ دىققىتىنى ئەنگلىيە-ھىندىستان تېررىتورىيىسى بىلەن رۇسىيىگە تەۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ئارىسىغا قىسىلغان جۇڭگونىڭ پامىر رايونىغا قاراتقان، كىم پامىرنى ئىگىلىسە شۇ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى زومىگەرلىك تالىشىشتا تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىغا ئىگە بولاتتى. 19 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرلىرىدا، رۇسىيە بىلەن ئەنگلىيىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى زومىگەرلىك تالىشىشى يەنە بىر قېتىم كۈچىيىپ، رۇسىيە بىلەن ئەنگلىيىنىڭ جۇڭگو زېمىنىنى تالىشىشتىكى ئاتالمىش «پامىر مەسىلىسى» شەكىللەنگەن.

1890 ـ يىلى يازدا، ئەنگلىيە باشلامچىلىق بىلەن ئافغانىستان قورچاق ئارمىيىسىگە جۇڭگونىڭ سومانتاش قاراۋۇلخانىسىنى بېسىۋېلىش توغرىسىدا كۆرسەتمە بەرگەن، ئارقىدىنلا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بىلەن جۇڭگو ۋە ئافغانىستاننىڭ پامىر

چېگرىسىنى بۆلۈشۈشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، جۇڭگونى سۇمانتاش رايونىنى كېسىپ بېرىشكە مەجبۇر قىلىش كويىدا بولغان. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۇمىتى «پامىر جۇڭگونىڭ تېررىتورىيىسى» دەپ جاكارلاپ، ئەنگلىيە بىلەن چېگرا ئايرىش سۆھبىتى قىلىشنى رەت قىلغان.

1892 ـ يىلى 1 ـ ئاي ۋە 3 ـ ئايدا، رۇسىيە ئۇدا ئىككى قېتىم ئالاھىدە يىغىن چاقىرىپ، پامىرنى بېسىۋېلىشنى قارار قىلغان. 6 ـ ئايدا ئالدى بىلەن چىڭ سۇلالىسى ئارمىيىسىنى ئازدۇرۇپ، پامىردىكى مۇداپىئە قوشۇنىنى چېكىندۇرۇپ، 1500 دىن ئارتۇق ئادەمدىن تەشكىللەنگەن ئالاھىدە قوشۇنى بىلەن پامىرغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن. رۇسىيە ئارمىيىسى يول بويى جۇڭگو قاراۋۇلخانىلىرىنى ۋەيران قىلىپ، مۇداپىئەدىكى ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەرنى ھەيدەپ چىقارغان. ئۇلار «جۇڭگو ـ رۇسىيە قەشقەر چېگرىسىنى داۋاملىق تەكشۈرۈپ ئايرىش كېلىشىمى»دە بەلگىلەنگەن «كېيىنكە قالدۇرغان رايون»لارنى بېسىۋېلىپلا قالماستىن، كېلىشىمدە بەلگىلەنگەن جۇڭگوغا تەۋە پامىر رايونىنىمۇ بېسىۋالغان. 10 ـ ئايغا كەلگەندە، رۇسىيە ئارمىيىسى ساردكۆل چوققىسىنىڭ غەربىدىكى جۇڭگوغا تەۋە 20 كۋادرات كىلومېتىرلىق پامىر زېمىنىنى بېسىۋالغان. چاررۇسىيە پامىرنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، پامىر چېگرىسىنى ئايرىش توغرىسىدا سۆھبەت ئۆتكۈزۈش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويغان.چىڭ سۇلالىسى ھۆكۇمىتى ئىلاجسىز رۇسىيىنىڭ تەلىپىگە ماقۇل بولغان، بىراق چېگرا ئايرىش سۆھبىتىدە «جۇڭگو ـ رۇسىيە قەشقەر چېگرىسىنى داۋاملىق تەكشۈرۈپ ئايرىش كېلىشىمى»نى ئاساس قىلىشنى تەلەپ قىلغان. 1894 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى، رۇسىيە تەرەپ يىغىننى ۋاقتىنچە توختىتىپ، پامىرنىڭ ھازىرقى ھالىتىنى قوغداش، ئىككىلا تەرەپ ئەسكەر چىقارماسلىق ۋە كېيىن سۆھبەت ئارقىلىق ھەل قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئەينى چاغدا، جياۋۇ ئۇرۇشى قاش بىلەن كىرىپىكنىڭ ئارىلىقىدا قالغان.

لىقتىن، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ غەربكە قارىغۇدەك ھالى
قالمىغاندى، شۇڭا رۇسىيىنىڭ تەلىپىگە قوشۇلۇشقا مەجبۇر
بولغان ھەمدە رۇسىيىگە تاپشۇرغان رەسمىي نوتىدا جۇڭگونىڭ
پامىر مەسىلىسى توغرىسىدىكى مۇنۇ مەيدانىنى جاكارلىغان:
جۇڭگو يىغىننى ۋاقتىنچە توختىتىشقا قوشۇلسىمۇ «جۇڭگو -
رۇسىيە قەشقەر چېگرىسىنى داۋاملىق تەكشۈرۈپ ئايرىش كېلى-
شىمى» بويىچە جۇڭگوغا مەنسۇپ بارلىق ھوقۇقلارغا ئېرىشىش
كېرەك، ئەسكەر چىقارماسلىق تۈپەيلىدىن كىچىككىنە زىيان
تارتسىمۇ بولمايدۇ، يەنى جۇڭگو ئۆزىنىڭ جۇڭگو ئارمىيىسى ئى-
گىلەپ تۇرغان جايلاردىن باشقا پامىر تېررىتورىيىسىگە بولغان
ئىگىلىك ھوقۇقىنى ھەمدە «جۇڭگو - رۇسىيە قەشقەر چېگرى-
سىنى داۋاملىق تەكشۈرۈپ ئايرىش كېلىشىمى»نى ئاساس قىلغان
ھوقۇقىنى قانائەتلىنەرلىك چۈشەنچىگە ئىگە بولغۇچە ساقلاپ قا-
لىدۇ، پامىر چېگرىسىنى ئايرىشتىكى مەيدانى ئۆزگەرمەيدۇ، يى-
غىننى ۋاقتىنچە توختىتىش ھازىرقى سۆھبەتنى ئاخىرلاشتۇر-
غانلىقنى چۈشەندۈرمەيدۇ.

رۇسىيە تەرەپ چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بىلەن سۆھبەت
ئۆتكۈزگەن مەزگىلدە، يەنە ئەنگلىيە بىلەنمۇ مەخپىي سۆھبەت
ئۆتكۈزۈپ، جۇڭگوغا تەۋە پامىر رايونىنى مەخپىي بۆلۈشۈۋالغان.
1895 - يىلى 3 - ئاينىڭ 11 - كۈنى، ئىككى تەرەپ چىڭ سۇلا-
لىسى ھۆكۈمىتىدىن يوشۇرۇنچە «ئەنگلىيە - رۇسىيە كېلىشى-
مى»نى ئىمزالىغان، كېلىشىمدە ئەنگلىيە ۋە رۇسىيىنىڭ پامىر-
دىكى «چېگرا سىزىقى» بەلگىلىنىپ، جۇڭگونىڭ پامىر رايونى
ئىككى قىسىمغا ئايرىلىپ، جەنۇبتىكى ۋاخان پامىر ئەنگلىيىنىڭ
تەسىر كۈچ دائىرىسىگە «ئايرىپ بېرىلگەن»، قالغان لانكۆل پا-
مىر، ئالچۇر پامىر، چوڭ پامىر، كىچىك پامىر، سالىز پامىرنىڭ
بىر قىسمى رۇسىيىگە «ئايرىپ بېرىلگەن». «ئەنگلىيە-رۇسىيە
كېلىشىمى» ئىككى جاھانگىر دۆلەتنىڭ چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈ-
مىتىدىن يوشۇرۇن ھالدا جۇڭگونىڭ پامىر زېمىنىنى بۆلۈشۈۋې-

لىش كېلىشىمى بولۇپ، بۇنى ھەر نۆۋەتلىك جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئەزەلدىن ئېتىراپ قىلغان ئەمەس، شۇڭا ئۇ قانۇنسىز ۋە ئىناۋەتسىز.

## ئۈچىنچى، ئۆلكە تۈزۈمىنىڭ ئورنىتىلىشى

**1. كېيىنكى ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش ئىدارىسىنىڭ تەسىس قىلىنىشى**

1878 - يىلىنىڭ باشلىرىدا، چىڭ ھۆكۈمىتى قوشۇنى شىنجاڭدىكى ئىلىدىن باشقا كۆپ قىسىم رايونلارنى قايتۇرۇۋالغان. ئۇرۇش مالىمانچىلىقى ۋە تاجاۋۇزچىلارنىڭ دەپسەندە قىلىشى بىلەن شىنجاڭ ھەممىلا جايىنى ۋەيرانچىلىق باسقان، ياۋا ئوت - چۆپلەر ئۆسۈپ كەتكەن، ئۆي - ماكانلار قۇرۇقدىلىپ قالغان ھالەتكە كېلىپ قالغانىدى. جايلاردا ئەسلىي بار بولغان يەرلىك ھاكىمىيەتلەر قالمىغانلىقتىن، ئۇلارنى دەرھال ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولمىغاچقا، بۇ چاغدىكى شىنجاڭنى قايتىدىن قۇرۇشقا توغرا كەلگەنىدى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئىشنى ئالدى بىلەن تۈزەش ئاپپاراتلىرىنى تەسىس قىلىشتىن باشلاپ، ۋاقىتلىق ھاكىمىيەت ئاپپاراتى — كېيىنكى ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش ئىدارىسىنى تەسىس قىلغان. بۇ ئىدارىنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى ئۇرۇش جاراھەتلىرىنى ساقايتىپ، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش؛ شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيىتىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ۋاكالىتەن يۈرگۈزۈش بولغان. كېيىنكى ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش ئىدارىسى ئۇرۇمچىدە قۇرۇلغان، ھەربىي ئىشلاردىكى ئىلگىرىلەشكە ئەگىشىپ، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى ھەربىي يۈرۈشتە بىللە بولغان قەلەمدار، ئەلەمدار بەگلەرنى ھەرقايسى شەھەرلەرگە ئەۋەتىپ، كېيىنكى ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش باش ۋە شۆبە ئىدارىلىرىنى تەسىس قىلىپ، نوپۇس ئېنىقلاش، يەر

ئۆلچەش، پۇقرالارنى يىغىپ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش، ئاشلىق، باج يىغىش قاتارلىق ئىشلارنى ئىشلىگەن. 1883 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى- غا كەلگەندە شىنجاڭدا كېيىنكى ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش باش ئىدارىسىدىن ئىككىسى تەسىس قىلىنغان، يەنى جەنۇبىي شىن- جاڭدىكى تۆت شەھەرنىڭ كېيىنكى ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش باش ئىدارىسى ئاقسۇدا تەسىس قىلىنغان؛ غەربىي تۆت شەھەرنىڭ كېيىنكى ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش باش ئىدارىسى قەشقەردە تەسىس قىلىنغان. كېيىنكى ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش ئىدا- رىسىدىن ئۇنى قۇرۇلۇپ، ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا قاراشەھەر (بۇ- گۈنكى يەنجى)، كۇچا، ئاقسۇ (قوشۇمچە شەرقىي تۆت شەھەرنىڭ كېيىنكى ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش باش ئىدارىسى بولىدۇ)، ئۇچتۇرپان، قەشقەر (قوشۇمچە غەربىي تۆت شەھەرنىڭ كېيىنكى ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش باش ئىدارىسى بولىدۇ)، يېڭىسار، يەكەن، خوتەن، تۇرپان، ئۈرۈمچىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان. كېيىنكى ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش شۆبە ئىدارىسىدىن ئۇچى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا شايار، باي ۋە مارالبېشىدا تەسىس قىلىنغان. كې- يىنكى ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش باش ۋە شۆبە ئىدارىلىرى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى باش قوماندانى ليۇ جىنتاڭنىڭ ئىدارە قىلىشىدا بولغان، جايلاردا مۇداپىئەدە تۇرۇۋاتقان چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى كېيىنكى ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش ئىدارىسىنىڭ ئو- رۇنلاشتۇرۇشى بىلەن شۇ جايلارنىڭ كېيىنكى ئىشلارنى بىر تە- رەپ قىلىش ۋە ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈ- رۈش خىزمىتىگە ئاكتىپ قاتناشقان، نەچچە 10 مىڭ كىشىلىك غەربكە يۈرۈش قىلىش قوشۇنى شىنجاڭنى قايتۇرۇۋالغاندىن كې- يىن، كېيىنكى ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشقا مەدەت بېرىش ۋە ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتىكى كۆچلۈك يېڭى قو- شۇنغا ئايلانغان، بۇ شىنجاڭنىڭ ئۈرۈشتىن كېيىنكى قايتا قۇ- رۇش خىزمىتىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئىشلىنىشىنىڭ مۇھىم كاپالىتى بولغان. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇ-

روشى بىلەن جايلاردىكى كېيىنكى ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش ئىدارىلىرى ئاساسلىقى مۇنداق بىرقانچە تەرەپتىكى خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرغان.

(1) پۇقرالارنى يىغىپ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش. پۇقرالارنى يىغىش ئىككى خىل شەكىلدە بولغان، بىرى سەرگەردان ئاھالىنى يىغىپ، ئۇلارنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇلارغا دېھقانچىلىق قوراللىرى، ئۇرۇقلۇق ۋە يەر بېرىلگەن؛ ئىككىنچىسى، غەربكە يۈرۈش قىلغان ھەرقايسى قوشۇنلاردىكى ئاجىز، ياشانغان ئەسكەرلەر ھەمدە شىنجاڭدىكى يەرلىك قوشۇنلار شاللىۋېتىلىپ، قوشۇندىكى ئايالى بار ئەسكەرلەرنىڭ قوشۇندىن قايتىپ دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشىغا ئىلھام بېرىلگەن. دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلارنىڭ سانىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن.

(2) يەر ئۆلچىنىپ، باج سىياسىتى تۈزۈلگەن. كېيىنكى ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش ئىدارىلىرى ھەرقايسى ئائىلىلەر ھۆددىگە ئېلىپ تېرىۋاتقان يەر كۆلىمىنى ئۆلچەشكە ئادەم ئەۋەتىپ، يەرلەرنىڭ قۇۋۋىتىنى باھالىغان ھەمدە يەرنىڭ قۇۋۋىتىگە قاراپ تېرىلغۇ يەرلەرنى يۇقىرى، ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن دەرىجىگە ئايرىغان، ھەر يىلى كۈزدە ئوخشىمىغان دەرىجە بويىچە باج ئالغان. جايلاردىكى باج نىسبىتى كونا تۈزۈمدىكىدىن ئومۇمىيۈزلۈك تۆۋەن بولۇپ، بۇ ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئەسلىگە كېلىشىگە پايدىلىق بولغان، بارلىق باجلارنى كېيىنكى ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش ئىدارىسى بىر تۇتاش يىغىپ، يەرلىكتىكى بەگ، ئاخۇن قاتارلىقلارنىڭ ئارىدا كۆز بويىشىنىڭ ئالدىنى ئالغان.

(3) ئوبوروتقا پايدىلىق بولۇشى ئۈچۈن جايلارنىڭ پۇلى بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن. ئاقسۇ كېيىنكى ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش باش ئىدارىسى بۇيرۇققا بىنائەن زاۋۇت قۇرۇپ، كۈمۈش پۇل

ياسىغان ھەمدە كومۇش پۇلنىڭ چيەنلۇڭنىڭ تەڭگىسى بىلەن ئالماشتۇرۇلۇش نىسبىتىنى بەلگىلەپ، كومۇش پۇل ۋە چيەنلۇڭنىڭ كومۇش تەڭگىسىنى شىنجاڭنىڭ ئوبوروتىدىكى ئاساسلىق پۇل قىلغان.

(4) يەرلىك ئەدلىيە ھەمدە مەمۇرىي ئىشلارنى ئىدارە قىلغان. ئومۇمەن، يەرلىكتىكى خەلقنىڭ ئەرز-دەۋا دېلولىرى ھەمدە نىكاھ قاتارلىق خەلق ئىشلىرىنى كېيىنكى ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش ئىدارىسى بىر تۇتاش بېجىرگەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، كېيىنكى ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش ئىدارىلىرى جايلاردا تۇرۇشلۇق ئوفىتسېر-ئەسكەرلەرنىڭ ياردىمىدە ئۇرۇش مالىمانچىلىقىدا ۋەيران بولۇپ كەتكەن ئىستىھكام، پوتەي قاتارلىقلارنى رېمونت قىلغان ھەمدە باندىتلارنى تۇتۇشقا ۋە ئامانلىقنى ساقلاشقا ئادەم تەشكىللەپ، جايلارنىڭ ئىجتىمائىي تەرتىپىنى تېزدىن ئەسلىگە كەلتۈرگەن.

(5) تۇرلۇك جامائەت ھەمدە مائارىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرغان. جايلاردىكى كېيىنكى ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش ئىدارىلىرى يەرلىكتە باش بولۇپ يول ياساشقا، قاتناشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە، كۆۋرۈك سېلىشقا ۋە ئامبار ياساشقا تەشكىللاتچىلىق قىلغان، شۇنىڭ بىلەن بىرگە جايلاردا مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇپ، مەكتەپ ئاچقان، ئىجتىمائىي مەدەنىيەت ۋە جامائەت ئەسلىھەلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن ۋە قايتىدىن قۇرغان.

(6) جۇڭگو بىلەن چەت ئەللەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىشلارغا رىياسەتچىلىك قىلغان. شىنجاڭ چېگرا رايونغا جايلاشقان بولغاچقا، قوشنا دۆلەتلەر بىلەن بولغان ئالاقىسى ئۇزۇلمەيتتى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن ھەرقايسى كېيىنكى ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش ئىدارىلىرىنىڭ ھۆكۈمەتكە ۋاكالىتەن تاشقى ئىشلارنى بېجىرىشكە ھوقۇق بېرىلگەن. ئۇرۇش مالىمانچىلىقىدا قېلىپ قالغان بىر قىسىم چەت ئەلگە چېتىلىدىغان دېلولار تېزدىن ئېنىقلانغان، بۇ شىنجاڭنىڭ ئىجتىما-

ئىي، سىياسىي تەرتىپىنى مۇقىملاشتۇرۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە
ئىگە بولغان.

ئومۇمەن، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شىنجاڭدىكى كېيىنـ-
كى ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش ئىدارىسى ئارقىلىق ئۇرۇشتىن
كېيىنكى شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلد-
دۇرۇش، يەرلىكنىڭ ئىجتىمائىي ئامانلىق تەرتىپىنى مۇقىملاش-
تۇرۇش ئۈچۈن بىر قاتار خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن. شىنجاڭنىڭ
ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە تېزدىن ئەس-
لىگە كېلىپ، شىنجاڭدا ئۆلكە قۇرۇش ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدى-
غان ماددىي شارائىت ھازىرلانغان؛ جايلاردىكى كېيىنكى ئىشلارنى
بىر تەرەپ قىلىش ئىدارىلىرى خىزمەت داۋامىدا تەدرىجىي مۇك-
ەممەللەشكەن، ئىدارە خادىملىرى ئەمەلىيەت داۋامىدا تەدرىجىي
پىشىپ يېتىلگەن، بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭدا ئۆلكە قۇرۇش ئۈچۈن
زۆرۈر بولغان تەشكىل ۋە خادىم شارائىتى ھازىرلانغان.

## 2. ئۆلكە تۈزۈلمىسىنىڭ ئورنىتىلىشى

شىنجاڭدا ئىچكىرى ئۆلكىلەر بىلەن ئوخشاش ئايماق، ناھد-
يە قۇرۇش ئىشى ئەڭ دەسلىپىدە مىلادىيە 327 ـ يىلى (شەرقىي
جىن سۇلالىسى شەنخېنىڭ 2 ـ يىلى)دا بولغانىدى، شۇ يىلى ئال-
دىنقى لياڭ ھاكىمىيىتى بۈگۈنكى تۇرپان رايونىدا قوچو ۋىلايە-
تىنى قۇرغانىدى. ئۇنىڭ قارىمىقىدا قوچو، تيەندى قاتارلىق نا-
ھىيىلەر، ناھىيە تېگىدە يېزا ۋە تۇتۇن بار ئىدى. شىنجاڭدا ئۆلكە
قۇرۇش ئىشى ئەڭ دەسلىپىدە يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە بولغان،
ئەينى چاغدا غەربىي يۇرت زېمىنى بېشبالىق دىۋان نازارىتىنىڭ
بىر قىسمى قىلىنىپ، ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن بىرگە ئىدارە قىد-
لىنغانىدى. مىڭ سۇلالىسىنىڭ دۆلەت كۈچى چەكلىك بولغاچقا،
ئۇنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسى قۇمۇل ئەتراپلىرى بىلەنلا چەكلەنگە-
نىدى.

1759 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە كەل-
تۈرگەندىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ غەربتىكى چېگرىغا جايلاشقاد-

لىقى ۋە مىللەتلەرنىڭ كۆپلۈكىدەك تارىخىي شارائىتلارنى كۆزدە
تۇتۇپ، شىنجاڭدا ھەربىي مەھكىمە تۈزۈمىنى يولغا قويغان، پە-
قەت جىندى ۋىلايىتى(بۇگۇنكى موردىن جىڭغىچە بولغان لىنى-
يىگە باراۋەر)دە ئايماق، ناھىيىلەرنى تەسىس قىلغان، ئۇلار مەمۇ-
رىي جەھەتتىن گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان.
1820 ـ يىلى گوڭ زىجېن «غەربىي يۇرتتا ئۆلكە تەسىس قىلىش
توغرىسىدىكى تەكلىپ»نى يېزىپ، شىنجاڭنىڭ تارىختىكى ئۆلكە
تەشكىلىي تۈزۈلمىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ
بۈيۈك بىرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، كۈنسايىن ئېغىرلىشىۋاتقان
غەربىي شىمال چېگرىسىدىكى ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇشنى باشلامچى-
لىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويغان. 1877 ـ يىلى 6 ـ ئايدا، شىنجاڭ
ھەربىي ئىشلار ئامبىلى زو زۇڭتاڭ بۇيرۇققا بىنائەن شىنجاڭنىڭ
كېيىنكى ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش ئىدارىسىنى قۇرۇشقا
تەييارلىق قىلغان، ئۇ تارىخنىڭ تەرەققىيات ئېقىمىغا ماسلى-
شىپ، شىنجاڭدا ئۆلكە قۇرۇش مەسىلىسىنى قايتىدىن ئوتتۇرىغا
قويغان. زو زۇڭتاڭ شىنجاڭدا ئۆلكە قۇرۇشنىڭ مۇنداق ئىككى
ئەھمىيىتى بار دەپ قارىغان: بىرىنچى، غەربىي شىمال چېگرا
مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملىگىلى بولىدۇ. قەدىمدىن بۇيان،
جۇڭگو چېگرىلىرىدىكى كرىزىستا غەربىي شىمالدىكى كرىزىس
شەرقىي جەنۇبتىكىدىن كۆپ بولغان، شىنجاڭدا ئۆلكە قۇرۇپ،
ئىچكىرى بىلەن ئوخشاش مەمۇرىي تۈزۈلمىنى يولغا قويۇش غەر-
بىي شىمال چېگرا مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەش، ۋەتەننىڭ
بىرلىكىنى قوغداشتا سەل قارىغىلى بولمايدىغان ئەھمىيەتكە ئى-
گە؛ ئىككىنچى، شىنجاڭدا ئىجتىمائىي ئىشلارنى ۋە ئىقتىسادنى
تېزدىن تەرەققىي قىلدۇرغان ۋە ئەسلىگە كەلتۈرگەندىلا،
شۇنداقلا ئۆلكە قۇرۇپ ناھىيە تەسىس قىلىپ ، باشقۇرۇشنى
ياخشىلىغاندىلا شىنجاڭنى قايتىدىن گۈللەندۈرۈشتىن ئۈمىد
كۈتكىلى بولىدۇ. 1878 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا، زو زۇڭتاڭ
شىنجاڭدا ئۆلكە قۇرۇش تەكلىپىنى يەنە بىر قېتىم ئوتتۇرىغا

قويغان بولسىمۇ بۇ چاغدا ئىلى تېخى قايتۇرۇۋېلىنمىغان، غەر-بىي شىمال ئەتراپىدىكى ۋەزىيەت جىددىيلىشىۋاتقان بولغاچقا، ئۆلكە قۇرۇش تەكلىپى تاشلاپ قويۇلغان. 1882 - يىلى 10 - ئايدا جېجياڭ، جاڭسۇنىڭ باش ۋالىيسى بولغان زو زوڭتاڭ 3 - قېتىم شىنجاڭدا ئۆلكە قۇرۇش توغرىسىدا مەلۇمات يوللاپ، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ بالدۇرراق قارار چىقىرىشىغا ھەيدەك-چىلىك قىلغان، ئۇ ھازىر شىنجاڭ قايتۇرۇۋېلىنغان ۋە غەربكە يۈرۈش قىلغان قوشۇن تېخى تارقىتىۋېتىلمىگەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، پەيتنى قولدىن بەرمەي ئۆلكە قۇرۇپ، ناھىيە تەسىس قىلىش كېرەك دەپ قارىغان. ئۇنىڭدىن باشقا، شىنجاڭ ئەمدىلا قايتۇرۇۋېلىنغان، ھەممىنى قايتىدىن قۇرۇشقا توغرا كېلىدىغان، پۇقرانىڭ كۆڭلى مۇقىملىقنى خالايدىغان بولغاچقا، ئۆلكە قۇرۇش خەلقنىڭ رايىغا ياقىدىغان بولۇپ، جەمئىيەتنى مۇقىملاشتۇرۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە پايدىلىق ئىدى. زو زوڭتاڭ قاتارلىقلارنىڭ ھەيدەكچىلىكى ئارقىسىدا چىڭ سۇلالى-سى ھۆكۈمىتى ئاخىرى شىنجاڭدا ئۆلكە قۇرۇپ، ناھىيە تەسىس قىلىشنى قارار قىلغان.

1882 - يىلى 12 - ئايدا، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شىن-جاڭدا ۋىلايەت، نازارەت، ئايماق، ناھىيە قۇرۇشقا باشلىغان ۋە يېـ-قىن ئەتراپتىن ئەمەلدارلارنى تاللاپ ۋەزىپىگە تەيىنلىگەن. يەنە ھەرقايسى ۋىلايەت، نازارەت، ئايماق، ناھىيىلەرنىڭ پاسىلىنى بې-كىتكەن، ئۆتەڭ، بېكەتلەرنى راۋانلاشتۇرغان، يامۇل، دىنىي ئى-مارەت، ئامبار ۋە تۈرمە قاتارلىق مۇئەسسەسەلەرنى ئۆزگەرتىپ سالغان ۋە كۆپەيتكەن، ئايماقلارغا سوراقچى، ناھىيىلەرگە يار-دەمچى سوراقچى، سەييارە ئامبال، پايغاقچى قاتارلىق قوشۇمچە مەھكىمە ئەمەلدارلىرىنى ھەمدە مۇلكى خادىملارنى تەيىنلەپ، ئۇلارغا تامغا تارقىتىپ بەرگەن. شىنجاڭدىكى داغدۇغىلىق تو-زۈلمە ئىسلاھاتى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا بىرلا ۋاقىتتا باشلانغان. 1883 - يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا شىن-

جاڭدىكى ئاساسىي قاتلام ۋىلايەت، نازارەت، ئايماق، ناھىيىلەر ئا-ساسىي جەھەتتىن تەسىس قىلىنىپ بولغان. 6 ـ ئايدا، ليۇ جىن-تاڭ كونا باشبۇغ ۋە مەسلىھەتچى ئامبال، ئاغلاقچى ئامبال، خان ئامبال قاتارلىق يەرلىك ئەمەلدارلارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش توغرى-سىدا مەلۇمات يوللىغان. 1884 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شىنجاڭدا ئۆلكە قۇرۇشنى رەسمىي تەستىقلىغان. ئىككىنچى كۈنى شىنجاڭدا ئۆلكە قۇرۇلغانلىقى پۈ-تۈن مەملىكەتكە جاكارلىنىپ، ليۇ جىنتاڭ شىنجاڭنىڭ تۇنجى باش مۇپەتتىشلىكىگە، ۋېي گۇاڭتاۋ شىنجاڭنىڭ پەرمانبەردارلىقىغا تەيىنلەنگەن، دىخۇا (بۈگۈنكى ئۈرۈمچى) ئۆلكە مەركىزى قىلىن-غان. شىنجاڭدا ئاخىرى قايتىدىن ئۆلكە قۇرۇلغان.

شىنجاڭدا ئۆلكە قۇرۇپ ناھىيە تەسىس قىلىش 19 ـ ئە-سىرنىڭ ئاخىرلىرىدىكى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ چېگرى-نى ئىدارە قىلىش تۈزۈمىدىكى زور ئىسلاھاتى بولۇپ، بۇنىڭ ئەھمىيىتى ۋە تەسىرى ئىنتايىن چوڭقۇر. بىرىنچى، شىنجاڭدا ئۆلكە قۇرۇپ ناھىيە تەسىس قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭ تەشكىلىي تۈزۈمىنى ئىچكىرى بىلەن بىرلىككە كەلتۈرۈپ، شىنجاڭ بىلەن ئىچكىرىنىڭ ئايرىلىپ تۇرۇش ۋەزىيىتىگە خاتىمە بېرىلدى، ئۇ چېگرىنىڭ بىرلىكى ۋە ئىجتىمائىي ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئىنتايىن پايدىلىق ئىدى. ئىككىنچى، شىنجاڭدا ئۆلكە قۇرۇلغاندىن كېيىن، شەنشى، گەنسۇ باش ۋالىيسىنىڭ باشقۇ-رۇشىدا بولدى، شىنجاڭ بىلەن غەربىي شىمالدىكى ئۆلكىلەر تې-خىمۇ زىچ باغلىنىپ، ۋەزىيەت مۇكەممەللەشتى. ئۆلكە قۇرۇلغان-دىن كېيىنكى ئەسكەر تۈزۈمى ئىسلاھاتى ھەمدە ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىيات شىنجاڭنىڭ مۇداپىئە كۈچىنى كۈچەيت-تى، بۇ ۋەتەننىڭ غەربىي شىمال چېگرىسىنىڭ پۈتۈنلۈكىنى قوغداش ۋە زومىگەرلەرنىڭ شىنجاڭدا سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىن كېڭەيمىچىلىك قىلىشىغا تاقابىل تۇرۇشتا سەل قارى-غىلى بولمايدىغان ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۈچىنچى، شىنجاڭدا ئۆلكە

قۇرۇپ ناھىيە تەسىس قىلىش ئارقىلىق، ئىلغار بولغان ۋىلايەت، ناھىيە تۈزۈمى كونا ھەربىي مەھكىمە تۈزۈمى ۋە بەگلىك تۈزۈمىنىڭ ئورنىنى ئېلىپ، چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىشىنى تۈپتىن ئۆزگەرتتى، بۇ شىنجاڭ جەمئىيىتىنىڭ مۇقىملىقى، ھۆكۈمرانلىقنى ئىسلاھ قىلىش، مىللەتلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ماسلاشتۇرۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇنىڭدىن باشقا، شىنجاڭدا باشلامچىلىق بىلەن ئۆلكىنىڭ قۇرۇلۇشى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە جۇڭگو چېگرىلىرىنى ئىدارە قىلىش تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن ئۈلگە تىكلەپ بەردى. ئۇنىڭدىن كېيىن تەيۋەن، لياۋنىڭ، جىلىن، خېيلۇڭجياڭ قاتارلىق جايلاردىمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن ئۆلكە تەسىس قىلىندى. شۇڭا، شىنجاڭدا ئۆلكە تەسىس قىلىش چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىكى جۇڭگونىڭ چېگرا تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىدا مۇھىم تۈرتكىلىك رول ئوينىدى.

ئۆلكە باشقۇرۇش سىستېمىسىدا ليۇ جىنتاڭدىن كېيىن ۋېي گۇاڭتاۋ، راۋ يىڭچى، پەن شياۋسۇ ۋە يۈەن داخۇالار ئارقا-ئارقىدىن شىنجاڭنىڭ باش مۇپەتتىشى بولدى. راۋ يىڭچى ۋەزىپە ئۆتىگەن مەزگىلدە شىنجاڭدا ئۆلكە قۇرۇلغىنىغا سەككىز يىل بولغانىدى. «خەلقنىڭ تۇرمۇشى خاتىرجەم، چېگرا تىنچ، يىلدا مول ھوسۇل ئېلىنىدىغان بولغاچقا، ئىچكىرىدىكى خەنزۇ، خۇيزۇلار ئائىلىسى بىلەن شىنجاڭدا جان بېقىشقا، بوز يەر ئېچىشقا، ئىشلەمچىلىك قىلىشقا ۋە تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئايىقى ئۈزۈلمەي كەلگەن، يەرلەر ئېچىلىپ، ئاھالە كۆنسايىن كۆپەيگەن.» ① بەزى جايلاردىكى تەشكىلىي تۈزۈلمە يېڭى ۋەزىيەتنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشالمىغانلىقتىن نازارەت، ناھىيىلەر كۆپەيتىپ تەسىس قىلىنغان ياكى مەھكىمە، ئايماقلارغا كۆتۈرۈلگەن.

① «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى»، 106 ـ بەت، خانغا يوللانغان مەكتۇپلار، 16 ـ بەت.

يەرلىكنىڭ تەشكىلىي تۈزۈلمىسىدە ئۆزگىرىش كۆپ بولغان. گوۋاڭشۈنىڭ 28-يىلىغا كەلگەندە، شىنجاڭ بويىچە «تۆت ۋىلايەت، ئالتە مەھكىمە، 11 نازارەت، ئىككى بىۋاسىتە قاراشلىق ئايماق، بىر ئايماق، 21 ناھىيە، ئىككى شۆبە ناھىيە تەسىس قىلىنغان» بۇلارنىڭ كونكرېت تەسىس قىلىنىشى تۆۋەندىكىچە:

جىندى ۋىلايىتى: چيەنلۇڭنىڭ 38 - يىلى 9 - ئايدا تەسىس قىلىنغان، باش مەھكىمىسى دىخۇادا، قارىمىقىدا بىر مەھكىمە، تۆت نازارەت، يەتتە ناھىيە، بىر شۆبە ناھىيە بار. دىخۇا مەھكىمىسى گوۋاڭشۈنىڭ 12 - يىلى تەسىس قىلىنغان. قۇمۇل ئۇنىڭ بىۋاسىتە قاراشلىق نازارىتى بولۇپ، چيەنلۇڭنىڭ 24 - يىلى تەسىس قىلىنغان؛ تۇرپان بىۋاسىتە قاراشلىق نازارىتى چيەنلۇڭنىڭ 44 - يىلى تەسىس قىلىنغان؛ باركۆل بىۋاسىتە قاراشلىق نازارىتى شيەنفېڭنىڭ 5 - يىلى 3 - ئايدا تەسىس قىلىنغان؛ كور قارا ئۇسۇ بىۋاسىتە نازارىتى گوۋاڭشۈنىڭ 12 - يىلى تەسىس قىلىنغان. ناھىيىدىن دىخۇا ناھىيىسى بولۇپ، گوۋاڭشۈنىڭ 12 - يىلى تەسىس قىلىنغان؛ سانجى ناھىيىسى چيەنلۇڭنىڭ 38 - يىلى تەسىس قىلىنغان؛ ماناس ناھىيىسى چيەنلۇڭنىڭ 42 - يىلى تەسىس قىلىنغان؛ فۇكاڭ ناھىيىسى چيەنلۇڭنىڭ 41 - يىلى تەسىس قىلىنغان؛ فۇيۈەن ناھىيىسى گوۋاڭشۈنىڭ 28 - يىلى تەسىس قىلىنغان؛ گۇچۇڭ ناھىيىسى چيەنلۇڭنىڭ 41 - يىلى تەسىس قىلىنغان؛ پىچان ناھىيىسى گوۋاڭشۈنىڭ 28 - يىلى تەسىس قىلىنغان؛ قۇتۇبى شۆبە ناھىيىسى گوۋاڭشۈنىڭ 29 - يىلى تەسىس قىلىنغان.

ئىلى - تارباغاتاي ۋىلايىتى: گوۋاڭشۈنىڭ 14-يىلى 1-ئايدا تەسىس قىلىنغان، باش مەھكىمىسى نىڭيۈەن(غۇلجا) شەھرىدە بولۇپ قارىمىقىدا بىر مەھكىمە، ئىككى نازارەت، بىر مۇداپىئە نازارىتى، ئىككى ناھىيە بار، مەھكىمىلەردىن ئىلى مەھكىمىسى گوۋاڭشۈنىڭ 13 - يىلى تەسىس قىلىنغان. جىڭ ئۇنىڭ بىۋاسىتە قاراشلىق نازارىتى بولۇپ، گوۋاڭشۈنىڭ 13 - يىلى تەسىس قىلىنغان.

لىنغان؛ چۆچەك بىۋاستە قاراشلىق نازارىتى گوۋاڭشۇنىڭ 16 ـ
يىلى تەسىس قىلىنغان؛ قورغاس شۆبە مۇداپىئە نازارىتى
گوۋاڭشۇنىڭ 12 ـ يىلى تەسىس قىلىنغان. ناھىيىلەردىن سۈي-
دۈڭ ناھىيىسى گوۋاڭشۇنىڭ 20 ـ يىلى تەسىس قىلىنغان؛
نىڭيۈەن(غۇلجا) ناھىيىسى گوۋاڭشۇنىڭ 13 ـ يىلى تەسىس قى-
لىنغان.

ئاقسۇ ۋىلايىتى: گوۋاڭشۇنىڭ 8-يىلى 7-ئايدا تەسىس قى-
لىنغان، باش مەھكىمىسى ئونسۇدا بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىككى مەھ-
كىمە، بىر نازارەت، بىر بىۋاستە قاراشلىق ئايماق، ئالتە ناھى-
يە، بىر شۆبە ناھىيە بار. مەھكىمىلەردىن ئونسۇ مەھكىمىسى
گوۋاڭشۇنىڭ 28 ـ يىلى تەسىس قىلىنغان؛ قاراشەھەر مەھكىمى-
سى گوۋاڭشۇنىڭ 24 ـ يىلى تەسىس قىلىنغان. ناھىيىلەردىن
ئونسۇ ناھىيىسى گوۋاڭشۇنىڭ 28 ـ يىلى تەسىس قىلىنغان؛ باي
ناھىيىسى گوۋاڭشۇنىڭ 9 ـ يىلى تەسىس قىلىنغان؛ شايار ناھى-
يىسى گوۋاڭشۇنىڭ 28 ـ يىلى تەسىس قىلىنغان؛ شىنپىڭ ناھى-
يىسى گوۋاڭشۇنىڭ 24 ـ يىلى تەسىس قىلىنغان؛ چاقىلىق نا-
ھىيىسى گوۋاڭشۇنىڭ 28 ـ يىلى تەسىس قىلىنغان؛ بۈگۈر ناھى-
يىسى گوۋاڭشۇنىڭ 28 ـ يىلى تەسىس قىلىنغان؛ كەلپىن ناھى-
يىسى گوۋاڭشۇنىڭ 28 ـ يىلى تەسىس قىلىنغان.

قەشقەر ۋىلايىتى: گوۋاڭشۇنىڭ 8 ـ يىلى 7 ـ ئايدا تەسىس
قىلىنغان، باش مەھكىمىسى كونىشەھەر ناھىيىسى بولۇپ، قار-
مىقىدا ئىككى مەھكىمە، بىر نازارەت، بىر شۆبە مۇداپىئە نازار-
تى، بىر ئايماق، بىر بىۋاستە قاراشلىق ئايماق، ئالتە ناھىيە
بار. مەھكىمىلەردىن كونىشەھەر مەھكىمىسى گوۋاڭشۇنىڭ
28-يىلى تەسىس قىلىنغان؛ يەكەن مەھكىمىسى گوۋاڭشۇنىڭ
28-يىلى تەسىس قىلىنغان، نازارەتلەردىن يېڭىسار بىۋاستە
قاراشلىق نازارىتى گوۋاڭشۇنىڭ 9-يىلى تەسىس قىلىنغان؛ سارى-
قول شۆبە مۇداپىئە نازارىتى گوۋاڭشۇنىڭ 28-يىلى تەسىس قى-
لىنغان. ئايماقلاردىن مارالبېشى ئايمىقى گوۋاڭشۇنىڭ 28 ـ يىلى

تەسىس قىلىنغان؛ خوتەن بىۋاستە قاراشلىق ئايماق بولۇپ، گۇاڭشۇنىڭ 9 ـ يىلى تەسىس قىلىنغان؛ قاغىلىق ناھىيىسى گۇاڭشۇنىڭ 9 ـ يىلى تەسىس قىلىنغان؛ گۇما ناھىيىسى گۇاڭشۇنىڭ 28 ـ يىلى تەسىس قىلىنغان؛ كېرىيە ناھىيىسى گۇاڭشۇنىڭ 9 ـ يىلى تەسىس قىلىنغان؛ لوپ ناھىيىسى گۇاڭشۇنىڭ 28 ـ يىلى تەسىس قىلىنغان.①

### 3. ئىجتىمائىي ئىگىلىكنىڭ ئەسلىگە كېلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى

شىنجاڭدا ئۆلكە قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىقتىسادنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشقا دائىر بىر قاتار تەدبىر ۋە سىياسەتلەر قوللىنىلغان. ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىدا غايەت زور ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلگەن. يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى ئەسلىگە كېلىپ تەرەققىي قىلغان، قاتناش ۋە سودا ئاۋاتلىشىپ، يېقىنقى زامان سانائەت كانلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن قۇرۇلغان.

ئاھالە كەڭ كۆلەمدە توپلىنىپ، سۇ ئىنشائاتلىرى ياسالغان، يېزا ئىگىلىكى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇلغان. 1887 ـ يىلى (گۇاڭشۇنىڭ 13 ـ يىلى) ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت «شىنجاڭدا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش نىزامنامىسى»نى ئېلان قىلىپ، ئىچكىرىدىكى يېرى ئاز ۋە يېرى يوق دېھقانلار شىنجاڭغا كېلىپ بوز يەر ئېچىشقا تۈرلۈك ئېتىبار سىياسەتلىرى بىلەن جەلپ قىلىنغان؛ بوز يەر ئېچىشقا ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئائىلىسىدىكىلەرنى ئېلىپ كېلىشكە يول قويۇلغان؛ كۆپ خىل شەكىلدىكى چاقىرىقلار ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ ئاھالىسى تېزدىن كۆپەيگەن، 1887 ـ يىلىدىكى تەكشۈرۈش دوكلاتىدىن قارىغاندا، جېنندى(بۈگۈنكى ئۈرۈمچىدىن مورى ۋە جىڭغىچە بولغان جايلارغا باراۋەر)، ئاقسۇ ۋە قەشقەردىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئاھالىسى 266 مىڭ 959 ئائىلە، 1 مىليون 238 مىڭ 583 ئادەمگە يەتكەن؛ گۇاڭشۇ ـ شۈەنتۇڭ يىللىرى ئارىلىقىدا نوپۇس 400 مىڭ

---

① «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى»، 1ـتوم، تەشكىلىي تۈزۈلمە تەزكىرىسى.

تۇتۇنگە، ئاھالە تەخمىنەن 2 مىليونغا يەتكەن.

ئىرىق ـ ئۆستەڭ تورلىرى ئومۇميۈزلۈك رېمونت قىلىنىپ، يېڭى سۇچىلىق قۇرۇلۇشلىرى ئېلىپ بېرىلغان. ئارمىيە ۋە خەلقنىڭ تىرىششى ئارقىسىدا، شىنجاڭنىڭ سۇچىلىق قۇرۇلۇشىدا غايەت زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلگەن، نۇرغۇن سۇ ئامبارلىرى تىزگىنلىنىپ، سۇغىرىش سىستېمىسىنىڭ قاپلاش كۆلىمى يەنىمۇ كېڭەيتىلگەن. گۇاڭشۇ يىللىرىنىڭ ئاخىرىغا بارغاندا، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى چوڭ-كىچىك بوستانلىقلارغا تارقالغان غول ئۆستەڭ 646، تارماق ئۆستەڭ 1746 بولۇپ، ئۆستەڭلەرنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 73 مىڭ 860 چاقىرىمغا، سۇغىرىش ئىقتىدارى 11 مىليون 210 مىڭ موغا يېتىپ، يېزا ئىگىلىك تەرەققىياتىغا ئاساس سېلىنغان.

يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدا بۇغداي، كۆممىقوناق، كېۋەز، زىغىر، كۇنجۇت، ئاق قوناق، شال ھەمدە تۇرلۇك مېۋىلەر كۆپلەپ ئۆستۈرۈلگەن. بولۇپمۇ، بۇغداي، كۆممىقوناق ۋە شال قاتارلىقلار كەڭ كۆلەمدە تېرىلغان. يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ تاۋار ئوبوروتىغا كىرگەنلىكى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئاشقانلىقى ۋە سورتلىرىنىڭ كۆپەيگەنلىكىدىن دېرەك بەردى. گۇاڭشۇ ـ شۋەنتۇڭ يىللىرى شىنجاڭنىڭ تېرىقچىلىق كۆلىمى ۋە ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتى چىڭ سۇلالىسىدىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەن.1911 ـ يىلى(شۋەنتۇڭنىڭ 3 ـ يىلى) شىنجاڭ بويىچە يىغىۋېلىنغان ئاشلىق 300 مىڭ دەندىن ئاشقان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، پىلە-ئۈزۈمچىلىك قاتارلىق كەسپىي مەكتەپلەر ئېچىلىپ، يېقىنقى زامان يېزا ئىگىلىك بىلىملىرى سۆزلەنگەن. ھەرقايسى جايلار ئۆزلىرىنىڭ شارائىتىغا يارىشا ئىش كۆرۈپ، پىلىچىلىك، ئۈزۈمچىلىك، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە بېلىقچىلىقنى تېز تەرەققىي قىلدۇرۇپ، يېزا ئىگىلىكتە بىر خىل يېڭى ئىگىلىك باشقۇرۇش ئېڭى پەيدا بول-

غان. بولۇپمۇ، پىلە ـ ئۈژمىچىلىكىنىڭ تەرەققىياتى ئەڭ روشەن
بولۇپ، 1909 ـ يىلى (شۈەنتۇڭنىڭ 1 ـ يىلى) جەنۇبىي شىنـ
جاڭدىكى تەكلىپ بىلەن ئىچكىرىدىن كەلگەن ئىختىساس ئىگىـ
لىرى يېڭى تېخنىكىلارنى قوللانغاچقا، پىلىچىلىك ـ ئۈژمىچىـ
لىك ناھايىتى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلىپ، جەنۇبىي شىنجاڭـ
نىڭ مەشۇت مەھسۇلاتى 700 مىڭ جىڭغا يەتكەن.

سودا ۋە تېلېگرامما: يېزا ئىگىلىكى تەرەققىي قىلغاچقا
بازارغا كىرگەن يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى كۆپەيگەن، بۇنىڭ
بىلەن سودىمۇ دەسلەپكى قەدەمدە تەرەققىي قىلغانىدى. 1905 ـ
يىلى (گۇاڭشۈنىڭ 31 ـ يىلى) يېڭى ھۆكۈمەت دەۋرىدە شىنـ
جاڭ سودىنى گۈللەندۈرۈش، سودا جېڭى ئارقىلىق ئەنگلىيە
ۋە رۇسىيىنىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇچرىغان ھوقۇقنى قايتۇرۇۋېلىشـ
نى ئوتتۇرىغا قويغان. تېرە ۋە يۇڭ رۇسىيە ئىمپورت قىلىـ
دىغان تاۋار بولۇپ، شىمالىي شىنجاڭنىڭ تېرە، يۇڭلىرىنى
رۇسىيە سودىگەرلىرى تۆۋەن باھادا سېتىۋالاتتى، چارۋىچىلار
بۇنىڭدىن قاتتىق زىيانغا ئۇچرايتتى. 1905 ـ يىلى ئىلى
جاڭجۇنى «ھۆكۈمەت تەرەپتىن ئىدارە قۇرۇش، قوشۇمچە تېرە،
يۇڭ شىركىتى تەسىس قىلىش ئارقىلىق پايدىنى ئۆزى ئېـ
لىش»[①] نى ئىلتىماس قىلىپ، تېرە شىركىتى غۇلجا شەھـ
رىدە قۇرۇلدى. شىركەت چاي قاتارلىقلارغا تېرە تېگىشىپ
ئاندىن ئۇلارنى ئېكسپورت قىلغان. 1910 ـ يىلى (شۈەنتۇڭـ
نىڭ 2 ـ يىلى) تارباغاتايمۇ ئىلىنى دوراپ ھۆكۈمەت بىلەن
سودىگەرلەر بىرلەشكەن كۆن-خۇرۇم شىركىتىنى قۇرغان.
چايمۇ رۇسىيە سودىگەرلىرى ساتىدىغان مۇھىم تاۋار بولۇپ،
رۇسىيە سودىگەرلىرى كۆپلەپ چاي ئەتكەسچىلىكى قىلىپ
ھارام پايدا ئالغان. رۇسىيە سودىگەرلىرىنىڭ چاي ئەتكەسچىـ
لىكىگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، 1908 ـ يىلى (گۇاڭشۈنىڭ

---

① «چىڭ دېزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 545ـ بەت.

34 ـ يىلى) شىنجاڭدا ھۆكۈمەت تەرەپ بىلەن سودىگەرلەر بىرلىشىپ ئىلى ـ تارباغاتاي چاي چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى قۇرغان، ئىككى يىلدىن كېيىن بۇ شىركەت سودا ئىشخانىسىغا ئۆزگەرتىلگەن بولسىمۇ، يەنىلا چاينى مەخسۇس سېتىش ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولغان. بۇ تەدبىرلەر شىنجاڭدا سودىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا زور تۇرتكە بولغان.

گەرچە شىنجاڭدا زامانىۋى قاتناشنىڭ سىموۋولى بولغان تۆمۈريول قۇرۇش ئەمەلگە ئاشمىغان بولسىمۇ، ئىچكىرى بىلەن شىنجاڭنى تۇتاشتۇرىدىغان تېلېگراف ئالاقىسى ئىشقا ئاشقان. 1892 ـ يىلى (گۇاڭشۈنىڭ 18 ـ يىلى) چىڭ ھۆكۈمىتى گەنسۇدىن شىنجاڭغىچە بولغان تېلېگراما يولىنى ياساشنى تەستىقلىغان، 1893 ـ يىلى جايۇگۇەندىن دىخۇا (ئۈرۈمچى)گىچە بولغان تېلېگراما لىنىيىسى پۈتكەن؛ 1894 ـ يىلى (گۇاڭشۈنىڭ 20 ـ يىلى) بىرلا ۋاقىتتا جەنۇبىي شىنجاڭ، شىمالىي شىنجاڭ لىنىيىسى ئېچىلىپ، ئىلى ـ تارباغاتاي تېلېگراما ئىدارىسى بىلەن رۇسىيىنىڭ چاقتۇ ئوبلاستىدىكى باقتۇ ئۆزئارا تۇتاشتۇرۇلغان، ئىلى ۋە قەشقەر چېگرىسىمۇ رۇسىيە لىنىيىسى بىلەن تۇتاشتۇرۇلغان. 1903 ـ يىلى (گۇاڭشۈنىڭ 29 ـ يىلى) شىنجاڭ بويىچە 10 مىڭ چاقىرىمدىن ئارتۇق تېلېگراما لىنىيىسى تۇتاشتۇرۇلغان، شەرقىي لىنىيە ئۈرۈمچىدىن ئىچكىرىگە تۇتاشقان، غەربىي لىنىيە رۇسىيە لىنىيىسىنى تۇتاشتۇرۇپ، چاقتۇدىن ئۆتۈپ، كۇلۇن ئارقىلىق بېيجىڭغا بارغان. 1908 ـ يىلىغا بارغاندا، شىنجاڭ بويىچە بىر تېلېگراما ئىدارىسى، 16 شۆبە ئىدارە قۇرۇلغان. ①

شىنجاڭنىڭ قېزىلما بايلىقلىرى مول بولۇپ، ئۇنى ئېچىش ۋە پىششىقلاپ ئىشلەش چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىكى كىشىلەر دىققەت قىلىدىغان مۇھىم نۇقتا بولۇپ قال-

① «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى»، 86 ـ جىلد.

غانىدى. 1906 ـ يىلىدىن كېيىن، شىنجاڭدا ھۈنەر ئۆگىنىشكە رىغبەتلەندۈرۈش ئورنى سىناق تەرىقىسىدە ئېچىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، شىنجاڭ ھۆكۈمىتى بىر تەرەپتىن، رۇسىيە، گېرمانىيىگە تېخنىكا ئۆگىنىشكە ئادەم ئەۋەتتى، ئۇستىلارنى تەكلىپ قىلدى ۋە ماشىنىلارنى سېتىۋالدى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، يېڭىچە سانائەت كان-كارخانىلىرىنى ئېچىپ، ماشىنىلارنى ئىشقا كىرىشتۈردى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە مەلۇم كۆلەمگە ئىگە بولغان يېقىنقى زامان كارخانىلىرىدىن مايتاغ ماي كانى، ئىلى كۆن ـ خۇرۇم زاۋۇتى ۋە چۆچەك قاتۇ ئالتۇن كانى ئىدى.

## تۆتىنچى، مىلىتارىستلارنىڭ تەپرىقىچىلىك ھۆكۈمرانلىقى

### 1. ياڭ زېڭشىنىڭ بېكىنمىچىلىكى ۋە ئاز ئەسكەر بىلەن شىنجاڭنى ئىدارە قىلىشى

1911 ـ يىلى (شۈەنتۇڭنىڭ 3 ـ يىلى) چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇۋەتكەن خۇبېيدىكى ۋۇچاڭ قوزغىلىڭى غەلىبە قىلدى، بۇنىڭ بىلەن پۈتۈن مەملىكەت زىلزىلىگە كېلىپ، ھەممە ئۆلكىلەر ئۇنىڭغا ئاۋاز قوشتى، ئىنقىلاب بورىنى ناھايىتى تېزلا پۈتۈن مەملىكەتنى قاپلىدى. شۇ يىلى دېھقانلار كالېندارى بويىچە شىنخەي يىلى بولغاچقا، تارىختا «شىنخەي ئىنقىلابى» دەپ ئاتالدى. ۋۇچاڭ قوزغىلىڭى غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، گومىنداڭچىلار ھەربىي ھۆكۈمەت قۇرۇپ، ئۇقتۇرۇش ئېلان قىلىپ، چىڭ سۇلالىسى پادىشاھلىقى يىلنامىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، يىلنامىنى جۇڭخۇا مىنگوغا ئۆزگەرتتى. ئىچكىرىدىكى شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ غەلىبە قىلغانلىق خەۋىرى شىنجاڭغا يېتىپ كېلىپ، ئالدى بىلەن ئۆلكە مەركىزى دىخۋادا كۈچلۈك زىلزىلە پەيدا قىلدى، خەلق كۆڭلى ھاياجانلىنىپ، بەگ ـ تۆرىلەر ساراسىمىگە چۈشتى.

ئەينى چاغدا، ئىلىدىكى يېڭى ئارمىيە ۋە ئۆلكە مەركىزى دىخۇادا گومىنداڭچىلارنىڭ كۈچلىرى بار بولۇپ، ئۇلار ۋۇچاڭ قوزغىلىڭىغا ئاۋاز قوشۇشقا جىددىي تەييارلىق كۆرۈۋاتاتتى. دىخۇا قوزغىلىڭىدىن ئىلگىرى خائىنىنىڭ ساتقىنلىق قىلىشى بىلەن قوزغىلاڭ يېرىم يولدا مەغلۇپ بولدى. ئارقىدىنلا ئىلىدىكى گومىنداڭچىلار 1912 - يىلى 1 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ئىلىدا قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، بەش يولغا بۆلۈنۈپ، كۈرە شەھىرىنىڭ ئىچىدىكى ھەربىي، مەمۇرىي مۇھىم نۇقتىلارغا ھۇجۇم قوزغىدى، ئەتىسى سەھەردە كۈرە شەھىرىنى ئېلىپ قوزغىلاڭ غەلىبە قىلدى. 2 - ئاينىڭ 12 - كۈنى چىڭ سۇلالىسى پادىشاھى شۈەنتۇڭ تەختتىن چۈشكەنلىكىنى ئېلان قىلدى. 5 - ئاينىڭ 18 - كۈنى بېيجىڭدىكى يۈەن شىكەي ھۆكۈمىتى جېندى ۋىلايىتى(بۈگۈنكى ئۈرۈمچىدىن مورى ۋە جىڭغىچە بولغان جايلارغا باراۋەر)نىڭ تەپتىشى ياڭ زېڭشىنىنى شىنجاڭنىڭ باش تۇتۇقلۇقىغا تەيىنلەپ، ئىلىدىكى گومىنداڭچىلار بىلەن ئۆتكۈزىدىغان سۆھبەتكە رىياسەتچىلىك قىلىشقا بۇيرۇدى. ياڭ زېڭشىن گومىنداڭچىلارنىڭ تەجرىبىسىزلىكىدىن پايدىلىنىپ، ھەربىي ۋە مەمۇرىي جەھەتتە ئومۇمىيۈزلۈك ئاجىز ھالەتتە تۇرۇپمۇ گومىنداڭچىلار بىلەن سۆھبەتلىشىش ئارقىلىق ئۇلارنى مۇرەسسە قىلىشقا مەجبۇر قىلدى.

1912 - يىلى 7 - ئاي ۋە 9 - ئايدا، ئىلى باش تۇتۇق مەھكىمىسى بىلەن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ «11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمى» ۋە «شىنجاڭ ئىلى تەشكىلىي كېلىشىمىگە دائىر 20 ماددىلىق بىتىم»نى ئىمزالىدى. كېلىشىمدە ئىككى تەرەپ ئۇرۇش توختىتىپ قىسىملىرىنى چېكىندۈرىدۇ؛ ئىلى باش تۇتۇق مەھكىمىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ياڭ زېڭشىنىنىڭ شىنجاڭنىڭ ھەربىي ۋە مەمۇرىي ئىشلىرىغا رىياسەتچىلىك قىلىدىغان ئۆلكە تۇتۇقلۇقى ئېتىراپ قىلىنىدۇ، دەپ بەلگىلەندى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ تەسىرىدە

كۆتۈرۈلگەن شىنجاڭدىكى قوراللىق قوزغىلاڭغا خاتىمە بېرىپ، ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىشتىن ئىبارەت ئىنقىلابنىڭ دەسلەپكى مەقسىتى غايىب بولدۇ. ئىلى قوزغىلىڭى جۇڭگو ـ شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ بىر تەشكىلىي قىسمى، گەرچە گومىنداڭچىلار ئەڭ ئاخىرىدا مۇرەسسە قىلىپ ياڭ زېڭشىنغا شىنجاڭنىڭ ھەربىي، مەمۇرىي ھوقۇقىنى تارتقۇزۇپ قويغان بولسىمۇ، ئىنقىلاب چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئىلىدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، شىنجاڭدا جۇمھۇرىيەتنىڭ بارلىققا كېلىشىگە تۈرتكە بولدى ۋە چىڭ خاندانلىقىنىڭ بىر مەھەل غەربكە كۆچۈپ، پادىشاھلىق تۈزۈمىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش سۇيىقەستلىرىنى بەربات قىلدى، بۇ تارىخىي تۆھپىلەرنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش لازىم.

1912 ـ يىلدىن 1928 ـ يىلغىچە مىلىتارىست ياڭ زېڭشىن شىنجاڭغا 17 يىلدىن ئارتۇق ھۆكۈمرانلىق قىلدى. ئۇ ئىشىكنى تاقىۋېلىپ، تەپرىقىچىلىك قىلدى. بۇ مەزگىلدە تاشقى قىسىمدا چاررۇسىيە شىنجاڭغا كۆز تاشلاپ تۇرغان، ئىچكى قىسىمدا ئىجتىمائىي زىددىيەتلەر كۆپىيىپ كەتكەن، ھەربىي، مالىيە ئاجىزلاپ كەتكەن بولسىمۇ، بىراق ھاكىمىيەتنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى خەۋپ تۈگىگەندىن كېيىن، شىنجاڭدا جەمئىيەت تەدرىجىي تىنچلىنىش، ئىقتىساد ئاستا ـ ئاستا تەرەققىي قىلىش، ئىچكى ۋە تاشقى جەھەتتە تىنچ بولۇشتەك ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. ياڭ زېڭشىننىڭ بۇ مەزگىلدىكى سىياسەتلىرىنى ئاساسلىقى مۇنداق بىرقانچە نۇقتىغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ.

سىياسىي جەھەتتە ئىشىكنى تاقىۋېلىپ تاشقى كۈچلەرنىڭ سىڭىشىپ كىرىشىنى توسۇپ، شىنجاڭنى تۇتۇپ تۇرۇش ۋە مۇقىملاشتۇرۇش ئۈچۈن ئىمكانقەدەر شارائىت يارىتىش. ياڭ زېڭشىننىڭ شىنجاڭدىكى تەپرىقىچىلىك ھۆكۈمرانلىقى ئۈچۈن چەت ئەلمۇ، ئۆلكە سىرتىمۇ بەرىبىر ئوخشاش ئىدى. ئۆلكە سىرتىغا قارىتا ياڭ زېڭشىن تەپرىقىچىلىكنى يولغا قويۇپ، جايۇگۇەننىڭ سىرتىدا ئۆزى خان بولۇۋالدى، شىنجاڭنىڭ ئىشىكى بولغان

شىڭشىڭشادا چازا قوروپ قاتتىق تەكشۈرۈپ، ئىچكىرىنىڭ شىن- جاڭغا ئەمەلدار ياكى باشقا خادىملارنى ئەۋەتىشىنى رەت قىلدى، ئىچكىرى بىلەن شىنجاڭ ئوتتۇرىسىدىكى خەۋەرلىشىش، ئاخبارات ھەمدە مەدەنىيەت ئۇچۇرلىرىنى قامال قىلدى، بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭ ئىچكىرى بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوق ھالەتكە چۈ- شۈپ قالدى. يەنە شىڭشىڭشادا كۆپلەپ ئەسكەر تورغۇزۇپ، ئىچ- كىرىدىكى مىلىتارىستلارنىڭ شىنجاڭغا قول تىقىشىدىن قاتتىق مۇداپىئە كۆردى. چېگرا سىرتىغا قارىتا ئارىلاشماسلىق سىياسى- تىنى قوللاندى، چېگرا سىرتىدا ئالدى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مۇساپىرلارنىڭ چېگرىدىن كىرىش ۋەقەسى يۈز بەردى. 1916 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى رۇسىيىگە قاراشلىق قازا- قىستان قاتارلىق جايلاردا رۇسىيىگە قارشى زور كۆلەمدىكى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلدى. قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، رۇ- سىيە ئارمىيىسىنىڭ غالجىرانە باستۇرۇشىغا ئۇچرىغان يەرلىك چارۋىچىلار ئارقا-ئارقىدىن چېگرىدىن ئۆتۈپ شىنجاڭغا كەلدى، بۇنىڭ بىلەن چۆچەك، ئىلى ھەمدە قەشقەر، ئۇچتۇرپانلاردا چېگ- رىدىن كىرگەن رۇسىيە تەۋەلىكىدىكى مۇساپىرلارنىڭ سانى 300 مىڭغا، چارۋىلار ئۇنىڭ 2 ھەسسىسىگە توغرا كەلدى. ئەينى چاغدا، ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمىتى چېگرا سىرتىغا ئارىلاشماسلىق سىياسىتىنى قوللانغاندى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىنسانپەرۋەر- لىكنى ئاساس قىلىپ، رۇسىيىگە قاراشلىق مۇساپىرلارنى چېگرا ئەتراپىدىكى جايلارغا ۋاقىتلىق ئورۇنلاشتۇردى، رۇسىيە بىلەن كۆپ قېتىم ئالاقىلىشىش ۋە سۆھبەتلىشىش ئارقىلىق 1918 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى رۇسىيىگە قاراشلىق مۇساپىرلارنىڭ كۆپىنچى- سى ۋەتىنىگە قايتۇرۇلۇپ، چېگرىنىڭ تەرتىپى ۋە مۇقىملىقى ساقلاندى. ئۆكتەبىر ئىنقىلابى پارتلىغاندىن كېيىن، ئانتانتا دۆ- لەتلەر شىنجاڭنى ئەسكەر چىقىرىپ، يېڭى تۇغۇلغان سوۋېتلەر ھاكىمىيىتىگە قارشى تورغۇچىلار قاتارىغا ئۆتۈپ، قىزىل ئارمى- يىنى يوقىتىشقا قۇتراتتى. بۇنىڭغا قارىتا ياڭ زېڭشىن مۇنداق

بۇيرۇق چىقاردى: شىنجاڭ يەنىلا ئىلگىرىكى ئارىلاشماسلىق سىياسىتىدە چىڭ تۇردۇ، بۇنداق قىلمىغاندا ئۆزىمىزگە بالا تېپىپ زىيان تارتىپ قالىمىز. 1919 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىن 1920 ـ يىلى 10 ـ ئايغىچە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ سابىق رۇسىيە ئاقلار ئارمىيىسىنىڭ مەغلۇپ بولغان ئەسكەرلىرى ھەمدە مۇساپىرلىرىدىن 30 نەچچە مىڭ ئادەم قىزىل ئارمىيىنىڭ زەربىسى ئارقىسىدا شىنجاڭنىڭ ئىلى، چۆچەك قاتارلىق جايلىرىغا قېچىپ كېلىۋالدى، ھالبۇكى ئەينى چاغدا شىنجاڭ ئۆلكىسىدىكى ئەسكەرنىڭ سانى 10 مىڭغىمۇ يەتمەيتتى، شىنجاڭ ھۆكۈمىتى «بىتەرەپ تۇرۇشقا قاتتىق ئەمەل قىلىپ» يەنىلا چېگرا سىرتىدىكى ئىشلارغا ئارىلاشماسلىق، چېگرا سىرتىدىن قېچىپ كىرگەن ئاق ئورۇسلارنى مەجبۇرىي «قورالسىزلاندۇرۇش، تارقاقلاشتۇرۇپ ئورۇنلاشتۇرۇش» تاكتىكىسىنى قوللاندى، بۇ مەزگىلدە يەنە سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى بىلەن قايتا ـ قايتا ئالاقە باغلاپ، سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ ئاق ئورۇسلارنىڭ مەغلۇپ بولغان ئەسكەرلىرىگە ئالاھىدە كەچۈرۈم ئېلان قىلىشىنى، شىنجاڭ تەرەپتىن مەسئۇل كىشىلەرنىڭ ئۇلارنى قايتۇرۇپ ھەل قىلىش لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. 1921 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ئاق ئورۇسلار ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئۈرۈمچىنىڭ گۇچۇڭ ۋە ئىلىنىڭ بايانداي شەھىرىدە توپىلاڭ كۆتۈردى، ئۆلكە ئارمىيىسى كۈچلۈك قوشۇنلىرىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ئىككى جايدىكى توپىلاڭنى تىنچلاندۇردى، چۆچەككە يىغىلغان 10 مىڭدىن ئارتۇق قورallىق ئاق ئورۇس ئەسكەرلىرى توغرىسىدا سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى بىلەن چېگرىدىن ئۆتۈپ باندىت يوقىتىش كېلىشىمىنى ھاسىل قىلدى، 5 ـ ئايدا قىزىل ئارمىيە كېلىشىم بويىچە شىنجاڭغا كىرىپ، شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئارمىيە بىلەن بىرلىشىپ چۆچەكتىكى ئاق ئورۇس ئەسكەرلىرىنى تارمار قىلدى، 8 ـ ئايدا يەنە ئالتايدا ئاق ئورۇس ئەسكەرلىرىنىڭ ئاساسىي كۈچىنى يوقاتتى، بۇنىڭ بىلەن ئاق ئورۇسلارنىڭ قالدۇق قىسىملىرى تاشقى موڭغۇلىيە-

گە قېچىپ كەتتى. قىزىل ئارمىيىمۇ كېلىشىم بويىچە شىنجاڭدىن پۈتۈنلەي چېكىنىپ چىقتى. 1920 - يىلى 5 - ئايدا، شىنجاڭ بىلەن سوۋېت رۇسىيىسى ۋاقىتىنچە قىسمەن سودا ئالاقىسى قىلىش شەرتنامىسىنى ئىمزالاپ، ئىككى تەرەپ باراۋەر ئورۇندىكى سودا ۋاكالەتچى ئاپپاراتىنى قۇردى. 1924 - يىلى 10 - ئايدا، شىمالىي مىلىتارىستلار ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشى ئارقىسىدا شىنجاڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى ئىككى تەرەپنىڭ چېگرا بويلىرىدىكى رايونلاردا باراۋەر ھالدا بەش كونسۇلخانا قۇرۇش كېلىشىمىنى ھاسىل قىلىپ، ئىككى تەرەپنىڭ دوستانە ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنى بېكىتتى.

شىنجاڭنىڭ ئىچكى قىسمىدا ياڭ زېڭشىن ئىجتىمائىي ۋە سىنىپىي زىددىيەتلەرنى پەسەيتىشنى ئاساس قىلىپ، بېكىنمىچىلىك قىلدى. «سىياسىينى ياخشىلاش، تىرىكچىلىك سىياسىتىنى يولغا قويۇش» ياڭ زېڭشىن سىياسىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ئىدى. سىياسىينى ياخشىلاش ئەمەلىيەتتە يەنىلا مەنسەپدارلارنى ئىدارە قىلىشنى تەرتىپكە سېلىش ئىدى. ئۇنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە: بىرىنچى، كونا قائىدىلەرنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئەل رايىغا بېقىش. بۇنىڭ ئىچىدە يەرلىك مەنسەپدارلارنىڭ شاڭيۇ ۋە ئاخۇن تەيىنلىشىنى قەتئىي مەنئى قىلىش، خەلققە شەپقەتسىزلىك قىلىدىغان، خەلققە كۆلپەت سالىدىغان جىسا مىرشابلار ۋە يەرلىكتىكى يامۇللارنىڭ ئىشىكباقارلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش؛ يەرلىكتىكى ئەمەلدارلارنىڭ پۇقرالارنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن شىلىۋېلىشىنى تىزگىنلەپ، ئىئانە پۇللىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ پىلە ئۇرۇقىنى سېتىشى ۋە «ئاياغ ھەققى» قاتارلىق باجلارنى ئېلىشنى قەتئىي مەنئى قىلىش قاتارلىق مەزمۇنلار بار ئىدى، كۆرە بىلەن ئاشلىق سودىسىدىن تەكرار باج ئېلىش ۋە باج يىغىشتا ساختىپەزلىك قىلىش قىلمىشلىرى تۈگىتىلىپ، ئەمەلدارلارنىڭ خالىغانچە باج - سېلىق سېلىشى مەنئى قىلىندى؛ موڭغۇل، تۇڭگان

ۋاڭ، گۈڭلىرىنىڭ خەلققە زۇلۇم قىلىدىغان ناچار قائىدىلىرىمۇ شۇنىڭ بىلەن بىرلا ۋاقىتتا بىكار قىلىندى. ئىككىنچى، ئەمەلدارلارنى مۇكاپاتلاش ـ جازالاش تۈزۈمى چىڭىتىلدى. ھۆكۈمەت ئىشىدا پاك بولغانلار مۇكاپاتلاندى، خىيانەتچىلىك ۋە پارىخورلۇق قىلغانلار جازالاندى ھەمدە يۇقىرىنىڭ تۆۋەننى نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈش تۈزۈمى ئورنىتىلدى. ئۈچىنچى، ئوشۇقچە مەنسەپلەر شاللىۋېتىلىپ ئەمەلدارلارنىڭ تەمىناتى ئۆستۈرۈلدى. بۇ تەدبىرلەر كونا فېئودال بيۇروكرات تۈزۈلمىسىنى تۈپتىن ئۆزگەرتەلمىدى، دەسلەپتە بەزى ئۈنۈملەرگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، تۆۋەندىكى مەنسەپدارلار ناھايىتى تېزلا تاقابىل تۇرۇش چارىلىرىنى تېپىپ، يېڭى شىلىۋېلىش ھۈنەرلىرى ئوتتۇرىغا چىقتى. ۋەھالەنكى، ياڭ زېڭشىننىڭ ئۆزىمۇ ناھايىتى يوشۇرۇن ۋاسىتىلەر بىلەن ھارام پايدا ئالاتتى، ئۇنى تۆۋەندىكىلەر دورىغاچقا، چىرىكلىك شۇ پېتى داۋاملىشىۋەردى، جەمئىيەتتىكى سىنىپىي زىددىيەتلەر بىر مەھەل پەسەيگەن بولسىمۇ، خەلق زۇلۇم ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىگە ئۇچراۋەردى، تىرىكچىلىك سىياسىتى نەقلىشەلمىدى.

ھەربىي جەھەتتە ياڭ زېڭشىن «ئارمىيىنى تارقاق باشقۇرۇش» ۋە «ئاز ئەسكەر سىياسىتى»نى يولغا قويدى، بۇ ئۇنىڭ مىلىتارىست تەپرىقىچىلىك ھۆكۈمرانلىقى بىلەن ناھايىتى زور پەرقلىنەتتى. بۇنىڭ سەۋەبىنى سۈرۈشتۈرگەندە سۇبيېكتىپ جەھەتتە ياڭ زېڭشىن تارىختىكى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش ئاساسىدا مۇنداق دەپ قارايتتى، شىنجاڭ ئىچكىرىدىن يىراقتا تۇرىدۇ، يەرلىكنىڭ ھەربىي كۈچى چەكلىك، ئامانلىقنى ساقلاشتا ئىشنى سىياسىيدىن باشلاش كېرەك، بۇنى ئەسكىرىي كۈچ بىلەن تۇتۇپ تۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق، بىرەر ۋەقە بولۇپ قالسا، شىنجاڭدىكى ھەربىي كۈچنى ئەنگلىيە، رۇسىيە ئەسكەرلىرى بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ، ئىچكىرى بۇنچە چوڭ رايوننى تىزگىنلىيەلمەيدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ياڭ زېڭشىن مىلىتارىست بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا قويرۇق چوڭ بولسا چۈشۈپ قالمايدىغانلىقى، «ئەلەم بىلەن

شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ سىياسىيغا ئارىلىششى» خەۋپلىك ئىكەنلىكى، «ئەلەمدارلارغا ئەسكىرىي ھوقۇق بېرىلسە، ئۇلارنى مايىل قىلماي تۇرۇپ، ئىدارە قىلماقنىڭ تولىمۇ تەس»لىكى ئايدىڭ ئىدى. ① شۇڭا ئۇ ئارمىيىنى ئىمكانقەدەر تارقاقلاشتۇرۇپ باشقۇرۇپ، ھەرقانداق بىر ئەسكىرىي كۈچنىڭ ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىغا دەخلى يەتكۈزۈشىدىن ساقلاندى. ئوبيېكتىپ جەھەتتىن ئالغاندا، مىنگودىن كېيىن مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ ياردەم پۇلى ئۈزۈلۈپ قالغاچقا، مالىيىدىكى قىيىنچىلىق تۈپەيلىدىن بەك كۆپ ئەسكەرنى بېقىپ كېتەلمەيتتى. «ئارمىيىنى تارقاقلاشتۇرۇپ ئىدارە قىلىش» ۋە «ئاز ئەسكەر سىياسىتى»نى يولغا قويۇشتا ياڭ زېڭشىن بىر تۈتاش شتات تەسىس قىلماسلىق ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى، يېڭى ئارمىيە، چارلىغۇچى مۇداپىئە يېڭى، ئۈچ چوڭ تەشكىلىي تۈزۈم سىستېمىسىدىكى قوماندانلىق ھوقۇقىنى ئۆزىنىڭ قولىدا مەھكەم تۇتىدۇ. 1924 - يىلىدىن كېيىن، شىنجاڭدىكى ئارمىيىنىڭ شتاتى 20 نەچچە مىڭ ئىدى، ئەمەلىيەتتە بار ئەسكەر 10 مىڭغىمۇ يەتمەيتتى، بارى - يوق مۇشۇ قوشۇندىمۇ ياش - قېرىلار ئارىلاش، كىيىملىرى جۇل - جۇل، قوراللىرى كونا، مەشىقلىرى توختاپ كەتكەنىدى. بۇ خىل «ئاجىز ئەسكەر» ھالىتى ياڭ زېڭشىننىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن دەۋرلىرىگە باشتىن - ئاخىر سىڭگەن، ئۇ ئاشكارا ھالدا مۇنداق دېگەنىدى: شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش ئۈچۈن ئارمىيىنىڭ ھاجىتى يوق، پەقەت ئۆزۈمنىڭ «بىر كاللام، بىر قەلىمىم بىلەنلا باشقۇرىمەن». قوشۇننى ساقلاپ قېلىش «پەقەت تۈزۈلمىنىڭ ئېھتىياجى، ئۇنىڭ بولمىسا بولمايدىغانلىقىدىنلا خالاس.»②

ھەربىي كۈچ ئاجىز بولغاچقا، ۋەزىيەتنى زورلۇق كۈچ بىلەن كونترول قىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا ئىدارە قىلىش

① «ئىستىغپار ھۇجرىسىدىكى خاتىرىلەر» 9 - جىلد.

② گۇاڭ لۇ: «شىنجاڭدىكى 30 يىللىق مالىمانچىلىقتا كۆرگەنلىرىم»، «شەنبىلىك كۆزىتىش»تىن ئېلىندى، تەيۋەن نەشرى، 10 - سان.

ۋاستىسىدە ياڭ زېڭشىن ئاساسلىقى مۇنداق ئىككى خىل تاكتىد-
كىنى قوللانغان، بىرىنچىسى، بىر - بىرىنى چەكلەش تاكتىكىد-
سى. ھەربىي، مەمۇرىي جەھەتتە تۇڭگانلار بىلەن خەنزۇلار بىر-
بىرىنى چەكلەيدۇ، ئارمىيىدىكى ئاساسىي كۈچ تۇڭگانلارنى ئاساس
قىلغان يېڭى ئارمىيە تۇڭگان يىڭى (ئەترىتى) بولۇپ، بۇ ياڭ
زېڭشىن ئىشىنىدىغان كۈچلەر ئىدى؛ يەرلىك ئەمەلدارلار ئىچىدە
ئىچكىرىدىكى يۈننەن، گەنسۇ قاتارلىق جايلاردىن شىنجاڭغا كەل-
گەن كىشىلەر ئاساسلىق ئورۇننى ئىگىلەيتتى، بۇلارنىڭ كۆپىند-
چىسى ياڭ زېڭشىنىنىڭ قەدىناسلىرى ئىدى، بۇ ئارقىلىق ياڭ
زېڭشىن يادرولۇقىدىكى ئۆزئارا چەكلەش ۋە تەڭپۇڭلۇق ھالىتى
شەكىللەنگەنىدى. ئارمىيىنىڭ ئىچكى قىسمىدا يېڭى ئارمىيە،
قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى، چارلىغۇچى مۇداپىئە يىڭى قاتارلىق ئۈچ
چوڭ ئوخشاش بولمىغان تەشكىلىي تۈزۈلمە سىستېمىسىدىمۇ ياڭ
زېڭشىن مەركەز بولۇپ، ئۇلار بىر - بىرىنى چەكلەيتتى. ئىك-
كىنچىسى، مىللەت ۋە دىنغا مۇئامىلە قىلىشتا ئۆزگىچە تارتىش
تاكتىكىسىنى ئاساس قىلىدۇ. ياڭ زېڭشىن مۇنداق دەپ قارايدۇ:
شىنجاڭدا ئاز سانلىق مىللەتلەر مۇتلەق كۆپ سانىنى ئىگىلەيدۇ،
«شىنجاڭنى ئەبەدىي تىنچ - ئامان قىلىش ئۈچۈن، شىنجاڭدىكى
ھەر مىللەتتىن بولغان كىشىلەردىن پايدىلىنىپ، شىنجاڭنى
ساقلاشقا توغرا كېلىدۇ، مانا بۇ مۇكەممەل تەدبىر».[1] ئۇ يەنە ئۆ-
زگە تارتىش سىياسىتى ئارقىلىق شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنى «ياڭ
زېڭشىن ئۈچۈن ئىشلىشى ياكى ياڭ زېشىن ئۇيغۇرلاردىن پايدىلى-
نىشى لازىم، بولمىسا شىنجاڭدا پۇت تىرەپ تۇرغىلى بولمايدۇ»[2]
دەيدۇ. مىللەتلەرنى ئۆزگە تارتىشتا ئاساسلىقى يۇقىرى قاتلامدى-
كى شەخسلەرنى تارتىدۇ: بىرىنچى، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدىن
قېلىپ قالغان ۋاڭ، گۇڭ، ئاقسۆڭەك قاتارلىق فېئودال يۇقىرى
قاتلام شەخسلىرىنىڭ مەرتىۋىسى، تەمىناتى ۋە ئىمتىيازىنى

[1] «ئىستىغپار ھۇجرىسىدىكى خاتىرىلەر»، A بۆلۈم.
[2] «ئىستىغپار ھۇجرىسىدىكى خاتىرىلەر»، A بۆلۈم.

ساقلاپ قالدۇ ھەمدە بېيجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇلارغا قايتىدىن بىر ـ بىرلەپ مەرتىۋە بېرىشىنى ئىلتىماس قىلدۇ؛ ئىككىنچى، ئاز سانلىق مىللەت چوڭ پومېشچىكلىرى، چوڭ سودىگەرلىرى ئارىسىدىكى ئابرۇيلۇق شەخسلەرنى بېيجىڭ دۆلەت مەجلىسى ياكى ئۆلكە پارلامېنتىنىڭ ئەزالىقىغا كۆرسىتىپ ئۇلارغا كاتتا تەمىنات ۋە ئىمتىياز بېرىدۇ. ھەرقايسى مىللەتلەر ئارىسىدىكى سىيا ـ سىي،ئىقتىسادىي جەھەتتىكى يۇقىرى قاتلام شەخسلىرىنى ئۆزىگە قارىتىش ئارقىلىق ھەرقايسى مىللەت پۇقرالىرىنى تىزگىنلەيدۇ ۋە ئەمىن تاپقۇزىدۇ.

دىنىي مەسىلىدە ياڭ زېڭشىن دىنىنىڭ كىشىلەرنىڭ ئىدە ـ يىسىنى ئاسارەتلەيدىغان تەرىپىگە ئېتىبار بېرىدۇ. ئۇ مۇنداق دەپ قارايدۇ: شىنجاڭدىكى مۇتلەق كۆپ ساندىكى پۇقرا دىنغا ئې ـ تىقاد قىلىدۇ، «بۇنىڭ نادانلىقىمۇ مۇشۇ يەردە، ياخشى تەرىپىمۇ مۇشۇ يەردە. ئەگەر ئۇيغۇرلار دىنغا ئېتىقاد قىلمىسا، ئاخۇنلارنى ھۆرمەت قىلمىسا ھېچنېمىدىن ھېيىقمايدىغان بولۇپ كەتكەن بولاتتى، بۇلارنى قازى ئارقىلىق باشقۇرۇش مۇمكىن ئەمەس.» ① شۇڭا، ياڭ زېڭشىن دىنىي يۇقىرى قاتلام شەخسلەرنى چىڭ تۇ ـ تۇپ، تۈرلۈك كاتتا تەمىنات ۋە ئىمتىيازلارنى بېرىدۇ، ھەتتا ھەق تەلەپ دەۋالىرىنىمۇ ئاخۇنلارنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ، بۇنىڭ بىلەن بەزى جايلاردىكى پۇقرالار ئاخۇنلاردىن «ئە ـ مەلدارلاردىن قورققاندىنمۇ بەكرەك» قورقىدىغان بولۇپ كەتتى.② شۇنىڭ بىلەن يەنە ئاخۇنلارنى ئىشقا سېلىپ دىنغا ئېتىقاد قىلى ـ دىغان پۇقرالارنى شۈكۈر ـ قانائەتچان بولۇشقا يېتەكلەپ، دىنىي ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى يولغا قويۇشقا ۋە پۇقرالارنى كونترول قىلىشقا ياردەم بېرىدىغان قورالغا ئايلاندۇرۇۋالدى. ئەلۋەتتە، ياڭ زېڭشىنمۇ دىنىنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان پۇقرالار ئارىسىدىكى قۇتراتقۇلۇق رولىنىمۇ ئوبدان بىلەتتى، شۇڭا شىنجاڭدىكى ئا ـ

① «ئىستىغپار ھۇجرىسىدىكى خاتىرىلەر»، 14 ـ جىلد.
② «ئىستىغپار ھۇجرىسىدىكى خاتىرىلەر»، A بۆلۈم.

ساسلىق دىن بولغان ئىسلام دىنىغا قارىتا تۈرلۈك قېلىپلاشتۇرۇش چەكلىمە تەدبىرلىرىنى چىقاردى، شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئىسلام دىنىنى چەكلەيدىغان ۋە قېلىپلاشتۇرىدىغان بۇ تەدبىرلەر مەمۇرىيەت بىلەن دىنىنى ئايرىۋېتىش ۋە تاشقى كۈچلەرنىڭ دىنغا ئارىلىشىپ باھانە چىقىرىپ، قۇتراتقۇلۇق قىلىشىدىن ساقلىنىش ھەمدە دىنىي پائالىيەتلەرنى نورماللاشتۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە بەلگىلىك ئىجابىي ئەھمىيەتكە ئىگە.

**2. جىن شۇرېننىڭ ئارمىيىنى كېڭەيتىشى ۋە ۋەزىيەتنىڭ بۇزۇلۇشى**

1928 ـ يىلى 4 ـ ئايدا، گومىنداڭ نەنجىڭ ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى. مەملىكەت ئىچىدىكى سىياسىي ۋەزىيەتتىكى بۇ زور ئۆزگىرىش شۇ ھامان شىنجاڭغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. گەرچە ياڭ زېڭشىن يەنىلا «بۇتخانىنى تونۇپ، شەيخنى تونۇماسلىق» تاكتىكىسىنى قوللىنىۋاتقان بولسىمۇ، 6 ـ ئايدا تېلېگرامما ئەۋەتىپ نەنجىڭ مىنگو ھۆكۈمىتىگە بويسۇنىدىغانلىقىنى، ئۈچ مەسلەك بويىچە ئىش قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ ۋە كۆك ئاسمان، ئاق كۈن بايرىقىنى ئېسىپ، بىرلىكنى ساقلايدىغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ، بىراق بۇ «بۇرۇنقىدەكلا تۇرغان مۇستەبىت» ھۆكۈمرانلىق ناھايىتى تېزلا قارشىلىق پەيدا قىلىدۇ، 7 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ياڭ زېڭشىن قەستكە ئۇچراپ ئۆلىدۇ. ئۆلكىلىك مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ نازىرى جىن شۇرېن سىياسىي ئۆزگىرىشنى تىنچلاندۇرۇشتا تۆھپە كۆرسىتىدۇ ۋە گەنسۇلۇق يۇرتداش مىلىتارىستلارنىڭ قوللىشى بىلەن شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتىنىڭ ۋاقىتلىق رەئىسى ۋە باش قوماندانى بولىدۇ.

جىن شۇرېن تەختكە چىقىپلا، «ئۆلكە ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشتا ياڭ زېڭشىننى ئۇستاز قىلىدىغان» لىقىنى ئاشكارا ئېلان قىلىدۇ، ئەمەلىيەتتىمۇ ياڭ زېڭشىننىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسەتلىرى ۋە تۈزۈمىگە ھەقىقەتەن ۋارىسلىق قىلىدۇ. بىراق جىن شۇرېننىڭ مەلۇماتى تايىنلىق، قابىلىيىتىمۇ ئادەتتىكىچە ئىدى، ئۇنىڭ مەمۇرىي ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرى بو-

لۇشمۇ ئاساسلىقى ياڭ زېڭشىنىڭ ئەتىۋارلىشى ۋە ئۆستۈرۈ-
شىدىن بولغانىدى. ئەمدى ئۇ يېڭى نۆۋەتلىك مىلىتارىست سۈپ-
تىدە ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى مۇستەھكەم-
لىمىسە بولمايتتى، ئۇ تەختكە چىققاندىن كېيىن تۈزۈلگەن
شىنجاڭنى ئىدارە قىلىشقا دائىر بىر قاتار سىياسەتلەر ئاساسلى-
قى مۇشۇ مەقسەتنى چۆرىدەپ ئېلىپ بېرىلغانىدى. جىن شۇرېن-
مۇ ئەمەلدارلارنى تەرتىپكە سالىدۇ، لېكىن بۇ ئارىلىقتا خېجۇدى-
كى يۇرتداشلىرىنى يادرو قىلغان يېقىن كۈچلىرىنى زور كۈچ
بىلەن كېڭەيتىدۇ ۋە يېتىشتۈرىدۇ. ھەربىي جەھەتتە ياڭ زېڭ-
شىنىڭ «ئاز ئەسكەر بىلەن شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسى-
تى» نىڭ ئەكسىچە ئىش كۆرىدۇ. ئۇ تەختكە چىقىپلا «مىللىي
ئىنقىلابىي ئارمىيە شتاتى» ۋە «چېگرا مۇداپىئەسىنى مۇستەھ-
كەملەش» نامى بىلەن زور كۈچ بىلەن قىسىم سانىنى كۆپەيتىدۇ.
پۈتۈن شىنجاڭدىكى ئارمىيە شتاتى ئەسلىدىكى ئۈچ دىۋىزىيىدىن
سەككىز دىۋىزىيىگە كۆپىيىدۇ، 10 مىڭغىمۇ يەتمىگەن ئەسكەر
سانى 50 مىڭ ئەتراپىغا يېتىدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن بىرگە شتاتنى
تەرتىپكە سېلىش نامى بىلەن بىر قىسىم «تۇڭگان قوشۇنى» نى
قىسقارتىپ، گەنسۇ ۋە يەرلىكتىن بولغان ئەسكەرنى كۆپەيتىدۇ،
قىسىمنىڭ ئوفىتسېرلىقىنى ئاساسلىقى جىن شۇرېننىڭ يېقىن-
لىرىدىن بولغان يۇرتداشلىرى ئۈستىگە ئالىدۇ. شتاتنى تەرتىپكە
سېلىش نامى بىلەن ھەربىي كۈچىنى زور دەرىجىدە كۆپەيتىدۇ.
جىن شۇرېن ئارمىيىنى كونترول قىلىشنى كۈچەيتىش بىلەن
بىرگە، چەت ئەلدىن كۆپلەپ قورال-ياراغ سېتىۋالىدۇ. 1932 -
يىلى شىنجاڭنىڭ ھەربىي خىراجەت چىقىمى 39 مىليون 447
مىڭ 500 يۈەن بولۇپ، بۇ 1927 - يىلى (9 مىليون 341 مىڭ
220 يۈەن) نىڭ 4.3 ھەسسىسى ئىدى. ئارمىيە شتاتى تەرتىپكە
سېلىنغاندىن كېيىن ھەربىي خىراجەت پۈتۈن ئۆلكە مالىيىسى-
نىڭ 74 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ھەربىي مەك-
تەپ تەسىس قىلىنىپ ئىختىساس ئىگىلىرى تەربىيىلىنىپ،

ئارمىيىنىڭ جەڭگىۋارلىقى ئاشىدۇ.

جىن شۇرېن گەرچە ئەمەلدارلارنى تەرتىپكە سېلىش ۋە ئار-مىيە شتاتىنى تەرتىپكە سېلىش ئارقىلىق سىياسىي ۋە ھەربىي ھوقۇقنى قولىغا ئېلىپ، ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى مۇس-تەھكەملىگەن بولسىمۇ، شىنجاڭدىكى ئىجتىمائىي زىددىيەت كۈنسايىن كەسكىنلىشىدۇ. ھەربىي ۋە مەمۇرىي ئىشلاردا مەزھەپ-چىلىك ئەۋج ئېلىپ ئەمەلدارلار چىرىكلىشىدۇ؛ ئارمىيە كېڭەي-تىلگەچكە، خەلقنىڭ سېلىقى ئېغىرلىشىدۇ؛ پۇل مۇئامىلە كىرى-زىسى كۆرۈلۈپ قەغەز پۇل كۆپلەپ تارقىتىلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن مال باھاسى ئۆرلەپ كېتىپ، خەلق تىرىكچىلىك قىلالماي قالى-دۇ. مانا مۇشۇنداق ھەممە جايىنى كرىزىس قاپلاپ تۇرغاندا، جىن شۇرېن يەنە قۇمۇلدا يەرلەرنى قايتۇرۇۋېلىپ ۋاڭلىق تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ، بۇنىڭ بىلەن تۈرلۈك ئىجتىمائىي زىددىيەت-لەر تېخىمۇ ئۆتكۈرلىشىپ، مىللىي زىددىيەتمۇ ئاشكارىلىنىپ چىقىدۇ. ئاخىرى 1931 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ئۇيغۇر قىزىنى مەجبۇ-رىي خوتۇنلۇققا ئالماقچى بولۇشتىن كېلىپ چىققان شوپۇل ۋە-قەسى پىلتە بولۇپ، قۇمۇل دېھقانلىرىنىڭ جىن شۇرېن ھۆ-كۈمرانلىقىغا قارشى قوزغىلىڭى پارتلايدۇ.

قۇمۇلدىكى جىن شۇرېنغا قارشى قوغىلاڭنىڭ دەسلەپىدە، مىللىي قارشىلىق تەركىبى بار ئىدى. قوزغىلاڭچىلارنىڭ بىر قىسىم ئۆچمەنلىكى ھۆكۈمەتنىڭ تەقسىماتى بىلەن ئۇيغۇر دېھ-قانلارنىڭ يېرىنى ئىگىلىۋالغان گەنسۇلۇق خەنزۇلارغا قارىتىلغا-نىدى. توخۇلو، نوملاردا تۇپىلاڭ كۆتۈرگەن ئۇيغۇر دېھقانلىرى ئا-پەتكە ئۇچرىغان گەنسۇ دېھقانلىرىنىڭ ئەرلىرىدىن نەچچە 100نى ئۆلتۈرۈپ، ئاياللار، قىزلارنى قوغلاپ چىقىرىدۇ. قۇمۇل ۋاڭلى-قىدىكى جىن شۇرېنغا قارشى كۈچلەر تۇپىلاڭنى كونترول قى-لىپ، «ۋاڭلىق تۈزۈمى» نى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇلار دېھقانلارنىڭ جىن شۇرېن ھۆكۈمرانلىقىغا بولغان نارازىلى-قىدىن پايدىلىنىپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى «مەمۇرىي تۈزۈم بويە-

چە باشقۇرۇشقا ئۆزگەرتىش»تىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇرىلاپ، قۇ-
مۇل ۋاڭلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش بىلەن دېھقانلارنىڭ جىن
شۇرېن ھۆكۈمىتىگە بولغان ئۆچمەنلىكىنى بىرلەشتۈرىدۇ، شۇ-
نىڭ بىلەن بىرگە، مىللىي ۋەقەلەرنى قوزغاپ، ھۆكۈمەت ئۇي-
غۇرلارنىڭ يېرىنىڭ ھەممىسىنى خەنزۇلارنىڭ تېرىشىغا بېرىدى-
كەن، ئۇيغۇر ئاياللىرى خەنزۇلارغا تېگىدىكەن دېگەندەك پىتنە -
پاساتلارنى تارقىتىپ ۋەقەنى چوڭايتىپ، ھۆكۈمەتنى ۋاڭلىق تۈ-
زۈمىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە مەجبۇرىلاپ، قوزغىلاڭنى تۇيۇق
يولغا باشلايدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە قوزغىلاڭنى باستۇرۇشقا كەلگە-
نى خەنزۇلار ئاساس قىلىنغان ئۆلكە ئارمىيىسى بولغاچقا، قوز-
غىلاڭ مەلۇم مەنىدىن مىللىي تىركىشىشكە، جىن شۇرېنغا قار-
شى كۈرەش مىللىي قىساسخورلۇققا ئايلىنىدۇ. شۇ جايدىكى
خەنزۇ ئاھالىلەر خالىغانچە ئۆلتۈرۈلىدۇ، ھەتتا ئىلگىرى چارۋى-
چىلىق قىلىپ قۇمۇلغا كېلىپ قالغان موڭغۇل چارۋىچىلارمۇ
ئۆلتۈرۈلىدۇ. ①

قۇمۇلدا يەرلەر تارتىۋېلىنىپ، ۋاڭلىق ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان-
دىن كېيىن، نەزەر ۋاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئالىي مەسلى-
ھەتچىلىكىگە تەيىنلىنىپ، ئۈرۈمچىدە تۇرىدۇ، ئۇ جىن شۇرېن
ھۆكۈمىتىگە قارشى ئەسكەر باشلاپ چىققان ۋاڭ ئوردىسى مۇھا-
پىزەتچىلەر ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى خوجىنىيازغا ئادەم ئە-
ۋەتىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئالاقە باغلاپ، ئورتاق پىلان كۆرسىتىشىپ
ئاخىرى بىرلىككە كېلىشىدۇ، نەزەر پۇل ۋە ماددىي بۇيۇملار بىلەن
خوجىنىيازنىڭ جىن شۇرېنغا قارشى قوراللىق كۈچلىرىنى
قوللاپ، ۋاڭلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن بىرلىكتە كۈرەش
قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ۋاڭ ئوردىسىدىكى فېئودال ۋاڭ، گۇڭ
كۈچلىرىمۇ جىن شۇرېنغا قارشى قوزغىلاڭچىلار تەرەپكە ئۆتىدۇ.
ئۇيغۇر دېھقانلىرى، ئوردا مۇھاپىزەتچىلەر ئەترىتى ھەمدە ۋاڭ

① «يولۋاس ئەسلىمىسى»، تەيۋەن: «تەرجىمىھال ئەدەبىياتى» نەشرىياتى، 1970 - يى-
لى 12 - ئاي نەشرى، 8 - بەت.

ئوردىسىدىكى جىن شۇرېنغا قارشى كۈچلەر بىرلىشىپ كۈرەشنىڭ مىللىي تۈسىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇۋېتىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزاسى ليۇ ۋېنلۇڭ ۋەكىللىكىدىكى بىر قىسىم يۇقىرى قاتلام زاتلىرى مۇرەسسە بىلەن ئەل قىلىش پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، مەركەزنىڭ ئادەم ئەۋەتىپ مۇرەسسە بىلەن ئەل قىلغاندىن كېيىن، قۇمۇلدىكى جىن شۇرېنغا قارشى قوزغىلاڭچىلارنى قورالسىزلاندۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ھەربىي كۈچ ئارقىلىق يوقىتىش مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، بۇ خىل پىكىر ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتە ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيدۇ. جىن شۇرېن ئارقىدىن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئەزاسى، قۇمۇل ۋاڭ ئوردىسىنىڭ سابىق مۇھاپىزەتچىلەر باشلىقى يولۋاسنى قۇمۇل گارنىزونىنىڭ لۇيجاڭلىقىغا تەيىنلەپ، قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق قىسىم قوماندانى ليۇ شىسېڭغا ھەمكارلىشىپ «ئۇيغۇر پۇقرالىرىنى تىنچلاندۇرۇپ، ۋەقەنى پەسەيتىش» كە بۇيرۇيدۇ؛[1] يەنە قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى ھەمدە ئۇيغۇر دىنىي زاتلارنى توپىلاڭچىلار بىلەن سۆھبەتلىشىپ، ئۇلارنى ئەل قىلىشقا ئەۋەتىدۇ. ئويلىمىغان يەردىن يولۋاس بىر تەرەپتىن جىن شۇرېنغا قارشى قوراللىق كۈچلەر بىلەن ئۇچراشسا، بىر تەرەپتىن ئاستىرتىن جىن شۇرېنغا قارشى كۈچلەر تەرەپتە تۇرۇپ، قوزغىلاڭچىلارنى قورال ـ ياراغ، ئوق ـ دورا بىلەن تەمىنلەيدۇ. ھەتتا «ئۇلار قۇمۇل شەھەر ئىچىگە ھۇجۇم قىلسا، ئىچىدىن ماسلىشىپ ياردەم بېرىدىغانلىقى»[2] نى بىلدۈرىدۇ. سۈلھى ئاخىرىدا مەغلۇپ بولىدۇ، يولۋاس ئۇيغۇرلارغا ۋاكالىتەن گومىنداڭغا مۇراجىئەت سۇنۇشقا نەنجىڭگە كېتىدۇ. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئىچىدە قوزغىلاڭچىلارنى قوراللىق يوقىتىش پىكرى يەنە ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيدۇ. جىن شۇرېن جۇ رۇيشىنى ليۇ شىسېڭنىڭ ئورنىغا تەيىنلەپ، ئەسكەر كۆپەيتىپ

---

① «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى»، 3 ـ قىسىم، 141 ـ، 142 ـ بەتلەر.

② خېۋىر تۆمۈر: «خوجىنىياز ھاجى ھەققىدىكى ئەسلىمىلەر»، «شىنجاڭ تارىخي ماتېرىياللىرىدىن تاللانما» نىڭ 12 ـ سان، 5 ـ بېتىدىن ئېلىندى.

بىرنەچچە ئاي جەڭ قىلغان بولسىمۇ، ھەر قېتىملىق جەڭدە مەغ-
لۇپ بولىدۇ، خوجىنىياز قاتارلىقلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قۇ-
مۇل شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىدۇ، ئۇ يەردە تۇرۇشلۇق قوشۇن جان
تىكىپ مۇداپىئەدە تۇرىدۇ ۋە ئەڭ ئاخىرىدا شەھەر سىرتىدا تىر-
كىشىش ۋەزىيىتى شەكىللىنىدۇ. دەل مۇشۇنداق تىركىشىپ
تۇرغان چاغدا، نەنجىڭگە مۇراجىئەت سۇنۇشقا كەتكەن يولۋاس قا-
تارلىقلار سۇجۇ (بۇگۇنكى جيۇچۇەن) دە گەنسۇلۇق مىلىتارىست
ما جۇڭيىڭنى شىنجاڭغا ئەسكەر چىقىرىشقا ماقۇل قىلىدۇ. ما
جۇڭيىڭ «ئىسلام قېرىنداشلىرىنى قۇتقۇزۇش» بايرىقىنى كۆتۈ-
رۈپ چىقىپ، ئەمەلىيەتتە شىنجاڭدا زېمىن دائىرىسىنى كېڭەي-
تىپ، ئىچكىرىدىكى مىلىتارىستلارنىڭ قالايمىقان ئۇرۇشىنى
شىنجاڭغا باشلايدۇ.

1931 - يىلى 5 - ئايدا، ما جۇڭيىڭ ئۈچ ئەترەتكە ئايرىلغان
400 نەچچە ئادەمنى باشلاپ قۇمۇلغا يۈرۈش قىلىپ، ئالدى بىلەن
قۇمۇل يېڭىشەھەر ۋە كونىشەھەرنى ئېلىشتا ئوڭۇشسىزلىققا
ئۇچرايدۇ، بىراق، لياۋدۇننى قورشاش جېڭىدە ئاز ئادەم بىلەن
كۆپ ياۋ ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، ئۆلكە ئارمىيىسىنى قاتتىق
مەغلۇپ قىلىدۇ. بۇ قېتىملىق جەڭدە ما جۇڭيىڭ ئېغىر يارىلى-
نىپ، داۋالىنىش ئۈچۈن خېشى كارىدورى ئەتراپىغا ۋاقىتلىق
چېكىنىدۇ. ئىككىنچى يىلى ما جۇڭيىڭ قول ئاستىدىكىلەرنى
ئىككى يولغا بۆلۈنۈپ شىنجاڭغا كىرىشكە ئەۋەتىدۇ. جەنۇبىي
يولدىكىلەرنى ما شىمىڭ باشلاپ مېڭىپ، خوجىنىياز، يولۋاسلار
بىلەن بىرلىشىپ پىچاننى ئېلىپ، 300 نەچچە بىگۇناھ خەنزۇ
پۇقرانى ئۆلتۈرىدۇ. ئارقىدىنلا دىن تۇغىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ
غازاتقا چاقىرىق قىلىدۇ. ئۆلكە ئارمىيىسى ياردەمگە كېلىپ پى-
چاننى قايتۇرۇۋالىدۇ ھەمدە ئىسيان كۆتۈرگەنلىك جىنايىتى بى-
لەن ئۇيغۇر پۇقرالىرىنى تۇتۇپ قالايمىقان ئۆلتۈرىدۇ، بۇنىڭ بى-
لەن ئون نەچچە ئادەم قارشىلىق بىلدۈرۈپ نامايىش قىلىدۇ.
ئۆلكە ئارمىيىسى ئۇلارنى تارقىتىۋەتكەندە ئۇلار قايتىدىن يىغى-

لىدۇ، ئۆلكە ئارمىيىسى ئۇلارنى قانلىق باستۇرىدۇ. لۇجاڭ
شيۇڭ فايۇ شەھەردە ئۈچ كۈن قىرغىنچىلىق قىلىش توغرىسىدا
بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ، ۋەزىيەت بارغانسېرى كەسكىنلىشىپ تۇرپاند-
نىڭ ھەممىلا يېرىدە قوزغىلاڭ پىلانلىنىدۇ. شۇ يىلىنىڭ ئاخى-
رى، ما شىمىڭنىڭ قۇترىتىشى بىلەن دېھقان مەھمۇت قاتار-
لىقلار باشلامچىلىق بىلەن ئاستانىدا قوزغىلاڭ كۆتۈرىدۇ، قوز-
غىلاڭچىلار شۇ جايدىكى خەنزۇ تىجارەتچىلەرنى بۇلاڭ-تالاڭ قى-
لىدۇ ھەمدە ئۆلتۈرىدۇ، ئارقىدىن 3000 نەچچە ئادەم تۇرپان
كونىشەھەرگە قورشاپ ھۇجۇم قىلىدۇ. شەھەرنى ساقلاۋاتقان
خۇيزۇ ئوفىتسېر ما مىڭفۇنىڭ بۇرۇندىنلا ئىسيان كۆتۈرۈش
نىيىتى بولغاچقا تەسلىم بولىدۇ ۋە تۇرپان شەھىرىنىڭ مۇدا-
پىئە قوماندانلىقىغا تەيىنلىنىدۇ. جىن شۇرېن ئۆلكە ئارمىيە-
سىدىن 4000 نەچچە يۈز كىشىلىك قوشۇننى ياردەمگە ئەۋەتىدۇ،
1933 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ئۆلكە ئارمىيىسى پىچان، تۇرپانلارنى
قايتۇرۇۋالىدۇ، خوجىنىياز، مەھمۇت، ما شىمىڭ قاتارلىقلار
قاراشەھەرگە چېكىنىپ، ئۇرۇش ئوتىنى جەنۇبىي شىنجاڭغا تۇ-
تاشتۇرىدۇ، يول بويى قاراشەھەر، كۇچا، بۈگۈر، باي، ئاقسۇلارنى
ئالىدۇ. خوتەن، يەكەن، قەشقەرلەردىمۇ بۇنىڭغا ئاۋاز قوشۇپ،
ئارقا ـ ئارقىدىن قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلىدۇ.

شەرقىي يولدىن ما چۈەنلۇ قۇمۇلنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ، ئۇدۇل
ئۆلكە مەركىزىگە قىستاپ بارىدۇ ۋە 1933 ـ يىلىنىڭ باشلىرى
ئۈرۈمچىنى قورشىۋالىدۇ، ئارقىدىن شەھەر ئەتراپىدا ئۆلكە ئار-
مىيىسى بىلەن تىركىشىدۇ. دەل مۇشۇ ھالقىلىق پەيتتە ما جۇڭ-
يىڭ ئۆزى ئاساسىي قوشۇنىدىكى 3000 نەچچە يۈز ئەسكەرنى
باشلاپ شىنجاڭغا قىر ـ چاپ بىلەن كىرىپ، ئالدى بىلەن قۇ-
مۇلنى ئالىدۇ، ئاندىن يولۋاس بىلەن بىرلىشىپ، ئەسكىرىنى
ئىككى يولغا بۆلۈپ ئۈرۈمچىگە يۈرۈش قىلىدۇ، ئۈرۈمچى
قاش بىلەن كىرپىك ئارىلىقىدا قالىدۇ. مۇشۇ ۋاقىتتا، ئۈرۈمچى-
دە «12 ـ ئاپرېل سىياسىي ئۆزگىرىشى» يۈز بېرىدۇ. ئۆلكىلىك

ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىدىن تاۋ مىڭيۈ، چېن جۇڭ، لى شياۋتيەن قاتارلىقلار ئاق ئورۇس قوشۇنىنىڭ قوللىشى بىلەن سىياسىي ئۆزگىرىش قىلىدۇ، ئارقىدىن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ۋاقىتلىق كومىتېتىنى تەشكىللەيدۇ. قايتا - قايتا تىركىششتىن كېيىن، جىن شۇرېن نەنجىن ھۆكۈمىتىگە تېلېگراممىا يوللاپ ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بېرىشكە مەجبۇر بولىدۇ. ئۆمرى قىسقا جىن شۇرېن ھۆكۈمىتى ئارانلا بەش يىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، مۇشۇ مەزگىلدە ئاساسەن ھۆكۈمرانلىقنى ساقلاپ قېلىش ۋە مۇستەھكەملەش بىلەن ئۆتىدۇ. شىنجاڭنى ئىدارە قىلىشتا ياڭ زېڭشىن بىلەن چەكلىنىپ قېلىپ ھېچقانداق يېڭى تەدبىر يارىتالمايدۇ؛ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋەزىيەت كۈنسايىن ناچارلىشىدۇ، تۈرلۈك زىددىيەتلەر ئۆزلۈكسىز كەسكىنلىشىدۇ، ئەڭ ئاخىرىدا كرىزىس ئىچىدە ئاغدۇرۇلىدۇ.

**3. شېڭ شىسەينىڭ سوۋېتپەرەس بولۇۋېلىپ، ئارمىيە ۋە ھۆكۈمەت ھوقۇقىنى تارتىۋېلىشى**

شېڭ شىسەي 1930 - يىلى شىنجاڭغا كەلگەن بولۇپ، دەسلەپتە تۆۋەن خىزمەتكە قويۇلمىغانىدى. ما جۇڭيىڭ 2 - قېتىم شىنجاڭغا كىرىپ، ھەربىي ۋەزىيەتتە جىددىيچىلىك بولغاندىلا، ئاندىن «شەرقىي يول باندىت يوقىتىش باش قوماندانى» لىقىغا تەيىنلىنىپ، ھەربىي ھوقۇقنى قولىغا ئالغان. «12 - ئاپرېل سىياسىي ئۆزگىرىشى» دە ئۈرۈمچى شەھەر ئەتراپىدا ئەسكەر تۈۋۈپ ۋەزىيەتنى كۆزەتكەن. ئارقىدىن سىياسىي ئۆزگىرىش قىلغۇچىلارنىڭ كۈشكۈرتۈشى ۋە يول قويۇشى بىلەن قولىدىكى ھەربىي كۈچىگە تايىنىپ شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئەسىنىڭ ۋاقىتلىق دۇبەنلىك ۋەزىپىسىگە چىقىپ، سىياسىي ئۆزگىرىشنىڭ مېۋىسىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالغان.

مىنگودىن بۇيان شىنجاڭ ئۇزۇن مۇددەت تەپرىقىچىلىك ئىچىدە تۇرىدۇ، بۇ قېتىمقى سىياسىي ئۆزگىرىشمۇ گومىنداڭ نەنجىن ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى تىزگىنلىشىگە يەنە بىر قېتىم

پۇرسەت بېرىدۇ. گومىنداڭ ھاكىمىيەت ئۈستىگە چىقىشتىن ئىلگىرىلا شىنجاڭدا ھەرىكەت قىلغانىدى، بىراق مىلىتارىست ياڭ زېڭشىننىڭ كاشىلىسىغا ئۇچرىغاچقا، تەشكىلاتلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئىلاجسىز قالغانىدى. 1927 ـ يىلى نەنجىن ھۆكۈمىتى قۇرۇلۇپ، 2 ـ يىلى شىنجاڭدا «7 ـ ئىيۇل» سىياسىي ئۆزگىرىشى بولىدۇ. جىن شۇرېن ھاكىمىيەت ئۈستىگە چىققاندىن كېيىن، گومىنداڭ مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئالدى بىلەن پارتىيە، ئاندىن ھۆكۈمەت قۇرۇش فاڭجېنىنى قوللىنىپ شىنجاڭدا كۈچىنى كېڭەيتىپ، شىنجاڭنى تەدرىجىي كونترول قىلماقچى بولىدۇ. مىلىتارىست جىن شۇرېن شىنجاڭدىكى يەرلىك مىللەتلەرنىڭ ئەھۋالى مۇرەككەپ دېگەننى باھانە قىلىپ، گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭغا پارتىيە خىزمىتى يېتەكچى خادىملىرىنى ئەۋەتىشىنى رەت قىلىدۇ. نەنجىن ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى كونترول قىلىش نىيىتى ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرايدۇ. 1933-يىلى «12-ئاپرېل سىياسىي ئۆزگىرىشى» نىڭ ئالدى-كەينىدە جىن شۇرېننى ئاغدۇرغۇچى كۈچلەر كۆپ قېتىم گومىنداڭنىڭ ئۆلكىلىك پىرقىسى بىلەن ئالاقە باغلايدۇ ھەمدە گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى ئۆلكىلىك پىرقىگە خىزمەتكە ئەۋەتكەن گوڭ بىچېڭنى سىياسىي ئۆزگىرىشتىن كېيىنكى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئالىي مەسلىھەتچىلىكىگە تەكلىپ قىلىدۇ، گومىنداڭ يەنە بىر قېتىم شىنجاڭنى كونترول قىلىش پۇرسىتىگە دۇچ كېلىدۇ، بىراق، شېڭ شىسەي سوۋېتپەرەس بولۇۋېلىپ تاشقى كۈچكە تايىنىپ، شىنجاڭنىڭ ھەربىي ۋە مەمۇرىي ھوقۇقىنى تارتىۋالىدۇ.

شېڭ شىسەي چېگرا مۇداپىئە باش دۇبەنى بولغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، سوۋېتپەرەسلىك قىلىدۇ ۋە ماركسىزمغا ئېتىقاد قىلىش ۋاسىتىلىرىنى قوللىنىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن كۆپ تەرەپلەپ ئۇچرىشىپ، ئۇلارنىڭ ھەربىي ياردىمىگە ئېرىشىش ئۈمىدىدە بو-

لىدۇ. 1933-يىلى 7-ئايدا، تاشقى ئىشلار خەلق كومىتېتىنىڭ
مۇئاۋىن باشلىقى گ. يا. سوكولنىكوفنىڭ رىياسەتچىلىكىدە،
سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرىدىكى ۋەكىللەر
بىرلەشمە يىغىنى ئېچىلىدۇ، يىغىندا شىنجاڭ ۋەزىيىتى مۇزا-
كىرە قىلىنىدۇ ھەمدە سوۋېت ئىتتىپاقى بولشېۋىكلار مەركى-
زىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىغا يوللىنىدىغان تەكلىپ ما-
قۇللىنىدۇ. 1933 - يىلى 6 - ئاينىڭ 27 - كۈنى، سوۋېت
ئىتتىپاقى (بولشېۋىكلار) مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇ-
روسى (دۆلەت مۇداپىئە كومىتېتىنىڭ رەئىسى)E.K. فولسىلوف
باشچىلىقىدىكى مەخسۇس «سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭ سى-
ياسىتىنى تەتقىق قىلىش» ھەيئىتىنى تەشكىللەيدۇ. 8-ئاينىڭ
3 - كۈنى، مەزكۇر ھەيئەتنىڭ تەكلىپى بويىچە، سوۋېت ئىتتى-
پاقى ( بولشېۋىكلار) مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇرو-
سى«شىنجاڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى يولىيورۇق»نى چۈشۈرىدۇ،
ئۇنىڭ مەزمۇنىدا يۇقىرىدىكى بىرلەشمە يىغىندىكى تەكلىپ
تەكرارلانغاندى.

شىڭ شىسەي ھاكىمىيەت ئۈستىگە چىققان دەسلەپكى مەز-
گىللەردە مۇنداق ئۈچ مەسىلىگە دۇچ كەلگەنىدى: بىرىنچى، ھەر-
بىي ۋاسىتە ئارقىلىق مىلىتارىستلار ئۇرۇشى ۋەزىيىتىنى ئا-
خىرلاشتۇرۇش؛ ئىككىنچى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تېزدىن ئىجتى-
مائىي، ئىقتىسادىي ۋەزىيەتنى مۇقىملاشتۇرۇپ، نارازىلىقنىڭ
بىۋاسىتە سەۋەبىنى تۈگىتىش؛ ئۈچىنچى، سىياسىينى ياخشىلاش
ئارقىلىق مىللەتلەر ئارىسىدىكى جىددىيلىكنى پەسەيتىش. ھال-
بۇكى، بۇ ئۈچ مەسىلىنىڭ ھەل بولۇشى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ
قوللىشى ئارقىسىدا ئورۇندالدى. ھەربىي جەھەتتە، ئەينى چاغدا
ما جۇڭيىڭ داۋانچىڭدا شىڭ شىسەي قىسىملىرىنى تارمار قى-
لىپ، ئىلگىرىلەپ شەرقىي يولدىكى ما چۈەنلۇ بىلەن بىرلىشىپ
ئۆلكە مەركىزىنى قورشىۋالغانىدى؛ ئىلىدىكى جاڭ پېييۈەن تې-
لېگراما ئەۋەتىپ شىڭ شىسەيگە قارشى تۇرۇپ، ئەسكەر تارتىپ

شىخوغا كېلىپ قالغانىدى، ما جۇڭيىڭ بىلەن جاڭ پېيىۋەننىڭ بىرلىشىۋېلىش ئېھتىماللىقى بار ئىدى؛ ۋەھالەنكى، بۇ چاغدا جەنۇبىي شىنجاڭدا «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» بۆلگۈنچىلىك ھاكىمىيىتى قۇرۇلغانىدى. شېڭ شىسەي بۇنىڭغا ئامال قىلالماي، كۆپ قېتىم سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ياردەم سورايدۇ. 1933 ـ يىلى 11 ـ ئايدا، سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ ئوخشاش بولمىغان قىسىم تۈرلىرىدىن تەشكىللەنگەن «تارباغاتاي پىدائىيلار قوشۇنى» (تارباغاتايدا سەرگەردان بولۇپ تۇرۇۋاتقان سابىق رۇسىيىنىڭ ئاقلار ئارمىيىسىدىن تەشكىللەنگەن بىر تارماق ئەترەتمۇ مۇشۇ قىزىل ئارمىيىنىڭ قوماندانلىقىدا ئىدى، شۇڭا بۇ نامنى قويغان) شىنجاڭغا ئەۋەتىلىدۇ. قىزىل ئارمىيە قورغاستىن كىرىپ، جاڭ پېيىۋەننىڭ باياندايدىكى گازارمىسىغا ھۇجۇم قىلىدۇ. بۇ چاغدا، جاڭ پېيىۋەن ئۈرۈمچىنىڭ غەربىدە شېڭ شىسەي بىلەن تىركىشىۋاتاتتى، «تارباغاتاي قوشۇنى» 10 ئايروپىلان ۋە نەچچە ئون برونېۋىكنىڭ ھىمايىسىدە جاڭ پېيىۋەننىڭ شەھەرنى ساقلاۋاتقان قىسىملىرىغا ھۇجۇم قوزغاپ باياندای شەھىرىنى ئىشغال قىلىدۇ. جاڭ پېيىۋەننىڭ چېكىنىش يولى ئۈزۈلۈپ، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالىدۇ. سوۋېت ئارمىيىسى ئارقىدىنلا ئىلىنى شېڭ شىسەينىڭ ئۆلكە ئارمىيىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىپ، قورغاستىن سوۋېت چېگرىسىغا چېكىنىپ چىقىپ كېتىدۇ. ئىككىنچى يىلى 1 ـ ئايدا سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ 3500 كىشىلىك يەنە بىر قىسمى تارباغاتاينىڭ باقتۇ چارىسىدىن كىرىپ، كىيىملىرىنى جۇڭگوچە ھەربىي فورمىغا ئالماشتۇرۇپ، ئۆزلىرىنى سىرتقا قارىتا «ئالتاي ئارمىيىسى» دەپ ئاتاپ، ئاپتوموبىل بىلەن ئۆلكە مەركىزىگە يۈرۈش قىلىدۇ. 2 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ئاساسىي قوشۇن ئۈرۈمچىگە يېتىپ كېلىپ، ما جۇڭيىڭ قىسىملىرىغا ھۇجۇم قوزغايدۇ. 8 ـ كۈنى ما جۇڭيىڭ قىسىملىرى داۋانچىڭغا چېكىنىپ، ئۆلكە مەركىزى مۇھاسىرىدىن خالاس بولىدۇ. 3 ـ ئاينىڭ باشلىرى «ئالتاي قوشۇنى» ئۆلكە

ئارمىيىسىگە ھەمكارلىشىپ داۋانچىڭ بازىرىنى ئىشغال قىلدۇ،
ئارقىدىن قىزىل ئارمىيە ھەربىي ھەرىكىتىنى توختىتىپ، سو-
ۋېت چېگرىسىغا چېكىنىدۇ. سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭ
چېگرىسى ئىچىدىكى ھەربىي تەمىناتىغا سوۋېت تەرەپ مەسئۇل
بولىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقى شىنجاڭغا ئىككى قېتىم ئەسكەر چى-
قىرىپ، شېڭ شىسەينى قۇتقۇزۇپ قالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە
شېڭ شىسەينىڭ شىنجاڭدا يېڭى مىلىتارىست تەپرىقىچىلىك
ھۆكۈمرانلىقىنى ئورنىتىشى ئۈچۈن يول ئېچىپ بېرىدۇ. 1937 ـ
يىلى 9 ـ ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقى جەنۇبىي شىنجاڭغا يەنە بىر
قېتىم ئەسكەر چىقىرىپ، ما جۇڭيىڭنىڭ قالدۇق قىسمى ما
خۇسەن كۈچلىرىنى يوقىتىدۇ، كېيىنكى يىلى قۇمۇلدا قىزىل
ئارمىيە ئاتلىق ئەسكەرلەر كۈچەيتىلگەن تۇەنى ۋە بىر ھاۋا ئار-
مىيە تارماق ئەترىتىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، سىرتقا ئۇنى «شىنجاڭ
ئەل بولغان قىسىملار ئاتلىق ئەسكەرلەر 8ـتۇەنى» دەپ ئاتايدۇ،
ئۇنى شۇ جايدىكى ئاممىلار سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى قىسمى
ئىكەنلىكىنى سېزىپ «قىزىل 8 ـ تۇەن» دەپ ئاتايدۇ، مۇشۇ
ۋاقىتقا كەلگەندە، مىلىتارىستلارنىڭ ئۇرۇش مالىمانچىلىقى ۋە-
زىيىتى ئاخىرلىشىپ، شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتى ھەربىي جە-
ھەتتىن مۇقىملىشىدۇ.

ئىككىنچى، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋەزىيەتنى مۇ-
قىملاشتۇرۇپ، مىللەتلەرنىڭ نارازىلىقىنى تۈگىتىش، بۇ ئەمە-
لىيەتتە شېڭ شىسەينىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى سىياسىي ۋە
ئىقتىسادىي جەھەتتىن مۇستەھكەملىشى ئىدى. بۇنى سوۋېت
ئىتتىپاقى ئاساسلىقى شېڭ شىسەينىڭ تەدبىر بەلگىلىشى ۋە
ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشىگە خادىم ئەۋەتىپ ھەمكارلىشىش يولى
بىلەن ئورۇندىدى. 1935 ـ يىلىدىن كېيىن، تۈركۈم ـ تۈر-
كۈم سوۋېت ئىتتىپاقى خادىملىرى شىنجاڭغا ئەۋەتىلىپ، ئۆل-
كىلىك ھۆكۈمەت، ئارمىيە، ئامانلىق ساقلاش، تەشۋىقات، مالى-
يە، قاتناش قاتارلىق تارماقلار ھەمدە دېھقانچىلىق، چارۋىچى-

لىق قاتارلىق ئىقتىسادىي تارماقلاردا مەسلىھەتچى ياكى تېخ-
نىكا يېتەكچىسى بولدى. سىياسىي جەھەتتە ئۆلكىلىك ھۆكۈ-
مەتنىڭ «جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش، سوۋېت ئىتتىپاقىغا
مايىل بولۇش، مىللەتلەر باراۋەر بولۇش، پاك-دىيانەتلىك بو-
لۇش، تىنچ بولۇش، قۇرۇلۇش قىلىش»تەك ئالتە بۈيۈك سى-
ياسىتىنى تۈزۈش ۋە يولغا قويۇشقا ياردەم بەردى؛ ئىقتىسادىي
جەھەتتە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ «ئۈچ يىللىق ئىقتىسادىي
پىلان»نى تۈزۈشى ۋە يولغا قويۇشىغا ياردەم بېرىپ، ئۇنىڭغا
قەرز پۇل بەردى، مالىيىنى تەرتىپكە سالدى ۋە دېھقانچىلىق،
چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى ئەسلىگە كەلتۈردى، سانائەت
ۋە پىششىقلاپ ئىشلەش كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇردى؛ ھەربىي
ۋە ئامانلىق ساقلاش جەھەتتە شىنجاڭدا ئارمىيە شتاتىنى تەر-
تىپكە سېلىشقا ھەمكارلىشىپ، جامائەت خەۋپسىزلىكى ۋە
چېگرا ئىشلىرى ئاپپاراتلىرىنى قۇرۇپ، تۈرلۈك ھەربىي
قوراللار بىلەن تەمىنلىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمى
بىلەن شىنجاڭنىڭ ئۇرۇش جاراھەتلىرى تېزدىن ساقايدى،
سىياسىي قىياپىتىدە ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ، ئىجتىمائىي ئى-
گىلىك تېز ئەسلىگە كەلدى.

ئۈچىنچى، سىياسىينى ياخشىلاپ، شىنجاڭدىكى مىللەتلەر
ئارىسىدىكى جىددىيلىك مۇناسىۋەتكە تاقابىل تۇرۇش. 1931 –
يىلىدىن 1933 – يىلىغىچە بولغان ئۇرۇش مالىمانچىلىقى سى-
ياسىي ئامىللاردىن سىرت يەنە مىللىي مۇناسىۋەتنىڭ جىددىي-
لىششى ۋە مىللىي توقۇنۇشنىڭ ئېغىرلىششىغا سەۋەب
بولدى. مۇشۇ تۈپەيلىدىن، شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ
ياردىمى بىلەن مىللەتلەر باراۋەر بولۇش ۋە مىللەتلەر ئىناق
ئۆتۈشنى ئاساسلىق مەزمۇن قىلغان مىللىي سىياسەتنى تۈزۈپ
چىقتى. 1934 – يىلى 4 – ئاينىڭ 12 – كۈنى ئۆلكىلىك
ھۆكۈمەت ئېلان قىلغان خىتابنامىدىكى ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش
ئىستراتېگىيىسى (يەنى، «سەككىز چوڭ خىتابنامە»)نىڭ 1 –

ماددىسىدا مىللەتلەر باراۋەرلىكى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ئارقىدىن شىنجاڭنىڭ 1 - قېتىملىق خەلق قۇرۇلتىيى چاقىرىلدى، بۇ قېتىمقى قۇرۇلتاينىڭ باش مەقستى مىللىي مۇناسىۋەتنى ياخشىلاپ، مىللەتلەر باراۋەر بولۇش قاتارلىق سىياسەتلەرنى يولغا قويۇش ئىدى. 1936 - يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تۈزگەن ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش پروگراممىسى «ئالتە بۈيۈك سىياسەت ئىچىدە مىللەتلەرنىڭ باراۋەر بولۇشى ئۇنىڭ مەزمۇنلىرىدىن بىرى ئىدى. ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ داھىيلىرى، داڭلىق زاتلىرى ۋە ئەمەلىي كۈچى بار شەخسلەر بىلەن يارىشىش ۋە ئۇلارنى ئۆزىگە تارتىش تاكتىكىسى قوللىنىلدى. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزالىرى ئىچىدە تۇنجى قېتىم ئاز سانلىق مىللەت زاتلىرى بار بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلاردىن خوجىنىياز ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە تەيىنلەندى. نازارەت ۋە ناھىيە دەرىجىلىك ئەمەلدارلار ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەرمۇ خېلى نىسبەتنى ئىگىلىدى. ئاز سانلىق مىللەت مەدەنىيەت مائارىپىغىمۇ يار - يۆلەك بولۇش سىياستى قوللىنىلدى. مىللەتلەر باراۋەر بولۇش ۋە مىللەتلەر ئىناق ئۆتۈش سىياستىنىڭ يولغا قويۇلۇشى بىلەن شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ مۇناسىۋىتىدە بىرقەدەر زور ياخشىلىنىش بولدى، مىللەتلەرنىڭ ئىناقلىق كەيپىياتى ئۈزلۈكسىز كۈچەيدى.

شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت سىياسىينى ياخشىلاش ئۈچۈن 1934 - يىلى قىشتا «مەمۇرىي تەپتىش كومىتېتى»نى قۇرۇپ، ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلار ۋە مەمۇرىي خادىملارنى تەپتىش قىلىشقا، ئەمەلدارلارنى تەرتىپكە سېلىشقا، خىيانەتچى پارىخورلارنى جازالاشقا مەسئۇل قىلدى. ئىككىنچى يىلى 5 - ئايدا پارىخورلۇقنى جازالاشقا دائىر 12 ماددىلىق نىزام ئېلان قىلىندى ھەمدە نىزام بويىچە بىر تۈركۈم خىيانەتچى، پارىخور ئەمەلدارلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلدى، بۇنىڭ بىلەن خىيانەت-

چىلىك ھادىسىلىرى زور دەرىجىدە ئازايدى، ھۆكۈمەتنىڭ ھەر مىللەت خەلقى ئارىسىدىكى ئوبرازى ياخشىلاندى.

شىڭ شىسەي بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مۇناسىۋىتى 1937 - يىلى يۇقىرى پەللىگە يەتتى. شۇ يىلى 8 - ئايدا شىڭ شىسەي موسكۋاغا مەخپىي زىيارەتكە بېرىپ، ستالىننىڭ ئۈچ قېتىم قوبۇل قىلىشىغا مۇيەسسەر بولدى ھەمدە دەرىجە ئاتلىتىپ سوۋېت كومپارتىيىسىنىڭ ئەزالىقىغا قوبۇل قىلىندى، تەشكىلىي مۇناسىۋىتى سوۋېت ئىتتىپاقى سىياسىي بيۇروسىغا تەۋە بولۇپ، پارتىيە گۇۋاھنامىسى نومۇرى 1859118 ئىدى.[1] شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، شىڭ شىسەي جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ قوللىشى ۋە ھەمكارلىقىنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشتى. ئۇ جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ شىنجاڭغا كېلىپ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا قاتنىشىشىنى كۆپ قېتىم ئوتتۇرىغا قويدى ياكى ئۇنى سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق يەنئەنگە يەتكۈزدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قوللىشى، ياردەم بېرىشى ۋە جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ ياردىمى ئارقىسىدا شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي قىياپىتىدە تەلتۆكۈس ئۆزگىرىش بولۇپ، ئىقتىساد، مالىيە ۋە مەدەنىيەت، مائارىپ تېزدىن ئەسلىگە كەلدى ۋە تەرەققىي قىلدى، بولۇپمۇ 1936 - يىلدىن 1941 - يىلغىچە بولغان ئىككى «ئۈچ يىللىق پىلان» مەزگىلىدە ئەبجىقى چىقىپ كەتكەن ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋەزىيەتتە تېزدىن ئۆزگىرىش بولۇپ، قاينام - تاشقىنلىق ۋە ئۈمىد بارلىققا كەلدى.

① فاڭ ۋېن: «تەڭرىتېغىدىكى بوران-چاپقۇن»، 163 - بەت، لياۋنىڭ خەلق نەشرىياتى، 1986 - يىلى نەشرى.

## بەشىنچى، جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى پائالىيىتى

### 1. تەكلىپ بىلەن شىنجاڭغا خىزمەتكە كېلىش

جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى پائالىيىتى 20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىنىڭ باشلىرىدا باشلانغان. ئەينى چاغدا، كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال بىر تۈركۈم كوممۇنىستلارنى شىنجاڭغا بېرىپ شېڭ شىسەينىڭ ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا ياردەملىشىشكە ئەۋەتىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ بۇ ئەزالىرى ئىچىدە بەزىلىرى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزالىرى ئىدى. ئۇلار ئەڭ دەسلەپتە شىنجاڭغا كېلىپ ئىنقىلابىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانغان جۇڭگو كوممۇنىستلىرى ئىدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شىنجاڭغا پىلانلىق كادىر ئەۋەتىشى شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىك سەپ قۇرغاندىن كېيىنكى 20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىنىڭ ئوتتۇرا ۋە ئاخىرقى مەزگىللىرى ئىدى.

1937 ـ يىلى 4 ـ ئايدا، جۇڭگو ئىشچى-دېھقانلار قىزىل ئارمىيىسى غەربىي يۆنىلىش ئارمىيىسى سول قانات تارماق ئەترىتىدىكى 400 دىن ئارتۇق ئوفىتسېر ـ ئەسكەر قانلىق جەڭ قىلىپ، دۈشمەننىڭ قاتمۇقات مۇھاسىرىسىنى بۆسۈپ تاشلاپ، گەنسۇ بىلەن شىنجاڭنىڭ تۇتاشقان ئورنى شىڭشىڭشياغا كېلىدۇ. بۇ چاغدا، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭغا غەربىي يۆنىلىش ئارمىيىسىنى كۈتۈۋېلىشقا ئالاھىدە ئەۋەتكەن چېن يۈن (يالغان ئىسمى شى پىڭ)، تېڭ دەييۈەن (يالغان ئىسمى لى گۇاڭ) قاتارلىق بەش ئادەممۇ موسكۋادىن ئۈرۈمچىگە يېتىپ كېلىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئارىلىشىشى بىلەن شېڭ شىسەي غەربىي يۆنىلىش ئارمىيىسى سول قانات ئەترىتىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىنى قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. 5 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈ-

نى، غەربىي يۈنىلىش ئارمىيىسىنىڭ سول قانات تارماق ئەترىتى ئۈرۈمچىگە كىردى. ئۇلار بىر مەھەل تەرتىپكە سېلىنغاندىن كې-يىن شەرقىي قوۋۇق سىرتىدىكى گازارمىغا ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، سىرتقا قارىتا «يېڭى ئەسكەر گازارمىسى»، يەنى يېڭى قوبۇل قى-لىنغان قىسىم دەپ ئاتالدى. مەركىزىي كومىتېت چېن يۈنـنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ۋە-كىللىكىگە تەيىنلەپ، شېڭ شىسەي بىلەن بولغان بىرلىك سەپ خىزمىتىگە ھەمدە «يېڭى ئەسكەرلەر گازارمىسى» غا رەھبەرلىك قىلىشقا مەسئۇل قىلدى.

1937 ـ يىلى 7 ـ ئايدا، ياپون باسقۇنچىلىرى جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىپ، ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش پارتلايدۇ. 10 ـ ئايدا، جۇ شياۋجۇ بۇيرۇققا بىنائەن مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ ئالاقىچىسى سالاھىيىتى بىلەن شىنجاڭ-غا كېلىدۇ ۋە شېڭ شىسەينىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئۈرۈمچىدە 8ـ ئارمىيىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش ئورنىنى قۇرىدۇ. ئىش بېجىرىش ئورنى شېڭ شىسەينىڭ نەنلياڭدىكى مېھمانخانىسىغا تەسىس قىلىنىپ، سىرتقا قارىتا «نەنلياڭ 3ـ مېھمانخانىسى» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي جۇ شياۋجۇ يەنئەنگە يۆتكەپ كېتىلىپ، تېڭ دەيۈەن 8 ـ ئارمىيىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ۋەكىلى بولىدۇ. 8 ـ ئارمىيىنىڭ شىن-جاڭدا تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ قۇرۇلۇشى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىلەن شېڭ شىسەينىڭ ياپون باس-قۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىك سېپىنىڭ رەسمىي شە-كىللەنگەنلىكىدىن دېرەك بەردى. يېڭى ئەسكەرلەر گازارمىسى ۋە 8 ـ ئارمىيىنىڭ شىنجاڭدىكى ئىش بېجىرىش ئورنىغا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شىنجاڭدىكى ۋەكىلى رەھبەرلىك قىلاتتى. 1937 ـ يىلى، تۇنجى قېتىم ۋەزىپە ئۆ-تىگەن پارتىيە ۋەكىلى چېن يۈن كەتكەندىن كېيىن، دېڭ فا ۋە چېن تەنچيۇلار ئارقا ـ ئارقىدىن پارتىيە ۋەكىللىكىنى

ئۈستىگە ئالدى.

1937 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا، شېڭ شىسەي پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىدىن يەنئەندىن شىنجاڭغا خىزمەتلەرگە ياردەملىشىشكە ئادەم ئەۋەتىشنى ئىلتىماس قىلىدۇ. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئۆزىدىمۇ كادىر كەمچىل بولۇۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان خەلقئارا قاتناش لىنىيىسىنىڭ راۋانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش، شېڭ شىسەي بىلەن بولغان مىللىي بىرلىك سەپنى مۇستەھكەملەش، شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈپ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە بەخت يارىتىش ئۈچۈن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شېڭ شىسەينىڭ ئىلتىماسىغا قوشۇلۇپ، شىنجاڭغا كادىر ئەۋەتىشنى قارار قىلىدۇ. شىنجاڭغا كېلىپ خىزمەت قىلغان كادىرلار يەنئەندىن ۋە «يېڭى ئەسكەرلەر گازارمىسى» دىن كەلگەن، يەنە بەزىلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىغا كېسەل داۋالاتقىلى بېرىپ ياكى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ۋەتەنگە قايتىش يولىدا شىنجاڭدىن ئۆتكەن كادىرلار بولۇپ، شېڭ شىسەينىڭ تەكلىپى ۋە مەركىزىي كومىتېتنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن شىنجاڭدا خىزمەت قىلىشقا قالغانىدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئىلگىرى-كېيىن شىنجاڭغا ئەۋەتكەن كادىر 100دىن ئاشىدۇ، بۇلارنىڭ ئىچىدە چېن تەنچيۇ، دېڭ فا، ماۋ زېمىن، لىن جىلۇ قاتارلىق مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزالىرى بار ئىدى. شىنجاڭنىڭ ئەينى چاغدىكى ۋەزىيىتى تۈپەيلىدىن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىنجاڭدا يەرلىك تەشكىلاتىنى قۇرمىغان ۋە تەرەققىي قىلدۇرمىغانىدى، شىنجاڭدا خىزمەت قىلىۋاتقان پارتىيىلىك كادىرلار شەخسىي سالاھىيەت بىلەن يالغان ئىسىم قوللىنىپ پائالىيەت قىلاتتى. شىنجاڭغا كەلگەن جۇڭگو كوممۇنىستلىرى ئاساسلىقى مەمۇرىيەت، مالىيە، خەلق ئىشلىرى، مائارىپ، ئاخبارات، مەدەنىيەت تارماقلىرى ۋە خەلق تەشكىلاتلىرىدا رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەيتتى. ئۇلار جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ۋەكىلىنىڭ رەھبەرلىكىدە ۋە ھەر مىل-

مي مۇدىرى بولۇپ، پۈتۈن شۆيۈەننىڭ خىزمەتلىرىگە مەسئۇل
بولىدۇ. ئۇ شۆيۈەندە «ئۆگىنىش بىلەن ئىشلىتىشنى بىرلەش-
تۈرۈش» مائارىپ فاڭجېنى ۋە «ئىتتىپاق بولۇش، جىددىي بو-
لۇش، ئاددىي بولۇش، جانلىق بولۇش» مەكتەپ تەنبىھىنى تۇ-
زىدۇ ھەمدە شۆيۈەن ئۈچۈن ئىنقىلابىي روھقا تولغان مەكتەپ
ناخشىسى يېزىپ بېرىدۇ. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش
ۋە شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈشنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈ-
چۈن ئوقۇتۇشنى ئىسلاھ قىلىپ، «يېڭى سىياسىي»، «يېڭى
ئىقتىسادشۇناسلىق»، «جۇڭگو ھازىرقى زامان ئىنقىلابىي تارى-
خى» قاتارلىق بىرنەچچە يېڭى دەرسنى كۆپەيتىپ تەسىس قى-
لىدۇ ھەمدە مەخسۇس لېكسىيە ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۆزى ياكى كوم-
پارتىيە ئەزالىرى ۋە ئىلغار زاتلارنى دەرس سۆزلەشكە تەكلىپ
قىلىدۇ. لىن جىلۇ بىر يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە شۆيۈەن-
نى ئىلغار ئىلىم كەيپىياتىغا تولغان ۋە كونسايىن گۈللىنىۋات-
قان ئالىي بىلىم يۇرتى قىلىپ قۇرۇپ چىقىپ، تۇرلۇك ئىخ-
تىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈش، ماركسىزمنى تەشۋىق قى-
لىش، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىك سەپكە
دائىر تۇرلۇك فاڭجېن - سىياسەتلەرنى تەشۋىق قىلىشتىكى
مۇھىم بازىغا ئايلاندۇرىدۇ. لىن جىلۇ شېڭ شىسەينىڭ سىغ-
دۇرالماسلىقى تۈپەيلىدىن ئاقسۇ مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باش-
لىقلىقى ۋە كۇچا ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىقىغا ئەۋەتىلگەن
مەزگىلدە، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ مائارىپ ئىشلى-
رىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا داۋاملىق كۆڭۈل بۆلىدۇ. ئۇ كۇ-
چادا تۇرغان ئىككى يىل ئىچىدە پۈتۈن ناھىيىنىڭ مائارىپ
ئىشلىرى تېز تەرەققىي قىلىدۇ، مەكتەپلەر ئەسلىدىكى ئىك-
كىدىن 35 كە كۆپىيىدۇ، قىرغىز چارۋىچىلار توپلىشىپ ئول-
تۇراقلاشقان چەت تاغلىق رايونلاردىمۇ تارىختىن بۇيانقى تۇنجى
مەكتەپ قۇرۇلىدۇ.

جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا، پۈتۈن

ئۆلكىدىكى ھەر دەرىجىلىك مائارىپ ۋە مەمۇرىي تارماقلار تەدرى-
جىي مۇكەممەللىشىدۇ، ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپلەر
كۆپلەپ قۇرۇلىدۇ، مائارىپ خىراجىتى زور كۆلەمدە ئاشىدۇ،
تۇرلۇك شەكىلدىكى ئىجتىمائىي مائارىپ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلى-
نىدۇ، ھەر مىللەت ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى زورىيىدۇ. شىنجاڭنىڭ
مائارىپ ئىشلىرى مىسلىسىز تەرەققىي قىلىپ، جۇشقۇن ھاياتىي
كۈچكە تولغان مەنزىرە بارلىققا كېلىدۇ. 1942 ـ يىلى شىنجاڭ-
دىكى ھۆكۈمەت قارىمىقىدىكى مەكتەپلەر 2463 كە، مەكتەپتىكى
ئوقۇغۇچىلار 271 مىڭ 100 گە، ئالىي، ئوتتۇرا مەكتەپلەر
سەككىزگە، ئوقۇغۇچىلار سانى 3787 گە يېتىپ، ئايرىم-ئاي-
رىم ھالدا 1937 ـ يىلىدىكىدىن % 140 ۋە % 27.5 ئاشى-
دۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش ئاممىۋى
مەكتەپلىرىدىن 846سى بار بولۇپ، ئوقۇغۇچىسى 146 مىڭ
911 كىشىگە يېتىدۇ.①

«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىمۇ جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ
خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇشىدىكى مۇھىم بازا ئىدى. ۋاڭ شاۋ-
چۈەن قاتارلىق 10 نەچچە كومپارتىيە ئەزاسى ئايرىم-ئايرىم
ھالدا ماقالە يېزىش، تەھرىرلەش، نەشر قىلىش قاتارلىق تار-
ماقلارنىڭ خىزمىتىگە مەسئۇل بولۇپ، «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ
ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى قۇتقۇزۇش ئىنقىلا-
بىي ئىدىيىسىنى تەشۋىق قىلىش، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتى-
يىسى رەھبەرلىرىنىڭ ماقالىسى، سۆزىنى تونۇشتۇرۇش ۋە كۆ-
چۈرۈپ بېسىش جەھەتلەردە مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇردى.
گېزىتخانا باسما زاۋۇتى يەنە ماركسىزم ـ لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ
ئەسەرلىرىنى كۆپەيتىپ بېسىپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي، سى-
ياسىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن نۇرغۇن خىزمەت

---

① ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى پارتىيە تارىخى تەتقىقات ئىشخا-
نىسى تۈزگەن «ج ك پ شىنجاڭنىڭ يەرلىك تارىخى»، 1-توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى،
1999 ـ يىلى نەشرى، 63-بەت.

ئىشلىدى.

**2. ئاممنى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا ياردەم بېرىشكە تەشكىللەش**

1938-يىلىدىن كېيىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى-نىڭ تەسىرى ۋە تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا دۇ جۇڭيۈەن، سا كۇڭلياۋ، شېن يەنبىن، جاڭ جۇڭشى، جاۋ دەن قاتارلىقلار ۋە-كىللىكىدىكى مەدەنىيەت ساھەسىدىكى بىر تۈركۈم ئىلغار زاتلار ۋە ئالىملار ئارقا-ئارقىدىن شىنجاڭغا كېلىدۇ، ئۇلار جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىلەن زىچ ھەمكارلىشىپ، بىر نىيەتتە كۈچ چىقىرىپ، كۇرس ئېچىش، گېزىت چىقىرىش، يېڭى تىيا-تىرلارنى قويۇش، ئىنقىلابىي ناخشىلارنى ئېيتىشنى ئۆگىتىش قاتارلىق كۆپ خىل شەكىللەر بىلەن ماركسىزمنى، «جاھانگىر-لىككە قارشى تۇرۇش، سوۋېت ئىتتىپاقىغا مايىل بولۇش، مىل-لەتلەر باراۋەر بولۇش، پاك - ديانەتلىك بولۇش، تىنچ بولۇش، قۇرۇلۇش قىلىش» ئالتە بۈيۈك سىياسىتىنى، ياپون باسقۇنچى-لىرىغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى قۇتقۇزۇشنى ۋە ياپون باسقۇنچىلى-رىغا قارشى مىللىي بىرلىك سەپنى تەشۋىق قىلىپ، 4 - ماي يېڭى مەدەنىيىتى ۋە يېڭى ئىدىيىسىنى تارقىتىدۇ. بۇ مەزگىلدە جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ قولىدىكى «شىنجاڭ گېزىتى» قاتار-لىق گېزىت ۋە ژۇرناللاردا پات - پات ماركس، ئېنگېلس، لې-نىن، ستالىن ۋە ماۋ زېدۇڭ ئەسەرلىرى بېسىلىپ تۇرىدۇ ھەمدە ئىچكى - تاشقى ۋەزىيەت، 8 - ئارمىيىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرى-غا قارشى ئۇرۇش غەلىبىلىرى ۋە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تايانچ بازىلىرىنىڭ ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا دائىر ماقالىلەر خەۋەر قىلىنىپ تۇرىدۇ. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى قۇتقۇزۇش ناخشىلىرى ۋە دراممىلىرى ھەممىلا جايدا ئېيتىلىدۇ ۋە قويۇلىدۇ، پۈتۈن جەمئىيەتتە ياپون باسقۇن-چىلىرىغا قارشى تۇرۇپ، مۇنقەرزلىكتىن قۇتۇلۇش كەيپىياتى مىسلىسىز دولقۇنغا كۆتۈرۈلىدۇ.

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش كۇرىشى جۇڭگونىڭ
ھازىرقى زامان تارىخىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ مىللىي ئازادلىق ئۇرۇ-
شى. بارلىق كۈچلەرنى سەپەرۋەر قىلىپ ۋە ئۇلار بىلەن ئىتتى-
پاقلىشىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش، ئەڭ كەڭ كۆ-
لەمدىكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىك سەپنى
قۇرۇش ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدىكى
جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ باش ۋەزىپىسى شۇنداقلا
كوممۇنىستلارنىڭ شىنجاڭدىكى خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى
ئىدى. 1938 ـ يىلى 1 ـ ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيە-
سىنىڭ ئەزاسى خۇاڭ خوچىڭ يېڭى ئەسكەرلەر گازارمىسىدىن
جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسىنىڭ باش كاتىپلىقىغا
يۆتكىلىپ، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسىنى ئىك-
كىنچى قېتىم ئۆزگەرتىپ تەشكىللەيدۇ، جۇڭگو كوممۇنىستىك
پارتىيىسىنىڭ بەزى ئەزالىرى ھەرقايسى تارماقلارنىڭ رەھبەرلى-
كىنى ئۇستىگە ئالىدۇ. ئۆزگەرتىپ تەشكىللەنگەندىن كېيىنكى
جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى جۇڭگو كوممۇنىستىك
پارتىيىسىنىڭ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە رەھبەرلىك
قىلىپ، بىرلىكتە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشتىكى قو-
ماندانلىق شتابىغا ئايلىنىدۇ. جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇ-
يۇشمىسى «جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش سېپى»، «شىنجاڭ ياش-
لىرى» قاتارلىق ماركسىزم، لېنىنىزم ۋە ياپون باسقۇنچىلىرىغا
قارشى بىرلىك سەپ سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىدىغان ژۇرناللارنى
چىقىرىدۇ؛ تۈرلۈك كۇرسلارنى ئۇيۇشتۇرۇپ كادىرلارنى تەربىيە-
لەيدۇ؛ ئاممىۋى يىغىنلارنى تەشكىللەپ، تۈرلۈك مەدەنىيەت پائا-
لىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇ-
رۇشنى تەشۋىق قىلىدۇ، ھەر مىللەت خەلقىنى ياپون باسقۇنچى-
لىرىغا قارشى تۇرۇپ، مۇنقەرزلىكتىن قۇتۇلۇش ھەرىكىتىگە پا-
ئال ئاتلىنىشقا سەپەرۋەر قىلىدۇ؛ ئىقتىسادچىلىق پائالىيىتى،
ئەمگەك مۇسابىقىسى ۋە نەتىجە يارىتىش پائالىيىتىنى قانات ياي-

دۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ قۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولۇپ، ياپون باسقۇن-
چىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئارقا سېپىنى مۇستەھكەملەيدۇ؛ ئاممى-
ۋى ئىئانە توپلاشقا سەپەرۋەر قىلىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قار-
شى ئالدىنقى سەپكە پائال ياردەم بېرىدۇ. شىنجاڭدا جاھانگىر-
لىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسىدىن باشقا يەنە جۇڭگو-سوۋېت
مەدەنىيەت ئۇيۇشمىسى، ئاياللار ئۇيۇشمىسى، ئىشچىلار ۋەتەننى
قۇتقۇزۇش ئۇيۇشمىسى، ئاممىۋى بىرلەشمە، ئوقۇغۇچىلار بىر-
لەشمىسى، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى قۇتقۇ-
زۇشتىكى ئارقا سەپ ياردەم ئۇيۇشمىسى قاتارلىق ئاممىۋى تەش-
كىلاتلار قۇرۇلىدۇ. بۇ تەشكىلاتلار جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش
ئۇيۇشمىسىغا ئوخشاش جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ رەھبەرلىد-
كىدە تەشۋىقات ئېلىپ بارىدۇ ۋە ئاممىنى ياپونغا قارشى تۇرۇشقا
سەپەرۋەر قىلىدۇ، ھەر مىللەت، ھەر ساھە كىشىلىرىنى ئىئانە
توپلاشقا تەشكىللەپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئال-
دىنقى سېپىگە سىياسىي ۋە ماددىي جەھەتتىن ئاكتىپ ياردەم
بېرىدۇ. شىنجاڭدا پۇلى بارلار پۇل چىقىرىش، كۈچى بارلار كۈچ
چىقىرىشتەك ئىنتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىش ۋەزىيىتى بارلىققا
كېلىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى
تۇرۇش قىزغىنلىقى مىسلىسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ. ياپون باس-
قۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن، ھەر
مىللەت خەلقى بەس - بەستە پۇل، مال ئىئانە قىلىدۇ ۋە زايوم
سېتىۋالىدۇ. ستاتىستىكىلاردىن قارىغاندا، 1939 - يىلى 9 -
ئايدىن 1940 - يىلى 5 - ئايغىچە، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت
خەلقى ئىئانە قىلغان پۇلنى شۇ چاغدىكى يامبۇغا سۇندۇرغاندا 3
مىليون 220 مىڭ يۈەن بولغان. 1939 - يىلى ئىئانە قىلىنغان
1 مىليون 520 مىڭ يۈەنگە 10 كۈرەشچى ئايروپىلان سېتىۋېـ-
لىپ، ئۇنىڭغا «شىنجاڭ» دەپ نام قويۇلۇپ، ياپون باسقۇنچىلىرد-
غا قارشى ئۇرۇش ئالدىنقى سېپىگە ئەۋەتىلگەن.
جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى پائالىيەتلىرى

خەلقئارا قاتناش لىنىيىسىنىڭ راۋانلىقىغا كۈچلۈك كاپالەتلىك قىلغان، بۇنىڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگونىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشىغا ياردەم سۈپىتىدە بەرگەن زور تۈركۈمدىكى قورال - ياراغلىرى، ماددىي ئەشيالىرى، دورىلىرى ۋە تۈرلۈك ھەربىي خادىملىرى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ئالدىنقى سېپىگە ئوڭۇشلۇق يېتىپ بارغان. ستاتىستىكىلارغا قارىغاندا، 1937 - يىلى 10 - ئايدىن 1939 - يىلى 9 - ئايغىچە سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگوغا ياردەم قىلغان قورال - ياراغلاردىن 985 ئايروپىلان، 82 تانكا، 1300 دىن ئارتۇق زەمبىرەك، 14 مىڭدىن ئارتۇق پىلىموت ھەمدە كۆپ ساندىكى جابدۇق، ئوق - دورا قاتارلىقلار شىنجاڭ ئارقىلىق ئىچكىرىدىكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ئالدىنقى سېپىگە توشۇلغان. 1940 - يىلى 12 - ئايدا بىر قېتىمدىلا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگوغا ياردەم بەرگەن ئايروپىلان، زەمبىرەك قاتارلىق ھەربىي ئەشيالارنى باسقان ئاپتوموبىلى قومۇلغا بارغان. 1942 - يىلى ئەنگلىيىنىڭ جۇڭگوغا ياردەم بەرگەن ماددىي ئەشيالىرىمۇ سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق شىنجاڭغا كىرىپ ئىچكىرىگە توشۇلغان.

جۇڭگو كوممۇنىستلىرى شىنجاڭنىڭ سىياسىي ئىسلاھاتى ۋە خەلق ئىشلىرى قۇرۇلۇشىدا نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن. 1941-يىلى ماۋ زېمىن خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ مۇۋەققەت نازىرلىقىغا يۆتكەلگەندىن كېيىن، شەنشى، گەنسۇ، نىڭشيا ئازاد رايونلىرىدا يۈرگۈزۈلۈۋاتقان دېموكراتىك سايلام چارىسىدىن پايدىلىنىپ، ئەينى ۋاقىتتىكى شىنجاڭنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، «شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رايون، كەنت تۈزۈمى تەشكىلىي نىزامنامىسى»نى تۈزۈپ چىققان. مەزكۇر نىزامنامىدە قالاق شاڭيۇ تۈزۈمى بىكار قىلىنىپ، رايون، ناھىيىلەردە بىردەك دېموكراتىك سايلام يولغا قويۇلغان. بۇ شىنجاڭ تارىخىدا رايون باشلىقى، كەنت باشلىقى قاتارلىق ئاساسىي قاتلام رەھبەرلىرىنىڭ

تۈنجى قېتىم دېموكراتىك سايلىنىشى ئىدى. ئۇ يەنە «ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تەشكىلىي نىزامنامىسى»، «شىنجاڭ ئۆلكىسىدىكى مەمۇرىي مەھكىمە تەشكىلىنىڭ ۋاقىتلىق نىزامى»نى تۈزۈشكە رىياسەتچىلىك قىلغان، ھەرقايسى ناھىيىلەردە ئارقا - ئارقىدىن ھۆكۈمەت ئىشلىرى كومىتېتى قۇرۇلۇپ، چوڭ - چوڭ ئىشلاردا ھۆكۈمەت ئىشلىرى كومىتېتى قارار چىقارغان. لىن جىلۇ، خۇاڭ خوچىڭ قاتارلىق بىر تۈركۈم كومپارتىيە ئەزالىرى مەمۇرىي ئە- مەلدار ۋە ھاكىملىقنى ئۈستىگە ئالغان، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ خىز- مەت ئورۇنلىرىدا پاك - دىيانەتلىك بولۇپ، ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن بەجانىدىللىق بىلەن ياخشى ئىش قىلىپ بېرىپ، جەمئى- يەتنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولغان.

جۇڭگو كوممۇنىستلىرى چېگرا مۇداپىئە قۇرۇلۇشىدىمۇ زور تۆھپىلەرنى قوشقان. 1939 - يىلى جۇڭگو كوممۇنىستلى- رىنىڭ تەكلىپى بىلەن سارىقولدا 500 كىشىلىك چېگرا مۇداپى- ئە چوڭ ئەترىتى قۇرۇلغان، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى- نىڭ ئەزاسى، يېڭى ئەسكەرلەر گازارمىسى 4 - چوڭ ئەترىتىنىڭ سىياسىي كومىسسارى خۇ جيەن چوڭ ئەترەت باشلىقلىقىنى ئۈستىگە ئالغان. چېگرا مۇداپىئە چوڭ ئەترىتى قوراللىق خەلق ئەسكەرلىرىنى تەشكىللەپ، چارلاش، تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، بىرلىكتە چېگرىنى ساقلىغان. كونىشەھەردىكى ئاتلىق ئەسكەرلەر 35 - تۈەنىدىن ئىككى لىيەن توپىلاڭ كۆتۈرگەندىن كېيىن، خۇ جيەن بۇيرۇققا بىنائەن ئەسكەر باشلاپ توپىلاڭنى تىنچىتقان، تو- پىلاڭ تىنچىتىلغاندىن كېيىن خۇ جيەن قاراۋۇلخانا ياساش پىلا- نىنى تۈزگەن، باش ۋالىي مەھكىمىسى تەستىقلىغاندىن كېيىن قونجىراپ قاتارلىق بەش چېگرا مۇداپىئە قاراۋۇلخانىسى كۆپەيتىپ قۇرۇلۇپ، چېگرا مۇداپىئەسى مۇستەھكەملەنگەن.

**3. شېڭ شىسەينىڭ جۇڭگو كوممۇنىستلىرىغا زىيانكەشلىك قىلىشى**

1937 - يىلىدىن 1943 - يىلغىچە شېڭ شىسەي مۇستە- بىت ھۆكۈمرانلىقىنى يولغا قويۇش ئۈچۈن ئىلگىرى - كېيىن

بولۇپ ئاتالمىش «سۇيىقەستلىك توپىلاڭ دېلوسى»نى ياساپ چىقىپ، سىياسىي رەقىبلىرىنى زور كۆلەمدە تازىلايدۇ. 1 ـ قېتىملىق تازىلاش ئوبيېكتلىرى ئاساسلىقى ئىنتېرناتسىئونالىزم ئەزالىرى، 2 ـ قېتىملىقى دۇ جۇڭيۈەن ۋەكىللىكىدىكى ئىلغار زاتلار بولىدۇ، جۇڭگو كوممۇنىستلىرى شېڭ شىسەي ئويدۇرۇپ چىقارغان 3 ـ قېتىملىق «سۇيىقەستلىك توپىلاڭ دېلوسى»دىكى زىيانكەشلىك قىلىش ئوبيېكتلىرى بولىدۇ. جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ تىرىشىشى بىلەن شىنجاڭنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرى بىرقەدەر زور تەرەققىياتقا ئېرىشىپ، كۈنسايىن گۈللىنىۋاتقان مەنزىرە بارلىققا كەلگەنىدى. جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ جان ـ دىل بىلەن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ۋە جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش ئېسىل ئەنئەنىسى ئۇلارنى يۈكسەك ئابرۇيغا ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھىمايىسى، ھۆرمىتىگە ئىگە قىلىدۇ. شېڭ شىسەي جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ شىنجاڭ خەلقى ئارىسىدا تەسىرىنى يەنىمۇ كېڭەيتىپ، ئۆزىنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىغا تەھدىت يەتكۈزۈشىدىن ئەنسىرەپ، جۇڭگو كوممۇنىستلىرىغا تۇتقان تاكتىكىسىنى ئۆزگەرتىپ، كوممۇنىستلاردىن ئېھتىيات قىلىشقا، ئۇلارنى بېسىشقا، چەتكە قېقىشقا باشلايدۇ. 1939 ـ يىلىنىڭ باشلىرى، ئۇ شىنجاڭ شۆيۈەندىكىلەرنىڭ چوڭقۇر ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن لىن جىلۇنى چەت رايونغا يۆتكىۋېتىدۇ. 2 ـ يىلى يەنە ماۋ زېمىننىڭ مالىيە نازىرلىق ۋەزىپىسىنى ئېلىۋېتىدۇ. 1941 ـ يىلى سوۋېت ـ گېرمانىيە ئۇرۇشى پارتلىغاندىن كېيىن، ئىچكى ـ تاشقى ۋەزىيەتتە زور ئۆزگىرىش بولىدۇ. بۇ چاغدا، شېڭ شىسەي ئۆزىنى جياڭ جيېشىنىڭ قوينىغا ئېتىشنى قارار قىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا ۋە كومپارتىيىگە ئاشكارا قارشى تۇرۇپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىك سەپكە بۇزغۇنچىلىق قىلىدۇ. 1942 ـ يىلى شېڭ شىسەي ئاتالمىش «12 ـ ئاپرېل سۇيىقەستلىك توپىلىڭى دېلوسى» نى ئويدۇرۇپ چىقىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيە ـ

سىنىڭ ئەزاسى چېن تەنچيۇ، ماۋ زېمىن ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ
ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى، ھەربىي مەسلىھەتچىسى قا-
تارلىقلارنى مەزكۇر دېلودىكى باش پىلانلىغۇچى دەپ قارىلاپ، كوم-
مۇنىستلارغا كەڭ كۆلەمدە زىيانكەشلىك قىلىشقا باشلايدۇ. 6 ـ
ئايدا، شېڭ شىسەي يەنە «قوغداش» ياكى «باشقا مۇھىم ئىشقا قو-
يۇش» نامى بىلەن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا خىزمەت قى-
لىۋاتقان جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنى ئۈرۈمچىگە يۆتكەپ كېلىپ
نەزەربەند قىلىپ قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، شېڭ شىسەي
نىقابىنى ئاشكارا يىرتىپ تاشلاپ كومپارتىيىگە قارشى تۇرۇپ،
ئۆزىنى جياڭ جيېشىنىڭ قوينىغا ئاتىدۇ ھەمدە جۇڭگو كوممۇ-
نىستلىرىغا زىيانكەشلىك قىلىشنى ئۆزىنى جياڭ جيېشىنىڭ
قوينىغا ئېتىشتىكى «كۆرۈشۈش سوۋغىسى» قىلىدۇ. 9 ـ ئاينىڭ
17 ـ كۈنى، شېڭ شىسەي چېن تەنچيۇ، ماۋ زېمىن، لىن جىلۇ
قاتارلىق رەھبەرلەرنى قولغا ئېلىشقا بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ، ئارقى-
دىن جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ 140 تىن ئارتۇق ئادىمىنى تۇتۇپ
تۈرمىگە سالىدۇ. 1943 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى، شېڭ
شىسەي جياڭ جيېشىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن چېن تەنچيۇ، ماۋ
زېمىن، لىن جىلۇ قاتارلىقلارنى تۈرمىدە مەخپىي ئۆلتۈرىدۇ.
جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ شىنجاڭدىكى خادىملىرى قولغا
ئېلىنغاندىن كېيىن، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى بۇنىڭغا يۈك-
سەك كۆڭۈل بۆلۈپ، پائال قۇتقۇزىدۇ. جۇڭگو كومپارتىيىسى ۋە
پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ بېسىمى بىلەن، گومىنداڭ دائىرىلى-
رى شىنجاڭدا قاماقتا ئېلىنغان كومپارتىيە ئەزالىرىنى قويۇپ
بېرىشكە مەجبۇر بولىدۇ. 1946 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈ-
نى، قولغا ئېلىنغان كومپارتىيە ئەزالىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە-
تاۋابىئاتلىرىدىن 131 ئادەم تۆت يىل داۋاملاشقان تۈرمە ھاياتىنى
ئاخىرلاشتۇرۇپ، ئون ئاپتوموبىلغا ئولتۇرۇپ ئۈرۈمچىدىن يولغا
چىقىپ، بىر ئايلىق جاپالىق سەپەرنى بېسىپ ئۆتۈپ، ئاخىرى يەن-
ئەنگە يېتىپ كېلىدۇ.

# تۆتىنچى باب «شەرقىي تۈركىستان» بۆلگۈنچىلىكىنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە تەرەققىياتى

## بىرىنچى، «پانئىسلامىزم» ۋە «پانتۈركىزم» ئىدىيىۋى ئېقىمى

### 1. «تۈرك» ۋە «تۈركىستان» دېگەن نامنىڭ كېلىپ چىقىشى

تۈرك دېگەن سۆز ئەسلىدە ئالتۇنتاغ (بۈگۈنكى ئالتاي تېغى) نىڭ جەنۇبىدىكى بىر كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىنىڭ نامى بولۇپ، ئەڭ دەسلەپتە مىلادىيە 5-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى تىلغا ئېلىنغان. تۈرك قەبىلىسى ئىلگىرى جۇڭگونىڭ شىمالىدىكى جۇرجان مىللىتىگە قارام ئىدى. 6-ئەسىرنىڭ دەسلىپىدە، تۈركلەر گۈللەنگەن. مىلادىيە 552-يىلى ئۇلارنىڭ سەردارى تۈمەن قەبىلىنى باشلاپ، جۇرجانلارنى مەغلۇپ قىلىپ، تۈرك قاغانلىقىنى قۇرغان، تۈمەن ئۆزىنى «ئىل قاغان» دەپ ئاتىغان. قاغانلىقنىڭ ئاساسىي كۈچى قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى يايلاقتا يۆتكىلىپ، ئۆتۈكەن تاغلىرى (بۈگۈنكى موڭغۇلىيىنىڭ خاڭگاي تاغلىرىنىڭ شەرقى)دا خان ئوردىسى قۇرغان. كېيىن تۈرك قاغانلىقى تەرەققىي قىلىپ، «شەرقتە لياۋخېينىڭ غەربىدىن غەربتە غەربىي دېڭىز (بۈگۈنكى كاسپىي دېڭىزى)گىچە، جەنۇبتا قۇملۇقنىڭ شىمالىدىن شىمالدا شىمالىي دېڭىز (بۈگۈنكى بايقال كۆلى)گىچە بولغان »غايەت زور كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەرنىڭ بىرلەشمە گەۋدىسىگە ئايلانغان. خانلىقنىڭ ئىچكى قىسمىدا نۇرغۇنلىغان بېقىندى قەبىلىلەر بولۇپ، ئاساسلىقلىرىدىن ئۇيغۇرلار، تېلېلار، قاڭقىللار، سىرتاردۇشلار بار ئىدى. شۇڭا، تۈرك دېگەن سۆز تار ۋە كەڭ ئىككى خىل مەنىگە ئىگە بولغان. تار مەنىدىكىسى تۈرك مىللىتى ياكى تۈرك قاغانلىقىنى كۆرسەتسە، كەڭ مەنىدىكىسى

تۈركلەرگە قارام بولغان تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان بارلىق قوۋملەرنى كۆرسەتكەن.

مىلادىيە 583 ـ يىلى (سۈي سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرى) تۈرك قاغانلىقى ئالتۇنتاغنى پاسىل قىلىپ، شەرق ۋە غەرب ئىككى قاغانلىققا بۆلۈنۈپ كەتكەن. مىلادىيە 630ـ يىلى تاڭ سۇلالىسى شەرقىي تۈرك قاغانلىقىنى يوقاتقان. مىلادىيە 658ـ يىلى تاڭ سۇلالىسى يەنە غەربىي تۈرك قاغانلىقىنى يوقاتقان. 680ـ يىلى قۇتلۇق كېيىنكى شەرقىي تۈرك قاغانلىقىنى قايتىدىن قۇرۇپ چىققان (بۇ يەنە شىمالىي تۈرك قاغانلىقى دەپمۇ ئاتىلىدۇ). 744ـ يىلى كېيىنكى تۈرك قاغانلىقى ئۇيغۇرلارنىڭ سەردارى كۆلبىلگە قاغان تەرىپىدىن يوقىتىلغان، تۈرك قاغانلىقى ئۇزۇل-كېسىل يوقىتىلغاندىن كېيىن، تۈركىي مىللەتلەرمۇ شۇنىڭغا ئەگىشىپ پارچىلىنىپ، باشقا خەلقلەر ئىچىگە سىڭىپ كەتكەن. تۈرك قاغانلىقى جەمئىي 100 نەچچە يىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بولۇپ، تۈرك مىللىتى باش كۆتۈرگەندىن يىمىرىلگەنگە قەدەر جەمئىي 200 نەچچە يىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان. كېيىن تۈركىي مىللەتلەرمۇ قايتا مەۋجۇت بولماي، تۈرك دېگەن ناممۇ ئىنتايىن ئاز تىلغا ئېلىنىدىغان بولغان، تىلغا ئېلىنغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ مەنىسىدە ئۆزگىرىش بولۇپ، بىر خىل تىلشۇناسلىق ئاتالغۇسى ياكى جۇغراپىيىلىك ئۇقۇمنى بىلدۈرىدىغان بولغان. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، تۈرك مىللىتى يوقالغاندىن كېيىن، تۈرك يېزىقىمۇ يوقالغان، بىراق تۈرك تىلى يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ، ئىلگىرى تۈرك قاغانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ياشىغان باشقا مىللەت ۋە قوۋملەرنىڭ كۆپ قىسمى تۈرك تىلىنى قوبۇل قىلغان بولغاچقا، بۇ مىللەت ياكى قوۋملەر كېيىن ئۆزگەرگەن بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا مۇشۇ خىل تىلنى ئىشلەتكەن. ھالبۇكى، تۈرك تىلىنى قوللانغان بۇ مىللەتلەر پائالىيەت ئېلىپ بارغان زېمىن بىر قىسىم جۇغراپىيەشۇناسلار تەرىپىدىن كۆپ ھاللاردا تۈرك دېگەن نام بىلەن ئاتالغان.

8 ـ ئەسىردە، بىر قىسىم ئەرەب مۇسۇلمان تارىخ يازما يا ـ
دىكارلىقلىرىدا، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شىمالىي قىسمى ۋە ئۇنىڭ
ئەتراپىدىكى يايلاقلاردىكى كۆچمەن چارۋىچى ياكى يېرىم تېرىق ـ
چى، يېرىم چارۋىچى مىللەتلەر «تۈركلەر» دەپ ئاتالغان، بۇ كۆچ ـ
مەن چارۋىچى ياكى يېرىم تېرىقچى، يېرىم چارۋىچى مىللەتلەر ـ
نىڭ ئەڭ زور ئورتاق ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇلار تۈرك تىلىنى
ئورتاق قوللىناتتى. 11 ـ ئەسىردىن كېيىن، بىر قىسىم چەت
ئەل تارىخ كىتابلىرىدا يەنە «تۈرك» دېگەن سۆزنى قوللانغان
ئەھۋاللار ئۇچرايدۇ، ئەمما ئۇ چاغدىكى «تۈرك» ياكى «تۈركلەر»
پۈتۈنلەي تۈرك تىلىنى قوللىنىدىغان ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ
ئورتاق نامىغا ئايلانغانىدى.

ھازىرقى زامان دۇنيا تىلشۇناسلىقىنىڭ نەسەب ئايرىش ئۇ ـ
سۇلىغا ئاساسلانغاندا، تۈرك تىلى ئائىلىسى ئالتاي تىللىرى
سىستېمىسىغا كىرىدۇ. 1000 يىلدىن كۆپرەك تارىخىي تەرەققى ـ
يات ۋە مىللەتلەرنىڭ قوشۇلۇپ ئۆزگىرىشى ئارقىلىق، بۈگۈنكى
كۈندە ئالتاي تىللىرى سىستېمىسى تۈرك تىلى ئائىلىسىگە كى ـ
رىدىغان ھەرقايسى مىللەتنىڭ تىللىرى ئاساسلىقى ئاسىيا،
جۈملىدىن جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالى، ئوتتۇرا ئاسىيا، ئافغا ـ
نىستان، ئىران، تۈركىيە، روسىيىنىڭ جەنۇبىي قىسمى ۋە شەر ـ
قىي ياۋروپادىكى بىر قىسىم رايونلارغا تارقالغان. دۆلىتىمىزدى ـ
كى تۈرك تىلى ئائىلىسىگە كىرىدىغان مىللەتلەرنىڭ تىللىرىدىن
ئۇيغۇر تىلى، قازاق تىلى، قىرغىز تىلى، ئۆزبېك تىلى، تاتار تى ـ
لى، سالا تىلى، غەربىي يۇغۇر تىلى قاتارلىقلار بار. چەت ئەلدىكى
تۈرك تىلى ئائىلىسىگە كىرىدىغان دۇنيا مىللەتلىرىنىڭ تىللى ـ
رىدىن تۈركىيە تۈركلىرىنىڭ تىلى، قازاق تىلى، قىرغىز تىلى،
تۈركمەن تىلى، ئەزەربەيجان تىلى، ئۆزبېك تىلى، تاتار تىلى قا ـ
تارلىقلار بار. دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى تۈرك تىلىنى قوللىنى ـ
دىغان بۇ مىللەتلەر ئاللىقاچان ئوخشىمىغان مىللەت ياكى دۆلەتـ
لەرگە تەۋە بولۇپ، «تۈرك مىللىتى» ياكى «تۈركلەر» پەقەت بىر

تارىخىي ئۇقۇمغا ئايلانغان.

«تۈركىستان» بىر جۇغراپىيىلىك ئۇقۇم بولۇپ، «تۈركلەر يېرى»دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ تۈرك قاغانلىقى يوقالغاندىن كېيىن، دۇنيادىكى مەلۇم جۇغراپىيە ئەسەرلىرىدە كۆرۈلگەن ئۇقۇم. مىلادىيە 9 ـ ئەسىردىن 11 ـ ئەسىرگىچە، ئەرەبلەرنىڭ جۇغراپىيىگە دائىر ئەسەرلىرىدە، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سىر دەرياسىنىڭ شىمالى ھەمدە ئۇنىڭغا تۇتىشىدىغان شەرقىي رايونلار تۈركىستان دەپ ئاتالغان. 13 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، موڭغۇللار غەربكە يۈرۈش قىلىپ ئوتتۇرا ئاسىيانى ئىگىلىگەندىن كېيىن، مۇسۇلمان مەتبەئەلىرىدە موڭغۇللار ئىگىلىگەن ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئۇنىڭغا تۇتاش بولغان شەرقتىكى رايونلار (شەرقتە قۇمۇلدىن غەربتە تاشكەنتكىچە) ئۆزگەرتىلىپ «موغۇلىستان» دەپ ئاتالغان. 15 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن 16 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە، تۈرك تىلىنى قوللىنىدىغان ئۆزبېكلەر سىر دەرياسىدىن ئۆتۈپ، ماۋرا ئۇننەھر رايونىنىڭ ئامۇ دەرياسى بىلەن سىر دەرياسى ئوتتۇرىسىدىكى جايلارنى ئىگىلىگەن. بەزىلەر ئۆزبېكلەر ئىگىلىگەن ئافغانىستاننىڭ شىمالىدىكى زېمىنلارنى «ئافغان تۈركىستانى» دەپ ئاتىغان. كېيىن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى مىللەتلەر ئارقا-ئارقىدىن باش كۆتۈرۈپ، تۈركىستان دېگەن جۇغراپىيىلىك ئۇقۇممۇ ئاساسىي جەھەتتىن قايتا ئىشلىتىلمەيدىغان بولغان. جۇڭگو چېگرىسى ئىچىدە، 17 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، موڭغۇللارنىڭ ئويرات قەبىلىسى (كېيىن جۇڭغار خاندانلىقىنى قۇرغان) تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىنى، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ يەكەن خاندانلىقى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىنى ئىگىلەپ، تەڭرىتېغىنى پاسىل قىلغان ھالدا «جەنۇبتا مۇسۇلمانلار، شىمالدا جۇڭغارلار» بولغان ۋەزىيەت شەكىللەنگەن. 1759 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسى غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىنى چىڭ سۇلالىسىنىڭ بىۋاستە باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزگەندىن كې-

يىن، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى «يېڭىدىن قايتۇرۇۋېلىنغان قە-
دىمىي زېمىن» دېگەن مەنىدە غەربىي يۇرتنى شىنجاڭ ياكى بىر-
لەشتۈرۈپ «غەربىي يۇرت شىنجاڭ» دەپ ئاتىغان، «تۈركىستان»
دېگەن ئۇقۇمنى كىشىلەر ئاساسەن ئۇنتۇپ كەتكەن.

«تۈركىستان» دېگەن جۇغراپىيىلىك نام 19 - ئەسىرنىڭ
دەسلىپىدە كۈچلۈك كاپىتالىستىك دۆلەتلەر ئوتتۇرا ئاسىيا
رايونىدا مۇستەملىكە كېڭەيمىچىلىكى قىلغاندىن كېيىن قاي-
تىدىن ئوتتۇرىغا چىققان. 1805 - يىلى رۇسىيىلىك تىمكو-
ۋىسكى ئۆزىنىڭ ئۆمەك باشلاپ ئەلچىلىككە چىققان دوكلاتىدا
«تۈركىستان» دېگەن ئىسىم بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا ھەمدە
جۇڭگو شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدىكى تارىم ئويمانلىقىنى ئاتىغان.
ئىككى رايوننىڭ تارىخى، تىلى، ئۆرپ - ئادىتىدىكى پەرقلەر
ۋە سىياسىي تەۋەلىكىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن، بايان
قىلىشقا قۇلايلىق بولۇشى ئۈچۈن، ئۇ يەنە تارىم ئويمانلىقىنى
«شەرقىي تۈركىستان» ياكى «جۇڭگو تۈركىستانى» دەپ ئاتىغان.
19 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىرى، رۇسىيە ئىلگىرى -
ئاخىر بولۇپ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى خىۋا، بۇخارا ۋە قوقان خان-
لىقلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ماۋرا ئۇننەھر
رايونىدا «تۈركىستان گوبېرناتورلۇقى»نى قۇرۇپ چىققان. شۇ-
نىڭ بىلەن بىر قىسىم غەرب تارىخشۇناسلىرى ۋە جۇغراپى-
يەشۇناسلىرى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ماۋرا ئۇننەھر رايونىنى
«رۇسىيىگە قارام تۈركىستان» ياكى «غەربىي تۈركىستان»،
جۇڭگو شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدىكى تارىم ئويمانلىقىنى «جۇڭگو
تۈركىستانى» ياكى «شەرقىي تۈركىستان» دەپ ئاتىغان. لېكىن
بۇ ئىككى خىل ئاتاش ئەسلا ئادەتكە ئايلانغان،قېلىپلاشقان ئاتال-
غۇغا ۋە بىرلىككە كەلگەن ئىشلىتىش ئۇسۇلىغا ئايلانمىغان.

### 2. پانئىسلامىزم ۋە پانتۈركىزمنىڭ ئاساسى

پانئىسلامىزم بۈيۈك ئىسلامىزم دەپمۇ تەرجىمە قىلىنغان
بولۇپ، 19 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ شەكىللى-

نىشكە باشلىغان بىر خىل ئىجتىمائىي ئىدىيىۋى ئېقىم. ئۇنىڭ بارلىققا كېلىشىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى مۇنداق: 19 ـ ئەسىرگە كىرگەندىن كېيىن، غەرب مۇستەملىكە تاجاۋۇزچىلىقىنىڭ زەربىسى ئاستىدا، مۇسۇلمانلار دۇنياسى پارچىلىنىشقا يۈز تۇتقان، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ بولغان ئوسمان تۈرك ئىمپېرىيىسى ئىچكى ـ تاشقى جەھەتتىن قىيىنچىلىققا ئۇچراپ، كۈنسېرى زەئىپلىشىپ، ھالاك بولۇش گىرىزىسىغا دۇچ كەلگەن. 1884 ـ يىلى ئافغانىستانلىق سەئىد ئافغانى ئىسلام دىنىنى ئىسلاھ قىلىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، «غازات» ئارقىلىق مۇستەملىكە تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى تۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىش ئاساسىدا، پانئىسلامىزملىق تۈپ ئىدىيىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ ئىسلام دىنىنى دۆلەت، مىللەت، تىل، ئىرق ئايرىمىسى بولمىغان «دۇنياۋى دىن» دەپ قاراپ، پۈتكۈل مۇسۇلمانلارنى ئورتاق ئېتىقاد ئاساسىدا بىرلىشىپ، ئورتاق گەۋدە (ئۇممە)گە ئايلىنىپ، خەلىپىنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدە سىرتتىن كەلگەن مۇستەملىكە تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى تۇرۇشقا ۋە مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرگۈچە كۈرەش قىلىشقا چاقىرغان. پانئىسلامىزم تەشەببۇسى ئوسمان ئىمپېرىيىسى سۇلتانىنىڭ قوللىشىغا، شۇنداقلا ئەينى چاغدىكى دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەت ۋە رايونلاردىكى ئىسلام پارتىيىلىرى، تەشكىلاتلىرىنىڭ ۋە مۇسۇلمانلار ئاممىسىنىڭ ئاۋاز قوشۇشىغا، ھىمايىسىگە ئېرىشكەن. دەسلەپكى مەزگىللەردىكى پانئىسلامىزم مۇستەملىكە تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى تۇرۇش خاراكتېرىنى ئالغانىدى.

پانتۈركىزم يەنە «ئوسمانىزم» دەپمۇ ئاتىلىدىغان بولۇپ، ئۇمۇ19 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ شەكىللىنىشكە باشلىغان بىر خىل ئىجتىمائىي ئىدىيىۋى ئېقىم. ئۇنىڭ بارلىققا كېلىش ئارقا كۆرۈنۈشى مۇنداق: چارروسىيە ھۆكۈمىتى «پان سلاۋىيانىزم»دىن ئىبارەت كېڭەيمىچىلىك سىياسىتىنى يۈرگۈزۈپ، باشقا مىللەت خەلقلىرىنى ئەزگەن. روسىيە چېگرىسى ئى-

چىدىكى تاتار مىللىتىنىڭ زىيالىيلار قاتلىمى مەدەنىيەت ئورتاق تونۇشى ئېگىدىن پايدىلىنىپ، مىللەتچىلىكنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچىنى قوزغىتىپ، مائارىپ ۋە تىلنى ئىسلاھ قىلىش ئارقىلىق، تۈرك تىلىدا سۆزلىشىدىغان ھەرقايسى مىللەتلەرنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، بىرلىككە كەلگەن «تۈرك مىللىتى» گە ئايلاندۇرۇپ، شۇ ئارقىلىق چاررۇسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ خىل سىياسىتىگە قارشى تۇرۇشنى مەقسەت قىلغان. چاررۇسىيىلىك تاتار ئىسمائىل گاسپىرىنسكى 1883 ـ يىلى ئېنىق قىلىپ رۇسىيىدىكى مۇسۇلمانلار «تىل، ئىدىيە ۋە ھەرىكەت جەھەتتە بىرلىشىشى كېرەك» دەپ كۆرسەتكەن. ئۇنىڭ ۋارىسى يۇسۇپ ئاقچورا تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا، تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان بارلىق مىللەتلەرنى بىرلەشتۈرۈپ، بىرلىككە كەلگەن «مىللەت ئىتتىپاقى»غا ئايلاندۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويغان. 1917ـيىلى ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن، پانتۈركىزمنىڭ رۇسىيىدىكى بازىرى كاساتلاشقان، گاسپىرىنسكى قاتارلىقلار تۈركىيىگە قېچىپ كەتكەن، شۇنىڭ بىلەن پانتۈركىزم ئوسمان ئىمپېرىيىسىدىكى بىر قىسىم زىيالىيلار تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىپ، ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللەردىكى قۇدرەتلىك سەلتەنىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرىدىغان مىللەتنى قايتا گۈللەندۈرۈش ھەرىكىتىنىڭ مەنىۋى تۈۋرۈكىگە ئايلانغان ھەمدە دۇنياغا تارقىتىلغان.

20 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپىدە پانئىسلامىزم ۋە پانتۈركىزم پۈتۈنلەي ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ فېئودال دىنىي يۇقىرى قاتلىمى تەرىپىدىن كونترول قىلىنىپ، بىر خىل چېكىدىن ئاشقان دىنىي ئەسەبىيلىك ۋە مىللىي شوۋىنىزملىققا ئىگە ئىجتىمائىي پىكىر ئېقىمىغا ئايلانغان. سىنىپ، دۆلەت ۋە مىللەت ھالقىغان بۇنداق رادىكال دىن قارىشى ۋە مىللەت قارىشى ئەسلىدىكى مۇستەملىكە تاجاۋۇزچىلىقىنىڭ زۇلۇمىغا قارشى تۇرۇش، مىللەتنىڭ ۋە دۆلەتنىڭ تەرەققىياتىنى ئىستەشتەك ئەسلىي مەنىسىدىن يىراقلاپ، فېئودال كۈچلەر ۋە جاھانگىرلىكنىڭ پايدىلىنىش

قورالىغا ئايلىنىپ قالغان.

**3. «پانئىسلامىزم» ۋە «پانتۈركىزم» ئىدىيىسىنىڭ شىنجاڭغا سىڭىپ كىرىشى**

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرى، ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ شىنجاڭ بىلەن ئالاقىسى بار ئىدى. شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، ئەينى ۋاقىتتا ئىلىدا ئولتۇراقلاشقان تۈركىيىلىكلەر 42 ئائىلە بولۇپ، تەخمىنەن 61ى ئەر، 28ى ئايال ئىدى.① 20 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپىدە ئوسمان ئىمپېرىيىسىنى مەركەز قىلغان پانئىسلامىزم، پانتۈركىزم ئىدىيىۋى ئېقىمى شىنجاڭغا سىڭىپ كىرىشكە باشلىغان. ئەينى چاغدىكى جۇڭگو چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىكى ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش ئۇستىدە تۇرۇۋاتقان بولۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىچكى قىسمىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، پانئىسلامىزم، پانتۈركىزم ئىدىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرگەندىن كېيىن تارقىلىشى ۋە يامراپ كېتىشىدە ئاساسلىقى مۇنداق ئۈچ خىل سەۋەب بار: بىرىنچى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۇزاق مۇددەت فېئودال ئېكسپىلاتاتسىيىنىڭ زۇلمىغا ئۇچرىغانلىقتىن، زۇلۇم ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىگە قارشى تۇرۇش، ئازادلىقنى تەلەپ قىلىشتەك سىياسىي ئېڭى ئۈزلۈكسىز ئۆسكەن. ئىككىنچى، 1884 ـ يىلى ئۆلكە قۇرۇلغاندىن كېيىن، 30 يىلدىن ئارتۇق نىسپىي مۇقىم تەرەققىيات بارلىققا كېلىپ، مىللەت ئېڭىمۇ جەمئىيەت، ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ بىرئاز تەرەققىي قىلغان. ئۈچىنچىدىن، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشتىن ئىبارەت ئورتاق دىنىي ئاڭ ئاسانلا ھەمنەپەسلىكنى شەكىللەندۈرگەن.

دەسلەپكى مەزگىللەردە، چېگرا سىرتىدىكى پانئىسلامىزم، پانتۈركىزم ئىدىيىۋى ئېقىمى شىنجاڭغا ئاساسلىقى سودىگەرلەر ۋە چەت ئەللەرگە چىقىپ ئوقۇغان ياكى ھەج قىلىپ كىرگەنلەردىن ئىبارەت ئىككى خىل ئادەملەر ئارقىلىق تارقالغانىدى. سودى-

① «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى. ئالاقە 6».

گەرلەر تاشقى سودا بىلەن شۇغۇللىنىش ياكى تەكشۈرۈش، ساياھەت قىلىش داۋامىدا، ئالدى بىلەن «پان ئىسلامىزم، پانتۈركىزم» ئىدىيىۋى ئېقىمى بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇنى شىنجاڭغا ئېلىپ كىرگەن. مەسىلەن، 20 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى شىنجاڭلىق مىليونېر، ئاتۇشلۇق سودىگەر ھۈسەيىنباي (1908 ـ يىلىدىن ئىلگىرىكى پائالىيەت مەركىزى ئاتۇشتا، كېيىن ئىلىغا كۆچكەن) تاشقى سودا بىلەن شۇغۇللىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ياۋروپانى ساياھەت قىلىپ، كۆپ قېتىم ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ پايتەختى ئىستانبۇلدا توختاپ ئۆتكەن بولۇپ، پانئىسلامىزم، پانتۈركىزم پىكىر ئېقىمى ئۇنىڭدا ئىنتايىن چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغانىدى. ئۇنىڭ سۆز ـ ھەرىكەتلىرى ئەتراپىدىكى كىشىلەرگە تەسىر قىلغان. 1913 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرى ھۈسەيىنباي جەمەتىدىن ئوبۇل ھەسەن ھاجى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر قىسىم قەشقەرلىك سودىگەر باي ھاجىملار ئىستانبۇلغا بېرىپ، ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ «بىرلىك ۋە تەرەققىيات كومىتېتى»نىڭ مەركىزىي رەھبىرى مۇھەممەت تەلئەت پاشانى زىيارەت قىلغان. تەلەت ئەينى ۋاقىتتا يېتەكچىلىك قىلىۋاتقان بىر مەخپىي تەشكىلاتنىڭ ۋەزىپىسى دۇنياغا پانئىسلامىزم، پانتۈركىزم ئىدىيىسىنى تارقىتىش ئىدى.① ئۇ شىنجاڭدىن كەلگەن زاتلارغا ناھايىتى ئېتىبار بىلەن قاراپ، ئايرىلىش چېغىدا، تەلئەت شىنجاڭغا مەخسۇس «ئوقۇتقۇچى»لارنى ئەۋەتىشكە قوشۇلغان. يەنە بىر خىلدىكى چەت ئەلدە ئوقۇپ كىرگەن ياكى ھەج قىلىپ كەلگەن كىشىلەر چەت ئەللەردە ئۆگىنىش، بىلىم ئېلىش، يېڭى شەيئىلەر بىلەن ئۇچرىشىش داۋامىدا، پانئىسلامىزم، پانتۈركىزم ئىدىيىسىنىمۇ قوبۇل قىلغان ياكى ئۇنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان.

شۇنى ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، ئەڭ دەسلەپتە چەت ئەللەرگە چىققان شىنجاڭلىق ھەر خىل مىللىي زاتلار ئەينى ۋاقىت-

---

① J. M لاندور: «تۈركىيىدىكى پانتۈركىزم»، لوندون 1981ـ يىلى ئىنگلىزچە نەشرى، 49ـ بەت.

تا جەمئىيەتتە بىرقەدەر يۇقىرى ئىناۋەتكە ئىگە ھەمدە جەمئىيەت تەرەققىياتى ئۈچۈن نۇرغۇن پايدىلىق ئىشلارنى قىلغانىدى. مەسىلەن، ھۈسەيىنباي شىنجاڭدا قوزغالغان شىڭخەي ئىنقىلابىغا قاتناشقان ۋە ئۇنى قوللىغان، ئىنقىلابىي ئارمىيىنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن قوللىغان، قوشۇن تەشكىللەشكە ياردەم قىلغان؛ مىللىي سانائەتنىڭ تەرەققىياتىغا تۆھپە قوشقان ۋە مىللىي مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرغان. ئەمما دۇنيا مىقياسىدىكى سىنىپ، مىللەت، دۆلەت ھالقىغان رادىكال دىنىي ئاڭ ۋە مىللىي ئاڭغا ئىگە بولغان پانئىسلامىزم، پانتۈركىزم ئىدىيىۋى ئېقىمىغا نىسبەتەن، دۇنيانى ئەمدىلا كۆرۈشكە باشلىغان بۇ شىنجاڭلىق زاتلار ياخشى - يامانني ئايرىمايلا قۇچىقىنى كەڭ ئاچقانىدى.

شىنجاڭلىق شەخسلەر تەشەببۇسكارلىق بىلەن پانئىسلامىزم، پانتۈركىزم ئىدىيىسىنى ئېلىپ كىرگەندىن سىرت، يەنە ئوسمان ئىمپېرىيىسىمۇ شىنجاڭغا پانئىسلامىزم، پانتۈركىزم ئىدىيىسىنى ئاكتىپلىق بىلەن تارقاتقان. شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت چەت ئەللىكلەرنىڭ، بولۇپمۇ ئوسمان تۈركلىرىنىڭ دىن تارقىتىشىنى چەكلىگەنلىكى ئۈچۈن، ئەڭ دەسلەپتە شىنجاڭغا كىرىپ پانئىسلامىزم، پانتۈركىزم ئىدىيىسىنى تارقاتقان تۈركىيىلىكلەر مەكتەپ قۇرۇش نامىدا مەيدانغا چىققان. 1914 - يىلى 2 - ئايدا، ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ «بىرلىك ۋە تەرەققىيات كومىتېتى» ئەخمەت كامال قاتارلىق يەتتە كىشىنى رۇسىيە چېگرىسىدىن (ھۈسەيىنباي قاتارلىقلار رۇسىيىدىكى ئودېسادىن ئۇلارنى قارشى ئېلىپ، بىرلىكتە ھەمراھ بولۇپ كەلگەن) شىنجاڭغا ئەۋەتكەن، 3 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ئۇلار ئاتۇشقا يېتىپ كەلگەن. ئۇلار ئەڭ دەسلەپتە قەشقەردە مەكتەپ قۇرماقچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن يەرلىك دائىرىلەرنىڭ باشقۇرۇشى قاتتىق بولغاچقا، ئورۇننى ئۆزگەرتىپ، ئاتۇشتا بىر پېداگوگىكا مەكتىپى قۇرغان، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر خەير - ئېھسان ئورگىنى قۇرغان. مەكتەپكە ھۈسەيىنباي رىياسەتچىلىك قىلغان، كامال قاتار-

لىق يەتتە تۈركىيىلىك سىنىپ مەسئۇللۇقىنى ۋە دەرس ئۆتۈش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئۈستىگە ئالغان.[1] ئۇلار مائارىپ بىلەن شۇغۇللىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، پانئىسلامىزم، پانتۈركىزم ئىدىيىسىنى كەڭ كۆلەمدە تەشۋىق قىلىپ، ئوقۇغۇچىلارغا ئوسمان تۈرك سۇلتانىنى داھىي دەپ بىلىش توغرىسىدا تەلىم بېرىپ، ئوقۇغۇچىلارنى تۈركىيە مارشىنى ئۆگىنىشكە تەشكىللىگەن. مەكتەپتە يەنە ئىستانبۇلدىن يۆتكەپ كېلىنگەن باسما زاۋۇتى قۇرۇپ، «بۈيۈك دىن» ژۇرنىلىنى ئاشكارا نەشر قىلىپ تارقىتىپ، پانئىسلامىزم، پانتۈركىزم ئىدىيىسىنى تەشۋىق قىلغان. ئوخشاش خىلدىكى يېڭىچە مەكتەپلەر ناھايىتى تېزدىن قەشقەر، يەكەن، خوتەن، كۇچا قاتارلىق جايلاردا ئېچىلغان. 1915 - يىلى يازدا، تۈركىيىلىكلەرنىڭ ئاتۇشتا خۇسۇسىي مەكتەپ ئاچقانلىقى ھەققىدىكى مەلۇمات ھۆكۈمەتكە مەلۇم قىلىنغان. 8 - ئايدا كامال قاتارلىقلار قەشقەر ئامبىلى تەرىپىدىن سوراق قىلىنغان. 9 - ئايدا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، كامال قاتارلىقلارنىڭ ئوقۇتۇش بىلەن شۇغۇللىنىشىنى چەكلىگەن، شۇنداقلا ھەرقايسى جايلاردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ تۈركىيىلىكلەرنى ئوقۇتقۇچىلىققا تەكلىپ قىلىشىنى قاتتىق چەكلىگەن. شۇنىڭغا ئەگىشىپ، قەشقەر يەرلىك ھۆكۈمىتى بۇ «پېداگوگىكا مەكتىپى»نى پېچەتلىگەن ھەمدە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ ھەرقايسى جايلاردىكى مەكتەپلەرنىڭ بۇ «پېداگوگىكا مەكتىپى»نى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى ئىشلىتىشىنى چەكلىگەن. كامال گەرچە قەشقەردە ئەركىن پائالىيەت ئېلىپ بېرىشتىن چەكلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن يوشۇرۇنچە ھەرقايسى مەكتەپلەر بىلەن بولغان ئالاقىنى ساقلاپ قالغان. ئەينى چاغدا، شىنجاڭدىكى بۇ تۈركىيىلىكلەرنىڭ پائالىيىتىنى گېرمانىيە ۋاكالىتەن باشقۇرغانىدى، 1917 - يىلى 3 - ئايدا جۇڭگو - گېرمانىيە مۇناسىۋىتى ئۈزۈلگەندىن كېيىن، بۇ بىر

[1] ئەخمەت كامال ئەلكۆر: «تۈركىستان ۋە جۇڭگودىكى ئۇنتۇلغۇسىز ئەسلىمىلەر»، ئىستانبۇل. 1955-يىلى نەشرى، 52-بەت.

تۈركۈم كىشىلەر ھىمايىسىز قالغان، ئارقىدىنلا شىنجاڭ ئۆلكى-
لىك ھۆكۈمەت تەرىپىدىن نەزەربەند ئاستىغا ئېلىنغان. 1919 ـ
يىلى كامال ۋە گېرمانىيىلىك ئەسىرلەر بىر يولىلا چېگرىدىن
چىقىرىۋېتىلگەن.

پانئىسلامىزم، پانتۈركىزم ئىدىيىسىنى قوبۇل قىلغان بىر
قىسىم شىنجاڭلىق شەخسلەرمۇ تۈركىيىلىكلەرنىڭ ياردىمى
ئاستىدا مەكتەپ ئېچىشتىن پايدىلىنىپ، پانئىسلامىزم، پانتۈر-
كىزم ئىدىيىسىنى تارقاتقان. مەسىلەن، ھۈسەيىنبايىنىڭ كىچىك
ئىنىسى باھاۋۇدۇننىڭ ئوغلى مەسئۇد سەبىر 1911ـيىلى ئىستان-
بۇلغا ئوقۇشقا چىقىپ، 1915ـيىلى قەشقەرگە قايتىپ كەلگەندىن
كېيىن ئۆزى يالغۇز بىرقانچە باشلانغۇچ مەكتەپ ئېچىپ، مائا-
رىپنى گۈللەندۇرۇش نامىدا، ياشلار ـ ئۆسمۈرلەرگە پانئىسلا-
مىزم، پانتۈركىزم ئىدىيىسىنى تارقاتقان. 1924 ـ يىلى ئۆلكى-
لىك ھۆكۈمەت تەرىپىدىن تەكشۈرۈپ قولغا چۈشۈرۈلۈپ، 10 ئاي-
لىق نەزەربەند قىلىش جازاسى بېرىلگەن.

ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ شىنجاڭغا پانئىسلامىزم، پانتۈر-
كىزمنى سىڭدۈرۈشتىكى يەنە بىر ئۇسۇلى چېگرا سىرتىدىن يا-
كى جۇڭگونىڭ ئىچكىرى جايلىرىدىن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى
جايلىرىغا پوچتا يوللانمىلىرى ئارقىلىق، پانئىسلامىزم، پانتۈر-
كىزم ئىدىيىسىدىكى تەشۋىقات بۇيۇملىرىنى بىۋاستە ئەۋەتىش
ئىدى. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت پانئىسلامىزم، پانتۈركىزمنىڭ سى-
ڭىپ كىرىشىنى چەكلەپ، چېگرا سىرتىدىن كىرىدىغان تەشۋىقات
بۇيۇملىرىنى تەكشۈرۈشنى كۈچەيتكەچكە، كۆپ مىقداردىكى پان-
ئىسلامىزم، پانتۈركىزم ئىدىيىسىگە دائىر باسما بۇيۇملىرى
جۇڭگونىڭ ئىچكى جايلىرى ئارقىلىق شىنجاڭغا يەتكۈزۈلگەن.
1917 ـ يىلى 9 ـ ئايدا، شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ باشلىقى ياڭ
زېڭشىن مەركەزگە يوللىغان دوكلاتىدا: «يېقىنقى كۈنلەردىن بۇ-
يان، تۈركىيىلىكلەرنىڭ خەنكۇ ھەمدە ئىچكىرىدىكى ھەرقايسى
جايلاردىن ئەۋەتكەن پوچتا يوللانمىلىرى ئارىسىدىن تۈرك يېزى-

قىدىكى باسما بۇيۇملىرىنى تەكشۈرۈپ قولغا چۈشۈردۇق، بۇلار شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار ۋە ئاخۇنلارنىڭ كاتتىۋاشلىرىغا ئەۋەتىلگەن بولۇپ، قوشۇنلىرىمىز كۆپ قېتىم تەكشۈرۈپ قولغا چۈشۈرگەن بولسىمۇ، بۇنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى.» ① دەپ كۆرسەتكەندى. شىمالىي مىلىتارىستلار ھۆكۈمىتى بۇ ئىشقا ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىپ، دەرھال قاتناش مىنىستىرلىقىغا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، تېلېگراممىا ئەۋەتىپ، پوچتا باش ئىدارىسى ۋە ھەر قايسى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتلەردىن تەكشۈرگۈچى خادىملارغا بۇ خىلدىكى پوچتا يوللانمىلىرىنى «ئەستايىدىل تەكشۈرۈش»نى تەلەپ قىلغان. ②

پانئىسلامىزم، پانتۈركىزم ئىدىيىسىنىڭ سىڭىپ كىرىشى ۋە تارقىلىشى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ دىققىتىنى قوزغىغان ۋە ھوشيارلىقىنى ئۆستۈرگەن. ئۆلكە باشلىقى ياڭ زېڭشىن ئېنىق قىلىپ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «بۈيۈك ئىسلامىزم» (يەنى «پانئىسلامىزم»)نىڭ ئىتتىپاقداش دۆلەت قۇرۇشنى كۆككە كۆتۈرۈشىدە «يامان غەرەز» بار. ئۇنىڭدا تەشۋىق قىلىنغان «بۈيۈك بىرلىككە كەلگەن» ئىسلام دۆلىتى ۋە ياۋرو ـ ئاسىيانى بىرلەشتۈرگەن ئىسلام دىنىنىڭ «بۈيۈك ئىتتىپاقداش دۆلەت قۇرۇش» تەشەببۇسى يەرلىكنىڭ مۇقىملىقى ۋە شىنجاڭنىڭ بىرلىكىگە ئېغىر خەۋپ يەتكۈزىدۇ، دەپ قاراشقا بولىدۇ. بىراق، چېگرا سىرتىدىكى ئەنجان قاتارلىق جايلاردىكى پانئىسلامىزم، پانتۈركىزمچى ئۇنسۇرلارنىڭ قەشقەر مۇسۇلمانلىرى بىلەن ئالاقە باغلاپ، «ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇش غەرىزىدە ئېلىپ بارغان بىر مەزگىللىك ھەرىكەتلىرىگە قارىتا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تېخىمۇ

① مىنگونىڭ 6ـيىلى 9ـئاينىڭ 6ـكۈنى «شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ باشلىقى ياڭ زېڭشىندىن كەلگەن خەت». «جۇڭگو-رۇسىيە مۇناسىۋىتى تارىخى. شىنجاڭنىڭ چېگرا مۇداپىئەسى»گە بېسىلغان،تەيۋەن مەركىزىي تەتقىقات ئاكادېمىيىسى يېقىنقى زامان تارىخ تەتقىقات ئورنى تۈزگەن، 1983ـيىلى نەشرى، 6ـبەت.

② مىنگونىڭ 6 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى «قاتناش مىنىستىرلىقىدىن كەلگەن خەت»، يۇقىرىقى كىتابقا بېسىلغان.

كەسكىن بولغان ئالدىنى ئېلىش ۋە تاقابىل تۇرۇش تەدبىرلىرىنى
قوللانغان.① پانئىسلامىزم، پانتۈركىزم ئىدىيىسىنىڭ يەنىمۇ سى-
ڭىپ كىرىشى ۋە يامراپ كېتىشىنى توسۇش ئۈچۈن، ئۆلكىلىك
ھۆكۈمەت مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى باشقۇرۇشنى تېخىمۇ كۈچەيت-
كەن، بۇ ئاساسلىقى ئىككى تەرەپكە يىغىنچاقلىنىدۇ: بىرىنچى-
دىن، سىرتقا قارىتا چېگرا ئىچىگە پانئىسلامىزم، پانتۈركىزم ئى-
دىيىسىنى تەشۋىق قىلىشنى قاتتىق چەكلىگەن. ئۆلكىلىك ھۆ-
كۈمەتنىڭ بۇيرۇقىدا، تۈركىيىلىك ۋە باشقا چەت ئەللىكلەرنىڭ
قۇرئان تەپسىر قىلىش ياكى باشقا ناملار بىلەن شىنجاڭدا «بۈيۈك
ئىسلام ئىشلىرىنى تەشۋىق قىلىش»ى چەكلىنىدۇ، ئەگەر «يەر-
لىكتە مۇسۇلمانلارنى قۇترىتىپ قايمۇقتۇرغۇچىلار»چىقىپ قال-
سا، يەرلىك دائىرىلەر تەكشۈرۈپ ئېنىقلىغان ھامان «دەرھال
چېگرىدىن قوغلاپ چىقىرىلىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن.② شۇنىڭ بى-
لەن بىر ۋاقىتتا، ھەرقايسى جايلاردىكى مەسچىتلەرگە بولغان
باشقۇرۇش كۈچەيتىلگەن، تۈركىيىلىك ۋە باشقا چەت ئەللىكلەرنى
مۇدەررىس ياكى ئاخۇنلۇققا تەكلىپ قىلىشقا بولمايدۇ. چەكلەش
بۇيرۇقىغا خىلاپلىق قىلىپ، «چەت ئەللىكلەرنى ئاخۇنلۇققا تەك-
لىپ قىلغۇچىلار» ياكى چەت ئەللىكلەرنى مەسچىتلەرگە ئېلىپ
كىرىپ قۇرئان تەپسىر قىلغۇچىلار ئېغىر جازاغا تارتىلىدۇ دەپ
ئېنىق چەكلەش بۇيرۇقى چىقىرىلغان. ئىككىنچىدىن، ئىچكى
قىسىمدا، سىرتلارغا چىقىپ ھەج تاۋاپ قىلىشنى چەكلىگەن. تا-
رىختىن بۇيان، شىنجاڭ مۇسۇلمانلىرىنىڭ كۆپ قىسمى يېقىن
ئەتراپتىكى ئۇلۇغلارنىڭ مازىرىغا بېرىپ تاۋاپ قىلىدىغان دىنىي
ئادەتنى يېتىلدۈرگەن. پانئىسلامىزم، پانتۈركىزم ئىدىيىسىنىڭ
سىڭىپ كىرىشى ۋە تارقىلىشىغا ئەگىشىپ، مەككىگە بېرىپ ھەج
قىلىدىغانلار كۆنسېرى كۆپەيگەن. 1917 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ
كەينىگىچە، شىنجاڭ مۇسۇلمانلىرىدىن ھەج قىلىشقا بارغانلارنىڭ

① ياڭ زېڭشىن: «ئىستىغپار ھۇجرىسىدا يېزىلغان مەكتۇپلار Ⅲ»، 2 ـ توم.
② «ئىستىغپار ھۇجرىسىدا يېزىلغان مەكتۇپلار»، 10ـقىسىم، 8ـباب.

سانى «يىلىغا نەچچە 10 مىڭ ئادەمگە يەتكەن». بۇنداق كۆپ كىشىلەرنىڭ چېگرىدىن چىقىشى چېگرا سىرتىدىكى پانئىسلامىزم، پانتۈركىزم ئىدىيىسى تەشۋىقاتىنىڭ ئېزىقتۇرۇشىغا قۇلايلىق يارىتىپ بەرگەن. پانئىسلامىزم، پانتۈركىزم ئىدىيىسىنىڭ شىنجاڭدا يامراپ كېتىشىنى چەكلەش ئۈچۈن، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ھەر يىلى چېگرىدىن چىقىپ مەككىگە بېرىپ ھەج قىلىدىغانلارنىڭ سانىغا چەك قويغان. 1917 ـ يىلى 3 ـ ئايدا، بىخەتەرلىككە كاپالەتلىك قىلىشنى كۆزدە تۇتۇپ، ھەج قىلغۇچىلار ئۈچۈن چېگرىنى تاقىغان. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت: «بىخەتەرلىككە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، بۇنىڭدىن كېيىن جۇڭگودىكى خۇيزۇلار ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ مەككىگە بېرىپ ھەج تاۋاپ قىلىشىغا رۇخسەت قىلىنمايدۇ، شۇنداقلا پاسپورت بېرىلمەيدۇ ۋە چېگرىدىن چىقىرىلمايدۇ» دەپ بۇيرۇق ئېلان قىلغان.[1] بۇ چەكلەش بۇيرۇقى 10 يىل ئىجرا قىلىنغان، 1927 ـ يىلى چەكلەش بۇيرۇقى بىكار قىلىنىپ، چېگرىدىن چىقىپ ھەج تاۋاپ قىلىشقا رۇخسەت قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا نۇرغۇن چەكلەش تەدبىرلىرى قوللىنىلغان. 1923 ـ يىلى شىنجاڭ دائىرىلىرى يەنە تۈركىيىدىن كېلىدىغان بىر دىنىي ئۆمەكنى رەت قىلغان.

گەرچە شىنجاڭ دائىرىلىرى پانئىسلامىزم، پانتۈركىزمنىڭ سىڭىپ كىرىشىنى توسۇش ئۈچۈن نۇرغۇن تەدبىرلەرنى قوللانغان بولسىمۇ، پانئىسلامىزم، پانتۈركىزم ئىدىيىسى شىنجاڭنىڭ قىسمەن رايونلىرىدا يەنە يامراش يۈزلىنىشىدە بولغان. پانئىسلامىزم، پانتۈركىزم ئىدىيىسىدىكى ئاتالمىش «مىللەتنى قوغداش، قالاقلىق ئامىللىرىغا قارشى تۇرۇش»تەك كىشىنى قىزىقتۇرىدغان سەپسەتىلەر ۋە مىللىي مۇستەقىللىق، ئىسلام پادىشاھلىقى قۇرۇشتەك تەشەببۇسلارنىڭ شىنجاڭدا يەنىلا بازىرى بار ئىدى. بۇنىڭ بىلەن 20 ـ ئەسىردە شىنجاڭدا بۆلگۈنچىلىكنىڭ پەيدا بولۇش مەنبەسى شەكىللەنگەن. 20 ـ يىللارنىڭ ئالدى ـ كەينى-

① «ئىستىغپار ھۆجرىسىدا يېزىلغان مەكتۇپلار»، 10ـقىسىم، 8ـباب.

ـدە، مەسئۇد سەبىرى، مۇھەممەت ئىمىن، سابىت داموللا قاتار-ىلىقلار باشچىلىقىدىكى پانئىسلامىزم، پانتۈركىزمنى بايراق قىلـ-غان بىر ئوچۇم بۆلگۈنچى كۈچلەر شەكىللەنگەن. ئۇلار پانئىسلا-مىزم، پانتۈركىزم ئىدىيىۋى ئېقىمىدىكى ياۋروپا مۇستەملىكى-چىلىرىگە قارشى تۇرۇپ، دۆلەتنىڭ مۇستەقىللىقىنى قولغا كەل-تۈرۈشكە ئوخشاش سۆزلەرگە تەتبىقلىغان ھالدا، مەركىزىي ھۆ-كۈمەت ۋە يەرلىك دائىرىلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىرىنى مۇستەملىكى-چىلىك ھۆكۈمرانلىق دەپ قاراپ، جۇڭگونىڭ مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇپ، مىللىي مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك، دەپ جار سېلىپ، شىنجاڭنى ۋەتەنىمىزنىڭ قوي-نىدىن پارچىلاپ چىقىپ كېتىشكە ئۇرۇنغان.

## ئىككىنچى، «شەرقىي تۈركستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» بۆلگۈنچى ھاكىمىيىتى

**1. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى جىن شۇرېنغا قارشى قوزغىلاڭلار ۋە بۆل-گۈنچى ھاكىمىيەتنىڭ پەيدا بولۇش ئارقا كۆرۈنۈشى**

20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىنىڭ دەسلەپىدە، شىنجاڭدىكى تۈرلۈك ئىجتىمائىي زىددىيەتلەر ئۆتكۈرلىشىپ، جايلاردا مىللەتـا-رىست جىن شۇرېننىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كۈرەشلەر پارتلى-غان. گەنسۇلۇق مىللەتارىست ما جۇڭيىڭمۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ شىنجاڭغا قوشۇن كىرگۈزگەن، ئۇرۇش مالىمانچىلىقى شىنجاڭ-نىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى ئېغىر زەربە ۋە بۇزغۇن-چىلىققا ئۇچراتقان. 1933 ـ يىلى 1 ـ ئايدا قاراشەھەردىكى خوي-زۇلارنىڭ يولباشچىسى ماجەنساڭ كۇچادىكى ھامماللارنىڭ باشلى-قى تۆمۈر بىلەن كۇچادا قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن ۋە 2 ـ ئاينىڭ ئاخى-رى ئاقسۇنى ئىشغال قىلىپ، ئۇدۇل جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ مەركى-زى قەشقەرگە قىستاپ كەلگەن. شۇ مەزگىلدە، كېرىيە دېھقانلىرى ۋە قارىقاش ئالتۇن كان ئىشچىلىرى ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن، كان ئىشچىلىرى ئۆزلىرىنىڭ رەھبىرى

ئىسمائىلخان خوجىنىڭ رەھبەرلىكىدە ناھىيە بازىرىنى ئىگىلەپ، ئارقىدىنلا غەربكە يۈرۈش قىلىپ، قاغىلىق، يوپۇرغا ۋە مۇھىم بازار يەكەننى مۇھاسىرىگە ئالغان. بۇنىڭ بىلەن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقى قىل ئۈستىدە قالغان.

جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى قوزغىلاڭلار گەرچە ھەر مىللەت ئىزىلگۈچى خەلق قاتناشقان، تىغ ئۇچى بىۋاسىتە مىلىتارىستلارنىڭ زۇلمەتلىك ھۆكۈمرانلىقىغا قارىتىلغان قوراللىق قوزغىلاڭ بولسىمۇ، لېكىن كۈرەش داۋامىدا ئوخشىمىغان دەرىجىدە چەكلىمىلىكلەر ياكى خاتالىقلار ساقلانغان، بۇ ئاساسلىقى تۆۋەندىكى ئۈچ جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ: بىرىنچىدىن، تار مىللەتچىلىك مەيدانىنى ئاساس قىلىپ، فېئودال ھۆكۈمرانلىقنى يۈرگۈزۈۋاتقان خەنزۇ بيۇروكراتلىرى بىلەن خەنزۇ ئاممىسى ئايرىلاشتۇرۇۋېتىلگەن، ھۆكۈمەتنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيىسى ۋە زۇلمى، سودىگەرلەرنىڭ جازانىخورلۇق قىلىپ شىلىۋېلىشى ھەمدە باج ـ سېلىق جەھەتتىكى تەڭسىزلىكلەرنىڭ ھەممىسى خەنزۇلارنىڭ «گۇناھى» دەپ قارالغان، بۇنىڭ بىلەن خەنزۇلارغا «ئۆچمەنلىك بىلەن قاراش» كەيپىياتى شەكىللەنگەن؛ ئىككىنچىدىن، تارىختىن بۇيانقى دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ دىنىي تەشۋىقاتلاردىن پايدىلىنىشى ۋە ئاممىنى تەشكىللىشىگە ئوخشاشمىغان ھالدا، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى دېھقانلار قوزغىلاڭلىرىدا ئىسلام دىنىدىكىلەرنىڭ كاپىرلارغا قارشى «غازات» ئېلىپ بېرىش پۈرىتى ئىنتايىن كۈچلۈك بولغان. جەڭ مەيدانلىرىدا «ئۆلسەك شېھىت، قالساق غازى» دېگەن شوئارلار ياڭرىغان، بۇ «ناۋادا بىز ئۆلۈپ كەتسەك شېھىت بولىمىز؛ ھايات قالساق بىز بويسۇندۇرغۇچى» دېگەنلىك ئىدى؛ ئۈچىنچىدىن، بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلارنىڭ قۇتراتقۇلۇقى ئارقىسىدا، كونا تۈزۈمگە خاتىمە بېرىپ، ئېكسپىلاتاتسىيە ۋە زۇلۇمنى يوقىتىش بىلەن دۆلەتنى پارچىلاش ئارىلاشتۇرۇلۇپ، پەقەت مۇستەقىل ئىسلام ھاكىمىيىتى قۇرغان چاغدىلا، ئاندىن كونا تۈزۈمگە خاتىمە بېرىپ، «كاپىرلار»نىڭ ھۆ-

كۇمرانلىقى ۋە زۇلمىنى يوقاتقىلى بولىدۇ، دەپ قارىلىپ، ئۆزىنى
ئازاد قىلىش تەقدىرى بىلەن بۆلگۈنچى «ئىسلام دۆلىتى» قۇرۇش
بىر نەرسە قىلىپ قويۇلغان. شۇڭا، 30 ـ يىللارنىڭ دەسلەپكى
مەزگىلىدىكى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى قوز-
غىلاڭلار باشلىنىشىدىلا مۇرەككەپ ئارقا كۆرۈنۈشكە ئىگە بولۇپ،
كۈرەشنىڭ خاراكتېرىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسەتكەن.

ئەمەلىيەتتە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قوزغىلاڭلار باشلىنىشى
بىلەنلا بىر قىسىم پانئىسلامىزم، پانتۈركىزم مەخپىي بۆلگۈنچى-
لىك تەشكىلاتلىرى ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقىدىن پايدىلىنىپ،
قوزغىلاڭنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى قولغا كىرگۈزۈۋېلىپ، قوز-
غىلاڭنى بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتى تەرەپكە باشلىغان. بۇ تەش-
كىلاتلاردىن ئاساسلىقى ئىككىسى بولۇپ، بىرى 30 ـ يىللارنىڭ
دەسلەپىدە خوتەندە قۇرۇلغان «مىللىي ئىنقىلابىي كومىتېت»، بۇ
تەشكىلات ئىسمائىلخان خوجىنىڭ ئورنىنى ئېلىپ، قارىقاش
قوزغىلىڭىنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى قولغا كىرگۈزۈۋالغان.
يەنە بىرى قەشقەردە پائالىيەت ئېلىپ بارغان «ياش قەشقەر پارتى-
يىسى» بولۇپ، ئۇلار ۋەزىيەتنى تېخىمۇ ئۇچۇشلۇق كونترول قى-
لىش ئۈچۈن، كۇچا قوزغىلىڭىنىڭ رەھبىرى تۆمۈرنى كونترول
قىلغان ھەمدە قۇمۇل قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ رەھبىرى خوجىنىياز
ھاجى بىلەن ئالاقە باغلىغان. ئەگەر «ياش قەشقەر پارتىيىسى» ئې-
غىر بۆلگۈنچىلىك خاھىشىغا ئىگە دېيىلسە، خوتەندىكى «مىللىي
ئىنقىلابىي كومىتېت»نى سېپى ئۆزىدىن بۆلگۈنچى تەشكىلات دې-
يىشكە بولىدۇ. ئۇلارنىڭ توپ مەقسىتى: كومپارتىيىگە، تۇڭ-
گانلارغا، خەنزۇلارغا قارشى تۇرۇپ، شىنجاڭدا ئىسلام دىنىي دۆ-
لىتى قۇرۇشتىن ئىبارەت.① شۇڭا، ئۇلار مۇھەممەت ئىمىن، سا-

---

① «شىنجاڭ مىلىتارىستلىرى ۋە مۇسۇلمانلىرى(1911 ـ يىلىدىن 1949 ـ يىلىغىچە بولغان
مىنگو مەزگىلىدىكى شىنجاڭنىڭ سىياسىي تارىخى)»، «پانئىسلامىزم، پانتۈركىزم تەتقىقاتى مەج-
مۇئەسى»نىڭ 1 ـ توم 41 ـ بېتىگە قاراڭ، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى 1991 ـ
يىلى ئىچكى قىسىمدا تارقاتقان(تۆۋەندىمۇ ئوخشاش).

بىت داموللىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، پانئىسلامىزم ۋە پانتۈركىزم تەشۋىقاتىنى كېڭەيتىپ، ئىسلام دىنىنىڭ «كاپىرلارغا غازات ئېلىپ بېرىشى»نى كۆككە كۆتۈرۈپ، بۆلگۈنچىلىك قىلىشقا قۇتراتقۇلۇق قىلغان. قوزغىلاڭ غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، ئۇلار ئەسلىدىكى بۆلگۈنچىلىك تەشكىلاتلىرى ئاساسىدا بۆلگۈنچى ھاكىمىيەت تەشكىللەپ، خوتەندە قوزغالغان فېئوداللىق ئېكسپىلاتاتسىيە ۋە زۇلۇمغا قارشى قوزغىلاڭنى بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتىگە ئۆزگەرتىۋەتكەن. شۇنىڭدىن كېيىن، بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتى قەشقەردە يامرىدى، مۇھەممەت ئىمىن، سابىت داموللىلار قەشقەردە بۆلگۈنچى ھاكىمىيەت قۇرۇشقا پائال كىرىشىپ كەتكەن.

## 2. بۆلگۈنچى ھاكىمىيەتنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ئۇنىڭ خەۋپى

1933 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» قەشقەردە قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىغان، ئارقىدىنلا «ھۆكۈمەت»نىڭ «تەشكىلىي پروگراممىسى»، «سىياسىي پروگراممىسى» ھەمدە ئاتالمىش «ئاساسىي قانۇن» ۋە «ھۆكۈمەت» ئەزالىرىنىڭ ئىسىملىكى ئېلان قىلىنغان. «تەشكىلىي پروگراما» جەمئىي 30 ماددا بولۇپ، ئۇنىڭ 2ـ ماددىسىدا مۇنداق دېيىلگەن: «شەرقىي تۈركىستان مەڭگۈ دېموكراتىك جۇمھۇرىيەت بولىدۇ، نەنجىڭ ھۆكۈمىتى ياكى خەلقئارا ئىتتىپاقتىن قولايلىق يارىتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ؛ خەلققە ياردەملىشىپ، ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، ئەڭ ئاخىرقى مەقسەتكە يېتىپ مەڭگۈ مۇستەقىللىقنى ساقلايدۇ.» «مەركىزىي ھۆكۈمەت» زۇڭتۇڭ، گوۋۇيۈەن ۋە ۋازارەتلەردىن تەركىب تاپقاندى. خوجىنىياز (بۇ چاغدا ئاقسۇدا ئىدى) «زۇڭتۇڭ» لۇققا تەكلىپ قىلىنغان، سابىت داموللا زۇڭلى بولغان، ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى ۋازارەت ۋە دۆلەت مەجلىسىنىڭ باش كاتىپى قاتارلىق مۇھىم ۋەزىپىلەرنىڭ كۆپىنچىسىنى ئەسلىدىكى خوتەن «مىللىي ئىنقىلابىي كومىتېتى»نىڭ رەھبەرلىرى ياكى بۆلگۈنچىلىكنى پەيدا قىلغان، قوللىغان فېئودال يۇقىرى قاتلام شەخسلەر ئۈستىگە ئال-

غان. مۇھەممەت ئىمىن «مىللىي ئىنقىلابىي كومىتېت»نىڭ رەھ-
بەرلىك ھوقۇقىنى داۋاملىق قولىدا مەھكەم تۇتۇپ تۇرغان ھەمدە
ئىككى ئىنىسى بىلەن بىرگە خوتەن، يەكەن، يېڭىسار قاتارلىق
ئۈچ مۇھىم جاينى ئايرىپ كونترول قىلغان. ئەينى چاغدا، كىـ-
شىلەر ئۇنى «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى»دىكى ئەڭ باي،
تەسىرى ئەڭ چوڭ شەخس دەپ قارىغان. ئۇلارنىڭ «ئاساسىي قا-
نۇنى»دا ئىسلام شەرىئىتىنىڭ جۇڭخۇا مىنگونىڭ قانۇن - قائىـ-
دىلىرىنىڭ ئورنىنى ئالىدىغانلىقى، تېگى كۆك رەڭلىك، ئاي -
يۇلتۇزلۇق بايراقنىڭ «دۆلەت بايرىقى» بولىدىغانلىقى بەلگىلەنـ-
گەن. «ھۆكۈمەت» ئەنگلىيىگە قاراشلىق ھىندىستان، ئافغانىسـ-
تان، ئىران قاتارلىق جايلارغا ئادەم ئەۋەتىپ، «دىپلوماتىيە پائا-
لىيەتلىرى»نى قانات يايدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ دىپلوماتىيە جەھەتتە
ئېتىراپ قىلىشىنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولغان ھەمدە قەشقەردە
تۇرۇشلۇق ئەنگلىيە كونسۇلخانىسى ۋە زىيارەتكە كەلگەن تۈركىـ-
يىنىڭ ھەربىي، سىياسىي ئەربابلىرى ئارقىلىق، ئىككى دۆلەتـ-
تىن ياردەم تەلەپ قىلغان. قەشقەر ۋە خوتەندە «شەرقىي تۈركىس-
تان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»نىڭ پۇلىنى تارقاتقان، يەنە «شەرقىي
تۈركىستان ھەپتىلىك گېزىتى»، «مۇستەقىللىق» مەجمۇئەسى،
«ئەركىنلىك »ژۇرنىلى، «مەۋجۇتلۇق» ھەپتىلىك گېزىتى قاتار-
لىق گېزىت - ژۇرناللارنى نەشر قىلدۇرۇپ، بۆلگۈنچىلىكنى
كۈچىنىڭ بارىچە تەشۋىق قىلىپ، كاپىرلارغا قارشى «غازات» ئې-
لىپ بېرىشنى كۆككە كۆتۈرگەن.

«شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» 30 - يىللار-
نىڭ دەسلەپكى يېرىمىدا شىنجاڭدىكى مىلىتارىستلار قالايمىقان
ئۇرۇش قىلىۋاتقان، دېھقانلار قوزغىلىڭى بىرسى بېسىلسا، بىر-
سى كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان ئالاھىدە مەزگىلدە تاسادىپىي مەيدانغا
كەلگەن بىر قېتىملىق بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتىنىڭ مەھسۇلى.
گەرچە ئىنتايىن قىسقا مەزگىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بولسىـ-
مۇ، شىنجاڭ تارىخىدىكى تۇنجى بۆلگۈنچى ھاكىمىيەت بولۇش

سوۋېتى بىلەن ئۇنىڭ زېمىنى ئىنتايىن ئېغىر بولغان. بۇ ئاساسلىقى تۆۋەندىكىدەك ئۈچ جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ: بىرىنچىدىن، بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىۋى ئاڭدىن ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئۆتۈشنى تاماملاپ، بۆلگۈنچى ھاكىمىيەت قۇرۇشنىڭ ئۆرنىكىنى ياراتقان. 20-ئەسىرنىڭ دەسلەپكى 1-دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە بۆلگۈنچىلىك پانئىسلامىزم ۋە پانتۈركىزمگە ئەگىشىپ شىنجاڭغا سىڭىپ كىرگەندىن تارتىپ، 1933 - يىلى 11 - ئايدا بۆلگۈنچى ھاكىمىيەت قۇرۇلغانغا قەدەر بولغان بۇ ئۆتكۈنچى دەۋرگە 20 يىل ۋاقىت كەتكەن. ئىككىنچىدىن، پانئىسلامىزم ئىدىيىۋى ئېقىمى ئاستىدا، دىنىي ئەسەبىيلىككە قوترىتىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ئارقىلىق، بۆلگۈنچىلىك مەقسىتىگە يېتىشنىڭ ئۆرنىكىنى ياراتقان. بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار دىنىي تونغا ئورۇنۇۋالغان بولۇپ دىنغا ئىشىنىدىغان مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان ئامما دىنىي ئەسەبىيلىكنىڭ قايمۇقتۇرۇشى ۋە قوترىتىشى ئارقىسىدا، «غازات» قىلىپ، كاپىرلار(خەنزۇلار)نىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئىسلام پادىشاھلىقىنى قۇرۇشنى دىنىي مەجبۇرىيەت ۋە ئاللاغا بولغان ساداقەتمەنلىك دەپ بىلىپ، شېھىت بولۇش شوئارىنى توۋلاپ، بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ توپ يېمى بولۇپ بەرگەن. ئۈچىنچىدىن، پانتۈركىزم ئىدىيىۋى ئېقىمى ئاستىدا، بىر مىللەتنىڭ ئازادلىقى، گۈللىنىشى ۋە تەرەققىياتى باشقا مىللەتنى چەتكە قېقىش ۋە ئۇنىڭغا زەربە بېرىش ئۇستىگە قۇرۇلۇپ، مىللىي مۇستەقىللىق ۋە بۆلگۈنچى ھاكىمىيەت قۇرۇشلا مىللەتنى ئازاد قىلىش ۋە گۈللەندۈرۈشنىڭ مۇقەررەر يولى دەپ تەرغىب قىلىنىپ، مىللەتلەر ئارا جەڭ ۋە مىللىي قىرغىنچىلىققا قۇتراتقۇلۇق قىلىنىپ، مىللىي زۇلۇمغا قارشى تۇرۇشنى خاتا ھالدا بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتىگە باشلاشنىڭ ئۆرنىكى يارىتىلغان. تۆتىنچىدىن، ئەينى ۋاقىتتىكى سىياسىي ئەكسىيەتچىلىك، جەمئىيەتنىڭ چىرىكلىكى، ئىگىلىكنىڭ نامرات ۋە قالاق بولۇشى، شۇنداقلا خەلق ئاممىسىنىڭ ھازىرقى مەۋجۇتلۇق ئەھۋالىنى

ئۆزگەرتىشنى تەلەپ قىلىشتەك كۈچلۈك ئارزۇسىدىن پايدىلىنىش ئارقىلىق، خەلق ئاممىسىنىڭ سىنىپىي ئېكسپىلاتاتسىيە ۋە زۇ لۇمغا قارشى كۈرەشلىرىنى خاتا هالدا بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتىگە باشلاشنىڭ ئۆرنىكى يارىتىلغان. مۇستەقىللىق ۋە بۆلگۈنچى ھا كىمىيەت قۇرۇشلا كونا تۈزۈمنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئەركىنلىككە ئېرىشىشنىڭ مۇقەررەر يولى دەپ جار سېلىنغان. بەشىنچىدىن، بۆلگۈنچىلىكتىكى «داھىي شەخسلەر» مەيدانغا كەلگەن. قەشقەر ۋە خوتەندە بۆلگۈنچى ھاكىمىيەتنىڭ قۇرۇلۇشى سابىت داموللا، مۇھەممەت ئىمىنلەر ئېقىمىدىكى بۆلگۈنچى باش جىنايەتچىلەرنى «داھىي»لىق كۈرسىغا ئولتۇرغۇزغان. ئالتىنچىدىن، «شەرقىي تۈركىستان» دېگەن بۇ ئۆلچەملىك بولمىغان جۇغراپىيىلىك نام تۇنجى قېتىم سىياسىيلاشتۇرۇلۇپ، بۆلگۈنچىلىكنىڭ تەڭداش ئاتالغۇسىغا ئايلانغان.شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئومۇمەن شىنجاڭدا بۆلگۈنچىلىك ۋە مۇستەقىللىق دەۋاسىنى پەيدا قىلغۇچىلارنىڭ ھەممىسى «شەرقىي تۈركىستان» دېگەن بۇ نامنى ئىشلەتكەن.

يۇقىرىقىدەك ئارقا كۆرۈنۈش ئاستىدا، ئاشۇنداق قالايمىقان ۋە ئەنسىز ئالاھىدە مەزگىلدە، جەمئىيەتنىڭ تۆۋەن قاتلىمىدىكى زۇلۇم ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىگە يەتكۈچە ئۇچرىغان مىڭلىغان ساددا خەلق مىللەت ۋە دىن تونىغا ئورۇنۇۋالغان بىر ئوچۇم بۆلگۈنچى كاتتىۋاشلارنىڭ قايمۇقتۇرۇشى، پايدىلىنىشى ياكى تەھدىت سېلىشى ئارقىسىدا، تولۇپ تاشقان دىنىي قىزغىنلىق ۋە يېڭى تۇر-مۇشقا بولغان ئىنتىلىش ئىچىدە، نادانلىق بىلەن ئېكسپىلاتات-سىيە، زۇلۇمغا قارشى بۇ بىر مەيدان داغدۇغىلىق دېھقانلار قوز-غىلىڭىنى بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتىگە ئايلاندۇرۇپ قويغان، شۇنداقلا ئاخىرىدا جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالىدا ھازىرقى زامان تارىخىدىكى ئۆمرى قىسقا تۇنجى بۆلگۈنچى ھاكىمىيەتنى مەيدانغا كەلتۈرگەن، بۇ ئاچچىق ساۋاقلارغا تولغان بىر مەيدان تراگېدىيە بولۇپ، ئۇنىڭ دۆلەتكە، مىللەتكە، چېگرا رايونلارغا ۋە چېگرا رايوندىكى خەلققە كەلتۈرگەن زىيىنى ئىنتايىن چوڭ بولدى.

بۆلگۈنچى ھاكىمىيەت يىمىرىلگەن ۋە يوقالغاندىن كېيىن، مىلىتارىستلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى ھەر مىللەت خەلقى يەنىلا ئازاب-ئوقۇبەت ئىچىدە قالدى. ئۆزىنى نەنجىڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ سادىق ۋەكىلى دەپ ئاتىۋالغان خوتەن ھۆكۈمراـ نى، مىلىتارىست ماخۇشەن ئۆزىنىڭ تەۋەسىدىكى چەرچەن ناھىـ يىسىدە ھەربىر ئائىلىدىن يىلىغا 90 كۈمۈش تەڭگە تالان-تاراج خاراكتېرلىك باج - سېلىق يىغىپ، ئۈچتىن بىر قىسىم ئاھالىـ نى يۇرتىنى تاشلاپ سىرتلارغا قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر قىلدى. بۇنداق زۇلمەتلىك ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىق بۆلگۈنچى كۈچـ لەرنىڭ خىلمۇخىل ئازدۇرۇشلىرىغا باھانە تېپىپ بەردى، كەڭ خەلق ئاممىسى ناھايىتى ئاسانلا بۆلگۈنچى ھاكىمىيەت قۇرۇش راستىنلا زۇلمەتلىك ھۆكۈمرانلىقنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشنىڭ مۇـ قەررەر يولى ئىكەن، دەپ قارىدى. شۇڭا، مەلۇم مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۆلگۈنچىلىك ئېڭى 20 - ئەسىرنىڭ دەسلىپىدە پانـ ئىسلامىزم ۋە پانتۈركىزمگە ئەگىشىپ شىنجاڭغا كىرگەندىن كېيىن، كەڭ ھەر مىللەت خەلقى كەمسىتىش، زۇلۇم ۋە تالان - تاراجغا يەتكۈچە ئۇچرىغان كونا جۇڭگودا، بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىـ تى ۋە بۆلگۈنچى ھاكىمىيەتنىڭ پەيدا بولۇشى يەنە مۇرەككەپ ئىجتىمائىي مەنبەگە ئىگە بولغاچقا، ۋەقە يۈز بەرگەن ھامان، مۇستەقىللىقنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدىغان غەلىتە ئالدامچىلىق ھاـ دىسىلىرى كۆرۈلدى، بۇ كىشىنى چوڭقۇر ئويلاندۇرماي قويمايدىـ غان بىر تراگېدىيە. 1937-يىلى شىڭ شىسەي قەشقەرنى قوغداشقا تەيىنلىگەن ماۋت سىجاڭ بېسىمغا بەرداشلىق بېرەلـ مەي چەتكە قاچقاندا، ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى ئابدۇنىياز قاتارـ لىقلارنىڭ «مۇستەقىل شەرقىي تۈركىستان» قۇرۇشنى بايراق قىلىپ، «ئىسلامنى قوغداش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىش» شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، يېڭىگە «ئاللا يولىدا غازات قىلىش» مەنىسىدىـ كى «غازات» بەلگىسىنى تاقاپ، يەنە بىر قېتىم ئۆمرى قىسقا بولغان بۆلگۈنچىلىك توپىلىڭىنى قوزغىشى بۇنىڭ بىر مىسالىدۇر.

### 3. چېگرا سىرتىدىكى كۆچلەرنىڭ بۆلگۈنچى ھاكىمىيەتكە تۇتقان پوزىتسىيىسى

بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار ئۆزلىرىنىڭ بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىنىڭ چېگرا سىرتىدىكى كۆچلەرنىڭ قوللىشى ۋە ياردىمىگە تايانغاندىلا، ئاندىن پۇت تىرەپ تۇرالايدىغانلىقىنى چوڭقۇر چۈشەنەتتى. «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇلار ئالدى بىلەن ئەنگلىيە كۆچلىرىدىن ياردەم تەلەپ قىلغان. ئۇلار بىر تەرەپتىن، ئەمدىلا ۋەزىپىگە ئولتۇرغان ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى، پولكوۋنىك تامسىن گروفېي بىلەن ئالاقە باغلىدى، يېڭىدىن ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن بۇ باش كونسۇل ئۆزىنىڭ ئەنگلىيىگە قاراشلىق ھىندىستان ھۆكۈمىتىگە يوللىغان دوكلاتىدا: «يېڭىدىن قۇرۇلغان، شۇنداقلا كۈرەشنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقان بۇ جۇمھۇرىيەتكە نىسبەتەن، ئەمەلىي ھېسداشلىق قىلىشقا ۋە ياردەم بىلەن تەمىنلەشكە بولىدۇ» دەپ تەكلىپ بەرگەن. يەنە بىر تەرەپتىن، ئەنگلىيىگە قاراشلىق ھىندىستانغا رەسمىي «ئەلچىلەر ئۆمىكى» ئەۋەتىپ، ھەرقايسى جەھەتتىن قوللاشنى تەلەپ قىلغان. 1934 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ئەلچىلەر ئۆمىكى يېڭى دېھلىغا يېتىپ بارغاندا، ئەنگلىيە تەرەپ قەشقەردە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلنىڭ دوكلاتىنى ئەستايىدىل مۇزاكىرە قىلغان. ئەينى ۋاقىتتا، ياپونىيە جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمالىدىكى ئۈچ ئۆلكىنى ئىشغال قىلىۋالغانىدى. ئامېرىكا، ئەنگلىيە قاتارلىق دۆلەتلەر ئۆزلىرىنىڭ جۇڭگودىكى مەنپەئىتىنى قوغداش ئۈچۈن، «مانجۇرىيە ۋەقەسى (1931ـ يىلىدىكى «18ـ سېنتەبىر» ۋەقەسىنى كۆرسىتىدۇ) كەلتۈرۈپ چىقارغان ئەمەلىيەتنىڭ ھەرقانداق جەھەتتىن قانۇنلۇق بولىدىغانلىقى»نى ئېتىراپ قىلماسلىق سىياسىتىنى يۈرگۈزگەن. جۇڭگو ھۆكۈمىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ساقلاپ قېلىش ۋە كۈچەيتىش بۇ بىر مەزگىلدىكى ئەنگلىيىنىڭ يىراق شەرق سىياسىتىنىڭ بىر مۇھىم تەركىبىي قىسمىغا ئايلانغانىدى. بۆلگۈنچىلىكنى

قوللاش، «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»نى ئېتىراپ قىلىش، مۇقەررەركى، جۇڭگو بىلەن بولغان مۇناسىۋەتكە زىيان يەتكۈزەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، يېقىنقى زاماندىن بۇيانقى ئەنگلىيە، روسىيىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭنى تالىشىش سىياسىتىنى كۆزدە تۇتقاندىمۇ، ئەنگلىيىگە قاراشلىق ھىندىستان ھۆكۈمىتى خوجىنىياز بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى خادىملىرىنىڭ مەخپىي ئۇچراشقانلىقىدەك ئاخباراتلارغا ئىنتايىن دىققەت قىلىۋاتاتتى. شۇڭا، ئەنگلىيىگە قاراشلىق ھىندىستان ھۆكۈمىتى بېكىتكەن سىياسەت: ھازىرقى باسقۇچتا، پەقەت جۇڭگو نەنجىڭ ھۆكۈمىتى-نىڭ شىنجاڭغا بولغان ئىگىلىك ھوقۇقىنىلا ئېتىراپ قىلىش ئىدى. بۇ سىياسەت ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق باش كونـ-سۇلىغا دەرھال ئۇقتۇرۇلغان. ئەنگلىيىگە قاراشلىق ھىندىستان ھۆكۈمىتى شۇنىڭ بىلەن بىرلا ۋاقىتتا زىيارەتكە كەلگەن «شەر-قىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى ئەلچىلەر ئۆمىكى»نى رەت قىلغان، شۇنداقلا ئۇلارغا «ئۇلار بىلەن شىنجاڭ دائىرىلىرى ئوت-تۇرىسىدىكى ھەر خىل توقۇنۇشلارنى كۆڭۈلدىكىدەك بىر تەرەپ قىلىش» توغرىسىدا ئاگاھلاندۇرۇش بەرگەن. ①«ئەلچىلەر ئۆمى-كى»نىڭ زىيارىتى مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشقان.

«شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» قاسقاندىن چىق-قاندىن كېيىن، بىرمۇ دۆلەت ھۆكۈمىتى بۇ بۆلگۈنچى ھاكىمى-يەتنى ئوچۇق - ئاشكارا ئېتىراپ قىلىشقا پېتىنالمىغان. پەقەت قالايمىقانچىلىق ئىچىدە ئەمدىلا تەختكە چىققان ئافغانىستان ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبىرى زاھىر شاھلا «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»گە ئاشكارا ھالدا ھېسداشلىق قىلىدىغان-لىقى ۋە ئۇنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. ھاكىمىيەت يۈرگۈ-زۈۋاتقىنىغا نەچچە كۈنلا بولغان بۇ پادىشاھ قەشقەر بۆلگۈنچى ھاكىمىيىتىگە بىر پارچە تەبرىك تېلېگراممىسى ئەۋەتكەن، ئار-

① «شىنجاڭ مىلىتارىستلىرى ۋە مۇسۇلمانلىرى‹1911-يىلىدىن 1949-يىلىغىچە بولغان مىنگو مەزگىلىدىكى شىنجاڭنىڭ سىياسىي تارىخى›»، 58-بەت.

قىدىنلا ئەلچىلەر ئۆمىكىنى قوبۇل قىلغان چاغدا، ئۇلارغا «بىر تۈركۈم قوراللارنى ھەقلىق بېرىدىغانلىقى ھەمدە قەشقەردە تۇ-رۇشقا بىر نەپەر سىياسىي ۋەكىل ئەۋەتىدىغانلىقى» .ھەققىدە ۋەدە قىلغان، بىراق يەنە «شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىقىنى ئېت-تىراپ قىلىشنىڭ بالدۇر ئىكەنلىكى»نى نەزەردە تۇتۇپ، ئەلچى-لەر ئۆمىكىنىڭ رەسمىي ئېتىراپ قىلىش ھەققىدىكى تەلەپلىرى-نى رەت قىلغان. «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»نىڭ چېگرا سىرتىدا ئېتىراپ قىلىنىشىنى تەلەپ قىلىش يولىدىكى ئۇرۇنۇشلىرىنىڭ ھەممىسى توسقۇنلۇققا ئۇچرىغان. بىراق فا-شىست ناتسىست كۈچلىرى يوشۇرۇنچە شىنجاڭ بۆلگۈنچى ھاكى-مىيىتى بىلەن ئاكتىپ مۇناسىۋەت باغلىغان. كابۇلغا زىيارەتكە كەلگەن بۆلگۈنچى ئەلچىلەر ئۆمىكى ناتسىست گېرمانىيىسىنىڭ ئافغانىستاندا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىغا سۇقۇنۇپ كىرىپ مەخ-پىي سۆھبەت ئېلىپ بارغان؛ جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمالىنى ئى-گىلىۋالغان ياپونىيە شىنجاڭ بۆلگۈنچى ھاكىمىيىتى بىلەن تە-شەببۇسكارلىق بىلەن مەخپىي ئۇچراشقان. ھالبۇكى، بۇ مۇنا-سىۋەتلەرنىڭ ھېچقايسىسى ئەمەلگە ئاشماي، ئۆمرى قىسقا شىن-جاڭ بۆلگۈنچى ھاكىمىيىتى باشلىنىشىدىلا مەغلۇبىيەتكە ئۇچراشتەك تەقدىرگە دۇچ كەلگەن.

«شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»نىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى غالجىرانە بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرى ۋە خەلقئارا فاشىزم كۈچلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈشى سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپنىڭ ھوشيارلىقىنى قوزغىغان. ئىستراتېگىيە نۇقتىسىدىن ئويلاشقاندا، سوۋېت ئىتتىپاقى كەلگۈسىدە گېرمانىيە ۋە ياپونى-يىنى ئۆز تۈپرىقىنىڭ غەربى ۋە شەرقىدە نامەلۇم غەرەزلەردە بو-لىدۇ، شۇنداقلا مەلۇم تەھدىتنى شەكىللەندۈرىدۇ دەپ قارايتتى، شۇڭا، فاشىست مىلىتارىزم كۈچلىرىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئاجىز قىسمى بولغان ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلارغا قول تىقىشىغا چىداپ تۇرالمايتتى. جەنۇبىي شىنجاڭ-

دىكى بۆلگۈنچىلىك ۋەزىيىتىگە قارىتا، سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ تۈزۈت قىلىپ ئۇلتۇرمايلا جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە: «ئەگەر جۇڭگو ھۆكۈمىتى شىنجاڭنى باشقۇرسا، بىزنىڭ باشقا گېپىمىز يوق، ئەگەر سىلەر ئۇنىڭ 2-مانجۇرىيە دۆلىتى بولۇشىغا قاراپ تۇرساڭلار، ئۇنداقتا بىز چوقۇم ھەرىكەت قوللىنىپ، ئۆزىمىزنى قوغدايمىز»① دەپ ئاگاھلاندۇرۇش بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تاشكەنتتىكى سوۋېت گېزىتلىرى ئەگەر ياپونىيىنىڭ شىنجاڭنى كونترول قىلىشى ئەمەلگە ئېشىپ قالسا، باكۇدىكى نېفىتلىكلەر ياپونىيە بومباردىمانچى ئايروپىلانلىرىنىڭ ئۇچۇش لىنىيىسى ئىچىدە بولىدۇ دەپ ئاشكارا كۆرسەتكەن. بۇمۇ دەل كېيىنكى ۋاقىتلاردا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەسكەر چىقىرىشنى قارار قىلىپ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە ياردەملىشىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بۆلگۈنچىلىكنى تازىلىشىدىكى مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرى ئىدى.

4. بۆلگۈنچى ھاكىمىيەتنىڭ ھالاك بولۇشى

ئاز ساندىكى بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار چاڭگىلىغا ئېلىۋالغان «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» فېئودال يۇقىرى قاتلام زاتلىرىنىڭ جەننىتى بولۇپ، ھەر مىللەت ئەمگەكچى خەلقى «كونا تۈزۈمنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، مىللىي مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈپ، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلايمىز» دېگەندەك قۇرۇق ۋەدىلەردىن باشقا ھېچنېمىگە ئېرىشەلمىگەنىدى. ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقى شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى ھالاكەت گىردابىغا سۆرەپ كىرگەن، بۆلگۈنچى ھاكىمىيەت ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلاپ قېلىش ۋە ھەربىي چىقىمغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، پۇقرالارنى غالجىرلىق بىلەن بۇلاڭ-تالاڭ قىلغان. ھەر مىللەت خەلقى ئاشلىق، پۇل، ئات-كالا ۋە ئالۋان - ياساقلانى تۆلەشكە، ھەر خىل ھاشار - مەجبۇرىيەتلەرنى

---

① «شىنجاڭ مىلىتارىستلىرى ۋە مۇسۇلمانلىرى،1911-يىلىدىن 1949-يىلىغىچە بولغان مىنگو مەزگىلىدىكى شىنجاڭنىڭ سىياسىي تارىخى،»، 61-بەت.

ئۆتەشكە مەجبۇر قىلىنغانىدى. يەرلەر قاقاسلىشىپ، بازارلار كا-ساتلاشقان، مال باھاسى ئۆچقاندەك ئۆرلەپ، خەلق تۇرمۇش كە-چۇرۇشكە ئامالسىز قالغانىدى. «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» ئىسلام شەرىئىتىنى مەجبۇرىي يولغا قويۇپ، مەھكىمە شەرئىيەلەرنى قۇرۇپ، خالىغانچە تەن جازاسى يۈرگۈ-زۈپ، خەلققە زىيانكەشلىك قىلغان. مەسچىتلەرنىڭ تاملىرىغا كېسىۋېلىنغان قول ـ پۇتلار مىخلاپ قويۇلغان، كوچىلاردا دىنىي قائىدە بويىچە چۈمبەل تارتمىغان ئاياللار زىيانكەشلىككە ئۇچرىد-غان. شەپقەتسىز زۇلۇم ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە خەلقنى بۆلگۈنچى ھاكىمىيەتكە قارىتا قايتا ئويلىنىشقا ۋە ئۇنى تونۇپ يېتىشكە مەجبۇر قىلغان، ئۇرۇشتىن زېرىكىش كەيپىياتى كۈندىن-كۈنگە كۈچەيگەن بولۇپ، قېچىپ كېتىش ۋە قارشىلىق كۆرسىتىش ۋە-قەلىرى ئۇزۇلمەي يۈز بېرىپ تۇراتتى. ھەممىنى بىزار قىلغان «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» گۇمران بولۇش گىردابىغا بېرىپ قالغانىدى.

1934 ـ يىلىنىڭ بېشىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قوللىشى ئاستىدا، شېڭ شىسەينىڭ شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ھەرىكەتلىرى جەنۇبىي شىنجاڭدا قانات يايدۇرۇلۇپ، تۇغ ئۇچى بۆلگۈنچى «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»گە بىۋا-ستە قارىتىلدى. ھالبۇكى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى قىزىل ئارمىيىسىنىڭ بىرلىشىپ زەربە بېرىشىگە ئۇچرىغان ما جۇڭيىڭ قىسىملىرى چاققان چېكىنىپ، ئاقسۇدىن قەشقەرگە چېكىنگەن ما فۇيۈەننىڭ ئاۋانگارت قىسىملىرى ۋە قەشقەر يېڭىشەھەرنى چىڭ ساقلاپ ياتقان ما جەنساڭ، ما شياۋۋۇ قىسىملىرى بىلەن ئۇچرىشىدۇ. سابىت داموللا قاتارلىق بۆلگۈنچى كاتتىۋاشلار بىلەن قەشقەرگە چېكىنگەن خوجىنىياز قاتارلىقلار ئالاقزادە بولۇپ قېچىپ كېتىپ، قەشقەر كوناشەھىرى پاراكەندى-چىلىك ئىچىدە قالىدۇ. تەتۈر يول تۇتۇپ ئىچكى ـ تاشقى قىيىن-چىلىقتا قالغان «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»

چاك ـ چېكىدىن يىمىرىلىدۇ. 2 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ما فۇيۈەن
قاتارلىقلار ھېچبىر قارشىلىقسىزلا قەشقەر كوناشەھەرنى ئىگىد-
لەپ، بۆلگۈنچى ھاكىمىيەتنىڭ باش شتابىنى ئۈزۈل ـ كېسىل
بەربات قىلىدۇ. ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى
تامىسىن گروفىپىنىڭ دوكلاتىغا ئاساسلانغاندا، ما جۇڭيىڭ قىد-
سىملىرى قەشقەرگە كىرگەندە، ھېچبىر قارشىلىققا ئۇچرىمىد-
غان، «تەخمىنەن 800 دەك تۇڭگان ئەسكىرى بىلەن 1200 دەك
يېڭى ئەسكەر (ما فۇيۈەننىڭ قىسىملىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ) 10
مىڭدىن ئارتۇق ئىسيانچى قوشۇننى قەشقەرنى تاشلاپ قېچىشقا
مەجبۇر قىلغان.» بىر ھەپتىدىن كېيىن، ما فۇيۈەن: «قەشقەرنىڭ
ئىلگىرىكى ۋالىيسى ما شياۋۋۇ ما جەنساڭ بىلەن ما فۇيۈەننىڭ
تەكلىپىگە بىنائەن، جۇڭگو دائىرىلىرىگە ۋاكالىتەن ئالىي ھەر-
بىي، مەمۇرىي نازارەتچىلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ» ①دەپ جاكار-
لىغان. بۇ سۆزلەردە گەرچە نەنجىڭ ھۆكۈمىتىگە ساداقەتمەنلىد-
كىنى ئىزھار قىلىش تەركىبلىرى بولسىمۇ، ئەمما ئۇ بۆلگۈنچىد-
لەرنى تىنچىتىش، شىنجاڭنىڭ بىرلىكىنى قوغداش ئەھمىيىتىد-
گە ئىگە.

قەشقەردە قۇرۇلغان «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىد-
يىتى» ئاران ئۈچ ئايغا يېقىن مەۋجۇت بولۇپ تەختتىن چۈشكەن
بولۇپ، بۆلگۈنچى ھاكىمىيەتنىڭ ئۆمرىنىڭ بۇنداق قىسقا بولۇ-
شىدىن بۆلگۈنچىلىكنىڭ كىشىلەر كۆڭلىگە ياقمايدىغانلىقىنى
كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. بۆلگۈنچى «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام
جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇش شىنجاڭ قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ ئەسلا
مەقسىتى بولمايلا قالماستىن، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق
ئاممىسىنىڭ ئارزۇسىغا تېخىمۇ خىلاپ ئىدى. سابىت داموللا،
مۇھەممەت ئىمىنلەر باشچىلىقىدىكى ئاز سانلىق بۆلگۈنچى ئۇند-
سۇرلار ئېقىمىغا قارشى ھەرىكەت قىلىپ، كۆپ ساندىكى قوز-

① «شىنجاڭ مىلىتارىستلىرى ۋە مۇسۇلمانلىرى(1911ـيىلىدىن 1949ـيىلىغىچە بولغان مىنگو مەزگىلىدىكى شىنجاڭنىڭ سىياسىي تارىخى)»، 63ـبەت.

غىلاڭچى ئاممىنىڭ چەكلىشى ياكى قارشىلىقىغا ئۇچرىغان؛ قوزغىلاڭغا رەھبەرلىك قىلغۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسى «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتىگە قاتناشمىغان ياكى ئىنتايىن ئاز قاتناشقان. بۆلگۈنچى ھاكىمىيەت روياپقا چىقىش ھارپىسىدا، قەشقەردە كۈچادا قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن تۆمۈر قىسىملىرى؛ قەشقەر يېڭىشەھەرنى ئىگىلىگەن ما جەنساڭ، ما شياۋۋۇ قىسىملىرى؛ ھەربىي ئۆزگىرىش قىلغان ئوسمان ئەلى قىسىملىرى ۋە سابىت داموللا باشچىلىقىدىكى خوتەن قوزغىلاڭچى كۈچلىرى قاتارلىق تۆت گۇرۇھ كۈچ بار ئىدى. بۆلگۈنچى ئۇنسۇر سابىت داموللىنىڭ ئېزىقتۇرغان ۋە پايدىلانغىنى پەقەت ئۆزىنىڭ قىسىملىرى بولۇپ، باشقا گۇرۇھتىكى كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئۇنىڭ بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىگە قارىتا ئۆزىنى چەتكە ئېلىش ياكى قارشى تۇرۇش پوزىتسىيىسىدە بولغان. تۆمۈر سابىت داموللا ئوتتۇرىغا قويغان «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇش ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار سىياسەتلەرگە قارشى تۇرۇپ كەلگەن، شۇنداقلا 1933 ـ يىلى 7 ـ ئايدا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، سابىت داموللا قاتارلىقلارنى نەزەربەند ئاستىغا ئېلىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا «خوتەن ئىسلام ھۆكۈمىتى»گە ھۇجۇم قوزغىغان؛ ئوسمان ئەلىنىڭ سابىت داموللا بىلەن «شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىق ئۇيۇشمىسى»نى قۇرۇشتا پىكرى بىر يەردىن چىقماي، قول ئاستىدىكىلىرى بۆلۈنۈشكە باشلىغان چاغدا، 300 دىن كۆپرەك كوماندىر ـ جەڭچىنى باشلاپ قىزىلسۇغا كەتكەن؛ ماجەنساڭ قەشقەردىكى بۆلگۈنچىلىك تەشكىلاتى «ياش قەشقەر پارتىيىسى»گە قارىتا چەكلەش ۋە زەربە بېرىش تەدبىرىنى قوللىنىپ، بۇ تەشكىلاتنىڭ كاتىپىنى ئۆلتۈرۈپ، يۇقىرىدىكى ئادەملەرنى قولغا ئالغان، شۇنداقلا ما شياۋۋۇ بىلەن پۇرسەت كۈتۈپ، سابىت داموللا بۆلگۈنچى كۈچلىرىگە زەربە بەرگەن. تۆمۈرنىڭ مۇشاۋۇرى ئابدۇغوپۇر شاپتۇل يەنە بۆلگۈنچى كۈچلەرنى «ئۇلار نېمىسىگە

جۇمھۇرىيەت قۇرغۇدەك» دەپ ئوچۇق-ئاشكارا ئەيىبلىگەن.[1]

30 - يىللارنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىكى ئاشۇ ئەنسىز مەزگىلدە، پانئىسلامىزم، پانتۈركىزم ئەدەپ، دىنىي ئەسەبىيلىك ھەر تەرەپكە يامىرىغان بىر چاغدا، ئەڭ دەسلەپكى قوزغىلاڭنىڭ بۇ رەھبەرلىرى ياكى قوشۇن سەركەردىلىرىنىڭ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىگە ئىنتايىن ئاز قاتنىششى ياكى ئاساسەن قاتناشماسلىقى ھەقىقەتەن ئوڭاي ئىش ئەمەس. ئۇلار بىلەن سابىت داموللا ئوتتۇرىسىدا ھەقىقەتەنمۇ شىددەتلىك مەزھەپ كۈرىشى مەۋجۇت بولغان؛ ئۇلارمۇ «غازات» شوئارلىرىنى توۋلىغان، يەنە باشقا مىللەتلەرنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلغان، قىرغان؛ ئۇلار «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»نى چەكلىگەن ياكى قارشى تۇرغان چاغدا ئېنىق چۈشەنچىدە بولمىغان بولۇشى مۇمكىن، ھەتتا ئۇلارنىڭ ئۆزىمۇ جۇڭگونىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا زىيان يەتكۈزىدىغان سۆز - ھەرىكەتلەردە بولغان، مەسىلەن، تۆمۈر ئىلگىرى «ياش قەشقەر پارتىيىسى»نىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان، شۇنداقلا ئىسلام يىلنامىسىنى جۇڭخۇا مىنگونىڭ يىلنامىسىنىڭ ئورنىغا دەسسەتكەن؛ ئوسمان ئەلىمۇ ئىلگىرى بىر مەزگىل «مۇستەقىللىق ئۇيۇشمىسى» بىلەن ئالاقە باغلاپ، «بىزنىڭ قوزغىلىڭىمىزنىڭ مەقسىتى ئىسلام ھاكىمىيىتى» قۇرۇش دەپ جار سالغان، ھەتتا ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىغا مەكتۇپ يوللاپ ياردەم تىلىگەن، ۋەھاكازالار. ئەمما ئۇلار ئاخىرقى ھېسابتا «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»نىڭ شىنجاڭنى بۆلۈۋېلىش ھەرىكەتلىرىگە قاتناشمىغان ۋە بۆلگۈنچى باش جىنايەتچىلەر بىلەن بىر ئېقىندا بولغانمىغان. بۆلگۈنچىلىك كىشىلەر كۆڭلىگە ياقمايدۇ، بۆلگۈنچىلەر ھامان ھەممىنىڭ نەپرىتىگە

---

① «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرىدىن تاللانما»، 18-قىسىم، 34-، 23-، 20-بەتلەر؛«شىنجاڭ مىللەتارىستلىرى ۋە مۇسۇلمانلىرى (1911-يىلىدىن 1949-يىلىغىچە بولغان مىنگو مەزگىلىدىكى شىنجاڭنىڭ سىياسىي تارىخى)»، 40-بەت.

ئۇچراپ، بۆشۈكىدىلا تۇنجۇقىدۇ، مانا بۇ تارىخنىڭ قانۇنىيىتى.

بۆلگۈنچى ھۆكۈمەتنىڭ قالدۇق كۈچلىرى سابىت داموللىنىڭ يېتەكچىلىكىدە غەربكە قېچىپ يېڭىسارغا كەلگەن. ۋەھالەنكى، «زۇڭتۇڭ» خوجىنىياز شەرققە قاراپ قېچىپ، جۇڭگو-سوۋېت چېگرىسىدىكى ئەركەشتامغا كەلگەن ھەمدە سوۋېت ۋەكىللىرى بىلەن سۆھبەت ئېلىپ بارغان. سوۋېت تەرەپنىڭ كېلىشتۈرۈشى بىلەن، خوجىنىياز «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»نى تارقىتىۋېتىشكە، قوشۇن بىلەن شىنجاڭ يەرلىك ھۆكۈمىتىگە بويسۇنۇشقا، شۇنداقلا شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىنى ئۈستىگە ئېلىشقا قوشۇلغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، خوجىنىياز سابىت داموللىغا ئالاقە ئەۋەتىپ، «زۇڭتۇڭ»نىڭ «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»نى تارقىتىۋېتىش قارارىنى ئۇقتۇرغان. 3 - ئاينىڭ 2 - كۈنى سابىت داموللا يېڭىساردا ئاتالمىش «ئىچكى كابىنېت ئالاھىدە يىغىنى» چاقىرىپ، يىغىندىن كېيىن «زۇڭتۇڭ» چۈشۈرگەن تارقىتىۋېتىش بۇيرۇقىنى رەت قىلغان ھەمدە خوجىنىيازنى ساتقىن دەپ جاكارلىغان. سابىت داموللا يەكەنگە كېلىپ، «خوتەن ئىسلام ھاكىمىيىتى»نىڭ كاتتىۋېشى مۇھەممەت ئىمىن بىلەن كېڭىشىپ تەدبىر بەلگىلەپ، ئەڭ ئاخىرغىچە تىركەشمەكچى بولغان. 4 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى خوجىنىياز ما فۇيۇەندىن بۇرۇن قوشۇن باشلاپ يەكەننى ئىشغال قىلغان ھەمدە سابىت داموللا ۋە قىسمەن «ئىچكى كابىنېت» ئەزالىرىنى تۇتۇپ، پۇت - قوللىرىنى باغلاپ، مەكىت ئارقىلىق ئاقسۇغا يالاپ ئېلىپ كېلىپ، بۇ بىر تۈركۈم بۆلگۈنچى كاتتىۋاشلارنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت دائىرىلىرىگە تاپشۇرۇپ بەرگەن. 7 - ئايدا سابىت داموللا قاتارلىقلار ئاقسۇدا دارغا ئېسىلدى (ئۆلكە مەركىزى ئۈرۈمچىدە تۈرمىدە ئۆلگەن دەيدىغان چۈشەندۈرۈشلەرمۇ بار). بۇنىڭدىن ئىلگىرى، مۇھەممەت ئىمىن تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ قېچىپ چىقىپ، يەكەن ئارقىلىق خوتەنگە قېچىپ كەلگەن. ئارقىدىن يەنە ما جۇڭيىڭ بىلەن شېڭ شىسەينىڭ زىددىيە-

تىدىن پايدىلىنىپ، ما يىخىغا بۆلگۈنچى «خوتەن ئىسلام ھۆكۈمىـ
تى»نى بىرلىكتە ساقلاپ قېلىش تەكلىپىنى بېرىپ، قاتتىق رەت
قىلىشقا ئۇچرىغان. 6 ـ ئايدا ما جۇڭيىڭنىڭ قول ئاستىدىكى ما
خۇشەن قوشۇن باشلاپ خوتەنگە يۈرۈش قىلغاندا، بىر ئوچۇم غولـ
لۇق بۆلگۈنچىلەر شەپىنى ئاڭلاپ تىكىۋەتكەن، شۇنىڭ بىلەن بۆلـ
گۈنچى «خوتەن ئىسلام ھۆكۈمىتى» چاك-چېكىدىن يىمىرىلگەن.
6 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى، ما خۇشەن خوتەن ۋالىيسى مۇھەممەت
نىياز ئەلەمنىڭ يېتەكچىلىكىدىكى موللىلار ۋە ئاقساقاللارنىڭ
تىزلىنىپ قارشى ئېلىشى ئارقىسىدا، خوتەنگە كىرىپ ئورۇنلاشـ
قان. بۇ چاغدا، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بۆلگۈنچى ھاكىمىيەت تەلـ
تۆكۈس سۈپۈرۈپ تاشلانغان. مۇھەممەت ئىمىن قاتارلىق بۆلگۈنـ
چى ئۇنسۇرلار نەچچە تۆگىگە ئالتۇن-كۈمۈشلىرىنى ئارتىپ،
3000 دىن ئارتۇق ئاممىنى ئالدىغا سېلىپ، ئەنگلىيىگە قاراشلىق
ھىندىستاننىڭ كەشمىر رايونىغا قاچقان ھەمدە بۇ يەردە ئاتالمىش
«يۇرتداشلار ئۇيۇشمىسى» قۇرۇپ، شىنجاڭدىن سىرتلارغا چىققان
مۇساپىرلارنى ئەتراپىغا توپلاپ، بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرى بىلەن
داۋاملىق شۇغۇللانغان.

مۇھەممەت ئىمىن چېگرا سىرتىدا ئىسمىنى يوشۇرۇپ، بىر
قانچە شەھەرنى ئايلىنىپ كابۇلغا كەلگەن، ئالدى بىلەن ئافغانىسـ
تان پادىشاھىنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ، ھەر ئايدا 500 سوم (تەخمىـ
نەن 125 ھىندىستان رۇپىيىسىگە تەڭ) قىممىتىدىكى ماددىي
ياردەمگە ئېرىشكەن، ئارقىدىنلا ياپونىيىگە سېتىلىپ، ياپونىيىـ
نىڭ كابۇلدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى ئارقىلىق، ياپونىيە ھۆكۈـ
مىتىگە «توكيودىن قورال-ياراغ ۋە مەبلەغ تەمىنلەش ئارقىلىق،
شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇشنىڭ تەپسىلىي پىلانىـ
نى» ئوتتۇرىغا قويغان، يەنە ياپونىيىنىڭ شىنجاڭغا بىۋاستە
ئەسكەر چىقىرىش لايىھىسىنى تاللاش تەكلىپىنى بەرگەن،
شۇنداقلا ياپونىيە قوشۇنىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىگە ئەگىشىپ،
يەرلىك مۇسۇلمانلار ئاھالىلىرى قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ،

«ئارقا سەپنى قالايمىقان قىلىدۇ، شۇنىڭدىلا ياپونىيە ئارمىيىسى ئوڭۇشلۇق ئىلگىرىلىيەلەيدۇ» دەپ كاپالەت بەرگەن. ناۋادا، ياپونىيىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا، شىنجاڭ مۇستەقىللىقى ئەمەلگە ئاشسا، «مۇستەقىل شىنجاڭ» ياپونىيە ئۈچۈن ئالاھىدە ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي مەنپەئەتلەرنى يەتكۈزگەن بولاتتى. بۇ ئەمەلدە شىنجاڭنى ئىككىنچى «قورچاق مانجۇرىيە»گە ئايلاندۇرۇش (غەربلىكلەر «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قورچاق مانجۇرىيە دۆلىتى» دەپ ئاتىغان) ئىدى.①

## ئۈچىنچى، «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» بۆلگۈنچى ھاكىمىيىتى

### 1. شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇلۇشتىن ئىلگىرىكى ۋەزىيەت

شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتىنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدە، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكى ئەمەلىيەتتە ۋەيران بولۇش گىردابىغا بېرىپ قالغان، سىياسىي ۋەزىيەت داۋالغۇش ئىچىدە قالغان، ئىقتىساد چاك-چېكىدىن بۆسۈلۈپ، ئىجتىمائىي كرىزىس ھەممىلا يەرنى قاپلىغان، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيە ۋە زۇلۇمغا قارشى كۈرىشى يەنە بىر قېتىم يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەنىدى. 1940 ـ يىلىنىڭ بېشىدا، ئالتايدا قازاق خەلقىنىڭ مىلىتارىستلارنىڭ زوراۋان ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى قوراللىق قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلگەن. نۇرغۇن ئەگرى-توقايلىقلاردىن كېيىن، بۇ قوشۇن 1943 ـ يىلى 12 ـ ئايغا كەلگەندە 10 چوڭ ئەترەتكە كۆپەيگەن ھەمدە بىرلىككە كەلگەن «ئالتاي قازاق مىللىي ئاقارتىش كومىتېتى» قۇرۇلغان. شۇ يىلى شېڭ شىسەي قوشۇنىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن، شىمالىي شىنجاڭنىڭ چارۋىچىلىق رايونلىرىدا «ئىئانە قىلىش»نامىدا 10 مىڭ ھەربىي ئات ئىئانە

---

① «شىنجاڭ مىلىتارىستلىرى ۋە مۇسۇلمانلىرى(1911-يىلىدىن 1949-يىلىغىچە بولغان مىنگو مەزگىلىدىكى شىنجاڭنىڭ سىياسىي تارىخى)»، 103-بەت.

قىلىشقا زورلىغان. بۇ ئىش ئەسلىدىكى ئىجتىمائىي كرىزىسنى يەنىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋەتكەن، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قارشىلىق كۆرەشلىرى تېخىمۇ ئۆتكۈرلەشكەن. 1944 - يىلى 9 - ئايدا، شېڭ شىسەي تەختتىن چۈشۈپ، گومىنداڭ شىنجاڭنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى ئۆتكۈزۈۋالغان. ھەر تەرەپتىن كرىزىس كۆرۈلۈۋاتقان بۇ «ئەبجەق تەنزە» ئالدىدا، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتى تەدبىر قوللىنىپ، ئۆتكۈر ئىجتىمائىي زىددىيەتنى پەسەيتىشكە تىرىشقان، جۈملىدىن بىر قاتار دەبدەبىلىك شوئارلارنى توۋلىغان؛ تەشۋىقات، نەپىقە پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بارغان؛ كىشىلەر كۆڭلىنى مايىل قىلىدىغان بەزى سىياسەتلەرنى يولغا قويغان. لېكىن، گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدا يۈرگۈزگەن شەكلىنىلا ئۆزگەرتىپ، مەزمۇنىنى ئۆزگەرتمىگەن ئەكسىيەتچىل مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي كرىزىسنى تۈپ يىلتىزىدىن ھەل قىلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

10 يىل ئىلگىرىكى جەنۇبىي شىنجاڭدا قوزغىلاڭ پارتلاشتىن ئاۋۋالقى ۋەزىيەتكە ئوخشاش، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋەزىيەتنىڭ يەنىمۇ يامانلىشىشى ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قوراللىق قارشىلىق كۆرسىتىش كۆرەشلىرىنىڭ كۈنسېرى ئۆتكۈرلىشىشىگە ئەگىشىپ، بىر مەھەل ئۆچەكتە ياتقان پانئىسلامىزم، پانتۈركىزم ئىدىيىۋى ئېقىمى جەمئىيەتتە قايتىدىن ئاشكارا يامرىغان ھەمدە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيە ۋە زۇلۇمغا قارشى قوراللىق كۆرەشلىرىنى قايتىدىن خاتا يولغا باشلىغان. بۇ يەردە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدىغىنى 1944 - يىلى 4 - ئاينىڭ 9 - كۈنى غۇلجىدا قۇرۇلغان «غۇلجا ئازادلىق تەشكىلاتى» بولۇپ، بۇ ۋەزىيەتنى ئىدارە قىلالايدىغان مەخپىي تەشكىلات ئىدى. بۇ تەشكىلاتنىڭ رەھبەرلىرىنىڭ ئەھۋالى مۇرەككەپ بولۇپ، بۇنىڭدا ئابدۇكېرىم ئابباسوف، قاسىمجان قەمبىرى قاتارلىق تەرەققىيپەرۋەر زىيالىيلار ئاز سانىنى تەشكىل قىلاتتى، ئېلىخان

تۆرە، مۇھەممەتجان مەخسۇم قاتارلىقلار باشچىلىقىدىكى يۇقى-
رى قاتلام دىنىي زاتلار ۋە رەھىمجان سابىر ھاجى، سالىجان-
باي باباجان قاتارلىق سودىگەرلەر، چارۋىدارلار، پومېشچىكلار
كۆپ سانلىق تەشكىل قىلاتتى. ئېلىخان تۆرە قاتارلىقلار فې-
ئودال يۇقىرى قاتلام دىنىي زاتلار ئارىسىدا مەخپىي تىل بىر-
ىكتۈرۈپ، غۇلجىدىكى بەيتۇللا مەسچىتىنى پائالىيەت نۇق-
تىسى قىلىپ، دىنىي مۇراسىملاردىن پايدىلىنىپ، ھەر مىللەت
ئاممىسىغا تەشۋىقات ئېلىپ بارغان، بۇ تەشۋىقاتلاردا شېڭ
شىسەي ۋە گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا قار-
شى تۇرۇش مەزمۇنىمۇ، پانئىسلامىزم، پانتۈركىزم ۋە مىللىي
بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسىدىكى قۇتراتقۇلۇق مەزمۇنلارمۇ بار ئى-
دى. ئۇلار شېڭ شىسەي ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بىلەن
ئاز سانلىق مىللەتتىن چىققان فېئودال كۈچلەرنىڭ شىنجاڭ-
دىكى ھەر مىللەت خەلقىگە سالغان سىنىپىي زۇلۇمى ۋە
مىللىي ئېكسپىلاتاتسىيىسى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئازاب-ئوقۇ-
بەتنى پۈتۈنلەي «كاپىر»لاردىن بولغان «خەنزۇلارنىڭ ھۆ-
كۈمرانلىقى» دەۋېلىپ، كىشىلەرنى خەنزۇلارغا قارشى تۇرۇشقا
ۋە خەنزۇلارنى چەتكە قېقىشقا چاقىرىپ، «غازات» قىلىشقا
كۈشكۈرتكەن؛ ئۇلار شىنجاڭنىڭ تارىخىنى بۇرمىلاپ، مۇستەق-
قىل بولۇشنى ، بۆلۈنۈشنى تەرغىپ قىلغان.[①] بۇنىڭدىن شۇ-
نى كۆرۈۋېلىش كېرەككى، غۇلجىدىكى ئەڭ چوڭ مەسچىت
بەيتۇللا مەسچىتىنىڭ ئىمامى، خەنزۇلارغا قارشى تۇرۇش، خەن-
زۇلارنى چەتكە قېقىش، بۆلۈنۈش، مۇستەقىل بولۇشنى جان-
جەھلى بىلەن تەرغىب قىلىدىغان ئېلىخان تۆرىنىڭ «غۇلجا
ئازادلىق تەشكىلاتى»نىڭ رەئىسلىكىگە سايلىنىشى ئۇنىڭ ئۆزد-
ىنىڭ ياكى ئايرىم گۇرۇھنىڭ ھەرىكىتى بولماستىن، بەلكى بۇ
بىر مەزگىلدە پانئىسلامىزم، پانتۈركىزم ئىدىيىۋى ئېقىمىنىڭ

---

① «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى»، 11 ـ بەت.

ئەۋج ئالغانلىقىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى ئىدى.

## 2. ئورنى خاتا بەلگىلەنگەن «مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى»

ئاتالمىش مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى مۇستەملىكە، يېرىم مۇستەملىكە ئەللەر غەرب مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇش مەقسىتىدە ئوخشاش بولمىغان دۆلەتلەردە ئېلىپ بارغان كۈرەش بولۇپ، ئۇ ئومۇمەن دۆلەتنىڭ مۇستەقىل بولۇشى، مىللەتنىڭ ئازاد بولۇشى بىلەن تاماملىنىدۇ. شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى قارشىلىق كۈرەشلىرى ئىچىدە، ياقۇپ بەگنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىدىن باشقىلىرى ئومۇمەن بىر دۆلەت ئىچىدىكى ھۆكۈمرانلار سىنىپىنىڭ زۇلمىغا قارشى ئېلىپ بېرىلغان سىياسىي كۈرەشلەردۇر. 1944-يىلى 11-ئايدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھەرىكىتىنىڭ 2-باسقۇچىدا بۆلگۈنچى ھاكىمىيەتنىڭ بارلىققا كېلىشى نەزەرىيە جەھەتتىن «مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى»دىن ئىبارەت بۇ ئۇقۇمنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىشتىن بولغان. بۇنداق ئارىلاشتۇرۇۋېلىشنى 1919-يىلىدىكى ئىنتېرناتسىئونالنىڭ «شەرق ئىنقىلابى نەزەرىيىسى»گىچە بىۋاسىتە سۈرۈشتۈرۈش مۇمكىن.

«ئۆكتەبىر ئىنقىلابى» غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال ۋە سوۋېت رۇسىيىسى شىنجاڭ مىلىتارىستلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ خاراكتېرىنى مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىقى دەپ بېكىتكەن، ئۇلار دۇنيا ئىنقىلابىغا بولغان ئەقىدىسى ۋەجىدىن، جۇڭگونىڭ شىنجاڭ رايونىنى ئىنقىلابنى تارقىتىدىغان، دۇنيا ئىنقىلابى دولقۇنىنى كېڭەيتىدىغان مۇھىم رايون، دەپ قاراشقا باشلىغان. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئىنقىلاب رۇسىيىنىڭ مەركىزىي رايونى ۋە رۇسىيىگە قاراشلىق ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىنى قاپلىغاندىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ كېيىنكى قەدەمدىكى سوتسىيالىستىك ئىنقىلابنىڭ سەھنىسىگە ئايلىنىش ئېھتىماللىقى ناھايىتى زور ئىدى. بۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب، شىنجاڭ سوۋېت رۇسىيىسىنىڭ

ئەنگلىيىنىڭ ئەڭ چوڭ مۇستەملىكىسى بولغان ھىندىستانغا بېرىشىدىكى ئەڭ قىسقا يول، يەنە كېلىپ ھىندىستاندىكى ئېزىلگۈچى خەلقنىڭ ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرىگە قارشى ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىنى نەزەردە تۇتقاندا، ھىندىستاننى كەلگۈسىدىكى دۇنيانىڭ شەرقىدىكى ئىنقىلابىي ھەرىكەتنىڭ مەركەزلىرىنىڭ بىرى دەپ قاراش تامامەن مۇمكىن ئىدى. كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ رەھبىرى تروتىسكىي 1919 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ئافغانىستان ۋە ھىندىستانغا يۈرۈش قىلىپ، «دۇنيا ئىنقىلابىنىڭ ئوتى»نى يالقۇنلىتىش تەسەۋۋۇرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇنىڭ تەخمىنىي ئەقلىي ھۆكمى شۇكى، ئەنگلىيىنىڭ مۇستەملىكىچىلىكىنى يوقىتىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ھىندىستانغا ياردەملىشىپ مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش ھەمدە ئۇنى بولشېۋىكلاشتۇرۇش كېرەك. ھىندىستاندىكى ئىنقىلابىي خىزمەتنى ئافغانىستان ۋە پېرسىيە ئارقىلىق ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ. ھالبۇكى ئافغانىستانغا كىرىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن شىنجاڭدا تەجرىبە توپلاش كېرەك.

20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، سوۋېت كومپارتىيىسى (بولشېۋىكلار) مەركىزىي كومىتېتى ئوتتۇرا ئاسىيا بيۇروسىنىڭ رەئىسى يا. ئې. رۇدزۇتاف ھەتتا شىنجاڭدا «قەشقەر ۋە جۇڭغار جۇمھۇرىيىتى قۇرۇش تەكلىپى»نى بەرگەن. بۇ تەكلىپنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشىدىكى سەۋەب «شىنجاڭدىكى بىر قىسىم ئىنقىلابىي كوللېكتىپ ۋە تەشكىلاتلارنىڭ مىلىتارىستلارنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيىسىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، مۇستەقىل قەشقەر ۋە جۇڭغار جۇمھۇرىيىتى قۇرۇش تەسەۋۋۇرىنى ئوتتۇرىغا قويغان»لىقىدىن ئىدى. 1921 ـ يىلى 6ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى سوۋېت كومپارتىيىسى (بولشېۋىكلار) مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ يىغىنىدا بۇ تەكلىپ مۇزاكىرە قىلىنغان. بەختكە يارىشا، سىياسىي بيۇرو يىغىنىدا، گ. ۋ. چىچېرىن بۇ تەكلىپكە قەتئىي قارشى تۇرغان، لېنىن قاتارلىق سىياسىي

بيۇرو ئەزالىرىمۇ چىچېرىنىنىڭ پىكرىنى قوللاپ، بۇ تەكلىپنى ئاخىرقى ھېسابتا رەت قىلغان. ①

لېكىن، كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ «شەرق ئىنقىلابى نەزەرىيىسى» ۋە «مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى» نەزەرىيىسى تازىلىۋېتىلمىگەن بولۇپ، ۋەزىيەتتە ئۆزگىرىش بولغان ھامان، بۇ نەزەرىيە يەنە باش كۆتۈرەتتى.

1931 - يىلى شىنجاڭدا جىن شۇرېننىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى قوزغىلاڭ پارتلىغان. كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ رەھبەرلىرى، شۇنىڭدەك سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بەزى يۇقىرى قاتلام زاتلىرى، بولۇپمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى شىنجاڭغا قوشنا جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ پارتىيە، ئارمىيە رەھبەرلىرىنىڭ ھەممىسى شىنجاڭدا ئىنقىلابنىڭ پەيتى پىشىپ يېتىلدى، بۇ يەردىكى مىللىي ئازادلىق قوزغىلىڭى دۇنيا ئىنقىلابىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىدۇ، دەپ قاراشقان. 1931 - يىلى 9 - ئايدا، سوۋېت كومپارتىيىسى (بولشېۋىكلار) مەركىزىي كومىتېتى ئوتتۇرا ئاسىيا بيۇروسىنىڭ شۇجىسى باۋمان شىنجاڭدىكى قوزغىلاڭ ۋە ئىسيانلار مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى خاراكتېرىنى ئالدى، شۇڭا بىز شىنجاڭدا پائال تۈردە ئىنقىلابىي خىزمەت ئىشلەپ، ھەرىكەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ياردەم بېرىشىمىز كېرەك، دېگەننى ئوتتۇرىغا قويغان. قىسمەن ھەربىي ئىشلار خىزمەتچىلىرى ۋە دۆلەتلىك سىياسىي قوغداش ئىدارىسىنىڭ خىزمەتچىلىرىمۇ شىنجاڭدىكى نۆۋەتتىكى مىللىي ھەرىكەت ئىنقىلاب خاراكتېرىگە ئىگە دەپ قاراشقان. لېكىن كېيىن ئەھۋالدا ئۆزگىرىش كۆرۈلۈپ، تاشقى كۈچلەرنىڭ قول تىقىشى سەۋەبىدىن، شىنجاڭدىكى قوزغىلاڭچىلار، بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قوزغىلاڭچىلار بارغانسېرى سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرۇش

① ئا. ن. خېيفېس: «سوۋېت ئىتتىپاقى دىپلوماتىيىسى ۋە شەرقتىكى مىللەتلەر (1921 — 1927)»، موسكۋا 1968 - يىلى نەشرى، 128 -، 129 - بەتلەر.

خاھىشىنى ئىپادىلەشكە باشلىغان. خۇددى سوۋېت تەرەپنىڭ
دوكلاتىدا ئېيتىلغاندەك، «جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قوزغىلاڭچى
ئاما ئارىسىدا سوۋېت چېگرىسى ئىچىدىكى ئاھالىلەر بىلەن
تۇغقاندارچىلىق ۋە باشقا مۇناسىۋىتى بار نۇرغۇن كۆچمەنلەر
ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى ئۇنسۇرلار
بار، بۇنىڭ ئىچىدە قەشقەردىلا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 60 مىڭ
قىرغىز كۆچمىنى بار؛ سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرىسىدىكى پانئىسلامىزم ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى كۈچلەرنىڭ كاتتىۋاشلىرى قەشقەردە پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ، ئۇلارنىڭ
كۈچ تەشكىللەپ، جۇڭگو قەشقەر تەرەپتىن سوۋېت زېمىنىغا
ئوغرىلىقچە ھۇجۇم قىلىش ئېھتىماللىقى ناھايىتى زور؛ ئەنگلىيە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قوزغىلاڭغا قول تىقتى ھەمدە جەنۇبىي شىنجاڭدا جۇڭگودىن مۇستەقىل تۇرىدىغان مۇسۇلمانلار
دۆلىتى قۇرۇش مۇددىئاسىدا بولۇۋاتىدۇ.» ① شۇنىڭ بىلەن
بىرگە، سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ شىنجاڭ مۇسۇلمان ئاھالىلىرىنىڭ قوزغىلىڭىغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش سوۋېت ئىتتىپاقى ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ رايون بىلەن
چېگرىلىنىپ تۇرىدىغان ئۆز زېمىنىدىكى ئىنتايىن مۇھىم
ئىچكى سىياسىي مەسىلىنى ھەل قىلىشتىن دېرەك بېرىدۇ،
دەپ قاراشقان. شۇڭا، بۇنداق ۋەزىيەتتە ئىچكى قىسمىدىكى
تونۇشتا بىرلىككە كېلىپ، شىنجاڭنىڭ يەرلىك ھاكىمىيىتىگە ياردەم بېرىپ، شىنجاڭنىڭ بىرلىكىنى قوغداش بۇ مەزگىلدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭغا قاراتقان سىياسىتىگە
ئايلانغان.

1931 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، سوۋېت ئىتتىپاقى سىياسىي بيۇروسى يىغىنى جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىگە ھەربىي
ئايروپىلان سېتىپ بېرىش ۋە ئۇچقۇچى ئەۋەتىشنى قارار قىل-

① يۇقىرىقى كىتاب: توپلام 62، كاتولوگ 2، جىلد 3037، 61 ـ بەت.

غان. كېيىن يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا بومبا، زەمبىرەك ۋە بېنزىن قاتارلىق ھەربىي تەييارلىق لازىمەتلىكلىرى بىلەن تەمىنلەش ھەمدە شىنجاڭ قوزغىلاڭچىلىرىغا ھېچقانداق ياردەم بەرمەسلىكنى قارار قىلغان.① 1933 - يىلىدىكى «12 - ئاپرېل» سىياسىي ئۆزگىرىشىدە، شېڭ شىسەي تەختكە چىققاندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقىغا يېقىنلىشىش مەيدانىنى ئېنىق بىلدۈرگەن. 8 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، سوۋېت كومپارتىيىسى (بولشېۋىكلار) مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى «شىنجاڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى يولىيورۇق»نى رەسمىي چۈشۈرگەن، ئۇنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى مۇنۇلار: (1) شىنجاڭنىڭ جۇڭگودىن ئايرىلىپ چىقىشىنى قوللايدىغان سىياسەتلەرنى قوللانماسلىق ۋە شوئارلارنى تۇۋلىماسلىق. (2) شېڭ شىسەي باشچىلىقىدىكى شىنجاڭ ھۆكۈمىتىنى قوللاش. ھازىرقى مەزگىل ۋە ھازىرقى شارائىتتا، شىنجاڭ ھۆكۈمىتىدىن ئۈزۈل - كېسىل قۇتۇلۇشنى مەقسەت قىلغان ھەرىكەتلەرنى قوللاش مۇۋاپىق ئەمەس، لېكىن ئەنگلىيە ياكى ياپونىيىنىڭ ئىشپىيونلۇق ھەرىكەتلىرى ئۈنۈم ھاسىل قىلالمايدىغان رايوندا، بىرقەدەر كەڭ دائىرىدىكى يەرلىك ئاپتونومىيىنى تەشكىللەشكە دوستانە مەيدان تۇتۇش. (3) شىنجاڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ما جۇڭيىڭ ۋە باشقا خۇيزۇلارنىڭ قوشۇنلىرىنى بىتچىت قىلىشىنى پائال قوللاش. (4) ئەل بولغان قوشۇن (جۇڭگو تەۋەلىكىگە ئۆتكەن ئاق ئورۇسلاردىن تەشكىللەنگەن)دىن پايدىلىنىپ، شىنجاڭ ھۆكۈمىتىنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاش ھەمدە شىنجاڭ ھۆكۈمىتىنى نازارەت قىلىش، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، بارلىق زۆرۈر تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئەل بولغان قوشۇندىن مۇداپىئە كۆرۈش ۋە ئۇلارنى نازارەت قىلىش.

شۇنداق قىلىپ، 30 - يىللاردىكى ئورنى خاتا بەلگىلەنگەن «مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى» نەزەرىيىسى يېتەكچى ئورۇننى ئى-

① يۇقىرىقى كىتاب: توپلام 17 (سىياسىي بيۇرونىڭ ئالاھىدە ئارخىپى)، كاتالوگ 162، جىلد 1، 10 - بەت.

گىلىيەلمىگەن بولۇپ، ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلىمۇ بولمىغان. لېكىن، 40 - يىللاردىكى ئەھۋال باشقىچە بولغان.

1942 - يىلى شىڭ شىسەي گومىنداڭغا ئۆزىنى ئېتىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا، كومپارتىيىگە قارشى تۇرۇش يولىدا مېڭىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن شىنجاڭدىكى خىزمەتچىلىرى ۋە قوشۇنىنى چېكىندۇرۇپ چىقىشنى تەلەپ قىلغان. سوۋېت ئىتتىپاقى شىنجاڭغا بولغان سىياسىي، ھەربىي ۋە ئىقتىسادىي قوللىشىنى توختىتىپ، شىنجاڭدىكى خىزمەتچىلىرى ۋە قوشۇنىنى چېكىندۇرۇپ كەتكەن. شۇنداقلا سوۋېت ئىتتىپاقى شىڭ شىسەينىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كۈرەشلەرنى قوللاشقا ۋە تەشكىللەشكە باشلىغان. 1943 - يىلى 5 - ئاينىڭ 4 - كۈنى، سوۋېت كومپارتىيىسى (بولشېۋىكلار) مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى يىغىنىدا شىنجاڭ ۋەزىيىتى مۇزاكىرە قىلىنغان. يىغىندا: «چوقۇم تەدبىر قوللىنىپ، شىڭ شىسەينى شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقىدىن مەھرۇم قىلىش كېرەك» دەپ كۆرسىتىلىپ، ئىنقىلابىي گۇرۇپپا تەشكىللەش ۋە شىنجاڭدا ئىنقىلابىي كۈچ يېتىشتۈرۈش قارار قىلىنغان. بۇنىڭدىن ئىلگىرى سوۋېت ئىتتىپاقى شىنجاڭ چېگرىسى ئىچىدە «مىللىي ئاقارتىش گۇرۇپپىسى» دېگەن نامدىكى ئىنقىلابىي تەشكىلاتلارنى پىلانلىق ھالدا قۇرۇشقا باشلىغانىدى. سىياسىي بيۇرو يىغىنىدا يەنە شىنجاڭغا قوشنا بولغان قازاقىستان، ئۆزبېكىستان ۋە قىرغىزىستاندا بىرقانچە مەكتەپ قۇرۇپ، «مىللىي ئاقارتىش گۇرۇپپىسى»غا قوماندانلىق قىلغۇچى خادىملار ۋە كەلگۈسىدە شىنجاڭ ئاھالىلىرى بىلەن بىرگە خىزمەت قىلىدىغان تەشۋىقات خادىملىرىنى مەخسۇس تەربىيىلەپ بېرىش قارار قىلىنغان.[1] بۇ پىلاننى يولغا قويۇش داۋامىدا، «مىللىي ئاقارتىش

---

① (رۇسىيە) بارمىن: «1941 - يىلىدىن 1949 - يىلىغىچە بولغان سوۋېت - جۇڭگو مۇناسىۋىتىدىكى شىنجاڭ»، بارنائۇل، 1999 - يىلى نەشرى، 59 -، 60 - بەتلەر.

گۇرۇپپىسى»نىڭ نامى «مىللىي مۇستەقىللىق گۇرۇپپىسى»
ياكى «مىللىي ئازادلىق گۇرۇپپىسى»غا ئۆزگەرتىلگەن. بۇنداق
بولۇشىدىكى سەۋەب شۇكى، سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇزۇندىن بۇيان
شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ زۇلۇم ۋە ئېكسپىلاتاتـ-
سىيىگە قارشى كۇرەشلىرىنى «خەنزۇلارنىڭ مۇستەملىكە ھۆ-
كۇمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلايدىغان مىللىي ئازادلىق ھەرد-
كىتى» دەپ بېكىتىپ كەلگەنىدى. خەنزۇلارنىڭ مۇستەملىكە
ھۆكۇمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلايدىغان مىللىي ئازادلىق ھە-
رىكىتى دەپ بېكىتىلگەنىكەن، بۇ كۇرەش مۇقەررەر يوسۇندا
مىللەتنىڭ مۇستەقىل بولۇشى بىلەن ئاياغلىشىشى كېرەك،
شۇڭا «مىللىي مۇستەقىللىق گۇرۇپپىسى» قۇرۇشمۇ ئەقىلغا
مۇۋاپىق. كېيىنكى كۇرەشلەردە، «مىللىي مۇستەقىللىق گۇ-
رۇپپىسى» كەلگۇسىدىكى قوزغىلاڭنىڭ ھەرىكەت پروگراممى-
سىنى تارقىتىش بىلەن بىرگە، مىللىي ئازادلىق ۋە مىللىي
مۇستەقىللىق ئىدىيىسىنىمۇ تارقاتقان. سوۋېت كومپارتىيىسى
(بولشېۋىكلار) ئۆزبېكىستان رېسپوبلىكىسى كومىتېتىنىڭ
مەسئۇلى شۇ جايدا شىنجاڭغا ئىنقىلابنى تەشۋىق قىلىدىغان
مەسئۇل قىلىپ بېكىتىلگەن. چېگرا سىرتىدا نەشر قىلىنغان
«يېڭى ھايات»، «شەرق ھەقىقىتى»، «قازاقلار يۇرتى» قاتارلىق
ئۇيغۇرچە، قازاقچە ژۇرناللار شىنجاڭغا كىرگۈزۈلۈپ، بەس ـ
بەستە ئوقۇلغان. بۇنىڭ ئىچىدىكى «بىز نېمىشقا كۇرەش قىد-
لىمىز» دېگەن تېمىدىكى سىياسىي ئوبزور ماقالىسى ئىنتايىن
ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بولۇپ، بۇنىڭ بىرىنچى ماددىسىدا
مۇنداق دېيىلگەن: «بىز خەنزۇلارنىڭ شەرقىي تۇركىستاندىكى
ھۆكۇمرانلىقىنى يوقىتىش، تۇپرىقىمىزدا خەنزۇلارنىڭ زوراۋاد-
لىقىنىڭ بارلىق يىلتىزىنى يوقىتىش مەقسىتىدە كۇرەش قىلىد-
مىز. شەرقىي تۇركىستان بۇ زېمىننىڭ ھەقىقىي خوجايىنى ـــ
ئۇيغۇرلار، تارانچىلار، قازاقلار، قىرغىزلار، تاتارلار، ئۆزبېكلەر،
شۇنىڭدەك تۇركلەرنىڭ ھۆكۇمرانلىقىدا بولغان باشقا كىد-

شىلەر ــ موڭغۇللار ۋە خەنزۇلاردىن باشقا كىشىلەرگە مەن-
سۇپ. شەرقىي تۈركىستاندا خەنزۇلارنىڭ مۇستەملىكە ھۆ-
كۈمرانلىقىغىمۇ، خەنزۇ مۇستەملىكىچىلىرىگىمۇ پۈت تىققۇ-
دەك يەر يوق.»①

شىنجاڭ مۇستەملىكە زېمىن بولمىسىمۇ، كوممۇنىستىك ئىن-
تېرناتسىئونال ۋە سوۋېت رۇسىيىسى دائىرىلىرى شىنجاڭ خەل-
قىنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيە ۋە زۇلۇمغا قارشى ئىچكى سىياسىي كۆ-
رەشلىرىنى خاتا ھالدا مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى، دەپ بېكىت-
تىۋالغان، شىنجاڭ خەلقىنىڭ قارشى تۇرغىنى مىلىتارىستلارنىڭ
ھۆكۈمرانلىقى ۋە دىكتاتورا تۈزۈمى بولسىمۇ، لېكىن چېگرا
سىرتىدىكى تەشۋىقات ماتېرىياللىرىدا خەنزۇلارغا قارشى تۇرۇلد-
غان مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتى، دەپ خاتا يېتەكچىلىك قىل-
لىنغان، شۇنداق قىلىپ، بىر مەيدان داغدۇغىلىق ئىنقىلابىي ھە-
رىكەتتىن مۇناسىپ ئىنقىلابىي ھاكىمىيەت بارلىققا كەلمەي،
ئەكسىچە «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى»دىن ئىبارەت بۆل-
گۈنچى ھاكىمىيەت شەكىللەنگەن. ئورنى خاتا بەلگىلەنگەن «مىل-
لىي ئازادلىق ھەرىكىتى» بۆلگۈنچى ھاكىمىيەتنىڭ بارلىققا كې-
لىشىدىكى مۇھىم نەزەرىيە مەنبەسىدۇر.

### 3 . بۆلگۈنچى ھاكىمىيەتنىڭ قايتا باش كۆتۈرۈشى

1944 ـ يىلى 8 ـ ئايدا، ئىلىنىڭ نىلقا ناھىيىسىدە شېڭ
شىسەي ۋە گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى
قوزغىلاڭ پارتلىغان، 11 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى غۇلجا قوزغىلىڭى
پارتلىغان. ئېلىخان تۆرە باشچىلىقىدىكى فېئودال دىنىي يۇقىرى
قاتلام كۈچلىرى قوزغىلاڭنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى قولىغا ئې-
لىۋالغاچقا، شىمالىي شىنجاڭدىكى غۇلجىدا قوزغىلاڭدىن كېيىن
«شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» بۆلگۈنچى ھاكىمىيىتى بار-
لىققا كەلگەن. بۇ بۆلگۈنچى ھاكىمىيەت نامىدا جەنۇبىي شىنجاڭ-

---

① لىندا بېنسون: «ئىلى قوزغىلىڭى»، ئىنگلىزچە، لوندون 1990 ـ يىلى نەشرى، 200 ـ
بەتتىن 205 ـ بەتكىچە.

دىكى بۆلگۈنچى ھاكىمىيەت «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»نىڭ تەركىبىگە ۋارىسلىق قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ھاكىمىيەت قۇرۇلغان ۋاقىتنى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بۆلگۈنچى ھاكىمىيەت قۇرۇلغان 11-ئاينىڭ 12-كۈنى بىلەن بىر ئاي، بىر كۈنگە توغرىلىغان.

1944 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى، «غۇلجا ئازادلىق تەشكىلاتى» «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلاپ، دۆلەت بايرىقىنىڭ تېگى يېشىل، ئوتتۇرىسى سېرىق ھىلال ئاي — يۇلتۇزلۇق بولىدىغانلىقىنى بېكىتكەن. ئېلىخان تۆرە قاتارلىق 16 كىشى «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت»نىڭ ھەيئەت ئەزالىقىغا تەيىنلەنگەن. ئېلىخان تۆرە ھۆكۈمەت رەئىسلىكىگە، فېئودال يۇقىرى قاتلام شەخس ھاكىمبەگ خوجا مۇئاۋىن رەئىسلىككە، يۇقىرى قاتلام دىنىي زات، سودىگەر ئابدۇرۇپ مەخسۇم باش كاتىپلىققا تەيىنلەنگەن. ئۇنىڭدىن باشقا، ھۆكۈمەت ھەيئەت ئەزالىرى ئىچىدىكى رەھىمجان سابىر ھاجى، مۇھەممەتجان مەخسۇم، ئەنۋەر مۇسابايوف، ئوبۇلخەيرى تۆرە، پۇجە، سالىجانباي باباجان، ئابدۇل مۇتەئالى خەلپەم قاتارلىق يەتتە كىشىنىڭ ھەممىسى فېئودال ياكى دىنىي يۇقىرى قاتلام زاتلىرىدىن ئىدى؛ يەنە سوۋېت ئىتتىپاقى مۇھاجىرى پاۋىل پاۋلوۋىچ موسكالىيوف، جانى يولداش قاتارلىق ئىككى ھەيئەت ئەزاسىمۇ بار ئىدى؛ ھالبۇكى، ئابدۇكېرىم ئابباسوف باشچىلىقىدىكى تەرەققىيپەرۋەر زىيالىيلار ناھايىتى ئاز سالماقنى ئىگىلىگەنىدى. «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت»نىڭ تەركىبىدىكى يۇقىرىقى ئەزالاردىن ھوقۇقنىڭ ئېلىخان تۆرە باشچىلىقىدىكى «پانئىسلامىزم»، «پانتۈركىزم»نىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان فېئودال يۇقىرى قاتلام دىنىي زاتلىرىنىڭ قولىدا، ھەربىي ھوقۇقنىڭ پارتىزانلارنىڭ باش قوماندانى، سوۋېت ئىتتىپاقى ئوفىتسېرى ئالېكساندىروفنىڭ قولىدا ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

1945 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، «شەرقىي تۈركىستان

جۇمھۇرىيىتى» ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى ھەيئەت ئەزالىرى يىغىنىنىڭ 4 ـ سانلىق يىغىنىدا سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلخانىسى «ھەمكارلىشىپ» تەييارلاپ بەرگەن ھۆكۈمەت خىتابنامىسى ماقۇللانغان، خىتابنامە جەمئىي توققۇز ماددا بولۇپ، 1 ـ، 2 ـ ماددىسىدا مۇنداق دېيىلگەن:

1) «شەرقىي تۈركىستان» زېمىنىدا جۇڭگونىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىنى تۈپ يىلتىزىدىن ئۈزۈل-كېسىل قومۇرۇپ تاشلاش؛

2) «شەرقىي تۈركىستان» تەۋەسىدىكى ھەر مىللەت خەلقى باپباراۋەر بولۇش ئاساسىدا، ھەقىقىي ئەركىن، مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇش. ①

بۇ خىتابنامە گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇش ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن يېقىنلىشىشتەك ئىلغار مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا ئاساسلىقى «مۇستەقىللىق»، «بۆلگۈنچىلىك» تەرغىب قىلىنغان ۋە يۆنىلىش خاراكتېرلىك خاتالىق سادىر قىلىنغان، جۇڭگونىڭ بىرلىككە كەلگەن تارىخىنى ئارقىغا قايتۇرۇشقا ئۇرۇنغان بولۇپ، جۇڭگو خەلقى ۋە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە ئېغىر دەرىجىدە خىلاپلىق قىلىنغان. ھالبۇكى، ئارقىدىنلا ئېلان قىلىنغان «سىياسىي پروگرامما»دا: «خەنزۇلارنىڭ ھەر خىل زالىم سىياسەتلىرىنى تۈپ يىلتىزىدىن بىكار قىلىش» 1ـماددا قىلىنىپ، مىللىي قارشىلىق يەنىمۇ كۈچەيتىۋېتىلگەن. ئېلىخان تۆرە باشچىلىقىدىكى فېئودال دىنىي يۇقىرى قاتلامدىكىلەر قولىدىكى ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ، جامائەت توپلاشقان ئاشكارا سورۇنلاردا كۆپ قېتىم ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلاش، خەنزۇلارغا قارشى تۇرۇش، خەنزۇلارنى چەتكە قېقىشقا دائىر نۇتۇقلارنى

① «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى»، 67ـبەت.

سۆزلەپ، «شىنجاڭ جۇڭگو زېمىنىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى» دېگەن پاكىتنى «سەپسەتە»گە چىقىرىپ، «شەرقىي تۈركىستان بىزنىڭ ۋەتىنىمىز» دېگەن ئەكسىيەتچىل بۆلگۈنچىلىك سۆز-چۆچەكلىرىنى تارقاتقان. ھەتتا يېڭى تەشكىللەنگەن مىللىي ئارمىيىنىڭ بايرىقىغىمۇ «شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىقى ئۈچۈن ئالغا» دېگەن شوئار يېزىلغان. دىنىي ئەسەبىيلىك ۋە تار مىللىي قاراشنىڭ تۈرتكىسىدە، پارتىزانلار ئارىسىدىكى ئىنتايىن ئاز ساندىكى ئەكسىيەتچىل ئۇنسۇرلار، جەمئىيەتتىكى قانۇنسىز ئۇنسۇرلار ۋە بەزى قايمۇققان ئامما بەس - بەستە خەنزۇلارغا قارشى تۇرۇپ، خەنزۇلارنى چەتكە قاققان، ئۇرۇش ئەسىرلىرىنى، بىگۇناھ خەنزۇ پۇقرالىرىنى ئۆلتۈرۈش، مال - مۈلۈكنى بۇلاش، ئاياللارنى ھاقارەتلەش ۋەقەلىرى پات-پات كۆرۈلۈپ تۇرغان. 1945 - يىلىنىڭ باشلىرىدا ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت بۇ ساۋاقنى يەكۈنلەشكە كىرىشكەن ۋە ئاز ساندىكى بۇزۇق ئۇنسۇرلارنى جازالىغان. ئەمما ئۇزۇن ئۆتمەيلا ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت يولغا قويغان مىللىي ئايرىمىچىلىق شەكلىدىكى خەنزۇلارنى مەجبۇرىي كۆچۈرۈپ، خەنزۇلارنىڭ يېرىنى قايتۇرۇۋېلىش سىياسىتى خەنزۇلارنىڭ ھېسسىياتىغا ئېغىر بەرھەم بەرگەن.

«ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت»نىڭ خىتابنامىسىگە ھۆكۈمەتنىڭ ئىسلام دىنىنى يولغا قويۇشنى تەشەببۇس قىلىدىغانلىقى ۋە رىغبەتلەندۈرىدىغانلىقىغا دائىر مەزمۇنلار ئاشكارا كىرگۈزۈلگەن. «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت»نىڭ رەھبىرى ئېلىخان تۆرىنىڭ ئۆزىمۇ دىندار ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، ئىلگىرى ئوتتۇرا شەرق ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا ئوقۇغان، شۇنداقلا غۇلجىدىكى ئەڭ چوڭ مەسچىت — بەيتۇللا مەسچىتىگە ئىمام بولغان دىنىي زاتتۇر. «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» يەنە مۇئەييەن دائىرىدە ئىسلام شەرىئىتىنى يولغا قويغان. مەسىلەن، يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە قۇرۇلغان مەھكىمە شەرئىيىلەر ھەق تەلەپ دېلولىرىنى بىر تەرەپ قىلغان؛

دىنىي تارماقلار تۇغۇلۇش، ئۆلۈش، توي قىلىش، ئاجرىشىش ئىشلىرىنى باشقۇرغان؛ ئۆشرە ـ زاكات ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن؛ ئىسلام شەرىئىتى بويىچە بانكىلار خۇسۇسىيلارنىڭ بانكىغا قويغان پۇلىغا ئۆسۈم بېرىشنى توختاتقان؛ دىنىي تەشۋىقات ئۆمىكى قۇرۇلغان، ۋەھاكازالار.① 1945 ـ يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، ئېلىخان تۆرە باشچىلىقىدىكى فېئودال دىنىي يۇقىرى قاتلام زاتلىرى «ھاكىمىيەت بىلەن دىننى بىرلەشتۈرۈش» سىياسىتىنى يۈرگۈزمەكچى بولۇپ، «ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى تۈرلۈك مەكتەپلەردىن دەرسلىكىنى تەسىس قىلىشى كېرەك، دەپ تەشەببۇس قىلدى؛ يەنە ‹شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى›نىڭ خىزمەتچىلىرىنى قۇرئان ئايەتلىرىنى يادقا ئوقۇيالايدىغانلار ئارىسىدىنلا تاللاشقا بولىدۇ، دەپ تەشەببۇس قىلغان.»② «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» يۈرگۈزگەن ئىسلام دىنىنى تەشەببۇس قىلىش ۋە رىغبەتلەندۈرۈش، شۇنىڭدەك ئىسلام ئەھكاملىرىنى يۈرگۈزۈش سىياسەتلىرى دىنىي ئەسەبىيلىكنىڭ ئۈزلۈكسىز ئەۋج ئېلىشىغا تۈرتكە بولۇپ، ئىنقىلابنىڭ يوشۇرۇن خەۋپىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇۋەتكەن. ھەر مىللەت خەلقى شېڭ شىسەي ۋە گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى ئېلىپ بارغان بىر مەيدان داغدۇغىلىق ئىنقىلابىي قوزغىلاڭ خاتا يولغا باشلىنىپ، ئىنقىلابنىڭ خاراكتېرىدە ئېغىر ئۆزگىرىش كۆرۈلگەن.

«شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» شىنجاڭنىڭ ھازىرقى زامان تارىخىدا بارلىققا كەلگەن يەنە بىر بۆلگۈنچى ھاكىمىيەت بولۇپ، ماھىيىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇ بۆلگۈنچى ھاكىمىيەت 1933ـيىلىدىكى «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»نىڭ

① (ئەنگلىيە) A.D.W فوبىس: «شىنجاڭ مىلىتارىستلىرى ۋە مۇسۇلمانلىرى(1911 ـ يىلىدىن 1949 ـ يىلغىچە بولغان مىنگو مەزگىلىدىكى شىنجاڭنىڭ سىياسىي تارىخى)»، 103 ـ بەت، «سەيپىدىن ئەزىزى ئەسلىمىلىرى»، 330 ـ بەت،خۋاشيا نەشرىياتىنىڭ 1993 ـ يىلى نەشرى.

② «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى»، 66 ـ، 91 ـ، 94 ـ، 178 ـ، 206 ـ بەتلەر.

راۋاجى ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئىككىسىنىڭ ئورتاقلىقىنى مۇنداق ئىككى نۇقتىغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

بىرىنچىدىن، بۇ ئىككى بۆلگۈنچى ھاكىمىيەت خەلقنىڭ ئېكسپلاتاتسىيە ۋە زۇلۇمغا قارشى قوزغىلىشىدا ۋۇجۇدقا كەل-گەن، بۇ شۇنى ئەكس ئەتتۈرىدۇكى، بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار ئىنتا-يىن ئازساندا بولسىمۇ، لېكىن ئەينى چاغدىكى ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلار سىنىپىنىڭ زۇلمى ئەۋج ئالغان ۋە ئىنتايىن نامرات، قالاق بولغان ئىجتىمائىي، تارىخىي شارائىتتا، ئۇلار تەرغىب قىلغان پانئىسلامىزم، پانتۈركىزم ئىدىيىسى بەلگىلىك ئىجتىمائىي ئاساس تاپالايتتى، ۋەزىيەتتە ئۆزگىرىش بولغان ھا-مان، بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار ئوتتۇرىغا ئىتتىرىپ چىقىرىلىپ، سەركەردە شەخسلەرگە ئايلىنىدۇ ھەمدە قوزغىلاڭنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى قولىغا ئالغاندىن كېيىن، كۆرەشنى خاتا يولغا باشلايدۇ.

ئىككىنچىدىن، ئومۇمەن، بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىنىڭ كۆپىنچىسىگە چېگرا سىرتىدىكى كۈچلەر ئاستىرتىن قول تىقى-دۇ، بۇ يېقىنقى زاماندىن بۇيان جۇڭگونىڭ چېگرا رايونلىرىدىكى بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىنىڭ بىر قانۇنىيىتى، 20 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا شىنجاڭدا قۇرۇلغان بۇ ئىككى بۆلگۈنچى ھا-كىمىيەتمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس. 1933 ـ يىلى 11 ـ ئايدا قۇرۇلغان بۆلگۈنچى ھاكىمىيەت «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»نى 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ چېگرا سىرتىدىكى پانئىسلامىزم، پانتۈركىزم ئىدىيىسىنىڭ سىڭىپ كىرىشى ۋە تارقىلىشىنىڭ بىۋاسىتە نەتىجىسى دەپ قاراشقا بو-لىدۇ؛ ھالبۇكى، 1944 ـ يىلى 1 ـ ئايدا قۇرۇلغان «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» ئىدىيە جەھەتتە پانئىسلامىزم، پان-تۈركىزمنىڭ جەندىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىپلا قالماي، سوۋېت ئىتتىپاقىمۇ ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان. 1933ـيىلىدىكى ئەھۋالغا تۈپتىن ئوخشىمايدىغان يېرى، سوۋېت ئىتتىپاقى 1944 ـ يىلىدىكى بۆلگۈنچى ھاكىمىيەت «شەرقىي تۈركىستان

جۇمھۇرىيىتى»گە قارىتا، بىۋاستە تىزگىنلەش ۋە پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللاش سىياسىتىنى قوللانغان.

1933 ـ يىلىدىكى «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»گە سېلىشتۇرغاندا، 1944 ـ يىلىدىكى «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى»بۆلگۈنچى ھاكىمىيىتى يەنە ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە. بىرىنچىدىن، ۋاقتى ئۇزۇن بولۇپ، 1944 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇلۇپ، 1946 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ھەيئەت ئەزالىرى يىغىنىنىڭ 324 ـ نومۇرلۇق قارارىدا «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» ھۆكۈمىتىنى شىنجاڭ ئۆلكىسى ئىلى ۋىلايەتلىك كېڭەشكە ئۆزگەرتكەنگە قەدەر بىر يىل سەككىز ئاي مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان. ھالبۇكى، «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» ئۈچ ئايغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدىلا ھالاك بولغان. ئىككىنچىدىن، بۆلگۈنچى ھاكىمىيەت كونترول قىلغان دائىرە چوڭ بولۇپ، شىنجاڭنىڭ شىمالىي چېگرىسىدىكى ئىلى، تارباغاتاي، ئالتايدىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەتنىڭ 350 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر زېمىنىنى، يەنى شىنجاڭ زېمىنىنىڭ تەخمىنەن بەشتىن بىرىنى كونترول قىلغان. ھالبۇكى، «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» پەقەت جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قەشقەر شەھىرىنىلا ئىگىلەپ تۇرالىغان. ئۈچىنچىدىن، ھەربىي كۈچى زور بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ مۇنتىزىم قوشۇنىنى تەشكىللىگەن بولۇپ، «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»نىڭ تۇتامى يوق چەرەندە ـ پەرەندىلىرىنى ئۇلار بىلەن سېلىشتۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. يۇقىرىقى بىر قانچە جەھەتتىكى ئامىل «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى»نىڭ بۆلگۈنچىلىك كۈچىنى ۋە شىنجاڭغا كەلتۈرىدىغان ئىجتىمائىي، سىياسىي خەۋپىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇۋەتكەن.

# بەشىنچى باب   ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھەرىكىتى ۋە شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىنىشى

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ئادەتتە 1944 - يىلى 8 - ئايدا شىنجاڭنىڭ شىمالىدىكى ئىلى، تارباغاتاي، ئالتايدىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەتتە پارتلىغان، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مىلىتارىست شېڭ شىسەيگە ۋە گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى ئېلىپ بارغان قوراللىق كۈرەشنى كۆرسىتىدۇ. ئىنقىلابقا تەييارلىق كۆرۈش ۋە قوزغىلاڭ پارتلىغان چاغدىكى پەۋقۇلئاددە تارىخىي شارائىت تۈپەيلىدىن، شۇنىڭدەك ئىنقىلابنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقى ئېلىخان تۆرە باشچىلىقىدىكى فېئودال دىنىي يۇقىرى قاتلام زاتلىرىنىڭ قولىدا بولغانلىقى ئۈچۈن، قوراللىق كۈرەش دەسلەپكى قەدەمدە غەلىبە قازانغاندىن كېيىن، بىر مەھەل ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھەرىكىتىگە سىڭىپ كىرىۋالغان «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى»دىن ئىبارەت بۆلگۈنچى ھاكىمىيەت شەكىللەنگەن. شۇڭا، مەيلى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىدا بولسۇن ياكى بۈگۈنكى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تارىخى ھەققىدىكى تەتقىقاتلاردا بولسۇن، نۇرغۇنلىغان مۇرەككەپ ۋە زىددىيەتلىك مەسىلىلەر مەۋجۇت. شۇ سەۋەبتىن، بىزنىڭچە، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھەققىدىكى تەتقىقاتتا مۇنداق بىرقانچە پرىنسىپنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش كېرەك: بىرىنچىدىن، بۇ مەزگىلدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيە ۋە زۇلۇمغا قارشى قوراللىق كۈرەشى بىلەن ئاز ساندىكى فېئودال يۇقىرى قاتلام زاتلىرىنىڭ بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتىنى قاتتىق پەرقلەندۈرۈپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ زۇلۇمغا قارشى كۈرەشى-

نىڭ ھەققانىيلىقى ۋە ئىنقىلابىيلىقىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا، ئاز ساندىكى فېئودال دىنىي يۇقىرى قاتلام زاتلىرىنىڭ قايتىدىن بۆلگۈنچىلىك پەيدا قىلىشتەك ئەكسىيەتچىل قىلمىشىنى قاتتىق سۆكۈش. ئىككىنچىدىن، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھەرىكىتى بىلەن ئۇنىڭغا سىڭىپ كىرىۋالغان «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى»دىن ئىبارەت بۆلگۈنچى ھاكىمىيەتنى قاتتىق پەرقلەندۈرۈش كېرەك، «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى»دىن ئىبارەت بۆلگۈنچى ھاكىمىيەتنىڭ قۇرۇلۇشى ھەرگىزمۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھەرىكىتىنىڭ دەسلەپكى مەقسىتى ئەمەس، ئۇ پەقەت ئىنقىلابنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە رەھبەرلىك ھوقۇقىنى چاڭگىلىغا ئېلىۋالغان فېئودال دىنىي يۇقىرى قاتلام زاتلىرى ھەر مىللەت خەلقىگە مەجبۇرىي تاڭغان شەخسىي مال، شۇنداقلا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھەرىكىتىگە چۈشكەن مىتە قۇرت. بۇ ئىككىسى تۈپتىن ئوخشىمايدىغان خاراكتېرگە ئىگە. ئۈچىنچىدىن، بۆلگۈنچىلىك قىلىش شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە خىلاپ، خەلق ئويغىنىپلا قالسا، بۆلگۈنچىلىككە قارشى قەتئىي كۈرەش قىلىدۇ. ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇكېرىم ئابباسوف ۋەكىللىكىدىكى ئىنقىلاب تەرەپدارلىرى دەل ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا، قەتئىي بوشاشماي كۈرەش قىلىش ئارقىلىق، ئاخىرى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھەرىكىتىنى بۆلگۈنچىلىكنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقىپ، جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ قايىنىمىغا ئېلىپ كىردى. يۇقىرىقى بىرقانچە پرىنسىپنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئۆزگىرىشىگە ئاساسەن، ھەرىكەتنىڭ ئومۇمىي جەريانىنى ئوخشىمىغان بىرنەچچە باسقۇچقا بۆلۈپ بايان قىلىش كېرەك.

# بىرىنچى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھەرىكىتىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى

## 1. «نىلقا قوزغىلىڭى» ۋە «غۇلجا قوزغىلىڭى»

«نىلقا قوزغىلىڭى» ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھەرىكىتىنىڭ باشلىنىشىدۇر. بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭ چېگرا ئىچى - سىرتىدىكى ئەلەرنىڭ ئۆزئارا ماسلىشىشى ئارقىسىدا ئېلىپ بېرىلغان. 1944 - يىلى 8 - ئايدا، ھۆكۈمەتنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان ئەكبەر، سېيىت، ناۋان قاتارلىق قازاق ئاكا - ئۇكىلار قورغاس ناھىيىسىگە يېقىن بولغان جۇڭگو-سوۋېت چېگرىسىدىكى يىڭتار دېگەن يەرگە قېچىپ بېرىۋېلىپ، ئۇ يەردە فاتىخ مۇسلىموف بىلەن ئۇچراشقان. فاتىخ مۇسلىموف ئەسلىي نىلقىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى مۇھاجىرى بولۇپ، ئىلگىرى ناھىيىلىك يەرلىك مەھسۇلاتلار سودا شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن دىرېكتورى بولغان، مەخپىي ھالدا تەشكىلات قۇرغانلىقى ئۈچۈن، قولغا ئېلىنىشتىن قورقۇپ سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرىسىغا قېچىپ بېرىۋالغان. كېيىن، ئالمۇتىدا شىنجاڭنىڭ مىللىي گۈللىنىشىگە ياردەم بېرىش مەقسىتىدە ھەربىي تەلىم - تەربىيە ئالغان. فاتىخ مۇسلىموفنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن، ئەكبەر قاتارلىقلار ئىلگىرى شىنجاڭدا تۇرغان ۋە مەخسۇس ھەربىي قورال - ياراغ تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئاق گىۋاردىيىچىلەر (جۇڭگو تەۋەلىكىگە ئۆتكەن رۇسلار)دىن بولغان گلېبىنىڭ ئىسمىلىك سودىگەردىن تۆۋەن باھادا ئاتقا بىر قىسىم قورال - ياراغ ئالماشتۇرغان. كېيىن، ئەكبەر قاتارلىقلار يەنە فاتىخ مۇسلىموف بىلەن بىرلىشىپ، 8 - ئاينىڭ 14 - كۈنى شىنجاڭ نىلقا ناھىيىسى ئۇلاستاي جىلغىسىدا رەسمىي تۇردە فاتىخ مۇسلىموف باشچىلىقىدىكى پارتىزانلار ئەترىتىنى قۇرغان. 17 - كۈنى، پارتىزانلار تاغ تەكشۈرگىلى كەلگەن ناھىيىلىك قوراللىق ساقچىنىڭ بىر ئەترىتىگە مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا يوشۇرۇن زەربە بېرىپ، «نىلقا قوزغىلىڭى»نىڭ

بىرىنچى پاي ئوقىنى ئاتقان. پارتىزانلار ئەترىتى تېز سۈرئەتتە زورىيىپ، 10 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى نىلقا ناھىيىسىنى ئىشغال قىلغان.

9 ـ ئايدا، ئىسھاقبېك تاشقورغان ناھىيىسىدىن چېگرا سىر-تىدا تەلىم ئالغان قوراللىق كۈچنى باشلاپ، سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرىسى ئارقىلىق غۇلجىغا بارغان. 10 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى، «غۇلجا ئازادلىق تەشكىلاتى» ئېلىخان تۆرە باشچىلىقىدىكى «يەر ئاستى ئىنقىلابىي ـ ھەربىي قوماندانلىق شتابى»نى قۇرۇپ، غۇل-جا قوزغىلىڭىنى تەشكىللەشكە تەييارلىق كۆرگەن. 10 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، سوۋېت ئىتتىپاقى مۇھاجىرى فاتىي ئىۋانوۋىچ لېسكىن دۈشمەننىڭ غۇلجىغا بولغان ياردىمىنى ئۈزۈپ تاشلاش ئۈچۈن، غۇلجا بىلەن ئۈرۈمچىنىڭ قاتناش تۈگۈنى بولغان كەڭ-سايدا پارتىزانلار ئەترىتى تەشكىللىگەن. 11 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈ-نى، ئابدۇكېرىم ئابباسوف سوۋېت ئىتتىپاقى ئوفىتسېرى پېتېر رومانوۋىچ ئالېكساندروف باشچىلىقىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ خىل قوراللانغان بىر تارماق قوشۇنى بىلەن بىرلىكتە قورغاس ناھىيىسىنىڭ يېڭىتار دېگەن يېرىدە چېگرىدىن كىرىپ، غۇلجا شەھىرىگە يېتىپ كەلگەن. ئارقىدىنلا ئەسلىدىكى «يەر ئاستى ئىنقىلابىي ـ ھەربىي قوماندانلىق شتابى» ئاساسىدا، ئالېكساند-روف باشچىلىقىدىكى ھەربىي قوماندانلىق شتابى قۇرۇلۇپ، قوز-غىلاڭغا رەھبەرلىك قىلىشقا مەسئۇل بولغان. شۇ كۈنى، لېسكىن سۇيدۇڭ پارتىزانلىرىنى باشلاپ، بىرىنچى بولۇپ لۇسىگۇڭدا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، غۇلجىدىن ئۈرۈمچىگە بارىدىغان دەرۋازىنى ئىشغال قىلىپ، «ئىشىكنى تاقاپ ئەدىپىنى بېرىش» ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن، غۇلجا قوراللىق قوزغىلىڭىنىڭ ھەربىي تەييارلىقى تامامەن پۈتكەن. تەشۋىقات خىزمىتىمۇ 11 ـ ئاينىڭ باشلىرىدىن باشلاپ قانات يايدۇرۇلۇپ، «غۇلجا ئازادلىق تەشكىلاتى» ناھىيە بازىرىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا لوزۇنكا چاپلاپ، تەشۋىقات ۋەرەقىسى تارقاتقان. بۇلارنىڭ ئىچىدە «خەلقنى

ئەزگۈچى ھۆكۈمەتنى يوقىتايلى»، «ياشىسۇن ئىنقىلابنىڭ غەلىبىسى» دېگەندەك ئىجابىي تەشۋىقات شوئارلىرىمۇ، «مۇسۇلمانلار بىرلىشىپ خەنزۇلارنى، شەرقىي شىماللىقلارنى(1933 ــ ، 1934 ــ يىللىرى سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرىسى ئارقىلىق شىنجاڭغا كىرگەن شەرقىي شىمال ياپونغا قارشى پىدائىيلار قوشۇنىنى كۆرسىتىدۇ) شىنجاڭدىن قوغلاپ چىقىرايلى»، «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرايلى» دېگەندەك سەلبىي خاراكتېردىكى قۇتراتقۇلۇق قىلىدىغان مەزمۇنلارمۇ بار ئىدى. ھەربىي قوماندانلىق شتابى قوزغىلاڭ ۋاقتىنى 11 ــ ئاينىڭ 7 ــ كۈنى(سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ 27 يىللىق خاتىرە كۈنى)گە بېكىتىشنى قارار قىلغان.

11 ــ ئاينىڭ 7 ــ كۈنى، پارتىزانلار ئالدىن بېكىتىلگەن لايىھە بويىچە، ئايرىم ــ ئايرىم ھالدا ناھىيە بازىرى ئىچىدىكى ھەربىي مۇھىم نۇقتىلار ۋە ھۆكۈمەتنىڭ مۇھىم تارماقلىرىغا ھۇجۇم قىلغان. 12 ــ كۈنگە بارغاندا، شەھەر ئەتراپىدىكى ئايرودروم ۋە ھەرەمباغ، گۈيۋاڭمياۋ بۇتخانىسىدىن ئىبارەت ئىككى ئېگىزلىكنى گومىنداڭ ئارمىيىسى پۈتۈن كۈچى بىلەن ئىگىلەپ تۇرغاندىن باشقا، پۈتكۈل ناھىيە بازىرى پارتىزانلار تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغان. غۇلجا ئازادلىق تەشكىلاتى «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، لېكىن پارتىزانلارنى باشلاپ ئەرتەينى ئىگىلەپ، غۇلجا بىلەن ئۈرۈمچىنىڭ قاتنىشىنى ئۈزۈۋەتكەن. 11 ــ ئاينىڭ 16 ــ كۈنى، ئىسھاقبېك سوۋېت ئىتتىپاقى ئوفىتسېرى ئالېكساندېر(ئۇيغۇرچە ئىسمى ئىسكەندەر)، ئىۋان ياكوۋلېۋىچ پالىنوف قاتارلىقلار بىلەن بىر باتالىيون ئاتلىق ئەسكەرنى باشلاپ چېگرىدىن كىرىپ، ھەرەمباغقا قورشاپ ھۇجۇم قىلىش جېڭىگە قاتناشقان. گومىنداڭنىڭ ياردەمچى قوشۇنى بولسا يېڭى ئەرتەي داۋنى(كەڭساي)نىڭ سىرتىدا قاتتىق توسۇلۇپ قالغان، گومىنداڭنىڭ جىڭ تەرەپتىكى ياردەمچى قوشۇنى

غۇلجىدىن 15 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى پەنجىم يېزىسىنىڭ يۇز پىلىچى دېگەن يەرلىرىگىچە قىستاپ كىرگەن بولسىمۇ، لېكىن چېگرىدىن كىرگەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيىسىنىڭ يەنە بىر ئاتلىق قىسمىنىڭ ئۈچ تەرەپتىن قورشاۋىدا قېلىپ، يېرىمىدىن كۆپرەكى يارىلىنىپ ۋە ئۆلۈپ، چېكىنىشكە مەجبۇر بولغان①. بۇ مەزگىلدە غۇلجىنىڭ ئەتراپىدىكى ھەرقايسى ناھىيىلەر ئارقا ـ ئارقىدىن پارتىزانلار تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغان. 1945 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى، ئايرودروم ئەتراپىدا قاپسىلىپ قالغان گومىنداڭ قوشۇنلىرى قورشاۋنى بۆسۈپ چىقىش داۋامىدا پۈتۈنلەي يوقىتىلغان، غۇلجا قوزغىلىڭى تولۇق غەلىبە قازانغان.

**2. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى قوللىشى**

«نىلقا قوزغىلىڭى» ۋە «غۇلجا قوزغىلىڭى» غەلىبە قازانغاندىن كېيىن، ئىلىدا «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى قۇرۇلغان. بۇ «ھۆكۈمەت» سوۋېت ئىتتىپاقى ھەربىي مەسلىھەتچىلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن جەنۇب، شىمال ۋە ئوتتۇرا سەپ بويىچە ئۈچ لىنىيىلىك ئۇرۇش پىلانى تۈزگەن، شىمالىي سەپتىكىلەر تارباغاتاي بىلەن ئالتاينى ئازاد قىلىشقا مەسئۇل بولغان؛ ئوتتۇرا سەپتىكىلەر جىڭ، شىخونى ھۇجۇم نىشانى قىلىپ، شۇ ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ مەركىزى ئۈرۈمچىگە قىستاپ كىرىشكە مەسئۇل بولغان؛ جەنۇبىي سەپتىكىلەر جەنۇبىي شىنجاڭ تەرەپتە پارتىزانلىق ئۇرۇشىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق، گومىنداڭنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسمىنى ئىسكەنجىگە ئېلىشقا مەسئۇل بولغان. ئارقىدىنلا سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيىسى (بولشېۋىكلار) مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ قارارى بويىچە ئەۋەتىلگەن قىزىل ئارمىيىنىڭ ئوفىتسېرلىرى، سېرژانتلىرى ۋە ئاددىي ئەسكەرلىرى تېز سۈرئەتتە مىللىي ئارمىيىگە تولۇقلانغان، شۇنىڭ بىلەن جەنۇبىي شىن-

① چېن خۇيشېڭ، چېن چاۋ: «مىنگو دەۋرىدىكى شىنجاڭ تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999 ـ يىلى نەشرى، 396 ـ بەت.

جاڭنى تۇتۇپ تۇرۇش، شىمالىي شىنجاڭنى ھۇجۇم بىلەن ئېلىش-
نىڭ تۈرلۈك تەييارلىق خىزمەتلىرى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشلە-
نىپ بولغان. 6 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، شىمالىي سەپتىكىلەر
بىرىنچى بولۇپ جەڭنى باشلاپ، 7 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى تارباغا-
تاينى ئىشغال قىلغان. 9 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرى، ئالتاينى پۈتۈن-
لەي ئازاد قىلغان. شىمالىي سەپتىكى جەڭدە تولۇق غەلىبە قولغا
كەلتۈرۈلۈپ شىنجاڭنىڭ شىمالىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن
تۇتاش بولغان ئىلى، تارباغاتاي، ئالتايدىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەت
«ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت»نىڭ بىۋاسىتە كونتروللۇقىغا ئۆتكەن.
كېيىن، ئادەت بويىچە «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» كونترول قىلىۋات-
قان جايلار «ئۈچ ۋىلايەت» دەپ ئاتالغان؛ 1944 ـ يىلىدىكى «نىلقا
قوزغىلىڭى»، «غۇلجا قوزغىلىڭى» ۋە كېيىنكى جەنۇب، شىمال،
ئوتتۇرا سەپ بويىچە ئېلىپ بېرىلغان ئۈچ لىنىيىلىك ئۇرۇش
قاتارلىق شىڭ شىسەي ۋە گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆ-
كۈمرانلىقىغا قارشى قوراللىق كۈرەشلەر ئومۇملاشتۇرۇلۇپ
«ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» ھەرىكىتى دەپ ئاتالغان؛ ۋاقىتلىق ھۆ-
كۈمەت «ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى» ياكى «ئۈچ ۋىلايەت ھاكىمىيى-
تى» دەپ ئاتالغان.

ئەگەر نىلقا قوزغىلىڭى پەقەت سوۋېت ئىتتىپاقى ھەر جەھەت-
تىن قوللىغان، شىنجاڭ خەلقىنىڭ شىڭ شىسەي ۋە گومىنداڭ-
نىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كۈرىشى دېيىلسە، ئۇ
ھالدا غۇلجا قوزغىلىڭىغا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەڭ يۇقىرى
قاتلامدىكىلەر ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيىسى تېخىمۇ كۆپ
قاتناشقان دېيىشكە بولىدۇ. رۇسىيە ئالىملىرى: سوۋېت ئىتتى-
پاقى رەھبەرلىرى قوزغىلاڭغا تەشكىلاتچىلىق قىلىش جەھەتتە
ھەل قىلغۇچ رول ئويناپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ماددىي ئەشيا،
ھەربىي تېخنىكا ۋە ھەربىي بۇيرۇق جەھەتتىمۇ قوزغىلاڭچىلارغا
ياردەم بەرگەن، دەپ قارايدۇ. ئۈچ ۋىلايەت قوزغىلىڭىنىڭ غەلىبە
قازىنىشىنى نۇرغۇن جەھەتلەردىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پائال،

ئومۇمىيۈزلۈك ياردەم بەرگەنلىكى بەلگىلىگەن①. قوزغىلاڭ تېخى تەييارلىق باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان چاغدىلا، «سوۋېت ئىتتىپاقى رەھبەرلىرى ئىچكى ئىشلار خەلق كومىتېتى پەۋقۇلئاددە ئىشلار مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى گېنېرال يىگنالوف ۋە ئۇنىڭ ياردەمچىسى، ئىچكى ئىشلار خەلق كومىتېتى 1 ـ ئىدارىسى 4 ـ باشقارمىسىنىڭ باشلىقى گېنېرال لانگ فانگ باشچىلىقىدا بىر ئالاھىدە ھەرىكەت ئەترىتى قۇرغان. بۇ ئەترەتنىڭ قوماندانلىق شتابى ئالمۇتا ۋە چېگرىدىكى كىچىك شەھەر قورغاستا تەسىس قىلىنغان. بۇنىڭدىن باشقا، ئۆزبېكىستان ۋە قىرغىزىستان تۇپرىقىدىمۇ شىنجاڭنىڭ جەنۇبىغا رەھبەرلىك قىلىۋاتقان نۇرغۇن خىزمەتلەر ئىشلەنگەن بولۇپ، ئۇ يەردە يەنە سوۋېت ئىتتىپاقى ئىچكى ئىشلار خەلق كومىتېتىنىڭ بىر ئەترىتى پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتاتتى»②. ئەڭ دەسلەپتە غۇلجا قوزغىلىڭىنىڭ ئاساسلىق كۈچى ئۈچ قىسىمدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، بىرى، بۇيرۇققا بىنائەن غۇلجا قوزغىلىڭىغا قاتنىشىش ئۈچۈن كەلگەن نىلقا پارتىزانلىرى؛ قالغان ئىككىسى سوۋېت ئىتتىپاقى ئوفىتسېرى ئالېكساندروف باشلاپ كىرگەن خىل قىسىم بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئوفىتسېرى پالىنوف باشلاپ كىرگەن ئاتلىق ئەسكەرلەر باتالىيونى ئىدى. غۇلجا قوزغىلىڭى غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقى 11 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى، غۇلجىدا ۋلادىمىر كوزلوف ۋە ۋلادىمىر ستېفانوۋىچ باشچىلىقىدىكى ئىككى مەسلىھەتچىلەر ئۆمىكى ( شەرتلىك بەلگىسى 1 ـ نومۇرلۇق ئۆي ۋە

---

① ( رۇسىيە ) بارمىن: «1941 ـ يىلىدىن 1949 ـ يىلىغىچە بولغان مەزگىلدىكى سوۋېت ـ جۇڭگو مۇناسىۋىتىدىكى شىنجاڭ»، بارنائۇل، 1999 ـ يىلى نەشرى، 64 ـ بەت.

② «1944 ـ يىلىدىن 1953 ـ يىلىغىچە بولغان مەزگىلدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى ئىچكى ئىشلار خەلق كومىتېتى ــ ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىقى شۆجىچۆسىنىڭ ماتېرىيالى»، ئومۇمىي توم ч /p-9401c، 2 ـ مۇندەرىجە، 96 ـ ئارخىپ، 197 ـ، 198 ـ بەتلەر. «1946 ـ يىلىدىن 1949 ـ يىلىغىچە بولغان مەزگىلدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى ئىچكى ئىشلار خەلق كومىتېتى ــ ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىقى شۆجىچۆسىنىڭ ماتېرىيالى»، ئومۇمىي توم p-9401 ، 2 ـ مۇندەرىجە، 144 ـ ئارخىپ، 383 ـ بەت.

2 ـ نومۇرلۇق ئۆي) تەسىس قىلىنغان①. گېنېرال يىگنالوف دەسلەپتە ھەم سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرىسى ئىچىدىكى ھەرىكەت گۇرۇپپىسىغا رەھبەرلىك قىلغان ھەم «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» ھۆكۈمىتىدە تۇرۇشلۇق ئاساسلىق ھەربىي مەسلىھەتچىلىك مەسئۇلىيىتىنىمۇ ئادا قىلغان. چېگرا سىرتىدىكى ھەرىكەت گۇرۇپپىسىنىڭ كۆپ ساندىكى خادىملىرى ئازاد قىلىنغان مەمۇرىي رايونلارغا كىرىپ پائالىيەت ئېلىپ بارغان. يېڭىدىن قۇرۇلغان «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كۈچلۈك قوللىشىغا ئېرىشىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە ئۇنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىغان. «ناھايىتى روشەنكى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دىپلوماتىيە ئەمەلدارى ياكى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتىدە تۇرۇشلۇق ۋەكىلى بىلەن كېڭەشمەي تۇرۇپ، مەيلى مۇشۇ ھۆكۈمەتنىڭ ئەزالىرى بولسۇن ياكى ئېلىخان تۆرىنىڭ ئۆزى بولسۇن ھەربىي ساھە ياكى دۆلەت قۇرۇش مەسىلىسىدە مۇھىمراق تەدبىر قوللىنالمايتتى»②.

دەسلەپكى غەلىبە مۇستەھكەملەنگەندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ھەربىي جەھەتتە ئارىلىشىش ۋە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى ئومۇمىيۈزلۈك قوللاش قارارىنى چىقارغان. 1945 ـ يىلى 6 ـ ئايدا، سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيىسى(بولشېۋىكلار) مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» ئارمىيىسىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، شىنجاڭغا 500 نەپەر قىزىل ئارمىيە ئوفىتسېرى، 2000 نەپەر سېرژانت ۋە ئادەتتىكى ئەسكەر ئەۋەتىش قارارىنى رەسمىي ماقۇللىغان. بۇ خىزمەت تېزدىن ئورۇندالغان ھەمدە ئۇنى ئىچكى ئىشلار خەلق كومىتېتىنىڭ باشلىقى بېرىيا مىنىستىرلار

① «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 ـ يىلى نەشرى، 57 ـ بەت.

② (رۇسىيە) B. بارمىن: «1941 ـ يىلىدىن 1949 ـ يىلىغىچە بولغان مەزگىلدىكى سوۋېت ـ جۇڭگو مۇناسىۋىتىدىكى شىنجاڭ»، بارنائۇل، 1999 ـ يىلى نەشرى، 65 ـ بەت.

يىغىنىنىڭ 1 ـ مۇئاۋىن رەئىسى، دىپلوماتىيە خەلق كومىتېتىنىڭ ئەزاسى مولوتوفقا يازما دوكلات قىلغان①. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، زور مىقداردىكى قورال ـ ياراغ، جۈملىدىن زەمبىرەك، ئوق ـ دورا، ترانسپورت ئاپتوموبىلى، ھەربىي خەۋەرلىشىش ـ قوماندانلىق ئۈسكۈنىلىرى ۋە ئاسان خورايدىغان تۈرلۈك ماددىي ئەشيالار ئۈزۈلدۈرمەي شىنجاڭغا توشۇلۇپ تۇرغان، ھەل قىلغۇچ خاراكتېرلىك بىر قىسىم جەڭلەردە سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيەسى قوزغىلاڭچىلار بىلەن مۈرىنى مۈرىگە تىرەپ جەڭ قىلغان. بىر قىسىم ھۆججەتلەر «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ئارمىيىسىنىڭ غەلىبە قىلىشىغا سوۋېت ئىتتىپاقى قوشۇنى كاپالەتلىك قىلغان»لىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ھەربىي ئىشلار جەھەتتىكى تەرەققىيات ئەھۋالىغا دائىر نۇرغۇن دوكلاتلار گېنېرال يىگنالوف ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى مەسلىھەتچىلىكنى ئۈستىگە ئالغان سوۋېت ئىتتىپاقى ئىچكى ئىشلار خەلق كومىتېتى ئارمىيىسىنىڭ قوماندانلىق ئورگىنى ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيىسى(بولشېۋىكلار) مەركىزىي كومىتېتىغا بىۋاسىتە دوكلات قىلىنىدىغان بولغان. مەسىلەن، 1945 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى قوزغىلاڭچى قوشۇنىڭ بۇرچىنى ئىشغال قىلغانلىقى توغرىسىدىكى جەڭ دوكلاتى بېسىلغان بىر ئومۇمىي ئۇقتۇرۇشقا سوۋېت ئىتتىپاقى ئىچكى ئىشلار خەلق كومىتېتى ئارمىيىسىنىڭ قوماندانلىق ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈۋاتقان ھەمدە شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ مەسلىھەتچىلىكىنى ئۈستىگە ئالغان ۋلادىمىر ستېفانوۋىچنىڭ ئىمزاسى قويۇلغان، شۇنداقلا بېرىيا ئارقىلىق ستالىنغا يوللاپ بېرىلگەن②.

---

① رۇسىيە فېدېراتسىيىسى دۆلەت ئارخىپخانىسى، ئومۇمىي توم «مولوتوف مەخسۇس خاتىرىلىرى»، 9401C، 2 ـ مۇندەرىجە، 104 ـ ئارخىپ، 116 ـ بەت.

② «1944 ـ يىلدىن 1953 ـ يىلغىچە بولغان مەزگىلدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى ئىچكى ئىشلار خەلق كومىتېتى ــ ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىقى شۇجىچۇسىنىڭ ماتېرىيالى»، ئومۇمىي توم ч / 9401c – p، 2 ـ مۇندەرىجە، 98 ـ ئارخىپ. 398 ـ، 399 ـ بەتلەر، 35 ـ، 36 ـ بەتلەر.

خۇددى شىڭ شىسەي دەۋرىدىكىدەك، شەكلەن قارىماققا
سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا ئارىلىشىش ۋە
ئۇنى قوللاش جەھەتتىكى ئېلىخان تۆرە توختىماستىن ئوتتۇ-
رىغا قويغان «... سوۋېت ئىتتىپاقىنى شەرقىي تۈركىستان
جۇمھۇرىيىتىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى قوللاشقا تەكلىپ قى-
لىش» دېگەن تەلەپكە ئۇيغۇنلاشقانىدى. بۇنىڭدىن باشقا، قاتنى-
شىش ۋە ئومۇمىيۈزلۈك قوللاش ھەربىي ھەرىكەت بىلەنلا چەك-
لىنىپ قالمىغان، «قورال - ياراغ ئەسلىھەلىرى بىلەن تەمىن-
لەش ۋە بىرنەچچە مىڭ يېتەكچى ئەۋەتىش بىلەنلا چەكلىنىپ
قالغىنى يوق، قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن بىرقانچە مەمۇرىي رايوندىكى
ئاھالىلەر شىمالدىكى قوشنىسىنىڭ داۋاملىق ئۈزۈلدۈرمەي بې-
رىپ تۇرىدىغان نۇرغۇن ماددىي ئەشيا مەدىتىگە ئېرىشكەن. زو-
رۇر تېپىلغاندا، بۇ مەمۇرىي رايونلارنى باشقۇرۇش دائىرىلىرى-
نىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، بۇ خىل قوللاش ئاشلىق، يېقىلغۇ ۋە
سانائەت مەھسۇلاتلىرى بىلەن تەمىنلەش شەكلىدە ئىپادىلەن-
گەن. بۇنىڭدىن باشقا، قوزغىلاڭ باشلانغاندىن تارتىپلا قوز-
غىلاڭچى قوشۇن ۋە كېيىنكى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيى-
تىنىڭ مىللىي ئارمىيىسى چېگرىدىن ئۆتۈپ سوۋېت ئىتتىپا-
قى چېگرىسىغا، جۈملىدىن قازاقىستاننىڭ ھەرقايسى ئوبلاست-
لىرىغا كىرەلەيتتى. ئۇلار سوۋېت ئىتتىپاقى زېمىنىغا جۇڭگو-
نىڭ ھۆكۈمەت ئارمىيىسىنىڭ ئۈستۈنلۈككە ئىگە ئەسكىرىي
كۈچىنىڭ زەربىسىگە ئۇچرىغانلىقتىنلا ئەمەس، بەلكى ئارام
ئېلىش، داۋالىنىش ۋە قوشۇننى تەرتىپكە سېلىش ئۈچۈن چې-
كىنىپ باراتتى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتناشقانلىقى ۋە ئۇنى
ئومۇمىيۈزلۈك قوللىغانلىقى ئۈچۈن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ
شىنجاڭ بىلەن تۇتىشىپ تۇرىدىغان ياكى شىنجاڭغا قوشنا
بولغان بىرقانچە رېسپوبلىكىلىرى ئۈستىگە ئالىدىغان چىقىم
ناھايىتى زور ئىدى، بۇ چىقىملارنى سوۋېت ئىتتىپاقى مەركى-
زىي ھۆكۈمىتى بىۋاسىتە ئاجرىتىپ بېرەتتى. شۇنداق بول-

غاچقا، ئۆزبېكىستان رېسپوبلىكىسى مىنىستىرلار كېڭىشىنىڭ رەئىسى ئابدۇراخمانوف ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى بېرىياغا يوللىغان بىر قېتىملىق دوكلاتىدا 1945 ـ يىللىق چىقىم ئەھۋالىنى نەزەردە تۇتۇپ، «ئۆزبېكىستان رېسپوبلىكىسىنىڭ 1946 ـ يىللىق خام چوتىغا شىنجاڭدا تەدبىر قوللىنىش ئۈچۈن سەرپ قىلىنىدىغان 5 مىليون رۇبلىنى قوشۇپ ئاجرىتىش»نى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ تەكلىپ بېرىيانىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن ①. بۇنىڭدىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى مالىيە ۋە ئىقتىساد جەھەتتىن قوللىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

## ئىككىنچى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابي ھەرىكىتىدىكى ئىككىنچى قېتىملىق ئىنقىلاب

### 1. يالتا يىغىنىدا تىلغا ئېلىنغان شىنجاڭ مەسىلىسى

«ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت»نىڭ ئوتتۇرا سەپتىن ئۆلكە مەركىزى ئۈرۈمچىگە ھۇجۇم قىلىشى ھەربىي پىلانىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ئىدى. مىللىي ئارمىيە ئاساسىي كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، 1945 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا جىڭ ۋە شىخو جېڭىنى قىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئايروپىلان، برونېۋىكلىرى ۋە زەمبىرەكچى قىسمىنىڭ ماسلىشىشى ئارقىسىدا، 8 ـ سېنتەبىر ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا جىڭ ۋە شىخو شەھىرىنى ئىشغال قىلدىغان، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ گومىنداڭنىڭ بۇ ئىككى شەھەرنى قوغداپ ياتقان 6000دىن كۆپرەك ئەسكىرىنى يوقىتىپ، نۇرغۇن قورال ـ ياراغ، ئوق ـ دورىلارنى ئولجا ئالغان. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، مەركىزي شەھەر ئۈرۈمچىگە ئارانلا 150 كىلومېتىر كېلىدىغان ماناس دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىغا قىستاپ كېلىپ، گومىنداڭ ئارمىيىسى بىلەن دەريانى پاسىل قىلىپ تىركىشىپ تۇرغان. ئەينى چاغدا، گومىنداڭنىڭ ئۈرۈمچىدە ئاران

① «1946ـيىلىدىن 1949ـيىلىغىچە بولغان مەزگىلدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى ئىچكى ئىشلار خەلق كومىتېتى ـــ ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىقى شۆجىچۇسىنىڭ ماتېرىيالى»، ئومۇمىي توم p–9401، 2 ـ مۇندەرىجە، 146 ـ ئارخىپ، 37 ـ، 65 ـ بەت.

ئالتە يىڭلا ئەسكىرىي كۈچى بولغاچقا، ئۇلار ئامالسىز «بۈيۈك
ئۇرۇمچىنى قاتتىق قوغداش»(ئۇرۇمچىدىن شەرقتە قۇمۇلغىچە،
جەنۇبتا قاراشەھەرگىچە، غەربتە ماناس ناھىيىسىگىچە بولغان
دائىرىنى كۆرسىتىدۇ) تىن ئىبارەت جىددىي تاقابىل تۇرۇش
پىلانىنى تۈزۈشكە مەجبۇر بولغان. ھالبۇكى بۇ چاغدا، سوۋېت
ئىتتىپاقىنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاراتقان سىياسىتىدە
ئۆزگىرىش بولۇشقا باشلىغان.

1945 ـ يىلى 2 ـ ئايدا، سوۋېت ئىتتىپاقى، ئامېرىكا، ئەنگ-
لىيىدىن ئىبارەت ئۈچ دۆلەت باشلىقلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ
قىرىم يېرىم ئارىلىدىكى يالتادا يىغىن ئېچىپ، سوۋېت ئىتتى-
پاقىنىڭ ياپونىيىگە قارشى ئۇرۇش قىلىشى ۋە ئۇرۇشتىن كې-
يىنكى دۇنيانىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى قاتارلىق مەسىلىلەرنى
مەخپىي مۇزاكىرە قىلىدۇ. ئامېرىكا تەرەپ گېرمانىيىگە قارشى
ئۇرۇش ئاياغلاشقاندىن كېيىن، ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى ئىتتى-
پاقداش دۆلەتلەرگىلا تايانغاندا ياپونىيىنى مەغلۇپ قىلىش ئۈچۈن
يەنە بىر يېرىم يىل ۋاقىت كېتىدۇ؛ ئەگەر سوۋېت ئىتتىپاقى
«سوۋېت ئىتتىپاقى ـ ياپونىيە بىتەرەپلىك شەرتنامىسى»دىن ۋاز
كېچىپ ياپونىيىگە قارشى ئۇرۇش قىلسا، ياپونىيىنى مۇددەتتىن
بۇرۇن مەغلۇپ قىلغىلى بولىدۇ، ئامېرىكا تەرەپتىن ئۇرۇشتا يا-
رىلىنىدىغان، ئۆلىدىغانلارمۇ زور دەرىجىدە ئازىيىدۇ، دەپ قاراي-
دۇ. سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ جۇڭگوغا تەۋە تاشقى موڭغۇلىيە-
نىڭ ھازىرقى «مۇستەقىل» ھالىتىنى ساقلاپ قېلىشنى ياپون-
يىگە قارشى ئۇرۇشقا قاتنىششنىڭ بىر شەرتى قىلىپ ئوتتۇرى-
غا قويغاندا، ئامېرىكا بۇنى قوللايدۇ. شۇنداق قىلىپ ئامېرىكا بى-
لەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بېسىم ئىشلىتىشى ئارقىسىدا، جياڭ
جيېشى ئامالسىز سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەلىپىگە قوشۇلىدۇ.
لېكىن، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئالماشتۇرۇشنىڭ بىرىنچى شەرتى
سۈپىتىدە سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ جۇڭگونىڭ شىنجاڭ
زېمىنىغا بولغان ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە مەمۇرىي ھوقۇقىغا ھەمدە

«شىنجاڭ توپىلىڭى»(ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى كۆرسىتىدۇ)غا ئەمدى ھەرقانداق ياردەم بەرمەسلىككە كاپالەتلىك قىلىشنى، شۇنىڭدىلا جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ مۇستەقىللىقى توغرىسىدىكى تەلىپىنى ئويلىشىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. 1945 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى، جۇڭگو تەرەپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا رەسمىي تۇردە: سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى ئەگەر جۇڭگونىڭ «شىنجاڭ توپىلىڭى»نى تىنچىتىشىغا ياردەم بېرىش قاتارلىق مەسىلىلەردە ۋەدە بەرسە، جۇڭگو ھۆكۈمىتى تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ مۇستەقىللىق مەسىلىسىدە يول قويىدۇ، دەيدۇ. ستالىن: مەيلى يەنئەن، شىنجاڭ بولسۇن بىردەك ۋېيىۈەنجاڭ جياڭ جيېشىنىڭ رەھبەرلىكىگە بويسۇنىدۇ، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن بايانات ئېلان قىلىشقا بولىدۇ، دەپ ئىپادە بىلدۈرىدۇ ھەمدە جۇڭگو تەرەپنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭغا «ئوغرىلىقچە» قورال يۆتكىشىنى توسۇش توغرىسىدىكى تەلىپىگە ماقۇل بولىدۇ[1]. بۇ چاغدا، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنى تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ مۇستەقىللىق مەسىلىسىدە يول قويۇشقا مەجبۇرلىشىدىكى پىشكىنىڭ ئورنىغا چۈشۈپ قالغاندى. رۇسىيە ئالىملىرىنىڭ قارىشى بويىچە، تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ مۇستەقىل بولۇشىغا يول قويۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىككى دۆلەت: «شىنجاڭ مەسىلىسىنى ئوڭۇشلۇق ھەل قىلىغان ھەمدە شىنجاڭنىڭ جۇڭگونىڭ زېمىنى ئىكەنلىكىنى بەلگىلىگەن، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ستالىن شەرقىي تۈركىستاننىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنى قوللاشنى توختاتقان.»[2] 8 ـ ئايدا، سوۋېت ئىتتىپاقى ياپونىيىگە قارشى ئۇرۇشقا قاتناشقان، ئارقىدىنلا ياپونىيە شەرتسىز تەسلىم بولۇپ، 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى غە-

---

① «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى»، 112 ـ بەت.

② (رۇسىيە) يۇ.مى.گالىنوۋىچ: «ئىككى مارشال:ستالىن بىلەن جياڭ جيېشى»، خەنزۇچە، سىچۈەن خەلق نەشرىياتى، 1999 ـ يىلى نەشرى، 177 ـ بەت.

لىبىلىك ئاخىرلاشقان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، «جۇڭگو ـ سوۋېت ئىتتىپاقى دوستلۇق ـ ئىتتىپاقلىق شەرتنامىسى» ئىمزالانغان، سوۋېت ئىتتىپاقى شەرتنامىنىڭ قوشۇمچە نۇسخىسىدا: «شىنجاڭدا يېقىندا يۈز بەرگەن ۋەقە توغرىسىدا سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى شۇنى تەكىتلەيدۇكى، سوۋېت ئىتتىپاقى دوستلۇق ـ ئىتتىپاقلىق شەرتنامىسىنىڭ 5 ـ ماددىسىدا دېيىلگەندەك، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشمايدۇ» دەپ بايانات ئېلان قىلغان.

سوۋېت ئىتتىپاقى ئىلگىرى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللىغانلىقى ئۈچۈن، ۋەزىيەت ئېھتىياجلىق بولسىلا، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ يۆنىلىشىنى ئىگىلىيەلەيتتى ۋە تەڭشىيەلەيتتى، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بۇ نۇقتىنى چوڭقۇر ئىشىنەتتى، شۇڭا شەرتنامىنى ئىمزالاپ بولۇپلا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمى بىلەن شۇ يىلى 10 ـ ئاي مەزگىلىدە سىياسىي يول ئارقىلىق ئىلىنى «قايتۇرۇۋېلىش»قا تەييارلىق كۆرگەنىدى. 9 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى پېتروۋ سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقىغا مۇنۇلارنى ئۇقتۇرغان: يېقىندا مۇسۇلمانلاردىن بىرنەچچە كىشى ئۆزلىرىنى شىنجاڭدىكى قوزغىلاڭچى خەلقنىڭ ۋەكىلى دەپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىغا ئىلتىماس سۇنۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىپ ۋاستىچى بولۇپ، ئۆزلىرى بىلەن جۇڭگو دائىرىلىرى ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن توقۇنۇشنى ياراشتۇرۇپ قويۇشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى ئاستىرتىن بىلدۈرگەن. دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقى مۇنداق دەپ جاۋاب بەرگەن: سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى ياردەملىشىشنى خالىسا، ھۆكۈمىتىمىز بۇنىڭدىن تولىمۇ مىننەتدار بولىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلى مەسىلىنى تىنچ يول بىلەن

ھەل قىلىش چارىسىنى مۇھاكىمە قىلىش ئۈچۈن، ۋەقە تۇغدۇرغۇچىلارنىڭ ئۈرۈمچىگە ۋەكىل ئەۋەتىپ، سىياسىي بۆلۈم باشلىقى جاڭ جىجۇڭ بىلەن كۆرۈشۈشنى ئۇقتۇرۇپ قويسا.» شۇنىڭ بىلەن بىرگە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دىپلوماتىيە مىنىستىرى مولوتوف گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ دىپلوماتىيە مىنىستىرى ۋاڭ شىجيې بىلەن «شىنجاڭ غۇلجا ۋەقەسى» توغرىسىدا مەسلىھەتلەشكەندە: «بۇنداق ۋەقەنىڭ بولۇشى ۋاقىتلىق ھادىسە، ئۇزۇن ئۆتمەي بېسىقىدۇ » دېگەن①. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاراتقان سىياسىتى مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللاشتىن، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭ زېمىنى ۋە ئۇنىڭغا بولغان ئىگىلىك ھوقۇقىنى قوغداش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا، مۇستەقىل «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى»نى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ مەركىزىي ھۆكۈمەت بىلەن سۆھبەتلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە ئۆزگەرگەن.

## 2. بىرلىك بىلەن بۆلگۈنچىلىك ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش

سوۋېت ئىتتىپاقى سىياسىتىنىڭ ئۆزگىرىشى پەقەت سىرتقى ئامىلدىنلا ئىبارەت، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇكېرىم ئابباسوف ۋەكىللىكىدىكى ئىنقىلاب تەرەپدارلىرىنىڭ باش كۆتۈرۈپ چىقىشى ۋە ئۇلارنىڭ بۆلگۈنچى كۈچلەرگە قارشى قەتئىي بوشاشماي ئېلىپ بارغان كۈرىشى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ مۇستەقىللىقنى چۆرۈپ تاشلاپ، بۆلگۈنچىلىكتىن ئىبارەت ئۆسمىنى كېسىپ تاشلاپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى جۇڭگو خەلق ئىنقىلابىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندۇرۇشتىكى ھالقىلىق ئامىل ھېسابلىنىدۇ. بىرلىك بىلەن مۇستەقىللىق ئوتتۇرىسىدىكى بۇ كۈرەش 20 ـ ئەسىر شىنجاڭ تارىخىدىكى ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان داھىي ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسىنى يېتەكلەپ، شىن-

① «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى»، 149 ـ، 150 ـ، 152 ـ بەتلەر.

جاڭنى پارچىلاشقا قارشى ئېلىپ بارغان تۇنجى قېتىملىق زور سىياسىي كۈرەش بولدى. كۈرەشنىڭ ماھىيىتى تىنچلىق ۋە جۇڭگونىڭ بىرلىكىنى قوغداش بىلەن خەنزۇلارغا قارشى تۇرۇش، خەنزۇلارنى چەتكە قېقىش، جۇڭگونى پارچىلاش ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشتىن ئىبارەت بولدى. ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ ئۈچۈن ئېيتقاندا، تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈش جەريانى ئەمەلىيەتتە جۇڭگونىڭ بىرلىكىنى ئېتىراپ قىلىش ۋە بۆلگۈنچىلىكنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشتەك كۈرەش جەريانى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ كۈرەشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشى ياكى مەغلۇپ بولۇشى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئىستىقبالىغا، كەلگۈسى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تەقدىرىگە، تېخىمۇ مۇھىمى جۇڭگونىڭ غەربىي شىمال چېگرىسىدىكى زېمىننىڭ بىرلىكىگە مۇناسىۋەتلىك. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئېغىر دەرىجىدە ئاينىپ كېتىشىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇ كۈرەش ئەمەلىيەتتە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھەرىكىتىدىكى ئىككىنچى قېتىملىق ئىنقىلاب ھېسابلىنىدۇ.

ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى سىياسىتىنىڭ ئۆزگىرىشى بەكلا تۇيۇقسىز بولغانلىقتىن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بۇيرۇقى «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت»نىڭ ئىچكى قىسمىدا ئىنتايىن كۈچلۈك ئەكس تەسىر پەيدا قىلىپ، ئەسلىدىلا بار بولغان ئىككى مەزھەپ ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ۋە ئىختىلاپنى كەسكىنلەشتۈرۈۋەتكەن. ئېلىخان تۆرە باشچىلىقىدىكى فېئودال دىنىي يۇقىرى قاتلام گۇرۇھ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قۇتراتقۇلۇق قىلىپ خەلقنى قايمۇقتۇرۇپ، بۆلگۈنچىلىك يولىدا مېڭىشتا چىڭ تۇرۇپ، خەنزۇلار ھۆكۈمىتى بىلەن ھەرقانداق سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە قارشى تۇرىمىز، دەپ جار سالىدۇ؛ تۇيۇقسىز ئۆزگىرىشكە قارىتا ھېچقانداق ئىدىيىۋى تەييارلىقى بولمىغان رەھبەرلىك قاتلىمىدىكى قىسمەن يولداشلارمۇ ئېلىخان تۆرە قاتارلىقلارغا ماسلىشىپ، ئاداققىچە كۈرەش قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇكېرىم ئابباسوف، ئىسھاقبېك، دەلىلقان قاتارلىق رەھبەرلىك بەنزە ئەزالىرى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قول-لىشى ئارقىسىدا، مۇستەقىللىققا قارشى تۇرۇپ ۋە ئۇنى چۆرۈپ تاشلاپ، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن سۆھبەتلىشىشنى پائال قوللاش فاڭجېننى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ مەزگىلدە، «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت»نىڭ ئىچكى قىسمىدىكى كۆرەش قانداقتۇر بىر-بىر كۆزقاراش ياكى مەزھەپ ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت بولماستىن، بەلكى ئۈچ ۋىلايەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھوقۇق - مەنپە-ئىتىنى قوغداش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا، ئىلگىرىكى يۆنىلىش خاراكتېرلىك خاتالىقنى تۈزىتىپ، جۇڭگونىڭ بىرلىكىنى قوغداش بىلەن مىللىي ئازادلىق بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، بۆل-گۈنچىلىكتە چىڭ تۇرۇشتىن ئىبارەت ئىككى لۇشيەن ئوتتۇرد-سىدىكى كۆرەشكە ئايلانغانىدى. شۇ يىلى 9 - ئاينىڭ باشلىرى، مىللىي ئارمىيە بىر ھۇجۇم بىلەنلا ئۈرۈمچىنى ئىشغال قىلىدى-غان ھەيۋە بىلەن ماناس دەرياسىغا قىستاپ كەلگەندە ئېلىخان تۆ-رە قاتارلىقلار ھەربىي جەھەتتىكى غەلىبىدىن پايدىلىنىپ، سىد-ياسىي جەھەتتە بۆلگۈنچى ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەش ۋە كې-ڭەيتىش پىلانىنى يولغا قويۇشقا تۇتۇش قىلغان. 9 - ئاينىڭ بې-شىدا، «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» ھەيئىتى يىغىنى ئاچىدۇ. يىغىندا گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن سۆھبەتلىشىش قارارى ما-قۇللانغان، لېكىن «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» گو-مىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن چوقۇم بىر مۇستەقىل دۆلەت نامى بە-لەن سۆھبەتلىشىشى كېرەك، دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان ھەمدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ «ئىككى دۆلەت» ئوتتۇرىسىدىكى تىنچلىق سۆھبىتىدە ۋاسىتىچى بولۇشى تەلەپ قىلىنغان. بۇ، ئەمەلىيەتتە مەلۇم جەھەتتىن تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ مۇستەقىل بولۇشتىكى ئەندىزىسىنى دوراپ، «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى»نىڭ مۇستەقىللىق ئورنىنى ئاشكارا ئېتىراپ قىلىشنى تەلەپ قىلىش ھەمدە «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى»نىڭ مۇستەقىللىق

مەسىلىسىنى خەلقئارالاشتۇرۇش ئىدى. ئېلىخان تۆرە سوۋېت
ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلى بىلەن شەخسەن ئۆ -
زى كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭدىن «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت»نىڭ قارارىنى سو -
ۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىگە يەتكۈزۈپ قويۇشنى ئۆتۈنگەن ①.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئېلىخان تۆرە يەنە تەشكىلىي جەھەتتىن
ئۆزىنىڭ ھوقۇقىنى يەنىمۇ كۈچەيتكەن. 1945 ـ يىلى 10 ـ ئاي-
نىڭ 22 ـ كۈنى، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت 114 ـ نومۇرلۇق قارار
ماقۇللاپ ئېلىخان تۆرىنى ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسلىكىگە تە -
يىنلەش، ھەربىي كومىتېتقا ھەربىي ئىشلارغا بىرتۇتاش رەھبەر -
لىك قىلىش ھوقۇقىنى بېرىش، بۇنىڭدىن كېيىنكى بارلىق ھەر -
بىي ھەرىكەت ۋە ئالاقىدار ئىشلارنى ھەربىي كومىتېتقا يوللاپ
تەستىقلاتقاندىن كېيىن يولغا قويۇش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىت-
تا، ئېلىخان تۆرىگە بىردىنبىر مارشاللىق ئۇنۋانىنى بېرىشنى
بەلگىلىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، يەنە «ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ
تەشكىلىي نىزامى» ئېلان قىلىنىپ، مۇنداق بەلگىلىمە چىقىرىل-
غان: ئېلىخان تۆرە باشچىلىقىدىكى «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت»ھەيئى-
تى ئالىي ھوقۇق ئورگىنى ھېسابلىنىدۇ، «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت»
ھەيئىتىنىڭ ئەمر ـ پەرمان، ئۇقتۇرۇش ۋە قارارلىرى قانۇن بو -
لۇپ، ئاۋام خەلق ۋە ئورگانلار چوقۇم ئۇنىڭغا بويسۇنۇشى ۋە ئۇنى
ئىجرا قىلىشى كېرەك. ئارقىدىنلا «مالىيە نازارىتى ۋە دۆلەت
بانكىسىنى «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت»نىڭ بىۋاسىتە باشقۇرۇشىغا
ئۆتكۈزۈش، «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت»كە يۇقىرىقى ئاپپاراتلار ئارقى-
لىق، ئۇلارغا قاراشلىق ھەرقايسى ئورگانلارنىڭ خام چوت، كىر-
رىم ـ چىقىم ئەھۋالىنى نازارەت قىلىش ھوقۇقى بېرىش ھەققى-
دە بەلگىلىمە چىقىرىلدى. شۇنداق قىلىپ، ئېلىخان تۆرە مالىيە
ھوقۇقىنىمۇ چاڭگىلىغا كىرگۈزىۋالغان. بۇنىڭدىن باشقا، ئۇ يە-
نە قوشۇننى ئاسراش، قورال ـ ياراغ ۋە ئەسلىھەلەرنى سېتىۋېلىش

① ( رۇسىيە ) بارمىن: «1941 ـ يىلدىن 1949 ـ يىلغىچە بولغان مەزگىلدىكى سوۋېت ـ جۇڭگو مۇناسىۋىتىدىكى شىنجاڭ»، بارنائۇل، 1999 ـ يىلى نەشرى، 77 ـ بەت.

ئۈچۈن ئاجرىتىدىغان خام چوتنى زور دەرىجىدە كۆپەيتكەن[1].

10 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى، «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» ھەيئىتى 100 ـ نومۇرلۇق قارار ماقۇللاپ گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە غەيرىي قورااللىق ۋاستە، يەنى سۆھبەت ئۆتكۈزۈش شەكلىنى قوللىنىپ «شەرقىي تۈركىستان»نىڭ مۇستەقىللىق مەسىلىسىنى ھەل قىلىش تەكلىپىنى بېرىشنى ئوتتۇرىغا قويىدى.[2] بۇ ئەمەلىيەتتە ئەسلىدە بەلگىلەنگەن قوش تەرەپلىك سۆھبەتلىشىش پرىنسىپىنى ئوغرىلىقچە ئالماشتۇرغانلىق ئىدى. كېيىن ئەۋەتىلگەن ۋەكىللەر ئۆمىكىمۇ «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» دېگەن نامنى قوللانغان، ئېلىخان تۆرىنىڭ ئەگەشكۈچىسى رەھىمجان سابىرھاجى ئۆمەك باشلىقى بولغان. سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ سۆھبەتنىڭ باشلىنىشىغا ناھايىتى دىققەت قىلغان. «جۇڭگولۇقلار بىلەن سۆھبەتلىشىشكە بارغان ‹شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى › ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ئۇرۇش لىنىيىسىدىن بىخەتەر ئۆتكەنلىكى ۋە جۇڭگو دائىرىلىرى ۋەكىللىرىنىڭ كۈتۈۋېلىشىغا ئېرىشكەنلىكى» توغرىسىدىكى مەخسۇس دوكلات تېزدىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئالىي دائىرىلىرىگە يېتىپ بارغان، ئاندىن ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ستالىن، مولوتوف، بېرىيا ۋە مالېنكوف، مىكويان قاتارلىق ئاساسلىق رەھبەرلەرگە يەتكۈزۈپ بېرىلگەن. سوۋېت ئىتتىپاقى سۆھبەتنىڭ باشلانغانلىقىنى ئۇققاندىن كېيىن، ئېغىر بىر يۈكتىن خالاس بولغاندەك بولغان. ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ تېخىمۇ ئەندىشە قىلىدىغىنى سۆھبەتنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش ـ بولماسلىقى ئىدى، چۈنكى «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى ھەيئىتى تۈزگەن سۆھبەتلىشىش پروگراممىسىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى مۇنداق ئىدى: ۋەكىللەر ئۆمىكى بۇيرۇققا بىنائەن «شىنجاڭنىڭ بارلىق زېمىنىنى

① «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى»، 168 ـ، 169 ـ، 170 ـ، 178 ـ بەتلەر. «1941 ـ يىلىدىن 1949 ـ يىلىغىچە بولغان مەزگىلدىكى سوۋېت ـ جۇڭگو مۇناسىۋىتىدىكى شىنجاڭ» بارنائۇل، 83 ـ بەت.

② «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى»، 157 ـ بەت.

مەزكۇر هۆكۇمەتنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۇزۇۋېلىش، جۇڭگو دائىر-
رىلىرى شىنجاڭ دۆلىتىنىڭ مۇستەقىللىق خاراكتېرىنى ئېت-
تىراپ قىلىش ۋە جۇڭگو بىلەن شەرقىي تۇركىستان جۇمھۇرى-
يىتى ئوتتۇرىسىدا باراۋەرلىك مۇناسىۋىتى ئورنىتىش»تا چىڭ
تۇرۇش①. سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ سۆھبەتنىڭ باشلانغانلىقى
ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ، شۇڭا،
سۆھبەتنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش
ئۇچۇن، ئۇچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى كۇرەشتە
چوقۇم ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇكېرىم ئاbbاسوف ۋەكىللىكىد-
دىكى بىرلىك ۋە تىنچلىق سۆھبىتىنى ھىمايە قىلىدىغان ئىن-
قىلاب تەرەپدارلىرىنى پۇتۇن كۇچ بىلەن قوللاپ، ئۇلارنىڭ
كۇچىنى تەدرىجىي زورايتىش كېرەك، دەپ قارىدى. 1945 ـ يىلى
10 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۇنى، ئەخمەتجان قاسىمى «ۋاقىتلىق هۆكۇ-
مەت»نىڭ ئەزالىقىغا تولۇقلاپ سايلانغان. شۇنىڭ بىلەن بىر
ۋاقىتتا، سوۋېت ئىتتىپاقى سۆھبەتكە بىۋاسىتە ئارىلىشىپ،
سۆھبەتنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشى ئۇچۇن پۇتۇن كۇچى بىد-
لەن ماسلاشتۇرۇش خىزمىتى ئىشلىگەن. تىنچلىق سۆھبىتى
باشلانغاندىن كېيىن، يىگنايېف بىلەن لانگ فانگ شەخسەن غۇل-
جىغا بارغان ھەمدە 10 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۇنى جىڭدىكى «ۋاقىت-
لىق هۆكۇمەت»تە ئۇرۇمچىدىن قايتقان رەھىمجان سابىرھاجى
قاتارلىق ئۇچ نەپەر سۆھبەت ۋەكىلى بىلەن كۆرۇشۇپ، ئۇلارنىڭ
«جۇڭگولۇقلار بىلەن قىلىشقان سۆھبىتىنىڭ نەتىجىسى توغرى-
سىدىكى دوكلات»ىنى ئاڭلىغان، ئارقىدىنلا 10 ـ ئاينىڭ 29 ـ
كۇنى ئۇنى مولوتوف، مالىنكوف، مىكويان، ۋىشىنىسكى قاتارلىق
سوۋېت ئىتتىپاقى رەھبەرلىرىگە تېلېگرامما ئارقىلىق دوكلات
قىلغان. ئۇلار يەنە غۇلجا، تارباغاتاي، ئالتايدىن ئىبارەت ئۇچ

① A・A ・ هاكىمبايېف: «20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ ، 40 ـ يىللىرىدىكى شىنجاڭدىكى يەرلىك مىللەتلەرنىڭ مىللىي ئازادلىق هەرىكىتى»، «سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى يىراق شەرق تەتقىقات ئورنى» ژۇرنىلىنىڭ 1971 ـ يىللىق 4 ـ سانىغا بېسىلغان، رۇسچە نەشرى، 159 ـ بەت.

ۋىلايەتتىكى ئاساسىي قاتلامدىكىلەرنىڭ بىرلىك ۋە تىنچلىق سۆھبىتىگە تۇتقان پوزىتسىيىسىنىمۇ ئىگىلىگەن. شۇ كۈنى يوللانغان يەنە بىر تېلېگراممىدا: «تىنچلىق سۆھبىتى ئازاد قىلىنغان بىرقانچە مەمۇرىي رايون ئاھالىلىرى ئارىسىدا مىش ـ مىش گەپ ۋە ئەكس تەسىر پەيدا قىلدى» دەپ كۆرسىتىلگەن[1]. شۇ مەزگىلدە، سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ «يېڭى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە كىرىدىغان مۇسۇلمانلار(ئۈچ ۋىلايەت تەرەپتىكىنى كۆرسىتىدۇ)نامزاتى»نى ناھايىتى ئىنچىكىلىك بىلەن مۇزاكىرە قىلىپ، بېرىيا قوشۇلغاندىن كېيىن، نامزاتلار ئاندىن بېكىتىلگەن[2].

شۇ يىلى 11 ـ ئايدا، ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى مىللىي قۇرۇلتاي ئاچقان، ئېلىخان تۆرە گۇرۇھى قىسمەن ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى ۋە ئاممىنىڭ تىنچلىق سۆھبىتىنى چۈشەنمەسلىكىدىن پايدىلىنىپ، قۇرۇلتايدا سوۋېت ئىتتىپاقىغا ۋە ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇكېرىم ئابباسوف ۋەكىللىكىدىكى ئىنقىلاب تەرەپدارلىرىغا كۈچ كۆرسەتمەكچى بولغان. ئېلىخان تۆرە قۇرۇلتايدا شەخسەن ئۆزى خەلقنى قايمۇقتۇرۇپ، بۆلگۈنچىلىك ۋە خەنزۇلارغا قارشى تۇرۇش، خەنزۇلارنى چەتكە قېقىشقا قۇتراتقۇلۇق قىلغان ھەمدە «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى»نى «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى»گە ئۆزگەرتكەن[3]. شۇ ئارقىلىق پاكىتقا ئايلانغان بۆلگۈنچىلىك مەقسىتىگە يەتمەكچى بولغان. قۇرۇلتايدا ماقۇللانغان قاراردا مۇنداق دېيىلگەن: «پۈتكۈل تۈركىستاننى ئازاد قىلىش ئۈچۈن داۋاملىق كۈرەش

---

[1] روسىيە فېدېراتسىيىسى دۆلەتلىك ئارخىپخانىسى، ئومۇمىي توم C9401 (B.M مولوتوف مەخسۇس خاتىرىلىرى)، 2 ـ مۇندەرىجە، 104 ـ ئارخىپ، 296 ـ، 299 ـ بەت.

[2] روسىيە فېدېراتسىيىسى دۆلەتلىك ئارخىپخانىسى، ئومۇمىي توم 9401 (Л·П· بېرىيا مەخسۇس خاتىرىلىرى)، 2 ـ مۇندەرىجە، 146 ـ ئارخىپ، 206 ـ، 210 ـ بەت.

[3] «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى»، 181 ـ بەت.

قىلىمىز»، «ئەگەر جۇڭگو ھۆكۈمىتى بىزگە ئەركىنلىك بەرمىسە ئۇنى ئۆزىمىز قولغا كەلتۈرىمىز، مىللىي ئىنقىلابنى شەرقىي تۈركىستان زېمىنىنىڭ ھەممە يېرىگىچە كېڭەيتىمىز»①. ئېلىخان تۆرە قاتارلىقلار خەلقنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيە ۋە زۇلۇمدىن قۇتۇلۇپ، ئازادلىققا ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلىشتەك پسىخىك ھېسسىياتىدىن پايدىلىنىپ، كۈچىنىڭ بارىچە قۇتراتقۇلۇق، بۆلگۈنچىلىك قىلغان، «ۋاقىتلىق» دېگەن سۆزنى چىقىرىپ تاشلىغانلىقى ئۇنىڭ تىنچلىق سۆھبىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، بۆلگۈنچىلىك لۇشيەنىنى داۋاملىق يولغا قويۇشقا قەتئىي بەل باغلىغانلىقىدەك جاھىل مەيدانىنى ئېچىپ بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئېلىخان تۆرە قاتارلىقلار جەنۇبىي شىنجاڭدىكى تاشقورغاندا قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە قوماندانلىق قىلىپ، 1946 - يىلىنىڭ بېشىدا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ تاشقورغان، قاغىلىق ۋە پوسكامنى ئىگىلىۋالغان، بۇنىڭ بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى يەنە بىر قېتىم تەھدىتكە ئۇچرىغان.

### 3. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ جۇڭگو ئىنقىلابى قايىنىمىغا قوشۇلۇشى

1946 - يىلى 4 - ئاينىڭ بېشىدىن باشلاپ، تىنچلىق سۆھبىتى ئەڭ ئاخىرقى ھالقىلىق باسقۇچقا كىرىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپنىڭ كۆپ قېتىم ماسلاشتۇرۇشى ئارقىسىدا، ئىككى تەرەپ 5 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ھەربىي ئىشلار مەسىلىسى توغرىسىدىكى قوشۇمچە ھۆججەت (2)دە بىردەك پىكىرگە كېلىدۇ. 5 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ھەيئىتى بارلىق ئەزالار يىغىنى ئېچىپ، ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىگە بۇ كېلىشىمگە ئىمزا قويۇش ھوقۇقىنى بېرىدۇ. 6 - ئاينىڭ 6 - كۈنى، قوشۇمچە ھۆججەت (2) گە رەسمىي ئىمزا قويۇلۇپ، «تىنچلىق بىتىمى» بېكىتىلىپ، تىنچلىق سۆھبىتى غەلىبىلىك تاماملىنىدۇ.

---

① «ئەركىنلىك شەرقىي تۈركىستان گېزىتى»، 1945 - يىلى 12 - ئاينىڭ 18 - كۈندىكى سانى.

«تىنچلىق ماددىسى»نىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئىمزالىنىشى «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى»نىڭ مەۋجۇتلۇقىنى يوقىتىپ، ئۆزلۈكىدىن پارچىلانغانلىقى، ئۈچ ۋىلايەت ھاكىمىيىتىنىڭ جۇڭگو شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ بىر رايون خاراكتېرلىك ھاكىمىيەت بولۇشتەك ئورنىغا قايتقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ؛ «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى»نىڭ رەئىسى ئېلىخان تۆرىمۇ شۇنىڭغا ئەگىشىپلا قانۇنلۇق ئورنىدىن مەھرۇم بولىدۇ. ئېلىخان تۆرە «تىنچلىق بىتىمى» ئىمزالانغاندىن كېيىن، ئۆزلۈكىدىن سىياسىي سەھنىدىن چېكىنىپ چىقىش ئارقىلىق، تىنچلىق سۆھبىتىگە ۋە «تىنچلىق بىتىمى»نىڭ ئىمزالانغانلىقىغا ئېتىراز بىلدۈردى. 1946 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى، سوۋېت ئىتتىپاقى ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىقى بىلەن دۆلەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقى «سابىق شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى ئېلىخان تۆرە سابىر خوجايېفنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا قايتۇرۇپ كېتىدۇ.» 6 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى، «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى» ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق ھۆكۈمەت ھەيئىتى يىغىنى ئاچتى، يىغىندا تىنچلىق كېلىشىمى بويىچە، ھۆكۈمەتنىڭ ئۆزىنىڭ تولۇق ھوقۇقىدىن ۋاز كەچكەنلىكى، جۇمھۇرىيەتنىڭ ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى يوقاتقانلىقى جاكارلىنىدۇ①. «پانئىسلامىزم»، «پانتۈركىزم»چى ئېلىخان تۆرە باشچىلىقىدىكى فېئودال، دىنىي يۇقىرى قاتلامدىكىلەرنىڭ خەلق قوزغىلىڭىدىن پايدىلىنىپ شىنجاڭنى پارچىلاش سۇيىقەستى ئۇزۇل-كېسىل بەربات بولىدۇ. ھۆكۈمەت ھەيئىتى يىغىنىدا ماقۇللانغان 324 ـ نومۇرلۇق قاراردا مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن:

(1) «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» ھۆكۈمىتى ھەيئىتىنى «شەرقىي تۈركىستان» ئىلى ۋىلايەتلىك كېڭەش قىلىپ

① رۇسىيە فېدېراتسىيىسى دۆلەتلىك ئارخىپخانىسى، ئومۇمىي توم P-9491C/Y، 2 ـ مۇندەرىجە، 137 ـ ئارخىپ، 208 ـ، 211 ـ بەت. N.B ستالىن مەخسۇس خاتىرىلىرىگە توپلانغان.

تەشكىللەش، كېڭەش ئەزاسىنى 32 ئادەم قىلىپ بېكىتىش، ھا-كىمبەگ خوجىنى كېڭەش باشلىقلىقىغا، ئوبۇلخەيرى تۆرىنى مۇ-ئاۋىن باشلىقلىققا تەيىنلەش.

(2) ئەسلىدىكى نازارەت، ئىدارە ئورگانلىرىنى ئىلى ۋىلايە-تىنىڭ ئىدارە دەرىجىلىك ئورگانلىرىغا ئۆزگەرتىش.

(3) تارباغاتاي، ئالتاي ۋالىي مەھكىمىلىرىنى يېڭىدىن تەش-كىللەنگەن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت 6 - ئاينىڭ 28 - كۈنىدىن باشلاپ ئەھۋالغا قاراپ مۇۋاپىق تەڭشەش.

(4) ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ ئورگان گېزىتى «ئازاد شەرقىي تۈركىستان گېزىتى»نى ئىلى ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ ئورگان گېزىتىگە ئۆزگەرتىش.① ئەخمەتجان قاسىمى ۋە ئابدۇ-كېرىم ئابباسوف ۋەكىللىكىدىكى ئىنقىلاب تەرەپدارلىرىنىڭ كۈرەش قىلىشى، ئۈچ ۋىلايەتتىكى ھەتتا پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللىشى ۋە ماسلاشتۇرۇشى ئارقىسىدا، مۇ-رەككەپ ۋە جاپالىق كۈرەش قىلىش ئارقىلىق، ئۈچ ۋىلايەت ئىن-قىلابىي ھەرىكىتى ئاخىرى ئېلىخان تۆرە گۇرۇھىنىڭ بۆلگۈنچى-لىك قىلىش، خەنزۇلارغا قارشى تۇرۇپ، خەنزۇلارنى چەتكە قې-قىشتەك يۈنىلىش خاراكتېرلىك خاتالىقتىن قۇتۇلۇپ، ئۆزىنىڭ يەنە بىر قېتىملىق ئىنقىلابىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيىسى ۋە زۇلۇمىغا قارشى كۈرەش قىلىشتەك توغرا يولغا قايتىپ كەلگەن. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مۇشۇ چاغدىلا جۇڭگو خەلقىنىڭ ئازادلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش كۈرىشىنىڭ قايىنىمىغا قايتىدىن قېتىلىپ، جۇڭگو دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ، يەنىمۇ ئىل-گىرىلىگەن ھالدا جۇڭگو كومپارتىيىسى بىلەن قول تۇتۇشۇپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۇزۇل - كېسىل ئازادلى-

---

① «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى»، 231 - بەت.

قىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن داۋاملىق كۆرەش قىلغان.

ھالبۇكى، يۇقىرىدا دەپ ئۆتكەن ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ 324 ـ نومۇرلۇق قارارىدا يەنە بىر «قۇيرۇق» قېلىپ قالغان ئىدى، يەنى قاراردا شىنجاڭنى «شەرقىي تۈركىستان» دەپ ئاتاش، شىنجاڭ ئۆلكىسى دېگەن بىرلىككە كەلگەن نامنى قوللانماسلىق؛ ئىلىنى «شەرقىي تۈركىستان» ئىلى مەمۇرىي مەھكىمىسى دەپ ئاتاشتا يەنىلا چىڭ تۇرۇلغانىدى. بۇنىڭدىن بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ جاھىللىقى ۋە شىنجاڭدا بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشنىڭ(بولۇپمۇ ئىدېئولوگىيە جەھەتتىكى) مۇرەككەپلىكى ۋە ئۇزاق مۇددەتلىكلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

1946 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلۇپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزالىرى ئۇرۇمچىدىكى غەربىي بىنادا قەسەم بېرىپ ۋەزىپىگە ئولتۇرغان. كېلىشىمدىكى بەلگىلىمە بويىچە، ئەخمەتجان قاسىمى باشچىلىقىدىكى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ سەككىز نەپەر رەھبىرىي ئەزاسى ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت ئەزالىقىغا تەيىنلىنىپ، ئەزالار ئومۇمىي سانىنىڭ(17 نەپەر) 47%نى ئىگىلىگەن. ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق سەككىز كىشى بىرلىكتە ئىمزا قويۇپ ئېلان قىلغان «پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە مۇراجىئەتنامە» دېگەن باياناتتا مۇنداق دەپ كۆرسىتىلگەن: «بىز ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىدە قۇرۇلغان ‹شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى› ئۆز ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىپ بولدى دەپ ئېلان قىلدۇق، ئۈچ ۋىلايەت ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا بىۋاسىتە ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتكە قارايدۇ. ئىمزالانغان ‹تىنچلىق بىتىمى›گە ئاساسەن، پۈتۈن ئۆلكە خەلقى ئۆلكىمىزدە مىسلى كۆرۈلمىگەن ئەڭ زور ھوقۇققا ئېرىشتى. پۈتۈن ئۆلكە مىقياسىدا ئازادلىق، باراۋەرلىك، ئەركىنلىك، دېموكراتىيىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئاساسىدا بىرلىك ۋە تىنچلىق ئەمەلگە ئاشتى.»

ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندا ھەر ئىككى تەرەپ

بىرلىك ۋە تىنچلىقتا قارىتا سەمىمىي ئۈمىدلەرنى كۈتكەن ھەمدە نۇرغۇن ئەمەلىي خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن. سىياسىي جەھەتتە، ئۈچ ۋىلايەت «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» ھۆكۈمىتىنىڭ تارقىتىۋېتىلگەنلىكى، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ بىرتۇتاش رەھبەرلىكىگە ئۆتكەنلىكىنى جاكارلىغان. كېيىن ماقۇللانغان «شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىي ئىشلارنى يولغا قويۇش پروگراممىسى»دا يەنە: «پۈتۈن ئۆلكىنىڭ تىنچلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش، دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى ھىمايە قىلىش، دېموكراتىك سىياسىينى يولغا قويۇش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش»تىن ئىبارەت سىياسىي ئىشلارنى يولغا قويۇش تۈپ مەقسىتى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ھەربىي جەھەتتە، ئومۇمىيۈزلۈك ئۇرۇش توختىتىش يولغا قويۇلغان، ئارقىدىنلا ئۈچ ۋىلايەت «تىنچلىق بىتىمى»گە ئاساسەن، مىللىي ئارمىيىنى تەرتىپكە سېلىپ قايتىدىن تەشكىللىگەن. ئىقتىسادىي جەھەتتە، ئۈچ ۋىلايەت پۇل مۇئامىلە ۋەكىلى ئۆلكىلىك سودا بانكىسى بىلەن يىغىن ئۆتكۈزۈپ، ئۈچ ۋىلايەت بىلەن يەتتە ۋىلايەتنىڭ پۇل مۇئامىلە ئىشلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش لايىھىسى ئۈستىدە كېڭەشكەن. بۇنىڭدىن سىرت، ئىككى تەرەپ يەنە قاتناش ۋە پوچتا جەھەتتىمۇ بىرتۇتاش باشقۇرۇشنى يولغا قويۇش ئۈستىدە كېڭەشكەن. ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ سۆھبەت يىغىنىدا، ئەخمەتجان قاسىمى «پانئىسلامىزم»، «پانتۈركىزم»نىڭ بۆلگۈنچىلىك قىلمىشى ئۈستىدىن ئاشكارا شىكايەت قىلىپ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «شەرقىي تۈركىستان بىر جۇغراپىيىلىك ئاتالغۇ، ئۇنى سىياسىي پائالىيەت نەزەرىيىسى قىلىۋېلىشقا بولمايدۇ. ئەگەر ئۇنى كىمكى سىياسىي پائالىيەت نەزەرىيىسى قىلىۋالسا، ئۇ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ دۈشمىنى، يەنى پۈتۈن ئۆلكە خەلقىنىڭ دۈشمىنى»، «شىنجاڭ جۇڭگونىڭ بىر تەركىبىي قىسمى، ئۈچ ۋىلايەت شىنجاڭنىڭ تەركىبىي قىسمى، ئىلى مېنىڭ كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن يەر، ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز كۆمۈلگەن زېمىن،

جۇڭگو بىزنىڭ ۋەتىنىمىز، بىزنىڭ ئانا يۇرتىمىز، بىزنىڭ تەلەپ قىلىدىغىنىمىز ئازادلىق، ئەركىنلىك ۋە باراۋەرلىك»①. جاڭ جىجۇڭ باشچىلىقىدىكى گومىنداڭ تەرەپ تىنچلىق ۋە بىرلىككە بولغان سەممىيىتىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، يەتتە ۋىلايەتتە ئەخمەتجان كۆرسەتكەن خادىملارنى قەشقەر، ئاقسۇنىڭ ۋالىيسى ۋە تۇرپان ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى قاتارلىق مۇھىم ۋەزىپىلەرگە تەيىنلەشكە قوشۇلغان.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھەرىكىتىدىكى بۆرۈلۈش شىنجاڭنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىدا ناھايىتى مۇھىم ۋە چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ بۆرۈلۈش ئىدىيىۋى لۇشيەن ۋە ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى كۈرەشنى ئاساس قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئۇرۇشنىڭ ئىس ـ تۈتەكلىرى، شۇنداقلا داغدۇغىلىق كۆرۈنۈشلەرمۇ يوق ئىدى، لېكىن ئۇ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ 100 نەچچە يىلدىن بۇيانقى ئېكسپىلاتاتسىيە ۋە زۇلۇمغا قارشى كۈرىشىنى يورۇقلۇققا ئېلىپ چىققان. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدىكى بۆرۈلۈشنىڭ بەلگىسى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئازادلىق كۈرىشىنى ۋەتەن خەلقىنىڭ ئازادلىق كۈرىشى بىلەن بىرلەشتۈرگەن؛ شۇنداقلا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئازادلىقنى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش، ۋەتەننىڭ چېگرا رايونىنىڭ بىرلىكىنى قوغداش كۈرىشى بىلەن بىرلەشتۈرگەن. بۇ ئىككى بىرلىشىشنىڭ ئىشقا ئېشىشى 20 ـ ئەسىردىن بۇيانقى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئازادلىقنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان كۈرىشىنىڭ ئاخىرى «پانئىسلامىزم»، «پانتۈركىزم»نىڭ خاتا يېتەكچىلىكى ۋە ئاسارىتىدىن قۇتۇلغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. بۇنىڭدىن سىرت، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھەرىكىتىدىكى بۆرۈلۈش ئىنقىلابنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى مىللىي داھىيلارنىڭ باشلامچى-

① «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى»، 236 ـ، 237 ـ، 239 ـ، 240 ـ، 243 ـ، 246 ـ، 247 ـ بەتلەر.

لىقىدا، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى تىرىشىپ كۈرەش قىلىش ئارقىلىق ئىشقا ئاشقان. ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇ-كېرىم ئابباسوف قاتارلىق بىر تۈركۈم مىللىي داھىيلارنىڭ تارىختىكى تۆھپىسى شۇكى، ئۇلار جۇڭگودىن ئىبارەت بىر دۆلەتتە ياشاۋاتقان شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىنىڭ ۋەتەن خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتى بىلەن بىر-دەكلىكىنى سەگەكلىك بىلەن تونۇپ يېتىپ، شۇ ئارقىلىق تار مىللىي ۋە دىنىي بىر تەرەپلىمىلىك قاراشتىن ھالقىپ ئۆتۈپ، تارىخ ئېقىمىغا بويسۇنۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنى يې-تەكلەپ، بۇ نەزەرىيىنى ئىنقىلاب ئەمەلىيىتىدە كۆرسەتكەن.

پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدىن ۋە جۇڭگو خەلق ئازادلىق كۈرىشىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھەرىكى-تى شىنجاڭنىڭ ھازىرقى زامان تارىخىدىكى مىلتارىست شېڭ شىسەيگە ۋە گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا قار-شى ئېلىپ بېرىلغان كۆلىمى ئەڭ زور، تەسىرى ئەڭ چوڭقۇر بىر قېتىملىق قوراللىق كۈرەش. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسى ۋە ئۈچ ۋىلايەت ئازاد رايونىنىڭ قۇرۇلۇشى گو-مىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى ھەربىي كۈچىنى زور دەرىجىدە چۈشەپ قويۇپ، شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولۇشىغا ماسلاشقان ۋە ئۇنى ئىلگىرى سۈرگەن. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ غەلى-بىسى فېئودال ئېكسپىلاتاتسىيە ۋە زۇلۇمنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتقان شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ زۇلمەتلىك ھۆ-كۈمرانلىققا قارشى تۇرۇش ئېڭىنى ئۆستۈرۈپ، كۈرەش ئىرا-دىسىنى ئۇرغۇتقان. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى قۇرغان ئازاد رايون ۋە ئىنقىلابىي ھاكىمىيەتنىڭ شۇ يەردىكى باشقۇرۇشى بولسا ئۈچ ۋىلايەتتىكى خەلقنى ئازادلىققا ۋە يېڭى ھاياتقا ئېرىشتۈ-رۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە زور بىر تۈركۈم يەرلىك مىللىي كادىرلارنى تەربىيىلەپ ۋە چېنىقتۇرۇپ چىققان، مۇنتىزىم بىر مىللىي ئارمىيىنى بەرپا قىلىپ، «شىنجاڭ تىنچلىقىنى قوغداش

خەلقچىل ئىتتىپاقى»شەكلىدە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ۋەتەن- پەرۋەر ئىلغار زاتلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرىدىغان بىرلىك سەپ پار- تىيىسىنى قۇرۇپ چىققان. مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى خۇددى يولداش ماۋ زېدۇڭ كۆرسەتكەندەك: «ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرى خەلقىنىڭ كۈرىشى پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ئازادلىقى ۋە پۈتۈن جۇڭ- گونىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن قوشۇلغان مۇھىم تۆھپە.» ①

4. ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەش

ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇكېرىم ئابباسوف باشچىلىقىدىكى ئىنقىلاب تەرەپدارلىرى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھەرىكىتىنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، ئاشكارا ھالدا «پان- ئىسلامىزم»، «پانتۈركىزم»گە ۋە بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداشنى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھەرى- كىتىنىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى مۇھىم ۋەزىپىسى قىلغان. بۇ كۈرەشنى تەشكىللىك قانات يايدۇرۇش جۇڭگو كومپارتىيىسى- نىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىش ۋە «دېموكراتىك ئىنقىلاب پار- تىيىسى» قۇرۇشتىن باشلانغان. 1947 - يىلى 2 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، ئۈچ ۋىلايەتتىكى «خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسى» بىلەن ئۈرۈمچى- دىكى «شىنجاڭ كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقى» بىرلىشىپ، بىر- لىككە كەلگەن «دېموكراتىك ئىنقىلاب پارتىيىسى» بولۇپ قۇ- رۇلغان، بۇ پارتىيە ئابدۇكېرىم ئابباسوفنى رەئىسلىككە سايلىغان ھەمدە «پانئىسلامىزم»، «پانتۈركىزم»گە قارشى تۇرۇشنى تۈنجى قېتىم ئۆزىنىڭ بايرىقىغا يازغان. بۇ پارتىيىنىڭ نىزامنامىسىدە پارتىيىنىڭ ۋەزىپىسى مۇنداق بەلگىلەنگەن: «دىئالېكتىك ماتې- رىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزم ئارقىلىق ئۆزىنى قوراللان- دۇرۇش»، «ئامما، بولۇپمۇ ياش ۋە ئوتتۇرا ياش زىيالىيلارنىڭ پانئىسلامىزمچى، پانتۈركىزمچى، چوڭ مىللەتچى ياكى تار مىل- لەتچى بولۇپ قېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئۇلارغا پارتىيە

① «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى»، 449 - بەت.

توغرىسىدا تەربىيە ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنى پارتىيىنىڭ نەزەردـ
يىسى ۋە سىياسىتى بىلەن قوراللاندۇرۇش لازىم.» 2 ـ ئاينىڭ
17 ـ كۈنى، ئەخەتجان قاسىمى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ئۇيغۇر مەدەـ
نىيىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۇيۇشمىسى ئۆتكۈزگەن ئاممىۋى يىـ
غىندا، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھەرىكىتىنىڭ شىنجاڭنىڭ مۇسـ
تەقىللىقىغا قارشى تۇرۇش سىياسىتى ۋە مەيدانىنى شەرھلىگەن.
ئۇ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «بىز مىللىي قۇرۇلتايدا شىنجاڭدا
مىللەتنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىشى كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا
قويدۇق، لېكىن بۇ مۇستەقىل بولۇش دېگەن مەنىنى بىلدۈرمەيـ
دۇ. بىزنىڭ موھتاج بولۇۋاتقىنىمىز مىللەتنىڭ ئۆزىنى ئۆزى
ئىدارە قىلىشى، بۇ ھەرگىز بىر مىللەت بىلەن چەكلەنمەيدۇ... ئۇ
يەنىلا پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ بىردەك باراـ
ۋەر بولۇشى ئاساسىدىكى مىللەتنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىشى
بولۇپ، بۇنىڭدا دېموكراتىك سىياسەتنى يولغا قويۇش مەقسىتىگە
يېتىش كۆزدە تۇتۇلغان. ئومۇمەن مىللەتنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە
قىلىشى پەقەت بىر مىللەتنىڭ مۇستەقىل، ئەركىن بولۇشى دەپ
قارىلىدىكەن، بۇنداق ئادەملەرنىڭ ئىدىيىسى بەك خاتا بولغان بوـ
لىدۇ. شۇنى بىلىش كېرەككى، مىللىتىمىزنىڭ دۈشمىنى خەنـ
زۇلار ئەمەس، بەلكى ئىلگىرىكى مۇستەبىت تۈزۈم شارائىتىدىكى
خەنزۇ چىرىك ئەمەلدارلار. بىز بۇ ئىككىسىنىڭ چېگرىسىنى ئېـ
نىق ئايرىمىساق، ھەتتا خاتا ھالدا خەنزۇلارنى دۈشمىنىمىز دەپ
قارىساق بولمايدۇ. «تىنچلىق بىتىمى» ئىمزالانغاندىن كېيىن،
‹شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى › ھۆكۈمىتى ئۆز ئىززىتىنى
ساقلاپ تارقىلىپ كەتكەنلىكىنى ئېلان قىلدى، باشقا ۋىلايەتلەرگە
ئوخشاش، ئۇنىڭغا يەنىلا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت رەھبەرلىك قىلىدـ
ىغان بولدى... ئەگەر بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە بەزىلەر يەنىلا
شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىقىنى تەرغىب قىلىدىكەن،
ئۇنداقتا ئۇ تىنچلىق بىتىمىگە قارشى تۇرغان بولىدۇ.» «خەلقىـ
مىز بۈگۈنكى كۈندە قانداقتۇر شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى

ھۆكۈمىتىنى قۇرماقچى ئەمەس... خەلقىمىز شۇنى چۈشىنىشى
لازىمكى، بۈگۈنكى كۈندە بىز خەنزۇلارغا ۋە دۆلەتنىڭ بىرلىكىگە
قارشى تۇرۇۋاتقىنىمىز يوق، ئەگەر بەزىلەر خەنزۇلارغا ۋە دۆلەت-
نىڭ بىرلىكىگە قارشى تۇرىدىكەن، ئۇ ھالدا ئۇ تىنچلىق بىتىمى-
گە ۋە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىي ئىشلارنى يولغا قويۇش
پروگراممىسىغا قارشى تۇرغان بولىدۇ، ئۇ بىزنىڭ دوستىمىز
ئەمەس. شۇڭا، تىنچلىق بىتىمىدىن باشقا ھەرقانداق ھەرىكەتنى
قەتئىي قوللىمايمىز.»①

شۇنىڭدىن كېيىن، ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇكېرىم ئابباسوف
قاتارلىق ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرى تۈرلۈك سورۇنلاردا كۆپ قې-
تىم بۇ كۆزقاراشلارنى تەكرار ـ تەكرار شەرھلىگەن ۋە تەشۋىق
قىلغان، تەشۋىقات دائىرىسى غۇلجا، ئۈرۈمچىدىن تارباغاتاي، ئال-
تاي قاتارلىق پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەممە جايلىرىغىچە كېڭەيگەن.
شۇ يىلى 7 ـ ئايدا، ئەخمەتجان قاسىمى تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ
مەسئۇلىغا يازغان بىر پارچە خېتىدە شۇ جايدىكى ئاز سانلىق
مىللەتلەر بىلەن خەنزۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ بىر
مەھەل جىددىيلىشىپ كەتكەنلىكىدەك ۋەزىيەتكە قارىتا، بۇرۇنقى
خاتالىقلارنى تۈزىتىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداشنىڭ
مۇھىملىقىنى تەكىتلىگەن. ئۇ خەتتە مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن:
«ئىنقىلابنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى خەنزۇلارغا بولغان بىر تە-
رەپلىمە تونۇشىمىزنى ئۆزگەرتىشىمىز كېرەك... ئاھالىنىڭ كۆپ
سانىنى ئىگىلىگەن مىللەت ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۈمىدى ۋە
تەلىپىگە قۇلاق سېلىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشى لازىم،
ئۇلارغا بۇرادەرلەرچە دوستلۇق پوزىتسىيە ۋە ئاسراش سەمىمى-
يىتىنى بىلدۈرۈشى كېرەك. ئۆتكەنكى بىر تەرەپلىمە تونۇشلى-
رىمىزنى ئۆزگەرتىشىمىز كېرەك. ئۆتمۈشتە خەلقىمىز چەككەن
زۇلۇمنى خەنزۇ خەلقىدىن كۆرۈشكە بولمايدۇ، ئۇ خەنزۇ ئىس-
تېبدات ھۆكۈمرانلىرىنىڭ جىنايىتى. خەلقىمىز خەنزۇ خەلقى

① «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى»، 284 ـ، 285 ـ، 286 ـ بەتلەر.

بىلەن خەنزۇ ھۆكۈمرانلىرى ئوتتۇرىسىدىكى پەرقىنى ئاجرىتىۋالسىلا، خەنزۇ خەلقىگە بولغان كۆزقارىشىنى ئۆزگەرتىدۇ. خەنزۇ خەلقى بىزنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىشنى ھەرگىز ئۈمىد قىلمايدۇ، ساقچى تۈزۈمى ئارقىلىق بىزگە ھۆكۈمرانلىق قىلىشنى ھەرگىز ئۈمىد قىلمايدۇ، ھەربىي كۈچ ئارقىلىق بىزنى باستۇرۇشنى ھەرگىز ئۈمىد قىلمايدۇ. ئەنە شۇنداق ئويدا بولغان كىشىلەر بىزگە قايسى دەرىجىدىكى دۈشمەن بولسا، خەنزۇ خەلقىنىڭمۇ شۇ دەرىجىدىكى دۈشمىنى. شۇڭا، سىلەرنىڭ ئاممىغا بولغان تەربىيە خىزمىتىڭگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.»①

1948 ـ يىلى 8 ـ ئايدا، ئۈچ ۋىلايەت ۋە يەتتە ۋىلايەتتىكى ئىلغار زاتلار بىرلىشىپ ئاشكارا سىياسىي تەشكىلات «شىنجاڭ تىنچلىقنى قوغداش خەلقچىل ئىتتىپاقى»نى قۇرغان. ئەخمەتجان قاسىمى «شىنجاڭ تىنچلىقنى قوغداش خەلقچىل ئىتتىپاقى» مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى بولغان. «شىنجاڭ تىنچلىقنى قوغداش خەلقچىل ئىتتىپاقى» ھەرقايسى مىللەتلەر، ھەرقايسى سىنىپلار بىرلەشكەن ئاممىۋى خاراكتېردىكى بىرلىك سەپ تەشكىلاتى بولۇپ، پارتىيىلىك رولىغا ئىگە ئىدى. «شىنجاڭ تىنچلىقنى قوغداش خەلقچىل ئىتتىپاقى»نىڭ قۇرۇلۇش يىغىنىدا، بۇ تەشكىلاتنىڭ پروگرامما خاراكتېرلىك ھۆججىتى «پۈتۈن ئۆلكە خەلقىگە مۇراجىئەت» ئېلان قىلىنغان، ئۇنىڭدا «شىنجاڭ تىنچلىقنى قوغداش خەلقچىل ئىتتىپاقى»نىڭ ئومۇمىي پروگراممىسى ھەرقايسى مىللەتلەر، جۈملىدىن ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، موڭغۇل، خەنزۇ، خۇيزۇ، ئۆزبېك ۋە باشقا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ، نامرات، قالاق ۋە ھوقۇقسىز قۇللۇق ئورنىغا مەڭگۈلۈك خاتىمە بېرىپ، شىنجاڭنى تىنچلىق، دوستلۇق، ئادالەت، ھەققانىيەت، ئەركىنلىك ھۆكۈم سۈرگەن جەمئىيەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشتىن ئىبارەت، دەپ كۆر-

① «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى»، 323 ـ، 324 ـ بەتلەر.

ستىلگەن①. بۇ ئومۇمىي پروگراممىا جۇڭگو دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسىي جەھەتتىن ئۇيغۇن كەلگەنىدى. كۆپ مىللەتلىك، كۆپ قاتلاملىق بىرلىك سەپ تەشكىلاتىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ئومۇمىي پروگراممىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھەرىكىتىنىڭ خاتا چۈشىنىۋېلىنغان دۇنىيا «مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى»دىن ھالقىپ ئۆتۈپ، فېئودال ئېكسپىلاتاتسىيە ۋە زۇلۇمغا قارشى تۇرۇش، خەلق ئازادلىقىغا ئىنتىلىشتەك جۇڭگو ئىنقىلابى يولىغا قەدەم قويغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. گەرچە شۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھەرىكىتىدە «مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى»دېگەن سۆزلەر يەنىلا پات - پات كۆرۈلۈپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ھەقىقىي مەنىسى «جۇڭگودىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئازادلىقى»نى كۆرسىتىدىغان بولغان. بۇنىڭدىن سىرت، «تىنچلىقنى قوغداش خەلقچىل ئىتتىپاقى»نىڭ ئالدىغا «شىنجاڭ» دېگەن بۇ بىرلىككە كەلگەن ئورتاق ئاتالغۇنى قوشۇشمۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھەرىكىتىنىڭ ئاشكارا ھالدا «شەرقىي تۈركىستان» بۆلگۈنچى كۈچلىرى بىلەن چەك - چېگرىنى ئېنىق ئايرىپ، ئۇلارغا قارشى بوشاشماي كۈرەش قىلغانلىقىنىڭ مۇھىم شەكلى. خۇددى ئەخمەتجان قاسىمى كېيىن «خەلقئارا ۋەزىيەت ۋە شىنجاڭ تىنچلىقنى قوغداش خەلقچىل ئىتتىپاقى» سەرلەۋھىلىك ماقالىسىدە تەكىتلەپ ئۆتكەندەك: «سۆز ئەركىنلىكى بولۇش روھى بويىچە ئۆلكىمىزنىڭ جۇغراپىيىلىك نامىنى خالىغانچە ئاتاشقا بولسىمۇ، لېكىن سىياسىي جەھەتتە، تەرتىپ جەھەتتە ئۇنى شىنجاڭ دەپ ئاتاش كېرەك، بۇ ھەقتە، شىنجاڭ تىنچلىقنى قوغداش خەلقچىل ئىتتىپاقى قۇرۇش يىغىنىدا مەخسۇس بەلگىلىمە چىقىرىلدى. مۇشۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، شىنجاڭ تىنچلىقنى قوغداش خەلقچىل ئىتتىپاقى قۇرۇش يىغىنىدا خەلق شىنجاڭ تىنچلىقنى

---

① «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تارىخى»، 353 ـ، 354 ـ بەتلەر.

قوغداش خەلقچىل ئىتتىپاقى دېگەن بۇ نامنى قوبۇل قىلغان.»① بۇنىڭدىن ئىلگىرى، ئالتاي ۋىلايەتلىك ۋالىي مەھكىمىسى 1947 ـ يىللىق 80 ـ نومۇرلۇق بۇيرۇق ئېلان قىلىپ، ئۆزىگە قاراشلىق تارماقلار، ھەرقايسى ناھىيىلەردىن ۋىۋىسكا، تامغا، ھۆججەت نومۇرى، ھۆججەت نامى قاتارلىقلاردىكى «شەرقىي تۈركىستان» دېگەن خەتنى بىردەك ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى تەلەپ قىلغان. 1949 ـ يىلنىڭ بېشىدا، ئەخمەتجان قاسىمى بىر قېتىملىق ئاممىۋى يىغىلىشتا قىلغان نۇتقىدا ئەركىنلىك، ئازادلىق بىلەن مۇستەقىللىقنى تەڭ ئورۇنغا قويۇشتەك خاتالىقنى يەنە ئاشكارا ئەيىبلەپ مۇنداق دېگەن: « تىنچلىق بىتىمى ئىمزالانغاندىن كېيىن، ئىنقىلاب نىشانىمىز ۋە يۆنىلىشىمىزدە تۈپتىن ئۆزگىرىش بولدى. لېكىن بۇ مەسىلىنى بىزنىڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلىرىمىز، ھەتتا خېلى كۆپ ئوقۇتقۇچىلىرىمىزمۇ ئىزچىل چۈشەنمەي كەلدى. ئۇلار دائىم ‹ئەركىنلىك ›، ‹ ئازادلىق › دېگەن سۆزنى ‹ مۇستەقىللىق › دېگەن سۆز بىلەن بىرلەشتۇرۇۋېلىپ، مۇستەقىللىق بولغان جايدىلا ئەركىنلىك بولىدۇ، مۇستەقىللىق بولمىغان جايدا ئەركىنلىك بولمايدۇ، دەپ قاراپ كەلدى. بۇ توغرا ئەمەس، «بۇنداق ئىدىيىنى تۈپتىن تۈگىتىپ، ئۆلكىمىز خەلقىنىڭ كۈرىشىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشىمىز كېرەك.» ②

مەسئۇد، مۇھەممەت ئىمىن، ئەيسا قاتارلىق «پانئىسلامىزم»، «پانتۈركىزم»چىلارنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتتە رەھبەرلىك ۋەزىپىسىگە ئولتۇرغانلىقىغا ئاشكارا قارشى تۇرۇش ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھەرىكىتىنىڭ «پانئىسلامىزم»، «پانتۈركىزم»گە ۋە مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشتىكى يەنە بىر مۇھىم مەزمۇنى ھېسابلىنىدۇ. بۇ كىشىلەر 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا «پانئىسلامىزم»، «پانتۈركىزم» شىنجاڭغا ئېقىپ كىرگەن-

① « ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى»، 380 ـ بەت.
② «ئىتتىپاق» ژۇرنىلى، 1949 ـ يىلى 4 ـ سانى. «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تارىخى»دىن ئېلىندى، 344 ـ، 345 ـ بەتلەر.

دىن كېيىن، مىللىي مۇستەقىللىق نامى بىلەن شىنجاڭنى پارچىلاش مەقسىتىدە مەيدانغا كەلگەن ۋەكىللىك خاراكتېرىدىكى شەخسلەر بولۇپ، سىياسىي جەھەتتە گومىنداڭغا ئۆزىنى ئاتقان. يەتتە ۋىلايەت تەرەپتىمۇ بەزىلەر ئۇلارنى مىللىي داھىي دەپ قارىغان. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، تىنچلىق سۆھبىتى مەزگىلىدە ۋە كېيىن قۇرۇلغان شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتتە بۇ كىشىلەر ئىشقا قويۇلغان ۋە ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن. 1947 - يىلى 5 - ئايدا، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى 2830 - نومۇرلۇق پەرمان چىقىرىپ، مەسئۇدنى جاڭ جىجۇڭنىڭ ئورنىغا شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئەزالىقى قوشۇمچە رەئىسلىكىگە؛ ئەيسانى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئەزالىقى قوشۇمچە باش كاتىپلىقىغا تەيىنلەيدۇ. بۇ بىر ئۈچۈم «پانئىسلامىزم»، «پانتۇركىزم»چىلارنىڭ تەختكە چىقىشى ئىجتىمائىي ۋەزىيەتنىڭ داۋالغۇشىنى ۋە مىللىي بۆلگۈنچىلىكنىڭ باش كۆتۈرۈشىنى يەنە بىر قېتىم كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن ئىدى. بۇنىڭغا قارىتا، ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ قەتئىي تۇردە قايتۇرما زەربە بەرگەن. بۇ خەۋەر تارقىلىشى بىلەن تەڭ ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ دەرھال كۈچلۈك قارشىلىق بىلدۈرگەن. ئەخمەتجان قاسىمى جاڭ جىجۇڭدىن مەزسەپكە تەيىنلەش پەرمانىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى تەلەپ قىلغان، ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ بارلىق ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزالىرى مەسئۇدنىڭ 5 - ئاينىڭ 28 - كۈنىدىكى ۋەزىپىگە ئولتۇرۇش قەسەمياد مۇراسىمىغا قاتنىشىشنى رەت قىلغان. مەسئۇد، مۇھەممەت ئىمىن، ئەيسا قاتارلىقلار تەختكە چىققاندىن كېيىن، قولىدىكى ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ «پانئىسلامىزم»، «پانتۇركىزم» ئىدىيىسىنى ئاشكارا تەشۋىق قىلغان، «يۈكسەك ئاپتونومىيە» نامى بىلەن شىنجاڭ مۇستەقىللىقىنى كۆككە كۆتۈرگەن؛ شىنجاڭ تىنچلىق قوزغىلىڭىدىن بۇرۇن، غەربىي شىمالدا شىنجاڭ ئاساس قىلىنغان ئىسلام دىنىدىكى «مۇستەقىل دۆلەت»نى بىرلىكتە قۇرۇپ چىقىش مەقسىتىدە گەنسۇ، چىڭخەي مىلىتا-

رىستى ما بۇفاڭ بىلەن ئالاقە باغلاشنى پائال پىلانلىغان.

ئەينى چاغدىكى شارائىتتا، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى قانات يايدۇرۇشى ئىنتايىن قىيىن ئىدى. خۇددى ئەخمەتجان قاسىمى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىغا يوللىغان دوكلاتىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك:

«مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابى بىلەن مۇستەقىللىق بايرىقىنىڭ يەرلىك خەلق ئارىسىدىكى تەسىرى ئىنتايىن چوڭقۇر، بىز پەقەت مۇشۇ شوئارغا رىئايە قىلساق ۋە بويسۇنساقلا، ئاندىن ئەڭ زور كۆپچىلىك خەلقنى گومىنداڭغا قارشى كۈرەش قىلىشقا سەپەرۋەر قىلالايتتۇق. جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتكەندىن كېيىن، بىز بۇ ئۇسۇلىمىزنى تۈزىتىشكە باشلىغان بولساقمۇ، لېكىن خىزمىتىمىز كۆڭۈلدىكىدەك بولمىدى. چۈنكى بىزنىڭ ئالدىمىزدا يەنىلا كۈچلۈك دۈشمەن تۇراتتى، بىز ئىچكى مۇناسىۋەتنى بەك جىددىيلەشتۈرۈۋەتسەك بولمايتتى. مۇبادا ئىچكى قىسىمدا فېئودال كۈچلەرگە قارشى سىياسىي كۈرەش ئېلىپ بارىدىغان بولساق، ئامېرىكا، ئەنگلىيە ۋە گومىنداڭ بۇ زىددىيەتتىن پايدىلىنىپ، شىنجاڭ چېگرىسى ئىچىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىغا بۆلگۈنچىلىك سالاتتى.»

يۇقىرىدىكى مەسىلىلەرنىڭ پەيدا بولۇشى ئەينى چاغدىكى شىنجاڭنىڭ مۇنداق ئىككى ئاساسىي ئالاھىدىلىكىدىن ئايرىلالمايدۇ: (1) يېرىم ئەسىردىن بۇيان، بۇ يەردىكى مىللىي ھەرىكەتلەر پانتۈركىزمنىڭ ئىدىيىۋى تەسىرىدە ئېلىپ بېرىلغان، ئۇلارنىڭ مەقسىتى بارلىق تۈركلەرنى بىرلەشتۈرۈپ بىر دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئىدى. (2) بۇ يەردىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئومۇمىيۈزلۈك ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى جاھاندىكى جىمى مۇسۇلمانلاردىن تەشكىللەنگەن بىر دۆلەت قۇرۇش ئارزۇسىدا بولغاچقا، ئىسلام دىنىدا بولمىغانلارنى ئاسانلا دۈشمەن دەپ قارايدۇ، ئۇلاردا ئەزگۈچى مىللەتلەرگە قارىتا تېخى-

مۇ ئاسان ئۆچمەنلىك پەيدا بولىدۇ.»[1]
«تىنچلىق بىتىمى» ئىمزالانغاندىن كېيىن، گومىنداڭ تەرەپ
سىياسىي ۋە ھەربىي جەھەتتىن شىنجاڭغا بولغان كونتروللۇقى-
نى كۈچەيتىشكە باشلىغان. بىرىنچىدىن، ئۇرۇش توختىتىش
پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ شىنجاڭغا ئەسكەر كۆپەيتىپ، ئۈچ ۋىلا-
يەتكە ھەربىي بېسىم پەيدا قىلغان. ئىككىنچىدىن، سىياسىي
جەھەتتە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي كۈچلىرى بىلەن تىركىشىش
مەقسىتىدە، ئۆزىگە باش قويغان مەسئۇد، مۇھەممەت ئىمىن،
ئەيسا قاتارلىق ئاز ساندىكى ئىدىيىسى ئەكسىيەتچىل، كۈچلۈك
«پانئىسلامىزم»، «پانتۈركىزم» روھىغا ئىگە ئاتالمىش مىللىي
مەشھۇر زاتلارنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت
خەلقىگە مەجبۇرىي تاڭغان. سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپتىن ئېيت-
قاندا، ئامېرىكا گومىنداڭ كۈچلىرىنىڭ جۇڭگو كومپارتىيىسىگە
قارشى ئومۇمىيۈزلۈك ئىچكى ئۇرۇش قوزغىشىنى قوللىغانلىقى-
تىن، سوۋېت ئىتتىپاقى شىنجاڭغا قاراتقان سىياسىتىگە قايتى-
دىن قاراپ چىقىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى قوللاشنى تەدرىجىي
ئەسلىگە كەلتۈرۈپ ۋە كۈچەيتىپ، ئۈچ ۋىلايەتكە قايتىدىن مەس-
لىھەتچىلەر ئۆمىكى ئەۋەتكەن. ھەتتا: « سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇلار-
نىڭ ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن قولدىن كەتكەن ۋەتىنىنى
قايتۇرۇۋېلىشىنى قوللايدۇ، ئۇلارنىڭ خەلقىنىڭ مەھرۇم بولغان
ھوقۇقىنى يېڭىۋاشتىن قولغا كەلتۈرۈشىگە ياردەم بېرىدۇ، ئۇلار-
نىڭ ئۆزلىرى ئىگە بولىدىغان نەرسىسىگە ئېرىشىشىگە ياردەم بې-
رىدۇ» [2]دەپ ئاشكارا جاكارلىغان. ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئىچكى قىس-
مىدا، ئېلىخان تۆرە باشچىلىقىدىكى تىنچلىق ۋە بىرلىككە بۇز-
غۇنچىلىق قىلىدىغان بۆلگۈنچى كۈچلەر سىياسىي سەھنىدىن تې-
خى تامامەن چېكىنىپ چىقمىغانىدى، ئۇلارنىڭ بۆلگۈنچىلىك تە-
شەببۇسلىرىنىڭ قىسمەن ئامما ئارىسىدا يەنىلا خېلى بازىرى بار

[1] «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى»، 415 ـ، 416 ـ بەتلەر.
[2] «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى»، 270 ـ بەت.

ئىدى. ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى ئوسمان باشچىلىقىدىكى ئۈچ ۋىلايەتنىڭ قىسمەن ھەربىي كۈچلىرى گومىنداڭنىڭ قويىنىغا ئۆزىنى ئاتقانىدى. بۇ چاغدا، بىرلىكنى قوغداش، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئاساسىي ئېقىمى، شۇنداقلا ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگەرتكىلى بولمايدىغان يۈزلىنىشى بولۇپ قالغانىدى. ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇكېرىم ئاباسوف ۋەكىللىكىدىكى ئىنقىلاب تەرەپدارلىرى ھەر خىل بۆلگۈنچىلىك ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان سۆز ـ ھەرىكەتلەرگە قەتئىي قايتۇرما زەربە بەرگەنىدى. جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ قەدەممۇقەدەم غەلىبە قىلىشىغا ئەگىشىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاراتقان سىياستىنى يەنە تەڭشىگەن. 1948 ـ يىلى 10 ـ ئايدا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى مۇنداق ئاشكارا باياناتنى ئېلان قىلغان: «ھازىر ئەۋج ئېلىۋاتقان بۈيۈك تۈركىزمچىلارنىڭ جۇڭگودىن ئايرىلىپ كېتىش ھەرىكىتىگە ھەرگىز ھېسداشلىق قىلمايمەن، چۈنكى ھەرقانداق بىر دۆلەتتە ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۆز ۋەتىنىدىن ئايرىلىپ ھەرگىز پارلاق يول تاپالمايدۇ، ۋەتىنىدىن ئايرىلىپ چىقىپ كېتىشتەك مۇنداق ھەرىكەت ئاز سانلىق مىللەتلەرگە زىيانلىق، لېكىن دۆلەتمۇ ئاز سانلىق مىللەتلەرگە قارىتا مۇۋاپىق سىياسەتلەرنى قوللىنىپ، ئۇلار بىلەن دۆلەتنى ئايرىلماس بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرۇشى كېرەك. ھازىر شىنجاڭنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى تۈرلۈك مەسىلىلەرنى ھەقىقىي تۈردە ھەل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، ئۇنى ھەل قىلىش ۋاقتىنى ئەمدى كېچىكتۈرۈشكە بولمايدۇ، ئۇنداق قىلمىغاندا، ئۈچىنچى تەرەپ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئارىغا بۆلگۈنچىلىك سالىدۇ ـ دە، مەسىلىلەرنىڭ ھەل قىلىنىشى بارغانسېرى تەسكە توختايدۇ.»[1] كېيىنكى يىلى 1 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى، سوۋېت ئىتتىپاقى مىنىستىرلار كېڭىشىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مى-

---

[1] «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى»، 371 ـ، 372 ـ بەتلەر.

كويان مەخپىي هالدا شىبەيپونى زىيارەت قىلغان، ئۇ جۇڭگو كومپارتىيىسى بىلەن سۆھبەتلەشكەندە ئىپادە بىلدۈرۈپ مۇنداق دېگەن: « شۇنى ئېنىق جاكارلايمەنكى، بىز شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مۇستەقىللىق ھەرىكىتىگە قوشۇلمايمىز ، شىنجاڭ زېمىنىغا نىسبەتەن قارا نىيىتىمىز تېخىمۇ يوق. مېنىڭچە، شىنجاڭ جۇڭگو تېررىتورىيىسىگە كىرىپ بولدى، شۇنداقلا كىرگۈزۈلۈشى كېرەك.»① 8 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا، سوۋېت ئىتتىپاقى «ئەخمەتجان قاسىمى 2 ـ ئىشخانىسى» دېگەن مەخپىي نامدىكى — مەسلىھەتچىلەر ئۆمىكىنى غۇلجىدىن قايتۇرۇپ كەتكەن.» ② بۇ چاغدا، شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولۇشىغا ئاران ئىككى ئايدىن كۆپرەكلا ۋاقىت قالغانىدى.

گومىنداڭنىڭ مەسئۇد باشچىلىقىدىكى شىنجاڭ مۇستەقىللىقىنى تەشەببۇس قىلىدىغان كونا «پانئىسلامىزم»، «پانتۈركىزم»چىلارنى يۆلىشى ۋە ئىشقا قويۇشى، سوۋېت ئىتتىپاقى سىياسىتىنىڭ ئۆزگىرىپ تۇرۇشى ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى مۇستەقىللىق دەۋاسى قىلىدىغان ئاز ساندىكى كۈچلەرگە پۇرسەت يارىتىپ بەرگەن، بۇلارنىڭ ھەممىسى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى ۋە بىرلىكىگە ئېغىر يوشۇرۇن خەۋپ بولغان. يەنە بىر تەرەپتىن ئېيتقاندا، يېرىم مۇستەملىكە، يېرىم فېئوداللىق تۈزۈمىدىكى كونا جۇڭگونىڭ مىللىي ئېكسپىلاتاتسىيىنى ھەقىقىي تۈگىتىشى ۋە مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى، مىللىي مەسىلىنى تۈپتىن ھەل قىلىش ۋە بۆلگۈنچىلىكنى تۈگىتىش شارائىتىنىمۇ ھازىرلىمىغانىدى. شۇڭا، مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىش ۋە بۆلگۈنچىلىكنى تۈگىتىش ۋەزىپىسىنى يېڭى جۇڭگولا ئورۇندىيالايتتى، بۇ ھەم يېڭى جۇڭگونىڭ زىممىسىدىكى تارىخىي بۇرچ ئىدى.

---

① A لېۋداۋسكى: «A.Nمىكويانىنىڭ جۇڭگوغا بېرىشىدىكى مەخپىي بۇرچى»(1949 ـ يىلى 1 ـ، 2 ـ ئايلار)، «يىراق شەرق مەسىلىسى»نىڭ رۇس تىلى نەشرى، 1995 ـ يىللىق 2 ـ سانىغا بېسىلغان، 106 ـ بەت.

② «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى»، 404 ـ بەت.

## ئۈچىنچى، شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولۇشى

### 1. ئۈچ ۋىلايەتنىڭ جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قى-
لىشى

«تىنچلىق بىتىمى» ئىمزالانغاندىن كېيىن، ئۈچ ۋىلايەتنى
ئۆز ئىچىگە ئالغان شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت
قۇرۇلدى. كېلىشىمدىكى بەلگىلىمە بويىچە، ئۆلكىلىك بىر-
لەشمە ھۆكۈمەتنىڭ 25 نەپەر ئەزاسىنى مەركەز تەيىنلىدى،
بۇنىڭ ئىچىدە، 10 نەپەر ئەزانى مەركەز ئەۋەتتى، قالغانلىرىنى
ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا يەتتە ۋىلايەت بىلەن ئۈچ ۋىلايەت
كۆرسەتتى. گومىنداڭ غەربىي شىمال بارگاھىنىڭ مۇدىرى
جاڭ جىجۇڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئەزاسى قوشۇمچە رە-
ئىسلىكىنى ئۈستىگە ئالدى، ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىلى ئەخمەتجان
قاسىمى بىلەن يەتتە ۋىلايەت ۋەكىلى بۇرھان شەھىدى ئايرىم
ـ ئايرىم ھالدا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئەزاسى قوشۇمچە مۇ-
ئاۋىن رەئىسلىكىنى ئۈستىگە ئالدى.

1946 ـ يىلى 12 ـ ئايدا، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋە خەلق
ئىنقىلابىي پارتىيىسىنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرىدىن بىرى بولغان
ئابدۇكېرىم ئابباسوف نەنجىڭدە ئېچىلغان مىللىي قۇرۇلتايغا قات-
نىشىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، جۇڭگو كومپارتىيىسى بىلەن
مەخپىي ئۇچراشتى، 5 ـ دېكابىر، ئۇ جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ
نەنجىڭدە تۇرۇشلۇق ئىش باشقارمىسىغا بېرىپ دوڭ بىۋۇ بىلەن
كۆرۈشتى. ئۇ ھاۋالىگە ئاساسەن، ئۇرۇمچىدىكى شىنجاڭ كوممۇ-
نىزمچىلار ئىتتىپاقىغا ۋاكالىتەن بۇ تەشكىلاتنىڭ جۇڭگو كوم-
پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىشنى خالايدىغانلىقىدەك
تەلىپىنى يەتكۈزۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلا-
بىي ھۆكۈمىتىنىڭ جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىنى قو-
بۇل قىلىشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىدەك ئارزۇسىنىمۇ يەتكۈزدى.
جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ قو-

شۇلۇشى بىلەن دوڭ بىۋۇ يولداش پېڭ چاڭگۈينى بىر تېلېگراف
ئاپپاراتى ئېلىپ ئابدۇكېرىم ئاbباسوف بىلەن بىللە ئۈرۈمچىگە
بېرىشقا ئەۋەتتى، ھەمدە: «شىنجاڭدىكى ئىلغار تەشكىلاتلار بىر-
لىشەلەيدىغانلا بولسا، كېڭىشىش ئارقىلىق بىرلەشتۈرۈش كې-
رەك، بۇنداق قىلىش كۈچ بولۇپ ئۇيۇشۇشقا، تېخىمۇ ياخشى كۈ-
رەش قىلىشقا پايدىلىق، لېكىن تەشكىلاتنىڭ ئىسمى مەسىلىسى-
دە، شىنجاڭنىڭ ئەھۋالىنىڭ مۇرەككەپلىكى، ئاممىنىڭ ئاڭ سە-
ۋىيىسى ۋە قوبۇل قىلىش ئىقتىدارىنى كۆزدە تۇتقاندا كوممۇ-
نىزم، سوتسىيالىزم دېگەن تۇغنى تولىمۇ بالدۇر كۆتۈرۈپ چىقىش
مۇۋاپىق ئەمەس» [1]دەپ يوليورۇق بەردى. شۇ چاغدىن باشلاپ، ئۈچ
ۋىلايەت ئىنقىلابى بىلەن جۇڭگو كومپارتىيىسى ئوتتۇرىسىدا
بىۋاسىتە ئالاقە ئورنىتىلدى. كېيىنكى يىلى 2 ـ ئايدا، يولداش
دوڭ بىۋۇنىڭ يوليورۇقىغا بىنائەن، ئۈچ ۋىلايەتتىكى خەلق ئىن-
قىلابىي پارتىيىسى بىلەن ئۈرۈمچىدىكى شىنجاڭ كوممۇنىزم-
چىلار ئىتتىپاقى بىرلىشىپ، دېموكراتىك ئىنقىلاب پارتىيىسى
قۇرۇلدى.

1947 ـ يىلى 8 ـ ئايدىن كېيىن، ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆ-
كۈمەت يىمىرىلىپ، شىنجاڭدا ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى بىلەن گو-
مىنداڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تىركىشىپ تۇرۇش ۋەزىيىتى قايتا
شەكىللەندى. جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ ئۈزلۈكسىز تە-
رەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، جۇڭگو كومپارتىيىسى شىنجاڭ ئۈچ
ۋىلايەت ھۆكۈمىتى بىلەن بولغان ئالاقىنى يەنىمۇ كۈچەيتتى.
1949 ـ يىلى 7 ـ ئايدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەر-
كىزىي كومىتېتى تېلېگراممىا ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا زى-
يارەتتە بولۇۋاتقان ليۇ شاۋچىغا ئادەم ئەۋەتىپ سوۋېت ئىتتىپا-
قى چېگرىسى ئارقىلىق بىۋاسىتە شىنجاڭغا بېرىپ، ئۈچ ۋىلايەت
ھۆكۈمىتى بىلەن بولغان ئالاقىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا يوليو-

---

① «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى»، 277 ـ بەت.

رۇق بەردى. 8 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى يولداش دېڭ لىچۈن شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەتكە ئەۋەتىلدى، ئۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئالاقىچىسى سالاھىيىتى بىلەن ئۈچ خىزمەتچى خادىم ۋە بىر تېلېگراف ئاپپاراتىنى ئېلىپ، موسكۋادىن ئالمۇتا ئارقىلىق غۇلجىغا كەلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى يېڭىدىن قۇرۇلغان «لىچۈن تېلېگراف ئىستانسىسى» ئارقىلىق، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى بىلەن خىزمەت ئالاقىسى ئورناتتى. ئارقىدىن، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىغا سىياسىي، ئىقتىساد، ھەربىي، مەدەنىيەت، مىللەت، دىن قاتارلىق ھەرقايسى جەھەتتىكى ئەھۋاللارنى سىستېمىلىق دوكلات قىلدى. 8 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ۋەكىللىرىنى پات ئارىدا بېيجىڭدا ئېچىلىدىغان «يېڭى سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى يىغىنى»غا قاتنىشىشقا رەسمىي تەكلىپ قىلدى. ئىككىنچى كۈنى، ماۋ زېدۇڭ «يېڭى سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى يىغىنى»غا تەييارلىق كۆرۈش ھەيئىتىنىڭ مۇدىرى نامى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ۋە ئەخمەتجان قاسىمىغا تەكلىپ خېتى ئەۋەتتى، تەكلىپ خېتىنىڭ تولۇق تېكىستى تۆۋەندىكىچە:

*شىنجاڭ غۇلجا ئالاھىدە رايونى خەلق ھۆكۈمىتىگە*

*ئەخمەتجان ئەپەندىگە:*

*مەملىكىتىمىزدىكى جاھانگىرلىك، فېئودالىزم، بيۇروكرات كاپىتالىزمغا ۋە جياڭ جيېشى باشچىلىقىدىكى گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى خەلق ئازادلىق ئۇرۇشى پات ئارىدا پۈتۈن جۇڭگو مىقياسىدا غەلىبىگە ئېرىشىدۇ. پۈتۈن جۇڭگودىكى دېموكراتىك پارتىيە ـ گۇرۇھلار، خەلق تەشكىلاتلىرى، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ دالا ئارمىيىلىرى، ئازاد رايونلار، دۆلەت ئىچىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە چەت ئەللەردىكى جۇڭگو مۇھاجىرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەملىكەتلىك يېڭى خەلق*

*سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى پۇختا تەييارلىق كۆرۈش ئارقىلىق 9 ـ ئاي ئىچىدە بېيپىڭدا ئومۇمىي يىغىن ئاچماقچى. بۇ نۆۋەتلىك ئومۇمىي يىغىن مەملىكەتلىك خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ تەشكىلىي قانۇنىنى تۈزۈپ چىقىدۇ، ئۆزىنىڭ مەملىكەتلىك كومىتېتىنى سايلاپ چىققاندىن تاشقىرى، يەنە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەشكىلىي قانۇنىنى تۈزۈپ چىقىدۇ، مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى كومىتېتىنى سايلاپ ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدۇ. سىلەرنىڭ كۆپ يىللاردىن بۇيان ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىڭلار پۈتۈن جۇڭگو خەلقىنىڭ دېموكراتىيە ئىنقىلابىي ھەرىكىتىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. غەربىي شىمالدىكى خەلق ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسىرى راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، شىنجاڭنىڭ پۈتۈنلەي ئازاد بولۇشىغا ئانچە ئۇزاق ۋاقىت قالمىدى. سىلەرنىڭ كۈرەشلىرىڭلار پات ئارىدا ئەڭ ئاخىرقى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىدۇ. بىز سىلەرنىڭ ئۆز ۋەكىللىرىڭلار سۈپىتىدە بەش كىشىنى مەملىكەتلىك خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ ئومۇمىي يىغىنىغا قاتنىشىشقا ئەۋەتىشىڭلارنى چىن قەلبىمىزدىن قارشى ئالىمىز. ئەگەر قوشۇلساڭلار، 9 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا بېيپىڭغا يېتىپ كېلىشىڭلارنى سورايمىز. تېلېگرامما يېتىپ بارغاندىن كېيىن جاۋاب قايتۇرۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىمىز.*

*يېڭى سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىگە تەييارلىق كۆرۈش*
*ھەيئىتىنىڭ مۇدىرى ماۋ زېدۇڭ*
*1949 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى بېيپىڭ*①

8 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى، ئەخمەتجان قاسىمى ئىلى ئالاھىدە رايون خەلقىنىڭ ۋەكىلى نامىدىن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى ۋە ماۋ زېدۇڭغا جاۋاب تېلېگرامما يوللىدى، تېلېگراممىنىڭ تولۇق تېكىستى تۆۋەندىكىچە:

---

① «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى»، 408 ـ، 409 ـ بەتلەر.

*مەملىكەتلىك يېڭى سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىگە تەييار-*
*لىق كۆرۈش ھەيئىتىنىڭ مۇدىرى*
*قەدىرلىك ماۋ زېدۇڭ ئەپەندىگە:*
*خېتىڭىزنى تاپشۇرۇۋېلىپ مەزمۇنىدىن ۋاقىپ بولدۇم. خې-*
*تىڭىزدە پۈتۈن ئۆلكە خەلقى ئۇزۇندىن بۇيان ئارزۇ قىلىۋاتقان*
*مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپسىز. بىز، خەلق ئازادلىق ئۇرۇشىـ*
*نىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسىنى پۈتۈن دۇنيانىڭ ۋە پۈتۈن شىنجاڭ خەل-*
*قىنىڭ غەلىبىسى، دەپ ھېسابلايمىز. شۇڭا بىز قەدىردان ماۋ زې-*
*دۇڭ ئەپەندىگە ئەڭ يۇكسەك قىزغىنلىق بىلەن مىننەتدارلىقىـ*
*مىزنى ۋە خۇشاللىقىمىزنى بىلدۈرىمىز ھەمدە بېيپىڭغا ۋەكىل*
*ئەۋەتىپ يېڭى سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى يىغىنىغا قاتناشتۇ-*
*رىمىز. ئالاھىدە بۇ تېلېگراممىنى يوللىدىم.*

*ئالاھىدە رايون خەلق ۋەكىلى*
*ئەخمەتجان*
*8 - ئاينىڭ 20 - كۈنى، ئىلى*[①]

8 - ئاينىڭ 23 - كۈنى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئەخمەتجان
قاسىمى، ئىسھاقبېك مۇنونوپ، ئابدۇكېرىم ئابباسوف، دەللىقان
سۇگۇربايوف قاتارلىق تۆت نەپەر رەھبىرى ۋە شىنجاڭ دېموكرا-
تىك ئىنقىلاب پارتىيىسى ئۇرۇمچى ۋىلايەتلىك كومىتېتى(يەنى
كۇرەش ئۇيۇشمىسى)نىڭ مەسئۇلى لوجى بولۇپ بەش كىشى غۇل-
جىدىن چىقىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرىسى ئارقىلىق بېيپىڭ-
غا ماڭدى. 27 - كۈنى، ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىقلار سوۋېت
ئىتتىپاقىنىڭ ئايروپىلانىغا ئولتۇرۇپ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ
ئىركوتىسكىدىكى تاشقى بايقال كۆلى رايونىنىڭ ھاۋا بوشلۇقىغا
بارغاندا، ھاۋانىڭ ناچار بولۇشى تۈپەيلىدىن، ئايروپىلان تاغقا
سوقۇلۇپ كېتىپ بەختكە قارشى قازا قىلدى. 9 - ئاينىڭ 8 -
كۈنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىـ

① «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى»، 411 -، 412 - بەتلەر.

ـنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، ئۈچ ۋىلايەت رەھبىرى سەيپىدىن ئەزد-
ـزى، ئالىمجان ھاكىمبايوف ۋە شىنجاڭ كۈرەش ئۇيۇشمىسىنىڭ
مۇھىم ئەزاسى تۇجىدىن تەركىب تاپقان ئۈچ كىشىلىك ۋەكىللەر
ئۆمىكى «يېڭى سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشى يىغىنى»غا قاتنىد-
ـشىش ئۈچۈن بېيپىڭغا ماڭدى. 13 ـ كۈنى، سەيپىدىن ئەزىزى
قاتارلىقلار جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمالىدىكى شېنياڭ شەھىرىگە
يېتىپ بېرىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كو-
ـمىتېتىنىڭ ۋەكىلى گاۋ گاڭ، لى فۇچۈن قاتارلىقلارنىڭ قارشى
ئېلىشىغا مۇيەسسەر بولدى. 18 ـ كۈنى، ماۋ زېدۇڭ، لىيۇ شياۋ-
چى، جۇ ئېنلەي، جۇ دې، لىن بوچۈ قاتارلىق مەركەز رەھبەرلىرى
جۇڭنەنخەيدە سەيپىدىن ئەزىزى قاتارلىقلار بىلەن كۆرۈشتى، ئە-
ـتىسى، جۇ ئېنلەي سەيپىدىن ئەزىزى قاتارلىقلار بىلەن كەلگۈ-
ـسىدىكى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تەشكىللىنىشى، ئۈچ
ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش قاتارلىق
ئىشلار ئۈستىدە مەسلىھەتلەشتى. 9 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى،
جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ 1 ـ ئومۇمىي
يىغىنى بېيپىڭدا ئۆتكۈزۈلدى، سەيپىدىن ئەزىزى يىغىن ھەيئەت
رىياستىنىڭ ئەزالىقىغا سايلاندى، ئۇ يىغىندا سۆزگە چىققاندا
مۇنداق دېدى: «شىنجاڭ خەلقى تىنچلىق ۋە كۈرەش مۇھىتىدا
جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى غەلىبىسىد-
ـنىڭ يېتىپ كېلىشىنى تەشنالىق بىلەن كۈتتى. شىنجاڭ خەلقى
جۇڭگو چېگرىسى ئىچىدىكى باشقا خەلققە ئوخشاش يولغا قويۇ-
لۇش ئالدىدا تۇرغان يېڭى دېموكراتىزمغا بولغان ئىشەنچ ۋە ئۇ-
ـمىدىنى قەتئىيلەشتۈرۈپ، پۈتكۈل دۆلەتنىڭ سىياسىي ۋە تەش-
ـكىلىي مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىدىغان بۇ خەلق سىياسىي مەس-
ـلىھەت كېڭەشى يىغىنىغا خۇشاللىق بىلەن ۋەكىل ئەۋەتتى. بۇ
شىنجاڭ خەلقى ئىپتىخارلىنىشقا ئەرزىيدىغان ئىش.»

**2. شىنجاڭ مەسىلىسىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىشنىڭ پىلانلىنىشى**

1948 ـ يىلى 5 ـ ئايدا، تاۋ سىيۆ شىنجاڭ گارنىزونىنىڭ

قوماندانلىقىغا تەيىنلىنىپ، ئۆلكىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ھەر-بىي، ساقچى ھوقۇقىنى ئىگىلىدى. جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئۇرۇ-شىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسمىدا پارچىلىنىش كېلىپ چىقتى، بۇلارنىڭ ئىچىدە تاۋ سىيۇ ۋەكىللىكىدىكى كۆپ ساندىكىلەر تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتىش ھەققىدە سۆھبەت ئۆتكۈزۈشنى تەشەببۇس قىلدى. شتاب باشلىقى تاۋ جىنچۇ كومپارتىيە تەرەپ-تىكى جۇ ئېنلەينىڭ «شىنجاڭدا ئەھۋالغا قاراپ تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتىشقا تەييارلىق كۆرۈش» دېگەن يوليورۇقىنى قو-بۇل قىلىپ، تىنچلىق سۆھبىتى ئۈچۈن پائال شارائىت ياراتتى. 1949 - يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغىچە، تاۋ سىيۇنىڭ ئەتراپىغا شتاب باشلىقى تاۋ جىنچۇ، جەنۇبىي شىنجاڭ گارنىزونىنىڭ قو-ماندانى جاۋ شىگۇاڭ يادرولۇقىدىكى تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتىشنى تەشەببۇس قىلىدىغان ئىلغار كۈچلەر توپلاندى. 78 - شىنىڭ شىجاڭى يې چېڭ، 179 - لۈيىنىڭ لۈيجاڭى لو شۇربېن، ئاتلىق ئەسكەرلەر 5 - جۈنىنىڭ جۈنجاڭى ما چېڭشياڭ باشچى-لىقىدىكى ئاز ساندىكى ئەكسىيەتچى ئۇنسۇرلار بولسا جاھىللىق بىلەن قارشىلىشىش غەرىزىدە بولدى. شۇ يىلى 8 - ئايدا، تاۋ سىيۇ تەشەببۇسكارلىق بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈش، شىنجاڭنى تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىش مەقسىتىنى ئاشكارا ئىپادىلەپ مۇنداق دېدى: «ئۇنداق قىلمىساق، دۆلەتكە، خەلققە، ئۆزىمىزگە نۇرغۇن زىيىنى بولسا بولىدۇكى، قىلچىلىك پايدىسى تەگمەيدۇ. ئەگەر بىز تەشەببۇسكار بولۇپ شىنجاڭنى تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىشنى قولغا كەلتۈرمىسەك، 100 مىڭ ئوفىت-سېر - جەڭچىنى قارىغۇلارچە قۇربان قىلىمىز، يەرلىكنىڭ تەر-تىپى قالايمىقانلىشىدۇ، خەلق يۇرت - ماكانسىز قالىدۇ، مىللىي ئۆچمەنلىكنى قوزغاپ قويىمىز؛ ئەگەر ئۇرۇش قىلىشتا چىڭ تۇ-رۇپ، تىنچلىقتىن ۋاز كەچسەك چوقۇم مەغلۇپ بولۇپ، ئۇرۇشمۇ قىلالمايدىغان، تىنچلىق سۆھبىتىمۇ ئۆتكۈزەلمەيدىغان ھالەتكە

چۈشۈپ قالىمىز، بۇنىڭ زىيانلىقلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ نېمىشقا يەنە شۇ يولغا ماڭىمىز؟»① شۇ مەزگىلدە، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى بۇرھاننىڭ ئەتراپىغىمۇ شىنجاڭنى تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدىغان بىر تۈركۈم زاتلار توپلاندى. ھالبۇكى، ئۆلكىدە تۇرۇشلۇق ئارمىيە بىلەن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتىكى ھەقىقەتكە قايتىشنى تەشەببۇس قىلىدىغان كۈچلەرنى قوللىغۇچى، بېيپىڭدا بالدۇرراق گومىنداڭدىن ئايرىلىپ چىقىپ، ئىنقىلابقا ئاتلانغان گېنېرال جاڭ جىجۇڭ ئىدى.

1949 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى لەنجۇنى ئىشغال قىلدى؛ 9 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، شىنىڭنى ئازاد قىلدى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، شىنجاڭدىكى گومىنداڭ كۈچلىرىنى قورشاۋغا ئېلىش ۋەزىيىتى شەكىللەندى، شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملارنىڭ نەگە بېرىپ نەدە تۇرۇشى ھەققىدە بىر قارارغا كېلىشى قىل ئۈستىدە قالدى. بۇنىڭدىن بۇرۇن، تاۋ سىيۆ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى يەنجىدە جاۋ شىگۇاڭ بىلەن مەخپىي ھالدا تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتىش ھەققىدە كېڭىشىپ، دەسلەپكى قەدەمدە مۇنداق ئۈچ ماددىنى بېكىتتى: (1) ئازادلىق ئارمىيە يېقىنلاشقاندا، ئادەم ئەۋەتىپ سۆزلىشىپ، قوشۇننى تاپشۇرۇپ بېرىش. (2) قوشۇننى تاپشۇرۇپ بەرگەندىن كېيىن، ھەر ئىككىلەن قوشۇندىن ئايرىلىپ كېتىش، باشقا تەلەپ قويماسلىق. (3) ئۇقۇشماسلىقنىڭ يۈز بېرىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، قوشۇننى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەشنى مىللىي ئارمىيىنىڭ نازارىتى ئاستىدا ئېلىپ بارماسلىقنى تەلەپ قىلىش.② لەنجۇ ئازاد بولغاندىن كېيىن، تاۋ سىيۆ يەنە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت رەئىسى بۇرھان شەھىدى، باش كاتىپ ليۇ مېڭچۈن، ئۈرۈمچى شەھەرد-

---

① «شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولۇشى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1990 ـ يىلى نەشرى، خەنزۇچە 5 ـ بەت.

② تاۋ سىيۆ: «تاۋ سىيۆنىڭ ئۆز تەرجىمىھالى»، خۇنەن خەلق نەشرىياتى، 1987 ـ يىلى نەشرى، خەنزۇچە 96 ـ بەت.

نىڭ باشلىقى چۇ ۋۇ، دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقىنىڭ شىنجاڭدا
تۇرۇشلۇق ئالاھىدە خادىمى لىيۇ زېرونڭ قاتارلىق ئۆلكىلىك ھۆ-
كۈمەتتىكى شىنجاڭ مەسىلىسىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش-
نى تەشەببۇس قىلىدىغان ۋەكىل شەخسلەر ۋە گومىنداڭنىڭ
شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسمىدىكى جاھىللىق بىلەن قارشىلى-
شىشنى تەشەببۇس قىلىدىغان ۋەكىل شەخسلەردىن يې چېڭ، ما
چېڭشياڭ، لو شۇرېن قاتارلىقلار بىلەن مەخسۇس يىغىن ئېچىپ،
شىنجاڭنىڭ ئىستىقبالى توغرىسىدا كېڭەشتى. يىغىندا، كۆپ
ساندىكى كىشىلەر جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ تىنچلىق شەرتىنى
شەرتسىز قوبۇل قىلىپ، شىنجاڭ مەسىلىسىنى تىنچ يول بىلەن
ھەل قىلىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. يىغىندىن كېيىن،
لىيۇ مېڭچۇن قاتارلىقلار سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇ-
رۇشلۇق باش كونسۇلخانىسى بىلەن ئالاقىلىشىپ، سوۋېت ئىتتى-
پاقى ئارقىلىق جۇڭگو كومپارتىيىسى بىلەن ئالاقە ئورنىتىپ،
كونكرېت سۆھبەتلىشىشنى ئورۇنلاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلدى.
سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق مۇئاۋىن باش كونس-
سۇلى يېۋسىيېف دەرھال غۇلجىغا بېرىپ، 9 - ئاينىڭ 2 - كۈ-
نى، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ غۇلجىدىكى ئالاقىچىسى يولداش
دېڭ لىچۈنگە شىنجاڭ تەرەپنىڭ ھەقىقەتكە قايتىشنى قارار قىل-
غانلىقى، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ شىنجاڭ مەسىلىسىنى تىنچ
يول بىلەن ھەل قىلىش توغرىسىدىكى شەرتىنى شەرتسىز قوبۇل
قىلىدىغانلىقى ھەققىدىكى پىكرىنى يەتكۈزدى ھەمدە دېڭ لىچۈن-
گە ئۈرۈمچىگە بېرىپ، گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىس-
مى ۋە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بىلەن يۈزتۇرانە سۆزلىشىش توغرى-
سىدا تەكلىپ بەردى. ۋەزىيەتنى يەنىمۇ پەسەيتىش، شىنجاڭ مە-
سىلىسىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىشقا شارائىت يارىتىش ئۈ-
چۈن، 9 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، گومىنداڭ ئارمىيىسى تەشەببۇس-
كارلىق بىلەن ئۈچ ۋىلايەت بىلەن تىركىشىپ تۇرغان ماناس دەر-
ياسى مۇداپىئە لىنىيىسىدىن چېكىندى.

9 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭ مەسىلىسىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش لايىھىسىنى يولغا قويۇشقا كىرىشتى. ماۋ زېدۇڭ 1 ـ دالا ئارمىيىسىگە قوماندانلىق قىلىۋاتقان مۇئاۋىن باش قوماندان پېڭ دېخۇيگە تېلېگراما ئەۋەتىپ: «شىنجاڭدىكى مەسىلە ئۇرۇش قىلىش مەسىلىسى ئەمەس، بەلكى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش مەسىلىسى» دەپ يوليورۇق بەردى. شۇ كۈنى، بېيجىڭدىكى گېنېرال جاڭ جىجۇڭ ماۋ زېدۇڭنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، شىنجاڭدىكى تاۋ سىيۆ بىلەن بۇرھانغا تېلېگراما يوللاپ مۇنداق دېدى: «ئۈرۈمچى. مۇئاۋىن باشلىق تاۋ سىيۆ بۇرادەر، رەئىس بۇرھان بۇرادەر:... ئىشلار تەرەققىي قىلىپ بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، ۋەزىيەت مۇقىملاشتى؛ لەنجۇ ئازاد بولدى، شىنجاڭ ئۆلكىسى يەككە ـ يېگانە قالدى، بۇرادەرلەر ئىنقىلاب ئىشلىرىنى نەزەردە تۇتۇپ، شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ تىنچلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ ھەمدە پۈتۈن ئۆلكىدىكى خەلقلەر ۋە بارلىق ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەرنىڭ مەنپەئەتىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۆز ۋاقتىدا ئىپادە بىلدۈرۈپ، گۇاڭجۇ ھۆكۈمىتى بىلەن بولغان ئالاقەڭلارنى ئۈزگەنلىكىڭلارنى رەسمىي جاكارلاپ، خەلق دېموكراتىيىسى لاگېرىغا قايتىپ كىرىڭلار. مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلۇشتىن بۇرۇن، خەلق ئىنقىلابىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىڭلار ... سىلەرنىڭ دەرھال بىر قارارغا كېلىپ، بارلىق قىيىنچىلىق ۋە ئەندىشىنى تۈگىتىپ، پۇختا ئورۇنلاشتۇرۇپ، كەسكىن ھەرىكەت قوللىنىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن، مۇشۇنداق قىلساڭلار قۇتقۇزۇپ قالىدىغانلار كۆپ بولىدۇ، تۆھپەڭلەرمۇ زور بولىدۇ. ھەرقايسى جۇڭجاڭ، شىجاڭلار ۋە ھەربىي، مەمۇرىي ئەمەلدارلارغا كەلسەك، ئۇلارنىڭ چۈشىنىشى ۋە قوبۇل قىلىشى ئۈچۈن، زۆرۈر تېپىلغاندا مېنىڭ نامىمدا تېلېگراما يوللىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن.»①

① جاڭ جىجۇڭ: «ئۈرۈمچى سۆھبىتىدىن شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغانغا قەدەر»، خەنزۇچە 176 ـ، 177 ـ بەتلەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1987 ـ يىلى نەشرى.

شىنجاڭ مەسىلىسىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش ئىشىنى ماس، ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، 9 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى دېڭ لىچۈنگە تېلېگراما ئەۋەتىپ، ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ بىلەن ئۈرۈمچى تەرەپكە ئۇلارنىڭ شىنجاڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويسا بولىدىغانلىقى، لېكىن ئاخىرىدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى قارار قىلىشى كېرەكلىكىنى يەتكۈزۈپ قويۇش ھەققىدە يوليورۇق بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، دېڭ لىچۈنگە تاۋ سىيۈ بىلەن بۇرھان شەھىدىگە «دەرھال لەنجۇغا ئادەم ئەۋەتىپ مۇئاۋىن باش قوماندان پېڭ دېخۇەي بىلەن شىنجاڭ مەسىلىسىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش ئۈستىدە سۆزلىشىش»نى يۈزتۇرا ئېيتىپ قويۇشنى بۇيرۇدى.[1] ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يوليورۇقى بويىچە، شىنجاڭ مەسىلىسىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، دېڭ لىچۈن ئارقىلىق مەركەزگە يوللىدى. ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە:

(1) شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتى جياڭ جېيشى گورۇھىدىن مۇناسىۋىتىنى ئاشكارا ۋە رەسمىي ئۈزىدۇ.

(2) ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەشكىلىدىكى مۇھەممەت ئىمىن، جانىمقان، ۋاڭ زېڭشەن قاتارلىق ئەكسىيەتچىلەرنى ھەيدەپ چىقىرىدۇ ھەم كەڭ دېموكراتىيە ئاساسىدا، ئۈچ ۋىلايەت ۋە دېموكراتىك پارتىيە ـ گورۇھلارنىڭ ۋەكىللىرى قاتناشتۇرۇلغان ھالدا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئۆزگەرتىپ تەشكىللىنىدۇ. ئۆزگەرتىپ تەشكىللەنگەندىن كېيىنكى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئۆزىنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ پروگراممىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغانلىقىنى جاكارلىشى لازىم.

---

① «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى نەشرى، 431 ـ ، 432 ـ بەتلەر.

(3) پۈتۈن ئۆلكە مىقياسىدا دېموكراتىيە ئەركىنلىكى — سۆز، مەتبۇئات، يىغىلىش ۋە دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى بولۇشنى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئەر - ئايال بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بىردەك باراۋەر بولۇشىنى دەرھال جاكارلايدۇ.

(4) گومىنداڭ تەشكىللىگەن ھەر خىل ئەكسىيەتچىل ۋە ھەربىي ئىشلار ئىشپىيونلۇق تەشكىلاتلىرى دەرھال تارقىتىۋېتىلىدۇ، ئەكسىيەتچىل گېزىت ۋە ژۇرناللار پېچەتلىۋېتىلىدۇ.

(5) گومىنداڭ تۈرمىگە قامىغان بارلىق سىياسىي مەھبۇسلار دەرھال قويۇپ بېرىلىدۇ.

(6) ما چېڭشياڭ، يې چېڭ، مۇھەممەت ئىمىن، مەسئۇد، ئەيسا، يولۋاس، جانىمقان، خادىۋاڭ، ئوسمان، قالىبېك، زاكچىن، سېيىتئەمەت خوجا، سوپىبەگ قاتارلىق سىياسىي ۋە ھەربىي جىنايەتچىلەر جازالىنىدۇ ھەمدە ئۇلارنىڭ مال - مۈلكى مۇسادىرە قىلىنىدۇ.

(7) يېڭى دېموكراتىك ھۆكۈمەت تەشكىللىنىشتىن ئىلگىرى، گومىنداڭ چېكىنگەن رايونلاردا ھازىرقى مەمۇرىيەت ساقلىنىپ، شۇ جاينىڭ ئامانلىقى ۋە تەرتىپىگە مەسئۇل بولىدۇ ھەمدە گومىنداڭ دائىرىلىرىنىڭ جىنايىتىگە مۇناسىۋەتلىك بارلىق ھۆججەت - ئارخىپلار قوغدىلىدۇ.①

9 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، دېڭ لىچۈن ئۈرۈمچىگە كېلىپ، جۇڭگو كومپارتىيىسىگە ۋاكالىتەن بۇرھان شەھىدى، تاۋ سىيۆ، ليۇ مېڭچۈن، چۇ ۋۇ قاتارلىقلار بىلەن شىنجاڭ مەسىلىسىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش ئۈستىدە يۈزتۇرا سۆزلەشتى. تاۋ سىيۆ، بۇرھان شەھىدى باشچىلىقىدىكى شىنجاڭ ھەربىي، مەمۇرىي دائىرىلىرى سۆھبەت داۋامىدا جۇڭگو كومپارتىيىسى ئوتتۇرىغا قويغان تىنچ يول بىلەن ھەقىقەتكە قايتىش تەلىپىنى شەرتسىز قوبۇل قىلدى. 9 - ئاينىڭ 17 - كۈنى، ئاۋۋال تاۋ سىيۆ، بۇرھان شەھىدى بىرلىكتە بېيجىڭدىكى جاڭ جىجۇڭغا جاۋاب تې-

① «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى» 425 - ، 426 - بەتلەر.

لېگراما يوللاپ، شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ھەقىقەتكە قايد-
تىشنى قارار قىلغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپ، ھەقىقەتكە قايتىشقا دائىر
بەزى كونكرېت ئىشلار ھەققىدە چۈشەنچە بەردى.
شۇ كۈنى، تاۋ سىيۆ يەنە جاڭ جىجۇڭغا ئايرىم تېلېگراما
يوللاپ، جاڭ جىجۇڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان ھەقىقەتكە قايتىشتىن
بۇرۇنقى كونكرېت تەييارلىق خىزمەتلىرىنىڭ ئىشلىنىش ئەھۋا-
لىنى دوكلات قىلدى. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت رەئىسى بۇرھان شە-
ھىدى يەنە 9 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى ماۋ زېدۇڭغا تېلېگراما
يوللاپ، شىنجاڭ دائىرىلىرىنىڭ ھەقىقەتكە قايتىشنى قارار قىلد-
غانلىقىنى ئۇقتۇردى.
بۇ چاغدا، ھەربىي، مەمۇرىي دائىرىلەرنىڭ بىرلىكتە ھەقىد-
قەتكە قايتىشى ئارقىلىق، شىنجاڭ مەسىلىسىنى تىنچ يول بىلەن
ھەل قىلىشنىڭ تۇرلۇك تەييارلىق خىزمەتلىرى ئاساسەن پۈتتى.
9 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى، ئەھۋالدا تۇيۇقسىز ئۆزگىرىش بولدى.
ئىلگىرى قوشۇننى تاپشۇرۇپ كەتمەكچى بولغان يې چېڭ، ما
چېڭشياڭ، لوشۇرېن قاتارلىقلار يەنە مەخپىي ھالدا ھەربىي، مە-
مۇرىي ساھەدىكى تىنچ يول بىلەن ھەقىقەتكە قايتىشنى تەشەببۇس
قىلغان ۋە ئۇنىڭغا رەھبەرلىك قىلغان ئاساسلىق خادىملارنى تۇ-
تۇپ ئۆلتۈرۈپ، ئاندىن تاۋ سىيۆنى تۇتقۇن قىلىپ، قوشۇننى جە-
نۇبىي شىنجاڭغا يۆتكەپ، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى بىلەن جا-
ھىللىق بىلەن ئاخىرغىچە قارشىلىشىشنى پىلانلىدى. تاۋ سىيۆ
بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ھايات ـ ماماتى بىلەن
ھېسابلىشىپ ئولتۇرماي، ئاۋۋال بۇ ئۈچەيلەننى چاقىرتىپ ۋەزد-
يەتنى يۈزتۇرا چۈشەندۈردى، ئارقىدىنلا ئۆزى يالغۇز ما چېڭشياڭ-
نىڭ ئاتلىق ئەسكەرلەر 1 ـ شىسىنىڭ دىۋىزىيە شتابىغا بېرىپ،
پايدا ـ زىيان مۇناسىۋىتىنى قايتا ـ قايتا چۈشەندۈردى. بۇرھان
شەھىدىمۇ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەرەپ ئارقىلىق تەدبىر قوللىنىپ
ۋەزىيەتنى مۇقىملاشتۇردى. ئاممىمۇ تاۋسىيۆنىڭ قوماندانلىق
شتابى ئالدىغا يىغىلىپ تەلەپ قويۇپ، خەلقنىڭ رايىغا بېقىپ،

ھەقىقەتكە قايتقانلىقىنى بالدۇرراق جاكارلاشنى تەلەپ قىلدى. يې چېڭ، ما چېڭشياڭ، لو شۇرېن قاتارلىقلار ھەرقايسى تەرەپنىڭ بالدۇرلا تەييارلىق كۆرۈپ قويغانلىقىنى كۆرۈپ، ۋەزىيەتنىڭ ئۆزلىرىگە پايدىسىز ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئامالسىز بۇرۇن دېيىشكىنى بويىچە قېچىپ كېتىشكە ماقۇل بولدى.

**3. شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ھەقىقەتكە قايتىشى**

*9 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى، تاۋ سىيۆ شىنجاڭ ھەربىي، مەمۇرىي دائىرىلىرىگە ۋاكالىتەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىغا «شىنجاڭ مەسىلىسىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش توغرىسىدا پىكىرنامە» يوللاپ، مەسلىھەتلىشىپ بېكىتىلگەن تۆرلۈك پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن سىرت، پۈتۈن ئۆلكىنىڭ بىر قىسمى بولغان ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىنىڭمۇ ھەربىي ۋە مەمۇرىي جەھەتتە ئىلگىرىكى «تىنچلىق بىتىمى»گە ئەمەل قىلىش پرىنسىپى ھەققىدە توختىلىپ، مۇنداق كونكرېت پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويدى: «ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىدە تۇرۇۋاتقان ھەربىي قىسىملار ‹تىنچلىق بىتىمى› دىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، ئەسلىدىكى مۇداپىئە ئورۇنلىرىدا تۇرۇشى، خەلق ئىنقىلابىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ بۇيرۇقىنى كۈتۈپ، شۇ جايدا ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىنىشى لازىم.» «ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئۆزگىرىشنى جاكارلىغاندىن كېيىن ... ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىدە قالغان سابىق ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئەزالىرى دەرھال ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلىپ داۋاملىق ۋەزىپە ئۆتىشى لازىم.»[①] ئارقىدىنلا بۇرھان شەھىدى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسمى بىلەن شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى خەلق ئىنقىلابىي ئىشلار ھەربىي كومىتېتىغا تېلېگراما*

① «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى» 431 ـ ، 432 ـ بەتلەر.

*يوللاپ ھەقىقەتكە قايتقانلىقىنى جاكارلىدى.*

9 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى، تاۋ سىيۇ باش بولۇپ، گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىمدىكى لۇيجاڭدىن يۇقىرى دەرىجىلىك كوماندىرلارنى باشلاپ، رەئىس ماۋ زېدۇڭ ۋە خەلق ئىنقىلابىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىغا تېلېگراما يوللاپ، قىسمىنى باشلاپ ھەقىقەتكە قايتقانلىقىنى جاكارلىدى. تېلېگراممىدا مۇنداق دېيىلگەن:

*جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى 1 ـ ئومۇمىي يىغىنى ئۆتكۈزۈلۈشكە باشلىدى، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى سەممىيلىك بىلەن ئۈمىد قىلىۋاتقان جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى دۇنياغا كېلىش ئالدىدا تۇرماقتا. يېڭى جۇڭگو تىنچ شارائىتتا قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىشتەك پارلاق داغدام يولغا قەدەم قويىدى. شىنجاڭ جۇڭگونىڭ بىر ئۆلكىسى، شىنجاڭ قىسىملىرى دۆلەتنىڭ چېگرا رايونىنى قوغدايدىغان قوراللىق كۈچى. ئۇ دۆلەتنىڭ مۇستەقىل، ئەركىن بولۇش، گۈللەپ ياشنىشىدەك ئىستىقبالىنى قىزغىن ئارزۇ قىلىدۇ. خەلق ئىنقىلابىي ئىشلىرىنىڭ ئۇزۇل ـ كېسىل ئورۇنلىنىشى ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ بارلىق كۈچىنى تەقدىم قىلىشنى چىن كۆڭلىدىن خالايدۇ. تاۋ سىيۇ قاتارلىقلار پۈتۈن قوشۇننىڭ بارلىق كوماندىر ـ جەڭچىلىرىنى باشلاپ شۇنى جاكارلايدۇكى، بۈگۈندىن ئېتىبارەن گوۋاڭجۇ ھۆكۈمىتى بىلەن بولغان ئالاقىنى ئۈزدۇق. ماۋجۇشىنىڭ سەككىز ماددىلىق تىنچلىق باياناتىنى ۋە دۆلەت ئىچىدىكى تىنچلىق كېلىشىمىنى سەمىمىي قوبۇل قىلىمىز. پۈتۈن قوشۇن ئەسلىدىكى مۇداپىئە ئورنىنى ساقلاپ، يەرلىكنىڭ تەرتىپىنى ساقلاپ، خەلق ئىنقىلابىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتى ۋە خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى باش قوماندانلىق شتابىنىڭ بۇيرۇقىنى كۈتۈپ تۇرىدۇ.*[1]

---

① جاڭ جىجوڭ: «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى»، 432 ـ، 433 ـ بەتلەر.

9 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ھەيئىتى جىددىي يىغىن ئېچىپ، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ئۈزگەنلىكىنى قارار قىلىپ، تېلېگرامما يوللاپ ھەقىقەتكە قايتتى. تېلېگراممىدا مۇنداق دېيىلگەن:

بىز بىرلىككە كەلگەن، مۇستەقىل، ئەركىن، دېموكراتىك بولغان ۋەتىنىمىز يارىدىمىدە باي، قۇدرەتلىك، شاد ـ خۇرام يېڭى شىنجاڭ قۇرۇش، تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ پۈتۈن مەملىكەتنىڭ تىنچلىق ئاساسىدا قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىشىغا تۆھپە قوشۇش شىنجاڭ خەلقىنىڭ بىردىنبىر ئارزۇسى ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر چۈشەندۇق. ھازىر جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ 1 ـ ئومۇمىي يىغىنى ئېچىلدى. بىرلىككە كەلگەن، مۇستەقىل، ئەركىن، دېموكراتىك بولغان يېڭى دېموكراتىزملىق جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى دۇنياغا كېلىش ئالدىدا تۇرماقتا. پۈتۈن مەملىكەت خەلقى تارىختىن بۇيانقى ئۇلۇغ قۇرۇلۇشنىڭ ئۇلى سېلىنغانلىقى ئۈچۈن تەنتەنە قىلىشماقتا. شىنجاڭدىكى پۈتۈن ئۆلكە خەلقى تارىختىن بۇيانقى ئۇلۇغ قۇرۇلۇشنىڭ ئۇلى سېلىنغانلىقى ئۈچۈن تەنتەنە قىلىشماقتا. شىنجاڭدىكى پۈتۈن ئۆلكە خەلقى يېڭى جۇڭگونىڭ دۇنياغا كېلىشىدىن ئاجايىپ شادلانماقتا. بىز ھازىر شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە ۋە پۈتۈن ئۆلكىدىكى ھەر مىللەت قېرىنداشلارغا ۋاكالىتەن شۇنى تەنتەنە بىلەن جاكارلايمىزكى: بۈگۈندىن ئېتىبارەن گوۋاڭجۇ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمىتى بىلەن ئالاقىنى ئۈزدۇق. رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ سەككىز ماددىلىق تىنچلىق باياناتىنى ۋە ئىچكى تىنچلىق كېلىشىمىنى سەمىمىي قوبۇل قىلىمىز ھەمدە شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتىنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ۋاقىتلىق خەلق ھۆكۈمىتى قىلىپ ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىمىز. پۈتۈن ئۆلكىنىڭ مەمۇرىي ئىشلىرىنى ۋاقىتىنچە باشقۇرۇپ تۇرىمىز، مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بۇيرۇقىنى كۈتىمىز. شۇنىڭ بىلەن بىللە، غۇلجىدىكى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزالىرىنى ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلىپ ئورتاق ھەمكار-

لىشىشقا تەكلىپ قىلىمىز. ئۆلكىمىزنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە ئۇلۇغ داھىي ماۋ زېدۇڭنىڭ دانا رەھبەرلىكىدە، تىنچلىق ئاساسىدا قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش پارلاق داغدام يولىغا تېزلىكتە ماڭىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنىمىز[1]. ۋاڭ جېن جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 1 ـ دالا ئارمىيىسى 1 ـ بىڭتۇەندىنىڭ 2 ـ ، 6 ـ جۇننى باشلاپ شىنجاڭغا قاراپ ئىلگىرىلىدى. 11 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ئالدىن يۈرەر قىسمىنىڭ جەڭ ئاپتوموبىلى تۇەنى ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدى، 12 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى، ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى ئۆلكە مەركىزى ئۈرۈمچىدە خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى بىلەن ئۇچراشتى. 12 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى بىلەن شىنجاڭ ھەربىي رايونى قۇرۇلغانلىقى جاكارلاندى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئازادلىققا ئېرىشىپ، يېڭى بىر تارىخىي دەۋرگە قەدەم قويدى.

① «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تارىخى»، 443 ـ، 444 ـ بەتلەر.

# ئالتىنچى باب مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە

## بىرىنچى، جۇڭگونىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىسى

### 1. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى

مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە دېگەندە، دۆلەتنىڭ بىرتۇتاش رەھبەرلىكىدە، ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلاردا تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش، ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنى تەسىس قىلىپ، ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈش، ئاپتونومىيە يولغا قويۇلغان جايلارنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆزلىرى باشقۇرۇش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. جۇڭگودا، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى — جۇڭگو ھۆكۈمىتى دۆلەت ئىچىدىكى مىللەتلەر مەسىلىسىنى ھەل قىلىش مەقسىتىدە دۆلەت ئىچىدىكى ئەمەلىي ئەھۋالغا بىرلەشتۈرۈپ قوللانغان بىر تۈرلۈك تۈپ سىياسەت، شۇنداقلا جۇڭگونىڭ بىر مۇھىم سىياسىي تۈزۈمى.

جۇڭگونىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى مىللىي ئاپتونومىيە بىلەن تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنىڭ بىرلەشتۈرۈلۈشىدۇر. ئاپتونومىيىلىك جايلار مەمۇرىي جەھەتتە ئاپتونوم رايون، ئاپتونوم ئوبلاست، ئاپتونوم ناھىيە(خوشۇن)دەپ ئۈچ دەرىجىگە ئايرىلىدۇ، ئايرىم - ئايرىم ھالدا مەمۇرىي جەھەتتىن ئايرىلغان ئادەتتىكى ئۆلكە، ۋىلايەت، ناھىيىگە ماس كېلىدۇ. ئاپتونومىيىلىك جايلارنى قۇرۇشتا ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون ئاساس

قىلىنىدۇ، شۇ جاينىڭ مىللەتلەر مۇناسىۋىتى، ئىقتىسادىي
تەرەققىياتى ۋە تارىخىي ئەھۋالى قاتارلىق ئامىللاردىن پايدىلى-
نىلىدۇ، ئاپتونومىيە شەكلى ۋە مەمۇرىي ئورنى جانلىق، كۆپ
خىل بولىدۇ، ئاساسلىقى مۇنداق بىرقانچە تۈرلۈك بولىدۇ:
(1) بىر ئاز سانلىق مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون
ئاساس قىلىنىپ قۇرۇلغان ئاپتونومىيىلىك جايلار، مەسىلەن،
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى؛ (2) ئىككى ئاز سانلىق
مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون بىرلەشتۈرۈپ قۇ-
رۇلغان ئاپتونومىيىلىك جايلار، مەسىلەن، خۇنەن ئۆلكىسى
غەربىي خۇنەن تۇجيا ـ مياۋزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى؛ (3) بىر-
قانچە ئاز سانلىق مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون
بىرلەشتۈرۈپ قۇرۇلغان ئاپتونومىيىلىك جايلار، مەسىلەن،
گۇاڭشى لوڭشېڭ مىللەتلەر ئاپتونوم ناھىيىسى؛ (4) چوڭ
بىر مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىلىك جاي تەۋەلىكى-
دىكى نوپۇسى بىرقەدەر ئاز بولغان ئاز سانلىق مىللەت توپ-
لىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايوندا قۇرۇلغان ئاپتونومىيىلىك
جايلار، مەسىلەن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئىلى قازاق
ئاپتونوم ئوبلاستى؛ (5) بىر مىللەتنىڭ كۆپ جايدا توپلىشىپ
ئولتۇراقلاشقان رايونى بولغانلىقتىن، قۇرۇلغان بىرقانچە ئاپ-
تونومىيىلىك جايلار، مەسىلەن، شىزاڭ ئاپتونوم رايونى،
چىڭخەي ئۆلكىسى خۇاڭنەن زاڭزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى، گەنسۇ
ئۆلكىسى تيەنجۇ زاڭزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى، سىچۈەن ئۆلكى-
سى مۇلى زاڭزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى، قاتارلىقلار. بەزى ئاز
سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلارنىڭ يېرى
بەك كىچىك، نوپۇسى بەك ئاز بولغانلىقتىن، ئاپتونومىيىلىك
جاي قۇرۇش ۋە ئاپتونومىيە ئورگىنى تەسىس قىلىشقا مۇۋا-
پىق كەلمەيدۇ، شۇڭا بۇنداق جايلاردا مىللىي يېزا قۇرۇش چا-
رىسى ئارقىلىق، بۇ جايلاردىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرمۇ خو-
جايىنلىق هوقۇقىنى يۈرگۈزۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىنى-

غان. مىللىي يېزا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈ-مىنىڭ بىر خىل تولۇقلىمىسى. مەيلى قانداق شەكىلدىكى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىلىك جاي بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەممىسىدە بىر قىسىم خەنزۇ ئاھالىسى بولىدۇ، بەزى ئاپتونومىيىلىك جايلاردا خەنزۇلارنىڭ نوپۇسى تېخى شۇ جايدىكى نوپۇسنىڭ كۆپ قىسمىنى ئىگىلەيدۇ. 1998 - يىلى-نىڭ ئاخىرىغىچە، جۇڭگودا جەمئىي 155 مىللىي ئاپتونومىيە-لىك جاي قۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئاپتونوم رايون بەش، ئاپتونوم ئوبلاست 30، ئاپتونوم ناھىيە (خوشۇن) 120، يەنە 1256 مىللىي يېزا بار. پۈتۈن مەملىكەتتىكى 55 ئاز سانلىق مىللەت ئىچىدە 44 ى ئاپتونومىيىلىك جاي قۇردى. ئاپتونو-مىيىلىك جايلارنىڭ سانى ۋە جايلىشىشى جۇڭگودىكى ئاز سان-لىق مىللەتلەرنىڭ تارقىلىشى ۋە شەكىللىنىشىگە ئاساسىي جە-ھەتتىن ئۇيغۇن كېلىدۇ.

ھەر دەرىجىلىك ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ خەلق قۇرۇل-تايلىرى ۋە خەلق ھۆكۈمەتلىرى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلى-رىدۇر. جۇڭگودا خەلق قۇرۇلتىيى شۇ جاينىڭ ئەڭ يۇقىرى ھوقۇقلۇق ئورگىنى بولۇپ، قانۇن چىقىرىش ھوقۇقىنى يۈر-گۈزىدۇ، خەلق ھۆكۈمىتى ئىجرا قىلغۇچى ئورگان بولۇپ، ئۆزى بىلەن تەڭ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۆزىدىن بىر دەرىجە يۇقىرى دۆلەت مەمۇرىي ئورگانلىرى ئالدىدا جاۋابكار بولىدۇ ۋە ئۇلارغا ئۆز خىزمىتىدىن دوكلات بېرىدۇ. ھەر دەرىجىلىك ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ خەلق ھۆكۈمەتلىرى مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى(گوۋۇيۈەن)نىڭ بىرتۇتاش رەھبەر-لىكىدىكى دۆلەت مەمۇرىي ئورگانلىرىدۇر. ھەر دەرىجىلىك ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرىدا مەلۇم ساندا تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىللەتتىن ۋە شۇ مەمۇرىي رايوندا ئولتۇراقلاشقان باشقا مىللەتلەردىن

بولغان ئەزالار خەلق ۋەكىللىكىگە سايلىنىپ قۇرۇلتايغا قاتـ-
ناشتۇرۇلۇشى ياكى خەلق ھۆكۈمىتىدە تۇرلۇك مەمۇريي ۋەزـ-
پىلەرنى ئۆتىشى كېرەك. «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ
مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»غا ئاساسەن، ھەر
دەرىجىلىك ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى دائىـ-
مىي كومىتېتلىرىنىڭ مۇدىر ياكى مۇئاۋىن مۇدىرلىقىنى ئۆ-
تىگۈچىلەر ئىچىدە تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويـ-
غان مىللەتنىڭ پۇقرالىرى بولۇشى كېرەك؛ ئاپتونوم رايوننىڭ
رەئىسى، ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ باشلىقى، ئاپتونوم ناھىيىنىڭ
ھاكىمى تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىللەتـ-
نىڭ پۇقرالىرىدىن بولىدۇ، ئۇلار شۇ دەرىجىلىك خەلق ھۆ-
كۈمەتلىرىنىڭ خىزمەتلىرىگە رىياسەتچىلىك قىلىدۇ.

ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقى دېگىنـ-
مىز ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ شۇ مىللەت، شۇ جاينىڭ
ئىچكى ئىشلىرىنى ئۆز ئالدىغا باشقۇرۇش ھوقۇقىنى كۆرسىـ-
تىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاپتونومىيە ئورگانلىرى يەنە يەر-
لىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ ھوقۇقىنىمۇ يۈرگۈزىدۇ. ئاپتونو-
مىيە ھوقۇقى ئاساسلىقى قانۇن چىقىرىش ھوقۇقى، يۇقىرى
دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ قارار، بەلگىلىمىلىرىنى
جانلىق ئىشلىتىش ياكى ئىجرا قىلىشنى توختىتىش ھوقۇ-
قى، ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ھوقۇقى، مالىيە ھوقۇ-
قى، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەش، ئىشلىتىش
ھوقۇقى، مائارىپ ۋە مىللىي مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرۇش ھو-
قۇقى، تىل - يېزىقنى ئىشلىتىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش
ھوقۇقى، شۇنداقلا پەن - تېخنىكا، مەدەنىيەتنى تەرەققىي
قىلدۇرۇش ھوقۇقى قاتارلىق جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ. ئۇنىڭ
ھوقۇق دائىرىسى ئاساسىي قانۇن، مىللىي تېررىتورىيىلىك
ئاپتونومىيە قانۇنى ۋە باشقا قانۇنلاردىكى ئالاقىدار بەلگىلىمە
بويىچە بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، دۆلەت ئاپتونومىـ-

يىلىك جايلارغا مۇناسىپ ئېتىبار بېرىش سىياسىتى بېرىدۇ، ئاپتونومىيىلىك جايلار شۇ جايدىكى ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈش، ئىشقا ئورۇنلىشىش قاتارلىق جەھەتلەردە مۇۋاپىق ئېتىبار بېرىشى كېرەك.

**2. جۇڭگودا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنىڭ ئورنىتىلىشى**

جۇڭگونىڭ تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە ياكى مىللىي ئاپتونومىيىنى يولغا قويماي مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى ئورناتقانلىقى تارىخىي ئەنئەنىگە ھۆرمەت قىلىپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تارقىلىشى ۋە ھازىرقى تەرەققىيات ئەھۋالىغا ئۇيغۇنلاشقانلىقىنىڭ، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ئارزۇسىغا ئۇيغۇنلاشقانلىقىنىڭ نەتىجىسىدۇر. بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى مۇنداق ئۈچ جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ: بىرىنچى، جۇڭگو 2000 نەچچە يىل بۇرۇنقى چىن، خەن سۇلالىرى دەۋرىدىن باشلاپلا ھوقۇق مەركەزلەشتۈرۈلگەن، بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلەت بولۇپ شەكىللەنگەن، كېيىن گەرچە ئۇرۇش مالىمانچىلىقى ۋە پارچىلىنىش بولغان بولسىمۇ، لېكىن بىرلىك باشتىن ـ ئاخىر تارىخ تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي ئېقىمى بولۇپ كەلگەن. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش جۇڭگونىڭ تارىخىي ئەنئەنىسىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ. ئىككىنچى، تارىختا ھەرقايسى مىللەتلەر نۇرغۇن قېتىم كۆچۈپ، يۆتكىلىپ تۇرغانلىقتىن، ئۇزاقتىن بۇيان جۇڭگودىكى مىللەتلەرنىڭ تارقىلىشى چوڭ دائىرىدە ئارىلىشىپ، كىچىك دائىرىدە توپلىشىپ ئولتۇراقلىشىشنى ئاساس قىلغان، خەنزۇلارنىڭ نوپۇسى ئەڭ كۆپ بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەممە جايلىرىغا تارالغان، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى نىسبەتەن ئاز، ئۇنىڭ ئۈستىگە تارقاق ئولتۇراقلاشقان. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئومۇمىي

نوپۇسى پۈتۈن مەملىكەت ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ ئاران 6% نى ئىگىلەيتتى. گۇاڭشى، شىزاڭ، شىنجاڭ قاتارلىق ئايرىم رايونلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، كۆپ ساندىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى خەنزۇلارنىڭكىدىن ئاز، لېكىن ئۇلار تارقالغان رايون كۆلىمى جۇڭگونىڭ قۇرۇقلۇق كۆلىمىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ. ئوخشاش بولمىغان قاتلامدىكى، ئوخشاش بولمىغان مىللەتلەرنىڭ ئاپتونومىيىسىنى يولغا قويۇش جۇڭگونىڭ ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدۇ. ئۈچىنچى، ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخىي تەرەققىيات داۋامىدا، ھەرقايسى مىللەتلەر سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت جەھەتتە ئۆزئارا زىچ ئالاقە ئورناتتى. بىرلىشىش ئىچىدە ئايرىلىش، ئوخشاشلىق ئىچىدە پەرق بولىدۇ، دۆلەتنىڭ مەركەزلىك بىرتۇتاش رەھبەرلىكىدىكى، ھەرقايسى مىللەتلەر زىچ ھەمكارلاشقان مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئىرادىسىنىڭ گەۋدىلەندۈرۈلۈشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

جۇڭگونىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنىڭ ئورنىتىلىشى ئۇزاق مۇددەتلىك ئىزدىنىش ۋە ئەمەلىيەتنى بېشىدىن ئۆتكۈزدى. 1947 ـ يىلى، جۇڭگو جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئۆلكە دەرىجىلىك تۇنجى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جاي —— ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىنى قۇرۇپ، ئەمەلىيەت داۋامىدا مول تەجرىبە توپلىدى. 1949 ـ يىلى، 1 ـ نۆۋەتلىك جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى يىغىنىدا ماقۇللانغان، ۋاقىتلىق ئاساسىي قانۇنلۇق رولىنى ئوينايدىغان «جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ ئورتاق پروگراممىسى»دا، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى دۆلەتنىڭ بىر تۈرلۈك تۈپ سىياسىتى ۋە مۇھىم سىياسىي تۈزۈمى قىلىپ بېكىتىلدى. 1952 ـ يىلى ئېلان قىلىنغان «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي

تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش پروگراممىسى»دا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىگە دائىر تۈزۈم ۋە مۇھىم سىياسەتلەر ھەققىدە بىرقەدەر ئومۇمىيۈزلۈك بەلگىلىمە چىقىرىلدى. 1954 ـ يىلى تۈزۈلگەن ۋە كېيىن تۈزىتىش كىرگۈزۈپ ئېلان قىلىنغان ھەر نۆۋەتلىك «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى»دا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە دۆلەتنىڭ بىر تۈرلۈك مۇھىم سىياسىي تۈزۈمى قىلىپ بەلگىلەندى. 1984 ـ يىلى ئېلان قىلىنغان ۋە 2001 ـ يىلى تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەندىن كېيىنكى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»دا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان جايلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەردىكى ھوقۇقى ۋە مەجبۇرىيىتى ھەققىدە ئومۇمىيۈزلۈك، سىستېمىلىق بەلگىلىمە چىقىرىلدى. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، يەنە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ تۆت ئاپتونوم رايون قۇرۇلدى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى (1955 ـ يىلى 10 ـ ئاي)، گۇاڭشى جۇاڭزۇ ئاپتونوم رايونى (1958 ـ يىلى 3 ـ ئاي)، نىڭشيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونى (1958 ـ يىلى 10 ـ ئاي)، شىزاڭ ئاپتونوم رايونى (1965 ـ يىلى 9 ـ ئاي) ھەمدە ئارقا ـ ئارقىدىن يۈزلىگەن ھەر دەرىجىلىك مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار قۇرۇلدى. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت داۋامىدا ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشمەكتە.

مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنىڭ ئورنىتىلىشى جۇڭگونى دۆلەت ئىچىدىكى مىللىي مەسىلىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھەل قىلىشتا كاپالەت بىلەن تەمىن ئەتتى. بىرىنچىدىن، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى

دۆلەتنىڭ بىرلىكى بىلەن مىللىي ئاپتونومىيىنىڭ مۇناسىۋە-
تى مەسىلىسىنى ياخشى ھەل قىلىپ ھەم دۆلەتنىڭ مەركەز-
لىك بىرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىندى، ھەم ئاز سانلىق مىل-
لەتلەر ئاممىسىنىڭ دۆلەتنىڭ سىياسىي تۇرمۇشىغا قاتنىشىش
ۋە ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرۇش ئارزۇسى ئەڭ زور دەرىجىدە قاند-
ۇرۇلۇپ، توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان مىللەتلەر بىلەن ئارىلى-
شىپ ئولتۇراقلاشقان مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى ئاپتونومىيە ھو-
قۇقىدىن بەھرىمەن بولۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىندى، بۇ،
باراۋەر، ئىتتىپاق بولغان مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى راۋاجلاندۇ-
رۇشقا پايدىلىق؛ ئىككىنچىدىن، دۆلەتنىڭ تەرەققىياتى بىلەن ئاز
سانلىق مىللەتلەر رايونىنىڭ تەرەققىياتى ئوتتۇرىسىدىكى مۇنا-
سىۋەتنى ماسلاشتۇرۇشقا پايدىلىق. ئاپتونومىيىلىك جايلار ئۆز
رايونى، ئۆز مىللىتىنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن، ئە-
مەلىيىتىگە يارىشا ئىش كۆرگەن ئاساستا تەرەققىي قىلسا بولى-
دۇ، مەركىزىي ھۆكۈمەت ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىق-
تىساد، مەدەنىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا زور كۈچ بىلەن يار-
دەم بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، جايلار، ھەرقايسى مىللەتلەرنى
ئۆزئارا ياردەم بېرىشكە تەشكىللەپ، ھەرقايسى تەرەپنىڭ ئۈستۈن-
لۈكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ئارقىلىق، ئاز سانلىق مىللەت
رايونلىرىنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتىنى تېزلىتىدۇ. بۇنىڭدىن شۇ-
نى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، جۇڭگونىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك
ئاپتونومىيىسى سىياسىي ئامىل بىلەن ئىقتىسادىي ئامىلنىڭ
بىرىكمىسى بولۇپ ھەم دۆلەتنىڭ بىرلىكىگە، جەمئىيەتنىڭ مۇ-
قىملىقىغا ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا پايدىلىق، ھەم دۆلەتنىڭ
ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتى ۋە قۇرۇلۇشى-
غا پايدىلىق.

## ئىككىنچى، شىنجاڭدا كۆپ خىل مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ قۇرۇلۇشى

### 1. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىلىك جايلارنى قۇرۇشقا تەييارلىق قىلىش

شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن، يەنىلا ئىلگىرىكى ئۆلكە تۈزۈمى قوللىنىلدى. 1949 ـ يىلى 12 ـ ئايدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى بىلەن مەركىزىي كومىتېت شىنجاڭ شۆبە بيۇروسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، بۇرھان شەھىدى، گاۋ جىنچۈن، سەيپىدىن ئەزىزى رەھبەرلىكىدىكى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت، ھەر ساھە ۋەكىللىرىدىن تەركىب تاپقان شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى، خەلق ھۆكۈمىتى قارىمىقىدا مىللەتلەر خىزمىتىنى باشقۇرىدىغان مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى تەسىس قىلىندى. ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى «شىنجاڭ چېگرىسى ئىچىدە ھەرقايسى مىللەتلەر بىردەك باراۋەر بولىدۇ، ئىتتىپاقلىق، ئۆزئارا ياردەم بېرىش يولغا قويۇلىدۇ»غانلىقىدىن ئىبارەت سىياسىي ئىشلارنى يولغا قويۇش فاڭجېنىنى تۈزۈپ، مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى ياخشىلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تېز سۈرئەتتە دېموكراتىك ئىسلاھات ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ئۆلكە دەرىجىلىكتىن تۆۋەن ھەر دەرىجىلىك كونا ھاكىمىيەتلەرنى ئۆزگەرتىپ، فېئودال بەگ ـ تۆرىلىك تۈزۈمى، مىگبېشى، يۈزبېشى تۈزۈمى ۋە باۋ ـ جيا تۈزۈمىنى بىكار قىلىپ، خەلقنىڭ شەھەر، يېزا ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيىتىنى قۇردى ھەمدە پۈتۈن شىنجاڭدا ئومۇميۈزلۈك سايلام ئېلىپ بېرىپ، يېزا، ناھىيە، شەھەر، ئۆلكىدىن ئىبارەت ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ۋەكىللىرىنى سايلاپ چىقىپ، يېڭى ھاكىمىيەت بىلەن كونا ھاكىمىيەتنىڭ ئالمىشىشىنى تەدرىجىي تاماملاپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي تەرتىپىنى

مۇقىملاشتۇردى ھەمدە پىلانلىق ھالدا بىر تۈركۈم ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈپ ۋە چېنىقتۇرۇپ، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش ئۈچۈن ياخشى ئاساس سالدى.

1952 - يىلى 8 - ئايدا، شىنجاڭ ئۆلكىسى ھەر مىللەت، ھەر ساھەدىن بولغان خەلق ۋەكىللىرىنىڭ 1 - نۆۋەتلىك 2 - يىغىنىنى چاقىردى. يىغىندا «‹جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش پروگراممىسى›نى ئىجرا قىلىش توغرىسىدىكى قارار»ى ماقۇللىنىپ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىگە تەييارلىق كۆرۈش كومىتېتى قۇرۇلغانلىقى جاكارلاندى، بۇرھان شەھىدى مۇدىر بولدى. تەييارلىق كۆرۈش كومىتېتى «ئېھتىياتچان بولۇش، مۇقىم ئىلگىرىلەش، پائال تەييارلىق كۆرۈش، تەدرىجىي يولغا قويۇش» فاڭجېنىنى قوللىنىپ، پۈتۈن شىنجاڭ دائىرىسىدە يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىگە تەييارلىق كۆرۈش خىزمىتىنى ئىشلىدى. 12 - ئايدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى غەربىي شىمال بيۇروسى «غەربىي شىمالدا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش لايىھىسى»نى تەستىقلاپ تارقاتتى ھەمدە شىنجاڭنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش خىزمىتىنى نۇقتىلىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، شىنجاڭدىن كونكرېت پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى ۋە مەركىزىي كومىتېت غەربىي شىمال بيۇروسىغا يوللاپ تەستىقلاتقاندىن كېيىن ئىجرا قىلىشنى تەلەپ قىلدى. تەييارلىق كۆرۈش كومىتېتى شىنجاڭنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت، تارىخ ۋە مىللەتلەرنىڭ تارقىلىشى، مىللەتلەر مۇناسىۋىتى قاتارلىق ئەھۋاللىرى ھەققىدە چوڭقۇر، ئىنچىكە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، ئاز سانلىق

مىللەتلەر ئارىسىدىكى يۇقىرى قاتلام ۋەكىل شەخسلەردىن كەڭ كۆلەمدە پىكىر ئالدى ھەمدە كادىرلار ۋە كەڭ ئاممىنى ئارىسىدا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياسىتى ھەققىدە تەشۋىقات ـ تەربىيە ئېلىپ باردى. مۇشۇ ئاساستا، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى پرىنسىپى ۋە ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا ئېتىبار بېرىش پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىغان ئاساستا، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇشنىڭ كونكرېت لايىھىسىنى تۈزۈپ چىقتى.

1953 ـ يىلى 4 ـ ئايدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ شىنجاڭنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە خىزمىتى ھەققىدە ئىككى قېتىم يوليورۇق بەردى، ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش فاڭجېنى، قەدەم باسقۇچى، رايونلارغا ئايرىش پرىنسىپى، ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىللەت بىلەن باشقا مىللەتلەرنىڭ مۇناسىۋىتى قاتارلىقلارغا چېتىلىدىغان مەزمۇنلار ئاساسلىقى:

(1) شىنجاڭدا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش بىر تۈرلۈك ئىنتايىن زور سىياسىي ۋەزىپە، بۇنىڭدا پارتىيە رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش كېرەك. «ئېھتىياتچان بولۇش، مۇقىم ئىلگىرىلەش» فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇش كېرەك، ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش ۋاقتى ئۇزۇنراق بولسىمۇ بولىدۇ. يەر ئىسلاھاتى ئاساسىي جەھەتتىن ئاياغلاشقاندىن كېيىن، ئاۋۋال ئۇيغۇرلاردىن باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇپ، مۇشۇ ئاساستا پۈتۈن ئۆلكە دائىرىسىدە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش قەدەم باسقۇچى «كىچىكلىكتىن زورىيىپ بېرىش» بويىچە بولۇش.

(2) شىنجاڭدا ئەزەلدىن ياشاپ كەلگەن مىللەتتىن 13ى
بار، ئۇيغۇرلار شىنجاڭدىكى ئاساسلىق مىللەت، مىللىي تېر-
رىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش داۋامىدا ياكى مىل-
لىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە ئىشقا ئاشۇرۇلغاندىن كې-
يىن، ئاپتونومىيە يولغا قويۇلغان رايون تەۋەلىكىدىكى باشقا
قېرىنداش مىللەتلەرگە تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئېتىبار بېرىش
ھەم ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلار-
نى ئاساس قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىش، ھەم ھەرقايسى مىللىي
ئاپتونومىيە رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي، سىياسىي تەرەققىيات
ئېھتىياجىغا ئېتىبار بېرىش، ئاڭلىق ھالدا ھەرقايسى ئاز
سانلىق مىللەتلەرنى ئىقتىسادىي جەھەتتە باراۋەر ھوقۇقتىن
بەھرىمەن قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇلارغا ئەمەلىيەت
داۋامىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرىگە ياردەم ۋە ئېتىبار بېرىۋاتقاند-
لىقىنى ھېس قىلدۇرۇش كېرەك. ئوخشاشلا، قازاقلارمۇ ئۆز
ئاپتونومىيىسى دائىرىسىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ئېتى-
بار بېرىشى كېرەك.

(3) شىنجاڭنىڭ نامى ئۆزگەرتىلمەيدۇ، مەمۇرىي ئورنى ئۆل-
كىگە تەڭ بولىدۇ، مەركەزنىڭ رەھبەرلىكىدە بولىدۇ. ئىلى قازاق
ئاپتونوم ئوبلاستى دائىرىسىگە قوشۇپ بېرىلىدۇ. قىرغىزلار-
نىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتىغا ئېتىبار بېرىش ئۈچۈن، مۇۋاپىق
ھالدا بىر بۆلۈك دېھقانچىلىق رايونى بۆلۈپ بېرىش كېرەك.

(4) مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش
ۋە مىللىي سىياسەت ھەققىدە تەشۋىقات - تەربىيە ئېلىپ
بېرىش داۋامىدا، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسىنى تەكىتلەش كې-
رەك، بۇ شىنجاڭدا ئېنتايىن زور رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە. ①

شۇ يىلى 6 - ئايدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىن-
جاڭ شۆبە بيۇروسى كېڭەيتىلگەن يىغىن ئېچىپ، بۇرھان شەھ-

① «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شىنجاڭ تارىخىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرى-
سى»، (1 - قىسىم)، خەنزۇچە 91 - ، 92 - بەتلەر.

دىنىڭ «شىنجاڭدا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش خىزمەت پىلانى» دېگەن دوكلاتىنى ۋە «شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش پىلانى (لايىھە) »نى ماقۇللىدى. بۇ پىلان لايىھىسىدە، شىنجاڭدا پۈتۈن ئۆلكە بويىچە ئۇيغۇرلار ئاساس قىلىنغان ئاپتونوم رايون قۇرۇلغاندىن سىرت، يەنە باشقا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان جايلاردىن مەمۇرىي مەھكىمە دەرىجىلىكتىن بىرى، ۋالىي مەھكىمە دەرىجىلىكتىن تۆتى، ناھىيە دەرىجىلىكتىن ئالتىسى قۇرۇلىدۇ؛ قۇرۇلۇش تەرتىپى جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئاۋۋال يېزا دەرىجىلىك ئاپتونوم رايون، ئۇنىڭدىن كېيىن ناھىيە دەرىجىلىك ئاپتونوم رايون، ئۇنىڭدىن كېيىن ۋالىي مەھكىمە دەرىجىلىك ئاپتونوم رايون، ئۇنىڭدىن كېيىن مەمۇرىي مەھكىمە دەرىجىلىك ئاپتونوم رايون قۇرۇلىدۇ، ئەڭ ئاخىرىدا ئۆلكە بويىچە ئۇيغۇرلار ئاساس قىلىنغان ئاپتونوم رايون قۇرۇلىدۇ، دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ئارقىدىنلا، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى كومىتېتى، ئۆلكىلىك ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلق قۇرۇلتىيى كېڭەش ھەيئىتىنىڭ بىرلەشمە كېڭەيتىلگەن يىغىنىدىمۇ بۇ پىلان لايىھىسى ئارقا - ئارقىدىن مۇزاكىرە قىلىندى ۋە ماقۇللاندى. 12 - ئاينىڭ 22 - كۈنى، مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى مەمۇرىي ئىشلار مەھكىمىسى تەستىقىي جاۋاب يوللاپ، «شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭدا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش پىلانى» ۋە «شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭدا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش چارىسى»غا قوشۇلدى.

بۇ مەزگىلدە، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى كادىرلارنى تەربىيىلەش، نۇقتىدا سىناق قىلىش ۋە تۈزۈم قۇرۇلۇشى قاتارلىق بىر قاتار خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. 5 - ئايدا، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە بويىچە كادىرلارنى تەربىيىلەش بۆلۈمى قۇرۇپ، ھەرقايسى جايلاردىكى توققۇز مىللەتتىن خىزمەتچى كا-

دىرلار ۋە زىيالىيلار بولۇپ جەمئىي 284 ئادەمنى قوبۇل قىلىپ، ئۈچ ئاي تەربىيىلەپ، ئۇلارنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياستىنى ئىجرا قىلىش سەۋىيىسىنى ئۆستۇردى. ئۇلار ئوقۇشنى تاماملىغاندىن كېيىن، ئايرىم - ئايرىم ھالدا پىچان ناھىيىسىنىڭ دۆڭبازار يېزىسى، قورغاس ناھىيىسىنىڭ ئىچىگاشەن يېزىسى ۋە شىخو ناھىيىسىنىڭ چىگشور يېزىسىغا بېرىپ، يېزا دەرىجىلىك ياكى رايون دەرىجىلىك ئاپتونومىيىلىك رايون قۇرۇشنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتىنى ئىشلىدى. 11 - ئايدا، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۇمىتى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىگە تەييارلىق كۆرۈش كومىتېتى ۋە رايون دەرىجىلىك، يېزا دەرىجىلىك خەلق ھۆكۇمەتلىرىنىڭ تەشكىلىي نىزامىدىن تۆتنى مۇزاكىرە قىلىپ ماقۇللىدى. 12 - ئايدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭ شۆبە بيۇروسى جايلاردا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش خىزمەت ئەترەتلىرىنىڭ مەسئۇللىرى ۋە ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ مەسئۇللىرى يىغىنى چاقىرىپ، رايون، يېزا دەرىجىلىككە توغرا كېلىدىغان مىللىي ئاپتونوم رايوننى سىناق تەرىقىسىدە قۇرۇش خىزمىتىنى خۇلاسىلىدى ھەمدە بۇنىڭدىن كېيىنكى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش خىزمىتى ھەققىدە ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ باردى.

**2. كۆپ خىل مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ قۇرۇلۇشى**

شىنجاڭدا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە يېزا دەرىجىلىكتىن باشلاپ نۇقتىدا سىناق قىلىنغان. 1953 - يىلى 11 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، قورغاس ناھىيىسى ئىچىگاشەن شىبە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۇمىتى قۇرۇلدى. بۇ ئاپتونوم رايوندا شىبە، قازاق، سولۇن(داغۇر)، ئۆزبېك، خەنزۇ، ئۇيغۇر، موڭغۇلدىن ئىبارەت سەككىز مىللەت بولۇپ، شىبەلەر ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. يېزا بويىچە ئۈچ ئائىلە ئۆزبېك، 10 ئائىلە داغۇر بولۇپ،

ئۇلاردىن ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا بىر نەپەر ۋە ئىككى نەپەر خەلق
ۋەكىلى بار①، بۇ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنىڭ ئا-
ساسلىق بولمىغان مىللەتلەرگە ئېتىبار بېرىش روھىنى گەۋدى-
لەندۈرۈپ بېرىدۇ. 1954 ـ يىلى 7 ـ ئايغا كەلگەندە، پۈتۈن
شىنجاڭ بويىچە رايون دەرىجىگە توغرا كېلىدىغان ئاپتونومىيە-
لىك جايدىن شىخو ناھىيىسى جىرگىلتى گولىن موڭغۇل ئاپتو-
نوم رايونى، تېكەس ناھىيىسى كۆكتېرەك قىرغىز ئاپتونوم رايو-
نى، چۆچەك ناھىيىسى گۇئالبېنشېر داغۇر ئاپتونوم رايونى قا-
تارلىق يەتتىسى؛ يېزا دەرىجىگە توغرا كېلىدىغان ئاپتونومىيە-
لىك جايدىن پىچان ناھىيىسى دۆڭبازار خۇيزۇ ئاپتونوم رايونى،
قاغىلىق ناھىيىسى ئازاد ئابات تاجىك ئاپتونوم رايونى قاتارلىق
توققۇزى ئارقا ـ ئارقىدىن قۇرۇلدى.

1954 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى، يەنجى خۇيزۇ ئاپتو-
نوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى، بۇ، شىنجاڭدا قۇرۇلغان
تۇنجى ناھىيە دەرىجىلىك مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە
يولغا قويۇلغان جاي ھېسابلىنىدۇ. يەنجى خۇيزۇلار توپلىشىپ
ئولتۇراقلاشقان رايون بولۇپ، تەۋەلىكىدە خۇيزۇ، ئۇيغۇر، خەن-
زۇ، موڭغۇل قاتارلىق سەككىز مىللەت بار، خۇيزۇلارنىڭ نوپۇ-
سى پۈتۈن ناھىيە ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ %33نى ئىگىلەيدۇ. نا-
ھىيە بويىچە ئاساسىي قاتلامدا ئومۇمىيۈزلۈك سايلام ئېلىپ بې-
رىش ئارقىلىق، جەمئىي 118 نەپەر خەلق ۋەكىلى سايلاپ چىقىل-
دى، بۇنىڭ ئىچىدە خۇيزۇ، ئۇيغۇر، خەنزۇ، موڭغۇللارنىڭ ۋەكى-
لى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا %48، %31، %13، %8 نى ئىگىلىدى،
يەنە بىر قازاق ۋەكىلى سايلاندى. خەلق ۋەكىلى 21 كىشىدىن
تەركىب تاپقان ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ھەيئىتىنى سايلاپ
چىقتى، ئۇلار خۇيزۇ، ئۇيغۇر، خەنزۇ، موڭغۇلدىن ئىبارەت تۆت
مىللەتنى ئۆز ئىچىگە ئالدى، بىر نەپەر خۇيزۇ ۋەكىل رەئىس

① ۋاڭ شۈەنچۈەن: «21 ـ ئەسىرگە قەدەم قويغان شىنجاڭ»(سىياسىي توم)، شىنجاڭ
خەلق نەشرىياتى، 1999 ـ يىلى نەشرى، خەنزۇچە 251 ـ بەت.

بولدى.① شۇ يىلى 9 ـ ئايغا كەلگەندە، پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە ناھىيە دەرىجىلىك مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان جايدىن ئالتىسى ئارقا ـ ئارقىدىن قۇرۇلدى: چاپچال شىبە ئاپتونوم رايونى، مورى قازاق ئاپتونوم رايونى، قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم رايونى(كېيىن قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسى دەپ ئۆزگەرتىلدى)، تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى، باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى.

1954 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى، باينىغولىن موڭغۇل ئاپتونوم رايونى قۇرۇلدى ھەمدە ئاپتونومىيە تەلىپى بويىچە ھەر دەرىجىلىك ئورگانلار ئۆزگەرتىپ تەشكىللەندى. بۇ، شىنجاڭدا قۇرۇلغان تۇنجى ۋالىي مەھكىمە دەرىجىلىك مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە يولغا قويۇلغان جاي ھېسابلىنىدۇ. باينىغولىندا موڭغۇللار ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ، شۇڭا، ئاپتونومىيە يولغا قويۇلغان ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى موڭغۇلدىن بولدى، ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 149 نەپەر ۋەكىلى ئىچىدە موڭغۇللار 49% نى ئىگىلىدى، قالغان ۋەكىللەر ئۇيغۇر، خۇيزۇ، خەنزۇ، زاڭزۇ، قازاق، مانجۇ قاتارلىق مۇشۇ ئوبلاستتىكى ھەرقايسى مىللەتتىن بولدى. 7 ـ ئايدا، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم رايونى، سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم رايونى، بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم رايونى قاتارلىق ئۈچ ۋالىي مەھكىمە دەرىجىلىك مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە يولغا قويۇلغان جاي ئارقا ـ ئارقىدىن قۇرۇلدى.

1954 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى قۇرۇلدى. بۇ ئىلى، تارباغاتاي، ئالتايدىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، قازاقلار ئاساس قىلىنغان مۇئاۋىن ئۆلكە دەرىجىلىك مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە

① جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاپتونومىيىلىك جايلىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى مەجمۇئەسى: «يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1986 ـ يىلى نەشرى، خەنزۇچە 35 ـ بەت.

يولغا قويۇلغان جاي ھېسابلىنىدۇ. ئەينى چاغدا، ئاپتونوم
ئوبلاست تەۋەلىكىدىكى ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلى-
شىپ ئولتۇراقلاشقان جايلاردا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ موڭ-
غۇل، شىبە، خۇيزۇ، قىرغىز، داغۇر قاتارلىق مىللەتلەر تېررى-
توريىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان يېزا دەرىجىگە توغرا
كېلىدىغان ئاپتونومىيىلىك جايدىن بەشى، رايون دەرىجىگە توغرا
كېلىدىغان ئاپتونومىيىلىك جايدىن ئالتىسى، ناھىيە دەرىجىگە
توغرا كېلىدىغان ئاپتونومىيىلىك جايدىن ئىككىسى قۇرۇلغانىـ
دى. ئىلى، تارباغاتاي، ئالتايدىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەتتىكى
قازاقلارنىڭ نوپۇسى شۇ جايدىكى ئومۇمىي نوپۇسنىڭ تەخمىنەن
40%ىنى، پۈتۈن مەملىكەتتىكى قازاقلار ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ
85%ىنى(1953 - يىلى) ئىگىلىگەنلىكى، جۇغراپىيىلىك ئورنى
بىر - بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەنلىكى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇلارنىڭ
ھەممىسى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدىكى تايانچ بازا بولغانـ
لىقى ئۈچۈن مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قو-
يۇش ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى، ھەمكارلىقىنى كۈ-
چەيتىش ۋە ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت تەرەققىياتىـ
نى ئىلگىرى سۈرۈشكە تېخىمۇ پايدىلىق ئىدى، شۇڭا، جۇڭگو
كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭ شۆبە
بيۇروسى بىلەن شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى مەركەزگە
يوللاپ رەسمىي تەستىقلاتقاندىن كېيىن، قارىمىقىدا 24 ناھىيە،
شەھەر بولغان ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنى قۇردى.① شىنـ
جاڭدا ئۆلكە دەرىجىلىكتىن تۆۋەن مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپ-
تونومىيە يولغا قويۇلغان جاي قۇرۇش كىچىكلىكتىن چوڭلۇققا
قاراپ تەدرىجىي ئىشقا ئاشتى، ئۆلكە دەرىجىلىك ئاپتونوم رايون
قۇرۇش شارائىتى كۈندىن - كۈنگە پىشىپ يېتىلدى.

① جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاپتونومىيىلىك جايلىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى
مەجمۇئەسى: «ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىيا-
تى، 1985 - يىلى نەشرى، خەنزۇچە 62 - بەت.

مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش ئەمە-
لىيىتى داۋامىدا، ئاپتونومىيىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ تەسىس قىلى-
نىشىمۇ مۇۋاپىقلىشىش ۋە قېلىپلىشىشقا قاراپ يۈزلەندى.
1952 - يىلىدىكى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي
تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش پروگراممىسى»غا
ئاساسەن، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە يولغا قويۇلغان
جايلار دەسلەپكى باسقۇچتا ئۆلكە دەرىجىلىك، مەمۇرىي مەھكىمە
دەرىجىلىك، ۋالىي مەھكىمە دەرىجىلىك، ناھىيە دەرىجىلىك،
رايون دەرىجىلىك، يېزا دەرىجىلىك دەپ ئالتە دەرىجىگە بۆلۈنۈپ،
بىردەك ئاپتونوم رايون دەپ ئاتالدى. جايلارنىڭ ناملىرى ئوخشاش
بولغانلىقتىن ئاسانلا قالايمىقانچىلىق كېلىپ چىققانلىقى، ئۇنىڭ
ئۈستىگە، رايون، يېزا دەرىجىلىك ھاكىمىيەتلەرنىڭ نوپۇسى بەك
ئاز، يېرى بەك كىچىك بولغانلىقتىن، ئەمەلىيەتتە ئاپتونومىيە
ھوقۇقىنى يۈرگۈزەلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. 1954 - يىلى
7 - ئاينىڭ 23 - كۈنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەر-
كىزىي كومىتېتى شىنجاڭ شۆبە بيۇروسى جۇڭگو كوممۇنىستىك
پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ «نا-
ھىيە دەرىجىلىكتىن تۆۋەن مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە
يولغا قويۇلغان جايلارنى قۇرۇشنى ۋاقتىنچە كېچىكتۈرۈش ياكى
ئۆزگەرتىش قاتارلىق مەسىلىلەر توغرىسىدا يوليورۇق»نى تار-
قاتتى، يوليورۇقتا پۈتۈن مەملىكەتتىكى مىللىي ئاپتونومىيە
ئورگانلىرىنىڭ مەمۇرىي ئورنى ئاپتونوم رايون، ئاپتونوم
ئوبلاست، ئاپتونوم ناھىيە دەپ ئۈچ دەرىجىگە ئايرىلىدۇ، ناھىيە
دەرىجىلىكتىن تۆۋەن مىللىي ئاپتونوم رايونلار ئەمدى قۇرۇلماي-
دۇ، قۇرۇلۇپ بولغانلىرى مىللىي يېزا قىلىپ ئۆزگەرتىلىدۇ، دەپ
بەلگىلەندى. 9 - ئايدا ئېلان قىلىنغان «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرى-
يىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى»دا، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونو-
مىيە يولغا قويۇلغان جايلار «ئاپتونوم رايون»، «ئاپتونوم
ئوبلاست»، «ئاپتونوم ناھىيە» دېگەن نامنى قوللىنىدۇ، ئۇلار ئاي-

رىم ـ ئايرىم ھالدا ئۆلكە، ۋىلايەت، ناھىيە دەرىجىلىك مەمۇرىي رايونغا توغرا كېلىدۇ، دەپ بەلگىلەندى. 1955 ـ يىلى 2 ـ ئايدا، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئۆلكە تەۋەلىكىدىكى ھەرقايسى ئاپ-تونوم رايونلارنىڭ نامى توغرىسىدا بىرتۇتاش بەلگىلىمە چىقار-دى، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق كومىتېتىنىڭ نامى ئۆزگەرمىگەندىن باشقا، قالغان ۋىلايەت دەرىجىگە توغرا كېلىدى-غان تۆت ئاپتونوم رايون بىلەن ناھىيە دەرىجىگە توغرا كېلىدىغان ئالتە ئاپتونوم رايوننىڭ نامى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق كومىتېتى ۋە ئاپتونوم ناھىيىلىك خەلق كو-مىتېتى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى.

1955 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى، مەملىكەتلىك 1 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 21 ـ يىغى-نىدا «شىنجاڭنىڭ ئۆلكىلىك تەشكىلىي تۈزۈلمىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇش تەكلىپى» ماقۇللاندى. 9 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك 1 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2 ـ يىغىنىدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتىنىڭ تەشكىلىي ئەزالىرى سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كېلىپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى رەسمىي قۇرۇلدى، شىنجاڭنىڭ ئۆلكىلىك تەشكىلىي تۈزۈلمىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. سەيپىد-دىن ئەزىزى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسلىكىگە سايلاندى. گاۋ جىنچۈن(خەنزۇ)، ئىمىنوف(ئۇيغۇر)، پاتىخان سۇ-گۇربايوف(قازاق) ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا مۇئاۋىن رەئىس بولدى. 11 مىللەتتىن بولغان 37 ئادەم خەلق كومىتېتىنىڭ(يەنى خەلق ھۆكۈمىتى)نىڭ ئەزاسى بولدى. 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، ئۈرۈم-چىدىكى ھەر مىللەت، ھەر ساھەدىن بولغان 60 مىڭدىن ئارتۇق ئامما تەنتەنىلىك يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرى-يىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ ئالتە يىللىقىنى ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپ-تونوم رايونىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى تەبرىكلىدى، سەيپىدىن ئەزىزى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىدى. بۇ چاغدا، شىنجاڭ ئاپتونوم رايون، ئاپتونوم ئوبلاست ۋە ئاپتونوم ناھىيىدىن ئىبارەت ئۈچ دەرىجىلىك مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە يولغا قويۇلغان جاي قۇرۇش ۋە مىللىي ئاپتونومىيە ئورگىنى تەسىس قىلىش خىزمىتىنى تاماملىدى. شىنجاڭ ھازىرغىچە يەنىلا پۈتۈن مەملىكەتتىكى بەش ئاپتونوم رايون ئىچىدە ئۈچ دەرىجىلىك ئاپتونومىيىلىك جاي تولۇق بولغان بىردىنبىر مىللىي ئاپتونوم رايون ھېسابلىنىدۇ.

شىنجاڭدا ئەزەلدىن ياشاپ كەلگەن باشقا 12 مىللەت ئىچىدە، ئەينى چاغدا ئۆزبېك، تاتار، رۇس ۋە مانجۇ مىللەتلىرى نوپۇسى بىرقەدەر ئاز، تارقاق ئولتۇراقلاشقانلىقى ئۈچۈن ئاپتونومىيىلىك ئورۇن قۇرۇلمىغاندىن باشقا، قالغان مىللەتلەرنىڭ ھەممىسىگە ئاپتونومىيىلىك جاي قۇرۇلدى. 1956 ـ يىلى، رايون، يېزا دەرىجىلىك مىللىي ئاپتونوم رايونلار تەڭشەش ئارقىلىق مىللىي يېزا قىلىپ ئۆزگەرتىپ قۇرۇلدى. ھازىر، پۈتۈن شىنجاڭدا قازاق، خۇيزۇ، قىرغىز، موڭغۇل، تاجىك، شىبە، ئۆزبېك، داغۇر، تاتار قاتارلىق توققۇز مىللەتنىڭ 42 مىللىي يېزىسى بار، ئۇيغۇرلارنى قوشقاندا 10 مىللەتنىڭ ھەر دەرىجىلىك مىللىي ئاپتونومىيە ئورۇنلىرى ياكى مىللىي يېزىسى بار.

**3. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ نامى توغرىسىدا**

ئۇيغۇرلار ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەھۋالىغا ئاساسەن، ئۇيغۇرلار شىنجاڭدا ئۆلكە دەرىجىلىك مىللىي ئاپتونوم رايونى قۇرۇشى كېرەك. 1955 ـ يىلى 2 ـ ئايدا، شىنجاڭ ئۆلكىلىك مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىگە تەييارلىق كۆرۈش كومىتېتى قۇرۇلۇپ، ئۆلكە دەرىجىلىك ئاپتونوم رايون قۇرۇشنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرىنى رەسمىي باشلىدى. پۈتۈن ئۆلكىدىكى ھەر مىللەت ئاممىسى ئۆلكە دەرىجىلىك ئاپتونوم رايون قۇرۇش مەسىلىسىنى كەڭ كۆلەمدە مۇزاكىرە قىلىپ، شىنجاڭدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆلكە دەرىجىلىك ئاپتونوم رايونى قۇ-

روشنى ھىمايە قىلدى، لېكىن ئاپتونوم رايوننىڭ نامى مەسىلىسىدە ئىختىلاپ كېلىپ چىقتى، بۇ ئاساسلىقى «شىنجاڭ» دېگەن سۆزنى ۋە «ئۇيغۇر» دېگەن نامنى قوللىنىش كېرەكمۇ، يوق دېگەن مەسىلىگە مەركەزلەشتى.

ھەر مىللەت، ھەر ساھە زاتلىرى بىر يىلچە ۋاقىت سەرپ قىلىپ، ھەر دەرىجىلىك خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى، سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى يىغىنى ۋە بىر قىسىم مەخسۇس يىغىنلاردا تولۇق مۇزاكىرە قىلىش، قايتا ـ قايتا غۇلغۇلا قىلىش ئارقىلىق، تەدرىجىي ھالدا بىردەك تونۇش ھاسىل قىلدى: (1) قۇرۇلۇپ بولغان ئاپتونوم ئوبلاست، ئاپتونوم ناھىيىلەرنىڭ ھەممىسىدە قۇرۇلۇش بىلەن تەڭلا ئۇنىڭ يەر نامى ۋە مىللەت نامى ئېنىق كۆرسىتىلدى، ئۇيغۇرلار شىنجاڭدىكى ئەڭ چوڭ مىللەت، ئۆلكە دەرىجىلىك مىللىي ئاپتونوم رايون قۇرۇلغانىكەن ئۇنىڭغا ئۇيغۇرلارنىڭ مىللەت نامى قويۇلۇشى كېرەك، بۇ، «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش پروگراممىسى»دىكى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ نامىنى بېكىتىش پرىنسىپىغا تامامەن ئۇيغۇن كېلىدۇ. «شىنجاڭ ئاپتونوم رايونى» دەپ ئاتاش گەرچە ئۇيغۇرلارنىڭ سىنجاڭ تەۋەلىكىدىكى باشقا مىللەتلەرنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇشىغا پايدىلىق بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا قايسى مىللەتنىڭ ئاپتونومىيىنى يۈرگۈزۈۋاتقانلىقى ئېنىق ئىپادىلەنمەيدۇ. (2) «ستان» سۆزى تارىختا مىللىي بۆلگۈنچىلەر توقۇپ چىققان «شەرقىي تۈركىستان» بىلەن ئاسانلا ئارىلىشىپ كېتىدۇ، ئۇ پاكىستان دېگەندەك بىر قىسىم مۇستەقىل دۆلەتلەرنىڭ نامىدا قوللىنىلىدۇ، «ستان» سۆزىنى قوللانغاندا كىشىلەردە مۇستەقىل دۆلەت ئوخشايدۇ، دېگەن خاتا چۈشەنچە پەيدا قىلىپ قويۇشى مۇمكىن، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، «ستان» سۆزى شىنجاڭنىڭ ئەھۋالىنى توغرا، تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلمەيدۇ، شىنجاڭ 13 مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون، «ئۇيغۇرىستان»لا دېيىش مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا پايدىسىز، ئۇنىڭ

ئۈستىگە، «ستان» سۆزى جۇڭگونىڭ مىللىي ئۆرپ - ئادىتىگىمۇ ئۇيغۇن كەلمەيدۇ، شۇڭا، «ستان» سۆزىنى قوللىنىشقا بولمايدۇ. (3) گەرچە «شىنجاڭ» سۆزى «قەدىمىي زېمىن يېڭىدىن تەۋە بولۇش» دېگەندىن كەلگەن بولۇپ، ئەينى چاغدا يېڭى زېمىن دېگەن مەنىنى بەرسىمۇ، لېكىن سەلبىي مەنىگە ئىگە ئەمەس؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە شىنجاڭ سۆزى جۇغراپىيىلىك ئاتالغۇ سۈپىتىدە جۇڭگو ۋە چەت ئەلگە تونۇشلۇق بولۇپ بولدى، شۇڭا داۋاملىق قوللىنىۋېرىش كېرەك. (4) «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى» دېگەن نام ئۇيغۇرلارنىڭ شىنجاڭدا ھەرقايسى مىللەتلەرنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇشنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ، ئۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ باشقا مىللەتلەرنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، شىنجاڭنى ئورتاق گۈللەندۈرۈشتىكى مەسئۇلىيەتچانلىقىنى تۇرغۇزۇشقا پايدىلىق. ئاخىر، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭ شۆبە بيۇروسى شىنجاڭدىكى مۇتلەق كۆپ ساندىكى ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسىنىڭ ئارزۇسى بويىچە، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى» دېگەن نامنى بېكىتتى ھەمدە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەستىقلىشىغا يوللىدى.①

شىنجاڭ كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون، شىنجاڭدا ھەرقايسى مىللەتلەر ئارىلاش ئولتۇراقلاشقان بولغاچقا، مەلۇم بىر مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايوننى بىردىنبىر ئاساس قىلىپ تۇرۇپ تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش مۇمكىن ئەمەس، بەلكى نوپۇسى بىرقەدەر كۆپ بولغان ئاز سانلىق مىللەتنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، نوپۇسى بىرقەدەر ئاز بولغان بىرقانچە مىللەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا ئاپتونومىيە-

---

① جاڭ ئېرجۇ: «جۇڭگونىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تارىخى پروگراممىسى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1995 - يىلى نەشرى، خەنزۇچە 191 - ، 192 - بەتلەر؛ «ھازىرقى زاماندىكى جۇڭگونىڭ مىللەتلەر خىزمىتى»(1 - قىسىم)، ھازىرقى زامان جۇڭگو نەشرىياتى، 1993 - يىلى نەشرى، خەنزۇچە 224 - بەت.

لىك جاي قۇرۇش كېرەك. مۇشۇنداق بولغاندا، ئاپتونوم رايوندىن تارتىپ تاكى ئاپتونوم ئوبلاست، ئاپتونوم ناھىيىگىچە بولغان كۆپ قاتلاملىق قۇرۇلما ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرنى ئۆزلىرىنىڭ ئوخشىمىغان ئەھۋالىغا ئاساسەن، ئاپتونومىيە ھوقۇقىدىن تولۇق بەھرىمەن بولۇش جەھەتتە ئاساسىي كاپالەت بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. شۇنداقلا ھەرقايسى مىللەتلەر بىر نىيەتتە ئىتتىپاقلىشىپ، ھەمكارلاشقاندىلا ئاندىن شىنجاڭنى ياخشى گۈللەندۈرەلەيدۇ. بەزىلەر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى «ئۇيغۇرلارنىڭ ماكانى» دەپ قارايدۇ، بۇ، بىر تەرەپلىمىلىك ۋە خاتا قاراش. شىنجاڭدا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش داۋامىدا، مەركەز تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىللەت ئۆز تەۋەلىكىدىكى باشقا مىللەتلەرگە ياردەم ۋە ئېتىبار بېرىشى، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشى كېرەك، دەپ كۆپ قېتىم تەكىتلىگەن. 1957 ـ يىلى، گوۋۇيۈەن زوڭلىسى جۇ ئېنلەي شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوننىڭ نامى مەسىلىسى توغرىسىدا مۇنداق ئېنىق بايانلارنى قىلغان: «بىزنىڭ قوللانغىنىمىز دۆلىتىمىزنىڭ ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان، مىللەتلەرنىڭ ھەمكارلىشىشىغا پايدىلىق بولغان مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىدۇر. بىز مىللىي ئايرىمىچىلىقنى تەكىتلىمەيمىز. ئەگەر ھازىر مىللەتلەر ئايرىمىچىلىق قىلسا بولىدۇ دەپ تەكىتلىسەك، جاھانگىرلار دەل ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ كېتىدۇ. گەرچە ئۇلار مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىسىمۇ، لېكىن مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ھەمكارلىقتا بولغان كاشىلىنى كۆپەيتىۋېتىدۇ. مەسىلەن، شىنجاڭ ئازاد بولۇشتىن بۇرۇن بىر قىسىم ئەكسىيەتچى ئۇنسۇرلار ئېلىپ بارغان شەرقىي تۈركىستان دېگەنگە ئوخشاش بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىدىن جاھانگىرلار پايدىلىنىپ كەتكەن. شۇڭا، بىز مۇشۇلارنى نەزەردە تۇتۇپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغاندا ئۇيغۇرىستان دېگەن بۇ نامنى قوللىنىشقا قوشۇلمىغان. شىنجاڭدا بىرلا ئۇي-

غۇرلار بولۇپ قالماستىن، يەنە باشقا 12 مىللەتمۇ بار، بۇ 13 مىللەتنىڭ ھەممىسىگە 13ستان قۇرۇپ بەرگىلى بولمايدۇ ـ دە. پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ئەڭ ئاخىرى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنى قۇرۇشنى بېكىتكەندە شىنجاڭدىكى يولداشلارمۇ قوشۇلغان. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى دەپ ئاتىغاندا ‹قالپاق › يەنىلا ئۇيغۇرلارغا كىيگۈزۈلدى، چۈنكى ئۇيغۇرلار شىنجاڭدا ئاساسلىق مىللەت بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 70% تىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ، باشقا مىللەتلەرمۇ بۇ ‹ قالپاق ›نى ئورتاق كىيىدۇ.» «بۇنىڭ ئىچىدە مىللەتلەر ھەمكارلىقى دېگەن مەنە بار، بۇ مەسىلىنى ئېنىق ئېيتىش كېرەك.» ①

## ئۈچىنچى، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق ھالدا ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇشى

**1. ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ يەرلىكنىڭ ئىشلىرىنى ئۆز ئالدىغا باشقۇرۇشى**

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ھەر دەرىجىلىك ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ھەر نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ تەركىب تېپىشى ۋە كادىرلارنى سەپلەش جەھەتتە ھەرقايسى مىللەتلەر ئورتاق ھالدا ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش، يەرلىكنىڭ ئىشلىرىنى ئورتاق باشقۇرۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ كەلدى. «ئاساسىي قانۇن»، «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» ۋە ئالاقىدار قانۇنلارغا ئاساسەن، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ دۆلەت ۋە يەرلىكنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا قاتنىشىش ھوقۇقى ئۈنۈملۈك كاپالەتكە ئىگە قىلىندى، مەسىلەن، ھەرقايسى مىللەتنىڭ يېشى 18 گە توشقان پۇقراسى سايلاش ھوقۇقى ۋە

---

① جۇ ئېنلەي: «ئېلىمىزنىڭ مىللىي سىياستىگە دائىر بىرقانچە مەسىلە توغرىسىدا»، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى سىياسەت تەتقىقات ئىشخانىسى تۈزگەن «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئاساسلىق رەھبەرلىرىنىڭ مىللىي مەسىلە توغرىسىدىكى بايانلىرى» دېگەن كىتابتىن ئېلىندى، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1994 ـ يىلى نەشرى، خەنزۇچە 175 ـ بەت.

سايلىنىش ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولۇش؛ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ھەرقايسى ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارغا ئاز سانلىق مىللەت ۋەكىللىك سانىنى تەقسىملەپ بېرىش؛ ھەربىر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ئاز سانلىق مىللەتنىڭ شۇ جاينىڭ خەلق قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىدىغان ۋەكىلى بولۇش؛ ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى بەزى مۇھىم ۋەزىپىلەرنى تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىللەت پۇقراسى ئۈستىگە ئېلىش ھەققىدە قاتتىق چەك قويۇش، ۋەھاكازا. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، شىنجاڭمۇ بەزى يەرلىك قائىدە ـ نىزام، قارار، قارارنامىلەرنى چىقىرىپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق ھالدا ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلدى، مەسىلەن، ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ۋە ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىك بەنزە ئەزالىرىنى سايلاشتا ئارتۇق نامزاتلىق سايلام چارىسىنى يولغا قويۇش، قايسى مىللەتتىن بولغان ئەزا سايلامدا سايلىنالماي قالسا، شۇ مىللەتتىن تولۇقلاپ سايلاش[1]؛ ناھىيە، يېزا دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىدىغان ئاز سانلىق مىللەت ۋەكىللىرىنىڭ نامزات ئىسىملىكىنى سايلام ھەيئىتى كۆپ ساندىكى سايلىغۇچىلارنىڭ پىكرى ۋە شۇ جاينىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن بېكىتىش، سايلىغاندا ھەرقايسى مىللەتتىن بولغان نامزاتلارنى شۇ مىللەت ئىچىدە ئارتۇق نامزاتلىق سايلاش[2]، شۇ ئارقىلىق ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى ۋە رەھبىرىي كا-

---

① ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى بەنگۇڭتىڭى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭى: «شىنجاڭنىڭ شانلىق 50 يىلى»، (1 ـ قىسىم )، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 77 ـ بەت.

② 1989 ـ يىلى، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ‹شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ناھىيە دەرىجىلىكتىن تۆۋەن خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى بىۋاستە سايلاش بويىچە يولغا قويۇش تەپسىلىي پرىنسىپى› غا تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدىكى قارارى»، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ـ دىن ئىشلىرى كومىتېتى تۈزگەن «يېڭى دەۋردىكى مىللەتلەر ـ دىن سىياسىتى، قائىدە ـ نىزاملىرى قوللانمىسى»دىن ئېلىندى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 60 ـ بەت.

دىرلىرىنىڭ بەلگىلىك نىسبەتتىنى ساقلاش، دېگەندەك. ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا 13 مىللەتتىن جەمـئىي 542 نەپەر ۋەكىل قاتناشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ۋەكىلى 65.5% نى ئىگىلەپ، ئاز سانلىق مىللەت نوپۇ-سىنىڭ شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي نوپۇسىدىكى نىسبىتىدىن 4% پو-ئىنت يۇقىرى بولدى. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىسى يەنە دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا قاتنىشىش ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولىدۇ. شىنجاڭدىن مەملىكەتلىك 8 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا قاتناشقان ۋەكىل جەمئىي 58 نەپەر بولۇپ، ئۇلار 11 مىللەتتىن تەركىب تاپقان، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ۋەكىلى 62.1% نى ئىگىلەيدۇ، مەملىكەتلىك 9 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا قاتناشقان ئاز سانلىق مىللەت ۋەكىلى شىنجاڭ ۋە-كىللىرى ئومۇمىي سانىنىڭ 62.7% نى ئىگىلەيدۇ. شىنجاڭدى-كى ئاز سانلىق مىللەت ۋە خەنزۇ زاتلاردىن مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن ۋە مەملىكەتلىك سى-ياسىي كېڭەشنىڭ رەھبەرلىك ئورنىدا ۋەزىپە ئۆتەۋاتقانلارمۇ بار.

جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تاللاپ ئۆستۈرۈش، تەربىيىلەش ۋە ئىشلىتىشنى ئىزچىل تۈردە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياسىتىنى يولغا قويۇشنىڭ ئاچ-قۇچى قىلىپ كەلدى. شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغان دەسلەپكى مەزگىللەردە، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ سانى ئىنتايىن ئاز ئىدى، 1950 ـ يىلى پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە ئاران 3000 نەپەر ئاز سانلىق مىللەت كادىرى بار ئىدى. ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى قوشۇنىنى تېز سۈرئەتتە زورايتىش ئۈچۈن، ھۆكۈمەت ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ پۈتۈن مەملىكەتتە مىللەت-لەر ئىنستىتۇتلىرى ۋە تۈرلۈك كادىرلار مەكتەپلىرىنى قۇرۇپ، ئەمەلىي خىزمەت داۋامىدا ئىپادىسى گەۋدىلىك بولغان ۋە مەلۇم مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تاللاپ ئوقۇشقا ئەۋەتىپ، ئۇلارنىڭ نەزەرىيە سەۋىيىسى، مەدەنىـ

يەت سەۋىيىسى ۋە خىزمەت ئىقتىدارىنى ئۆستۈردى. بۇنىڭ بىلەن زور بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى تېز سۈرئەتتە يېتىشىپ چىقتى. 1955 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغاندا، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت كادىرى 46 مىڭ بولۇپ، 1965 ـ يىلى 67 مىڭغا، 1975 ـ يىلى 93 مىڭغا، 1985 ـ يىلى 192 مىڭغا، 2001 ـ يىلى 348 مىڭغا يېتىپ، ئەينى چاغدىكى پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى كادىرلار ئومۇمىي سانىنىڭ 51.8% نى ئىگىلىدى، بۇ، 1955 ـ يىلى ئاپتونوم رايون قۇرۇلغان چاغدىكىنىڭ 7.6 ھەسسىسىگە باراۋەر كېلىدۇ.

مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى بويىچە، ھازىر ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسلىكى، ئاپتونوم ئوبلاستلارنىڭ باشلىقلىقى ۋە ئاپتونوم ناھىيىلەرنىڭ ھاكىملىقىنى ئىزچىل تۈردە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىللەتنىڭ پۇقرالىرى ئۆتەپ كېلىۋاتىدۇ؛ ۋىلايەت، شەھەرلەرنىڭ ۋالىيلىقى، شەھەر باشلىقلىقى، ناھىيىلەرنىڭ ھاكىملىقى، ھەرقايسى يېزا، بازارلارنىڭ باشلىقلىقىنىمۇ ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ئۆتەپ كېلىۋاتىدۇ؛ پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھاكىم، يېزا باشلىقلىرىنىڭ 83 پىرسەنتى ئاز سانلىق مىللەت كادىرىدۇر؛ ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار ئىچىدە 55%نى، ۋىلايەت، ئوبلاست، نازارەت، ئىدارە دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار ئىچىدە 43%نى ئىگىلەيدۇ. ھەر دەرىجىلىك مەمۇرىي كادىرلاردىن باشقا، ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان كەسپىي تېخنىكا كادىرلىرىنىڭ سانىمۇ تېز كۆپىيىپ، 2001 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان كەسپىي تېخنىكا كادىرلىرى قوشۇنى 251 مىڭ كىشىگە يېتىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى كەسپىي تېخنىكا كادىرلىرى ئومۇمىي سانىنىڭ 55% نى ئىگىلىدى. ھەر مىللەت ئاياللىرىمۇ زور مىقداردا ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت كادىرلىرىنىڭ ئىش

ئورنىغا چىقتى، 2001 ـ يىلى، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ئايال كادىرلار 309 مىڭغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئاز سانلىق مىللەت ئايال كادىرلىرى يېرىمىنى دېگۈدەك ئىگىلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، دۆلەت يەنە شىنجاڭغا زور بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر ئىختىساس ئىگىلىرىنى يەتكۈزۈپ بەردى. ھازىر، ئاپتونوم رايونىمىزدا سىياسىي، ئىقتىساد، پەن ـ تېخنىكا، مەدەنىيەت، مائارىپ، داۋالاش، سەھىيە قاتارلىق ھەرقايسى تەرەپلەردىكى ئىختىساس ئىگىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەر مىللەت كادىرلىرى قوشۇنى شەكىللىنىپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئاپتونومىيىلىك جايلىرىنىڭ ئىشلىرىنى ۋە ئۆز مىللىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىشلارنى باشقۇرۇش سىياسىي ھوقۇقى تەشكىلىي جەھەتتىن كاپالەتكە ئىگە قىلىندى.

**2. ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قانۇن بويىچە قوغداش**

مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە ھوقۇقىنىڭ بىر مۇھىم مەزمۇنى ئاپتونومىيە ئورگىنىنىڭ قانۇن چىقىرىش ھوقۇقىدۇر، يەنى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە ئورگىنى ئۆز جايىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى ۋە ئەمەلىي ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ئاپتونومىيىلىك قائىدە ـ نىزاملارنى، جۈملىدىن ئاپتونومىيە نىزامى ۋە يەككە نىزاملارنى تۈزەلەيدۇ، يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگىنىنىڭ قارار، بۇيرۇق ۋە يوليورۇقلىرىنى جانلىق ئىجرا قىلىدۇ ۋە ئىجرا قىلىشنى توختىتىدۇ، شۇ ئارقىلىق ھەرقايسى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا ئاساسەن، يەرلىكنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاپتونومىيىلىك جايلار يەنە يەرلىك دۆلەت ئورگانلىرى يەرلىك قائىدە ـ نىزاملارنى تۈزۈش ھوقۇقىغا ئىگە. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى قۇرۇلغاندىن تارتىپ 2003 ـ يىلى 1 ـ ئايغىچە بولغان ئارىلىقتا خەلق قۇ-

رۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئاپتونومىيىلىك قائىدە - نىزام، يەرلىك قائىدە-نىزام ۋە قانۇنىي كۈچكە ئىگە قارارنامە، قاراردىن جەمئىي 267نى ئېلان قىلىپ يولغا قويدى، 1979 - يىلىدىن 1995 - يىلىغىچىلا 145نى ئېلان قىلىپ يولغا قويدى. بۇ قائىدە - نىزام ۋە قارار، قارارنامىلەر قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش، بايلىق باشقۇرۇش، مۇھىت ئاسراش، پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، جەمئىيەت ئامانلىقىنى قوغداش، ئىجتىمائىي كاپالەت، مىللەت - دىن قاتارلىق نۇرغۇن ساھەلەرگە چېتىلىدۇ.

يەرلىك چىقارغان قائىدە - نىزاملار شىنجاڭنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئۇيغۇن بولۇپ، ئۇنىڭدا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئامىمىسىنىڭ مەنپەئىتىگە كاپالەتلىك قىلىندى. بىرىنچىدىن، يۇقىرى دەرىجىلىك ئورگانلارنىڭ ئاپتونوم رايوننىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا تامامەن ئۇيغۇن كەلمەيدىغان قانۇن، بەلگىلىمىلىرى جانلىق ئىجرا قىلىندى ياكى كونكرېت ئەھۋالغا ئاساسەن، تولۇقلىما خاراكتېرلىك بەلگىلىمە قوشۇلدى. مەسىلەن، 1980 - يىلدىكى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ نىكاھ قانۇنى»دا ئېلىمىز پۇقرالىرىنىڭ توي قىلىش يېشى ئەرلەرنىڭ 22 ياشتىن، ئاياللارنىڭ 20 ياشتىن تۆۋەن بولماسلىقى كېرەك دەپ بەلگىلەنگەن. شىنجاڭدىكى بەزى مىللەتلەرنىڭ كىچىك توي قىلىشى تارىختا ئۇزۇندىن بۇيان داۋاملىشىپ كەلگەن ئادەت بولۇپ، توي قىلىش يېشىنى بۇنداق تېزلا نىكاھ قانۇنىدا بەلگىلەنگەن ياشقا كۆتۈرۈش بىرقەدەر تەسكە توختايتتى①. شۇڭا، 1980 - يىلى، ئاپتونوم رايونلۇق 5 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 3 - يىغىنىدا «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ نىكاھ قانۇنى›نى ئىجرا قىلىش

① 1990 - يىلدىكى 4 - قېتىملىق مەملىكەت بويىچە نوپۇس تەكشۈرۈشكە ئالاقىدار سان - سىپىرلاردا كۆرسىتىلىشىچە، شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئاياللىرىنىڭ يېرىمىنىڭ دېگۈدەك تۇنجى توي قىلىش يېشى 20 ياشتىن تۆۋەن ئىكەن.

ھەققىدىكى تولۇقلىما بەلگىلىمىسى» ماقۇللىنىپ، ئاز سانلىق مىللەت يۇقىرالىرىنىڭ توي قىلىش يېشى ئەرلەرنىڭ 20 ياشتىن، ئاياللارنىڭ 18 ياشتىن تۆۋەن بولماسلىقى كېرەك، دەپ ئۆزگەرتىلدى. 1996 ـ يىلى ئېلان قىلىنغان. «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىستېمالچىلارنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قوغداش قانۇنى›نى يولغا قويۇش چارىسى»دا، ئاپتونوم رايون تەۋەلىكىدە ئىشلەپچىقىرىلغان ۋە سېتىلغان تاۋارلارنىڭ ئورالمىسى ۋە چۈشەندۈرۈشىدە ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە يېزىق بولۇشى كېرەك؛ «مۇسۇلمانچە» دېگەن خەتنى تىجارەتچىلەر تىجارەت سورۇنىدا ئىشلىتىشتا، يېمەكلىك ئورالمىسىغا، بېزەكلەرگە يېزىشتا ياكى بەلگە قىلىپ قويۇشتا ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مىللەتلەر ئىشلىرىنى باشقۇرۇش تارمىقىنىڭ تەستىقىنى ئېلىشى شەرت، دەپ تولۇقلىما بەلگىلىمە چىقىرىلدى.

ئىككىنچىدىن، دۆلەت قانۇنى، مەمۇرىي قانۇن ـ نىزاملار تولۇق ئۆز ئىچىگە ئالمىغان ياكى دۆلەت تېخى قانۇن چىقارمىغان ساھەلەردە، ئاپتونوم رايوننىڭ كونكرېت ئەھۋالى ۋە مەۋجۇت بولغان ئالاھىدە مەسىلىلەرگە ئاساسەن ئايرىم نىزام تۈزۈلدى. مەسىلەن، 1993 ـ يىلى يولغا قويۇلغان «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تىل ـ يېزىق خىزمىتى نىزامى»دا، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆز تىل ـ يېزىقىنى ئىشلىتىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئەركىنلىكى ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىندى ھەمدە ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا تىل ئۆگىنىپ، تىل ـ يېزىق جەھەتتىكى ئىلمىي تەتقىقات ۋە قېلىپلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرۈشى تەشەببۇس قىلىندى. 1996 ـ يىلى ئىككىنچى قېتىم تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش نىزامى»دا، خەنزۇ تىل ـ يېزىقىنى ئىشلىتىش بىلەن ئاز سانلىق مىللەت تىل ـ يېزىقىنى ئىشلىتىشتىكى ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش ئۆلچىمى ئېنىق قېلىپلاشتۇرۇلدى.

يەرلىك قائىدە ـ نىزام تۈزگەندە، ئوخشىمىغان مىللەت، ئوخشىمىغان رايوننىڭ كونكرېت ئەھۋالى نەزەردە تۇتۇلۇپ، پەرقلىق مۇئامىلە قىلىندى. مەسىلەن، پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇپ، نوپۇسنىڭ كۆپىيىشىنى تىزگىنلەش جۇڭگونىڭ بىر تۈرلۈك تۈپ دۆلەت سىياسىتى، جۇڭگونىڭ ئىچكىرى جايلىرىدا ئومۇميۈزلۈك ھالدا بىر جۈپ ئەر ـ خوتۇن بىرلا پەرزەنت كۆ-رۈش يولغا قويۇلدى. شىنجاڭدا خەنزۇلارغا قارىتىلغان پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى 1975 ـ يىلى باشلانغان بولۇپ، 1983 ـ يىلى تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ نىكاھ قانۇنى› نى ئىجرا قىلىش ھەققىدىكى تولۇقلىما بەلگىلىمىسى»دە، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدىمۇ پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇش، لېكىن خەنزۇلاردىن پەرقلىق بولۇش، «خەنزۇلارغا تەلەپنى قاتتىق قويۇش، ئاز سانلىق مىللەتلەرگە مۇۋاپىق مىقداردا كەڭ قوللۇق قىلىش» ئوتتۇرىغا قويۇلدى. 1992 ـ يىلى ئېلان قىلىنغان «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتو-نوم رايونىنىڭ پىلانلىق تۇغۇت چارىسى»دا كونكرېت قىلىپ مۇنداق بەلگىلەندى: شەھەر ـ بازار ئاھالىلىرىدىن بىر جۈپ خەنزۇ ئەر ـ خوتۇن بىرلا پەرزەنت كۆرىدۇ، ئاز سانلىق مىللەت-تىن بولغان بىر جۈپ ئەر ـ خوتۇن ئىككى پەرزەنت كۆرسە بو-لىدۇ؛ دېھقان، چارۋىچىلاردىن بىر جۈپ خەنزۇ ئەر ـ خوتۇن بىر ياكى ئىككى پەرزەنت كۆرسە بولىدۇ، ئاز سانلىق مىللەتتىن بول-غان بىر جۈپ ئەر ـ خوتۇن ئۈچ پەرزەنت كۆرسە بولىدۇ؛ بەلگى-لىمىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ئاز ساندىكىلەر يەنە بىر پەرزەنت كۆرسە بولىدۇ. بۇنداق پەرقلەندۈرۈپ مۇئامىلە قىلىدىغان سىيا-سەت ئالاقىدار قانۇن ـ نىزاملارنى تېخىمۇ يولغا قويۇلۇشچانلىققا ئىگە قىلدى. 2000 ـ يىلى، شىنجاڭدا تەبىئىي كۆپەيگەن نو-پۇسنىڭ 98.6% ى پىلان بويىچە تۇغۇلغان.

**3. ھەر مىللەت ئاممىسى باراۋەر ھوقۇققا ئىگە**

جۇڭگودا، ھەرقايسى مىللەتلەر باراۋەر ھوقۇققا ئىگە. «جۇڭ-

خۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى»دا: «جۇڭخۇا خەلق
جۇمھۇرىيىتىدا ھەرقايسى مىللەتلەر بىردەك باراۋەر بولىدۇ، دۆ-
لەت ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەن-
پەئەتىنى كاپالەتلەندۈرىدۇ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ باراۋەر،
ئىتتىپاق بولغان، ئۆزئارا ياردەم بېرىدىغان مۇناسىۋىتىنى
قوغدايدۇ ۋە راۋاجلاندۇرىدۇ. ھەرقانداق مىللەتكە بولغان كەمسى-
تىش ۋە زۇلۇمنى چەكلەيدۇ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇن-
چىلىق قىلىدىغان ۋە مىللىي بۆلگۈنچىلىك پەيدا قىلىدىغان
ھەرقانداق قىلمىشنى چەكلەيدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. مىللەتلەر
باراۋەرلىكى جۇڭگونىڭ مىللەتلەر مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قى-
لىشتىكى تۈپ پرىنسىپى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۆز - ئۆزىگە
خوجا بولۇشىنىڭ تۈپ كاپالىتى. شىنجاڭدا، مىللەتلەر باراۋەر-
لىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ باراۋەر سىياسىي ھوقۇققا ئىگە
ئىكەنلىكىدىلا ئىپادىلىنىپ قالماستىن، ئۇلار يەنە ئۆز مىللىتى-
نىڭ تىل - يېزىقىنى ئىشلىتىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئۆز
مىللىتىنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى قوغداش ۋە تەرەققىي قىل-
دۇرۇش، ئۆز مىللىتىنىڭ ئۆرپ - ئادىتىنى ساقلاپ قېلىش ياكى
ئىسلاھ قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردىمۇ باراۋەر، ئەركىنلىك ھو-
قۇقىغا ئىگە. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، 50 نەچچە يىلدىن بۇ-
يان، ئىچكىرىدىن نۇرغۇن ئاھالىلەر شىنجاڭغا كۆچۈپ كېلىپ،
شىنجاڭ ئاھالىسىنىڭ مىللەت تەركىبىنى زور دەرىجىدە كۆپەي-
تىۋەتتى، ھازىر شىنجاڭدا 47 مىللەت بار. شىنجاڭدا ياشىغىنى-
غا ئانچە ئۇزۇن بولمىغان، نوپۇسى بىرقەدەر ئاز، تارقاق، ئارىلى-
شىپ ئولتۇراقلاشقان بۇ مىللەتلەرمۇ ئەزەلدىن شىنجاڭدا ياشاپ
كەلگەن 13 مىللەتكە ئوخشاش، باراۋەر ئاساستا تولۇق ھو-
قۇقلاردىن بەھرىمەن بولىدۇ.

شىنجاڭ كۆپ مىللەت تىل - يېزىقى قوللىنىدىغان رايون،
ھازىر شىنجاڭدا ئەزەلدىن ياشاپ كەلگەن 13 مىللەت 10 خىل
تىل، سەككىز خىل يېزىق قوللىنىدۇ، خەنزۇ تىلى بىلەن ئۇي-

غۇر تىلى مىللەتلەر ئارا ئالاقە باغلاشتىكى ئاساسلىق تىل،
شۇنداقلا ئاپتونوم رايون قانۇن ئارقىلىق بەلگىلىگەن ئورتاق تىل
ھېسابلىنىدۇ، قازاق تىلىمۇ شىمالىي شىنجاڭدا ناھايىتى ئومۇم-
يۈزلۈك قوللىنىلىدۇ. دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئالاقىدار قا-
نۇن، نىزاملىرىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايوندىكى ھۆكۈمەتلەر ۋە
تارماقلار تارقاتقان ھۆججەت، ئۇقتۇرۇش، كىنىشكا، جەدۋەللەر-
نىڭ ھەممىسىدە ئۇيغۇر، خەنزۇ يېزىقى قوللىنىلىشى، ھەرقايسى
ئاپتونوم ئوبلاست، ئاپتونوم ناھىيىلەرنىڭ مەمۇرىي ھۆججەتلى-
رىدە تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىللەتنىڭ
ئورتاق يېزىقى تەڭ قوللىنىلىشى كېرەك. ئومۇمەن ئاز سانلىق
مىللەتلەر قاتناشقانلىكى يىغىنلار تەرجىمە قىلىنىشى كېرەك.
ئاممىۋى سورۇنلاردىكى خەتلەر ۋە ئىشچى، كادىر، ئوقۇغۇچى قو-
بۇل قىلىش، تېخنىكا جەھەتتىن سىناش، كەسپىي ئۇنۋان ئىم-
تىھانى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىدە شۇ جايدا ئورتاق قوللىنىلى-
دىغان ئاز سانلىق مىللەت تىل - يېزىقى ۋە خەنزۇ تىل - يېزى-
قى قوللىنىلىشى، كوچىلاردىكى ئادەتتىكى كىچىك بوتكا - دۇ-
كانلارنىڭ ۋىۋىسكىسىمۇ ئاز سانلىق مىللەت يېزىقى ۋە خەنزۇ يې-
زىقى بىلەن يېزىلىشى شەرت. ھەربىر ئادەم كۈندىلىك تۇرمۇش،
ئىشلەپچىقىرىش، ئەمگەك، خەۋەرلىشىش، ئالاقىلىشىشتە ئەركىن
ھالدا ئۆز مىللىتىنىڭ تىل - يېزىقىنى قوللانسا بولىدۇ، سايلام
ۋە شىكايەت قىلىشتا ئۆز مىللىتىنىڭ تىل - يېزىقىنى قوللىنىش
ھوقۇقىغا ئىگە. ئاخبارات - نەشرىيات، رادىئو، كىنو، تېلېۋىزىيە
قاتارلىقلاردا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل - يېزىقى كەڭ كۆلەم-
دە قوللىنىلىدۇ. شىنجاڭدىكى ھەرقايسى نەشرىياتلار ئۇيغۇر،
خەنزۇ، قازاق، موڭغۇل، قىرغىز، شىبە يېزىقلىرىدا گېزىت، كى-
تاب ۋە دەرسلىكلەرنى نەشر قىلىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە، ئاز سانلىق
مىللەتلەر تىل - يېزىقىدىكى كىتاب ۋە ئۈن - سىن بۇيۇملىرى
70%تىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ. شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستان-
سىسى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە ئاڭلىتىش

بەرگەن بىرىنچى كۈندىن باشلاپ، تەڭلا ۋاقىتتا ئۇيغۇر ۋە خەنزۇ تىللىرىدا ئاڭلىتىش بەرگەن، كېيىن يەنە كۆپەيتىپ قازاق، موڭغۇل، قىرغىز تىللىرىدا ئاڭلىتىش بەرگەن.

ھەر خىل مائارىپنىڭ ھەممىسىدە كۆپ خىل ئاز سانلىق مىللەت تىلىدىكى مائارىپ بار، بولۇپمۇ ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مائارىپ باسقۇچىدا ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق، موڭغۇل، قىرغىز، شىبە، رۇس تىلىدا ئوقۇتۇش ئېلىپ بېرىلدى. 2000 ـ يىلى، شىنجاڭ بويىچە ئايرىم تەسىس قىلىنغان ئاز سانلىق مىللەت تىلىدا دەرس بېرىدىغان مىللىي ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپ 5914 كە يېتىپ، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپ ئومۇمىي سانىنىڭ 70% نى ئىگىلىدى. يىلدا بىر قېتىم ئېلىپ بېرىلىدىغان مەملىكەت بويىچە ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئىمتىھانىدا شىنجاڭدا ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق، موڭغۇل قاتارلىق كۆپ خىل تىلدا ئىمتىھان سوئالى چىقىرىلىدۇ ھەمدە ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكوملارغا ئىمتىھان بەرگەن ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىغا قارىتا ئەلالىرىنى تاللاپ قوبۇل قىلىش بىلەن مۇۋاپىق ئېتىبار بېرىشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش چارىسى يولغا قويۇلۇپ، قوبۇل قىلىش نومۇر چېكى تۆۋەنلىتىلىپ، ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بەرگەن مەلۇم نىسبەتتىكى ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئالىي مائارىپنى قوبۇل قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، نامرات ئوقۇغۇچىلارغا قارىتا ئوقۇش پۇلى، پارچە خىراجەت ۋە دەرسلىك پۇلىنى كەچۈرۈم قىلىش قاتارلىق ئېتىبار بېرىش يولغا قويۇلدى، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا دۆلەت ۋە يەرلىك ھۆكۈمەت قوشۇمچە ياردەم بېرىدىغان ياتاقلىق مەكتەپلەر تەسىس قىلىنىپ، ھەر مىللەت، ھەر قاتلامدىكى بالىلارنىڭ باراۋەر ئاساستا مائارىپتىن بەھرىمەن بولۇش ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىندى.

ھەرقايسى مىللەتلەر ئۆز مىللىتىنىڭ مىللىي ئۆرپ ـ ئا-

دىنىنى ساقلاپ قېلىش ياكى ئىسلاھ قىلىش ئەركىنلىكىگە ئىگە، بۇ، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ ئىزچىل سىياسىتى. ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر ۋە تارماقلار يەنە بىر قاتار كونكرېت سىياسەت، نىزاملارنى تۈزۈپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىنىش، ھېيت ـ بايرام، توي ـ تۆكۈن، دەپنە مۇراسىمى قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئادەتلىرىگە ھۆرمەت قىلدى ۋە ئۇنىڭغا ئېتىبار بەردى. مەسىلەن، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئالاھىدە ئېھتىياجلىق يېمەكلىكلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش ۋە تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش، بولۇپمۇ ئومۇمىيۈزلۈك ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان 10 مىللەتكە ئېتىبار بېرىشكە دىققەت قىلىشنى تەلەپ قىلدى، ھالال يېمەكلىك يەيدىغان مىللەتلەرگە قارىتا، دۆلەت جايلاردىن قاتناش تۈگۈنى ۋە مۇسۇلمان ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر بار ئورۇنلاردا «مۇسۇلمانلار ئاشخانىسى» ياكى «مۇسۇلمانلار قازىنى» تەسىس قىلىش؛ بۇ مىللەتلەرنى تەمىنلەيدىغان كالا، قوي گۆشلىرىنى مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت بويىچە بوغۇزلاش ۋە بىر تەرەپ قىلىش ھەمدە ئايرىم ساقلاش، ئايرىم توشۇش، ئايرىم سېتىش؛ چوڭ، ئوتتۇرا شەھەرلەر ۋە مۇسۇلمانلار بىرقەدەر كۆپ كىچىك شەھەر ـ بازارلاردا مەلۇم ساندىكى مۇسۇلمانلار ئاشخانىسىنى ساقلاپ قېلىش ھەمدە شۇ مىللەتتىن بولغان ئاشپەز، مۇلازىمەتچىلەرنى تەربىيىلەشكە ئەھمىيەت بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ھەرقايسى مىللەتلەر ئەركىن ھالدا ئۆز مىللىتىنىڭ ئەنئەنىسى بويىچە ھېيت ـ بايراملىرىنى تەبرىكلەيدۇ، جايلاردىكى خەلق ھۆكۈمەتلىرى شۇ جايدىكى مىللەتلەرنىڭ ھېيت ـ بايرام ئادىتىگە ئاساسەن، بايراملىق دەم ئېلىش چارىسى تۈزىدۇ ۋە بايراملىق ئالاھىدە يېمەكلىك بىلەن تەمىنلەيدۇ. شىنجاڭدا ھەر يىلى روزا ھېيت ۋە قۇربان ھېيت بولغاندا، ئومۇمىيۈزلۈك ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مىللەتلەر ھېيتلىق دەم ئېلىشتىن بەھرىمەن بولالايدۇ، رۇسلارنىڭ «مىلاد بايرىمى» ۋە «پاسخا بايرىمى»دىمۇ قانۇنلۇق دەم ئېلىشى بار. ئوخشىمىغان

مىللەتلەرنىڭ ئوخشىمايدىغان دەپنە مۇراسىم ئادەتلىرى بار. ھا-
زىر، جۇڭگودا خەنزۇلار كۆيدۈرۈپ دەپنە قىلغاندىن سىرت، باشقا
مىللەتلەرنىڭ دەپنە قىلىش ئادىتىدىگە ھۆرمەت قىلىندى. مەسى-
لەن، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مىللەتلەرنىڭ يەرگە دەپ-
نە قىلىش ئادىتى بار، بۇنىڭ ئۈچۈن دۆلەت مەخسۇس يەر ئاجرى-
تىپ، جامائەت قەبرىستانلىقى قۇرۇپ بەردى. دۆلەت ۋە ھەر دە-
رىجىلىك ھۆكۈمەت تارماقلىرى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مىللىي
ئۆرپ - ئادىتىگە ھۆرمەت قىلىش تەشۋىقات - تەربىيىسىنى ئې-
لىپ بېرىشقا ئەھمىيەت بەردى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئام-
مىباب تەشۋىقات ۋاستىلىرىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ
مىللىي ئۆرپ - ئادىتىگە دەخلى - تەرۇز يەتكۈزۈش ئەھۋاللىرىغا
يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، ئاخبارات، نەشرىيات، ئەدەبىيات -
سەنئەت ساھەسى ۋە ئىلمىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانغۇچىلاردىن
ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مىللىي ئۆرپ - ئادىتىنى توغرا تونۇش
ۋە ئۇنىڭغا ھۆرمەت قىلىشنى تەلەپ قىلدى. ئاز سانلىق مىللەت-
لەرنىڭ ئۆرپ - ئادىتىنى قەستەن بۇرمىلىغان، ئاز سانلىق مىل-
لەتلەرنىڭ ھېسسىياتىغا زىيان يەتكۈزگەنلەرنىڭ قىلمىشى ئې-
غىر، يامان ئاقىۋەت كەلتۈرۈپ چىقارغانلارنىڭ پارتىيە ئىنتىزا-
مى، مەمۇرىي ئىنتىزام بويىچە جاۋابكارلىقى، ھەتتا قانۇنىي
جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرۈش كېرەك. «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرى-
يىتىنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنى»دا « ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ
ئۆرپ - ئادىتىگە دەخلى - تەرۇز يەتكۈزۈش جىنايىتى»
«پۇقرالارنىڭ جىسمانىي ھوقۇقى، دېموكراتىك ھوقۇقىغا دەخ-
لى - تەرۇز يەتكۈزۈش جىنايىتى»گە كىرگۈزۈلگەن. دەرۋەقە،
جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ھەرقايسى مىللەت-
لەرنىڭ ئۆرپ ئادىتىدىمۇ ئۆزگىرىش بولۇۋاتىدۇ، لېكىن،
ئۆرپ - ئادەتنى ئىسلاھ قىلىش - قىلماسلىق ياكى قانداق ئۇ-
سۇل ئارقىلىق ئىسلاھ قىلىشنى پەقەت شۇ مىللەتنىڭ ئۆزىلا
بەلگىلەيدۇ، دۆلەت سىياسەت مەدىتى ۋە ياردەم بىلەنلا تەمىنلەيدۇ.

باراۋەر، ئىتتىپاق بولغان مىللەتلەر سىياسىتى ۋە كەڭ-
كۆشادە ئىجتىمائىي مۇھىت ئىلگىرىكى مىللىي كەمسىتىش تۈ-
پەيلىدىن ئۆزىنىڭ مىللەت تەركىبىنى يوشۇرۇش ياكى ئۆزگەر-
تىشكە مەجبۇر بولغان بىر قىسىم كىشىلەرنى ئۆز ئىختىيارلىقى
بىلەن قايتىدىن ئۆزىنىڭ مىللەت تەركىبىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش
ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. 1982 ـ يىلدىن 1988 ـ يىلغىچە،
شىنجاڭ مىللەت تەركىبىنى ئەسلىگە كەلتۈرىدىغان ياكى
توغرىلاپ ئۆزگەرتىدىغانلاردىن 3844 ئائىلىلىك، 11 مىڭ 468
كىشىنىڭ رەسمىيىتىنى بېجىردى.

## تۆتىنچى، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ باراۋەر ئاساستا تەرەققىي قىلىشى ۋە ئورتاق گۈللىنىشى

### 1. دۆلەتنىڭ مەدەت بېرىشى ۋە مەبلەغ سېلىشى

شىنجاڭنىڭ زېمىنى كەڭ، تەبىئىي بايلىقى مول. ئازادلىقتىن بۇرۇن، قالاق فېئودال ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا توسالغۇ بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە يېقىنقى زاماندىكى ھەر نۆۋەتلىك ھۆكۈمەت قابىلىيەتسىز، فېئودال بېكىنمە بولۇپ، ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقى دائىم يۈز بېرىپ تۇرغانلىقتىن، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ناھايىتى ئاستا بولغان، ماددىي مەھسۇلات كەمچىل بولۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشى ئىنتايىن غۇربەتچىلىكتە ئۆتكەنىدى. ئەينى چاغدا، يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسى قالاق بولۇپ، دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ مەھسۇلات مىقدارى ناھايىتى تۆۋەن ئىدى. ئازادلىق ھارپىسىدا، شىنجاڭدا ئاشلىق، كېۋەز، مايلىقدانىنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئاران 65 كىلوگرام، 10 كىلوگرام، 29 كىلوگرام بولۇپ، كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 195 كىلوگرامدىن ئاشلىق توغرا كېلەتتى. چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش ئۇسۇلى قوپال بولۇپ، چارۋىچىلار سۇ، ئوت قوغلىشىپ ئولتۇراقلىشىشتەك جاپالىق كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشى كەچۈرەتتى.

يېقىنقى زامان سانائىتى يوق دېيەرلىك بولۇپ، ماشىنا ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئېلىپ بارىدىغان زاۋۇتتىن ئاران 14ى بار ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆلىمى ناھايىتى كىچىك ئىدى، قالغانلىرى بولسا قول بىلەن ئىشلەيدىغان دۇكان ياكى قول ھۈنەرۋەنچىلىك زاۋۇتلىرى ئىدى. 1949 ـ يىلى، شىنجاڭنىڭ سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى ئاران 400 مىليون يۈەندىن كۆپرەك بولغان، بۇنىڭ ئىچىدە سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 98 مىليون يۈەن بولۇپ، 22.5%نى ئىگىلىگەن. پۈتۈن شىنجاڭدا تۆمۈريول دېگەن نېمە يوق بولۇپ، پەقەت بىرقانچە ئاددىي تاشيوللا بار ئىدى، قاتناش ـ ترانسپورتىدا ئاساسلىقى تۆگە، ئېشەككە تايىناتتى. خەلق ئاۋىئاتسىيىسىدە پەقەت نامدا بار ئەمەلدە يوق ئۈچ ئاۋىئاتسيە پونكىتى(قۇمۇل، ئۈرۈمچى، ئىلى) ۋە بۇ ئۈچ پونكىتنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان بىر ھاۋا يولىلا بار ئىدى.

شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئىقتىسادىي تەرەققىيات سۈرئىتىنى تېزلىتىش ۋە نامرات، قالاق ھالەتنى ئۆزگەرتىشنى جىددىي تەلەپ قىلدى. 50 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا، ناھايىتى قىيىن مۈھىت ۋە شارائىتتا، جۇڭگو كومپارتىيىسى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ، ئۇلۇغۋار ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش ئېلىپ بېرىپ، سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلدى، خەلقنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقى ۋە ئىجادكارلىقى مىسلىسىز ئاشتى، خەلق ئىگىلىكى تېزدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇلدى، 1952 ـ يىلى، شىنجاڭنىڭ سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 70 مىليون يۈەنگە يەتتى.

لېكىن، شىنجاڭنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسى بىرقەدەر تۆۋەن، ئاساسى ئاجىز بولغاچقا، ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقىغىلا تايىنىپ نامرات، قالاق ھالەتنى تېزدىن ئۆزگەرتىش قىيىنغا توختايدۇ. جۇڭگونىڭ مىللىي تېررىتورىيە-

لىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنىڭ چوڭ بىر ئەۋزەللىكى شۇكى، ئاپ-
تونومىيە ئورگانلىرى يەرلىكنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيىتىنى ئۆ-
زىگە ئۆزى خوجا بولغان هالدا تەرەققىي قىلدۇرالايدۇ، يۇقىرى
دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى هەرقايسى تەرەپتىكى كۈچلەرنى
ئۇلارغا ياردەم ۋە مەدەت بېرىشكە سەپەرۋەر قىلىپ، هەرقايسى
مىللەتلەرنى باراۋەر تەرەققىي قىلىش، ئورتاق گۈللىنىش ئىمكا-
نىيىتىگە ئىگە قىلسا بولىدۇ. 50 نەچچە يىلدىن بۇيان، جۇڭگو
هۆكۈمىتى ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىنىڭ ئىقتىسادىنى تېز
سۈرئەتتە تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئىزچىل تۈردە مۇهىم خىزمەت
مەزمۇنى قىلىپ، شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتىغا مالىيە كۈچى، ماد-
دىي كۈچ جەهەتتىن زور كۈچ بىلەن ياردەم بەردى. دۆلەتنىڭ
زور كۈچ بىلەن مەدەت بېرىشى ئارقىسىدا، شىنجاڭ زور كۆلەمدە
مەبلەغ سېلىپ قۇرۇلۇش ئېلىپ باردى. 1950 ـ يىلدىن 2001 ـ
يىلغىچە، پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ مۇقىم مۈلۈككە سالغان مەبلىغى
جەمئىي 501 مىليارد 515 مىليون يۈەن ئورۇندالدى، بۇنىڭ ئى-
چىدە مەركەزنىڭ سالغان مەبلىغى 266 مىليارد 223 مىليون
يۈەن بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكى پۈتۈن جەمئىيەت سالغان
مەبلەغنىڭ 53.1%نى ئىگىلىدى؛ جەمئىي 90 مىڭدىن كۆپرەك
تۈر پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 178
چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى تۈر ۋە شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققى-
ياتىغا زور تەسىر كۆرسەتىدىغان زور بىر تۈركۈم تۈرلەر بار بو-
لۇپ، ئۇلار شىنجاڭ ئىقتىسادىنىڭ ئۇدا ئېشىشىغا مەدەت بېرىش
ئۈچۈن پۇختا ئاساس سالدى. دەسلەپكى ستاتىستىكىدىن قارى-
غاندا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغان 1955 ـ يىلى-
دىن 2000 ـ يىلغىچە، مەركىزىي هۆكۈمەتنىڭ شىنجاڭغا بەر-
گەن مالىيە قوشۇمچە ياردىمى جەمئىي 87 مىليارد 741 مىليون
يۈەنگە يەتكەن. بولۇپمۇ 1996 ـ يىلدىن بۇيان، مەركىزىي هۆ-
كۈمەتنىڭ مالىيە كۈچىنىڭ ئېشىشى ۋە غەربىي رايوننى كەڭ
ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا ئەگىشىپ، مەر-

كىزىي ھۆكۈمەتنىڭ شىنجاڭغا بەرگەن ئادەتتىكى مالىيە قو-شۇمچە ياردىمى يىلمۇيىل كۆپىيىپ باردى: 1996 - يىلى 5 مىلىيارد 907 مىليون يۈەن، 1997 - يىلى 6 مىليارد 838 مىليون يۈەن، 1998 - يىلى 8 مىليارد 12 مىليون يۈەن، 1999 - يىلى 9 مىليارد 400 مىليون يۈەن، 2000 - يىلى 11 مىليارد 992 مىليون يۈەن، 2001 - يىلى 18 مىليارد 382 مىليون يۈەن بولغان. مەركىزىي ھۆكۈمەت يەنە تۈرلۈك مەخسۇس تۈرلەرگە مالىيەدىن يۆتكەپ چىقىم قىلىش، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىغا ئېتىبار بېرىش سىياسىتى بويىچە مالىيەدىن يۆتكەپ چىقىم قىلىش ۋە خەلقئارا پۇل مۇئامىلە تەشكىلاتلىرى، چەت ئەل ھۆكۈمەتلىرىدىن قەرز ئېلىش ئارقىلىق مەبلەغ سېلىش سالمىقىنى ۋە قوللاشنى ئاشۇرغان.

شىنجاڭنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى قالاق، ئىختىساسلىقلار كەمچىل بولۇش ۋەزىيىتىنى تېزدىن ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، 50 - يىللاردىن بۇيان، جۇڭگونىڭ ئىچكىرى جايلىرىدىن زور بىر تۈركۈم ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكومنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار، چېگرا رايونغا ياردەم بەرگۈچى ياشلار، ھەربىي سەپتىن كەسىپ ئالماشتۇرغانلار شىنجاڭغا كېلىپ، شىنجاڭنى ئېچىش، گۈللەندۈرۈش ئىشلىرىغا قاتناشتى. شاڭخەي يىڭخۇا پولات - تۆمۈر زاۋۇتى، شاڭخەي فۇخۇا ئىلمە توقۇلما زاۋۇتى، تيەنجىن شەھەرلىك 4 - بىناكارلىق - قۇرۇلۇش شىركىتى قاتارلىق نۇرغۇن ئورۇنلار چېگرا رايونغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن، ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش شارائىتى خېلى ياخشى چوڭ شەھەرلەرنى تاشلاپ، زاۋۇتلىرىنى غەربكە كۆچۈرۈپ كېلىپ، شىنجاڭدا ماكانلاشتى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت يەنە ئىچكىرىدىكى ئىقتىسادى بىرقەدەر تەرەققىي تاپقان ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارنى سىستېمىلار بويىچە ياردەم بېرىشكە تەشكىللىدى، بۇنىڭ دائىرىسى سانائەت، يېزا ئىگىلىكى، سودا، پەن - تېخنىكا، ئىختىساس ئىگىلىرى، مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە قاتارلىق ھەرقاي-

سى ساھەلەرگە چېتىلىدۇ. 1999 ـ يىلى، دۆلەت غەربىي رايوننى كەڭ ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشنى قارار قىلدى، مەركىزىي ھۆكۈمەت غەربىي رايونغا مەبلەغ سېلىش سالمىقىنى يەنىمۇ زورايتتى ھەمدە غەربىي رايونلارغا بىر قاتار ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى بەردى، بۇ، شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتى ۋە گۈللىنىشىنى ناھايىتى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرگۈسى.

## 2. ئىجتىمائىي ئىشلار ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلدى

مەركەز ۋە ئىچكىرىدىكى ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارنىڭ ياردىمى شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن پۇختا ماددىي ئاساس سېلىپ بەردى، شۇنداقلا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ گۈزەل ئائىلىسىنى قۇرۇش ئىشەنچىسىگە ئىلھام بەردى. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جاپالىق كۈرەش قىلىشى ئارقىلىق، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىدا شانلىق نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. 2001 ـ يىلى، شىنجاڭنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 148 مىليارد 500 مىليون يۈەن بولۇپ، سېلىشتۇرما باھا بويىچە ھېسابلىغاندا، 1952 ـ يىلدىكىدىن 53 ھەسسە، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 10.3% ئاشتى. ئىقتىسادىي قۇرۇلما مۇۋاپىق بولۇشقا قاراپ يۈزلەندى، يېزا ئىگىلىكى ئاساس قىلىنغان 1 ـ كەسىپ، سانائەت ئاساس قىلىنغان 2 ـ كەسىپ، مۇلازىمەت كەسپى ئاساس قىلىنغان 3 ـ كەسىپنىڭ مەھسۇلات قىممىتى ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىدە ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 19.4%، 42.4% ۋە 38.2%نى ئىگىلىدى، ئىلگىرىكى بىر خىللا يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى تۈپتىن ئۆزگەرتىلدى.

ئىقتىسادنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشى ئىجتىمائىي ئىشلار قۇرۇلۇشىنى كۈچلۈك ماددىي كاپالەت بىلەن تەمىن ئەتتى. 50 نەچچە يىلدىن بۇيان، شىنجاڭنىڭ مائارىپ، داۋالاش ـ

سەھىيە، نامراتلارنى يۆلەش قاتارلىق تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئىش-لىرى ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلدى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇش سۈپىتى كۆرۈنەرلىك ئۆستى.

شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولۇشتىن بۇرۇن، مائارىپ-نىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسى ئىنتايىن تۆۋەن ئىدى. 1949 - يى-لى، پۈتۈن شىنجاڭدا 4 مىليوندىن كۆپرەك نوپۇس، ئالىي مەك-تەپتىن ئاران بىرى، مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىدىن 300 نەچچىسى، تۈرلۈك ئوتتۇرا مەكتەپتىن 50ى، باشلانغۇچ مەكتەپ-تىن 1355ى، مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىدىن جەمئىي 204 مىڭى بار ئىدى. ئوقۇش يېشىغا يەتكەن ھەر بەش بالىدىن ئاران بىرى مەكتەپكە كىرىپ تەربىيە ئالالايتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەك-تەپنىڭ سىنىپ - ئىشخانىلىرى ئاددىي، كونا بولۇپ، مەكتەپ باشقۇرۇش شارائىتى ناھايىتى ناچار ئىدى. پۈتۈن شىنجاڭ بويى-چە 90% ئادەم ساۋاتسىز ئىدى. 2001 - يىلى، شىنجاڭدىكى ئا-لىي مەكتەپلەر تەرەققىي قىلىپ 21گە، تۈرلۈك ئوتتۇرا مەكتەپ-لەر 2179 غا، باشلانغۇچ مەكتەپلەر 6221گە، ئەما - گاچا - گاسلار مەكتىپى يەتتىگە، مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئومۇمىي سانى 4 مىليون 161 مىڭ 700 گە يەتتى، بۇنىڭ ئى-چىدە، ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى 2 مىليون 573 مىڭ 500 بولۇپ، ئاپتونوم رايون بويىچە مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار ئومۇمىي سانىنىڭ 61.8% نى ئىگىلەيدۇ. ئوقۇش يېشىغا يەتكەن بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 97%كە يەتتى، ھەر مىل-لەت ياشلار - ئۆسمۈرلىرى تەربىيىلىنىش ھوقۇقى ۋە پۇرسىتى-گە ئىگە بولدى. چوڭلار مائارىپىدىمۇ كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، يېقىنقى 20 يىلدىن بۇيان، پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە جەمئىي 2 مىليون 430 مىڭ ئادەمنىڭ ساۋاتى چىقىرىل-دى، ياشلار، قىرانلار ئارىسىدىكى ساۋاتسىزلىق نىسبىتى 2%كە چۈشۈرۈلدى. مائارىپنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ھەر مىللەت ئەمگەكچىلىرىنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى كۆرۈنەرلىك ئۆس-

تى. 2000 ـ يىلى پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە، ھەر 100 مىڭ ئادەم ئىچىدە ئالىي مەكتەپ تەربىيىسى ئالغانلار 1990 ـ يىلىدىكى 1846 ئادەمدىن 5141 ئادەمگە كۆپەيدى①.

2001 ـ يىلى، پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە سەھىيە ئاپپاراتىدىن 7309ى بولۇپ، 1949 ـ يىلىدىكىدىن 134 ھەسسە كۆپەيدى؛ دوختۇردىن 45 مىڭى بولۇپ، 1949 ـ يىلىدىكىدىن 548 ھەسسە كۆپەيدى، ھەر 10 مىڭ ئادەمگە 24 تىن دوختۇر توغرا كېلىپ، مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى قاتارغا ئۆتتى. يېزىلاردا ئاساسىي جەھەتتىن ناھىيە، يېزا، كەنتتىن ئىبارەت ئۈچ دەرىجىلىك داۋالاش، ساقلىق ساقلاش تورى شەكىللەندى. يەرلىك كېسەللىكلەر ۋە يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش خىزمىتىدىمۇ زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە زور كۆلەمدىكى ئىچىملىك سۇنى ياخشىلاپ، كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش قۇرۇلۇشىدا 8 مىليوندىن كۆپرەك ئادەم مەنپەئەتكە ئېرىشتى، تۈرلۈك يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرگە گىرىپتار بولىدىغانلارنىڭ سانى ئازايدى، چېچەك قاتارلىق يامان سۈپەتلىك يۇقۇملۇق كېسەللىك پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە تۈگىتىلدى، خولېرا قاتارلىقلار ئۈنۈملۈك تىزگىنلەندى. داۋالاش مۇلازىمەت سىستېمىسى كۈنسايىن مۇكەممەللەشتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە تۇرمۇش سەۋىيىسى ئومۇميۈزلۈك ئۆسۈپ ھەمدە ئاممىۋى خاراكتېرلىك تەنتەربىيە، ساغلاملىق پائالىيىتى كەڭ كۆلەمدە قانات يايدۇرۇلۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ساغلاملىق سەۋىيىسى زور دەرىجىدە ئۆستى. 2001 ـ يىلىغا كەلگەندە، شىنجاڭدا ئاھالىلەرنىڭ ئۆلۈش نىسبىتى 5.69‰ كە تۆۋەنلەپ، ئوتتۇرىچە مۆلچەر يېشى 1949 ـ يىلىدىكى 30 ياشقىمۇ يەتمەسلىكتىن، 1995 ـ يىلى 68.5 ياشقا ئۆستى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، سۈپەتلىك تۇغۇش، سۈپەتلىك تەربىيىلەش، تۇغۇت سەۋىيىسىنى

① «شىنجاڭ گېزىتى»، (خەنزۇچە) 2001 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى.

تۆۋەنلەپ، تۇغۇت سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش ئىدىيىسى كەڭ كۆلەمدە تارقىلىپ، پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە ئاھالىلەرنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 1949 ـ يىلىدىكى 30 ‰ تىن 2001 ـ يىلى 16.92 ‰ كە تۆۋەنلىدى، ئۆلۈش نىسبىتى زور ھەجىمدە تۆۋەنلىگەنلىكتىن، نوپۇسنىڭ تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 9.2 ‰ تىن 11.13 ‰ كە ئۆستى.

ھەر مىللەت نامرات ئاھالىلەرنىڭ ئورتاق بېيىش يولىغا مېڭىشىغا ياردەم بېرىش ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ بوشاشماس ئىستىكى. شىنجاڭدىكى نامرات ئاھالىلەر ئاساسلىقى چەت، يىراق رايونلارغا، سوغۇق رايونلارغا، سۇ كەمچىل رايونلارغا ۋە يەرلىك كېسەللىك كۆپ كۆرۈلىدىغان رايونلارغا جايلاشقان، بۇ جايلاردا تەبىئىي مۇھىت بىرقەدەر ناچار، مەدەنىيەت، مائارىپ ئارقىدا، ئاز سانلىق مىللەتلەر بىرقەدەر مەركەزلەشكەن. دۆلەت ۋە ھەر دەرىجىلىك يەرلىك ھۆكۈمەتلەر مەخسۇس مەبلەغ، قەرز پۇل ئاجرىتىش، باشقا جايغا كۆچۈرۈش، تېخنىكا جەھەتتىن ياردەم بېرىش، سىياسەت جەھەتتە مەدەت بېرىش قاتارلىق تۈرلۈك ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، نامرات ئاھالىلەرنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىغا ياردەم بەردى. 2002 ـ يىلى، پۈتۈن شىنجاڭدىكى نامرات ئاھالە 1993 ـ يىلىدىكى 1 مىليون 760 مىڭ ئادەمدىن 190 مىڭ ئادەمگە ئازايغان.

ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسى تەدرىجىي بەرپا قىلىندى، ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى، ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسى ۋە داۋالىنىش سۇغۇرتىسى تۈزۈمى كەڭ كۆلەمدە يولغا قويۇلدى. 2002 ـ يىلى، پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە 1 مىليون 155 مىڭ ئىشچى ـ خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىرتۇتاش غەملەشكە قاتناشتى، 1 مىليون 480 مىڭ ئىشچى ـ خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىرتۇتاش غەملەشكە قاتناشتى. شەھەر ـ بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالەت سىزىقى تۈزۈمىنىڭ

ئورنىتىلىشى نامراتلارنى كېيىنىش، تويۇنۇش جەھەتتىكى غەم ـ ئەندىشىدىن خالاس قىلدى. 2002 ـ يىلى 12 ـ ئايدا، پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتىدىن بەھرىمەن بولىدىغانلار 460 مىڭدىن ئېشىپ كەتتى. ئەمگەك ئىقتىدارىدىن مەھرۇم قالغان، قارايدىغان ئادىمى يوق ئاز ساندىكى تۇللار، ياشانغانلار، يېتىم ـ يېسىرلار ۋە مېيىپلارنىڭ تۇرمۇش قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ھۆكۈمەت تۈرلۈك ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئاپپاراتلىرىنى قۇردى. 2001 ـ يىلىغىچە پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە تۈرلۈك پاراۋانلىق ئورنىدىن 72 سى قۇرۇلۇپ، 4800 دىن كۆپرەك ئادەمنى قوبۇل قىلدى، شەھەر، يېزا كوللېكتىپ باققان ھەر مىللەتتىن بولغان يېتىم ـ يېسىرلار، قېرى ـ چۆرىلەر، مېيىپلار ۋە باللار 10 مىڭدىن كۆپرەككە يەتتى.

**3. ھەر مىللەت مەدەنىيىتىنىڭ پارلاق نۇر چېچىشى**

شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت ـ سەنئىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە بولۇپ، ئۆزگىچە ئۇسلۇبقا ئىگە. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتى ئۈچۈن پايدىلىق شارائىت يارىتىپ بەردى، مەدەنىيەت تارماقلىرى نۇرغۇن ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچ سەرپ قىلىپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ كلاسسىك ئەدەبىياتى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە ئەل ئىچى ناخشا ـ مۇزىكىلىرىنى كەڭ كۆلەمدە توپلىدى، رەتلىدى، بۇنىڭ بىلەن مىللىي ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت يېڭى تۈسكە كىردى ھەمدە جۇشقۇن ھاياتىي كۈچكە تولدى. بىر قىسىم نادىر ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرى، مەسىلەن، ئۇيغۇرلارنىڭ «قۇتادغۇ بىلىگ»، «تۈركىي تىللار دىۋانى»، «ئون ئىككى مۇقام»، موڭغۇللارنىڭ «جاڭغىر»، قىرغىزلارنىڭ «ماناس»، زاڭزۇلارنىڭ «گېسىر ۋاڭنىڭ تەرجىمىھالى» قاتارلىقلار توپلىنىپ، رەتلەنگەندىن كېيىن نەشر قىلىندى ياكى سەھنىدە ئوينالدى، رادىئودا ئاڭلىتىلدى. بىر تۈركۈم كەسپىي ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئۆمەكلىرى،

سەنئەت تەتقىقات ئاپپاراتلىرى ۋە ئىجادىيەت ئاپپاراتلىرى قۇرۇلدى، ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، موڭغۇل، تاجىك، شىبە، خۇيزۇ قاتارلىق مىللەتلەرنىڭمۇ ھەممىسىنىڭ كەسپىي ئەدەبىيات - سەنئەت ئۆمەكلىرى بار بولدى. 1958 - يىلى، شىنجاڭدا تۇنجى سەنئەت مەكتىپى قۇرۇلدى، ھازىر ئۇ تەرەققىي قىلىپ سەنئەت ئىنستىتۇتىغا ئايلىنىپ، زور بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر سەنئەت ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈردى. شىنجاڭ ناخشا - ئۇسسۇل، سەنئەت ئۆمىكى پۈتۈن مەملىكەتتە ھەتتا دۇنيادىكى نۇرغۇن دۆلەت ۋە رايونلاردا ئويۇن قويۇپ، شۇ جايدىكى خەلقنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى، شىنجاڭنىڭ مىللىي مەدەنىيىتى دۇنياغا يۈزلەندى. ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەتلىرىمۇ قايتىدىن نۇر چاچتى. 1985 - يىلىدىن 2000 - يىلىغىچە، شىنجاڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا تۆت قېتىم ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت يىغىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە تۈرىدىن 200 نەچچىنى قېزىپ، رەتلەپ، ئۈزۈلۈپ قالغىنىغا ئۇزۇن بولغان، ئەمما ياقتۇرىدىغان ئەنئەنىۋى تۈرلەرنى قايتىدىن ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلدى. ھۆكۈمەتنىڭ قوغدىشى ۋە يۆلىشى ئارقىسىدا، ئۇيغۇرلارنىڭ داۋازچىلىقى ئىلگىرىكى ئەل ئىچى سېرىكچىلىكىدىن تەرەققىي قىلىپ يۇقىرى سەۋىيىدىكى سېرىك سەھنىسىگە ئايلاندى، ياش يىگىت ئادىل ھوشۇر 1997 - يىلى، 2000 - يىلى، 2001 - يىلى ۋە 2002 - يىلى ئۇدا بەش قېتىم گىننېس دۇنيا رېكورتى يارىتىپ، دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتتى.

رادىئو، تېلېۋىزىيە، نەشرىياتچىلىق ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلدى. 1996 - يىلى، شىنجاڭ جۇڭگودىكى ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلار بويىچە كۆلىمى ئەڭ چوڭ، تارقىتىلىدىغان تىل تۈرى ئەڭ كۆپ بولغان سۈنئىي ھەمراھ يەر يۈزى پونكىتى قۇرۇپ، سۈنئىي ھەمراھ ئارقىلىق بىرلا ۋاقىتتا خەنزۇ، ئۇيغۇر، قازاق تىللىرىدا تېلېۋىزىيە نومۇرى تارقاتتى. 2001 - يىلىغا كەلگەن-

دە، پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە رادىئو، تېلېۋىزىيىنىڭ قاپلاش نىسبىتى ئايرىم - ئايرىم ھالدا 91.27% ۋە 90.93%كە يېتىپ، ئاساسىي جەھەتتىن ھەممە كەنتتە رادىئو - تېلېۋىزور بولۇش ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشى ناھايىتى زور دەرىجىدە بېيىتىلدى. 1952 - يىلىدىن 2001 - يىلىغىچە، شىنجاڭدا نەشر قىلىنغان كىتاب 166 خىلدىن تەرەققىي قىلىپ 3608 خىلغا يەتتى، ژۇرنال سەككىز خىلدىن تەرەققىي قىلىپ 212 خىلغا يەتتى، گېزىت تۆت خىلدىن تەرەققىي قىلىپ 98 خىلغا يەتتى، ئاممىۋى كۇتۇپخانا بىردىن تەرەققىي قىلىپ 81 گە يەتتى، مۇزېي يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ، 2001 - يىلى 23 كە يەتتى. تۈرلۈك تەشۋىقات ۋاسىتىلىرى ۋە كىتاب نەشرىياتچىلىقىدا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل - يېزىقى كەڭ كۆلەمدە قوللىنىلىپ، ھەر مىللەت ئاممىسى ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىيات نەتىجىلىرىدىن بەھرىمەن بولۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى.

شىنجاڭدا يەنە مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى كومىتېتى ۋە مىللەتلەر تىل - يېزىق تەتقىقات ئاپپاراتى قۇرۇلۇپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تىل - يېزىقى ئىلمىي ئۇسۇلدا تەتقىق قىلىندى. بىر قىسىم ئالىي مەكتەپلەردە ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىيات كەسپى تەسىس قىلىنىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىيات ئوقۇتۇشى، تەتقىقاتى ۋە تەرجىمە بىلەن شۇغۇللىنىدىغان زور بىر تۈركۈم ئىختىساس ئىگىلىرى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈلدى. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل - يېزىقىنى قېلىپلاشتۇرۇش، ئۆلچەملەشتۈرۈش، كومپيۇتېردا ئۇچۇرلاشتۇرۇپ بىر تەرەپ قىلىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىدە بۆسۈش خاراكتېرلىك ئىلگىرىلەش بولۇپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تىل - يېزىقى بېيىتىلدى ۋە راۋاجلاندۇرۇلدى.

## بەشنچى، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە ھۆرمەت قىلىش ۋە ئۇنى قوغداش

### 1. دىنىي ئىمتىياز ۋە ئېكسپلاتاتسىيە تۈزۈمىنى بىكار قىلىش

تارىختا شىنجاڭ ئىزچىل تۈردە كۆپ خىل دىن تەڭ مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن رايون ئىدى. 20 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگۈچە، شىنجاڭدا جەمئىي ئىسلام دىنى، بۇددا دىنى، تويىن دىنى، كاتولىك دىنى، خرىستىئان دىنى(پروتېستانت دىنى)، پراۋۇسلاۋىيە دىنى قاتارلىق ئالتە خىل دىن بار ئىدى. ئۇيغۇر، قازاق، خۇيزۇ، قىرغىز، ئۆزبېك، تاجىك، تاتار قاتارلىق يەتتە مىللەت ئومۇميۈزلۈك ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى، خەنزۇ، موڭغۇل، شىبە، داغۇر قاتارلىق مىللەتلەر ئارىسىدىكى بىر قىسىم كىشىلەر بۇددا دىنىغا(تىبەت بۇددا دىنىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ئېتىقاد قىلاتتى، خەنزۇلار ئارىسىدىكى بىر قىسىم كىشىلەر تويىن دىنى، كاتولىك دىنى ۋە خرىستىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى. پراۋۇسلاۋىيە دىنىغا ئاساسلىقى رۇس مىللىتى ئېتىقاد قىلاتتى. بۇنىڭدىن باشقا، يەنە بەزى مىللەتلەر، مەسىلەن مانجۇ، شىبەلەر ئارىسىدىكى بىر قىسىم كىشىلەر شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى. ئەينى چاغدا، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلارنىڭ سانى ئەڭ كۆپ ئىدى.

شىنجاڭ ئازاد بولغان دەسلەپكى چاغلاردا، مەسچىت قاتارلىق دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى تۈرلۈك دىنىي ئىشلار ئۆچۈن ئىشلىتىلىدىغان يەرلەر(ئومۇملاشتۇرۇلۇپ ۋەخپە دېيىلىدۇ)نىڭ كۆلىمى كىشىنى چۆچۈتەتتى. ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، يەكەن ناھىيىسىدىكى «ۋەخپە» يەرلا يەر ئومۇمىي سانىنىڭ ئۈچتىن بىرىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدىكەن، قەشقەردىكى داڭلىق ئاپپاق خوجا مازىرىدىمۇ «ۋەخپە» يەردىن 16 مىڭ

مودەك بار ئىكەن①. دىنىي زاتلار دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچىلاردىن يەنە نۇرغۇن تۈرلۈك دىنىي ئۆشرە ـ زاكات ئالاتتى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، دىنىنىڭ مەدەنىيەت، مائارىپ، نىكاھ، ھەق تەلەپ دەۋا قاتارلىقلارغا ئارىلىشىۋېلىش ئەھۋالى ئىنتايىن ئېغىر ئىدى. زاڭزۇچە بۇددا دىنىنىڭ پۈتۈن شىنجاڭدىكى تەسىر دائىرىسى چوڭ بولمىسىمۇ، ھوقۇقى بار ئىدى، دىنىي جەھەتتىكى فېئودال ئىمتىياز ۋە ئېزىش، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش تۈزۈمىنىڭ تۈرىمۇ ناھايىتى كۆپ ئىدى. دىنىي فېئودال ئىمتىياز ۋە ئېزىش، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش تۈزۈمىنى بىكار قىلىش دېموكراتىك ئىسلاھاتنىڭ بىر تەركىبىي قىسمىغا ئايلانغانىدى.

1952 ~ 1953 ـ يىللىرىدىكى يەر ئىسلاھاتى ھەرىكىتىدە، دىنىي مەسچىتلەرنىڭ يەرلىرىگە قارىتا قوغداش سىياسىتى قوللىنىلىپ، « مەسچىت، مازار، دىنىي مەكتەپ، لامالار بۇتخانىسىنىڭ ھازىرقى يېرى ۋە يېزا، كەنتلەردىكى ئومۇمغا تەۋە تۈرلۈك ‹ ۋەخپە › يەرلىرى شۇنىڭدەك ئىجارىگە بەرگەن ئۆيلىرى بىردەك ساقلاپ قېلىنغان.»② لېكىن، يەر ئىسلاھاتى ۋە ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئېلىپ بېرىلغان ئىجارىنى كېمەيتىپ، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىدە ۋە 1953 ـ يىلدىن 1957 ـ يىلغىچە بولغان مەزگىلدىكى ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىگە بولغان خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنى يوقىتىش مەقسىتىدە ئېلىپ بېرىلغان سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ھەرىكىتىدە، دىنىي فېئودال كۈچلەر ۋە ئۇلارنىڭ تەسىرى ئاجىزلاشتۇرۇلدى. 1958 ـ يىلى، مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمى يىغىن ئېچىپ، دىنىي ئىمتىياز

① جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىنجاڭ شۆبە بيۇروسى سىياسەت تەتقىقات ئىشخانىسى: «شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ يېزىلاردىكى فېئودال، ئېكسپىلاتاتسىيە ئومۇمىي ئەھۋالى»، 1950 ـ يىلى. تيەن ۋېيجياڭنىڭ «ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە شىنجاڭدا ئىجتىمائىي ئىسلاھاتنى يولغا قويۇش تەجرىبىلىرى» دىن ئېلىندى، «غەربىي شىمال مىللەتلەر تەتقىقاتى»نىڭ 1999 ـ يىللىق 2 ـ سانىغا بېسىلغان.

② «شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ يەر ئىسلاھاتى قانۇنىنى ئىجرا قىلىشقا دائىر بىرقانچە مەسىلە توغرىسىدىكى بەلگىلىمىسى»، ئاپتونوم رايونلۇق ئارخىپخانا 1952 ـ يىلى 11 ـ نومۇرلۇق 1/1 ئارخىپ، تيەن ۋېيجياڭنىڭ «ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە شىنجاڭدا ئىجتىمائىي ئىسلاھاتنى يولغا قويۇش تەجرىبىلىرى» دىن ئېلىندى.

ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا دائىر خىزمەتلەرنى مۇھاكىمە قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇپ، 12 ـ ئايدا «مىللەتلەر خىزمىتى كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ نۆۋەتتىكى ئىسلام دىنى، لاما دىنى خىزمىتى ھەققىدىكى دوكلاتى»نى تەستىقلاپ تارقاتتى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىنى ئاساس قىلىپ، تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئىسلاھات ۋە سىياسىي ھەرىكەتلەرگە بىرلەشتۈرۈپ، ئاممىنى قوزغاپ ۋە ئۇلارغا تايىنىپ، دىنىي ئىمتىياز ۋە فېئودال ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمىنى ئۆزلۈكىدىن، تەدرىجىي بىكار قىلىپ، دىنىي ساھەدىكى يامان ئادەم، يامان ئىشلارغا قارشى تۇرۇپ، دىن تونىغا ئورىنىۋالغان دۈشمەن ئۇنسۇرلارنى تازىلاشنى قارار قىلدى. يەنە تەكىتلەپ مۇنداق دېدى: (1) دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش كېرەك، لېكىن كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىشىغا بولمايدۇ. (2) پارتىيە ئىچى ـ سىرتىدىكى كادىرلار ۋە ئامما ئارىسىدا قەدەم باسقۇچلۇق ھالدا دىنىي مەسىلە ھەققىدە تەربىيە ئېلىپ بېرىپ، مۇۋاپىق ئۇسۇل ئارقىلىق دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزم تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش كېرەك. دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەشۋىق قىلغاندا دىنغا ئېتىقاد قىلماسلىق ئەركىنلىكىنىڭ بارلىقىنىمۇ تەشۋىق قىلىش كېرەك. (3) ئاخۇنلارغا يەنىلا قولغا كەلتۈرۈش، ئىتتىپاقلىشىش، تەربىيە بېرىش، ئۆزگەرتىش فاڭجېنىنى قوللىنىش؛ مەسچىتلەرگە ئۆزلۈكىدىن يوقىلىش چارىسىنى قوللىنىش؛ دىنىي مەكتەپلەرنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، لېكىن ئۈرۈمچى، قەشقەر، غۇلجا شەھىرى قاتارلىق بىر قىسىم جايلاردا بىرقانچىنى ساقلاپ قېلىش زۆرۈر؛ دىنىنىڭ نىكاھ قانۇنىنىڭ ئىزچىللىشىشىغا ئارىلىشىۋېلىشىغا، ئاياللارنى كەمسىتىش ۋە ئېزىشكە يول قويۇلمايدۇ؛ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىگە ھۆرمەت قىلىش كېرەك. 1959 ـ يىلى 1 ـ ئايدا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم 7 ـ قېتىملىق بىرلىك سەپ

خىزمىتى يىغىنىدا دىندىكى فېئودال ئىمتىياز ۋە ئېزىش، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش تۈزۈمىنى بىكار قىلىش ۋە يامان ئادەم، يامان ئىشلارغا قارشى تۇرۇش شوئارى ئوتتۇرىغا قويۇلدى، ئۇنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە: (1) شەخسىي مۆھۈر بېسىش، ھەق تەلەپ ئىشلىرىغا ئارىلىشىش، دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچىلارنى قامچىلاش، ئۆز ئالدىغا ئاخۇن ئەۋەتىش، ئىجازەت بېرىش، ئاياللارنى كەمسىتىش، نىكاھ ۋە مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرىغا ئارىلىشىۋېلىش قاتارلىق بارلىق فېئودال ئىمتىيازنى بىكار قىلىش؛ (2) مەسچىتلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىگە بولغان مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى ۋە يەرنى ئىجارىگە بېرىش، كىشىلەرنى ھەقسىز ئىشلىتىش قاتارلىق ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش؛ (3) تۈرلۈك باھانە ـ سەۋەبلەر بىلەن ئاممىدىن زورلاپ مال ـ مۈلۈك ئېلىش، ئاممىنى قاقتى ـ سوقتى قىلىشقا يول قويماسلىق، ئۆشرە ـ زاكات قاتارلىق دىنىي باجنى بىكار قىلىش؛ (4) بۇتخانىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى لامالارنىڭ دەرىجە تۈزۈمى، ئۇرۇش، جازالاش قائىدىسى قاتارلىق فېئودال ھۆكۈمرانلىقنى ۋە بۇتخانىلار ئوتتۇرىسىدىكى تەۋەلىك مۇناسىۋىتىنى بىكار قىلىش؛ (5) ئۆسمۈرلەر، بالىلارنى ئايەت ئوقۇش ۋە دىنىي مەكتەپتە ئوقۇشقا، ياشلار ـ ئۆسمۈرلەرنى تالىپ بولۇشقا مەجبۇرلاشقا، لامالارنىڭ راھىبلىقنى تاشلاپ، يۇرتىغا قايتىپ ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق بولۇشىنى كەمسىتىشكە يول قويماسلىق؛(6) دىنىي ۋەزىپىدىكى خادىملار شارائىتىغا قاراپ، كۈچى يەتكۈدەك ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىگە قاتنىشىشى ۋە پۇقرالىق بۇرچىنى ئادا قىلىشى كېرەك.

1960 ـ يىلىغا كەلگەندە، ئىسلام دىنىنىڭ ئەھۋالىدا تۈپتىن ئۆزگىرىش بولدى، ئېكسپىلاتاتسىيە سىنىپى ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمىنىڭ يوقىلىشىغا ئەگىشىپ، ئىسلام دىنى ئېكسپىلاتاتسىيە سىنىپىنىڭ پايدىلىنىش قورالى بولۇشتىن قالدى، ئۇنىڭ دۆلەتنىڭ مەمۇرىي، ئەدلىيە، مائارىپ، نىكاھ تۈزۈمىگە ئارىلى-

شۇبىلىشتەك قانۇنىي ھوقۇقى ئاخىرلاشتى. ئۇ تەدرىجىي ھالدا ئاساسلىقى مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي ئېتىقادىنى قاندۇرىدىغان تەشكىلاتقا ئايلاندى.① خرىستىئان دىنى، كاتولىك دىنىمۇ تەرەققىي قىلىپ ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولىدىغان، دىنىي جەمئىيەتلەرنى ئۆزى باشقۇرىدىغان بولۇپ، «ئۆزى ئىدارە قىلىش، ئۆزى تارقىتىش، ئۆزىنى ئۆزى بېقىش»نى يولغا قويدى.

ئۇزاق مۇددەتلىك جۇڭگو ئىنقىلابى ۋە قۇرۇلۇش ئەمەلىيىتى داۋامىدا، جۇڭگو كومپارتىيىسى ماركسىزملىق دىن قارىشىغا ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇپ، جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، دۆلەت ئىچىدىكى دىنىي مەسىلىنى بىر تەرەپ قىلىشنىڭ بىر يۈرۈش پرىنسىپى ۋە سىياسىتىنى تەدرىجىي شەكىللەندۈردى، ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا، بىرىنچىدىن، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك، توغرا ئىزچىللاشتۇردى؛ ئىككىنچىدىن، دىنىي ئىشلارنى باشقۇرۇشنى قانۇن بويىچە كۈچەيتتى؛ ئۈچىنچىدىن، دىنىي سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلىشىشقا پائال يېتەكلىدى. دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە ھۆرمەت قىلىش ۋە ئۇنى قوغداش جۇڭگو كومپارتىيىسى ۋە جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ دىنىي مەسىلىگە مۇئامىلە قىلىشتىكى تۈپ سىياسىتى، ئۇنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە: (1) پۇقرالارنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىش ياكى ئېتىقاد قىلماسلىق ئەركىنلىكى بار؛ (2) ھاكىمىيەت بىلەن دىننى ئايرىۋېتىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش؛ (3) ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولۇش، دىنىي جەمئىيەتلەرنى ئۆزى باشقۇرۇش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇش؛ (4) ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولۇش ئاساسىدا، دىن جەھەتتىكى تاشقى دوستانە بېرىش - كېلىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇش؛ (5) دىنىي ساھەدىكى زاتلارنى قولغا كەلتۈرۈش، ئۇلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىش ۋە ئۇلارغا تەربىيە ئېلىپ بېرىش؛ (6) كومپارتىيە ئەزالىرى دىنغا

① گوڭ شۆزېڭ تۈزگەن: «دىنىي مەسىلىلەر ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، سىچۈەن خەلق نەشرىياتى، 1999 - يىلى نەشرى، خەنزۇچە 213 - بەت.

ئېتىقاد قىلماسلىق؛ (7) خەلق ئاممىسىغا، بولۇپمۇ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەرگە دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزملىق ئىلمىي دۇنيا قاراش تەشۋىقات، تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش.

**2. دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇش**

جۇڭگو ھۆكۈمىتى يۇقىرالارنىڭ دىنىي ئېتىقاد جەھەتتىكى تاللاش ھوقۇقىغا ئەزەلدىن ھۆرمەت قىلىپ ۋە ئۇنى قوغداپ كەلدى، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى يولغا قويىدى ھەمدە ئۇنى قانۇن كاپالىتىگە ئىگە قىلدى.

شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغان كۈندىن باشلاپلا دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىدە چىڭ تۇرۇپ، دىنىي مەسىلىنى سالماقلىق، ئېھتىياتچانلىق بىلەن بىر تەرەپ قىلدى. 50 ـ يىللاردىكى تۇرلۇك ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەر ۋە دىنىي تۈزۈم ئىسلاھاتىدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭ شۆبە بيۇروسى ۋە ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە ھۆرمەت قىلىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، مەسچىت، بۇتخانا، چېركاۋلارنى قوغداشنى تەلەپ قىلدى؛ دىنىي ۋەزىپىدىكى خادىملار بىلەن فېئودال پومېشچىكلار سىنىپىنى پەرقلەندۇرۇپ مۇئامىلە قىلدى؛ مىللىي، دىنىي يۇقىرى قاتلام زاتلىرى بىلەن ئىتتىپاقلاشتى؛ تۇرمۇشتا قىيىنچىلىقى بار دىنىي ۋەزىپىدىكى خادىملارغا بەلگىلىك مىقداردا تۇرمۇش ياردەم پۇلى تارقىتىپ بەردى. ھەرقايسى دىنلارنىڭ فېئودال ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلارنىڭ كونتروللۇقى ۋە پايدىلىنىشىدىن قۇتۇلۇشىغا ئەگىشىپ، ھەر مىللەتتىن بولغان دىنىي ۋەزىپىدىكى خادىملار ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى ئامما ئۆز ئىشىغا ئۆزى ئىگە بولۇش، دىنىي ئىشلارنى ئۆز ئالدىغا باشقۇرۇشقا باشلىدى، دىن نورمال تەرەققىي قىلىش ئىزىغا چۈشتى. 60 ـ يىلاردىن 70 ـ يىللارغىچە داۋام قىلغان «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، دىنىي ئېـ

تىقاد ئەركىنلىكى سىياستى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى، دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى ۋە مۇئەسسەسەلىرى ئېغىر زىيانغا ئۇچرىدى. 70 ـ يىللارنىڭ ئاخىرى، جۇڭگو ھۆكۈمىتى دىن سىياستىنى يېڭىۋاشتىن ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پۇقرالارنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىش جەھەتتە نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى.

ھازىر، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى ئامما ۋە دىنىي ساھەدىكى زاتلار دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى ھوقۇقىدىن تولۇق بەھرىمەن بولماقتا. بۇ ئاساسلىقى تۆۋەندىكى بىرقانچە جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ: (1) ھەر مىللەت دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى ئاممىنىڭ نورمال دىنىي پائالىيەت ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىش ئۈچۈن، مۇۋاپىق مىقداردىكى دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى ۋە دىنىي ۋەزىپىدىكى خادىملارنى تەسىس قىلىش تەستىقلاندى. ھازىر پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە تەستىقلانغان تۈرلۈك دىنىي پائالىيەت سورۇنىدىن 24 مىڭ 100 ى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئىسلام دىنى پائالىيەت سورۇنىدىن 23 مىڭ 900ى بار، يەنە لاما دىنى بۇتخانىسى، خەنزۇچە بۇددا دىنى بۇتخانىسى، خرىستىئان دىنى چېركاۋى، كاتولىك دىنى چېركاۋى، پراۋۇسلاۋىيە دىنى چېركاۋى قاتارلىقلار بار. ھۆكۈمەت يەنە مەبلەغ چىقىرىپ ھېيتگاھ جامائەسى قاتارلىق داڭلىق دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى رېمونت قىلدى. ھەر خىل دىنلار بويىچە دىنىي ۋەزىپىدىكى زاتتىن جەمئىي 29 مىڭى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئىسلام دىنىنىڭ ئىمامدىن يۇقىرى دىنىي ۋەزىپىدىكى خادىمىدىن 28 مىڭ 500ى بار. (2) ھەر دەرىجىلىك دىنىي تەشكىلاتلار ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى ۋە قۇرۇلدى. پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە ھەر دەرىجىلىك دىنىي تەشكىلات 88 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىكى ئىككى (ئىسلام دىنى جەمئىيىتى بىلەن بۇددا دىنى جەمئىيىتى)، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر دەرىجىلىكى 17 (ئىسلام دىنى جەمئىيىتى 13، بۇددا دىنى جەمئىيىتى ئۈچ، خرىستىئان

دىنىنىڭ «ئىككى جەمئىيەت»ى بىر)، ناھىيە، شەھەر دەرىجىلىكى 69. (3) دىنىي ساھەدىكى زاتلار دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىشقا قاتنىشىش ھوقۇقىغا ئىگە، بىر قىسىم ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلار دۆلەت ۋە يەرلىكتىكى ھەر دەرىجىلىك سىياسىي كېڭەش، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىدا رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى، خېلى كۆپ كىشىلەر ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى ياكى سىياسىي كېڭەش ئەزالىقىغا سايلاندى. تۇرمۇشتا قىيىنچىلىقى بار دىنىي زاتلارغا ھۆكۈمەت مۇۋاپىق مىقداردا تۇرمۇش قوشۇمچە ياردەم پۇلى تارقىتىپ بەردى. پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە قەرەللىك ۋە قەرەلسىز تۇرمۇش قوشۇمچە ياردەم پۇلى ئالىدىغانلار تەخمىنەن 5000 كىشىگە يېتىدۇ، ئۇلارنىڭ پۈتۈن يىللىق تۇرمۇش قوشۇمچە ياردەم پۇلى ئۈچۈن تەخمىنەن 3 مىليون يۈەن كېتىدۇ. (4) دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ دىنىي مەشھۇر ئەسەرلەر ۋە دىنىي بىلىملەرنى ئۆگىنىش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، شىنجاڭ يەنە «قۇرئان كەرىم»، «سەھىھۇل بۇخارى جەۋھەرلىرى»، «تەۋرات»، «ئىنجىل» قاتارلىق دىنىي قەدىمىي كىتابلارنى ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق قاتارلىق كۆپ خىل يېزىق ۋە نەشرىدە نەشر قىلدى، تارقاتتى. دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىغا قۇلايلىق يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن، جايلار يەنە مەخسۇس دىنىي كىتابلار تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىر قىسىم سېتىش نۇقتىلىرىنى تەسىس قىلدى. (5) دىنىي پائالىيەتنىڭ نورمال قانات يايدۇرۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايون 1987 - يىلى شىنجاڭ ئىسلام دىنى ئىنستىتۇتىنى، 1999 - يىلى ئىسلام دىنى مەكتىپىنى قۇرۇپ، دىنىي كەسپىتىكىلەرنى مۇنتىزىم تەربىيىلىدى ۋە قىسقا مۇددەت تەربىيىلىدى. 1990 - يىلىدىن باشلاپ، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرمۇ ئارقا - ئارقىدىن ئىسلام دىنى مەدرىسىلىرىنى ئېچىپ، ھەرقايسى مەسچىتلەر ئۈچۈن ياش، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي كەسپىي خادىملارنى تەربىيىلەپ

بەردى. بىر قىسىم داڭلىق ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارمۇ ئۆزلىرى تالىپ تەربىيىلەشكە باشلىدى. شۇ ئارقىلىق دىنىي كەسپىي خا-دىملار يېتىشمەسلىك ئەھۋالى ياخشىلاندى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، شەخسىي مەدرىسە ئېچىشتەك قانۇنغا خىلاپ دىنىي ھە-رىكەتلەرمۇ توسۇلدى. ھەجگە بارغانلارمۇ كۆنسايىن كۆپەيدى (6) دىن جەھەتتىكى خەلقئارا دوستانە بېرىش - كېلىش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. زىيارەتكە كەلگەن زاتلارنى كۈتۈۋالغاندىن سىرت، خەلقئارالىق دىنىي ئىلمىي پائالىيەتلەرگە كۆپ قېتىم ئادەم ئەۋەتىپ قاتناشتۇرۇلدى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر دىنغا ئېتىقاد قىلماسلىق ئەركىنلىكىنى قەتئىي قوغداپ، دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغانلارنى كەمسىتىدىغان ھەرقانداق ھەرىكەتنىڭ كۆرۈلمەسلىكىنى تەلەپ قىلدى ھەمدە ھەر مىللەت ئاممىسىغا بولۇپمۇ، ياشلار - ئۆسمۈرلەرگە ئۇزۇلدۇرمەي ئىلمىي دۇنيا قاراش تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئۇلارنى پەننىي بىلىم ئۆگىنىش، ئىگىلەش، فېئودال خۇراپاتلىق ۋە ساختا ئىد-لىمگە قارشى تۇرۇشقا يېتەكلىدى. دىنىي ساھەدىكى زاتلار ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى ئاما دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىدىن قا-نۇن بويىچە بەھرىمەن بولۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، قانۇندا بەلگى-لەنگەن بۇرچىنىمۇ ئۆتىگە ئېلىپ، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى ھىمايە قىلىش، دۆلەت-نىڭ قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا پائال قاتنىشىش، ھۆكۈمەتكە ھەمكار-لىشىپ دىن سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، دىنىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دى-نىي ھەرىكەتكە قارشى تۇرۇش، دۆلەت ئىچى - سىرتىدا مەدەنى-يەت جەھەتتىكى دوستانە باردى - كەلدى پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. شىنجاڭدىكى ھەرقايسى دىنلار سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇي-

غۇنلىشىش، ماسلىشىش يولىغا قاراپ ماڭماقتا.

### 3. دىنىي ئىشلارنى باشقۇرۇشنى قانۇن بويىچە كۈچەيتىش

ھاكىمىيەت بىلەن دىننى ئايرىۋېتىش، ھاكىمىيەت بىلەن دىننى بىرلەشتۈرۈش ئۆزئارا ماس كېلىشى كېرەك، دېگەنلىك دىننىڭ دۆلەتنىڭ مەمۇرىي، ئەدلىيە، مائارىپ ئىشلىرىغا ئارىلىشىۋېلىشىغا يول قويۇلمايدۇ، دۆلەت ھەر خىل دىنلارغا ئوخشاش قارايدۇ ھەمدە نورمال دىنىي پائالىيەتنى قوغدايدۇ، دېگەنلىكتۇر. شىنجاڭ تارىخىدا ئىسلام دىنى يەرلىك ھاكىمىيەت بىلەن ئۇزاق مۇددەت قويۇق ئالاقە باغلاپ كەلگەن، سىياسىي، ئىقتىساد، مائارىپ قاتارلىق ئىجتىمائىي تۇرمۇش جەھەتتە ئۇنىڭ تەسىرى ناھايىتى زور. 20 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىدىكى دېموكراتىك ئىسلاھات ۋە دىنىي تۈزۈم ئىسلاھاتى ئارقىلىق، دىنىي فېئودال ئىمتىياز ۋە دىن جەھەتتىكى ئېزىش، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش تۈزۈمى بىكار قىلىنىپ، ھاكىمىيەت بىلەن دىن ئايرىۋېتىلدى، دىنىي ئېتىقاد پۇقرالارنىڭ شەخسىي ئىشىغا ئايلاندى، كىشىلەر دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى ھوقۇقى ۋە پەن ـ مەدەنىيەت بىلىملىرىنى قوبۇل قىلىش ھوقۇقىدىن ھەقىقىي بەھرىمەن بولۇشقا باشلىدى.

ھاكىمىيەت بىلەن دىننى ئايرىۋېتىش پرىنسىپى بويىچە، دىن جەزمەن دۆلەت ھاكىمىيىتى بىلەن ئايرىۋېتىلىشى، دۆلەتنىڭ سىياسىي تۇرمۇشىغا قاتناشماسلىقى، دۆلەت دىنىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشى كېرەك. ئۇنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە: (1) دۆلەتنىڭ سىياسەت، قانۇنلىرىنى ھۆكۈمەتنىڭ مەمۇرىي تارمىقى ۋە ئەدلىيە تارمىقى تۈزۈپ يولغا قويىدۇ، دىنىي تەشكىلاتلار ياكى دىنىي ۋەزىپىدىكى خادىملارنىڭ ئارىلىشىشىغا يول قويۇلمايدۇ؛ دىننىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىشلارنى ھەرقايسى دىنىي تەشكىلاتلار ئۆزلىرىنىڭ نىزامنامىسى ۋە بەلگىلىمىسى بويىچە بىر تەرەپ قىلىدۇ، دۆلەت ئارىلاشمايدۇ. (2) دىننىڭ ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردىن ئۈستۈن تۇرىدىغان ئالاھىدە ئىمتىيازى يوق، ئۇ دۆلەتنىڭ مەمۇرىي، ئەدلىيە ۋە مائارىپ قاتارلىق

دۆلەت فۇنكسىيىسىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا ئارىلىشالمايدۇ. دىن
جەھەتتىكى دۆلەت مەنپەئەتى ۋە ئىجتىمائىي ئومۇم مەنپەئەتكە
چېتىلىدىغان ئىشلار ۋە پائالىيەتلەرنى قانۇنلۇق باشقۇرۇش
دائىرىسىگە كىرگۈزۈش شەرت. دىنىي تەشكىلاتلار قانۇن يۈك-
لىگەن مەجبۇرىيەتنى ئۈستىگە ئالىدۇ. (3) دۆلەت دىنىي ئېتىقاد
ئەركىنلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىدۇ، تۈرلۈك دىنىي پائا-
لىيەتلەرنىڭ تەرتىپلىك ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ،
دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغدايدۇ.
شۇ سەۋەبتىن، دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى قا-
نۇنىي تەرتىپ بويىچە، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ چېگرا
ئىچىدىكى چەت ئەللىكلەرنىڭ دىنىي پائالىيىتىنى باشقۇرۇش
بەلگىلىمىسى»، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ دىنىي پائا-
لىيەت سورۇنلىرىنى باشقۇرۇش ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسى»،
«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ دىنىي پائالىيەتلەرنى باش-
قۇرۇش ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسى»، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم
رايونىنىڭ دىنىي ئىشلارنى باشقۇرۇش ۋاقىتلىق نىزامى» قاتار-
لىق نۇرغۇن زۆرۈر بەلگىلىمە، چارىلەرنى تۈزۈپ، دىنىي ئىشلار-
نى باشقۇرۇشنى قېلىپلاشتۇردى. (4) بىكار قىلىنغان دىنىي فې-
ئودال ئىمتىياز ۋە دىن جەھەتتىكى ئېزىش، ئېكسپىلاتاتسىيە
قىلىش تۈزۈمىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە، دىندىن پايدىلىنىپ پار-
تىيە رەھبەرلىكى ۋە سوتسىيالىزم تۈزۈمىگە قارشى تۇرۇشقا، دۆ-
لەت ۋە جەمئىيەتنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزۈشكە، باشقا
پۇقرالارنىڭ قانۇنىي ھوقۇقىغا دەخلى يەتكۈزۈشكە رۇخسەت قى-
لىنمايدۇ.

دىن بىلەن مائارىپنى پۈتۈنلەي ئايرىۋېتىش ھاكىمىيەت بى-
لەن دىننى ئايرىۋېتىشنىڭ يەنە بىر ئاساسىي مەزمۇنى ۋە تەلى-
پى، بۇنى ھەم جۇڭگو مائارىپىنىڭ خاراكتېرى بەلگىلىگەن.
مەكتەپ مائارىپى ۋە ئىجتىمائىي ئومۇمىي مائارىپنىڭ ھوقۇقى
دۆلەتكە تەۋە، دىننىڭ قاتنىشىشىغا رۇخسەت قىلىنمايدۇ، ئارى-

لىشىشىغىمۇ رۇخسەت قىلىنمايدۇ. «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيە-
تىنىڭ مەجبۇرىيەت مائارىپى قانۇنى»، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرد-
يىتىنىڭ مائارىپ قانۇنى»دا مۇنداق دەپ ئېنىق بەلگىلەنگەن:
«دىندىن پايدىلىنىپ مەجبۇرىيەت مائارىپىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا
توسقۇنلۇق قىلىدىغان ھەرىكەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا يول قو-
يۇلمايدۇ.» دىنىنىڭ مائارىپقا ئارىلىشىشىغا يول قويۇلماسلىق
توغرىسىدىكى سىياسەتلەرمۇ ناھايىتى كۆپ، مەسىلەن، ئادەتتىكى
مەكتەپلەردە ئوقۇغۇچىلارغا دىننى تەشۋىق قىلىشقا، دىن ئىدد-
يىسىنى سىڭدۈرۈشكە يول قويۇلمايدۇ؛ ئوقۇغۇچىلارنى دىنغا ئې-
تىقاد قىلىشقا مەجبۇرلاشقا يول قويۇلمايدۇ؛ دەرس توختىتىپ
كوللېكتىپ ھالدا دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىشقا يول قويۇل-
مايدۇ؛ دىنىي دەرس تەسىس قىلىشقا ياكى ئۆتۈشكە يول قويۇل-
مايدۇ؛ دىندىن پايدىلىنىپ مەكتەپنىڭ نورمال ئوقۇتۇش تەرتە-
پىگە توسقۇنلۇق قىلىشقا ياكى بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا يول قو-
يۇلمايدۇ، ۋەھاكازا. دىنىي تەشكىلاتلار ئېھتىياجىغا ئاساسەن،
دۆلەت ياكى يەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقىنى ئالغاندىن
كېيىن، دىنىي مەكتەپ ياكى مەدرىسە(دىن ئوقۇتۇش نۇقتىسى)
ئېچىپ، دىنىي ۋەزىپىدىكى خادىملارنى تەربىيىلىسە بولىدۇ. دد-
نىي مەكتەپ ئىلگىرى مۇسۇلمانلارنىڭ پەرزەنتلىرىگە دىن بد-
لىملىرىنى ئۆگىتىدىغان ئاساسلىق سورۇن ئىدى. 20 ـ ئەسىر-
نىڭ 80 ـ يىللىرىدىن كېيىن، ئاز ساندىكى كىشىلەر ئۆز ئالدد-
غا دىنىي مەكتەپ ئېچىپ، ئوقۇش يېشىدىكى بىر قىسىم بالىلار-
نى ئوقۇشنى تاشلاپ دىن ئۆگىنىشكە جەلپ قىلىپ، ئۇلارنىڭ
جىسمانىي، روھىي ساغلاملىقىغا زىيان يەتكۈزدى، بۇ، ئاز سانلىق
مىللەتلەر مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا، پەن ـ مەدەنىيەت
سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشىگە زىيانلىق، شۇنىڭدەك دىنىنىڭ ئەمەلد-
يەتتە مائارىپقا ئارىلاشقانلىقىنى شەكىللەندۈردى. شۇڭا، ھۆكۈ-
مەت ئۇنى توستى.

دىنىنىڭ ئەدلىيىگە، ئىجتىمائىي تۈرمۇشقا ئارىلىشىشىغا

بولمايدۇ. دىن بىر خىل ئىجتىمائىي مەدەنىيەت بولۇش سۈپىتى بىلەن ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىنىڭ شەكىللىـ نىشى ۋە ئۆزگىرىشىگە ئوخشىمىغان دەرىجىدە تەسىر كۆرسىـ تىپ كەلدى. ئۇيغۇر، قازاق، خۇيزۇ قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ نىكاھ، دەپنە مۇراسىمى، يېمەك ـ ئىچمەكتىكى پەرھىزلەر، ھېيت ـ بايرام قاتارلىق نۇرغۇن ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ئىسلام دىنىدىن كەلگەن. نىكاھنى مىسال قىلىدىغان بولساق، ئىلگىرى ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەر تويدىن بۇرۇن نىكاھ ئوقۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ، دىنىي زاتلارنى تەكلىپ قىلىپ يېڭى توي قىلغانلارغا نىكاھ ئوقۇتاتتى ھەمدە ئىككى تەرەپتىن ئەر ـ خوتۇن بولۇشنى خالايدىغان ـ خالىمايدىغانلىقىنى سوراش ئارقىلىق، بۇ نىكاھنىڭ ئىسلام دىنى قائىدىلىرىگە ئۇيغۇن بولغانلىقىنى ئېتىراپ قىلاتتى. كېيىنچە، بۇ مۇراسىم ئۆز-گىرىپ بىر خىل ئۆرپ ـ ئادەت سۈپىتىدە داۋاملىشىپ كەل-دى ھەمدە دۆلەت قانۇنى بىلەن تەڭ ئورۇندا تۇردى. «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ نىكاھ قانۇنى»دىكى ئالاقىدار بەلگىلى-مىلەرگە ئاساسەن، توي قىلىش شەرتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ئەر ـ ئايال چوقۇم مۇناسىپ قانۇنىي رەسمىيەتنى ئۆتىشى، ئۆزى بىۋاسىتە نىكاھ تىزىملاش ئورگىنىغا بېرىپ تىزىملى-تىپ، نىكاھلىنىش گۇۋاھنامىسى ئېلىشى كېرەك، شۇنىڭدىلا ئەر ـ خوتۇنلۇق مۇناسىۋەت ئورناتقان بولىدۇ. مۇشۇ بەلگى-لىمىگە ئاساسەن، دىنىي زاتلار ئادەتتە نىكاھ ئوقۇشتىن بۇ-رۇن، ئاۋۋال نىكاھلىنىش گۇۋاھنامىسىنى كۆرۈپ، بۇ نىكاھ-نىڭ قانۇن تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغانلىقىنى دەلىللىگەندىن كېيىن، ئاندىن نىكاھ ئوقۇيدۇ. لېكىن، يەنە ئاز ساندىكى كىشىلەر توي قىلغاندا نىكاھ ئوقۇسىلا بولدى، قانۇننىڭ ئې-تىراپ قىلىشىغا ئېرىشىشىنىڭ ھاجىتى يوق، دەيدۇ، ھەتتا نىكاھلىنىش گۇۋاھنامىسى ئالمىغانلارغىمۇ نىكاھ ئوقۇپ، «نىكاھ قانۇنى»نىڭ ئىجرا قىلىنىشىغا ئارىلىشىۋېلىپ، بالدۇر

نىكاھلىنىش، قوش نىكاھلىنىش ئەھۋاللىرىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەبچى بولدى. 1985 ـ يىلى ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلغان «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئاياللار، باللارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قوغداشقا دائىر بىرقانچە بەلگىلىمىسى»دە «دىنىنىڭ نىكاھقا ئارىلىشىۋېلىشى مەنئى قىلىنىدۇ. دىنىي مۇراسىمنى نىكاھلىنىشقا تىزىملىتىشنىڭ ئورنىغا دەسسەتكەنلەر ئىناۋەتسىز قىلىنىدۇ» دەپ ئېنىق كۆرسىتىلگەن. ھازىر، شىنجاڭنىڭ كۆپ قىسىم جايلىرىدا دىنىي پائالىيەتلەر ئاساسىي جەھەتتىن نورمال ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ. لېكىن بىر قىسىم جايلاردا، دىندىن پايدىلىنىپ مەمۇرىي، ئەدلىيە، مائارىپ، نىكاھ، پىلانلىق تۇغۇتقا، باشقىلارنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە ئارىلىشىش، دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغانلارنى دىنغا ئېتىقاد قىلىشقا مەجبۇرلاش؛ ئاللىبۇرۇن بىكار قىلىنغان دىنىي فېئودال ئىمتىياز ۋە ئېزىش، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش تۈزۈمىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، مەجبۇرىي دىنىي ئۆشرە ـ زاكات يىغىش، ھۆكۈمەتنىڭ باشقۇرۇش تارمىقىغا تەستىقلاتماي تۇرۇپلا يېڭىدىن دىنىي پائالىيەت سورۇنى قۇرۇش، يەر ئاستى دىنىي مەكتەپ ئېچىش قاتارلىق ئەھۋاللارمۇ مەۋجۇت بولۇپ، شۇ جاينىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا ئېغىر تەسىر يەتكۈزدى، شۇنداقلا نورمال دىنىي پائالىيەتلەرنىڭ ئېلىپ بېرىلىشىغىمۇ تەسىر يەتكۈزدى.

## ئالتىنچى، مىللىي مۇناسىۋەتنىڭ ماس ھالدا تەرەققىي قىلىشى

### 1. مىللىي مۇناسىۋەتنى ماسلاشتۇرىدىغان سىياسەت مېخانىزمى

شىنجاڭ ئەزەلدىنلا كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون بولۇپ، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا قەدىمدىنلا بېرىش ـ كېلىش مۇناسىۋىتى بار ئىدى، لېكىن ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىگە بولغان خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك ئاساس قىلىنغان

سىنىپىي جەمئىيەتتە، ھۆكۈمرانلار سىنىپى مىللىي زۇلۇم
سىياسىتى ۋە سىنىپىي زۇلۇم سىياسىتىنى يولغا قويغان-
لىقتىن، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئارازلىق، كەمسىتىش ۋە
ئۆچمەنلىككە ئەگىشىپ، توقۇنۇش ۋە ئۇرۇشلار ئۈزۈلمەي يۈز
بېرىپ تۇراتتى. 1949 - يىلى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇ-
رۇلغاندىن كېيىن، دېموكراتىك ئىسلاھات ۋە سوتسىيالىستىك
ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىلىپ، نەچچە مىڭ يىل داۋام قىلغان
مىللىي زۇلۇم ۋە سىنىپىي ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمى بىكار قى-
لىنىپ، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ مىللەتلەر باراۋەرلىكى ۋە
مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى سىياسىتى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاش-
تۇرۇلۇپ، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى يولغا
قويۇلدى، شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەر ئوت-
تۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتە تۈپ ئۆزگىرىش بولۇپ، باراۋەر، ئىت-
تىپاق بولغان، ئۆزئارا ياردەم بېرىدىغان سوتسىيالىستىك مىل-
لەتلەر مۇناسىۋىتى تەدرىجىي ئورنىتىلدى.

جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئەزەلدىن مىللەتلەر باراۋەرلىكىنى مىل-
لەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ ئالدىنقى شەرتى ۋە ئاساسى دەپ قاراپ
كەلدى، مىللەتلەر باراۋەرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى مىل-
لەتلەر مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتىكى ئاساسىي پرىنسىپ ۋە تۈپ
سىياسەت بولۇش سۈپىتى بىلەن، جۇڭگونىڭ ئاساسىي قانۇنى ۋە
ئالاقىدار قانۇنلىرىدا ئېنىق بەلگىلەندى. شىنجاڭدا، ھەر مىللەت
خەلقى قانۇندا بەلگىلەنگەن پۇقرالىق ھوقۇقى قاتارلىق بارلىق
دېموكراتىيە، ئەركىنلىك ھوقۇقىدىن باراۋەر ئاساستا بەھرىمەن
بولىدۇ، مەسىلەن، سايلاش ۋە سايلىنىش ھوقۇقى، دىنىي ئېتىقاد
ئەركىنلىكى ھوقۇقى، تەلىم - تەربىيە ئېلىش ھوقۇقى، ئۆز
مىللىتىنىڭ تىل - يېزىقىنى قوللىنىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش
ھوقۇقى، ئۆز مىللىتىنىڭ ئۆرپ - ئادىتىنى ساقلاپ قېلىش يا-
كى ئىسلاھ قىلىش ھوقۇقى قاتارلىقلاردىن بەھرىمەن بولىدۇ
ھەمدە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى ئارقىلىق

ئۆز مىللىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىشلارنى باشقۇرۇش ھوقۇ- قىغا ئىگە. مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنىڭ ياخشىلىنىشىدا ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرى ئورتاق بېيىش يولىغا مېڭىش ـ ما- ھالماسلىقى ئاچقۇچ. مەركىزىي ھۆكۈمەت ئاز سانلىق مىللەتلەر- نىڭ ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىلىق بولغان بىر قاتار سىياسەت ۋە تەدبىرلەرنى قوللاندى ھەمدە ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونى بىلەن خەنزۇلار رايونى ئوت- تۇرىسىدىكى، شۇنىڭدەك ھەرقايسى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى كىچىكلىتىش ئۈچۈن، تەرەققىي تاپقان خەنزۇلار رايونىنى ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىغا ياردەم بېرىشكە سەپەرۋەر قىلدى ۋە تەشكىللىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھەرقايسى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ماسلاشتۇرۇش بىر تۇرلۇك ئۇزاق مۇددەت داۋاملاشتۇرىدىغان خىزمەت سۈپىتىدە ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت تارماقلىرىنىڭ يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىشىگە ۋە ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ئەھمىيەت بېرىشى، قاتنىشىشىغا ئېرىش- تى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك رەھبەرىي تارماقلار مىللىي سىياسەتنى نەمۇنىلىك بىلەن ئىجرا قىلغان ـ قىل- مىغانلىق، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى نەمۇنىلىك بىلەن كۆ- چەيتكەن ـ كۈچەيتمىگەنلىكىنى كادىرلارنى تاللاپ ئۆستۈرۈش، كادىرلارنىڭ سىياسىي نەتىجىسىنى سىناشنىڭ بىر تۇرلۇك مۇ- ھىم مەزمۇنى قىلدى. مىللەتلەر مۇناسىۋىتى جەھەتتە كۆرۈلگەن مەسىلىلەرنى قانۇن ۋاسىتىسىدىن پايدىلىنىپ قاتتىق قېي- لىپلاشتۇرۇپ ۋە تەكشەپ، ئېھتىياتچانلىق بىلەن مۇئامىلە قى- لىش، ئوبدان بىر تەرەپ قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر مىللەتلەر مۇنا- سىۋىتىنى ياخشىلاش جەھەتتە ئەتراپلىق، ئىنچىكە خىزمەت ئىش- لىدى. 1951 ـ يىلى، مەمۇرىي ئىشلار كېڭىشى «ئاز سانلىق مىل- لەتلەرنى كەمسىتىش ياكى ھاقارەتلەش خاراكتېرىگە ئىگە بولغان ئاتالغۇ، جاي نامى، ئابىدە، ۋىۋىسكا ـ پلاكاتلارنى بىر تەرەپ قى-

لىش توغرىسىدا يولىيورۇق»نى ئېلان قىلىپ، تارىختىن قېلىپ
قالغان، ئاز سانلىق مىللەتلەرنى كەمسىتىش ۋە ھاقارەتلەش مە-
نىسى بار جاي نامى، ئابىدە، ۋىۋىسكا - پلاكاتلارنى چەكلەش،
ئۆزگەرتىش، پېچەتلەش ياكى يىغىۋېلىپ باشقۇرۇشنى بەلگىلە-
دى. 1954 - يىلى 2 - ئايدا، مەمۇرىي ئىشلار كېڭىشىنىڭ تەس-
تىقىنى جاۋاب بېرىپ قوشۇلۇشى بىلەن، شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق
ھۆكۈمىتى ئاز سانلىق مىللەتلەرنى كەمسىتىدىغان بىر تۈركۈم
جاي ناملىرىنى ئۆزگەرتتى، مەسىلەن، «دىخۇا» «ئۈرۈمچى» قى-
لىپ، «جېنشى» «باركۆل» قىلىپ، «گوڭخا» «نىلقا» قىلىپ ئۆز-
گەرتىلدى. ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىنكى ئىسىملارنىڭ كۆپىنچىسى
شۇ جايدىكى مىللەتلەرنىڭ تىل - يېزىقىدىكى ناملارنىڭ ئەسلى-
گە كەلتۈرۈلۈشى ئىدى. ھۆكۈمەتنىڭ ياردەم بېرىشى ئارقىسىدا،
شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولۇشتىن بۇرۇن ئۇرۇش قالايمى-
قانچىلىقى ۋە تۈرلۈك ئاپەتلەرنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتىپ،
يۇرت - ماكانلىرىدىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولغان بىر قىسىم ئاز
سانلىق مىللەت ئاممىسى ئايرىلغىنىغا نەچچە ئون يىل بولغان
يۇرتىغا قايتىپ كەلدى. 20 - ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىدا، شىن-
جاڭدىكى 10 مىڭدىن ئارتۇق قازاق ئاممىسى شەرققە قاراپ چېكى-
نىپ، گەنسۇ قاتارلىق جايلارغا كۆچۈشكە مەجبۇر بولغانىدى،
كېيىن بىر قىسىم كىشىلەر ئارقا - ئارقىدىن قايتىپ كەلدى.
1988 - يىلى، ئەسلىي شىزاڭنىڭ ناچۇ ۋىلايىتىدىن شىنجاڭنىڭ
خېجىڭ ناھىيىسىگە كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان
900دىن كۆپرەك زاڭزۇ قېرىنداشمۇ ئۈچ تۈركۈمگە بۆلۈنۈپ
شىزاڭغا قايتىپ كەتتى.

ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسىغا مىللەتلەر ئىتتىپاق-
لىقى ئىدىيىۋى تەربىيىسىنى چوڭقۇر، ئۇزاققىچە ئېلىپ بې-
رىش، مىللىي سىياسەتنى تەشۋىق قىلىش، مىللەتلەر ئىتتىپاق-
لىقى جامائەت پىكرى مۇھىتى يارىتىش مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنىڭ
ماسلىقىنى ساقلاشتىكى مۇھىم ۋاسىتە. 1982 - يىلى، شىنجاڭ

پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايون بويىچە تۇنجى بولۇپ «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتى بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەرنى تەقدىرلەش يىغىنى» ئاچتى، كېيىن يەنە ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 1987 ـ يىلى، 1995 ـ يىلى ۋە 2000 ـ يىلى 2 ـ، 3 ـ، 4 ـ قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنى ئاچتى، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر، ئاپتونوم رايوننىڭ ھەرقايسى تارماقلىرى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنىڭ ھەرقايسى شىلىرىمۇ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە تەقدىرلەش خىزمىتىنى ئىشلىدى. 1997 ـ يىلى، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتى بويىچە ئۈلگىلىك ئورۇن بەرپا قىلىش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتى بويىچە نەمۇنىچى شەخسلەردىن بولۇشقا تىرىشىش پائالىيىتىنى باشقۇرۇش چارىسى»دا تەقدىرلەش پائالىيىتى بىر خىل تۈزۈم ھەرىكىتى سۈپىتىدە قەرەللىك ئېلىپ بېرىلىدۇ، دەپ بەلگىلەندى. بۇ خىل تۆۋەندىن يۇقىرىغا قاراپ داغدۇغىلىق ئېلىپ بېرىلغان باھالاش ۋە تەقدىرلەش پائالىيىتى پۈتۈن جەمئىيەت ئۈچۈن دوراپ ئۆگىنىدىغان مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى تىپلارنى تىكلەپ بەردى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا دائىر تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قۇدرەتلىك ئىجتىمائىي جامائەت پىكرى ۋە ياخشى ئىجتىمائىي كەيپىياتقا ئايلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتى بويىچە تەقدىرلەش پائالىيىتى شىنجاڭنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىدىكى زور ئىجادىيەت، ئۇ ھەم تەدرىجىي ھالدا پۈتۈن مەملىكەتكە كېڭەيدى. ھازىرغىچە، پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە جەمئىي 60 نەچچە ناھىيە (شەھەر) مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئۈلگىلىك ناھىيە (شەھەر) بولۇپ سايلاندى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتى بويىچە 744 نەمۇنىچى ئورۇن ۋە

1273 نەمۇنچى شەخس ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن، 111 نەمۇنچى ئورۇن ۋە 114 نەمۇنچى شەخس دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى تەرىپىدىن، 140 نەمۇنچى ئورۇن ۋە 206 نەمۇنچى شەخس گوۋۇيۈەن تەرىپىدىن تەقدىرلەندى، بۇلارنىڭ ئىچىدە، ئىزچىل تۆردە نەچچە ئون يىل دوختۇرلۇق بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئاز سانلىق مىللەت بىمارلىرىغا 30 نەچچە قېتىم ھەقسىز قان تەقدىم قىلغان ياخشى دوختۇر ۋۇ دېڭيۈن؛ مىڭ بىر جاپا بىلەن ئوخشىمىغان مىللەتتىن بولغان (ئۇيغۇر، خۇيزۇ، خەنزۇ)ئالتە بالىنى بېقىپ، «پامىر ئېگىزلىكىدىكى ياخشى ئانا» دېگەن نامغا ئېرىشكەن ئاتۇش شەھەرلىك ئۇيغۇر ئايال خالىدەم قاتارلىقلار بار، ئۇلار ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۆگىنىش ئۈلگىسىگە ئايلاندى.

1982 - يىلىدىكى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنىدا تەقدىرلەنگەن ئورۇن ۋە شەخسلەر پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە ھەر يىلىنىڭ 5 - ئېيىنى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيى قىلىش تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەر ۋە ھەر ساھە زاتلىرىنىڭ پائال قوللىشىغا ئېرىشتى. 1983 - يىلى 5 - ئايدا، شىنجاڭ تۇنجى قېتىم «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيى» پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى، 2002 - يىلغىچە بۇ پائالىيەت 20 يىل داۋاملىشىپ، ھۆكۈمەت بىۋاسىتە رەھبەرلىك قىلىدىغان تۈزۈملەشكەن ھەرىكەت بولۇپ شەكىللەندى. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيىدا، پۈتۈن جەمئىيەت غايەت زور تەشۋىقات، جامائەت پىكرى داغدۇغىسى پەيدا قىلدى ھەمدە تۈرلۈك ئىتتىپاقلىق، ئۆزئارا ياردەم بېرىش پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، دائىملىق تەربىيىنىمۇ بوشاشتۇرۇپ قويمىدى. 1983 - يىلىدىن بۇيان، باللار باغچىسى، باشلانغۇچ مەكتەپ، ئوتتۇرا مەكتەپتىن تاكى ئالىي مەكتەپكىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئىدىيىۋى تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشتا ئومۇميۈزلۈك چىڭ تۇرۇلدى.

تۈرلۈك قانۇن، نىزام، سىياسەتلەرنىڭ كاپالىتى، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت تارماقلىرىنىڭ تەشەببۇسى ۋە تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئوتتۇرىغا قويغان «ھەممە ئادەم مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئىدىيىسىگە ئىگە بولۇشى، ھەممە ئادەم مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا ئەھمىيەت بېرىشى، ھەممە ئادەم مىللىي سىياسەتنى بىلىشى، ھەممە ئادەم مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا دائىر ياخشى ئىشلارنى قىلىشى كېرەك» دېگەن تەشەببۇس تەدرىجىي ھالدا ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھەرىكەت قىبلىنامىسىگە ئايلاندى، «خەنزۇلار ئاز سانلىق مىللەتلەردىن ئايرىلالمايدۇ، ئاز سانلىق مىللەتلەر خەنزۇلاردىن ئايرىلالمايدۇ، ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرمۇ بىر ـ بىرىدىن ئايرىلالمايدۇ» دېگەن ئۈچ ئايرىلالماسلىق ئىدىيىسى كىشىلەر قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالدى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، جەمئىيەتنىڭ تىنچلىقىنى قوغداش، دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈش ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئارزۇسىغا ئايلاندى.

2. مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى

1949 ـ يىلى شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغاندا، شىنجاڭدا ئاساسلىقى 13 مىللەت بار ئىدى، كېيىن ئىچكىرىدىكى ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلاردىن كەلگەن نۇرغۇن ئاھالە شىنجاڭغا كىردى، ھازىر شىنجاڭدا 47 مىللەت تەركىبى بار. مىللەتلەر مۇناسىۋىتى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىگە ئەگىشىپ مەيدانغا كەلگەن، ئارىلاش ئولتۇراقلىشىش، بىرلىكتە خىزمەت قىلىش ۋە تۇرمۇش كەچۈرۈش ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ قويۇق ئالاقە باغلىشىنى ئۆزئارا چۈشىنىش، پىكىر ئالماشتۇرۇش سەھنىسى بىلەن تەمىنلىدى. ئۇزاقتىن بۇيان، ئورتاق ئىجتىمائىي تۈزۈم، ئورتاق سىياسىي، ئىجتىمائىي تەشكىلات، ئورتاق مەھەللە تۇرمۇشى ئوخشىمىغان مىللەت ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدا يولداشلىق، خىزمەتداشلىق، خوشنىدارچىلىق ۋە دوستلاردەك مۇقىم كىشىلىك مۇناسىۋەتنى شەكىللەندۈردى، ھەرقايسى مىللەتلەر ئۆزئارا

دوستانە ئۆتتى. 20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدا، جۇڭگو ئىسلا ـ
ھات، ئېچىۋېتىش سىياسىتىنى يولغا قويغاندىن كېيىن، دۆلەت
ئىچىدە بازار ئىگىلىكىنىڭ تەدرىجىي شەكىللىنىشىگە ئەگىشىپ،
شىنجاڭ بىلەن ئىچكىرىدىكى جايلار ئوتتۇرىسىدىكى، شىنجاڭنىڭ
ئىچكى قىسمىدىكى ھەرقايسى جايلار ۋە ھەرقايسى مىللەتلەر ئوت ـ
تۇرىسىدىكى ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش، نوپۇسنىڭ ئې ـ
قىشى بارغانسېرى كۆپەيدى، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي
مەنپەئەت جەھەتتىكى ئورتاقلىقى كۈنسايىن ئاشتى، ھەرقايىسى
مىللەتلەرنىڭ ئارىلاش ئولتۇراقلىشىش ئالاھىدىلىكى تېخىمۇ
گەۋدىلەندى، كۆپ مىللەتلىك مەھەللىلەر ئۈزلۈكسىز كۆپەيدى،
ئۆزئارا چۈشىنىش ۋە دوستلۇقمۇ زور دەرىجىدە كۈچەيدى. شۇنىڭ
بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە تاۋار ئىگىلىكىنىڭ
تەرەققىياتى كىشىلەرنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، كوز ـ
سېرۋاتىپ، يېپىق ئىدىيىۋى قارىشىنى بۇزۇپ تاشلىدى، شۇ جاي
مەدەنىيىتىنىڭ كەڭ قورساقلىق خاراكتېرى كۈچەيدى، ھەرقايسى
مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىدىكى ئورتاقلىق كۆپەيدى، باراۋەر، ئىت ـ
تىپاق بولغان، ئۆزئارا ياردەم بېرىدىغان سوتسىيالىستىك مىللەت ـ
لەر مۇناسىۋىتى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەندى ۋە راۋاجلاندى.

ئورتاق ئىقتىسادىي تۇرمۇش ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەنپە ـ
ئەتىنى تېخىمۇ زىچ، بىۋاسىتە باغلىدى. ئەنئەنىۋى ئىشلەپچىقى ـ
رىش، تۇرمۇش ئۇسۇلىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغاچقا، ئۇيغۇرلار بى ـ
لەن خۇيزۇلار تىجارەت جەھەتتە، خەنزۇلار كۆكتات تېرىش جە ـ
ھەتتە، قازاقلار چارۋىچىلىق جەھەتتە ئارتۇقچىلىققا ئىگە، بىر ـ
لىككە كەلگەن بازار ۋە «پايدا ئېلىش»تىن ئىبارەت ئوخشاش بول ـ
غان ئىشلەپچىقىرىش مەقسىتى ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى تەشكىل ـ
لەپ، ئورتاق تەرەققىي قىلىشنى ئىشقا ئاشۇردى. 20 ـ ئەسىرنىڭ
90 ـ يىللىرىنىڭ بېشىدا، 100 دىن كۆپرەك خەنزۇ دېھقان ئۆز ـ
لۈكىدىن شىنجاڭغا كېلىپ، ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان
نىيە ناھىيىسىدە ئولتۇراقلاشقان، شۇ يەردىكى ھەر دەرىجىلىك

ھۆكۈمەتلەر ئۇلارنىڭ ئولتۇراق ئۆي، ئىچىملىك سۇ، توك، پەرزەنتلىرىنى ئوقۇتۇش قاتارلىق مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشىغا ياردەم بەرگەن، ئۇيغۇر دېھقانلار تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نامراتلار، ئاشلىقى يوقلارغا پۇل ۋە ماددىي بۇيۇم ئىئانە قىلغان، كېيىن بۇ خەنزۇ دېھقانلار باشلامچىلىق بىلەن ئىلمىي تېرىقچىلىق قىلىپ، سۇلياۋ پارنىكتىن پايدىلىنىپ كۆكتات تېرىش قاتارلىق جەھەتتىكى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىنى تارقىتىپ، ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىنى ياخشىلىغان، شۇ جاينىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىمۇ ئىلگىرى سۈرگەن. 1998 ـ يىلىدىن باشلاپ، خوتەندىكى نەچچە يۈز ئۇيغۇر ياش دېھقانمۇ ئاقسۇدىكى بىڭتۈەننىڭ دېھقانچىلىق مەيدانلىرىغا بېرىپ، خەنزۇ پاختىكارلارغا پاختا تېرىپ بېرىپ، بۇنى كىرىمىنى كۆپەيتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىش يولى قىلغان.

تىل كىشىلەرنىڭ ئالاقە قىلىش، پىكىر ئالماشتۇرۇشتىكى ئەڭ مۇھىم قورالى. شىنجاڭدا ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ئۆزئارا تىل ئۆگىنىش ئەھۋالى ئىنتايىن ئومۇميۈزلۈك، ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسىنىڭ كۆپچىلىكى قوشۇمچە ئۇيغۇر تىلىنى پىششىق بىلىدۇ ھەمدە خەنزۇ تىلىنىڭ ئەدەبىي تىلى ۋە قېلىپلاشتۇرۇلغان خەنزۇ يېزىقىنى ئىشلىتىشنى ئومۇميۈزلۈك ئۆگىنىدۇ. شىنجاڭنىڭ ئىچكىرى جايلار بىلەن بولغان ئالاقىسىنى كۈچەيتىش، ھەرقايسى مىللەتلەر، ھەرقايسى جايلارنىڭ ئىقتىسادى، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشى ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، ھازىر ئاز سانلىق مىللەتلەر تىلىدا دەرس ئۆتۈلىدىغان مەكتەپلەردە باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ يۇقىرى يىللىقى ياكى ئوتتۇرا مەكتەپتىن باشلاپ خەنزۇ تىلى دەرسى تەسىس قىلىندى، خەنزۇ تىلىنىڭ ئەدەبىي تىلى ئومۇملاشتۇرۇلدى. كۆپ ساندىكى ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى خەنزۇ تىل ـ يېزىقىنى ئىگىلەپ، ئىچكىرىدىكى داڭلىق بىلىم يۇرتلىرىغا بېرىپ پەن ـ مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئىگىلەپ، ھەر خىل كەسپىي، تېخنىكا

ئىختىساس ئىگىلىرىدىن بولۇپ يېتىلدى. نۇرغۇن خەنزۇ كا-
دىرلار، بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان
رايونلاردا خىزمەت قىلىدىغان خەنزۇ كادىرلار شۇ جايدىكى ئاز
سانلىق مىللەتلەر ئورتاق قوللىنىدىغان تىل - يېزىقنى ئومۇم-
يۈزلۈك ئۆگەندى ۋە قوللاندى. شىبە قاتارلىق بەزى مىللەتلەردىن
بولغان نۇرغۇن كىشىلەر خەنزۇ تىلى، ئۇيغۇر تىلى، قازاق تىلى
قاتارلىق كۆپ خىل تىللارنى قوشۇمچە پىششىق بىلىدۇ؛ تاتارلار-
نىڭ كۆپىنچىسىمۇ ئۇيغۇر، قازاق تىل - يېزىقىنى قوشۇمچە
پىششىق بىلىدۇ. شىنجاڭدا قوش تىللىق كىشىلەر ناھايىتى
كۆپ، ئۈچ خىل، تۆت خىل تىل بىلىدىغانلارمۇ ئاز ئەمەس. ئۇزاق
مۇددەتلىك ئالاقە داۋامىدا، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تىلىدا ئۆز-
ئارا سۆز قوبۇل قىلىش ئەھۋالىمۇ ئىنتايىن كۆپ، ئاز سانلىق
مىللەتلەرنىڭ تىلىدا خەنزۇ تىلىدىن كىرگەن سۆزلەر خېلى
كۆپ، خەنزۇ تىلىدىمۇ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىلىدىن كىر-
گەن سۆزلەر ئاز ئەمەس، بولۇپمۇ ئۇيغۇر تىلىدىن كىرگەن سۆز-
لەر خېلى كۆپ.

ھەرقايسى مىللەتلەر تۇرمۇش ئادىتى جەھەتتە ھەم ئۆزئارا
ھۆرمەت قىلىپ، ھەم ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىپ، تەدرىجىي
ھالدا ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان شىنجاڭ رايونىنىڭ
ئادىتىنى شەكىللەندۇردى. يېمەك - ئىچمەك ئادىتىنى مىسالغا
ئالساق، شىنجاڭدا مەيلى خىزمەت تامىقى بولسۇن ياكى
دوستلار يىغىلىشى بولسۇن، ئارىدا مۇسۇلمانلا بولىدىكەن كۆپ-
چىلىك ئادەتتە مۇسۇلمانچە ئاشخانىنى تاللايدۇ. شىنجاڭ يەنە
ئۆزىنىڭ يەرلىك يېمەك - ئىچمەك تەمىنى — چۈچۈمەل،
ئاچچىق، تۇزلۇق بولۇشنى ھەمدە ئۆزگىچە خۇش پۇراق زىرە
تەمىنى شەكىللەندۇردى، بەزى مىللەتلەرنىڭ پولۇ، كاۋاپ، نان،
دۈملەنگەن قوي گۆشى، لەغمەن، سۇيۇقئاش، سومەن قاتارلىق
يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە تائاملىرى ھەرقايسى مىللەتلەر
ئومۇمىيۈزلۈك ياقتۇرىدىغان ئىسىل تائام بولۇپ قالدى، ئىل-

گىرى شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر، قازاق، موڭغۇل قاتارلىق مىللەت- لەر كۆكتاتنى بەك ئاز يەيتتى، ھازىر خەنزۇلارنىڭ ھەر خىل قورۇمىلىرى(ئاساسلىقى سىچۇەن قورۇمىلىرى)مۇ ئۇلارنىڭ تا- ماق ئۇستىلىگە چىقتى. ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان يەرلىك ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇش ئادىتىنىڭ تەسى- رىگە ئۇچرىغانلىقتىن، شىنجاڭدا ئۇزۇن مۇددەت تۇرغان كونا خەنزۇلار ئومۇميۈزلۈك قوي گۆشى يېيىشنى ياخشى كۆرىدۇ، چوشقا گۆشىنى ياخشى كۆرمەيدۇ ھەتتا يېمەيدۇ. ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ھېيت - بايراملارنى ئورتاق تەبرىكلىشىمۇ شىنجاڭنىڭ بىر رايون ئالاھىدىلىكى ھېسابلىنىدۇ. ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مىللەتلەرنىڭ قۇربان ھېيتى، روزا ھېيتى بولغاندا، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلمايدىغان باشقا مىللەتلەرمۇ ھېيتى بولغان مىللەت ئاممىسىدىن ھال سوراپ، ھېيتنى تەبرىكلەيدۇ. خەنزۇلارنىڭ ئەنئەنىۋى بايرىمى باھار بايرىمى مەزگىلىدە، نۇرغۇن ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى، ئاممىسىمۇ خەنزۇ خىزمەتداشلىرىنىڭ ئۆيلىرىگە ھېيتلاپ بې- رىپ، ئۇلاردىن ھال سورايدۇ.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، دۇنيادىكى ھەرقايسى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا تالاش - تارتىش ئۇزۇلمىدى، مىللىي ئۆچمەنلىك بىلەن ئۆلتۈرۈش ئەھۋاللىرى ھە دېگەندىلا يۈز بېرىپ تۇردى، لېكىن جۇڭگودا، شىنجاڭدا 50 نەچچە يىلدىن بۇيان باشتىن - ئاخىر تىنچ، ئىتتىپاق بولغان ئىجتىمائىي، سىياسىي مۇھىت ساقلاپ كېلىندى، چوڭ مىللىي تالاش - تارتىش يۈز بەرمىدى، ھەرقايسى مىللەتلەر بىر - بىرىنى ھۆرمەتلەپ، ئۆزئارا ئىشىنىپ كەلدى، ئىقتىساد تەرەققىي قىلدى، جەمئىيەت گۈللەندى، خەلق خاتىرجەم تىرىكچىلىك قىلدى. بۇ، جۇڭگونىڭ مىللىي سىياسى- تىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغانلىقىنى تولۇق ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

**3. نۆۋەتتە، مىللەتلەر مۇناسىۋىتىدە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر**

مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا پەرق بولغانلىقى ئۈچۈن، شىنجاڭدا

مىللىي مۇناسىۋەت ئومۇمىي جەھەتتىن ماس ھالدا تەرەققىي قىد-
لىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ۋە
مەسىلىلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇشىدىنمۇ ساقلانغىلى بولمايدۇ. بىر-
رىنچىدىن، رايونلار ئوتتۇرىسىدا، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا تەرەق-
قىيات جەھەتتە مەۋجۇت بولغان بەزى قۇرۇلما خاراكتېرلىك
تەڭپۇڭسىزلىق مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە سەلبىي تەسىر كۆر-
سەتكەن. تارىختا تەرەققىياتى نىسبەتەن ئارقىدا بولغانلىقتىن
ھەمدە تەبىئىي مۇھىت، جۇغراپىيىلىك ئورۇن قاتارلىق ئوبيېكـ-
تىپ ئامىللار تۈپەيلىدىن، يېقىنقى 50 يىلدىن بۇيان، غەربىي
رايوندىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى ئىجتىمائىي، ئىقتىسا-
دىي جەھەتتە ناھايىتى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن بولسىمۇ،
لېكىن شەرقىي قىسىمدىكى رايونلار ۋە دېڭىز ياقىسىدىكى
رايونلار بىلەن سېلىشتۇرغاندا يەنىلا نىسبەتەن قالاق سەۋىيىدە
بولۇپ، مەيلى ئىقتىسادىي ئومۇمىي مىقدار جەھەتتە بولسۇن ياكى
كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە سەۋىيە جەھەتتە بول-
سۇن ناھايىتى زور پەرق بار، بولۇپمۇ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىل-
غان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان، بۇ خىل پەرق يەنىمۇ
زورايدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھەرقايسى مىللەتلەر ئوت-
تۇرىسىدا، ئاساسلىقى بەزى ئاز سانلىق مىللەتلەر بىلەن خەن-
زۇلارنى سېلىشتۇرغاندا، ئۇلارنىڭ ئومۇمىي مەدەنىيەت سەۋىيە-
سى، تېخنىكا ساپاسى نىسبەتەن بىرقەدەر تۆۋەن، ئائىلىدىكى نو-
پۇسى كۆپ، يۇكى ئېغىر بولغاچقا، ئىشقا ئورۇنلىشىش، ئەمىلى
ئۆسۈش، مەكتەپتە ئوقۇش قاتارلىق رىقابەتلەردە نىسبەتەن ئا-
جىز ئورۇندا تۇرىدۇ، شۇ سەۋەبتىن، بىر قىسىم كىشىلەر
پسىخىكا جەھەتتە تەڭپۇڭسىزلىق ھېس قىلىدۇ. مىللەتلەر
ئوتتۇرىسىدىكى تەرەققىيات جەھەتتىكى تەڭپۇڭسىزلىق ھالـ-
تىنى تەدرىجىي تۈگىتىش جۇڭگودا مىللىي مەسىلىنى ھەل قىد-
لىشتىكى بىر تۈرلۈك ئۇزاق مۇددەتلىك ۋەزىپە. نۆۋەتتە زور
كۆلەمدە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان غەربىي رايوننى كەڭ ئېچىشمۇ

دەل ئاز سانلىق مىللەت ئاھالىسى بىرقەدەر مەركەزلەشكەن غەربي رايوننىڭ تەرەققىيات مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈندۇر.

ئىككىنچىدىن، مىللىي ئاڭنىڭ كۈچىيىشى ۋە ئىقتىساد، مەدەنىيەتنىڭ بىر گەۋدىلىشىش جەريانىنىڭ مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە كۆرسەتكەن تەسىرى. بازار ئىگىلىكىنىڭ بەرپا قىلىنىشى، جەمئىيەتنىڭ ئېچىۋېتىلىش دەرىجىسىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگەشىپ، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە تېخىمۇ كېڭەيدى، چوڭقۇرلاشتى، شۇنىڭ بىلەن ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆز - ئۆزىنى ئېتىراپ قىلىشى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيدى، ئۆز مىللىتىنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىگە تېخىمۇ كۆپ ئەھمىيەت بېرىدىغان بولدى، مىللىي ئېڭى تەدرىجىي كۈچەيدى، مىللىي ئاڭنىڭ كۈچىيىشى مىللەتلەرنىڭ ئۆز - ئۆزىنى قەدىرلىشى، ئۆز - ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش، شۇ مىللەتنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە بىر قىسىم كىشىلەرنى ئۆز ئالاھىدىلىكى ۋە مەنپەئىتىنى ھەددىدىن زىيادە تەكىتلەيدىغان قىلىپ قويدى، ئۇلارنىڭ باشقا مىللەتنى چەتكە قېقىش، رەت قىلىش كەيپىياتىنى كۈچەيتىۋەتتى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئىقتىساد - مەدەنىيەتنىڭ بىر گەۋدىلىشىش جەريانى بىلەن مىللىي ئاڭنىڭ كۈچىيىشىدىمۇ زىددىيەت پەيدا بولدى. پۈتكۈل جەمئىيەتتە ئىقتىسادنىڭ بىر گەۋدىلىشىشى تەدرىجىي شەكىللەندى، بىرلىككە كەلگەن رىقابەت مۇھىتى ۋە ئۈنۈمنى قوغلىشىش بەزى مىللەتلەرنىڭ بىر قىسىم ئەنئەنىۋى كەسىپلىرىنى يوقىلىشقا يۈزلەندۈردى، دۆلەتنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرگە قاراتقان بىر قىسىم ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرى ئەمدى ئۈيغۇن كەلمەي قالدى؛ مەدەنىيەتنىڭ ئورتاقلىقى ئېشىپ، بەزى مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى ئاجىزلاشتى ھەتتا يوقىلىپ كەتتى. بىر قىسىم كىشىلەر بۇنداق بىر گەۋدىلىشىشنى چۈشىنەلمىدى، قوبۇل قىلىشنى خالىمىدى، ھەتتا ئۇنى «خەنزۇلاشتۇرۇش»نىڭ رولى دەپ قارىدى، بۇ مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە بەلگىلىك سەلبىي تەسىر

كۆرسەتتى.

شىنجاڭدا، مىللەتلەر مۇناسىۋىتى جەھەتتە ساقلانغان زىددىيەتلەر ئادەتتە خەلق ئىچىدىكى زىددىيەت دەپ قارىلىپ، ئاساسلىقى تەربىيە بېرىش، يېتەكلەش ئۇسۇلى قوللىنىلىپ، سەۋرچانلىق بىلەن ئىنچىكە ئىدىيىۋى تەربىيە ئىشلەش ۋە قايتا ـ قايتا كېڭىشىش ئارقىلىق ۋەقەنىڭ تەسىر دائىرىسى كىچىكلىتىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىشلارنى بېجىرىشتە قانۇنغا قاتتىق ئەمەل قىلىپ، مەسىلىلەرنى قانۇني تەرتىپ بويىچە ھەل قىلىش كېرەك. مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە دائىر ۋەقەلەرنى بىر تەرەپ قىلىدىغاندا، مۇنداق بىرقانچە جەھەتتىكى چەك ـ چېگرىنى ئېنىق ئايرىشقا دىققەت قىلىش كېرەك. بىرىنچىدىن، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتى بىلەن مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە تەسىر يەتكۈزىدىغان ۋەقەلەرنىڭ چەك ـ چېگرىسىنى ئېنىق ئايرىش كېرەك. گەرچە بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار بەزىدە مىللەت ياكى دىن بايرىقىنى كۆتۈرۈۋالسىمۇ، لېكىن ئۇلار مەلۇم بىر مىللەت ياكى مەلۇم بىر دىنغا ۋەكىللىك قىلالمايدۇ. ئىككىنچىدىن، جىنايى ئىشلار جىنايى ھەرىكىتى بىلەن مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە تەسىر يەتكۈزىدىغان ۋەقەلەرنىڭ چەك ـ چېگرىسىنى ئېنىق ئايرىشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك، پۇقرالار قانۇنغا خىلاپلىق قىلسا، ئۇ ئاشۇ پۇقرانىڭ ئۆزىنىڭ ئىشى، بۇنى ئۇ تەۋە بولغان مىللەت بىلەن خالىغانچە چېتىۋېلىپ، ۋەقەنىڭ خاراكتېرىنى ئۆزگەرتىۋېتىشكە بولمايدۇ. ئۈچىنچىدىن، ئادەتتىكى ھەق تەلەپ ماجىراسى بىلەن مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە تەسىر يەتكۈزىدىغان ۋەقەلەرنى پەرقلەندۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك، ئوخشىمىغان مىللەت پۇقرالىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئادەتتىكى توقۇنۇش بىلەن ھەق تەلەپ ماجىرالىرى پۇقرالار ئوتتۇرىسىدىكى شەخسىي توقۇنۇش بولۇپ، ئۇنى ھەق تەلەپ ماجىرالىرىنى مۇرەسسە قىلىش چارىسى ئارقىلىق ھەل قىلىش كېرەك. بۇ، مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە تەسىر يەتكۈزىدىغان كۆپ ساندىكى ۋەقەلەرنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ بولۇش ئىمكانىيە-

تىگە ئىگە قىلىدۇ.

گەرچە، مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە تەسىر يەتكۈزىدىغان پاي-دىسىز ئامىللار يەنىلا داۋاملىق مەۋجۇت بولسىمۇ، قىسمەن جايلاردا بەزىدە مەلۇم زىددىيەت، توقۇنۇشلار يۈز بېرىشى مۇم-كىن، بۇ زىددىيەت ۋە توقۇنۇشلار ھەتتا بىرقەدەر كەسكىن شەكىل بىلەن مەيدانغا كېلىشى مۇمكىن. لېكىن ئومۇمىي جە-ھەتتىن ئېيتقاندا، شىنجاڭدا مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەق-قىيات يۈزلىنىشى بارغانسېرى ياخشىلىنىپ بارىدۇ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ۋەتەنگە بولغان ئىنتىلىشى ۋە مىللەتلەر ئوتتۇ-رىسىدىكى ئۆيۈشقاقلىق يەنىمۇ كۈچىيىدۇ، سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتى يەنىمۇ مۇستەھكەملىنىدۇ، ھەرقايسى مىللەتلەر ئورتاق گۈللىنىش، ئورتاق تەرەققىي قىلىش ۋە ئور-تاق بېيىشنى تەدرىجىي ئىشقا ئاشۇرىدۇ. بۇ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئارزۇسى، شۇنداقلا شىنجاڭنىڭ يە-نىمۇ تەرەققىي قىلىشىدىكى مۇقەررەر يولى.

# يەتتىنچى باب  رايون ئىقتىسادىنىڭ زامانىۋىلىشىشى

## بىرىنچى، سانائەتلىشىشنىڭ تەدرىجىي تىكلىنىشى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، يېڭى جۇڭگونى بىر قەدەر قىسقا ۋاقىت ئىچىدە تېزدىن باي، قۇدرەتلىك قىلىپ چىقىش ئۈچۈن، جۇڭگو ھۆكۈمىتى سانائەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى. 50 نەچچە يىلدىن بۇيان، بولۇپمۇ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەن 20 نەچچە يىلدىن بۇيان، خەلق ئىگىلىكىنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، شىنجاڭدىمۇ پۈتۈن مەملىكەتنىڭكىگە ئوخشاش سانائەتنىڭ زامانىۋىلىشىش مۇساپىسىدە يېڭى - يېڭى قەدەملەر تاشلاندى. 21 - ئەسىرگە قەدەم قويغاندىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ سانائەت تەرەققىياتى بىر قاتار يېڭى پۇرسەت ۋە خىرىسقا دۇچ كەلدى. شۇڭا، پۇرسەتنى يەنىمۇ غەنىيمەت بىلىپ، خىرىسنى كۈتۈۋېلىپ، شىنجاڭنىڭ سانائىتىنىڭ زامانىۋىلىشىش سۈرئىتىنى پائال، سالماقلىق بىلەن داۋاملىق ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

### 1. سانائەتنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى

كونا جۇڭگودا، شىنجاڭنىڭ زامانىۋى سانائىتى يوق دېيەرلىك ئىدى. شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولۇشتىن ئىلگىرىكى 1949 - يىلىغىچە، پۈتۈن شىنجاڭدا ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى «سانائەت» كارخانىسىدىن ئاران 14ى بار بولۇپ، مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليون 700 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك ئىدى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئومۇمىي سانى 1100گە يەتمەيتتى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋە قېرىنداش ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارنىڭ زور كۈچ بىلەن ياردەم

بىرىشى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ توغرا رەھبەرلىكى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى، ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى ۋە شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملاردىكى كەڭ كادىر، جەڭچىلەرنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا، شىنجاڭنىڭ زامانىۋى سانائىتى يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ، كىچىكلىكتىن زورىيىپ، ھازىر تۈرلۈك كەسىپلىرى بىر قەدەر تولۇق بولغان زامانىۋى سانائەت سىستېمىسى بارلىققا كەلدى.

2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە تۈرلۈك ئىقتىسادىي تىپتىكى سانائەت ئىشلەپچىقىرىش كارخانىسى جەمئىي 74 مىڭ 63 كە، سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 108 مىليارد 422 مىليون يۈەنگە (شۇ يىلدىكى باھا بويىچە) يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، يېزا ۋە يېزىدىن يۇقىرى سانائەت كارخانىسى 6287گە، سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 100 مىليارد 382 مىليون يۈەنگە يەتتى. شىنجاڭدىكى مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان سانائەت كارخانىسى 1300گە، سېتىش مەھسۇلات قىممىتى (شۇ يىلدىكى باھا بويىچە) 86 مىليارد 850 مىليون يۈەنگە، سانائەتتىكى ئىشلەپچىقىرىش - سېتىش نىسبىتى 99.08% كە يەتتى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان 50 نەچچە يىلدىن بۇيان، شىنجاڭنىڭ سانائىتى ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلدى، ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مەھسۇلات مىقدارى زور ھەجىمدە ئاشتى، بولۇپمۇ پولات، پولات ماتېرىياللىرى، سېمونت قاتارلىق شىنجاڭنىڭ ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىغا ئالاقىدار مەھسۇلاتلار ۋە ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشقا ئالاقىدار مەھسۇلاتلار ياكى كۆمۈر، خام نېفىت، پاختا يىپ، رەخت قاتارلىق شىنجاڭنىڭ بايلىق ئۈستۈنلۈكىگە ئىگە مەھسۇلاتلارنىڭ تەرەققىياتى ناھايىتى تېز بولدى.

50 يىلدىن بۇيانقى شىنجاڭنىڭ سانائەت تەرەققىيات ئالاھىدىلىكى تۆۋەندىكىچە:

(1) سانائەتنىڭ ئېشىش سۈرئىتى بىرقەدەر تېز بولدى. پۈ-

7.1 - جەدۋەل:

## 2001 - يىلىدىكى شىنجاڭدىكى بارلىق سانائەت كارخانىلىرىنىڭ سانى ۋە سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى

| تۈرى | كارخانا سانى | %نى ئىگىلەيدۇ | ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى | % نى ئىگىلەيدۇ |
|---|---|---|---|---|
| ئومۇمىي سانى | 74063 | 100.00 | 1084.22 | 100.00 |
| دۆلەت ئىچى مەبلىغى بىلەن قۇرۇلغىنى | 73964 | 99.87 | 1069.48 | 98.64 |
| دۆلەت ئىلكىدىكى | 1721 | 2.32 | 155.26 | 14.32 |
| كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكى | 2814 | 3.8 | 53.31 | 4.92 |
| شەھەر، يېزىلاردىكى يەككە ئىگىلىكتىكى | 65146 | 87.96 | 66.21 | 6.11 |
| پاي ھەمكارلىق تىپىدىكى | 182 | 0.25 | 7.05 | 0.65 |
| بىرلىشىپ ئىگىلىك باشقۇرىدىغىنى | 83 | 0.11 | 2.78 | 0.26 |
| چەكلىك مەسئۇلىيەت تۈزۈمىدىكى شىركەت | 464 | 0.63 | 218.93 | 20.19 |
| پاي مەسئۇلىيەت تۈزۈمىدىكى شىركەت | 24 | 0.03 | 506.74 | 46.74 |
| خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى | 2887 | 3.9 | 49.4 | 4.56 |
| باشقىلىرى | 643 | 0.87 | 9.8 | 0.90 |
| چەت ئەل مەبلىغى بىلەن قۇرۇلغىنى | 99 | 0.13 | 14.74 | 1.36 |
| يېنىك سانائەت، ئېغىر سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي سانى | | | | |
| يېنىك سانائەت كارخانىسى | 57794 | 78.03 | 274.96 | 25.36 |
| ئېغىر سانائەت كارخانىسى | 16269 | 21.97 | 809.26 | 74.64 |
| چوڭ، ئوتتۇرا، كىچىك تىپتىكى كارخانىلارنىڭ ئومۇمىي سانى | | | | |
| چوڭ تىپتىكى كارخانا | 54 | 0.07 | 556.63 | 51.34 |
| ئوتتۇرا تىپتىكى كارخانا | 129 | 0.17 | 119.75 | 11.04 |
| كىچىك تىپتىكى كارخانا | 73880 | 99.75 | 407.84 | 37.62 |
| ئومۇمىي سان ئىچىدە | | | | |
| يېزىلاردىكى كارخان | 48339 | 65.27 | 75.49 | 6.96 |
| پېيىنى دۆلەت كونترول قىلغان كارخان | 2378 | 3.21 | 807.96 | 74.52 |

7.2 - جەدۋەل:

## شىنجاڭدىكى ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مەھسۇلات مىقدارى

| يىل | | مەھسۇلات مىقدارى | | | ئېشىپ بارغان سانى | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | 1952 | 1978 | 2001 | 1978/1952 | 2001/1978 | 2001/1952 |
| پاختا يىپ | 10مىڭ توننا | 0.0458 | 2.8 | 30.27 | 61.14 | 10.81 | 660.92 |
| رەخت | 100مىليون مېتىر | 0.033 | 1.56 | 2.54 | 47.27 | 1.63 | 76.97 |
| ماشىنا بىلەن ئىشلەنگەن قەغەز | 10مىڭ توننا | 0 | 1.99 | 19.34 | | 9.72 | |
| شېكەر | 10مىڭ توننا | 0 | 2.08 | 41.98 | | 20.18 | |
| ئىشلەنمىگەن تاش كۆمۈر | 10مىڭ توننا | 43.73 | 1079.01 | 2819.61 | 24.67 | 2.61 | 64.48 |
| خام نېفىت | 10مىڭ توننا | 5.21 | 355.05 | 1946.95 | 68.15 | 5.48 | 373.69 |
| تەبىئىي گاز | 10مىڭ كۇب مېتىر | 0 | 25100 | 417429 | | 16.63 | |
| توك تارقىتىش مىقدارى | 100مىليون كىلوۋات سائەت | 0.05 | 21.17 | 197.62 | 423.40 | 9.33 | 3952.40 |
| پولات | 10مىڭ توننا | 0.07 | 8.46 | 131.83 | 120.86 | 15.58 | 1883.29 |
| تەييار پولات ماتېرىيالى | 10مىڭ توننا | 0.06 | 6.83 | 134.42 | 113.83 | 19.68 | 2240.33 |
| سېمونت | 10مىڭ توننا | 0.18 | 78.15 | 981.29 | 434.17 | 12.56 | 5451.61 |

تۈن مەملىكەتنىڭ سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ئېشىش سۈرئىتى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشتىن بۇرۇن، شىنجاڭنىڭ ئېشىش سۈرئىتى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ 11.4%لىك ئېشىش سۈرئىتىدىن 0.3 پىرسەنت پوئىنتى يۇقىرى ئىدى؛ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغاندىن كېيىن بولسا، دېڭىز ياقىسىدىكى رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى زىيادە يۇقىرى سۈرئەت بىلەن ئاشقانلىقى ئۈچۈن، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ 14.9%لىك ئېشىش سۈرئىتىدىن 3.1% پوئىنتى تۆۋەن بولۇپ قالدى، لېكىن 11.8%لىك يۇقىرى ئېشىش سۈرئىتى يەنىلا ساقلاپ قېلىندى.

(2) دۆلەت ئىلكىدىكى ئىقتىسادنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى زور بولدى.

(3) چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى سانائەت كارخانىلىرى ئاز، لېكىن سانائەت مەھسۇلات قىممىتىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى يۇقىرى، كىچىك تىپتىكى سانائەت كارخانا ئورۇنلىرىنىڭ سانى كۆپ، لېكىن سانائەت مەھسۇلات قىممىتىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى بىرقەدەر تۆۋەن بولدى.

(4) ئېغىر سانائەت زور نىسبەتنى ئىگىلىدى، ئېغىر سانائەت ئىچىدە، قازمىچىلىق سانائىتى بىلەن خام ماتېرىيال سانائىتى زور نىسبەتنى ئىگىلىدى، پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتىنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى تۆۋەن بولدى؛ يېنىك سانائەتنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى تۆۋەن بولدى، يېنىك سانائەت ئىچىدە، دېھقانچىلىق، قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرى خام ئەشيا قىلىنغان يېنىك سانائەتنىڭ مەھسۇلات قىممىتى زور سالماقنى ئىگىلىدى.

**2. زامانىۋى سانائەتنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسى**

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان، شىنجاڭنىڭ زامانىۋى سانائىتى ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلدى، لېكىن، پۈتۈن مەملىكەتنىڭكىگە ئوخشاش، 1978 ـ يىلى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلۇشتىن بۇرۇنقى 20 يىل ئىچىدە، سانائەتنىڭ تەرەققىياتى

«سول» چىل يېتەكچى ئىدىيىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدى، بولۇپمۇ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ قاتتىق زەربىسىگە ئۇچرىدى. پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسىنىڭ تەسىرىدە شىنجاڭنىڭ سانائەت تەرەققىياتى خېلى ئۇزاق ۋاقىتقىچە «سۈرئەتكە ئەھمىيەت بېرىش، ئۈنۈمگە سەل قاراش؛ ئاساسىي قۇرۇلۇشقا ئەھمىيەت بېرىش، ئىسلاھاتقا سەل قاراش؛ مەھسۇلات قىممىتىگە ئەھمىيەت بېرىش، باشقۇرۇشقا سەل قاراش»نىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، ئەگرى - توقاي تەرەققىيات يولىنى بېسىپ ئۆتتى. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن كېيىنلا، ئاندىن سانائەت تەرەققىياتىنىڭ «تېز سۈرئەتلىك يولى»غا كىردى.

شىنجاڭنىڭ زامانىۋى سانائەت تەرەققىياتىنى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلۇشتىن بۇرۇنقى 30 يىل ۋە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن كېيىنكى 20 يىل دەپ ئىككى باسقۇچقا بۆلۈشكە بولىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە، ئالدىنقى 30 يىلنى يەنە خەلق ئىگىلىكى ئەسلىگە كېلىش مەزگىلى ۋە 1 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلى (1950 - يىلدىن 1957 - يىلغىچە)؛ 2 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلى ۋە خەلق ئىگىلىكىنى ئۈچ يىل تەڭشەش مەزگىلى (1958 - يىلدىن 1965 - يىلغىچە)؛ «4 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلى» ۋە «5 - بەش يىللىق پىلان»نىڭ دەسلەپكى مەزگىلى، يەنە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلى (1966 - يىلدىن 1976 - يىلغىچە) دەپ ئۈچ مەزگىلگە بۆلۈشكە بولىدۇ. كېيىنكى 20 يىلنىمۇ ئىككى كىچىك باسقۇچقا بۆلۈشكە بولىدۇ، يەنى تەڭشەش ۋە تەرتىپكە سېلىش مەزگىلى بىلەن «6 - بەش يىللىق پىلان» مەزگىلى 1 - باسقۇچ (1978 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە)؛ «7 -، 8 - بەش يىللىق پىلان» مەزگىلىدىن ھازىرغىچە 2 - باسقۇچ.

*خەلق ئىگىلىكى ئەسلىگە كېلىش ۋە 1 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلى.* بۇ، شىنجاڭنىڭ زامانىۋى سانائىتىنىڭ باشلىنىش ۋە ئاساس سېلىش باسقۇچى. شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بول-

غاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن گېنېرال ۋاڭ جېن باشچىلىقىدىكى شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىم بىر قولىغا قورال، بىر قولىغا جوتۇ ئېلىپ، يېڭى زور ئىشلەپچىقىرىش ھەرىكىتىنى باشلىدى. ئۇلار بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە بىر تۈركۈم توگمەن، جۇۋازخانا، سەيپۇڭخانا، رېمونتخانا قاتارلىق زاۋۇتلارنى قۇردى. 1950 ـ يىلدىن 1952 ـ يىلغىچە بولغان ئۈچ يىللىق ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەزگىلىدە، دۆلەت ئاجرىتىپ بەرگەن 100 مىليون يۈەن سانائەت، قۇرۇلۇش مەبلىغىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، قالغان مۇتلەق كۆپ ساندىكى مەبلەغ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ كو- ماندىر ـ جەڭچىلىرىنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەكنى تېجىشىگە تايىنىپ جۇغلاندى. ئۇلار ئىنتايىن قىيىن شارائىتتا، ناھايىتى تېزلا ليۇداۋان كۆمۈر كېنى، «1 ـ ئىيۇل» پاختا توقۇ- مىچىلىق زاۋۇتى، «1 ـ ئاۋغۇست» پولات ـ تۆمۈر زاۋۇتى، «ئۆك- تەبىر» ئاپتوموبىل رېمونت قىلىپ سەپلەش زاۋۇتى قاتارلىق بىر قاتار زامانىۋى سانائەت كارخانىلىرىنى قۇرۇپ چىقتى. 1952 ـ يىلىغا كەلگەندە، پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە سانائەت كارخا- نىسى تەرەققىي قىلىپ 771 گە، سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 220 مىليون يۈەنگە يەتتى.

«1 ـ بەش يىللىق پىلان» مەزگىلىگە قەدەم قويغاندىن كې- يىن، مەركىزىي ھۆكۈمەت «شىنجاڭنىڭ بۈنىڭدىن كېيىنكى قۇ- رۇلۇش پىلانىدا رېئاللىقنى ئاساس قىلىش، كەلگۈسى تەرەققىيات- نى نەزەردە تۇتۇش كېرەك. مۆلچەرىمىزچە، تۆمۈريولنى شىنجاڭغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن يەنە 10 يىلچە ۋاقىت كېتىدۇ. بۇنىڭدىن بۇ- رۇن، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش فاڭجېنى مۇنداق بولى- دۇ: دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى ۋە ئۇنىڭغا ماس بولغان قات- ناش ـ ترانسپورت، ئىچكى ـ تاشقى سودا ئىشلىرىنى چىڭ تۇتۇپ تەرەققىي قىلدۇرۇش؛ سانائەت، كانچىلىق جەھەتتە، زۆرۈر بولغان ۋە مۇمكىنچىلىكى بولغان بىر قىسىم كىچىك تىپتىكى سانائەت

كارخانىلىرىنى قۇرغاندىن سىرت، تۆمۈريول يېتىپ كەلگەن دەسلەپكى 2 ، 3 يىلدا، زور كۆلەمدە سانائەت، كانچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ كونكرېت پىلانىنى تۈزۈشتە پايدىلىنىدىغان تولۇق ماتېرىيال بولۇشقا قۇلايلىق بولسۇن ئۈچۈن، مۇھىم نۇقتىنى بايلىقنى قىدىرىپ تەكشۈرۈش ۋە كادىرلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش خىزمىتىگە قارىتىش كېرەك»[①]دەپ كۆرسەتتى. شىنجاڭ دەل مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ مۇشۇ كۆرسەتمىسىنىڭ روھىغا ئاساسەن، «1 ـ بەش يىللىق پىلان» مەزگىلىدە، ئالدى بىلەن دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تەرەققىياتىنى ياخشى تۇتۇش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا، شىنجاڭنىڭ سانائەت تەرەققىياتىنى پۇختا قەدەم بىلەن ئىلگىرى سۈرۈپ، سانائەت تەرەققىياتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى ئېنېرگىيە سانائىتىدىن ئىبارەت ئاساس سانائەتكە قويدى. «ئۈچ يىللىق خەلق ئىگىلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش» مەزگىلىدە، يېزا ئىگىلىكىگە سېلىنغان مەبلەغ ئاساسىي قۇرۇلۇش ئومۇمىي مەبلىغىنىڭ 50.37 پىرسەنتىنى ، سانائەتكە سېلىنغان مەبلەغ بولسا ئاران 30.76 پىرسەنتىنى، ترانسپورت ۋە پوچتا ـ تېلېگرافقا سېلىنغان مەبلەغ 5.6 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. «1 ـ بەش يىللىق پىلان» مەزگىلىگە قەدەم قويغاندىن كېيىن، يېزا ئىگىلىكى مەبلىغى يەنىلا مۇھىم نۇقتا قىلىنىپ، ئاساسىي قۇرۇلۇش ئومۇمىي مەبلىغىنىڭ 28.86 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى؛ سانائەت بولسا 27.77 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئېغىر سانائەت 22.66 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى، ئېغىر سانائەتكە سېلىنغان مەبلەغ ئىچىدە، ئېنېرگىيە سانائىتىگە سېلىنغان مەبلەغ 15.6 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى؛ قاتناش، پوچتا ـ تېلېگرافقا سېلىنغان مەبلەغ 8.1 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

ئەمەلىيەت شىنجاڭنىڭ بۇ مەزگىلدىكى سانائەت تەرەققىيا-

① «ۋاڭ ئېنماۋ ماقالىلىرى» 1 ـ قىسىم، مەركىزىي كومىتېت ھۆججەت ماتېرىيال نەشرىياتى، خەنزۇچە 222 ـ بەت.

تىنىڭ ئومۇمىي يېتەكچى ئىدىيىسىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. بىرىنچىدىن، ئىقتىساد ۋە سانائەت ئىشلەپچىقىرىد-شىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى ۋە شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق خەلق ئازادلىق ئارمىيە-سىنىڭ تۇرمۇشىنى تەمىنلەش، ئەڭ زور دەرىجىدە ياخشىلاشقا كاپالەتلىك قىلىشقا قويۇلدى؛ ئىككىنچىدىن، ئىقتىسادنى تەرەق-قىي قىلدۇرۇشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى خەلقنىڭ تۇرمۇشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىققا قويۇلدى. سانائەت تەرەققىياتىدا بولسا، بىر تەرەپتىن تۇرلۇك كىچىك تىپ-تىكى يېزا ئىگىلىك، قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى پىش-شىقلاپ ئىشلەش، ماشىنا رېمونت قىلىش، ئوششاق بەش خىل مېتال زاۋۇتلىرى زور كۈچ بىلەن قۇرۇلدى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي، قەدەم باسقۇچلۇق ھالدا زامانىۋى سانا-ئەت قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، سانائەت قۇرۇ-لۇشىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى سانائەت قۇرۇلۇشىنى تەرەققىي قىل-دۇرۇش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئېنېرگىيە قۇرۇلۇشىغا قويۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، قاتناش - ترانسپورت، خەۋەرلىشىش قاتارلىق ئىجتىمائىي ئۇل مۇئەسسەسەلەر قۇرۇلۇشى ۋە بايلىقنى قىدىرىپ تەكشۈرۈش، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا زۆرۈر بولغان ئىخ-تىساسلىقلارنى تەربىيىلەش قاتارلىقلارغىمۇ يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىلدى.

بۇ مەزگىلدە، سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 10.4% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى يىلىغا ئوت-تۇرا ھېساب بىلەن 7.1%، سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 23.3% ئاشتى. خەلق ئىگىلىكى ئەسلىگە كېلىش مەزگىلى بىلەن «1 - بەش يىللىق پىلان» مەز-گىلىدىكى سەككىز يىل شىنجاڭنىڭ سانائەت تەرەققىياتى بىرقە-دەر تېز، بىرقەدەر ماس ھالدا ئېلىپ بېرىلغان تارىخىي مەزگىل

ھېسابلىنىدۇ.

*«2-بەش يىللىق پىلان» مەزگىلى ۋە «خەلق ئىگىلىكىنى ئۈچ يىل تەڭشەش» مەزگىلى.* بۇ، شىنجاڭنىڭ سانائىتىنىڭ ئەگرى - توقايلىق ۋە تەڭشەش داۋامىدا پۇختا قەدەم بىلەن تەرەققىي قىلغان تارىخىي مەزگىلىدۇر. پۈتۈن مەملىكەتتىكىگە ئوخشاش، 1958 - يىلى قوزغالغان «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» ھەرىكىتى شىنجاڭنىڭ پۇختا قەدەم بىلەن تەرەققىي قىلىۋاتقان خەلق ئىگىلىكىگە، بولۇپمۇ سانائەت تەرەققىياتىغا ئېغىر كاشىلىلارنى ئېلىپ كېلىپ، ئاساسىي قۇرۇلۇش كۆلىمى تېز سۈرئەتتە كېڭىيىش، مەبلەغ، ماددىي ئەشيا ناھايىتى قىس بولۇشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، قۇرۇلۇشنىڭ دەۋرىيلىكى ئۇزىراپ كېتىش، قۇرۇلۇشنىڭ سۈپىتى تۆۋەنلەپ كېتىش، زور بىر تۈركۈم قۇرۇلۇش تۈرلىرى يېرىم يولدا توختاپ قېلىشقا مەجبۇر بولۇش، مەبلەغ سېلىشتا ئىسراپچىلىق ئېغىر بولۇشقا سەۋەب بولدى؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە، بىر مەھەل سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى چېكىنىپ كېتىش، يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك، تۇرمۇش بۇيۇملىرى بىلەن تەمىنلەش جىددىي بولۇشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىگە ئېغىر تەسىر كۆرسەتتى. لېكىن، سەۋەنلىكنى كۆرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ بۇ كۈرەشتە ئىپادىلىگەن سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشقا ئاتلىنىش قىزغىنلىقىنىڭ ھەقىقەتەن مىسلىسىز ئىكەنلىكىنىمۇ مۇئەييەنلەشتۈرۈشىمىز كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش مەزگىلىدە سېلىنغان مالىيە كۈچى، ماددىي كۈچ، يېڭىدىن قۇرۇلغان، كېڭەيتىپ قۇرۇلغان كارخانا ۋە كەسپىي ئورۇنلار، يېڭىدىن كۆپەيگەن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىمۇ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ۋە جەمئىيەتتىكى تۈرلۈك ئىشلارنى يەنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن مەلۇم ماددىي ئاساس سېلىپ بەردى. 1961 - يىلىدىن 1962 - يىلىغىچە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىلەن خەلق ھۆ-

كۆمىتى مەركىزىي كومىتېت ئوتتۇرىغا قويغان «تەڭشەش، مۇستەھكەملەش، تولۇقلاش، يۇقىرى كۆتۈرۈش»تىن ئىبارەت يېتەكچى فاڭجېنغا ئاساسەن، خەلق ئىگىلىكىنى، بولۇپمۇ سانائەت تەرەققىياتىنى ئومۇميۈزلۈك تەڭشىدى. 1965 - يىلى، مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە يەنە داۋاملىق تەڭشەش ئېلىپ باردى. ئاساسىي قۇرۇلۇش سېپىنى تارايتىپ، يېزا ئىگىلىكى - يېنىك سانائەت - ئېغىر سانائەتنىڭ، جۇغلانما بىلەن ئىستېمالنىڭ، كېڭەيتىلگەن تەكرار ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئاددىي تەكرار ئىشلەپچىقىرىشنىڭ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش بىلەن خەلق تۇرمۇشىنىڭ نىسبەتەن مۇناسىۋىتىنى تەڭشەپ، خەلق ئىگىلىكى بىلەن سانائەت تەرەققىياتىنى قايتىدىن ساغلام تەرەققىي قىلىش ئىزىغا سالدى.①

لەنجۇ - شىنجاڭ تۆمۈريولىنىڭ ياسىلىشى ۋە قاراماي نېفىتلىكىنىڭ ئېچىلىشى بۇ مەزگىلدە شىنجاڭنىڭ زامانىۋى سانائەت تەرەققىياتىغا تەسىر كۆرسەتكەن ۋە ئۇنى بەلگىلىگەن ئىككى چوڭ ئىش ھېسابلىنىدۇ.

100 مىڭلىغان تۆمۈريول ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ 10 يىلغا يېقىن جاپالىق كۈرەش قىلىشى نەتىجىسىدە، 1962 - يىلى 12 - ئاينىڭ 9 - كۈنى لەنجۇ - شىنجاڭ تۆمۈريولى شىنجاڭنىڭ مەركىزى ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە ياتقۇزۇلۇپ، شىنجاڭدا تۆمۈريول بولماسلىق تارىخىغا خاتىمە بېرىلدى. لەنجۇ - شىنجاڭ تۆمۈريولىنىڭ ياسىلىشى شىنجاڭنىڭ مەبلەغ سېلىش مۇھىتىنى تۈپتىن ياخشىلاپ، شىنجاڭنىڭ زامانىۋى سانائىتىنىڭ زور كۆلەمدە قۇرۇلۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن پۇختا ماددىي ئاساس سېلىپ بەردى.

---

① شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى بىلەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ستاتىستىكا ئىدارىسى تۈزگەن «شىنجاڭنىڭ 40 يىلى (1955 - يىلىدىن 1995 - يىلىغىچە)» جۇڭگو ستاتىستىكا نەشرىياتى، خەنزۇچە نەشرى، 328 - ، 350 - بەتلەرگە قارالسۇن.

قاراماي نېفتلىكىنىڭ ئېچىلىشى بولسا شىنجاڭنىڭ زور كۆلەملىك سانائەت قۇرۇلۇشىنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئاچتى. 1955 ـ يىلى 1 ـ ئايدا، مەركىزىي ھۆكۈمەت قاراماي رايونىدا بۇرغىلاش ئېلىپ بېرىشنى قارار قىلدى. شۇ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى تۇنجى تەكشۈرۈش قۇدۇقىدا بۇرغىلاش باشلاندى ھەمدە 10 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى قۇدۇق پۇتۇپ نېفىت چىقتى، بۇ يېڭى جۇڭگودا تۇنجى چوڭ نېفتلىكنىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. 1960 ـ يىلى خام نېفىتنىڭ مەھسۇلات مىقدارى 1 مىليون 636 مىڭ 700 توننىغا يېتىپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ شۇ يىللىق خام نېفىت مەھسۇلات مىقدارىنىڭ 39پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.①

بۇ مەزگىلدە ئېغىر سانائەت ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا سېلىنغان مەبلەغ 1 مىليارد 248 مىليون يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى بەش يىلىغا 955 مىليون يۈەن، كېيىنكى ئۈچ يىلىغا 293 مىليون يۈەن سېلىندى. كونا كارخانىلار كېڭەيتىپ قۇرۇلغاندىن سىرت، يېڭىدىن قىزىلتاغ ئېغىزى ئېلېكتر ئىستانسىسى، قۇمۇل تارانچى ئۈستى ئوچۇق كۆمۈر كېنى، مايتاغ نېفىت ئايرىش زاۋۇتى، ئۈرۈمچى 2 ـ پولات ـ تۆمۈر زاۋۇتى، شىنجاڭ لىتېيلىق تۇز زاۋۇتى، شىنجاڭ كۆيدۈرگۈچى ئىشقار زاۋۇتى قاتارلىق بىر تۈركۈم چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى سانائەت كارخانىلىرى قۇرۇلدى. يېڭىدىن تۆۋەندىكىدەك ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى ئاشتى: 364 مىڭ توننا چويۈن ئېرىتىش، 177 مىڭ 600 توننا پولات تاۋلاش، 146 مىڭ توننا پولات پروكاتلاش، ئىشلەنمىگەن تاش كۆمۈر 3 مىليون 221 مىڭ 700 توننا. گېنېراتور سىغىمچانلىقى 135 مىڭ 600 كىلوۋات، خام نېفىت 2 مىليون 426 مىڭ توننا، سېمونت

① شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى بىلەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ستاتىستىكا ئىدارىسى تۈزگەن «شىنجاڭنىڭ 40 يىلى (1955 ـ يىلىدىن 1995 ـ يىلىغىچە)»، جۇڭگو ستاتىستىكا نەشرىياتى، خەنزۇچە نەشرى، 273 ـ بەتكە قارالسۇن.

396 مىڭ 300 توننا، 1965 ـ يىلى پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ئېغىر سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 650 مىليون يۈەنگە يېتىپ، سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 17.9 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، شىنجاڭنىڭ يېنىك سانائىتىمۇ تەرەققىي قىلدى: يۇڭ توقۇمىچىلىق، شېكەرچىلىك، قەغەزچىلىك، تاماكا ئوراش سانائىتى قۇرۇلدى. كۈندىلىك بۇيۇملار سانائىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى ئاشتى. بۇ باسقۇچتا يېنىك سانائەتكە سېلىنغان ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلىغى 303 مىليون يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى بەش يىلغا 236 مىليون يۈەن، كېيىنكى ئۈچ يىلغا 67 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. كونا زاۋۇتلار كېڭەيتىپ قۇرۇلغاندىن سىرت، يېڭىدىن 1 ـ ئاۋغۇست پاختا توقۇمىچىلىق زاۋۇتى، قەشقەر پاختا توقۇمىچىلىق زاۋۇتى، كۈيتۇن تاماكا زاۋۇتى، شىنجاڭ بەش خىل مېتال ماتېرىيال زاۋۇتى قاتارلىق بىر تۈركۈم چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى كارخانىلار قۇرۇلدى. يېڭىدىن تۆۋەندىكىدەك ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى ئاشتى: پاختا توقۇمىچىلىق ئۇرچۇقىدىن 181 مىڭ ئۇرچۇق، يۇڭ توقۇمىچىلىق ئۇرچۇقىدىن 8700 ئۇرچۇق، ماشىنا بىلەن ياسالغان شېكەر 35 مىڭ 700 توننا، ماشىنا بىلەن ياسالغان قەغەز 8800 توننا، تاماكا 20 مىڭ يەشىك، لامپۇچكا 1 مىليون 800 مىڭ دانە 1965 ـ يىلى يېنىك سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 750 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئوخشاش مەزگىلدىكى سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 20.6 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.[1]

بۇ بىر تارىخىي مەزگىلدىكى سانائەت تەرەققىياتىغا نەزەر

[1] ئابلەت ئابدۇرېشىت، خەن شۆچى تۈزگەن «شىنجاڭدا قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىلغان 40 يىل»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 ـ يىلى 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، خەنزۇچە تېكىستىنىڭ 11 ـ ، 12 ـ بەتلىرىگە قارالسۇن.

سالساق، قوبۇل قىلىشقا ئەرزىيدىغان نۇرغۇن تەجرىبە-ساۋاقلار بار. سانائەت تەرەققىياتىدا چوقۇم شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىنى ئاساس قىلىپ ھەم مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ مالىيە جەھەتتىن زور كۈچ بىلەن مەدەت بېرىشىنى پائال قولغا كەلتۈرۈش، ھەم يەرلىكنىڭ مالىيە كۈچى، ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچ جەھەتتىكى ئەمەلىي ئەھۋالىنى ئاساس قىلىپ، ئاكتىپ ھەم سالماق بولۇش روھىدا چىڭ تۇرۇپ، يېزا ئىگىلىكى، يېنىك سانائەت، ئېغىر سانائەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، ئاساس سانائەت تارماقلىرى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئۇل قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يېنىك سانائەتنىڭ تەرەققىياتىنى مۇۋاپىق تېزلىتىش كېرەك.

*«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلى ۋە «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنغاندىن كېيىنكى تېڭىرقاپ يۈرۈش مەزگىلى.* «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ۋە « تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنغاندىن كېيىنكى «سەكرەپ ئىلگىرىلەش» شىنجاڭنىڭ خەلق ئىگىلىكى ۋە سانائەت تەرەققىياتىغا غايەت زور جاراھەت ئېلىپ كەلدى. بۇ مەزگىلدە، سانائەتكە جەمئىي 1 مىليارد 974 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، ئاساسلىقى «كىچىك ئۈچ لىنىيە» ۋە «چوڭ ئۈچ لىنىيە»دە قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىلىپ، بىر تۈركۈم ھەربىي سانائەت كارخانىلىرى ۋە «بەش كىچىك» سانائەت قۇرۇلدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ بۇزغۇنچىلىقى تۈپەيلىدىن، سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى يىللىق ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 2.1% ئاشتى، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى يىللىق ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 0.73% تۆۋەنلىدى، سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى يىللىق ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 5.0% ئاشتى؛ بۇنىڭ ئىچىدە، ئېغىر سانائەت 7.33%، يېنىك سانائەت 2.6% ئاشتى.

بۇ مەزگىل شىنجاڭنىڭ سانائەت تەرەققىياتى ئەڭ ئاستا بولغان تارىخىي مەزگىل ھېسابلىنىدۇ.

*ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش داۋامىدا شىنجاڭنىڭ زامانىۋى سانا-
ئىتى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى* . ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئى-
شىك ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيانقى 20 نەچچە يىل شىنجاڭدا سانائەت
ئۇدا، ماس، يۇقىرى سۈرئەتتە تەرەققىي قىلغان مەزگىل ھېساب-
لىنىدۇ. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ يولغا قويۇلۇشى، سوتسىيا-
لىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ تەدرىجىي بەرپا قىلى-
نىشى شىنجاڭنىڭ سانائەت تەرەققىياتىغا يېڭى ھاياتىي كۈچ
قوشتى؛ ئاسىيا - ياۋروپا 2 - چوڭ قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكىنىڭ تۇ-
تاشتۇرۇلۇشى، چېگرا بويلىرىنى ئېچىۋېتىش ئىستراتېگىيىسى-
نىڭ يولغا قويۇلۇشى، نېفىت ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنىڭ
غەربكە يۆتكىلىشى ھەممە ياخشى بولغان قوشنا مۇھىت ۋە ئاپتو-
نوم رايوننىڭ ئىچكى قىسمىدا جەمئىيەت، سىياسىينىڭ مۇقىم
بولۇشى شىنجاڭنىڭ سانائەت تەرەققىياتىغا ياخشى پۇرسەت ئې-
لىپ كېلىپ، شىنجاڭنىڭ بۇ مەزگىلدىكى سانائەت تەرەققىياتى-
نىڭ مۇھىم شەرتى ۋە ئاساسىي كاپالىتى بولۇپ، شىنجاڭنىڭ
زامانىۋى سانائىتىنى ئۇدا، ماس، يۇقىرى سۈرئەتتە تەرەققىي قى-
لىشتەك يېڭى بىر باسقۇچقا ئېلىپ كىردى.

شىنجاڭنىڭ رايون ئىقتىسادىنىڭ يىرىك ئىگىلىك باشقۇ-
رۇشتىن تۇجۇپىلەپ ئىگىلىك باشقۇرۇشقا ئۆتىشىگە ئەگىشىپ،
سانائەت كارخانىلىرىنىڭ تېخنىكا ئىسلاھ قىلىش سۈرئىتى زور
دەرىجىدە ئاشتى، 1978 - يىلدىن 2001 - يىلغىچە، كارخا-
نىلارنىڭ تېخنىكا ئۆزگەرتىشى ئۈچۈن جەمئىي 66 مىليارد يۈەن
مەبلەغ سېلىندى. 20 يىلدىن بۇيان، ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە
باش زاۋۇتى، تارىم نېفىتلىكى، تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكى، ما-
ناس ئېلېكتر ئىستانسىسى، شىنجاڭ سېمونت زاۋۇتى 4 - نو-
مۇرلۇق فاڭى، مايتاغ نېفىت - خىمىيە باش زاۋۇتى ئېتىلېن قۇ-
رۇلۇشى قاتارلىق تېخنىكىسى ئىلغار، زامانىۋىلاشقان بىر تۈركۈم
چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى قۇرۇلۇش تۈرلىرى ئارقا - ئارقىدىن پۈ-
تۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، كونا

كارخانىلارغا بولغان تېخنىكا ئۆزگەرتىش كۈچەيتىلىپ، 1 - ئاۋغۇست پولات - تۆمۈر زاۋۇتى، 1 - ئىيۇل پاختا توقۇمىچىلىق زاۋۇتى، ئۆكتەبىر تراكتور زاۋۇتى، شىنجاڭ كومبايىن زاۋۇتى، ئۈرۈمچى ئالىيۇمىن زاۋۇتى قاتارلىق بىر تۈركۈم كونا كارخانىلار ياشلىق باھارىنى ۋە ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىندى.①

1978 - يىلىنى پاسىل قىلساق، شىنجاڭنىڭ سانائەت تەرەققىياتىنى ئىككى چوڭ باسقۇچقا بۆلۈشكە بولىدۇ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلۇشتىن بۇرۇنقى 28 يىل (1950 - يىلدىن 1978 - يىلغىچە)دا، سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 16.7 ھەسسە، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 11.7% ئاشقان، بۇنىڭ ئىچىدە، ئېغىر سانائەت يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 21.95%، يېنىك سانائەت يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 9.59% ئاشقان؛ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن كېيىنكى 23 يىل (1978 - يىلدىن 2001 - يىلغىچە)دا، سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 37 ھەسسە، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 17.0% ئاشقان، بۇنىڭ ئىچىدە، ئېغىر سانائەت يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 18.22%، يېنىك سانائەت 14.40% ئاشقان.

**3. سانائەت قۇرۇلمىسىنىڭ ئۆزگىرىش يۈزلىنىشى ۋە ئاساسىي تەجرىبىلەر**

شىنجاڭنىڭ سانائەت تەرەققىياتى داۋامىدىكى يېزا ئىگىلىك، يېنىك سانائەت، ئېغىر سانائەت قۇرۇلمىسىنىڭ ئۆزگىرىش يۈزلىنىشى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان، شىنجاڭنىڭ رايون ئىقتىسادىدا يېزا ئىگىلىك، يېنىك سانائەت ۋە ئېغىر سانائەت

① شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ستاتىستىكا ئىدارىسى تۈزگەن «تەڭرىتېغىنىڭ ھەيۋىتى دۇنيانى ھەيران قالدۇرىدۇ، قۇملۇق - باياۋاندىن ئۇلۇغۋار غايە چىقىدۇ — ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەن 20 يىلدىن بۇيانقى شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئومۇمىي ئەھۋالى» (ئىچكى ماتېرىيال)، خەنزۇچە نەشرى، 92 -، 93 - بەتلەرگە قارالسۇن.

قۇرۇلمىسىدا مۇھىم ئۆزگىرىشلەر بولدى.

(1) ئۈچ يىللىق خەلق ئىگىلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەزگىلى ۋە «1 ـ بەش يىللىق پىلان» مەزگىلىدە، ئەينى چاغدا ئىقتىسادىي خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ۋە ئالاھىدە ئىقتىسادىي مۇھىتنىڭ بەلگىلىشى تۈپەيلىدىن، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا قويۇشقا مەجبۇر بولغان، شۇڭا، يېزا ئىگىلىكىنىڭ خەلق ئىگىلىكىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى ئادەتتە 70 پىرسەنتتىن يۇقىرى بولغان؛ يېزا ئىگىلىكى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇلۇش ئاساسىدا، يېزا ئىگىلىك، قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش ئاساس قىلىنغان يېنىك سانائەت ئالدىن تەرەققىي قىلدۇرۇلغان، يېنىك سانائەتنىڭ سانائەتتە ئىگىلىگەن نىسبىتى ئادەتتە 60 پىرسەنتتىن يۇقىرى بولغان؛ ئېغىر سانائەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش مۇھىم نۇقتىسى بولسا ئېنېرگىيە مەركەز قىلىنغان قازمىچىلىق سانائىتىگە قويۇلغان، ئۇ ئادەتتە تەخمىنەن سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ تەخمىنەن 50 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن. بۇ ئۆزگىرىش خەلق ئىگىلىكىنىڭ تەدرىجىي ئەسلىگە كېلىشى ۋە سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، شىنجاڭنىڭ خەلق ئىگىلىكىنىڭ تەدرىجىي ھالدا قالاق ھالەتتىكى بىر مەنبەلىك ئىگىلىكتىن ئىككى مەنبەلىك ئىگىلىككە ئۆتكەنلىكىدەك يۈزلىنىشنى نامايان قىلىپ بېرىدۇ.

(2) «2 ـ بەش يىللىق پىلان» مەزگىلىدىن باشلاپ، ئۈچ يىل «خەلق ئىگىلىكىنى تەڭشەش» مەزگىلىنى باشتىن كەچۈرۈپ، «7 ـ بەش يىللىق پىلان»نىڭ ئاخىرقى مەزگىلىگىچە بولغان مەزگىلدە، گەرچە سەككىز يىل «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش»نىڭ زەربىسىگە ۋە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ بۇزغۇنچىلىقىغا ئۇچراپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتتا داۋالغۇش بىرقەدەر زور بولغان بولسىمۇ، لېكىن رايون ئىقتىسادىنىڭ يېتىلىش

باسقۇچىدىن قارىغاندا، ئۇ يەنىلا يېزا ئىقتىسادى بىلەن سانائەت ئىقتىسادىدىن ئىبارەت ئىككى مەنبەلىك ئىقتىساد مۇقىم، ماس تەرەققىي قىلغان مەزگىل، شۇنداقلا يېنىك سانائەت بىلەن ئېغىر سانائەت مۇقىم، ماس تەرەققىي قىلغان مەزگىل ھېسابلىنىدۇ. بۇ مەزگىلدە، يېزا ئىگىلىكىنىڭ خەلق ئىگىلىكىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى بايلىقنى ئېچىش چوڭقۇرلۇقىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ يىلمۇ يىل تۆۋەنلەپ بارغان، لېكىن يەنىلا 45% ئەتراپىدا ساقلىنىپ قالغان، سانائەتنىڭ خەلق ئىگىلىكىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى بولسا 55% ئۆپچۆرىسىدە بولغان، سانائەت قۇرۇلمىسى بىلەن يېزا ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنىڭ مۇناسىۋىتىگە ماس ھالدا، بۇ مەزگىلدە سانائەت قۇرۇلمىسىدا، يېنىك سانائەتنىڭ سانائەتتە ئىگىلىگەن نىسبىتى يىلمۇيىل تۆۋەنلەپ بارغان، ئېغىر سانائەتنىڭ بولسا يىلمۇيىل ئۆسۈپ بارغان؛ ئېغىر سانائەتتە قازمىچىلىق سانائىتىنىڭ نىسبىتى يىلمۇيىل تۆۋەنلەپ بارغان، پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتىنىڭ بولسا پۇختا قەدەم بىلەن ئۆسۈپ بارغان.

(3) ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادى يەنىلا ئىككى مەنبەلىك ئىگىلىكنىڭ يېتىلىش باسقۇچىدا تۇرماقتا، يەنى تەرەققىياتى ناھايىتى تەكشىسىز بولغان ئىككى مەنبەلىك ئىگىلىكتىن كۇنسايىن پىشىپ يېتىلىۋاتقان ئىككى مەنبەلىك ئىگىلىككە ئۆتمەكتە. لېكىن، «8 ـ بەش يىللىق پىلان» مەزگىلىدىن بۇيان، مەركەزنىڭ شىنجاڭنىڭ ئىستراتېگىيىلىك بايلىقنى ئېچىشقا مەبلەغ سېلىش سالمىقىنىڭ زورىيىشىغا ئەگىشىپ، بولۇپمۇ شىنجاڭدا ئۈچ چوڭ نېفىتلىكنىڭ ئېچىلىشى ۋە نېفىت ـ خىمىيە سانائىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، شىنجاڭنىڭ رايون ئىقتىسادىنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە سانائەت قۇرۇلمىسىنىڭ ئۆزگىرىشىدە يەنە زور يېتىلىش يۈزلىنىشى بارلىققا كەلدى. پۈتكۈل رايون ئىقتىسادىنىڭ قۇرۇلمىسى ئۈزلۈكسىز تەڭشىلىش ئارقىلىق، قۇرۇلما تەدرىجىي سەرخىللاشتى، دەرىجىسى ئۆستى: سانائەتنىڭ پۈتكۈل رايون ئىقتىسادىدا ئىگە-

لىگەن نىسبىتى ئەسلىدىكى ئاساستا داۋاملىق يۇقىرى كۆتۈرۈ-لۈپ، 60 پىرسەنتتىن ئېشىپ كەتتى؛ سانائەت قۇرۇلمىسى خى-مىيە سانائىتىگە ئەھمىيەت بېرىش تىپىدىكى قۇرۇلمىغا قاراپ ئۆتتى، نېفىت ۋە نېفىت - خىمىيە سانائىتى يادرو قىلىنغان ئې-غىر سانائەت مەھسۇلات قىممىتىنىڭ پۈتكۈل سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى 50 پىرسەنتتىن ئېشىپ كەتتى ھەمدە داۋاملىق ئۆرلىمەكتە.

*ئاساسلىق سانائەت تارماقلىرى قۇرۇلمىسىنىڭ ئۆزگى-رىش يۈزلىنىشى.* يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان، شىنجاڭدىكى ئاساسلىق سانائەت تارماقلىرىنىڭ قۇرۇلمىسىدا زور ئۆزگىرىش-لەر بولدى. ئوخشىمىغان تارىخىي مەزگىللەردە شىنجاڭنىڭ سانا-ئەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىدە يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قاراپ تىزغاندا، ئىگىلىگەن نىسبىتى ئالدىنقى 10 - قاتاردا تۇرىدىغان سانائەت تارماقلىرى تۆۋەندىكىچە:

«1 - بەش يىللىق پىلان»نىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە: توقۇمى-چىلىق سانائىتى 26.22%نى، يېمەك - ئىچمەك 18.32%نى، رەڭلىك مېتال 9.19%نى، سەيپۇڭچىلىق 7.09%نى، نېفىت 7.01%نى، ئورمانچىلىق سانائىتى 6.49%نى، ماشىنىسازلىق 5.94%نى، كۆن - خۇرۇم 5.25%نى، كۆمۈر سانائىتى 2.88%نى، بىناكارلىق - قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى 2.17%نى ئىگىلىگەن.

«ئۈچ يىللىق ئىگىلىكنى تەڭشەش مەزگىلى»ئا-خىرلاشقاندا: توقۇمىچىلىق 23.22%نى، نېفىت 20.09%نى، يې-مەك - ئىچمەك 18.44%نى، ماشىنىسازلىق 9.09%نى، بىناكار-لىق - قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى 4.59%نى، كۆمۈر سانائىتى 4.44%نى، ئورمانچىلىق سانائىتى 3.34%نى، سەيپۇڭچىلىق 3.01%نى، قارا رەڭلىك مېتال 2.53%نى، خىمىيە سانائىتى 12.40%نى، كۆن - خۇرۇم 2.15%نى ئىگىلىگەن.

«5 - بەش يىللىق پىلان»نىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىكى 1980 - يىلىدا: نېفىت 22.94%نى، ئاليۇمىن سانائىتى

7.3 - جەدۋەل:

**شىنجاڭدىكى 2001 - يىللىق سانائەت مەھسۇلات قىممىتىنىڭ قۇرۇلمىسى**

| تەرتىپى | تۈرى | مەھسۇلات قىممىتى | نىسبىتى |
|---|---|---|---|
| | يېزا ۋە يېزىدىن يۇقىرى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى يىغىندىسى | 10038215.3 | 100.00 |
| 1 | نېفىت ئېچىش ۋە پىششىقلاپ ئىشلەش | 4772877.0 | 47.55 |
| 2 | توقۇمىچىلىق | 781672.9 | 7.79 |
| 3 | يېمەكلىك پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە ئىشلەش | 675104.2 | 6.73 |
| 4 | ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى | 564626.5 | 5.62 |
| 5 | مېتاللوئىد مېنېرال بۇيۇملىرى | 528968.7 | 5.27 |
| 6 | قارا رەڭلىك مېتالنى ئېرىتىپ پىششىقلاپ ئىشلەش | 528556.9 | 5.27 |
| 7 | سۇلياۋدىن ياسالغان بۇيۇملار | 250343.5 | 2.49 |
| 8 | خىمىيە خام ئەشيالىرى ۋە ئۇنىڭدىن ياسالغان بۇيۇملار | 245632.1 | 2.45 |
| 9 | كۆمۈر | 232599.0 | 2.32 |
| 10 | ئىچىملىك | 191719.5 | 1.91 |

19.07%نى، ماشىنىسازلىق 13.15%نى، توقۇمىچىلىق 12.38%نى، بىناكارلىق - قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى 6.49%نى، كۆمۈر سانائىتى 6.08%نى، خىمىيە سانائىتى 3.47%نى، ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى 3.20%نى، سەيپۇڭچىلىق 2.20%نى، قارا رەڭلىك مېتال 2.20%نى ئىگىلىگەن.①

«7 - بەش يىللىق پىلان»نىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىكى

① شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ستاتىستىكا ئىدارىسى تۈزگەن «تەڭرىتېغىنىڭ ھەيۋىتى دۇنيانى ھەيران قالدۇردى، قۇملۇق - باياۋاندىن ئۇلۇغ غايە چىقىدۇ — ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەن 20 يىلدىن بۇيانقى شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئومۇمىي ئەھۋالى» (ئىچكى ماتېرىيال)، خەنزۇچە نەشرى، 58 -، 59 - بەتلەرگە قارالسۇن.

1990 ـ يىلىدا: توقۇمىچىلىق %22.65نى، نېفىت %21.20نى، يېمەك ـ ئىچمەك %16.02نى، ماشىنىسازلىق %9.33نى، خىمىيە %64. 5نى، بىناكارلىق ـ قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى %28. 5نى، ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى %25. 3 نى، قارا رەڭلىك مېتال %3.25نى، كۆمۈر سانائىتى %3.00نى، رەڭلىك مېتال %2.41نى ئىگىلىگەن.

1994 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى: نېفىت %55. 30نى، توقۇمىچىلىق %22.34نى، يېمەك ـ ئىچمەك %05. 13نى، ماشىنىسازلىق %6.14نى، بىناكارلىق ـ قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى %08. 6نى، قارا رەڭلىك مېتال %56. 4نى، خىمىيە %96. 3نى، كۆمۈر سانائىتى %16. 3نى، ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى %76. 2نى، رەڭلىك مېتال %06. 2نى ئىگىلىگەن.

**4. سانائەتنىڭ جايلىشىش قۇرۇلمىسىنىڭ ئۆزگىرىشى**

*شىنجاڭنىڭ سانائەتنىڭ جايلىشىشىنى تەڭشەش يېتەكچى* ئىدىيىسى. تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، 60 ـ يىللاردىن بۇرۇن شىنجاڭنىڭ سانائىتى ئاساسلىقى شىمالىي شىنجاڭدىكى ئۈرۈمچى، شىخەنزە، كۇيتۇن، قاراماي ئەتراپىغا مەركەزلەشكەن، چەكلىك بولغان مەبلەغ سېلىش ئەھۋالىدا، شىنجاڭنىڭ مالىيە جۇغلانمىسىنى ئاشۇرۇپ، ئىقتىسادى بىرقەدەر ئارقىدا بولغان جەنۇبىي شىنجاڭنى ئېچىشقا پۇختا ماددىي ئاساس سېلىش ئۈچۈن، ئەينى چاغدا مەبلەغ سېلىنىدىغان مۇھىم نۇقتىنى ئېچىش ۋە مەبلەغ سېلىش مۇھىتى بىرقەدەر ياخشى بولغان تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى ئىقتىسادىي يادرو بەلۋاغقا قارىتىشقا توغرا كېلەتتى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىلەن خەلق ھۆكۈمىتى «7 ـ بەش يىللىق پىلان» ۋە «8 ـ بەش يىللىق پىلان» مەزگىلىدە، رايونلارنىڭ جايلىشىشىنى تەرتىپلىك تەڭشەپ، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىنىڭ سانائەت تەرەققىياتىنى پائال يۆلەپ، «ئوتتۇرا قىسىمغا تايىنىش، جەنۇبقا چۇشۇپ غەربكە ئىلگىرىلەش، مۇ-

ھەم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈش، تەرتىپلىك قانات يايدۇرۇش»تىن ئىبارەت يېتەكچى ئىدىيە بويىچە، سانائەتنىڭ جايلىشىشىنى پىلانلىق تەڭشەش ئارقىلىق، شىنجاڭنىڭ سانائىتى ۋە پۈتكۈل خەلق ئىگىلىكىنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈردى.

*شىنجاڭنىڭ سانائىتىنىڭ جايلىشىشىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە تەرەققىيات يۈزلىنىشى.* ئاپتونوم رايون قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە ئۈچ شەھەر (ئۈرۈمچى، شىخەنزە، قاراماي)، بىر ئوبلاست (سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى)نىڭ سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى پۈتۈن شىنجاڭنىڭ سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ تەخمىنەن 60% نى ئىگىلەيتتى. بۇنىڭ ئىچىدە، ئېغىر سانائەت ئاساسلىقى ئۈرۈمچى، قاراماي ۋە سانجىغا مەركەزلەشكەن؛ يېنىك سانائەت ئاساسلىقى ئۈرۈمچى، ئىلى، شىخەنزىگە مەركەزلەشكەن. 20 - ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىدىن بۇيان، تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى سانائەتنى داۋاملىق نۇقتىلىق تەرەققىي قىلدۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، باشقا جايلارنىڭ سانائەت قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلىپ، سانائەتنىڭ جايلىشىشى دەسلەپكى قەدەمدە تەڭشەلدى. جۇڭغار كونا نېفىتلىكىنى ئوبدان تەڭشەش، كېڭەيتىش، ئۈنىۋېرسال قېزىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى تارىم ئويمانلىقى ۋە شەرقىي شىنجاڭدىكى تۇرپان - قۇمۇل ئويمانلىقىنىڭ نېفىت گازى بايلىقى قەدەم باسقۇچلۇق ھالدا قىدىرىپ تەكشۈرۈلدى ۋە ئېچىلدى، پوسكام نېفىت - خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى يېڭىدىن قۇرۇلدى، تەييار ماي ۋە خىمىيىۋى ئوغۇتنى ئۇزۇن مۇساپىنى بېسىپ شىمالىي شىنجاڭدىن جەنۇبىي شىنجاڭغا يۆتكەش ۋەزىيىتى دەسلەپكى قەدەمدە ئۆزگەرتىلدى. كۆمۈر سانائىتىدە، ئۈرۈمچى، قۇمۇل قاتارلىق كۆمۈر بازىلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى كېڭەيتىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، زېمىنى كەڭ، توشۇش مۇساپىسى ئۇزۇن بولۇشتەك ئالاھىدىلىك تولۇق نەزەردە

تۇتۇلۇپ، ئىلى ۋە جەنۇبىي شىنجاڭدا بىر تۈركۈم ئوتتۇرا،
كىچىك تىپتىكى كۆمۈر كانلىرى تاللاپ قۇرۇلۇپ، شىمالنىڭ
كۆمۈرنى جەنۇبقا يۆتكەش ۋەزىيىتى دەسلەپكى قەدەمدە ئۆز-
گەرتىلدى. ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى قۇرۇلۇشى جەھەتتە «سۇ
بىلەن توكنى تەڭ ئېلىپ بېرىش، ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىيىتىگە
يارىشا ئىش كۆرۈش»تىن ئىبارەت توك مەنبەسىنى جايلاشتۇ-
رۇش فاڭجېنى بويىچە، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ ھەرقايسى
جايلىرىدا بىر تۈركۈم چوڭ، ئوتتۇرا، كىچىك تىپتىكى ئې-
لېكتر مەنبەسى نۇقتىلىرى قۇرۇلدى ھەمدە ئۈرۈمچى مەركەز
قىلىنغان، كۇيتۇن، شىخەنزە، سانجى، تۇرپاننى قاپلىغان
220 مىڭ ۋولتلىق ئاساسىي ئېلېكتر تورى ۋە ئاساسىي ئې-
لېكتر تورىنىڭ قاپلاش دائىرىسى سىرتىدىكى ۋىلايەت،
ئوبلاست (بۆلەكلەر)، ناھىيە (شەھەر) ئېلېكتر تورى قۇرۇ-
لۇپ، كەڭ شەھەر، يېزىلارنى توك بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەت-
لىك قىلىندى. خام ماتېرىيال سانائىتىدە، لەنجۇ - شىنجاڭ
تۆمۈريولىنىڭ بويلىرى تايانچ قىلىنىپ، ئەتراپقا تەدرىجىي
كېڭەيتىلىپ، ئۈرۈمچى، مايتاغ مەركەز قىلىنغان نېفىت -
خىمىيە سانائىتى بازىسى، تۇرپان، قۇمۇل تۇز خىمىيە سانا-
ئىتى بازىسى، ئۈرۈمچى كاۋچوك پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە پولات -
تۆمۈر سانائىتى بازىسى، ئالتاي، ئىلى ئالتۇن ۋە رەڭلىك
مېتال سانائىتى بازىسى، ئۈرۈمچى، سانجى، كورلا قاتارلىق
بىناكارلىق، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى سانائىتى بازىسى ۋە با-
يىنغولىن، قۇمۇل قاتارلىق مېتاللوئىد سانائىتى بازىسى شە-
كىللىنىپ، ۋىلايەت، ئوبلاستلارنىڭ بايلىق ئۈستۈنلۈكىنى
ئىقتىسادىي ئۈستۈنلۈككە ئايلاندۇرۇشى ئىلگىرى سۈرۈلدى.
يېنىك سانائەت جەھەتتە، شىمالىي شىنجاڭنىڭ شېكەر يا-
ساش، سۈت تۈرىدىكى بۇيۇملار، ھاراق ئېچىتىش، كۆن -
خۇرۇم، تاماكا، سۇلياۋ، ئەينەك سانائىتى جەھەتتىكى ئۈستۈن-
لۈكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، جەنۇبىي

شىنجاڭدا كونسېرۋا، ئىچىملىك، قەغەز ياساش، گىلەم، مىلـ-
لىي ئالاھىدە بۇيۇملار سانائىتى نۇقتىلىق راۋاجلاندۇرۇلدى؛
شەرقىي شىنجاڭدا ھاراق ئىچىمىش، كونسېرۋا، تۇزچىلىق قا-
تارلىق سانائەت نۇقتىلىق راۋاجلاندۇرۇلۇپ، ھەرقايسى جايلار
ئاساسىي جەھەتتىن ئۆزىنىڭ كوزىر مەھسۇلاتى بولۇش ئىمكا-
نىيىتىگە ئىگە قىلىندى. توقۇمىچىلىق سانائىتىدە، بايلىقنىڭ
تارقىلىش ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، شىمالىي شىنجاڭدا يۇڭ
توقۇمىچىلىق، پاختا توقۇمىچىلىق ۋە كەندىر توقۇمىچىلىق،
جەنۇبىي شىنجاڭدا پاختا توقۇمىچىلىق بىلەن يىپەك سانائىتى
نۇقتىلىق تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ، ھەرقايسى جايلارنىڭ بايلىقى
ئۇخشىمىغان دەرىجىدە ئېچىلدى.①

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان 50 يىلدىن بۇيان، شىنجاڭنىڭ سا-
نائىتىنىڭ جايلىشىشىدا ناھايىتى زور ئۆزگىرىشلەر بولدى.
بولۇپمۇ «8 - بەش يىللىق پىلان» يولغا قويۇلغاندىن بۇيان،
دۆلەت شىنجاڭنىڭ نېفىتىنى ئېچىش ۋە ئۇنىڭغا مەبلەغ سې-
لىش سالمىقىنى زورايتتى، تارىم نېفىتلىكى، تۇرپان - قۇمۇل
نېفىتلىكىنىڭ ئارقا - ئارقىدىن ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشىشى-
گە ئەگىشىپ، شىنجاڭنىڭ رايون ئىقتىسادىنىڭ جايلىشىشى
ۋە تەرەققىيات سەۋىيىسىدە ناھايىتى زور ئۆزگىرىش بولۇپ،
نېفىت سانائىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش رايون ئىقتىسادى تە-
رەققىياتىنىڭ يېڭى ئېشىش نۇقتىسىغا ئايلاندى. رايونلارنىڭ
سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ ئېشىش سۈرئىتىدىن
قارىغاندا، 10 يىلدىن بۇيان، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونى تەدرىجىي
ھالدا شىمالىي شىنجاڭ رايونىغا يېتىشىۋالدى ۋە ئۇنىڭدىن
ئېشىپ كەتتى، 1995 - يىلى 1985 - يىلىدىكىدىن 3.1
ھەسسە ئاشتى، شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا 1.6 ھەسسە ئاشتى.
لېكىن رايونلارنىڭ سانائەتتە ئىگىلىگەن نىسبىتىدىن قارى-

① ئابلەت ئابدۇرېشىت، خەن شۆچى تۈزگەن «شىنجاڭنىڭ 40 يىلى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 - يىلى 8 - ئاي، خەنزۇچە 1 - نەشرى. 8 - بەت.

7.4 - جەدۋەل:

## 2000 - يىلى شىنجاڭدىكى يېزا ۋە يېزىدىن يۇقىرى سانائەت كارخانا ئورۇنلىرىنىڭ سانى ۋە سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى

| رايونلار | كارخانا سانى | نىسبىتى | شۇ يىلقى باھا | نىسبىتى |
|---|---|---|---|---|
| جەمئىي | 6268.0 | 100.00 | 9667567.0 | 100.00 |
| 1. تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى رايونلار | 2727.0 | 43.51 | 6632348.2 | 68.60 |
| ① ئۈرۈمچى شەھىرى | 1439.0 | 22.96 | 2447014.3 | 25.31 |
| ② سانجى ئاپتونوم ئوبلاستى | 690.0 | 11.01 | 728080.9 | 7.53 |
| ③ شىخەنزە شەھىرى | 148.0 | 2.36 | 252850.1 | 2.62 |
| ④ ساۋەن ناھىيىسى | 153.0 | 2.44 | 131451.5 | 1.36 |
| ⑤ شىخو شەھىرى | 53.0 | 0.85 | 38416.1 | 0.40 |
| ⑥ قاراماي شەھىرى | 149.0 | 2.38 | 2900378.2 | 30.00 |
| ⑦ كۈيتۇن شەھىرى | 95.0 | 1.52 | 134157.1 | 1.39 |
| 2. شىمالىي شىنجاڭنىڭ غەربىي شىما-لىي قىسمىدىكى رايونلار | 1359.0 | 21.68 | 593525.4 | 6.14 |
| ① ئىلى ۋىلايىتى | 657.0 | 10.48 | 286961.9 | 2.97 |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| ② ئالتاي ۋىلايىتى | 318.0 | 5.07 | 98319.8 | 1.02 |
| ③ تارباغاتاي ۋىلايىتى | 226.0 | 3.61 | 121435.4 | 1.26 |
| ④ بورتالا ئوبلاستى | 158.0 | 2.52 | 86808.3 | 0.90 |
| 3. شەرقىي شىنجاڭ رايونلىرى | 366.0 | 5.84 | 779906.0 | 8.07 |
| ① تۇرپان ۋىلايىتى | 194.0 | 3.10 | 605787.6 | 6.27 |
| ② قۇمۇل ۋىلايىتى | 172.0 | 2.74 | 174118.5 | 18.0 |
| 4. جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ شەرقىي شىمال قىسمىدىكى رايونلار | 893.0 | 14.25 | 1426009.0 | 14.75 |
| ① بايىنغولىن ئوبلاستى | 395.0 | 6.30 | 1113025.8 | 11.51 |
| ② ئاقسۇ ۋىلايىتى | 498.0 | 7.95 | 312983.2 | 3.24 |
| 5. جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ غەربىي قىسمىدىكى رايونلار | 923.0 | 14.73 | 235778.3 | 2.44 |
| ① قىزىلسۇ ئوبلاستى | 162.0 | 2.58 | 16599.5 | 0.17 |
| ② قەشقەر ۋىلايىتى | 502.0 | 8.01 | 162244.8 | 1.68 |
| ③ خوتەن ۋىلايىتى | 259.0 | 4.13 | 56934.0 | 0.59 |

غاندا، شىمالىي شىنجاڭ رايونى يەنىلا ئاساسلىق ئورۇندا تۇ-رىدۇ. پۈتۈن ئاپتونوم رايونىنىڭ سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىدە شىمالىي شىنجاڭ رايونىنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى 1995 ـ يىلى تۆۋەنلەپ 68.5%كە چۈشۈپ قالغان؛ جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى 1995 ـ يىلى ئۆر-لەپ 31.5%كە يەتكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، جەنۇبىي شىنجاڭ تۆ-مۈريولىنى غەربكە ئۇزارتىش قۇرۇلۇشىنىڭ پۈتۈشىگە، تارىم نېفىت گازى بايلىقىنىڭ چوڭقۇر ئېچىلىشىغا ئەگىشىپ، جە-نۇبىي شىنجاڭ سانائىتى چوقۇم يېڭى تەرەققىياتلارغا ئىگە بولىدۇ. «ئۈرۈمچى شەھىرىنى مەركەز قىلىپ، جەنۇبىي شىنجاڭنى ئىلگىرى سۈرۈپ، شىمالىي شىنجاڭنى يۆلەش، ئىككى تەرەپكە قاراپ قانات يايدۇرۇش»تەك سانائەتنىڭ يېڭى جايلىشىشىنىڭ گۈزەل تەرەققىيات مەنزىرىسى كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولىدۇ.

## ئىككىنچى، يېپىق بوستانلىق تىپىدىكى يېزا ئىگىلىكتىن تۈجۈپىلەنگەن يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا ئۆتۈش

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان 50 نەچچە يىلدىن بۇيان، دۆلەت-نىڭ زور كۈچ بىلەن مەدەت بېرىشى، ئاپتونوم رايونلۇق پارت-كوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە، شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى ئۈزلۈكسىز يېڭى باسقۇچقا قەدەم قويدى. بولۇپمۇ 1978 ـ يىلى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش شىنجاڭ يې-زىلىرىغا ھاياتىي كۈچ ئېلىپ كەلدى، ئىشلەپچىقىرىش كۈچ-لىرى ئازاد قىلىندى، كەڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايون-لىرىدا جاھاننى زىلزىلىگە سالغۇدەك ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى، يېزا ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشتا يېڭى قەدەم تاشلاندى.

## 1. يېزا ئىگىلىك تەرەققىياتىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەر

*يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى ئۇدا تەرەققىي قىلدى، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى كۆنسايىن مولچىلىقى، ئاساسلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ مەھسۇلات مىقدارى زور ھەجىمدە ئاشتى.* 1949 ـ يىلىدىن 2001 ـ يىلىغىچە، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ ئاشلىق مەھسۇلات مىقدارى 847 مىڭ 700 توننىدىن 7 مىليون 960 مىڭ توننىغا كۆپىيىپ، 8.39 ھەسسە ئاشتى، ئۆزىنى تەمىنلەپ ئېشىنغاندىن سىرت، يەنە ئاز بىر قىسمى ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە توشۇلدى ۋە چەت ئەلگە ئېكسپورت قىلىندى؛ پاختا مەھسۇلات مىقدارى 5100 توننىدىن 1 مىليون 570 مىڭ توننىغا كۆپىيىپ، 306.8 ھەسسە ئاشتى، شىنجاڭنىڭ پاختا ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارى ھازىر پۈتۈن مەملىكەت پاختا ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارىنىڭ تۆتتىن بىرىنى، سېتىۋېلىش مىقدارى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئۈچتىن بىرىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلەپ، شىنجاڭ مەملىكەت بويىچە مۇھىم پاختا ئىشلەپچىقىرىش رايونىغا ئايلاندى؛ مايلىقدان مەھسۇلات مىقدارى 28 مىڭ 700 توننىدىن 426 مىڭ 400 توننىغا كۆپىيىپ، 13.9 ھەسسە ئاشتى، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن مايلىقدان مىقدارى جەھەتتە مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇردى؛ قىزىلچا ئىشلەپچىقىرىشى يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ، 2001 ـ يىلى مەھسۇلات مىقدارى 4 مىليون 551 مىڭ 200 توننىغا يېتىپ، مەملىكىتىمىزنىڭ شىمالىدىكى قىزىلچا بىلەن شېكەر ئىشلەپچىقىرىدىغان ئەڭ چوڭ بازىغا ئايلاندى؛ مېۋە ـ چېۋە ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارى 100 مىڭ 600 توننىدىن 1 مىليون 542 مىڭ 500 توننىغا كۆپىيىپ، 14.3 ھەسسە ئاشتى، قوغۇن، ئۈزۈم، نەشپۈت، قۇم نەشپۈت، ئالما قاتارلىق «داڭلىق، ئالاھىدە، ئەلا» مەھسۇلاتلار دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدا داڭ چىقاردى؛ پىلە غوزىسىنىڭ مەھسۇلات مىقدارى 50 توننىدىن 3800 توننىغا كۆپىيىپ، 75 ھەسسە ئاشتى؛ كۆكتات تېرىلغۇ كۆلىمى 138 مىڭ 700 مو-

دىن 1 مىليون 267 مىڭ موغا كۆپەيدى، مەھسۇلات مىقدارى 2
مىليون 900 مىڭ توننىغا يەتتى، ئاساسلىق شەھەرلەرنىڭ قىش
پەسلىدە يېڭى كۆكتات بىلەن ئۆز - ئۆزىنى تەمىنلەش نىسبىتى
70% كە يەتتى. بۇلغانمىسىز، زىيانسىز يېشىل يېمەكلىك ئىش-
لەپچىقىرىشى ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىپ، 1998 - يىلىغا كەل-
گەندە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 40 نەچچە كارخانىنىڭ 50
نەچچە مەھسۇلاتى يېشىل يېمەكلىك دېگەن بەلگىگە ئېرىشتى.
2001 - يىلىغا كەلگەندە، پۈتۈن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئۈزۈملۈك
تېرىلغۇ كۆلىمى 70 مىڭ 600 گېكتارغا، ئۈزۈم ئومۇمىي مەھ-
سۇلات مىقدارى 661 مىڭ 500 توننىغا يەتتى. يېقىنقى يىللاردىن
بۇيان، «قىزىل كەسىپ» تېز تەرەققىي قىلدى، سانائەتكە ئىشلىتى-
لىدىغان پەمىدۇر، ئالقات قاتارلىقلارنىڭ تېرىلغۇ كۆلىمى ۋە مەھ-
سۇلات مىقدارى مەملىكەت بويىچە 1 - قاتاردا تۇردى.
*يېزا ئىقتىسادى ئومۇمىيۈزلۈك گۈللەندى، خەلقنىڭ تۇرمۇش
سەۋىيىسى كۆرۈنەرلىك ئۆستى.* 2001 - يىلى، شىنجاڭنىڭ
يېزا ئىگىلىك، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق ئومۇمىي
مەھسۇلات قىممىتى 49 مىليارد 924 مىليون يۈەن بولۇپ،
1949 - يىلىدىكىدىن 197.7 ھەسسە ئاشتى؛ يېزا ئىگىلىك،
قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى خام ئەشيا قىلغان پىششىقلاپ
ئىشلەش كەسپىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى يېنىك سانائەت مەھ-
سۇلات قىممىتىدە 85%تىن كۆپرەك نىسبەتنى ئىگىلىدى، يېزا
ئىگىلىك، قوشۇمچە كەسىپ ۋە يېزا ئىگىلىك، قوشۇمچە كەسىپ
مەھسۇلاتلىرىنى خام ئەشيا قىلغان پىششىقلاپ ئىشلەنگەن مەھ-
سۇلاتلارنىڭ تاشقى سودىدىكى ئېكسپورت قىممىتى ئومۇمىي
ئېكسپورت قىممىتىدە 70%تىن كۆپرەك نىسبەتنى ئىگىلىدى.
50 نەچچە يىلدىن بۇيان، دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى
خېلى زور دەرىجىدە ئاشتى، 50 يۈەندىن 1600 يۈەنگە يېتىپ،
كىيىنىش، تويۇنۇش مەسىلىسى ئاساسىي جەھەتتىن ھەل بولدى،
ئاشلىقتا ئۆز - ئۆزىنى قامداپ ئېشىندى، ئىچىملىك سۇ، ئول-

تۇراق ئۆي شارائىتى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى، دېھقانلارنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇش مۇلازىمىتىگە قىلىدىغان چىقىمىنىڭ تۇرمۇش ئىستېمالى ئومۇمىي چىقىمىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى 1% كىمۇ يەتمەسلىكتىن كۆپىيىپ 12%تىن ئېشىپ كەتتى. تېلېۋىزور، رادىئو - ئۈنئالغۇ، ۋېلىسىپىت، كىيىم تىكىش ماشىنىسى قاتارلىق چىدامىلىق ئىستېمال بۇيۇملىرى يېزىلاردا ئاساسىي جەھەتتىن ئومۇملىشىپ بولدى، خېلى كۆپ ساندىكى دېھقان ئائىلىلىرى ھاللىق تۇرمۇش سەۋىيىسىگە يەتتى.

يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش شارائىتى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى، ئېتىز - ئېرىق ئاساسىي قۇرۇلۇشىدا خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. 50 نەچچە يىلدىن بۇيان، سۇ ئامبىرىدىن جەمئىي 460 تىن كۆپرەكى ياسالدى، غول ئۆستەڭ، تارماق ئۆستەڭ، ئوق ئېرىق ۋە يېزىلارنىڭ 4 - دەرىجىلىك ئۆستىڭىدىن جەمئىي 320 نەچچە مىڭ كىلومېتىر چېپىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە، تاش ئۆستەڭ 60 نەچچە مىڭ كىلومېتىر، ئۆستەڭ سىستېمىسىدىكى تۈرلۈك ئىمارەت 250 نەچچە مىڭ، يۈرۈشلەشكەن توكلۇق قۇدۇق 30 نەچچە مىڭ، سۇ سىڭمەس توسما 3200 نەچچە كىلومېتىر بولۇپ، سۇغۇرۇش كۆلىمى 60 نەچچە مىليون موغا، قۇرغاقچىلىقتىمۇ، ھۆلچىلىكتىمۇ ھوسۇل ئالغىلى بولىدىغان ئېتىز - ئېرىق كۆلىمى 54 مىليون مودىن كۆپرەككە يەتتى، سۇچىلىق مەركەز قىلىنغان يېزىلارنىڭ «بەش ياخشى» (ياخشى ئېتىز، ياخشى ئۆستەڭ، ياخشى ئورمان بەلۋېغى، ياخشى يول، ياخشى ئاھالە ئولتۇراق نۇقتىسى) قۇرۇلۇشنى يولغا قويۇش كۆلىمى 20 مىليون موغا يەتتى. «7 - بەش يىللىق پىلان» مەزگىلىدىن بۇيان، ئاپتونوم رايون (ئۆلكە) دەرىجىلىك ئاشلىق بازىسى ناھىيىسىدىن 24ى، دۆلەت دەرىجىلىك ئاشلىق بازىسى ناھىيىسىدىن 10ى، دۆلەت دەرىجىلىك ئەلا سۈپەتلىك پاختا بازىسى ناھىيىسىدىن 22سى، قىزىلچا بازىسى ناھىيىسىدىن ئىككىسى، مېۋە كۆچىتى بازىسى ناھىيىسىدىن (دېھقانچىلىق مەيدانى، باغ-

ۋەنچىلىك مەيدانى) 20سى ۋە داڭلىق، ئالاھىدە، ئەلا سۈپەتلىك مېۋە ـ چېۋە، قوغۇن ـ تاۋۇز بازىسىدىن 10ى قۇرۇلۇپ بولدى ۋە قۇرۇلۇۋاتىدۇ.

1988 ـ يىلىدىن باشلاپ يېزا ئىگىلىكىنى ئۇنىۋېرسال ئېچىش زور كۆلەمدە ئېلىپ بېرىلىپ، 2002 ـ يىلىغا كەلگەندە 10 مىليون 130 مىڭ مو ئوتتۇرا، تۆۋەن ھوسۇللۇق ئېتىز ئۆزگەرتىلدى، دېھقانچىلىققا باب كېلىدىغان بوز يەردىن 4 مىليون 300 مىڭ مو ئۆزلەشتۈرۈلدى، 19 مىليون 740 مىڭ مو ئوتلاق ئۆزگەرتىلدى، 3 مىليون 900 مىڭ مو سۈنئىي يەم ـ خەشەك بازىسى بەرپا قىلىندى، 19 مىليون 580 مىڭ مو ئىھاتە ئورمانلىقى ۋە ئىقتىسادىي ئورمانلىق بەرپا قىلىندى، 49 مىليون 880 مىڭ مولۇق سۇغىرىش كۆلىمى ياخشىلاندى.

2000 ـ يىلى، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ خىمىيىۋى ئوغۇت ئىشلىتىش مىقدارى 791 مىڭ 500 توننىغا يەتتى؛ يېزا ئىگىلىكىگە ئىشلىتىلگەن ئومۇمىي ماشىنا كۈچى 8 مىليون 511 مىڭ 700 كىلوۋاتقا، چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى تراكتور 62 مىڭ 200 گە، كىچىك تىپتىكى تراكتور 260 مىڭ 900 غا، ماشىنا بىلەن يەر ھەيدەش، ماشىنا بىلەن ئۇرۇق چېچىش، ماشىنا بىلەن ئوررۇش دەرىجىسى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 90%، 80%، 30% كە؛ يېزىلارنىڭ توك ئىشلىتىش مىقدارى 2 مىليارد 445 مىليون كىلوۋات سائەتكە يەتتى.

يۇقىرىقىلارنى ئومۇملاشتۇرغاندا، 1949 ـ يىلى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىكىنىڭ زامانىۋىلىشىش سەۋىيىسى كۆرۈنەرلىك ئۆستى.

*يېزا ئىگىلىك پەن ـ تېخنىكىسى بويىچە تەربىيىلەش ئىشلىرى ئۈزلۈكسىز راۋاجلاندى.* 50 نەچچە يىلدىن بۇيان، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئىلغار، قوللىنىشچان تېخنىكىسى ۋە پەن تەتقىقات نەتىجىسىدىن نەچچە ئون مىڭى كېڭەيتىلدى ۋە قوللىنىلدى. ئۇلار ئاساسلىقى: تۆرلۈك دېھقانچىلىق

زىرائەتلىرىنىڭ ئەلا سورتىنى يېتىشتۈرۈش تېخنىكىسى؛ سۇلياۋ يوپۇق بىلەن ئۆستۈرۈپ يېتىشتۈرۈش تېخنىكىسى. بۇ تېخنىكىلار دەسلەپتە قوغۇن، تاۋۇز ۋە مېۋىلىك كۆچەتلەرنىڭ مايسىلىرىنى يېتىشتۈرۈشتىن باشلانغان بولۇپ، ھازىر كېۋەز، كۆممىقوناق، قىزىلچا، بۇغداي قاتارلىق ئاساسلىق دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنى ئۆستۈرۈپ يېتىشتۈرۈشتە كەڭ كۆلەمدە قوللىنىلماقتا؛ ئاشلىق، كېۋەز، مايلىقدان، قىزىلچا، مېۋە، كۆكتات، تاماكا، كەندىرنى ئەلا سۇپەتلىك، يۇقىرى مەھسۇلاتلىق قىلىپ تېرىش تېخنىكىسى، مەسىلەن، ئىككى قېتىم پىشىدىغان قىلىپ يۇرۇشلەشتۈرۈپ تېرىش تېخنىكىسى، تونىنلىق ئاشلىق ئېتىزدا تېرىش تېخنىكىسى، كېۋەزنى «پاكار، قويۇق، قۇرغاقچىلىققا چىدامىلىق»قىلىپ تېرىش تېخنىكىسى، «ھەر موسىدىن 100 كىلوگرام ساپ پاختا چىقىدىغان» قىلىپ تېرىش تېخنىكىسى، خىمىيىۋى ئوغۇتنى چوڭقۇر چېچىش، ئوغۇتنى ئۇرۇق بىلەن قوشۇپ چېچىش، ئوغۇتنى رېتسىپلاپ چېچىش، ئوغۇتنى تەڭپۇڭ چېچىش، كالىي، مىكرو ئېلېمېنت تولۇقلاش تېخنىكىسى؛ دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىدىكى كېسەللىك، قۇرت - قوڭغۇز، ئوت - چۆپنىڭ زىيىنىنىڭ ئۇنىۋېرسال ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈگىتىش، خىمىيىلىك يوقىتىش، خىمىيىلىك كونترول قىلىش تېخنىكىسى، بىئولوگىيىلىك دېھقانچىلىق دورىلىرى، بىئولوگىيىلىك ئوغۇت، ئۆسۈشنى تەڭشەش دورىسىنى ئىشلىتىش تېخنىكىسى؛ سۇنى تېجەپ سۇغۇرۇش تېخنىكىسى قاتارلىقلار. پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى كېڭەيتىش نىسبىتى 50%كە يەتتى، ئاساسلىق دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ سورتلۇق ئۇرۇق بىلەن قاپلىنىش كۆلىمى 90%تىن كۆپرەككە، پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ يېزا ئىقتىسادىنىڭ ئېشىشىدىكى تۆھپە مىقدارى 42%كە يەتتى.

يېزا ئىگىلىكنىڭ مائارىپ ئىشلىرى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدى. ھازىرغىچە ئالىي يېزا ئىگىلىك مائارىپى، ئوتتۇرا دەر-

جىلىك يېزا ئىگىلىك مائارىپى، ھەر دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك كادىرلىرىنىڭ بىلىمىنى يېڭىلاش ۋە دېھقانلارنى تېخنىكا جەھەتتىن تەربىيىلەش قاتارلىق تۆت قاتلامنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يېزا ئىگىلىك مائارىپ سىستېمىسى بەرپا قىلىندى. ھازىر، ئاپتونوم رايون بويىچە شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى، شىخەنزە ئۇنىۋېرسىتېتى يېزا ئىگىلىك پەنلىرى شۆبە ئىنستىتۇتى، تارىم بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق ئۈچ يېزا ئىگىلىك ئالىي مەكتىپى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك مەكتىپى قاتارلىق 10 ئوتتۇرا دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك مەكتىپى بار. ئوتتۇرا دەردجىلىك يېزا ئىگىلىك مەكتەپلىرىدە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى 6500 دىن كۆپرەك بولۇپ، 50 نەچچە يىلدىن بۇيان، جەمئىي 26 مىڭ 621 ئوقۇغۇچى ئوتتۇرا دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك مەكتەپلىرىدە تەربىيىلىنىپ ئوقۇش پۈتتۈرۈپ، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ 1 - سېپىدە ئاكتىپ ئىشلەۋاتقان يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكىسىنىڭ كۈچلۈك قوشۇنىغا ئايلاندى. شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك رادىئو - تېلېۋىزىيە مەكتىپى 80 - يىللارنىڭ بېشىدا قۇرۇلغاندىن بۇيان، پۈتۈن شىنجاڭدىكى 12 ۋىلايەت، ئوبلاست، 79 ناھىيە، شەھەردە شۆبە مەكتەپ قۇرۇپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئۇيغۇر تىلى، خەنزۇ تىلى، قازاق تىلى بويىچە 32 كەسىپ تەسىس قىلدى، جەمئىي 52 مىڭدىن كۆپرەك ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلدى، بۇنىڭدىن 26 مىڭ 800 ى ئوقۇش پۈتتۈردى، ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىدىن تەخمىنەن 10 مىڭ ئادەم قېتىم نۆۋەت بىلەن تەربىيىلەندى، دېھقانلاردىن 500 نەچچە مىڭ ئادەم قېتىم تەربىيىلەندى، مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى ئىزچىل 25 مىڭ ئەتراپىدا ساقلاندى. ھەر دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك تارماقلىرى ۋە يېزا ئىگىلىك مەكتەپلىرى ھەر يىلى «قىشلىق پەن - تېخنىكا» پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، مەخسۇس تېمىدىكى تۈرلۈك لېكسىيىلەرنى ئورۇنلاشتۇردى.

**2. تەرەققىياتنىڭ بەش باسقۇچى**

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگى-

لىنىڭ تەرەققىياتى ئومۇمىي جەھەتتىن مۇنداق بەش تەرەققىيات باسقۇچىنى بېشىدىن ئۆتكۈزدى.

1 ـ باسقۇچ (1949 ـ يىلىدىن 1957 ـ يىلىغىچە): يېزا ئىقتىسادىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش مەزگىلى. بۇ مەزگىلدە، چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە ئىككى تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش ئورۇندالدى: بىرىنچىسى، يەر ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلىپ، فېئوداللىق يەر ئىگىدارچىلىقى يوقىتىلىپ، تېرىقچىلارنىڭ ئېتىزى بولۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى؛ ئىككىنچىسى، ھەمكارلىق گۇرۇپپىسى، باشلانغۇچ كوپىراتىپ، ئالىي كوپىراتىپ قۇرۇلدى ۋە راۋاجلاندۇرۇلدى، سوتسىيالىستىك كوللېكتىپ مۇلۇكچىلىكتىكى ئىگىلىك بەرپا قىلىندى. بۇ ئىككى ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقىنى ناھايىتى زور دەرىجىدە قوزغىدى، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلدى. تېرىلغۇ كۆلىمى 1949 ـ يىلىدىكى 10 مىليون 278 مىڭ 900 مودىن كۆپىيىپ 17 مىليون 77 مىڭ 500 موغا يېتىپ، 66.14% كۆپەيدى؛ ئاشلىق مەھسۇلات مىقدارى 847 مىڭ 700 توننىدىن كۆپىيىپ 1 مىليون 455 مىڭ 700 توننىغا يېتىپ، 71.72% كۆپەيدى؛ پاختا مەھسۇلات مىقدارى 5100 توننىدىن كۆپىيىپ 35 مىڭ 700 توننىغا يېتىپ، 600% كۆپەيدى؛ يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يىلىغا 7.5% ئاشتى.

2 ـ باسقۇچ (1958 ـ يىلىدىن 1962 ـ يىلىغىچە): خەلق گۇڭشېسىلاشتۇرۇش ۋە «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش») مەزگىلى. بۇ مەزگىلدە، يېزىلاردا سۇ ئىنشائاتى ئېلىپ بېرىش، بوز يەر ئېچىپ ئېتىز بەرپا قىلىش يۇقىرى پەللىگە يەتتى. 1958 ـ يىلىدىن 1960 ـ يىلىغىچە، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 17 مىليون 881 مىڭ 300 مو كۆپەيتىلدى. لېكىن خەلق گۇڭشېسىدا «بىرىنچىدىن چوڭ، ئىككىنچىدىن ئومۇم بولۇش»، «مۇلۈكنى ئومۇمنىڭ قىلىش شامىلى» قاتارلىق سىياسەتلەر يولغا قويۇلغانلىقتىن،

ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتىنىڭ ئۆزگىرىشى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىدىن ئېشىپ كېتىپ، دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقىغا زەربە بېرىلىپ، ئاساسلىق دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى مەھسۇلات مىقدارىنىڭ زور ھەجىمدە تۆۋەنلەپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. 1959 ـ يىلىغا سېلىشتۇرغاندا، 1962 ـ يىلى ئاشلىقنىڭ مو بېشى مەھسۇلاتى 26 كىلوگىرام، ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارى 321 مىڭ 600 تونىنا تۆۋەنلەپ كەتتى؛ پاختىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارى 56.1% تۆۋەنلەپ كەتتى؛ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئاشلىق 304 كىلوگىرامدىن 236 كىلوگىرامغا، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان پاختا 8.8 كىلوگىرامدىن 3.6 كىلوگىرامغا تۆۋەنلەپ كەتتى.

3 ـ باسقۇچ (1963 ـ يىلىدىن 1966 ـ يىلىغىچە): يېزا ئىقتىسادىنى تەڭشەش ۋە تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلدۇرۇش مەزگىلى. بۇ مەزگىلدە، مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ يېتەكچىلىكىدە، خەلق گۇڭشېسىنىڭ ئىقتىسادىي سىياسىتى تەڭشەلدى: ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى ئاساسىي ھېسابات بىرلىكى قىلىنىپ، ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش پرىنسىپى قاتتىق ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، «مۈلۈكنى ئومۇمنىڭ قىلىش شاملى »تۈزىتىلدى ھەمدە «يېزا ئىگىلىكىنى ئاساس قىلىش»تىن ئىبارەت ئىقتىسادىي تەرەققىيات فاڭجېنى يولغا قويۇلدى. بۇ تەدبىرلەر دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقىنى قايتىدىن قوزغىدى. بۇ مەزگىلدە، تېرىلغۇ يەر ئاساسىي جەھەتتىن مۇقىم بولدى، تېرىش كۆلىمى سەل كۆپەيدى، ئاشلىق، كېۋەز، مايلىقدان قاتارلىق ئاساسلىق دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ مەھسۇلات مىقدارى تېز سۈرئەتتە كۆپەيدى. 1966 ـ يىلى، ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارى 3 مىليون 323 مىڭ 400 توننىغا، پاختا ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارى 79 مىڭ 300 توننىغا، مايلىقدان ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارى 86 مىڭ 300 توننىغا يەتتى. يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن

15.8% ئاشتى، بۇ مەزگىل يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىك تەرەققىياتى ئەڭ تېز بولغان مەزگىللەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

4 ـ باسقۇچ (1967 ـ يىلىدىن 1976 ـ يىلىغىچە): «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»ئېلىپ بېرىلغان 10 يىللىق قالايمىقانچىلىقتا يېزا ئىگىلىكى زور بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان مەزگىل. 1966 ـ يىلى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، 1976 ـ يىلى ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارى ئاران 2.2% ئاشتى، پاختا ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارى بولسا 36.5% تۆۋەنلەپ كەتتى؛ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئاشلىق تۆۋەنلەپ 290.3 كىلوگرامغا چۈشۈپ قالدى، شىنجاڭ ئاشلىقتا ئېشىنىدىغان ئۆلكە ـ ئاپتونوم رايوندىن ئاشلىق كەمچىل بولغان ئۆلكە ـ ئاپتونوم رايونغا ئايلىنىپ قالدى.

5 ـ باسقۇچ (1977 ـ يىلىدىن 2002 ـ يىلىغىچە): يېزا ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇر ئىسلاھ قىلىنىغان، يېزا ئىگىلىك قۇرۇلمىسى ئومۇمىيۈزلۈك تەڭشەلگەن، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى تېز، ساغلام تەرەققىي قىلغان مەزگىل. 1978 ـ يىلى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، 1998 ـ يىلى ئاشلىق، پاختا، مايلىقدان، قىزىلچا مەھسۇلات مىقدارى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 1.24 ھەسسە، 24 ھەسسە، 2.63 ھەسسە، 29 ھەسسە ئاشتى، شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى (سېلىشتۇرۇشقا بولىدىغان باھا بويىچە ھېسابلىغاندا) 3.9 ھەسسە ئېشىپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يىلىغا 15.4% ئاشتى، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ساپ كىرىم 12.4 ھەسسە ئاشتى. 1989 ـ يىلى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، 2002 ـ يىلى يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 1.3 ھەسسە، ئاشلىق، پاختا، مايلىقدان، قىزىلچا مەھسۇلات مىقدارى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 27.25%، 4.3 ھەسسە، 32.1% ۋە 3.6 ھەسسە ئاشتى؛ مېۋە ـ چېۋە، گۆش تۇرىدىكى مەھسۇلاتلار، سۈت مەھسۇلاتلىرى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 1.1 ھەسسە، 2.6 ھەسسە ۋە 2.0 ھەسسە ئاشتى،

دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2.1 ھەسسە ئاشتى. بۇ
مەزگىل تارىختا شىنجاڭنىڭ يېزا ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئەڭ
تېز بولغان مەزگىل ھېسابلىنىدۇ.

**3. مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلەر**

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان، شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىك
ئىشلەپچىقىرىشى ۋە قۇرۇلۇشى تەرەققىي قىلىش، توختاپ قې-
لىش، يەنە تەرەققىي قىلىشتەك ئەگرى - توقايلىق جەريانىنى بې-
شىدىن كەچۈردى، بۇ جەرياندا چوڭقۇر ساۋاقىمۇ، مۇۋەپپەقىيەت-
لىك تەجرىبىلەرگىمۇ ئىگە بولدى. بولۇپمۇ 1978 - يىلى
ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، نۇرغۇن تەج-
رىبىلەرنى توپلىدى. ئۇلار ئاساسلىقى تۆۋەندىكىچە:

(1) يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسىنى تەڭ-
شەپ، يېزا ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىش مۇ-
ناسىۋىتىنى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئۇي-
غۇنلاشتۇرۇش يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئۇدا تەرەققىي قىلىشىدىكى تۈپ
ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ.

1978 - يىلىدىن بۇيان، شىنجاڭ مەركەز بېكىتكەن بىر قا-
تار يېزا ئىقتىسادىغا دائىر سىياسەتلەرنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇ-
رۇپ، يېزا ئىسلاھاتىنى پائال، سالماقلىق بىلەن ئىلگىرى سۈ-
رۈپ، دېھقانلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغاشنى يېزا سىياسىتىنى
تۈزۈش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ ئاساسى قىلىپ، دېھقانلارنىڭ
ماددىي مەنپەئىتىگە كاپالەتلىك قىلدى، دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچى-
قىرىش، ئىگىلىك باشقۇرۇشتىكى ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش
ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلدى. ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىپ ئىگىلىك
باشقۇرۇشنى يولغا قويۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، شىنجاڭ يېزا ئى-
گىلىكىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئۇيغۇنلىشىپ، «ماشىنا بىلەن يەر
ھەيدەش، ماشىنا بىلەن ئۇرۇق چېچىش، سۇغۇرۇش، مەھسۇلاتنى
كۆپەيتىش تېخنىكىسى قاتارلىق زور تەدبىرلەرنى قوللىنىش،
كېسەللىك، قۇرت - قوڭغۇزلارنىڭ زىيىنىنىڭ ئۇنىۋېرسال ئال-

دىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈگىتىش»مەزمۇن قىلىنغان «بەش بىرتۇ-
تاش»مۇلازىمىتىنى يولغا قويۇپ، «بىرتۇتاش باشقۇرۇشقا مۇۋاپىق
كەلسە بىرتۇتاش باشقۇرۇش، تارقاق باشقۇرۇشقا مۇۋاپىق كەلسە
تارقاق باشقۇرۇش، بىرتۇتاش باشقۇرۇش بىلەن تارقاق باشقۇرۇش-
نى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش»پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، ئائىلىلەرگە
ھۆددىگە بېرىپ ئىگىلىك باشقۇرۇشنىڭ مۇقىم بولۇشى ۋە بىرتۇ-
تاش باشقۇرۇش بىلەن تارقاق باشقۇرۇش ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەن
قوش قاتلاملىق ئىگىلىك باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنىڭ ئۈزلۈكسىز
مۇكەممەللىشىشىنى ساقلاپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا،
پىلانلىق ئىگىلىك ئەندىزىسىنى تەدرىجىي بۇزۇپ تاشلاپ، كۆپ
خىل ئىگىلىك باشقۇرۇشنى پائال قانات يايدۇرۇپ، يېزا ، بازار
كارخانىلىرىنى تەرەققىي قىلدۇردى؛ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىد-
رىنىڭ ئوبوروت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ،
ئاشلىقتىن باشقا يېزا ئىگىلىك، قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرى
تىجارىتىنى ئارقا - ئارقىدىن قويۇۋېتىپ، دېھقانلارنىڭ ئىشلەپ-
چىقىرىش، ئىگىلىك باشقۇرۇشتىكى ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش
ھوقۇقىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش
ئاكتىپلىقىنى ناھايىتى زور دەرىجىدە قوزغىدى، يېزا ئىگىلىك
ئىشلەپچىقىرىشى ۋە يېزا ئىقتىسادى مىسلىسىز يۇقىرى سۈرئەت-
تە تەرەققىي قىلىش مەزگىلىگە قەدەم قويدى. يېزا ئىگىلىكىدە
ئۇدا 21 يىل مول ھوسۇل ئېلىنىپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى
ئۇزاققىچە كەمچىل بولۇش تارىخىغا خاتىمە بېرىلدى: ئاشلىقتا
ئۆزىنى ئۆزى قامداپ ئېشىندى، مەملىكەت بويىچە چوڭ تىپتىكى
پاختا، قىزىلچا ئىشلەپچىقىرىش بازىسى قۇرۇلدى، باشقا يېزا ئى-
گىلىك، قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرى زور ھەجىمدە ئاشتى،
يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئۇنىۋېرسال ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى كۆ-
رۈنەرلىك ئۆستى، ئاساسلىق زىرائەتلەرنىڭ بىرلىك مەھسۇلات
سەۋىيىسى، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان مىقدارى جەھەتتە پۈ-
تۈن مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرا، يۇقىرى سەۋىيىسىگە يەتتى؛ دېھقانلار-

نىڭ تۇرمۇشى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى، ئومۇمىي جەھەتتىن ئال-
غاندا كىيىنىش، تويۇنۇشتىن ھاللىق سەۋىيىگە يۈرۈش قىلىش
باسقۇچىغا كىردى.

(2) بازارنى يېتەكچى قىلىپ، يېزىلارنىڭ كەسىپ قۇرۇل-
مىسىنى سەرخىللاشتۇرۇش شىنجاڭ يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئۇدا تە-
رەققىي قىلىشىدىكى ئاساسلىق يۆنىلىشى.

1978 - يىلىدىن بۇيان، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش
قۇرۇلمىسى ۋە زىرائەتلەرنىڭ جايلىشىشى ئۈزلۈكسىز تەڭشە-
لىپ، سەرخىللاشتۇرۇلۇپ، ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدا-
رىنىڭ پۇختا قەدەم بىلەن ئېشىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئاسا-
سىدا، ئاشلىق زىرائەت تېرىش كۆلىمى كۆپەيتىلدى، ئاشلىق
زىرائىتى بىلەن ئىقتىسادىي زىرائەتنىڭ تېرىلىش كۆلىمىنىڭ
نىسبىتى 86:14تىن تەدرىجىي ھالدا 56:44كە ئۆزگەرتىلىپ،
ئاپتونوم رايون بويىچە «جەنۇبىي شىنجاڭدا كېۋەز، شىمالىي
شىنجاڭدا ئاشلىق تېرىش»تىن ئىبارەت ئىشلەپچىقىرىش جاي-
لىشىشى شەكىللەندى. زىرائەتلەرنىڭ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش-
تە، بىرىنچىدىن، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشى پۇختا قەدەم بىلەن
ئاشۇرۇلدى، 1984 - يىلىدىن باشلاپ، كۆپ يىل يۆتكەپ كې-
لىنگەن ئاشلىقنى يېيىش ۋەزىيىتى ئۆزگەرتىلدى، 1996 -
يىلى ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارىدا 8 مىليون تونن-
لىق چوڭ ئۆتكەل يەنە بۇزۇپ تاشلاندى، كىشى بېشىغا توغرا
كەلگەن ئاشلىق جەھەتتە پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سە-
ۋىيىسىدىن ئېشىپ كەتتى؛ ئىككىنچىدىن، كېۋەز قاتارلىق
ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنىڭ ئۈستۈنلۈكى تولۇق جارى قىلدۇ-
رۇلدى. كېۋەزنىڭ تېرىلغۇ كۆلىمى ۋە مەھسۇلات مىقدارى
يىلمۇيىل كۆپىيىپ، ئۇ شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىكى ھەتتا
پۈتۈن ئاپتونوم رايون ئىقتىسادىدىكى باشقىلىرى ئورنىنى با-
سالمايدىغان تۈۋرۈك كەسىپكە ئايلاندى، ئاساسلىقى پاختا
ئىشلەپچىقىرىدىغان رايونلاردا «دېھقانلار پاختىغا تايىنىپ بې-

يېيدىغان، سانائەت پاختىغا تايىنىپ قىممىتىنى ئاشۇرىدىغان، مالىيە پاختىغا تايىنىپ كىرىمنى ئاشۇرىدىغان» ۋەزىيەت شە-كىللەندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، نەشپۈت، قوغۇن، ئۈ-زۈم، قۇلماق، پەمىدۇر، ئالقات، زاراڭزا قاتارلىق شىنجاڭنىڭ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بىر تۈركۈم مەھسۇلاتلىرىمۇ تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىپ، مەلۇم كۆلەم بولۇپ شەكىل-لىنىپ، ئېكسپورت قىلىپ تاشقى پېرېۋوت يارىتىدىغان مۇ-ھىم مەھسۇلاتقا ئايلاندى. يېقىنقى ئىككى يىلدىن بۇيان، بازارنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىلەن خەلق ھۆكۈمىتى «كېۋەز تېرىلغۇ كۆلىمىنى مۇقىملاش-تۇرۇش، ئاساسلىقى بىرلىك مەھسۇلاتقا ھۇجۇم قىلىش، سۇ-پەتنى ئۆستۈرۈش، يۇقىرى مەھسۇلات، ئەلا سۈپەت، تۆۋەن تەننەرخ بىلەن بازار رىقابىتىگە قاتنىشىش»تىن ئىبارەت تە-رەققىيات پىكىر يولىنى ۋاقتىدا بېكىتىپ، كېۋەز ئىشلەپچە-قىرىشنى مۇقىملاشتۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، تېرىقچىلىق قۇرۇلمىسىنى يەنىمۇ تەڭشەپ، سەرخىللاشتۇرۇپ، بازىرى بار ئەلا سۈپەتلىك يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ۋە «داڭلىق، ئەلا سۈپەتلىك، ئالاھىدە، ئاز تېپىلىدىغان» مەھسۇلاتلارنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئاشلىقنى ئۆزگەرتىشنى ياخشى ئېلىپ بېرىپ، دېھقانچىلىق رايونلىرى باقمىچىلىقى ۋە باغۋەنچىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ۋە دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشنى ئىلگىرى سۈردى.

(3) تۈرلۈك ئىلغار يېزا ئىگىلىك تېخنىكىلىرىنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈپ، پەن ـ تېخنىكىغا تايىنىپ يېزا ئىگە-لىكىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش شىنجاڭ يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئۇدا تەرەققىي قىلىشىنىڭ توپ كاپالىتى.

كۆپ يىللاردىن بۇيان، ھەر دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش تارماقلىرى ھازىرنى، شۇ جاي-نىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتىنى ئاساس قىلىشتا چىڭ تۇ-

رۇپ، ئەمەلىي تېخنىكىلارنى ئومۇملاشتۇرۇش، تەتبىقلاش ۋە
ئاساسىي نەزەرىيە تەتقىقاتىنى كۈچەيتىپ، سىناق قىلىش،
ئۈلگە كۆرسىتىش، ئومۇملاشتۇرۇشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈپ،
مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇشنىڭ تۈرلۈك ئۈنۈملۈك تېخنىكىلىرى،
تەدبىرلىرىنى كېڭەيتتى. زور بىر تۈركۈم ئەلا، يېڭى سورتلار،
«سۇلياۋ يوپۇق بىلەن قاپلاش» مەركەز قىلىنغان تۈرلۈك ئەز-
دىزلەشكەن ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى، كېسەللىك، قۇرت -
قوڭغۇز، ئوت - چۆپنىڭ زىيىنىنىڭ ئۈنۈۋېرسال ئالدىنى ئې-
لىش ۋە ئۇنى تۈگىتىش تېخنىكىسى، ماشىنىلاشقان تېرىش
تېخنىكىسى، تۆۋەن ھوسۇللۇق ئېتىزلارنى ياخشىلاش تېخنى-
كىسى، سۇ تېجەپ سۇغىرىش تېخنىكىسى پۈتۈن ئاپتونوم
رايوندا تېز سۈرئەتتە كېڭەيدى ۋە ئومۇملاشتى. 1995 - يىلى
8 - ئايدا ئېچىلغان شىنجاڭ پەن - تېخنىكا يىغىنىدىن بۇ-
يان، پەن - تېخنىكىنى كېڭەيتىش سالمىقى كۆرۈنەرلىك
زورايدى. 1998 - يىلىغا كەلگەندە، ئاپتونوم رايون بويىچە
يېزا ئىگىلىك سىستېمىسى يېزا ئىگىلىك پەن تەتقىقاتى،
كېڭەيتىش تۈرىدىن جەمئىي 600 نەچچىنى ئورۇنلاشتۇردى،
تۈرلۈك يېزا ئىگىلىك مۇۋەپپەقىيىتىدىن 424نى ئورۇنداپ
بولدى، 101 تۈرلۈك مۇۋەپپەقىيەت دۆلەت، يېزا ئىگىلىك مى-
نىستىرلىقى قاتارلىق ئۆلكە، مىنىستىر دەرىجىلىك مۇكاپاتقا
ئېرىشتى. بۇنىڭ ئىچىدە، ئالتە تۈرلۈك مۇۋەپپەقىيەت پەن -
تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 3 - دەرىجىلىكتىن يۇقىرى مۇ-
كاپاتقا، 21 تۈرلۈك مۇۋەپپەقىيەت ئۆلكە، مىنىستىر دەرىجى-
لىك پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 2 - دەرىجىلىكتىن
يۇقىرى مۇكاپاتقا، 55 تۈرلۈك مۇۋەپپەقىيەت مەملىكەتلىك
دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىقتىن مول ھوسۇل ئې-
لىش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. زور تۈركۈمدىكى ئۈنۈۋېرسال يۇ-
رۇشلەشكەن ئىلغار، قوللىنىشچان تېخنىكىلارنىڭ كېڭەيتى-
لىشى ۋە ئىشلىتىلىشى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش سەۋ-

يىسىنى ئۆستۈردى. 20 نەچچە يىلدىن بۇيان، ئاشلىقنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى 2.22 ھەسسە، پاختىنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى 1.23 ھەسسە ئاشتى، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ يېزا ئىگىلىك تەرەققىياتىدا پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ تۆھپە نىسبىتى زور ھەجىمدە ئۆستى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان 50 يىلدىن بۇيان، بولۇپمۇ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەن 20 نەچچە يىلدىن بۇيان، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئاجىزلىقتىن كۈچىيىش جەريانى شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا ئىقتىسادىنىڭ تېخىمۇ يۇقىرى قاتلامغا ھالقىش ئاساسىنى ھازىرلىغانلىقىنى، بۇنىڭدىن كېيىن، ھەر مىللەت كادىرلىرى، ئاممىسى داۋاملىق تىرىشىدىغانلا بولسا شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىكىدە چوقۇم تېخىمۇ شانلىق نەتىجىلەرنى يارىتقىلى بولىدىغانلىقىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بەردى.

## ئۈچىنچى، كۆچمەن چارۋىچىلىق ئىگىلىكىدىن زامانىۋى چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىغا ئۆتۈش

شىنجاڭ ئەلمىساقتىن بۇيان گۈزەل، بىپايان يايلاقلىرى، ئېسىل چارۋا نەسىللىرى بىلەن تەرىپلىنىپ كەلگەن. دۆلەتنىڭ نۇقتىلىق يايلاق چارۋىچىلىق رايونى بولۇش سۈپىتى بىلەن، چارۋىچىلىق شىنجاڭ زېمىنىدا بارغانسېرى جۇشقۇن ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلماقتا.

بىپايان شىنجاڭ چارۋىچىلىقىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا پايدىلىق شارائىتقا ئىگە، ئوتلاق كۆلىمى 57 مىليون 333 مىڭ گېكتار بولۇپ، شىنجاڭ بوستانلىق كۆلىمىنىڭ 85 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە پايدىلانغىلى بولىدىغان كۆلەم 48 مىليون گېكتار بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى پايدىلانغىلى بولىدىغان ئوتلاق كۆلىمىنىڭ 21.9 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ؛ تەرەققىي تاپقان بوستانلىق يېزا ئىگىلىكى چارۋىچىلىقنىڭ

تەرەققىياتىنى نۇرغۇن يەم ـ خەشەك بىلەن تەمىنلىدى؛ ئىلى
ئېتى، شىنجاڭ ئىنچىكە يۇڭلۇق قويى ۋە جۇڭگو مېرىنوس قو-
يى، شىنجاڭ قوڭۇر كالىسى قاتارلىق ئېسىل نەسىللەرنىڭ
جۇڭگودا ناھايىتى داڭقى بار. مول ماددىي بايلىق، ئەمگەكچان
خەلق چارۋىچىلىقنى شىنجاڭنىڭ يېزا ئىقتىسادىدىكى مۇھىم
ئۇل كەسىپكە ئايلاندۇردى. 50 نەچچە يىلدىن بۇيان، شىنجاڭ دۆ-
لەتنى جەمئىي 200 مىليون تۇياق تاۋار گۆش چارۋىسى، 1 مىل-
يون 340 مىڭ توننا قوي يۇڭى، 300 مىليون پارچە تېرە بىلەن
تەمىنلەپ ھەمدە پۈتۈن مەملىكەتكە ئەلا نەسىللىك چارۋىدىن
800 مىڭ تۇياقتىن ئارتۇقنى كېڭەيتىپ، شىنجاڭ ۋە پۈتۈن
مەملىكەتنىڭ يېنىك توقۇمىچىلىق سانائىتىنىڭ تەرەققىي قى-
لىشى، خەلق تۇرمۇشىنىڭ ياخشىلىنىشى ۋە پۈتۈن مەملىكەتتى-
كى چارۋا نەسلىنىڭ ياخشىلىنىشىغا غايەت زور تۆھپە قوشتى.

### 1. چارۋىچىلىق تەرەققىياتىدىكى نەتىجىلەر

*چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنىڭ ئەمەلىي كۈچى كۆرۈنەرلىك*
*ئاشتى.* يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان، شىنجاڭ چارۋىچىلىقى
زور تەرەققىياتقا ئېرىشتى. 2001 ـ يىلدىكىنى 1950 ـ يىل-
دىكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، قولدا قالغان چارۋا سانى 11 مىليون
359 مىڭ تۇياقتىن 46 مىليون 37 مىڭ 200 تۇياققا كۆپە-
يىپ، 3.05 ھەسسە ئاشتى؛ يىللىق قولدىن چىققان چارۋا 1
مىليون 752 مىڭ تۇياقتىن 30 مىليون 389 مىڭ 700 تۇياققا
كۆپىيىپ، 16.35 ھەسسە ئاشتى؛ تاۋار چارۋا 140 مىڭ تۇياقتىن
23 مىليون 527 مىڭ 400 تۇياققا كۆپىيىپ، 167 ھەسسە ئاش-
تى؛ گۆش مەھسۇلاتى 49 مىڭ 300 توننىدىن 970 مىڭ توننىغا
كۆپىيىپ، 18.68 ھەسسە ئاشتى؛ قوي يۇڭى مەھسۇلاتى 6800
توننىدىن 73 مىڭ توننىغا كۆپىيىپ، 9.74 ھەسسە ئاشتى؛ سۈت
مەھسۇلاتى 21 مىڭ توننىدىن 810 مىڭ 900 توننىغا كۆپىيىپ،
37.6 ھەسسە ئاشتى.

50 *ئىشلەپچىقىرىش شارائىتى زور دەرىجىدە ياخشىلاندى.*

نەچچە يىلدىن بۇيان، شىنجاڭ چارۋىچىلىقىدا تۈرلۈك قۇرۇ-
لۇشلارنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا ئەگىشىپ، چارۋىچىلىق ئىشلەپچى-
قىرىش شارائىتى خېلى زور دەرىجىدە ياخشىلاندى. ئوتلاق قۇرۇ-
لۇشى جەھەتتە، 1998 - يىلى 43نىڭ ئاخىرىغا قەدەر، شىنجاڭ
بويىچە سۈنئىي بىنا قىلىنغان ئوتلاق كۆلىمى 847 مىڭ 700
گېكتار، ياخشىلانغان ئوتلاق 1 مىليون گېكتارغا، قاشالانغان
ئوتلاق كۆلىمى 786 مىڭ 700 گېكتارغا يەتتى، چېكەتكە، چاش-
قان ئاپىتى يوقىتىلغان ئوتلاق كۆلىمى 26 مىليون 670 مىڭ
گېكتار قېتىمغا يەتتى، ھەر يىلى قىشقا يىغىۋېلىنىدىغان ئوت -
چۆپ 4 مىليارد كىلوگرامدىن ئاشتى. 80 - يىللاردىن كېيىن،
شىنجاڭدا چارۋىچىلىق رايونىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن،
چارۋىچىلارنى مۇقىم ئولتۇراقلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى چىڭ تۇتۇ-
لۇپ، يىل بويى كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلىشتەك ئەنئەنىۋى ئىش-
لەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش شەكلى پەيدىنپەي ئۆزگەرتىلىپ، ئەنئە-
نىۋى چارۋىچىلىقتىن زامانىۋى چارۋىچىلىققا ئۆتۈش ئىلگىرى
سۈرۈلدى. 2001 - يىلغا قەدەر ئاپتونوم رايون بويىچە 138 مىڭ
ئائىلىلىك چارۋىچى مۇقىم ئولتۇراقلاشتۇرۇلدى، بۇ ئومۇمىي
چارۋىچى ئائىلىسىنىڭ 82.3 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. مۇقىم
ئولتۇراقلاشقان بۇ چارۋىچى ئائىلىلىرىنىڭ ئۆي، قوتانلىرى بو-
لۇپلا قالماستىن، يەنە ئوخشاش بولمىغان كۆلەمدىكى يەم - خە-
شەك بازىسىمۇ بولۇپ، خېلى كۆپ چارۋىلار قىش، ئەتىياز پە-
سىللىرىدە قوتاندا بېقىلىدىغان ياكى قوتان بىلەن ئوتلاق ئارىلى-
قىدا بېقىلىدىغان بولدى. ئوتلاق قۇرۇلۇشى ۋە چارۋىچىلارنى مۇ-
قىم ئولتۇراقلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ تېزلىتىلىشىگە ئەگە-
شىپ، چارۋىچىلىقتا ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارى زور دە-
رىجىدە ئاشتى.

يەم - خەشەك سانائىتىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسى باقمىچى-
لىق سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكىنى ئۆلچەيدىغان مۇھىم
ئۆلچەم. شىنجاڭنىڭ يەم - خەشەك سانائىتى يېقىنقى يىللاردىن

بۇيان خېلى تېز تەرەققىي قىلدى. نۆۋەتتە، ئاپتونوم رايون بويىچە يەم ـ خەشەك پىششىقلاپ ئىشلەش كارخانىسىدىن 344ى بولۇپ، يىللىق يەككە ئىسمىنا بويىچە ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 1 مىلـ ـ يون توننىدىن ئاشتى. 2001 ـ يىلى ئەمەلىي ئىشلەپچىقىرىلغان ئارىلاشما يەم ـ خەشەك 800 مىڭ 900 توننىغا يەتتى؛ كۆك ئوت ـ چۆپ ۋە يىرىك ئوت ـ چۆپلەرنى پىششىقلاپ ئىشلەشتىمۇ خېلى زور تەرەققىيات بولدى، ئاپتونوم رايون بويىچە 50 مىڭدىن ئارتۇق تالقانلاش ماشىنىسى ۋە ئوت توغراش ماشىنىسى بولۇپ، يىلىغا 4 مىليون توننىدىن ئارتۇق يەم ـ خەشەك پىششىقلاپ ئىشلەپچىقىرالايدۇ؛ شاخ ـ شۇمبىلارنى سىلوسلاش، ئاممىياكلاش تېخنىكىسى كەڭ كۆلەمدە كېڭەيتىلىپ، يىلىغا 4 مىليون توننىـ ـدىن ئارتۇق يەم ـ خەشەك سىلوسلىنىدىغان، 400 مىڭ توننىدىن ئارتۇق يەم ـ خەشەك ئاممىياكلاشتۇرۇلىدىغان بولدى. ئوت ـ چۆپلەرنى توغرىماي بېرىش، يەم ـ بوغۇزلارنى شۇ پېتى بېرىشـ ـتەك قالاق ھالەت تۈپتىن ئۆزگەردى.

50 نەچچە يىلدىن بۇيان، شىنجاڭ ئەلا نەسىل يېتىلدۈرۈش، كۆپەيتىش ۋە كېڭەيتىش جەھەتتە نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىـ ـدى. 1954 ـ يىلى دۆلىتىمىز بويىچە تۇنجى ئىنچىكە يۇڭلۇق قوي نەسلى — شىنجاڭ گۆش، يۇڭ قوش مەھسۇلاتلىق ئىنچىكە يۇڭـ ـلۇق قويى يېتىشتۈرۈپ چىقىلغاندىن بۇيان، يەنە ئىلى ئېتى، شىنجاڭ قوڭۇر كالىسى، شىنجاڭ ئەلتېرە قويى، شىنجاڭ ھەربىي بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىنچىكە يۇڭلۇق قويى، جوڭگو مېرىنوس قويى (شىنجاڭ تىپى، شىنجاڭ ھەربىي بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش تىـ ـپى)، شىنجاڭ ئاق چوشقىسى، ئىلى ئاق چوشقىسى قاتارلىق ئەلا نەسىللەر ئارقا ـ ئارقىدىن يېتىشتۈرۈپ چىقىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، چوڭ كۆلەمدىكى نەسىللىك چارۋا فېرمىسىدىن 20سى قۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدىكى قۇتۇبى نەسىللىك كالا فېرمىسى، كۆنەس نەسىللىك قوي فېرمىسى، موڭغۇلكۈرە نەسىللىك ئات فېرمىسى، زىنچۇەنزى نەسىللىك قوي فېرمىسى دۆلەتنىڭ نۇقـ

تىلىق نەسىللىك چارۋا فېرمىلىرىدۇر. بۇ نەسىللىك چارۋا فېرمىلىرىدا 450 مىڭ تۇياقتىن ئارتۇق ئەلا نەسىللىك چارۋا بولۇپ، ھازىر يىلىغا ئەلا نەسىللىك چارۋىدىن 100 مىڭى ئىشلەپچىقىرىلىۋاتىدۇ. ئەلا نەسىللىك چارۋىنى كۆپەيتىش بازىسىنى قۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، شىنجاڭدا ئەلا نەسىلنى كېڭەيتىش، كونا نەسىلنى ياخشىلاش زور كۈچ بىلەن تۇتۇلدى. ھازىر شىنجاڭدا ئەلا نەسىللىك، شۇنىڭدەك نەسلى ياخشىلانغان ئىنچىكە يۇڭلۇق قوي 10 مىليونغا، نەسلى ياخشىلانغان گۆش قويى 3 مىليوندىن ئارتۇققا، ئەلا نەسىللىك ۋە نەسلى ياخشىلانغان كالا 977 مىڭغا، ئەلا نەسىللىك تىۋىتلىك ئۆچكە 2 مىليون 500 مىڭغا يەتتى. ئىنچىكە يۇڭلۇق قوينىڭ گۆش بېرىش مىقدارى ۋە يۇڭ سۈپىتى كۆرسەتكۈچى دۆلەت ئىچىدە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ. 1995 - يىلى دېھقانچىلىق مىنىستىرلىقى مۇتەخەسسىسلەر ئۆمىكى تەشكىللەپ، نەق مەيدانغا بېرىپ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالغاندا، قۇتۇبى نەسىللىك كالا فېرمىسىدىكى گولىتسېين كالىسىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە سۈت بېرىش مىقدارى 8773 كىلوگرامغا، ئەڭ يۇقىرىسىنىڭ 305 كۈندە 13 مىڭ 577 كىلوگرامغا يېتىپ، مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى سەۋىيىگە يەتكەن. بۇ فېرمىدىكى سىممېنتال كالىسىنىڭ ئوتتۇرىچە يەككە سۈت بېرىش مىقدارى 7019.5 كىلوگرامغا، ئەڭ يۇقىرىسىنىڭ 11 مىڭ 740 كىلوگرامغا يېتىپ، مەملىكەت بويىچە 1 - ئورۇنغا ئۆتكەن ھەمدە خەلقئارادىكى ئوخشاش تۈردىكى كالىلارنىڭ سۈت بېرىش مىقدارىدىنمۇ ئالدىنقى قاتارغا ئۆتكەن. مۇكەممەل بولغان چارۋا، قۇش نەسىللىرىنى كۆپەيتىش، كېڭەيتىش سىستېمىسى شىنجاڭنى دۆلەتنىڭ مۇھىم نەسىللىك چارۋا ئىشلەپچىقىرىش بازىسىغا ئايلاندۇردى.

*ئىجتىمائىيلاشقان مۇلازىمەت سىستېمىسىدا دەسلەپكى ئۈنۈم كۆرۈلدى.* ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىلەن خەلق ھۆكۈمىتى چارۋىچىلىق پەن - تېخنىكا مۇلازىمىتى سىستېمىسى قۇرۇ-

لۇشغا يۇكسەك ئەھمىيەت بەردى. چارۋىچىلىق كەسپى مائارىپى
جەھەتتە، ئالىي مائارىپ، ئوتتۇرا تېخنىكوم مائارىپى ۋە چارۋىچى-
لىق كەسپىي تېخنىكا مائارىپى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەن تەربى-
يىلەش، يېتىشتۈرۈش سىستېمىسىنى ئورنىتىپ، ھەر يىلى چار-
ۋىچىلىق، مال دوختۇرلۇق، ئوتلاق كەسپلىرى بويىچە ئالىي
مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكوم ئوقۇغۇچىلىرىدىن 1000دىن ئارتۇق-
نى يېتىشتۈردى. پەن تەتقىقات جەھەتتە، شىنجاڭ چارۋىچىلىق
پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىن باشقا، ئاساسلىق چارۋىچىلىق ۋىلايەت،
ئوبلاستلىرىدا چارۋىچىلىق پەن تەتقىقات ئورنى قۇرۇلدى. كالا،
قوي نەسلچىلىك تەتقىقاتى، تۆرەلمە كۆچۈرۈش تېخنىكىسى تەت-
قىقاتى ۋە ھايۋانات يۇقۇم مۇداپىئەسى تېخنىكىسى تەتقىقاتى قاتار-
لىقلاردا مەملىكەت ئىچى - سىرتى بويىچە ئىلغار سەۋىيىگە يەت-
تى. پەن - تېخنىكا مۇلازىمىتى جەھەتتە، ئاپتونوم رايون، ۋىلا-
يەت، ئوبلاست (شەھەر)، ناھىيە (شەھەر) ۋە يېزىدىن ئىبارەت تۆت
دەرىجىلىك چارۋىچىلىق، مال دوختۇرلۇق، ئوتلاق پەن - تېخنى-
كا مۇلازىمىتى تورى قۇرۇلۇشى تاماملاندى، پەن - تېخنىكا مۇلا-
زىمەتچىلىرى 10 مىڭدىن ئارتۇقلا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي
دەرىجىلىك ئۇنۋانغا ئىگە كىشىلەر 300 دىن ئارتۇقلا، ئوتتۇرا
دەرىجىلىك ئۇنۋانغا ئىگە كىشىلەر 1600 دىن ئارتۇق ئادەمگە
يەتتى. يېزا، بازارلاردىلا چارۋىچىلىق پەن - تېخنىكا خادىمى
8000 دىن ئارتۇقلا يەتتى، ئۇلار چارۋىچىلىقنىڭ 1 - سېپىدە
ئۇزۇن مۇددەت كۈرەش قىلىپ، پەن - تېخنىكىنى كېڭەيتىش،
چارۋىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا غايەت زور تۆھپە قوشتى.

**2. ئەنئەنىۋى كۆچمەن چارۋىچىلىقتىن زامانىۋى چارۋىچىلىق ئىش-
لەپچىقىرىشغا ئۆتۈش**

شىنجاڭ چارۋىچىلىقىنىڭ 50 نەچچە يىللىق تەرەققىيات تا-
رىخىغا نەزەر سالساق، شىنجاڭ چارۋىچىلىقىنىڭ زامانىۋىلىشىش
سەۋىيىسىنىڭ كۆرۈنەرلىك يۇكسەلگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بو-
لىدۇ، بۇنىڭ كونكرېت ئىپادىسى تۆۋەندىكىچە:

*چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئەمەلىيىتىنى ئاساس قىلغان ھالدا، ئىقتىسادىي ھەرىكەت مېخانىزمى بازارلىشىشقا قاراپ يۈزلەندى.* شىنجاڭ چارۋىچىلىقىنىڭ ھەم باشقا كەسىپلەر بىلەن ئوخشاشلىقى بار، ھەم ئۆزگىچىلىكى بار. چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ كۆپىنچىسى چەت، يىراق تاغلىق رايونلار بولۇپ، مۇھىتى جاپالىق، قاتنىشى قۇلايسىز، ئۇچۇر يېتەرسىز، ئىقتىساد، مەدەنىيەت بىرقەدەر ئارقىدا؛ چارۋىچىلار تارقاق ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، يۆتكىلىشچانلىقى زور، ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، ئىگىلىك باشقۇرۇشتىكى تەشكىللىنىش دەرىجىسى تۆۋەن؛ چارۋا مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىش دەۋرىيلىكى ئۇزۇن، كۆپ قىسىم مەھسۇلاتلار تىرىك مەھسۇلاتلار بولۇپ، بازارغا قاراپ ئۆزگىرىش ئىقتىدارى ئاجىز؛ چارۋىلار ھەم ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىسى، ھەم تۇرمۇش ۋاستىسى بولغاچقا، چارۋىچىلىق سۈنئىي ئۇسۇلدىكى بۇزغۇنچىلىققا ئىنتايىن ئوڭاي ئۇچرايدۇ. شۇڭا، چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى توغرا تونۇپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشقا پايدىلىق بولۇشنى ئاساس قىلغان ھالدا توغرا سىياسەت، تەدبىرلەرنى تۈزۈپ، چارۋىچىلىق ئىگىلىكىدە بازارغا يۈزلىنىش كېرەك. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان، شىنجاڭ چارۋىچىلىقىنىڭ ئەمەلىيىتىنى ئاساس قىلىپ بىر قاتار خەلقنى بېيىتىش سىياسەتلىرىنى تۈزۈپ چىقتى ۋە يولغا قويدى. بىرىنچىدىن، دېھقان، چارۋىچىلار باقىدىغان چارۋا چېكى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. ئىككىنچىدىن، 1984 ـ يىلىدىن كېيىن، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا «ئوتلاق، چارۋىنى ئائىلىلەرگىچە ھۆددىگە بېرىش»تەك ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلۇپ، ئىگىلىك باشقۇرغۇچىلار چارۋا ۋە ئوتلاقنى باشقۇرۇشتا ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇپ، كەڭ دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش ئاكتىپلىقى زور دەرىجىدە قوزغىتىلدى. ئۈچىن-

چىدىن، 1988 ـ يىلىدىن كېيىن چارۋا مەھسۇلاتلىرى تىجارىتى ۋە باھاسى ئومۇمىيۈزلۈك قويۇۋېتىلىپ، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى بازار ئىگىلىكى بىلەن ئومۇمىيۈزلۈك جىپسىلىشىپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرۈلدى.

*چارۋىچىلار مۇقىم ئولتۇراقلاشتۇرۇلۇپ، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى، تۇرمۇش شەكلىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش تېزلىتىلدى.* چارۋىچىلارنى مۇقىم ئولتۇراقلاشتۇرۇش ئەنئەنىۋى چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش شەكلى ۋە چارۋىچىلىق رايونىنىڭ تۇرمۇش شەكلىدىكى زور ئىسلاھات. تارقاق، كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلىشتەك ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش شەكلىدە تەبىئىي ئاپەتكە تاقابىل تۇرغىلى بولمايدۇ، چارۋىلار «يازدا تويۇپ، كۈزدە سەمىرىپ، قىشتا ئورۇقلاپ، ئەتىيازدا ئۆلۈپ كېتىش»تەك يامان ئايلىنىشتىن ساقلانغىلى بولمايدۇ، يەنە كېلىپ بۇ چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئۆل مۇئەسسەسەلەر قۇرۇلۇشى ۋە مەدەنىيەت، مائارىپ مۇئەسسەسەلىرى قۇرۇلۇشىغا، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا كۆپ خىل ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىش ۋە چارۋا مەھسۇلاتلىرى ئوبوروتىغا پايدىسىز، چارۋىچىلارنىڭ تۇرمۇشنى ياخشىلاشقا تېخىمۇ پايدىسىز. شۇڭا، 20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدىن باشلاپ، سۇنئىي ئۇسۇلدا يەم ـ خەشەك بازىسى قۇرۇش مەركەز قىلىنغان چارۋىچىلارنى مۇقىم ئولتۇراقلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى يولغا قويۇلدى. سۇ، تۇپراق، قاتناش شارائىتى بىرقەدەر ياخشى جايلاردا چارۋىچىلارنى ئولتۇراقلاشتۇرۇش نۇقتىسى سېلىنىپ، يەم ـ خەشەك بازىسى قۇرۇلۇپ، چارۋىچىلار نىسبەتەن مەركەزلەشتۇرۇلۇپ ئولتۇراقلاشتۇرۇلدى، چارۋىلار قىش، ئەتىياز پەسىللىرىدە قوتاندا بېقىلدى ياكى قوتان بىلەن ئوتلاقتا تەڭ بېقىلدى، ئولتۇراقلاشتۇرۇش نۇقتىلىرىدا قاتناش، ئېنېرگىيە، پوچتا ـ تېلېگراف، مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە قۇرۇلۇشلىرى پەيدىنپەي ئېلىپ بېرىلدى. چارۋىچىلارنىڭ تۇر-

مۇش سۈپىتىنى ياخشىلاش بىلەن بىرگە، ئولتۇراقلاشتۇرۇش نۇقتىلىرى دېھقانچىلىق رايونلىرىنىڭ 2 ـ ، 3 ـ كەسپىنى ۋە چارۋا مەھسۇلاتلىرى بازىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئاساس نۇقتىسى قىلىندى. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، مۇقىم ئولتۇراقلاشتۇرۇش چارۋىچىلىقتا ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇپ، چارۋىلارنىڭ قىش، ئەتىيازدا زىيانغا ئۇچرىشىنى ئازايتىپلا قالماستىن، چارۋىچىلارنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنىڭ ئۆسۈشى ۋە دېھقانچىلىق رايونى ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىي قىلىشىنى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈردى.

*دېھقانچىلىق رايونى ۋە شەھەر ئەتراپى چارۋىچىلىقى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇلۇپ، بازارنىڭ چارۋا مەھسۇلاتلىرىغا بولغان ئېھتىياجى قاندۇرۇلدى.* شىنجاڭ بىپايان ئوتلاق ۋە ئېسىل چارۋا نەسلىگە ئىگە، ئوتلاق چارۋىچىلىقى شىنجاڭنىڭ زور ئۈستۈنلۈكى بولۇپ، كەڭ كۆلەمدە تەرەققىي قىلدۇرۇش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، دېھقانچىلىق رايونى چارۋىچىلىقىمۇ شىنجاڭنىڭ زور ئۈستۈنلۈكى. دېھقانچىلىق رايونلىرىدا نۇرغۇن يايلاق بولۇپلا قالماستىن، يەنە كىشى بېشىغا مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن ئۈچ ھەسسە يۇقىرى توغرا كېلىدىغان تېرىلغۇ يەر بولۇپ، چارۋىلارنى نۇرغۇن يەم ـ خەشەك قاتارلىق قوشۇمچە مەھسۇلاتلار بىلەن تەمىنلىگىلى بولىدۇ؛ دېھقانچىلىق رايونلىرىنىڭ كىلىماتى مۆتىدىل، قاتنىشى قۇلايلىق، بازار شارائىتى چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭكىدىن ياخشى بولۇپلا قالماستىن، ئۇيغۇرلارنىڭ چارۋىلارنى يەم ـ بوغۇز بىلەن بېقىش ئەنئەنىسى ۋە تېخنىكىسى بار، چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش جەھەتتىمۇ ئۆزگىچە ئۈستۈنلۈكى بار. شىنجاڭنىڭ چارۋىچىلىقىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، دېھقانچىلىق رايونلىرى بىلەن چارۋىچىلىق رايونلىرىدىن ئىبارەت بۇ ئىككى چوڭ ئۈستۈنلۈكنى بىرلا ۋاقىتتا جارى قىلدۇرۇپ، ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈپ، تەڭ ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

ئۆتكەن خېلى ئۇزاق بىر مەزگىلدە، دېھقانچىلىق رايونلىرى چارۋىچىلىقى يېزىلاردىكى قوشۇمچە كەسىپ، دەپ قارىلىپ كەل-گەنلىكتىن، تەرەققىياتى ئېغىر تەسىرگە ئۇچراپ، ئىشلەپچىقى-رىش ئۇنۇمى ناھايىتى تۆۋەن بولۇپ كەلگەنىدى. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ پەيدىنپەي ئورنىتىلىشىغا ئەگى-شىپ، دېھقانلار چارۋىچىلىقنىڭ ئۆزلىرىنىڭ مۇھىم بېيىش يولى ئىكەنلىكىنى پەيدىنپەي تونۇپ يەتتى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، باقمىچىلىق كىچىك رايونلىرى ۋە باقمىچىلىق كەسپىي ئائىلى-لىرىنىڭ كۆپلەپ مەيدانغا كېلىشى دېھقانچىلىق رايونلىرى چار-ۋىچىلىقىدا يېڭى ۋەزىيەت ياراتتى. 1998 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە بورداپ قولدىن چىققان 10 مىليون تۇياقتا يېقىن چار-ۋىنىڭ 80 پىرسەنتى دېھقانچىلىق رايونىدىن چىققان، ئاپتونوم رايوندىكى 10 مىڭدىن ئارتۇق توخۇ بېقىش كەسپىي ئائىلىسى ۋە 4000 دىن ئارتۇق چوشقا بېقىش كەسپىي ئائىلىسى ئاساسەن يې-زىلاردا. 1994 ـ يىلى دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون غۇلجا ناھىيىسى ۋە قۇتۇبى ناھىيىسىنى شاخ ـ شۇمبىدا چارۋا بېقىشتىكى ئۈلگە كۆرسىتىش ناھىيىسى قىلىپ بېكىتتى. 1998 ـ يىلى دۆلەت دە-رىجىلىك شاخ ـ شۇمبىدا چارۋا بېقىش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش ناھىيىسى 10غا كۆپەيدى، دېھقانچىلىق رايونلىرىدا چارۋىچىلىق كەسپىي ئائىلىسى 140 مىڭدىن ئاشتى. مەيلى چارۋىلارنىڭ قول-دىن چىقىش ئەھۋالىدا بولسۇن، ياكى تۇرلۇك مەھسۇلات مىقدا-رىدا بولسۇن، دېھقانچىلىق رايونى ۋە شەھەر ئەتراپى رايونى چار-ۋىچىلىقى شىنجاڭ چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدىكى ھەقىقىي يېرىم دۇنياغا ئايلاندى.

*ئەسقاتىدىغان تېخنىكىلار پائال كېڭەيتىلىپ، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىنىڭ زامانىۋىلىشىشى ئىلگىرى سۈ-رۈلدى.*

(1) چارۋىچىلىق پەن تەتقىقات ئاپپاراتلىرى، كېڭەيتىش ئاپپاراتلىرى قۇرۇلۇپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، چارۋىچىلىق

پەن ـ تېخنىكا خادىملىرى تەربىيىلەندى.

50 يىلدىن بۇيان، شىنجاڭنىڭ چارۋىچىلىق پەن ـ تېخنىكا ئىشلىرى يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ، كىچىكلىكتىن زورىيىپ ئۈزلۈكسىز راۋاجلىنىپ زورايدى. نۆۋەتتە، ئاپتونوم رايوندىن ۋىلايەت (ئوبلاست)، ناھىيە(شەھەر)، يېزا(بازار)لارغىچە چارۋا مال دوختۇرلۇق تېخنىكىسى، ئوتلاق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش تورى قۇرۇلدى؛ شىنجاڭدا ھازىر چارۋىچىلىق، مال دوختۇرلۇق، ئوتلاق، يەم ـ خەشەك، پەن ـ تېخنىكا ئاخباراتىدىن ئىبارەت بەش تەتقىقات ئورنى بولغان چارۋىچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى، ئالتاي ۋىلايىتى، بايىنغولىن، سانجى، ئىلى ئوبلاستلىرىدا چارۋىچىلىق تەتقىقات ئورنى بار. چارۋىچىلىق پەن تەتقىقاتى ۋە تېخنىكا كېڭەيتىش سىستېمىسى شەكىللەندى ھەمدە ھەر مىللەتتىن بولغان تۈرلۈك تېخنىك خادىملارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 10 مىڭ كىشىلىك پەن تەتقىقات ۋە تېخنىكا كېڭەيتىش قوشۇنى بارلىققا كەلدى. چارۋىچىلىقتىكى باشقۇرۇش، پەن تەتقىقاتى، كېڭەيتىش سىستېمىسى بىرقەدەر مۇكەممەل، خادىملارنىڭ ساپاسى بىرقەدەر يۇقىرى بولغاچقا، يەنە كېلىپ نەزەرىيە ئەمەلىيەت بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ، ئامما بىلەن زىچ ئالاقە باغلانغاچقا، نەچچە ئون يىللىق ئەمەلىيەت داۋامىدا، دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدا ئىلغار سەۋىيىگە ئىگە زور بىر تۈركۈم پەن تەتقىقات ۋە تېخنىكا كېڭەيتىش نەتىجىلىرى قولغا كەلتۈرۈلدى. شىنجاڭ دۆلەت ۋە كوللېكتىپلار قۇرغان چارۋىچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مۇلازىمەت سىستېمىسىنى نۇقتىلىق مۇكەممەللەشتۈرۈش بىلەن بىرگە، يەنە دېھقان، چارۋىچىلارنى ئۆز ئالدىغا ئۇرۇقلاندۇرۇش پونكىتى قۇرۇشقا سەپەرۋەر قىلدى ۋە تەشكىللىدى ھەمدە تېخنىكا جەھەتتە تەربىيىلەش ئارقىلىق «بىر تېخنىك ئۈچ تېخنىكقا كۆپەيىش» شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، چارۋىچىلارنى ھەم چارۋىچى، ھەم نەسىللەندۈرگۈچى، يۇقۇملۇق كېسەلنىڭ ئالدىنى ئالغۇچىغا ئايلاندۇرۇپ، تېخنىكىنى ئاممىغا ئۆگىتىپ، چارۋىچىلىق ئەمە-

لىي تېخنىكىلىرىنى پۈتۈن شىنجاڭدا تېزدىن ئومۇملاشتۇردى.

(2) ئەلا نەسىللەر يېتىشتۈرۈلدى ۋە كېڭەيتىلدى. يېڭى
جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئەمە-
لىيىتى داۋامىدا، ئەلا نەسىلنى يېتىلدۈرۈش ۋە كېڭەيتىش ئىز-
چىل تۈردە مۇھىم خىزمەت قاتارىدا تۇتۇلدى. شىنجاڭ 1951 ـ
يىلىدىن باشلاپ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئەلا نەسىللەرنى كىرگۈ-
زۈپ كۆپەيتتى ۋە ئۇنى يەرلىك نەسىل بىلەن مېتىسلاشتۇرۇپ،
نەسىلنى ياخشىلىدى. 1954 ـ يىلىغا كەلگەندە، ئىلگىرىكى ئىنـ-
چىكە يۇڭلۇق قوينىڭ شالغۇت نەسلى (يەنى «لاڭقا قويى») ئاسا-
سىدا، دۆلىتىمىزدىكى تۇنجى ئىنچىكە يۇڭلۇق قوي نەسلى —
شىنجاڭ گۆش، يۇڭ تەڭ ھوسۇل بېرىدىغان ئىنچىكە يۇڭلۇق
قوي يېتىشتۈرۈلۈپ، جۇڭگودا ئىنچىكە يۇڭلۇق قوي نەسلى بول-
ماسلىق تارىخىغا خاتىمە بېرىلدى. كېيىن، دۆلەت ئۈلگە كۆرسى-
تىش ئۇرۇقلاندۇرۇش پونكىتى قۇرۇش، چارۋىچىلارنى ئۇرۇقلان-
دۇرۇش پونكىتى قۇرۇشقا سەپەرۋەر قىلىش، تېخنىك خادىم تەر-
بىيىلەش، ئەلا نەسىللىك قوچقارنى ۋە سۈنئىي ئۇرۇقلاندۇرۇش
تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش قاتارلىق تەدبىرلەر ئارقىلىق، ئاممىۋى
خاراكتېرلىك قوي نەسلىنى ياخشىلاش خىزمىتى ۋە ئات، كالا
نەسلىنى ياخشىلاش خىزمىتىنى كەڭ كۆلەمدە قانات يايدۇردى.
20 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرى ۋە 70 ـ يىللىرىنىڭ باشلىرىدا،
ئىلى ۋىلايىتى، تارباغاتاي ۋىلايىتى ۋە بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم
ئوبلاستىدا 1 مىليون تۇياق ئىنچىكە يۇڭلۇق قوي «ئۈلگە» بازىسى
قۇردى ھەمدە تاللاش ـ جۈپلەش، «پادا ياخشىلاش» خىزمىتىنى
قانات يايدۇردى. 1972 ـ يىلى دۆلەتنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا،
ئاۋستىرالىيىدىن مېرىنوس قوچقىرى كىرگۈزۈلۈپ، جۇڭگو مې-
رىنوس قويىنى يېتىشتۈرۈش خىزمىتى باشلاندى. 1979 ـ يى-
لىدىن بۇيان، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا چارۋا نەس-
لىنى ياخشىلاش پونكىتى ۋە توڭلىتىلغان ئىسپېرما پونكىتى
قۇرۇلۇشى قانات يايدۇرۇلۇپ، كالا، قويلارنى توڭلىتىلغان ئىس-

پېرمىدا ئۇرۇقلاندۇرۇش كەڭ دائىرىدە ئېلىپ بېرىلدى، يەنە
كالا، قوي تۈرەلمىسىنى كۆچۈرۈش بويىچە تەتقىقات، كېڭەيتىش
خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى؛ ئۇنىڭدىن باشقا، گېرمانىيە،
فرانسىيە، ئاۋستىرىيە، گوللاندىيە، شۋېتسارىيە، ئەنگلىيە،
ئاۋستىرالىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىن سىممېنتال كالىسى، شارولاي
كالىسى، قارا ـ ئالا سۈت كالىسى، مونتبېلىيارد كالىسى، شۋېت-
سارىيە قوڭۇر كالىسى، لىنكولن قويى، سوففولك قويى، دورسېت
قويى، قازاق يېرىم ئىنچىكە يۇڭلۇق قويى، ئالاي قويى، يېڭى
قىرغىز ئېتى، دون ئېتى، لاندراس چوشقىسى، يوركشىر چوش-
قىسى، دۇروك چوشقىسى قاتارلىق چەت ئەلنىڭ زور بىر تۈركۈم
داڭلىق نەسىللىرى كىرگۈزۈلۈپ، ئەلا نەسىللىك چارۋىنى كۆ-
پەيتىش ۋە نەسىل ياخشىلاش خىزمىتى يېزا، چارۋىچىلىق رايون-
لىرى ۋە شەھەر ئەتراپىدا تەدرىجىي ئومۇملاشتۇرۇلدى. شىنجاڭ
ئىنچىكە يۇڭلۇق قويىدىن كېيىن، يەنە شىنجاڭ ئەلتېرە قويى،
شىنجاڭ قوڭۇر كالىسى، شىنجاڭ ھەربىي بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش
ئىنچىكە يۇڭلۇق قويى، ئىلى ئېتى، شىنجاڭ ئاق چوشقىسى،
شىنجاڭ قارا چوشقىسى، جۇڭگو مېرىنوس قويى(شىنجاڭ تىپى،
شىنجاڭ ھەربىي بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش تىپى)، ئاراتۇرۇك ئېتى
قاتارلىق ئەلا نەسىللەر ئارقا ـ ئارقىدىن يېتىشتۈرۈپ چىقىلدى.
شىنجاڭ ئاق تىۋىتلىق ئۆچكىسىنىڭ يېڭى نەسلىنى يېتىشتۈ-
رۈش خىزمىتىمۇ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلماقتا. چارۋا نەسلىنى
يېتىشتۈرۈش ۋە ياخشىلاش خىزمىتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشى ۋە
كېڭەيتىلىشىگە ئەگىشىپ، چارۋا ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى
زور دەرىجىدە ئاشتى. قۇتۇبى نەسىللىك كالا فېرمىسىدىكى
گولتسېين كالىسى، سىممېنتال كالىسى ئوتتۇرىچە يەككە سۈت
بېرىش مىقدارى دۇنيا بويىچە ئالدىنقى قاتارغا ئۆتۈپ، يېزا ئىگى-
لىك مىنىستىرلىقى تارقاتقان يېزا ئىگىلىك مول ھوسۇل مۇكا-
پاتىغا ئېرىشتى. كۆنەس نەسىللىك قوي فېرمىسىدا 23 مىڭ تۇ-
ياق ئىنچىكە يۇڭلۇق قوي بولۇپ، ھەربىرىدىن چىققان ساپ يۇڭ

ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 3.32 كىلوگرامغا، يۇڭىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 9.98 سانتىمېتىرغا يېتىپ، دۆلەت ئىچىدىكى نەسىللىك چارۋا فېرمىلىرىدىكى ئىنچىكە يۇڭلۇق قوي توپىدىن چىقىدىغان ساپ يۇڭ مىقدارى بويىچە ئەڭ يۇقىرى رېكورت يارىتىلىپ، يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىقى تارقاتقان يېزا ئىگىلىك مول ھوسۇل مۇكاپاتى ۋە مەملىكەت بويىچە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش سىستېمىسىنىڭ قوي يۇڭىدىكى ئەڭ يۇقىرى بىرلىك مەھسۇلات مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

(3) چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى يېڭى تېخنىكىسىدا يېڭىلىق يارىتىلدى، يېڭى تېخنىكا كىرگۈزۈلدى ۋە كېڭەيتىلدى.

نەسىلنى ياخشىلاشتىن باشقا، پەن ـ تېخنىكا چارۋىچىلىقنىڭ باشقا ساھەلىرىدىمۇ كەڭ كېڭەيتىلدى ۋە قوللىنىلدى. مەسىلەن، ئوتلاق سۈپىتىنى ياخشىلاپ قوغداش جەھەتتىكى يىراقتىن سېزىش تېخنىكىسى، تاغنىڭ ئوتتۇرا بەلۋېغىدىكى قۇرۇپ چېكىنىپ كەتكەن ئوتلاقنى ئۇنىۋېرسال ياخشىلاش تېخنىكىسى، ئەڭ تۆۋەن مىقداردا پۈركۈپ چېكەتكە يوقىتىش تېخنىكىسى، ئوتلاقتىكى ھاشارات زىيىنىنى بىئولوگىيىلىك تۈگىتىش تېخنىكىسى، مال دوختۇرلۇق جەھەتتىكى يېڭى دورىلارنى ئىشلەپچىقىرىش ۋە كېڭەيتىش، يەم ـ خەشەك پىششىقلاپ ئىشلەش جەھەتتىكى سىلوسلاش، ئاممىياكلاشتۇرۇش، مىكرو جانلىقلار بىلەن ئېچىتىش تېخنىكىسى ۋە يەم ـ خەشەككە خۇرۇچ قوشۇش قاتارلىقلار بار، بۇ يېڭى تېخنىكىلارنىڭ كېڭەيتىلىشى ۋە ئومۇملاشتۇرۇلۇشى شىنجاڭ چارۋا مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئېشىشى ۋە چارۋىچىلىق رايونى ئىقتىسادىنىڭ راۋاجلىنىشىدا مۇھىم تۈرتكىلىك رول ئوينىدى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، دېھقان، چارۋىچىلارنى زامانىۋى پەن ـ تېخنىكا بىلەن تېخىمۇ ياخشى قوراللاندۇرۇش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايون ۋە ۋىلايەت، ناھىيىلەر بىر تۈركۈم چارۋىچىلىق پەن ـ تېخنىكىسى بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش ناھىيىسى، ئۈلگە

كۆرسىتىش يېزىسى، ئۈلگە كۆرسىتىش كەنتى ۋە ئۈلگە كۆرسە-تىش ئائىلىسى قۇردى ھەمدە نەق مەيداننى كۆرسىتىش، نەق مەيداندا تەربىيىلەش قاتارلىق چارىلەر ئارقىلىق، ئۈلگە كۆرسە-تىپ تەجرىبە ئېلىپ بارغاچ كېڭەيتىپ، يېڭى تېخنىكىنىڭ ئو-مۇملىشىش سۈرئىتىنى تېزلەتتى. بۇ ئۈلگە كۆرسىتىش نۇقتىلى-رى ئاساسىي قاتلامغىچە تارقالغاچقا، دېھقان، چارۋىچىلار ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ، ئۆگىنىپ، ناھايىتى ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى.

مول ماددىي بايلىق، كەڭ بازار شىنجاڭ چارۋىچىلىقىنىڭ پارلاق تەرەققىيات ئىستىقبالىنى كۆرسىتىپ بەردى. نۆۋەتتە، شىنجاڭنىڭ چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى دۆلەت ئىچى - سىر-تىدىكى ئىلغار سەۋىيىدىن خېلى كۆپ پەرقلەنسىمۇ، لېكىن شۇ-نىڭغا ئىشىنىمىزكى، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مەدىتى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت دېھقان، چارۋىچىلار ۋە كەڭ چارۋىچىلىق پەن - تېخنىكا خادىملىرىنىڭ جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرۈشى ئارقىسىدا، شىنجاڭ خەلق ئىگىلىكىنىڭ كۈنسېرى تەرەققىي قىلىشىغا ئە-گىشىپ، چارۋىچىلىق شىنجاڭ زېمىنىدا قايتىدىن ئۆز كارامى-تىنى تېخىمۇ كۆرسىتىدۇ.

## تۆتىنچى، رايون ئىقتىسادىدا ئىشكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش

20 يىلدىن بۇيان، شىنجاڭ «ھەر تەرەپلىمە ئېچىۋېتىش، غەربكە مايىللىشىش، سىرتتىن كىرگۈزۈپ، ئىچكى جەھەتتە بىرلىشىش، شەرق بىلەن بىرلىشىپ غەربكە چىقىرىش»تەك سىرتقا يۈزلەنگەن ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش فاڭجېنىنىڭ يې-تەكلىشىدە، غەربىي شىمال چوڭ يولىنى ئېچىپ، شىنجاڭنى غەربكە ئومۇمىيۈزلۈك ئېچىۋېتىشتىكى كۆۋرۈك بېشى ئىستىھكا-مىغا ئايلاندۇرۇپ، دۆلەت ئىچى - سىرتى تاۋارلىرىنىڭ مۇھىم يۆتكىلىش بازىسى ۋە غەربكە ئېكسپورت قىلىدىغان تاۋار بازىسى قىلىپ قۇرۇپ چىقىش تەسەۋۋۇرىنى ئوتتۇرىغا قويدى ھەمدە ھە-

قىقىي يولغا قويغىلى بولىدىغان بىر قاتار سىياسەت، تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، شىنجاڭ تاشقى سودىسىنىڭ تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈردى. نۆۋەتتە، شىنجاڭ دۆلەت ئىچى - سىرتى ئىقتىسادىغا قاتنىشىپ، ئىشىكنى سىرتقا ھەر تەرەپلىمە ئېچىۋېتىش ۋەزىيىتى ئاساسىي جەھەتتىن شەكىللەندى.

1. سىرتقا يۈزلەنگەن ئىگىلىك تېز سۈرئەتتە راۋاجلاندى

1996 - يىلى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئۇنىۋېرسال تاۋارلىشىش نىسبىتى 66.5%كە يەتتى. پاختا، ئاشلىق، ماي، مېۋە - چېۋە قاتارلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى، خام نېفىت، تەييار نېفىت، كۆمۈر، شېكەر، پاختا ۋە يۇڭ توقۇلما بۇيۇملىرى، كۆن - خۇرۇم بۇيۇملىرى قاتارلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرى دۆلەت ئىچى - سىرتى بازىرىغا كۆپلەپ كىردى، پاختا، شېكەرنىڭ رايون دائىرىسىدىكى تاۋارلىشىش نىسبىتى 70%تىن ئاشتى، خام نېفىت، تەييار نېفىتنىڭ رايون دائىرىسىدىكى تاۋارلىشىش نىسبىتى ئايرىم - ئايرىم ھالدا 40% تىن يۇقىرى بولدى.

ئىمپورت، ئېكسپورت سودىسى تېز سۈرئەتتە كېڭەيدى. 1979 - يىلدىن 2002 - يىلغىچە پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ئىمپورت، ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسى جەمئىي 20 مىليارد 220 مىليون دوللارغا يەتتى، بۇ 1950 - يىلدىن 1978 - يىلغىچە بولغان 28 يىلنىڭ ئومۇمىي يىغىندىسىنىڭ 32.5 ھەسسىسىگە توغرا كېلىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى 10 مىليارد 905 مىليون دوللار، ئىمپورت سوممىسى 9 مىليارد 339 مىليون دوللار بولۇپ، ئالدىنقى 28 يىلنىڭ ئومۇمىي يىغىندىسىنىڭ ئايرىم - ئايرىم ھالدا 28.9 ھەسسىسى ۋە 38.2 ھەسسىسىگە توغرا كېلىدۇ. 2002 - يىلى ئىمپورت، ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسى 2 مىليارد 692 مىليون دوللارغا يەتتى. 10 نەچچە ساھەنىڭ 200 خىلغا يېقىن تاۋىرى 58 دۆلەت ۋە رايونغا ئېكسپورت قىلىندى.

20 يىلدىن بۇيان، شىنجاڭنىڭ تاشقى سودا تۈزۈلمىسى

ئىسلاھاتى ئۈچ باسقۇچنى باشتىن كەچۈردى:
بىرىنچى باسقۇچ: 1981 ــ يىلىدىن 1987 ــ يىلىغىچە بولغان ئىسلاھات ئۇستىدە ئىزدىنىش باسقۇچى. ئىسلاھاتنىڭ ئاساسىي پىكىر يولى: تاشقى سودا كارخانىلىرىغا ھوقۇقنى قويۇپ بېرىپ، پايدىنى ئۆتۈنۈپ، بۇيرۇق خاراكتېرلىك پىلاننىڭ ئورنىغا يېتەكچى خاراكتېرلىك پىلاننى دەسسىتىش ھەمدە بىر تۈركۈم ئېكسپورت تاۋارلىرى بازىسىنى پىلانلىق ھالدا قۇرۇپ، تاشقى سودىنىڭ تېز سۈرئەتتە قوزغىلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش. بۇ ئالتە يىلدىكى ئىمپورت، ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسى جەمئىي 1 مىليارد 410 مىليون يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى 28 يىلنىڭ يىغىندىسىنىڭ 2.1 ھەسسىسىگە يەتتى.
ئىككىنچى باسقۇچ: 1988 ــ يىلىدىن 1990 ــ يىلىغىچە بولغان تىجارەت ھۆددىگەرلىكى مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇلغان باسقۇچ. ھۆددىگەرلىك كۆرسەتكۈچى، مەسىلەن، ئېكسپورت قىلىپ تاشقى پېرېۋوت يارىتىش، يۇقىرىغا تاپشۇرىدىغان تاشقى پېرېۋوت ۋە ئېكسپورت پايدا ــ زىيان كۆرسەتكۈچىنى ئورۇنداش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا، ھۆددىگە ئالغۇچى بىلەن ھۆددىگە بەرگۈچىنىڭ ھوقۇق، مەسئۇلىيەت، پايدا مۇناسىۋىتى ئايدىڭلاشتۇرۇلۇپ، تاشقى سودا كارخانىلىرىنىڭ ئېكسپورت قىلىش، تاشقى پېرېۋوت كىرىم قىلىش، پايدا يارىتىش ئاكتىپلىقى زور دەرىجىدە قوزغىتىلدى. بۇ باسقۇچتىكى ئىمپورت، ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسى جەمئىي 1 مىليارد 300 مىليون دوللارغا يەتتى.
ئۈچىنچى باسقۇچ: 1997 ــ يىلىدىن ھازىرغىچە بولغان تاشقى سودا تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى داۋاملىق چوڭقۇرلاشتۇرۇش باسقۇچى. تاشقى سودا كارخانىلىرى خەلقئارا بىلەن جىپسىلىشىپ، زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىگە قاراپ يۈزلىنىپ، ئۆز ئالدىغا تىجارەت قىلىدىغان، پايدا ــ زىيانغا ئۆزى ئىگە بولىدىغان ھەرىكەت مېخانىزمىنى پەيدىنپەي ئورناتتى ۋە مۇكەممەللەشتۈردى. بۇ باس-

قۇچتىكى ئېكسپورت سوممىسى 7 مىليارد 450 مىليون دوللارغا
يېتىپ، ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئالدىنقى ئىككى باسقۇچنىڭ 3. 5
ھەسسىسى ۋە 7. 5 ھەسسىسىگە توغرا كەلدى. يەنە كېلىپ،
ئېكسپورتنىڭ بىرقەدەر يۇقىرى ئېشىش ۋەزىيىتىنى ساقلاش بى-
لەن بىر ۋاقىتتا، ئىمپورت، ئېكسپورت قۇرۇلمىسى ئۈزلۈكسىز
سەرخىللاشتى، ئىقتىسادىي ئۈنۈممۇ پەيدىنپەي ياخشىلاندى.
ئىشىكنى سىرتقا ھەر تەرەپلىمە ئېچىۋېتىش قۇرۇلمىسى
پەيدىنپەي شەكىللەندى، تىجارەت شەكلى كۆپ خىللىشىشقا قاراپ
راۋاجلاندى. 1990 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ياۋروپا ـ ئاسىيا 2 ـ چوڭ
قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكىنىڭ تۇتاشتۇرۇلۇشى ۋە ئالاتاۋ پورتىنىڭ قۇ-
رۇلۇشىغا ئەگىشىپ، شىنجاڭ ئېلىمىزنىڭ ئىشىكنى غەربكە ئې-
چىۋېتىشىدىكى كۆۋرۈك بېشى ئىستىھكامىغا ئايلاندى، بۇ ئېلى-
مىزنىڭ، جۈملىدىن شىنجاڭنىڭ ئىشىكنى سىرتقا ھەر تەرەپلىمە
ئېچىۋېتىش قۇرۇلمىسىنىڭ دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەنگەنلى-
كىدىن دېرەك بېرىدۇ. بولۇپمۇ 1992 ـ يىلى يولداش دېڭ شياۋ-
پىڭنىڭ جەنۇبنى كۆزدىن كەچۈرگەندە قىلغان سۆزى ئېلان قى-
لىنغاندىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ تاشقى سودا تەرەققىياتىدا مىس-
لىسىز ياخشى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى: سودا قوشۇنى ئۈزلۈك-
سىز زورايدى، سودا شەكلى جانلىق، كۆپ خىللاشتى، سودا
سوممىسى تېز سۈرئەتتە ئاشتى.
1997 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، تاشقى سودىدا نەق پېرې-
ۋوت سودىسى، چېگرا سودىسى، كەلگەن ماتېرىياللارنى پىش-
شىقلاپ ئىشلەش، تۆلەم سودىسى، ئۆتەڭ سودىسى، ساياھەت قىل-
غان مال سېتىۋېلىش سودىسى، چېگرا ئاھالىسىنىڭ ئۆزئارا سو-
دىسى، شۇنىڭدەك ۋاكالەتلىك سودا قاتارلىق جانلىق، كۆپ خىل
سودا شەكىللىرى بارلىققا كەلدى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، تاشقى
سودا تىجارەت ھوقۇقىغا ئېرىشكەن كارخانىلار 160تىن ئاشتى،
چېگرىدا ئۇششاق سودا قىلىدىغان كارخانىلار 400 نەچچىگە يەت-
تى، تاشقى سودىدا دۆلەت ئىگىلىكى، كوللېكتىپ ئىگىلىكى،

يەككە ئىگىلىك، چەت ئەل مەبلىغى ئىگىلىكى قاتارلىق كۆپ خىل ئىگىلىك تەركىبلىرى بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش؛ ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك تاشقى سودا شىركەتلىرى، بىڭتۇەننىڭ سودا شىركەتلىرى، ۋىلايەت، ئوبلاستلاردىكى كارخانىلار، ئۈچ خىل مەبلەغ كارخانىلىرى، ئۆز ئالدىغا ئىشلەپچىقىرىپ تىجارەت قىلىدىغان ئېكسپورت كارخانىلىرى بىللە تەرەققىي قىلىدىغان يېڭى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. بۇ كارخانىلار زىچ ماسلىشىپ، بىر - بىرىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، كۆپ قاتلاملىق، كۆپ يوللۇق، كۆپ خىل شەكىللىك تاشقى سودا يېڭى ۋەزىيىتىنى پەيدىنپەي شەكىللەندۈردى.

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش شىنجاڭ تاۋار بازىرىنىڭ سىرتقا ئېچىۋېتىلىش دەرىجىسىنى بارغانسېرى يۇقىرى كۆتۈردى، ئوبوروت تارماقلىرى بىلەن ئاپتونوم رايون سىرتىدىكى كارخانىلار ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە كۆنسېرى كۆپەيدى، قويۇقلاشتى. 1978 - يىلى شىنجاڭنىڭ تاۋار تارماقلىرى ئاپتونوم رايون سىرتىدىن 1 مىليارد 20 مىليون يۈەنلىك تاۋار يۆتكىگەن بولۇپ، ئاپتونوم رايون سىرتىغا يۆتكىگەن تاۋارنىڭ 3.5 ھەسسىسىگە توغرا كېلەتتى. 1997 - يىلى تاۋار تارماقلىرىنىڭ ئاپتونوم رايون سىرتىغا ساتقان تاۋىرىنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 14 مىليارد 970 مىليون يۈەنگە يەتتى، ئاپتونوم رايون سىرتىدىن سېتىۋېلىنغان تاۋار ئومۇمىي قىممىتى 6 مىليارد 60 مىليون يۈەن بولدى، ئاپتونوم رايون ئىلگىرىكى تاۋارنى يۆتكەپ كىرىدىغان رايوندىن تاۋارنى يۆتكەپ چىقىدىغان رايونغا ئايلاندى.

ئىشىكنى ئېچىۋېتىش دائىرىسىنىڭ كېڭىيىشى خەلق ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. تاشقى سودىنىڭ تېز سۈرئەتتە ئېشىشىغا ئەگىشىپ، تاشقى سودىنىڭ خەلق ئىگىلىكىگە قوشقان تۆھپىسى مۇقىم ئاشتى، 2002 - يىلى تاشقى سودا ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسى 2 مىليارد 692 مىليون دوللارغا يېتىپ، شۇ يىللىق ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي

قىممىتىنىڭ 13.9%نى ئىگىلەپ، 1978 - يىلىدىكىدىن 0.4%تىن 13.5% پوئىنتى يۇقىرى بولدى. تاشقى سودىنىڭ تېز سۈرئەتتە ئېشىشى شىنجاڭ ئىقتىسادىنىڭ تاشقى سودىغا بولغان بېقىنىشىنى زور دەرىجىدە ئاشۇردى، بۇ شىنجاڭ ئىقتىسادىنىڭ سىرتقا يۈزلەنگەن ئىگىلىككە ئۆتۈۋاتقانلىقىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئېكسپورت تاۋارلىرىنىڭ قۇرۇلمىسى پەيدىنپەي ئەلالاشتى، خەلقئارا بازار يەنىمۇ ئېچىلدى. 1978 - يىلى شىنجاڭنىڭ ئېكسپورت تاۋارلىرى ئالتە چوڭ تۈردىكى نەچچە ئون خىللا تاۋار بولۇپ، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى قاتارلىق ساناقلىق دۆلەت بىلەنلا تاشقى سودا ئالاقىسى قىلاتتى. 2002 - يىلىغا كەلگەندە، شىنجاڭ 108 دۆلەت ۋە رايون بىلەن سودا مۇناسىۋىتى ئورناتتى، ئېكسپورت تاۋارلىرىمۇ كۆپىيىپ 54 چوڭ تۈردىكى 600 خىلغا يېقىن تاۋارغا كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى 10 مىليون دوللاردىن ئاشىدىغىنى 13 خىل. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئېكسپورت تاۋارلىرىنىڭ قۇرۇلمىسىمۇ ئۈزلۈكسىز سەرخىللاشتى، قوشۇلما قىممىتى تۆۋەن بولغان باشلانغۇچ دەرىجىدىكى كۆپ ئىشلەپچىقىرىلىدىغان مەھسۇلاتتىن قوشۇلما قىممىتى بىرقەدەر يۇقىرى بولغان ماشىنىسازلىق ئۈسكۈنىلىرى، نازۇك ئەسۋابلار قاتارلىق مەھسۇلاتلارغا كېڭەيدى، بولۇپمۇ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، سانائەت تەييار مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئېكسپورت تاۋارلىرىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى يىلدىن يىلغا ئېشىپ، 1997 - يىلى 72.2%كە يەتتى. شىنجاڭنىڭ تاشقى سودا ئېكسپورت قۇرۇلمىسى يېڭى باسقۇچقا كۆتۈرۈلۈپ، گۈللەنگەن مەنزىرە بارلىققا كەلدى.

**2. دۆلەت ئىچى - سىرتى ئىقتىساد، تېخنىكا ئالماشتۇرۇشى ۋە ھەمكارلىقى تېزلىتىلدى**

دۆلەت سىرتى بىلەن بولغان ئىقتىساد، تېخنىكا ھەمكارلىقى ۋە ئالماشتۇرۇش. 1980 - يىلى، شىنجاڭ تاشقى ئىقتىساد، تېخنىكا ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىپ، چەت ئەل مەبلىغىنى كىرگۈ-

زۈشكە باشلىدى. 1989 ـ يىلىدىن 2001 ـ يىلىغىچە چەت ئەل مەبلىغىدىن پايدىلىنىش توختامىدىن 1268ى ئىمزالىنىپ، توختام سوممىسى 3 مىليارد 538 مىليون دوللارغا، ئەمەلىي پايدىلىنىلغان چەت ئەل مەبلىغى 2 مىليارد 451 مىليون دوللارغا يەتتى، بۇ 1980 ـ يىلىدىن 1988 ـ يىلىغىچە بولغان سەككىز يىلنىڭ ئومۇمىي يىغىندىسىنىڭ ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 18.21 ھەسسىسى، 13.44 ھەسسىسى ۋە 17.11 ھەسسىسىگە توغرا كېلىدۇ. چەت ئەل مەبلىغىنى كىرگۈزۈش شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدىكى مۇھىم تايىنىش نۇقتىسىغا ئايلاندى. 1992 ـ يىلىدىن 2001 ـ يىلىغىچە شىنجاڭ 10 نۆۋەتلىك «ئۈرۈمچى يەرمەنكىسى»نى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزدى، ھەر نۆۋەتلىك «ئۈرۈمچى يەرمەنكىسى»دە مول نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، 10 نۆۋەتلىك «ئۈرۈمچى يەرمەنكىسى» دىكى ئومۇمىي تاشقى ئىقتىساد، سودا پۈتۈشۈش سوممىسى 14 مىليارد 469 مىليون دوللارغا، تاشقى ئىقتىساد، تېخنىكا كېلىشىمىدىكى چەت ئەل مەبلىغى 1 مىليارد 460 مىليون دوللارغا يەتتى، ئىمپورت ـ ئېكسپورت ۋە تاشقى ئىقتىساد، تېخنىكا ھەمكارلىقى كېلىشىمىدىكى چەت ئەل مەبلىغىنىڭ ۋەدىگە ئەمەل قىلىش نىسبىتى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 55.12% ۋە 32.03% بولدى.

1989 ـ يىلىدىن 2001 ـ يىلىغىچە شىنجاڭ بويىچە جەمئىي ئىمزالانغان چەت ئەللىك سودىگەرلەر بىۋاسىتە مەبلەغ سالغان تۈر 1141گە، كېلىشىمدىكى مەبلەغ 1 مىليارد 125 مىليون دوللارغا، ئەمەلىي پايدىلىنىلغان چەت ئەل مەبلىغى 366 مىليون دوللارغا يەتتى. چەت ئەل مەبلىغىدىن پايدىلىنىش، چەت ئەلنىڭ ئىلغار تېخنىكا، ئۈسكۈنە ۋە باشقۇرۇش تەجرىبىلىرىنى كىرگۈزۈش ئارقىلىق، شىنجاڭ كارخانىلىرىنىڭ باشقۇرۇش سەۋىيىسى ئۆستى، شىنجاڭ كارخانىلىرىنىڭ تېخنىكا ئۆزگەرتىشى، كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشىشى ۋە سەرخىللاشتۇرۇشى يەنىمۇ ئىلگىرى

سۈرۈلۈپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا يېڭى ھاياتىي كۈچ قوشۇلدى.

2001 ـ يىلى شىنجاڭدا چەت ئەللىك سودىگەرلەر مەبلەغ سالغان 358 كارخانا ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى، 2001 ـ يىلىلا بۇ كارخانىلارنىڭ سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 481 مىليون يۈەنگە، تاپشۇرغان بېجى 455 مىليون يۈەنگە، ئېكسپورت تاشقى پېرېۋوتى 58 مىليون 770 مىڭ دوللارغا يېتىپ، شۇ مەزگىلدىكى شىنجاڭ سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى، مالىيە كىرىمى ۋە ئېكسپورت تاشقى پېرېۋوتىنىڭ ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 1.5%، 1.6% ۋە 8.8 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. 90 ـ يىللاردىن باشلاپ، «ئۈچ خىل مەبلەغ كارخانىلىرى»نىڭ مەبلەغ سېلىش يۆنىلىشى ئىلگىرىكى ياساش كەسپى، مۇلازىمەتچىلىكتىن بىناكارلىق، قاتناش، پوچتا ـ تېلېگراف، توپ ـ پارچە سېتىش، يېمەك ـ ئىچمەك، ئۆي ـ مۈلۈك، جامائەت ئىشلىرى، ئاھالە مۇلازىمىتى ساھەلىرىگە كېڭەيدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئىشلەپچىقىرىش تىپىدىكى تۈرگە سېلىنغان مەبلەغ 58 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى، مەبلەغ سېلىش قۇرۇلمىسى پەيدىنپەي مۇۋاپىقلىشىشقا قاراپ يۈزلەندى.

دۆلەتنىڭ تەستىقلىشى بىلەن قۇرۇلغان ئۈچ ئىقتىساد، تېخنىكا تەرەققىيات رايونى، بىر يۈقىرى، يېڭى تېخنىكا تەرەققىيات رايونى، ئۈچ چېگرا ئىقتىسادىي ھەمكارلىق رايونى دەسلەپكى كۆلەمگە ئىگە بولۇپ، شىنجاڭنىڭ تاشقى ئىقتىساد، تېخنىكا ھەمكارلىقى ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى.

قېرىنداش ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلار بىلەن بولغان ئىقتىساد، تېخنىكا ھەمكارلىقى ۋە ئالماشتۇرۇش. چېگرا رايوننى ئېچىۋېتىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇش جەريانىدا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىلەن خەلق ھۆكۈمىتى «ئىچكى قىسىمدا بىرلىشىش، سىرتتىن كىرگۈزۈش»، «شەرقتىن كىرگۈزۈپ،

غەربكە چىقىرىش»، «بىرلىشىپ غەربىي ئېغىزغا يۈرۈش قىلىش»نى شىنجاڭدا ئىشىكنى ئېچىۋېتىشنىڭ مۇھىم ھالقىسى قىلدى. شىنجاڭ ئۆزگىچە جۇغراپىيىلىك ئۈستۈنلۈككە ۋە تەبىئىي بايلىق ئۈستۈنلۈكىگە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچى يەنىلا بىرقەدەر ئاجىز، كەسىپلەرنىڭ ئالىي دەرىجىلىشىشى بىرقەدەر تۆۋەن، مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا بازىرىدا كۈچلۈك رىقابەتلىشىش كۈچى كەمچىل. شۇڭا، كۆپ خىل يوللار ئارقىلىق، ئىچكىرىدىكى ئىقتىسادى تەرەققىي تاپقان ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلار بىلەن بولغان ئىقتىساد، تېخنىكا ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىپ، غەربكە كېلىدىغان ئادەم، ماددىي ئەشيا ۋە مەبلەغكە تۈرتكىلىك قىلىپ، شىنجاڭنى ھەقىقىي تۈردە جۇڭگونىڭ ئىشىكنى غەربكە ئېچىۋېتىشىدىكى ئالدىنقى سەپكە ئايلاندۇرۇش كېرەك. 1989 - يىلدىن 2001 - يىلغىچە، ئاپتونوم رايون بويىچە جەمئىي ئىمزالانغان ئىچكى ئىقتىساد، تېخنىكا ھەمكارلىق توختامى 11 مىڭ 161، توختام سوممىسى 79 مىليارد 235 مىليون يۈەن بولدى، ئەمەلىي ئىجرا قىلىنغان توختام 8701گە، ئەمەلىي ئىجرا قىلىنغان توختام سوممىسى 45 مىليارد 232 مىليون يۈەنگە يەتتى. بۇ 12 يىلدا شىنجاڭ باشقا ئۆلكىلەردىن كىرگۈزگەن مەبلەغ 11 مىليارد 968 مىليون يۈەن بولۇپ، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 1 مىليارد يۈەندىن ئاشتى. «ئىچكى قىسىمدا بىرلىشىش، سىرتتىن كىرگۈزۈش» شىنجاڭنىڭ ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش تەرەققىياتىنى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرۈپلا قالماستىن، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرۇپ، شىنجاڭ بىلەن ۋەتەننىڭ ئىچكىرى جايلىرىنىڭ ئىقتىساد، سودا ئالماشتۇرۇشىنى ئىلگىرى سۈردى.

**3. ساياھەتچىلىك جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى**

شىنجاڭنىڭ ئۆزگىچە مىللىي مەدەنىيىتى ۋە تەبىئىي مەن-

زىرىسى ساياھەتچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئىنتايىن مول ساياھەت بايلىقى بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئىشىكنى ئېچىۋېتىش دائىرىسىنىڭ تەدرىجىي كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، شىنجاڭنىڭ ساياھەتچىلىكى تېزدىن راۋاجلاندى.

ساياھەت ئاپپاراتلىرى پەيدىنپەي تولۇقلاندى، ئەسلىھەلەر ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتى. 1978 - يىلىدىن، بولۇپمۇ 1990 - يىلىدىن بۇيان، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش دائىرىسىنىڭ پەيدىنپەي كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، ساياھەتچىلىكتىمۇ ئىسلاھات قەدىمى تېزلىتىلدى. «مۇلازىمەت سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، تاشقى پېرېۋوتنى كۆپەيتىش»، «چەت ئەللەردە سېتىشنى تۇتۇش، دۆلەت ئىچىدە قۇرۇلۇشنى تۇتۇش»تەك ساياھەتچىلىك فاڭجېنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، 83 ساياھەت كوپىراتىپىنى قايتىدىن تەشكىللىدى، بۇنىڭ ئىچىدە خەلقئارا ساياھەت كوپىراتىپىدىن 34ى، دۆلەت ئىچى ساياھەت كوپىراتىپىدىن 49ى بار؛ ساياھەتچىلىك كەسپى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارمۇ 13 مىڭغا كۆپىيىپ، ئىنگلىزچە، رۇسچە، ياپونچە، فرانسۇزچە، ئىتالىيانچە، ئىسپانچە، ئەرەبچە توققۇز خىل تىلدا سۆزلىشىدىغان دۆلەتلەردىن كەلگەن ساياھەتچىلەرنى كۈتۈۋالالايدىغان بولدى.

«يېپەك يولىنىڭ ئوتتۇرا يولىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، جەنۇب، شىمال يولىنى ئېچىشنى كۈچەيتىش»تىن ئىبارەت ساياھەتچىلىك تەرەققىيات قۇرۇلما ئىدىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، 1978 - يىلىدىن 1997 - يىلىغىچە جەمئىي 430 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، بىر تۈركۈم مېھمانخانا، مېھمانساراي، مەنزىرە نۇقتىلىرى ۋە تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونلىرى يېڭىدىن قۇرۇلدى، كېڭەيتىپ قۇرۇلدى ياكى ئۆزگەرتىپ قۇرۇلدى. 2001 - يىلىغا قەدەر ئاپتونوم رايون بويىچە يۇلتۇز دەرىجىلىك مېھمانخانىدىن 173ى بار بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە يېقىنقى بىرقانچە يىلدا ئۈچ مېھمانخانا بەش يۇلتۇز دەرىجىلىك مېھمانخانا بولدى؛ ساياھەت مېھمانخانىلى-

ـرىدىكى كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار 25 مىڭغا يەتتى. ئۇ-
نىڭدىن باشقا، تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى، ساياھەت مەنزىرە
نۇقتىسىدىن 20سى، نۇقتىلىق مەنزىدە نۇقتىسى ۋە ئېكس-
كۇرسىيە نۇقتىسىدىن 300ى قۇرۇلدى.

ساياھەتچىلەر يىلسېرى كۆپەيدى، ساياھەتچىلەر مەنبەسى
پەيدىنپەي كېڭەيدى. 1978 ـ يىلى شىنجاڭدا ساياھەتچىلىك
ئەمدىلا ئەسلىگە كەلگەندە، ئالتە دۆلەتتىن كەلگەن 88 سايا-
ھەتچىلا كۈتۈۋېلىنغانىدى. 1997 ـ يىلى ياپونىيە، ئامېرىكا،
كورىيە، فرانسىيە، مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسى، شىياڭ-
گاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەن قاتارلىق 20 نەچچە دۆلەت ۋە رايوننىڭ
ساياھەتچىلىرى كەلدى، ساياھەتچىلەرنىڭ سانى 173 مىڭغا
يەتتى، 1978 ـ يىلىدىن بۇيان، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن
30.7%تىن ئېشىپ باردى.

خەلقئارا ساياھەتچىلىك كىرىمى يىلدىن ـ يىلغا كۆپىيىپ،
شىنجاڭنىڭ سودىدىن باشقا تاشقى پېرېۋوت كىرىمىنىڭ مۇھىم
مەنبەسىگە ئايلاندى.

ساياھەتچىلىكنىڭ تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىشىغا ئەگە-
شىپ، خەلقئارا ساياھەتچىلىك كىرىمىنىڭ ئېشىشىمۇ بىرقەدەر
تېز بولدى. 2001 ـ يىلى 99 مىليون دوللارغا يېتىپ، 1978 ـ
يىلىدىكى 46 مىڭ دوللاردىن 2152 ھەسسە كۆپەيدى، يىلىغا
ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 37.6%تىن ئاشتى. بۇ شىنجاڭنىڭ
1980 ـ يىلىدىن 1989 ـ يىلغىچە بولغان 10 يىللىق ئومۇمىي
ساياھەت كىرىمى بولغان 64 مىليون 500 مىڭ دوللاردىن يەنە
34 مىليون 60 مىڭ دوللار كۆپ بولۇپ، ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا
1980 ـ يىلى ۋە 1990 ـ يىلىدىكىنىڭ 3. 56 ھەسسىسى
ۋە 8.1 ھەسسىسىگە توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ، 1985 ـ
يىلى ساياھەت كىرىمى ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي
قىممىتىنىڭ 0.1 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن بولسا، 2001 ـ
يىلىغا كەلگەندە 4. 5 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

## بەشىنچى، شىنجاڭنىڭ شەھەرلىشىشى ۋە جەمئىيەتنىڭ زامانىۋىلىشىشى

### 1. شىنجاڭنىڭ 50 يىلدىن بۇيانقى شەھەرلىشىش مۇساپىسى

1950 ـ يىلدىن1957 ـ يىلغىچە: خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى ۋە «1 ـ بەش يىللىق پىلان» مەزگىلى بولۇپ، ئىقتىسادنىڭ ئېشىشى بىرقەدەر تېز بولغان باسقۇچ. بۇ سەككىز يىلدا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مۇقىم تەرەققىي قىلدى، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىشلىرى، زامانىۋى سانائەت، كان كارخانىلىرى، شۇنداقلا مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرىمۇ بىرقەدەر تېز تەرەققىي قىلدى، ئۈرۈمچى شەھىرى مۇھىم نۇقتا قىلىنغان شەھەر قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلىش بىلەن بىللە، شىخەنزە يېڭى شەھىرى، قاراماي(مايتاغنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) قاتارلىق كان رايونلىرىمۇ قۇرۇلۇشقا باشلىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋىلايەت، ئوبلاستلار تۈرۈشلۈق شەھەر ـ بازارلارنىڭ ئاھالىسىمۇ كۆپىيىپ، شىنجاڭنىڭ شەھەر ـ بازارلىشىش سەۋىيىسى بىرقەدەر تېز تەرەققىي قىلدى. 1957 ـ يىلغا كەلگەندە، پۈتۈن شىنجاڭنىڭ شەھەر ـ بازار نوپۇسى 940 مىڭ 700 گە يېتىپ، 1949 ـ يىلىدىكىدىن 411 مىڭ 400 نوپۇس، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ساپ 51 مىڭ 400 نوپۇس كۆپىيىپ، ئاھالىنىڭ شەھەرلىشىش سەۋىيىسى 16.86 پىرسەنتكە يەتتى.

1958 ـ يىلدىن 1965 ـ يىلغىچە: چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش ۋە خەلق ئىگىلىكىنىڭ تەڭشىلىش مەزگىلى بولۇپ، چوڭ داۋالغۇش بولغان، دولقۇنسىمان تەرەققىي قىلغان باسقۇچ. بۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب، بۇ سەككىز يىل داۋامىدا دەسلەپتە «سول» چىل» يېتەكچى ئىدىيىنىڭ تەسىرىدە «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» ھەرىكىتى كۆتۈرۈلدى، ئاساسىي قۇرۇلۇش كۆپىيىپ كەتتى؛ شەھەر ـ بازار ئاھالىلىرى بىنورمال شىددەت بىلەن ئاشتى،

بۇنىڭ بىلەن پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ شەھەر ـ بازار نوپۇسى 1960 ـ يىلى 1958 ـ يىلىدىكى 1 مىليون 143 مىڭ 700 دىن 1 مىليون 800 مىڭ 400گە يېتىپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يىلىغا 286 مىڭ 600 نوپۇس كۆپەيدى، شەھەر ـ بازارلىشىش سەۋىيىسى 1960 ـ يىلى 1958 ـ يىلىدىكى 19.64 پىرسەنتتىن شىددەت بىلەن 26.23 پىرسەنتكە ئۆرلىدى، 1961 ـ يىلىدىن كېيىن خەلق ئىگىلىكى تەڭشىلىپ، شەھەر نوپۇسى زور كۆچ بىلەن ئازايتىلدى، 1965 ـ يىلىغا كەلگەندە ئاھالىنىڭ شەھەر ـ بازارلىشىش سەۋىيىسى 16.95 پىرسەنتكە تۆۋەنلىدى.

1966 ـ يىلدىن 1977 ـ يىلغىچە: «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلى بولۇپ، ئارىسالدى قالغان باسقۇچ. خەلق ئىگىلىكىنى ئۈچ يىل تەڭشەش ئېلىپ بېرىپ، تۇرلۇك قۇرۇلۇش ئىشلىرى نورماللىشىپ ئۆزۈن ئۆتمەيلا، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دىن ئىبارەت 10 يىللىق قالايمىقانچىلىق ئۇلىشىپ كەلدى، بۇنىڭ بىلەن ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى، بۇ مەزگىلدە، شەھەر ـ بازارلاردىكى غەيرىي يېزا ئىگىلىك نوپۇسىنىڭ ئېشىشى پەقەتلا نوپۇسنىڭ تەبىئىي ئېشىشى بىلەن باراۋەر بولۇپ قالدى. ئاھالىنىڭ بازارلىشىشى ئاساسىي جەھەتتىن 1965 ـ يىلىدىكى سەۋىيىدە توختاپ قالدى.

1978 ـ يىلىدىن ھازىرغىچە: يېڭى تەرەققىيات مەزگىلى. 1978 ـ يىلىدىن باشلاپ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان، ئىچكى جەھەتتە جانلاندۇرۇش، سىرتقا قارىتا ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتە چىڭ تۇرۇلغانلىقتىن سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى بىرقەدەر تېز تەرەققىي قىلدى، شەھەرلىشىش سۈرئىتى نورمال قەدەمدە ۋە ئۆز ئىزىدا مۇناسىپ تېزلىدى، ئاھالىنىڭ شەھەر ـ بازارلىشىش سەۋىيىسى 1975 ـ يىلىدىكى 19.04%تىن تەرەققىي قىلىپ 1985 ـ يىلى 26.36 پىرسەنتكە يەتتى، 2002 ـ يىلى يەنىمۇ تەرەققىي قىلىپ

33.8% ئەتراپىدا بولدى.

**2. شەھەرلىششىنىڭ ئالاھىدىلىكى**

شىنجاڭ نوپۇسىنىڭ كۆپىيىش ئالاھىدىلىكى مۇنداق بولدى:

(1) نوپۇس تۈپ سانى كىچىك، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ كۆپىيىش سۈرئىتى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن يۇقىرى.

نوپۇسنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ماتېرىياللىرىدىن قارىغاندا، بىرىنچى قېتىملىق ئومۇميۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرگەندە(1953 - يىلى7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى) شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 4 مىليون 783 مىڭ 600 بولغان؛ تۆتىنچى قېتىملىق ئومۇميۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرگەندە (1990 - يىلى 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى) شىنجاڭنىڭ ئومومىي نوپۇسى 15 مىليون 156 مىڭ 900 بولغان. بۇ مەزگىلدە، نوپۇسنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ئېشىش نىسبىتى‰ 31.6 بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەت ئومۇمىي نوپۇسنىڭ ئوتتۇرىچە ئېشىش نىسبىتىدىن (18.4‰) يۇقىرى بولغان. 20 - ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىدىن 60 - يىللىرىغىچە، نوپۇسنىڭ رايونلار ئارا يۆتكىلىشى(مېخانىك كۆپىيىشى) نوپۇسنىڭ كۆپىيىشىدە مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىدى.

(2) شىنجاڭ نوپۇسىنىڭ تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ئىزچىل تۈردە پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە كۆپىيىش سەۋىيىسىدىن يۇقىرى بولدى. 1980 - يىلى نوپۇسنىڭ تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى‰ 13.6 ئىدى، 1990 - يىلغا كەلگەندە 18.6‰ كە يەتتى، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدا پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتى يولغا قويۇلغانلىقتىن 2002 - يىلى‰ 10.9كە تۆۋەنلىدى.

(3) ئومۇمىي نوپۇستا ياش، ئوتتۇرا ياشلارنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى يۇقىرى. ئەۋرىشكە ئېلىپ تەكشۈرۈش ماتېرىياللىرىغا ئاساسلانغاندا، شىنجاڭدىكى 10 ياشتىن 24 ياشقىچە بولغان ئاھالە ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 35%نى ئىگىلىگەن، بۇ شىنجاڭ ئاھالىسى ياش قۇرۇلمىسىنىڭ تىپىك كۆپىيىش تىپىدىكى قۇرۇلما

7.5 ـ جەدۋەل:

**شىنجاڭدىكى شەھەر قىلىپ تەسىس قىلىنغان 19 شەھەرنىڭ 10 يىلدىن بۇيانقى نوپۇس ئۆزگىرىش ئەھۋالى (بىرلىكى تۈمەن ئادەم )**

| شەھەر ئىسمى | 1988 ـ يىلى | | 1998 ـ يىلى | | 10 يىلدا شەھەردىكى غەيرىي يېزا ئىگىلىك نوپۇسىنىڭ كۆپىيىش سانى |
|---|---|---|---|---|---|
| | شەھەر ئومۇمىي نوپۇسى | شەھەردىكى غەيرىي ئىگىلىك نوپۇسى | شەھەر ئومۇمىي نوپۇسى | شەھەردىكى غەيرىي ئىگىلىك نوپۇسى | |
| ئۈرۈمچى شەھىرى | 106.7 | 100.5 | 154.9 | 128.1 | 27.6 |
| قاراماي شەھىرى | 19.9 | 19.2 | 26.3 | 22.5 | 3.3 |
| شىخەنزە شەھىرى | 22.1 | 16.7 | 26.6 | 20.8 | 4.1 |
| تۇرپان شەھىرى | 21.1 | 5.6 | 24.5 | 4.1 | -1.5 |
| قۇمۇل شەھىرى | 28.1 | 15.7 | 35.3 | 14.1 | -1.6 |
| سانجى شەھىرى | 24.9 | 12.2 | 33.9 | 13.9 | 1.7 |
| كۈيتۇن شەھىرى | 6.4 | 5.4 | 10.7 | 9.6 | 3.8 |
| غۇلجا شەھىرى | 25.1 | 16.7 | 33.2 | 23.0 | 6.3 |
| چۆچەك شەھىرى | 12.4 | 4.5 | 14.8 | 5.8 | 1.3 |
| ئالتاي شەھىرى | 14.8 | 6.9 | 16.4 | 5.6 | -1.3 |
| بورتالا شەھىرى | 14.6 | 4.7 | 19.8 | 5.8 | 1.4 |
| كورلا شەھىرى | 24.1 | 15.1 | 33.2 | 20.0 | 4.9 |
| ئاقسۇ شەھىرى | 35.4 | 15.3 | 46.1 | 17.3 | 2.0 |
| ئاتۇش شەھىرى | 15.9 | 3.3 | 18.7 | 4.6 | 1.3 |
| قەشقەر شەھىرى | 22.0 | 16.9 | 31.1 | 20.5 | 3.6 |
| خوتەن شەھىرى | 12.3 | 6.6 | 15.4 | 8.6 | 2.0 |
| فۇكاڭ | 11.6 | 4.5 | 14.8 | 7.3 | 3.2 |
| مىچۈەن | 14.1 | 4.6 | 16.8 | 6.1 | 1.4 |
| شىخو | 15.4 | 4.1 | 20.0 | 7.3 | 3.2 |

ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

(4) ئاھالىنىڭ ئومۇمىي مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ، يۇقىرى ساپالىق خادىملارنىڭ تارقىلىشى تەكشى ئەمەس. 75 پىرسەنتتىن كۆپرەك كەسپىي خادىملار شىمالىي شىنجاڭ رايونىغا مەركەزلەشكەن، كەسىپ تېخنىكىسىغا بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك پەن - تېخنىكا خادىملىرى، قۇرۇلۇش تېخنىكلىرى ئېغىر دەرىجىدە كەمچىل.

*شەھەرلىشىش نىسبىتى يۇقىرى، لېكىن سۈپىتى تۆۋەن.* يېڭى قۇرۇلغاندىن بۇيان، شىنجاڭنىڭ شەھەرلىشىش سەۋىيىسى مۇتلەق كۆپ يىللاردا مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرۇپ كەلدى. 1998 - يىلىنىڭ ئاخىرى، شەھەر - بازارلاردىكى ئومۇمىي نوپۇس ئومۇمىي نوپۇسنىڭ %50.1نى ئىگىلىدى، شەھەر - بازارلاردىكى غەيرىي يېزا ئىگىلىك نوپۇسى ئومۇمىي نوپۇسنىڭ %30.89 نى ئىگىلىدى، بېيجىڭ، تيەنجىن، شاڭخەي قاتارلىق ئۈچ بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەردىن باشقا ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلار ئىچىدە ئاپتونوم رايونىمىز 6 - ئورۇننى ئىگىلىدى. لېكىن شەھەرلىشىش سۈپىتى تۆۋەن، شەھەرلەرنىڭ تۈرلۈك مۇئەسسەسەلىرى بىرقەدەر ناچار بولدى، نۇرغۇن شەھەر ئاھالىسى يۇقىرى سەۋىيىلىك شەھەر مەدەنىيلىك تۇرمۇشىدىن بەھرە ئالالمىدى.

*ئاھالىلەر چوڭ، ئوتتۇرا شەھەرلەرگە توپلاشتى.* نۆۋەتتە، شىنجاڭنىڭ شەھەرلىشىش تەرەققىيات يۈزلىنىشى چوڭ، ئوتتۇرا شەھەرلەرگە توپلىشىشتەك تەرەققىيات باسقۇچىدا تۇرماقتا، 7.6 - جەدۋەلدىن شۇنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى:چوڭ، ئوتتۇرا شەھەرلەرنىڭ شەھەر ئۇنىۋېرسال ئەمەلىي كۈچى نىسبەتەن كۈچلۈك بولغاچقا، شەھەرلەرنىڭ كۆلەم ئۈنۈمى ۋە توپلاش ئۈنۈمى جارى قىلدۇرۇلماقتا. يەنە بىر نۇقتىدىن قارىغاندا، شەرقىي قىسىمدىكى ئوتتۇرا، كىچىك شەھەرلەرنىڭ چوڭ شەھەرلەر بىلەن بىرلىكتە ئورتاق تەرەققىي قىلىشتەك يۈزلىنىشى بىلەن سېلىشتۇرغاندا،

7.6 ـ جەدۋەل:

1980 ـ يىلدىن 2000 ـ يىلغىچە شىنجاڭدىكى شەھەر ـ بازار سانىنىڭ كۆپىيىش، كۆلىمىنىڭ ئېشىش جەدۋىلى

| يىل | شەھەر قىلىپ تەسىس قىلىنغان شەھەر | شتاتلىق بازار | شەھەر ـ بازاردىكى غەيرىي يېزا ئىگىلىك نوپۇسى | ئاھالىنىڭ شەھەرلىشىش سەۋىيىسى |
|---|---|---|---|---|
| بىرلىك | دانە | دانە | تۈمەن ئادەم | % |
| 1980 ـ يىلى | 8 | | 283.38 | 22.1 |
| 1985 ـ يىلى | 15 | 121 | 358.78 | 26.4 |
| 1990 ـ يىلى | 16 | 126 | 416.70 | 27.3 |
| 1995 ـ يىلى | 17 | 156 | 498.40 | 30.0 |
| 2000 ـ يىلى | 19 | 189 | 550.27 | 33.0 |

ئىزاھات:(1) شتاتلىق بازارلار ناھىيە بازىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. ناھىيە بازىرىنىڭ ئاساسىي جەھەتتىن شەھەر قىلىپ تەسىس قىلىنغان شەھەرلەر سانىنىڭ كۆپىيىشى بىلەن تەڭ.

(2) شەھەر ـ بازارلاردىكى غەيرىي يېزا ئىگىلىك نوپۇسى ناھىيە بازىرى نوپۇسىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

شىنجاڭدا كىچىك شەھەر ـ بازارلارنىڭ سانى كۆپ، كۆلىمى كىچىك، شەھەر ـ بازارلارنىڭ ئەمەلىي كۈچى ناھايىتى ئاجىز، شەھەر ـ بازارلار سانىنىڭ كۆپىيىش سۈرئىتى بىرقەدەر تېز، ئەمما شەھەر ـ بازارلارنىڭ ئۆز كۆلىمىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى ناھايىتى ئاستا بولغاچقا، شىنجاڭدىكى نۇرغۇن كىچىك شەھەر ـ بازارلار-

7.7 ـ جەدۋەل :

**شىنجاڭدىكى شەھەر قىلىپ تەسىس قىلىنغان شەھەرلەرنىڭ ھازىرقى ھالىتى (2000 ـ يىلى)**

| شەھەر ـ بازار ئاھالىسى كۆلىمى | سانى | شەھەر ـ بازار ئومۇمىي نوپۇسىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى | غەيرىي يېزا ئىگىلىك نوپۇسى | شەھەر غەيرىي يېزا ئىگىلىك نوپۇسىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى | شەھەر ـ بازار ئىسمى |
|---|---|---|---|---|---|
| بىرلىكى | | % | تۈمەن ئادەم | % | |
| 1 مىلىيون نوپۇستىن كۆپ بولغىنى | 1 | 5.3 | 133.76 | 37.3 | ئۈرۈمچى |
| 200 مىڭ نوپۇستىن كۆپ بولغىنى | 5 | 26.3 | 112.62 | 31.4 | قاراماي، كورلا، قەشقەر، غۇلجا، شىخەنزە |
| 100 مىڭدىن 200 مىڭغىچە نوپۇس بولغىنى | 3 | 15.8 | 50.75 | 14.2 | قۇمۇل، سانجى، ئاقسۇ |
| 50 مىڭدىن 100 مىڭغىچە نوپۇس بولغىنى | 6 | 31.6 | 44.36 | 12.4 | بورتالا، خوتەن، كۈيتۇن، شىخو، ئالتاي، چۆچەك |
| 50مىڭ نوپۇستىن ئاز بولغىنى | 4 | 21.0 | 16.85 | 4.7 | تۇرپان، فۇكاڭ، مىچۈەن، ئاتۇش |
| جەمئىي | 19 | 100.0 | 358.34 | 100.0 | |

نىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشكە توغرا كېلىدۇ.

*شەھەرلىشىش سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشى ئاساسلىقى شەھەر ـ بازارلار سانىنىڭ كۆپىيىشىدىن بولدى.* پۈتۈن شىنجاڭدىكى شەھەر قىلىپ تەسىس قىلىنغان 19 شەھەرنىڭ يەتتىسى ئازاد بولغاندىن كېيىن، يەنى ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىش، ئىشىك ئېچىۋېتىلىشتىن بۇرۇن تەسىس قىلىنغان، قالغان 12 شەھەر ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن كېيىن تەسىس

قىلىنغان؛ بولۇپمۇ 1978 ـ يىلىدىن 1988 ـ يىلىغىچە بولغان
10 يىل ئىچىدە توققۇز شەھەر يېڭىدىن تەسىس قىلىندى، بۇ
مەزگىلدە شەھەر ـ بازار نوپۇسىنىڭ ئېشىش نىسبىتى 7 پىر-
سەنتكە يەتتى؛ لېكىن 1988 ـ يىلىدىن تارتىپ ھازىرغىچە پە-
قەتلا ئۈچ ناھىيە دەرىجىلىك شەھەر تەسىس قىلىندى، شەھەر ـ
بازار نوپۇسىنىڭ ئېشىش نىسبىتى پەقەتلا 3.1% بولدى.

يېقىنقى 10 يىلدىن بۇيان، شتاتلىق بازار سانىنىڭ تېزدىن
كۆپىيىشى شەھەر ـ بازار سانىنىڭ كۆپىيىشىنى تېزلەتتى، 10
يىلدا جەمئىي 63ى كۆپەيدى. بۇ شىنجاڭنىڭ شەھەر ـ بازارلار-
دىكى غەيرىي يېزا ئىگىلىك نوپۇسىنىڭ كۆپىيىشىگە تەسىر
كۆرسىتىدىغان ئاساسلىق ئامىلنىڭ مەمۇرىي شتاتنىڭ ئۆزگە-
رىشى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

*شەھەرنىڭ باش ئورۇنلۇق دەرىجىسى يۇقىرى، شەھەر ـ
بازار سىستېمىسىنىڭ يېتىلىشى تۆۋەن باسقۇچتا تۇرماقتا.*
شىنجاڭدىكى شەھەرلەرنىڭ تەرەققىياتى تەكشى ئەمەس، شەھەر
كۆلىمى ئەڭ چوڭ بولغىنى ئۈرۈمچى شەھىرى بولۇپ، 2000 ـ
يىلىدىكى شەھەر ـ بازار غەيرىي يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 1 مىليون
337 مىڭ 600؛ ئۇنىڭ نوپۇسى نوپۇس كۆلىمى ئىككىنچى ئو-
رۇندا تۇرىدىغان غۇلجا شەھىرىدىن (2000 ـ يىلىدىكى شەھەر ـ
بازار غەيرىي يېزائىگىلىك نوپۇسى 241 مىڭ) 1 مىليون 96 مىڭ
600 كۆپ بولۇپ، شەھەرنىڭ باش ئورۇنلۇق دەرىجىسى 55. 5گە
يەتكەن.

شىنجاڭنىڭ شەھەر ـ بازار سىستېمىسىنىڭ يېتىلىشى
دەسلەپكى باسقۇچتا بولۇپ، شەھەر ـ بازار سىستېمىسى كۆلە-
مىنىڭ دەرىجە قۇرۇلمىسى مۇۋاپىق ئەمەس. نۆۋەتتە، شىنجاڭدا
ئالاھىدە چوڭ شەھەردىن بىرسى، ئوتتۇرا دەرىجىلىك شەھەردىن
بەشى، كىچىك شەھەردىن ۋە شتاتلىق بازاردىن 202سى بار، ئوت-
تۇرا شەھەرلەرنىڭ ھەممىسىدىلا غەيرىي يېزا ئىگىلىك نوپۇسى
ئاران 200 مىڭدىن ئاشقان. ئۈرۈمچىدىن باشقا 18 شەھەردە ئوت-

تۇرا ھېساب بىلەن پەقەت 125 مىڭ غەيرىي يېزا ئىگىلىك نوپۇ-سى بار، 66 ناھىيە بازىرىدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 23 مىڭ غەيرىي يېزا ئىگىلىك نوپۇسى بار، 123 مۇستەقىل شتاتلىق بازاردا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 3100 غەيرىي يېزا ئىگىلىك نوپۇسى بار.

*شەھەرلىشىش سەۋىيىسى روشەن ھالدا ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ئارقىدا.* 2001 ـ يىلى، شىنجاڭنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان GDPسى 7913 يۈەن/ئادەم بولۇپ، تۆۋەن كىرىملىك دۆلەتلەرنىڭ سەۋىيىسىدىن ئېشىپ كەتكەن. لېكىن شەھەر بىلەن يېزىلارنى ئايرىۋېتىش سىياسىتى ۋە تۇزۇم توسالغۇسى بۈگۈنگە قەدەر ۋاقتىدا تۈزىتىلمىگەنلىكتىن، ئىقتىسادنىڭ تېز سۈرئەتتە ئېشىشى شەھەرلىشىش سۈرئىتىنىڭ تېزدىن ئېشىشىغا ئۈنۈملۈك تۈرتكە بولالمىدى، شەھەرلىشىش سەۋىيىسى ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيىسىگە يېتىشىپ ماڭالمىدى. يېقىنقى 10 يىلـلىق ئەھۋالدىن قارىغاندا، شىنجاڭنىڭ مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ئېشىش سۈرئىتى 10% ئەتراپىدا بولدى، لېكىن شىنجاڭنىڭ شەھەرلىشىش سەۋىيىسىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ئېشىش سۈرئىتى ئاران 0.6 پىرسەنتلا بولدى.

**3. شەھەرلىشىش جەھەتتە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر ۋە ئۇنىڭ سەۋەبى**

*شەھەر ـ بازارلارنىڭ كۆلىمى كىچىك، زىچلىق دەرىجىسى تۆۋەن، تەسىر كۆرسىتىش ۋە تۈرتكىلىك رولى كۈچلۈك ئەمەس.* نۆۋەتتە، شىنجاڭدا شتاتلىق بازاردىن يۇقىرى شەھەر ـ بازارلار ئاران 208. تەبىئىي مۇھىت سەۋەبىدىن، شەھەرلەرنىڭ جايلىشىشى ناھايىتى تارقاق، ئۇنىڭ ئۈستىگە شەھەر ئىقتىسادىنىڭ ئومۇمىي سەۋىيىسى تۆۋەن، ئۇنىۋېرسال ئۈنۈمى ناچار، بۇنىڭ بىلەن شەھەرنىڭ توپلاش ۋە تەسىر كۆرسىتىش رولى كۈچلۈك بولمىدى، پۇتكۇل رايون تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولىدىغان مەركىزىي شەھەر كەمچىل بولدى. شۇڭا، شەھەر ـ بازارلار كۆلىمىنىڭ كىچىك بولۇشى، شەھەرلەر تەرەققىياتىنىڭ ئارقىدا قېلىشى،

شەھەر ـ بازارلار ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىنىڭ سۇس، قۇلايسىز بولۇشى، ناھايىتى زور دەرىجىدە پۈتۈن ئاپتونوم رايون ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىي قىلىشىنى چەكلەپ، شەھەر ـ يېزا ئىقتىسادىنىڭ ماس ھالدا تەرەققىي قىلىشىغا تەسىر يەتكۈزدى.

*شەھەر ـ بازار فۇنكسىيىسى، تىپىنىڭ ئوخشاشلىقى يۇقىرى.* شىنجاڭدىكى مۇتلەق كۆپ ساندىكى شەھەر ـ بازارلارنىڭ كەسىپلىشىشى گەۋدىلىك ئەمەس، ئۇلار مەمۇرىي فۇنكسىيىنى ئاساس قىلىدۇ، يۇكسەك كەسىپلەشكەن شەھەردىن پەقەت قاراماي شەھىرىلا بار، قاتناش ـ ترانسپورتنىڭ كەسىپلىشىشى قۇمۇل، كۈيتۇن، كورلا قاتارلىق ئۈچ شەھەردە بىرقەدەر روشەن ئىپادىلەندى. شىنجاڭدىكى شەھەر ـ بازارلاردا 3 ـ كەسىپ تەرەققىي تاپماسلىق، بايلىقتىن ئۈنىۋېرسال پايدىلىنىش ناچار بولۇش، كەسىپلەرنىڭ يانداشما تەرەققىي قىلىشى كۈچلۈك بولماسلىقتەك مەسىلىلەر ئومۇميۈزلۈك ساقلانماقتا، بىرقەدەر يۇقىرى چاتما كوئېففىتسىيېنتلىق كەسىپ زەنجىرى ۋە يۈرۈشلەشكەن ئىشلەپچىقىرىش شەكىللەنمىدى، مەھسۇلات قۇرۇلمىسى بىرلا خىل، قوشۇلما قىممىتى يۇقىرى ئەمەس، بۇ ھال بازارنىڭ ئۆزگىرىشىگە ماسلىشىپ كېتەلمەيدۇ؛ كۆپ ساندىكى ناھىيە بازارلىرى ۋە ئادەتتىكى شتاتلىق بازارلار پەقەتلا يېزا ئىگىلىكى ۋە دېھقانلارنىڭ ئادەتتىكى تۇرمۇشى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىدىغان كىچىك رايون مەركىزىي شەھەر ـ بازىرىدىن ئىبارەتلا خالاس، ئۇلارنىڭ كەسىپ قۇرۇلمىسى بىرلا خىل، خاسلىقى ۋە ئۆزگىچىلىكى كەمچىل، تەكرار قۇرۇلۇش كۆپ، ئىسراپچىلىق ئېغىر.

*شەھەرلەرنىڭ مەبلەغ سېلىش مۇھىتى ئومۇميۈزلۈك بىرقەدەر ناچار، ئۇلارنىڭ ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنىڭ قاتتىق مۇھىتى، بولۇپمۇ يۇمشاق مۇھىتىنى زور دەرىجىدە ياخشىلاشقا توغرا كېلىدۇ.* شىنجاڭنىڭ شەھەر ئۇل مۇئەسسەسەسى ۋە ئىجتىمائىي مۇلازىمەت سىستېمىسى مۇكەممەل ئەمەس، ئاممىۋى مۇلازىمەت مۇئەسسەسەلىرىنى كۈچەيتىشكە توغرا كېلىدۇ؛ شە-

ھەر ـ بازارنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىت قۇرۇلۇشىنى ياخشىلاشقا توغرا كېلىدۇ، شەھەر ئاھالىسى كۆلىمىنىڭ ئۈزلۈكسىز كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، شەھەرلەردىكى بەرپا قىلىنىپ بولغان جايلاردا يېشىللىق ۋە بوشلۇق بارغانسېرى ئازايماقتا، بۇنىڭ بىلەن شەھەر مۇھىتى سۈپىتى تۆۋەنلىمەكتە، مۇھىت بەدىلىگە قىسقا مۇددەتلىك ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى قوغلىشىش ئىشلىرى ھېلىھەم كۆرۈلۈپ تۇرماقتا. شەھەر مەركىزىي رايونلىرى، كونا شەھەر رايونلىرى زىيادە ئېچىلغاچقا مۇھىتى ناچارلاشماقتا، بولۇپمۇ بەزى چوڭ، ئوتتۇرا شەھەرلەرنىڭ مەركىزىي رايونلىرىدا ئاھالە ۋە ئىمارەتلەر زىيادە زىچ، يېشىللىق ئاز، ئولتۇراقلىشىش مۇھىت سۈپىتى تۆۋەنلەپ كەتتى. شەھەر رايونىغا ئادەم، ئاپتوموبىل ئېقىمى مەركەزلەشكەن، قاتناش قىستاڭ، بۇ مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشىنى ئېغىرلاشتۇرۇۋەتتى.

*پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدا پەرق بىر قەدەر زور، شەھەر ـ بازارلارنىڭ تەرەققىياتى تەكشى ئەمەس، كەسىپ قۇرۇلمىسى نامۇۋاپىق، 2 ـ ، 3 ـ كەسىپلىرى تەرەققىي تاپمىغان.* شىنجاڭدا، شەھەر ۋە كەسىپلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى رايون جەھەتتە مەركەزلىك. 2 ـ ، 3 ـ كەسىپنىلا مىسالغا ئالساق، 80 پىرسەنتتىن كۆپرەك سانائەت كارخانىلىرى تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكى ئىقتىسادىي بەلبېغىغا جايلاشقان، 3 ـ كەسىپ تېخىمۇ شۇنداق، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ 3 ـ كەسىپ مەھسۇلات قىممىتى پۈتۈن شىنجاڭ 3 ـ كەسىپ مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 60 پىرسەنتتىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ. سانائەت بايلىقنى يېرىك پىششىقلاپ ئىشلەشنى ئاساس قىلغان ئېغىر تىپتىكى قۇرۇلما ئالاھىدىلىكىگە ئىگە، بۇ رايون سانائىتىنىڭ پىششىقلاپ ئىشلەش دەرىجىسىنىڭ تۆۋەن بولۇش، شۇنداقلا يېزا ئىگىلىكى ۋە قېزىلما بايلىققا تايىنىشچانلىقىنىڭ يۇقىرى بولۇشىدا ئىپادىلىنىدۇ، بۇ ئەھۋال شىنجاڭنىڭ سانائەتلىشىشىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

*شەھەرنى باشقۇرۇش ئارقىدا قالدى، مەبلەغ سېلىش يوللىرى*
*بىر خىللا بولدى.* شەھەرلىشىش ئادەم، مالىيە، ماددىي ئەشيالار-
نىڭ توپلىنىش جەريانىدۇر، بۇنىڭ قىيىن نۇقتىسى مەبلەغ
توپلاشتۇر، بۇ قىيىن مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئەڭ ئا-
ساسلىقى شەھەرنى بازار ھەرىكىتى مېخانىزمى بويىچە باشقۇرۇش
لازىم. بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى شارائىتىدا، شەھەر - يېزا
قۇرۇلۇشى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىي قىلىشى كۆپ مەنبەلىك مەبلەغ
سېلىش، تەدبىر بەلگىلەش ۋە ئېچىش، قۇرۇش پائالىيىتىنىڭ
ئۇنىۋېرسال نەتىجىسىدۇر، شۇڭا، تۈرلۈك قۇرۇلۇش پائالىيەتلىد-
رىنىڭ ھەممىسى بازارنىڭ سىنىقىنى قوبۇل قىلىدۇ. شەھەر قۇ-
رۇلۇشىنىڭ مەبلەغ سېلىش ئوبيېكتىدا كۆپ مەنبەلىشىش ئەن-
دىزىسى بارلىققا كېلىدۇ، غەيرىي ھۆكۈمەت تارماقلىرىنىڭ مەب-
لەغ سېلىش مۇددىئاسى شەھەر ئۇل مۇئەسسەسەلەر قۇرۇلۇشىنىڭ
مۇھىم ئىقتىسادىي ئامىلى بولۇپ قالىدۇ. ھۆكۈمەتمۇ مەبلەغ
سېلىشتا تەدرىجىي ھالدا بازارلاشقان مەشغۇلاتنى ئىشقا ئاشۇرى-
دۇ. نۆۋەتتە، شىنجاڭنىڭ شەھەر قۇرۇلۇشىدا بازار مەشغۇلاتى
مېخانىزمى تېخى شەكىللەنمىدى، يەر ئىشلىتىش تۈزۈمى ئىسلا-
ھاتى، خەلقئاراغا يۈزلىنىپ مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش ۋە چەت ئەل
مەبلىغىدىن پايدىلىنىش، شەھەر مەمۇرىيىتى ئاممىۋى مۇئەس-
سەسەلەرنى ھەقلىق ئىشلىتىشنى يولغا قويۇش ۋە شەھەر قۇرۇ-
لۇشى مەبلىغىنى بازارغا يۈزلىنىپ توپلاش قاتارلىق جەھەتلەردە
تېخى بۆسۈش ھاسىل قىلىنمىدى. شەھەرلىك ھۆكۈمەت يەنىلا
شەھەر قۇرۇلۇشىغا مەبلەغ سېلىشتىكى ئوبيېكت بولماقتا، ھۆ-
كۈمەتنىڭ مالىيە كۈچى چەكلىك بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە شە-
ھەر قۇرۇلۇشى ئۈچۈن كۆپلەپ مەبلەغ كېتىدىغان بولغاچقا، مەب-
لەغ يوچۇقى بىرقەدەر چوڭ بولماقتا، نۆۋەتتە شىنجاڭنىڭ شە-
ھەر ئۇل مۇئەسسەسەلەر قۇرۇلۇشى مەبلىغىنىڭ كۆپ قىسمى

قەرز ئېلىشتىن كېلىۋاتىدۇ. شىنجاڭنىڭ شەھەرلىشىش قەدىمىنى تېزلىتىشتە مەبلەغ سېلىنمىسى ئېغىر دەرىجىدە يېتىشمەسلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلىش مۇھىم مەسىلە بولۇپ قېلىۋاتىدۇ.

## ئالتىنچى، خەلق تۇرمۇشى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى

### 1. ئاھالىلەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى كۈنسايىن ئاشتى

*دېھقانلارنىڭ كىرىم سەۋىيىسى تېزدىن ئۆستى.* يېزا ئىسلاھاتىنىڭ ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىشى ۋە مۇكەممەللىشىشىگە ئەگىشىپ، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىكىدە ئۇدا مول ھوسۇل ئالدى، دېھقانلارنىڭ ئائىلە ئىگىلىك باشقۇرۇشىنىڭ كەسپلىشىشى ۋە ئۇنىڭ ئۈنۈم سەۋىيىسى كۆرۈنەرلىك ئۆستى. 2002 ـ يىلى شىنجاڭدىكى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ساپ كىرىمى 1860 يۈەنگە يېتىپ، 1980 ـ يىلدىكىدىن 1659 يۈەن كۆپىيىپ، يىلىغا ئوتتۇرا ھېسابتا 10.2% ئېشىپ باردى.

*شەھەر ئاھالىسىنىڭ كىرىمى ئۇدا، تېز سۈرئەتتە ئاشتى.* 20 نەچچە يىلدىن بۇيان، دۆلەت كىرىم تەقسىماتى تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇردى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ مائاش كىرىمى مۇقىم ئاشتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئىقتىسادىي تۇرمۇشنىڭ كۈنسايىن جانلىنىشى، ئىشقا ئورۇنلىشىش يوللىرىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ كىرىم ئەندىزىسىدە كىرىم قىلىش يوللىرى كۆپ قۇتۇپلىشىش، كىرىم قىلىش شەكىللىرى كۆپ خىللىشىش ئەندىزىسى تەدرىجىي بارلىققا كەلدى. شىنجاڭ ئاھالىلىرىنىڭ كىرىمى سىجىل، تېز سۈرئەتتە ئاشتى. 2001 ـ يىلى شىنجاڭدىكى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ قول ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمى 6590.28 يۈەنگە يېتىپ، 1980 ـ يىلدىكىدىن 10.87 ھەسسە كۆپىيىپ، يىلىغا ئوتتۇرا ھېسابتا 11.9%

ئېشىپ باردى؛ 1989 ـ يىلىدىكىدىن 4.4 ھەسسە كۆپىيىپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يىلىغا 15.1% ئېشىپ باردى، باھا ئامىلى-نى چىقىرىۋەتكەندە، ئەمەلىي ئېشىش 6.7% بولدى.

(1) مائاش خاراكتېرلىك كىرىم ئۇدا ئاشتى، مائاش قۇرۇل-مىسىدا ئۆزگىرىش بولدى.

1978 ـ يىلى ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋې-تىلگەندىن بۇيان، دۆلەت مائاش تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلدى، مەمۇ-رىي، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ مائاشىنى كۆپ قېتىم تەڭشىدى ۋە ئۆستۈردى، كارخانىلارمۇ تەقلىد قىلىپ مائاش ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىپ، مائاشنىڭ ئېشىشىنى ئىقتىسادىي ئۈنۈم بىلەن چاتتى، بىرقەدەر مۇھىم، دائىرىسى بىرقەدەر كەڭ بولغان ئىسلاھاتلار تۆۋەندىكىچە: بىرىنچىسى، 1985 ـ يىلى ئېلىپ بېرىلغان مائاش ئىسلاھاتى. كارخانىلار ئاساسلىقى ئەمگەك كۈچلىرىنى ئىشلى-تىش ۋە تەقسىمات تۈزۈمىنى ئىسلاھات قىلىپ، رىقابەت مېخا-نىزمىنى كىرگۈزۈپ، «تۆمۈر تاۋاق»، «داش قازان»نى چېقىپ تاشلاپ، ئىش ئورنى ماھارەت مائاشى، ئاساسىي مائاشقا ئۈنۈم ما-ئاشىنى قوشۇشتەك كۆپ خىل مائاش تەقسىماتى شەكلىنى يولغا قويۇپ، ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش، كۆپ ئىشلىگەنلەر كۆپ چىشلەشتەك تەقسىمات سىياسىتىنى قوللىنىپ، مائاشنىڭ رىغبەتلەندۈرۈش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇپ، كىرىم پەرقىنى مۇۋاپىق ئايرىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، مەمۇرىي، كەسپىي ئورۇنلار قۇ-رۇلما مائاشى تۈزۈمىنى يولغا قويدى. ئىككىنچىسى، 1993 ـ يى-لى ئېلىپ بېرىلغان مەمۇرلار مائاش ئىسلاھاتى، شۇنداقلا كارخا-نا، كەسپىي ئورۇنلار مائاش ئىسلاھاتى. بۇ قېتىمقى ئىسلاھات ئارقىلىق مائاش قۇرۇلمىسىدا زور ئۆزگىرىش بولدى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ مائاشىمۇ كۆرۈنەرلىك كۆپەيدى. 1997 ـ يىلى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ مائاش خاراكتېرلىك كىرىمى 3343.16 يۈەنگە يېتىپ، 1980 ـ يىلىدىكىدىن 6.7 ھەسسە كۆپىيىپ، يى-لىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 12.79% ئېشىپ باردى. 1998 ـ يى-

لىدىن بۇيان، دۆلەت مەمۇرلىرى ۋە كەسپىي ئورۇنلاردىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ مائاشى ئىككى قېتىم زور كۆلەمدە ئۆستۈرۈلدى، بۇنىڭ بىلەن دۆلەت ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرىنىڭ مائاشى بىر يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈرۈلدى. 2001 ـ يىلى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان مائاشى 10 مىڭ 278 يۈەنگە يېتىپ، 1989 ـ يىلىدىكىدىن 4.1 ھەسسە كۆپەيدى. شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئاساسلىق كىرىم مەنبەسى بولغان مائاشىنىڭ كۆپىيىشى ئاھالىلەر تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشىنى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈردى.

(2) مائاشتىن سىرتقى كىرىمنىڭ ئېشىش دەرىجىسى، نىسبىتى بىرقەدەر زور بولدى.

1997 ـ يىلى ئاھالىلەرنىڭ مائاشتىن سىرتقى كىرىمى 1542.8 يۈەنگە يېتىپ، 1980 ـ يىلىدىكىدىن 11.7 ھەسسە ئاشتى، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 16.1% ئېشىپ باردى. مائاشتىن سىرتقى كىرىمنىڭ ئاھالىلەرنىڭ ئەمەلىي كىرىمىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى 1980 ـ يىلىدىكى 21.94 پىرسەنتتىن 31.58 پىرسەنتكە ئاشتى.

—— ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ خىزمەت ئورنىدىن ئېرىشكەن باشقا كىرىملىرى ۋە ناتۇرال كىرىمى كۆپەيدى، 1997 ـ يىلى كىشى بېشىغا 341.56 يۈەندىن توغرا كېلىپ، 1980 ـ يىلىدىكىدىن 7.9 ھەسسە كۆپەيدى.

—— يەككە ئەمگەك كىرىمى ۋە باشقا ئەمگەك كىرىمى كۆپەيدى. ئىسلاھاتنىڭ ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، كۆپ خىل ئىگىلىك تەركىبلىرىنىڭ ئورتاق تەرەققىي قىلىشى ئىشقا ئاشۇرۇلدى، 1997 ـ يىلى يەككە ئىگىلىك باشقۇرغۇچىلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان كىرىمى 237.56 يۈەن بولۇپ، 1981 ـ يىلىدىن باشلاپ يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 34.15% ئېشىپ باردى. 1997 ـ يىلى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئىككىنچى كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشتىن قىلغان كىرىمى كىشى بېشىغا

33.12 يۈەنگە يەتتى، 1981 ـ يىلىدىن بۇيان ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يىلىغا 10.73% ئېشىپ باردى.

ــ مۈلۈك خاراكتېرىدىكى كىرىم ئاھالىلەر كىرىمىنىڭ يېڭى ئېشىش نۇقتىسى بولدى. 1980 ـ يىلىدىن بۇرۇن، ئاھالىلەر مائاشىغا تايىنىپ كۈندىلىك تۇرمۇش چىقىمىنى قامدىغاندىن كېيىن قولىدا ناھايىتى ئاز مائاش قالاتتى، يىللاپ توپلىغان پۇل مۇئامىلە مۈلكى كۆپ ئەمەس ئىدى. 1988 ـ يىلى كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان مۈلۈك خاراكتېرلىك كىرىمى (جۈملىدىن پۇل ئامانىتى ئۆسۈمى، پايچېكى ئۆسۈمى، پايدىسى، ئىجارە ھەققى قاتارلىق كىرىملىرى) ئارانلا 5.4 يۈەن بولۇپ، ئاھالىلەر ئەمەلىي كىرىمىنىڭ 0.98 پىرسەنتىنى ئىگىلەيتتى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاھالىلەرنىڭ بانكا ئامانىتى، زايوم، پاي چېكى، كارخانا زايومى قاتارلىق پۇل مۇئامىلە مۈلكى كۈنسايىن كۆپەيدى، 1997 ـ يىلى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان مۈلۈك خاراكتېرلىك كىرىمى 78.31 يۈەنگە يېتىپ، 1988 ـ يىلدىكىدىن 13.5 ھەسسە ئاشتى.

(3) پۇل مۇئامىلە مۈلۈك ئامانىتى زور ھەجىمدە كۆپەيدى.

سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ پۇل مۇئامىلە ئېڭى، مەبلەغ سېلىش ئېڭى ۋە خەۋپ ـ خەتەر ئېڭى تەدرىجىي ئۆستى، ئېشىندى مەبلەغنىڭ قىممىتىنى ساقلاشقا، ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇشقا بارغانسېرى ئەھمىيەت بېرىدىغان، مەبلەغدىن پايدا ئېلىش ئۈنۈمىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكىگە بارغانسېرى ئېتىبار بىلەن قارايدىغان بولدى. شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ تۈرلۈك شەكىللىك مال ـ مۈلۈكلىرى، مەسىلەن، ئولتۇراق ئۆي، ئالىي دەرىجىلىك چىدامىلىق ئىستېمال بۇيۇملىرى، شۇنداقلا پۇل مۇئامىلە مۈلۈكلىرى، مەسىلەن، پۇل ئامانىتى، ئامانەت خاراكتېرلىك سۇغۇرتا، زايوم، پاي چېكى قاتارلىقلىرى تېزدىن جۇغلاندى. 2001 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، شىنجاڭدىكى شەھەر ـ يېزا ئاھالىلىرىنىڭ كىشى

بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئامانەت سوممىسى 5298 يۈەنگە يەتتى؛ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئامانەت خاراكتېرلىك سۈغۇرتا چىقىمى 152.62 يۈەن بولۇپ، 44.4 ھەسسە ئاشتى؛ ئاھالىلەرنىڭ شەخسىي ئۆيگە ئىگە بولۇش نىسبىتى 85.8 پىرسەنتكە يېتىپ، 1989 ـ يىلىدىكىدىن 79.1 پىرسەنت پوئىنتى كۆپەيدى.

(4) ئائىلىلەرنىڭ نوپۇسى ئازايدى، ئىشقا ئورۇنلاشقانلارنىڭ يۈك كوئېففىتسېنتى تۆۋەنلىدى.

20 يىلدىن بۇيان، شىنجاڭ شەھەر ئاھالىلىرى دۆلەتنىڭ پىلانلىق تۇغۇت سىياستىنى قاتتىق ئىجرا قىلدى، ئائىلىلەرنىڭ نوپۇسى ئۈنۈملۈك كونترول قىلىندى. 2001 ـ يىلى ئائىلىلەردىكى ئوتتۇرىچە نوپۇس 1980 ـ يىلىدىكى 4.99دىن 3.09غا چۈشتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئىشقا ئورۇنلىشىش يوللىرىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، ئائىلىلەردە ئوتتۇرىچە ئىشقا ئورۇنلاشقان نوپۇس 1980 ـ يىلىدىكى 41.9 پىرسەنتتىن 53.3 پىرسەنتكە ئۆرلىدى. بۇنىڭ بىلەن ئىشقا ئورۇنلاشقانلارنىڭ يۈكى يەڭگىللىدى، 1997 ـ يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەربىر ئىشقا ئورۇنلاشقان نوپۇسنىڭ قامدايدىغان ئادەم سانى (ئىشقا ئورۇنلاشقۇچىمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) 1.88 بولۇپ، 1980 ـ يىلىدىكىدىن 0.5 ئادەم كېمەيدى.

**2. ئىستېمال سەۋىيىسى كۆرۈنەرلىك ئۆستى**

دېھقانلارنىڭ ئىستېمال سەۋىيىسى كۆرۈنەرلىك ئۆستى. دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىرىم سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، ئۇلارنىڭ ئىستېمال سەۋىيىسى كۆرۈنەرلىك ئۆستى. 2001 ـ يىلى، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان تۇرمۇش ئىستېمال چىقىمى 1350 يۈەنگە يېتىپ، 1980 ـ يىلىدىكىدىن 1198 يۈەن كۆپىيىپ، 8.9 ھەسسە ئاشتى، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن10.4% ئېشىپ باردى؛ 1989 ـ يىلىدىكىدىن 897.6 يۈەن كۆپىيىپ، ئىككى ھەسسىگە يېقىن ئاشتى. دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك، ئولتۇراق ئۆي ۋە

لازىمەتلىك ئىستېمال بۇيۇملىرى ئومۇمىيۈزلۈك ياخشىلاندى، ماددىي تۇرمۇشى ۋە مەنىۋى تۇرمۇشى كۆنسايىن موللاشتى.

2002 ـ يىلى، شىنجاڭ يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئائىلە ئېنگېل كوئېففىتسېنتى 49% بولۇپ، 1980 ـ يىلىغا قارىغاندا، ئولتۇراق ئۆي ئىستېمال چىقىمى زور كۆلەمدە ئاشتى، بۇ يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك ئىستېمالى چىقىمىنىڭ ئېشىش سۈرئىتىدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتتى. 2001 ـ يىلى، شىنجاڭدىكى دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمىدا يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك، لازىملىق بۇيۇملار ۋە ئولتۇراق ئۆي ئىستېمال چىقىمى 76.72 پىرسەنتنى ئىگىلەپ، 1989 ـ يىلدىكىدىن 11.5 پىرسەنت پوئىنت تۆۋەنلىدى. داۋالىنىش، سەھىيە، ساقلىقنى ساقلاش، قاتناش ۋە ئالاقە، مەدەنىي مائارىپ، كۆڭۈل ئېچىش بۇيۇملىرى چىقىمى نىسبىتى 18.81 پىرسەنتنى ئىگىلەپ، 1989 ـ يىلدىكى 11.23 پىرسەنتتىن 7.6% پوئىنت ئاشتى. يۇقىرىقى ئەھۋاللار دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئىستېمال قۇرۇلمىسىنىڭ كۆرۈنەرلىك سەرخىللاشقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن «يېزىلارنىڭ ھاللىق سەۋىيىسىگە ئۇنىۋېرسال باھا بېرىش كۆرسەتكۈچى سىستېمىسىنىڭ مىقدارلاشتۇرۇلغان ئۆلچىمى» بويىچە ئۆلچىگەندە، 1997 ـ يىلى شىنجاڭ يېزىلىرىنىڭ ھاللىق سەۋىيىگە يېتىش ئۇنىۋېرسال نومۇرى 67.6 بولغان، يەنى شىنجاڭ يېزىلىرىدا ھاللىق سەۋىيىنى ئىشقا ئاشۇرۇش دەرىجىسى 67.6 پىرسەنتكە يەتكەن. 20 يىلدىن بۇيان، شىنجاڭ يېزىلىرىدا كىيىنىش، تويۇنۇش مەسىلىسى ئاساسىي جەھەتتىن ھەل قىلىندى ھەمدە ھاللىق سەۋىيىگە يۈرۈش قىلىش يولىدا داغدام قەدەم تاشلاندى.

*شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئىستېمال سەۋىيىسى ۋە ئىستېمال سۈپىتى ئومۇمىيۈزلۈك ئۆستى.* كىرىمنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئىستېمال سەۋىيىسى ئومۇمىيۈزلۈك ئۆستى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاھالىلەرنىڭ ئىستېمال كۆزقارى-

شى ئۆزلۈكسىز يېڭىلاندى، ئىستېمال دائىرىسى كۆرۈنەرلىك كېڭەيدى، تۇرمۇش، ئىستېمال يۈزلىنىشى يۇقىرى قاتلاملىق تۇرمۇش شەكلىنى قوغلىشىشقا قاراپ يۈزلەندى. 2001 ـ يىلى، شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمى 5059.67 يۈەن بولۇپ، 1989 ـ يىلىدىكىدىن 4.1 ھەسسە كۆپەيدى، ئوتتۇ-رىچە ئىستېمال چىقىمىدىن باشقا چىقىمى 1119.52 يۈەن بولۇپ، 9.9 ھەسسە كۆپەيدى. شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى ۋە تۇرمۇش سۈپىتىدە زور ئۆزگىرىش بولدى.

*شەھەر ـ يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئىستېمال جەھەتتىكى يېڭى ئالاھىدىلىكلىرى.* 20 يىلدىن بۇيان، شەھەر ـ يېزا ئاھالىلىرى كىرىمىنىڭ زور دەرىجىدە ئېشىشىغا، تۇرمۇش ئىستېمال چىقى-مىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، ئاھالىلەرنىڭ ئىستېمال سۈپىتى كۆرۈنەرلىك ئۆستى. كۆپ ساندىكى ئاھالىلەر ئەنئەنىۋى ئىستې-مال كۆز قارىشىنى ئۆزگەرتتى، ئىستېمال يۈزلىنىشى كۆپ خىللاشتى، ئەلا، ئوتتۇرا، ئالىي سۈپەتلىك تۈرلۈك تۇرمۇش ئىستېمال بۇيۇملىرىنى قوغلىشىدىغان بولدى، تۇرمۇش سەۋىيە-سى سۈپەت ئارقىلىق تولۇقلاش ۋە ئۆسۈش مەزگىلىگە قەدەم قويدى. ئاھالىلەرنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى ئىستېمال ئالا-ھىدىلىكى مۇنداق بولدى:

(1) يېمەكلىك ئىستېمالدا ئوزۇقلۇق قىممىتىگە دىققەت قىلىش، سۈپىتىگە ئەھمىيەت بېرىشتەك ئالاھىدىلىك گەۋدىلەن-دى. يېمەكلىك ئىستېمالى تويۇش ئاساسىدا ياخشى يېيىش، پا-كىز يېيىش ۋە ئوزۇقلۇق قىممىتىگە ئىگە يېمەكلىكلەرنى يې-يىشكە قاراپ ئۆزگەردى. 2001 ـ يىلى دېھقانلار كىشى بېشىغا ئىستېمال قىلغان ئاشلىق 243.2 كىلوگرام بولۇپ، 1980 ـ يىلىدىكىدىن 14.1% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئىستېمال قىلىنغان ئاق ئاشلىقنىڭ نىسبىتى 86.2 پىرسەنتكە يېتىپ، 1980 ـ يى-لىدىكىدىن 28.2 پىرسەنت پوئىنت ئاشتى؛ كىشى بېشىغا ئىس-تېمال قىلغان ماي، گۆش، ئائىلە قۇشلىرى ۋە بۇنىڭدىن پىش-

شىقلاپ ئىشلەنگەن يېمەكلىكلەر، قەنت ـ گېزەك، مېۋە ـ چېۋە ۋە بۇنىڭدىن پىششىقلاپ ئىشلەنگەن يېمەكلىكلەرنىڭ سانى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 1990 ـ يىلىدىكىدىن 10.7%، 36.8%، 33.3% ۋە 17.2% ئاشتى. 2001 ـ يىلى، شىنجاڭدىكى دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە يېمەكلىك ئىستېمال چىقىمى 679.92 يۈەن بولۇپ، 1989 ـ يىلىدىكىدىن 444.83 يۈەن كۆپەيدى؛ دېھقانلارنىڭ يېمەكلىك قۇرۇلمىسىدا ئاساسلىق تاماقلارنىڭ نىسبىتى تۆۋەنلىدى، قوشۇمچە يېمەكلىكلەرنىڭ نىسبىتى ئاشتى.

ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان، كىرىمنىڭ ئېشىشىغا، شۇنداقلا تۇرمۇش، خىزمەت رىتىمىنىڭ تېزلىشىشىگە ئەگىشىپ، شەھەر ئاھالىلىرى يېمەكلىكنىڭ ئوزۇقلۇق قىممىتى يۇقىرى، قۇلايلىق بولۇشى ۋە كۆپ خىل بولۇشىغا بارغانسېرى ئەھمىيەت بېرىدىغان، ئاقسىل، ئىسسىقلىق مىقدارى يۇقىرى، ماي تەركىبى تۆۋەن بولغان يېمەكلىكلەرنى ئىستېمال قىلىش شەكلىنى قوغلىشىدىغان بولدى. ھۆكۈمەت «كۆكتات ۋە قوشۇمچە يېمەكلىكلەر» قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇپ، كۆرۈنەرلىك نەتىجىگە ئېرىشكەنلىكتىن، ئاھالىلەرنىڭ تۈرلۈك يېمەكلىك ئىستېمالى مەيلى سان جەھەتتە بولسۇن ياكى سۈپەت جەھەتتە بولسۇن كۆرۈنەرلىك ئاشتى.

(2) خاسلىقنى گەۋدىلەندۈرۈش، ئالىي سۈپەتلىك بولۇشنى قوغلىشىش كىيىم ـ كېچەك ئىستېمالىنىڭ ئاساسىي ئېقىمىغا ئايلاندى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شەھەر ـ يېزا ئاھالىلىرى كىيىم ـ كېچەك ئىستېمالىدا تەييار كىيىمگە ۋە ئوتتۇرا، ئالىي سۈپەتلىك كىيىملەرگە ئىنتىلىدىغان بولدى، كىيىم ـ كېچەكنىڭ پاسونى، شەكلى ۋە رەڭگىگە كۈنسايىن ئەھمىيەت بېرىدىغان بولدى ھەمدە تەييار كىيىملەرنى سېتىۋېلىش نىسبىتى كۆرۈنەرلىك ئاشتى. 2001 ـ يىلى، دېھقانلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن كىيىم ـ كېچەك چىقىمى 120.34 يۈەن بولۇپ، 1989 ـ

يىلىدىكىدىن 50.93 يۈەن كۆپىيىپ، 73.38% ئاشتى. كىيىم ـ كېچەك ئىستېمال چىقىمى شەكلى «ھەر خىل پەسىلدە بىرلا كىيىم كىيىش»تىن «بىر پەسىلدە ھەر خىل كىيىم كىيىش»كە ئۆزگەردى، تەييار كىيىم، مودا كىيىم، خۇرۇم ئاياغ قاتارلىقلار دېھقان ئائىلىلىرىدە خېلىلا ئومۇملاشتى، دېھقانلارنىڭ كىيىم ـ كېچەك كۆزقارىشى «توڭلاشتىن ساقلىنىش»تىن «ياخشى كىيىنىش»كە ئۆزگەردى.

شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ كىيىم ـ كېچەك ئىستېمال يۈزلىنىشى تەييار بولۇش، مودا بولۇش ۋە ئوتتۇرا، ئالىي دەرىجىلىك بولۇشقا يۈزلەندى، كىيىم پاسونىنىڭ ئۆزگىرىش نىسبىتى كۆرۈنەرلىك تېزلەشتى، كىشلەر پاختا، يۇڭ، يىپەك قاتارلىق تەبىئىي تالالاردىن توقۇلغان ۋە خۇرۇم كىيىملەرگە تېخىمۇ ئىشتىياق باغلىدى. كىشىلەرنىڭ كىيىم ـ كېچەك ئىستېمال ھەرىكىتى تەدرىجىي قېلىپلاشتى، قارىغۇلارچە مودا قوغلاشماي، بەلكى ئۆز مىجەزى، بەدەن قۇرۇلۇشى، كەسپى ۋە كىرىمى قاتارلىقلارغا ماس كېلىدىغان كىيىملەرنى تاللايدىغان بولدى. 2001 ـ يىلى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان كىيىم ـ كېچەك ئىستېمال چىقىمى 741.83 يۈەن بولۇپ، 1989 ـ يىلىدىكىدىن 3.7 ھەسسە ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە، تەييار كىيىم سېتىۋېلىش چىقىمى 463.85 يۈەن بولۇپ، 9.6 ھەسسە ئاشتى، بۇ كىيىم ـ كېچەك ئىستېمالى چىقىمىنىڭ 64.9 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. 2001 ـ يىلى، كىشى بېشىغا سېتىۋالغان كىيىم ـ كېچەك 7.3 بولۇپ، 1989 ـ يىلىدىكىدىن 2.6 ھەسسە ئاشتى.

(3) ئولتۇراق ئۆي سېلىش قىزغىنلىقى تەدرىجىي ئاشتى، ئولتۇراق ئۆي شارائىتى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى.

20 نەچچە يىلدىن بۇيان، كىيىنىش، تويۇنۇش مەسىلىسى ئاساسىي جەھەتتىن ھەل بولۇش ئاساسىدا، شىنجاڭ يېزىلىرىدا ئۆي سېلىش قىزغىنلىقى تەدرىجىي ئاشتى، دېھقانلارنىڭ ئولتۇراق ئۆي شارائىتى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى. 2001 ـ يىلى،

دېھقانلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئولتۇراق ئۆي كۆ-لىمى 18.04 كۋادرات مېتىرغا يېتىپ، 1989 - يىلدىكىدىن 30.9% ئاشتى. ئولتۇراق ئۆي سۈپىتىمۇ كۆرۈنەرلىك ياخشىلان-دى. 2001 - يىلى، دېھقانلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان خىش - ياغاچ قۇرۇلمىلىق ۋە بېتون قۇرۇلمىلىق ئولتۇراق ئۆي كۆلىمى 1989 - يىلدىكىدىن 5.3 ھەسسە ئاشتى، شەھەر ئەترا-پىدىكى بەزى باي دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ ئۆيلىرى بىنالىشىش ۋە ھويلىلىق بولۇش يۆنىلىشىگە قاراپ تەرەققىي قىلدى. ئۆيىنىڭ ئىچىنى بېزەش ۋە تازىلىق مۇئەسسەسەلىرىنى سەپلەش ئادەتتىكى دېھقان ئائىلىلىرىگە كىرىشكە باشلىدى، ئولتۇراق مۇھىتى ۋە شارائىتى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى.

شەھەرلەردە ئىللىق، راھەت ئولتۇراق ئۆي مۇھىتى بەرپا قىلىش كۆپ ساندىكى ئاھالىلەرنىڭ يېڭى ئىستىكىگە ئايلاندى. ئولتۇراق ئۆي تۈزۈمى ئىسلاھاتى تەدبىرلىرىنىڭ ئوتتۇرىغا قو-يۇلۇشى ۋە يولغا قويۇلۇشىغا ئەگىشىپ، ئۆي سېتىۋېلىش ۋە بې-زەش ئاھالىلەر ئىستېمالىنىڭ يېڭى قىزىق نۇقتىسىغا ئايلاندى. 2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ كىشى بېشى-غا توغرا كېلىدىغان ئولتۇراق ئۆي كۆلىمى 15.54 كۋادرات مې-تىر بولۇپ، 1989 - يىلدىكىدىن 68.4% ئاشتى. ئولتۇراق ئۆيلەر كەڭ، ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى تېخىمۇ مۇۋاپىق سېلىنىدىغان بولدى، بېزەش تېخىمۇ كۆركەم، ئىشلىتىشكە قولايلىق قىلىنى-دىغان بولدى، ئاھالىلەرنىڭ ئولتۇراق ئۆي مۇئەسسەسەلىرى ۋە ئولتۇراق شارائىتى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى. 2001 - يىلىنىڭ ئاخىرى، شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ بىنالىق يۈرۈشلۈك ئۆيلەردە ئولتۇرۇش نىسبىتى شەھەر ئائىلىلىرى ئومۇمىي سانىنىڭ 82.6 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى، پارلىق ئۆيدە ئولتۇرغانلار 85.5 پىرسەنتىنى، تۇرۇبىلىق كۆمۈر گازى ۋە سۇيۇقلاندۇرۇلغان گاز ئىشلەتكەن ئائىلىلەر 87.1 پىرسەنتىنى، تازىلىق ئۈسكۈنىلىرى بولغانلىرى 89.6 پىرسەنتىنى، تۇرۇبا سۈيى تارتىلغانلار 95.9

پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. 2001 ـ يىلى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئولتۇراق ئۆي بېزەش ئوتتۇرىچە چىقىمى 215.14 يۈەن بولۇپ، 1992 ـ يىلىدىكىدىن 6. 6 ھەسسە ئاشتى.

(4) قۇلايلىق، ئەمەلىي بولۇش ئائىلە بۇيۇملىرى ئىستېمالىدا قوغلىشىدىغان نىشان بولدى.

ئوخشاش مەزگىلدە، شەھەر ـ يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئائىلە ئۈسكۈنە بۇيۇملىرى ۋە ئالىي چىداملىق ئىستېمال بۇيۇملىرى ئىستېمالى كۆرۈنەرلىك ئاشتى. ۋېلىسىپىت، كىيىم تىكىش ماشىنىسى، سائەت ۋە رادىئو قاتارلىق «كونا تۆت چوڭ بۇيۇم» 80 ـ يىللاردا ئائىلىلەرگە كۆپلەپ كىردى، 90 ـ يىللارغا كەلگەندە تويۇنۇش بولدى. لېكىن تېلېۋىزور، كىرئالغۇ، توڭلاتقۇ، رەسىم ئاپپاراتى، سىنئالغۇ،VCD ، موتسىكلىت قاتارلىق ئالىي، چىداملىق ئىستېمال بۇيۇملىرى بارغانسېرى تېز سۈرئەتتە ئائىلىلەرگە كىرىشكە باشلىدى. 2001 ـ يىلى، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر يۈز دېھقان ئائىلىسى 93.29 تېلېۋىزورغا ئىگە بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە رەڭلىك تېلېۋىزور 36.26گە، ئۈن ئالغۇ 53.7گە، كىرئالغۇ 22.13كە، توڭلاتقۇ 11.29گە، موتسىكلىت 20.32گە، شامالدۇرغۇچ 15.94كە يەتتى. بۇنىڭدىن باشقا، تېلېفون، يانفون، چاقىرغۇ، ھاۋا تەڭشىگۈچ، ئۈنئالغۇ، چاڭ ـ توزان سۈمۈرگۈچ قاتارلىق زامانىۋى ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرىمۇ يېزىلاردىكى يۇقرالارنىڭ ئۆيىگە كىرىشكە باشلىدى. ھەر يۈز شەھەر ئائىلىسىدە: 107.39 رەڭلىك تېلېۋىزور،84.47 توڭلاتقۇ، 94.69 كىرئالغۇ بولدى. خېلى كۆپ ساندىكى ئائىلىلەرنىڭ چىداملىق ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ دەرىجىسى كۆرۈنەرلىك ئاشتى، كۆپ ئىقتىدارلىق چوڭ ئېكرانلىق رەڭلىك تېلېۋىزور، زور سىغىمچانلىقتىكى توڭلاتقۇ، ئاپتوماتىك كىرئالغۇ، مۇنچا، ئىس سۈمۈرگۈچ، لازېر نۇرلۇق پلاستىنكا ئاپپاراتى، مىكرو دولقۇنلۇق ئوچاق، ئائىلە كىنوخانىسى قاتارلىقلار ئادەتتىكى ئاھالىلەرنىڭ ئۆيلىرىگە تەدرىجىي كىردى. ئاھالىلەرنىڭ يېڭى ئالىي دەرىجىدە

لىك چىداملىق ئىستېمال بۇيۇملىرى، جۈملىدىن ئائىلە كومپ-يۇتېرى، پىئانىنو، بەدەن چېنىقتۇرۇش ئۈسكۈنىلىرىگە ئىگە بولۇش نىسبىتى تېز سۈرئەتتە ئاشماقتا. 2001 - يىلى، ھەر يۈز شەھەر ئائىلىسىدە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 9.97 كومپيۇ-تېر، 1. 56 تېلېكامېرا، 1. 73 پىئانىنو، 3. 17 چېنىقىش ئەسۋابى بولدى.

(5) قاتناش، ئالاقە چىقىمى ھەسسىلەپ ئاشتى.

قاتناش، ئالاقە ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا، شۇنداقلا ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ تۈرتكىسىدىكى ئىجتىمائىي ئالاقىنىڭ كۆپىيىشى ۋە تۇرمۇش رىتىمىنىڭ تېزلىشىشىگە ئەگىشىپ، ئاھا-لىلەرنىڭ ساياھەت قىلىشى ۋە تېلېفون ئورنىتىشى ئىستېمالىنىڭ قىزىق نۇقتىسىغا ئايلاندى، ئاھالىلەرنىڭ قاتناش، ئالاقە چىقىمى كۆرۈنەرلىك كۆپەيدى. يېزىلاردا خېلى كۆپ ساندىكى باي دېھقان ئائىلىلىرىمۇ ئۆيلىرىگە تېلېفون ئورناتتى ۋە يانفون سەپلىدى.

2001 - يىلى، شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ قاتناش چىقىمى ئوت-تۇرا ھېساب بىلەن 164. 52 يۈەن بولۇپ، 1989 - يىلىدىكىدىن 6. 9 ھەسسە ئاشتى؛ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، زامانىۋى ئائىلە قاتناش قورالى بولغان كىچىك ئاپتوموبىل ۋە موتسىكلىتنىڭ بازار ئىستېمال تەرەققىياتىمۇ ياخشى بولماقتا. 2001 - يىلى، ھەر يۈز ئائىلىدە 9.85 موتسىكلىت بولۇپ، 1992 - يىلىدىكى-دىن 2.1 ھەسسە ئاشتى. 2001 - يىلى، ئاھالىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە ئالاقە چىقىمى 253.29 يۈەن بولۇپ، 1992 - يىلىدىكىدىن 33.6 ھەسسە ئاشتى، ھەر يۈز شەھەر ئاھالىسىدە 76.4 تېلې-فون، 15.89 يانفون بولۇپ، ئايرىم - ئايرىم ھالدا 1992 - يىلى-دىكىدىن 9.1 ھەسسە ۋە 27.4 ھەسسە ئاشتى.

(6) مەدەنىيەت، پەن ساپاسىنى ئۆستۈرۈش، ئىشتىن سىرت-قى تۇرمۇشنى موللاشتۇرۇش ئاھالىلەر ئىستېمالىنىڭ يېڭى قىزىق نۇقتىسى بولدى.

ماددىي تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، ئاھا-

لىلەر مەنىۋى تۇرمۇش ۋە داۋالىنىش، ساقلىقنى ساقلاش شارائى-
تىنى ياخشىلاشقا بارغانسېرى ئەھمىيەت بېرىدىغان بولدى؛ شۇ-
نىڭ بىلەن بىللە، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىي
قىلىشىغا ئەگىشىپ، كىشىلەرنىڭ رىقابەت ئېڭى تەدرىجىي كۈ-
چەيدى، بىلىم، ئىلىم ئىگىلەش ئېھتىياجى بارغانسېرى كۈچەي-
دى. يەنە بىر تەرەپتىن، يېزىلاردا ھۆددىگە بېرىش تۈزۈمى يولغا
قويۇلغانلىقتىن، دېھقانلار ئەمگەك ۋاقتىنى ئىختىيارىي ئو-
رۇنلاشتۇرالايدىغان بولدى؛ شەھەرلەردە، 1993 - يىلى 3 - ئاي-
دىن باشلاپ مەملىكەت بويىچە ھەپتىسىگە 44 سائەت ئىشلەش،
1995 - يىلى 5 - ئايدىن باشلاپ ھەپتىسىگە 40 سائەت ئىشلەش
خىزمەت تۈزۈمى يولغا قويۇلغانلىقتىن، ئاھالىلەرنىڭ ئىشتىن
سىرتقى ئۆگىنىش ۋە مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىنى
ئېلىپ بېرىش ۋاقتى كۆپەيدى، ئاھالىلەرنىڭ ئىشتىن سىرتقى
مەدەنىيەت تۇرمۇشى كۈنسايىن موللاشتى.
دۆلەتنى پەن - مائارىپقا تايىنىپ گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگى-
يىسىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا ئەگىشىپ، كەڭ يېزىلاردا ئىلىم ئۆ-
گىنىش، ئىلىمدىن پايدىلىنىش دولقۇنى كۆتۈرۈلدى، كىتاب، گې-
زىت - ژۇرنال سېتىۋېلىش، تېخنىكا جەھەتتە يېتىشتۈرۈشلەرگە
قاتنىشىش چىقىمى ھەسسىلەپ ئاشتى، يېزا ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ
ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت ساپاسى ئومۇمىيۈزلۈك ئۆستى، 2001 -
يىلى تولۇقسىزدىن يۇقىرى مەدەنىيەت ساپاسىغا ئىگە يېزا ئەمگەك
كۈچلىرى 40.5 پىرسەنتكە يەتتى. 2001 - يىلى شەھەر ئاھالى-
لىرىنىڭ ئوتتۇرىچە مائارىپ خىراجىتى 376.34 يۈەن بولۇپ،
1980 - يىلىدىكىدىن 10.9 ھەسسە كۆپەيدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە،
ئاھالىلەرنىڭ ساياھەت قىلىش ۋە دۇكان ئارىلاش، مال سېتىۋېلىش
ۋاقتى تېخىمۇ كۆپەيدى، ئوتتۇرىچە ساياھەت چىقىمى 118.92 يۈەن
بولۇپ، 1992 - يىلىغا قارىغاندا 10.3 ھەسسە كۆپەيدى، بۇ
شۇنداقلا ئوبوروت، يېمەك - ئىچمەك ۋە مۇلازىمەت قاتارلىق 3 -
كەسىپنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولدى.

# سەككىزىنچى باب شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنىڭ تارىخى ۋە ھازىرقى ئەھۋالى

## بىرىنچى، شىنجاڭنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش، چېگرا رايوننى قوغداش ئىشلىرىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى

### 1. بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش، چېگرا رايوننى قوغداش ھەرقايسى سۇلالىلەرنىڭ چېگرا رايوننى ئىدارە قىلىشىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى

ئېلىمىز تارىخىدىكى ھەرقايسى سۇلالىلەر بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش، چېگرا رايوننى قوغداشنى چېگرا رايوننى ئېچىش، چېگرا مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەشنىڭ مۇھىم بىر تەدبىرى قىلىپ كەلگەن. چىن شىخۇاڭ دەۋرىدىن باشلاپلا بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىش پائالىيىتى باشلانغان. كېيىنكى ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە مەركىزىي ھۆكۈمەتلەر بۇ پائالىيەتكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇنى ھەرقايسى سۇلالىلەرنىڭ چېگرا رايوننى ئىدارە قىلىش سىياسىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى قىلغان.

تارىختىكى ھەرقايسى سۇلالىلەرنىڭ شىنجاڭنى ئۆز ئىچىگە ئالغان غەربىي يۇرتتا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش، چېگرا رايوننى قوغداش تارىخى ئۇلارنىڭ بۇ رايونلاردا ئۈنۈملۈك ھۆكۈمرانلىق قىلىش تارىخىدىن ئۆزۈلمەس بولغان، چۈنكى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش، چېگرا رايون قوغداش ئىشلىرى غەربىي خەن سۇلالىسى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 60 - يىلى غەربىي يۇرت باش قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى تەسىس قىلىپ، غەربىي يۇرتقا ھۆكۈمرانلىق قىلىشتىن بۇرۇنلا باشلانغان.

تارىختىكى ھەرقايسى سۇلالىلەرنىڭ ھازىرقى شىنجاڭ رايونىدا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش، چېگرا رايوننى قوغداش ئىشلىرى غەربىي خەن دەۋرىدىن باشلانغان. غەربىي خەن سۇلالىسى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 105 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدىن باشلاپلا ئۇيسۇنلار بىلەن بىرلىشىپ ھۇنلاردىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن، شۇەنلېي ( ھازىرقى ئىلى دەريا ۋادىسى رايونى ) دا بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلغان. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا، غەربىي خەن سۇلالىسى لوپنۇر، مىرەن قاتارلىق جايلاردىمۇ بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلغان، بىراق ھەقىقىي كەڭ كۆلەملىك بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىش مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 68 - يىلىدىن كېيىن باشلانغان. غەربىي خەن سۇلالىسى دەسلەپتە كېلىپ - كېتىپ تۇرغان ئەلچىلەرنىڭ ئوزۇق - تۈلۈك مەسىلىسىنى ھەل قىلىش مەقسىتىدە بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلغان، كېيىن بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش قوشۇنى غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينىغاچقا، غەربىي يۇرت باش قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى تەسىس قىلىنغاندىن كېيىن، غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتتا بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىش كۆلىمى ۋە ئورۇنلىرىمۇ تەدرىجىي كېڭەيگەن، بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىش ئىشلىرى غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ شۇ جايدا تۇرۇشلۇق قوشۇنى، كېلىپ - كېتىپ تۇرغان ئەلچىلىرى ۋە سودا كارۋانلىرىنىڭ ئوزۇق - تۈلۈك مەسىلىسىنى ھەل قىلىشىدىكى مۇھىم يولغا، بوز يەر ئاچقۇچى لەشكەرلەر غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى ۋە ئۇنىڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشىدىكى مۇھىم كۈچكە ئايلانغان. بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىش ئارقىلىق ھەم ئاشلىق قاتارلىق ماددىي ئەشيالار بىلەن تەمىنلەش مەسىلىسىنى ھەل قىلغىلى، بوز يەر ئاچقۇچى لەشكەرلەرنى چېگرىنى ۋە غەربىي يۇرتنىڭ ئىجتىمائىي ئامانلىقىنى قوغداشتىكى مۇھىم كۈچ قىلغىلى بولىدىغانلىقى ئۈچۈن، خەن سۇلالىسىدىن كېيىنكى ھەرقايسى سۇلالىلەرمۇ بۇ

تەدبىرنى قوللانغان. بىراق ئوخشاش بولمىغان دەۋرلەردىكى غەر-
بىي يۇرت ۋەزىيىتى، دۆلەت كۈچىنىڭ كۈچلۈك ـ ئاجىزلىقى،
باشقۇرۇش تاكتىكىسىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى سەۋەبىدىن، بوز
يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىش جەھەتتە قولغا كەلتۈرۈلگەن ئۇ-
تۇق ۋە نەتىجىلەردىمۇ بىرقەدەر چوڭ پەرقلەر بولغان. شىنجاڭ-
نىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش تەرەققىيات تارىخىدىن قارىغاندا،
غەربىي خەن، تاڭ، چىڭ سۇلالىلىرى دەۋرى بوز يەر ئېچىپ تې-
رىقچىلىق قىلىش كۆلىمى بىرقەدەر چوڭ بولغان، كۆرۈنەرلىك
ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلگەن مەزگىل ھېسابلىنىدۇ، ئۇنىڭ ئۇستى-
گە كېيىنكىلەر ئالدىنقىلارنىڭ ئاساسىدا يەنىمۇ زور تەرەققى-
ياتلارغا ئېرىشكەن.

ئەگەر تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتقا بولغان ھۆكۈمرانلى-
قىنى مىلادىيە 630 ـ يىلىدىن باشلاپ ھېسابلىساق، ئۇلارنىڭ
ھۆكۈمرانلىقى 8 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى تۇبۇتلەر غەربىي
يۇرتنى ئىشغال قىلىۋالغانغا قەدەر، ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ
160 يىلدىن ئارتۇق داۋاملاشقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ بوز يەر ئۆز-
لەشتۈرگەن ۋاقتىنىڭ ئۇزۇنلۇقى، كۆلىمىنىڭ چوڭلۇقى، تار-
قالغان دائىرىسىنىڭ كەڭلىكىنى ئالدىنقى سۇلالىلەر بىلەن سې-
لىشتۇرغىلى بولمايدۇ. تاڭ سۇلالىسى غەربىي يۇرتنى بىرلىككە
كەلتۈرگەندىن كېيىن، غەربىي يۇرتتا جۇن، قورغان، قورۇل،
قەلئە، تۇر، قاراۋۇلخانىغا ئوخشاش ئاساسىي قاتلام ھەربىي ئاپ-
پاراتلارنى تەسىس قىلىپ، ئوخشاش بولمىغان ساندا لەشكەر
تۇرغۇزغان، بۇ قوشۇنلار چېگرانى قوغداش بىلەن بىرگە، قو-
شۇن، كېلىپ ـ كېتىپ تۇرغان ئەلچىلەر ۋە سودا كارۋانلىرىنى
ئوزۇق ـ تۈلۈك بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈن زور كۆلەمدە بوز يەر
ئېچىپ تېرىقچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. «ئەلنى
ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر»نىڭ 223 ـ جىلد-
دىدە مۇنداق خاتىرىلەنگەن: «تاڭ سۇلالىسى گاۋزۇنىڭ ۋۇدى
يىللىرىدىن باشلاپ، چېگرا رايوننى ئېچىپ، زېمىننى غەربىي

يۇرتقىچە كېڭىيىپ، تۇتۇق مەھكىمىسى، ۋىلايەت، ئايماق، ناھىيىلەرنى تەسىس قىلدى. شۇەنزۇڭنىڭ كەييۈەن يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، شوفاڭ، لۇڭيۇ، خېشى، ئەنشى، بېشبالىق قاتارلىق جايلاردا ھىراۋۇل تەيىنلەپ ھۆكۈمرانلىق قىلدى. شەندۇڭدىن لەشكەر ئەۋەتىپ، ھەربىي تەمىنات ئۈچۈن تاۋار ـ كىمخاب بەردى، لەشكەرلەر ئوزۇق ـ تۈلۈك مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن بوز يەر ئېچىپ، تېرىقچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللاندى ھەمدە شەھەرلەردە لەشكەر تۇرغۇزۇپ، چېگرا رايوننى قوغدىدى ». تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتتا بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلغان كونكرېت كۆلىمى توغرىسىدا « تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئالتە دەستۇرى. بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىش كاتاۋۇلى»دا: «ئەنشىدە 1000 گېكتار، سۇلېدا 350 گېكتار، كىنگىتتە 350 گېكتار، بېشبالىقتا 1000 گېكتار، ئېۋىرغولدا 50 گېكتار، تيانشاندا 50 گېكتار بوز يەر ئېچىلغان » دەپ تەپسىلىي خاتىرىلەنگەن. بۇ ئەينى ۋاقىتتىكى تاڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭ رايونىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىپايان چېگرا رايوننى قوغداش بىلەن بىرگە، كەڭ كۆلەمدە بوز يەر ئۆزلەشتۈرگەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭدا بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىش ئىشلىرىنى رولى ۋە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش مەقسىتىگە ئاساسەن تۆۋەندىكى ئۈچ باسقۇچقا ئايرىشقا بولىدۇ: 1715 ـ يىلىدىن 1759 ـ يىلىغىچە بىرىنچى باسقۇچ. بۇ مەزگىلدە چىڭ سۇلالىسى جۇڭغارلار بىلەن بىردە ئۇرۇشۇپ بىردە ئىناق ئۆتكەچكە، چىڭ سۇلالىسىنىڭ كۆچى شەرقىي شىنجاڭغىچىلا يېتىپ بارغانلىقتىن، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىشلىرىمۇ قۇمۇل، تۇرپان، باركۆل قاتارلىق جايلار بىلەنلا چەكلەنگەن. بۇنىڭدا ھەربىي ھەرىكەتنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش مەقسەت قىلىنغان بولۇپ، ئىككى تەرەپ مۇناسىۋىتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، بەزىدە بوز يەر ئاچسا، بەزىدە چېكىنەتتى. 1759 ـ يىلىدىن 1860 ـ

يىلىغىچە ئىككىنچى باسقۇچ. بۇ مەزگىلدە، چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ بولغانلىقى ئۈچۈن، بوز يەر ئۆز- لەشتۈرۈش ئىشلىرى چېگرا رايوننى قوغداش ئېھتىياجى سەۋە- بىدىن گۈللەنگەن ھەمدە تەدرىجىي ھالدا ھەربىيلەر بوز يەر ئې- چىپ تېرىقچىلىق قىلىش، پۇقرالار بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىش، مەھبۇسلار بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىش قاتارلىق كۆپ خىل شەكىللەرگە تەرەققىي قىلىپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭدىكى بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىش ئىشلىرى ئۈچ- قاندەك راۋاجلانغان ھەمدە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈ- رۈلگەن. 1860 - يىلىدىن كېيىنكى ۋاقىت گۈللەنگەن باسقۇچ، يەنى ئۈچىنچى باسقۇچ ھېسابلىنىدۇ. بۇ مەزگىلدە شىنجاڭ يېڭى ئەھۋالغا دۇچ كەلگەن، تاشقى جەھەتتە چاررۇسىيە، ئەنگلىيە جا- ھانگىرلىرى ۋە قوقەن خانلىقىنىڭ تاجاۋۇزى بىلەن ئىچكى جە- ھەتتە شىنجاڭ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تاشقى زۇلۇم ۋە ئىچكى ئېكسپىلاتاتسىيىسىگە قارشى قوزغىلاڭلىرى ئارىلىشىپ كەت- كەچكە، چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش سىستېمىسى بىر مەزگىل ۋەيران بولغان، بىراق زو زوڭتاڭنىڭ شىنجاڭنى قايتۇرىۋېلىشى ۋە شىنجاڭدا ئۆلكە تەسىس قىلىنىشى بىلەن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ خەن سۇلالىسى دەۋ- رىدىن تارتىپ ئورنىتىلغان قان بىلەن گۆشتەك مۇناسىۋىتى يە- نىمۇ مۇستەھكەملىنىپلا قالماي، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىشلە- رىمۇ قايتىدىن گۈللەنگەن.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭدا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش تەرەق- قىيات تارىخىدىن قارىغاندا، چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەز- گىلدە شىنجاڭ پۈتۈن مەملىكەتتە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىش- لىرى ئەڭ راۋاجلانغان رايون بولۇپ، چىڭ سۇلالىسى بۇ جەھەتتە تېخىمۇ كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن، بۇنىڭ ئا- ساسلىق ئىپادىسى: بىرىنچىسى، زور كۆلەمدە تېرىلغۇ يەرلەر ئېچىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتى

ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ھەر مىللەت ئارمىيە ـ خەلقى جەمئىي 3 مىليون 19 مىڭ مو (يەنى 201 مىڭ 300 گېكتار) دىن ئارتۇق بوز يەر ئاچقان؛ ئىككىنچىسى، ھەربىي ئوزۇق ـ تۈلۈك پۈتۈنلەي ھەل قىلىنىپ، دۆلەتنىڭ مالىيە سېلىقى يېنىكلىتىلگەن؛ ئۈچىنچىسى، شىنجاڭدا مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلگەن؛ تۆتىنچىسى، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى مۇستەھكەم ئارقا سەپ كاپالىتىگە ئىگە قىلىنغان.

**2. ھەرقايسى سۇلالىلەرنىڭ غەربىي يۇرتتا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئالاھىدىلىكى**

غەربىي يۇرتتا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكىنى تۆۋەندىكى ئالتە نۇقتىغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

بىرىنچى، ۋاقتى ئۇزۇن. غەربىي يۇرتتا غەربىي خەن سۇلالىسى 113 يىل، شەرقىي خەن سۇلالىسى 128 يىل، ۋېي، جىن سۇلالىرى جەمئىي 96 يىل، ئون ئالتە پادىشاھلىق ۋە شىمالىي سۇلالىلەرنىڭ ۋاقتى بىرقەدەر قىسقا، سۈي سۇلالىسى پەقەت 10 يىللا، تاڭ سۇلالىسى 160 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت بوز يەر ئۆزلەشتۈرگەن، بەش دەۋر ۋە سۇڭ، مىڭ سۇلالىلىرى غەربىي يۇرتتا بوز يەر ئۆزلەشتۈرمىگەن، يۈەن سۇلالىسى 20 يىللا بوز يەر ئۆزلەشتۈرگەن. چىڭ سۇلالىسى 1716 ـ يىلىدىن باشلاپ 1911 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسى يىمىرىلگۈچە، جەمئىي 195 يىل بوز يەر ئۆزلەشتۈرگەن بولۇپ، غەربىي يۇرتتا ئەڭ ئۇزۇن بوز يەر ئۆزلەشتۈرگەن سۇلالە ھېسابلىنىدۇ.

ئىككىنچى، دائىرىسى كەڭ. چىڭ سۇلالىسى غەربىي يۇرتتا شەرقتە قۇمۇلدىكى تالناچىندىن باشلاپ، غەربتە قەشقەرغىچە، جەنۇبتا خوتەندىكى كوئېنلۇن تېغى ئېتەكلىرىگىچە، شىمالدا ئېرتىش دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى ئالتايغىچە بولغان جايلاردا بوز يەر ئۆزلەشتۈرگەن. كەڭ تارقالغان بولۇپ، 24 بوز يەر رايونىغا ئايرىلغان. بۇلار تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىدىكى باركۆل، مورى،

گۆچۈڭ، جىمىسار، فۇكاڭ، ئۈرۈمچى، سانجى، قۇتۇبى، ما-
ناس، قۇرقاراسۇ، جىڭ، ئىلى، تارباغاتاي ۋە ئالتايدىن ئىبارەت
14 چوڭ بوز يەر رايونى؛ تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى قۇمۇل،
تۇرپان، قاراشەھەر، كۇچا، ئاقسۇ، ۋۇدەي، بارچۇق، قەشقەر، يەكەن
ۋە خوتەندىن ئىبارەت 10 چوڭ بوز يەر رايونىدىن ئىبارەت. ئۇلار
جۇڭغار ئويمانلىقى ۋە تارىم ئويمانلىقى ئەتراپىغا تارقالغان.

ئۈچىنچى، ئادەم سانى كۆپ. غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە
غەربىي يۇرتتا 20 مىڭدىن ئارتۇق لەشكەر، شەرقىي خەن سۇلا-
لىسى دەۋرىدە 5000 لەشكەر، ۋېي، جىن، 16 پادىشاھلىق ۋە شى-
مالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە 2000 دىن ئارتۇق لەشكەر، يۈەن سۇلا-
لىسى دەۋرىدە 57 مىڭدىن ئارتۇق لەشكەر ۋە پۇقرا بوز يەر ئۆز-
لەشتۇرگەن، بەش دەۋر ۋە سۇڭ، مىڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە بوز يەر
ئۆزلەشتۇرگۈچىلەر بولمىغان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى
مەزگىلىدە غەربىي يۇرتتا جەمئىي 126 مىڭ 700 ئەمگەكچى بوز
يەر ئۆزلەشتۇرگەن.

تۆتىنچى، تۈرلىرى تولۇق بولغان. چىڭ سۇلالىسىدىن بۇرۇن
غەربىي يۇرتتا ئاساسلىقى لەشكەرلەر بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق
قىلغان. غەربىي ۋە شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە لەشكەرلەر-
نىڭ بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىشى ئاساس قىلىنغان، پە-
قەت ئاز ساندىكى پۇقرالار ۋە مەھبۇسلار بوز يەر ئېچىپ تېرىق-
چىلىق قىلغان؛ ۋېي، جىن سۇلالىلىرى دەۋرىدە لەشكەرلەرنىڭ
بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىشى ئاساس، پۇقرالارنىڭ بوز
يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىشى قوشۇمچە قىلىنغان؛ سۈي
سۇلالىسى دەۋرىدە لەشكەرلەرنىڭ بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق
قىلىشى ئاساس، مەھبۇسلارنىڭ بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قى-
لىشى قوشۇمچە قىلىنغان؛ تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە لەشكەرلەرنىڭ
بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىشى ئاساس، پۇقرالار ۋە مەھ-
بۇسلارنىڭ بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىشى قوشۇمچە قى-
لىنغان؛ يۈەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە لەشكەرلەرنىڭ

بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىشى ئاساس، پۇقرالارنىڭ بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىشى قوشۇمچە قىلىنغان؛ چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە لەشكەرلەر، پۇقرالار ۋە مەھبۇسلارنىڭ بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىشى بولۇپلا قالماي، بەلكى تارىختا بولۇپ باقمىغان خوشۇنلار، سودىگەرلەر ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىشى بارلىققا كەلگەن. تۇرلۇك بوز يەر كۆلىمى ئىلگىرىكى ھەرقايسى سۇلالىلەرنىڭ غەربىي يۇرتتا ئۆزلەشتۇرگەن بوز يەر كۆلىمىدىنمۇ ئېشىپ كەتكەن.

بەشىنچى، پۇقرالارنىڭ بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىشى ئاساسلىق ئورۇندا تۇرغان. چىڭ سۇلالىسىدىن بۇرۇنقى ھەرقايسى سۇلالىلەردە ئاساسلىقى لەشكەرلەر بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلغان بولۇپ، ئىچكىرىدىن غەربىي يۇرتقا ئەۋەتىلگەن چېگرا مۇداپىئە قوشۇنى ئاساسىي كۈچ قىلىنغان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتتا بوز يەر ئۆزلەشتۇرگەن تايانچ ۋە يادرولۇق كۈچى يەنىلا غەربىي يۇرتتىكى چېگرىنى قوغدىغۇچى قوشۇن بولغان، بىراق ئاساسلىق كۈچى ھەربىي قوشۇن ئەمەس، بەلكى ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى بولغان. چىڭ سۇلالىسىدە لەشكەرلەر بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىش ئارقىلىق پۇقرالارنىڭ بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىشىغا يول ئېچىپ، شارائىت يارىتىپلا بەرگەن، كېيىن بوز يەر ئۆزلەشتۇرگۈچى بىر قىسىم لەشكەرلەر پۇقراغا ئۆزگەرگەن، پۇقرالارنىڭ بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىشى غەربىي يۇرتتىكى ئەڭ ئاساسلىق بوز يەر ئۆزلەشتۇرۇش شەكلىگە ئايلانغان.

ئالتىنچى، ھەرقايسى سۇلالىلەرنىڭ ئىستراتېگىيىلىك مۇھىم نۇقتىلىرى بوز يەر رايونلىرىنى بەلگىلىگەن. غەربىي خەن سۇلالىسىدىن بۇيان، ھەرقايسى سۇلالىلەرنىڭ غەربىي يۇرتتىكى بوز يەر رايونلىرى ئاساسلىقى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى بوستانلىقلارغا تارقالغان بولۇپ، تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىي رايونلىرىدا ئىنتايىن ئاز ئىدى، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى 11 چوڭ بوز

يەر رايونىدىن ئالتىسى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدا بولۇپ، ئەينى چاغدىكى ئۈچ چوڭ بوز يەر مەركىزىدىن كۈسەن، قوچو ئايمىقى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدا ئىدى. ھەرقايسى سۇلالىلەر ئۇزۇن مەزگىل تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدا بوز يەر ئۆزلەشتۈرگەچكە، شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدا دېھقانچىلىق، شىمالىدا چارۋىچىلىق قىلىشتەك رايون ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋەزىيىتى تېخىمۇ كۈچەيگەن. چىڭ سۇلالىسى تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىدا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشنى ئاساس قىلىشقا باشلىغان، بۇنى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتەك ئىستراتېگىيىلىك ئومۇملۇقى بەلگىلىگەن. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىدا ئۇزۇن مەزگىل مۇداپىئە قوشۇنىنى ئورۇنلاشتۇرغان، بۇ چوڭ قوشۇن زور مىقداردىكى ئوزۇق - تۈلۈككە ئېھتىياجلىق بولغاچقا، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىدىكى جۇڭغار ئويمانلىقىغا يۆتكىگەن، بۇ ئەلۋەتتە تەبىئىي ھەم مۇۋاپىق تاللاش ھېسابلىنىدۇ.

2000 يىلدىن ئۇزۇن داۋاملاشقان شىنجاڭنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش تارىخىغا نەزەر سالساق، تۆۋەندىكى خۇلاسىنى چىقارغىلى بولىدۇ: بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش گۈللەنسە، چېگرا رايون تىنچ - ئامان بولۇپ، غەربىي يۇرتمۇ گۈللەنگەن؛ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئاجىزلاشسا، غەربىي يۇرتمۇ قالايمىقانلىشىپ، ئىچكى - تاشقى مالىمانچىلىق يۈز بېرىپ، خەلق كۈن كەچۈرەلمەس بولۇپ قالغان. مىڭ سۇلالىسىدە ئۆتكەن مۇتەپەككۇر لى جى مۇنداق دەيدۇ: بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىش مەڭگۈلۈك تەدبىر، بۇ قەدىمكىلەرنىڭ دۆلەت ئامانلىقى ۋە تەرەققىياتىغا بولغان تارىخىي مۇلاھىزىسى، شۇنداقلا دۆلەتنى تۈزەپ ئەلنى تىنچلاندۇرۇشتىكى ئۇنتۇلغۇسىز ھېكمىتى.

# ئىككىنچى، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەننىڭ ئىگىلىك تىكلەش مۇساپىسى

شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى (تۈۋەندە قىسقارتىلىپ بىڭتۇەن دەپ ئاتالدى) 25 مىڭ چاقىرىملىق ئۇزۇن سەپەر، يەنئەننى قوغداش ئۇرۇشى، چوڭ غەربىي شىمالنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشىنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن سابىق جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 1 ـ دالا ئارمىيىسى 1 ـ بىڭتۇەنىنىڭ 2 ـ، 6 ـ جۇنى، سابىق ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مىللىي ئارمىيىسى ۋە گېنېرال تاۋ سىيۈ باشچىلىقىدىكى ھەقىقەتكە قايتقان سابىق قىسىمدىن تەشكىل تاپقان، دۆلەت يۈكلىگەن بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش، چېگرا رايوننى قوغداش مۇقەددەس بۇرچىنى ئىجرا قىلىۋاتقان، ھەربىي فورمىسى يوق، ھەربىي تەمىنات ئالمايدىغان، مەڭگۈ ھەربىي سەپتىن چېكىنمەيدىغان ئالاھىدە قىسىم.

بىڭتۇەن 1954 ـ يىلى رەسمىي قۇرۇلغاندىن تارتىپ ھازىرغىچە يېرىم ئەسىر مۇساپىنى بېسىپ ئۆتتى. بىڭتۇەننىڭ تەرەققىياتىنى تۆۋەندىكى ئالتە تارىخىي دەۋرگە ئايرىشقا بولىدۇ: 1949 ـ يىلى 10 ـ ئايدىن 1954 ـ يىلى 10 ـ ئايغىچە بولغان دەۋر بىڭتۇەن ئىشلىرىغا ئاساس سېلىنىش دەۋرى؛ 1954 ـ يىلى 10 ـ ئايدىن 1957 ـ يىلى 12 ـ ئايغىچە بولغان دەۋر بىڭتۇەننىڭ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى مۇنتىزىم دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى قۇرۇش دەۋرى؛ 1958 ـ يىلى 1 ـ ئايدىن 1966 ـ يىلى 5 ـ ئايغىچە بولغان دەۋر بىڭتۇەن ئىشلىرىنىڭ زور تەرەققىيات دەۋرى؛ 1966 ـ يىلى 5 ـ ئايدىن 1975 ـ يىلى 3 ـ ئايغىچە بولغان دەۋر بىڭتۇەن ئىشلىرىنىڭ ئوڭۇشسىزلىق ۋە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراش دەۋرى؛ 1975 ـ يىلى 5 ـ ئايدىن 1981 ـ يىلى 12 ـ ئايغىچە بولغان دەۋر يېزا ئىگىلىك بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش باش ئىدارىسى دەۋرى؛ 1981 ـ يىلى 12 ـ ئايدىن ھازىرغىچە بولغان دەۋر بىڭتۇەن ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىنكى يېڭى تارىخىي

تەرەققىيات دەۋرى.

**1. بىكتوەن ئىشلىرىغا ئاساس سېلىنىش دەۋرى**

1949 ـ يىلى 10 ـ ئايدىن 1954 ـ يىلى 10 ـ ئايغىچە بولغان دەۋر بىكتوەن ئىشلىرىنىڭ ئاساس سېلىنىش دەۋرى ھېسابلىنىدۇ. 1949 ـ يىلى 12 ـ ئايدا، ماۋ زېدۇڭ «مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى، خەلق ئىنقىلابىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ ئارمىيىنىڭ 1950 ـ يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش خىزمىتى توغرىسىدىكى يوليورۇقى» دا مۇنداق دەپ ئېنىق كۆرسەتكەن: «خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى دۆلەت مۇداپىئە ئارمىيىسى، شۇنداقلا ئىشلەپچىقىرىش ئارمىيىسى، شۇڭا ئىشلەپچىقىرىشقا پائال قاتنىشىپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە ئۇزۇن مۇددەتلىك ئۇرۇشلاردىن قېلىپ قالغان قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، يېڭى دېموكراتىزمدىكى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى تېزلىتىشى لازىم.» بۇ روھنىڭ يېتەكچىلىكىدە، 1950 ـ يىلى 1 ـ ئايدا شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئۆزىگە قاراشلىق 193 مىڭ ئادەمنى سەپەرۋەر قىلىپ، بۇنىڭ 20 پىرسەنتىنى ئورگان كەسپىگە ۋە گارنىزون قىسمىغا قالدۇرغاندىن باشقا، قالغانلىرىنى يېزا ئىگىلىك ۋە قول سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىغا ئاتلاندۇردى ھەمدە مەركىزىي ھۆكۈمەتتىن ئاشلىق، كېيىم ئۇرۇقى ۋە ئىشلەپچىقىرىش قورالللىرىنى تەلەپ قىلدى. شۇ يىلى ئىشلەپچىقىرىش قىسمىدىكى 80 مىڭ ئادەم چۆل ـ باياۋان، يايلاقلاردا 850 مىڭ مو قاقاس يەرنى ئۆزلەشتۈرۈپ، 100 مىليون جىڭدىن ئارتۇق ئاشلىق ئىشلەپ چىقىرىپ، 100 مىڭ تۇياقتىن ئارتۇق كالا، قوي باقتى. ئىككى يىلدىن كېيىن، ئاشلىق، قوشۇمچە يېمەكلىك، كۆكتاتتا ئۆز ـ ئۆزىنى تولۇق تەمىنلىدى ھەمدە قالغان ئاشلىق، مايلىق داننى يەرلىككە ياردەم قىلىپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپ چىقىرىشدا كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، ماۋزېدۇڭ، جۇدې قاتارلىق يولداشلارنىڭ يۇكسەك ماختىشىغا ئېرىشتى ۋە بۇ جەھەتتىكى تەجرىبىسى پۈتۈن ئارمىيىدە ئو-

مۇملاشتۇرۇلدى. 1952 ـ يىلى 2 ـ ئايدا، ماۋ زېدۇڭ ئارمىيە ـ
نىڭ ئىشلەپچىقىرىش، قۇرۇلۇشقا قاتنىشىش تەجرىبىسىگە ئا ـ
ساسەن، « خەلق ئىنقىلابىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ بۇي ـ
رۇقى »نى ئېلان قىلىپ، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىدىكى بارلىق
ئوفىتسېر ـ جەڭچىلەرگە « دۆلەت مۇداپىئەسىنىڭ ئەڭ ئالدىنقى
سېپىدە، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ ئەڭ ئالدىنقى سېپىدە تۇرۇپ،
پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە، مۇستەقىل، ئەركىن،
گۈللەنگەن، قۇدرەتلىك يېڭى جۇڭگو قۇرۇش ئۈچۈن توختىماي
كۆرەش قىلايلى ! » دەپ چاقىرىق قىلىپ، جۇڭگو خەلق ئازادلىق
ئارمىيىسىدىكى بىر قىسىم قوشۇننى ئىشلەپچىقىرىش قىسمىغا
ئۆزگەرتىشنى تەستىقلاپ: « ۋەتەننىڭ شەرەپلىك ئىقتىسادىي قۇ ـ
رۇلۇش ۋەزىپىسىنى سىلەرگە يۈكلىدۇق، ۋەتەن سىلەرگە ئېھتى ـ
ياج بولغان چاغدا، مەن سىلەرنىڭ قولۇڭلارغا قايتىدىن قورال
ئېلىپ، ۋەتەننى قوغداشقا بۇيرۇق بېرىمەن » دېدى. ماۋ زېدۇڭ ـ
نىڭ بۇ بۇيرۇقىغا ئاساسەن، ئەينى چاغدا ج ك پ مەركىزىي كو ـ
مىتېتى شىنجاڭ شۆبە بيۇروسىنىڭ 1 ـ شۇجىسى ۋە شىنجاڭ
ھەربىي رايونىنىڭ مۇۋەققەت باش قوماندانى، قوشۇمچە سىياسىي
كومىسسارى ۋاڭ جېن ( ۋە كېيىن ۋاڭ جېننىڭ ۋەزىپىسىنى
ئۆتىگەن ۋاڭ ئېنماۋ ) باشچىلىقىدىكى شىنجاڭ ھەربىي رايونى
ئىشلەپچىقىرىش قىسمىدىكى 105 مىڭ 500 ئادەم 10 يېزا ئى ـ
گىلىك شىسى، بىر بىناكارلىق ـ قۇرۇلۇش شىسى قىلىپ تەش ـ
كىللىنىپ، داغدۇغىلىق، كەڭ كۆلەملىك ئىشلەپچىقىرىش ھەرد ـ
كىتىنى باشلىۋەتتى ھەمدە شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئىشلەپچىقى ـ
رىشنى باشقۇرۇش بۆلۈمىنى قۇرۇپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقى ـ
رىشى ۋە بىناكارلىق قۇرۇلۇشى قىسمىنى بىۋاستە باشقۇردى.

**2. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى مۇنتىزىم دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى قۇرۇش**

1954 ـ يىلى 10 ـ ئايدىن 1957 ـ يىلى 12 ـ ئايغىچە
بولغان مەزگىل بىڭتۇەننىڭ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى مۇنتىزىم
دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى قۇرۇش دەۋرى ھېسابلىنىدۇ. 1954 ـ

يىلى ئارمىيە مەجبۇرىي ھەربىي خىزمەت ئۆتەش تۈزۈمى ۋە ھەربىي ئۇنۋان تۈزۈمىنى يولغا قويۇش ئالدىدا، دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىمۇ پىلانلىق ئېلىپ بېرىلىشقا باشلىغانىدى. بۇ يېڭى ۋەزىيەتتە شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئىشلەپچىقىرىش قىسىملىرىنىڭ كۆڭلىنى توختىتىپ، يىلتىز تارتىش، ئۇزۇن مۇددەت بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ چېگرا رايوننى قوغداش، قىسىمنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىنى دۆلەت پىلانىغا كىرگۈزۈش ۋە شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش قىسىملىرىغا بىرتۇتاش مەركەزلىك رەھبەرلىك قىلىش ئۈچۈن، يېڭى بىر رەھبەرلىك ئاپپاراتى قۇرۇش زۆرۈر ئىدى. 1954 - يىلى 10 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ماۋ زېدۇڭنىڭ يوليورۇقىغا بىنائەن، مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتى جوڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 1 - دالا ئارمىيىسى 1 - بىڭتۇەننىڭ 2 - جۈنى، 6 - جۈننىڭ تۆت شىسى، 5 - جۈنى ( سابىق ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مىللىي ئارمىيىسى )، 22 - بىڭتۇەن ( گېنېرال تاۋ سىيۆ باشچىلىقىدىكى ھەقىقەتكە قايتقان سابىق قىسىم ) نى كوللېكتىپ ھەربىيلىكتىن كەسىپ ئالماشتۇرۇپ، شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى قۇرۇشنى قارار قىلدى. تاۋ سىيۆ بىڭتۇەننىڭ تۇنجى باش قوماندانلىقىنى، مەركىزىي كومىتېت شىنجاڭ بيۇروسىنىڭ بىرىنچى شۇجىسى، شىنجاڭ ھەربىي رايوننىڭ باش قوماندانى، قوشۇمچە سىياسىي كومىسسارى ۋاڭ ئېنماۋ تۇنجى سىياسىي كومىسسارلىقنى ئۈستىگە ئالدى.

بىڭتۇەندە 10 يېزا ئىگىلىك شىسى، بىر بىناكارلىق - قۇرۇلۇش شىسى، بىر ترانسپورت باشقارمىسى، بىر بىناكارلىق - قۇرۇلۇش باشقارمىسى قۇرۇلدى ھەمدە 1 - ئاۋغۇست يېزا ئىگىلىك ئىنىستىتۇتى، كىيىم - كېچەك فابرىكىسى، كۆن - خۇرۇم زاۋۇتى، سەھىيە مەكتىپى، دوختۇرخانا قاتارلىق بىۋاسىتە قاراشلىق كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار بارلىققا كەلدى.

بىڭتۇەن پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە بىرلەشكەن رەھبەرلىك

تۈزۈلمىسىنى يولغا قويۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ھۆكۈ-
مەت، ھەربىي رايوننىڭ بىرتۇتاش رەھبەرلىكىدە، دۆلەت ۋە ئاپ-
تونوم رايوننىڭ قانۇن، قائىدە - نىزاملىرىغا ئاساسلىنىپ، ئۆ-
زىگە قاراشلىق بوز يەر رايونلىرىدا بەلگىلىك باشقۇرۇش فونك-
سىيىسىنى يۈرگۈزدى. بىڭتۈەن خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ
تەشكىلىي تۈزۈلمىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، بىڭتۈەن، شى، تۈەن،
يىڭ، ليەن ئاپپاراتلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تەشكىللىچانلىقنى
كۈچەيتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، بىڭتۈەن بىر ئىقتىسادىي تەش-
كىلات بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىشنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇ-
رۇپ، چېگرا رايوننى قوغداش ۋە يەرلىكنىڭ ئىقتىسادىي تەرەق-
قىياتىنى كۈچلۈك ئاساس بىلەن تەمىنلەش، چېگرا رايوننىڭ
گۈللىنىشى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشنى ئۆزىنىڭ مەركىزىي ۋەزى-
پىسى قىلدى.

بىڭتۈەن قۇرۇلغاندىن كېيىن، تېزدىن زور كۆلەملىك بوز
يەر ئۆزلەشتۈرۈش يېڭى كۈرەش مەيدانىغا ئاتلىنىپ، ھەربىي بوز
يەر ئۆزلەشتۈرۈش جەڭچىلىرى بىر قولىدا مىلتىق تۇتۇپ، بىر
قولىدا ساپان سۆرەپ، بىپايان چۆل - باياۋانلارغا يۈرۈش قىلىپ،
« ھالاكەت دېڭىزى » دەپ ئاتالغان قۇملۇققا جەڭ ئېلان قىلدى.
بىڭتۈەن جەڭچىلىرى دالىدا يېتىپ - قوپۇپ، ئۆستەڭ قېزىپ
سۇ باشلاپ، بوز يەر ئېچىپ، بوستانلىقلارنى، دېھقانچىلىق
مەيدانلىرىنى، سۇ ئامبارلىرىنى، ئورمانلىقلارنى بارلىققا كەل-
تۈردى. چۆل - باياۋاننىڭ ئىچكىرىسىدە، قۇم دېڭىزىنىڭ ياقى-
لىرىدا، ئادەمزات ئايىغى تەگمىگەن جايلاردا كۆپلىگەن ھەربىي
بوز يەر يېڭى شەھەر، بازارلىرى قەد كۆتۈردى. ئازادلىقتىن بۇرۇن
شىنجاڭدا زامانىۋى سانائەت ئاساسەن يوق ئىدى. جەڭچىلەر كى-
يىم - كېچەك ۋە يېمەك - ئىچمىكىنى تېجەپ ( ھەتتا كىيىمىنىڭ
ياقىسى ۋە يانچۇقىغا ئىشلىتىدىغان رەختلەرنى تېجىگەن )، ھەر-
بىي خىراجەت ۋە ياردەم پۇللىرىنى ئىقتىساد قىلىپ ماشىنا سې-
تىۋېلىپ، زاۋۇت ئۆيلىرىنى سېلىپ يول ياسىدى.1957 - يىلىغا

كەلگەندە، 26 كونا دېھقانچىلىق مەيدانىنى ئۆزگەرتىپ، 18 دېھ-
قانچىلىق مەيدانىنى يېڭىدىن قۇرۇپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق
تۈەن - مەيدانلىرىنىڭ ئومۇمىي سانى 59غا يەتتى. شۇ يىلى
بىڭتۈەننىڭ سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممى-
تى 228 مىليون 710 مىڭ يۈەنگە؛ تېرىلغۇ يەر مەيدانى 3 مىلى-
يون 370 مىڭ موغا يېتىپ، 2 مىليون 210 مىڭ مو يەردە تې-
رىقچىلىق قىلغان؛ ئومۇمىي ئاشلىق مەھسۇلاتى 122 مىليون
410 مىڭ جىڭغا؛ پاختا ( ساپ پاختا ) 10 مىليون 850 مىڭ
كىلوگرامغا؛ ياغلىق دان 2 مىليون 96 مىڭ كىلوگرامغا يەت-
كەن؛ يىل ئاخىرىدا قوتاندا 742 مىڭ 535 تۇياق چارۋا ساقلان-
غان؛ قاتناش - ترانسپورت، بىناكارلىق - قۇرۇلۇش، سودا كو-
پېراتىپلىرى، مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە ئىشلىرىدا 28 مىلى-
يون 410 مىڭ يۈەن ئۈنۈم پايدا يارىتىلىپ، بىرىنچى بەش
يىللىق پىلاندىكى ئاساسىي كۆرسەتكۈچلەر ئورۇندالغان.
1958 - يىلى 1 - ئايدىن 1966 - يىلى 5 - ئايغىچە بولغان
دەۋر بىڭتۈەندىكى دۆلەت دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ زور تەرەق-
قىيات دەۋرى ھېسابلىنىدۇ. بۇ مەزگىلدە بىڭتۈەن يېڭى بوز يەر
رايونلىرىنى ئېچىپ، كونا بوز يەر رايونلىرىنى كېڭەيتىپ، سانا-
ئەت، قاتناش - ترانسپورت، بىناكارلىق كەسىپلىرىنى يولغا قو-
يۇپ، سودا، مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە ۋە پەن تەتقىقات ئىش-
لىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، شىخەنزە، كۇيتۇن، ۋۇجياچۈ، ئارال،
بېيتۈن قاتارلىق ھەربىي بوز يەر يېڭى شەھەرلىرىنى قۇردى.
زور تەرەققىيات دەۋرىدە بىڭتۈەننىڭ ئومۇمىي ئاھالىسى
311 مىڭ 500 گە، ئىشچى - خىزمەتچىلىرى 178 مىڭ 700
گە؛ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق تۈەن - مەيدانلىرى تەرەققىي قى-
لىپ 158 گە؛ تېرىلغۇ يەر مەيدانى 12 مىليون 120 مىڭ موغا؛
مۇستەقىل سانائەت،كان كارخانىلىرى 116گە، سانائەت، يېزا ئى-
گىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 977 مىليون يۈەنگە يې-
تىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ 26.3 پىرسەنتىنى؛ ئاشلىق ئومۇمىي

مەھسۇلاتى 720 مىليون كىلوگرامغا يېتىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ
21.8 پىرسەنتىنى؛ ساپ پاختا 24 مىليون 990 مىڭ كىلوگرام-
غا يېتىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ 31 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن.

1960 ـ يىلىدىن 1962 ـ يىلىغىچە پۈتۈن مەملىكەتكە
ئوخشاش بىڭتۇەن ئىقتىسادىدىمۇ ئېغىر قىيىنچىلىق يۈز بەردى،
مەركەز كۆچمە مەبلەغ ئاجرىتىپ بانكىدىكى قەرز پۇلنى كۆتۈرۈ-
ۋەتكەچكە، بىڭتۇەن بۇ قىيىن ئۆتكەلدىن ئۆتۈۋالدى. 1962 ـ
يىلى «ئىلى، چۆچەك ئاھالىسىنىڭ چېگرىدىن قانۇنسىز ئۆ-
تۈش» ۋەقەسى يۈز بەرگەندىن كېيىن، بىڭتۇەن «ئۈچ ۋاكالىد-
تەن» خىزمەت قوشۇننى تەشكىللەپ، چۆچەك، چاغانتوقاي،
قورغاس، دۆربىلجىن ناھىيىلىرىگە ۋاكالىتەن تېرىقچىلىق قى-
لىش، ۋاكالىتەن باشقۇرۇش، ۋاكالىتەن چارۋىچىلىق قىلىش ۋە-
زىپىسىنى ئىجرا قىلىشقا ئەۋەتتى. ئارقىدىنلا چېگرا يېزا ئىگى-
لىك مەيدانلىرى بەلۋېغى شەكىللىنىپ، 32 دېھقانچىلىق، چار-
ۋىچىلىق تۈەن مەيدانى يېڭىدىن قۇرۇلدى. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى
2 مىليون 770 مىڭ موغا، ئومۇمىي ئاھالىسى 147 مىڭغا،
ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرى 67 مىڭغا يېتىپ، چېگرا مۇداپىئەسى-
نى مۇستەھكەملەشتە مۇھىم تۆھپە قوشتى. 1964 ـ يىلىدىن
باشلاپ، نەچچە يۈز مىڭ ھەربىيدىن كەسىپ ئالماشتۇرغان
ئوفىتسېر ـ جەڭچى، شەھەر زىيالىي ياشلىرى بىڭتۇەننىڭ ئىش-
لەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش سېپىگە قېتىلىپ، بىڭتۇەننى يېڭى
كۈچ بىلەن تەمىنلەپ، تەرەققىيات ھاياتىي كۈچىگە ئىگە قىلدى.

**3. بىڭتۇەن ئىشلىرىنىڭ ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىشى ۋە چېكىنىشى**

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، بىڭتۇەننىڭ سانا-
ئەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچ-
رىدى. 1966 ـ يىلىغا سېلىشتۇرغاندا، 1974 ـ يىلى بىڭتۇەندە
770 مىڭ ئاھالە، 120 مىڭ ئىشچى ـ خىزمەتچى كۆپەيگەن بول-
سىمۇ، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 520 مىڭ مو، ئورمان كۆلىمى 180
مىڭ مو، ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتى 195 مىليون جىڭ، ياغ-

لىقدان ئومۇمىي مەھسۇلاتى 4 مىليون 786 مىڭ جىڭ، پاختا 9
مىليون 794 مىڭ 800 كىلوگرام ئازىيىپ، مالىيىدە 196 مىل-
يون يۈەن زىيان كۆرۈلگەن. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى ۋە
مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتى 1975 - يىلى 2 - ئاينىڭ
18 - كۈنىدىن 3 - ئاينىڭ 25 - كۈنىگىچە بېيجىڭدا بېكىتۈەن
تۈزۈلمىسىنى ئۆزگەرتىش يىغىنى ئاچتى. يىغىندىن كېيىن
ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى، مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومى-
تېتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ھەربىي
رايون پارتكومىنىڭ بېكىتۈەننى ئەمەلدىن قالدۇرۇش توغرىسىدىكى
دوكلاتىنى تەستىقلىدى. بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭ ھەربىي رايونى
ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بېكىتۈەنىنىڭ تەشكىلىي تۈزۈلمى-
سى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. بۇنىڭ ئالدى - كەينىدە، يەنى 1974 -
يىلى گۇاڭشى ئىشلەپچىقىرىش شىسى ( گۇاڭشى ھەربىي رايونىغا
قاراشلىق، 1970 - يىلى قۇرۇلغان) ، يۈننەن ئىشلەپچىقىرىش -
قۇرۇلۇش بېكىتۈەنى ( كۈنمىڭ ھەربىي رايونىغا قاراشلىق،
1969 - يىلى قۇرۇلغان ) لار ئارقا - ئارقىدىن ئەمەلدىن قالدۇ-
رۇلدى، 1975 - يىلى يەنە خېيلۇڭجياڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇ-
رۇلۇش بېكىتۈەنى ( شېنياڭ ھەربىي رايونىغا قاراشلىق، 1968 -
يىلى قۇرۇلغان )، ئىچكى موڭغۇل ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش
بېكىتۈەنى ( بېيجىڭ ھەربىي رايونىغا قاراشلىق، 1969 - يىلى
قۇرۇلغان )، شىزاڭ ئىشلەپچىقىرىش شىسى ( شىزاڭ ھەربىي
رايونىغا قاراشلىق، 1969 - يىلى قۇرۇلغان ) قاتارلىقلارمۇ ئە-
مەلدىن قالدۇرۇلدى.

1975 - يىلى 5 - ئاينىڭ 24 - كۈنى، شىنجاڭ ئۇيغۇر
ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بېكىتۈەن ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندىن
كېيىن يېزا ئىگىلىك بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش باش ئىدارىسى قۇ-
رۇشنى قارار قىلدى. 1975 - يىلدىن 1977 - يىلغىچە يېزا
ئىگىلىك بوز يەر ئىگىلىك باشقۇرۇش سەۋىيىسى تۆۋەنلەپ، ما-
لىيىدە جەمئىي 600 مىليون يۈەندىن ئارتۇق زىيان كۆرۈلدى.

1977 - يىلى 12 - ئاينىڭ 12 - كۈنىدىن 1978 - يىلى 1 - ئاينىڭ 20 - كۈنىگىچە، گوۋۇيۈەن بېيجىڭدا مەملىكەتلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرى خىزمىتى يىغىنى ئاچتى، يىغىن خاتىرىسىدە خېيلۇڭجياڭ، شىنجاڭ، گۇاڭدۇڭ، يۈننەندىن ئىبارەت تۆت ئۆلكە، ئاپتونوم رايوندىكى بوز يەر رايونلىرىنى گوۋۇيۈەندىكى باشقۇرغۇچى تارماقلار ۋە ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلار تەڭ رەھبەرلىك قىلىش، ئۆلكە، ئاپتونوم رايون رەھبەرلىكىنى ئاساس قىلىش تۈزۈلمىسىگە ئۆزگەرتىپ، بۇ تۆت بوز يەر رايونىنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلىغى، دۆلەت بىرتۇتاش تەقسىم قىلغان، مىنىستىرلىقلار باشقۇرغان ماددىي ئەشيالار ۋە خىمىيىۋى ئوغۇت، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى، ياغلىق دان قاتارلىقلارنى دۆلەت پىلانىغا كىرگۈزۈپ، گوۋۇيۈەندىكى باشقۇرغۇچى تارماقلارنىڭ بىۋاستە تەمىنلىشىنى تەكلىپ قىلدى. 1978 - يىلى 9 - ئاينىڭ 13 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېتى ئەسلىدە بىڭتۇەنگە قاراشلىق دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق تۈەن - مەيدانلىرى ۋە يەرلىكنىڭ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى يېزا ئىگىلىك بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش باش ئىدارىسىنىڭ بىرتۇتاش باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرىنى تەڭشەش ۋە تولۇقلاشنى ئېنىق بەلگىلىدى. شۇنىڭ بىلەن يېزا ئىگىلىك بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىگىلىكىدە بۇرۇلۇش بارلىققا كەلدى. 1979 - يىلىدىن 1981 - يىلىغىچە، سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن % 11.2 ئاشتى، ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتى 3 مىليارد 128 مىليون كىلوگرامدىن 4 مىليارد 335 مىليون كىلوگرامغا كۆپىيىپ، % 38.6 ئاشتى، پاختا ئومۇمىي مەھسۇلاتى 12 مىڭ 600 توننىدىن 52 مىڭ 500 توننىغا كۆپىيىپ، 3.16 ھەسسە ساپ ئېشىپ، 1967 - يىلىدىن بۇيان زىيان تارتىش ھالىتى ئۆزگەرتىلىپ، 21 مىليون 140 مىڭ يۈەن

پايدا يارىتىلدى.

**4. بىڭتۇەن ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىنكى يېڭى تەرەققىيات**

1981 ـ يىلى، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى ۋاڭ جېن ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ خىزمىتىگە رىياسەتچىلىك قىلىۋاتقان دېڭ شياۋپىڭغا بىڭتۇەننى ئەسلىگە كەلتۈرۈش توغرىسىدا تەكلىپ بەردى. شۇ يىلى 8 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، دېڭ شياۋپىڭ ۋاڭ جېن، ۋاڭ رېنجۇڭلارنىڭ ھەمراھلىقىدا شىنجاڭدا خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ پىكرىنى ئاڭلىدى. شۇ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن، مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتى بىرلىكتە «شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەننى ئەسلىگە كەلتۈرۈش توغرىسىدىكى قارار» نى تارقاتتى ھەمدە ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىنكى بىڭتۇەننى يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىقىنىڭ بىۋاستە باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى.

شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەننىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈشى بىڭتۇەننىڭ يېڭى تارىخىي باسقۇچتىكى يېڭى بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولدى. مەركەزنىڭ غەمخورلۇقىدا بىڭتۇەننىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ۋە تەرەققىياتى زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى. 1991 ـ يىلىغا كەلگەندە، بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىكىدە ئۇدا 10 يىل مول ھوسۇل ئالدى.

بىڭتۇەن ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، تەۋەلىك مۇناسىۋىتى دۆلەت مۇداپىئەسى سېپىدە بولماي، ئۇنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشتىن بۇرۇنقى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى دېگەن نامى شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىگە ئۆزگەرتىلدى. ئىسلاھاتنىڭ داۋاملىق چوڭقۇرلىشىشى، بىڭتۇەن

ئىشلىرىنىڭ زور قەدەمدە ئىلگىرىلىشى ۋە راۋاجلىنىشىغا ئە-
گىشىپ، بىڭتۇەنىنىڭ ئەسلىدىكى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى، ئىگى-
لىك باشقۇرۇش مېخانىزمى يېڭى دەۋردىكى ئىقتىسادىي تەرەققى-
ياتنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشالماي قالدى. دەل مۇشۇ دەۋردە،
خەلقئارا ۋەزىيەتتىمۇ زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىپ، شەرقىي
ياۋروپادا جىددىي ئۆزگىرىش بولدى، سوۋېت ئىتتىپاقى پار-
چىلاندى، مەملىكەت ئىچىدىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ، شىنجاڭدى-
كى مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ مىللەت، دىن مەسىلىسىدىن پايدى-
لىنىپ ئېلىپ بېرىۋاتقان بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرى كۈچەي-
گەنىدى. بۇ يېڭى ۋەزىيەتتە بىڭتۇەنگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈ-
چەيتىپ، بىڭتۇەنىنىڭ خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەپ، ئىش-
لەپچىقىرىش قوشۇنى، خىزمەت قوشۇنى، جەڭگىۋار قوشۇنلۇق
ۋەزىپىسىنى تېخىمۇ ياخشى ئورۇنداش تېخىمۇ مۇھىم ئەھمىيەت-
كە ئىگە ئىدى. 1996 - يىلى بىڭتۇەن پارتكومى پۇرسەتنى چىڭ
تۇتۇپ «ئىككىنچى قېتىم ئىگىلىك تىكلەپ، بىڭتۇەننىڭ پارلاق
كەلگۈسىنى قايتا يارىتايلى» دېگەن چاقىرىقنى ئوتتۇرىغا قويدى.

1996 - يىلى 3 - ئاينىڭ 19 - كۈنى پارتىيە مەركىزىي
كومىتېتى شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنىڭ
شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقىنى قوغداش، چېگرا رايونىنى
گۈللەندۈرۈش ۋە چېگرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداشتىكى ئى-
شەنچلىك مۇھىم كۈچ ئىكەنلىكىنى قايتا تەكىتلىدى ھەمدە
ئۇلار دۇچ كەلگەن بىر قاتار ئەمەلىي مەسىلىلەر ۋە نۇرغۇن قى-
يىنچىلىقلارنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىپ ۋە ھەل قىلىپ، مۇ-
ناسىۋەتنى راۋانلاشتۇرۇپ، قۇرۇلۇشنى كۈچەيتىشنى، ئىچكىرى-
دىكى ئىرادىلىك ياشلارنى بىڭتۇەنگە بېرىپ خىزمەت ئىشلەشكە
داۋاملىق سەپەرۋەر قىلىپ، قوشۇننى زورايتىپ، ئۇلارنىڭ چېگرا
رايونىنى قوغداش ۋە گۈللەندۈرۈش رولىنى تولۇق جارى قىلدۇ-
رۇشنى ئېنىق تەلەپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە بىڭتۇەنىنىڭ
تۈزۈلمىسى، ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتى توغرىسىدىمۇ مۇنداق ئې-

نىق يوليورۇق بەردى:
( 1 ) تۈزۈلمە توغرىسىدا: بىڭتۈەن ئاپتونوم رايونلۇق پارت-
كوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بىرتۇتاش رەھبەرلىكىدە زۆرۈر
بولغان مەمۇرىي باشقۇرۇش فونكسىيىسىنى مۇكەممەللەشتۈرىدۇ.
ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر بىڭتۈەننىڭ قۇرۇلۇشى ۋە خىزمە-
تىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، دېھقان، چارۋىچىلار بىلەن بىڭ-
تۈەن ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن يەر، يايلاق، سۇ ئىنشائاتى ۋە كان
بايلىقى مەنبەسى قاتارلىق جەھەتلەردىكى زىددىيەتلەرنى مۇۋاپىق
بىر تەرەپ قىلىشى لازىم.
( 2 ) ئىسلاھات توغرىسىدا: ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنىڭ تۈپ-
تىن ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، بىڭتۈەننىڭ تۈزۈلمىسى ۋە فۇنك-
سىيىسىنىمۇ مۇناسىپ ھالدا ئۆزگەرتىشكە توغرا كېلىدۇ، بىراق
يەنىلا ئەمگەك بىلەن ھەربىي ئىشلار بىرلەشتۈرۈلىدۇ، بوز يەر
ئۆزلەشتۈرۈش، چېگرا رايوننى قوغداش ۋەزىپىسى ئۆزگەرمەيدۇ.
« ھەربىي ئىشلار» قىسمىغا ھەربىي ئىشلار تارماقلىرىنىڭ تەلە-
پى بويىچە، دۆلەت مۇناسىپ خىراجەت ئاجرىتىدۇ، ئىجتىمائىي
ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىش خىراجىتىدە دۆلەت مۇۋاپىق ئىقتى-
سادىي ياردەم بېرىدۇ.
( 3 ) تەرەققىيات توغرىسىدا: بىڭتۈەننىڭ ئىقتىسادىي،
ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانى دۆلەت پىلانىدا ئايرىم كۆرسىتى-
لىدۇ ھەمدە يەرلىك بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈلۈپ بىر گەۋدە قىلى-
نىدۇ. دۆلەتنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭنى ئېچىش ۋە گۈللەندۈرۈش
پۈرسىتىنى چىڭ تۇتۇپ، بىڭتۈەننى تەرەققىي قىلدۇرۇپ زورايى-
تىش لازىم.
1997 - يىلى 5 - ئاينىڭ 20 - كۈنى، يولداش جياڭ
زېمىن بىڭتۈەن خىزمىتى توغرىسىدا يوليورۇق بېرىپ مۇنداق
دېدى: شىنجاڭدا ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەننى
تەشكىللەپ ۋە ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، بىڭتۈەن خىزمىتىنى
داۋاملىق كۈچەيتىپ، بىڭتۈەننىڭ تەرەققىي قىلىپ زورىيىشى-

نى قوللاش ـــ مەركەزنىڭ دۆلەتنى تۈزەپ ئەلنى تىنچلاندۇرۇش- تىكى ئىستراتېگىيىلىك تەدبىرى، شۇنداقلا دۆلەتنىڭ بىرلىكى- نى قوغداش، چېگرا رايوننى ئېچىش ۋە گۈللەندۈرۈشتىكى مۇ- ھىم تەدبىرى. خەلقئارا ۋە ئىچكى ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئە- گىشىپ، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش، چېگرا رايوننى قوغداش خىز- مىتى تېخىمۇ چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە بولىدۇ.

1997 ـ يىلى 10 ـ ئايدا، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن بىڭتۈەننىڭ ئىچكى ـ تاشقى مۇناسىۋىتىنى يەنىمۇ راۋانلاشتۇرۇپ، بىڭتۈەننىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن مۇنۇلارنى قارار قىلدى: (1)شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى بىڭتۈەنگە بولغان رەھبەر- لىكنى يەنىمۇ كۈچەيتىدۇ. (2) بىڭتۈەن پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە، كارخانا بىرلەشكەن تەشكىلات بولۇپ، ئىچكى قىس- مىدىكى مەمۇرىي، ئەدلىيە ئىشلىرىنى ئۆز ئالدىغا باشقۇرىدۇ. (3) بىڭتۈەن دۆلەتنىڭ پىلانىدا ئايرىم كۆرسىتىلىدۇ. پىلان جەھەتتە، بىڭتۈەننىڭ ئايرىم كۆرسىتىلىش مەزمۇنى ۋە چارىسى- دە پىلانى ئايرىم كۆرسىتىلىدىغان شەھەرلەرنىڭ ئۇسۇلىدىن پاي- دىلىنىلىدۇ؛ مالىيە جەھەتتە، بىڭتۈەن 1 ـ دەرىجىلىك خام چوت ئورنى قىلىنىپ، خام چوت باشقۇرۇش، خىراجەت ئاجرىتىش بىۋاستە بىڭتۈەنگە قارىتىلىدۇ؛ يېزا ئىگىلىك بوز يەر ئۆزلەش- تۈرۈش كەسپى جەھەتتە، يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىقى باشقۇ- رىدۇ. (4) بىڭتۈەن تاشقى جەھەتتە « جۇڭگو شىنجيەن گۇرۇھى شىركىتى » دېگەن نامنى قوللانسا بولىدۇ، دۆلەتنىڭ چوڭ كار- خانا گۇرۇھلىرىنى نۇقتىدا سىناق قىلىش جەھەتتىكى تۈرلۈك سىياسەتلىرىدىن بەھرىمەن بولىدۇ ھەمدە كارخانا تىپىدىكى قا- نۇنىي ئىگە سالاھىيىتىگە ئىگە بولسا بولىدۇ. (5) بىڭتۈەننىڭ كادىرلارنى باشقۇرۇش خىزمىتى يەنىمۇ كۈچەيتىلىدۇ. شىنجاڭ

ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى بىڭتۇەن پارتكو-مىنىڭ بىرىنچى شۇجىلىقىنى، بىڭتۇەننىڭ بىرىنچى سىياسىي كومىسسارلىقىنى قوشۇمچە ئۆتەيدۇ. بىڭتۇەننىڭ باشقا جەھەتتىكى خىزمەتلىرىنىمۇ كونكرېت ئورۇنلاشتۇردى.

1998 - يىلى 7 - ئاينىڭ 9 - كۈنى يولداش جياڭ زېمىن ئۈرۈمچىدە بىڭتۇەننىڭ دوكلاتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، سەمىمىي ۋە چوڭقۇر مەنىلىك قىلىپ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: بىڭتۇەن خىزمىتىنى كۈچەيتىش، بولۇپمۇ ئىسلاھات - ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش يېڭى ۋەزىيەتتە بىڭتۇەننى تەرەققىي قىلدۇرۇپ زورايتىشنى قوللاش مەركەزنىڭ دۆلەتنى تۇزەپ ئەلنى تىنچلاندۇرۇشتىكى كەلگۈسى نۇقتىنى كۆزلەپ ئېلىپ بارغان مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇشى، شۇنداقلا مەركەزنىڭ ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداپ، شىنجاڭنى ئېچىش ۋە گۈللەندۇرۇش قەدىمىنى تېزلىتىش ئۈچۈن قوللانغان مۇھىم تەدبىرى. ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىگە ئوخشاش ھەم بوز يەر ئۆزلەشتۈرىدىغان، ھەم چېگرا رايوننى قوغدايدىغان ئالاھىدە تەشكىلات شەكلى مەملىكىتىمىزنىڭ دۆلەت ئەھۋالى ۋە شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ، ئۇنىڭ رولىنى ھەرقانداق تەشكىلات ئورنىنى ئالمايدۇ. بىڭتۇەننىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش، چېگرا رايوننى قوغداش خىزمىتىنى شىنجاڭنىڭ ئۇزۇن تارىخىي جەريانىدا، خەلقئارا ۋە مەملىكەت ئىچى ۋەزىيىتىنىڭ تەرەققىيات ئۆزگىرىشىگە، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى ۋە تەرەققىياتى خىزمىتى ئومۇملۇقىغا قويۇپ كۆزەتسەك، ئۇنىڭ چوڭقۇر ئەھمىيىتىنى تېخىمۇ روشەن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

## ئۈچىنچى، بىكتۆەننىڭ ئاساسىي ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالى

### 1. ھازىرقى ئىگىلىك باشقۇرۇش ئەھۋالى

50 يىلغا يېقىن تەرەققىي قىلىش ۋە قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق، ھازىر بىكتۆەندە 14 شى ( بۇنىڭ ئىچىدە 13 ى يېزا ئىگىلىك شىسى، بىرى بىناكارلىق ـ قۇرۇلۇش شىسى )، 174 دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق تۇەن ـ مەيدانى، مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان 517 سانائەت، قاتناش، بىناكارلىق، سودا كارخانىسى بار. بىكتۆەننىڭ مۇستەقىل بوز يەر رايونلىرىدا سىستېما بولۇپ شەكىللەنگەن جامائەت خەۋپسىزلىك، تەپتىش، سوت، ئەدلىيە، تۈرمە ئاپپاراتلىرى، قوراللىق ساقچى قىسمى ۋە مۇستەقىل مائارىپ سىستېمىسى، تۇرلۇك ئالىي مەكتەپ، چوڭلار ئالىي مەكتىپى، ئوتتۇرا تېخنىكوم، تېخنىكا مەكتىپى، ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپ، بالىلار باغچىسى، ئىجتىمائىي ئىقتىدارى بىرقەدەر مۇكەممەل بولغان شەھەر ـ بازار، پەن تەتقىقات، سەھىيە ئاپپاراتى قاتارلىقلار بار. چۆل ـ باياۋاندا بەش يېڭى شەھەر ( شىخەنزە، ۋۇجياچۈ، بېيتۈن، تۇمشۇق، ئارال ) ۋە 174 تۇەن ـ مەيدان شتابى بارلىققا كەلدى.

بىكتۆەندە 1658 كەسپىي ئورۇن بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئىككى ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ، ئۈچ چوڭلار ئالىي مەكتىپى، يەتتە ئادەتتىكى ئوتتۇرا تېخنىكوم، 22 چوڭلار ئوتتۇرا تېخنىكومى، 10 تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى، 21 كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ، 293 ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ، 463 باشلانغۇچ مەكتەپ، 664 داۋالاش ئاپپاراتى، 162 پەن تەتقىقات ئاپپاراتى، 20 تەكشۈرۈپ ئۆلچەش، لايىھىلەش ئاپپاراتى، توققۇز مەدەنىيەت ـ سەنئەت ئورنى، 10 پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتى، 15 سۇغۇرتا ئاپپاراتى بار.

2001 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، بىكتۆەننىڭ ئومۇمىي يەر كۆلىمى 7 مىليون 433 مىڭ 290 گېكتار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 1 مىليون 72 مىڭ 760 گېكتارغا،

ئېچىشقا بولىدىغان بوز يەر 1 مىليون 89 مىڭ 560 گېكتارغا، مېۋىلىك باغ كۆلىمى 40 مىڭ 40 گېكتارغا، ئورمان كۆلىمى 388 مىڭ گېكتارغا، يايلاق كۆلىمى 242 مىڭ 680 گېكتارغا، يەر ئۈستى سۇ بايلىقى ( ئىشلىتىلىش مىقدارى ) 10 مىليارد 760 مىليون كۇب مېتىرغا يەتتى.

2001 ـ يىلى بىڭتۈەن جەمئىي 916 مىڭ 250 گېكتار يەرگە تېرىقچىلىق قىلغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 216 مىڭ 600 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائەتلىرى، 54 مىڭ 900 گېكتار يەرگە ياغلىقدان زىرائەتلىرى، 452 مىڭ 600 گېكتار يەرگە پاختا، 27 مىڭ 600 گېكتار يەرگە قىزىلچا تېرىدى. 2001 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، بىڭتۈەننىڭ ئومۇمىي مۈلكى 62 مىليارد 900 مىليون يۈەن، ئومۇمىي قەرز نىسبىتى 49 مىليارد 940 مىليون يۈەن، ئاكتىپ ـ پاسسىپ نىسبىتى % 78.53، ئىگىدار ـ نىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئىتى 12 مىليارد 960 مىليون يۈەن بولدى.

2001 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر شىنجاڭ ئىشلەپچىقى ـ رىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۈەننىڭ خەلق ئىگىلىكى ئاساسلىق كۆرسەتكۈچىنىڭ ئاپتونوم رايوننىڭ ئوخشاش تۈردىكى كۆرسەت ـ كۈچى بىلەن بولغان سېلىشتۇرمىسى: ئومۇمىي ئاھالىسى 2 مىليون 453 مىڭ 600 بولۇپ، ئاپتونوم رايون ئومۇمىي ئاھا ـ لىسىنىڭ 13.1 پىردەنتىنى ( تۆۋەندە بۇنىڭغا ئوخشاش ئېلىنىدى )؛ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 19 مىليارد 634 مىليون يۈەن بولۇپ، 13.2 پىرسەنتىنى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 ـ كە ـ سىپ 6 مىليارد 283 مىليون يۈەن بولۇپ، 21.9 پىرسەنتىنى، 2 ـ كەسىپ 5 مىليارد 993 مىليون يۈەن بولۇپ، 9.4 پىرسەنتى ـ نى، 3 ـ كەسىپ 7 مىليارد 358 مىليون يۈەن بولۇپ، 13.2 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن؛ ئاساسلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات مىقدارى جەھەتتە، ئاشلىق 1 مىليون 173 مىڭ 500 توننىغا يې ـ تىپ، 14.7 پىرسەنتىنى، پاختا 638 مىڭ 900 توننىغا يېتىپ، 40.7 پىرسەنتىنى، ياغلىقدان 117 مىڭ 600 توننىغا يېتىپ،

27.6 پىرسەنتىنى، قىزىلچا 1 مىليون 580 مىڭ 300 تونىنغا يېتىپ، 34.7 پىرسەنتىنى ئېگىلىگەن؛ ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلات مىقدارى جەھەتتە، 120 مىليون 800 مىڭ مېتىر رەخت توقۇلۇپ، 47.6 پىرسەنتىنى؛ 108 مىڭ 200 تونىنا يىپ ئېگىردىلىپ، 35.7 پىرسەنتىنى، ئۇسكۇنىدە چىقىرىلغان قەغەز ۋە كاردون قەغەز 45 مىڭ 800 تونىنغا يېتىپ، 23.7 پىرسەنتىنى، شېكەر 137 مىڭ 400 تونىنغا يېتىپ، 31.8 پىرسەنتىنى، سېمونت 1 مىليون 944 مىڭ 600 تونىنغا يېتىپ، 19.8 پىرسەنتىنى؛ ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 6 مىليارد 346 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 15.6 پىرسەنتىنى؛ تاشقى سودا ئىمپورت - ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسى 654 مىليون دوللارغا يېتىپ، 36.9 پىرسەنتىنى ئېگىلىگەن.

50 يىلغا يېقىن تەرەققىي قىلىش ئارقىلىق، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنىنىڭ پاختا قاتارلىق يېزا ئىگىلىك ۋە يېنىك سانائەت مەھسۇلاتلىرى ئاپتونوم رايون ئىقتىسادىدا مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىدى.

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىك بوز يەر ئۆزلەشتۇرۇش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا يېڭى ھاياتىي كۈچ قوشۇپلا قالماي، بىڭتۈەنىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىدىمۇ سۈپەت ئۆزگىرىشى پەيدا قىلدى، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى ئىلگىرىكى بىكىنمە، نوقۇل دۆلەت ئىلكىدىكى ئىقتىسادتىن تېخىمۇ ئېچىۋېتىلگەن، دۆلەت ئىلكىدىكى ئىقتىساد ئاساس قىلىنغان، كۆپ خىل مۇلۇكچىلىك شەكىللىرى تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان يېڭى قۇرۇلمىغا ئۆزگەردى. 2001 - يىلى بىڭتۈەندىكى كەسپكارلار ئومۇمىي سانىنىڭ 69.1 پىرسەنتىنى دۆلەت كارخانىلىرى، 0.5 پىرسەنتىنى كوللېكتىپ كارخانىلار، 4 .6 پىرسەنتىنى پاي تۈزۈمىدىكى كارخانىلار، 9. 15 پىرسەنتىنى يەككە ئىگىلىكتىكىلەر، 1. 3 پىرسەنتىنى باشقا مۇلۇكچىلىك شەكلىدىكى كارخانىلار ئىگىلىدى. بىڭتۈەندىكى ئەسلىدە

بار بولغان دۆلەت كارخانىلىرى ئاساسىدا شىنتيەن خەلقئارا شىركىتى، ئىلى ئالاھىدە ھارىقى، شىنجاڭ جۇڭجى، شىنجاڭ تيەنيې قاتارلىق بىر تۈركۈم چەكلىك پاي شىركەتلىرى تۈزۈلمىسىنى ئۆزگەرتىپ بازارغا سېلىنىپ، مەملىكەتتىكى بازارغا سېلىنغان شىركەتلىرى ئارىسىدا بەلگىلىك ئورۇننى ئىگىلىدى. ① شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشتا خۇشاللىنارلىق قەدەم تاشلىدى.

يېقىنقى بىرقانچە يىلدىن بۇيان، بىڭتۇەننىڭ تاشقى سودا ئىمپورت ـ ئېكسپورت سوممىسى زور دەرىجىدە ئېشىپ، 1997 ـ يىلى 245 مىليون 610 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىپ، ئۆتكەن يىلدىكىدىن % 22.3 ( تۆۋەندە بۇنىڭغا ئوخشاش ئېلىندى ) ئاشتى؛ 2000 ـ يىلى 752 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، % 84 ئاشتى. بىڭتۇەن كانادا قاتارلىق 66 دۆلەت ۋە رايون بىلەن تاشقى ئىقتىساد ـ سودا ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى ئورناتتى. 1978 ـ يىلدىن 2001 ـ يىلغىچە بىڭتۇەن جەمئىي 131 چەت ئەل مەبلىغى تۈرىنى كىرگۈزدى، بۇنىڭ ئىچىدىكى 92 تۈرىگە چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان بولۇپ، چەت ئەل مەبلىغى كىرگۈزۈش توختامى سوممىسى 233 مىليون 910 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە چەت ئەل سودىگەرلىرى بىۋاستە مەبلەغ سېلىپ ئەمەلىي ئىشلىتىلگەن سومما 29 مىليون 154 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى. بىڭتۇەن 10 غا يېقىن دۆلەت بىلەن ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا چەت ئەللەردە مەبلەغ سېلىش تۈرىنى ئىمزالاپ، قۇرۇلۇش ھۆددە ئېلىش، ئەمگەك كۈچى چىقىرىش توختامى ئىمزالىدى. ئەڭ يىراق جايلاردىن شىمالىي ئا-

---

① «يېڭى جۇڭگونىڭ 50 ـ يىلى شىنجاڭ ــ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى»، جۇڭگو ستاتىستىكا نەشرىياتى، 1999 ـ يىلى 9 ـ ئاي 1 ـ نەشرى؛ 2002 ـ يىللىق «شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەننىڭ ستاتىستىكا يىلنامىسى»، جۇڭگو ستاتىستىكا نەشرىياتى، 2002 ـ يىلى 5 ـ ئاي 1 ـ نەشرى.

مېرىكىدىكى مېكسىكا ۋە ئوتتۇرا جەنۇبىي ئامېرىكىدىكى كۇبا قاتارلىق دۆلەتلەرگىچە مەبلەغ سالدى.

بۈگۈنكى كۈندە، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى قاقاس باياۋاندىن چىقىپ پۈتۈن مەملىكەتكە، دۇنياغا يۈزلىنىپ، تېخىمۇ زور تەرەققىيات ماكانى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، بارلىق كۈچىنى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا مەركەزلەشتۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتى ۋە گۈللىنىشى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ تېگىشلىك تۆھپىسىنى قوشماقتا.

**2. باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنىڭ قانۇن - تۈزۈملىشىش يولىغا ئۆتۈشى**

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش دەۋرىدە، بىڭتۈەنىنىڭ باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى يەنىمۇ راۋانلىشىپ، باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى قانۇن - تۈزۈملىشىش يۆنىلىشىگە قاراپ راۋاجلىنىۋاتىدۇ. بۇ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى.

1990 - يىلى 3 - ئاينىڭ 13 - كۈنى، مەركىزىي ھۆكۈمەت «گوۋۇيۈەنىنىڭ شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنىنىڭ پىلانلىق باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى تەكشۈرۈش ۋە ئالاقىدار مەسىلىلەر توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى» نى رەسمىي تارقىتىپ، «شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنىنىڭ خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانى ساھەلەر بويىچە گوۋۇيۈەندىكى ئالاقىدار تارماقلارنىڭ پىلانىغا كىرگۈزۈلۈپ، ئايرىم كۆرسىتىلىدۇ» دەپ قارار قىلدى. «ئۇقتۇرۇش»تا مۇنۇلار قارار قىلىندى: يەر، يايلاق، سۇ ئىنشائاتى، كان بايلىقى قاتارلىق بايلىقلارنى ئېچىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشتا، «تارىختىقا ھۆرمەت قىلىش، رېئاللىققا يۈزلىنىش، ئىشلەپچىقىرىشقا پايدىلىق بولۇش، كېڭىشىپ ھەل قىلىش» پرىنسىپى بويىچە، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بىڭتۈەنگە ئايرىپ بەرگەن ۋە بىڭتۈەن ئېچىپ پايدىلىنىۋاتقان بايلىقلارنى بىڭتۈەن داۋاملىق ئىشلىتىدۇ ۋە باشقۇرىدۇ. دۆلەت شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىغا

بەرگەن ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىدىن بىگتۇەن ئوخشاشلا
بەھرىمەن بولىدۇ. دەسلەپكى ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، جۇڭ-
گو مەركىزىي ھۆكۇمىتى ئېلان قىلغان قانۇن، نىزام ۋە پەر-
مانلارغا ئاساسەن، گوۋۇيۈەندىكى مىنىستىرلىقلار ۋە ئاپتونوم
رايونلۇق ھۆكۇمەت ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 812 خىل قانۇن -
نىزام ۋە پەرمان ئېلان قىلىپ، بىگتۇەنگە باشقۇرۇش فونكسىيە-
سى ھوقۇقىنى بەردى ۋە ھاۋالە قىلغان؛ بۇنىڭ ئىچىدە 322 خى-
لى ئاپتونوم رايونلۇق يەرلىك قائىدە - نىزام، 362 خىلى ھۆكۇ-
مەت قائىدىسى. بۇ قانۇن - نىزاملار مەركەز بىلەن يەرلىكنىڭ
بىگتۇەنگە بولغان باشقۇرۇش ھوقۇقى دائىرىسىنى راۋانلاشتۇ-
رۇپ، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىگتۇەنى باشقۇرۇش
تۈزۈلمىسىنىڭ ئاساسىي رامكىسىنى بەلگىلەپ، شىنجاڭ ئىش-
لەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىگتۇەنىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەسىدىكى
دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق تۈەن - مەيدانلىرى ۋە سانائەت، كان
كارخانىلىرىغا يۈرگۈزىدىغان بەلگىلىك مەمۇرىي باشقۇرۇش
ھوقۇقىنى قېلىپلاشتۇردى ۋە بېكىتتى. مەسىلەن، 1999 - يى-
لى 7 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى
12 - يىغىنىدا تۈزىتىلگەن، 1999 - يىلى 10 - ئاينىڭ 1 -
كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلغان «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم
رايونىنىڭ ‹جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ يەر باشقۇرۇش
قانۇنى ›نى يولغا قويۇش چارىسى » نىڭ بىرىنچى باب تۆتىنچى
ماددىسىدا بىگتۇەننىڭ ھوقۇقى توغرىسىدا: «شىنجاڭ ئىشلەپچى-
قىرىش - قۇرۇلۇش بىگتۇەنى (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ بىگتۇەن
دەپ ئاتالدى) ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۇمىتىنىڭ بىرتۇتاش
رەھبەرلىكىدە، يەر باشقۇرۇش قانۇنى، نىزامى ۋە مەزكۇر چارى-
گە ئاساسلىنىپ، بىگتۇەننىڭ يەر باشقۇرۇش خىزمىتىنى بېكى-
تىشكە مەسئۇل بولىدۇ؛ يەر باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى كەسپىي
جەھەتتىن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۇمىتىنىڭ يەر مەمۇرى-
يىتىنى باشقۇرۇش تارمىقىنىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىدۇ »

دەپ ئېنىق بەلگىلەنگەن.

1998 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ماقۇللانغان «مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى خەلق سوت مەھكىمىسى ۋە خەلق تەپتىش مەھكىمىسى تەسىس قىلىش توغرىسىدىكى قارارى » بىڭتۇەننىڭ باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنىڭ قانۇن ـ تۈزۈملىشىشكە قاراپ ئىلگىرىلىگەنلىكىنىڭ بەلگىسى. « قارار»دا مۇنداق دەپ بەلگىلەندى: « بىرىنچى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى شۆبە مەھكىمىسى تەسىس قىلىنىپ، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ۋاكالەت ئاپپاراتى قىلىنىدۇ؛ شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىدە بىرقانچە ئوتتۇرا دەرىجىلىك سوت مەھكىمىسى تەسىس قىلىنىدۇ؛ شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەننىڭ تۈەن ـ مەيدانلار بىرقەدەر مەركەزلەشكەن بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونلىرىدا ئاساسىي قاتلام خەلق سوت مەھكىملىرى تەسىس قىلىنىدۇ. ئىككىنچى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىدە تۆۋەندىكى خەلق تەپتىش مەھكىملىرىنى تەسىس قىلىپ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ ۋاكالەت ئاپپاراتى قىلىدۇ: (1)شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى خەلق تەپتىش مەھكىمىسى؛ (2) شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى خەلق تەپتىش مەھكىمىسى شۆبە مەھكىمىسى؛ (3) دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق تۈەن ـ مەيدانلار بىرقەدەر مەركەزلەشكەن بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونلىرىدا ئاساسىي قاتلام خەلق تەپتىش مەھكىمەسى تەسىس قىلىنىدۇ. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى خەلق تەپتىش مەھكىمىسى

شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى خەلق تەپتىش شۆبە مەھكىمىسى ۋە ئاساسىي قاتلام خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىدۇ.»① شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونلىرى بىرقەدەر مەركەزلەشكەن، بەلگىلىك ئۇل مۇئەسسەسەلەر شارائىتىغا ئىگە جايلاردا شەھەر ـ بازار قۇرۇش بىڭتۇەنىنىڭ باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى يەنىمۇ قانۇن ـ تۈزۈملەشتۈرۈشتىكى مۇھىم تەدبىر. 50 ـ يىللاردا قۇرۇلغان شىخەنزە شەھىرىدىن باشقا، گوۋۇيۈەن 1997 ـ يىلى رەسمىي ھۆججەت چۈشۈرۈپ، بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 6 ـ شىسى تۈرۈشلۇق ۋۇجياچۈيدە، بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 3 ـ شىسى تۈرۈشلۇق تۇمشۇقتا، بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 1 ـ شىسى تۈرۈشلۇق ئارالدا، بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 10 ـ شىسى تۈرۈشلۇق بېيتۈندە شىخەنزىنىڭ ئەندىزىسى بويىچە، شەھەر، شى بىرلەشكەن ۋۇجياچۈ شەھىرى، تۇمشۇق شەھىرى، ئارال شەھىرى، بېيتۈن شەھىرى تەسىس قىلىشنى تەستىقلىدى.

شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش، چېگرا رايوننى قوغداشنى ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيىتى قىلغان، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىپ، جۇڭگو مەركىزىي ھۆكۈمىتى(مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى، گوۋۇيۈەن، مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى( ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) بەرگەن ھوقۇقا ئاساسەن، ئۆزلىرى ئېچىپ گۈللەندۈرۈۋاتقان بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونلىرىدا بەلگىلىك مەمۇرىي باشقۇرۇش فۇنكسىيىسىنى يۈرگۈزىدىغان ئالاھىدە ئىجتىمائىي تەشكىلات شەكلى.

① «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئاخباراتى»، 1998 ـ يىلى 6 ـ نومۇرلۇق، 696 ـ بەتكە قارالسۇن.

## تۆتىنچى، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنىڭ جايلىشىشى ۋە تارىخىي بۇرچى

### 1. بىڭتۇەننىڭ جايلىشىش سەۋەبى ۋە ئالاھىدىلىكى

1949 ـ يىلى قىشتا، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى شىنجاڭغا يۈرۈش قىلىپ كىرگەندىن كېيىنكى مۇداپىئە ئورۇنلاشتۇرۇشى ئەمەلىيەتتە كېيىنكى بىڭتۇەننىڭ جايلىشىش قۇرۇلمىسى بولۇپ قالدى . 1954 ـ يىلى 10 ـ ئايدا، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى رەسمىي قۇرۇلۇپ، بىڭتۇەننىڭ جايلىشىشى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتى. تەرەققىيات ئومۇمىيلىقىغا نەزەر سالساق، ئومۇمىي جەھەتتىن ئىككى باسقۇچقا ئايرىشقا بولىدۇ: بىرىنچى باسقۇچ 50 ـ يىللاردىكى يېڭىدىن بارلىققا كەلگەن خەلق ھاكىمىيىتىنى قوغداش، شىنجاڭنى مۇقىملاشتۇرۇش، ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئاساسلىق ئىستراتېگىيىلىك نىشان قىلغان جايلىشىش تەرەققىياتى باسقۇچى.

1949 ـ يىلى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 1 ـ دالا ئارمىيىسى 1 ـ بىڭتۇەنى 2 ـ، 6 ـ جۈنى شىنجاڭغا كىردى. ئەينى چاغدا، شىنجاڭدا ئارقا ـ ئارقىدىن توپىلاڭ يۈز بېرىپ، ئىقتىساد ئارقىدا قالغان بولۇپ، باندىتلارنى تازىلاپ، توپىلاڭنى تىنچىتىش، پارتىيە ـ ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنى قۇرۇش، زور كۆلەملىك ئىشلەپچىقىرىش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇش — بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش، چېگرا رايوننى قوغداشتىكى جىددىي ۋەزىپە بولۇپ قالدى. ئازادلىق ئارمىيە شىنجاڭغا كىرگەن دەسلەپكى مەزگىلدە، شىمالىي ۋە جەنۇبىي شىنجاڭدا، ئاساسلىقى شىمالىي شىنجاڭدا دۈشمەن كۈچلەرنىڭ قوراللىق توپىلاڭلىرى يۈز بېرىپ تۇراتتى. ئازادلىق ئارمىيىنىڭ 2 ـ، 6 ـ جۈنى شىنجاڭغا كىرگەن دەسلەپكى مەزگىلدە، 2 ـ جۈن جەنۇبىي شىنجاڭغا، 6 ـ

جۇن شىمالىي شىنجاڭغا جايلاشقان، جۇن پارتكومى قوشۇمچە جەنۇبىي، شىمالىي شىنجاڭ رايونلۇق پارتكومىنىڭ خىزمىتىنى، 5 - جۇن ئىلى رايونلۇق پارتكومى خىزمىتىنى قوشۇمچە ئۆتەيدتى، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش، چېگرا رايوننى قوغداش ئەسكىرىي كۈچىنى ئورۇنلاشتۇرۇش جەھەتتە جەنۇبىي شىنجاڭدا: يېزا ئىگىلىك 1 - شىسى(ئاقسۇ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونىدا)، يېزا ئىگىلىك 2 - شىسى (كورلا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونىدا)؛ شىمالىي شىنجاڭدا: يېزا ئىگىلىك 4 - شىسى( ئىلى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونىدا)، يېزا ئىگىلىك 6 - شىسى (سانجى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونىدا)، يېزا ئىگىلىك 8 - شىسى (شىخەنزە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونىدا)، ئۈرۈمچى باشقۇرۇش ئىدارىسى (ئۈرۈمچى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونىدا)، قۇمۇل باشقۇرۇش ئىدارىسى (قۇمۇل بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونىدا) ۋە بىناكارلىق - قۇرۇلۇش 1 -، 2 -، 3 - شىلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

شۇڭلاشقا، 50 - يىللاردا بىڭتۇەننىڭ جايلىشىشى ۋە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونلىرىنى پىلانلاشتا، ئاساسلىقى ھەربىي، سىياسىي ئامىللار ئاساس قىلىنىپ قارار قىلىنغان. شىنجاڭغا كىرگەن 2 -، 6 - جۇننىڭ ئاساسلىق كۈچى ئىستراتېگىيىلىك مۇھىم جايلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. يېزا ئىگىلىك 5 - شىسى ( سابىق 16 - شى ) شىنجاڭنىڭ شەرقىي دەرۋازىسى بولغان قۇمۇلغا جايلاشتۇرۇلدى، سۇ كەمچىل، يەرلەر شور، ئىشلەپچىقىرىش شارائىتى ناچار بولسىمۇ، ئۇلار شىنجاڭنىڭ كىرىش دەرۋازىسىنى قوغداپ، شىنجاڭ بىلەن ئىچكى جايلارنىڭ تۇتىشىش يولىنىڭ راۋان بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى. يېزا ئىگىلىك 2 - شىسى ( سابىق 6 - شى ) قارا شەھەرگە جايلاشتۇرۇلدى، بۇ جاي جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭنىڭ تۇتىشىشىدىكى مۇھىم ئۆتكەل بولۇپ، ئىستراتېگىيىلىك ئورنى ئىنتايىن مۇھىم ئىدى. يېزا ئىگىلىك 1 - شىسى ئاقسۇغا جايلاشتۇرۇلدى، بۇ ئاساسلىقى جەنۇبىي شىنجاڭنى مۇقىملاشتۇرۇش ئىستراتېگ-

يىسى جەھەتتىن ئۈيلىشىپ ئورۇنلاشتۇرۇلدى، يېزا ئىگىلىك 6 ـ
شىسى شىنجاڭغا كىرگەندە دىخۇا گارنىزون قىسمى ۋەزىپىسىنى
قوشۇمچە ئۆتىگەندى، كېيىن شى شتابى ۋۇجياچۇگە جايلى-
شىپ، ئۈرۈمچىنى قوغدىدى، يېزا ئىگىلىك 4 ـ شىسى ئىلى
ۋىلايىتىگە جايلاشتۇرۇلدى. يېزا ئىگىلىك 7 ـ، 8 ـ شىلىرىنىڭ
ماناس دەرياسى ۋادىسىغا جايلاشتۇرۇلۇپ، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈ-
شىدىمۇ شىمالىي شىنجاڭدا ئۈرۈمچى ـ غۇلجا لىنىيىسىنى تۇ-
تاشتۇرۇش ئىستراتېگىيىسى كۆزدە تۇتۇلدى. 20 ـ ئەسىرنىڭ
50 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، بىڭتۇەننىڭ جايلىشىشىدا
ئومۇمىي جەھەتتىن تەكلىماكان قۇملۇقى ئەتراپى ۋە جۇڭغار
چۆللۈكى ئەتراپىدىن ئىبارەت ئىككى جەمبىرەك قۇرۇلمىسى
شەكىللەندى. بىراق مۇھىم نۇقتا شىمالىي شىنجاڭدا بولدى.

ئىككىنچى باسقۇچ 20 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىدىكى
سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ زومىگەرلىكىگە قارشى تۇرۇپ، دۆلەتنىڭ
زېمىن پۈتۈنلۈكىنى قوغداش ئاساسلىق ئىستراتېگىيىلىك نىشان
قىلىنغان جايلىشىش تەرەققىياتى باسقۇچى. 1962 ـ يىلى 4 ـ
ئايدا، سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆزىنىڭ شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلى-
رىدا تۇرۇشلۇق كونسۇللىرى ئارقىلىق، چۆچەك، چاغانتوقاي،
قورغاس قاتارلىق توققۇز ناھىيە، بىر شەھەردىكى 60 مىڭدىن
ئارتۇق پۇقرانىڭ چېگرىدىن قانۇنسىز ئۆتۈپ سوۋېت ئىتتىپا-
قىغا قېچىشىغا قۇتراتقۇلۇق قىلدى. چۆچەك شەھىرىدە چېگرى-
دىن قانۇنسىز ئۆتكەن ئاھالىلەر پۈتۈن ناھىيە ئاھالىسىنىڭ 68
پىرسەنتىنى ئىگىلىدى، قورغاسنىڭ چېگرا بويىدىكى ئۈچ گۇڭ-
شېسىدا 16 مىڭ ئاھالە بولۇپ، چېگرىدىن قانۇنسىز ئۆتۈش ۋە-
قەسى يۈز بەرگەندىن كېيىن ئاران 3000دىن ئارتۇقلا ئادەم قال-
غان، بۇنىڭ ئىچىدە ئالغا گۇڭشېسىدا توققۇز ئائىلىلىكلا قال-
غان. بۇ رايونلارنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى ئېغىر بۇز-
غۇنچىلىققا ئۇچراپ، تۈرلۈك ئىشلەپچىقىرىشلار ئېغىر زىيانغا
ئۇچرىدى. 5 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا چۆچەك، قورغاس قاتارلىق

جايلاردىكى پۇقرالارنىڭ چېگرىدىن قانۇنسىز ئۆتۈش ھەرىكىتى ئاساسىي جەھەتتىن كونترول قىلىنغان بولسىمۇ، غۇلجا شەھەرىدىكى ئاممىنىڭ چېگرىدىن قانۇنسىز ئۆتۈش ھەرىكەتلىرى يەنىلا كۈچىيىپ باردى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىدىكى خادىملارنىڭ قۇترىتىشى، پىلانلىشى ئارقىسىدا، جۇڭگو ۋە چەت ئەلنى لەرزىگە سالغان « 29 ـ ماي » غۇلجا مالىمانچىلىق ۋەقەسى ئاخىر يۈز بەردى.

چېگرا ئاھالىلىرىنىڭ چېگرىدىن قانۇنسىز ئۆتۈشىنى تېزدىن توسۇپ، يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان ۋەقەلەرگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى، مەركىزىي كومىتېت غەربىي شىمال بيۇروسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، بىڭتۈەن 1962 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىدىن باشلاپ ئالتە مۇستەقىل يىڭ، جەمئىي 29 دىجورنى خەلق ئەسكەرلىرى لىيەنىنى تەشكىللەپ، جۇڭگو ـ سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرىسىغا مۇداپىئە كۈچلىرىنى ئورۇنلاشتۇردى. بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك 4 ـ شىسىدا ئىككى يىڭ، سەككىز لىيەن بولۇپ، قورغاس ـ موڭغۇلكۈرەدىكى چېگرا لىنىيىسىگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى؛ يېزا ئىگىلىك 5 ـ شىسىنىڭ ئاساسلىق كۈچى قۇمۇلدىن بۆرتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىغا يۆتكەپ كېلىنىپ، جەمئىي بىر يىڭ، ئۈچ لىيەنى بۆرتالا چېگرا لىنىيەسىگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى؛ يېزا ئىگىلىك 7 ـ شىسىدا بىر يىڭ، تۆت لىيەن تارباغاتاي چېگرا لىنىيىسىگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى: يېزا ئىگىلىك 10 ـ شىسى ( 53 ـ يىلى تەشكىللەنگەن، 55 ـ يىلى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان، 58 ـ يىلى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن ) دا بىر يىڭ، ئۈچ لىيەن ئالتاي چېگرىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى؛ يېزا ئىگىلىك 1 ـ شىسىدا بىر يىڭ، ئۈچ لىيەن ئاقسۇ ۋىلايىتى چېگرا لىنىيىسىگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. شۇ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى، بىڭتۈەن شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، جۇڭگو ـ سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرىسىدا چېگرا مۇداپىئەسى

خىزمەت پونكىتلىرىنى قۇرۇشنى قارار قىلدى. 1962 - يىلى 4 - ئايدىن 8 - ئايغىچە، جەمئىي 58 چېگرا مۇداپىئە پونكىتى ھەم بىر تۈركۈم دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرى قۇرۇلۇپ، چېگرا باشقۇرۇش كۈچلىرى كۈچەيتىلىپ، جۇڭگو - سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرىسىدىكى « چېگرا بار، مۇداپىئە يوق » ۋەزىيىتى ئۆزگەرتىلدى. 6 - ئاينىڭ ئاخىرىدا، پۇقرالارنىڭ زور كۆلەمدە چېگرىدىن قانۇنسىز ئۆتۈش ھەرىكىتى ئاساسىي جەھەتتىن توسۇلدى. شۇ يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتى « چەكلەنگەن چېگرا رايوننى باشقۇرۇش بەلگىلىمىسى » نى ئېلان قىلدى. 1963 - يىلى كۈزدىن 1964 - يىلى ئەتىيازغىچە ئىلى ئوبلاستى ئاپتونوم رايوننىڭ ئالاقىدار بۇيرۇق ۋە بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن، چەكلەنگەن چېگرا رايونى، چېگرا باشقۇرۇش ناھىيىسى ۋە باشقۇرۇش رايوننى بەلگىلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئالتاي ۋىلايىتىدىن ئىلى ۋىلايىتىگىچە بولغان جۇڭگو - سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرا لىنىيىسىدىكى بىڭتۇەن تۇەن - مەيدانلىرىنىڭ تارقىلىش بەلۋېغى شەكىللەندى.

شۇنىڭدىن كېيىن، شىمالىي شىنجاڭدا 1969 - يىلى 4 - ئايدا يېزا ئىگىلىك 9 - شىسى ( تارباغاتاي ۋىلايىتىدە )؛ جەنۇبىي شىنجاڭدا 1966 - يىلى يېزا ئىگىلىك 3 - شىسى (قەشقەر ۋىلايىتىدە ) ۋە خوتەن باشقۇرۇش ئىدارىسى قۇرۇلۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ مەركىزىدىكى بىڭتۇەننىڭ جايلىشىشى كۈچەيتىلدى.

50 - يىللاردىن 60 - يىللارغىچە بولغان تارىخىي شارائىتتا شەكىللەنگەن بىڭتۇەننىڭ جايلىشىشىنى « ئىككى چەمبىرەك، بىر لىنىيە » گە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ. « ئىككى چەمبىرەك » شىمالىي شىنجاڭدىكى قۇربانتوڭغۇت قۇملۇقى ئەتراپىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان بىڭتۇەننىڭ تۇەن - مەيدانلىرى ۋە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى تەكلىماكان قۇملۇقى ئەتراپىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان بىڭتۇەننىڭ تۇەن - مەيدانلىرىنى كۆرسىتىدۇ؛ « بىر لىنىيە »

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ زوراۋانلىقىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن 1960 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا تارباغاتاي ـ ئىلى چېگرىسىغا ئو-رۇنلاشتۇرۇلغان بىڭتۇەننىڭ تۇەن ـ مەيدانلىرىنى كۆرسىتىدۇ. بىڭتۇەننىڭ تۇەن ـ مەيدانلىرىنىڭ جايلىشىش ھالىتى شىنجاڭ-نىڭ مۇقىملىقى ۋە دۆلەت مۇداپىئەسىنى قوغداشتا غايەت زور رول ئوينىدى، قۇربانتوڭغۇت قۇملۇقى ۋە تەكلىماكان قۇملۇقى ئەتراپىدا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈلۈپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تە-رەققىياتى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرۈلدى.

70 ـ يىللارغا قەدەم قويغاندىن كېيىن، « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » سەۋەبىدىن، شىنجاڭنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرى بۇز-غۇنچىلىققا ئۇچرىدى، بىڭتۇەنمۇ بىر مەزگىل ئەمەلدىن قالدۇ-رۇلدى، چېگرىدىكى تۇەن ـ مەيدانلار ساقلاپ قېلىنغان بولسى-مۇ، كۈچەيتىلمىدى ۋە تەرەققىي قىلالمىدى. 80 ـ يىللاردىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ تۈرلۈك قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، بىڭتۇەن ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن غايەت زور ئىلگىرىلەشلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. بىراق شۇنى ئې-تىراپ قىلىش كېرەككى، يېقىنقى 20 يىلدىن بۇيان، بىڭتۇەننىڭ جايلىشىشىدا شەكىللەنگەن « ئىككى چەمبىرەك، بىر لىنىيە » ئىستراتېگىيە جەھەتتىن بىڭتۇەن كۈچىنىڭ ئورۇنلىشىشىدا «شىمالغا ئەھمىيەت بېرىش، جەنۇبقا سەل قاراش »نى كەلتۈرۈپ چىقاردى، ئۇنىڭ ئۈستىگە تەكلىماكان « چەمبىرىكى » تولۇق سىزىلمىغان بولۇپ، چېگرا لىنىيىسىمۇ ئىلى ۋىلايىتىنىڭ موڭغۇلكۈرە ناھىيىسىگە كېلىپ توختاپ قالدى، قىزىلسۇ ئوبلاستى، قەشقەر ۋىلايىتىدىكى چېگرا ئەتراپلىرىدىمۇ بىڭتۇەن-نىڭ تۇەن ـ مەيدانلىرى يوق. ھازىر بىڭتۇەندىكى 2 مىليون 400 مىڭدىن ئارتۇق ئىشچى ـ خىزمەتچىنىڭ 1 مىليون 800 مى-ڭى شىمالىي شىنجاڭدا، بۇنىڭ ئىچىدە ئىلى دەريا ۋادىسى ئەترا-پىدا 200 مىڭدىن ئارتۇقراق بار. جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا ئاران 600 مىڭدىن ئارتۇق ئىشچى ـ خىزمەتچى بار بولۇپ، ئايرىم ـ

ئايرىم هالدا يېزا ئىگىلىك 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ شىسى ۋە خوتەن باشقۇرۇش ئىدارىسىگە تەۋە، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاساسلىقى تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ شىمالىي ياقىسىدىكى ئاقسۇ، قاراشەھەر، كورلا ئەتراپلىرىغا تارقالغان بولۇپ، قەشقەر، خوتەن ۋىلايەتلىرىدىكى كۆچى خېلىلا ئاجىز، بولۇپمۇ خوتەن ۋىلايىتىدە ئەڭ ئاجىز.

## 2. يېڭى ئەسردە بىڭتۇەننىڭ ئۈستىگە ئالغان تارىخىي بۇرچى

ئەسىر ئالمىشىش دەۋرىدە، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى تۆۋەندىكى تۆت مەجبۇرىيەتنى ئۈستىگە ئالغان:

بىرىنچى، بىڭتۇەن جۇڭگو هۆكۈمىتىنىڭ دۆلەتنى تۈزەپ، ئەلنى تىنچلاندۇرۇشتىكى مۇھىم تەدبىرى، دۆلەتنىڭ ئۇزاققىچە ئەمىن تېپىشى ۋە شىنجاڭنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتىنى نەزەردە تۇتۇش بىڭتۇەننىڭ تارىخىي بۇرچى؛ ئىككىنچى، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش، چېگرا رايوننى قوغداش پارتىيە ۋە دۆلەت بىڭتۇەنگە يۈكلىگەن مۇقەددەس بۇرچ، « پارتىيە، هۆكۈمەت، ئارمىيە، كارخانا بىرلىشىش» شەكلى ئارقىلىق، « ئىشلەپچىقىرىش قوشۇنى »، « خىزمەت قوشۇنى »، « جەڭگىۋار قوشۇن » بولۇشتەك ئۈچ چوڭ ئىستراتېگىيىلىك ۋەزىپىنى بىۋاسىتە ئۈستىگە ئېلىپ، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش، چېگرا رايون قوغداش بۇرچىنى زىممىسىگە ئېلىپ، دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكى، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە چېگرا رايوننى گۈللەندۈرۈش ئۇلۇغ ئىشلىرىغا بىۋاسىتە خىزمەت قىلىدۇ؛ ئۈچىنچى، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش بىڭتۇەننىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش، چېگرا رايوننى قوغداش ئىشلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ زورىيىشىنىڭ، شۇنداقلا بىڭتۇەننىڭ « ئۈچ قوشۇن » لۇق ۋەزىپىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك هالدا ئىجرا قىلىپ، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش، چېگرا رايوننى قوغداش بۇرچىنى ياخشى ئادا قىلىشنىڭ ئاساسى؛ تۆتىنچى، مۇقىملىقنى قوغداش ۋە چېگرا مۇداپىئەنى مۇستەھكەملەش بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش، چېگرا رايوننى قوغداش بۇرچىنى ئادا قىلىشتىكى مۇھىم مەزمۇنلارنىڭ بىرى، بىڭتۇەننىڭ « جەڭگىۋار قوشۇن » لۇق

رولى ئاساسلىقى تاشقى جەھەتتە چېگرا مۇداپىئەنى مۇستەھكەملەش، چېگرا رايوننى قوغداش، ئىچكى جەھەتتە مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش، چېگرا رايوننى مۇقىملاشتۇرۇشتا ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن، دېڭ شياۋپىڭ 1981 - يىلى بىڭتۇەن «شىنجاڭ مۇقىملىقىنىڭ يادروسى» دەپ ئېيتقانىدى.

شۇڭا، بىڭتۇەننىڭ جايلىشىشىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئاساسىي تەپەككۇرى شىمالغا كاپالەتلىك قىلىپ، جەنۇبنى كۈچەيتىش، يەنى شىمالىي شىنجاڭ رايونلىرىدىكى بىڭتۇەننىڭ ئۈستۈنلۈكىنى كۈچەيتىش، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلىرىدىكى بىڭتۇەننىڭ كۈچىنى زور دەرىجىدە راۋاجلاندۇرۇشتىن ئىبارەت. مۇشۇنداق قىلغاندىلا، رىقابەتكە يۈزلىنىپ، تارىخ بىڭتۇەنگە يۈكلىگەن تارىخىي بۇرچنى ئورۇندىغىلى بولىدۇ.

شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى مەملىكىتىمىزدىكى بىردىنبىر بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش، چېگرا رايوننى قوغداش كۈچى، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىدىكى مۇھىم كۈچ، شۇنداقلا شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى ۋە چېگرا رايوننىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداشتىكى مۇھىم كۈچ. نۆۋەتتە، مەيلى غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش بولسۇن ياكى شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى بولسۇن، مۇشۇنداق بىر تەشكىللىك ئىشلەپچىقىرىش، قۇرۇلۇش قوشۇنىغا ئېھتىياجلىق؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە نۆۋەتتە مىللىي بۆلگۈنچىلەر ئىچكى - تاشقى جەھەتتىن تىل بىرىكتۈرۈپ، شىنجاڭدا « شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى » قۇرۇشقا ئۇرۇنۇپ، دۆلىتىمىزنى پارچىلىماقچى بولۇۋاتقان مۇرەككەپ ۋەزىيەتتە، شىنجاڭمۇ مۇقىملىق ۋە چېگرا مۇداپىئەسىنى قوغدايدىغان تەشكىللىك قوشۇنغا موھتاج، بىڭتۇەننىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە تەرەققىياتى شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى ۋە تەرەققىياتىدا مۇھىم رول ئوينايدۇ، بىڭتۇەننى كۈچەيتىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش شىنجاڭنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجى.

# توققۇزىنچى باب  يېڭى جۇڭگو دەۋرىدىكى بۆلگۈنچىلىك ۋە بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەش

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، مەملىكىتىمىز مىللىي
تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يادرو قىلىپ، مىللەتلەر باراۋەر-
لىكى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىن ئىبارەت تۈرلۈك مىللىي سى-
ياسەتلەردە چىڭ تۇرۇپ كەلدى، بۇ ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ چىن
كۆڭلىدىن ھىمايىسىگە ئېرىشتى، مىللەتلەر خىزمىتىدىمۇ مۇ-
ناسىپ ھالدا غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلدى،
شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ھەقىقىي ئازادلىققا ئېرىشىپ،
قەد كۆتۈرۈپ خوجايىنغا ئايلاندى. ئىچكىرىدىكى خەنزۇ يولداشلار
شىنجاڭغا كېلىپ، شىنجاڭنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، قۇرۇلۇش
ئىشلىرىغا ياردەم بەردى، ھەر مىللەت خەلقى ئىناق ئۆتۈپ، بىردەك
ئىتتىپاقلىشىپ، ئۈزلۈكسىز تۈردە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش
ئىشلىرىنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنى ياراتتى. لېكىن مىللەتلەر ئىتتى-
پاق ئۆتۈشتەك ئاساسىي ئېقىم بىلەن بىرلىكتە كونا جۇڭگودىن
داۋاملىشىپ كەلگەن بۆلگۈنچىلىك يوشۇرۇن ئېقىمى تەڭ مەۋجۇت
بولۇپ كەلدى، «خەنزۇلارنى قوغلاپ چىقىرىش»، «شەرقىي تۈر-
كىستان جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇش بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسىدە بول-
غانلار نىيىتىدىن يانمىدى. تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، 20 –
ئەسىرنىڭ 50 – ، 60 – يىللىرى يوشۇرۇنغان بۆلگۈنچى كۈچلەر-
نى ئىككىگە بۆلۈشكە بولىدۇ، بىرسى، غۇلجىدىكى «شەرقىي تۈر-
كىستان جۇمھۇرىيىتى» بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتىنىڭ داۋامى؛ يەنە
بىرى، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇم-
ھۇرىيىتى»نىڭ جان تالىشىۋاتقان بۆلگۈنچى قالدۇق كۈچلىرى.

بىزنىڭ تارىخىي «كونا ھېساباتلار»نى ۋاراقلىغۇمىز يوق، لېكىن كونا جۇڭگودىن قېلىپ قالغان بۆلگۈنچىلىك خەۋپى ھەقىقەتەن يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ 20 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىدىن بۇيان، شىنجاڭدا بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىنىڭ تەكرار كۆرۈلۈشى، بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشنىڭ تىنچىماسلىقىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى بولۇپ قالدى؛ جاھىل بۆلگۈنچى كۈچلەر ھەر ۋاقىت يېڭىدىن بارلىققا كەلگەن خەلق ھاكىمىيىتىمىزگە قوراللىق يوپۇرۇشۇپ كەلمەكچى بولدى، شۇڭا، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، شىنجاڭدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى، ماھىيەتتە كونا جۇڭگودىن قېلىپ قالغان بۆلگۈنچى كۈچلەر بىلەن بولغان كۈرەشنىڭ داۋامى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## بىرىنچى، يېڭى ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەش يولىدا ئېلىپ بېرىلغان كۈرەشلەر

گەپنى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدىن باشلىساق، گەرچە 1946 ـ يىلىدىن كېيىن ئەخمەتجان قاتارلىقلار رەھبەرلىك ھوقۇقىنى قولىغا ئېلىپ، ئايرىلىپ چىقىپ مۇستەقىل بولۇشتەك بەزى خاتالىقلارنى تەدرىجىي تۈزەتكەن بولسىمۇ، لېكىن گومىنداڭ، خەنزۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان «مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى» ئېلىپ بېرىش شوئارىنى توۋلاش ۋە «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى»نىڭ بايرىقىنى كۆتۈرۈش يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغۇچە داۋاملىشىپ كەلدى. شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن، «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇش، «مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدىكى مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى» قاتارلىق سىياسىي ـ ئىدىيۋى ئېقىمنىڭ تەسىرى شىنجاڭنىڭ قىسمەن جايلىرىدىكى قىسمەن ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسىنىڭ ئارىسىدا تامامەن يوقالمىدى. 1949 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈ-

نى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي تەشكىلاتى «شىنجاڭ تىنچلىقىنى
قوغداش خەلقچىل ئىتتىپاقى» مەركىزىي كومىتېتى ئۈچ ۋىلايەت
ئىنقىلابىنىڭ بەش يىللىقىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن بەش تۈر-
لۈك شوئارنى ئېلان قىلدى. بۇنىڭ ئىككىنچى شوئارى «مىللىي
بۆلگۈنچىلىك ۋە مىللەتچىلىك ئۇرۇقىنى چاچقۇچى بۇزۇقلارغا
قەتئىي زەربە بېرەيلى!»، تۆتىنچى شوئارى «خەلق مەنپەئىتىنى
قۇربان قىلىپ جاھانگىرلىك، مۇستەملىكىچىلەر ئۈچۈن كەتمەن
چاپىدىغان پانتۈركىزمغا قەتئىي قارشى تۇرايلى!» ئىدى. بۇ شو-
ئارلار بىر تەرەپتىن «شىنجاڭ تىنچلىقىنى قوغداش خەلقچىل
ئىتتىپاقى»نىڭ بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش مەيدانىنى ئەكس
ئەتتۈرۈپ بەرسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ
ئىچكى قىسمىدا بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىۋى ئېقىمىغا قارشى تۇرۇش-
نىڭ زۆرۈرلۈكى ۋە تەخىرسىزلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى.

### 1. ئىنقىلابىي قوشۇننىڭ ئىچكى قىسمىدىكى توپىلاڭلارنى تىنچىتىش

شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغان دەسلەپكى ۋاقىتلاردا،
غۇلجىدىكى ناھايىتى ئاز ساندىكى بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار بۆلگۈن-
چىلىك تەشكىلاتى قۇرۇشقا تۇتۇش قىلىپ، يېڭى قۇرۇلغان خەلق
ھۆكۈمىتىمىز بىلەن قارشىلاشماقچى بولدى. بۆلگۈنچى ئۇنسۇر
ئابدۇللا داموللا غۇلجىدا مەخپىي «پانتۈركىزم ئىسلام پارتىيە-
سى»نى قۇردى ھەمدە ئۇرۇمچى، قەشقەر، ئالتايلارغا ئادەم ئەۋەتىپ
تارماق ئاپپاراتلىرىنى قۇردى. «پانتۈركىزم ئىسلام پارتىيىسى»
ئىلى گۇرۇپپىسىنىڭ مەسئۇلى شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق خەلق ئازاد-
لىق ئارمىيىسى 5 - ئارمىيىسىنىڭ ئىلى شەھەر مۇداپىئەسى
يىغىنىنىڭ پەيجاڭى راخمانوف ئىدى. بۇ تەشكىلات قىسمىدىكى
مىللىي جەڭچىلەرنىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشىدىن پايدى-
لىنىپ، «پانئىسلامىزم»، «پانتۈركىزم» ئىدىيىسىنى ھەدەپ تەش-
ۋىق قىلدى. 1950 - يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغىچە، «پانتۈر-
كىزم ئىسلام پارتىيىسى»نىڭ ئىلى گۇرۇپپىسى شۇ جايدا سەك-
كىز كىچىك گۇرۇپپا قۇرۇپ، 1500دەك ئادەمنى توپلىدى. راخما-

نوف قىسمەن قوراللىق كۈچلەرگە ئىگە بولۇشىدىن پايدىلىنىپ، پائال تۈردە توپىلاڭ كۆتۈرۈشنى پىلانلىدى. 1950 ـ يىلى 4 ـ ، 5 ـ ئايلاردا، غۇلجا شەھىرى ئىچىدە كۆپ قېتىم سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تۈرۈش، كومپارتىيىگە قارشى تۈرۈش، مۇستەقىللىققا قۇتراتقۇلۇق قىلىش ھەققىدىكى ئىخۋالار، لوزۇنكىلار ۋە تەشۋىقات ۋەرەقىلىرى بارلىققا كەلدى. 7 ـ ئاينىڭ باشلىرى، يەنە يۇقىرى قاتلامدىكى فېئودال دىنىي ئۇنسۇرلار ۋە بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلارنىڭ ئاممىنى قۇترىتىپ، روزا ھېيتتا (7 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى) كوچىغا چىقىپ نامايىش قىلىپ كۈچ كۆرسەتمەكچى بولۇۋاتقانلىقى سېزىلدى. بۇ ۋاقىتتا سېزىلگەچكە تارمار قىلىندى.

«پانتۈركىزم ئىسلام پارتىيىسى»نىڭ ئىلى گۇرۇپپىسى يوشۇرۇن ھالدا يەنە داۋاملىق ئىسيان كۆتۈرۈشكە تەييارلىق كۆردى، ئۇلار 7 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى شەھەر مۇداپىئەسى يىغىندىكى يۈزدىن ئارتۇق قوراللىق كۈچنى تارتىپ چىقىپ، ئىسيان كۆتۈرمەكچى بولدى. شۇ جايدا تۈرۈشلۇق ئارمىيە بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، مۇداپىئە قىسىملىرىنى ئالماشتۇرۇش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، تېزدىن ئىسيان كۆتۈرمەكچى بولغان قوشۇننىڭ قوراللىرىنى يىغىۋېلىپ، ئۇلارنىڭ توپىلاڭ كۆتۈرۈش پىلانىنى بىتچىت قىلدى ھەمدە بۆلگۈنچى تەشكىلاتنىڭ تايانچ ئۇنسۇرلىرىدىن باقىيوف قاتارلىق سەككىز ئادەمنى قولغا ئالدى. راخمانوف يوشۇرۇنۇۋالدى. 8 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى، راخمانوف قىشلاقتام كەنتىدىكى يەر ئاستى ئۆيىدە قولغا چۈشتى، نەق مەيداندا بىر دانە مىلتىق قولغا چۈشۈرۈلدى ھەمدە ئۇنىڭ ئۆيىدىن 73 دانە مىلتىق، ئالتە دانە پىلىموت، 91 دانە قىلىچ ۋە بۆلگۈنچى تەشكىلاتقا قاتنىشىش قەسەمنامىسى، ئىلتىماسى، كىنىشكىسى قاتارلىق بىر تۈركۈم جىنايى پاكىتلار تېپىلدى. راخمانوفقا ئەگىشىپ توپىلاڭ كۆتۈرگەن 349 ئادەمدىن توپىلاڭنى تىنچىتىش جەريانىدا 114 ئادەم قولغا ئېلىندى، 54 ئادەم قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىندى.

راخمانوف توپىلىڭى تىنچىتىلغاندىن كېيىن، ئىنقىلابىي قوشۇن ئىچىگە يوشۇرۇنۇۋالغان بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار مۇشۇنى با-
هانە قىلىپ ئىغۋا تارقاتتى ۋە قۇتراتقۇلۇق قىلدى، 5 - ئارمى-
يىنىڭ موڭغۇلكۈرەدە تۇرۇشلۇق قىسمىدا مۇقىمسىزلىق ھالىتى بارلىققا كەلدى. 8 - ئاينىڭ 18 - كۈنى، ئارمىيىدە تۇرۇشلۇق خادىم ئىدرىس نۇرباس رايون، يېزا باشلىقلىرى ۋە 5 - ئارمىيە-
نىڭ موڭغۇلكۈرەدە تۇرۇشلۇق قىسمىدىكى قىسمەن ئاز سانلىق مىللەت ئاساسىي قاتلام ئوفىتسېر - جەڭچىلىرىدىن تەركىب تاپقان 36 كىشىنى باشلاپ توپىلاڭ كۆتۈردى. ئۇلار شاد كەنتىدە ئاممىنى مەجبۇرىي يىغىپ ئېچىپ، قۇتراتقۇلۇق قىلىپ: «ئامېرىكا سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئاتوم بومبىسى تاشلىدى، بىز ئا-
مېرىكىنىڭ ياردىمى بىلەن ئىسلام ھۆكۈمىتى قۇرىمىز» دېدى ھەمدە شۇ مەيداننىڭ ئۆزىدىلا 200دىن ئارتۇق ئادەمنى ئۆزىنىڭ بۆلگۈنچى تەشكىلاتى «ئىسلام ھۆكۈمىتىنىڭ سادىق ئارمىيىد-
سى»گە قاتنىشىشقا مەجبۇرلىدى. 8 - ئاينىڭ 19 - كۈنى، تو-
پىلاڭچى ئۇنسۇرلار شاد رايونىدا تۇرۇشلۇق ئارمىيىگە ھۇجۇم قوزغىدى ۋە ھەربىي رايون كوپېراتىپىغا ئوت قويىۋەتتى، شۇنداقلا موڭغۇلكۈرە، تېكەس ۋە غۇلجىغا ھۇجۇم قىلماقچى بول-
دى. توپىلاڭنى تىنچىتىش قوشۇنى ۋاقتىدا يېتىپ كېلىپ، ئۇلارنىڭ ئاساسىي كۈچىنى ئېغىر پالاكەتكە ئۇچراتتى، قالدۇق دۈشمەنلەر قېچىپ كەتتى، كېيىن ئۇلار كەينى - كەينىدىن قول-
غا چۈشۈرۈلدى، ئاساسلىق پىلانلىغۇچىسى بولغان ئىدرىس نۇر-
باس 12 - ئاينىڭ 26 - كۈنى قولغا ئېلىندى. توپىلاڭنى تىن-
چىتىش جەريانىدا 47 ئادەم قولغا ئېلىندى، 29 ئادەم قانۇن بو-
يىچە بىر تەرەپ قىلىندى.

موڭغۇلكۈرە ناھىيىسىگە قوشنا بولغان توققۇزتارا ناھىيى-
سىدىكى دۈشمەن كۈچلەرمۇ بۆلگۈنچىلىك توپىلىڭى كۆتۈرۈشكە تەييارلىق كۆردى. 1949 - يىلى ئازادلىق ھارپىسىدا، غېنى قا-
تارلىقلار ئىلى ۋىلايىتىدە 43 كىشىنى توپلاپ يىغىن ئېچىپ،

بۆلگۈنچىلىك قىلىش، كومپارتىيىگە ۋە ئازادلىق ئارمىيىگە قارشى چىقىشنى مەخپىي پىلانلىدى. توققۇزتارا ناھىيىسىدىكى جانپولات قاتارلىق ئادەملەر غېنىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، بۆلگۈنچى تەشكىلات قۇرۇشقا تېزدىن تۇتۇش قىلدى، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ 193 ئادەمنى ئەزالىققا قوبۇل قىلدى، مالىك ھاجى بۇ تەشكىلاتنىڭ 4 ـ گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى. 1951 ـ يىلى 5 ـ ئايدا، غېنى، جانپولات قاتارلىقلار ئىلگىرى ـ كېيىن قولغا چۈشۈرۈلدى، بۇ بۆلگۈنچى تەشكىلاتنىڭ ھەرىكەتلىرى بىر مەھەل تىنچىدى.

لېكىن، دىنىي تونغا ئورىنىۋالغان ئايرىم بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار قانۇنلۇق سالاھىيىتىدىن پايدىلىنىپ، يوشۇرۇن ھالدا يەنىلا بۆلگۈنچىلىك تەشۋىقاتى ۋە تەشكىلىي ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ باردى. توققۇزتارا ناھىيىسىدىكى دىنىي كەسپدار قادىر موللا قاتارلىقلار تەپسىر ئېيتىش نامى بىلەن دىندىن پايدىلىنىپ ئاممىنى قۇتراتتى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، پائال تىل بىرىكتۈرۈپ، كۆپ قېتىم يىغىن ئېچىپ، ئات ـ ئۇلاغ، قورال توپلاپ بۆلگۈنچىلىك توپىلىڭى كۆتۈرۈشكە يوشۇرۇن تەشكىلاتچىلىق قىلدى. 1951 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى، مالىك ھاجى ئۆزىنى توپىلاڭچىلارنىڭ «باش قوماندانى» قىلىپ تەيىنلەپ، 110 باندىتنى توپلاپ، 200دىن ئارتۇق ئاممىنى مەجبۇرلاپ توپىلاڭ كۆتۈردى. شۇ جايدا تۇرۇشلۇق ئارمىيە يەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى تارماقلىرى ۋە ئاممىنىڭ ياردىمى ئاستىدا شىددەتلىك بىلەن ھۇجۇمغا ئاتلىنىپ، توپىلاڭنى تېزدىن تىنچىتتى، قالدۇق دۈشمەنلەر جەنۇبىي شىنجاڭغا قاچماقچى بولغاندا يول ئۈستىدە يەنە بىر قېتىم تارمار قىلىندى. 1952 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى، مالىك ھاجى قاتارلىق 18 ئادەم باي ناھىيىسى تەۋەسىدە قولغا چۈشۈرۈلدى، بۇنىڭ بىلەن بۇ توپىلاڭ پۈتۈنلەي تىنچىتىلدى. توپىلاڭنى تىنچىتىش جەريانىدا 143 باندىت قولغا ئېلىندى، 98 ئادەم قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىندى.

بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلارنىڭ بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىگە قاي-
تۇرما زەربە بېرىش ئۈچۈن، 1950 - يىلى 10 - ئاينىڭ 19 -
كۈنى، ئىلى ھۆكۈمىتى ھەر مىللەت ئاممىسىدىن تەركىب تاپقان
15 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى تەشكىللەپ، «ئەكسىيەتچىلەر ئۈستى-
دىن شىكايەت قىلىش يىغىنى» چاقىردى، يىغىنغا شىنجاڭ ئۆل-
كىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىلى ۋە ئىلى رايونلۇق پارتكوم،
خەلق ھۆكۈمىتى، شۇنداقلا 5 - ئارمىيىنىڭ ئاساسلىق رەھبەر-
لىرى قاتناشتى. يىغىندا «پانتۈركىزم ئىسلام پارتىيىسى» پىلانلاپ
قوزغىغان راخمانوف توپىلىڭى ئۈستىدىن غەزەپلىك شىكايەت
قىلىندى؛ «پانتۈركىزم» ئۇنسۇرلىرىنىڭ بۆلگۈنچىلىك، بۇزغۇن-
چىلىق قىلىش ھەرىكەتلىرىگە قەتئىي قارشى تۇرۇپ، خەلق دې-
موكراتىيىسى دىكتاتورىلىقىدىكى ھاكىمىيەتنى، خەلق ئىنقىلا-
بىنىڭ نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش قارار قىلىندى. 1951 -
يىلى 3 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، «شىنجاڭ تىنچلىقنى قوغداش
خەلقچىل ئىتتىپاقى» ئىجرائىيە كومىتېتى باش شتابى «‹ پان-
تۈركىزم› ئۇنسۇرلىرىنى قەتئىي تۈردە شىنجاڭ تىنچلىقنى
قوغداش خەلقچىل ئىتتىپاقىدىن تازىلاپ چىقىرايلى» دېگەن تې-
مىدىكى مەخسۇس ماقالىنى ئاشكارا ئېلان قىلىپ، ئىدىيە ۋە ئى-
دېئولوگىيە جەھەتتە «پانئىسلامىزم»، «پانتۈركىزم» ۋە بۆلگۈن-
چىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى قانات يايدۇرۇش مۇھىم
ئىشلار كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈلدى.

**2. غۇلجا سۆھبەت يىغىندا ئوتتۇرىغا قويۇلغان خاتا تەشەببۇسلار**

1951 - يىلى 3 - ئاينىڭ 4 - كۈنى، شىنجاڭدىكى 50
نەچچە ئاز سانلىق مىللەت كادىرى غۇلجىدا سۆھبەت يىغىنى ئې-
چىپ، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ « مىللىي تېررىتورىيە-
لىك ئاپتونومىيىنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش نىزامى
‹لايىھە›»نى ۋە ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى غەربىي شىمال بيۇ-
روسى مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ « پىكىر ئېلىش، تەك-
شۈرۈش پروگراممىسى»نى مۇزاكىرە قىلدى، يىغىنغا قاتناش-

قانلار شىنجاڭدا كەلگۈسىدە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومى-
يىنى قانداق يولغا قويۇش توغرىسىدا ئۆز پىكىرلىرىنى بېرىش-
تى. ئاز ساندىكى كىشىلەر يىغىندا «شىنجاڭ ئۇيغۇرىستان ئاپتو-
نومىيە جۇمھۇرىيىتى قۇرۇش»، ئازادلىق ئارمىيە ۋە خەنزۇ كا-
دىرلارنى چەتكە قېقىشتەك بۆلگۈنچىلىك خاھىشى بولغان خاتا
تەشەببۇسلارنى ئوتتۇرىغا قويدى ھەمدە ئۇنى يىغىن «مۇھىم
ئىشلار خاتىرىسى»گە كىرگۈزۈشنى مەجبۇرىي تەلەپ قىلدى. يى-
غىن «مۇھىم ئىشلار خاتىرىسى»گە «ئۇيغۇرىستان جۇمھۇرىيىتى»
قۇرۇشتەك بۆلگۈنچىلىك تەشەببۇسى ئاشكارا كىرگۈزۈلدى. «ئى-
لى سۆھبەت يىغىنى»دا ئەكس ئەتكەن، بۆلگۈنچىلىك خاھىشى
بولغان خاتا ئىدىيە ۋە سۆز - پىكىرلەر شىنجاڭنىڭ باشقا جاي-
لىرىدىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى نامايان قىلدى. مەسىلەن، قەشقەر
ۋىلايىتىدىكى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ئارىسىدىمۇ «ئۇي-
غۇرىستان ئاپتونومىيە جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇشنى تەشەببۇس قى-
لىدىغان خاتا سۆز - پىكىرلەر بولدى، ھەتتا شىنجاڭنى «سوۋېت
ئىتتىپاقىغا قوشۇۋېتىپ»، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىر رېسپۇبى-
لىكىسى قىلىشتەك بۆلگۈنچىلىك تەشەببۇسلىرىنى ئوتتۇرىغا
قويغۇچىلارمۇ بولدى. بۆلگۈنچىلىككە دائىر بۇ سۆز - پىكىرلەر،
ئەمەلىيەتتە كونا جۇڭگودىن قېلىپ قالغان بۆلگۈنچىلىك ئىدى-
يىسىنىڭ ئاشكارىلىنىشى بولۇپ ھېسابلىناتتى.

ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى ۋە ج ك پ مەركىزىي كومى-
تېتى غەربىي شىمال بيۇروسى ئىلى يىغىنىدا خاتا ئىدىيىلەرنىڭ
ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، شىنجاڭ شۆبە بيۇرو-
سىنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىن ئېچىپ، تەنقىدىي تەربىيە بېرىش
ئارقىلىق مىللەتلەر سىياسىتى توغرىسىدىكى ئىدىيىنى بىرلىك-
كە كەلتۈرۈش ھەققىدە يوليورۇق بەردى. 4 - ئاينىڭ 13 - كۈ-
نىدىن 19 - كۈنىگىچە، شىنجاڭ شۆبە بيۇروسىنىڭ كېڭەيتىلگەن
يىغىنى چاقىرىلدى، يىغىنغا ناھىيە، تۇەن دەرىجىلىكتىن يۇقىرى
پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە تارماقلىرىدىكى ھەر مىللەتتىن بول-

غان پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلاردىن بولۇپ 225 ئادەم(بۇنىڭ ئىـ ـچىدە ئاز سانلىق مىللەت كادىرى 120 ئادەم) قاتناشتى. يىغىنغا قاتناشقۇچىلار تولۇق غۇلغۇلا قىلىش ئارقىلىق بىردەك مۇنداق دەپ قاراشتى: ئىلىدا چاقىرىلغان 50 نەچچە كىشىلىك يىغىندا بەزى كىشىلەر ئوتتۇرىغا قويغان خاتا تەشەببۇسلارنى تەنقىد قىـ ـلىش لازىم. ئەينى ۋاقىتتىكى شارائىتنى نەزەردە تۇتۇپ، يىغىندا بۇ خاتالىقلار بۆلگۈنچىلىك سىيلىش يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرۈلمىـ ـدى، لېكىن تەنقىد ۋە ئۆز ـ ئۆزىنى تەنقىد قىلىش، يىغىندا مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق، ھەر مىللەتتىن بولغان پارتىيە ئەزاـ ـلىرى، كادىرلارنىڭ دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش ۋە پارتىيىنىڭ مىللىي تېررىتورىـ ـيىلىك ئاپتونومىيە سىياسىتىنى توغرا ئىزچىللاشتۇرۇشقا بولـ ـغان ئىدىيىۋى تونۇشى ئۆستۈرۈلدى. بۇ، يېڭى جۇڭگونىڭ بۆلـ ـگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىدە ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە قولغا كەلتۈرگەن تۇنجى غەلىبىسى ئىدى. ئەمما، بۇ قېتىمقى يىغىندا كونا جۇڭگودىن قېلىپ قالغان «پانئىسلامىزم»، «پانتۈرـ ـكىزم» ئىدىيىسى ئومۇمىي جەھەتتىن ئەستايىدىل تازىلانمىدى، بۇنىڭ بىلەن كېيىنكى كۈنلەردە ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىك بىلەن بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىدە يەنە بەزى يېڭى مەسىلىلەر ئۈزلۈكسىز كۆرۈلۈپ تۇردى.

5 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك تۇنجى نۆۋەتلىك ھەر مىللەت، ھەر ساھە زاتلىرى خەلق قۇرۇلتىيى چاقىرىلدى. قۇرۇلتاينىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك ھەيئەت رىياستى بىر تۈرلۈك مۇھىم قارارنى چىقاردى، يەنى غېنى(شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئەزاسى بولغان)، فاتىخ موسلىموف(نىلقا ناھىـ ـيىسىنىڭ ھاكىمى بولغان)نىڭ فېئودال كۈچلەرنى قوغداش، ئىنقىلابقا قارشى تۇرۇش ۋە باسقۇنچىلىق، بۇلاڭچىلىق جىنايىتى سادىر قىلغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئىككىسىنىڭ ئىلى ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ۋەكىللىك سالاھىيىتى ئېلىپ تاشلاندى، شۇنىڭ بىـ

لەن بىللە، ئۇلار قورالسىزلاندۇرۇلۇپ نەزەربەند قىلىندى. غېنى
ۋە فاتىخ ئىلقا قوزغىلىڭنىڭ رەھبەرلىرى ۋە ئۈچ ۋىلايەت ئىن-
قىلابى ھەرىكىتىنى قوزغىغۇچىلارنىڭ بىرى بولغاچقا، شۇ جايدا
مەلۇم تەسىرگە ئىگە ئىدى، شۇڭا ئۇلارنىڭ بىر تەرەپ قىلىنىشى
شۇ جاينىڭ بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى يەنىمۇ
ئىلگىرى سۈردى. 6 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى، مەركىزىي خەلق
ھۆكۈمىتى شىنجاڭنىڭ خىزمەتلىرى توغرىسىدا يوليورۇق بې-
رىپ، نۆۋەتتىكى شىنجاڭ ۋەزىيىتىدە ئىدېئولوگىيە ساھەسىد-
كى خىزمەتلەرنى ئالاھىدە كۈچەيتىش كېرەك: مىللىي تېررىتو-
رىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغاندا، كادىرلارغا بولغان ئىدى-
يىۋى تەربىيىنى كۈچەيتىش؛ ئاممىغا بولغان ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە
ئىنتېرناتسىئونالىزم تەربىيىسىنى كۈچەيتىش؛ پانتۈركىزمچىلار
بىلەن مىللەتچىلەرنى پەرقلەندۈرۈش؛ سىرتتىن كەلگەن خەنزۇ
كادىرلار بىلەن شۇ جايدىكى مىللىي كادىرلارنىڭ ئىتتىپاقلىقى-
نى كۈچەيتىش، يەرلىك كادىرلارنى يېتىشتۈرۈشنى كۈچەيتىش.
7 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى پارتكومى
«5 ـ ئارمىيىدە سىياسىي كومىسسار قويۇش تۈزۈمى ۋە سىياسىي
خىزمەت تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، ئارمىيىنى سىياسىي جەھەتتىن
تەرتىپكە سېلىش توغرىسىدىكى قارار»نى ئېلان قىلىپ، مىللىي
5 ـ ئارمىيىدە سىنىپىي تەربىيىنى مەركەز قىلغان ئارمىيىنى
سىياسىي جەھەتتىن تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇ-
رۇپ، قىسىم ئىچىدىكى چەتكە باغلانغان ئۇنسۇرلار ۋە «پانتۈر-
كىزم»چىلارنى تازىلاشنى تەلەپ قىلدى. 9 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا،
ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭ شۆبە بيۇروسى ۋە شىنجاڭ
ھەربىي رايونى پارتكومى بىرلىكتە «5 ـ ئارمىيىنىڭ خىزمىتىنى
ياخشىلاش ۋە يۇقىرى كۆتۈرۈش توغرىسىدىكى قارار»نى چىقار-
دى، بۇ قېتىمقى ھەرىكەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسى 5 ـ ئارمىيىگە
ئەڭ زور خەۋپ بولغان «پانتۈركىزم»، «پانئىسلامىزم» ئىدىيىۋى
ئېقىمىنىڭ تەسىرىنى تۈگىتىپ، ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈش ۋە

جان ـ دىل بىلەن خەلقنىڭ ئىنقىلابىي ئىشلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، ئەمگەكچى خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداش ئىدىيىسىنى تىكلەش بولدى. 10 ـ ئايدا، شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى ئىلى شۆبىسى بۆلگۈنچىلىك قىلغان، توپىلاڭ كۆتۈرگەن راخمانوف، ئىدرىس قاتارلىق باش جىنايەتچىلەرنى سەييارە سوراق قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئۆلۈم جازاسىنى ئىجرا قىلدى. «پانتۈركىزم»، «پانئىسلامىزم» ۋە بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشتىكى بۇ بىر قاتار تەدبىرلەر يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن شىنجاڭ تارىخىدىكى ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ تۇنجى يۇقىرى دولقۇنىنى شەكىللەندۈردى، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى كۈرەش داۋامىدا تەربىيىگە ئىگە بولدى.

### 3. دۈشمەنگە قارشى كۈرەش تاكتىكىسىنىڭ تەڭشىلىشى

بۆلگۈنچىلىك توپىلاڭلىرى بېسىقتۇرۇلغان بولسىمۇ، لېكىن ئىلىنىڭ توققۇزتارا، نىلقا، تېكەس، موڭغۇلكۈرە، كۈنەس ناھەيىلىرىدىكى چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئاز ساندىكى يۇقىرى قاتلام فېئودال دىنىي كۈچلەر يەنىلا قۇتراپ يۈرەتتى. دۈشمەنلەرنى چۆچۈتۈش ئۈچۈن، 1952 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى، توققۇزتارا ناھىيىسى بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار ۋە توپىلاڭ كۆتۈرگەن ئۇنسۇرلارنى ئوچۇق سوت قىلدى. بۇنىڭغا ئۇلاپلا غۇلجا ناھىيەسىنىڭ ھەرقايسى رايونلىرى، يېزىلىرىدا بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار، توپىلاڭچى ئۇنسۇرلار قولغا ئېلىندى، 3 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنىگىچە جەمئىي 258 جىنايەتچى قولغا ئېلىندى. 13 ـ كۈنى، ئىلى ھەربىي رايونى قولغا ئېلىنغان بىر تۈركۈم «پانتۈركىزم ئىسلام پارتىيىسى»نىڭ تايانچلىرى، «پانئىسلامىزم»، «پانتۈركىزم» بۆلگۈنچى كۈچلىرىنىڭ باش جىنايەتچىلىرىنى ئوچۇق سوت قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئاساسلىق جىنايەتلىرىنى ئېلان قىلدى ھەمدە ھەر مىللەت خەلقىنى پائال پاش قىلىشقا چاقىرىق قىلدى. بۇ تەدبىرلەرنىڭ قوللىنىلىشى بىلەن بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ ھەيۋ-

سى يەر بىلەن يەكسان قىلىندى، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئامانلىقى مۇقىملاشتى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ روھىي قىياپىتىدە ئۆزگىرىش بولدى. لېكىن مەلۇم دەرىجىدە زەربە بېرىش دائىرىسىنى كېڭەيتىۋېتىش مەسىلىسىمۇ كۆرۈلدى.

1952 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى غەربىي شىمال بيۇروسى فېئوداللىققا قارشى تۇرۇش بويىچە ئەڭ كەڭ بىرلىك سەپ بەرپا قىلىش، ھەر مىللەت يۇقىرى قاتلام زاتلىرى ۋە دىنىي زاتلارنى قولغا كەلتۈرۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش، بىتەرەپ كۈچلەرنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە ئۇلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنى ئاساس قىلىپ، شىنجاڭنىڭ چارۋىچىلىق ۋە يېرىم دېھقانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق رايونلىرىدا يولغا قويۇلۇۋاتقان يەر ئىسلاھاتى سىياسىتىنى تەڭشىدى ۋە چارۋىچىلىق رايونلىرى، يېرىم دېھقانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق رايونلىرىدا بىردەك يەر ئىسلاھاتى ئېلىپ بارماسلىقنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇنىڭدىكى دۈشمەن كۈچلەرگە قارشى تۇرۇش كۈرىشىگە دائىر قىسىمدا مۇنداق دەپ كۆرسىتىلدى: دېلو تۇرغۇزۇلغان ياكى پاش قىلىنغان تۇرلۇك دېلولارنىڭ «ماتېرىياللىرىنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىش. قولغا ئېلىنغانلارنى تېزدىن تەكشۈرۈش، ئومۇمەن ئىشەنچلىك ماتېرىيالى بولمىغانلارنى ئالدىن قويۇپ بېرىش لازىم.» 6 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى، مەركىزىي كومىتېت غەربىي شىمال بيۇروسىنىڭ پىكرىگە قوشۇلۇپ، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭ شۆبە بيۇروسىغا شىمالىي شىنجاڭدىكى ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش خىزمىتىنى ۋاقتىنچە توختىتىش توغرىسىدا تېلېگراممىا يوللاپ، «ئومۇمەن تېخى قولغا ئېلىشقا باشلىمىغان رايونلار نەق ئەكسىلئىنقىلابچى بولمىسىلا، قولغا ئېلىشنى دەرھال توختىتىش؛ قولغا ئېلىنغانلارنى ۋاقتىنچە بىردەك بىرتەرەپ قىلماسلىق»نى تەلەپ قىلدى. ئارقىدىنلا ئىلى ۋىلايىتىدە «خاتا دېلولارنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش كومىتېتى» قۇرۇلدى، 1952 ـ يە-

لى 12 ـ ئايدىن 1953 ـ يىلى 10 ـ ئايغىچە، جەمئىي 548 جىنايەتچىنىڭ دېلوسى قايتىدىن تەكشۈرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ۋىلايەت تەكشۈرگەن 488 جىنايەتچىنىڭ ئەسلىدىكى ھۆكمى توغرا بولغىنى 124 بولۇپ، تەكشۈرگەن دېلو ئومۇمىي سانىنىڭ 25.5 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى؛ ئەسلىدىكى ھۆكۈم ئاساسىي جەھەتتىن توغرا بولغان، لېكىن قىسمەن ماتېرىياللىرى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولمىغان، جازا سەل ئېغىر كېتىپ يېنىكلىتىشكە توغرا كەلگەنلىرى ياكى كەڭچىلىك قىلىپ قويۇۋېتىشكە بولىدىغانلىرى 349 بولۇپ، تەكشۈرگەن ئومۇمىي دېلو سانىنىڭ 71.5 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى؛ تامامەن خاتا ھۆكۈم قىلىنغانلىرى 15 بولۇپ، تەكشۈرۈلگەن دېلو ئومۇمىي سانىنىڭ 3 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. شۇ مەزگىلدە، خاتا كېسىم قىلىنغان ۋە جازا سەل ئېغىر بېرىلگەن دېلولار تۈزىتىلدى، كەڭچىلىك قىلىشقا بولىدىغانلىرى بىردەك قويۇۋېتىلدى، قىسمەن خاتا ھۆكۈم قىلىنىپ قالغانلارنىڭ جازاسى كېمەيتىلدى ۋە كېچىكتۈرۈپ ئىجرا قىلىندى.

1954 ـ يىلى مۇناسىۋەتلىك سىياسەتلەر يەنىمۇ تەڭشەلدى. چارۋىدارلار ئىقتىسادىغا قارىتا «كۈرەش قىلماسلىق، بۆلمەسلىك، سىنىپقا ئايرىماسلىق» يولغا قويۇلدى؛ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە، دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكى قاتارلىق سىياسەتلەرنى تەشۋىق قىلىش چارۋىچىلىق رايونلىرىدا شۇ ۋاقىتتا يولغا قويۇلۇۋاتقان سىياسەتلەرنى تەشۋىق قىلىشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلىندى. بۇنىڭدىن باشقا، كادىرلارنى تەكشۈرۈشتە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتناشقان ۋە «جىياڭ جيېشىغا قارشى تۇرۇش» كۈرىشىگە قاتناشقان ھەر دەرىجىلىك كادىرلار تارىخىي ئەھۋالى تەكشۈرۈلمەيدىغان خادىملار قاتارىغا كىرگۈزۈلدى. كېيىنكى يىلى، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا «ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش» تەشۋىقاتى ئېلىپ بارماسلىق، مەركەزلىك ئاختۇرۇپ تۇتۇش ئېلىپ بارماسلىق؛ يەرلىك مىللەتلەر ئىچىدىكى بۇرۇن جىنايى قىلمىش سادىر قىلغان، لېكىن يېقىنقى ئىك-

كى يىلدىن بۇيان ياۋاشلىق بىلەن قانۇنغا رىئايە قىلمۇاتقانلارنى ئاممىنىڭ پىكرى بولمىسىلا بىردەك قايتا بىر تەرەپ قىلماسلىق- تەك «سالماقلىق بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەش» فاڭجېنى، شۇنداقلا چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ۋاقتىنچە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئېلىپ بارماسلىق، كوپىراتىپلاشتۇرۇشنى تەشۋىق قىلماسلىق سىياستى تۈزۈلدى. سىياسەتلەرنىڭ تەڭشىلىشى ئوتتۇرا، يۇ- قىرى قاتلاملاردىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەرقايسى قاتلامدى- كى ئاز سانلىق مىللەت زاتلىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇشقا، تېخىمۇ كەڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش بىرلىك سەپىي بەرپا قىلىشقا، چارۋىچىلىق رايونلىرى ۋە يېرىم دېھقانچىلىق، يېرىم چارۋىچى- لىق رايونلىرىنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي مۇقىملىقىغا ۋە تە- رەققىياتىغا پايدىلىق بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئوبيېكتىپ جە- ھەتتە بۆلگۈنچى كۈچلەرگە ئۆزاققىچە يوشۇرۇنۇپ يۈرۈش پۇر- سىتى يارىتىپ بەردى.

**4. ئوسمان ۋە ئۇنىڭ يېقىنلىرى پىلانلاپ قوزغىغان توپىلاڭلارنى تىنچىتىش**

شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغانلىقتىن، ئىجتىمائىي زور ئۆزگىرىش ھاسىل قىلغاندا ياخشىلار بىلەن يامانلارنىڭ ئارد- لىشىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش تەس ئىدى، جايلاردىكى ئاز ساندد- كى جاھىل ئۇنسۇرلار چېگرا سىرتىدىكى جاھانگىر كۈچلەرگە تا- يىنىپ، قوراللىق توپىلاڭ كۆتۈرۈشتەك ۋاسىتىلەر ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولۇشىغا قارشى تۇرماقچى بولدى. بۇنىڭ ئىچىدىكى ئاساسلىقلىرى تۆۋەندىكىچە: 1950 – يىلى 3 – ئايدىن 1951 – يىلى 9 – ئايغىچە سانجى، گۇچۇڭ، قۇمۇل قاتارلىق جايلاردا يۈز بەرگەن ئوسمان، يولۋاس، جانىمقان قاتارلىقلار باشچىلىقىدىكى قوراللىق توپىلاڭ؛ 1950 – يىلى 7 – ئايدىن 11 – ئايغىچە ئورازباي قاتارلىقلار ئوسمان توپىلىڭى- غا ئاۋاز قوشۇش ئۈچۈن، ماناس، قۇتۇبى، سانجى ۋە ئۈرۈمچىنىڭ نەنسەن ئەتراپىدا تەشكىللىگەن قوراللىق توپىلاڭ؛ 1951 – يىلى

1 ـ ئايدىن 9 ـ ئايغىچە ئوسماننىڭ يېقىنلىرى بولغان قۇسەيىن، قالىبېك قاتارلىقلار گەنسۇ، شىنجاڭ، چىڭخەي ئۆلكىلىرى تۇتاشقان جايلاردا تەشكىللىگەن قوراللىق توپىلاڭ؛ 1951 ـ يىلى 3 ـ ئايدىن 1952 ـ يىلى 9 ـ ئايغىچە ئوسماننىڭ ئوغلى شېردىمان باركۆل ناھىيىسى، گۇچۇڭ ناھىيىسى، جىمسار ناھىيىسى، مورى ناھىيىسى ئەتراپىدا قوزغىغان قوراللىق توپىلاڭ.

بۇ قوراللىق توپىلاڭلارنى ئاساسلىقى ئوسمان ۋە ئۇنىڭ يېقىنلىرى پىلانلىغان بولۇپ، ۋاقتى بىرقەدەر مەركەزلەشكەن، توپىلاڭ بولغان رايونلارمۇ ئاساسلىقى شىنجاڭنىڭ شەرقىدىكى تاغلىق رايونلار ۋە چارۋىچىلىق رايونلىرى ئىدى. توپىلاڭچى ئۇنسۇرلارنىڭ ھەرىكەتچانلىقى كۈچلۈك بولۇپ، كۆپ ھاللاردا بىرقانچە ناھىيىگە تەسىر كۆرسەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە باندىتلار كۆچمە بۇلاڭچىلىق قىلىش خاراكتېرىنى ئالغانىدى؛ باش جىنايەتچىلەر جەمەت، قەبىلىنى بىرلىك قىلىپ، دىنىي ئەقىدىنى ئىنتىزام قىلىپ، مىڭلىغان، تۈمەنلىگەن چارۋىچىلارنى مەجبۇرىي ئەگەشتۈرۈپ بىللە توپىلاڭ كۆتۈرەتتى؛ بۇنىڭدىن باشقا، چارۋىچىلار قولىدا خېلى كۆپ قوراللار قېلىپ قالغاچقا، توپىلاڭچىلارنىڭ قورال ـ ياراغ مەنبەسى بار ئىدى، بۇنىڭ بىلەن قىسمەن چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىغا ئېغىر بۇزغۇنچىلىق ئېلىپ كەلدى. قوراللىق توپىلاڭچىلارمۇ ئايرىم بۆلگۈنچىلىك خاراكتېرىدىكى شوئارلارنى ئوتتۇرىغا قويدى، مەسىلەن، ئورازباي 1950 ـ يىلى توپىلاڭ كۆتۈرۈشتىن بۇرۇن «خەنزۇلارنى قوغلاپ چىقىرىش، ئازادلىق ئارمىيىنى قوغلاپ چىقىرىش»، «قازاقىستان» قۇرۇش توغرىسىدا جار سالغانىدى، لېكىن ئوسمان ۋە ئۇنىڭ يېقىنلىرى پىلانلاپ قوزغىغان توپىلاڭلار ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا، ئۇنىڭ ئاساسلىق خاراكتېرى شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولۇشىغا قارشى تۇرۇش ۋە ئۇنىڭغا توسقۇنلۇق قىلىش ئىدى. توپىلاڭچىلارنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ يوقىتىش ۋە تىنچىتىش

جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچى كۈچلىرىنىڭ قالدۇق كۈچلىرىگە قارشى ئېلىپ بارغان سىياسىي كۈرىشىنىڭ داۋامى، شۇنداقلا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى تەل - تۆكۈس ئازاد قىلىش ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئىدى. ئوسمان ۋە ئۇنىڭ يېقىنلىرى قوزغىغان توپىلاڭلار تىنچىتىلغاندىن كېيىن، خەلق ھۆكۈمىتى ھەقىقەتكە قايتقان مۇھىم كىشىلەرنى پارتىيىنىڭ سىياسىتى بويىچە مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇردى.

## ئىككىنچى، «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»نىڭ چۈشىنى بەربات قىلىش

1934 - يىلى 2 - ئايدا، «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» بۆلگۈنچى ھاكىمىيىتى گۇمران بولغاندىن كېيىن، بۆلگۈنچى باش جىنايەتچىلەر ياكى قېچىپ كەتتى ياكى ھالاك بولدى، لېكىن ئۇلار شۇ جايلاردا تارقاتقان «پانئىسلامىزم»، «پانتۈركىزم» ئىدىيىسى ۋە «ئىسلام دۆلىتى» قۇرۇشتەك بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسى، «خەنزۇلارغا قارشى تۇرۇش، خەنزۇلارنى چەتكە قېقىش»، «غازات» ئېلىپ بېرىشقا قۇتراتقۇلۇق قىلىشتەك ئۇچىغا چىققان دىنىي ئاڭلار ھېچقانداق تەسىرگە ئۇچرىمىدى، ئۇلارغا ئەگىشىپ بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بارغان ئاز ساندىكى جاھىل ئۇنسۇرلار ئىزچىل تۈردە قۇتراپ، «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»نى قۇرۇش خام خىيالىدا بولدى. بولۇپمۇ 1946 - يىلى بۆلگۈنچى ئۇنسۇر مۇھەممەت ئىمىن گومىنداڭنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا شىنجاڭنىڭ سىياسىي سەھنىسىدە قايتىدىن پەيدا بولدى، بۇنىڭ بىلەن بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلارنىڭ خورىكى تېخىمۇ ئۆستى؛ 1949 - يىلى، مۇھەممەت ئىمىن قاتارلىقلار يەنە چەت ئەلگە قېچىش ئۈچۈن جەنۇبىي شىنجاڭدىن ئۆتكەندە بىر يۈرۈش بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىنى ئورۇنلاشتۇردى. بۇلارنىڭ ھەممىسى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن

كېيىن جەنۇبىي شىنجاڭدا بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرە-
شىدە مۇرەككەپ ۋە كەسكىن ۋەزىيەتكە دۇچ كېلىدىغانلىقىمىز-
دىن دېرەك بەردى، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ
50 ـ يىللاردا جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدىكى بۆلگۈنچىلىككە
قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ ماھىيەتتە «شەرقىي تۈركىستان
ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»دىن قېلىپ قالغان كۈچلەر بىلەن بولغان
كۈرەشنىڭ داۋامى بولىدىغانلىقىنى بەلگىلىدى.

**1. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى دۈش-
مەنگە قارشى كۈرەشنىڭ كەسكىن ۋەزىيىتى**

ئايۇپ قارىي ۋە خاندى مەدرىسىسىنىڭ تەسىرى. 1945 ـ
يىلى، دىنىي ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن ئايۇپ قارىي شىنجاڭ يە-
كەندە خاندى مەدرىسىسىنى قۇردى. بۇ مەدرىسە يىلدىن ـ يىلغا
كېڭىيىپ، ئەڭ كۆپ بولغاندا 4000دىن ئارتۇق دىن مۇرىتى
بىرلىكتە دىن ئۆگىنىدىغان سورۇنغا ھەمدە تېزدىنلا شىنجاڭنىڭ
ئىسلام دىنى تەربىيىسى مەركەزلىرىنىڭ بىرىگە ئايلاندى. مەدرى-
سىنى باشقۇرغۇچى ئايۇپ قارىيمۇ پۈتۈن شىنجاڭغا داڭلىق چوڭ
ئىشان بولۇپ قالدى، ئۇ يېتىشتۈرگەن تالىپلار ۋە ئۇنىڭ ھاۋا-
لىسى بىلەن ھەرقايسى جايلاردا ھەرىكەت ئېلىپ بېرىۋاتقان خە-
لىپىلەر پۈتۈن جەنۇبىي شىنجاڭغا تارالدى. ئۇ ئۆزى ئەڭ مەمنۇن
بولغان خەلىپىسى ئابدۇھېمىت داموللىنى خوتەننىڭ قاراقاش
ناھىيىسىگە ئىشانلىققا ئەۋەتتى. ئايۇپ قارىي «پانئىسلامىزم»،
«پانتۈركىزم»چى بولۇپ، ھەدەپ «غازات»نى تەرغىب قىلاتتى، ئۇ-
نىڭ باشقۇرۇشىدىكى يەكەن خاندى مەدرىسىسى جەنۇبىي شىنجاڭدا
بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسىنى تارقىتىدىغان مۇھىم مەنبەگە ئايلاندى.

مۇھەممەت ئىمىن 1933 ـ يىلى جەنۇبىي شىنجاڭدا قۇرۇل-
غان «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»نى پىلانلىغۇ-
چىلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇزۇن مۇددەت چەت ئەلدە قېچىپ يۈر-
گەندى. 1940 ـ يىلى، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ «تەكلىپ»
قىلىشى بىلەن ۋەتەنگە قايتقان، 1946 ـ يىلى يەنە گومىنداڭ

ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن شىنجاڭغا ئەۋەتىلىپ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ ئەزاسى قوشۇمچە قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ نازىرى بولغانىدى. ئۇ قانۇنلۇق سالاھىيىتىدىن پايدىلىنىپ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ خوتەن قاتارلىق جايلىرىدا ئاشكارا ھالدا بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسىنى تەرغىب قىلدى ۋە ئۇنىڭغا قۇتراتقۇلۇق قىلدى. ئايۇپ قارىينىڭ نىيىتى مۇھەممەت ئىمىن بىلەن بىردەك بولغاچقا، مۇھەممەت ئىمىن1947 ـ يىلىدىن كېيىن كۆپ قېتىم يەكەندىكى خاندى مەدرىسەسىگە ئادەم ئەۋەتىپ، ئايۇپ قارىي بىلەن ئاتالمىش «شىنجاڭنىڭ مۇستەقىللىقى» ئىشلىرىنى خۇپىيانە كېڭەشتى؛ ئىككى تەرەپ ئۇزلۇكسىز تۇردە خەت ـ ئالاقە قىلىشىپ، شىنجاڭدا «ئىسلام ھۆكۈمىتى قۇرۇشنىڭ قەدەم باسقۇچلىرى»نى مۇزاكىرىلەشتى. 1949 ـ يىلى 9 ـ ئايدا، مۇھەممەت ئىمىن، ئەيسا قاتارلىقلار گومىنداڭنىڭ ھەقىقەتكە قايتىشىنى رەت قىلغان ئارمىيە، مەمۇرىيەت خادىملىرى بىلەن بىرلىكتە چەت ئەلگە قېچىش يولىدا قەشقەر، قاغىلىق، گۇما قاتارلىق جايلاردىن ئۆتكەندە كۆپ قېتىم شۇ جايدىكى بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار ۋە يۇقىرى قاتلامدىكى فېئودال دىنىي كۈچلەرنى يىغىپ، بۆلگۈنچىلىككە قۇتراتقۇلۇق قىلدى، كومپارتىيىگە قارشى تۇرۇشنى تەرغىب قىلدى، تەدبىر كۆرسىتىپ، يوشۇرۇنۇشنى ئورۇنلاشتۇردى. ئايۇپ قارىي ئابدۇھېمىت قاتارلىقلارنى مەخسۇس ئەلچى قىلىپ مۇھەممەت ئىمىننىڭ قېشىغا بۆلگۈنچىلىك ئىشلىرى ئۈستىدە مەسلىھەتلىشىشكە ئەۋەتتى، مۇھەممەت ئىمىن: ئۈچ يىلدىن بەش يىلغىچە قايتىپ كېلىپ «ئىسلام ھۆكۈمىتى» قۇردىمەن، دېدى. مۇھەممەت ئىمىن قاغىلىق مەسچىتىدە 2000دىن ئارتۇق دىن مۇرىتىغا «قورال تەييارلاش، مۇرىتلىرىنى كۆپەيتىش» توغرىسىدا قۇتراتقۇلۇق قىلىپ، ئۈچ يىلدىن كېيىن قايتىپ كېلىپ ھاكىمىيەتنى قولغا ئالىدىغانلىقىنى ئېيتتى. مۇھەممەت ئىمىن قاتارلىقلار چەت ئەلگە چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، خوتەن قارىقاشتىكى ئابدۇھېمىت داموللا باشچىلىقىدىكى

بۆلگۈنچى كۈچلەر خوتەننىڭ چەت، يىراققا جايلاشقان، قاتنىشىنىڭ قۇلايسىز بولۇشى، ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ تېخى يېتىپ كەلمىگەنلىكىدىن پايدىلىنىپ، ئالدىن بۆلگۈنچى ھاكىمىيەت قۇرۇپ، خوتەننى ئازاد قىلىشنى توسۇماقچى بولۇشتى. خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ 2 ـ جۈن 15 ـ تۈەنى ئاقسۇدىن چىقىپ خوتەن دەرياسىنى بويلاپ تەكلىماكان قۇملۇقىنى كېسىپ، جىددىي ھەربىي يۈرۈش قىلىپ 17 كۈندىلا خوتەنگە يېتىپ بېرىپ، بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ سۇيىقەستىنى تارمار قىلدى. 1950 ـ يىلى، چاۋشيەن ئۇرۇشى پارتلىدى، مۇھەممەت ئىمىن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ شىنجاڭدىكى بۆلگۈنچى كۈچلەر بىلەن بولغان ئالاقىنى قويۇقلاشتۇردى، چېگرا ئىچىدىكىلەردىن پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، بۆلگۈنچىلىك توپىلىڭى ئېلىپ بېرىشنى تېزدىن پىلانلاشنى تەلەپ قىلدى. جەنۇبىي شىنجاڭدا يوشۇرۇنۇپ يۈرگەن بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار كۆپ قېتىم يىغىلىپ يىغىن ئېچىپ، توپىلاڭ لايىھەسىنى مەسلىھەتلەشتى، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى ناھىيە بازارلىرىدىكى توپىلاڭچى تەشكىلاتلارنىڭ مەسئۇللىرىنى بېكىتتى ھەمدە ئالدى بىلەن ئابدۇھېمىت داموللا خوتەندە توپىلاڭ كۆتۈرۈشنى، باشقا جايلار ماسلىشىشنى قارار قىلىشتى. ئەينى ۋاقىتتا، خوتەندىكى ھەر مىللەت خەلقى داغدۇغىلىق ھالدا ئىجارىنى كېمەيتىش، زوراۋانلىققا قارشى تۇرۇش ۋە يەر ئىسلاھاتى ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىۋاتاتتى، شۇڭا ئۇلارغا پۇرسەت بولمىدى؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە، جامائەت خەۋپسىزلىكى تارماقلىرىمۇ بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ توپىلاڭ كۆتۈرۈش پىلانىنى رازۋېدكا قىلىپ پاش قىلدى. ئايۇپ قارىي ئالدىراپ ـ تېنەپ قېچىپ كەتتى، بۆلگۈنچىلىك توپىلاڭ كۆتۈرۈش پىلانى بىتچىت قىلىندى.

**2. ئابدۇلھېمىت داموللا پىلانلاپ قوزغىغان توپىلاڭنىڭ تىنچىتىلىشى**

*قاراقاش ناھىيىسىدىكى توپىلاڭ.* بۇ توپىلاڭنى ئابدۇلھېمىت دامولا بىۋاسىتە پىلانلىغان ۋە يولغا قويۇشقا تەشكىلاتچىلىق قىلغان. 1952 ـ يىلى 5 ـ ئايدا، ئايۇپ قارىي ئۆلگەندىن كېـ

يىن، ئابدۇلھېمىت داموللا يەنىلا ئەسلىدىكى پىلان بويىچە توپىلاڭ كۆتۈرۈشنى پىلانلىدى. بۇ مەزگىلدە، ئابدۇلھېمىت داموللا ئۆزىنىڭ قانۇنلۇق دىنىي سالاھىيىتىدىن پايدىلىنىپ، ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ خوتەن، لوپ، قاراقاش، گۇما قاتارلىق جايلاردا 28 خەلىپە تەربىيىلىدى ۋە تەيىنلىدى، 15 مىڭدىن كۆپرەك مۇرىت يېتىشتۈردى؛ خوتەن ئەتراپىدىكى گۇما، چىرا، كېرىيە، نىيە ناھىيىلىرىدە يەتتە توپىلاڭ تەشكىلاتى قۇردى ھەمدە ئايرىم-ئايرىم ھالدا مەسئۇللىرىنى تەيىنلىدى. 1954-يىلى 5-ئايدا، ئابدۇلھېمىت داموللا تايانچ ئۇنسۇرلىرىنى يىغىپ، «ئىسلام ھۆكۈمىتى بىرلەشمە كومىتېتى»نى تەشكىللىدى؛ 12-ئاينىڭ 22-كۈنى، ئۇ خوتەن ناھىيىسى شورباغ يېزىسىدا ئۈچ كۈن «ئىسلام ھۆكۈمىتى بىرلەشمە كومىتېتى»نىڭ 3-قېتىملىق يىغىنىنى ئۆتكۈزدى، يىغىندا «غازات» ئارقىلىق «ئىسلام ھۆكۈمىتى» قۇرۇشنىڭ تەشكىلىي پروگراممىسى، ھەرىكەت پىلانى ماقۇللاندى ۋە بىرلەشمە كومىتېتنىڭ 11 ئەزاسى سايلاپ چىقىلدى ھەمدە 1955-يىلى 1-ئاينىڭ 1-كۈنى توپىلاڭ كۆتۈرۈش قارار قىلىندى.

1954-يىلى 12-ئاينىڭ 27-، 28-كۈنلىرى، پەتىردىن باشچىلىقىدىكى توپىلاڭ كاتتىۋاشلىرى دىنىي نىقاب قىلىپ، 200دىن ئارتۇق دىن مۇرىتىنى «قۇرئان» تۇتۇپ «غازات» قىلىشقا قەسەم قىلىشقا مەجبۇرلىدى، ئارقىدىن ئۇلارغا قاتىللىق قوراللىرىنى تارقىتىپ بەردى. 12-ئاينىڭ 31-كۈنى كەچتە، ئابدۇلھېمىت داموللا ۋە پەتىردىن قايمۇقتۇرۇلغان 300دىن ئارتۇق مۇرىتىنى توپلاپ، قوللىرىغا تۈرلۈك قاتىللىق قوراللىرىنى ئېلىپ قاراقاش ناھىيىلىك ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىغا ھۇجۇم قىلدى، نەق مەيداندا مەيدان يېتەكچىسىدىن بىرنى، بىر بەنجاڭنى، يەتتە ئەسكەرنى ئۆلتۈرۈپ، قىسمەن قورال ۋە بىر ئاپتوموبىلنى قولغا چۈشۈردى ھەمدە تۈرمە دەرۋازىسىنى بۇزۇپ تاشلاپ، جىنايەتچىلەرنى توپىلاڭغا قاتنىشىشقا ياكى قېچىپ كېتىشكە قۇتراتتى، شۇنداقلا خوتەن ناھىيىسى بازىرىغا ھۇجۇم

قىلماقچى بولدى. توپىلاڭچى ئۇنسۇرلار يەنە ھەر تەرەپكە ئادەم ئەۋەتىپ، بىرلىشىپ تېخىمۇ چوڭ توپىلاڭ قوزغىماقچى بولدى. توپىلاڭ پارتلىغاندىن كېيىن، شىنجاڭ ھۆكۈمىتى سىياسىي جەھەتتىن پارچىلاش بىلەن قوراللىق قورشاپ باستۇرۇشنى بىرلەشتۈرۈش فاڭجېنىنى قوللاندى، ئىككى كۈندىن كۆپرەك ۋاقىت تەربىيە بېرىش ۋە كۈرەش قىلىش ئارقىسىدا توپىلاڭنى تىنچىتتى. توپىلاڭنى تىنچىتىش جەريانىدا ئىككى توپىلاڭچى ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى، توپىلاڭ تايانچىلىرىدىن 42 ئادەم قولغا ئېلىندى، لېكىن باش جىنايەتچى ئابدۇلھېمىت داموللا قېچىپ كەتتى.

توپىلاڭ تىنچىتىلغاندىن كېيىن، قېچىپ يۈرگەن باش جىنايەتچى ئابدۇلھېمىت دامولللا ۋە ئۇنىڭ باشقا مۇرىتلىرى نىيىتىدىن يانماي توپىلاڭ كۆتۈرۈشنى داۋاملىق پىلانلىدى. ئابدۇلھېمىت داموللا دەسلىپىدە خوتەن، قاراقاش ناھىيىلىرىدىكى يېقىنلىرىنىڭ ئۆيىدە يوشۇرۇنۇپ يۈردى، شامال بېسىققاندىن كېيىن، يەنە ناماز ئوقۇشنى نىقاب قىلىپ مەخپىي يىغىلىش قىلىپ، مۇرىتلىرىنى كۆپەيتتى. 1956 ــ يىلى 3 ــ ئايغىچە، ئۇ يېقىنى باقى داموللا بىلەن بىرلىكتە 158 مۇرىت قوبۇل قىلدى. ئارقىدىنلا توپىلاڭ كۆتۈرۈش پىلانىنى تۈزدى. 3 ــ ئاينىڭ 9 ــ كۈنى كەچتە، 200دىن ئارتۇق توپىلاڭچى قوللىرىغا قاتىللىق قوراللىرىنى ئېلىپ، بىر قىسىم ئاممىنى ئۆزلىرىگە يول باشلاشقا مەجبۇرلاپ، يېزا ئىگىلىك 3 ــ تۈەنىگە ھۇجۇم قىلدى. شۇ جايدىكى جامائەت خەۋپسىزلىكى كادىر، ساقچىلىرى ۋە قىسىم ئامالسىز قايتۇرما زەربە بېرىپ، توپىلاڭنى تىنچىتتى ھەمدە 29 غوللۇق ئۇنسۇرنى قولغا ئالدى ۋە قىسمەن قاتىللىق قوراللىرىنى قولغا چۈشۈردى.

باقى داموللا مەغلۇبىيىتىگە تەن بەرمەي، 11 ــ كۈنى سەھەردە يەنە يېقىنلىرىنى باشلاپ، مەسچىتلەرگە بېرىپ، ئاممىنىڭ ناماز ئوقۇغىلى كەلگەن پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، قۇتراتقۇلۇق قىلدى ۋە 500دىن ئارتۇق ئاممىنى توپلىدى، ئۇلار «كومپارتىيەنى يوقىتايلى»، «كاپىرلارنى ئۆلتۈرەيلى»، «ياشىسۇن ئىسلام

ھۆكۈمىتى» دېگەندەك شوئارلارنى توۋلاپ، شۇ جايدىكى خەلق ھۆ-كۈمىتىگە ھۇجۇم قىلماقچى ۋە ئىسكىلات، تەمىنات ـ سودا كو-پىراتىپىنى بۇلىماقچى بولدى. خەلق ساقچىلىرى ئوتتۇرا ئەترىتى يول ئۈستىدە قاتىللىق قىلىشقا قوماندانلىق قىلىۋاتقان ئۈچ كاتتىۋاشنى ئېتىپ ئۆلتۈردى؛ بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ يېتىپ كەلگەن شۇ جايدىكى خەلق ھۆكۈمەت خادىملىرى تەشۋىقات، تەر-بىيە ئېلىپ باردى، ئامما ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىتىنى چۈشىنىپ يەتتى، كۆپ ساندىكى ئادەملەر قولىدىكى قاتىللىق قوراللىرىنى تاشلىدى ھەمدە تىغ ئۇچىنى ئارقىغا قارىتىپ، نەق مەيداندىلا با-قى داموللا قاتارلىق 12 تايانچ ئۇنسۇرنى تۇتۇپ بەردى. توپىلاڭ تېزدىن تىنچىتىلدى، جەمئىي تالىلىق مىلتىقتىن ئۈچى، 27 پاي ئوق ۋە بىر تۈركۈم قاتىللىق قوراللىرى قولغا چۈشۈرۈلدى. تو-پىلاڭ تىنچىتىلغاندىن كېيىن، ئىككى قېتىم نەق مەيداندا غول-لۇق ئۇنسۇردىن 41سى قولغا چۈشۈرۈلگەندىن سىرت، داۋاملىق چوڭقۇر قېزىش ۋە ئاممىنىڭ پاش قىلىشى بىلەن يەنە 18ى قول-غا ئېلىندى، بۇنىڭ بىلەن قولغا ئېلىنغانلار جەمئىي 59 بولدى. بۇنىڭ ئىچىدىكى 34 كىشىگە قانۇن بويىچە كېسىم قىلىندى، 15 كىشى بىر تەرەپ قىلغۇچە كېپىلگە بېرىلدى.

*لوپ ناھىيىسىدىكى توپىلاڭ*. بۇ قېتىمقى توپىلاڭنى ئابدۇل-ھېمىت داموللا پىلانلىغان، كونكرېت ئېلىپ بارغۇچىلار ئۇنىڭ سوپىسى ئابدۇقادىر بىلەن چىرا ناھىيىسىدىكى ئەبەيدۇللا قارىي ئىدى. 1956 ـ يىلى 4 ـ ئايدىن باشلاپ، ئۇلار كۆپ قېتىم خۇ-پىيانە مەسلىھەتلىشىپ، توپىلاڭ كۆتۈرۈش ۋاقتى، پىلانى ۋە ئىش تەقسىماتىنى بېكىتتى؛ توپىلاڭغا تەييارلىق كۆرۈش يىغىنىدا، ئۇلار رەسمىي تۈردە «ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»نىڭ بايرىقىنى ئې-سىپ، ئابدۇقادىر قارىينى «جۇمھۇرىيەت»نىڭ رەئىسى قوشۇمچە ۋاقىتلىق «باش قوماندان»لىققا، ئەبەيدۇللا قارىينى مۇئاۋىن رە-ئىس ۋە مۇئاۋىن قوماندانلىققا سايلىدى؛ يەنە 21 ماددىلىق تەش-كىلىي پروگرامما ئېلان قىلىپ، توپىلاڭنىڭ تەپسىلىي پىلانىنى

تۇزدى. 5 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى سەھەردە، ئابدۇقادىر قارىي ۋە ئە-
بەيدۇللا قارىيلار 260 تىن ئارتۇق توپىلاڭچىنى توپلاپ، 1300دىن
ئارتۇق ئاممىنى قۇتراتىپ ۋە مەجبۇرىي ئەگەشتۈرۈپ، «ئىسلام
جۇمھۇرىيىتى ياشىسۇن» دېگەندەك شوئارلارنى توۋلاپ، توپىلاڭ
قوزغىدى. قولىرىغا قاتىللىق قوراللىرىنى ئېلىپ، لوپ ناھى-
يىسى 4 ـ رايونىنىڭ رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە ھۇجۇم قىل-
دى، ئاشلىق پونكىتى ۋە ماددىي ئەشيا ئامبىرىنى بۇلىدى ھەمدە
ناھىيە بازىرىغا ئۇلىنىدىغان تېلېفون سىمىنى ئۈزۈۋەتتى، ئاندىن
ئۈچ يولغا بۆلۈنۈپ لوپ ناھىيە بازىرىغا ھۇجۇم قىلدى. خوتەن
ۋىلايەتلىك خەلق ھۆكۈمىتى توپىلاڭ بولغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلى-
غاندىن كېيىن، تېزدىن جامائەت خەۋپسىزلىكى كادىر، ساقچى-
لىرى، قوراللىق ساقچى قىسىملىرىنى توپىلاڭنى تىنچىتىشقا
ئەۋەتتى، ئۇلار توپىلاڭچى ئۇنسۇرلار بىلەن دوقۇرۇشما جەڭ ئې-
لىپ باردى. توپىلاڭچى ئۇنسۇردىن 19نى ئېتىپ ئۆلتۈردى ۋە
12نى يارىلاندۇردى، باش جىنايەتچى ئابدۇقادىر قارىينى قولغا
چۈشۈردى، بۇنىڭ بىلەن توپىلاڭ كۆتۈرۈلۈشى بىلەنلا تىنچىتىل-
دى. توپىلاڭنى تىنچىتىش داۋامىدا 20 غوللۇق ئۇنسۇر قولغا
ئېلىندى؛ 100دىن ئارتۇق مەجبۇرىي ئەگەشكەنلەر خەلق ھۆكۈ-
مىتىگە كېلىپ ئۆزىنى مەلۇم قىلدى ھەمدە بىر دانە ئاپتومات،
بىر دانە تاپانچا، بىر دانە يەرلىك قورال ۋە ئون نەچچە تال قاتىل-
لىق قورالىنى تاپشۇردى.

*خوتەندىكى توپىلاڭ.* بۇ قېتىمقى توپىلاڭنىمۇ ئابدۇلھېمىت
داموللا پىلانلىغان، ئۇنىڭ ئايال سوپىسى خېلىچىخان ئېلىپ
بارغان. خېلىچىخان ئابدۇلھېمىتنىڭ «ئىسلام ھۆكۈمىتى» قۇرۇش
سەپسەتىسىنىڭ قايمۇقتۇرۇشى بىلەن دىنىي ھەرىكەتلەرنى نىقاب
قىلىپ، قۇتراتقۇلۇق قىلدى ۋە توپىلاڭغا تەشكىلاتچىلىق قىلدى.
1957 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى، ئۇلار يىغىن ئېچىپ،
«ئىسلام ھۆكۈمىتى»نىڭ رەئىسى، مۇئاۋىن رەئىسلىرى قاتار-
لىقلارنى كۆرسىتىپ، توپىلاڭ كۆتۈرىدىغان كۈننى بېكىتتى. شۇ

جايدىكى جامائەت خەۋپسىزلىكى تارماقلىرى توپىلاڭ كۆتۈرۈش پىلانىنى رازۋېدكا قىلىپ پاش قىلدى. خىزمەت گۇرۇپپىسى قايمۇقتۇرۇلغان ئاممىغا نەسىھەت قىلىۋاتقاندا، خېلىچىخان «ئىسلام ھۆكۈمىتى قۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلايلى» دېگەن شوئارنى توۋلاپ، 70 نەچچە توپىلاڭچىنى باشلاپ غالجىرلارچە قاتىللىق قىلدى. ئۇلار ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى، مەملىكەتلىك ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ناسىر ھاجىغا ۋە تۆت نەپەر جامائەت خەۋپسىزلىكى كادىر، ساقچىسىغا زىيانكەشلىك قىلدى، دىنىي زاتلارنى يارىلاندۇردى. ياردەمگە كەلگەن جامائەت خەۋپسىزلىكى كادىر، ساقچىلىرى يېتىپ كېلىپ، ئاساسلىق جىنايەتچى ھەسەن بىلەن تۇردى باقىنى ئېتىپ ئۆلتۈردى، توپىلاڭچىدىن ئالتىنى يارىلاندۇردى، نەق مەيداندىلا 37 ئادەمنى قولغا ئېلىپ، توپىلاڭنى تىنچىتتى.

*قەشقەر ۋىلايىتى يېڭىسار ناھىيىسىدىكى توپىلاڭ.* بۇ توپىلاڭنى ئابدۇلھېمىت داموللىنىڭ يولىيورۇقى بويىچە، يەكەن خاندى مەدرىسىسى پىلانلىغان ھەمدە جېلىل قارىنىڭ ئېلىپ بېرىشىغا بۇيرۇغان. 1954 ـ يىلى 11 ـ ئايدا، ئابدۇلھېمىت داموللا خاندى مەدرىسىسىنىڭ خوتەندىكى توپىلاڭغا ئاۋاز قوشۇشنى تەلەپ قىلىشى بىلەن خاندى مەدرىسىسىنىڭ خەلىپىسى جېلىل قارىينى يېڭىسارغا بېرىپ دىنىي نىقاب قىلىپ توپىلاڭ كۆتۈرۈشنى تەشكىللەشكە ئەۋەتتى. 1956 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى، جېلىل قارىي يىغىن ئېچىپ توپىلاڭ پىلانىنى تۈزدى ھەتتا جەنۇبىي شىنجاڭغا قوشنا ئەللەرگە بېرىپ ئالاقە باغلاپ، چەت ئەلنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولدى. كېيىن جامائەت خەۋپسىزلىكى تارماقلىرى بايقاپ قالغانلىقتىن، جېلىل قارىي سەككىز توپىلاڭچىنى باشلاپ، ئالدىراپلا ھەرىكەت ئېلىپ

باردى، بۇ تېزلا جامائەت خەۋپسىزلىكى تارماقلىرى تەرىپىدىن تىنچىتىلدى.

1954 ـ يىلىدىن 1957 ـ يىلىغىچە جەنۇبىي شىنجاڭدا بەش قېتىم توپىلاڭ يۈز بەرگەن بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئەمەلىيەتتە ئابدۇلھېمىت دامولla چېگرا سىرتىدىكى مۇھەممەت ئىمىننىڭ ئىرادىسىگە بىنائەن پىلانلىغان. ئابدۇلھېمىت دامولla 1933 ـ يىلىلا «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»دىن ئىبارەت بۆلگۈنچى ھاكىمىيەتنى قۇرۇش توپىلىڭىغا قاتناشقان، 1949 ـ يىلى مۇھەممەت ئىمىن چەت ئەلگە قېچىش ئالدىدا يەنە ئۇنىڭغا خۇپىيانە ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ بارغان. شىنجاڭ ئازاد بولغاندىن كېيىنمۇ، چېگرا ئىچى ـ سىرتىدىكى بۆلگۈنچى كۈچلەر ئۆزئارا ئالاقىسىنى ئۈزمىگەن. تەكشۈرۈپ ئېنىقلىنىشىچە، 1950 ـ يىلىدىن 1956 ـ يىلىغىچە 131 ھاجى چېگرا سىرتىدىن خوتەنگە قايتىپ كەلگەن، بۇنىڭ ئىچىدە 11ى جاسۇسلۇق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان. ئىككىنچىدىن، ئېنىق مەقسىتى ۋە پروگراممىسى بولغان. بۇ توپىلاڭلارنى ئېلىپ بېرىشتىكى مەقسەت كومپارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»دىن ئىبارەت بۆلگۈنچى ھاكىمىيەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، شىنجاڭنى پارچىلاشتىن ئىبارەت. ئابدۇھېمىت دامولla: «ئىسلام جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى كومىتېتى»نىڭ رەئىسلىكىنى ۋاقىتىنچە ئۆزى ئۈستىگە ئالىدىغانلىقى، «ئىنقىلابتا غەلىبە قازانغاندىن كېيىن، مۇھەممەت ئىمىن ئۈستىگە ئالىدىغانلىقى» توغرىسىدا ئاشكارا جار سالغان. ئۈچىنچىدىن، ئىدىيە جەھەتتە قايمۇقتۇرۇش ئېلىپ بارغان. ئابدۇلھېمىت دامولla ۋە ئۇنىڭ كاتتىۋاشلىرى ئىسلام دىنىدىن پايدىلىنىپ «غازات» قىلىشقا، كاپىرلارنى قوغلاپ چىقىرىشقا چاقىرىق قىلغان؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇلار يەنە تارىخ بۇرمىلانغان يەر ئاستى نەشر بۇيۇملىرى، مەسىلەن، «يەتتە تۇرمۇش»، «شەرقىي تۈركىستان تارىخى»، «ئۇيغۇرلار تارىخى»ۋە «دىنىي خىتابنا-

مە»قاتارلىقلارنى تارقىتىپ ئاممىنى قايمۇقتۇرغان ۋە ئالدىغان.

ھۆكۈمەت توپىلاڭنى تىنچىتىشتا ئىزچىل تۈردە سىياسىي جەھەتتە قولغا كەلتۈرۈشنى ئاساس قىلىش، ھەربىي جەھەتتىن مۇداپىئە كۆرۈشنى قوشۇمچە قىلىش سىياسىتىدە چىڭ تۇردى. مەسىلەن، 1954 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ئابدۇلھېمىت داموللا باشچىلىقىدىكى توپىلاڭچىلار دەسلىپىدە قاراقاش، خوتەن، لوپ قاتارلىق جايلاردىكى 6000 دىن ئارتۇق ئاممىنى توپلىغان، بۇلار ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىي جەھەتتىن تەربىيە ئىشلىشى ۋە تەسىرلەندۈرۈشى ئارقىسىدا بەس ـ بەستە تەرەپ ـ تەرەپكە تارقاپ كېتىشكەن، پەقەتلا 300 ئادەم توپىلاڭغا قاتناشقان. بۇ 300 ئادەمگىمۇ تەربىيە ئىشلەش ئارقىلىق كۆپ ساندىكىلىرى كەينى ـ كەينىدىن جامائەت خەۋپسىزلىكى تارماقلىرىغا بېرىپ ئۆزىنى مەلۇم قىلغان.

بۇنىڭدىن باشقا، ھەر مىللەت ئاممىسى توپىلاڭنى تىنچىتىش داۋامىدىمۇ مۇھىم رول ئوينىغان. 1954 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ئابدۇھېمىت پىلانلاپ ئېلىپ بارغان توپىلاڭنى ئەڭ بالدۇر قاراقاش ناھىيىسىدىكى ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زات ھۆكۈمەتكە دوكلات قىلغان. جەنۇبىي شىنجاڭدا ئېلىپ بېرىلغان بىر قاتار توپىلاڭلارنى پىلانلىغۇچى ئابدۇلھېمىت داموللا ئىزچىل تۈردە ئاممىۋى سورۇنلاردا ئاشكارا ئوتتۇرىغا چىققان ئەمەس ئىدى، 1954 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ئۇ سىرلىق ھالدا غايىب بولغاندىن كېيىن، ئۇزۇن مۇددەت يەر ئاستىدا يوشۇرۇنۇپ پىلان تۈزگەن ۋە قوماندانلىق قىلغان. 1959 ـ يىلى، ئابدۇلھېمىت دامولللىنىڭ گۇمانلىق ئىز ـ دېرىكىنى بىرقانچە ئۇيغۇر ئاياللىرى ھۆكۈمەتكە دوكلات قىلغان، شۇنىڭ بىلەن جامائەت خەۋپسىزلىكى خادىملىرىمىز ئۇنى گەمىدىن تۇتۇپ چىققان.

## ئۈچىنچى، «شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى»نىڭ يوقىتىلىشى

### 1. چەت ئەلگە باغلانغان خادىملارنىڭ ھەرىكەتلىرى

شىنجاڭ ئازاد بولغاندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونىدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش ۋە ئىشلىتىشكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى. خو-تەنىنىڭ قىسمەن ناھىيىلىرى، رايونلىرىدا يۈز بەرگەن بىر قاتار توپىلاڭلار تىنچىتىلغاندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم «يەرلىك ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى زور كۈچ بىلەن يې-تىشتۈرۈش ۋە ئۆستۈرۈش» فاڭجېنىنى يەنە بىر قېتىم بېكىت-تى. ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى قوشۇنى تېزدىن زورىيىپ، شىنجاڭنىڭ سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا رەھبەرلىك قىلىدىغان مۇھىم كۈچكە ئايلاندى. لېكىن تارىخىي ۋە ئىجتىمائىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، شىنجاڭنىڭ كادىرلار قوشۇ-نىدا سىياسىي جەھەتتە ساپ بولماسلىقتەك مۇرەككەپ ئەھۋاللار ساقلاندى، ھەتتا چەت ئەلگە باغلانغان ئۇنسۇرلار پەيدا بولدى.

1960 ـ يىلى جۇڭگو ـ سوۋېت مۇناسىۋىتى ناچارلاشقاندىن كېيىن، چېگرا ئىچىدىكى چەت ئەلگە باغلانغان ئۇنسۇرلار سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئالاقە باغلاپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قوللى-شىغا تايىنىپ شىنجاڭنى پارچىلاش ۋەقەلىرىنى يەنە سادىر قىل-ماقچى بولۇشتى. 1960 ـ يىلى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىنىڭ خادىملىرى شىنجاڭدىكى چەت ئەلگە باغلانغان كۈچلەر بىلەن ئۇچراشقاندا مۇنداق دەپ يوليورۇق بەر-دى: «سىلەر ئىچكى ئىختىلاپنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، ئىت-تىپاقلىقنى كۈچەيتىشىڭلار، تەشكىلات قۇرۇپ، ئىككى بەنزە تەسىس قىلىشىڭلار، ئىككى خىل ئۇسۇلنى قوللىنىپ كۆرەشكە رەھبەرلىك قىلىشىڭلار، بىر قىسىم كىشىلەر پەردە ئارقىسىدا تۇرۇشى، بىر قىسىم كىشىلەر پەردە ئالدىغا چىقىشى لازىم.»

1962 ـ يىلى 4 ـ ئايدا، ئىلى ۋە تارباغاتاينىڭ چېگرا بويى-

لىرىدىكى بەزى جايلىرىدا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ 50 — 60 مىڭ چېگرا رايون خەلقى قانۇنسىز ھالدا چېگرىدىن ئۆتۈپ كەتتى. 5 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى، ئاز ساندىكى چەت ئەلگە باغلانغان ئۇنسۇرلار غۇلجىدا «سىياسىي توپىلاڭ» كۆتۈردى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىنىڭ ماسلىشىشى ئارقىسىدا، يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ قانۇنسىز چېگرىدىن ئۆتۈشكە قۇتراتقۇلۇق قىلىندى، 2000دىن كۆپرەك كىشى توپلىشىپ ۋەقە تۇغدۇردى. ئاز ساندىكى توپىلاڭچىلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرۇپ، باشقۇرغۇچى كادىرلارنى ئۇردى، ئاممىۋى مۇئەسسەسەلەرنى بۇزدى ۋە ئاپتوموبىللارنى چېقىۋەتتى، يەنىمۇ تەرەققىي قىلىپ خەلق ساقچىلىرى ۋە خەلق ئەسكەرلىرىنى ئۇرۇش، قوراللىرىنى بۇلاشقا ئۆزگەردى. چۈشتىن كېيىن سائەت ئالتىدە، توپىلاڭچىلار ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ ئوبلاست باشلىقىنى تۇتقۇن قىلىۋېلىپ، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق كومىتېتى بىناسىغا باستۇرۇپ كىرىپ، ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش ۋەقەسىنى سادىر قىلدى ۋە 1000 پارچىغا يېقىن مۇھىم ھۆججەتنى بۇلاپ كەتتى؛ ئارقىدىنلا بەزى توپىلاڭچىلار قاتىللىق قوراللىرىنى ئېلىپ، يەنە ئىلى ئاپتونوم ئوبلاستلىق پارتكومنىڭ خىزمەت بىناسىغا ھۇجۇم قىلدى. جامائەت خەۋپسىزلىكى خادىملىرى ئاپتونوم ئوبلاستلىق پارتكوم قورۇسىغا بېسىپ كىرگەن ئاز ساندىكى توپىلاڭچىلارنى ئاگاھلاندۇرۇپ ئاسمانغا ئوق چىقارغان بولسىمۇ ئۈنۈمى بولمىدى، شۇڭا، ۋەقەنىڭ يەنىمۇ كېڭىيىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئۇلارغا قەتئىي زەربە بەردى، توپىلاڭچىلار تەرەپ ـ تەرەپكە قېچىشتى، بۇنىڭ بىلەن توپىلاڭ تىنچىتىلدى. ۋەقە يۈز بەرگەندىن كېيىنكى تەكشۈرۈپ ئېنىقلىنىشىچە، «29 ـ ماي» سىياسىي توپىلاڭغا قاتناشقان ئورگان كادىرلىرى 52گە يەتكەن، بۇنىڭ ئىچىدە پارتىيە ئەزالىرى 29، ئىتتىپاق ئەزالىرى 90 كىشى ئىدى. مەركىزىي كومىتېت ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ

يولىيورۇقىغا ئاساسەن، ئىلى تەرەپ چېگرىنى تاقىۋەتتى، سوۋېت
مۇھاجىرلىرى جەمئىيىتىنى ئەمەلدىن قالدۇردى. چەت ئەلگە
باغلانغان ئۇنسۇرلار يوشۇرۇن ھەرىكەت ئېلىپ بېرىشقا ئۆتتى،
ئېنىق پروگراممىسى بولغان، تەشكىلىي مۇستەھكەم بولغان
بۆلگۈنچى پارتىيە قۇرۇشنى مەخپىي پىلانلاپ، كۈچ توپلاپ، پۇر-
سەت كۈتۈپ، تېخىمۇ كەڭ دائىرە ۋە كۆلەمدە بۆلگۈنچىلىك ھە-
رىكىتى ئېلىپ بارماقچى بولدى. كېيىن شىنجاڭنىڭ مەركىزىي
شەھىرى ئۈرۈمچى ۋە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى مۇھىم شەھەر قەش-
قەردە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ «شەرقىي تۈركىستان مۇستە-
قىللىق كۈرىشى ئىتتىپاقى»، «شەرقىي تۈركىستان ياشلار ۋەتەن
قۇتقۇزۇش ئارمىيىسى» قاتارلىق شىنجاڭنى پارچىلاشنى مەقسەت
قىلغان سىياسىي تەشكىلاتلار بارلىققا كەلدى.

**2. «شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى»نىڭ قۇرۇلۇشى**

1966 - يىلى، مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى پارتلىدى، يۇقىرى
قاتلامغا يوشۇرۇنغان چەت ئەلگە باغلانغان ئۇنسۇرلارنىڭ قو-
ماندانلىقىدا توختى قۇربان(ئاپتونوم رايونلۇق نەشرىياتنىڭ كا-
دىرى)، نىياز ئۆمەر(ئارشاڭ ناھىيىسىنىڭ كادىرى)، ئىسمائىل
ئىبراھىم قاسىم پەرسا(ئاپتونوم رايونلۇق تاشقى سودا ئىدارىسى-
نىڭ كادىرى) قاتارلىقلار ئوتتۇرىغا چىقىپ، پۈتۈن شىنجاڭغا
تارالغان بۆلگۈنچىلىك تەشكىلات «شەرقىي تۈركىستان خەلق
ئىنقىلابىي پارتىيىسى»نى قۇردى. بۇ پارتىيە ئەڭ دەسلەپتە
1967 - يىلى ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئۈرۈمچى ۋە قەشقەردە ئىك-
كى تارماق ئاپپارات قۇرۇپ، ئۇنىڭغا «ئۇيغۇرىيە(ستان) خەلق
ئىنقىلابىي پارتىيىسى» دەپ ئات قويغانىدى؛ كېيىن پۈتۈن شىن-
جاڭ بويىچە بىرلىككە كەلگەن تەشكىلات قۇرۇشنى پىلانلىغاندا،
كۆز بوياپ، ئاممىنى ئالداش ئۈچۈن، بۇ نامنى شىنجاڭ ئۈچ ۋىلا-
يەت ئىنقىلابى مەزگىلىدىكى خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسىنىڭ نا-
مى بىلەن ئوخشاش قىلىپ ئۆزگەرتتى ھەمدە شىنجاڭ تارىخىدى-
كى بۆلگۈنچى ھاكىمىيەتلەرنىڭ قۇرۇلغان ۋاقتى بىلەن بىردەك

قىلىش ئۈچۈن(1933 ـ يىلى قۇرۇلغان «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»ۋە 1944 ـ يىلى قۇرۇلغان «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى»دىن ئىبارەت ئىككىلا بۆلگۈنچى ھاكىمىيەت 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى قۇرۇلغان)، قۇرۇلغان ۋاقتىنى 1960 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى دەپ ئۆزگەرتتى. 1968 ـ يىلى 2 ـ ئايدا، پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە بىرلىككە كەلگەن گۇرۇھ تەشكىلاتى رەسمىي قۇرۇلۇپ، توختى قۇربان رەئىسلىكىدىكى «شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى»، شۇنداقلا بىرقانچە ئەزا ۋە كاندىدات ئەزالاردىن تەشكىللەنگەن «شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى مەركىزىي ھەيئەت رىياستى» تەشكىللەندى. توختى قۇربان: « ‹شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى ›نىڭ ھازىرقى باسقۇچتىكى پروگراممىسى ۋە ۋەزىپىسى سوۋېت ئىتتىپاقىغا تايىنىپ شىنجاڭنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، ‹شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ›نى قۇرۇش» دەپ جار سالدى. «شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى» قۇرۇلغاندىن كېيىن، مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىدىكى قالايمىقانچىلىقتىن پايدىلىنىپ تەشكىلات سىستېمىسىنى تېزدىن راۋاجلاندۇردى. 1969 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگۈچە، «شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى»نىڭ بىۋاستە رەھبەرلىكىدىكى «تەڭرىتاغ قىساسچىلىرى»، «تەڭرىتاغ ئۇلارلىرى»، «ياشلار تەشكىلاتى»دىن ئىبارەت ئۈچ بۆلگۈنچى تەشكىلاتتىن باشقا، يەنە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ۋىلايەت دەرىجىلىك تارماق ئاپپاراتلار ۋە 78 ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتى قۇرۇلدى، ئۇنىڭ تەشكىلات سىستېمىسى پۈتۈن شىنجاڭدىكى 12 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ۋە ئاپتونوم رايوندىكى 22 رايون دەرىجىلىك ئورۇنغىچە كېڭەيدى. 1969 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، بۇ پارتىيە تۈرلۈك مۇناسىۋەتلىرىدىن پايدىلىنىپ مەخپىي ھالدا 1500دىن ئارتۇق ئادەمنى قوبۇل قىلدى.

«شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى» قۇرۇل-

غاندىن كېيىن، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ «نىزامنامە»، «ئومۇ-
مىي پروگرامما»، كۈرەش نىشانى قاتارلىقلارنى تۈزدى ۋە «پارتىيە
گېربى»، «پارتىيە بايرىقى»، شۇنداقلا «ئۇيغۇرىستان خەلق جۇمـ-
ھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت بايرىقى» نۇسخىسىنى تەييارلىدى. شۇنىڭ
بىلەن بىللە، «شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى»
يەنە بۆلگۈنچىلىك جامائەت پىكرى توپلاش، ھەر مىللەت ئاممى-
سىغا بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسىنى سىڭدۈرۈشنى بىر تۈرلۈك مۇ-
ھىم ۋەزىپە قىلدى. بۇ پارتىيە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ «مەش-
ئەل گېزىتى»، «ئويغىنىش گېزىتى»، «مۇستەقىللىق گېزىتى»
قاتارلىق گېزىت - ژۇرناللار ھەمدە بۆلگۈنچىلىك تەشەببۇسلىرى
بېسىلغان تەشۋىقات ۋەرەقىلىرى ياكى كىتابچىلارنى كۆپلەپ بې-
سىپ، يوشۇرۇن تارقاتتى.

قوراللىق توپىلاڭ كۆتۈرۈش، خەلق ھۆكۈمىتىنى ئاغدۇرۇپ
تاشلاش، بۆلگۈنچى ھاكىمىيەت قۇرۇش «شەرقىي تۈركىستان
خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى»نىڭ ئاخىرقى نىشانى ئىدى، شۇڭا،
بۇ پارتىيىنىڭ «مەركىزىي كومىتېتى» كۆپ قېتىم جايلاردىكى
تارماق ئاپپاراتلىرىغا « قوراللىق كۈرەش بازىسى قۇرۇشنى چىڭ
تۇتۇش»، «قورال، ئوق - دورا، ئاشلىق، كىيىم - كېچەك قاتار-
لىق جەڭگە كېرەكلىك بۇيۇملارنى پائال تەييارلاش»توغرىسىدا
يوليورۇق بەردى. توپىلاڭ كۆتۈرۈش خىراجىتىنى توپلاش ئۈ-
چۈن، جايلاردىكى تارماق ئاپپاراتلار بانكا، ئىسكىلات، ماگىزىن،
ئاشلىق دۇكىنى قاتارلىقلارنى بۇلىدى، پەقەت ئۈرۈمچى، ئىلى،
قاراماي قاتارلىق جايلاردىلا 22 قېتىم بۇلاڭچىلىق قىلىپ، 100
نەچچە مىڭ يۈەندىن ئارتۇق نەق پۇل بۇلىدى. چېگرا بويىغا
جايلاشقان رايونلاردىكى تارماق ئاپپاراتلار قوراللىق توپىلاڭ ئې-
لىپ بېرىش پىلانىنى تۈزۈشنى تېزلىتىپ، چېگرا سىرتىدىكى-
لەرنىڭ قوللىشى بىلەن بۆلگۈنچى ھاكىمىيەت قۇرۇش خام خى-
يالىنى قايتىدىن ئىشقا ئاشۇرماقچى بولۇشتى. «شەرقىي تۈر-
كىستان خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى»نىڭ «ئالتاي شۆبە بيۇرو-

سى» ھەر تەرەپلىمە قورال توپلاپ، كىيىم - كېچەك، ئوزۇق - تۈلۈك تەييارلاپ، ھەرىكەت خەرىتىسىنى سىزىپ، قوراللىق توپىلاڭ كۆتۈرۈشكە تەييارلىق كۆردى. «بورتالا شۆبە بيۇروسى» بورتالادا تۇرۇشلۇق ئارمىيە ۋە ساقچىخانىنىڭ قورال - ياراغلىرىنى بۇلاپ، قارا تولۇق تېغىنىڭ ئېغىزىدا قوراللىق بازا قۇرۇپ، پارتىزانلىق ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىش پىلانىنى تۈزدى. «ئىلى كومىتېتى» غۇلجا ناھىيىسىنىڭ نەنتەيزى كۆمۈر كېنىنىڭ قورال، ئوق - دورىلىرىنى بۇلىغاندىن كېيىن قوراللىق توپىلاڭ كۆتۈرۈشنى پىلانلىدى. «تارباغاتاي شۆبە بيۇروسى»نىڭ شىخو ناھىيىلىك ياچېيكىسى ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىنىڭ 10 تونىنىدىن ئارتۇق بوغدىيىنى تارتىۋېلىپ توپىلاڭنىڭ يېمەكلىك زاپىسى قىلىشنى پىلانلىدى. بۇ پارتىيىنىڭ «ئىلى كومىتېتى»، «ئۈرۈمچى شۆبىسى»، «ئالتاي شۆبە بيۇروسى» ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 12 قېتىم 26 ئادەمنى(جامائەت خەۋپسىزلىكى چېگرا مۇداپىئەسى تارماقلىرى 12سىنى قولغا چۈشۈردى) چېگرا سىرتىغا چىقىپ ئالاقىلىشىشكە ئەۋەتىپ، قورال - ياراغ ۋە ئالاقىلىشىش ئۈسكۈنىلىرى ياردىمىگە ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلدى، ھەتتا ھەربىي مەسلىھەتچى ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلدى. چېگرا سىرتىدىكى جاسۇسلۇق، ئاخبارات ئورۇنلىرى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ توققۇز تۈركۈمدە خۇپىيانە ھالدا 14 ئادەم/قېتىم (جامائەت خەۋپسىزلىكى چېگرا مۇداپىئەسى تارماقلىرى توققۇز ئادەمنى قولغا چۈشۈردى) تېلېگراف ئاپپاراتى، قورال - ياراغ ۋە ھەرىكەت خىراجىتى كىرگۈزۈپ، «شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى» بىلەن ئالاقىلەشتى. بۇ پارتىيىنىڭ چېگرا بويىدىكى رايونلاردا قوراللىق توپىلاڭ كۆتۈرۈش پىلانى جامائەت خەۋپسىزلىكى تارماقلىرىمىز تەرىپىدىن ۋاقتىدا پاش قىلىنىپ، ئۇلارنىڭ توپىلاڭ كۆتۈرۈش ھەرىكىتى بۇزۇۋېتىلدى.

**3. توپىلاڭنى تىنچىتىش ۋە بۆلگۈنچى گۇرۇھلار، تەشكىلاتلارنى پاش قىلىش**

1969 - يىلى 1 - ئايدا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق

جامائەت خەۋپسىزلىكى، قوغداش تارماقلىرى «شەرقىي تۈركىس-
تان خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى»نىڭ بۆلگۈنچى گۇرۇھلىرى،
تەشكىلاتلىرى ئۈستىدە مەخسۇس دېلو تۇرغۇزۇپ، رازۋېدكا قى-
لىپ تەكشۈردى. شۇ پارتىيىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى رەئىسى توخ-
تى قۇربان بۆلگۈنچىلىك، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرى بىلەن
ئاشكارا شۇغۇللانغاچقا ئامموۋى تەشكىلاتلار تەرىپىدىن سولاندى،
كېيىن ئىسمائىل ئىبراھىم سوۋېت ئىتتىپاقىغا قېچىپ كەت-
تى، نىياز ئۆمەر قولغا ئېلىندى. مۇتەللىپ ( ئاپتونوم رايونلۇق
خەلق بانكىسىنىڭ سابىق مۇئاۋىن باشلىقى)، ئىدرىس (شىنجاڭ
ھەربىي رايونى پىيادە ئەسكەرلەر مەكتىپىنىڭ ئوفىتسېرى) يېڭى
رەھبەرلىك يادروسىنى تەشكىللىدى. مۇشۇ ۋاقىتتا، جامائەت
خەۋپسىزلىكى تارماقلىرى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ شىمالىي
شىنجاڭنىڭ چېگرا بويى رايونلىرىدىكى «شەرقىي تۈركىستان
خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى»نىڭ تارماق ئاپپاراتلىرىنى پاش قى-
لىپ بولغان، توپىلاڭ كۆتۈرۈش سۇيىقەستى ئاشكارىلىنىپ بول-
غانىدى. 8 - ئايدا، بۇ پارتىيىنىڭ «مەركىزىي كومىتېتى» «قەش-
قەر جەنۇبىي شىنجاڭ بيۇروسى»غا جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلىرىدا
قوراللىق توپىلاڭنى دەرھال ئېلىپ بېرىپ، «مۇستەھكەم بازا
قۇرۇش»نى تەلەپ قىلىپ مەخپىي بۇيرۇق چۈشۈردى ھەمدە «قو-
ماندان»، «سىياسىي كومىسسار»لارنى تەيىنلىدى.
ئەينى ۋاقىتتا «شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابىي پارتى-
يىسى» «قەشقەر جەنۇبىي شىنجاڭ شۆبە بيۇروسىنىڭ شۇجىسى»
ئاخۇنوف(قەشقەر تراكتور پونكىتىنىڭ سابىق باشلىقى) قەشقەر
شەھىرى ۋە مەكىت ناھىيىسىدە توپىلاڭ كۆتۈرۈشنى قارار قىل-
دى. توپىلاڭغا تەييارلىق كۆرۈش يىغىنىدا، ئاخۇنوف «توپىلاڭغا
رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى» قۇرۇپ، ھەرىكەت پىلانىنى بې-
كىتتى ھەمدە توپىلاڭ كۆتۈرگەندىن كېيىن جۇڭگو - سوۋېت
ئىتتىپاقى چېگرىسىغا قاراپ يۈرۈش قىلىشنى، «شەرقىي تۈر-
كىستان»نىڭ قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلاش»نى، چېگرا سىرتىدىكى

قورالliq كۆچلەرنى كۆتۈۋېلىشنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى. 8 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى، توپىلاڭ كۆتۈردى، مەكىت ناھىيىسىدىكى توپىلاڭچى ئۇنسۇرلار ناھىيىلىك خەلق ئەسكەرلىرى قورال ـ ياراغ ئىسكىلاتىنى بۇلىدى. توپىلاڭچى ئۇنسۇرلار چېگرا تەرەپكە قاراپ ھەرىكەت قىلىۋاتقاندا، يەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى تارماقلىرىمىز ۋە قوراللىق ساقچى قىسىملىرىمىز تەرىپىدىن ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا قورشاپ يوقىتىلدى ھەمدە بىر تۈركۈم قورال ـ ياراغ، ئوق ـ دورا ۋە باشقا قاتىللىق قوراللىرى قولغا چۈشۈرۈلدى. ئاخۇنوف قاتارلىق 10 توپىلاڭچى ئۇنسۇر ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى، قالغانلىرى قولغا ئېلىندى.

قوراللىق توپىلاڭنى تىنچىتىش بىلەن بىللە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى جامائەت خەۋپسىزلىكى، قوغداش تارماقلىرى مەخسۇس دېلو تۇرغۇزۇپ ئەتراپلىق رازۋېدكا قىلىپ، «شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى»نىڭ تەشكىللىنىش ۋە ھەرىكەت قىلىش ئەھۋالىنى ئاساسىي جەھەتتىن ئىگىلەپ، تولۇق، ئىشەنچلىك پاكىتلارنى قولغا چۈشۈرۈپ بولدى. ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېت ۋە شىنجاڭ ھەربىي رايونى بۇ توپىلاڭنى ئازادلىقتىن بۇيان شىنجاڭدا يۈز بەرگەن كۆلىمى ئەڭ چوڭ، تەشكىلاتى، پروگراممىسى، پىلانى، ھەرىكىتى بولغان بۆلگۈنچىلىك گۇرۇھى دېلوسى دەپ بېكىتتى. مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ يوليورۇقى بويىچە، ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېت جامائەت خەۋپسىزلىكى، قوغداش تارماقلىرىنى پۈتۈن شىنجاڭ مىقياسىدا «شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى» بۆلگۈنچى گۇرۇھى تەشكىلاتىنى قانۇن بويىچە تازىلاش ۋە بىر تەرەپ قىلىشقا بۇيرۇدى، 1970 ـ يىلى 3 ـ ئايغىچە پۈتۈن دېلو پاش قىلىنىپ بولدى. ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، پۈتۈن شىنجاڭدا بۇ دېلوغا چېتىشلىق ئادەملەر 5000دىن ئارتۇق بولغان، بۇنىڭ ئىچىدە «شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى»نىڭ ئەزاسى 1165 ئادەم دەپ بېكىتىلگەن؛ 230 ئادەم

قانۇن بويىچە جازالانغان، 135 ئادەم باشقىچە بىر تەرەپ قىلىنغان.

پاش قىلىنغان «شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى»نىڭ تەشكىلىي خادىملىرىنىڭ ئەھۋالىنىڭ مۇرەككەپلىكى، يەنە كېلىپ كۆپ ساندىكىلەر ئىقرار قىلىپ مەسىلىسىنى تاپشۇرغانلىقى، جىنايىتىنى تونۇپ، قانۇننىڭ جازاسىغا بويسۇنغانلىقى، شۇنداقلا بۇ دېلونىڭ يەنە 10 يىللىق «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دەك قالايمىقانچىلىق يىللىرىدىن ئىبارەت ئالاھىدە مۇھىتتا سادىر بولغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، زەربە بېرىش دائىرىسىنى كىچىكلىتىش، تەربىيە بېرىش دائىرىسىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن، مەركىزىي كومىتېتنىڭ 1975 ـ يىلى 8 ـ ئايدا بۇ دېلو توغرىسىدا بەرگەن يوليورۇقىنىڭ روھىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ قارار قىلىشى بىلەن، بۇ دېلونىڭ بىر تەرەپ قىلىنىشى قايتىدىن قاراپ چىقىلدى. توپىلاڭدا ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن ۋە باشقا بىر تەرەپ قىلىنغان 387 مۇھىم جىنايەتچىدىن باشقا 1165 ئادەم بۇ پارتىيىنىڭ ئەزاسى دەپ قارالماي، سىياسىي خاتالىق ئۆتكۈزگۈچىلەر دەپ قارالدى. جىنايىتى يېنىك بولغان ۋە جىنايىتىنى تونۇپ قانۇننىڭ جازاسىنى قوبۇل قىلىپ جازا مۇددىتىنى ئۆتەۋاتقانلارنىڭ جازاسى يېنىكلىتىلدى ياكى ئۇلار مۇددەتتىن بۇرۇن قويۇپ بېرىلدى.

## تۆتىنچى، 20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرى يۈز بەرگەن توپىلاڭ كۆتۈرۈش، قالايمىقانچىلىق چىقىرىش ۋەقەلىرى

### 1. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن كېيىن شىنجاڭ يېڭى كەسكىن ۋەزىيەتكە دۇچ كەلگەن

1978 ـ يىلى ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن كېيىن، مەركىزىي ھۆكۈمەت يېڭى دەۋردىكى مىللەتلەر خىزمىتى ۋەزىپىسىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى ئىككى تۈرلۈك قىلىپ بېكىتتى: بىرىنچىسى، ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ئاكتىپلىقىنى تولۇق

قوزغاپ، 20 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش-
نى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش؛ ئىككىنچىسى، ھەر-
قايسى مىللەتلەرنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئىشلىرىنى تەرەققىي
قىلدۇرۇشىغا زور كۈچ بىلەن ياردەم بېرىپ، تارىختىن قېلىپ
قالغان ئەمەلىيەتتىكى باراۋەرسىزلىكنى يەنىمۇ تۈگىتىش. مۇشۇ
باش ۋەزىپىنى چۆرىدىگەن ھالدا، ئىدىيىدە ئازاد بولۇپ، مىللەت-
لەر خىزمىتىدىكى چەكلەنگەن رايوننى بۇزۇپ تاشلاپ، مىللەت،
دىن سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۇرۇش، ئۇۋال قىلىنغان، ساختا،
خاتا دېلولارنى تۈزىتىش خىزمەتلىرى قانات يايدۇرۇلدى. ئاپتونوم
رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى مەركەزنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى توغ-
رىسىدىكى بىر قاتار يوليورۇقلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ،
تۈرلۈك مىللەتلەر سىياسەتلىرىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۇ-
رۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنى بىرىنچى ئورۇنغا قو-
يۇشتا چىڭ تۇردى. ئۇۋال قىلىنغان، ساختا، خاتا دېلولارنى تۈ-
زىتىش، تۈرلۈك مىللەتلەر سىياسەتلىرىنى ئەمەلىيلەشتۇرۇش
ئارقىلىق، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان بىر
تۈركۈم مەسىلىلەرنى مەركەزلىك ھالدا ھەل قىلدى. دىنىي ئې-
تىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۇرۇش ئارقىلىق،
دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ ئىدىيىۋى ئاسارىتىنى تۈ-
گەتتى. ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان
رايونلاردا نامراتلارغا يار ـ يۆلەك بولۇش خىزمىتىنى نۇقتىلىق
قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق، يەرلىك خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى-
نى ئۆستۈردى. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى
مۇكەممەللەشتۇرۇش ئارقىلىق، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەل-
قىنىڭ ئورتاق ئاپتونومىيە ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلدى. يۇقىرى-
قىدەك، قالايمىقانچىلىقلارنى ئوڭشاش خىزمەتلىرى شىنجاڭدىكى
مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنىڭ ئىناق تەرەققىي قىلىشىدا مۇھىم تۈ-
رتكىلىك رول ئوينىدى.

لېكىن، بازار ئىگىلىكىگە ئۆتۈشكە ئەگىشىپ، قىسمەن ئاز

سانلىق مىللەت ئاممىسى ئوتتۇرىسىدا كىرىم ۋە تۇرمۇش سەۋىيە
جەھەتتە خېلى زور پەرق پەيدا بولدى؛ سىياسىي مۇھىتنىڭ كەڭ
كۇشادە بولۇشى دىنىنىڭ ئۆزلۈكسىز «كۈچىيىشى»نى كەلتۈرۈپ
چىقاردى؛ ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش سىياسىتىنىڭ يولغا قو-
يۇلۇشى يەنە ئۇزۇن مۇددەت چەت ئەلدە تۇرۇۋاتقان بۆلگۈنچى
ئۇنسۇرلارغا سىڭىپ كىرىش پۇرسىتى يارىتىپ بەردى؛ ئىقتىسا-
دىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى داۋامىدا، بەزى ئاساسىي قاتلام تەشكىلات-
لىرى پالەچ ياكى باشقۇرۇشى كۈچلۈك بولماسلىقتەك ھالەتكە
چۈشۈپ قالدى؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە، سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلىنىش
ھارپىسىدا ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىدا بارلىققا كەلگەن مىللىي
بىر تەرەپلىمىلىك ۋە دىنىي قايتىدىن گۈللەندۈرۈش پىكىر ئې-
قىملىرى شىنجاڭغا خېلى زور تەسىر كۆرسەتتى، ئىسلاھات ئې-
لىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن كېيىن بارلىققا كەلگەن
بۇنداق يېڭى ئەھۋال ۋە يېڭى مەسىلىلەر شۇ مەزگىلدە شىنجاڭ-
نىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ئىشلىرىدا مۇرەككەپ ۋەزىيەتنى
شەكىللەندۈردى. يەنە بىر تەرەپتىن، شىنجاڭدا يەنىلا بۆلگۈنچى-
لىك ئىدىيىسىنىڭ قالدۇقلىرى بار ئىدى. گەرچە 20 - ئەسىر-
نىڭ 50 - يىللىرى ئىلى ۋە جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ قىسمەن
رايونلىرىدا يۈز بەرگەن بۆلگۈنچىلىك توپىلاڭلىرى تىنجىتىل-
غان، شۇنداقلا 20 - ئەسىرنىڭ 70 - يىللىرىنىڭ باشلىرىدا
«شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى» پاش قىلىنىپ
چەت ئەلگە باغلانغان ئۇنسۇرلار تازىلانغان، شىنجاڭدىكى بۆلگۈن-
چى كۈچلەرگە قاقشاتقۇچ زەربە بېرىلگەن، شىنجاڭدا 10 يىلغا
يېقىن چوڭ كۆلەملىك بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرى بارلىققا كەل-
مىگەن بولسىمۇ، لېكىن 20 - ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىدىن 70 -
يىللىرىغىچە بولغان ئالاھىدە تارىخىي شارائىتتا، كونا جۇڭگودىن
قېلىپ قالغان بۆلگۈنچىلىك پىكىر ئېقىملىرى ۋە «مىللىي
ئازادلىق ھەرىكىتى»گە بولغان خاتا تونۇشلار ئەستايىدىل تازىلان-
مىغانلىقتىن، بولۇپمۇ قىسمەن ئاز سانلىق مىللەت زىيالىيلىرى

ۋە دىنىي زاتلاردا ساقلىنىۋاتقان «پانتۈركىزم»، «پانئىسلامىزم»
ئىدىيىسى ئەستايىدىل تازىلانمىغانلىقتىن، شۇنداقلا ئامما ئارد-
سىدا بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى تەربىيىسى ئاشكارا
ئېلىپ بېرىلمىغانلىقتىن، بىر مەھەل پەسەيگەن بۆلگۈنچىلىك
پىكىر ئېقىمى ئىسلاھات - ئېچىۋېتىشتىن كېيىن يەنە قايتىدىن
باش كۆتۈرۈپ، يېڭىۋاشتىن يالقۇنجاشقا ۋە يامراشقا باشلىدى،
يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ بۇنى باھانە قىلىپ مىللىي بىر تەرەپلىمە-
لىككە ۋە دىنىي ئەسەبىيلىككە قۇتراتقۇلۇق قىلىش، بۆلگۈنچى
پارتىيە تەشكىللەش، بۆلگۈنچىلىك قىلىش ۋەقەلىرى كۆرۈلۈشكە
باشلىدى.

**2. بۆلگۈنچى پارتىيەلەرنى پاش قىلىش ۋە بۆلگۈنچىلىك توپىلاڭلىرد-
نى تىنچىتىش**

1981 - يىلى 3 - ئاينىڭ 26 - كۈنى، پەيزىۋات ناھىيىسد-
دىكى يۇرتىغا قايتقان زىيالىي ياش ھەسەن ئىسمائىل قاتارلىق
كىشىلەر قۇرئان تۇتۇپ قەسەم قىلىپ، «شەرقىي تۈركىستان يال-
قۇن پارتىيىسى»نى قۇردى، قارىمىقىدا «مىللىي خەلق ئازادلىق
سېپى»، «ئىقتىسادىي ئىشلار كومىتېتى»، «تەشكىلىي ئىشلار
كومىتېتى»، «ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى» قاتارلىق ئاپ-
پاراتلارنى تەسىس قىلدى. بۇ پارتىيىنىڭ يىغىنىدا ماقۇللانغان
پروگراممىسى « ‹شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى› قۇ-
رۇش» بولدى. پارتىيىنىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىپىسى: «قوراللىق كۈچ
تەشكىللەپ، ئىسلام قوراللىق كۈچلىرىدىن پايدىلىنىپ، ‹ كا-
پىرلار › ، جاھانگىرلارغا جەڭ ئېلان قىلىش» دەپ بەلگىلەندى. بۇ
پارتىيە يەنە پارتىيە ئىنتىزامىنى تۈزۈپ چىقتى ۋە پارتىيە بايرد-
قى، تامغىسى قاتارلىقلارنى لايىھىلەپ چىقتى. بۇ پارتىيە قۇرۇل-
غىنىغا ئىككى ئاي بولمايلا ئالتە قېتىم «دائىمىي كومىتېت يىد-
غىنى» ئېچىپ، 139 ئادەمنى پارتىيىگە قوبۇل قىلدى. بۇ 148
پارتىيە ئەزاسى ئىچىدە، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىد-
لىرى 58، يۇرتىغا قايتقان زىيالىي ياشلار ۋە ياش دېھقانلار 60

ئادەم ئىدى؛ 15 ياشتىن 20 ياشقىچە بولغانلار ئومۇمىي سانىنىڭ 85 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەنىدى، ئەڭ چوڭى ئارانلا 29 ياشتا ئىدى. مۇشۇنداق بىر بۆلگۈنچى پارتىيە 80 - يىللاردا شىنجاڭدىكى تۇنجى، شۇنداقلا بىردىنبىر بۆلگۈنچىلىك توپىلىڭىنى پىلانلىدى.

1981 - يىلى 5 - ئاينىڭ 26 - كۈنى كەچتە، ئىنچىكىلىك بىلەن پىلانلاش ئارقىلىق، «شەرقىي تۈركىستان يالقۇن پارتىيەسى»نىڭ كاتتىۋاشلىرىدىن ھەسەن ئىسمائىل، داۋۇت ساۋۇتلار 150تىن ئارتۇق ئەزاسىنى توپلاپ، ئۈچ يولغا بۆلۈنۈپ پەيزىۋات ناھىيىلىك قوراللىق كۈچلەر بۆلۈمىنىڭ خەلق ئەسكەرلىرى قورال - ياراغ ئامبىرىغا كىرىپ، تۈرلۈك قوراللاردىن 152 تال ۋە ھەر خىل ئوق - دورا، گىراناتلارنى بۇلاپ كەتتى. ناھىيىلىك قورال - ياراغ ئامبىرىنى ساقلىغۇچى ھامۇتجاننىڭ ئايالى قەمەرگۈل توپىلاڭچىلارنىڭ قورال - ياراغلارنى بۇلىغاندىن كېيىن ناھىيە بازىرىغا ھۇجۇم قىلماقچى بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، ھاياتىنىڭ خەۋپ ئىچىدە قالغىنىغا قارىماي، يالاڭ ئاياغ يەتتە كىلومېتىر يولنى يۈگۈرۈپ، ناھىيىلىك قوراللىق كۈچلەر بۆلۈمىگە خەۋەر قىلدى. توپىلاڭچىلار بۇلاڭچىلىق قىلىپ بولغاندىن كېيىن ناھىيە بازىرىغا ھۇجۇم قىلماقچى بولغاندا، ناھىيە بازىرىنىڭ بۇنىڭغا تەييارلىق كۆرۈپ بولغانلىقىنى كۆرۈپ، ناھىيە بازىرىدىن ئۈچ كىلومېتىر يىراقلىقتىكى قويۇق ئورمانلىق ئىچىگە توپلىنىپ، ئاشكارا ھالدا «شەرقىي تۈركىستان يالقۇن پارتىيىسى» ۋە «مىللىي خەلق ئازادلىق سېپى» بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، ئۆزلىرىنى «غازاتچىلار قوشۇنى» دەپ ئاتاشتى. شۇ جايدىكى جامائەت خەۋپسىزلىكى تارماقلىرى ۋە ئارمىيە قوراللىق توپىلاڭچىلارنى تېزدىن قورشاپ، ئۇلارغا كۈچلۈك ئىدىيىۋى خىزمەت ئىشلىدى، توپىلاڭچىلار ئىچىدىكى ياشلار بەس - بەستە قوراللىرىنى تاشلاپ ئۆزىنى مەلۇم قىلدى، ئاخىرىدا بارلىق توپىلاڭچى ئۇنسۇرلار قورالىنى تاشلاپ تەسلىم بولدى. بۇ دېلونى تەكشۈرۈش

جەريانىدا، «شەرقىي تۈركىستان يالقۇن پارتىيىسى» تەكشۈرۈپ پاش قىلىندى. جىنايى پاكىتلىرىنى نەقلەشتۈرۈش ئارقىلىق 13 ئادەم قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىندى.

**3. جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ قىسمەن رايونلىرىدا كۆرۈلگەن بۆلگۈنچىلىك خاراكتېرىدىكى قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرۇش ۋەقەلىرى**

20 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرى، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ قىسمەن جايلىرىدا مىللىي كەيپىيات بىر تەرەپلىد-

**9.1 ـ جەدۋەل: 20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدا جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ قېتىملىق بۆلگۈنچىلىك خاراكتېرىدىكى قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرۇش ۋەقەلىرى جەدۋىلى**

| ۋاقتى، نامى | كېلىپ چىقىش سەۋەبى | قالايمىقانچىلىق كۆلىمى | قالايمىقانچىلىق چىقىرىش شەكلى ۋە يارىلانغان ئادەم سانى | توۋلىغان ئاساسلىق شوئارلار | بىر تەرەپ قىلىنىشى |
|---|---|---|---|---|---|
| 1980 ـ يىلى، ئاقسۇدىكى «9 ـ ئاپرېل » ۋەقەسى | بىر ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسى كۇتۇلمىگەندە زەخىملىنىپ ئۆلۈش | 3000دىن ئارتۇق ئادەم ئۈچ كۈن قالايمىقانچىلىق چىقارغان | پارتىيە، ھۆكۈمەت،ئورگانلىرىغا ھۇجۇم قىلىش؛ جەسەتنى كۆتۈرۈپ قانۇنسىز نامايىش قىلىش؛ ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش، ئۆلتۈرۈش. ئىككى ئادەم ئۆلگەن، 549 ئادەم يارىلانغان، بۇنىڭ ئىچىدە 93 ئادەم ئېغىر يارىلانغان. | «خىتايلارنى يوقىتايلى»، «خەنزۇلار ئىچكىرىگە كەتسۇن». | 155 ئادەم تەكشۈرۈلدى،12 ئادەم قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىندى |
| 1981 ـ يىلى قاغىلىقتىكى «13 ـ يانۋار»قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرۇش ۋەقەسى | مەسچىتكە ئوت كېتىش | 2000 دىن ئارتۇق ئادەم تۆت كۈن قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرغان | پارتىيە، ھۆكۈمەت،ئورگانلىرىغا ھۇجۇم قىلىش؛ قانۇنسىز نامايىش قىلىش؛ كادىر ساقچىلار، پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگان كادىرلىرىنى ئۇرۇش. 155 ئادەم تاياق يېگەن. | «ئىسلام ئىنقىلابىنى ئاداققىچە ئېلىپ بارايلى»، «كوپارلارنى يوقىتايلى»، «ياشىسۇن ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» | 86ئادەم يىغىۋېلىنىپ سوراق قىلىندى. 10 ئادەم قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىندى |
| 1981 ـ يىلى قەشقەردىكى «30 ـ ئۆكتەبىر»ۋەقەسى | بىر ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسى كۇتۇلمىگەندە زەخىملىنىپ ئۆلۈش | 2000 دىن ئارتۇق ئادەم ئىككى كۈن قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرغان | قانۇنسىز نامايىش قىلىش؛ ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش، ئۆلتۈرۈش؛ پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگىنىغا ھۇجۇم قىلىش، 631 ئادەم تاياق يېگەن، 262 ئادەم يارىلانغان، بۇنىڭ ئىچىدە 197 ئادەم ئېغىر يارىلانغان، ئىككى ئادەم ئۆلگەن. | «خىتايلارنى يوقىتايلى»، «خىتايلارنى قوغلاپ چىقىرايلى»، «ياشىسۇن ئىسلام جۇمھۇرىيىتى». | 231 ئادەم تەكشۈرۈلدى، 67 ئادەم يىغىۋېلىنىپ سوراق قىلىندى |

مىلىشىش، دىنىي كەيپىيات ئەسەبىيلىشىشتەك بىنورمال ئەھۋاللار بارلىققا كەلدى. 20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىنىڭ باشلىرىدا، بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ قايمۇقتۇرۇشى ئارقىسىدا، بەزى جايلاردا بۆلگۈنچىلىك خاراكتېرىدىكى سىياسىي قالايمىقانچىلىقلار بارلىققا كەلدى، بىرقەدەر چوڭ بولغان ۋەقەدىن ئۈچى كۆرۈلدى.

جەدۋەلدىن 20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىنىڭ باشلىرىدا جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ قىسمەن جايلىرىدا يۈز بەرگەن ئۈچ قېتىملىق بۆلگۈنچىلىك خاراكتېرىدىكى قالايمىقانچىلىق چىقىرىش ۋەقەسىنىڭ تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ:

(1) ئۈچ قېتىملىق قالايمىقانچىلىق چىقىرىش ۋەقەسىنىڭ كېلىپ چىقىشىدا سەۋەبچى ئامىللار بولسىمۇ، لېكىن ھەر قېتىمقى ۋەقە ناھايىتى تېز پارتلىغان، ئەگەشكۈچىلەر ۋە قايمۇقتۇرۇلغۇچىلار كۆپ، كۆتۈرۈپ چىققان بۆلگۈنچىلىك بايراقلىرى ئېنىق، داۋاملىشىش ۋاقتى بىرقەدەر ئۇزۇن بولغان. ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە يامان تەسىرلەرنى پەيدا قىلغان.

(2) ئۈچ قېتىملىق قالايمىقانچىلىق ۋەقەسىدە كۆتۈرۈپ چىققان ئاساسلىق سىياسىي شوئارلار 20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ ، 40 ـ يىللىرى ۋە 50 ـ ، 60 ـ يىللىرى بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار كۆتۈرۈپ چىققان شوئارلار بىلەن ئوخشاش بولۇپ، يەنىلا «خەنزۇلارنى قوغلاپ چىقىرىش»، «ئىسلام دۆلىتى» ياكى «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇشتىن ئىبارەت بولغان. بۇنىڭدىن قالايمىقانچىلىق ۋەقەلىرىنىڭ كەينىگە تارىختىن بۇيان داۋاملىشىپ كەلگەن بۆلگۈنچىلىك «قارا لىنىيە»نىڭ يوشۇرۇنغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

(3) قالايمىقانچىلىق چىقىرىش ۋەقەسىگە قاتناشقۇچىلار ياشلاشقان. قالايمىقانچىلىققا تەشكىلاتچىلىق قىلغۇچىلار، تا-

يانچىلار ۋە قاتناشقۇچىلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ياشلار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى نۇرغۇنى خۇسۇسلار ئاچقان دىنىي مەكتەپلەردە ئوقۇپ چىققان «تالىپ»لار ئىدى، ئۇلار قالايمىقانچىلىقتا كۆپىنچە ئالدىدا ماڭغۇچىلار بولغان. بۇ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دىن ئىبارەت 10 يىللىق قالايمىقانچىلىق مەزگىلىدە، دۆلەت قارىشى، ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە مىللەتلەر سىياسىتى، دىن سىياسىتى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى توغرىسىدىكى تەربىيىنىڭ ئاجىز بولغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئەكس تەسىرىنىڭ قىسمەن ياشلاردا نامايان بولغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

(4) بىر تەرەپلىمىلىك دىنىي ئەسەبىيلىك كەيپىياتى مەۋجۇت. قاغىلىقتىكى «13 ـ يانۋار» قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلىش ۋەقەسىدە، ئاز ساندىكى توپىلاڭچىلار: «دىنىمىز ئۈچۈن، خۇدا ‹يەنى مۇھەممەت پەيغەمبەرنى دېمەكچى›نىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئىش كۆرۈپ، ئىسلام ئىنقىلابىنى ئاداققىچە ئېلىپ بارايلى» دەپ قۇتراتقۇلۇق قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە، «مۇسۇلمان قېرىنداشلارغا مۇراجىئەت»نى ھەممە يەردە تارقىتىپ، «كوچىغا چىقىپ نامايىش قىلىش غازات ئېلىپ بارغانلىقتۇر. دىن ئۈچۈن قۇربان بەرگۈچىلەر قەھرىماندۇر، شېھىتتۇر، ئەڭ شەرەپلىك ئىشتۇر، ئۇ ئالەمدە جەننەتكە كىرگۈچىلەردۇر! مۇسۇلمان قېرىندىشىمىز بولساڭلار بىز بىلەن بىرگە ناھىيىلىك پارتكومغا بېرىڭلار، بارمىغۇچىلار مۇسۇلمان ئەمەستۇر» دەپ جار سالدى. قەشقەردە يۈز بەرگەن «30 ـ ئۆكتەبىر»ۋەقەسىدىمۇ، تەشكىللىگۈچىلەر «ئۆكتەبىر دېگەن غازات ئېيىدۇر، ئۆلگۈچىلەر شېھىت، ھايات قالغۇچىلار قەھرىماندۇر» دەپ جار سېلىپ، كۈچىنىڭ بارىچە دىنىي ئەسەبىيلىككە قۇتراتقۇلۇق قىلغان.

قەشقەر «30 ـ ئۆكتەبىر» بۆلگۈنچىلىك، قالايمىقانچىلىق ۋەقەسىنى تەكشۈرۈش داۋامىدا، «ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇرىستان ياشلار ئۇچقۇن پارتىيىسى»دىن ئىبارەت بۆلگۈنچى تەشكىلات ئېنىقلاندى. بۇ پارتىيە 1981 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى قەش-

قەر شەھىرىدە رەسمىي قۇرۇلغان ھەمدە رەئىس، مۇئاۋىن رەئىس-لىرىنى سايلىغان ۋە قەسەم ئىچىشكەن. ھازىرقى ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئۇيغۇرلارنىڭ «مۇستەقىل، ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولغان» دۆلىتىنى قۇرۇش ئۇچۇن كۈرەش قىلىشنى ئۆزلىرىنىڭ ئاساسىي مەقسىتى قىلغان. بۇ پارتىيە قۇرۇلۇپ ئۇزۇن بولمايلا «30 ـ ئۆكتەبىر» ۋەقەسى يۈز بەرگەن. بۇ پارتىيىنىڭ رەھبەر-لىرى تېزدىن ۋەقەنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى قولغا كىرگۈزۈپ، ئۇنىڭغا تەشكىلاتچىلىق قىلغان ۋە تەشۋىقات ئېلىپ بارغان، ئام-مىنى قايمۇقتۇرغان ياكى بۆلگۈنچىلىك تەشۋىقات ۋەرەقىلىرىنى تارقىتىپ، ۋەقەنى زورايتىشقا كۈچىنىڭ بارىچە ئۇرۇنغان ھەمدە ۋەقەنى ئاساسلىق پىلانلىغۇچىلار بولغان. بۇ پارتىيە ياشلارنىڭ بىلىمى كەمچىل بولۇش ۋە ئاسانلا ھاياجانلىنىشتەك ئاجىزلىقىد-نى تۇتۇۋېلىپ، قالايمىقانچىلىقتا ھەدەپ ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش ئېلىپ بارغان، ھەتتا قالايمىقانچىلىقتىن پايدىلىنىپ قورال بۇلاپ، قالايمىقانچىلىق ۋەقەسىنى قوراللىق توپىلاڭغا ئۆزگەرت-مەكچى بولغان. تەكشۈرۈپ ئېنىقلىنىشچە، «ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيى-غۇرىستان ياشلار ئۇچقۇن پارتىيىسى» 15 كىشىدىن تەشكىللەن-گەن بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى 19 ياشتىن تۆۋەن ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر ئىكەن، بۇ يەنە بىر قېتىم «مەدەنىيەت زور ئىن-قىلابى»دىن ئىبارەت 10 يىللىق قالايمىقانچىلىق مەزگىلىدە ياشلار ـ ئۆسمۈرلەرنى تەربىيىلەش جەھەتتە سەۋەنلىكنىڭ ساقلانغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەردى.

### 4. ئۈرۈمچىدە يۈز بەرگەن بۆلگۈنچىلىك خاراكتېرىدىكى قالايمىقان-چىلىق ۋەقەلەر

ئۈرۈمچى شەھىرى شىنجاڭنىڭ مەركىزىي شەھىرى بولۇپ، تارىختا ۋە شىنجاڭ ئازاد بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ سىياسىي ۋە-زىيىتى بىرقەدەر مۇقىم بولۇپ كەلگەن. ئىسلاھات ئېلىپ بې-رىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن كېيىن، يوشۇرۇنغان بۆلگۈن-چى ئۇنسۇرلار كەڭ ـ كۈشادە سىياسىي مۇھىتتىن پايدىلىنىپ

قۇترىماقچى بولۇشتى، لېكىن ئۇلار يوشۇرۇن كونترول قىلىش ۋاستىسىنى قوللىنىپ، قىسمەن ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنى سەھنە ئالدىغا چىقىرىپ قويۇپ «ئويۇن» كۆرسەتتى. 20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرلىرىدا ئۈرۈمچىدە يۈز بەرگەن ئۈچ قېتىملىق بۆلگۈنچىلىك خاراكتېرىنى ئالغان سىياسىي قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرۇش ۋەقەلىرىنىڭ ھەممىسى قىسمەن ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى، بولۇپمۇ ئالىي مەكتەپ-

**9.2 ـ جەدۋەل:20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرى ئۈرۈمچىدە يۈز بەرگەن ئۈچ قېتىملىق بۆلگۈنچىلىك خاراكتېرىنى ئالغان قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرۇش ۋەقەلىرى جەدۋەلى**

| ۋاقتى، نامى | كېلىپ چىقىش سەۋەبى | قالايمىقانچىلىق كۆلىمى | قالايمىقانچىلىق چىقىرىش شەكلى ۋە يارىلانغان ئادەم سانى | توۋلىغان ئاساسلىق شوئارلار | بىر تەرەپ قىلىنىشى |
| --- | --- | --- | --- | --- | --- |
| 1985 ـ يىلى، ئۈرۈمچىدە «12 ـ دېكابىر » ۋەقەسى | شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ خىزمەت ئورنىنىڭ تەڭشىلىشىگە نارازىلىق بىلدۈرۈشنى باھانە قىلغان | 2000 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى ئۈچ كۈن قالايمىقانچىلىق چىقارغان | قانۇنسىز نامايىش قىلىش؛ يىغىلىش ئۆتكۈزۈش. شىنجاڭنىڭ خوتەن، ئاقسۇ، بورتالا رايونلىرى، بېيجىڭ، نەنجىڭ، شاڭخەيدە ئارقا ـ ئارقىدىن نامايىش قىلىپ ئاۋاز قوشقان. | «خەنزۇلار شىنجاڭدىن چىقىپ كەتسۇن»، «ياشىسۇن شىنجاڭنىڭ مۇستەقىللىقى» | تارقاقلاشتۇرۇش، تەربىيە بېرىش |
| 1988 ـ يىلى، ئۈرۈمچى «15 ـ ئىيۇن» ۋەقەسى | ھاجەتخانىغا يېزىلغان ھاقارەت خارەكتېردىكى شوئار | 500 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى تۆت كۈن قالايمىقانچىلىق چىقارغان | قانۇنسىز نامايىش قىلىش | «خەنزۇلارنى قوغلاپ چىقىرايلى» | تارقاقلاشتۇرۇش، تەربىيە بېرىش |
| 1989 ـ يىلى، ئۈرۈمچى «19 ـ ماي»ۋەقەسى | مەسلىسى بار نەشر بۇيۇمى | 3000 دىن ئارتۇق ئادەم بىر كۈن قالايمىقانچىلىق چىقارغان | قانۇنسىز نامايىش قىلىش؛ ئاپتونوم رايوندىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىغا ھۇجۇم قىلىش، ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش. 154 ئادەم يارىلانغان. بۇنىڭ ئىچىدە 33 ئادەم ئېغىر يارىلانغان. | پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتكە قارشى توۋلىغان؛ «مۇسۇلمانلارنىڭ كۆچىنى كۆتۈرۈپ قويۇڭلار». | 241 ئادەم يىغىۋېلىپ سوراق قىلىندى، 40 ئادەم قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىندى. |

تىكى قىسمەن ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن مۇ-
ناسىۋەتلىك.

يۇقىرىقى جەدۋەلدە كۆرسىتىلگەن 20 - ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىنىڭ ئاخىرلىرى ئۈرۈمچى شەھىرىدە يۈز بەرگەن ئۈچ قېتىملىق بۆلگۈنچىلىك خاراكتېرىدىكى سىياسىي قالايمىقانچىلىق توغدۇرۇش ۋەقەسىنىڭ بىرسى بولغان 1989 - يىلىدىكى «19 - ماي» قالايمىقانچىلىق توغدۇرۇش ۋەقەسى ئىچكىرىدىكى قالايمىقانچىلىق توغدۇرۇش ۋەقەسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئاساسلىقى جەمئىيەتتىكى بىكار تەلەپلەر ۋە ئىسلام دىنى ئىنستىتوتىدىكى قىسمەن ئوقۇغۇچىلار قاتناشقاندىن باشقا، قالغان ئىككىسى تەشكىللىك ھالدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ قانۇنسىز نامايىش قىلىش، قالايمىقانچىلىق چىقىرىش ۋەقەسىدۇر. ئوقۇغۇچىلاردىن، نىسپىي «قانۇنلۇق ۋاستىلەر»دىن پايدىلىنىپ ئېلىپ بېرىلغان بۇنداق بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرى جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا يۈز بەرگەن ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش قالايمىقانچىلىقىدىن پەرقلىق بولۇپ، ئۇنىڭ ئاممىنى ئالداش، قايمۇقتۇرۇش رولى ۋە يوشۇرۇن خەۋپى جەنۇبىي شىنجاڭدا يۈز بەرگەن ۋەقەلەردىن زور. قالايمىقانچىلىق توغدۇرغان ئوقۇغۇچىلار تىل بىرىكتۈرۈۋالغان، ھەتتا خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ئۈرۈمچى قۇرۇقلۇق ئارمىيە مەكتىپىگە بېرىپ مىللىي ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا ۋەقە توغدۇرۇشقا قۇتراتقۇلۇق قىلغان. قالايمىقانچىلىق توغدۇرۇش بىلەن بىللە، ئوقۇغۇچىلار بۆلگۈنچىلىك قىلىش شوئارلىرىنى توۋلىغاندىن سىرت، يەنە ھە دەپ دۆلەتنىڭ ئاساسىي دۆلەت سىياسىتى ۋە چوڭ - چوڭ فاڭجېن - سىياسەتلىرىگە ھۇجۇم قىلغان. ئاپتونوم رايوننىڭ مەركىزىي شەھىرىدە يۈز بەرگەن بۇ ئىككى قېتىملىق قالايمىقانچىلىق توغدۇرۇش ۋەقەسى شۇ مەزگىلدە شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداشتىن ئىبارەت ئومۇملۇققا مۇناسىۋەتلىك خىزمەتلەرگە زەربە بولدى. ئاتۇش، قەشقەر، ئاقسۇ، خوتەن قاتارلىق جايلاردا ئۇدا بۆلگۈنچىلىك

تەرغىب قىلىنغان، ئۈرۈمچىدىكى قالايمىقانچىلىققا ياردەم بېرىش تەشەببۇس قىلىنغان تەشۋىقات ۋەرەقىلىرى ۋە لوزۇنكىلار بار-
لىققا كەلدى. 1998 - يىلىدىكى «19 - ماي» قالايمىقانچىلىق
تۇغدۇرۇش ۋەقەسى ئالدىنقى ئىككى قېتىملىق ۋەقەدىن بىر ئاز
پەرقلىنىپ تۇرىدۇ، بۇ كوچىدىكى بىكار تەلەپلەر ئاساس بولۇپ
تۇغدۇرغان بىر قېتىملىق ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش قالايمىقانچى-
لىق ۋەقەسى، ئازاد بولغاندىن بۇيان شىنجاڭنىڭ مەركىزى شە-
ھىرىدە كۆرۈلگەن تۇنجى قېتىملىق، شۇنداقلا بىردىنبىر قالاي-
مىقانچىلىق ۋەقەسىدۇر. بىرنەچچە يۈز توپىلاڭچى ئاپتونوم رايون-
لۇق پارتكوم ئورگىنىغا باستۇرۇپ كىرىپ ھەدەپ ئۇرۇش، چې-
قىش، بۇلاش ئېلىپ بارغان، گەرچە ۋەقە تېزلىك بىلەن تىنچىد-
تىلغان بولسىمۇ، لېكىن ناھايىتى ناچار تەسىر پەيدا قىلغان.
لېكىن، قانداقلا بولمىسۇن شىنجاڭنىڭ ئازاد بولغىنىغا 30
نەچچە يىل بولدى، پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ خىزمەتلىرى
ھەر مىللەت ئاممىسى ئارىسىدا مۇستەھكەم ئاساسقا ئىگە بولۇپ
بولغانىدى. 80 - يىللاردا بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسى قايتىدىن باش
كۆتۈرگەن، دۈشمەن ئۇنسۇرلار قوراللىق توپىلاڭ كۆتۈرۈش، سى-
ياسىي قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرۇشتەك بۆلگۈنچىلىك، بۇزغۇنچى-
لىق قىلىش ھەرىكەتلىرىنى ئاشكارا ئېلىپ بارغاندا، بۇنىڭغا
شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ غەزىپى قوزغالدى ۋە ئۇ-
نىڭغا قەتئىي قارشى تۇردى. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق
مىللەت پۇقرالىرى مۇنداق دېيىشتى: «ھازىر پارتىيە يېزا ئىق-
تىسادىي سىياسىتىنى كەڭ قويۇۋېتىپ، يېزىلاردا كۆپ خىل
شەكىلدىكى ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قوي-
دى، بىز ئەمدىلا ياخشى كۈن كۆرۈپ باي بولايلى دەپ تۇرساق، بۇ
بىر توپ بۇزۇق كىشىلەر ئىش تېرىپ، ئىشلەپچىقىرىشقا تەسىر
يەتكۈزدى، بىز ئۇلارغا قەتئىي قارشى تۇرىمىز». دىنىي زاتلار
مۇنداق دېيىشتى: «ھازىر پارتىيە مىللەتلەر سىياسىتى، دىن سى-
ياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈردى، بىز بۇنىڭدىن ناھايىتى رازى، بۇ

بىر توپ ئەبلەخلەر جېدەل تېرىپ، جەمئىيەت ئامانلىقىغا تەسىر يەتكۈزۈپلا قالماستىن، دىن سايىمىزگىمۇ يامان تەسىر پەيدا قىلدى.» ھەر مىللەت كادىر ئاممىسى ئاڭلىق ھالدا توپىلاڭچىلار ۋە بۆلگۈنچى كۈچلەرگە قارشى قەتئىي كۈرەش ئېلىپ باردى. ئۇلار بايرىقى روشەن ھالدا توپىلاڭ كۆتۈرۈشكە، قالايمىقانچىلىق سادىر قىلىشقا، ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاشتەك جىنايى قىلمىشلارنى سادىر قىلىشقا، خەنزۇلارغا قارشى تۇرۇشقا ۋە ئاتالمىش «غازات»قا قارشى تۇردى، قەتئىي ھالدا ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغدىدى. ئۇلار قالايمىقانچىلىق تۇغ-دۇرۇش ۋەقەسىگە قاتناشقان ئوقۇغۇچىلارغا يۈزتۇرا تۇرۇپ مۇنداق دېيىشتى: «شىنجاڭدا يېقىنقى يىللاردىن بېرى قولغا كەلتۈرۈلگەن شۇنچە زور نەتىجىلەر، تەرەققىياتنىڭ قايسىبىرى دۆلەتنىڭ مەدەتىسىز، خەنزۇ يولداشلارنىڭ ياردىمىسىز قولغا كەلگەن، شىنجاڭدىكى كادىرلار مەيلى خەنزۇ بولسۇن ياكى ئاز سانلىق مىللەت بولسۇن ھەممىسى پارتىيىنىڭ كادىرى، شىنجاڭ سوتسىيالىستىك ۋەتەنگە، جۇڭگودىكى ھەر مىللەت خەلقىگە مەنسۇپ، نېمە ئۈچۈن ھەممە ئىشتا مۇشۇنداق ئۇ مىللەت، بۇ مىللەت دەپ ئايرىپ يۈرىسىلەر، سىلەر مۇشۇنداق غوۋغا كۆتۈر-سەڭلار، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگىنىگە يۈز كېلەلمەيسىلەر، سىلەرنى زېرىكمەي ـ تېرىكمەي تەربىيىلىگەن خەنزۇ ئوقۇتقۇچىلارغىمۇ يۈز كېلەلمەيسىلەر.» شۇڭا، 20 ـ ئە-سىرنىڭ 80 ـ يىللىرى شىنجاڭ مۇرەككەپ بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى ۋەزىيىتىگە دۇچ كەلگەن، بۆلگۈنچىلىك قىلىش، توپىلاڭ كۆتۈرۈش ۋە بىرقانچە قېتىملىق قالايمىقانچى-لىق سادىر قىلىش ۋەقەلىرى يۈز بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن دۆ-لەتنىڭ بىرلىكى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىن ئىبارەت ئومۇ-مىيلىققا تەسىر كۆرسىتەلمىدى، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي، ئىق-تىسادىي تەرەققىياتى يەنىلا پۇختا قەدەم بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىدى.

## بەشىنچى، ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بىر مەيدان بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەش

### 1. «شەرقىي تۈركىستان تارىخى»نىڭ تارقاتقان زەھىرى

1933 - يىلى «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»دىن ئىبارەت بۆلگۈنچى ھاكىمىيەتنى قۇرۇشقا قاتناشقان مۇھەممەت ئىمىن چەت ئەلگە قېچىپ چىققاندىن كېيىن، 20 - ئەسىرنىڭ 40 - يىللىرىنىڭ باشلىرىدا چەت ئەلدە «شەرقىي تۈركىستان تارىخى» دېگەن كىتابنى يېزىپ چىقتى. دىنىي ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن، «ئوقۇتقۇچى» بولغان بۇ ئاپتور «پانئىسلامىزم»، «پانتۈركىزم» مەيدانىدا تۇرۇپ، تارىخنى ئويدۇرۇپ چىقىش ۋە ئۆزگەرتىش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، كۈچىنىڭ بارىچە نەزەرىيە جەھەتتىن ۋە شىنجاڭنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىدىن بۆلگۈنچىلىككە ئاتالمىش «پاكىت» ئىزدەپ، «شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىقى نەزەرىيىسى»دىن ئىبارەت بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسى سىستېمىسىنى توقۇپ چىقتى.

بىرىنچى، «شەرقىي تۈركىستان تارىخى» دېگەن كىتابتا «پانتۈركىزم» مەيدانىدا تۇرۇپ، تارىختا جۇڭگونىڭ شىمالى، غەربىي يۇرت رايونلىرىدا ياشىغان بارلىق مىللەتلەر، جۈملىدىن تۈركىي تىل سىستېمىسىدىكى تىللاردا ۋە باشقا تىللاردا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى «تۈرك مىللىتى»گە كىرگۈزۈلگەن. تارىختىكى بۇ مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىنىڭ ھەممىسى «تۈرك مەدەنىيىتى»، تارىختىكى بۇ مىللەتلەر قۇرغان ھاكىمىيەتلەر «تۈرك دۆلىتى» دېيىلگەن. ئىككىنچى، تارىختىكى «تۈرك مىللەتلىرى»نىڭ ئورنىنى خالىغانچە كۆتۈرگەن ۋە مۇبالىغىلەشتۈرگەن، تۈرك مىللىتى «ئىنسانلار تارىخىنى ياراتقۇچىلار» دەپ جار سېلىپ، مىلادىيە 552 - يىلىدىن 744 - يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن كۆك تۈرك خانلىقى ۋە 200 نەچچە يىللا مەۋجۇت بولۇپ

تۇرغان تۇركلەر بىرلەشمە گەۋدىسىنى بۇگۇنگىچە 11 مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە مىللەت (قەدىمىي مىسىردىنمۇ «5000 يىل ئۇ- زۇن») بولۇپ، 9000 يىل بۇرۇنلا ئۆزىنىڭ يېزىقىنى ياراتقان دەپ ئويدۇرۇپ چىققان. ئۈچىنچى، «شەرقىي تۇركىستان ئەزەل- دىنلا بىر مۇستەقىل دۆلەت ئىدى»، ئۇ «دۇنيادا ئەڭ قەدىمىي، ئەڭ مەشھۇر، مەدەنىيىتى ئەڭ بۇرۇن تەرەققىي قىلغان دۆلەت» دېگەن سەپسەتىنى ئويدۇرۇپ چىقىرىپ، ھۇن ئىمپېرىيىسى گۇل- لىنىشتىن بۇرۇنلا «شەرقىي تۇركىستان»دا «ئۇيغۇرلار دۆلىتى» مەۋجۇت ئىدى، دەپ قارىغان. تۆتىنچى، شىنجاڭنىڭ خەن سۇلا- لىسىدىن تارتىپلا جۇڭگونىڭ ئوتتۇرا تۇزلەڭلىكتىكى سۇلالىلەر- نىڭ باشقۇرۇشىدا بولغانلىقىدەك تارىخىي پاكىتنى ئىنكار قى- لىپ، خەن سۇلالىسى دەۋرىدە «جۇڭگو پادىشاھى جاڭ چيەننى شەرقىي تۇركىستانىنىڭ ۋالىيلىقىغا تەيىنلىگەن، ... شەرقىي تۇركىستاننى ئىگىلىگەن ۋاقتى پەقەتلا 49 يىل» دەپ ۋالاقشى- غان. بەشىنچى، چېگرا رايوندىكى مىللەتلەرنىڭ تارىختىكى ئا- ساسىي ئېقىمىنى ئىنكار قىلىپ، ئوتتۇرا تۇزلەڭلىك بىلەن چېگرا رايوندىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتى تارىخىنى خەنزۇلار بىلەن چېگرا رايوندىكى مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا ئۆچمەنلەشكەن ۋە جازا يۈرۈشى تۇگىمىگەن تارىخ، دەپ تەسۋىرلىگەن. «جۇڭگو شەرقىي تۇركىستان مىللەتلىرىنىڭ 3000 يىللىق دۇشمىنى» دەپ جار سالغان، چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلغانلىقىنى «جۇڭگولۇقلار ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش سىياسىتىنى يولغا قو- يۇپ، دۇنيادا پۇتكۇل تۇركىستاننىڭ نەسلىنى قۇرۇتماقچى بول- غان، بۇ ‹شەرقىي تۇركىستان ›نى يۇتۇۋېتىپ، جۇڭگونىڭ بىر ئۆلكىسىگە ئايلاندۇرماقچى بولۇش يولىدىكى سۇيىقەستلىك، مەقسەتلىك ۋە زەھەرلىك ۋاستىدۇر. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بۇ- نىڭدىن جۇڭگو ھۆكۈمىتى ۋە جۇڭگو مىللىتىنىڭ ‹شەرقىي تۇركىستان › خەلقىگە ئۆچمەنلىك بىلەن قارايدىغانلىقىنى كۆ- رۈۋالغىلى بولىدۇ»دەپ ۋالاقشىغان. ئالتىنچى، مىللەتلەرنى بۆل-

گۇنچىلىك قىلىشقا قۇترىتىپ، «قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، جەڭنى ئاداققىچە ئېلىپ بېرىپ، ئۆلۈمگە پىسەنت قىلماي، شەرەپلىك ھالدا قۇربان بېرىش» لازىم دەپ جار سالغان.

شۇڭا، «شەرقىي تۈركىستان تارىخى» دېگەن كىتاب ئەمەلىيەتتە شىنجاڭدا «پانتۈركىزم»، «پانئىسلامىزم» ئىدىيىسىنى تەرغىب قىلىش ۋە شىنجاڭغا بۇ ئىدىيىلەرنى كۆچۈرۈپ كېلىشتىكى ۋەكىللىك كىتاب، ئۇنىڭدا تارىختىكى بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسىنىڭ سىياسىي قارىشى، مىللەت قارىشى ۋە دىن قارىشى مەركەزلىك يىغىنچاقلانغان ھەمدە ئۇلار قېلىپلاشتۇرۇلغان، نەزەرىيەلەشتۈرۈلگەن ۋە سىستېمىلاشتۇرۇلغان. بۇ ئارقىلىق بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسىنىڭ ئىدىيىۋى سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرۈپ، بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ «ئىدىيىۋى ۋە روھىي تۈۋرۈكى»گە ئايلاندۇرماقچى بولغان.

شىنجاڭ تارىخى خالىغانچە بۇرمىلانغان، ئۆزگەرتىلگەن ۋە ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان مۇشۇنداق بىر كىتاب، 1940 ـ يىلى چەت ئەلدە نەشر قىلىنغاندىن كېيىن، ھەممە جايغا تارالغان. 1949 ـ يىلى شىنجاڭ ئازاد بولغاندىن كېيىن، «شەرقىي تۈركىستان تارىخى» دېگەن كىتاب يەنىلا يوشۇرۇن تارقىلىپ يۈرگەن. 1987 ـ يىلى ئەنقەرەدە يەنە تولۇقلانغان نەشرى نەشر قىلىنغان. چېگرا سىرتىدىكى بۆلگۈنچى تەشكىلاتلارنىڭ ژۇرنىلى بولغان «شەرقىي تۈركىستان ساداسى» ژۇرنىلى يەنە بۇ كىتابنى تولۇق كۆچۈرۈپ باسقان ھەمدە تۈرلۈك يوللار ئارقىلىق شىنجاڭغا كىرگۈزگەن.

### 2. «ئۇيغۇرلار» قاتارلىق ئۈچ كىتابتىكى سىياسىي خاتالىقلار

ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان، بۆلگۈنچى كۈچلەر ھەدەپ سىياسىي قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرۇش بىلەن بىللە، ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە يوچۇق ئېچىشقا ئۇرۇندى. ئۇلار ياكى ئاشكارا ھالدا مەكتەپ، دەرس مۇنبىرى، ھەر خىل نەشر بۇيۇملىرى ۋە ژۇرنال، گېزىتلەردىن پايدىلىنىپ، ياكى يوشۇرۇن ھالدا شوئار چاپلاش، تەشۋىقات ۋەرەقىلىرى تارقى-

تىش ۋە ئۈن - سىن بۇيۇملىرىنى ئىشلەش ۋاستىلىرىدىن پايدىلىنىپ، بۆلگۈنچىلىككە قۇتراتقۇلۇق قىلدى ۋە بۇ ھەقتىكى ئىدىيە، ئاڭنى تارقاتتى. 1986 - يىلىدىن 1989 - يىلىغىچە بولغان ئۈچ يىل ئىچىدە، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ كادىرى تۇرغۇن ئالماس ئاشكارا ھالدا «ئۇيغۇرلار»، «ھۇنلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، «قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» دېگەن ئۈچ كىتاب(تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «ئۈچ كىتاب»دەپ ئاتىلىدۇ)نى نەشر قىلدۇردى. بۇ «ئۈچ كىتاب»مۇ 20 - ئەسىرنىڭ 40 - يىللىرى چېگرا سىرتىدا نەشر قىلىنغان «شەرقىي تۈركىستان تارىخى»غا ئوخشاشلا «پانتۈركىزم»، «پانئىسلامىزم» مەيدانىدا تۇرۇپ، ئىلىم مۇھاكىمىسى ۋېۋىسكىسىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، تارىخنى بۇرمىلاش، ئۆزگەرتىش ۋە ياساپ چىقىش ئۇسۇللىرى بىلەن، ۋەتەننىڭ بىرلىككە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا زىيان سالىدىغان نۇرغۇنلىغان خاتا نۇقتىئىنەزەرلەرنى تارقىتىپ، بىر قىسىم كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ ئىدىيىسىنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتتى. بولۇپمۇ، تارىخىي ئەھۋاللارنى ئانچە كۆپ چۈشەنمەيدىغان، جەمئىيەتكە ئەمدىلا قەدەم قويغان ياشلارنى زەھەرلىدى، ئۇلار «ئۈچ كىتاب»نى بەس - بەستە قولدىن قولغا ئېلىپ كۆرۈپ، ھەممىلا يەردە كىتابتىكى خاتا نۇقتىئىنەزەرلەرنى تارقىتىپ يۈردى. چېگرا سىرتىدىكى بەزى تەشكىلاتلار، ئاپپاراتلار «ئۈچ كىتاب»نى تەرجىمە قىلىشقا كىرىشىپ كەتتى ھەمدە بۇنى بۆلگۈنچىلىككە قۇتراتقۇلۇق قىلىش ۋە بۆلگۈنچىلىك پىكىر ئېقىمىنى تەشۋىق قىلىشتىكى يەنە بىر «نەمۇنە ئوقۇشلۇق» قىلدى. «ئۈچ كىتاب»نىڭ ئاساسىي مەزمۇنىغا قارايدىغان بولساق، ئۇ «شەرقىي تۈركىستان تارىخى» بىلەن ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاش بولۇپ، ئەمەلىيەتتە ئۇنى «شەرقىي تۈركىستان تارىخى»نىڭ كۆچۈرۈلمىسى دېيىشكە بولاتتى.

«ئۈچ كىتاب»نىڭ ئەجەللىك يېرى شۇكى، ئۇنىڭدا «شەرقىي

تۈركىستان تارىخى»غا ئوخشاشلا بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسى تەرغىب قىلىنغان. بىرىنچىدىن، ئاپتور جۇڭگونىڭ تارىختىن تارتىپلا كۆپ مەنبە بىر گەۋدىلەشكەن بىرلىككە كەلگەن مىللەتلەر دۆلىتى ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت پاكىتنى ئىنكار قىلىپ، تارىختا ئۇيغۇرلار جۇڭگودىن مۇستەقىل تۇرغان مىللەت، دەپ جار سالغان؛ قەدىمكى دەۋردىكى ئۇيغۇرلار ۋە جۇڭگونىڭ شىمالىدىكى چارۋىچى مىللەتلەر ئوخشاش بولمىغان دەۋردە قۇرغان ھاكىمىيەتلەرنىڭ ھەممىسى جۇڭگونىڭ سىرتىدا تۇرغان «مۇستەقىل دۆلەت» دەپ ھېسابلىغان. يەنىمۇ قالايمىقانچىلىق ھاسىل قىلىش ئۈچۈن، ئاپتور ھۇن دېگىنىمىز تۈرك، تۈرك دېگىنىمىز، ئۇيغۇرلار دېگەندەك ئاتالمىش مىللەت مەنبەسىنى ئاساس قىلىپ، قەدىمكى زامان ياۋروپا تارىخىدىكى ئاتىللا ھۇن ئىمپېرىيىسى(مىلادىيە 4 ـ ئەسىردىن 5 ـ ئەسىرگىچە ھۆكۈم سۈرگەن)، قەدىمكى زامان ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدىكى ئېفتالىت ئىمپېرىيىسى(مىلادىيە 5 ـ ئەسىردىن 6 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن، يەنە «ئاق ھۇن ئىمپېرىيىسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، قەدىمكى جەنۇبىي ئاسىيا ۋە غەربىي ئاسىيا ئەتراپىدىكى غەزنەۋىيلەر سۇلتانلىقى(مىلادىيە 962 ـ يىلىدىن 1186 ـ يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن)، ئافغانىستان ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلاردىكى، قەدىمكى كىچىك ئاسىيادىكى سالجۇقلار سۇلتانلىقى(مىلادىيە 1081 ـ يىلىدىن 1302 ـ يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن)، قەدىمكى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى خارەزىم خانىدانلىقى(مىلادىيە 1194 ـ يىلىدىن 1220 ـ يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) قاتارلىق قەدىمكى ئۇيغۇرلار بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى بولمىغان ئىمپېرىيە ياكى سۇلتانلىقلارنى ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقى، قاراخانىيلار خانلىقى بىلەن بىر يەرگە قويۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇرلار تارىختا قۇرغان بىر يۈرۈش «ئۇلۇغ، قۇدرەتلىك، باي، مەدەنىي دۆلەتلەر»دۇر دەپ قۇرۇقتىن ـ قۇرۇق ئويدۇرۇپ چىقارغان ھەمدە بۇنى ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمدىن تارتىپلا، مۇستەقىل ھالدا جۇڭگونىڭ سىرتىدا

تۇرغانلىقىنىڭ «پاكىتى» قىلغان.

ئىككىنچىدىن، «ئۈچ كىتاب» «شەرقىي تۈركىستان تارى-
خى»غا ئوخشاشلا، جۇڭگو تارىخىدا ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ كۆز-
قاراشلىرىنى بېقىنلىشىش، ئۆزئارا قوبۇل قىلىش، بېقىنىش ۋە ئورتاق
تەرەققىي قىلىشتەك ئاساسىي ئېقىمىغا كۆز يۇمۇپ، جۇڭگونىڭ
مىللەتلەر مۇناسىۋىتى تارىخىنى ھەرقايسى مىللەتلەر ئوتتۇرى-
سىدىكى زىددىيەت ۋە كۈرەش تارىخى قىلىپ بۇرمىلىغان. بولۇپ-
مۇ، چېگرا رايوندىكى مىللەتلەر بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى
خانلىقلار، خەنزۇلار تارىختا ئۆچمەنلىشىش، قىساس ئېلىش ۋە
يۇتۇۋېلىش ئەھۋالىدا تۇرغان دەپ كۆچىنىڭ بارىچە جار سېلىپ،
بۇ ئارقىلىق بۈگۈنكى كۈندە شىنجاڭ رايونىدىكى مىللەتلەر ئا-
رىسىدا زىددىيەت ۋە قارشىلىشىش پەيدا قىلماقچى بولغان. مە-
سىلەن، تارىختىكى شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرت
قورۇقچىبېگى بەن چاۋ غەربىي يۇرتتا 30 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت
پائالىيەت ئېلىپ بېرىپ، چېگرا رايوننى ئىدارە قىلىش ۋە غەر-
بىي يۇرتنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقىنى قوغداش ئۈچۈن زور
تۆھپە قوشقانىدى. لېكىن «ئۈچ كىتاب»تا مۇنداق خۇلاسە چىقى-
رىلغان: «بەن چاۋ تارىم ۋادىسىدىكى ئۇيغۇر خانلىقلىرىنىڭ ئۆز-
ئارا زىددىيىتىدىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنى بىر - بىرى بىلەن كاللا
سوقۇشتۇرۇپ، ئۆزئارا ئۇرۇشقا سېلىپ قويۇپ، كۆپلەپ قان تۆ-
كۈلۈشكە سەۋەب بولدى». ھالبۇكى، تارىختا ئېنىق خاتىرىلەن-
گەن، يەنى مىلادىيە 10 ـ ئەسىردە، ئىسلام دىنى شىنجاڭغا تار-
قىلىشقا باشلىغان، دەھرىي فېئودال ھۆكۈمران كۈچلەر ئۆز
كۈچى دائىرىسىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن، ئىسلام دىنىدىن پايدىلى-
نىپ «غازات» ئېلىپ بېرىپ، پاجىئەلىك يۈز يىللىق ئۇرۇشنى
قوزغاپ، ئەقىدىسىگە يات بولغانلارنى يوقاتقان ۋە قىرغىن قىلغان
تارىخىي پاكىتلارنى «ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنىڭ بۇددا دىنىغا قا-
رىغاندا جەڭگىۋارلىقىنى ئاشۇرۇش كۈچىنىڭ زورلۇقىنى ھېس
قىلغان»، شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇرلار «ئىسلام دىنىنى ئۆز ئىختى-

يارلىقى بىلەن قوبۇل قىلغان» دەپ قەستەن ئۆزگەرتكەن.

ئۈچىنچىدىن، «ئۈچ كىتاب»تىمۇ «شەرقىي تۈركىستان تارىخى»غا ئوخشاشلا «پانتۈركىزم» تەرغىب قىلىنىش بىلەن بىللە، ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى خالىغانچە ئويدۇرۇپ چىقىرىلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي ئورنى ۋە رولى مۇبالىغىلەشتۈرۈۋېتىلگەن. ئاپتور قىلچىمۇ ئاساسى بولمىغان تۇرۇقلۇق: بۇنىڭدىن 8000 يىل بۇرۇن، ئۇيغۇرلار «شەرقتە چوڭ ھىنگان تاغلىرى، غەربتە قارا دېڭىز، شىمالدا ئالتاي تاغلىرى، جەنۇبتا ھىمالايا تېغىغىچە بولغان» كەڭ مەنىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىدا ياشىغان، دەپ ۋالاقشىغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇيغۇرلار بىر مىللەت بولۇش سۈپىتىدە بۇنىڭدىن 7000 يىل بۇرۇنلا يېزا ئىگىلىكىگە ئىگە بولغان، چارۋىچىلىق ئىگىلىكى ۋە دېھقانچىلىق ئىگىلىكى بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ۋەزىيەتنى مەيدانغا كەلتۈرگەن؛ بۇنىڭدىن 4000 يىل ئىلگىرى يېزىق يارىتىلغان، «يېزىق ئارقىلىق خاتىرىلەش تارىخىغا قەدەم قويۇشقا باشلىغان» دېگەننى توقۇپ چىققان. ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ھەرقايسى مىللەتلەر مەدەنىيىتىنىڭ مەنبەسى، دۇنيا مەدەنىيىتىگە «مۆلچەرلىگۈسىز» تەسىر كۆرسەتكەن، ئۇ «دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ قەدىمكى، ئەلا، داڭلىق ئالتۇن بۆشۈكلىرىنىڭ بىرى» دەپ ئاغزىغا كەلگەننى بىلجىرلىغان. بۇنداق قىلچىمۇ ئاساسى بولمىغان ھالدا توقۇپ چىقىش ئارقىلىق، ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي ئورنى ۋە رولىنى خالىغانچە كۆپتۈرگەن.

**3. «ئۈچ كىتاب» توغرىسىدىكى مۇھاكىمە ۋە تەنقىد**

«ئۈچ كىتاب» ئارقا ـ ئارقىدىن ئاشكارا نەشر قىلىنغاندىن كېيىن، جەمئىيەتتە كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىدى. ھەر مىللەت كادىرلىرى، ئاممىسى ئۇنىڭدىكى تارىخىي پاكىتلارغا خىلاپ ئويدۇرمىلار ۋە بۆلگۈنچىلىكنى تەرغىب قىلىدىغان تۇرلۇك سىياسىي خاراكتېرلىك خاتالىقلاردىن قاتتىق غەزەپلەندى. 1990 ـ يىلى 2 ـ ئايدا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى جەمئىيەتتىكى ئىنكاسلارغا ئاساسەن، مۇتەخەس-

سىس، ئالىملارنى بۇ كىتابلارنى ئوقۇپ تەكشۈرۈشكە تەشكىللى-
دى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم 5 ـ ئاي ۋە 12 ـ ئايدا ئىلگىرى -
كېيىن بولۇپ ئىككى قېتىم يىغىن ئېچىپ، «ئۇچ كىتاب»تا
ساقلانغان ئىدېئولوگىيە جەھەتتىكى مەسىلىلەرنى مەخسۇس
مۇزاكىرە ۋە مۇھاكىمە قىلدى ھەمدە ئالىملارنىڭ ئوقۇپ تەك-
شۈرگەندىن كېيىنكى پىكرىنى ئاڭلىدى. مۇتەخەسسىس، ئالىملار
مۇنداق دەپ قارىدى: «ئۇچ كىتاب» ئىلىم مۇھاكىمىسى ۋىۋىس-
كىسىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، تارىخىي ماتېرىياللارنى بۇرمىلىغان،
ئۆزگەرتكەن ۋە ئويدۇرۇپ چىققان، ھەتتا تارىخنى توقۇپ چىققان
بولۇپ، ماركسىزملىق مىللەت قارىشى ۋە تارىخقارىشىغا پۈتۈنلەي
خىلاپ. چېگرا رايوننىڭ مۇقىملىقى، بىرلىكىنى قوغداش ياكى
دۆلەتنىڭ بىرلىككە بۆلگۈنچىلىك قىلىش، مىللەتلەر ئىتتى-
پاقلىقىنى كۈچەيتىش ياكى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇن-
چىلىق قىلىش، سوتسىيالىزمدا چىڭ تۇرۇش ياكى «پانتۈر-
كىزم»نى تەرغىب قىلىشتەك چوڭ ھەق ـ ناھەق مەسىلىلەردە
ئېغىر سىياسىي خاتالىق ئۆتكۈزگەن، ئۇ ئىسلاھات ئېلىپ بې-
رىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان، شىنجاڭدا بۆلگۈنچى-
لىك پىكىر ئېقىمىنىڭ يامراپ كېتىشى، ئىدېئولوگىيە ساھە-
سىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى ۋەزىيىتىنىڭ
كۈنسايىن كەسكىنلىشىۋاتقانلىقىنىڭ گەۋدىلىك ئىپادىسى. مۇ-
تەخەسسىس، ئالىملار يەنە مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «ئۇچ كى-
تاب»تىكى مەسىلىلەر ھەرگىزمۇ قانداقتۇر ئىلمىي نۇقتىئىنەزەر-
دىكى ئىختىلاپ بولماستىن، بەلكى مەقسەتلىك ھالدا تارىخنى
بۇرمىلاش، تارىخنى توقۇپ چىقىش ۋە مۇھەممەت ئىمىنىنىڭ
«شەرقىي تۈركىستان تارىخى» دېگەن كىتابىنى كۆچۈرۈش بو-
لۇپ، مەقسەتلىك ھالدا مەلۇم سىياسىي كۆزقاراشنى تەشۋىق قى-
لىشتۇر. ئۇنىڭدىكى بۆلگۈنچىلىك خاراكتېرىدىكى سىياسىي خا-
تالىقلارنى چوقۇم قاتتىق تەنقىد قىلىش لازىم.

1991 ـ يىلى 2 ـ ئايدا، ئۈرۈمچى شەھىرىدە «ئۇيغۇرلار قا-

تارلىق ئۈچ كىتاب مەسىلىسى توغرىسىدا مۇھاكىمە يىغىنى»
چاقىرىلدى، يىغىنغا قاتناشقان ھەرقايسى جايلاردىن كەلگەن ھەر
مىللەت مۇتەخەسسىسلىرى «ئۈچ كىتاب»تىكى بۆلگۈنچىلىك
خاراكتېرىدىكى سىياسىي خاتالىقلارنى ئەستايىدىل تەھلىل قىلـ-
دى ھەمدە ئىجابىي جەھەتتىن شىنجاڭنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى،
قەدىمكى ئاھالىلەرنىڭ كۆچۈشى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ شەكىللىنىـ-
شى، تەرەققىي قىلىشى قاتارلىقلارنى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن
ئىزدىگەن ھالدا ئىلمىي شەرھلەپ بەردى. ئۇلار ئۆز كەسپىنى
ئاساس قىلىپ، تارىخىي پاكىتى، ئاساسى، نەزەرىيىسى، مەقسىتى
بولغان ھالدا «ئۈچ كىتاب»تا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئېغىر سىياسىي
خاتالىقلارنى مۇھاكىمە ۋە تەنقىد قىلدى، تارىخىي پاكىتلارنى
ئايدىڭلاشتۇردى، سەپسەتىلەرنى مۇھاكىمە قىلىش ئارقىلىق ئاي-
دىڭلاشتۇرۇپ، ئەجەللىك جايلىرىنى كۆرسىتىپ بەردى، پىكىر-
لەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

مۇتەخەسسىسلەرنىڭ پىكرىگە ئاساسەن، ئاپتونوم رايون
رەھبەرلىرى «ئۈچ كىتاب»نىڭ خاراكتېرى ۋە بۇنىڭدىن كېيىن
ئىشلىنىدىغان خىزمەتلەرنى يىغىنچاقلىدى، شۇنداقلا يەنىمۇ
ئىلگىرىلەپ چۈشەندۈرۈش ئېلىپ باردى. شۇ ۋاقىتتا، ئاپتونوم
رايوننىڭ رەئىسلىكىنى ئۆتەۋاتقان تۆمۈر داۋامەت مۇنداق دەپ
كۆرسەتتى: «ئۈچ كىتاب»نىڭ ئەجەللىك يېرى شۇكى، ئۇنىڭدا
دۆلىتىمىزنىڭ قەدىمدىن تارتىپ كۆپ مىللەتلىك، بىرلىككە
كەلگەن دۆلەت ئىكەنلىكى ئىنكار قىلىنغان، مۇستەقىللىق تەر-
غىب قىلىنىپ، بۆلگۈنچىلىككە قۇتراتقۇلۇق قىلىنغان، مىللىي
بۆلگۈنچىلىككە تارىخىي ئاساس يارىتىپ بېرىلگەن. «ئۈچ كى-
تاب»نىڭ سىياسىي مەيدانى ۋە سىياسىي قارىشى پانتۈركىزم ئى-
دىيىسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئەسەر «شەرقىي تۈركىستان تا-
رىخى» بىلەن تومۇرداش بولۇپ، نۇرغۇن مەسىلىلەرنىڭ بايان قى-
لىنىشى جەھەتتىن ئالغاندا، «ئۈچ كىتاب» «شەرقىي تۈركىستان
تارىخى»نىڭ كۆچۈرۈلمىسى، ئۇ 30 ـ ، 40 ـ يىللاردىكى پان-

تۈركىست مەسئۇد، مۇھەممەت ئىمىن، ئەيسالارنىڭ قارىشىنى تولۇق كۆچۈرۈۋالغان، ئۇنىڭدا يېڭى نەرسە يوق. «ئۇچ كىتاب»نىڭ قەپەستىن چىقىشى شىنجاڭدىكى ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى جىددىي كۈرەش، بۇنىڭ ئىجتىمائىي تەسىرىنى تەلتۆكۈس تۈگىتىش لازىم. ئەينى ۋاقىتتا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىلىقى، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسلىكىنى ئۆتەۋاتقان جانابىل مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «‹ئۇچ كىتاب›تا بايان قىلىنغان بىر قاتار خاتا نۇقتىئىنەزەرلەر ۋە روشەن سىياسىي خاھىشلار ئىلمىي شەكلى ئارقىلىق تارىخىي ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئىپادىلەنگەن بولغاچقا، مۇرەككەپلىك ۋە تېخىمۇ زور كۆز بويامچىلىقى ئىگە. ئاپتور ۋارىسلىق قىلغان ۋە تەرغىب قىلغان خاتا نۇقتىئىنەزەرنىڭ ۋەكىللىك قىلىدىغىنى بىر خىل ‹پانتۈركىزم›لىق ئىجتىمائىي پىكىر ئېقىمى. شۇڭا، ئۇنى يالغۇز ئاپتورنىڭلا مەسىلىسى دەپ قارىماسلىقىمىز لازىم. ‹شەرقىي تۈركىستان تارىخى› دېگەن كىتاب بىلەن ‹ئۇيغۇرلار› قاتارلىق ‹ئۇچ كىتاب› تارقاتقان خاتا نۇقتىئىنەزەرلەرنى ئەستايىدىل ئېنىقلىشىمىز لازىم. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى كۈرەشنىڭ ئالاھىدىلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى ئۇزاق مۇددەتلىك ئىستراتېگىيىلىك ۋەزىپە سۈپىتىدە داۋاملىق تۇتۇشىمىز كېرەك».

**4. «ئۇچ كىتاب» توغرىسىدىكى مۇلاھىزە**

1991 - يىلى 2 - ئايدىكى «‹ئۇيغۇرلار› قاتارلىق ئۇچ كىتاب مەسىلىسى توغرىسىدا مۇھاكىمە يىغىنى»دا يىغىنغا قاتناشقان مۇتەخەسسىسلەر «ئۇچ كىتاب»نىڭ بۆلگۈنچىلىك خاراكتېرىدىكى سىياسىي خاتالىقلىرىنى تەنقىد قىلىش بىلەن بىللە، شىنجاڭنىڭ يېقىندىن بۇيانقى ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى ئۈستىدە ئەستايىدىل ئويلىنىپ، مۇنداق دەپ قاراشتى، «ئۇيغۇرلار» قاتارلىق ئۇچ كىتاب 1986 - يىلىدىن

1989 ـ يىلىغىچە شىنجاڭدىكى ئىككى نەشرىياتتا نەشر قىلىنىپ
ئاشكارا تارقىتىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدىكى خاتا نۇقتىئىنەزەرلەر
قىسقا ۋاقىتتا پۈتۈن شىنجاڭغا تارقىلىپ، ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى
كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇنىڭدىكى ساۋاقلار ناھايىتى چوڭقۇر، بۇلار
ئاساسلىقى تۆۋەندىكى ئۈچ جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ:

بىرىنچى، «ئۈچ كىتاب»تىكى مەسىلىلەر ئىسلاھات ئېلىپ
بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان شىنجاڭدىكى ئىدېئو-
لوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ
كەسكىنلىكىنى مەركەزلىك ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى. ئۇ شىنجاڭ
ئازاد بولغىنىغا 40 يىل بولغان، پارتىيىنىڭ مىللەتلەر سىياسى-
تى ۋە دىن سىياسىتى يولغا قويۇلغىلى، ئىزچىللاشتۇرۇلغىلى
40 يىل بولغان، ھەر مىللەت خەلقى بىرلىكتە خوجايىن بولغان
مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىمۇ يولغا قويۇلغىلى 30
نەچچە يىل بولغان بولسىمۇ، لېكىن كونا جۇڭگودىن قېلىپ قال-
غان بۆلگۈنچىلىك خەۋپىنىڭ ياخشى ھەل قىلىنمىغانلىقىنى يەنە
بىر قېتىم چۈشەندۈرۈپ بەردى. شىنجاڭنىڭ 40 يىلدىن بۇيانقى
مۇقىملىق ۋە تەرەققىيات تارىخى شۇنى ئېنىق ئىپادىلىدىكى،
بۆلگۈنچىلىك بىلەن بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش ئوتتۇرىسى-
دىكى كۈرەش مەلۇم دائىرىدە ئۇزاق مۇددەت مەۋجۇت بولۇپ تۇ-
رىدۇ، ھەتتا بەزىدە ناھايىتى كەسكىن بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. گەر-
چە، ھەرقايسى مەزگىللەردە بۆلگۈنچىلىكنىڭ ئىپادىلىنىش شە-
كىللىرى ئوخشاش بولمىسىمۇ، مۇھىم نۇقتىسىدىمۇ پەرق بول-
سىمۇ، لېكىن 20 ـ ئەسىردىن بۇيانقى بارلىق بۆلگۈنچىلىك ھە-
رىكەتلىرىنىڭ «پانتۈركىزم» ۋە «پانئىسلامىزم»نى ئۆزىنىڭ مە-
نىۋى تۈۋرۈكى قىلىش، جۇڭگونى پارچىلاش، «شەرقىي تۈركىس-
تان جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇشنى نىشان قىلىشتەك بۇ ئورتاق ئالا-
ھىدىلىكى باشتىن ـ ئاخىر ئۆزگەرمىدى. شۇڭا، «ئۈچ كىتاب»
«پانتۈركىزم» ۋە «پانئىسلامىزم»نىڭ يېقىنقى ئەسىردە شىنجاڭدا
تارقىلىشى ۋە يامرىشىنىڭ مەھسۇلى؛ «ئۈچ كىتاب»نىڭ بارلىققا

كېلىشى خەلقئارا ۋە ئىچكى ئارقا كۆرۈنۈشكە ئىگە بولۇپلا قال-
ماستىن، يەنە ئۇنىڭ ئالاھىدە تارىخىي مەنبەسى ۋە ئىدىيىۋى نە-
زەرىيە مەنبەسى بار؛ «ئۈچ كىتاب»نىڭ بۈگۈنكى كۈندە ئاشكارا
نەشر قىلىنىشى ۋە تارقىتىلىشى بولسا، شىنجاڭدا نۆۋەتتە ئىدىي-
ئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى-
نىڭ كەسكىنلىكى ۋە تەخىرسىزلىكىنى گەۋدىلىك ئەكس ئەتتۈ-
رۈپ بېرىدۇ. شىنجاڭنىڭ بىر ئەسىردىن بۇيانقى بۆلگۈنچىلىككە
قارشى تۇرۇش كۈرەش تارىخىغا، «ئۈچ كىتاب» بىلەن تومۇرداش
بولغان «شەرقىي تۈركىستان تارىخى»دىكى بۆلگۈنچىلىك ئىدى-
يە سىستېمىسىنى تەنقىد قىلىشقا بىرلەشتۈرۈپ، «ئۈچ كى-
تاب»نىڭ بۆلگۈنچى خاراكتېرلىك سىياسىي خاتا نۇقتىئىنە-
زەرلىرىنى چوڭقۇر تەھلىل قىلىش، ئۇنىڭ تەسىرى ۋە زەھىرى-
نى تۈگىتىش — نۆۋەتتە ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدە
شىنجاڭدا ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش
كۈرىشىدىكى بىر مۇھىم ۋەزىپە.

ئىككىنچى، «ئۈچ كىتاب»نى تەھلىل قىلىش ۋە تەنقىد قى-
لىش شىنجاڭ ئازاد بولغاندىن بۇيان ھەر مىللەت كادىرلىرى،
ئاممىسى بىلەن بۆلگۈنچى كۈچلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىدېئولوگىيە
ساھەسىدىكى يەنە بىر قېتىملىق چوڭقۇر قاتلاملىق ئىدىيە جە-
ھەتتىكى كۈچ سىنىشىش ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئىدېئولوگىيە ساھە-
سىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىدە ھەر ۋاقىت
مېڭىنى سەگەك تۇتۇپ، توغرا دۆلەت قارىشى، مىللەت قارىشى،
دىن قارىشى ۋە تارىخ قارىشى بىلەن ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى
كۈرەش بازىسىنى ئىگىلەشتە چىڭ تۇرۇپ، ھەر مىللەت كادىر-
لىرى ئاممىسىنى دۆلەتنىڭ بىرلىكى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى
قوغداش توغرىسىدىكى نەزەرىيىلەر بىلەن تەربىيىلىگەندىلا، بۆل-
گۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ مۇھىم ھالقىسىنى ئى-
گىلەپ، بەزى تۈپ خاراكتېرلىك مەسىلىلەرنى تەدرىجىي ھەل
قىلىپ، بۆلگۈنچىلىكنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ئۈچۈن زۆرۈر

بولغان «روھىي تۈۋرۈك» ۋە «ئىدىيىۋى ئاساس»نى تەدرىجىي تا-
زىلىغىلى بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. مىللەتلەر مۇ-
ناسىۋىتىگە چېتىشلىق بولغان بەزى چوڭ نەزەرىيىۋى مەسىلى-
لەرنى، مەسىلەن، مىللەتنىڭ شەكىللىنىش مەسىلىسى، جۇڭگو
ۋە جۇڭخۇا مىللەتلىرى ئۇقۇمى ۋە ئۇنىڭ مەزمۇنى مەسىلىسى،
تارىختىكى دۆلەتنىڭ بىرلىكى ۋە بۆلۈنمە ھالىتى، شۇنداقلا مىل-
لەتلەر ئارىسىدىكى ئۇرۇشلار مەسىلىسى، تارىختىكى ۋەتەنپەر-
ۋەرلىك ۋە «خائىنلىق» مەسىلىسى، تارىختىن بۇيانقى مىللەتلەر
مۇناسىۋىتىنىڭ ئاساسىي ئېقىمى بىلەن ئاساسىي ئېقىمى بولمى-
غان مەسىلىلەر قاتارلىقلارنى دۆلەتنىڭ بىرلىكىگە ۋە مىللەتلەر
ئىتتىپاقلىقىغا پايدىلىق بولۇش پرىنسىپى بويىچە، نەزەرىيە بى-
لەن ئەمەلىيەت بىرلەشتۈرۈلگەن ئاساستا تېخىمۇ چوڭقۇر تەتقىق
قىلىپ، «ئۈچ كىتاب» قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتكەن نەزەرىيە جەھەت-
تىكى ھەق ـ ناھەقنى قايتىدىن تۈزەش لازىم.

ئۈچىنچى، «ئۈچ كىتاب»تا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن مەسىلىلەر
يەنە ھەر مىللەت ئاممىسى ۋە ھەر مىللەت كادىرلىرى، بولۇپمۇ
رەھبىرىي كادىرلارنىڭ بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش ئېڭىنى
ئۆستۈرۈشنىڭ ناھايىتى مۇھىملىقىنى ئىپادىلەپ بەردى. ئېغىر
بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسىگە ئىگە بولغان بۇ «ئۈچ كىتاب»نىڭ
نەشردىن چىقىشىدەك ئەھۋاللارغا ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە
ئاممىسى ئىدىيە جەھەتتە ھوشيار بولۇشى ۋە بۇنىڭغا ئەستايىدىل
مۇئامىلە قىلىشى لازىم. شىنجاڭ ئازاد بولغاندىن كېيىن، گەرچە
ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە «پانتۈركىزم»، «پانئىسلامىزم» ۋە بۆل-
گۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۆرەشلىرى، مەسىلەن، 20 ـ ئە-
سىرنىڭ 50 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرىدا قانات يايدۇرۇلغان يەرلىك
مىللەتچىلىك ئىدىيىسىگە قارشى تۇرۇش خىزمىتى، 20 ـ ئە-
سىرنىڭ 70 ـ يىللىرىنىڭ باشلىرىدا ئېلىپ بېرىلغان «شەرقىي
تۈركىستان ئىنقىلابىي پارتىيىسى» ۋە ئۇنىڭ بۆلگۈنچىلىك ئى-
دىيىسىنى تازىلاش قاتارلىقلار ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ، لېكىن

ئەينى ۋاقىتتىكى شارائىتنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن بۇنى ياكى مەلۇم يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈپ تونۇمىدۇق، ياكى چەكلىك دائىرىدىلا چەكلىنىپ، ئىزچىل تۈردە «شەرقىي تۈركىستان تارىخى» ۋەكىللىكىدىكى كونا جۆڭگودىن قېلىپ قالغان بۆلگۈنچىلىك پىكىر ئېقىمىنى ئاشكارا تەنقىد قىلىشتەك پۇرسەت بولمىدى. قىسمەن كادىرلار ۋە ئاممىدا يەنىلا مۇجمەل تونۇشلار مەۋجۇت، «پانتۈركىزم»، «پانئىسلامىزم»چە دۆلەت قارىشى، مىللەت قارىشى، دىن قارىشى ۋە تارىخ قارىشى يەنىلا ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە مەلۇم بازارغا ئىگە.

«ئۈچ كىتاب»نىڭ تەسىرىنى تۈگىتىش ئۈچۈن، ئىجابىي تەربىيىنى كۈچەيتىش كېرەك. پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت كادىرلىرى، ئاممىسى ۋە ياشلارغا، بولۇپمۇ ئوقۇغۇچىلارغا پىلانلىق، مەقسەتلىك ھالدا ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش بويىچە ئىجابىي تەربىيە ئېلىپ بېرىش لازىم؛ شىنجاڭنىڭ يەرلىك تارىخى ۋە ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىش ۋە تەشۋىق قىلىشنى كۈچەيتىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى شىنجاڭنىڭ يەرلىك تەرەققىياتى ۋە ئۆز مىللىتىنىڭ تەرەققىيات تارىخىنى توغرا ئىگىلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش لازىم؛ ياش ئوقۇغۇچىلارغا ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە شىنجاڭنىڭ تارىخى، شۇنداقلا مىللىتىنىڭ تارىخى توغرىسىدا ئاساسىي بىلىم تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش لازىم.

## ئالتىنچى، 20 ـ ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ ۋەزىيىتى

### 1. بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىنىڭ تەشكىللىك ھەرىكەت ئېلىپ بېرىش مەزگىلىگە قەدەم قويۇشى

20 ـ ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرى چېگرا ئىچى ۋە سىرتىدىكى كۆپ جەھەتتىكى ئامىللارنىڭ تەسىرىدە، شىنجاڭدىكى بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىدە ئۆرلەش يۈزلىنىشى كۆرۈلدى. چېگرا

سىرتىدىن ئېيتقاندا، 20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرىدىن 90 ـ يىللىرىنىڭ باشلىرىغىچە يۈز بەرگەن شەرقىي ياۋروپادىكى جىددىي ئۆزگىرىش، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشى قاتارلىقلار شىنجاڭنىڭ قىسمەن جايلىرىدا كۆنسايىن كۈچىيىۋاتقان چېكىدىن ئاشقان مىللەت ئېڭىغا زور دەرىجىدە تۈرتكە بولدى. بۆلگۈنچى كۈچلەر پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، شىنجاڭمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ رېسپۇبلىكىلىرىنى ئۈلگە قىلىپ، «مۇستەقىل»لىق قەدىمىنى تېزلىتىشى كېرەك، دەپ جار سالدى. بۇنىڭدىن باشقا، چېگرا سىرتىدىكى بۆلگۈنچى تەشكىلاتلارمۇ شىنجاڭغا قاراتقان سىڭىپ كىرىش ۋە شىنجاڭدا توپىلاڭ كۆتۈرۈشنى پىلانلاش خىزمىتىنى جىددىيلەشتۈردى. چېگرا ئىچىدىن ئېيتقاندا، بىرىنچىدىن، بۆلگۈنچى كۈچلەر قىسمەن رايونلاردا بارلىققا كەلگەن دىنىي ئەسەبىيلىك ۋە چېكىدىن ئاشقان مىللىي كەيپىياتتىن يەنىمۇ پايدىلىنىشقا باشلىدى، ئىككىنچىدىن، قىسمەن رايونلاردىكى ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت تەشكىلاتلىرى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە بۆلگۈنچىلىك تەشۋىقاتى، سىڭىپ كىرىش ۋە دىنىي ئەسەبىيلىكنىڭ چىرىتىشىگە ئۇچرىدى، بۇنىڭ بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە تەسىرگە ئۇچرىدى، سىياسەت، فاڭجېنلار ئاساسىي قاتلامدا چوڭقۇر ئىزچىللىشىپ كېتەلمىدى.

20 ـ ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىدىكى شىنجاڭدىكى بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلىدىن ئېيتقاندا، بىر يېڭى ئالاھىدىلىك شۇ بولدىكى، تۈرلۈك بۆلگۈنچى تەشكىلاتلار ۋە پارتىيىلەر كۆنسايىن كۆپەيدى، بۆلگۈنچى كۈچلەر تەشكىللىك ھەرىكەت ئېلىپ بېرىش مەزگىلىگە قەدەم قويدى. 20 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرىدىن 70 ـ يىللىرىنىڭ باشلىرىغىچە، شىنجاڭدا «شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى» بارلىققا كەلگەندىن سىرت، 20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىنىڭ باشلىرىدا پەقەت ئىككى بۆلگۈنچى پارتىيە، يەنى «شەرـ

قىي تۈركىستان يالقۇن پارتىيىسى» بىلەن «ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇي-غۇرىستان ياشلار ئۇچقۇن پارتىيىسى»نى قۇرۇش دېلوسىلا پاش قىلىنغانىدى. لېكىن 20 - ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىغا كەلگەن-دە، شىنجاڭدىكى تەشكىللىك، پروگراممىسى بولغان بۆلگۈنچى پارتىيىلەر ۋە بۆلگۈنچى گۇرۇھلارنىڭ پەيدا بولۇش دېلولىرى شىددەت بىلەن كۆپەيدى. 1990 - يىلدىن 1995 - يىلغىچە بولغان ئالتە يىل ئىچىدە، شىنجاڭدىكى جامائەت خەۋپسىزلىكى تارماقلىرى بۆلگۈنچى پارتىيە تەشكىلاتى قۇرۇش ۋە بۆلگۈنچى گۇرۇھلارنى تەشكىللەش دېلوسىدىن 109نى پاش قىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە، 1995 - يىلىلا پۈتۈن شىنجاڭدىكى جامائەت خەۋپسىز-لىكى ئورگانلىرى بۆلگۈنچى تەشكىلات قۇرۇش ۋە بۆلگۈنچى گۇ-رۇھ تەشكىللەش دېلوسىدىن 32نى پاش قىلدى، بۇ 20 - ئە-سىرنىڭ 80 - يىللىرىدىن بۇيان شىنجاڭ رايونىدا بۆلگۈنچى تەشكىلاتلار، گۇرۇھلارنى پاش قىلىش ئەڭ كۆپ بولغان يىل بو-لۇپ، ئالدىنقى يىلىغا قارىغاندا بىر ھەسسىگە يېقىن كۆپەيگەن.

جامائەت خەۋپسىزلىكى تارماقلىرىمىز بۇ بۆلگۈنچى تەش-كىلاتلار، گۇرۇھلارغا كۆپ قېتىم زەربە بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن تورىدىن چۈشۈپ قالغان بىر قىسىم تايانچ ئۇنسۇرلارنىڭ تەش-كىللىشى ئارقىسىدا قايتىدىن بىخلىنىپ زورايدى. مەسىلەن، 1990 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا پاش قىلىنغان «ئىسلام ئىسلاھاتچى-لىرى پارتىيىسى»نىڭ تورىدىن چۈشۈپ قالغان ئۇنسۇرلىرى ھې-مىت تالىپ ۋە ئىدرىسخانلار قالدۇق مۇرتلىرىنى يېڭىۋاشتىن يىغىپ، يېڭىدىن ئەزا قوبۇل قىلىپ، «ئىسلام ئىسلاھاتچىلىرى زەربىدارلار ئەترىتى»نى قۇرغان ھەمدە تېزدىنلا 130دىن ئارتۇق شايكىغا ئىگە جىنايى گۇرۇھ شەكىللەندۇرۇپ، ئىلگىرى - كې-يىن بولۇپ ئۇرۇمچىدىكى «5 - فېۋرال» پارتلىتىش دېلوسى، شايار ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك بانكىسىدىن 500مىڭ يۈەن پۇل-نى قوراللىق بۇلاشتەك بىر يۈرۈش چوڭ، قەبىھ دېلولارنى سادىر قىلدى. بەزى بۆلگۈنچى تەشكىلاتلار، گۇرۇھلار مەلۇم جايدا بىخ-

لىنىپلا، رايون ئاتلاپ ھەرىكەت ئېلىپ بېرىپ، تېزدىن زورايدى، مەسىلەن، 1992 - يىلى پاش قىلىنغان «شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئازادلىق تەشكىلاتى» دېلوسىدىكى ئاساسلىق جىنايەتچى روزى مەمەت، 1988 - يىلى ئۈرۈمچىدە ئۆگىنىش مەزگىلىدە ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ ئىككى قېتىم «پارتىيە قۇرۇش يىغىنى» ئېچىپ، 19 ئەزا تەرەققىي قىلدۇرغان، 1990 - يىلى روزى مەمەت يۇرتىغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن داۋاملىق ئەزا قوبۇل قىلغان، بۇ دېلو قەشقەر، قۇمۇل، ئىلى، بايىنغولىندىن ئىبارەت تۆت ۋىلايەت، ئوبلاستقا، توققۇز ناھىيە، شەھەرگە چېتىشلىق بولغان، تەشكىلات ئەزالىرى 160 نەچچە ئادەمگە يەتكەن. 1995 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، شىنجاڭدىكى جامائەت خەۋپسىزلىكى تارماقلىرى ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ مۇھىم بۆلگۈنچى پارتىيە، تەشكىلاتلاردىن بەشنى پاش قىلدى. يەنى 1990 - يىلى قۇرۇلغان «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسى»، 1988 - يىلى قۇرۇلغان «تەڭرىتاغ مىللەت قۇتقۇزغۇچىلىرى پارتىيىسى»، 1990 - يىلى قۇرۇلغان «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ئىسلاھاتچىلىرى پارتىيىسى»(«ئىسلام ئىسلاھاتچىلىرى زەربىدارلار ئەترىتى»نى ئىچىگە ئالىدۇ)، 1991 - يىلى قۇرۇلغان «شەرقىي تۈركىستان دېموكراتىك ئىسلام پارتىيىسى»، 1994 - يىلى قۇرۇلغان «شەرقىي تۈركىستان ئادالەت پارتىيىسى». بۇنىڭ ئىچىدىكى «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسى» 1990 - يىلى ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ بارىن يېزىسىدا يۈز بەرگەن بۆلگۈنچىلىك ، تېررورلۇق توپىلىڭىنى بىۋاسىتە پىلانلىغان ۋە ئۇنىڭغا تەشكىلاتچىلىق قىلغان. بۇ پارتىيىنىڭ كاتتىۋېشى زەيدىن يۈسۈپ «ئىسلام پادىشاھلىقى» قۇرۇش ئۈچۈن، 10 يىل تېررورلۇق ئۇرۇشى، 10 يىل پارتىزانلىق ئۇرۇشى ۋە 10 يىل مۇنتىزىم ئۇرۇش ئېلىپ بارىمىز، دەپ جار سالغان.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى بۆلگۈنچى پارتىيىلەر ۋە گۇرۇھلار، تەشكىلاتلارنىڭ ئەزالىرى ياشلىشىش، ساۋاتلىق بولۇش

ۋە تەشكىللىي بىردەك بولۇش يۈزلىنىشىنى ئالدى. بۇنىڭ ئىچىدە يېرىمىدىن كۆپرەكى يوشۇرۇن ۋە خۇسۇسىي دىنىي مەكتەپلەردە يېتىشتۈرۈلگەن، ئۇچىغا چىققان دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيىسى بولغان تالىپلاردۇر. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بۆ بۆلگۈنچى پارتىيە، گۇرۇھلار ۋە تەشكىلاتلار مەكتەپلەرگە سىڭىپ كىرىشنى جىددىيلەشتۈردى. ئۇلار: «شىنجاڭنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن چوقۇم بىلىملىك زاتلارنى كۆپرەك قولغا كەلتۈرۈش كېرەك، چوقۇم مەكتەپلەردە كۈچلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك» دەپ جار سالدى. 1994 ـ يىلى، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بۆلگۈنچى پارتىيە، گۇرۇھلار ۋە تەشكىلاتلار سىياسەت، ئىقتىساد، ھەرىكەت جەھەتتە بىرلىككە كېلىشنى تەدرىجىي ئىشقا ئاشۇرۇش؛ تەشكىللىي خادىملىرىنى ياشلاشتۇرۇش، ساۋاتلىق بولۇش، بىلىم ئەھلىدىن بولۇشتەك تەشكىلاتنى يەنىمۇ كۈچەيتىش نىشانىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

مۇتلەق كۆپ ساندىكى بۆلگۈنچى پارتىيە ۋە گۇرۇھلار، تەشكىلاتلار زوراۋانلىق، تېررورلۇق ۋاستىسى ئارقىلىق شىنجاڭنى پارچىلاش مەقسىتىگە يېتىشنى تەشەببۇس قىلدى. ئۇلار بىۋاسىتە پىلانلىغان ۋە يولغا قويغان تۈرلۈك پارتلىتىش، يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش قاتارلىق تېررورلۇق دېلولار يىلدىن ـ يىلغا كۆپىيىشكە باشلىدى. 1990 ـ يىلدىن 1995 ـ يىلغىچە بۆلگۈنچىلىك، بۇزغۇنچىلىق قىلىش مەقسىتىدىكى پارتلىتىش ۋە پارتلىتىشنى پىلانلاش دېلوسىدىن جەمئىي 26سى سادىر بولدى. ئۇلار تېررورلۇق ۋەقەلىرىنى سادىر قىلىشتا يەنە دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ۋەزىيەتكە ماسلىشىشقا دىققەت قىلىپ، بۇ ئارقىلىق تەسىرىنى كېڭەيتمەكچى بولدى. مەسىلەن، بۆلگۈنچى پارتىيە ۋە گۇرۇھلار شياڭگاڭنى ۋەتەن قويىنىغا قايتۇرۇپ كېلىش ھارپىسىدا، جۇڭگو بىلەن ئەنگلىيە ئوتتۇرىسىدا چوقۇم ئۇرۇش پارتلايدۇ، بۇنىڭ بىلەن دۇنيادىكى زىددىيەتلەر كەسكىنلىشىپ كېتىدۇ، شۇڭا بۇ مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ ياخشى

پۇرسىتى، دەپ پەرەز قىلىپ، كۆپىنچىسى 1996 ـ يىلى تەييار ـ
لىق كۆرۈپ، كۈچ ۋە قورال ـ ياراغ، ئوق ـ دورا توپلاپ، 1997 ـ
يىلى زوراۋانلىق، تېررورلۇق ۋاستىسى ئارقىلىق «شىنجاڭنىڭ
مۇستەقىللىقى»نى قولغا كەلتۈرۈش پىلانىنى تۈزۈشكەن. تولۇق
بولمىغان ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، جامائەت خەۋپسىزلىكى
ئورگانلىرىمىز 1990 ـ يىلىدىن 1995 ـ يىلىغىچە پاش قىلىن ـ
غان 190 بۆلگۈنچى گۇرۇھ، تەشكىلاتنىڭ قولىدىن جەمئىي 83
تال ھەر خىل ئۈزۈن ـ قىسقا قورال(بۇنىڭ ئىچىدە چېگرا سىر ـ
تىدىن ئوغرىلىقچە ئېلىپ كىرىلگىنى 15 تال)، 10 مىڭ پايدىن
ئارتۇق ئوق، 41 دانە پارتلىتىش ئۈسكۈنىسى، 248 دانە گىرا ـ
نات، 83 دانە چايقىلىدىغان بومبا، ئىككى توننىدىن ئارتۇق
پارتلاتقۇچ دورا، 653 دانە كاپسۇل، 36 دانە پارتلىتىش ۋاقىت
بەلگىلىگۈچى، بىر تۈركۈم قورال ياساش قېلىپىنى قولغا چۈ ـ
شۈرگەن. ھۆكۈمەت دېلوغا چېتىشلىق خادىملارنى ناھايىتى ئېھ ـ
تىياتچانلىق بىلەن بىر تەرەپ قىلدى. 1996 ـ يىلىنىڭ ئاخى ـ
رىدىكى ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، جامائەت خەۋپسىزلىكى
ئورگانلىرىمىز 1990 ـ يىلىدىن 1995 ـ يىلىغىچە پاش قىلغان
109 بۆلگۈنچى گۇرۇھ، تەشكىلاتنىڭ ئەزاسى 1831 كىشىگە يەت ـ
كەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە: ئۆلۈم جازاسى، كېچىكتۈرۈپ ئىجرا
قىلىنىدىغان ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەنلەر 10 نەپەر (بۇلارنىڭ
ھەممىسى بارىن يېزىسىدا توپىلاڭ كۆتۈرگەنلەرنىڭ كاتتىۋاشلى ـ
رى ۋە 1992 ـ يىلىدىكى «5 ـ فېۋرال» پارتلىتىش دېلوسىنىڭ
تايانچ ئۇنسۇرلىرى، كاتتىۋاشلىرى)؛ قانۇن بويىچە جازا مۇددىتى
كېسىلىپ ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىشكە يوللانغانلىرى 263 نەپەر؛
ئەمگەك ئارقىلىق، تەربىيە بىلەن ئۆزگەرتىلگەنلىرى 121 نەپەر؛
تەكشۈرۈلۈۋاتقان، بىر تەرەپ قىلىنىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقانلىرى
655 نەپەر؛ مەمۇرىي جەھەتتىن بىر تەرەپ قىلىنغانلار ياكى تەن ـ
قىدىي تەربىيە بېرىلىپ قويۇپ بېرىلگەنلەر، ئەيىبلەش كەچۈرۈم
قىلىنغانلار 782 نەپەر.

1998 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى مەزگىل شىنجاڭدىكى بۆلگۈنچى پارتىيە ۋە گۇرۇھلار، تەشكىلاتلارنىڭ ھەرىكەتلىرى ئەڭ ئەۋج ئالغان مەزگىل بولدى. ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، شۇ يىلى پۈتۈن شىنجاڭدا بۆلگۈنچى پارتىيە ۋە گۇرۇھلار، تەشكىلاتلاردىن 195ى پاش قىلىنغان بولۇپ، ئالدىنقى يىلغا قاردىغاندا 46سى كۆپەيگەن، دېلوغا چېتىشلىق خادىملار 1194 كە يەتكەن. بۇ تەشكىلات ۋە گۇرۇھلارنىڭ ئالاھىدىلىكى مۇنداق بولغان: بىرىنچىدىن، توردىن چۈشۈپ قالغان زوراۋان، تېررورچى ئۇنسۇرلار يېڭىۋاشتىن جەم بولۇپ تەشكىللەنگەن، تەشكىلاتلار ۋە گۇرۇھلار ھامان ئۆزئارا گىرەلىشىپ، تور بولۇپ شەكىللەنگەن؛ ئىككىنچىدىن، ئوغرىلىق قىلىش، بۇلاڭچىلىق قىلىش، چامباش ئۆگىنىش، مەبلەغ، قورال توپلاش، پارتلىتىش ئۇسكۇنىلىرىنى ياساش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى ئىچىگە ئالغان بولۇپ، كۆپىنچىسىدە زوراۋانلىق، تېررورلۇق ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بېرىش خاھىشى بولغان؛ ئۈچىنچىدىن، بۆلگۈنچىلىك تەشۋىقاتى ھەرىكىتىنى تەشكىللەپ ئېلىپ بارغان، «تەبلىغ» ھەرىكىتى ۋە «غازات» تەربىيىسىنى تەشكىلاتنىڭ بارلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ ھەرقايسى ھالقىلىرىغىچە سىڭدۈرگەن؛ تۆتىنچىدىن، تەشكىلىي سىستېمىسى تېخىمۇ مۇستەھكەم بولغان، بەزىلىرى «قۇرئان» تۇتقۇزۇپ قەسەم قىلدۇرۇش، رەھىمسىز جازالار ئارقىلىق سىناش قاتارلىق شەكىللەرنى قوللىنىپ ئەزالىرىنى تەرەققىي قىلدۇرغان، ئەزالىرى كۆپىنچى ھاللاردا يەككە ئالاقە قىلىشقان، ھەرىكىتى تېخىمۇ يوشۇرۇن بولغان؛ بەشىنچىدىن، زوراۋانلىق، تېررورلۇق مەشىقلىرى، پارتلىتىش ئۇسكۇنىلىرى، شۇنداقلا زوراۋانلىق، تېررورلۇق جابدۇقلىرىنى ياساش مەشىقلىرىنى ئېلىپ بارغان تەشكىلات، گۇرۇھلارنىڭ سانى ئۈزلۈكسىز كۆپەيگەن. 1998 ـ يىلى، پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە چېگرا ئىچى ۋە سىرتىدىكى دۈشمەن ئۇنسۇرلار قۇرغان زوراۋانلىق، تېررورلۇق مەشىق نۇقتىلىرىدىن 27سى بىتچىت قىلىنىپ،

بىر تۈركۈم ئۆزلىرى ياسىۋالغان پارتلاتقۇچلار، پارتلىتىش دورىلىرى، قورال - ياراغ، ئوق - دورا ۋە ياساش ئۈسكۈنىلىرى قولغا چۈشۈرۈلگەن. بۇ تەشكىلاتلار، گۇرۇھلارنىڭ ئەزالىرىنىڭ تەشكىللىنىشى مۇرەككەپ بولۇپ، ئاساسلىق تايانچ ئۇنسۇرلىرى دېلو سادىر قىلىپ قېچىپ يۈرگەن زوراۋان، تېرروررچى ئۇنسۇرلار ۋە ئۇچىغا چىققان دىنىي ئىدىيىدە چىڭ تۇرىدىغان يوشۇرۇن تەربىيىلەنگەن تالىپلاردۇر.

1999 - يىلى، پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە بۆلگۈنچى پارتىيە ۋە گۇرۇھلار، تەشكىلاتلار دېلوسىدىن 76سى پاش قىلىندى، بۇ دېلوغا چېتىشلىق ئادەم 1650 ئىدى. ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، بۆلگۈنچى كۈچلەر تەشكىلات سىستېمىسىنى يەنىمۇ كۈچەيتمەكچى بولۇشتى. شۇ يىللىرى جەنۇبىي شىنجاڭدا مۇھىم زوراۋانلىق، تېررورلۇق بۆلگۈنچى تەشكىلاتتىن ئىككىسى پاش قىلىندى، بۇنىڭ بىرسى، قەشقەر ۋىلايىتىدىكى مەتىمىن خېلىل باشچىلىقىدىكى «قېرىنداشلار جەمئىيىتى» بولۇپ، بۇ دېلوغا چېتىشلىق ئادەم 34 ئىدى، بۇنىڭ ئىچىدىكى قىسمەن كىشىلەر چەت ئەلدىكى تېررورلۇق مەشىق لاگېرىدا مەشىق قوبۇل قىلغانلار ئىدى، ئۇلار قەشقەر ۋىلايىتىگە قاراشلىق يەكەن ناھىيىسى، قەشقەر شەھىرى، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى ئەتراپىدا مەخسۇس يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش قاتارلىق تېررورلۇق ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بارغان؛ يەنە بىرسى، خوتەن ۋىلايىتىدىكى «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ئازادلىق پارتىيىسى»(«كۆرەش گۇرۇھى»دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ئىدى. ئۇلار چېگرا سىرتىدىكى ھەسەن مەخسۇم باشچىلىقىدىكى تېررورلۇق تەشكىلاتى «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى»نىڭ قوماندانلىقىدا، زوراۋانلىق، تېررورلۇق ۋاسىتىلىرى ئارقىلىق «شەرقىي تۈركىستان»نى ئازاد قىلىپ، «ئىسلام دۆلىتى» قۇرماقچى بولغان. بۇ پارتىيىنىڭ خوتەن ۋىلايىتىدە 16 تارماق ئاپپاراتى بولۇپ، دېلوغا چېتىشلىق ئادەم 600دىن ئارتۇق ئىدى.

**2. بۆلگۈنچىلىك قىلىش خاراكتېرىدىكى قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرۇش ۋەقەلىرىنىڭ دەرىجىسىنىڭ ئېشىشى**

1990 ـ يىلىدىن 1999 ـ يىلىغىچە بولغان 10 يىلدا، شىنجاڭدا بىرقەدەر چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن بۆلگۈنچىلىك خاراكتېرىدىكى سىياسىي قالايمىقانچىلىق ھەرىكىتىدىن تۆتى يۈز بەردى، بۇنىڭ ئىككىسى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى خوتەن ۋىلايىتىدە، ئىككىسى شىمالىي شىنجاڭدىكى ئىلى ۋىلايىتىدە يۈز بەردى. بۇنىڭ ئىچىدە ئىلى ۋىلايىتىنىڭ غۇلجا ناھىيىسىدە 1997 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى يۈز بەرگەن «5 ـ فېۋرال» ۋەقەسىنىڭ بۆلگۈنچىلىك قىلىش، قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرۇش خاراكتېرى ئەڭ ئېغىر بولدى، 1995 ـ يىلى 8 ـ ئايدا غۇلجا شەھىرىدە يۈز بەرگەن قانۇنسىز نامايىش قىلىش ۋەقەسىنى «5 ـ فېۋرال» قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرۇش ۋەقەسىنىڭ «مۇقەددىمىسى» دېيىشكە بولاتتى.

ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى شىنجاڭدا مۇھىم ئورۇنغا ئىگە، 20 ـ ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىدىن بۇيان، يوشۇرۇنغان بۆلگۈنچى كۈچلەر بۇ جايدا ھەرىكىتىنى جىددىيلەشتۈردى. ئۇلار ئەڭ دەسلەپتە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەل ئىچى كۆڭۈل ئېچىش شەكلى بولغان مەشرەپتىن پايدىلىنىپ، تەشكىلىي جەھەتتىن ئالاقە باغلاپ، مەشرەپ ئېلىپ بارىدىغان مۇقىم ھەرىكەت سورۇنىدىن 200نى قۇرغان، بۇنىڭغا قاتناشقۇچىلار 4000 ئادەمدىن ئېشىپ كەتكەن. يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ 1995 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى رايون ھالقىغان «ئىلى ياشلار مەشرەپ كومىتېتى»نى قۇرۇپ، باش «غازىي»، مۇئاۋىن باش قوماندان قاتارلىق تەشكىللىگۈچىلەرنى، ئاپپاراتلارنى سايلاپ چىققان ۋە تەسىس قىلغان، «مەشرەپ» شەكلىدىن پايدىلىنىپ، يوشۇرۇن ھالدا دىنىي ئەسەبىيلىكنى قۇتراتقان، ھەتتا ئۆشرە ـ زاكات يىغقان؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە، مىللەت مۇناسىۋىتىگە ئارازلىق سالغان، ئاساسىي قاتلامنىڭ مەمۇرىي ۋە ئامانلىق باشقۇرۇش ئىشلىرىغا قول تىق-

قان. شۇ جايدىكى خەلق ھۆكۈمىتى «ئىلى ياشلار مەشرەپ كومىتېتى»نىڭ ھەرىكىتى ئەل ئىچى كۆڭۈل ئېچىش دائىرىسىدىن خېلىلا ھالقىپ كەتتى، ئىجتىمائىي تەرتىپكە ۋە مۇقىملىققا زىيان يەتكۈزدى دەپ قاراپ، 1995 ـ يىلى 5 ـ ئايدا بۇ كومىتېتنىڭ بارلىق ھەرىكەتلىرىنى توختىتىشنى ئۇقتۇرغان؛ 8 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى، يەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى ئابدۇخېلىل باشچىلىقىدىكى بىر قانچە جاھىل ئۇنسۇرنى چاقىرتىپ سوراق قىلغان. «ئىلى ياشلار مەشرەپ كومىتېتى» بۇنى باھانە قىلىپ، «14 ـ ئاۋغۇست» قانۇنسىز نامايىش قىلىش ۋەقەسىنى سادىر قىلغان. نامايىشقا قاتناشقۇچىلار 200 نەچچە ئادەمدىن 800 نەچچە ئادەمگە كۆپەيگەن. نامايىش قىلىپ بولۇپ تارقالغاندىن كېيىن، 300دەك ئادەم ئىلى ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئالدىغا كېلىپ جىم ئولتۇرۇۋالغان. ۋەقە تىنچىتىلغاندىن كېيىن، «ئىلى ياشلار مەشرەپ كومىتېتى» ۋە «14 ـ ئاۋغۇست» قانۇنسىز نامايىشنى تەشكىللىگۈچىلەردىن بولۇپ 28 ئادەم تۇتۇپ تۇرۇلغان، بۇنىڭ ئىچىدە بەش ئادەم قانۇن بويىچە تۇتۇپ تۇرۇلۇپ تەكشۈرۈلگەن، 14 ئادەمگە تەنقىدىي تەربىيە بېرىلگەن، توققۇز ئادەم بىر تەرەپ قىلىنغۇچە كېپىلگە بېرىلگەن.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاساسلىقى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ كورلا شەھىرىدە ھەرىكەت ئېلىپ بېرىۋاتقان بۆلگۈنچى تەشكىلات «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ئاللا پارتىيىسى» (تۆۋەندە «ئاللا پارتىيىسى» دەپ ئاتىلىدۇ) ئىلىنىڭ ئىشلىرىغا قول تىقىشقا باشلىغان. 1995 ـ يىلىدىن كېيىن، «ئاللا پارتىيىسى» ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئۆزىنىڭ 20 نەچچە جەنۇبىي شىنجاڭلىق ئەزاسىنى تەپسىر ئېيتىش نامى بىلەن ئىلىغا بۆلگۈنچىلىك قىلىش ۋە «غازات» تەشۋىقاتى ئېلىپ بېرىش، ئەزا قوبۇل قىلىش ۋە تەشكىلات قۇرۇشقا ئەۋەتكەن. 1996 ـ يىلى 1 ـ ئايدا، «ئاللا پارتىيىسى» ئۈرۈمچىدىكى بىرقانچە تايانچلىرىنى غۇلجىغا ئەۋەتىپ، جامائەت خەۋپسىزلىكى تارماقلىرى تەرىپىدىن قويۇپ بېرىلگەن

«ئىلى مەشرەپ كومىتېتى»نىڭ مۇئاۋىن باش قوماندانى ئابدۇخې-
لىل قاتارلىقلار بىلەن مەخپىي ئۇچرىشىپ، بۆلگۈنچىلىك ھەرى-
كىتى ئېلىپ بېرىش پىلانىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تۈزگەن، ئىل-
گىرى - كېيىن بولۇپ غۇلجا شەھىرى، غۇلجا ناھىيىسىنىڭ
يېزا - كەنتلىرىدە ئالتە مەخپىي مەشىق نۇقتىسى قۇرۇپ، تايانچ
خادىملارنى يېپىق ھالەتتە زوراۋانلىق، تېررورلۇق مەشقى قىل-
دۇرۇپ، ھەرىكەت ئېلىپ بېرىشقا پۇرسەت كۈتۈشكەن. 1997 -
يىلى 2 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، قەمەرىيە باھار بايرىمىنىڭ 2 -
كۈنى «ئاللا پارتىيىسى»نىڭ پىلانلىشى ۋە قوماندانلىق قىلىشى
بىلەن «5 - فېۋرال» قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرۇش ۋەقەسى غۇلجا
شەھىرىدە يۈز بەرگەن. قالايمىقانچىلىق سادىر قىلغۇچىلار «قۇر-
ئاننى قورال قىلىپ كاپىرلارغا قارشى قەتئىي كۈرەش قىلايلى»
دەپ يېزىلغان لوزۇنكىلارنى كۆتۈرۈپ، «خەنزۇلارنى قوغلاپ چى-
قىرايلى»، «ئىسلام پادىشاھلىقى قۇرايلى» دېگەن شوئارلارنى
توۋلاپ، قانۇنسىز نامايىش قىلغان، ئاخىرىدا بۇ ئۇرۇش، چې-
قىش، ئوت قويۇش، ئادەم ئۆلتۈرۈشتەك بۆلگۈنچىلىك قىلمىش
قالايمىقانچىلىقىغا ئايلانغان، ھەتتا بىگۇناھ ئاممىنىڭ ئۆيلىرىگە
كىرىپ ئادەم ئۆلتۈرۈپ قاتىللىق قىلىشقان. 2 - ئاينىڭ 7 -
كۈنى قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرۇش ۋەقەسى ئاساسىي جەھەتتىن
تىنچىتىلغان. ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، 2 - ئاينىڭ 5 -
كۈندىن 2 - ئاينىڭ 7 - كۈنىگىچە، جەمئىي يەتتە بىگۇناھ
ئامما پاجىئەلىك ئۆلتۈرۈلگەن، بۇنىڭ ئىچىدە ئاتا - ئانىسى ۋە
10 ياشلىق بالىسى بولۇپ بىر ئائىلە كىشىلىرى ئۆلتۈرۈلگەن؛
198 نەپەر ئامما يارىلانغان، بۇنىڭ ئىچىدە 50 ئادەم ئېغىر يا-
رىلانغان، يەنە بىرقانچە ئادەم يوقاپ كەتكەن؛ شۇ جايدىكى جامائەت
خەۋپسىزلىكى كادىر، ساقچىلىرىدىن 30 ئادەم يارىلانغان، بۇنىڭ
ئىچىدە 14 ئادەم ئېغىر يارىلانغان؛ جەمئىي 39 دانە ئاپتوموبىل
(ج خ ئورۇنلىرىنىڭ ئاپتوموبىللىرىمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) چېقىۋېتىل-
گەن، ئوت قويۇۋېتىلگەن، ئىككى ئېغىز ئۆي كۆيدۈرۈۋېتىلگەن.

ئىلى «5 ـ فېۋرال» ۋەقەسى شىنجاڭ ئازاد بولغاندىن
كېيىن يۈز بەرگەن تەشكىللىك، پىلانلىق، داۋاملاشقان ۋاقتى
ئۇزۇن بولغان، خاراكتېرى ئەڭ قەبىھ بولغان، خەلقنىڭ هايا ـ
تى ۋە مال ـ مۈلكى ئەڭ زور زىيانغا ئۇچرىغان بىر قېتىم ـ
لىق بۆلگۈنچىلىك خاراكتېرىدىكى قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرۇش
ۋەقەسى بولۇپ، يەرلىكنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقىغا ئېغىر
دەرىجىدە زىيان يەتكۈزدى.
20 ـ ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرى يۈز بەرگەن يەنە ئىككى
قېتىملىق بۆلگۈنچىلىك خاراكتېرىدىكى قالايمىقانچىلىق تۇغدۇ ـ
رۇش ۋەقەسى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ خوتەن ۋىلايىتىدە يۈز بەردى.
خوتەن شەهىرىنىڭ بەيتۇللا مەسچىتى خوتەن ۋىلايەتلىك مەمۇرىي
مەهكىمىنىڭ ئارقا تەرىپىگىرەك جايلاشقان بولۇپ، 1994 ـ يىد ـ
لى كېڭەيتىپ سېلىنغاندىن كېيىن، بۇ مەسچىتنىڭ خاتىپى
تەپسىر ئېيتىشتىن پايدىلىنىپ، «غازات تارىخى»نى تەشۋىق قىد ـ
لىپ، دىنىي ئەسەبىيلىكنى قوزغاتقان. 1995 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ
6 ـ كۈنى، خوتەن شەهەرلىك دىن ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئىدا ـ
رىسى بىلەن بىرلىك سەپ تارماقلىرى بۇ مەسچىتنىڭ خاتىپىنى
ئالماشتۇرۇشنى قارار قىلغان. ئاز ساندىكى بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار
پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئىغۋا توقۇپ ۋە قوزغاتقۇلۇق قىلىپ،
400دىن ئارتۇق ئەمەلىي ئەهۋالنى بىلمەيدىغان دىنغا ئېتىقاد
قىلىدىغان ئاممىنى باشلاپ، «غازات» قىلىش شوئارىنى توۋلاپ،
ج ك پ خوتەن ۋىلايەتلىك كومىتېتىنىڭ قورۇسىغا يوپۇرۇلۇپ
كىرگەن. ئەمما ئارىسىغا كىرىۋالغان ئاز ساندىكى بۆلگۈنچى ئۇند ـ
سۇرلار قالايمىقانچىلىقتىن پايدىلىنىپ قول سېلىپ، ئۇرۇش،
چېقىش، بۇلاشتەك قالايمىقانچىلىق سادىر قىلغان، قىسمەن
قالايمىقانچىلىق چىقارغۇچىلار ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ۋىلا ـ
يەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسى ۋە ۋىلايەتلىك مەمۇ ـ
رىي مەهكىمىنىڭ قورۇسىغا هۇجۇم قىلغان. قالايمىقانچىلىقتا
جامائەت خەۋپسىزلىكى ، قوراللىق ساقچى خادىملىرىدىن بولۇپ

67 ئادەم يارىلاندى. نەسھەت قىلىش ئۈنۈم بەرمىگەن ئەھۋال ئاستىدا، جامائەت خەۋپسىزلىكى تارماقلىرى ۋە قوراللىق ساقچى قىسىملىرى كەسكىن تەدبىر قوللىنىپ ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش بىلەن شۇغۇللانغان باش جىنايەتچىنى قولغا ئالغان، بۇنىڭ بىلەن ۋەقە تىنچىتىلغان. ۋەقەدىن كېيىن سەككىز ئادەم قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىنغان.

1999 - يىلى 8 - ئاينىڭ 9 - كۈنى، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ لوپ ناھىيىسىدە زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايىتى ئۆتكۈزگەن بىر ئۇنسۇر ئوچۇق سوت قىلىنىپ، ئۇنىڭغا ئۆلۈم جازاسى بې-رىلدى. بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ پىلانلىشى ۋە قۇتراتقۇلۇق قىلىشى بىلەن، بىر توپ ئامما جەسەتنى بۇلاپ ئېلىپ كېتىپ، بىر مەس-چىتكە كۆتۈرۈپ باردى، قۇتراتقۇلۇق قىلىنغان ۋە ئەتراپتا قاراپ تۇرغان ئامما 2000دىن كۆپرەككە يەتتى. جامائەت خەۋپسىزلىكى تارماقلىرى، قوراللىق ساقچى قىسىملىرى ھەرىكەتكە كېلىپ جەسەتنى قايتۇرۇپ كېلىپ، بېكىتىلگەن مەسچىتتە نامىزىنى چۈشۈرۈپ، يەرلىكىدە قويغۇزدى.

**3. «شەرقىي تۈركىستان» تېررورچىلىقىغا قارشى تۇرۇش ۋە زەربە بې-رىش كۈرەشلىرى**

ماتېرىياللاردىن ئېنىقلىنىشىچە، بۈگۈنكى دۇنيادا تېررور-لۇق(تېررورىزم)نىڭ بېكىتىلىش تۈرى ۋە تەبىرى 150 خىلدىن ئاشىدىكەن. بۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب شۇكى، تېررورلۇقنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆزىگە خاس ۋۇجۇدقا كېلىش ۋە تەرەققىي قىلىش ئارقا كۆرۈنۈشى، مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ئىجتىمائىي ئاساسى بولۇپ، ھەممىسى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكنى شەكىللەندۈرگەن. شۇڭا، دۇنيا مىقياسىدىن ئېيتقاندا، تېررورلۇقنى بېكىتىشنىڭ بىرلا پرىنسىپال تەبىرى بولۇشى كېرەك. ئۇنىڭ كونكرېت مەز-مۇنىنى ھەرقايسى ئەللەر تامامەن ئۆز دۆلىتىدىكى تېررورلۇقنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن يەنىمۇ ئىنچىكىلەشتۈرسە بولىدۇ.

تېررورلۇق 19 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا بارلىققا

كەلگەن، دەسلەپكى چاغلاردا تېررورلۇق يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈشنى
ئاساس قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ بېكىتىلىشى ئاساسىي جەھەتتىن
ھۆكۈمەتنىڭ مۇھىم خادىملىرى، ئوفىتسېرلار، رازۋېدكىچىلار
ۋە خائىنلارغا ئوخشاش خەۋپى بىرقەدەر زور بولغان دۈشمەن
شەخسلەرنى يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش ئارقىلىق ئىجتىمائىي ئىنقىلاب
ئېلىپ بېرىشتىكى بىر خىل سىياسىي تەشەببۇستىن ئىبارەت
ئىدى. بۇ خىل سىياسىي تەشەببۇس 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە
20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى رۇسىيىدە ئەڭ ئومۇملاشقان بىر
خىل ئىنقىلاب شەكلى بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتىكى «ئەل رايى پار-
تىيىسى»(1879 - يىلى «نارودنىكلار»دىن پارچىلىنىپ چىقىپ
قۇرۇلغان) ۋە «ھۆكۈمەتسىزلەر» يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈشنى ئاساس
قىلغان تېررورلۇقنى يولغا قويغانىدى. بۈگۈنكى كۈندە تېررور-
لۇقنىڭ مەزمۇنى تەرەققىي قىلىپ ۋە كېڭىيىپ، ئۆز دۈشمىنى
بولغان يەككىلەرنى يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈشتىن ئوت قويۇش، پارت-
لىتىش، قىرغىنچىلىق قىلىش، زەھەر سېلىش، تۇتقۇن قىلىشقا
كېڭەيدى؛ شەخسلەرگە ۋەھىمە سېلىشتىن جەمئىيەتتە ۋەھىمە
تۇغدۇرۇشقا تەرەققىي قىلدى. يۇقىرىقى تەھلىللەر ئارقىلىق،
تېررورلۇققا پرىنسىپال تەبىر بەرگىلى بولىدۇ، يەنى: كۆزلىگەن
سىياسىي مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن، بىگۇناھلارغا قارىتا ئېلىپ
بېرىلغان تەشكىللىك زوراۋانلىق ھەرىكىتىدۇر.

تېررورلۇق بۈگۈنكى دۇنيادىكى بىر چوڭ ئاپەت بولۇپ،
خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ تىنچلىقى، بىخەتەرلىكى ۋە تەرتىپىگە،
بولۇپمۇ مۇناسىۋەتلىك دۆلەتلەرنىڭ مۇقىملىقى، بىخەتەرلىكى ۋە
تەرەققىياتىغا نىسبەتەن ئېغىر تەھدىت پەيدا قىلىدۇ. ئۇزاقتىن
بۇيان، بولۇپمۇ 20 - ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىدىن بۇيان، جۇڭ-
گو چېگرىسى ئىچى ۋە سىرتىدىكى «شەرقىي تۈركىستان» بۆل-
گۈنچى كۈچلىرى ئۆزلىرىنىڭ شىنجاڭنى پارچىلاپ، ئاتالمىش
«شەرقىي تۈركىستان دۆلىتى» ياكى «ئىسلام پادىشاھلىقى» قۇ-
رۇش مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، شىنجاڭدا ۋە مۇناسى-

ۋەتلىك دۆلەتلەردە بىر قاتار زوراۋانلىق، تېررورلۇق ۋەقەلىرىنى پىلانلىدى ۋە ئۇنى ئېلىپ بېرىشقا تەشكىلاتچىلىق قىلدى. تېررورلۇقنىڭ پرىنسىپال تەبىرىگە ئاساسەن، «شەرقىي تۈركىستان» بۆلگۈنچى كۈچلىرىنى سېپى ئۆزىدىن تېررورچى كۈچلەر دەپ بېكىتىشكە بولىدۇ. ئۇنىڭ تېررورلۇق ھەرىكىتى تۆۋەندىكى مۇھىم ئامىللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

(1) بىگۇناھ ئامما ئۇچۇن ئېيتقاندا، ئۇ ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى ۋە مال - مۈلكىنىڭ بىخەتەرلىكى، شۇنداقلا ئىجتىمائىي مۇقىملىققا ئېغىر زىيان يەتكۈزىدۇ.

(2) ئۇ شىنجاڭنى پارچىلاپ، «شەرقىي تۈركىستان دۆلىتى» ياكى «ئىسلام پادىشاھلىقى» قۇرۇشنى سىياسىي مەقسەت قىلىدۇ.

(3) ئۇ بۆلگۈنچى پارتىيە ۋە گۇرۇھلارنىڭ تەشكىللىك ئېلىپ بارغان جىنايى ھەرىكىتى.

(4) ئۇ پارتلىتىش، يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش، ئوت قويۇش، زەھەر سېلىشتەك بىر قاتار زوراۋانلىق، تېررورلۇق ۋاستىلىرىنى قوللىنىدۇ.

(5) ئۇ ئۆچمەنلىكنى قوزغىتىپ، زوراۋانلىقنى تەرغىب قىلىدۇ؛ ياكى دىندىن پايدىلىنىپ يات دىندىكىلەر ئۈستىدىن «غازات» قىلىشنى تەرغىب قىلىدۇ؛ جەمئىيەتتە تېررورلۇق كەيپىياتىنى پەيدا قىلىدۇ.

«شەرقىي تۈركىستان» تېررورچىلىقىنى يەنە بىرقانچە نۇقتىدىن چۈشەندۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. بىرىنچىدىن، دۆلىتىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى ئىچكى ئەھۋالىدىن ئېيتقاندا، تېررورلۇقنىڭ پرىنسىپال تەبىرىگە ئۇيغۇن كېلىدىغىنى ئاساسلىقى شىنجاڭدىكى «شەرقىي تۈركىستان» كۈچلىرىدۇر. جۇڭگونىڭ باشقا جايلىرىدا ئاندا - ساندا يۈز بەرگەن پارچە - پۇرات، تەشكىلسىز زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرى يەككە دېلولار بولۇپ، كۆپىنچىلىرى جىنايى ئىشلار جىنايىتىدىنلا ئىبارەت، تېررورلۇق كاتېگورىيەسىگە كىرمەيدۇ. ئىككىنچىدىن، «شەرقىي تۈركىستان» بۆلگۈن-

چىلىكى بىلەن «شەرقىي تۈركىستان» تېررورچىلىقىنىڭ مۇناسىۋىتى مەقسەت بىلەن ۋاستە ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتۇر. بۆلگۈنچىلىك قىلىش مەقسەت، تېررورلۇق ۋاستە. تېررورلۇق دۈشمەن كۈچلەرنىڭ شىنجاڭنى پارچىلاپ، «شەرقىي تۈركىستان دۆلىتى» قۇرۇش ئۈچۈن قوللانغان ۋاستىسى، تېررورلۇقنىڭ ۋاستىلىرى ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىشى مۇمكىن، لېكىن ئۇنىڭ شىنجاڭنى پارچىلاشتەك مەقسىتى ئۆزگەرمەيدۇ. ئۈچىنچىدىن، «شەرقىي تۈركىستان» تېررورچىلىقىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىدا چېگرا ئىچى ۋە سىرتىدىن ئىبارەت ئىككى ئامىل بار. 20 ـ ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىغا قەدەم قويغاندىن كېيىن، خەلقئارا تېررورلۇقنىڭ سىڭىپ كىرىشى ۋە تەسىر كۆرسىتىشى ئارقىسىدا، «شەرقىي تۈركىستان» كۈچلىرى زوراۋانلىق، تېررورلۇق ئاساسىي ۋاستە قىلىنغان بۆلگۈنچىلىك، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بېرىشقا بۇرالدى.

جۇڭگو گوۋۇيۈەن ئاخبارات ئىشخانىسى ئېلان قىلغان ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، 1990 ـ يىلىدىن 2001 ـ يىلىغىچە، چېگرا ئىچى ۋە سىرتىدىكى «شەرقىي تۈركىستان» تېررورچى كۈچلىرى جۇڭگو شىنجاڭ چېگرىسى ئىچىدە ئاز دېگەندە 200 قېتىمدىن ئارتۇق تېررورلۇق، زوراۋانلىق ۋەقەسى پەيدا قىلىپ، ھەر مىللەت ئاممىسى، ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى، دىنىي زاتلاردىن بولۇپ 162 ئادەمنىڭ ئۆلۈشىنى، 440 نەچچە ئادەمنىڭ يارىلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئۇلارنىڭ تېررورلۇق ھەرىكەتلىرىنى ئاساسلىقى تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ:

(1) پارتلىتىش. بۇنىڭ ئىچىدە ئۆلۈم ـ يېتىم پەيدا قىلغان زور، قەبىھ دېلولاردىن: 1991 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنىدىكى كۇچا ناھىيىلىك يولوچى توشۇش بېكىتىدىكى سىنئالغۇ قويۇش زالىنى پارتلىتىش دېلوسى؛ 1992 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ

5 ـ كۈندىكى ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ئاممىۋى قاتناش ئاپتومو-
بىللىرىنى پارتلىتىش دېلوسى؛ 1993 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 17 ـ
كۈندىكى قەشقەر شەھەرلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى شىر-
كىتىنىڭ ئىشخانا بىناسىنى پارتلىتىش دېلوسى؛ 1997 ـ يىلى
2 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈندىكى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ئاممىۋى
قاتناش ئاپتوموبىللىرىنى پارتلىتىش بىر يۈرۈش دېلوسى. بۇنىڭ
ئىچىدە 1997 ـ يىلى ئۈرۈمچىدە يۈز بەرگەن «25 ـ فېۋرال»
ئاممىۋى قاتناش ئاپتوموبىللىرىنى پارتلىتىش بىر يۈرۈش دې-
لوسى ئاقىۋىتى ئەڭ ئېغىر بولغان قەبىھ دېلودۇر.

1997 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى، دەل بېيجىڭدا
يولداش دېڭ شياۋپىڭغا تەزىيە بىلدۈرۈش يىغىنى ئۆتكۈزۈلگەن
كۈنى، چۈشتىن كېيىن سائەت ئالتە يېرىم ئەتراپىدا، شىنجاڭ
ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مەركىزىي شەھىرى ئۈرۈمچىدە ئام-
مىۋى قاتناش ئاپتوموبىلىنى پارتلىتىش دېلوسى يۈز بەردى. بەش
مىنۇتقا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە، شەھەر مەركىزىدىكى ئۈچ ئا-
ساسلىق كوچىدا ئارقا ـ ئارقىدىن ئۈچ قېتىم ئاممىۋى قاتناش
ئاپتوموبىلى پارتلىدى. بۇ ۋەقەدە ئۈچ ئادەم نەق مەيداندا ئۆلدى،
ئالتە نەپەر ئېغىر يارىدار قۇتقۇزۇش ئۈنۈم بەرمەي ئۆلدى، قالغان
68 نەپەر يارىدارنىڭ 28ى ئېغىر يارىلاندى. يارىلانغان، ئۆلگەنلەر
ئىچىدە خەنزۇ، ئۇيغۇر، خۇيزۇ، قىرغىز قاتارلىق تۆت مىللەتتىن
بولغان ھەر خىل كەسىپتىكىلەر بولۇپ، نۇرغۇنلىرى ئاياللار، با-
لىلار ۋە ياشانغانلار ئىدى. پارتلىتىش دېلوسى يۈز بەرگەندىن
كېيىن، مۇناسىۋەتلىك تارماقلار ھەرقايسى يوللاردا قاتناۋاتقان
ئاممىۋى قاتناش ئاپتوموبىللىرىنى دەرھال تەكشۈرۈشنى ئۇقتۇ-
رۇش قىلدى، تەكشۈرۈش ئارقىلىق يەنە ئىككى ئاپتوموبىلدىن
كاشىلا كۆرۈلۈش سەۋەبىدىن پارتلىماي قالغان پارتلىتىش ئۈس-
كۈنىسى تېپىلدى.

(2) يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش. تېررورچى ئۇنسۇرلار دائىم يو-
شۇرۇن ئۆلتۈرۈش ۋەقەسى تۇغدۇرۇش ئارقىلىق تەسىرىنى كې-

گەيتىدۇ ۋە قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلىدۇ. ستاتىستىكىغا ئا-
ساسلانغاندا، 1993 - يىلىدىن 2001 - يىلىغىچە تەسىرى زور
بولغان يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش تېررورلۇق ۋەقەسىدىن ئونى يۈز
بەرگەن. 1996 - يىلى 4 - ئاينىڭ 29 - كۈنى، ئاقسۇ ۋىلايى-
تىنىڭ كۇچا ناھىيىسى ئالاقاغا يېزىسىدا يۈز بەرگەن بىر يۈرۈش
يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش دېلوسىنى مىسالغا ئېلىپ كۆرەيلى، 4 -
ئاينىڭ 29 - كۈنى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەنئەنىۋى قۇربان ھېيتى
ئىدى. شۇ كۈنى ئەتىگەن سائەت ئالتىلەردە، ياسىن موللامەت
باشچىلىقىدىكى تولۇق قوراللانغان ئون نەچچە تېررورچى ئۇنسۇر
ئايرىم - ئايرىم ھالدا شۇ يېزىنىڭ قوناس كەنتى ئاھالىسى قاۋۇل
توقا(ئەر، 78 ياش، مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى، 6 - نۆۋەت-
لىك مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايون-
لۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى)نىڭ ئۆيى قاتارلىق تۆت ئائى-
لىگە بېسىپ كىرىپ، پارتلىتىش، ئېتىۋېتىش، پىچاق تىقىش
قاتارلىق ۋاستىلەرنى قوللىنىپ قانلىق تېررورلۇق، يوشۇرۇن
ئۆلتۈرۈش ۋەقەسىنى قىلغان. تېررورچى ئۇنسۇرلار قاۋۇل توقى-
نىڭ ئۆيىگە ئىككى دانە گرانات تاشلاپ، قاۋۇل توقا ۋە ئۇنىڭ ئا-
يالىنى ئېغىر يارىلاندۇرغان؛ قاۋۇل توقىنىڭ ئىنىسىگە يەتتە پى-
چاق تىقىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن، ئۇنىڭ ئايالىنى ئېتىپ ئۆلتۈرگەن؛
قاۋۇل توقىنىڭ ئوغلىغا توققۇز پىچاق، ئۇنىڭ ئايالىغا سەككىز
پىچاق تىققاندىن كېيىن، ئىككىلىسىنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن؛
كەنت كادىرى جارۇپ مەتىمىنگە پىچاق تىقىپ ئېغىر يارىلان-
دۇرغان. دېلو يۈز بەرگەندىن كېيىن، جامائەت خەۋپسىزلىكى
تارماقلىرى دەرھال تور يېيىپ تېررورچىلارنى تۇتۇشقا كىرىش-
كەن، 5 - ئاينىڭ 2 - كۈنى كەچتە، بۇ تېررورچىلار گۇرۇھى
تاشيول ئۈستىدە توسۇۋېلىنغان، تېررورچىلارنىڭ بىرسى ئېتىپ
ئۆلتۈرۈلگەندىن سىرت، قالغان سەككىزى ئۆزىنى پارتلىتىپ
ئۆلۈۋالغان. تەكشۈرۈشكە ئاساسلانغاندا، توققۇز نەپەر تېررورچى-
نىڭ ھەممىسىدە بىرتۇتاش قورال - ياراغ ۋە كىيىم - كېچەك

سەپلەنگەن بولۇپ، ئۇلار بىردەك ئۆزىنى پارتلىتىش ئۇسكۇنىسى ۋە قۇتقۇزۇش دورىلىرىنى يېنىدا ئېلىپ يۈرگەن. بۇنىڭدىن ئۇلارنىڭ يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈشتەك تېررورلۇق، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بارىدىغان مەخسۇس قوشۇن ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

(3) زەھەر سېلىش، ئوت قويۇش. بۇ خىلدىكى تېررورلۇق دېلولىرىنىڭ تېپىكرەكلىرىدىن ئۈچى بار. 1998 - يىلى 1 - ئاينىڭ 30 - كۈنىدىن 2 - ئاينىڭ 18 - كۈنىگىچە، قەشقەر شەھىرىدە بىر يۈرۈش زەھەر سېلىش دېلوسى يۈز بەردى، تېررورچى ئۇنسۇرلار سۇغا زەھەر سېلىش ئارقىلىق تۆت ئادەمنىڭ زەھەرلىنىشىنى، بىر ئادەمنىڭ ئۆلۈشى ھەمدە مىڭلىغان چارۋىلارنىڭ ئۆلۈشى ياكى زەھەرلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. شۇ يىلى 5 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ھەپتە ئاخىرى ئىدى، چېگرا سىرتىدىكى تېررورچىلارنىڭ پىلانلىشى ۋە قوماندانلىق قىلىشى بىلەن، ئۈرۈمچىدىكى سودا سارايلىرى، توپ سېتىش بازارلىرى، بازارلار، مېھمانسارايلار قاتارلىق ئادەملەر بىرقەدەر توپلاشقان جايلارغا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئۆزى ئوت ئالىدىغان 40 نەچچە دانە خىمىيىلىك ئۇسكۇنە قويۇلۇپ، 15 قېتىم ئوت قويۇش دېلوسى سادىر بولدى، ئۇلار «ئۈرۈمچىنى ئوت دېڭىزىغا ئايلاندۇرىمىز» دەپ جار سېلىشقان. ئوت ۋاقتىدا ئۆچۈرۈۋېلىنغانلىقتىن تېررورچى ئۇنسۇرلارنىڭ سۇيىقەستى ئەمەلگە ئاشمىغان. 1998 - يىلى 3 - ئاينىڭ ئاخىرى، تېررورچى ئۇنسۇرلار جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ قاغىلىق ناھىيىسى تەۋەسىدىكى 219 دۆلەت يولى لىنىيىسىنىڭ 36 كىلومېتىرلىق يېرىدە تەبىئىي گاز تۇرۇبىسىغا ئوت قويۇۋەتكەن، بۇنىڭ بىلەن تۇرۇبا پارتلاپ، ئوت ئۈچ سائەتكىچە كۆيۈپ، بۇنىڭدىن نەچچە مىليون يۈەنلىك بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان كېلىپ چىققان.

(4) ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ۋە ج خ ساقچىخانىلىرىغا ھۇجۇم قىلىش. مەسىلەن، 1996 - يىلى 8 - ئاينىڭ 27 - كۈنى، ئالتە

نەپەر تېررورچى ئۇنسۇر قەشقەر ۋىلايىتى قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ جاڭگىلىئەسكى يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتىگە ھۇجۇم قىلىپ، مۇئاۋىن يېزا باشلىقى ۋە بىر نەپەر دىجورنى تۇرۇۋاتقان ساقچىخانا كادىرىنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، بۇ يېزىنىڭ 1 - كەنتىگە باستۇرۇپ كىرىپ، ئۈچ نەپەر ئامانلىق قوغدىغۇچى خادىم ۋە بىر نەپەر سۇ باشقۇرغۇچى خادىمنى تۇتقۇن قىلىپ، چۆللۈككە ئاپىرىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن. 1999 - يىلى 10 - ئاينىڭ 24 - كۈنى، تېررورچى ئۇنسۇرلار قەشقەر ۋىلايىتى پوسكام ناھىيىسىنىڭ سەيلى يېزىلىق ساقچىخانىسىغا ھۇجۇم قىلىپ، ئىككى ئادەمنى ئۆلتۈرگەن ۋە ئىككى ئادەمنى يارىلاندۇرغان، 10 ئېغىز ئۆيگە، بىر ئاپتوموبىلغا، ئۈچ موتسىكلىتقا ئوت قويۇۋەتكەن.

(5) قالايمىقانچىلىك تۇغدۇرۇش ئارقىلىق تېررورلۇق كەيپىياتى پەيدا قىلىش. بۇنىڭ ئىچىدە 1997 - يىلى 2 - ئاينىڭ 5 - كۈنى غۇلجىدا يۈز بەرگەن بۆلگۈنچىلىك خاراكتېرىدىكى قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرۇش ۋەقەسىنى سادىر قىلغان تېررورچى ئۇنسۇرلارنىڭ جىنايى قىلمىشى ئەڭ گەۋدىلىك. تېررورچى ئۇنسۇرلار ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش ئېلىپ بېرىش قالايمىقانچىلىقىدىن پايدىلىنىپ، ھېيت ئۆتكۈزۈۋاتقان ئىككى دېھقان ئائىلىسىگە بۆسۈپ كىرىپ، ئىككى ئۆيدىكى ئالتە جاننىڭ ھەممىسىنى ئېغىر يارىلاندۇرغان؛ توخۇچى كەنتىدە تېررورچى ئۇنسۇرلار تۈن نىسپىدىن پايدىلىنىپ يول بويىدىكى بىر دېھقان ئائىلىسىگە باستۇرۇپ كىرىپ، بۇ ئائىلىدىكى چوڭ - كىچىك ئۈچ جاننىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن؛ 50 نەچچە ياشلىق ئۈچ چاقلىق ھارۋىكەش كۈپكۈندۈزدە تېررورچى ئۇنسۇرلار تەرىپىدىن تاش ۋە كالتەك بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلگەن؛ بىر توپ زوراۋانلار غۇلجا شەھىرى قارادۆڭ يېزىلىق مەدەنىيەت پونكىتىنىڭ كاتىپى جياڭ جاۋمىڭغا پىچاق تىقىپ ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ جەسىتىنى ئوت قويۇلغان قەغەز دۆۋىسى ئىچىگە تاشلاپ كۆيدۈرۈۋەتكەن. زوراۋانلار ھەدەپ تېررورلۇق كەيپىياتى پەيدا قىلىپ: بىر خەنزۇ-

نى ئۆلتۈرسەك، 1000 خەنزۇ قورقۇپ قېچىپ كېتىدۇ، دەپ جار سالغان.

بۇنىڭدىن باشقا، ئاتالمىش «كۆۋرۈكنى بۇزۇش»(بۇ ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ۋە ئىلغار زاتلارنى يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش ئارقىلىق، ھۆكۈمەت بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاممىسى ئوتتۇرىسىدىكى «كۆۋرۈك»نى بۇزۇپ تاشلاشنى كۆرسىتىدۇ) ۋە «ئۇيغۇر خائىنلار»(بۇ دېلونى پاش قىلىشقا ياردەم بەرگەن ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى كۆرسىتىدۇ)نى يوقىتىش ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىپ، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى، ئىلغار زاتلار ۋە ئامما ئارىسىدا يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش ۋەقەسى تۇغدۇرۇپ، تېررورلۇق ۋەقەلىرىنى سادىر قىلدى. 1998 ـ يىلىدىن باشلاپ، «شەرقىي تۈركىستان» تېررورچى كۈچلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى ھەرىكىتىدە مەلۇم ئۆزگىرىشلەر بولدى، چېگرا ئىچى ۋە سىرتىدىكى «شەرقىي تۈركىستان» تېررورچى تەشكىلاتلىرى ئۆزئارا ئالاقىنى كۈچەيتىپ، چېگرا سىرتىدىكى تەشكىلاتلار تېررورلۇق ھەرىكەتلىرىگە بىۋاستە قوماندانلىق قىلىدىغان، چېگرا سىرتىدا مەشىق قىلدۇرۇلغان تېررورچى ئۇنسۇرلارنى چېگرا ئىچىگە كىرگۈزۈپ، چېگرا ئىچىدە تەشكىلات قۇرۇپ ۋە ئەزا تەرەققىي قىلدۇرۇپ، تېررورلۇق ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بارىدىغان بولدى. 1998 ـ يىلىدىلا، چېگرا سىرتىدىكى «شەرقىي تۈركىستان» تېررورلۇق تەشكىلاتلىرى 100دىن ئارتۇق تۈرلۈك خادىملارنى ئەۋەتىپ، ئۇلارنىڭ شىنجاڭدا ئالاقە باغلاپ ۋە ئەزا كۆپەيتىپ، يەنىمۇ ھەرىكەت ئېلىپ بېرىشنى كۈتۈپ تۇرۇشنى بۇيرۇغان. بولۇپمۇ چېگرا سىرتىدىكى «ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇرلار ئىتتىپاقى»، بىر تەرەپتىن ئىلى ۋىلايىتىدىكى تۈرلۈك تېررورلۇق تەشكىلاتلىرىنىڭ «لەخمە كولاپ، ئاكوپ ياساپ، ئاشلىق ساقلاپ»، ئۇرۇش تەييارلىقىنى ياخشى ئىشلىشىگە مەخپىي بۇيرۇق قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن چېگرا سىرتىدىن ئىسراپىل باشچىلىقىدىكى تېررورلۇق تەشكىلاتى كاتتىۋاشلىرىنى ئەۋەتىپ، غۇلجا ناھىيىسىدە

«يەتتە كىشىلىك يىغىن» ئېچىپ، ئىچكى ـ تاشقى جەھەتتە ماس ـ لىشىپ، 6 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى ئىلىدا تېررورلۇق توپىلىڭى كۆتۈرۈشكە مەخپىي كېلىشكەن. شىنجاڭدىكى جامائەت خەۋپ ـ سىزلىكى تارماقلىرى بۇ يىغىننى ۋاقتىدا پاش قىلغاچقا ئۇلار ـ نىڭ تېررورلۇق قىلىش، توپىلاڭ كۆتۈرۈش سۇيىقەستى ئەمەلگە ئاشمىغان. جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا، ھەسەن مەخسۇم باشچىلى ـ قىدىكى چېگرا سىرتىدىكى «شەرقىي تۈركىستان» تېررورلۇق تەشكىلاتى بولغان «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» ئۇس ـ مان ھىمىتنى «شىنجاڭنىڭ باش قوماندانى» قىلىپ تەيىنلەپ، ئۇنى شىنجاڭغا ئەۋەتىپ، ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ قەشقەر، خو ـ تەن، ئاقسۇ، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلاردا شۆبە ئاپپاراتلىرىنى ۋە 15 يەردە تېررورلۇق ھەرىكىتى مەشىق نۇقتىلىرىنى قۇرۇپ، 100دىن ئارتۇق تېرروررچى تايانچ ئۇنسۇرلىرىنى مەشىق قىلدۇ ـ رۇپ، بىر تۈركۈم پارتلىتىش ئۈسكۈنىلىرىنى ياسىغان. پەقەت ئۈرۈمچىنىڭ ئۆزىدىلا 23 دانە پارتلىتىش ئۈسكۈنىسى، 301 يە ـ شىك(ئالتە تونىدىن ئارتۇق) پارتلىتىش بومبىسى ياسايدىغان خىمىيىلىك خام ماتېرىيال قولغا چۈشۈرۈلگەن، يەنە 52 يەشىك ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ قاتارلىق جايلارغا توشۇلغان. چېگرا سىرتىدىكى «شەرقىي تۈركىستان» تېررورلۇق تەشكىلاتلىرى يەنە شىنجاڭغا ئۈزلۈكسىز تۈردە يوشۇرۇن قورال يۆتكىگەن، 1998 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى، ئىلى ۋىلايىتى ـ نىڭ قورغاس پورتىدا چېگرىدىن كىرگەن ماللار ئارىسىغا قورال يوشۇرۇنغانلىق ئەھۋالى بايقالغان، بۇنىڭ ئىچىدىن بىر دانە AK74 تىپلىق ئاپتومات، ئالتە دانە تاپانچا، 18مىڭ پاي ئوق، 110 دانە قول مىناسى، ئارمىيىدە ئىشلىتىلىدىغان بىر تۈركۈم كاپسۇل ۋە پارتلىتىش دورىلىرى چىققان. 6 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈ ـ نى، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى تورغات پورتىدا چېگرا سىرتىدىن كىرگۈزۈلگەن ماللار ئارىسىدىن 47 رېئاكتىپ سىنارەد بايقالغان. 6 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى، تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ باقتۇ پورتىدا

چېگرىدىن كىرگۈزۈلگەن ماللار ئارىسىدىن ئارمىيىدە ئىشلىتى- دىغان بىئوخىمىيىلىك زەھەرلىك سۇيۇقلۇقتىن 68 دانە، زەھەر- لىك سۇيۇقلۇق پۈركۈگۈچتىن ئىككى يۈرۈش بايقالدى.

«شەرقىي تۈركىستان» كۈچلىرىنىڭ زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايىتىنى ئۈزلۈكسىز سادىر قىلىنىشىغا قارىتا، شىنجاڭدىكى جامائەت خەۋپسىزلىكى تارماقلىرى 1997 ـ يىلىدىن باشلاپ كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ چېگرا ئىچىدىكى تېررورلۇق ھەرىكەت- لىرىگە قاتتىق زەربە بېرىشكە باشلىدى. تۆت يىل تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق، 2000 ـ يىلغا كەلگەندە «شەرقىي تۈر- كىستان» تېررورلۇق كۈچلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى ھەرىكىتى ئا- ساسىي جەھەتتىن تىزگىنلەندى، تۈرلۈك زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايەتلىرى كۆرۈنەرلىك ھالدا ئازايدى، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋەزىيىتىدە كۆرۈنەرلىك ياخشىلىنىش بولدى.

**4. «شەرقىي تۈركىستان» تېررورلۇق كۈچلىرىنىڭ «11 ـ سېنتەبىر» ۋەقەسىدىن كېيىنكى ھەرىكەت يۈزلىنىشى**

2001 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى، خەلقئارا تېررورچى كۈچلىرى يولۇچىلار ئايروپىلانىنى بۇلاپ ئامېرىكىنىڭ دۇنيا سودا مەركىزى بىناسىغا سوقۇش شەكلى ئارقىلىق، پەۋقۇلئاددە زور زوراۋانلىق، تېررورلۇق ۋەقەسىنى پەيدا قىلىپ، ئامېرىكىغا زور ھاياتىي خەۋپ ۋە مال ـ مۈلۈك زىيان كەلتۈردى. «11 ـ سېنتەبىر» تېررورلۇق ۋەقەسى يۈز بەرگەندىن كېيىن، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ تېررورلۇققا ئورتاق زەربە بېرىشدەك چوڭ ئارقا كۆرۈنۈش ئارقىسىدا، بىن لادىن باشچىلىقىدىكى خەلقئارا تېر- رورچى كۈچلەر بىلەن زىچ ئالاقىسى بولغان «شەرقىي تۈركىس- تان» تېررورچى كۈچلىرىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ۋە ھەرىـ- كەت ئېلىپ بېرىش ماكانى زور دەرىجىدە كىچىكلىتىلدى.

بىر تەرەپتىن، جۇڭگو ھۆكۈمىتى خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ھەمكارلىقىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتى- شىدەك چوڭ ئارقا كۆرۈنۈش ئاستىدا، تۈرلۈك شەكىللەر ئارقى-

لىق، «شەرقىي تۈركىستان» تېررورچى كۈچلىرىنىڭ جىنايى پا-
كىتلىرىنى دەلىل - ئىسپاتلار ئارقىلىق پاش قىلىپ، خەلقئارا
جەمئىيەتكە «شەرقىي تۈركىستان» تېررورچى كۈچلىرىنىڭ ھە-
قىقىي ئەپت - بەشىرىسىنى يەنىمۇ ئېچىپ بەردى. بولۇپمۇ،
2002 - يىلى 1 - ئاينىڭ 21 - كۈنى جۇڭگو گوۋۇيۈەن ئاخ-
بارات ئىشخانىسى « «شەرقىي تۈركىستان » تېررورچى كۈچلىرى
جىنايى جاۋابكارلىقتىن قۇتۇلالمايدۇ» دېگەن ماقالىنى ئېلان قى-
لىپ، نەق پاكىتلار ئارقىلىق «شەرقىي تۈركىستان» تېررورچى-
لىقىنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ بېرىش بىلەن بىللە، يەنە «شەرقىي
تۈركىستان» تېررورچى كۈچلىرىنىڭ خەلقئارا تېررورچى كۈچ-
لەر بىلەن بولغان زىچ ئالاقىسى ۋە قاتناشقان تېررورلۇق ھەرد-
كەتلىرى، شۇنداقلا كەلتۈرۈپ چىقارغان زىيىنىنى ئېچىپ بەر-
دى. ماقالە ئېلان قىلىنىشى بىلەن خەلقئارا جەمئىيەتتە زور
غۇلغۇلا قوزغىدى، 1 - ئاينىڭ 22 - كۈنى، ئامېرىكا دۆلەت
ئىشلىرى مەھكىمىسىنىڭ باياناتچىسى بوۋرچېر مۇنۇلارنى بىل-
دۈردى: « جۇڭگو بىلەن ئامېرىكا تېررورلۇق، زوراۋانلىق ھەرد-
كىتىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغۇچىلار، ئىككىلىسى خەلقئارا
تېررورلۇقنىڭ تەھدىتىگە ئۇچرىماقتا. بىز جۇڭگو بىلەن بولغان
تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش جەھەتتىكى ھەمكارلىقنى قەدىرلەي-
مىز، بىز شىنجاڭدا ياكى جۇڭگونىڭ باشقا جايلىرىدا تېررورلۇق،
زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ يۈز بېرىشىگە قارشى تۇرىمىز».

يەنە بىر تەرەپتىن، جۇڭگو «شەرقىي تۈركىستان» تېررور-
لۇق جىنايىتىگە زەربە بېرىشنى خەلقئارا تېررورلۇققا قارشى تۇ-
رۇش كۈرىشى ئىزىغا كىرگۈزدى. بىرىنچى، «شاڭخەي ھەمكارلىق
تەشكىلاتى» مېخانىزمىغا تايىنىپ «شەرقىي تۈركىستان»چىلارنىڭ
تېررورلۇق ھەرىكىتىنى يەنىمۇ تىزگىنلىدى. 1996 - يىلى 4 -
ئاينىڭ 26 - كۈنى، جۇڭگو، رۇسىيە، قازاقىستان، قىرغىزىس-
تان، تاجىكىستانلارنىڭ رەھبەرلىرى جۇڭگونىڭ شاڭخەي شەھى-
رىدە يىغىن ئېچىپ، «چېگرا رايونلاردا ھەربىي ئىشلار ساھەسى-

دىكى ئۆزئارا ئىشەنچ كۈچەيتىش كېلىشىمى»نى ئىمزالاپ، جۇڭگونىڭ شىنجاڭ رايونىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىنىڭ مۇقىملىقى ۋە بىخەتەرلىكىنى قوغداش مەقسەت قىلىنغان مېخانىزم(SCO)نى ئورناتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن، رايونلار بىخەتەرلىكى ۋەزىيىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشى، ئۆزگىرىشى ۋە تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋەزىيىتىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ھەمكارلىشىش ساھەلىرى يەنىمۇ كېڭەيدى. 2001 - يىلى 6 - ئايدا، شاڭخەيدە چاقىرىلغان 6 - نۆۋەتلىك رەھبەرلەر يىغىنىدا، ئۆزبېكىستان بۇ رايون خاراكتېرلىك تەشكىلاتقا رەسمىي ئەزا دۆلەت بولدى، ئالتە دۆلەت رەھبەرلىرى « ‹شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى › قۇرۇلغانلىقى توغرىسىدا باياناتلار» ۋە «تېررورلۇق، بۆلگۈنچىلىك ۋە ئېكستىرېمىزمغا زەربە بېرىش شاڭخەي ئەھدىنامىسى»نى ئىمزالىدى. بۇ تېررورلۇق، بۆلگۈنچىلىك ۋە ئېكستىرېمىزمدىن ئىبارەت ئۈچ خىل كۈچكە زەربە بېرىشنىڭ ئالتە دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ ئۈچرىشىشىدىكى ئاساسلىق مۇھاكىمە تېمىسىغا، شۇنداقلا «شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى»نىڭ مۇھىم مەزمۇنىغا ئايلانغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئالتە دۆلەت بۇ ساھەدىكى ھوقۇقى ۋە مەجبۇرىيىتىنى بەلگىلەپ، ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، بىر دەك تەدبىر قوللىنىپ، مۇشۇ رايونلارنىڭ بىخەتەرلىكىگە بۇزغۇنچىلىق قىلغان تۈرلۈك كۈچلەرگە زەربە بېرىدۇ. «شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى»نىڭ قۇرۇلۇشى خەلقئارادا رايونلار ئارا ھەمكارلىشىپ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش جەھەتتە ياخشى ئۈلگە بولدى. ئىككىنچى، ئامېرىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دۇنيادىكى كۆپ سانلىق دۆلەتلەر دۆلىتىمىزنىڭ «شەرقىي تۈركىستان» تېررورچىلىقىغا زەربە بېرىش كۈرىشىنى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە قوللىدى. 2002 - يىلى 1 - ئاينىڭ 21 - كۈنى جۇڭگو گوۋۇيۈەن ئاخبارات ئىشخانىسى « ‹شەرقىي تۈركىستان › تېررورچى كۈچلىرى جىنايى جاۋابكارلىقتىن قۇتۇلالمايدۇ» دېگەن ماقالىنى ئېلان قىلغاندىن كېيىن،

جۇڭگونىڭ شىنجاڭ رايونىدا «شەرقىي تۈركىستان» تېرورچىلىـ-قىغا قارشى تۇرۇش كۈرىشى خېلى كۆپ دۆلەتلەرنىڭ ھېسداشلىـ-قى ۋە قوللىشىغا ئېرىشتى. 8 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى، ئامېرىكا دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسىنىڭ دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇ-ئاۋىن دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى ئامىدىج بېيجىڭدا مۇنۇلارنى جا-كارلىدى: ئامېرىكا «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» تەشكىلاتىنى ئامېرىكا زەربە بېرىدىغان تېرورلۇق تەشكىلاتلىرى تىزىملىكىگە كىرگۈزدى. ئامېرىكا دۆلەت ئىشلىرى مەھكى-مىسىنىڭ باياناتچىسىمۇ مۇنۇلارنى ئېلان قىلدى: ئامېرىكا «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى»تەشكىلاتىنىڭ ئامېرى-كىدىكى مال ـ مۈلكىنى توڭلىتىدۇ. ئارقىدىنلا، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ خەۋپسىزلىك كېڭىشى تېرورلۇققا قار-شى تۇرۇش كومىتېتى «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» تەشكىلاتىنى جازالىنىدىغان تەشكىلاتلار تىزىملىكىگە كىرگۈ-زۈشنى قارار قىلدى. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ۋە كۆپ ساندىكى دۆلەتلەرنىڭ «شەرقىي تۈركىستان» تېرورلۇقىنى تېر-ورلۇق تەشكىلاتى دەپ بېكىتىشى «شەرقىي تۈركىستان» تېر-ورلۇقىنىڭ يامرىشىنى يەنىمۇ تىزگىنلەشكە پايدىلىق بولدى، جۇڭگونىڭ «شەرقىي تۈركىستان» تېررورلۇق ھەرىكىتىگە زەربە بېرىشتە خەلقئارانىڭ تېخىمۇ كۆپ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈ-شكە پايدىلىق بولدى.

«شەرقىي تۈركىستان» بۆلگۈنچىلىكى ۋە «شەرقىي تۈركىس-تان» تېررورچىلىقى بىرلىكتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان ۋە ئۆزئارا بېقىنىدىغان ئوخشاش بىر شەيئىنىڭ ئىككى تەرىپى بو-لۇپ، «شەرقىي تۈركىستان» بۆلگۈنچى تەشكىلاتلىرىنىڭ ھەممە-سىلا زوراۋانلىق، تېررورلۇق ۋاسىتىسىنى قوللىنىشنى تەشەب-بۇس قىلىپ كەتمەيدۇ، لېكىن زوراۋانلىق، تېررورلۇق ۋاسىتى-سىنى قوللانغان «شەرقىي تۈركىستان» تەشكىلاتلىرىنىڭ ھەم-مىسى شىنجاڭنى پارچىلاشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. كېيىنكىسى

«شەرقىي تۈركىستان»بۆلگۈنچى تەشكىلاتىدا يېتەكچى ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. «11 ـ سېنتەبىر» تېررورلۇق ۋەقەسىدىن كېيىن، خەلقئارا ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى «شەرقىي تۈركىستان» بۆلگۈنچى تەشكىلاتىنىڭ ئىچكى قىسمىنىڭ قالايمىقانلىشىشى ۋە ئۇنىڭ يەنمۇ پارچىلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، خەلقئارا تېررورلۇققا قارشى كۈرەشنىڭ بېسىمى ئاستىدا، ئۇنىڭ ئىچىدىكى «مۆتىدىل» كۈچلەر كۆچىيىشكە باشلىدى. ئۇلار «شىزاڭ مۇستەقىللىقى»نىڭ تەجرىبىلىرىدىن ئىبرەت ئېلىپ، «كىشىلىك ھوقۇق» ۋە «مىللەتنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقى»نى قولغا كەلتۈرۈش بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، «زورلۇق كۈچ ئىشلەتمەسلىك شەكلى»نى قوللىنىپ، شىنجاڭنى پارچىلاش، «شەرقىي تۈركىستان دۆلىتى» قۇرۇش مەقسىتىگە يېتىشنى تەشەببۇس قىلدى؛ ئەسلىدە يېتەكچى ئورۇننى ئىگىلىگەن «زورلۇق كۈچ تەرەپدارلىرى»نىڭ كۈچى ئاجىزلىدى، لېكىن ئۇلار يەنىلا خەلقئارا تېررورچى كۈچلەرگە ۋە ئۇچىغا چىققان دىنىي كۈچلەرگە تايىنىپ، ئاتالمىش «قوراللىق كۈرەش»تىن ئىبارەت زوراۋانلىق، تېررورلۇق ۋاستىسىدىن پايدىلىنىپ شىنجاڭنى پارچىلاپ، مۇستەقىل «ئىسلام دۆلىتى» قۇرۇشتا چىڭ تۇردى. نۆۋەتتە، تېررورلۇق خەلقئارا جەمئىيەت ۋە ئىنسانلارنىڭ «ئورتاق دۈشمىنى»گە ئايلاندى، زوراۋانلىق، تېررورلۇق ۋاستىسىنى قوللىنىش بىلەن نامى چىققان «شەرقىي تۈركىستان» بۆلگۈنچى تەشكىلاتى ئېغىر ئەھۋالدا قالدى. ئۇلار تاكتىكىسىنى تەڭشەپ، ئۇسۇللىرىنى ئۆزگەرتىشكە مەجبۇر بولدى، ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىدە بەزى يېڭى يۈزلىنىشلەر بارلىققا كەلدى:

(1) كۈچىنىڭ بارچە ئۆزلىرىنىڭ زوراۋانلار، تېررورچىلار دېگەن نامىنى يۇيۇشقا ئۇرۇندى، شۇنىڭ بىلەن بىللە جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە تېررورلۇقنى يولغا قويىدى دەپ تۆھمەت چاپلىدى. ئۇلار بىر تەرەپتىن ئۆزلىرىنىڭ زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايىتىنى كۈچىنىڭ بارچە ئاقلىسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزلىرىنىڭ

ئېلىپ بېرىۋاتقان ھەرىكىتىنى «ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتى»، «كىشىلىك ھوقۇق ۋە مىللەتنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش» ھەرىكىتى دەپ ئاقلىدى؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە، خەلقئارادا جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە بەتنام چاپلاپ، زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايىتىنى جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە ئارتىپ قويماقچى بولدى. 2001 - يىلى 9 - ئاينىڭ 28 - كۈنى، «شەرقىي تۈركىستان ئۇچۇر مەركىزى»نىڭ باياناتچىسى: جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ھۆكۈمىتى تېررورلۇق ۋاستىسىدىن پايدىلىنىپ، شىنجاڭنىڭ مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىۋاتقان ئۇيغۇرلارنى باستۇرماقتا، دەپ جۆيلىدى. 10 - ئاينىڭ 6 - كۈنى يەنە: ئامېرىكا ھۆكۈمىتى تېررورچىلارغا زەربە بېرىشكە تۇتۇش قىلغاندا، جۇڭگو تەرەپمۇ شىنجاڭنىڭ جەنۇبىي قىسمىدا تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىنى ئېلىپ باردى، لېكىن ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى «دۆلەت تېررورلۇقى»غا ئوخشاپ كېتىدۇ، دەپ ۋالاقشىدى. «شەرقىي تۈركىستان» كۈچلىرى ئاق - قارىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىپ، خەلقئارا جامائەتچىلىكنى ئالداپ، تېررورلۇق جىنايى جاۋابكارلىقىدىن قۇتۇلماقچى بولۇۋاتىدۇ.

(2) ئىچكى جەھەتتىن ماسلىشىشنى تېزلىتىپ، «قاچاق ھۆكۈمەت» قۇرۇشنى پىلانلىدى. نۆۋەتتە، چېگرا ئىچى ۋە سىرتىدىكى «شەرقىي تۈركىستان»تەشكىلاتلىرى ئىچكى جەھەتتە بىرلىشىش قەدىمىنى تېزلىتىپ، «بىرلىككە كەلگەن تەشكىلات قۇرۇش، ئورتاق داھىي سايلاپ چىقىش، بىرتۇتاش ھەرىكەت پروگراممىسى تۈزۈش، بىردەك ھەرىكەت ئېلىپ بېرىش» نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويدى ھەمدە 2003 - يىلى دۇنياۋى «شەرقىي تۈركىستان» تەشكىلاتى بىرلەشمە يىغىنى چاقىرىپ، «شەرقىي تۈركىستان قاچاق ھۆكۈمىتى» قۇرۇش توغرىسىدا جار سالدى. «شەرقىي تۈركىستان» بۆلگۈنچىلىكى بارلىققا كەلگەندىن بۇيان، ئۇ ئەزەلدىن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق-

گە ۋەكىللىك قىلغان ئەمەس ھەم ھەرگىز ۋەكىللىك قىلالمايدۇ؛ بۆلگۈنچى ھاكىمىيەت قۇرۇش بىر ئوچۇم بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار-نىڭ دەۋر ئېقىمىغا قارشى ئېلىپ بارغان ھەرىكىتى، شىنجاڭ ئەزەلدىن جۇڭگونىڭ بىر ئۆلكىسى ۋە ئۆلكە دەرىجىلىك ئاپتونوم رايونى، ئەزەلدىن «مۇستەقىل ھۆكۈمەت» دېگەن ئۇقۇم بارلىققا كېلىپ باققان ئەمەس، «مۇستەقىل ھۆكۈمەت» قۇرۇلۇپمۇ باقمى-غان. «مۇستەقىل ھۆكۈمەت» بولمىغان يەردە «قاچاق ھۆكۈ-مەت»تىن قانداقمۇ سۆز ئاچقىلى بولسۇن؟ بۇنىڭدىن شۇنى كۆ-رۈۋالغىلى بولىدۇكى، ئاتالمىش «قاچاق ھۆكۈمەت» ئەمەلىيەتتە «شەرقىي تۈركىستان» كۈچلىرىنىڭ نۆۋەتتىكى خەلقئارا تېر-رورلۇققا قارشى تۇرۇشتەك چوڭ مۇھىتتا ئاق - قارىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىپ، خەلقئارا جامائەتچىلىكنى ئالداش ئۈچۈن قوللانغان يەنە بىر نەيرىڭىدىن ئىبارەت.

(3) زوراۋانلىق، تېررورلۇق ۋاستىسىدىن پايدىلىنىشتا داۋاملىق چىڭ تۇردى. بۇ ئاساسلىقى بىر قىسىم «شەرقىي تۈر-كىستان» تېررورلۇق تەشكىلاتلىرىنىڭ چېگرا ئىچى ۋە سىرتىدا يېڭى تېررورلۇق ھەرىكىتى لاگېرى ۋە تېررورچىلارنى يېتىشتۈ-رۈش بازىسى قۇرۇشقا ئۇرۇنۇپ، يېڭى زوراۋانلىق، تېررورلۇق قوشۇنى قۇرۇشقا تۇتۇش قىلىشىدا ئىپادىلىنىدۇ. تالىبان ھاكى-مىيىتى يىمىرىلگەندىن كېيىن، «شەرقىي تۈركىستان» تېررور-لۇق تەشكىلاتىنىڭ ئافغانىستاندىكى كۆپ قىسىم تېررورلۇق ھەرىكەت لاگېرى بىتچىت قىلىندى. بۇنداق ۋەزىيەتتە، ئۇلار شىنجاڭغا قوشنا بولغان ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىدا ھەرىكەت ئې-لىپ بېرىپ، شۇ جايلاردا شىنجاڭغا قارىتا تېررورلۇق ھەرىكەت-لىرىنى ئېلىپ بارىدىغان «ئالغا ئىلگىرىلەش بازىسى» قۇرۇشنى پىلانلىماقتا؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە، شۇ جايلاردىكى ياش، ئوتتۇرا ياش ئۇيغۇر يىگىتلىرىنى، بولۇپمۇ چېچېنىيە ۋە ئافغانىستان ئۇرۇشلىرىغا قاتناشقان «پېشقەدەم ئەسكەرلەر»نى قوبۇل قىلىپ، زوراۋانلىق، تېررورلۇق گۇرۇھى قۇرماقچى بولدى. شىنجاڭ تە-

ۋەسىدىكى «شەرقىي تۈركىستان» تېررورچى كۈچلىرى گەرچە ئېغىر زەربىگە ئۇچراپ ئۆچەككە كىرىش ھالىتىگە چۈشۈپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن يوشۇرۇن ھەرىكىتىنى توختاتقىنى يوق. ئۇلار خۇپىيانە ھالدا تەشكىلات تەرەققىي قىلدۇرماقتا، 2001 ـ يىلى قەشقەر ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى پاش قىلغان «ئىسلام قېرىنداشلار جەمئىيىتى» قاتارلىق بىرقانچە تېررورلۇق گۇرۇھلىرى تەشكىلاتى دېلوسىغا چېتىشلىق خادىملار 300گە يەتكەن. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، «شەرقىي تۈركىستان»تېررورچى كۈچلىرى ھەتتا: ئايروپىلاننى بۇلاپ چاڭجياڭ دەرياسى سەنشيا سۇ ئامبىرىغا سوقۇپ، خەلقئارادا زور تەسىر قوزغايدىغان تېررورلۇق زەربە بېرىش ۋەقەسىنى تۇغدۇرۇدىغانلىقى توغرىسىدا جار سالغان.

(4) ئاتالمىش «شىنجاڭ مەسىلىسىنى سىياسىي يول بىلەن ھەل قىلىش» بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ ھەرىكەت ئېلىپ بېرىش «شەرقىي تۈركىستان» بۆلگۈنچى كۈچلىرىنىڭ «شىنجاڭ مەسىلىسىنى خەلقئارالاشتۇرۇش» مەقسىتىدە كۆرسەتكەن نەيرىڭى. 2001 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى، گېرمانىيىدىكى «شەرقىي تۈركىستان ئۇچۇر مەركىزى»نىڭ باياناتچىسى: «بېيجىڭنىڭ ‹ شىنجاڭ مەسىلىسى ›نى ھەل قىلىش سەمىمىيىتى بولىدىغان بولسا، بۇنىڭ بىردىنبىر چارىسى سىياسىي يول بىلەن ھەل قىلىشتۇر، ياۋروپا پارلامېنتىنىڭ نازارەتچىلىكىدە شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلارنى شىنجاڭنى ساقلاپ قېلىش ياكى مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇشنى تاللاش توغرىسىدا ئومۇمىي خەلق ئاۋاز بېرىپ، ئۆزلىرىنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەشكە قويسا بولىدۇ» دەپ جار سالغان. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، «شەرقىي تۈركىستان» بۆلگۈنچى تەشكىلاتىنىڭ ۋەكىللىرىدىن بىرى بولغان ئەركىن ئارىپتېكىن «دېموكراتىك كۈرەش ئېلىپ بېرىش» يولىدا مېڭىش توغرىسىدا جار سالغان. يەنە بەزىلەر بولسا: شياڭگاڭ، ئاۋمېندا قوللانغان ئۇسۇلنى قوللىنىپ، شىنجاڭغا تولۇق ئاپتو-

نومىيە بېرىلىشى كېرەك، دېگەن.

ئاتالمىش «سىياسىي يول بىلەن ھەل قىلىش»، ئەمەلىيەتتە «شەرقىي تۈركىستان» بۆلگۈنچى كۈچلىرىنىڭ يېڭى ۋەزىيەتتە شىنجاڭنى پارچىلاش ئۈچۈن قوللانغان يەنە بىر خىل ۋاستىسى. تارىخ تەرەققىي قىلىپ بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە شۇنى تولۇق ئىسپاتلىدىكى، بىرلىككە كېلىش ۋە قوشۇلۇش تارىخ تەرەققىياتىنىڭ ئېقىمى؛ جۇڭگونىڭ تەرەققىي قىلىپ بۈگۈنكى كۈنگە كېلىشىمۇ بىرلىككە كېلىش ۋە قوشۇلۇشنىڭ نەتىجىسى؛ جۇڭگونىڭ كەلگۈسىدىكى تەرەققىياتىدىمۇ پەقەتلا بىرلىككە كېلىش ۋە قوشۇلۇشتىن ئىبارەت مۇشۇ تارىخ ئېقىمىغا ئۇيغۇنلىشىشقا، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ كۆپ مەنبەلىك بىر گەۋدە بولۇش ئاساسىدا دۆلەتنىڭ بىرلىكى ۋە قوشۇلۇشىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. شىنجاڭ جۇڭگو زېمىنىنىڭ تەركىبىي قىسمى بولۇشى، ئۇيغۇرلارنىڭ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ بىر ئەزاسى بولۇشى نۇرغۇن ئەسىر مەۋجۇت بولۇپ ۋە داۋاملىشىپ كەلدى، شىنجاڭنىڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلۇشىمۇ يۈز نەچچە يىللىق تارىخقا ئىگە بولۇپ قالدى، شىنجاڭنىڭ تەۋەلىك مەسىلىسى ۋە ئورنى توغرىسىدا ھېچقانداق گۇمان يوق. شۇڭا، «شىنجاڭ مەسىلىسى»نى ئوتتۇرىغا قويۇش ھېچقانداق ئىسپات ۋە ئاساسقا ئىگە ئەمەس، ئۇنداق بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. بۇنىڭدىن باشقا، شىياڭگاڭ ۋە ئاۋمېن مەسىلىسى يېقىنقى زاماندا غەربتىكى كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىشىنىڭ مەھسۇلى، ئۇنىڭ شىنجاڭنىڭ تارىخى ۋە رېئاللىقى بىلەن ھېچقانداق سېلىشتۇرغۇچىلىكى يوق. «سىياسىي يول بىلەن ھەل قىلىش» شەكلىنى ئوتتۇرىغا قويۇشمۇ پەقەت «ئويۇن» شەكلىدىكى بىر خىل تەپەككۇر ئۇسۇلىدىنلا ئىبارەت، دۆلەتنىڭ ئۆزىنىڭ ئالتىدىن بىر قىسىم زېمىنىغا بولغان ئىگىلىك ھوقۇقىغا مۇناسىۋەتلىك بۇنداق چوڭ ھەق ناھەق مەسىلىسىدە مۇشۇنداق ساختا دېموكراتىيە شەكلى بىلەن قارار چىقىرىشى قانداقمۇ

مۇمكىن بولسۇن؟ ئاخىردا شۇنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتۈش زۆرۈركى، شىنجاڭ مەيلى تارىختا ياكى بۈگۈنكى كۈندە بولسۇن ئەزەلدىنلا بىرلا مىللەت ئولتۇراقلاشقان جاي ئەمەس، بەلكى كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان، ھەر خىل مەدەنىيەت بىرلىكتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان جاي.

نۆۋەتتە، خەلقارا تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش چوڭ مۇھىتىنىڭ بېسىمى ئارقىسىدا، «شەرقىي تۈركىستان» بۆلگۈنچى كۈچلىرىنىڭ بۆلگۈنچىلىك قىلىش ئۇسۇلى ۋە ۋاسىتىسىدە بەزى ئۆزگىرىشلەر بولدى، بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدە يەنىمۇ ئۆزگىرىش بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا، شىنجاڭنىڭ كەلگۈسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش كۈرىشىدە تېخىمۇ مۇرەككەپ ۋەزىيەت بارلىققا كېلىشى مۇمكىن. بۆلگۈنچىلىك بىلەن بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش ئوتتۇرىسىدىكى ئىدېئولوگىيە ۋە تەشۋىقات ساھەسىدىكى كۈرەش، سىڭىپ كىرىش بىلەن سىڭىپ كىرىشكە قارشى تۇرۇش ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش، «شىنجاڭ مەسىلىسى»نى خەلقئارالاشتۇرۇش، سىياسىيلاشتۇرۇشنى قولغا كەلتۈرۈش بىلەن ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇش ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش، مىللىي ئاڭ، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت بىلەن دىنىي يېتەكچىلىك ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش، شۇنداقلا تېررورلۇق بىلەن تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشلەر تېخىمۇ كەسكىنلىشىشى مۇمكىن. بۇنىڭغا جۇڭگونىڭ بىر ئىدىيومىنى نەقىل كەلتۈرۈش مۇۋاپىق كېلىدۇ، يەنى: «دەرەخ جىم تۇراي دېسىمۇ، شامال جىم تۇرغۇزمايدۇ».

# ئونىنچى باب غەربىي رايوننى كەڭ ئېچىش جەريانىدىكى شىنجاڭ

## 1. تەرەققىيات بىرىنچى ئورۇندىكى خىزمەت

1999 ـ يىلى، دۆلەت غەربىي رايوننى كەڭ ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشقا باشلىدى. بۇ ئىستراتېگىيىنىڭ يولغا قويۇلۇشى شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى مىسلى كۆرۈلمىگەن پۇرسەتكە ۋە ياخشى شارائىتقا ئىگە قىلدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان، مەركىزىي ھۆكۈمەت شىنجاڭنى ئىزچىل تۈردە نۇقتىلىق ئاچىدىغان ۋە گۈللەندۈرىدىغان ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارنىڭ بىرى قىلىپ كەلدى. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان، مەركىزىي ھۆكۈمەت شىنجاڭنىڭ ئالاھىدە ئىستراتېگىيىلىك ئورنىنى ئاساس قىلىپ، «شىنجاڭنى ئېچىش، شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش» فاڭجېنىنى ئوتتۇرىغا قويدى ھەمدە شىنجاڭنى ئېچىش، گۈللەندۈرۈش سالمىقىنى يەنىمۇ ئاشۇردى. مەركىزىي ھۆكۈمەت مۇنداق دەپ قارىدى: شىنجاڭ ئۆزگىچە بايلىق ئۈستۈنلۈكى ۋە جۇغراپىيىلىك ئۈستۈنلۈككە ئىگە، كەلگۈسىدىكى ئېچىش ۋە تەرەققىياتتا غايەت زور يوشۇرۇن كۈچكە ئىگە، جۇڭگونىڭ بايلىق ئۈستۈنلۈكىنى كەسىپ ئۈستۈنلۈكىگە ئايلاندۇرۇش ھەمدە بۇ ئاساستا يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئىقتىسادىي ئۈستۈنلۈككە ئايلاندۇرۇشتا، ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات داۋامىدا باشقىلار ئورنىنى ئالالمايدىغان ئورۇن ۋە رولغا ئىگە. غەربىي شىمالنى ئېچىشتا، ئالدى بىلەن شىنجاڭنى نەزەرگە ئېلىش لازىم؛ شىنجاڭ 21 ـ ئەسىردە جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ ئېشىشىدىكى مۇھىم تايانچ نۇقتا بولىدۇ، جۇڭگونىڭ يېڭى ئەسىردىكى ئىمكانىيەتلىك سىجىل تە-

رەققىياتىدىكى مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك رايونلىرىنىڭ بىرى
بولىدۇ. مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي رايوننى كەڭ ئېچىش
ئىستراتېگىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، شىنجاڭنىڭ 21 ـ ئە ـ
سىرنىڭ ئالدىنقى 10 يىلىدىكى ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ
ئىستراتېگىيىلىك نىشانى ۋە ئاساسلىق ۋەزىپىسى مۇنداق بولى ـ
دۇ: ئازادە تەرەققىيات مۇھىتى يارىتىش، ئىچكى تەرەققىيات ھە ـ
رىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى ئاشۇرۇش، ئۆز ئالدىغا ئېچىش ئىق ـ
تىدارىنى ئۆستۈرۈش ۋە ياخشى ئېچىش مېخانىزمى ئورنىتىش؛
ئۇنىۋېرسال ئەمەلىي كۈچ ۋە ئىقتىسادىي ئۇنۇمنى ئاشۇرۇش، ما ـ
لىيە ئەھۋالىنى ياخشىلاش ۋە تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش.
ئۇل مۇئەسسەسەلەر ۋە ئۇل كەسىپلەر قۇرۇلۇشى، پەن ـ تېخنى ـ
كا، مائارىپ ۋە ئىختىساس ئىگىلىرى قوشۇنى قۇرۇلۇشى،
بازارلاشقان قانۇن ـ تۈزۈم قۇرۇلۇشى ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇ ـ
ھىتنى ئاسراش ۋە ئۇنى ياخشىلاش قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن
كۈچەيتىپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە ئومۇميۈز ـ
لۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش. ئېچىش نىشانى مۇنداق بو ـ
لىدۇ: شىنجاڭنى مەملىكەت بويىچە ئەڭ چوڭ ئەلا سۈپەتلىك
تاۋار پاختا بازىسى، ئەلا سۈپەتلىك پاختا يىپ، رەخت ئىشلەپچى ـ
قىرىش بازىسى ۋە مۇھىم ئاشلىق، چارۋا مەھسۇلاتلىرى، قوغۇن ـ
تاۋۇز، شېكەر ئىشلەپچىقىرىش، پىششىقلاپ ئىشلەش بازىسى،
شۇنداقلا جۇڭگونىڭ مۇھىم نېفىت، تەبىئىي گاز ۋە نېفىت خى ـ
مىيە سانائىتى بازىسى قىلىپ قۇرۇپ چىقىپ، جۇڭگو ئىقتىسا ـ
دىنىڭ ئېششىدىكى يېڭى مۇھىم تايانچ نۇقتىغا ئايلاندۇرۇش.
مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي رايوننى كەڭ ئېچىش
ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە شىنجاڭنىڭ ئوبيېكتىپ
ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن، شىنجاڭ ئۇل مۇئەسسەسەلەر قۇرۇلۇشى ـ
نى تېزلىتىشنى ئېچىشنىڭ ئاساسى، ئېكولوگىيىلىك مۇھىت ـ
نى ئاسراش ۋە قۇرۇشنى ئېچىشنىڭ تۈپ نۇقتىسى، كەسىپ ـ
لەر قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشنى ياخشى تۇتۇشنى ئېچىشنىڭ

ئاچقۇچى، پەن ـ تېخنىكا، مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە
ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈشنى تېزلىتىشنى ئېچىشنىڭ
مۇھىم شەرتى، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئېچىۋېتىش
دائىرىسىنى يەنىمۇ كېڭەيتىشنى ئېچىشنىڭ كۈچلۈك ھەرىكەت-
لەندۈرگۈچى كۈچى، مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈش، ئەلالىرد-
نى، كۈچلۈكلىرىنى يۆلەش، رايون ۋە كەسىپنىڭ يېڭى ئېشىش
نۇقتىسىنى يېتىشتۈرۈشنى ئېچىشنىڭ يولى قىلىدۇ. «10 ـ بەش
يىللىق پىلان» مەزگىلىدە، مۇقىم مۈلۈككە 420 مىليارد يۈەندىن
ئارتۇق مەبلەغ سالىدۇ.
(1) كەلگۈسىدىكى تەرەققىياتتا، شىنجاڭ غەربىي رايونىنى
كەڭ ئېچىش پۇرسىتىنى تۇتۇپ، نۇقتىلىق ھالدا ئۇل مۇئەسسە-
سەلەر قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشى، مەبلەغ سېلىش ۋە تەرەققىي
قىلىش مۇھىتىنى تىرىشىپ ياخشىلىشى لازىم. سۇ بايلىقىنى
ئۈنۈملۈك ئېچىشى ۋە ئۈنۈمدىن پايدىلىنىشى لازىم. بۇنىڭدىن
كېيىنكى 10 يىل ئىچىدە، شىنجاڭ ھەۋز ھالقىغان سۇ باشلاش
قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بېرىپ، ئۈرۈمچى ۋە قاراماي قاتارلىق شە-
ھەرلەرنىڭ سۇ مەسىلىسىنى تۈپتىن ھەل قىلىشى، سۇ باشلاش
قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلغان جايلاردا يەر ئېچىپ، تېز ئەي بولى-
دىغان ئورمان(تاۋار ياغاچ بوتقىسى) بازىسى ۋە سىيىر بازىسى
قۇرۇپ، يېشىل كارىدور بەرپا قىلىشى؛ ئىلى دەرياسى جىلغىسى-
دىكى مول سۇ، تۇپراق بايلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئېچىش سالمى-
قىنى ئاشۇرۇپ، يېڭى ئېچىلغان يەرلەرنى كۆپەيتىپ، كۆپ قىس-
مىنى ئورمان بىنا قىلىش، ئوت ـ چۆپ ئۆستۈرۈش، مۇھىتنى
ياخشىلاشقا ئىشلىتىشى؛ چارۋىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ،
ئىنچىكە يۇڭلۇق قوي، گۆش، سۈت ئىشلەپچىقىرىش بازىسى بەر-
پا قىلىشى؛ ھەۋز ھالقىپ سۇ باشلاش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىش
ئارقىلىق، ئىبنۇر كۆلى رايونىنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنىڭ
ناچارلىشىش ۋەزىيىتىنى ئاساسىي جەھەتتىن تىزگىنلىشى؛ تا-
رىم دەرياسى ۋادىسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدا پوست بەلدىر، بۇلۇڭ-

كۆل ۋە داشىشا سۇ ئىنشائاتى تۇگۇنى قاتارلىق زور تىزگىنلەش خاراكتېرىدىكى قۇرۇلۇشلارنى ئېلىپ بېرىپ، تارىم دەرياسىنىڭ غول ئېقىنىنى ئۇنىۋېرسال تۈزەش ۋە ئۇنى قوغداش قۇرۇلۇشىنى دەسلەپكى قەدەمدە تاماملىشى، سۇ تېجەش تېپىدىكى يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش، سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى، ئېكولوگىيە ۋە خەلق تۇرمۇشىنىڭ سۇ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش، شۇنداقلا سۇ بايلىقىدىن ئۇنىۋېرسال پايدىلىنىش قاتارلىق جەھەتلەردە يېڭى بۆسۈش ھاسىل قىلىشى كېرەك.

قاتناش مۇئەسسەسەلىرى قۇرۇلۇشىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ ۋە كېڭەيتىپ، قاتناش مۇئەسسەسەلىرى قۇرۇلۇشىنىڭ زامانىۋىلىشىش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشى لازىم. تاشيول قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى تاشيول تورىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈشتۈر: تاشيول تورىنىڭ زىچلىق دەرىجىسى ۋە يول دەرىجىسىنى ئاشۇرۇش، تاشيول تورىنىڭ قاپلاش دائىرىسىنى كېڭەيتىش، تاشيول تورى قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش ۋە سەرخىللاشتۇرۇش، تۈتىشىش دەرىجىسىنى ئاشۇرۇش، قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق ئۈرۈمچىنىڭ تاشيولىنى پۈتۈن شىنجاڭدىكى ۋىلايەت، ئوبلاستلارنىڭ 2 ـ دەرىجىلىك تاشيوللىرى بىلەن، ناھىيە، شەھەرلەرنىڭ 3 ـ دەرىجىلىك تاشيوللىرى ۋە ئاسفالت يوللىرى بىلەن تۇتاشتۇرۇپ، دەسلەپكى قەدەمدە ئۈرۈمچىنى مەركەز قىلغان، ئالتە دۆلەت يولى غول لىنىيىسىنى ئاساسىي لىنىيە قىلغان، شەرقتە گەنسۇ، چىڭخەي بىلەن تۇتىشىپ ئىچكىرىدىكى ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارغا بارغىلى بولىدىغان، جەنۇبتا شىزاڭ بىلەن تۇتىشىدىغان، غەربتە ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيادىكى ھەرقايسى ئەللەرگە چىققىلى بولىدىغان، شۇنداقلا ئاپتونوم رايون تەۋەلىكىدىكى 68 ئۆلكە تاشيولى، كۆپلىگەن ناھىيە، يېزا تاش يوللىرى ۋە يولۇچىلار، يۈك ترانسپورت بېكىتى، نۇقتىلىرى، تۈگۈنلىرىدىن تەركىب تاپقان زاپاس، جانلىق، تېز، قۇلايلىق، يۇقىرى ئۈنۈملۈك تاشيول قاتنىشى تورىنى شەكىللەندۈرۈش لازىم. تۆمۈريول ئىش-

لىرىدا ھازىرقى ئۇچاستىكىلاردا تېخنىكىلىق ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىش، سۈرئەتنى ئاشۇرۇش بىلەن بىللە، يېڭى لىنىيە قۇرۇلۇ-شى تېزلىتىلىش ، بۇنىڭدىن كېيىنكى 10 يىلدا جىڭ - غۇلجا تۆمۈريولى قۇرۇلۇشىنى تاماملاش، كۈيتۇن - ئالتاي تۆمۈريولىدا ئىش باشلاش لازىم.

ئاۋىئاتسىيىدە غول، تارماق لىنىيىلەرنىڭ ئايرودروم قۇرۇ-لۇشىنى كۈچەيتىش، نۆۋەتتىكى ھالدا ئۈرۈمچى ئايرودرومىنىڭ ئىقتىدارىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئۇنى شىنجاڭنىڭ ئاۋىئاتسىيە يولۇچى، يۈك ترانسپورتىنىڭ مەركىزى ۋە ئاسىيا - ياۋروپا خەلقئارالىق ئاۋىئاتسىيە يولىدىكى نۆۋەتلىك مەركىزي پورتقا ئايلاندۇرۇپ، «ئاپتونوم رايون ئىچىدە تور بولۇپ شەكىللەنگەن، شەرق بىلەن غەربكە يەلپۈگۈچتەك يېيىلغان» ھەر تەرەپلىمە تارالغان ھاۋا بوشلۇقى ترانسپورت تورىنى شەكىللەندۈرۈش لازىم. تۇرۇبا يولى قۇرۇلۇشىدا، «غەربنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈ-زۈش» قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇش بىلەن بىللە، ئاپتونوم رايون ئىچىدە تەبىئىي گازدىن پايدىلىنىش دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، رايونلار تۇرۇبا تورىنى تەدرىجىي قۇرۇپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، شىنجاڭدىكى ئۈچ چوڭ ئويمانلىق تەبىئىي گازى ئۆزئارا تۇتاش-تۇرۇلغان، ئۆزئارا پايدىلىنىدىغان، بىرتۇتاش يۆتكىلىدىغان، مۇۋاپىق سەپلەنگەن تەبىئىي گاز يەتكۈزۈش تورىنى شەكىللەندۈ-رۈش لازىم. شىنجاڭدىن لەنجۇغا چەككىلەنگەن ماي يەتكۈزۈش تۇرۇبىسى قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بېرىش لازىم.

ئالاقە ئىشلىرىدا ئۇچۇر ئالاقىسى تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىد-يات سۈرئىتىگە يېتىشىپ مېڭىپ، ئۇچۇر ئاساسىي تور قۇرۇلۇ-شىنى تېزلىتىپ، ئۇچۇر، ئالاقە تورىنىڭ كەڭ بەلۋاغلىشىشى، ئەقلىي ئىقتىدارلاشتۇرۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، تەدرىجىي ھالدا دەرىجىدىن تاشقىرى يۇقىرى سۈرئەت، زور سىغىمچانلىق ئوپتىك تالا، سۈنئىي ھەمراھ، رەقەملىك مىكرو دولقۇنلۇق تارقىتىش تورى ۋە كۆپ ۋاستىلىك ئالاقە تېخنىكىسى ئۆزئارا بىرلەشتۈ-

رولگەن «ئۇچۇر يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولى» تورىنى شەكىللەندۈرۈپ، خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئۇچۇرلىشىشىنى پائال ئىلگىرى سۈرۈش لازىم.

(2) بايلىق ئۈستۈنلۈكىنى ئىقتىسادىي ئۈستۈنلۈككە ئايلاندۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئۆزگىچە كەسىپلەرنىڭ تەرەققىياتىنى شىنجاڭ ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشنىڭ ئاچقۇچى — بايلىق ئۈستۈنلۈكىنى كەسىپ ئۈستۈنلۈكىگە ئايلاندۇرۇش، ئۇنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىقتىسادىي ئۈستۈنلۈككە ئايلاندۇرۇش سۈرئىتىنى تېزلىتىپ، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە بىلەن ئىقتىسادنىڭ ئېشىش شەكلىدە «تۈپ ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىش»نى ئىشقا ئاشۇرۇشتۇر. مۇھىم نۇقتىدا ئۆزگىچە يېزا ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ كەسىپلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، زامانىۋى چارۋىچىلىقنىڭ شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدىكى مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك ئورنىنى ئۆستۈرۈش لازىم. بازارنى يېتەكچى قىلىپ، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشنى مەركەز قىلىپ، يېزا ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنى زور كۈچ بىلەن تەڭشەپ، روشەن رايون ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان تېرىقچىلىق، باقمىچىلىق ۋە يېشىل يېمەكلىكلەر كەسپىنى، ئېكولوگىيىلىك يېزا ئىگىلىكى، تۇجۇپىلىك يېزا ئىگىلىكى، پېرېۋوت يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئۇنىۋېرسال ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈش لازىم. 2010 - يىلىغىچە، مەملىكەت بويىچە ئەڭ چوڭ ئەلا سۈپەتلىك تاۋار پاختا بازىسى، ئۈزۈم، زاراڭزا، پەمىدۇر بازىسى، مۇھىم چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرى بازىسى، قوغۇن - تاۋۇز، مېۋە - چېۋە بازىسى ۋە رايون ئالاھىدىلىكىگە ئىگە يېشىل يېمەكلىكلەر بازىسى قۇرۇپ چىقىش لازىم. زامانىۋى چارۋىچىلىقنىڭ تەرەققىيات قەدىمىنى تېزلىتىپ، يايلاق چارۋىچىلىقى، دېھقانچىلىق رايونلىرى چارۋىچىلىقى ۋە شەھەر ئەتراپى رايونلىرى چارۋىچىلىقىنى تەڭ تۇتۇش، نۇقتىلىق ھالدا دېھقانچىلىق

رايونلىرى چارۋىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇش فاڭجېنىدا چىڭ
تۇرۇش لازىم. چارۋىچىلىق رايونلىرىدا چارۋىچىلارنىڭ ئولتۇراق-
لىشىشى، يېرىم ئولتۇراقلىشىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، زور بىر
تۈركۈم ئائىلىۋى چارۋىچىلىق مەيدانلىرىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش
لازىم؛ دېھقانچىلىق رايونلىرىدا زور بىر تۈركۈم باقمىچىلىق
چوڭ ئائىلىلىرىنى شەكىللەندۈرۈش لازىم؛ شەھەر ئەتراپى رايون-
لىرىدا چارۋىچىلىقنىڭ زاۋۇتلاشقان ئىشلەپچىقىرىشىنى شەكىل-
لەندۈرۈش لازىم. چارۋىچىلىقنى كەسىپلەشتۈرۈش ۋە چارۋىچى-
لىق بازىلىرىنى قۇرۇش ئارقىلىق، ياخشى چارۋا نەسلى، ئوت -
چۆپ سورتلىرىنى يېتىلدۈرۈپ ۋە كېڭەيتىپ، زامانىۋى چارۋى-
چىلىق ئىشلەپچىقىرىشى سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش لازىم.
باغۋەنچىلىكتە پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىغا تايىنىپ، باغۋەنچى-
لىكنى شىنجاڭ يېزا ئىقتىسادىنىڭ مۇھىم ئېشىش نۇقتىسى
قىلىش لازىم. كەسىپلەشكەن، كۆلەملەشكەن ۋە تۇجۇپىلەنگەن
باغۋەنچىلىك كەسىپى بەلۋېغى(رايونلىرى)نى تەدرىجىي شەكىللەن-
دۈرۈش لازىم.

شىنجاڭنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتىدا، ئۆزگىچە بايلىققا تايى-
نىپ، رىقابەتلىشىش كۈچىگە ئىگە ئۆزگىچە كەسىپلەرنى زور
كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش لازىم. «يېشىل ماركا»، «داڭلىق، ئەلا
ماركا»، «ئۆزگىچە ماركا» مەھسۇلاتلىرىنى يارىتىپ، بازارنى پائال
ئېچىپ، بازار ئىگىلەش سالمىقىنى ئاشۇرۇش لازىم؛ ئۈستۈنلۈك-
كە ئىگە كارخانىلار ۋە چوڭ كارخانىلار گۇرۇھىنى باشلامچى
قىلغان، ئىلغار تېخنىكىدىن پايدىلىنىپ، دەسلەپكى يېزا ئىگى-
لىك مەھسۇلاتلىرىنى ئىنچىكە پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان بىر
تۈركۈم زامانىۋى كارخانىلارنى يېتىلدۈرۈش لازىم؛ دۆلەت ئىچى
ۋە سىرتىدىكى بازارلارغا تونۇلغان، شۇنداقلا بازارنى ئىگىلەش
نىسبىتى بىرقەدەر يۇقىرى بولغان بىر تۈركۈم داڭلىق ماركىلىق
مەھسۇلاتلارنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈپ، كۆلەملىك ئىگىلىك بولۇپ
شەكىللەنگەن ئۆزگىچە كەسىپلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، پىش-

شىقلاپ ئىشلەش ۋە ئېكسپورت بازىلىرىنى شەكىللەندۈرۈش لازىم.

(3) يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلار ئارقىلىق ئەنئەنىۋى كەسىپلەرنى ئۆزگەرتىپ، بايلىقنى ئېچىش كۆلىمىنى كېڭەيتىش لازىم. نېفىت ـ تەبىئىي گازنى ئېچىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدىكى مۇھىم تۈۋرۈك كەسىپ، دۆلەت شىنجاڭنىڭ نېفىت ـ تەبىئىي گاز بايلىقىنى قىدىرىپ تەكشۈرۈش، ئېچىشقا بولغان مەبلەغ سېلىنمىسىنى يەنىمۇ كۆپەيتىپ، شىنجاڭنى جۇڭگودىكى ئىككىنچى «داچىڭ» قىلىپ قۇرۇپ چىقىدۇ. 2010 ـ يىلىغا بارغاندا، نېفىت مەھسۇلاتى مىقدارىنى 30 مىليون توننىغا يەتكۈزۈشكە تىرىشىش لازىم؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالى، غەربى جەنۇبىي قىسمى، شۇنداقلا جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبى قىسمى قاتارلىق رايونلاردىكى تەبىئىي گازنى قىدىرىپ تەكشۈرۈش قەدىمى ۋە ئۇنىڭ ئېنېرگىيە بولۇپ شەكىللىنىش قەدىمىنى تېزلىتىپ، 2010 ـ يىلىغا بارغاندا، شىنجاڭنىڭ تەبىئىي گاز مەھسۇلاتى مىقدارىنى 30 مىليارد كۇب مېتىرغا يەتكۈزۈشكە، شەرققە يەتكۈزۈلىدىغان گازنى 20 مىليارد كۇب مېتىرغا يەتكۈزۈشكە تىرىشىش لازىم، بۇنىڭ ئىچىدە، 2005 ـ يىلىغا بارغاندا، تەبىئىي گاز مەھسۇلاتى مىقدارىنى 18 مىليارد كۇب مېتىرغا، شەرققە يەتكۈزىلىدىغان گاز مىقدارىنى 12 مىليارد كۇب مېتىرغا يەتكۈزۈشكە كاپالەتلىك قىلىش لازىم.

نېفىت، تەبىئىي گاز بايلىقىنى ئېچىش كۆلىمىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، شىنجاڭنىڭ نېفىت خىمىيە سانائىتىنىڭ قۇرۇلمىسى يەنىمۇ سەرخىللاشتۇرۇلىدۇ، كەسىپ دەرىجىسى يەنىمۇ ئۆستۈرۈلىدۇ، ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسى يېڭى باسقۇچقا كۆتۈرۈلىدۇ. ھازىرقى 16 مىليون 650 مىڭ توننا نېفىتنى بىر قېتىمدىلا پىششىقلاپ ئىشلەش ئىقتىدارى ئاساسىدا، ئىككىنچى پىششىقلاپ ئىشلەش ئىقتىدارى يۈرۈشلەشتۈرۈلۈپ، مۇكەممەل-

لەشتۈرۈلۈپ، شىنجاڭنىڭ ئالاھىدە قويۇق نېفىتنى پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە ئىمپورت قىلىنىدىغان يۇقىرى گۇڭگۇرتلۇك خام نېفىتنى ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ نېفىتىنى شۇ جاينىڭ ئۆزىدىلا پىششىقلاپ ئىشلەش مىقدارى ۋە ئىنچىكە پىششىقلاپ ئىشلەش دەرىجىسىنى ئاشۇرۇش لازىم؛ مەھسۇلاتلارنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ، مەھسۇلاتنى يېڭىلاشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، تەييار ماينىڭ تاۋار مىقدارىنى ئاشۇرۇپ، تەييار ماينى شەرققە يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئاساس سېلىش لازىم. «غەربنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش» پۇرسىتىنى چىڭ تۇتۇپ، تارىمنىڭ نېفىت، تەبىئىي گاز بايلىقىدىن ئۇنىۋېرسال پايدىلىنىشنى كۈچەيتىپ، چوڭ تىپتىكى ئېتىلېن ۋە بىرىكمە ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىش لازىم؛ نېفىت، تەبىئىي گازنىڭ ئىككىلەمچى مەھسۇلاتلىرىنى يارىتىش ئارقىلىق، نازۇك خىمىيە سانائىتى ۋە خىمىيىۋى ئوغۇت تۈرىنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، ئۆزگىچە خىمىيە سانائىتىنى راۋاجلاندۇرۇپ، نېفىت خىمىيە سانائىتى كارخانىلىرىنىڭ يېقىلغۇ تىپىدىن ئۇنىۋېرسال خىمىيە سانائىتى تىپىغا ئۆزگىرىشىنى تېزلىتىپ، شىنجاڭنى جۇڭگونىڭ مۇھىم نېفىت ـ تەبىئىي گاز خىمىيە سانائىتى بازىسى قىلىپ قۇرۇپ چىقىش لازىم.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى «شىنجاڭنى پەن ـ تېخنىكىغا تايىنىپ گۈللەندۈرۈش» ئىستراتېگىيىسىنى يەنىمۇ ئىزچىللاشتۇرۇپ، كارخانىنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرۈپ، تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىدۇ. يېڭى مەھسۇلاتلارنى يارىتىشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىك پەن ـ تېخنىكىسى ئۈستۈنلۈكىنى يەنىمۇ جارى قىلدۇرۇپ، سانائەت تېخنىكىسىدا يېڭىلىق يارىتىشنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈپ، ئۇچۇر تېخنىكىسى، كومپيۇتېر تېخنىكىسى، ماشىنا ـ ئېلېكتر بىر گەۋدىلىشىش، ئاپتوماتىك كونت-

رول قىلىش قاتارلىق ئىلغار تېخنىكىلاردىن پايدىلىنىپ، ئەنئە-
نىۋى كەسىپلەرنى ئۆزگەرتىش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، دۆلەت ئى-
چى ۋە سىرتىدىكى ئىلغار تېخنىكىلار ۋە ئۈسكۈنىلەرنى تاللاپ
كىرگۈزۈپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ تېخنىكا بىلەن قوراللىنىش
سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، مەھسۇلاتلارنىڭ تېخنىكىلىق قوشۇلما
قىممىتى ۋە بازار رىقابىتى ئىقتىدارىنى زور كۈچ بىلەن ئاشۇ-
رۇپ، كەسىپ قۇرۇلمىسىنىڭ تەڭشىلىشى ۋە سەرخىللاشتۇرۇپ
دەرىجىسىنى ئاشۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. كۈچنى مەركەزلەش-
تۈرۈپ يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا ۋە ئىلغار تېخنىكىلار ئارقىلىق
ئەنئەنىۋى كەسىپلەرنى ئۆزگەرتىپ، ھۈنەر ـ سەنئەت سەۋىيىسى
ۋە مەھسۇلاتلارنىڭ دەرىجىسىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈپ، زامانىۋى
پەن ـ تېخنىكا بىلەن خەلق ئىگىلىكىنىڭ ھەرقايسى تارماقلى-
رىنى يەنىمۇ قوراللاندۇرىدۇ. پولات ـ تۆمۈر، رەڭلىك مېتال،
قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى ۋە ماشىنا ـ ئېلېكتر ساھەلىرىدە نۇق-
تىلىق ھالدا ئېنېرگىيە تېجەيدىغان، سەرپىياتنى تۆۋەنلىتىدى-
غان، بايلىقتىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىدىغان ۋە مۇھىت ئاسراش
سۈپىتىنى ئاشۇرىدىغان يېڭى تېخنىكىلارنى كېڭەيتىپ، ھۈنەر ـ
سەنئەتنىڭ يېڭىلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، پەن ـ تېخنىكا
مىقدارىنى ئاشۇرۇش لازىم. توقۇمىچىلىق، يېنىك سانائەت، تېب-
بىي دورىگەرلىك كەسىپلىرىدە بازار ئەھۋالىغا ئاساسەن، تېخنى-
كا كىرگۈزۈش ۋە ئۈسكۈنىلەرنى يېڭىلاشنى تېزلىتىپ، ئىككى-
لەمچى مەھسۇلاتلار، ئىنچىكە پىششىقلاپ ئىشلەنگەن مەھ-
سۇلاتلارنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشكە مەبلەغ سېلىش سالمىقىنى ئا-
شۇرۇش لازىم. يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كەسىپلەر تەرەققىيات
رايونى ۋە يۇقىرى تېخنىكىلىق باغچە رايونلىرى قۇرۇلۇشىنى
كۈچەيتىپ، ئۇچۇر تېخنىكىسى، بىئوتېخنىكىسى، يېڭى ماتېرى-
ياللار، يېڭى ئېنېرگىيە، ساقلىقنى ساقلاش يېمەكلىكلىرى،
جۇڭيى تېبابىتى دورىلىرى، مىللىي تېبابىتى دورىلىرى قاتار-
لىق ساھەلەردە زور بۆسۈش ھاسىل قىلىشقا تىرىشىپ، تېخنىكا

سىغىمچانلىقى يۇقىرى، مەھسۇلاتلىرىنىڭ بازاردا رىقابەتلىشىش
كۈچى كۈچلۈك بولغان، ئىقتىسادىي ئۈنۈمى چوڭ بولغان يۇقى-
رى، يېڭى تېخنىكىلىق كارخانىلار ۋە كارخانىلار گۇرۇھىنى شە-
كىللەندۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا كەسىپلىرى-
نىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش لازىم.
(4) 3 ـ كەسىپنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش، ئۆزگى-
چە ساياھەتچىلىكنى گەۋدىلەندۈرۈش لازىم. ئاپتونوم رايونلۇق
خەلق ھۆكۈمىتى شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئىلگى-
رى سۈرۈشتە يەنە 3 ـ كەسىپنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرد-
دۇ، ئۆزگىچە ساياھەتچىلىكنى گەۋدىلەندۈرىدۇ، تۈرلۈك بازارلارنى
پائال تەرەققىي قىلدۇرۇپ، بىردەك ئېچىۋېتىلگەن، رىقابەتلىشى-
شى تەرتىپلىك بولغان بازار سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرۈپ،
سودا ئوبوروتى، پۇل مۇئامىلە سۇغۇرتىسى كەسپىنىڭ تەرەققىيا-
تىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، ئۇچۇر مۇلازىمىتى، ئېلېكترونلۇق سودا
ئىشلىرى، ساياھەتچىلىك، ئۆي ـ يەر ـ مۈلۈك ۋە مەھەللە مۇلا-
زىمەتچىلىكى قاتارلىق يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان كەسىپلەرنى زور
كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، ئىش ئورۇنلىرىنى كۆپەيتىپ، ئىق-
تىسادنىڭ يېڭى ئېشىش نۇقتىسىنى شەكىللەندۈرىدۇ.
شىنجاڭ مول ساياھەت بايلىقى ۋە ئانتروپولوگىيىلىك
مەنزىرىلەرگە، قەدىمىي «يىپەك يولى»دەك تارىخىي مەدەنىيەت ئا-
سارئەتىقىلىرى ۋە رەڭگارەڭ مىللىي ئۆرپ ـ ئادەتكە ئوخشاش
ساياھەتچىلىك بايلىقىغا ئىگە، شىنجاڭنىڭ ئۆزگىچە ساياھەتچى-
لىكىدە گەۋدىلىك ھالدا قاناس كۆلى ئاساس قىلىنغان ئېكولو-
گىيىلىك ساياھەت رايونى، باغراش كۆلى ۋە بۇغدا كۆلى ئاساس
قىلىنغان مەنزىرە ساياھەت رايونى، تۇرپان ئاساس قىلىنغان مە-
دەنىيەت ئاسارئەتىقىلىرى ساياھەت رايونى، قەشقەر ئاساس قى-
لىنغان مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت ساياھەت رايونى ۋە ئىلى مۇھىم
نۇقتا قىلىنغان گۈزەل دالا مەنزىرىلىرى ساياھەت رايونلىرىنى
شەكىللەندۈرۈپ، ئۈرۈمچى ـ تۇرپان ـ كورلا ـ ئوتتۇرا تارىم ـ

خوتەن ـ قەشقەر، ئۈرۈمچى ـ قاراماي ـ بۇرۇلتوقاي ـ ئالتاي ـ قاناس ۋە ئۈرۈمچى ـ بايىنبۇلاق ـ كۇنەس(نىلقا) ـ كۇنەس ـ غۇلجىدىن ئىبارەت ئۈچ ساياھەت ئاساسىي لىنىيىسىنى شەكىللەندۈردۇ. ساياھەتچىلىك ئۇل مۇئەسسەسەلىرى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، مەنزىرە رايونلىرىنىڭ ئىقتىدارى ۋە مۇئەسسەسەلەرىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تاغلىق مەنزىرىسى، يايلاق مەنزىرىسى، داڭلىق مەنزىرىلىك رايونلار قاتارلىق رايون مىللىي ئۆرپ ـ ئادەتلەرگە ئىگە ئۆزگىچە ساياھەت تۈرلىرى ۋە ساياھەت مەھسۇلاتلىرىنى پائال قېزىش لازىم. ساياھەتچىلىكنى ئىقتىسادنىڭ يېڭى ئېشىش نۇقتىسى قىلىپ يېتىلدۈرۈپ، ئۇنى شىنجاڭ ئىقتىسادىنىڭ مۇھىم تۈۋرۈك كەسپىگە ئايلاندۇرۇش لازىم.

(5) ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداپ، ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات يولىدا قەتئىي مېڭىش لازىم. ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات ۋە مۇھىتنى ئاسراش غەربىي رايوننى كەڭ ئېچىشنى يولغا قويۇشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى، شۇنداقلا كەلگۈسىدە شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا چوقۇم ئورۇنداشقا تېگىشلىك نىشان. شىنجاڭ شىمالىي مۆتىدىل بەلۋاغ قۇرغاق، چۆللۈك رايونغا جايلاشقا بولۇپ، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتى ناچار ھەم ئاجىز، بۇ شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىك، شۇنداقلا پۈتكۈل ئىجتىمائىي ئىقتىسادىنىڭ ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتىنى چەكلەپ تۇرماقتا. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان، مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ غەمخورلۇقى ۋە قوللىشى ئارقىسىدا، شىنجاڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ئاسراش ۋە قۇرۇشقا ئىزچىل تۈردە ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى كۆچەت تىكىپ ئورمان بىنا قىلىش، ئوت ـ چۆپ تېرىشتەك ئېسىل ئەنئەنىگە ئىگە. 1978 ـ يىلىدىن بۇرۇن، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئاساسىي نىشانى كىيىنىش، تويۇنۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش بولغاچقا، زور كۆلەمدە سۇ، تۇپراق بايلىقىنى ئېچىش جەريانىدا

ئېكولوگىيىلىك مۇھىتقا مەلۇم پاسسىپ تەسىرلەرنى ئېلىپ كەلگەندى. 1978 ـ يىلىدىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى شىنجاڭنى ئېچىش، گۈللەندۈرۈش جەريانىدىكى تەجرىبىلەرنى ئىلمىي يەكۈنلەش ئاساسىدا، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ئاسراش ۋە قوغداشنى خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى قىلدى. شىنجاڭنىڭ «خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ 10 ـ بەش يىللىق پىلانى پروگراممىسى»دا مۇنداق دەپ ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلدى، مەركىزىي ھۆكۈمەت ئوتتۇرىغا قويغان ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسىنى ئىزچىللاشتۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداش ۋە بەرپا قىلىش سالمىقى ئاشۇرۇلۇپ، سۇنئىي ئېكولوگىيىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بىلەن تەبىئىي ئېكولوگىيىنى قوغداش، ئوتتۇرا، ئۇزاق مەزگىللىك قوغداش بىلەن نۆۋەتتىكى زور مۇھىت مەسىلىسىنى ھەل قىلىش زىچ بىرلەشتۈرۈلىدۇ. سۇنى تىزگىنلەش مەركەز، كۆچەت تىكىپ، ئوت ـ چۆپ تېرىش باشلامچى، تۇپراقنى ياخشىلاش ئاساس، زور قۇرۇلۇشلار يۈلەنچۈك قىلىنىپ، شۇ جاينىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا يارىشا ئىش كۆرۈلۈپ، مۇھىم نۇقتىدا بۆسۈش ھاسىل قىلىنىپ، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداش ۋە بەرپا قىلىش ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شىنجاڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىت مەسىلىسى بىرقەدەر ئېغىر بولغان رايونلاردا تەدبىر قوللىنىپ، نۇقتىلىق ھالدا ئۇنۇملۇك ياخشىلاش ئېلىپ باردى. 1999 ـ يىلىدىن 2002 ـ يىلىغىچە، شىنجاڭ تۆت قېتىم ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا تارىم دەرياسىنىڭ قۇرۇپ كەتكەن تۆۋەن ئېقىنىغا ھەر قېتىمدا 300 مىليون كۇب مېتىردىن سۇ باشلاپ، تۆۋەن ئېقىننىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى جايلارنىڭ يەر ئاستى سۇ يۈزىنى كۆرۈنەرلىك كۆتۈردى، بۇنىڭ بىلەن چۆللۈك يېپىنچىلىرى ئەسلىگە كەلدى، زېمىندا يېشىللىق ھاياتىي كۈچى دەسلەپكى قەدەمدە

بارلىققا كەلدى.

شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادى تىپىك بوستانلىق تىپىدىكى ئىق-
تىساد، ئورمانلىق بوستانلىقنى قوغداش، تۇپراقنىڭ چۆللىشى-
شىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىكى يېشىل توساقتۇر. ئاپتونوم رايونلۇق
خەلق ھۆكۈمىتى ۋە ھەر مىللەت خەلقى كۆچەت تىكىپ، ئوت -
چۆپ تېرىپ، ئورمانلىقنىڭ قاپلاش نىسبىتىنى ئاشۇرۇشقا ئىز-
چىل ھالدا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. يېقىنقى يىللاردىن
بۇيان، شىنجاڭدا تەبىئىي ئورمانلىقنى قوغداش قۇرۇلۇشى، تې-
رىقچىلىقتىن بوشىتىلغان يەرلەردە ئورمان بىنا قىلىش قۇرۇ-
لۇشى، «ئۈچ شىمال» ئىھاتە ئورمانلىق سىستېمىسى قۇرۇلۇشى-
نىڭ 3 - قارارلىق قۇرۇلۇشى قاتارلىق قۇرۇلۇشلار ئېلىپ بې-
رىلدى. بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىت قۇ-
رۇلۇشىدا كۆرۈنەرلىك ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈم قولغا
كەلتۈرۈلدى؛ ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 1995 - يىلى-
دىكى 1.68%تىن 1.92%كە يەتتى؛ ئېتىز - ئېرىق ئورمانلىقى-
نىڭ تورلىشىش سەۋىيىسى ئۆستى، كۆپ خىل ئورمان تۈرى،
كۆپ خىل بەلۋاغ شەكلى، غوللۇق دەرەخ، چاتقال، ئوت - چۆپ،
ئورمان تورى - كۆلەملىك ئورمان - ئورمان بەلۋېغى ئۆزئارا
بىرلەشتۈرۈلگەن ئۈنۈۋېرسال ئىھاتە ئورمان سىستېمىسى دەس-
لەپكى قەدەمدە شەكىللەندى؛ تۈزلەڭلىك سۈنئىي ئورمانلىق
زاپىسى كۆپەيتىلىپ، تاغلىق رايون ئورمانلىق بايلىقىغا بولغان
بېسىم تۆۋەنلىتىلدى، تاغلىق رايون ئورمانلىقىنىڭ سۇ مەنبە-
سى، سۇ - تۇپراقنى ساقلاش ئىقتىدارىنىڭ ئۈنۈملۈك جارى
قىلدۇرۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىندى. ئاپتونوم رايونلۇق ئورمان-
چىلىق نازارىتىنىڭ دەسلەپكى قەدەمدە ھېسابلىشىغا ئاساسلان-
غاندا، «ئۈچ شىمال ئىھاتە ئورمانلىقى قۇرۇلۇشى»نىڭ 3 - قارار-
لىق قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلغان بەش يىل ئىچىدە، ئاپتونوم
رايوننىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتى ياخشىلانغانلىقتىن 3 مىليون
172 مىڭ 500 توننا ئاشلىق، 1 مىليون 440 مىڭ توننا ئوت -

چۆپ كۆپ ھوسۇل ئېلىنغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بوراندىن مۇداپىئە كۆرۈش، قۇملىششىنى تىزگىنلەش، ئوتۇن ماتېرىيالى تەيـ-يارلاش، مېۋىزارلىق بەرپا قىلىش، ئورمان ئارىسىغا ئاشلىق تېـ-رىش قاتارلىق تەدبىرلەرنىڭ ئۇنۇمى كۆرۈلگەنلىكتىن 8 مىليارد 500 مىليون يۇەن قىممىتىدە ئىقتىسادىي ئۇنۇم ھاسىل قىلىنـ-دى. 2000 ـ يىلى، ئاپتونوم رايوندىكى دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 1473 يۇەن بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئورمانچىلىقتىن قىـ-لىنغان كىرىمى 129 يۇەن بولۇپ، 1995 ـ يىلىدىكىدىن 25 يۇەن كۆپەيدى.

شىنجاڭ مەملىكەت بويىچە 2 ـ چوڭ چارۋىچىلىق رايونى، شۇڭا ئوتلاق قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىش ۋە ئوتلاقلارنى ئاسراش ناھايىتى مۇھىم. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېـ-تىلگەندىن بۇيان، ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت (ئوبلاست)، ناھىـ-يە(شەھەر)، يېزا(بازار)دا تۆت دەرىجىلىك ئوتلاق پونكىتى ۋە ئوت ـ چۆپ ئۇرۇقى بازىسى قۇرۇلدى. 2000 ـ يىلىنىڭ ئاـ-خىرىغىچە، شىنجاڭ جەمئىي 13 مىليون 29 مىڭ مو سۇنئىي ئوتلاق بەرپا قىلدى، 17 مىليون 640 مىڭ مو ئوتلاقنىڭ سورـ-تىنى ياخشىلىدى، 12 مىليون 350 مىڭ مو ئوتلاق قاشاغا ئېـ-لىندى. ھەر يىلى قىشتا ئېلىنغان ئوت ـ چۆپ مىقدارى 70 ـ يىللاردىكى 1 مىليارد 600 مىليون كىلوگرامدىن 4 مىليارد كىلوگرامدىن كۆپرەككە كۆپەيدى، 130 مىڭ 500 ئائىلىلىك چارۋىچى مۇقىم ئولتۇراقلاشتۇرۇلدى، بۇ شىنجاڭدىكى چارۋىـ-چىلار ئومۇمىي سانىنىڭ 83 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. «ئۈچنى راۋانلاشتۇرۇش» (سۇ، توك، يول)، «تۆت بولۇش» (ئولتۇراق ئۆي، قوتان، يەم ـ خەشەك، ھويلا)، «بەشنى يۈرۈشلەشتۈرۈش» (مۇلازىمەت، مائارىپ، مەدەنىيەت ـ سەھىيە، بازار، پوچتا ـ تېـ-لېگراف قاتارلىق مۇئەسسەسەلەر) ئىشقا ئاشۇرۇلغان قىسمەن چارۋىچىلار ئولتۇراق نۇقتىلىرىدىكى چارۋىچىلارنىڭ ئىشلەپچىـ-قىرىش، تۇرمۇش شەكلىدە سۈپەت ئۆزگىرىشى يۈز بەردى. ئوتلاق

قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلىش بىلەن بىللە، ئوتلاقنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى تەدرىجىي مۇكەممەللەشتۈرۈلدى، ئوتلاق-نى ئاسراش، باشقۇرۇش تەدرىجىي كۈچەيتىلدى. يەم - خەشەك سا-نائىتى تېزدىن تەرەققىي قىلدى، ئوت - چۆپنى پىششىقلاپ ئىش-لەش مىقدارى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇلدى. 2001 - يىلى، شىنجاڭدا يەم - خەشەك ۋە يەم - خەشەك خام ماتېرىيالى ئىشلەپ چىقىرىدى-غان 286 كارخانا بارلىققا كەلدى، ئىشلەپ چىقىرىلغان تۈرلۈك يەم - خەشەكلەر 1 مىليون 83 مىڭ 900 توننىغا يەتتى. شىنجاڭ تەبىئىي ئوتلاقنى ئاسراشنى كۈچەيتىپ، كۆپ قېتىم ئايروپىلاندا ئۇرۇق چېچىش، چاشقاننى تىزگىنلەش، چېكەتكە يوقىتىش ئېلىپ باردى. چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا چارۋىلارنى ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىش ۋە ئوتلاقنى ئائىلىلەرگە ئايرىپ بېرىش، رايونغا ئايرىپ نۆۋەت بىلەن چارۋا بېقىشتەك باشقۇرۇش ئۇسۇلى يولغا قو-يۇلدى. چارۋىچىلىق بازارغا يۈزلىنىپ، زامانىۋىلىشىش، كەسىپ-لىشىش يۆنىلىشىگە قاراپ تەرەققىي قىلدى.

دۆلەتنىڭ «يەنە بىر گۈزەل غەربىي رايوننى ۋۇجۇدقا كەلتۈ-رۈش»تىن ئىبارەت ئومۇمىي تەسەۋۋۇرى ۋە ئىمكانىيەتلىك سى-جىل تەرەققىياتتا چىڭ تۇرۇش ئىستراتېگىيىلىك تەلىپىگە ئا-ساسەن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەبىئىي ئورمانلىق، ئوتلاق ۋە ياۋايى ھايۋانات، ئۆسۈملۈك بايلىقىنى قوغداشنى يەنى-مۇ كۈچەيتىدۇ، ناچارلاشقان ئوتلاقلارنى تۈزەش سالمىقىنى ئا-شۇرىدۇ ۋە كۆل، نەم يەرلەرنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنى ئۇ-نىۋېرسال تۈزەشنى كۈچەيتىدۇ، تېرىقچىلىقتىن بوشىتىلغان يەرلەردە ئورمان، ئوتلاق بىنا قىلىش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇشنى چىڭ تۇتۇپ، تۇپراقنىڭ چۆللىشىش، ئوتلاقنىڭ ناچارلىشىش ۋە تۇپراقنىڭ شورلىشىشىنىڭ كېڭىيىپ كېتىش يۈزلىنىشىنى توسۇپ، شەھەر مۇھىتىنى ئاسراش سالمىقىنى ئاشۇرىدۇ، ئېكو-لوگىيىلىك مۇھىت قۇرۇلۇشىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىلگىرى سۈ-رۈپ، كەڭ ئېچىش بىلەن ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ياخشىلاشنى

ماسلاشتۇرۇشقا تىرىشىدۇ. 10 يىل ئىچىدە نۇقتىلىق ھالدا ئالتە چوڭ قۇرۇلۇشنى ئېلىپ بارىدۇ، يەنى: (1) تارىم دەرياسى غول ئېقىنىنىڭ ئوتتۇرا، تۆۋەن ئېقىنلىرىدا تۈزەش ئېلىپ بېرىلىپ، قايتىدىن «يېشىل كارىدور» بەرپا قىلىنىدۇ. (2) تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبى ۋە جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىنىڭ قۇملىشىشى تىزگىنلىنىپ، ئىككى ئويمانلىقنىڭ جەنۇبىنىڭ قۇملىشىش يۈزلىنىشى ئاساسىي جەھەتتىن كونترول قىلىنىدۇ. (3) ئېبنۇر كۆلى رايونىنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنى قوغداش، تۈزەش قۇرۇلۇشى پائال ئېلىپ بېرىلىدۇ. (4) تەبىئىي ئورمانلىقلارنى ئاسراش قۇرۇلۇشى ياخشى تۇتۇلىدۇ. (5) تېرىقچىلىقتىن بوشىتىلغان يەرلەردە ئورمان بىنا قىلىش، ئوت ـ چۆپ ئۆستۈرۈش قۇرۇلۇشى ئەستايىدىل يولغا قويۇلۇپ، بوستانلىقنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتى ياخشىلىنىدۇ. (6) ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ئاتموسفېرا ۋە سۇ بۇلغىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئۇنى تۈزەش مۇھىم نۇقتا قىلىنغان شەھەر مۇھىتىنى ئۇنىۋېرسال تۈزەش قۇرۇلۇشى يولغا قويۇلىدۇ.

يۇقىرىقى مۇھىت ئاسراش قۇرۇلۇشلىرىنىڭ يولغا قويۇلۇشى ۋە ئىلگىرى سۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، شىنجاڭنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنىڭ ناچارلىشىش يۈزلىنىشى مۇقەررەر ھالدا ئۈنۈملۈك كونترول قىلىنىپ ۋە ياخشىلىنىپ، شىنجاڭنىڭ ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات ئىستراتېگىيىلىك نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ تېخىمۇ كەڭ مەنزىلى نامايان قىلىنىپ، جۇڭگونىڭ ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات ئىستراتېگىيىلىك نىشانىنىڭ ئىشقا ئېشىشى ئۈچۈن يېڭى تۆھپىلەر قوشۇلىدۇ.

## 2. شىنجاڭنىڭ مۇقىملىق ئىشلىرى ئۈستىدە ئويلىغانلىرىمىز

21 ـ ئەسىرگە قەدەم تاشلىغان پەيتتە، شىنجاڭ مۇقىم بو-

لۇۋاتقان ۋە تەرەققىي قىلىۋاتقان ياخشى ۋەزىيەتتە، ئۆتكەن كۈن-
لەرنى ئەستايىدىل ئەسلەپ، تەجرىبىلەرنى توغرا خۇلاسىلەپ،
تۈرلۈك خىزمەتلەرنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش ھەر مىللەت
خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئورتاق كۈرەش قىلىپ، 21 ـ ئە-
سىردە شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدا يېڭى
ۋەزىيەت يارىتىشتا ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.
(1) مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يەنىمۇ ئەتراپ-
لىق، توغرا يولغا قويۇش لازىم. بۇ ئاساسلىقى ئۈچ مەزمۇننى ئۆز
ئىچىگە ئالىدۇ: بىرىنچى، مەركەزنىڭ يەرلىكنىڭ تۈرلۈك خىز-
مەتلىرىگە رەھبەرلىك قىلىش نوپۇزىنى قوغداش، پارتىيە مەر-
كىزىي كومىتېتىنىڭ تۈرلۈك فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى قەتئىي
تەۋرەنمەي ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئىجرا قىلىش لازىم، بۇ فاڭ-
جېن، سىياسەتلەر، تۈپ نېگىزدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ھەممىسى
شىنجاڭغا ئۇيغۇن كېلىدۇ. ئىككىنچى، مەركەزنىڭ تۈرلۈك فاڭ-
جېن، سىياسەتلىرىنى شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۇرۇپ
ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئىجرا قىلىش لازىم. شىنجاڭ چېگرا
رايون، كۆپ مىللەت ئولتۇراقلاشقان رايون، مىللىي ئاپتونومىيە
يولغا قويۇلغان رايون، ئاساسىي قانۇندا بەلگىلەنگەن مىللىي ئاپ-
تونومىيە ھوقۇقىغا ئىگە. شۇڭا، مەركەزنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن،
سىياسەتلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇشنى شىنجاڭنىڭ ئەمەلىي
ئەھۋالى بىلەن بىرلەشتۇرۇشتە چىڭ تۇرۇش، بۇ ئالدىنقى شەرت
ئاستىدا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە ھوقۇقىدىن توغرا
پايدىلىنىش لازىم. ئۈچىنچى، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونو-
مىيىنى يەنىمۇ ئەمەلىيلەشتۇرۇش ۋە ئەتراپلىق ئىزچىللاشتۇ-
رۇش لازىم. يولداش جۇ ئېنلەي 1957 ـ يىلىلا مۇنداق دەپ
كۆرسەتكەنىدى: «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە مىللىي
ئاپتونومىيە بىلەن تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنىڭ توغرا بىر-
لەشتۇرۇلۇشى بولۇشى، ئىقتىسادىي ئامىل بىلەن سىياسىي ئا-
مىلنىڭ توغرا بىرلەشتۇرۇلۇشى بولۇشى، توپلىنىشىپ ئول-

تۇراقلاشقان مىللەت ئاپتونومىيە ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولۇپلا قالماي، باشقا ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان مىللەتلەرمۇ ئاپتونومىيە ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولۇشى لازىم.» بۇ نۇقتىئىنەزەر يىراقنى كۆزلەپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەن يېڭى ۋەزىيەتتە، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ ئەتراپلىق تونۇشىمىزدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە ئەمەلىيەتتە ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىككى مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغان، يەنى مىللىي ئاپتونومىيە بىلەن تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە. شىنجاڭنىڭ نۆۋەتتىكى كونكرېت ۋەزىيىتىدە، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يەنىمۇ ئەتراپلىق ۋە توغرا يولغا قويۇش لازىم، مىللىي ئاپتونومىيىنى ئىجرا قىلىش بىلەن بىللە، تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇشقا سەل قارىماسلىق لازىم.

(2) مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقىنى قوغداشتىكى بىرىنچى ئورۇندىكى چوڭ ئىش قاتارىدا تۇتۇش لازىم. بۇ ئاساسلىقى مۇنداق تۆت مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: بىرىنچى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىدە مۇھىمنىڭ مۇھىمى قىلىش لازىم. شىنجاڭ كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى يەنىمۇ ياخشىلاش شىنجاڭنىڭ كەلگۈسى ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە تەرەققىياتىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان بىرىنچى دەرىجىلىك چوڭ ئىش، ھەرقايسى مىللەتلەر ئۆزئارا ئىشىنىش، ئۆزئارا ھۆرمەتلەش، ئۆزئارا قوللاش، ئۆزئارا ئۆگىنىش ۋە ئۆزئارا چۈشىنىشتەك ئىناق مۇھىت ۋە كەيپىياتنى تىرىشىپ ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش لازىم. ئىككىنچى، مىللەتلەر سىياسىتىنى ئىجرا قىلىش سەۋىيىسىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈش، تۈرلۈك مىللەتلەر ئىشلىرىنى باشقۇرۇشنى قانۇن بويىچە كۈچەيتىش لازىم. قاتتىق مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، شىنجاڭنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرى ئوخشاش بولمىغان

دەرىجىدە مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە چېتىلىدۇ. شۇڭا، ئىشنى باشـ
قۇرۇش خىزمىتىدىن باشلاپ، ھەر مىللەت كادىرلىرى قوشۇنىـ
نىڭ ساپاسىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈش مىللەتلەر سىياسىتىنى ئىجرا
قىلىش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشنىڭ ئاچقۇچى. شۇنىڭ بىلـەن
بىللە، ھەر مىللەت ئاممىسىغا قانۇن، قائىدە ـ نىزامغا ئاڭلىق
رىئايە قىلىش، قانۇنغا خىلاپ، قانۇنسىز ئىشلارنى قىلماسلىق
توغرىسىدا تەربىيە بېرىش ۋە ئۇلارنى بۇ جەھەتتە چەكلەپ تۇرۇش
لازىم. قانۇن ئىككى ۋە پۇقرالىق ئېڭىنى يەنىمۇ تەشەببۇس قىـ
لىش، ھەر مىللەت ئاممىسى پۇقرالىق ئېڭىنى بىرىنچى ئاڭ قىـ
لىپ، ئۆزىنىڭ جۇڭگو پۇقراسى ئىكەنلىكىنى ھەر ۋاقىت ئەستە
تۇتۇشى، «ئاساسىي قانۇن» ۋە باشقا قائىدە ـ نىزاملارغا رىئايە
قىلىشى شەرت. ئۈچىنچى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ دۆلەت مەنپەـ
ئەتى بىلەن ئۆز مىللىتىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىنىڭ بىردەكلىكىگە
بولغان تونۇشىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈش لازىم. مىللەتلەرنىڭ ئورتاق
گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش بىزنىڭ مىللەتلەر سىياسىتىـ
دىكى تۈپ مەيدانىمىز، شۇنداقلا مىللەتلەر خىزمىتىمىزنىڭ ئاـ
خىرقى مەقسىتى. مىللەتلەرنىڭ گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش
داۋامىدا، دۆلەت مەنپەئەتى بىلەن مىللەتلەرنىڭ تۈپ مەنپەئىتىـ
نىڭ بىردەكلىكى توغرىسىدا تەربىيە ئېلىپ بېرىشقا ئەھمىيەت
بېرىش لازىم. شىنجاڭ جۇڭگونىڭ بىر قىسمى، جۇڭگونىڭ روناق
تېپىپ گۈللەنگەنلىكى شىنجاڭنىڭ روناق تېپىپ گۈللەنگەنلىـ
كىدۇر؛ شىنجاڭ يەنە كېلىپ ھەر مىللەت خەلقى بىرلىكتە ھايات
كەچۈرۈپ كېلىۋاتقان جاي، شىنجاڭنىڭ مۇقىم بولۇشى ۋە ئىجـ
تىمائىي، ئىقتىسادىي ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشى مۇشۇ
تېررىتورىيىدە تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ
تەرەققىي قىلىشىدۇر، مۇشۇ مەنىدىن چىقىش قىلىپ، دۆلەت
مەنپەئەتى، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ مەنپەئەتى ۋە
ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ مەنپەئەتىنى ئورگانىك بىرلەشتۈرۈپ،
بىرتۇتاش ئويلىشىش، تەڭ ئېتىبار بېرىش لازىم. تۆتىنچى، نېمە

مەسىلە بولسا شۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش؛ قانداق مەسىلە بولسا شۇنداق مەسىلە قاتارىدا ھەل قىلىش، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى مىللەتلەر مەسىلىسى قىلىۋالماسلىق لازىم. ئوخشاش بولمىغان مىللەت ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئالدى بىلەن بىر-لىككە كەلگەن، كۆپ مىللەتلىك دۆلەت ئىچىدىكى پۇقرا بىلەن پۇقرا ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بولۇشى، ھەرگىز مىللەت بىلەن مىللەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بولماسلىقى لازىم. شۇ-ڭا، ئوخشاش بولمىغان مىللەت ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدىكى مەسى-لىلەرگە چېتىشلىق مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلغاندا، دىققەتنى كۆپرەك ھالدا ئۇلارنىڭ پۇقرالىق سالاھىيىتىگە قارىتىش، پۇقرا بىلەن قانۇننىڭ مۇناسىۋىتىگە ئەھمىيەت بېرىش لازىم.

(3) دىنىي سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلىشىشقا يە-نىمۇ يېتەكلەش لازىم. شىنجاڭنىڭ نۆۋەتتىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىدە بۆلگۈنچى كۈچلەر دىندىن پايدىلىنىپ بۆلگۈنچىلىك ياكى زوراۋانلىق، تېررورلۇق ھەرىكەتلىرىنى ئې-لىپ بېرىش ھادىسىسى بىرقەدەر گەۋدىلىك بولماقتا. مەسىلەن، قىسمەن دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ دىنغا ئىخلاس باغلاشتەك پسىخىكىسىدىن پايدىلىنىپ، مۇسۇلمانلار «ئىسلام خەلىپىلىكى» قۇرۇشقا قۇترىتىش؛ «قۇرئان كېرىم»نىڭ ئۇ يەر - بۇ يەرلىرىدىن ئۇزۇپ ئالغان سۆزلەرنى بۇرمىلاپ ۋە ئۆز-گەرتىپ، «غازات» قىلىشقا قايمۇقتۇرۇش ۋە «يات دىندىكىلەر»نى چەتكە قېقىش، ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىش، ۋەھاكازالار. بۇنىڭغا قا-رىتا، دۈشمەنگە قارشى كۈرەش تاكتىكىسىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، خەلقنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى دىنغا ئېتىقاد قىلىش مەسىلىسى بىلەن بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ دىندىن پايدىلىنىپ ئېلىپ بارغان بۆلگۈنچىلىك ۋە زوراۋانلىق، تېررورلۇق ھەرىكەتلىرىنى قاتتىق پەرقلەندۈرۈپ، شىنجاڭدىكى بۆلگۈنچى كۈچلەرنى ئەڭ زور دەرى-جىدە يېتىم قالدۇرۇپ، زەربە بېرىش دائىرىسىنى كىچىكلىتىش، قانۇنلۇق دىنىي ئېتىقادلارنى قوغداش بىللە بىلەن، دىنىي نىقاب

قىلىپ ئېلىپ بېرىلغان بۆلگۈنچىلىك، زوراۋانلىق، تېررورلۇق ھەرىكەتلىرىنى ۋاقتىدا پاش قىلىش ۋە ئۇنىڭغا قاتتىق زەربە بېرىش لازىم. نۆۋەتتىكى شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقىنى قوغداش خىزمىتىدە، دىن بىر خىل ئۆزگىرىشچان ئامىل بولۇپ، ھەم بۆلگۈنچى كۈچلەر ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ، ئۇنى بۆلگۈنچىلىك ۋە زوراۋانلىق، تېررورلۇق ھەرىكەتلىرىگە نىقاب قىلىۋېلىشى مۇمكىن؛ ھەم دىننى يېتەكلەش ئارقىلىق، ئۇنى ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداشتىكى ئاكتىپ ئامىلغا ئايلاندۇرۇش مۇمكىن. شۇڭا، بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ دىندىن پايدىلىنىش، دىننى نىقاب قىلىۋېلىشتەك ماھىيىتىنى قانداق قىلىپ ئۈنۈملۈك ئېچىپ تاشلاش، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنى قانداق يېتەكلەپ ۋە تەربىيىلەپ، ئۇلارنى بۆلگۈنچىلىك تەشۋىقاتىنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلدۇرۇش — كەڭ مۇسۇلمان ئاممىسىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىق كۈرىشىگە پائال ئاتلاندۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى.

(4) شىنجاڭدا بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش ۋە زوراۋانلىققا، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىكلىكى ۋە مۇرەككەپلىكىنى تولۇق تونۇش لازىم. شەك - شۈبھىسىزكى، كەلگۈسى 21 - ئەسىردە شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتى ياخشى ۋە مەنزىلى گۈزەل بولىدۇ، ئاز ساندىكى بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ بۆلگۈنچىلىك ۋە زوراۋانلىق، تېررورلۇق ھەرىكەتلىرى ھەرگىزمۇ ۋۇجۇدقا چىقالمايدۇ. نۆۋەتتە، شىنجاڭنىڭ جەمئىيىتى مۇقىم، يەرلىك ھۆكۈمەتلەر تامامەن ۋەزىيەتنى ئىگىلەش ئىقتىدارىغا ۋە ئەمەلىي كۈچكە ئىگە؛ يەنە بىر تەرەپتىن، خەلق مۇقىم بولۇشنى ئۈمىد قىلىدۇ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ جەمئىيەتنىڭ مۇقىم بولۇشىنى، ئىقتىسادنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشىنى ئۈمىد قىلىش ئىستىكى ناھايىتى كۈچلۈك، مالىمانچىلىققا، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش، زوراۋانلىققا، تېررورلۇق ھەرىكەتلىرىگە

قارشى تۇرۇش پوزىتسىيىسى ناھايىتى قەتئىي، ئۇلار شىنجاڭنىڭ بىرلىكىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقىنى قوغداشتىكى ئاساسىي كۈچ. مەركەزنىڭ بىرتۇتاش رەھبەرلىكى ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا، كەلگۈسىدە شىنجاڭدا ئومۇمىي ۋەزىيەت مۇقىم، ئىش ئوڭ، كىشىلەر ئىناق بولىدۇ، بۇ ئاساسىي ئېقىم. لېكىن، بۇنىڭ بىلەن بىللە شۇنىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەككى، ئاز ساندىكى «شەرقىي تۈركىستان» كۈچلىرى تارىخ سەھنىسىدىن چېكىنىپ چىقىشنى خالىمايدۇ. بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدە، ئومۇمىي ۋەزىيەت مۇقىم بولۇش، چېگرا رايون بىرلىككە كېلىش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا، شىنجاڭنىڭ قىسمەن رايونلىرىدا زوراۋانلىق، تېررورلۇق ۋەقەلىرى يەنە كۆرۈلۈشى مۇمكىن، ھەتتا ئىچكى جايلارغا تەسىر كۆرسىتىشى مۇمكىن. شۇڭا، شىنجاڭدا بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش ۋە زوراۋانلىققا، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىكلىكى ۋە مۇرەككەپلىكىنى تولۇق تونۇشىمىز، كۆرۈلۈش ئېھتىماللىقى بولغان جىددىي، مۇرەككەپ ئەھۋاللارغا تولۇق تەييارلىق كۆرۈشىمىز، كۆرۈلۈش ئېھتىماللىقى بولغان زوراۋانلىق، تېررورلۇق ھەرىكەتلىرىگە نىسبەتەن يەنىلا «قاتتىق زەربە بېرىش»تەك يۇقىرى بېسىم ھالىتىنى ساقلاپ، كۈرەشنىڭ تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىنى چىڭ ئىگىلىشىمىز لازىم. شىنجاڭدا بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش ۋە زوراۋانلىق، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى ئېلىپ بېرىش ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق مەجبۇرىيىتى، شىنجاڭنىڭ كەلگۈسى ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئۇزاق مۇددەت ئامان ـ ئېسەن بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بىر نىيەت ـ بىر مەقسەتتە ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىگە تايىنىش لازىم. شۇڭا، ھەر مىللەت كادىرلىرى، ئاممىنىڭ بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش ۋە تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش كۈرىشىدىكى ئاكتىپلىقىنى تولۇق قوزغاپ ۋە جارى قىلدۇرۇپ، ھەر

مىللەت خەلقى شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداشقا ئاڭلىق قاتـ
نىشىش ۋە بىرلىكتە قوغداشتەك ياخشى ۋەزىيەتنى تىرىشىپ
ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش — نۆۋەتتە ۋە بۇنىڭدىن كېيىن بۆلگۈنچىـ
لىككە قارشى تۇرۇش ۋە تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش كۈرىشىدە
ئۈزلۈكسىز غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلىشنىڭ
مۇھىم شەرتى.

(5) ئىككى مۇناسىۋەتنى توغرا تونۇش ۋە ياخشى بىر تەرەپ
قىلىش لازىم. بىرىنچى، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش بىلەن
تېررورلۇققا قارشى تۇرۇشنىڭ مۇناسىۋىتى. تېررورلۇق ۋاستە،
بۆلگۈنچىلىك مەقسەت. 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ،
چېگرا سىرتىدىكى «پانئىسلامىزم»، «پانتۈركىزم» سىڭىپ كىرـ
گەن، بۆلگۈنچىلىك ئۈزلۈكسىز ئەۋج ئالغاندىن بۇيان، ئوخشاش
بولمىغان مەزگىلدە ۋە ئوخشاش بولمىغان شارائىتتا «شەرقىي
تۈركىستان» كۈچلىرى تۈرلۈك ۋاستىلەرنى قوللىنىپ بۆلگۈنـ
چىلىك ئېلىپ باردى، جۈملىدىن مەكتەپ ئېچىش نامى بىلەن
«پانئىسلامىزم»، «پانتۈركىزم» ۋە بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسىنى
تارقاتتى؛ بەزى ئىشلارنى باھانە قىلىپ مىللىي ئۆچمەنلىككە
قۇتراتتى؛ دىندىن پايدىلىنىپ ئاممىنى زورلۇق كۈچ بىلەن
«غازات» قىلىشقا قايمۇقتۇرۇپ، «ئىسلام دۆلىتى» قۇرماقچى بولـ
دى؛ قۇرۇلۇپ باقمىغان، ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان «شەرقىي تۈرـ
كىستان دۆلىتى»نى بۆلگۈنچىلىك قىلىشنىڭ بايرىقى قىلىپ،
قوراللىق بۆلگۈنچىلىك توپىلىڭىغا تەشكىلاتچىلىق قىلدى؛ بۆلـ
گۈنچى پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى مەخپىي تەرەققىي قىلدۇردى؛ دىـ
نىي ئەسەبىيلىككە ۋە «خەنزۇلارغا قارشى تۇرۇش، خەنزۇلارنى
چەتكە قېقىش»قا قۇتراتتى؛ ئاممىۋى قالايمىقانچىلىقنى تەشكىلـ
لىدى؛ زوراۋانلىق، تېررورلۇق ۋەقەلىرىنى تۇغدۇردى ۋە باشـ
قىلار. «شىنجاڭ مەسىلىسى» تۈپ نېگىزىدىن ئالغاندا، يەنىلا بۆلـ
گۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش مەسىلىسى، تېررورلۇق — «شەرقىي
تۈركىستان»بۆلگۈنچى كۈچلىرىنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى بۇزـ

غۇنچىلىق قىلىش ئارقىلىق، جەمئىيەت ۋە خەلقئارادا تەسىر پەيدا
قىلىشىدىكى ۋاستە. شۇڭا، كەلگۈسىدە شىنجاڭنىڭ مۇقىملىق
ۋە تەرەققىياتىنى قوغداشتا، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇشنى بۆلگۈن-
چىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ ئومۇمىي پىلانىغا كىرگۈ-
زۈش، تېررورلۇق ھەرىكەتلىرىگە زەربە بېرىشتە چىڭ تۇرۇش بى-
لەن بىللە، ئىستراتېگىيىلىك يۇكسەكلىكتە تۇرۇپ، جەمئىيەتتى-
كى ھەرقايسى تەرەپ كۈچلىرىنى سەپەرۋەر قىلىپ، مۇقىملىقنى
قوغداش، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش بويىچە «ئۇنىۋېرسال تۈ-
زەش» ئېلىپ بېرىپ، شىنجاڭ جەمئىيىتىنىڭ ئۇزاق مۇددەت ئا-
مان - ئېسەن بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم.

ئىككىنچى، مۇقىملىق بىلەن تەرەققىياتنىڭ مۇناسىۋىتى.
مۇقىملىق بىلەن تەرەققىيات مەلۇم دەرىجىدە سىياسىي بىلەن ئىق-
تىسادنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرەلەيدۇ، لېكىن ئىك-
كىسىنى باراۋەر قىلىپ قويۇشقا بولمايدۇ. مۇقىملىق تەرەققىيات
ئۈچۈن شەرت - شارائىت يارىتىپ بېرىدۇ، لېكىن مۇقىم بولغان-
لىق تەرەققىي قىلغانغا باراۋەر ئەمەس. تەرەققىيات مەقسەت، لېكىن
ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشى مۇقىملىقنى بىردىنبىر شەرت
قىلمايدۇ، يەنى تەرەققىياتنى چەكلەپ تۇرىدىغان ئامىللار ناھايىتى
كۆپ بولۇپ، مۇقىملىق ئامىلى بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ.
رايونلار ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتى يەرلىكنىڭ ئىج-
تىمائىي خىزمىتى ۋە مىللەتلەر خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ
ئاساسى، لېكىن ئىقتىساد تەرەققىي قىلسىلا مىللەتلەر مەسىلىسى
تۈگەيدۇ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ئىشقا ئاشىدۇ، دەپ قاراش بىر
خىل ئازدۇرۇشتۇر. چەت ئەللەرنىڭ نۆۋەتتىكى ئەمەلىي ئەھۋالى
ۋە ئالىملارنىڭ تەتقىقات نەتىجىسى شۇكى: ئايرىمچىلىق ياكى
مىللىي توقۇنۇش ھەرقايسى ئەل جەمئىيەتلىرىنىڭ «زامانىۋىلى-
شىشى»غا ئەگىشىپ يوقىلىپ كەتمەيدۇ، لېكىن ئىقتىسادنىڭ تە-
رەققىي قىلىشى ۋە دۆلەتنىڭ گۈللىنىشى شۇ ئەللەرنىڭ زوراۋان-
لىق توقۇنۇشى سەۋىيىسىنى تۆۋەنلىتىدۇ. شىنجاڭنى ئېلىپ

ئېيتساق، بىز مۇنۇلارنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەتقىق قىلىشىمىز لازىم: قايسى ئىقتىسادىي ئامىللار مۇقىملىققا تەسىر كۆرسىتىۋاتىدۇ، ئەكسىچە، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى چەكلەپ تۇرۇۋاتقان ئامىللار زادى قايسىلار، قايسىسى ئاساسلىق ئامىل.

شىنجاڭنىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلەر بىلەن بولغان ئىقتىسادىي جەھەتتىكى پەرقى ئوبيېكتىپ مەۋجۇت، نۆۋەتتە، شىنجاڭنىڭ ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ۋە مەركەزنىڭ، شۇنداقلا ئىچكىرى ئۆلكىلەرنىڭ سېلىنمىسىنىڭ ئۇزلۇكسىز كۆپىيىشى بىلەن، بۇ پەرق تەدرىجىي كىچىكلىمەكتە، لېكىن قىسقا مۇددەت ئىچىدە ئىچكىرى ئۆلكىلەرنىڭ ئومۇمىي سەۋىيىسىگە يېتىشىۋالىمەن دېيىش ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس. شۇڭا، دۆلەتنىڭ كەلگۈسىدىكى شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا بولغان ئۇزۇن مۇددەتلىك سېلىنما سېلىشى ۋە قىسقا مۇددەتلىك سېلىنما سېلىشىدىن مۇۋاپىق نىسبەتنى تېپىپ چىقىشقا دىققەت قىلىش، قىسقا مۇددەت ئىچىدە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى كۆرۈنەرلىك ھالدا ئۆستۈرۈشنى تولۇق ئويلىشىش لازىم. ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشى، خەلقنىڭ باياشات تۇرمۇشقا ئېرىشىشى ئىجتىمائىي مۇقىملىقنىڭ ئاساسى، دۆلەتنىڭ مۇقىم بولۇشى ۋە كىشىلەرنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى. نۆۋەتتە، شىنجاڭنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدىكى بىرقەدەر مەركەزلەشكەن نامرات رايونلار(قەشقەر، خوتەن، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى) بۆلگۈنچىلىك ۋە زوراۋانلىق، تېرروررلۇق ھەرىكەتلىرى بىرقەدەر كۆپ كۆرۈلىدىغان رايونلار ھېسابلىنىدۇ، شىنجاڭنى مۇقىم قىلىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭنى مۇقىم قىلىش لازىم، جەنۇبىي شىنجاڭنى تۈپتىن مۇقىم قىلىش ئۈچۈن، شۇ جايدىكى تېخىلا نامرات ھالەتتە تۇرغان قىسمەن ئاممىنى تېزدىن نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش لازىم.

## پايدىلانغان ئاساسلىق كىتابلار:

### 1. ئاساسلىق تارىخىي ماتېرىياللار:

«تاغ ـ ئېرىزىملار قۇرئى»
«تارشا پۇتۇك يىلنامىسى»
«زۇچيۇمىڭ تەپسىرى»
«مۇتيەنزى تەزكىرىسى»
«دۆلەت ئەربابلىرى ھەققىدە بايان»
«تارىخنامە»
«خەننامە»
«كېيىنكى خەننامە»
«ئۈچ پادىشاھلىق تەزكىرىسى»
«جىننامە»
«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»
«جۇنامە»
«سۈينامە»
«كونا تاڭنامە»
«يېڭى تاڭنامە»
«تاڭ سۇلالىسىگە دائىر مۇھىم خاتىرىلەر»
«تاڭ سۇلالىسىنىڭ پەرمان ـ بۇيرۇقلىرى توپلىمى»
«ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر»
«قانۇنلار قامۇسى»
«كىتابلار جەۋھىرى»
«يېڭى بەش دەۋر تارىخى»
«كونا بەش دەۋر تارىخى»
«لياۋ تارىخى»
«سۇڭنامە»

«جىننامە»
«تاڭغۇتنامە»
««تاڭغۇت خاتىرىسى»
فاشيەن (دارما پاترا): «بۇددىزم ئەللىرىگە ساياھەت»
شۆەنزاڭ، بيەنجى : «ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خا-
تىرىسى»
لى دېيۇ: «لى ۋېنراۋ ئەسەرلىرى توپلىمى»
ۋېي يۈەن: «زەپەرنامە»
«شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى»

## 2. دۆلەت ئىچىدىكى ماقالە، ئەسەرلەر

ۋاڭ بىڭخۇا: «شىنجاڭدىكى قەدىمىي جەسەتلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002 - يىلى نەشرى.
تيەن گۇاڭجىن، گو سۇشىن: «ئوردوس برونزا قوراللىرى»، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى نەشرىياتى، 1986 - يىلى نەشرى.
ۋاڭ ياۋ: «تىبەت مېتال - تاشلار خاتىرىسى»، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى نەشرىياتى، 1982 - يىلى نەشرى.
ۋاڭ ياۋ، چېن جيەن: «تىبەت بامبۇك پۈتۈكلەر خاتىرىسى»، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى نەشرىياتى، 1986 - يىلى نەشرى.
شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئارخېئولوگىيە ئورنى تۈزگەن: «شىنجاڭ ئارخېئولوگىيىسىنىڭ 30 يىلى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 - يىلى نەشرى.
جۇڭگو مىللەتلىرىنىڭ قەدىمىي يېزىقلىرىنى تەتقىق قىلىش ئورنى تۈزگەن: «جۇڭگو مىللەتلىرىنىڭ قەدىمىي يېزىقلىرى»، بېيجىڭ، 1982 - يىلى نەشرى.
جۇڭگو مىللەتلىرىنىڭ قەدىمىي يېزىقلىرىنى تەتقىق قىلىش ئورنى تۈزگەن: «جۇڭگو مىللەتلىرىنىڭ قەدىمىي يېزىقلىرى رەسىملىك توپلىمى»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1990 - يىلى نەشرى.

«شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى»، 76 ـ بۆلىكى، «تىل ـ يېزىق تەزكىرىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى نەشرى.

گېڭ شىمىن: «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمىي مەدەنىيىتى ۋە ۋەسىقىلىرى توغرىسىدا ئومۇمىي بايان»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 ـ يىلى نەشرى.

جى شيەنلىن: «دۇنخۇاڭ ـ تۇرپان تۇخرى تىلى تەتقىقاتىغا كىرىش»، تەيۋەن شىنۋېنفېڭ نەشرىيات شىركىتى، 1983 ـ يىلى نەشرى.

نيۇ رۇجى: «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمىي يېزىقلىرى، قەدىمىي ۋەسىقىلىرىگە كىرىش»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1997 ـ يىلى نەشرى.

يۇ تەيشەننىڭ باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن: «غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تارىخى»، جۇڭگو دوستلۇق نەشرىياتى شىركىتى، 1996 ـ يىلى نەشرى.

لىن مېيسۇن: «غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى»، شەرق نەشرىياتى، 1995 ـ يىلى نەشرى.

لىن مېيسۇن: «قەدىمىي يولدىكى غەرب شامىلى»، سەنلىيەن كىتابخانىسى، 2000 ـ يىلى نەشرى.

خۇ جېنخۇا، خۇاڭ رۇنخۇا: «قوچودىكى ئارىلاش خەتلەر»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984 ـ يىلى نەشرى.

ۋاڭ سۇ: «دۇنخۇاڭ تۇرپان ۋەسىقىلىرى»، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى نەشرىياتى، 2002 ـ يىلى نەشرى.

نيۇ رۇجى: «ئۇيغۇرلار ئىچىدە تارقالغان بۇددا دىنى ۋەسىقىلىرى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى نەشرى.

خۇاڭ لېي: «جۇڭگو قەدىمىي مىللەتلەر تارىخى تەتقىقاتى»، خەلق نەشرىياتى، 1987 ـ يىلى نەشرى.

گاۋ يوڭجيۇ: «غەربىي يۇرتتىكى قەدىمىي مىللەتلەرنىڭ دىنىي ئېتىقادى توغرىسىدا ئومۇمىي بايان»، ئالىي مائارىپ نەشرى-

ياتى، 1997 ـ يىلى نەشرى.

روڭ شىنجياڭ: «ئوتتۇرا ئەسىردىكى جۇڭگو مەدەنىيىتى ۋە سىرتتىن قوبۇل قىلىنغان مەدەنىيەت»، سەنلىيەن كىتابخانىسى، 2001 ـ يىلى نەشرى.

جى شيەنلىننىڭ باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن: «دۇنخۇاڭشۇناسلىق چوڭ لۇغىتى»، شاڭخەي لۇغەت نەشرىياتى، 1998 ـ يىلى نەشرى.

جياڭ بوچىن: «دۇنخۇاڭ دىنىي سەنئەت ۋە ئەدەب ـ نەغمە مەدەنىيىتى»، ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1996 ـ يىلى نەشرى.

«كۇسەن بۇددا دىنى مەدەنىيىتى ئەسەرلىرى توپلىمى»، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت، فوتو سۈرەت نەشرىياتى، 1993 ـ يىلى نەشرى.

لىن ۋۇشۇ: «پېرسىيە ئاتەش دىنى ۋە قەدىمىي جۇڭگو»، تەيۋەن شىنۋېنفېڭ نەشرىيات شىركىتى، 1995 ـ يىلى نەشرى.

گوڭ فاڭجېن، ئەن كېجيا: «زوروئاستېر دىنى تارىخى»، شاڭخەي ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى نەشرىياتى، 1998 ـ يىلى نەشرى.

لىن ۋۇشۇ: «مانى دىنى ۋە ئۇنىڭ شەرققە سىڭىشى»، جۇڭخۇا كىتابخانىسى، 1987 ـ يىلى نەشرى.

«جۇڭگو شىنجاڭ رايونى ئىسلام دىنى تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى نەشرى.

گوڭ شۈزېڭنىڭ باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن: «دىنىي مەسىلە توغرىسىدا ئومۇمىي بايان»، سىچۈەن خەلق نەشرىياتى، 1999 ـ يىلى نەشرى.

جۇ جىڭباۋ: «يىپەك يولىدىكى مۇزىكا مەدەنىيىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1987 ـ يىلى نەشرى.

دۇ ياشيۇڭ، جۇ جى: «يىپەك يولىدىكى مۇزىكا مەدەنىيىتى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1997 ـ يىلى نەشرى.

يۇ تەيشبەننىڭ باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن: «غەربىي يۇرت ئومۇمىي تارىخى»، جۇڭجۇ قەدىمىي كىتابلار نەشرىياتى، 1996 ـ يىلى نەشرى.

«شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» 1 ـ قىسمىدىن 3 ـ قىسمىغىچە، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 ـ يىلى نەشرى.

ۋاڭ جىلەي: «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدىن ئوچېرىكلار»، خۇنەن مائارىپ نەشرىياتى، 1986 ـ يىلى نەشرى.

لىن گەننىڭ باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن: «هونلارنىڭ تارىخىغا دائىر ماقالىلەردىن تاللانما»، جۇڭخۇا كىتابخانىسى، 1983 ـ يىلى نەشرى.

مېڭ فەنرېن: «كروراننىڭ يېڭى تارىخى»، جۇڭگو نۇر گېزىتتى نەشرىياتى، يېڭى زېلاندىيە خوراند نەشرىيات چەكلىك شىركىتى، 1990 ـ يىلى نەشرى.

جۇ ۋېيجۇ: «تېلېلار ۋە جۇرجانلار»، شاڭخەي خەلق نەشرىياتى، 1983 ـ يىلى نەشرى.

ۋاڭ سۇ: «قوچو تارىخى. ھۆكۈمرانلىق يۇرگۈزۈش بۆلىكى»، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى نەشرىياتى، 1998 ـ يىلى نەشرى.

جاڭ گۇاڭدا، روڭ شىنجياڭ:«ئۇدۇن تارىخىغا دائىر پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى»، شاڭخەي كىتابخانىسى، 1993 ـ يىلى نەشرى.

شۆ زوڭجېڭ: «تۈرك تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1991 ـ يىلى نەشرى.

لىيۇ جىشياۋ: «ئۇيغۇرلار تارىخى»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1994 ـ يىلى نەشرى.

خەن رۇلىننىڭ باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن: «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»، خەلق نەشرىياتى، 1986 ـ يىلى نەشرى.

ۋېي لياڭتاۋ: «قاراخانىيلار سۇلالىسى تارىخىدىن ئومۇمىي بايان»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1986 ـ يىلى نەشرى.

ۋېي لياڭتاۋ: «يەكەن خانلىقى تارىخى تېزىسى»، خېيلۇڭج-

ياڭ مائارىپ نەشرىياتى، 1994 ـ يىلى نەشرى.
جاقاپ مىرزىقان: «قازاق مىللىتى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1989 ـ يىلى نەشرى.
جۇڭغار تارىخىنى يېزىش گۇرۇپپىسى: «جۇڭغار تارىخى»، خەلق نەشرىياتى ، 1985 ـ يىلى نەشرى.
فەن جىپىڭ: «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۈيۈك خانلىقلار ۋە چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى شىنجاڭ»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1991 ـ يىلى نەشرى.
جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى يېقىنقى زامان تارىخى تەتقىقات ئورنى تۈزگەن: «چاررۇسىيىنىڭ جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىش تارىخى»، 3 ـ توم، خەلق نەشرىياتى، 1979 ـ يىلى نەشرى.
چاررۇسىيىنىڭ جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالى چېگرا رايونىغا تاجاۋۇز قىلىش تارىخىنى يېزىش گۇرۇپپىسى: «چاررۇسىيىنىڭ جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالى چېگرا رايونىغا تاجاۋۇز قىلىش تارىخى»، خەلق نەشرىياتى، 1979 ـ يىلى نەشرى.
چېن خۇيشېڭ، چېن چاۋ: «مىنگو دەۋرىدىكى شىنجاڭ تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999 ـ يىلى نەشرى.
ياڭ زېڭشىن: «ئىستىغپار ھۇجرىسىدا يېزىلغان مەكتۇپلار»، «ئىستىغپار ھۇجرىسىدا يېزىلغان مەكتۇپلار 2 ـ تومى»، «ئىستىغپار ھۇجرىسىدا يېزىلغان مەكتۇپلەر 3 ـ تومى» شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى: «پانئىسلامىزم، پانتۈركىزم تەتقىقاتى»، 1994 ـ يىلى نەشرى.
«شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1994 ـ يىلى نەشرى.
«ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1998 ـ يىلى نەشرى.
«شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولۇشى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1990 ـ يىلى نەشرى.

تاۋ سيۋ: «تاۋ سيۋنىڭ ئۆز تەرجىمىھالى»خۇنەن خەلق نەشرىياتى، 1987 ـ يىلى نەشرى.

جاڭ جىجۇڭ: «ئۇرۇمچى سۆھبىتىدىن شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولۇشىغىچە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1987 ـ يىلى نەشرى.

بۇرھان شەھىدى: «شىنجاڭنىڭ 50 يىلى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 ـ يىلى نەشرى.

«ۋاڭ ئېنماۋ ماقالىلىرى» 1 ـ، 2 ـ قىسمى، مەركىزىي ھۆججەت ـ ماتېرىياللار نەشرىياتى، 1997 ـ يىلى نەشرى.

ئابلەت ئابدۇرېشىت، خەن شۆچىنىڭ باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن: «شىنجاڭنىڭ قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ 40 يىلى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 ـ يىلى نەشرى.

ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى بەنگۇڭتىڭى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭى تۈزگەن: «شىنجاڭنىڭ شانلىق 50 يىلى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999 ـ يىلى نەشرى.

ۋاڭ شىئېننىڭ باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن: «ھازىرقى زامان جۇڭگودىكى مىللەتلەر مەسىلىسى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2002 ـ يىلى نەشرى.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ـ دىن ئىشلىرى كومىتېتى تۈزگەن:«يېڭى دەۋردىكى مىللەتلەر ۋە دىن سىياستىگە دائىر قائىدە ـ نىزاملاردىن تاللانما»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999 ـ يىلى نەشرى.

جاڭ ئېرجۇ: «جۇڭگو مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تارىخى پروگراممىسى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1995 ـ يىلى نەشرى.

«ھازىرقى زامان جۇڭگودىكى مىللەتلەر خىزمىتى»(1 ـ قىسمى)، ھازىرقى زامان جۇڭگو نەشرىياتى، 1993 ـ يىلى نەشرى.

دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى سىياسەت تەتقىقات

ئىشخانىسى تۈزگەن: « جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرىنىڭ مىللەتلەر مەسىلىسى توغرىسىدىكى بايانلىرى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1994 ـ يىلى نەشرى.

جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاپتونومىيىلىك جايلىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى مەجمۇئەسى: «يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1986 ـ يىلى نەشرى.

جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاپتونومىيىلىك جايلىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى مەجمۇئەسى:«ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985 ـ يىلى نەشرى.

شىنجاڭ يەرلىك تەزكىرە تەھرىر ھەيئىتى: «شىنجاڭ يىلنامىسى»(1985 ~ 2002)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1986~ 2003 ـ يىللىرى.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ستاتىستىكا ئىدارىسى تۈزگەن: «شىنجاڭنىڭ ستاتىستىكا يىلنامىسى 1998»، جۇڭگو ستاتىستىكا نەشرىياتى.

«جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىۋاتقان شىنجاڭ سانائىتى — جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ 1995 ـ يىلىدىكى سانائەتنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ماتېرىياللىرى توپلىمى(شىنجاڭ قىسمى)»، جۇڭگو ستاتىستىكا نەشرىياتى، 1996 ـ يىلى 1 ـ نەشرى.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمى بىلەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ستاتىستىكا ئىدارىسى تۈزگەن: «شىنجاڭنىڭ 40 يىلى (1955~ 1995)»، جۇڭگو ستاتىستىكا نەشرىياتى نەشر قىلغان.

شىنجاڭ پارتىيە تارىخى كومىتېتى، پارتىيە مەكتىپى: «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شىنجاڭ تارىخىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى»(1 ـ قىسىم)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993 ـ يىلى نەشرى.

شىنجاڭ پارتىيە تارىخى تەتقىقات ئىشخانىسى: «ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش شىنجاڭدا»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998 ـ يىلى نەشرى.

جاۋ يۈجېڭ: «شىنجاڭدا ئەسكەر تۇرغۇزۇپ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1991 ـ يىلى نەشرى.

ياڭ فارېن، ياڭ جېنخۇا: «شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنىڭ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 ـ يىلى نەشرى.

«جۇڭگونىڭ ھازىرقى زاماندىكى شىنجاڭ»، ھازىرقى زامان جۇڭگو نەشرىياتى، 1991 ـ يىلى نەشرى.

ۋاڭ شۇەنچيەن: «21 ـ ئەسىرگە قەدەم قويغان شىنجاڭ»(سىياسىي توم)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999 ـ يىلى نەشرى.

جاڭ شىڭلياڭ: «جۇڭگو بىلەن غەربنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئائىت تارىخىي ماتېرىياللار»، 2 ـ قىسمى، جۇڭخۇا كىتابخانىسى، 1978 ـ يىلى نەشرى.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش تارىخ ماتېرىياللىرى تەتقىقات كومىتېتى: «شىنجاڭنىڭ تارىخ ماتېرىياللار توپلىمى»، 1~20 ـ توپلام، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى.


### 3. چەت ئەل ماقالە، ئەسەرلىرى(تەرجىمە ئەسەر، ئەسلى ئەسەر)


كىلىنكىت، لىن ۋۇشۇ تەرجىمە قىلغان، تولۇقلانغان ۋە تۈزىتىلگەن نۇسخىسى: «قەدىمىي مانى دىنى سەنئىتى»، تەيۋەن جياۋشېڭ نەشرىياتى، 1995 ـ يىلى نەشرى.

كىلىنكىت ، لىن ۋۇشۇ تەرجىمە قىلغان، تولۇقلانغان ۋە تۈزىتىلگەن نۇسخىسى: «دا· گامدىن بۇرۇنقى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شەرقىي ئاسىيادىكى خرىستىئان دىنى»، تەيۋەن جياۋشېڭ نەشرىياتى، 1995 ـ يىلى نەشرى.

كىلىنكىت ، جاۋ زوڭمىن تەرجىمە قىلغان: «قەدىمىي يىپەك

يولىدىكى مەدەنىيەت»، شىنجاڭ گۈزەل - سەنئەت، فوتو سۈرەت نەشرىياتى، 1994 - يىلى نەشرى.

خانېداتورو، گېڭ شىمىن تەرجىمىسى: «غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 - يىلى نەشرى.

زۇ رۇشەن تەرجىمە قىلغان: «قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تۇرمۇشى»، تۇرپان يەرلىك تەزكىرە تەھرىر ئىشخانىسى 1989 - يىلى تەھرىرلەپ باسقان.

W · باتخوۋلد: «تۈركىستان — بۈيۈك موڭغۇلنىڭ تاجاۋۇزى»، لوندۇن، 1968 - يىلى نەشرى.

ياسىپ كېنكى: «غەربىي ئۇيغۇرىيە تارىخى ئۈستىدە تەتقىقات»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985 - يىلى نەشرى.

(رۇسىيە) زىلاتكىن: «جۇڭغار خانلىقى تارىخى»، موسكۋا ئىلىم - پەن نەشرىياتى، 1964 - يىلى نەشرى.

(ياپونىيە) «ياماموتو دوكتورنىڭ تارىخ ئەسلىمىلىرى·ياپونىيە تارىخى مەجمۇئەسى»، توكيو، 1972 - يىلى نەشرى.

(ياپونىيە) سائېتو: «18 - ئەسىردىن 19 - ئەسىرگىچە بولغان شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي تارىخى ئۈستىدە تەتقىقات»، (خەنزۇچە تەرجىمىسى)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 - يىلى نەشرى.

(رۇسىيە) «17 - ئەسىردىكى رۇسىيە - جۇڭگو مۇناسىۋىتى»، موسكۋا 1969 - يىلى نەشرى.

L · بېنسون «ئىلى قوزغىلىڭى» ئىنگلىزچە نەشرى، لوندون، 1990 - يىلى نەشرى.

(رۇسىيە) «كوممۇنىستلار (بولشېۋىكلار) بىلەن بىرلىشىش، كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال ۋە جۇڭگو ھۆججەتلەر توپلىمى»، 2 - توم(1926 ~ 1927)، موسكۋا، 1996 - يىلى نەشرى.

(رۇسىيە) H·A · خېيفېتس: «سوۋېت ئىتتىپاقى دىپلوماتىيىسى ۋە شەرق مىللەتلىرى (1921 ~ 1927)»، موسكۋا، 1968 - يىلى نەشرى.

(رۇسىيە) A·P · مىرووۋىچكايا: «30 ـ يىللاردىن 40 ـ يىللارغىچە بولغان مەزگىلدىكى گومىنداڭ ئىستراتېگىيىسىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى»، موسكۋا، 1990 ـ يىلى نەشرى.

(رۇسىيە) B · بارمىن : «1941 ـ يىلدىن 1949 ـ يىلغىچە بولغان مەزگىلدىكى سوۋېت ـ جۇڭگو مۇناسىۋىتىدىكى شىنجاڭ»، بورنېر، 1999 ـ يىلى نەشرى.

يۇ·مى ·گالىنوۋىچ: «ئىككى مارشال: ستالىن بىلەن جياڭ جيېشى»، خەنزۇچە تەرجىمىسى، سىچۈەن نەشرىياتى، 1999 ـ يىلى نەشرى.

(ئەنگلىيە) W·D·A · فوربېس: «شىنجاڭ مىلىتارىستلىرى بىلەن مۇسۇلمانلار(1911 ـ يىلدىن 1949 ـ يىلغىچە بولغان مىنگودىكى شىنجاڭنىڭ سىياسىي تارىخى)»، كامبرىج ئۇنىۋېرسىتېتى، 1986 ـ يىلى نەشرى.

## 4. ئارخىپ ماتېرىياللىرى

رۇسىيە ھازىرقى زامان تارىخىي ھۆججەتلىرىنى ساقلاش ۋە تەتقىق قىلىش مەركىزى، 62 ـ توپلام، 2 ـ كاتالوگ، 2209 ـ جىلد. 514 ـ توپلام، 1 ـ كاتالوگ، 27 ـ جىلد. 56 ـ جىلد. 62 ـ توپلام، 2 ـ كاتالوگ، 8 ـ جىلد.

رۇسىيە دىپلوماتىيە تارىخىي ھۆججەتلىرىنى ساقلاش ۋە رەتلەش مەركىزى، 495 ـ توپلام، 154 ـ كاتالوگ، 457 ـ جىلد. 17 ـ توپلام(سىياسىي بيۇرو ئالاھىدە ئارخىپى)، 162 ـ كاتالوگ، 1 ـ جىلد،16 ـ جىلد. 62 ـ توپلام، 2 ـ كاتالوگ، 3037 ـ جىلد.

رۇسىيە فېدېراتسىيىسى تاشقى سىياسەت ئارخىپخانىسى، جۇڭگو مەسىلىلىرىدىن مەسلىھەت بېرىش ئورنى، 32 ـ a ـ كاتالوگ، 299 ـ كىچىك ساندۇق، 11 ـ ئارخىپ. رۇسىيە فېدېراتسىيىسى دۆلەتلىك ئارخىپخانىسى، 9401 ـ توپلام( π · л ·بېرىيا مەخسۇس خاتىرىلىرى)، 2 ـ كاتالوگ، 146 ـ ئارخىپ.

روسىيە فېدېراتسىيىسى دۆلەت ئارخىپخانىسى، 9401 C ـ تويلام، ( B·M·مولوتوف مەخسۇس خاتىرىلىرى)، 2 ـ كاتالوگ، 104 ـ ئارخىپ.

روسىيە فېدىراتسىيىسى دۆلەتلىك ئارخىپخانىسى، 9491 C/Y ـ P ـ تويلام، 2 ـ كاتالوگ، 137 ـ ئارخىپ، · B·N ستالىن مەخسۇس خاتىرىلىرىدىن ئېلىندى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئارخىپخانىدا ساقلانغان ئارخىپلار.

## خاتىمە

«جۇڭگو شىنجاڭنىڭ تارىخى ۋە هازىرقى هالىتى» ئومۇمىي تارىخ خاراكتېرىدىكى ئەسەر بولماستىن، بەلكى نۆۋەتتىكى هالدا شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى ۋە تەرەققىياتىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان شىنجاڭنىڭ تارىخى ۋە هازىرقى هالىتى بايان قىلىنغان ئەسەر. تارىخنى پاكىتقا هۆرمەت قىلىش، هەق ـ ناھەقنى ئېنىق ئايرىش، مەۋقەنى رېئاللىققا قويۇش، تارىخنى ئاساس قىلىش — بۇ كىتابنىڭ تۈپ مەقسىتى.

بۇ كىتابنى مەخسۇس تېما گۇرۇپپىسىدىكى يولداشلار بىرلىكتە تاماملىغان بولۇپ، هەرقايسى بابلارنى يازغۇچىلار تۆۋەندىكىچە:

مۇقەددىمە ما داجېڭ (جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى
جۇڭگو چېگرا رايون تارىخى، جۇغراپىيىسى تەتقىقات مەركىزىنىڭ تەتقىقاتچىسى)

بىرىنچى باب لى شېڭ (جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى
جۇڭگو چېگرا رايون تارىخى، جۇغراپىيىسى تەتقىقات مەركىزىنىڭ تەتقىقاتچىسى)

ياڭ شېنمىن (مۇشۇ بابنىڭ 3 ـ بۆلىكى) (مەركىزىي

مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى)
خۇا تاۋ (مۇشۇ بابنىڭ 4 ـ بۆلىكىنىڭ 1 ـ دىن 4 ـ كىچىك
تېمىسى)(نەنجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى)
ئىككىنچى باب لى فاڭ (جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادې-
مىيىسى
جۇڭگو چېگرا رايون تارىخى، جۇغراپىيىسى
تەتقىقات مەركىزىنىڭ تەتقىقاتچىسى)
ئۈچىنچى باب لى شېڭ
ما داجېڭ (مۇشۇ بابنىڭ 1 ـ بۆلىكىنىڭ 2 ـ كىچىك
تېمىسى)
ما پىڭيەن (مۇشۇ بابنىڭ 5 ـ بۆلىكى) (شىنجاڭ
ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ تەتقىقاتچىسى)
تۆتىنچى باب لى شېڭ
بەشىنچى باب لى شېڭ
ئالتىنچى باب لى شياۋشيا (شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئا-
كادېمىيىسىنىڭ تەتقىقاتچىسى)
يەتتىنچى باب خۇاڭ جۇن (شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئا-
كادېمىيىسىنىڭ تەتقىقاتچىسى)
سەككىزىنچى باب ما داجېڭ
توققۇزىنچى باب لى شېڭ
ئونىنچى باب خۇاڭ جۇن (مۇشۇ بابنىڭ 1 ـ بۆلىكى)
لى شېڭ (مۇشۇ بابنىڭ 2 ـ بۆلىكى)

بۇ كىتاب جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مۇئا- ۋىن مۇدىرى يولداش ۋاڭ لولىنىنىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىكىدە يېزىل- دى. ئورىگىنال تېزىسىنى تەتقىقاتچى لى شېڭ تۈزدى. ئورىگىنال پۈتكەندىن كېيىن تەتقىقاتچى لى فاڭ ۋە مۇئاۋىن تەتقىقاتچى شۇ جيەنيىڭلەر ئۇنى تەھرىرلەش ۋە قىسمەن ئۆزگەرتىش خىزمىتى- نى ئۈستىگە ئالدى؛ لى شېڭ، ما داجېڭلار پۈتۈن كىتابنىڭ ئو- رىگىنالىنى كۆرۈپ چىقىش ۋە بېكىتىشكە مەسئۇل بولدى. بۇ كىتابنى يېزىپ چىقىش جەريانىدا، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى

نۇرغۇن ئالىملارنىڭ مۇناسىۋەتلىك تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن پاي-
دىلاندۇق، كىتابنىڭ ئاخىرىدىكى پايدىلانغان كىتابلار دېگەن قى-
سىمدا بۇ كىتابلار تولۇق تىلغا ئېلىندى. مۇناسىۋەتلىك ئاپ-
تورلارغا ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمىز.

مەسئۇل مۇھەررىردىن:
2003 ـ يىلى ئاپرېل

بۇ كىتاب شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ 2003 ـ يىلى 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 2003 ـ يىلى 8 ـ ئاي 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.
本书根据新疆人民出版社 2003 年 8 月第 1 版,2003 年 8 月第 1 次印刷本翻译出版 .

مەسئۇل مۇھەررىرى: مۇختار مامۇت
تەرجىمە تەھرىرى: ئابدۇكېرىم مامۇت
مەسئۇل كوررېكتورى: زەمىرە، سەنەۋەر
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: ۋاڭ ياڭ

# جۇڭگو شىنجاڭنىڭ تارىخى ۋە ھازىرقى ئەھۋالى

تەرجىمە قىلغۇچىلار: غالىپ مۇھەممەت، غالىپ ياسىن، سادىق ئابلا، تەلئەت ئىسلام
*
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ جىنبەن مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
فورماتى: 1230×880 مىللىمېتىر، 1/32
باسما تاۋىقى: 24.75
2006 ـ يىلى 4 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2006 ـ يىلى 4 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىرازى: 1 — 3000
ISBN7-228-09930-3
باھاسى: 45.00 يۈەن